ئسمايل ئەھمەد

# مللي خزمەتكە دائر
# ئزدنش ۋە ئەمەلييەت

Abdulcelil TURAN
Yenidoğan Mh. 41. Sk. No: 7
Daire: 4 Zeytinburnu - İST.

مللەتلەر نەشرياتى

**图书在版编目(CIP)数据**

民族工作的探索与实践:维吾尔文/司马义.艾买提著.
北京:民族出版社,1998.5
ISBN 7-105-03144-1

I.民…II.司…III.民族工作-中国-文集-维吾尔语
(中国少数民族语言)IV.D633—53

中国版本图书馆 CIP 数据核字(98)第 12614 号

民族出版社出版发行
(北京市和平里北街 14 号 邮编:100013 电话:(010)64228007)
民族印刷厂印刷
各地新华书店经销
1998 年 5 月第 1 版　　1998 年 5 月北京第 1 次印刷
开本:850×1168 毫米　1/32　印张:50.75
印数:0001—15000 册　定价:49.00 元



ئىسمايىل ئەھمەد

Abdulcelil TURAN
Yenidoğan Mh. 41. Sk. No: 7
Daire: 4 Zeytinburnu - İST.

# قىسقىچە مەزمۇنى

«مىللىي خىزمەتكە دائىر ئىزدىنىش ۋە ئەمەلىيەت» — مىللەتلەر نەشرىياتى نەشىر قىلغان مۇھىم ئوقۇشلۇق كىتابلارنىڭ بىرى. ئاپتورى— دۆلەت كومىسارى، دۆلەت مىللىي ئىشلار كومىتېتىنىڭ مۇدىرى يولداش ئىسمايىل ئەھمەد. يولداش ئىسمايىل ئەھمەد شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىدا ئۇزاق ۋاقىت ئىشلىگەن، 1986-يىلدىن كېيىن، دۆلەت مىللىي ئىشلار كومىتېتىنىڭ مۇدىرى بولۇپ يۆتكىلىپ، مىللىي خىزمەت بىلەن مەخسۇس شۇغۇللاندى، ئۇ 1993-يىلدىن تارتىپ دۆلەت كومىسارى بولۇپ، گوۋۇيۈەندە مىللىي خىزمەتنى باشقۇرۇشقا مەسئۇل بولدى. يولداش ئىسمايىل ئەھمەد ئاز سانلىق مىللەتلەرگە چوڭقۇر مۇھەببەت باغلىغان، مىللىي خىزمەت ھەققىدە چوڭقۇر تونۇش ھاسىل قىلغان، ئۇزاق مۇددەتلىك ئەمەلىيەت داۋامىدا مول تەجرىبە توپلىغان، ئۇ 1986-يىلدىن بۇيان دۆلەتنىڭ مىللىي خىزمەت ھەققىدە مۇھىم سىياسەت-تەدبىرلەرنى تۈزۈش ئىشىغا قاتناشتى ھەمدە مەركەزنىڭ مىللىي خىزمەت ھەققىدىكى چوڭ-چوڭ فاڭجېنلىرىنى ئىزچىللاشتۇرۇش يولىدا نۇرغۇنلىغان كونكرېت تەشكىللاتچىلىق ۋە ئەمەلگە قويۇش ئىشلىرىنى ئىشلىدى. بۇ كىتاب ئۇنىڭ شۇ جەرياندا مىللىي خىزمەت

ھەققىدە سۆزلىگەن سۆزلىرى، يازغان ماقالىلىرى، تەكشۈرۈش دوكلاتلىرى قاتارلىقلاردىن تاللاپ تۈزۈلدى، كىتابنىڭ مەزمۇنى ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ۋە ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىنىڭ سىياسىي، ئىقتىسادىي ئىشلىرى، مەدەنىيەت، مائارىپ قاتارلىق ساھەلىرىگە چېتىلىدۇ، ئۇ ئاپتور شۇ 10 نەچچە يىل داۋامىدا شۇغۇللانغان مىللىي خىزمەتنىڭ ھەقىقىي خاتىرىسى، بۇ كىتابتا شۇ مەزگىلدىكى مىللىي خىزمەتنىڭ ئەھۋالى بىرقەدەر ھەقىقىي ۋە ئەتراپلىق ئەكس ئەتتۈرۈلگەن.

بۇ كىتابتىكى ماقالىلەرنىڭ كۆپ قىسمى تۇنجى قېتىم ئېلان قىلىندى، بۇ كىتاب مىللىي خىزمەت نەزەرىيىسى ۋە ئەمەلىيىتى ئۈچۈن مۇھىم يېتەكچى ئەھمىيەتكە ئىگە ۋە پايدىلىنىش قىممىتىگە ئىگە.

# كىرىش سۆز

مېنىڭ يۇرتۇم ۋەتىنىمىزنىڭ غەربىتىكى چېگرا رايونى —
شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ چىرا ناھىيىسى. مۇھىتنىڭ
سەۋەبى بىلەن كىچىكىمدىن تارتىپ مىللەت، دىن توغرىسىدا
نۇرغۇن ھېسسىي بىلىشكە ئىگە بولغانىدىم. جۇڭخۇا خەلق جۇم-
ھۇرىيىتى قۇرۇلغاندىن كېيىن، تېخى بالاغەتكە يەتمىگەن پۇقرا
ۋاقتىمدىلا ئىنقىلابىي قوشۇنغا قاتنىشىپ، يېڭى خەلق ھاكىمى-
يىتىنى قوغداش، يېڭى جۇڭگونى گۈللەندۈرۈش يولىدىكى كۈ-
رەشكە ئاتلاندىم، شۇنىڭ بىلەن ماركسىزملىق مىللەت قارىشى
ھەققىدە سىستېمىلىق تەربىيە ئېلىش، پارتىيىنىڭ مىللەت نەزە-
رىيىسى ۋە مىللىي سىياسىتىنى ئۆگىنىش ۋە ئەمەلىيەتتىن
ئۆتكۈزۈش پۇرسىتىگە ئىگە بولدۇم. ئۇنىڭدىن كېيىن مەن
ئۇزاق مۇددەت شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىدا خىزمەت ئىش-
لىدىم. جۇڭگونىڭ ئاپتونومىيىلىك جايى بولغان شىنجاڭدا مىل-
لىي خىزمەت كۈندىلىك خىزمەتنىڭ ئىنتايىن مۇھىم تەركىبىي
قىسمى بولغاچقا، مېنى مىللىي خىزمەتتە نۇرغۇن ئەمەلىي تەج-
رىبىلەرگە ئىگە قىلدى. شۇنداقتىمۇ، مىللىي خىزمەت بىلەن
چىن مەنىدە مەخسۇس شۇغۇللىنىشىم، مىللىي خىزمەت ئۈستى-
دە سىستېمىلىق پىكىر يۈرگۈزۈشۈم ۋە ئىزدىنىشىم بېيجىڭغا
كەلگەندىن كېيىن بولدى.

مەن 1986-يىلى باھاردىن باشلاپ دۆلەت مىللىي ئىشلار كومىتېتىنىڭ مۇدىرى بولدۇم، شۇ ۋاقىتتىن تارتىپ ھازىرغىچە دەل جۇڭگونىڭ ئىسلاھات-ئىشىكنى ئېچىۋېتىش ئىشلىرى قەدەممۇ قەدەم چوڭقۇرلىشىپ، ئۈزلۈكسىز يېڭى مۇۋەپپەقىيەتلەرگە ئېرىشكەن يىللار بولدى، مىللىي خىزمىتىمىز جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش ئىشلىرىنىڭ ئالغا تاشلىنغان مەزمۇت قەددىمىگە ئەگىشىپ، ھەرقايسى ساھەلەردە غايەت زور مۇۋەپپەقىيەتلەرگە ئېرىشتى. بۇ جەرياندا، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى، گوۋۇيۈەن مىللىي خىزمەت ئۈستىدە بىرقاتار مۇھىم سىياسەت-تەدبىرلەرنى تۈزدى، مەركەزدىكى رەھبىرىي يولداشلار مىللىي خىزمەت توغرىسىدا بىرقاتار مۇھىم يوليورۇقلارنى بەردى، بولۇپمۇ دېڭ شياۋپىڭنىڭ جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش نەزەرىيىسى مىللەتكە ئائىت مول مەزمۇنلارنى ئۆز ئۈستىگە ئالدى. مېنى تولىمۇ بەختلىك ھېس قىلدۇرىدىغىنى شۇكى، مەن گوۋۇيۈەننىڭ مىللىي خىزمەت تارمىقىنىڭ مەسئۇلى بولۇش سۈپىتىم بىلەن، 1993-يىلىدىن كېيىن يەنە گوۋۇيۈەندە مىللىي خىزمەتنى باشقۇرۇشقا مەسئۇل بولدۇم، ئانچە ئۇزاق دەپمۇ ۋە قىسقا دەپمۇ ھېسابلاشقا بولمايدىغان شۇ 10 نەچچە يىل ئىچىدە مىللىي خىزمەتكە دائىر بەزى مۇھىم سىياسەت-تەدبىرلەرنى تۈزۈشكە قاتناشتىم، مەركەزنىڭ مىللىي خىزمەت توغرىسىدىكى چوڭ-چوڭ فاڭجېنلىرىنى ئىزچىللاشتۇرۇش جەھەتتە مۇۋاپىق كونكرېت ئويۇشتۇرۇش ۋە يولغا قويۇش خىزمەتلىرىنى ئىشلىدىم. مەملىكىتىمىز بويىچە نۇرغۇن ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىغا بېرىپ تەكشۈرۈپ-تەتقىق قىلدىم، پارتىيىنىڭ

چوڭ-چوڭ فاڭجېنلىرىنىڭ ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىدا قا-
زانغان زور مۇۋەپپەقىيەتلىرىنى ئۆز كۆزۈم بىلەن كۆردۈم.
ئۆزۈممۇ مىللىي خىزمەتتىكى بىرمۇنچە مەسىلىلەرل ئۈستىدە،
پىكىر يۈرگۈزدۈم ۋە ئىزدەندىم، بۇ كىتاب— شۇ ئون نەچچە
يىلدىن بۇيان مىللىي خىزمەت بىلەن شۇغۇللىنىش جەريانىدا
يۈرگۈزگەن پىكىر ۋە قىلغان ئىشلىرىمنىڭ ھەقىقىي خاتىرى-
سى.

مىللىي خىزمەت— پارتىيىمىزنىڭ پۈتكۈل ئىشلىرىنىڭ
مۇھىم تەركىبىي قىسمى. مىللەتلەرنىڭ بارۋەرلىكى، ئىتتىپاق-
لىقى، تەرەققىياتى دۆلەتنىڭ ئامان بولۇشى ياكى قالايمىقان
بولۇشىغا، جەمئىيەتنىڭ ئالغا بېسىشى ياكى چېكىنىشىگە،
خەلقنىڭ بالاغا يولۇقۇشى ياكى بەختلىك بولۇشىغا مۇناسىۋەت-
لىك. دۇنياغا نەزەر سالىدىغان بولساق، نۇرغۇن دۆلەتلەردە
مىلىي توقۇنۇش تۈپەيلىدىن جەمئىيەت داۋالغۇپ، بالايىئاپەت ۋە
قالايمىقانچىلىق توختىماي كەلدى، ھەتتا دۆلەت پارچىلىنىپ
كەتتى. ئەمما بىزنىڭ سوتسىيالىستىك دۆلىتىمىز جۇڭگو مىل-
لىي مەسىلىنى ئۇتۇقلۇق بىرتەرەپ قىلغاچقا، ھەرقايسى مىللەت-
لەر باراۋەرلىك، ئىتتىپاقلىق ئاساسىدا ئورتاق تەرەققىي قىلىپ
ۋە گۈللىنىپ بارماقتا، مېنىڭچە بۇنىڭدىكى ئەڭ ئاساسىي سە-
ۋەب شۇكى، پارتىيىمىز مىللىي خىزمەتكە ئىنتايىن ئەھمىيەت
بېرىپ كەلدى. مىللىي مەسىلىنى ھەل قىلىش جەھەتتە توغرا
نەزەرىيە ۋە توغرا سىياسەتنى ۋۇجۇدقا كەلتۈردى ھەمدە ئۇنى
ئەمەلىي خىزمەت داۋامىدا ئەستايىدىل ئىزچىللاشتۇردى ۋە ئىج-
را قىلدى. شۇڭا بۇ كىتابتىكى مەزمۇنلارنىڭ تولىسى مېنىڭ

مىللەت نەزەرىيىسى، مىللىي سىياسەت ئۈستىدىكى چۈشەنچەم شۇنداقلا مىللىي خىزمەت توغرىسىدىكى مۇلاھىزىلىرىمدىن ئىبارەت، ئۇنىڭ ئىچىدە ئالدىنقىلارنىڭ نەزەرىيىسى ئۈستىدىكى چۈشەنچەم ۋە بايانلىرىم بار، شۇنداقلا ئۆزۈمنىڭ كۆز قاراشلىرىم ۋە پىكىرلىرىممۇ بار.

بۇ كىتابقا كىرگۈزۈلگەن ماقالىلەرنىڭ بىر قىسمى ئاشكارا ئېلان قىلىنغان، كۆپ قىسمى بىرىنچى قېتىم ئاشكارا ئېلان قىلىنماقتا، ئۇنىڭ مەزمۇنى مىللىي باراۋەرلىكتە چىڭ تۇرۇش، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى ۋە دۆلەتنىڭ بىرلىكىنى قوغداش، مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە تۈزۈمىنى داۋاملاشتۇرۇش ۋە مۇكەممەللەشتۇرۇش، ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرىنى ۋە تۈرلۈك ئىختىساسلىق خادىملارنى تەربىيىلەپ يېتىشتۈرۈش، ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىنىڭ ئىسلاھات-ئىشىكنى ئېچىۋېتىش ئىشلىرى ۋە ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشى، ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ئىجتىمائىي ئىشلىرىنى راۋاجلاندۇرۇش، ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ دىنىي ئېتىقاد ئەركىنلىكى ۋە ئۆرپ-ئادىتىگە ھۆرمەت قىلىش قاتارلىقلارغا مۇناسىۋەتلىك. بۇ ماقالىلەرنى تەھرىرلەش ۋە نەشر قىلىش ۋاقتىدا ئىمكانقەدەر ئەسلى قىياپىتى ساقلاپ قېلىندى، ئاز ساندىكى ماقالىلەرگىلا ئەدەبىي جەھەتتىن ئايرىم تۈزىتىش كىرگۈزۈلدى. مۇۋاپىق بولمىغان جايلىرىنىڭ بولۇشى تەبىئىي، مەن ئەمەلىيەتنىڭ سىنىقىنى چىن قەلبىمدىن كۈتمەكتىمەن، شۇنداقلا ئوقۇمەنلەرنىڭ تۈزىتىش پىكىر بېرىشىنى سەمىمىي كۈتمەكتىمەن.

# ئىسمايىل ئەھمەدنىڭ قىسقىچە تەرجىمھالى

ئىسمايىل ئەھمەد، ئەر، ئۇيغۇر، 1935-يىل 9-ئايدا تۇغۇلغان. شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ چىرا ناھىيىسىدىن، ئالىي تېخنىكوم مەلۇماتىغا ئىگە. 1952-يىلىنىڭ بېشىدا خىزمەتكە قاتناشقان، كوممۇنىستىك ياشلار ئىتتىپاقى چىرا ناھىيىلىك كومىتېتىنىڭ شۇجىسى، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى چىرا ناھىيىلىك پارتكومىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى، چىرا ناھىيىسىنىڭ ھاكىمى، خوتەن ۋىلايەتلىك پارتكوم تەشۋىقات بۆلۈمىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم مەدەنىيەت-مائارىپ-سىياسىي بۆلۈمىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومىنىڭ شۇجىسى (شۇ چاغدا پارتكومغا بىرىنچى شۇجى تەسىس قىلىنغانىدى)، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ رەئىسى، جۇڭگو خەلق سىياسىي مەسلىھەت كېڭىشى 7 - نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى بولغان، 1986- يىلدىن باشلاپ دۆلەت مىللىي ئىشلار كومىتېتى پارتگۇرۇپپىسىنىڭ شۇجىسى، دۆلەت مىللىي ئىشلار كومىتېتىنىڭ مۇدىرى بولغان، 1993-يىلدىن ھازىرغىچە جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى گوۋۇيۈەنىنىڭ دۆلەت كومىسسارى قوشۇمچە دۆلەت مىللىي ئىشلار كومىتېتىنىڭ مۇدىرى، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى 10-نۆۋەتلىك، 11-نۆۋەتلىك، 12-نۆۋەتلىك، 13- نۆۋەتلىك، 14-نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتىنىڭ ئەزاسى بولغان، 1997-يىلى پارتىيىنىڭ 15-قۇرۇلتىيىدا يەنە مەركىزىي كومىتېت ئەزالىقىغا سايلاندى.

# مۇندەرىجە


دۆلىتىمىزنىڭ مىللىي مەسىلىنى ھەل قىلىشتىكى
نەزەرىيە-سىياسەتلىرى ۋە ئەمەلىيىتى توغرىسىدا
(1990-يىل 12-ئاينىڭ 18-كۈنى) ............................ 1

مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى بويىچە كاتتا يىغىن (1986-يىل
8-ئاينىڭ 17-كۈنى) .................................... 42

ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىنىڭ مەنىۋى مەدەنىيەت
قۇرۇلۇشىنى ۋە ئىقتىسادىي خىزمىتىنى ئوبدان
يولغا قويايلى (1986-يىل 11-ئاينىڭ 3-كۈنى)
.................................................... 48

پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى ۋە گوۋۇيۈەننىڭ يولىيو-
رۇقىنى ئەستايىدىل ئىزچىللاشتۇرۇپ، يېڭى دەۋر-
دىكى مىللىي خىزمەتنى پائال ياخشى ئىشلەيلى
(1987-يىل 4-ئاينىڭ 28-كۈنى) ......................... 61

يېڭى دەۋردىكى مىللىي خىزمەتنى تىرىشىپ ياخشى
ئىشلەيلى(1987-يىل 5-ئاينىڭ 28-كۈنى) .............. 90

مەدەنىيەتلىك، باي، يېڭى چارۋىچىلىق رايونلىرىنى
قۇرۇپ، مىللەتلەرنىڭ ئورتاق تەرەققىي قىلىشى

ۋە گۈللىنىشىنى ئىلگىرى سۈرەيلى (1987-يىل
6-ئاينىڭ 6-كۈنى) ............................ 104
تەجرىبىلەرنى ئالماشتۇرايلى، تەكلىپ بېرەيلى (1988-
يىل 4-ئاينىڭ 25-كۈنى) ........................ 123
ئىدىيىدە تېخىمۇ ئازاد بولۇپ، مىللەت نەزەرىيىسى تە-
تقىقاتىدا يېڭى ۋەزىيەت ياراتايلى (1988-يىل
5-ئاينىڭ 20-كۈنى) ........................ 126
مىللىي مەسىلە تەتقىقاتىنى كۈچەيتىپ، ئۇنى مىللىي
خىزمەتتە ئىلمىي تەدبىر كۆرۈشكە خىزمەت
قىلدۇرايلى (1988-يىل 9-ئاي) ........................ 140
مىللىي خىزمەتنىڭ مەشھۇر رەھبىرى ۋۇ لەنفۇ
(1989-يىل 1-ئاينىڭ 26-كۈنى) ........................ 152
مىللەتلەرنىڭ باراۋەرلىكى، ئىتتىپاقلىقى ۋە تەرەق-
قىيات ئىشلىرى ئۈچۈن يېڭى تۆھپە قوشايلى
(1989-يىل 2-ئاينىڭ 20-كۈنى) ........................ 161
ئاز سانلىق مىللەتلەر ئاممىسىنىڭ ئىسسىق كېيىنىش،
توق يېيىش مەسىلىسىنى تېز ھەل قىلايلى
(1989-يىل 9-ئاينىڭ 23-كۈنى) ........................ 191
ئاپتونومىيە قانۇنىنى يەنىمۇ ئىلگىرىلەپ ئوبدان ئىزچىل-
لاشتۇرۇپ ۋە ئىجرا قىلىپ، مىللەتلەرنىڭ ئورتاق
گۈللىنىشىنى ئىلگىرى سۈرەيلى(1989-يىل 10-ئاي)
........................................ 219
ۋەتەن ئۈندىڭ قەلبىدە، مىللەت ئۈنىڭ قەلبىدە
(1990-يىل 2-ئاينىڭ 1-كۈنى) ........................ 237

پارتىيىنىڭ مىللىي سىياسىتىنى قەتئىي تەۋرەنمەي ئىز-
چىللاشتۇرۇپ ۋە ئىجرا قىلىپ، مىللىي خىزمەتنى
ئۈزلۈكسىز ئالغا سۈرەيلى(1990-يىل 2-ئاينىڭ
261 ............................................ 13-كۈنى)
ۋەتەن بىرلىكى ۋە مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى تۇغىنى ئېگىز
كۆتۈرۈپ، چېگرىدىكى ئاز سانلىق مىللەت رايون-
لىرىنىڭ مۇقىملىقى ۋە تەرەققىياتىنى ئىلگىرى
308 ................. سۈرەيلى(1990-يىل 6-ئاينىڭ 18-كۈنى)
ئۆم، باي، مەدەنىي يېڭى شىنجاڭ قۇرايلى (1990-يىل
346 ........................................ 9-ئاينىڭ 1-كۈنى)
توغرا يۆنىلىشتە چىڭ تۇرۇپ، مىللىي ئەدەبىي ئىجادى-
يەتنى گۈللەندۈرۈپ، ھەر مىللەت خەلقىگە تېخىمۇ
كۆپ، تېخىمۇ ياخشى مەنىۋى ئوزۇق يەتكۈزۈپ
358 ................. بېرەيلى(1990-يىل 11-ئاينىڭ 17-كۈنى)
نەزەرىيە قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىپ، مىللىي خىزمەتنى
381 ......... ياخشى ئىشلەيلى(1990-يىل 2-ئاينىڭ 6-كۈنى)
ئاخبارات-نەشرىياتچىلىق خىزمىتىنى كۈچەيتىپ، ۋەتەن-
نىڭ بىرلىكىنى ۋە مىللەتلەرنىڭ ئىتتىپاقلىقىنى
389 ............................ قوغدايلى(1990-يىل 5-ئاي)
ھەر مىللەت مەدەنىيەت خادىملىرى مەسئۇلىيەتچان
399 ......... بولۇشى كېرەك(1991-يىل 2-ئاينىڭ 6-كۈنى)
ئېلىمىزدىكى مىللەتلەر تەتقىقاتىنىڭ ھازىرقى ئەھۋالى
413 ......... ۋە ئىستىقبالى (1991-يىل 3-ئاينىڭ 6-كۈنى)
مىللىي مائارىپنى راۋاجلاندۇرۇشقا دائىر بىرقانچە

مەسىلە(1991-يىل 3-ئاي) .......................... 422
خەلق سىياسىي مەسلىھەت كېڭىشى ۋە مىللىي خىزمەت
(1991-يىل 5-ئاينىڭ 14-كۈنى) .......................... 443
ئۇلۇغ مۇۋەپپەقىيەت، گۈزەل ئىستىقبال(1991-يىل 5-ئاي-
نىڭ 23-كۈنى) .......................................... 460
تەڭكەش راۋاجلاندۇرۇش، ئورتاق گۈللەندۈرۈش (1991-
يىل 10-ئاي) ............................................. 474
روھىمىزنى ئۇرغۇتۇپ، ئىتتىپاقلىشىپ كۈرەش قىلىپ،
مىللىي تىل- يېزىق خىزمىتىنى يەنىمۇ ياخشى
ئىشلەيلى(1991-يىل 12-ئاينىڭ 7-كۈنى) ............... 498
جۇڭگودىكى ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ئەنئەنىۋى مەدەنى-
يىتىنى قوغداش، داۋاملاشتۇرۇش ۋە راۋاجلاندۇرۇش
توغرىسىدا(1990-يىل 12-ئاينىڭ 14-كۈنى) .............. 534
مەركەز مىللىي خىزمەت يىغىنىنىڭ روھىنى ئەستايىل
ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئېلىمىزنىڭ مىللىي خىزمىتىدە
يېڭى ۋەزىيەت يارىتايلى(1992-يىل 1-ئاينىڭ 19-كۈنى)
........................................................... 547
مىللىي مەسىلىنى تەتقىق قىلىپ، مىللىي خىزمەتنى
ئوبدان ئىشلەيلى(1992-يىل 1-ئاي) .................... 565
ئىشىكنى سىرتقا تېخىمۇ كەڭ ئېچىۋېتىپ، ئاز سانلىق
مىللەت رايونلىرىنىڭ تەرەققىياتىنى تېزلىتەيلى
(1992-يىل 3-ئاينىڭ 20-كۈنى) .......................... 577
ئىتتىپاقلىشىپ كۈرەش قىلىپ، داۋاملىق ئالغا ئىلگى-
رىلەپ، ئاز سانلىق مىللەتلەر مائارىپىنى پۈتۈن

دۆلەتنىڭ مائارىپى بىلەن تەڭكەش راۋاجلاندۇرۇۋايلى
(1992-يىل 3-ئاينىڭ 15-كۈنى) ........................................ 590
جوڭخۇا ئېلىنى گۈللەندۈرۈش، ئورتاق گۈللىنىش يولىدا ئىتتىپاقلىشىپ كۈرەش قىلايلى (1992-يىل
3-ئاي) ........................................................ 611
رەھبەرلىك ئىلمى ھەققىدىكى تەتقىقاتقا ئەھمىيەت بېرىپ، ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىنىڭ زامانىۋىلىشىش ئىشىنى تېخىمۇ ئوبدان ئىلگىرى سۈرەيلى
(1992-يىل 8-ئاينىڭ 1-كۈنى) ........................................ 627
مىللەت نەزەرىيىسى تەتقىقاتىنى كۈچەيتىپ، جوڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش ۋە مىللەتلەرنىڭ ئىتتىپاقلىق-تەرەققىيات ئىشلىرى ئۈچۈن خىزمەت
قىلايلى(1992-يىل 11-ئاينىڭ 25-كۈنى) ........................... 635
14-قۇرۇلتاي روھىنى ئەستايىدىل ئىزچىللاشتۇرۇپ، مىللىي خىزمەتنى ئۈزلۈكسىز ئالغا سۈرەيلى
(1992-يىل 12-ئاي) ............................................... 665
14-قۇرۇلتاي روھىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش ۋە زامانىۋىلاشتۇرۇش يولىدىكى قۇرۇلۇش ئىشلىرى داۋامىدا مىللىي خىزمەتنى ئۈزلۈكسىز ئىلگىرى سۈرەيلى(1992-يىل 12-ئاينىڭ
18-كۈنى) ........................................................ 676
دەۋرىمىزنىڭ ئېغىر ۋەزىپىسى ئىختىساسلىق ئەزىمەتلەرنىڭ زىممىسىگە چۈشىدۇ(1993-يىل 1-ئاي)
........................................................ 720

ئاساسىي قانۇن ھەققىدىكى چۈشەنچىمىزنى ئۆستۈرۈپ،
مىللىي قانۇنچىلىق قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتەيلى
(1993-يىل 1-ئاينىڭ 29-كۈنى) .......................... 734
زور بىر تۈركۈم مۇنەۋۋەر ئاز سانلىق مىللەت كاد-
رلىرىنى يېتىشتۈرۈشكە تىرىشايلى (1993-يىل
9-ئاينىڭ 29-كۈنى) .................................. 760
يۈكسەك مەجبۇرىيەت تۇيغۇسى ۋە مەسئۇلىيەت تۇيغۇ-
سى بىلەن مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى ۋە تەرەققىياتى
ئۈچۈن تېخىمۇ كۆپ، تېخىمۇ ياخشى ئەسەرلەر-
نى تەقدىم قىلايلى(1993-يىل 10-ئاينىڭ 5-كۈنى)
....................................................... 771
كۆپ مىللەتلىك دۆلەت ۋە ۋەتەنپەرۋەرلىك (1995-يىل
2-ئاينىڭ 6-كۈنى) .................................... 787
مىللىي ئىتتىپاقلىقنى ۋە ئىجتىمائىي مۇقىملىقنى
قوغداپ، ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش ۋە
ئىقتىسادىي قۇرۇلۇش ئىشلىرى ئۈچۈن ئوبدان
ئىجتىمائىي شارائىت يارىتايلى(1993-يىل 11-ئاينىڭ
3-كۈنى) ............................................. 800
يولداش ماۋ زېدۇڭنى خاتىرىلىگەندە، ئالدىنقىلارغا
ئىجابىي ۋارىسلىق قىلىپ، يېڭىلىق يارىتايلى
(1993-يىل 12-ئاينىڭ 18-كۈنى) ........................ 838
يېڭى ۋەزىيەتنىڭ تەلىپىگە ئۇيغۇنلىشىپ، دىنىي خىز-
مەتتە يېڭى ۋەزىيەت يارىتايلى(1994-يىل 1-ئاينىڭ
12-كۈنى) ............................................ 846

روهسىزنى كۆتۈرۈپ، ئىتتىپاقلىشىپ كۈرەش قىلىپ،
سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى تۈزۈلمىسىنى
بەرپا قىلىش داۋامىدا مىللىي خىزمەتنى تېخىمۇ
ئوبدان ئىشلەيلى(1994-يىل 1-ئاينىك 27-كۈنى)
870 ..................................................................
رەھبەرلىكنى كۈچەيتىپ، ئورتاق تىرىشچانلىق كۆر-
سىتىپ، مىللىي خىزمەتنى ئۈزلۈكسىز ئىلگىرى
سۈرەيلى(1994-يىل 1-ئاينىك 30-كۈنى) .................. 938
مەكتەپنى ئالدىنقى قاتاردىكى ئۇنىۋېرسىتېت قىلىپ
قۇرۇپ، تۆتنى زامانىۋىلاشتۇرۇشقا كېرەكلىك
تالانت ئىگىلىرىنى يېتىشتۈرەيلى(1994-يىل
4-ئاينىك 1-كۈنى) ............................................ 955
ئىسلاھات ئېلىپ بېرىش، ئىشىكنى ئېچىۋېتىش جەر-
يانىدا ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىدىكى ۋىلايەت،
ئوبلاستلارنىڭ ئىقتىسادىنى تېخىمۇ تېز، تېخىمۇ
ئوبدان راۋاجلاندۇرايلى (1994-يىل 8-ئاينىك
27-كۈنى) ............................................ 961
جۇڭگودىكى مىللىي خىزمەتنىڭ شانلىق مۇۋەپپەقىيەت-
لىرى(1994-يىل 9-ئاينىك 2-كۈنى) .................. 993
پارتىيە مەكتىپىنىڭ مىللىي سىنىپىنى ئوبدان باش-
قۇرۇپ، مىللىي كادىرلارنىڭ ئىدىيىۋى-نەزەر-
يىۋى ساپاسىنى ئۆستۈرەيلى (1994-يىل
9-ئاينىك 23-كۈنى) ........................................ 1009
«مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە قانۇنى»نى

ئەستايىدىل ئىزچىللاشتۇرايلى (1994-يىل 9-ئاي) ........ 1025

مىللەتلەرنىڭ بۈيۈك ئىتتىپاقلىقىنى كۈچەيتىپ، مىللەتلەرنىڭ بۈيۈك تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرەيلى (1994-يىل 9-ئاينىڭ 30-كۈنى) ........ 1037

پولاتتەك ئىرادە، قايناق ھېسسىيات (1994-يىل 10-ئاينىڭ 23-كۈنى) ........ 1065

جۇڭگودىكى مىللىي مۇناسىۋەت (1994-يىل 11-ئاينىڭ 25-كۈنى) ........ 1077

ئېسىل مىللىي بايلىق، ئۆچمەس بۈيۈك تۆھپە (1994-يىل 12-ئاي) ........ 1090

روھىمىزنى ئۇرغۇتۇپ، پايدىلىق پۇرسەتنى ئىگىلەپ، داۋاملىق تىرىشچانلىق كۆرسىتىپ، ئىسلاھات ۋە ئىشىكنى ئېچىۋېتىش داۋامىدا مىللىي خىزمەتنى ئۈزلۈكسىز ئالغا سۈرەيلى (1995-يىل 3-ئاينىڭ 22-كۈنى) ........ 1097

يېڭى ئەھۋاللارنى تەتقىق قىلىپ، يېڭى مەسىلىلەرنى ھەل قىلىپ، مىللىي خىزمەتنى تېخىمۇ ياخشى ئىشلەيلى (1995-يىل 3-ئاينىڭ 23-كۈنى) ........ 1152

كۆڭ فەنسېندىن ئۆگىنىپ، ھەر مىللەت خەلقى ئۈچۈن جان-دىل بىلەن خىزمەت قىلايلى (1995-يىل 4-ئاينىڭ 19-كۈنى) ........ 1166

ئىتتىپاقلىشىپ كۈرەش قىلىپ، جۇڭخۇا ئېلىنى گۈللەندۈرەيلى (1995-يىل 6-ئاينىڭ 21-كۈنى) ........ 1182

تارىخنى ئىسىمىزدە چىڭ ساقلاپ، بۈرچىمىزنى ئۇنتۇ-
ماي، جۇڭخۇا ئىلىنى ئورتاق گۈللەندۈرەيلى
(1995-يىل 8-ئاينىڭ 18-كۈنى) .......................... 1202
ئۇلۇغ غەلىبىگە تەنتەنە قىلىپ، گۈزەل كېلەچەك
يارىتايلى (1995-يىل 8-ئاينىڭ 25-كۈنى) ............... 1216
جۇڭگونىڭ مىللىي سىياسىتىدىكى بىرقانچە ئالاھىدىلىك
(1995-يىل 6-ئاينىڭ 24-كۈنى) .......................... 1229
مىللىي ئىناقلىقنى راۋاجلاندۇرۇپ، ھەر مىللەت
خەلقىنى بەختكە ئىگە قىلايلى (1995-يىل 5-ئاينىڭ
25-كۈنى) ................................................ 1244
ئىسلاھات ئېلىپ بېرىش، ئېشىكنى ئېچىۋېتىش داۋا-
مىدا مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە تۈزۈ-
مىدەچىڭ تۇرايلى ۋە ئۇنى مۇكەممەللەشتۈرەيلى
(1995-يىل 9-ئاينىڭ 23-كۈنى) .......................... 1249
ئىلغارلاردىن ئۆگىنىپ، ئىسلاھات ئېلىپ بېرىش—
ئېشىكنى ئېچىۋېتىش جەريانىدا خىزمەت كۆر-
سىتەيلى(1995-يىل 9-ئاينىڭ 29-كۈنى) ............... 1274
ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ قەدىمكى ئەسەرلىرىنى
رەتلەش ۋە نەشر قىلىش خىزمىتىنى تىرىشىپ
ياخشى ئىشلەپ، مىللىي مەدەنىيەتنى تەرەققىي
قىلدۇرايلى ۋە گۈللەندۈرەيلى(1995-يىل 10-ئاي)
1283 ..................................................
مىللىي نەشرىياتچىلىق خىزمىتىنى كۈچەيتىپ، ئىك-
كى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنى ئىلگىرى سۈرەيلى

(1996-يىل 1-ئاينىڭ 9-كۈنى) ........................ 1305
دىنىي خىزمەتنى ياخشى ئىشلەپ، 9-بەش يىللىق پىلاننى ۋە بۇنىڭدىن كېيىنكى 15 يىللىق ئىقتىسادىي-ئىجتىمائىي تەرەققىيات نىشانىنى ئوڭۇشلۇق ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن خىزمەت قىلايلى
(1996-يىل 1-ئاينىڭ 14-كۈنى) ........................ 1326
مىللىي خىزمەتنى تىرىشىپ ياخشى ئىشلەپ، 9-بەش يىللىق پىلان ۋە 2010-يىلغىچە كۆزلەنگەن كەلگۈسى نىشانىنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن كۈرەش قىلايلى(1996-يىل 4-ئاينىڭ 5-كۈنى) .................. 1354
ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ قەدىمكى ئەسەرلەر خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەپ، مىللەتلەرنىڭ ئورتاق گۈللىنىشى ۋە تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرەيلى
(1996-يىل 5-ئاينىڭ 8-كۈنى) ........................ 1399
جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ ئىتتىپاقلىق، تەرەققىيات ئىشلىرىنى ئۈزلۈكسىز ئالغا سىلجىتايلى
(1996-يىل 6-ئاينىڭ 19-كۈنى) ........................ 1415
ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرى قوشۇنىنىڭ ساپاسىنى ئۆستۈرۈپ، ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىنىڭ تەرەققىياتىنى تېزلىتەيلى(1997-يىل 1-ئاي)
........................................ 1426
ۋەتەنپەرۋەرلىك تۇغىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ، ماركسىزملىق مىللەت قارىشى ۋە دىن قارىشىدا چىڭ تۇرايلى
(1997-يىل 2-ئاي) ................................ 1446

مىللىي خىزمەتنى كۈچەيتىپ، ئاۋات، تۇراقلىق چېگرا
رايون قۇرۇش ئۈچۈن خىزمەت قىلايلى(1997-يىل
4-ئاينىڭ 2-كۈنى) ........................................ 1470
ـە ئىجادىيەتنى گۈللەندۈرۈپ، ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ
ئەدەبىيات ئىشلىرىنى راۋاجلاندۇرايلى(1997-يىل
5-ئاينىڭ 21-كۈنى) ........................................ 1526
ـا جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش جەريانىدا، مىللىي
تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە تۈزۈمىنى داۋاملاش
تۇرايلى ۋە مۇكەممەللەشتۈرەيلى(1997-يىل 6-ئاي)
........................................................ 1534
شياڭگاڭنىڭ ۋەتەن قوينىغا قايتىپ كېلىشىنى قۇت-
لۇقلايلى، تارىخقا يېڭى سەھىپە يازايلى (1997-يىل
6-ئاينىڭ 23-كۈنى) ........................................ 1564
دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسى ئۇلۇغ بايرىقىنى ئېگىز كۆ-
تۈرۈپ، مىللىي خىزمەتنى ھەقىقىي كۈچەيتەيلى
(1997-يىل 9-ئاينىڭ 19-كۈنى) .......................... 1574

# دۆلىتىمىزنىڭ مىللىي مەسىلىنى ھەل قىلىشتىكى نەزەرىيە، سىياسەتلىرى ۋە ئەمەلىيىتى توغرىسىدا*

(1990-يىل 12-ئاينىڭ 18-كۈنى)

مىللەت— كىشىلەرنىڭ تارىخىي يوسۇندا، ئۇزاق مۇددەتلىك تەرەققىيات نەتىجىسىدە شەكىللەنگەن تۇراقلىق ئومۇملۇقدۇر. ئومۇمىي مەنىدىن ئېيتقاندا، مىللەت تىل ئومۇملۇقى، تۇرار جاي ئومۇملۇقى، ئىقتىسادىي تۇرمۇش ئومۇملۇقى، روھىي خۇسۇسىيەت ئومۇملۇقى دېگەن تۆت ئاساسىي ئامىلنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

بىز ياشاۋاتقان دۇنيا— كۆپ مىللەتلىك دۇنيا. مىللەتلەر ئۆزىنىڭ ئىجادىي كۈچى ۋە ئورتاق كۈرىشى ئارقىلىق تارىخ چاقىنى ئىلگىرى سۈرىدۇ، شۇنداقلا بىر-بىرى بىلەن بولغان سۈركىلىش ۋە توقۇنۇش ئارقىلىق تارىخ تەرەققىياتىغا تۈرلۈك تەسىر كۆرسىتىدۇ. ئىنسانىيەت جەمئىيىتى نوپۇس مەسىلىسى،

---

* بۇ— يولداش ئىسمايىل ئەھمەدنىڭ مەركىزىي پارتىيە مەكتىپىنىڭ شىنجاڭ سىنىپىغا بەرگەن دوكلاتى.

ئىشقا ئورۇنلىشىش مەسىلىسى، جىنايەت ئۆتكۈزۈش مەسىلە-
سى. . . دېگەنگە ئوخشاش تۈرلۈك ئىجتىمائىي مەسىلىلەرگە
دۇچ كەلمەكتە، بۇنىڭ ئىچىدە مىللىي مەسىلىمۇ بار. دۇنيادا
تەخمىنەن 2000 دىن ئارتۇق مىللەت بار، دۇنيادىكى دۆلەتلەرنىڭ
تەڭدىن تولىسى كۆپ مىللەتلىك دۆلەت، كۆپ مىللەتلىك دۆلەت-
لەرنىڭ ھەممىسىدە مىللىي مەسىلە مەۋجۇت. پەقەت تۈرلۈك
جەمئىيەت، تۈرلۈك دۆلەتلەردە مىللىي مەسىلىنىڭ خاراكتې-
رى، مەزمۇنى ۋە ئىپادىلىنىش شەكلى پەرقلىنىدۇ، خالاس.
مىللىي مەسىلە تېز تەسىرلىك، مۇرەككەپلىك ئالاھىدى-
لىككە ئىگە مەسىلە، ئۇ ئوبدان ھەل قىلىنمىسا، كۆپ ھاللاردا
ئىجتىمائىي داۋالغۇش پەيدا قىلىدۇ. شۇڭا، ئۇزاق ۋاقىتتىن
بۇيان سىياسىي ئەربابلار، مۇتەپەككۇرلار، سوتسىيولوگلار مىل-
لىي مەسىلىنى ھەل قىلىشنىڭ ئاچقۇچىنى تېپىش يولىدا قاتتىق
باش قاتۇرۇپ ئىزدىنىپ كەلدى. لېكىن ئەمەلىيەت
بىزگە شۇنى ئۇقتۇردىكى، خۇسۇسىي مۇلۇكچىلىكتىكى جەمئى-
يەتتە، سىنىپىي قارىمۇقارشىلىق مەۋجۇت جەمئىيەتتە، مىللىي
مەسىلىنى تۈپ نېگىزىدىن ھەل قىلىش مۇمكىن ئەمەس. مارك-
سىزم دۇنياغا كېلىش بىلەن ئىنسانىيەت جەمئىيىتىدە مىللىي
مەسىلىنى ھەل قىلىش ئۈچۈن ئۈمىد نۇرى ئېلىپ كەلدى.
يولداش دېڭ شياۋپىڭ 1950-يىلى غەربىي جەنۇبتىكى ئاز سانلىق
مىللەتلەر ئېكسكۇرسىيە ئۆمىكىنى قوبۇل قىلغاندا، مارك-
سىزم-لېنىنىزم جۇڭگودىكى مىللىي مەسىلىنى ھەل قىلالايدۇ،
دېگەنىدى. بۇ ھۆكۈم تامامەن توغرا. دەرۋەقە، مىللىي مەسىلە-
نى ھەل قىلىش ئۈچۈن توغرا نەزەرىيىدىن باشقا، توغرا سىيا-

سەت ۋە ئۇزاق مۇددەتلىك ئەمەلىيەت بولۇشىمۇ كېرەك.

جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى قۇرۇلغاندىن كېيىن، ھەر مىللەت خەلقىنىڭ كونا جەمئىيەتنى ئاغدۇرۇپ تاشلاپ، يېڭى جۇڭگو قۇرۇش يولىدىكى ئۇلۇغ ئىنقىلابىي كۈرىشىگە رەھبەرلىك قىلىش داۋامىدا، جۇڭگونىڭ كۆپ مىللەتلىك دۆلەت ئەھۋالىنى تولۇق ئېتىبارغا ئېلىپ، جۇڭگودىكى مىللىي مەسىلىنى ھەل قىلىش يولىنى ئىزدىدى. جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغاندىن كېيىن، پارتىيە ۋە دۆلەت مىللىي مەسىلىنى سوتسىيالىستىك ئىنقىلاب ۋە سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇش ئىشلىرىنىڭ بىر قىسمى دەپ قاراپ، بىر يۈرۈش سىياسەت، قانۇن-نىزاملارنى تۈزۈپ چىقتى ۋە بىرقاتار كونكرېت تەدبىرلەرنى قوللاندى. بىز مەردانىلىك بىلەن شۇنداق ئېيتالايمىزكى، دۆلىتىمىزنىڭ مىللىي سىياسىتى ئۇتۇقلۇق سىياسەت؛ جۇڭگو مىللىي مەسىلىنى ھەل قىلىشتا بېسىپ ئۆتكەن يول— جۇڭگوچە يول؛ دۇنيا مىقياسىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، جۇڭگودا مىللىي مەسىلە ئوبدان ھەل قىلىندى. جۇڭگو كوممۇنىستلىرىنىڭ جۇڭگودىكى مىللىي مەسىلىنى ھەل قىلىش نەزەرىيىسى ۋە ئەمەلىيىتى جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش نەزەرىيىسى ۋە ئەمەلىيىتىنىڭ مۇھىم بىر تەركىبىدۇر.

بۇ يەردە دۆلىتىمىزنىڭ مىللىي سىياسىتى ۋە مىللىي مەسىلىنى ھەل قىلىشتىكى نەزەرىيە ۋە ئەمەلىيىتىنى قىسقىچە تونۇشتۇرۇپ ۋە شەرھلەپ ئۆتمەكچىمەن.

# 1

مەن دۆلىتىمىزنىڭ مىللىي سىياسىتى ئۈستىدە توختىلىش-تىن ئاۋۋال، دۆلىتىمىزدىكى ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ئاساسىي ئەھۋالى ئۈستىدە بىرئاز توختالماقچىمەن، بۇنى بەش جەھەتكە يىغىنچاقلاشقا بولىدۇ، ياكى بەش چوڭ ئالاھىدىلىككە ئىگە دې-يىشكە بولىدۇ.

**(1) مىللەت تەركىبى كۆپ، تويلىشىپ ئولتۇراقلىشىش بىلەن تارقاق ئولتۇراقلىشىش تەڭ مەۋجۇت**

دۆلىتىمىزدە جەمئىي 55 ئاز سانلىق مىللەت بار. 1990 -يىلدىكى نوپۇس تەكشۈرۈش مەلۇماتىغا ئاساسلانغاندا، ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ نوپۇسى 91 مىليون 200 مىڭدىن كۆپرەك-كە يەتكەن، مىللەتلەرنىڭ نوپۇس پەرقى ناھايىتى چوڭ، نوپۇسى ئەڭ كۆپ جۇاڭزۇ مىللىتىنىڭ 15 مىليوندىن كۆپرەك ئاھالىسى بار، نوپۇسى ئەڭ ئاز لوبا مىللىتىنىڭ ئاران 2000دىن ئارتۇق ئاھالىسى بار. نوپۇسى 1 مىليوندىن ئاشىدىغان مىللەتلەر 18 بولۇپ، ئۇلار جۇاڭزۇ، خۇيزۇ، ئۇيغۇر، مانجۇ، موڭغۇل، زاڭزۇ، مياۋزۇ، تۇجيا، يىزۇ، بۇيى، چاۋشيەن، دۇڭزۇ، ياۋزۇ، بەيزۇ، خانى، قازاق، دەيزۇ، لىزۇ قاتارلىق مىللەتلەر-دىن ئىبارەت.

دۆلىتىمىزدە ئاز سانلىق مىللەتلەر، ئاساسەن، غەربىي جەنۇب، غەربىي شىمال، شىمال ۋە شەرقىي شىمالغا جايلاشقان. ئۇزاق مۇددەتلىك تارىخىي تەرەققىيات ئارقىسىدا، دۆلىتىمىزدى-كى مىللەتلەرنىڭ تويلىشىپ ئولتۇراقلىشىشى بىلەن تارقاق ئول-

تۇراقلىشىشى تەڭ مەۋجۇت بولۇش ۋە ئارىلاش ئولتۇراقلىشىش ھالىتى شەكىللەنگەن. ئىچكى موڭغۇل، شىنجاڭ، شىزاڭ، گۇاڭشى، نىڭشىيادىن ئىبارەت بەش ئاپتونوم رايون ۋە يۈننەن، گۈيجۇ، چىڭخەي ئۆلكىلىرى دۆلىتىمىزدە ئاز سانلىق مىللەتلەر بىرقەدەر مەركەزلەشكەن رايونلاردۇر. دۆلىتىمىزنىڭ بۇنىڭدىن باشقا رايونلىرىدىمۇ ئاز سانلىق مىللەتلەر ئارىلاش ۋە تارقاق ئولتۇراقلاشقان، مەملىكىتىمىزدە ناھىيىدىن يۇقىرى دەرىجىلىك مەمۇرىي ئورۇنلارنىڭ ھەممىسىدە دېگۈدەك ئاز سانلىق مىللەتلەر ئولتۇراشقان.

## (2) بايلىقى مول، ئىقتىسادىي پەرقى ناھايىتى چوڭ

دۆلىتىمىزدە ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ئاھالىسى پۈتۈن مەملىكەت ئاھالىسىنىڭ ئاران سەككىز پىرسەنتىنى تەشكىل قىلىسىمۇ، لېكىن ئۇلار ئولتۇراقلاشقان رايونلارنىڭ كۆلىمى پۈتۈن مەملىكەت ئومۇمىي كۆلىمىنىڭ 64 پىرسەنتىنى تەشكىل قىلىدۇ. ھەر خىل نەرسىلەر چىقىدىغان بۇ كەڭ رايونلارنىڭ تەبىئىي مەھسۇلاتى كۆپ، قېزىلما بايلىقى مول. دۆلىتىمىزدىكى بەش چوڭ تەبىئىي يايلاقنىڭ ھەممىسى ئاز سانلىق مىللەت رايونىدا، ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىدىكى ياغاچ ماتېرىياللارنىڭ زاپاس مىقدارى مەملىكەت بويىچە ئومۇمىي زاپاس مىقدارىنىڭ 51 پىرسەنتىنى تەشكىل قىلىدۇ، سۇ ئېنېرگىيە بايلىقىنىڭ زاپاس مىقدارى پۈتۈن مەملىكەتتىكىسىنىڭ تەخمىنەن 52.5 پىرسەنتىنى تەشكىل قىلىدۇ. بۇنىڭدىن باشقا، ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىدا يەنە نۇرغۇنلىغان ھوسۇلدار مېتال ۋە غەيرىي مېتال كان بايلىقلىرى بار.

مىللەتلەرنىڭ ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ تەرەققىيات سەۋىيىسى تولىمۇ ناتەكشى. ئازادلىقنىڭ دەسلەپكى مەزگىلىدە-كى تەكشۈرۈشتىن مەلۇم بولۇشىچە، شۇ چاغدا دۆلىتىمىزدىكى ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ئاھالىسى جەمئىي 35 مىليون 600 مىڭ ئىدى، ئۇنىڭ ئىچىدە خەنزۇ مىللىتى بىلەن تەرەققىيات سەۋىيىسى ئوخشاش بولغان ۋە ئۇنىڭغا يېقىن كېلىدىغان ئاز سانلىق مىللەت ئاھالىسى تەخمىنەن 30 مىليون ئىدى، فېئودال يەر ئىگىلىرى ئىگىلىكىگە مەنسۇپ بولغانلىرى تەخمىنەن 4 مىليون كىشى ئىدى، قۇللۇق تۈزۈم ئىگىلىكىگە مەنسۇپ بول-غانلىرى تەخمىنەن 1 مىليون كىشى ئىدى، يەنە 600 مىڭ ئاز سانلىق مىللەت كىشىلىرى ئىپتىدائىي جەمئىيەتنىڭ ئاخىرقى مەزگىلىدە تۇراتتى. ئۇزاق مۇددەتلىك تارىخىي تەرەققىيات ئار-قىسىدا پەيدا بولغان بۇنداق پەرق ھازىرمۇ پۈتۈنلەي تۈگەپ كەتكىنى يوق، بۇ ھال ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتى ۋە ئىجتىمائىي تەرەققىياتىنى زور دەرىجىدە چەكلەش رولىنى ئوينىماقتا.

### (3) ئۇزاق تارىخقا ۋە پۈتمەس مەدەنىيەتكە ئىگە

دۆلىتىمىزدىكى ئاز سانلىق مىللەتلەردىن بىرمۇنچىسىنىڭ نامى 50-يىللارغا كەلگەندىلا بېكىتىلگەن، جىنو مىللىتىگە ئوخ-شاش مىللەتلەرنىڭ نامى 70-يىللارغا كەلگەندىلا بېكىتىلگەن بولسىمۇ، لېكىن ھەممە مىللەت ئۇزاق تارىخقا ئىگە، بۇ مىللەت-لەر ناھايىتى بۇرۇندىن تارتىپلا ۋەتىنىمىز زېمىنىدا ياشاپ، كۆپىيىپ، ۋەتىنىمىزنىڭ ئىجتىمائىي تەرەققىياتى ۋە مەدەنىيەت تەرەققىياتىغا ئورتاق تۆھپە قوشۇپ كەلگەن.

ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ مەدەنىيىتى ۋەتىنىمىزنىڭ مەدەنىيەت خەزىنىسىدە چاقناپ تۇرىدىغان گۆھەر. ئاز سانلىق مىللەتلەر ماتېماتىكا، يىلنامە، تىبابەتچىلىك-دورىگەرلىك، توقۇمىچىلىق-بوياقچىلىق، ئەدەبىيات، شېئىرىيەت، مۇزىكا، ئۇسسۇل قاتارلىق نۇرغۇن جەھەتلەردە خېلى يۇقىرى سەۋىيىگە يەتكەن. زاڭزۇلارنىڭ داستانى «گېسار خاننىڭ تەرجىمىھالى» ، قىرغىزلارنىڭ داستانى «ماناس» ، موڭغۇللارنىڭ داستانى «جاڭغىر» ، ئۇيغۇرلارنىڭ ئېپىك داستانى «قۇتادغۇبىلىك» ، يىزۇلارنىڭ ئېپىك داستانى «ئاسىما» قاتارلىقلار مەملىكىتىمىزنىڭ مەدەنىيەت خەزىنىسىدىكى قىممەتلىك ئەسەرلەردۇر، بۇ ئەسەرلەر مەملىكەت ئىچىدىمۇ، چەت ئەللەردىمۇ ناھايىتى چوڭ تەسىرگە ئىگە.

مەملىكىتىمىزدىكى 55 ئاز سانلىق مىللەت ئىچىدە 53 مىللەتنىڭ ئۆز تىلى بار (خۇيزۇ، مانجۇ مىللەتلىرى خەنزۇ تىلىنى قوللىنىدۇ) ، 21 مىللەتنىڭ ئۆز يېزىقى بار.

**(4) ئۆرپ-ئادەتلىرى خىلمۇخىل، دىنىنىڭ تەسىرى بىرقەدەر چوڭقۇر**

ئۇزاق مۇددەتلىك تارىخي تەرەققىيات جەريانىدا، مىللەتلەر ئۆزىنىڭ ئۆرپ-ئادىتىنى شەكىللەندۇرگەن. بۇ ئۆرپ-ئادەتلەر يېمەك-ئىچمەك، ئولتۇراقلىشىش، ھېيت-بايرام، توي-تۆكۈن، پەرھىز تۇتۇش قاتارلىق جەھەتلەردە ئىپادىلىنىدۇ. بۇلار ھەربىر مىللەتنىڭ تارىخي ئەنئەنىسى، ئەخلاقىي قىياپىتى ۋە ئىدېئولوگىيىسىنى ئوخشاش بولمىغان دەرىجىدە ئەكس ئەتتۇرىدۇ، بۇلار مىللەتنىڭ خۇسۇسىيەتلىرىنى تەشكىل قىلىدىغان

مۇھىم تەرەپ.

دۆلىتىمىزدىكى ئاز سانلىق مىللەتلەر ئارىسىدا دىنىنىڭ تەسىرى خېلى كەڭ، ھەتتا پۈتۈن مىللەت ئاممىسى مەلۇم بىر دىنغا ئېتىقاد قىلىدىغان مىللەتلەرمۇ بار. زاڭزۇ، موڭغۇل، تۇزۇ، يۈگۇ مىللەتلىرى لاما دىنىغا ئېتىقاد قىلىدۇ؛ ئۇيغۇر، خۇيزۇ، قازاق، قىرغىز، تاتار، ئۆزبېك، تاجىك، دۇڭشياڭ، سالا، باۋئەن قاتارلىق ئون مىللەت ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلىدۇ؛ دەيزۇ، بۇلاڭ، دېئاڭ مىللەتلىرى بۇددا دىنىنىڭ خىنايانا مەزھىپىگە ئېتىقاد قىلىدۇ، ئاچاڭ، ۋازۇ مىللەتلىرىنىڭ بىر قىسمىمۇ بۇددا دىنىنىڭ خىنايانا مەزھىپىگە ئېتىقاد قىلىدۇ؛ يىزۇ، مياۋزۇ مىللەتلىرىنىڭ بىر قىسمى خرىستىئان دىنىغا ئېتىقاد قىلىدۇ؛ رۇس ۋە ئېۋېنكي مىللەتلىرىنىڭ بىر قىسمى پراۋۇسلاۋىيە دىنىغا ئېتىقاد قىلىدۇ؛ دۇلۇڭ، نۇزۇ، ۋازۇ، جىڭپو، ئېلۇنچۈن مىللەتلىرىنىڭ بەزىلىرىدە ئىپتىدائىي ھالەتتىكى تەبىئەتكە چوقۇنۇش ۋە كۆپ خۇداغا ئېتىقاد قىلىش ئادىتى ساقلانغان.

### (5) ئۇلۇغ ۋەتىنىمىزنى قىزغىن سۆيىدۇ، ئىتتىپاقلىققا ـ بىرلىككە ئىنتىلىدۇ

دۆلىتىمىز بۇنىڭدىن 2000 يىل ئىلگىرى چىن، خەن سۇلالىلىرى دەۋرىدىلا ھوقۇقنى مەركەزلەشتۈرگەن كۆپ مىللەتلىك بىر پۈتۈن دۆلەتكە ئايلانغان. يۈەن سۇلالىسى دەۋرىگە كەلگەندە، شىنزاڭنىڭ جۇڭگو زېمىنىغا رەسمىي قوشۇلۇشى ئارقىسىدا، جۇڭگونىڭ مىللەت قۇرۇلمىسى ۋە زېمىنىنىڭ ئاساسىي تۈزۈلۈشى شەكىللەنگەن. ئىنتايىن ئۇزاق تارىخىي تەرەققىيات جەريانى

دا، ھەممە مىللەت ۋەتىنىمىزنىڭ تۆپرىقىنى گۈللەندۈرۈش ۋە قوغداش يولىدا ھېچنېمىدىن قورقماي، باتۇرانە كۆرەش قىلىپ كەلگەن. دۆلىتىمىزنىڭ قۇرۇلۇش چېگرىسىغا جايلاشقان رايونلاردا ئاساسەن، ئاز سانلىق مىللەتلەر ئولتۇراقلاشقان، ئۇلارنىڭ ۋەتىنىمىزنىڭ زېمىنىنى گۈللەندۈرۈش ۋە قوغداش يولىدا قوشقان تۆھپىسىنى، سىڭدۈرگەن جاپالىق ئەمگىكىنى ئەنە شۇنىڭدىن بىلىشكە بولىدۇ. يېقىنقى 100 يىلدىن بۇيان، ھەر مىللەت خەلقى جاھانگىرلىكنىڭ تاجاۋۇزىغا قارشى تۇرۇپ، يېڭى جۇڭگونى بەرپا قىلىش ۋە قوغداش يولىدا تېخىمۇ ئۇلۇغۋار كۆرەشلەرنى ئېلىپ باردى. ھەرقايسى مىللەتلەر سىياسىي، ئىقتىسادىي ۋە مەدەنىيەت جەھەتتىكى كۆپ خىل ئامىللارنىڭ تەسىرى تۈپەيلىدىن، دۆلەت بىرلىككە كېلىشى شەرت دېگەننى تونۇپ يەتتى. ھەر مىللەت خەلقى ئەنە شۇ تونۇشقا ئىگە بولغانلىقى ئۈچۈن، چەت ئەللەرنىڭ تاجاۋۇزىغا ئۇچرىغاندا، جاسارەت بىلەن قارشىلىق كۆرسىتىپ، ۋەتىنىمىزنىڭ بىرلىكىنى ۋە ئىگىلىك ھوقۇقىنى قوغدىدى؛ ھەرقايسى مىللەت ۋەكىللىرى ئىچكى تونۇش يۈز بەرگەن چاغلاردىمۇ، پۈتۈن مەملىكەتنى بىرلىككە كەلتۈرۈشنى ۋە قوماندانلىقتا بويسۇندۇرۇشنى ئۆزىنىڭ مۇھىم ۋەزىپىسى دەپ بىلدى. شۇڭلاشقا، جۇڭگو تارىخىدا، پۈتۈن مەملىكەتنىڭ ھاكىمىيىتىنى خەنزۇلار ئىگىلىگەندىمۇ، ئاز سانلىق مىللەتلەر تەختكە چىققاندىمۇ، پۈتۈن مەملىكەتنىڭ ئەڭ يۇقىرى ھۆكۈمرانى بولۇش ئورنىدا تۇرۇپ ئەلنى بىر تۇتاش باشقۇرۇپ كەلدى. دەرۋەقە، جۇڭگو تارىخىدا بۆلۈنۈشمۇ ۋە ھەرخىل، ھەر رەڭدىكى بۆلۈنمىلەرمۇ بولۇپ باققان، لېكىن

بۇ جۇڭگو تارىخىنىڭ قاينام ئۆركىشىدىكى تارماق ئېقىندىنلا ئىبارەت ئىدى، يەنە كېلىپ يەرلىك بۆلۈنمە ھاكىمىيەتنى ئاز سانلىق مىللەتلەرمۇ، خەنزۇلارمۇ قۇرغانىدى.

يېڭى جۇڭگودا ۋەتەننىڭ بىرلىكى ۋە مىللەتلەر ئىتتىپاقىنى قوغداش ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ھەرقانداق چاغدىكىدىن مۇھىم قانۇنىي مەجبۇرىيىتى ۋە ئەخلاقىي مەسئۇلىيىتى بولۇپ قالدى.

## 2

دۆلىتىمىز ئېلىمىزدىكى مىللەتلەرنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىنى نەزەردە تۇتۇپ، ماركسىزمنىڭ قائىدىلىرىگە ئاساسلىنىپ، ئۆزىنىڭ مىللەت نەزەرىيىسى سىستېمىسىنى شەكىللەندۈردى، مىللىي مەسىلىنى ھەل قىلىشقا دائىر سىياسەتلەرنى تۈزدى ھەمدە بۇ نەزەرىيە ۋە سىياسەتلەرنى ئەمەلىيەتتە يولغا قويدى. دۆلىتىمىزنىڭ مىللىي سىياسىتىنى ۋە مىللىي مەسىلىنى ھەل قىلىشتىكى نەزەرىيىسىنى ئومۇمەن تۆۋەندىكى ئالتە جەھەتكە يىغىنچاقلاش مۇمكىن.

### (1) مىللىي باراۋەرلىكتە چىڭ تۇرۇش

مىللىي باراۋەرلىك ماركسىزملىق مىللەت نەزەرىيىسىنىڭ مېغىزى، شۇنداقلا دۆلىتىمىزنىڭ مىللىي سىياسىتىنىڭ تۈۋرۈكى. لېنىن: «ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ھوقۇقىنى كاپالەتلەندۈرۈش پرىنسىپى پۈتۈنلەي باراۋەر بولۇش پرىنسىپى بىلەن زىچ باغلانغان» دېگەنىدى. مىللىي باراۋەرلىكنىڭ ئىنتايىن مۇھىملىقىنى ئەنە شۇنىڭدىن كۆرۈۋېلىش مۇمكىن. دۆلىتىمىزنىڭ

مىللىي سىياسىتىنىڭ باشقا مەزمۇنلىرى، مەسىلەن، مىللىي
تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيىنى يولغا قويۇش، ئورتاق گۈللە-
نىشنى ئىلگىرى سۈرۈش، مىللەتلەر ئىتتىپاقىنى قوغداش قا-
تارلىقلارنىڭ ھەممىسى مىللىي باراۋەرلىك بىلەن مۇناسىۋەت-
لىك. مىللىي باراۋەرلىكتىن چەتلەپ تۇرۇپ ھېچنەرسىدىن
ئېغىز ئېچىش مۇمكىن ئەمەس. بۇنىڭ سەۋەبى شۇكى، مىللەت
نەزەرىيىسى ئەمەلىيەتتە مىللىي مۇناسىۋەت مەسىلىسىنى ھەل
قىلىشنى مەقسەت قىلىدۇ، مىللىي سىياسەت ۋە قانۇنلارمۇ دەل
مىللىي مۇناسىۋەتنى تەڭشەشنى مەقسەت قىلىدۇ. مىللىي مۇنا-
سىۋەت — بىر خىل ئىجتىمائىي مۇناسىۋەت، بۇنداق ئىجتىمائىي
مۇناسىۋەتنى ئوبدان ھەل قىلىش ۋە تەڭشەش ئۈچۈن، ئالدى
بىلەن مىللەتلەرنىڭ تۇتىدىغان ئورنىنى يەنى ئۇلار باپباراۋەر
ئورۇندا تۇرامدۇ ياكى يۇقىرى-تۆۋەن دەپ ئايرىلامدۇ دېگەننى
مۇئەييەنلەشتۈرۈش لازىم. ئالدى بىلەن مىللەتلەرنىڭ باراۋەر
ئورۇندا تۇرىدىغانلىقىنى مۇئەييەنلەشتۈرگەندىلا، مىللىي مۇنا-
سىۋەتنى تەڭشەشنىڭ ئالدىنقى شەرتى ۋە ئۆلچىمى بارلىققا كەل-
گەن بولىدۇ.

مىللىي باراۋەرلىكنىڭ مەزمۇنى ناھايىتى مول، ئۇ كەم
دېگەندە تۆۋەندىكى بىرقانچە تەرەپنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ:

بىرىنچى، ھەممە مىللەت باپباراۋەر بولۇش. مىللەتلەر
ئاھالىسىنىڭ ئاز-كۆپلۈكىگە، تەرەققىيات سەۋىيىسىنىڭ قانداق-
لىقىغا، ئۆرپ-ئادەت ۋە دىنىنىڭ ئوخشاش بولماسلىقىغا قارى-
ماي، جەمئىيەتنىڭ باراۋەر ئەزاسى بولىدۇ، تەڭ ئورۇنغا ئىگە
بولىدۇ.

ئىككىنچى، ئىجتىمائىي ھاياتنىڭ ھەممە ساھەلىرىدە باپبا-
راۋەر بولۇش. مىللەتلەر سىياسىي، ئىقتىسادىي ۋە مەدەنىيەت
جەھەتتىمۇ، تىل-يېزىق جەھەتتىمۇ باراۋەر بولىدۇ. دۆلەتنىڭ
ۋە ئىجتىمائىي ھاياتنىڭ ھەممە ساھەلىرىدە ھەممە مىللەت ئوخ-
شاش ھوقۇقتىن بەھرىمەن بولىدۇ ۋە ئوخشاش مەجبۇرىيەتنى
ئۈستىگە ئالىدۇ، ھەرقانداق مىللەتنىڭ ھەرقانداق جەھەتتىكى
ئىمتىيازى ئېتىراپ قىلىنمايدۇ، شۇنداقلا ھەرقانداق مىللەتنى
كەمسىتىشكە ۋە ئېزىشكە يول قويۇلمايدۇ.

ئۈچىنچى، پەرقنى پەيدىنپەي تۈگىتىپ، ئەمەلىيەتتىكى
باراۋەرلىكنى ئىشقا ئاشۇرۇش. دۆلەت مىللەتلەرنى سىياسىي
جەھەتتە ۋە قانۇن جەھەتتە باراۋەر ئورۇنغا ئىگە قىلىپلا قالماس-
تىن، بەلكى ئالاھىدە تەدبىرلەرنى قوللىنىپ، مىللەتلەرنىڭ
بەزى ھوقۇقلاردىن بەھرىمەن بولۇشىنى چەكلەپ تۇرىدىغان ئىق-
تىساد ۋە مەدەنىيەت جەھەتتىكى قالاقلىقنى تىرىشىپ تۈگىتىپ،
قانۇندىكى بەلگىلىمىلەرنى ئىجتىمائىي ھاياتتىكى رېئاللىققا ئايلان-
دۇرىدۇ. بۇنىڭ ئۈچۈن، خۇددى لېنىن: «چوڭ مىللەت تۇر-
مۇشتا ئەمەلىي شەكىللەنگەن باراۋەرسىزلىكنى ئۆزىگە مۇئامىلە
قىلىشتىكى باراۋەرسىزلىك بىلەن تۈگىتىشى لازىم» دەپ ئېيت-
قاندەك بەزىدە ئاز سانلىق مىللەتلەرگە مەخسۇس تەدبىرلەرنى
قوللىنىپ، ئالاھىدە ئېتىبار بېرىشكە توغرا كېلىدۇ.

سوتسىيالىزم جەمئىيىتى بىلەن كاپىتالىزم جەمئىيىتىدى-
كى «مىللىي باراۋەرلىك» نىڭ ماھىيەتلىك پەرقى شۇ يەردىكى،
سوتسىيالىزم جەمئىيىتىدىكى مىللىي باراۋەرلىك ئومۇمىي مۇ-
لۇكچىلىك ئاساسىدىكى ئىقتىسادىي بازىسقا، سىنىپىي زۇلۇم

ۋە مىللىي زۇلۇم بىكار قىلىنغان سىياسىي ئاساسقا، ماركسىزمنى يېتەكچى قىلغان نەزەرىيىۋى ئاساسقا ئىگە، شۇنىڭ ئۈچۈن، ئۇ چىنلىق، ئومۇمىيلىق ۋە ئۇزۇل-كېسىللىك ئالاھىدىلىكىنى ھازىرلىغان، كاپىتالىزم جەمئىيىتىدە خۇسۇسىي مۇلۇكچىلىك، سىنىپىي قارىمۇقارشىلىق ۋە سىنىپىي زۇلۇم مەۋجۇت بولغانلىقى، بۇرژۇئا دۇنيا قارىشىنىڭ تەسىرى بولغانلىقى ئۈچۈن، بۇ ھال بۇرژۇئازىيىچە «مىللىي باراۋەرلىك» نىڭ ئابستراكت، ساختا ۋە شەكىللۋازلىق ئالاھىدىلىكىگە ئىگە بولۇشىنى بەلگىلىگەن.

كوممۇنىستلارنىڭ «مىللىي باراۋەرلىك» مەيدانىدا چىڭ تۇرۇشىنى، مىللىي باراۋەرلىك سىياسىتىنى يولغا قويۇشىنى تارىخىي ماتېرىيالىزملىق دۇنياقاراش ۋە پرولېتارىياتنىڭ تارىخىي بۇرچى بەلگىلىگەن. ماركسىزم شۇنداق ھېسابلايدۇكى، مىللەتلەر چوڭ-كىچىك دەپ ئايرىلسىمۇ، لېكىن ياخشى-يامان دەپ ئايرىلمايدۇ، ھەممە مىللەت ياشاش ھوقۇقىغا، تەرەققىي قىلىش ھوقۇقىغا ئىگە، ھەممە مىللەت جەمئىيەتنىڭ باراۋەر بىر ئەزاسى بولۇش سۈپىتى بىلەن ئىجتىمائىي ئىشلارغا قاتنىشىدۇ؛ ھەممە مىللەت جەمئىيەتنىڭ بىر ئەزاسى سۈپىتىدە، ئىنسانلار جەمئىيىتىنىڭ تەرەققىياتى ۋە يۈكسىلىشى ئۈچۈن، ئۆزى ياشاۋاتقان دۆلەت ۋە رايوننىڭ تەرەققىياتى ۋە يۈكسىلىشى ئۈچۈن تۈرلۈك يوللار بىلەن ئۆز تۆھپىسىنى قوشۇپ كەلگەن. شۇڭا، ھەربىر مىللەتنىڭ ئۆزىگە خاس ئورنى بولۇشى كېرەك. پرولېتارىياتنىڭ تارىخىي ۋەزىپىسى — سوتسىيالىزم قۇرۇش، پۈتۈن ئىنسانىيەتنى ئازاد قىلىشتىن ئىبارەت. بۇ تارىخىي ۋەزىپىنى

ئورۇنداش ئۈچۈن، بارلىق ئېزىلگۈچى مىللەتلەرنى، قۇل قىلىنغۇچى مىللەتلەرنى ۋە تەبىقىلەرنى ئېكسپلاتاتسىيىلەشتۇرۇش كېرەك، بۇ تەلەپنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن، مىللىي باراۋەرلىك مەيداندا چىڭ تۇرۇش كېرەك. جاھانگىرلىك دەۋرىدە، دۇنيادىكى مىللەتلەر ئەزگۈچى مىللەت ۋە ئېزىلگۈچى مىللەت دەپ ئايرىلغان، باشقا مىللەتلەرنى ئەزگۈچى مىللەت ئازادلىققا ئېرىشەلمەيدۇ. پرولېتارىياتنىڭ تارىخىي ۋەزىپىسىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشتا مىللەتلەرنىڭ باراۋەر بولۇشىدىن باشقا يول يوق.

ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ دۆلەتنىڭ سىياسىي ھاياتىدىكى باراۋەرلىك ھوقۇقى ۋە باراۋەرلىك ئورنىنى كاپالەتكە ئىگە قىلىپ، ھەممە مىللەتنى دۆلەتنىڭ ئىشلىرىنى باشقۇرۇشقا قاتناشتۇرۇش— مىللىي باراۋەرلىكنىڭ ئەڭ مۇھىم مەزمۇنى. خەلق قۇرۇلتىيى تۈزۈمى— دۆلىتىمىزنىڭ تۈپ سىياسىي تۈزۈمى، دۆلىتىمىز ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ھەر دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتايلىرىدا ئىگىلەيدىغان نىسبىتىگە ئەزەلدىن ئەھمىيەت بېرىپ كەلدى. ھەر نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىدا ئاز سانلىق مىللەت ۋەكىللىرىنىڭ ئىگىلىگەن نىسبىتى ئۇلارنىڭ نوپۇسىنىڭ نىسبىتىدىن يۇقىرى بولۇپ كەلدى. 7-نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىنى مىسال قىلىدىغان بولساق، ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ۋەكىلى ئومۇمىي ۋەكىلنىڭ 14. 9 پرسەنتىنى تەشكىل قىلدى. بۇ نىسبەت ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ پۈتۈن مەملىكەت نوپۇسىدا ئىگىلىگەن 8% نىسبىتىدىن كۆپ يۇقىرى. 1964-يىلى چاقىرىلغان 3-نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىدىن باشلاپ، ھەربىر مىللەتنىڭ كەم

دېگەندە بىر نەپەردىن مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىلى بولۇپ كەلدى.

ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ باراۋەرلىك ھوقۇقىنى كاپالەتلەندۈرۈش ئۈچۈن، دۆلىتىمىز ئاز سانلىق مىللەتلەر توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان رايونلاردا مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە تۈزۈمىنى يولغا قويدى، ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرىنى پائال يېتىشتۈردى. بۇ جەھەتتىكى مەزمۇنلار ئۈستىدە كېيىن يەنە توختىلىمىز. تارقاق ئولتۇراقلاشقان ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ باراۋەرلىك ھوقۇقىمۇ ئوخشاشلا كاپالەتلەندۈرۈلدى، 1952-يىلى مەمۇرىي ئىشلار كېڭىشى مەخسۇس «تارقاق ئولتۇراقلاشقان بارلىق ئاز سانلىق مىللەت تەركىبىدىكىلەرنىڭ مىللىي باراۋەرلىك ھوقۇقىدىن بەھرىمەن بولۇشىغا كاپالەتلىك قىلىش توغرىسىدا قارار»نى ئېلان قىلدى.

دۆلىتىمىز ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ئىقتىساد ۋە مەدەنىيەت جەھەتتىكى باراۋەرلىك ھوقۇقىنى كاپالەتلەندۈرىدۇ. ھەر مىللەت پۇقرالىرى قانۇنغا بىنائەن ئۆز مال-مۈلكىنى باشقۇرالايدۇ ۋە بىر تەرەپ قىلالايدۇ، ئىقتىسادىي پائالىيەت بىلەن شۇغۇللىنالايدۇ، مەدەنىيەت، سەنئەت ۋە پەن تەتقىقاتى قاتارلىق پائالىيەتلەرنى ئېلىپ بارالايدۇ.

تىل-يېزىق باراۋەرلىكى مىللىي باراۋەرلىكنىڭ مۇھىم بىر تەرىپى. دۆلىتىمىزنىڭ قانۇنىدا، مىللەتلەر ئۆزىنىڭ تىل-يېزىقىنى ئىشلىتىش ۋە تەرەققىي قىلدۇرۇش ئەركىنلىكىگە ئىگە، دەپ بەلگىلەنگەن. ئاپتونومىيە ئورگانلىرى ئۆز ۋەزىپىسىنى ئىجرا قىلىشتا، شۇ جايدا كەڭ قوللىنىلىدىغان تىل-يېزىقنى

ئىشلىتىدۇ؛ ھەر دەرىجىلىك ئەدلىيە ئورگانلىرى ئەدلىيە پائالىيىتى ئېلىپ بارغاندا، شۇ جايدىكى تىل-يېزىقنى بىلمەيدىغان دەۋا ئىشتىراكچىلىرىغا تەرجىمان تېپىپ بېرىدۇ. ئازادلىقتىن كېيىن، دۆلەت يەنە ئون مىللەتكە يېزىق ئىجاد قىلىپ بەردى.

مىللىي باراۋەرلىك سىياسىتىنى تېخىمۇ ئوبدان ئىجرا قىلىش ئۈچۈن، بىز ماركسىزمنىڭ مىللەتنىڭ ۋۇجۇدقا كېلىشى توغرىسىدىكى نەزەرىيىسىگە ئاساسەن، جۇڭگونىڭ ئەمەلىيىتىگە بىرلەشتۈرۈپ، 50-يىللاردا مىللەت ئايرىش خىزمىتىنى ئېلىپ بېرىپ، 53 مىللەتنى مۇئەييەنلەشتۈردۇق، 60-، 70-يىللاردا يەنە لوبا ۋە جىنو مىللەتلىرىنى مۇئەييەنلەشتۈردۇق. دۆلىتىمىزدە مىللەت ئايرىشتا مىللەت، ئۇرۇق ۋە قەبىلە دەپ پەرقلەندۈرۈلمىدى، ئاھالىسىنىڭ ئاز-كۆپ، زېمىنىنىڭ چوڭ-كىچىك، ئىجتىمائىي تەرەققىيات سەۋىيىسىنىڭ يۇقىرى-تۆۋەن بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، ئىقتىسادىي ھايات، تىل-يېزىق، ئۆرپ-ئادەت ۋە روھىي خۇسۇسىيەت قاتارلىق جەھەتلەردە كىشىلەرنىڭ ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىكىگە ئىگە تۇراقلىق ئومۇملۇقى بارلىقىلا كەلگەن بولسىلا «مىللەت» دەپ ئاتالدى. بۇ مىللىي باراۋەرلىك پرىنسىپىنى تولۇق گەۋدىلەندۈردى، شۇنداقلا مىللىي باراۋەرلىك سىياسىتىنى يولغا قويۇش ئۈچۈن ئالدىنقى شەرت ھازىرلاپ بەردى.

**(2) ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى ۋە مىللەتلەرنىڭ بۈيۈك ئىتتىپاقلىقىنى قەتئىي قوغداش**

مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى دېگىنىمىز— مىللەتلەر بىر-بىرىگە باراۋەرلىك ئاساستا مۇئامىلە قىلىشى، بىر-بىرى بىلەن

دوستانە ئۆتۈشى، بىر-بىرىنى ھۆرمەت قىلىشى، بىر-بىرىدىن ئۆگىنىشى، بىر-بىرىگە ياردەم بېرىشى، زامانىۋىلاشقان دۆلەت قۇرۇش ئۈچۈن ئىتتىپاقلىشىش-ھەمكارلىشىش يولى بىلەن تىرىشىپ كۆرەش قىلىشى لازىم دېگەن ئاساسىي مەزمۇنلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى مىللىي سىياسىتىمىزنىڭ بىر مەزمۇنى قىلىشىمىزدىكى سەۋەب مۇنۇلار:

بىرىنچى، ماركسىزم شۇنداق ھېسابلايدۇكى، پرولېتارىياتنىڭ ئىنقىلابىي ئىشلىرى ئاز سانلىق كىشىلەرنىڭ ئىشى بولماستىن، بەلكى كەڭ خەلق ئاممىسىنىڭ ئىشى، بۇ ئىش ھەرقايسى مىللەتلەر ۋە ھەر ساھەدىكى زاتلار ئورتاق كۆرەش قىلىشنى تەلەپ قىلىدۇ. دېمەك، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى ياخشىلاش— پرولېتارىياتنىڭ تارىخىي ۋەزىپىسىنى ئورۇنداش ئۈچۈن زۆرۈر.

ئىككىنچى، جۇڭگونىڭ ئەمەلىيىتىدىن قارىغاندا، ئۆتمۈشتىكى ئۇزاق تارىخىي جەرياندا، ھەر مىللەت خەلقى ۋەتىنىمىزنى بىرلىكتە بەرپا قىلدى، ۋەتىنىمىزنىڭ مەزمۇنغا باي مەدەنىيىتىنى بىرلىكتە ياراتتى، ئۈچ چوڭ تاغنى بىرلىكتە ئاغدۇرۇپ تاشلىدى. سوتسىيالىزمنى يۈكسەلدۈرۈش، ئورتاق بېيىشنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئىشىمۇ ھەر مىللەت خەلقىنىڭ زىچ ئىتتىپاقلىشىپ، بىرلىكتە كۆرەش قىلىشنى تەلەپ قىلىدۇ. مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى— تارىخىي مۇقەررەرلىك، رېئاللىقنىڭ ئېھتىياجى.

ئۈچىنچى، ئىقتىسادىي قۇرۇلۇش ۋە مەدەنىيەت قۇرۇلۇشى-

ـنى ئوڭۇشلۇق ئېلىپ بېرىش ئۈچۈن، تىنچ-ئىتتىپاقلىق سىيا-
سىي ۋەزىيىتى بولۇشى كېرەك، بۇنداق ۋەزىيەت بولماي تۇ-
رۇپ، ھېچنەرسىدىن ئېغىز ئېچىش مۇمكىن ئەمەس، بۇ جەھەت-
تىكى تەجرىبە-ساۋاقلار ناھايىتى كۆپ. ئەمەلىيەتتىن قارىغان-
دا، قايسى رايوندا، قايسى چاغدا مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى ئوبدان
بولسا، ئىقتىسادىي ئىشلار ۋە مەدەنىيەت ئىشلىرى جۇش ئۇرۇپ
راۋاجلىنىدۇ، خەلق ئارامخۇدا ياشايدۇ، ئىتتىپاقلىق ئوبدان
بولمىسا، ئىقتىسادىي قۇرۇلۇش ۋە مەدەنىيەت قۇرۇلۇشى تە-
سىرگە ئۇچرايدۇ، خەلق ئازاب چېكىدۇ. ئىقتىسادىي تەرەققىيات
دۆلەتنىڭ گۈللىنىشى، مىللەتنىڭ روناق تېپىشىنىڭ ئاساسى،
بۇ ئاساسنى ئوبدان تۇتۇش ھەر مىللەت خەلقىنىڭ مۇستەھكەم
ئىتتىپاقلىقىنى تەلەپ قىلىدۇ.

تۆتىنچى، مىللەتلەرنىڭ ئىتتىپاقلىقى ئۇلارنىڭ تەرەققىيا-
تى ۋە يۈكسىلىشى ئۈچۈن پايدىلىق. چوڭ مىللەتنىڭمۇ، كىچىك
مىللەتنىڭمۇ ئۆزىگە خاس ئارتۇقچىلىقى ۋە يېتەرسىزلىكى بار،
شۇڭا ئۇلار بىر-بىرىدىن ئۆگىنىپ، بىر-بىرىنىڭ ئارتۇقچىلىد-
قىنى قوبۇل قىلىپ، يېتەرسىزلىكنى تۈگەتكەندىلا، تېخىمۇ
ياخشى تەرەققىي قىلالايدۇ. ھازىرقى زامان جەمئىيىتىدە، ئى-
شىكنى ئېچىۋېتىش مىللەتلەرنىڭ تەرەققىياتى ئۈچۈن ئىنتايىن
مۇھىم، ئىشىكنى ئېچىۋېتىش مىللەتلەرنىڭ ئۆزئارا ئالاقىسى-
نىڭ كۆپىيىشىدىن دېرەك بېرىدۇ. ئۆزئارا ئۆگىنىشتىمۇ،
ئۆزئارا ئالاقىلىشىشتىمۇ ياخشى كەيپىيات بولۇشى كېرەك. ئىت-
تىپاقلىقنى ئاساس قىلغاندىلا، ئالاقىنى ئوڭۇشلۇق ئېلىپ بار-
غىلى، ئالاقىدە كۆزلىگەن مەقسەتنى ئىشقا ئاشۇرغىلى بولىدۇ.

بەشىنچى، دۆلىتىمىزدە مىللەتلەر گىرەلىشىپ ئارىلاش ئولتۇراقلاشقان، يەنە كىلىپ ئارىلاش ئولتۇراقلىشىش، تارقاق ئولتۇراقلىشىش ھالىتى ھىلىمۇ ئۆلغايماقتا. ھەر مىللەت ئەزا-لىرى كۈندە دىگۈدەك بىر-بىرى بىلەن ئالاقىلىشىپ تۇرىدۇ. ئىتتىپاقلىقنى ياخشىلىغاندىلا، ئۆزئارا دوستانە ئۆتۈش، ئىش-لەپچىقىرىش، تۇرمۇش ئۈچۈن ئوبدان ئىجتىمائىي شارائىت يارد-تىش ۋە خاتىرجەم ياشاش ئىمكانىيىتى تۇغۇلىدۇ.

ئالتىنچى، دۆلىتىمىزدىكى مىللەتلەرنىڭ تارىختىكى مۇنا-سىۋىتىنى ئالساق، مىللەتلەر ئارىسىدا ئىتتىپاقلىق-- ھەمكارلىقمۇ بولغان، ئارازلىق ۋە توقۇنۇشمۇ بولغان. يولداش جۇ ئېنلەي ئازادلىقنىڭ دەسلەپكى مەزگىلىدە كونا جۇڭگودىكى مىللىي مۇناسىۋەتنى «يامان» دىگەن سۆز بىلەن سۈرەتلىگەنىدى. ھەر مىللەت خەلقى بىرلىكتە يېڭى تۇرمۇش يارىتىش ئۈچۈن، تارىختىن قېپقالغان ئارازلىقنى تىرىشىپ تۈگىتىشى كېرەك، بۇنىڭ ئۆزى مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقنى تەكىتلەشنى، ھەر مىللەت خەلقىنىڭ تارىختىكى كونا ھېسابىنى ئۈنتۇپ، يېڭى دەۋردە زىچ ئىتتىپاقلىشىپ، بىرلىكتە ئالغا بېسىشنى تەلەپ قىلىدۇ.

مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى قوغداش بىد-لەن زىچ مۇناسىۋەتلىك. ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرى چېگرىغا جايلاشقان، 30 نەچچە مىللەت چېگرا سىرتىدىكى ئۆزىگە ئوخ-شاش مىللەتلەر بىلەن قوشنا ئولتۇراقلاشقان. تارىختا، جاھان-گىر ئۇنسۇرلار، بۆلگۈنچى ئۇنسۇرلار مىللىي رايونلاردا كۆپ قېتىم «مۇستەقىللىق»، «ئۆز تەقدىرىنى ئۆزى بەلگىلەش»

دېگەنگە ئوخشاش بۆلگۈنچىلىك ھەرىكەتلىرىنى پىلانلىغانىدى، بۇنداق بۆلگۈنچىلىك ھەرىكەتلىرى ھازىرغىچە توختىغىنى يوق. بىز بۆلگۈنچىلەرگە قارشى كۈرەش قىلىش ئۈچۈن، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى شۇنداق چىڭىتىشىمىز لازىمكى، بۆلگۈنچىلەر پايدىلىنىدىغان كاۋاك تاپالماي قالسۇن. ۋەتەننىڭ بىرلىكى— دۆلەتنى روناق تاپقۇزۇشنىڭ ئالدىنقى شەرتى، ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئورتاق ئىرادىسى ۋە تۈپ مەنپەئەتى. ئاساسىي قانۇندا: «پۇقرالارنىڭ ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى ۋە مىللەتلەرنىڭ بۈيۈك ئىتتىپاقلىقىنى قوغداش مەجبۇرىيىتى بار» دېگەن بىر جۈملە بار. بىرلىكنى قوغداشنى مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى بىلەن باغلاش — دۆلىتىمىزنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىنى ۋە ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئورتاق ئىرادىسىنى ئەكس ئەتتۈردى.

ھازىر، دۆلىتىمىزدىكى مىللىي مۇناسىۋەت ياخشى. مىللىي مۇناسىۋەت تۈرلۈك بوران-چاپقۇنلارنىڭ سىنىقىغا بەرداشلىق بەردى. ھەر مىللەت خەلقى ۋەتەننى قىزغىن سۆيمەكتە، بىرلىككە تەلپۈنمەكتە، ئىتتىپاقلىقنى قوغدىماقتا.

### (3) مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيىنى يولغا قويۇش

مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە — دۆلىتىمىزنىڭ مىللىي مەسىلىنى ھەل قىلىشتىكى تۈپ سىياسىتى. مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە تۈزۈمى دۆلىتىمىزنىڭ مۇھىم تۈزۈملىرىدىن بىرى، شۇنداقلا ئۇ جۇڭگوغا خاس سوتسىيالىستىك سىياسىي تۈزۈمنىڭ تەركىبىي قىسمى.

مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە دېگىنىمىز ئاز سانلىق مىللەتلەر توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان جايلاردا ئاپتونومىيە ئور-

گانلىرى تەسىس قىلىنىدۇ، ئاز سانلىق مىللەت خەلقى ئۆز ئىشىغا ئۆزى خوجا بولۇپ، ئۆزىنىڭ ئىچكى ئىشلىرىنى باشقۇرۇش ھوقۇقىنى يۈرگۈزىدۇ دېگەنلەرنى بىلدۈرىدۇ. مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە يالغۇز مىللەت ئاپتونومىيىسى ۋە يەرلىك ئاپتونومىيە ئەمەس، ئۇ مىللەت ئامىلى بىلەن رايون ئامىلىنىڭ بىرىكمىسى، سىياسىي ئامىل بىلەن ئىقتىسادىي ئامىلنىڭ بىرىكمىسى.

مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلارنىڭ ئادەتتىكى جايلار بىلەن بولغان پەرقى ئىسىم جەھەتتىلا ئەمەس، شۇنىڭدەك ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ بىرقەدەر كۆپ بولغانلىقىدىلا ئەمەس، ئۇنىڭ ئاساسىي پەرقى شۇنىڭدىكى، مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلارنىڭ ئاپتونومىيە ئورگانلىرى (خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى ۋە خەلق ھۆكۈمىتى) ئادەتتىكى يەرلىك دۆلەت ئورگانلىرىنىڭ ھوقۇقىنى يۈرگۈزگەندىن باشقا، شۇنىڭ بىلەن بىرۋاقىتتا ئاپتونومىيە ھوقۇقىنىمۇ يۈرگۈزىدۇ. ئاپتونومىيە ھوقۇقى ئاساسىي قانۇندا ۋە قانۇنلاردا بەلگىلەنگەن كەڭ مەزمۇنغا ئىگە. ئۇ ئاساسەن مۇنۇلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ: ئاپتونومىيە نىزامى ۋە ئايرىم نىزاملارنى تۈزىدىغان قانۇن چىقىرىش ھوقۇقى يۇقىرى دەرىجىلىك دۆلەت ئورگانلىرىنىڭ ئاپتونومىيىلىك جايلارنىڭ ئەمەلىيىتىگە ئۇيغۇن كەلمەيدىغان قارار، بەلگىلىمە، بۇيرۇق ۋە يوليورۇقلىرىنى قانۇن بويىچە جانلىق ئىجرا قىلىش ياكى ئىجرا قىلىشنى توختىتىش ھوقۇقى؛ ئاپتونومىيە ئورگانلىرىنىڭ ئۆز ۋەزىپىسىنى ئىجرا قىلىشتا شۇ جايدا كەڭ قوللىنىلىدىغان بىر ياكى بىرنەچچە خىل تىل-يېزىقنى ئىشلىتىش ھوقۇ-

قى؛ ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرى ۋە ئىشچىلىرىنى ئۆز ئالدىغا
يېتىشتۇرۇش ھوقۇقى؛ دۆلەت پىلانىنىڭ يېتەكچىلىكىدە، ئۆز
جايىنىڭ ئالاھىدىلىكى ۋە ئېھتىياجىغا قاراپ، ئىقتىسادىي قۇ-
رۇلۇشنىڭ فاڭجېن-سىياسەت ۋە پىلانلىرىنى ئۆز ئالدىغا تۈزۈپ
چىقىش، يەرلىك ئىقتىسادىي قۇرۇلۇش ئىشلىرىنى ئۆز ئالدىغا
باشقۇرۇش ھوقۇقى؛ ئۆز جايىنىڭ بايلىق مەنبەلىرىنى قانۇن
بويىچە قوغداش ۋە ئاۋۋال ئېچىپ مۇۋاپىق پايدىلىنىش ھوقۇقى؛
دۆلەتنىڭ تەستىقىنى ئالغاندىن كېيىن تاشقى سودا ۋە چېگرا
سودىسىنى ئۆز ئالدىغا يولغا قويۇش ھوقۇقى؛ مەدەنىيەت، مائا-
رىپ، پەن-تېخنىكا، ساقلىقنى ساقلاش، تەنتەربىيە ئىشلىرىنى
ئۆز ئالدىغا راۋاجلاندۇرۇش ھوقۇقى.

ئاپتونومىيىلىك جايلار مۇناسىپ مەجبۇرىيەتلەرنىمۇ ئادا
قىلىشى كېرەك، ئاساسلىقى ئاپتونومىيە ئورگانلىرى دۆلەتنىڭ
بىرلىكىنى قوغدىشى، ئۆز يېرىدە ئاساسىي قانۇنغا ۋە قانۇنلارغا
رىئايە قىلىشقا كاپالەتلىك قىلىشى كېرەك.

دۆلىتىمىزدە مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلار مەمۇرىي ئور-
نى ئۆلكىگە توغرا كېلىدىغان ئاپتونوم رايون، مەمۇرىي ئورنى
ۋىلايەتكە توغرا كېلىدىغان ئاپتونوم ئوبلاست، مەمۇرىي ئورنى
ناھىيىگە توغرا كېلىدىغان ئاپتونوم ناھىيە دېگەن ئۈچ دەرىجىگە
بۆلۈنىدۇ. ئاپتونومىيىلىك جايلارنى قۇرۇش ياكى قۇرماسلىقتا
مىللەتلەرنىڭ نوپۇسى، ئىقتىسادىي ئەھۋالى، مىللىي مۇناسى-
ۋەت، تارىخىي مەنبە، مەمۇرىي رايون قاتارلىق كۆپ خىل
ئامىلنى نەزەرگە ئېلىشقا توغرا كېلىدۇ. دۆلىتىمىزدە
1947-يىل 5-ئايدا تۇنجى ئاپتونومىيىلىك جاي— ئىچكى موڭ-

غۇل ئاپتونوم رايونى قۇرۇلغاندىن تارتىپ هازىرغىچە 159 ئاپتونومىيىلىك جاي قۇرۇلدى، ئۇنىڭ ئىچىدە بەش ئاپتونوم رايون، 30 ئاپتونوم ئوبلاست، 124 ئاپتونوم ناهىيە بار. 55 ئاز سانلىق مىللەتنىڭ 45ى ئاپتونومىيىلىك جاي قۇردى، ئومۇمىي ئاز سانلىق مىللەت ئاهالىسىنىڭ تەخمىنەن 78 پىرسەنتىنى تەشكىل قىلىدىغان ئاز سانلىق مىللەتلەر ئاپتونومىيە هوقۇقىنى يۈرگۈزدى.

دۆلىتىمىزدە نېمە ئۈچۈن سوۋېت ئىتتىپاقى قاتارلىق دۆلەتلەرگە ئوخشاش ئىتتىپاقداشلىق تۈزۈمى يولغا قويۇلمىدى؟ ئىتتىپاقداشلىق تۈزۈمنى ئەمەس، تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيىنى يولغا قويۇشىمىز دۆلىتىمىزنىڭ كونكرېت ئەھۋالى بەلگىلىگەن:

بىرىنچى، دۆلىتىمىزنىڭ تارىخىدىن قارىغاندا، دۆلىتىمىز چىن، خەن سۇلالىلىرى دەۋرىدىن باشلاپ كۆپ مىللەتلىك بىر پۈتۈن دۆلەتكە ئايلانغاندىن كېيىن، پۈتۈنلۈك هامان ئاساسىي ئورۇندا تۇرۇپ كەلدى، ئىتتىپاقلىق-بىرلىك ئىدىيىسى هەر مىللەت خەلقىنىڭ قەلبىدىن چوڭقۇر ئورۇن ئالدى. يېقىنقى يۈز يىلدىن بۇيان، هەر مىللەت خەلقى پۈتۈن ۋە قۇدرەتلىك يېڭى جۇڭگو قۇرۇش ئۈچۈن بىرلىكتە ئىنتايىن جاپالىق كۈرەشلەرنى ئېلىپ باردى. هەر مىللەت خەلقى ئورتاق غايە ۋە ئورتاق ئىستەككە ئىگە. ئىتتىپاقداش دۆلەت ئەمەس، بىر پۈتۈن يېگانە دۆلەت قۇرۇش چوڭقۇر ئىدىيىۋى ئاساسقا ئىگە، شۇنداقلا هەر مىللەت خەلقىنىڭ مەنپەئىتىگە ۋە تەلىپىگە ئۇيغۇن.

ئىككىنچى، دۆلىتىمىزدىكى مىللەتلەرنىڭ شەكىللىنىش ۋە

تارقىلىش ئەھۋالىدىن قارىغاندا، دۆلىتىمىزدىكى 56 مىللەت
بىر-بىرى بىلەن گىرەلىشىپ ئارىلاش ئولتۇراقلاشقان ئەھۋال
گەۋدىلىك، ئەگەر مىللەتنى ئاساس قىلغان چوڭ-كىچىك جۇم-
ھۇرىيەتلەرنى قۇرۇشقا توغرا كەلسە، ئۇلارنىڭ ئۆلچىمىنى بې-
كىتىش ناھايىتى قىيىن بولۇپ قالماي، ئەمەلدە ئىشلىمەكمۇ
ئىنتايىن تەسكە چۈشكەن بولاتتى. ئۇنىڭدىن كۆرە مەمۇرىي
ئورنى ئوخشاش بولمىغان ئاپتونومىيىلىك جايلار تەسىس قىلىن-
سا ھەم مىللەتلەرنىڭ باراۋەرلىك ھوقۇقىنى كاپالەتلەندۈرۈشكە،
ھەم جايلارنىڭ شارائىتىغا قاراپ ئوخشاش بولمىغان رايوندا،
مەمۇرىي ئورنى ئوخشاش بولمىغان ئاپتونومىيىلىك جايلارنى
تەسىس قىلىشقا بولىدۇ.

ئۈچىنچى، ئىقتىسادىي تەرەققىياتنىڭ تەلىپىدىن قارىغاندا،
ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىنىڭ زېمىنى كەڭ، بايلىقى مول،
لېكىن ئىقتىسادىي تەرەققىياتى ۋە مەدەنىيەت تەرەققىياتى نىسپىي
ھالدا ئارقىدا قالغان، ئۇنىڭ ئەكسىچە خەنزۇ رايونلىرى ئىقتى-
ساد ۋە مەدەنىيەت جەھەتتە بىرقەدەر تەرەققىي قىلغان، لېكىن،
ئۇلارنىڭ بايلىق مەنبەسى يېتەرلىك ئەمەس، شۇڭا بۇ ئىككى
تەرەپ بىر-بىرىنى تولۇقلاپ، بىر پۈتۈن گەۋدىگە ئايلانغاندىلا
پۈتكۈل دۆلەتنىڭ تەرەققىياتى ۋە مىللەتلەرنىڭ تەرەققىياتى ئۈ-
چۈن پايدىلىق بولىدۇ. ئىقتىسادىي جەھەتتە بىر-بىرىنى تولۇق-
لاشتا ۋە ئىقتىسادنى تەكشى راۋاجلاندۇرۇشتا ئىتتىپاقداشلىق
تۈزۈمىدىن مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە تۈزۈمى تېخىمۇ
ئەۋزەللىككە ئىگە، ئەلۋەتتە.

تۆتىنچى، مىللىي مۇناسىۋەت نۇقتىسىدىن قارىغاندا، دۆ-

لىتىمىزدىكى مىللەتلەر ئۇزاقتىن بۇيان بىر-بىرىگە ياردەم بې-
رىپ، بىر-بىرىگە تايىنىپ، بىر-بىرىنىڭ ئارتۇقچىلىقلىرىنى ئۆگىنىپ، يېتەرسىزلىكىنى تۈگىتىپ، بىر-بىرى بىلەن ئىناق ئۆتۈپ، بىر-بىرىدىن ئايرىلالمايدىغان مۇناسىۋەتنى ۋۇجۇدقا كەلتۈردى. جەمئىيەتنىڭ يۈكسىلىشىگە ئەگىشىپ، مىللەتلەرنىڭ ئالاقىسى تېخىمۇ كۆپەيدى ۋە تېخىمۇ قويۇقلاشتى. يېڭى ئىجتىمائىي تۈزۈم مىللەتلەرنىڭ ئالاقىسى ۋە ئىتتىپاقلىقىغا پايدا يەتكۈزۈشى كېرەك. تەبىئىيكى، بۇ جەھەتتە ئىتتىپاقداشلىق تۈزۈمدىن مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە تۈزۈمى ئەۋزەل.

بەشىنچى، دۆلەتنىڭ مۇستەقىللىقى ۋە ئىگىلىك ھوقۇقىنى قوغداش نۇقتىسىدىن قارىغاندا، ھەر مىللەت خەلقى تارىختىن، بولۇپمۇ ئەپيۇن ئۇرۇشىدىن كېيىن، جاھانگىرلىكنىڭ تاجاۋۇزىغا ئۇچرىغان ئېچىنىشلىق تارىختىن شۇنى چوڭقۇر تونۇپ يەتتىكى، دۆلەتنى قۇدرەت تاپقۇزۇش، مىللەتنى تەرەققىي قىلدۇرۇش، تاشقىي دۈشمەنگە ئۈنۈملۈك زەربە بېرىپ، دۇنيادا قەد كۆتۈرۈپ تۇرۇش ئۈچۈن، قۇدرەتلىك، بىر پۈتۈن دۆلەت بولۇشى كېرەك. تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە تۈزۈمى ئىتتىپاقداشلىق تۈزۈمگە قارىغاندا، دۆلەتنى قوغداشقا، دۆلەت مۇداپىئەسىنى مۇستەھكەملەشكە، تاجاۋۇزچىلىققا قارشى تۇرۇشقا تېخىمۇ پايدىلىق.

ئالتىنچى، ئەمەلىي تەجرىبىلەردىن قارىغاندا، مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە توغرا تاللانغان. پارتىيىمىز قۇرۇلغاندىن كېيىن، مىللىي مەسىلىنى قانداق شەكىل بىلەن ھەل

قىلىش جەھەتتە ئۇزاق مۇددەت ئىزدەنگەن ۋە ئەمەلىيەتنى باش-
تىن كەچۈرگەنىدى. 1946-يىلى، شۇ چاغدىكى شەنشى-گەن-
سۇ-نىڭشىيا چېگرا رايونلۇق ھۆكۈمىتى جېڭنىڭ ۋە دىڭبيەن
ناھىيىلىرىدە خۇيزۇ ئاپتونوم يېزىسىنى قۇرغان، چېڭچۈەندە
موڭغۇل ئاپتونوم رايونىنى قۇرغانىدى؛ 1947-يىلى ئىچكى
موڭغۇل رايونىدا ئىچكى موڭغۇل ئاپتونوم رايونى قۇرۇلدى.
قىممەتلىك ئىزدىنىش ۋە ئەمەلىيەت بىزگە مىللىي تېررىتورىيە-
لىك ئاپتونومىيىنى دۆلىتىمىزدە مىللىي مەسىلىنى ھەل قى-
لىشتىكى ئاساسىي سىياسەت قىلىش كېرەكلىكىنى ۋە پۈتۈنلەي
شۇنداق قىلىشقا بولىدىغانلىقىنى ئۇقتۇردى.

40 نەچچە يىلدىن بۇيانقى ئەمەلىيەت شۇنى كۆرسەتتىكى،
مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە دۆلىتىمىزنىڭ ئەھۋالىغا
ئۇيغۇن، ھاياتىي كۈچى قۇدرەتلىك سىياسىي تۈزۈم. بۇ تۈزۈم
ھەم ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ باراۋەرلىك ھوقۇقىنى كاپالەتلەن-
دۈردى، ھەم دۆلەتنىڭ بىرلىكىنى قوغدىدى. ئۇ دۆلىتىمىزنىڭ
ئەبەدىي ئامانلىقىغا، دۆلىتىمىزدىكى مىللەتلەرنىڭ ئىتتىپاقلىقى
ۋە تەرەققىياتىغا پايدىلىق.

دەرۋەقە، مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە تۈزۈمىنى
جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش جەريانىدا ئۈزلۈكسىز مۇستەھ-
كەملەش ۋە مۇكەممەللەشتۈرۈش كېرەك. بولۇپمۇ ئاپتونومىيە-
لىك جايلارنىڭ ئاپتونومىيە ھوقۇقىغا ھۆرمەت قىلىش كېرەك،
يولداش دېڭ شياۋپىڭ 1980-يىلى پارتىيە ۋە دۆلەتنىڭ تۈزۈمى-
نى ئىسلاھ قىلىش ئۈستىدە توختالغىنىدا ئېيتقىنىدەك، «ھەم-
مە مىللەتنى ھەقىقىي مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيىنى

يولغا قويۇش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىش كېرەك».

## (4) ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرىنى يېتىشتۈرۈش

ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرىنى يېتىشتۈرۈش— ئېلىمىز مىللىي سىياسىتىنىڭ مۇھىم بىر مەزمۇنى. مەلۇم مەنىدىن ئېيتقاندا، بۇ— مىللىي مەسىلىنى ھەل قىلىشنىڭ ئاچقۇچى. يولداش ماۋ زېدۇڭ 1950-يىلى غەربىي شىمالنىڭ مىللىي خىزمىتى ئۈستىدە يوليورۇق بېرىپ: «ئاز سانلىق مىللەتلەر ئارىسىدىن كېلىپ چىققان زور بىر تۈركۈم كوممۇنىستىك كادىرلار بولماي تۇرۇپ مىللىي مەسىلىنى ئۈزۈل-كېسىل ھەل قىلىش، مىللىي ئەكسىيەتچىلەرنى پۈتۈنلەي يېتىم قالدۇرۇش مۇمكىن ئەمەس» دېگەنىدى. بۇ يەردە يولداش ماۋ زېدۇڭ زور بىر تۈركۈم ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرىنى يېتىشتۈرۈشنى جۇڭگودىكى مىللىي مەسىلىنى ھەل قىلىشنىڭ زۆرۈر شەرتى قىلىغان، مىللىي كادىرلارنى يېتىشتۈرۈشنىڭ مۇھىملىقىنى ئەنە شۇنىڭدىن تولۇق كۆرۈۋېلىش مۇمكىن. مىللىي كادىرلارنى يېتىشتۈرۈشنىڭ ئەھمىيىتىنى تۆۋەندىكى بىرقانچە جەھەتتىن چۈشەندۈرۈشكە بولىدۇ:

بىرىنچى، ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرىنى يېتىشتۈرۈش — مىللىي باراۋەرلىكتە چىڭ تۇرۇش، ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ باراۋەرلىك ھوقۇقىنى كاپالەتلەندۈرۈشنىڭ ئېھتىياجى. دۆلىتىمىزدە بارلىق ھوقۇق خەلققە مەنسۇپ، لېكىن خەلقنىڭ ھەممىسىلا دۆلەتنى بىۋاسىتە باشقۇرمايدۇ، بەلكى دۆلەتنى باشقۇرۇش ھوقۇقىنى ئۆزلىرى سايلىغان ۋەكىللەر ۋە ھەر دەرىجىلىك كادىرلار ئارقىلىق يۈرگۈزىدۇ. بۇ باشقۇرغۇچىلار ئىچىدە (ئاساس-

لىقى كادىرلار ئىچىدە) مەلۇم ساندا ئاز سانلىق مىللەت كادىر-لىرى بولسا، ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ پىكىر-تەلەپلىرىنى تې-خىمۇ تولۇق ئەكس ئەتتۈرگىلى، ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ قانۇنىي ھوقۇق-مەنپەئەتىنى تېخىمۇ ئوبدان قوغدىغىلى بولىدۇ.

ئىككىنچى، ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرىنى يېتىش-تۈرۈش— مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيىنى يولغا قويۇش-نىڭ ئېھتىياجى. ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ئاپتونومىيە ھوقۇ-قىنى كاپالەتلەندۈرۈش ئۈچۈن، ئاپتونومىيە ئورگانلىرى مەلۇم ساندا ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرىنى سەپلىشى كېرەك. مىل-لىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە قانۇنىدا مۇنداق دەپ ئېنىق بەلگىلەنگەن: ئاپتونوم رايوننىڭ رەئىسى، ئاپتونوم ئوبلاستىنىڭ باشلىقى، ئاپتونوم ناھىيىنىڭ ھاكىمى تېررىتورىيىلىك ئاپتونو-مىيىنى يولغا قويغان مىللەتنىڭ پۇقرالىرىدىن بولىدۇ. ئاپتونوم رايونلۇق، ئاپتونوم ئوبلاستلىق، ئاپتونوم ناھىيىلىك خەلق ھۆ-كۈمەتلىرىنىڭ تەركىبىدىكى باشقا خادىملار ئىمكانقەدەر تېررىتو-رىيىلىك ئاپتونومىيىنى يولغا قويغان مىللەتنىڭ ۋە باشقا ئاز سانلىق مىللەتنىڭ خادىملىرىدىن بولۇشى كېرەك. ئاپتونومىيە-لىك جايلارنىڭ خەلق قۇرۇلتايلىرى دائىمىي كومىتېتلىرىنىڭ مۇدىرى ياكى مۇئاۋىن مۇدىرلىقىنى تېررىتورىيىلىك ئاپتونومى-يىنى يولغا قويغان مىللەتنىڭ پۇقرالىرى ئۈستىگە ئېلىشى كېرەك. مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلارنىڭ خەلق سوت مەھكى-مىلىرىنىڭ ۋە خەلق تەپتىش مەھكىمىلىرىنىڭ رەھبەرلىك تەر-كىبىدە ۋە خىزمەتچىلىرى ئىچىدە تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە-نى يولغا قويغان مىللەتنىڭ خادىملىرى بولۇشى كېرەك. قانۇن-

دىكى مۇشۇ بەلگىلىمىلەرنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن، ئاز سان- لىق مىللەت كادىرلىرىنى زور كۈچ بىلەن يېتىشتۈرۈش كې- رەك.

ئۈچىنچى، ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرىنى يېتىشتۈ- رۈش— پارتىيىنىڭ تۈرلۈك فاڭجېن-سىياسەتلىرىنى ئوبدان ئىزچىللاشتۇرۇش ۋە ئىجرا قىلىشنىڭ، مىللىي ئاپتونومىيە- لىك جايلارنىڭ تۈرلۈك قۇرۇلۇش ئىشلىرىنى ئوبدان ئېلىپ بېرىشنىڭ ئېھتىياجى. پارتىيە ۋە دۆلەتنىڭ چوڭ-چوڭ فاڭ- جېن-سىياسەت ۋە تەدبىرلىرىنى كونكرېت ئەمەلىيلەشتۈرۈش ئۈچۈن، كادىرلارنىڭ ئىجادىي ئەمگىكىگە ۋە جاپالىق خىزمىتىگە تايىنىشقا توغرا كېلىدۇ. ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرى پارتى- يىنىڭ ئاز سانلىق مىللەت خەلق ئاممىسى بىلەن ئالاقە باغلىشى- دىكى كۆۋرۈك، پارتىيە ۋە دۆلەتنىڭ سىياسىتىنى تۈزگۈچى ۋە ئىجرا قىلغۇچى. خۇددى يولداش ماۋ زېدۇڭ «سىياسىي لۇشيەن بەلگىلەنگەندىن كېيىن، كادىرلار ھەل قىلغۇچ ئامىل بولىدۇ» دەپ كۆرسەتكەندەك، پارتىيە ۋە دۆلەتنىڭ سىياسىتىنى ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىدا ئىزچىللاشتۇرۇش ياكى ئىزچىللاش- تۇرالماسلىق ۋە قانداق ئىزچىللاشتۇرۇش ناھايىتى زور دەرىجى- دە مىللىي كادىرلارنىڭ ئەھۋالىغا باغلىق.

تۆتىنچى، ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرىنى يېتىشتۈ- رۈش— ۋەتەننىڭ بىرلىكى ۋە مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى قوغ- داشنىڭ ئېھتىياجى. بىرەر تەشكىلاتنىڭ، بىرەر مىللەتنىڭ ئارزۇسى، تەلىپى، ھەرىكىتى، كۆپ ھاللاردا ئۇلارنىڭ ۋەكىل- لىرى ئارقىلىق نامايان بولىدۇ، مىللىي كادىرلارنى ئادەتتە

جامائەت ئۆز مىللىتىنىڭ ۋەكىلى دەپ ئېتىراپ قىلىدۇ، مىلـ
لىي كادىرلارنىڭ ھەربىر سۆز-ھەرىكىتى ئۆز مىللىتىنىڭ ئەزاـ
لىرىغا ئىنتايىن چوڭ تەسىر كۆرسىتىدۇ. ئەگەر بىز پارتىيىـ
نىڭ ئىشلىرىغا سادىق، ۋەتەننى قىزغىن سۆيىدىغان، كوممۇـ
نىستىك ئاڭغا ئىگە زور بىر تۈركۈم مىللىي كادىرلارنى يېتىشـ
تۈرىدىغان بولساق، ھەر مىللەت خەلق ئاممىسىنى ۋەتەننىڭ
بىرلىكىنى قەتئىي قوغداشقا، سوتسىيالىزم يولىدا ئېغىشماي
مېڭىشقا يېتەكلىيەلەيمىز. مىللەتلەر ئارىسىدا يۈز بەرگەن،
خەلق ئىچىدىكى زىددىيەتكە ياتىدىغان توقۇنۇشلارنى ئاز سانلىق
مىللەت كادىرلىرى ئوتتۇرىغا چىقىپ كېلىشتۈرسە ۋە بىرتەرەپ
قىلسا، مەسىلە ئوبدانراق ھەل بولۇشى مۇمكىن.

بەشىنچى، ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرىنى يېتىشتۈـ
رۈش— ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ تەرەققىياتى ۋە ئالغا يۈكسىلىـ
شى ئۈچۈن پايدىلىق. بىرەر مىللەتنىڭ تەرەققىياتىنىڭ تېز
ياكى ئاستا بولۇشى، سۈپىتىنىڭ يۇقىرى ياكى تۆۋەن بولۇشى
شۇ مىللەت ۋەكىللىرىنىڭ سۈپىتى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك
بولىدۇ. مەلۇم دەرىجىدىن ئېيتقاندا، بىر مىللەتنىڭ سۈپىتى
ئۇنىڭ كادىرلىرىنىڭ ۋە كەسپىي ئىختىساس ئىگىلىرى سانىنىڭ
ئاز-كۆپلۈكى ۋە سۈپىتىنىڭ يۇقىرى-تۆۋەنلىكىدە كونكرېت ئىـ
پادىلىنىدۇ. سوتسىيالىزم جەمئىيىتى مىللەتلەر ئورتاق تەرەقـ
قىي قىلىدىغان جەمئىيەت، مىللەتنى تەرەققىي قىلدۇرۇش ئۈـ
چۈن، زور بىر تۈركۈم مىللىي كادىرلارنى يېتىشتۈرۈشكە توغرا
كېلىدۇ. بۇنىڭدىن باشقا، مىللىي ئۆرپ-ئادەتنى ئىسلاھ قىلىش
مىللەتنىڭ تەرەققىياتىغا زور تەسىر كۆرسىتىدۇ، باشقا مىللەتـ

لەرنىڭ مۇنەۋۋەر ماددىي ۋە مەنىۋى مۇۋەپپەقىيەتلىرىنى قوبۇل قىلىش، ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ تەرەققىياتىغا ۋە ئۆز مىللىتىنىڭ تەرەققىياتىغا توسالغۇ بولىدىغان تۇرمۇش ئۇسۇلىنى ئىسلاھ قىلىش ئىشلىرىنىمۇ ئاساسەن، شۇ مىللەتنىڭ ئۆزىگە تايىنىپ ئېلىپ بېرىشقا توغرا كېلىدۇ. بۇ جەھەتتە، شۇ مىللەت-نىڭ كادىرلىرى تۇرغان ئورنى تۇپەيلىدىن تەشەببۇسكارلىق ۋە باشلامچىلىق رول ئوينايدۇ.

ئۇزاق مۇددەت تىرىشچانلىق كۆرسىتىش ئارقىسىدا، دۆلە-تىمىزنىڭ ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرى 1 مىليون 800 نەچچە مىڭغا يەتتى، ئۇلارنىڭ تەڭدىن تولىسى كەسپىي تېخنىك خادىم-دىن ئىبارەت، بۇ مىللىي كادىرلار قوشۇنى مىللىي رايونلاردا پارتىيىنىڭ سىياسىتىنى ئەستايىدىل ئىزچىللاشتۇرۇش ۋە ئەمە-لىيلەشتۈرۈش، ۋەتەننىڭ بىرلىكى ۋە مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى قوغداش، ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىنىڭ ئىقتىساد-مەدەنىيەت ئىشلىرىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش جەھەتتە مۇھىم رول ئويناماق-تا. ئەگەر مۇشۇ زور بىر تۈركۈم ئاز سانلىق مىللەت كادىرلى-رى بولمىغان بولسا، دۆلىتىمىزدە مىللىي مەسىلىنى بۈگۈنكى-دەك بۇنداق ئوبدان بىر تەرەپ قىلىش مۇمكىن بولماس ئىدى.

بىز ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرىنى يېتىشتۈرۈش خىزمى-تىدە ناھايىتى زور نەتىجىلەرگە ئېرىشتۇق، لېكىن، ئومۇمىي جەھەتتىن ئېيتقاندا، ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرى سان جە-ھەتتىمۇ، سۈپەت جەھەتتىمۇ ۋەزىيەتنىڭ ئېھتىياجىغا ماسلىشىپ كېتەلمەيۋاتىدۇ. كادىرلار تۈزۈمىنى ئىسلاھ قىلىش، مەسى-لەن، ئارتۇق نامزات كۆرسىتىپ سايلاش، خىزمەتكە تەكلىپ

قىلىش تۈزۈمى ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش ئىشلار ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرىنى يېتىشتۈرۈش-ئىشقا قويۇش ئىشىنى مۇھاكىمە قىلىپ ھەل قىلىشقا تېگىشلىك بەزى يېڭى مەسىلىلەرگە دۇچ كەلتۈردى. دۆلىتىمىزنىڭ مىللىي مەسىلىنى ھەل قىلىش ستراتېگىيىسى جەھەتتىن ئويلىغاندا، ھەقىقىي ۋە كۈچلۈك تەدبىرلەرنى قوللىنىپ، سانى تېخىمۇ كۆپ، سۈپىتى تېخىمۇ يۇقىرى بولغان ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرىنى زور كۈچ بىلەن يېتىشتۈرۈشىمىز كېرەك.

## (5) مىللەتلەرنى ئورتاق گۈللەندۈرۈش

مىللەتلەرنى ئورتاق گۈللەندۈرۈش لازىملىقىنى ئېنىق ئوتتۇرىغا قويغان ۋە بۇنى دۆلىتىمىزنىڭ مىللىي مەسىلىنى ھەل قىلىشتىكى تۈپ سىياسىتى قىلىش كېرەكلىكىنى كۆرسەتكەن كىشى يولداش جۇ ئېنلەي ئىدى، يولداش جۇ ئېنلەي 1957-يىلى چىڭداۋدا ئۆتكۈزۈلگەن مىللىي خىزمەت سۆھبەت يىغىنىدا سۆزلىگەن سۆزىدە: «بىزنىڭ سوتسىيالىستىك مىللىي سىياسىتىمىز بارلىق مىللەتلەرنى تەرەققىي قىلىش ۋە گۈللىنىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىشنى مەقسەت قىلىدۇ. شۇڭا، دۆلىتىمىزنىڭ مىللىي سىياسىتى— ھەممە مىللەتنى گۈللەندۈرىدىغان سىياسەت. بۇ مەسىلىدە مىللەتلەرنىڭ ھەممىسى تامامەن باراۋەر، قىلچە كەمسىتىشكە يول قويۇلمايدۇ. بىزنىڭ تۈپ سىياسىتىمىز— مىللەتلەرنى گۈلەندۈرۈش مەقسىتىگە يېتىش» دېگەنىدى. شۇنىڭدىن كېيىن، بۇ بايان ئىزچىل رەۋىشتە تەتبىق قىلىنىپ كەلدى، 1982-يىلدىكى ئاساسىي قانۇنغا «دۆلەت بارلىق تىرىشچانلىقلار بىلەن مەملىكىتىمىزدىكى ھەممە مىللەتنىڭ

ئورتاق گۈللىنىشنى ئىلگىرى سۈرىدۇ» دەپ ئېنىق يېزىلدى. يولداش جياڭ زېمىن جۇمھۇرىيىتىمىز قۇرۇلغانلىقىنىڭ 40 يىللىقىنى تەبرىكلەش مۇناسىۋىتى بىلەن سۆزلىگەن سۆزىدە بۇ مۇھىم سىياسەتنى يەنە بىر قېتىم تەكىتلىدى.

مىللەتلەرنىڭ ئورتاق گۈللىنىشى نېمە مەزمۇنلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ؟ مېنىڭچە بۇ كەم دېگەندە مۇنۇ ئۈچ جەھەتتىكى مەزمۇننى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ: بىرىنچى، مىللەتلەرنىڭ سىياسىي، ئىقتىسادىي ئىشلىرى، مەدەنىيەت، مائارىپ، پەن-تېخنىكا ئىشلىرى ئۈزلۈكسىز راۋاجلىنىپ بارىدۇ، بولۇپمۇ ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشى راۋاجلىنىپ بارىدۇ؛ ئىككىنچى، مىللەتلەرنىڭ ئۆزى روناق تېپىپ، يۈكسىلىپ بارىدۇ، ئىدىيىۋى-ئەخلاقىي سۈپىتى ۋە پەن-مەدەنىيەت سۈپىتى ئۆسۈپ بارىدۇ؛ ئۈچىنچى، مىللەتلەرنىڭ ئۆزىگە خاس بولۇپ كەلگەن ئارتۇقچىلىقى ۋە ئالاھىدىلىكى تولۇق نامايان بولىدۇ. دەرۋەقە، ئورتاق گۈللىنىش تەڭ قەدەمدە گۈللىنىش دېگەنلىك ئەمەس، ئاساسىي، تەبىئىي ۋە ئىجتىمائىي شارائىتى ئوخشاش بولمىغانلىقتىن، مىللەتلەرنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتى ۋە مەدەنىيەت تەرەققىياتىدا مەلۇم مەزگىل ئىچىدە پەرق بولىدۇ. ئورتاق گۈللىنىش پەرقنى ئېتىراپ قىلىش بىلەن بىرۋاقىتتا، بۇ پەرققە ئېتىبار بىلەن قاراشنى ھەمدە بۇ پەرقنى پەيدىنپەي تۈگىتىشنى تەلەپ قىلىدۇ. شۇنىڭدەك بىر-بىرىنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى پەرقنى مەلۇم «چەك» دائىرىسىدە تىزگىنلەشنىمۇ تەلەپ قىلىدۇ. ئورتاق گۈللىنىش ئىقتىسادىي تەرەققىيات ۋە ئىجتىمائىي تەرەققىيات پىلانىنى، شۇنداقلا تۈرلۈك كونكرېت سىياسەت ۋە تەدبىرلەرنى تۈزۈشتە

يېتەكچى ئىدىيە قىلىنىشى كېرەك.

نېمە ئۈچۈن مىللەتلەرنى ئورتاق گۈللەندۈرۈش فاڭجېنىدا چىڭ تۇرۇشىمىز كېرەك؟

بىرىنچى، بۇنى ماركسىزملىق مىللەت قارىشى بەلگىلىگەن. ماركسىزملىق مىللەت قارىشىنىڭ يادروسى— مىللىي باراۋەرلىك. مىللەتلەر باراۋەرلىك ئاساسىدا ياشاش هوقۇقىغىلا ئەمەس، باراۋەرلىك ئاساسىدا تەرەققىي قىلىش هوقۇقىغىمۇ ئىگە بولۇشى كېرەك. ئەگەر بەزى مىللەتلەرنىڭ تەرەققىياتى ئاستىراق بولۇشقا سۇنئىي يوسۇندا ۋە ئۇزاق مۇددەت قويۇپ بېرىلىدىغان بولسا، بۇ ماركسىزمغا، ئۆزىمىزنىڭ مىللىي مەسىلىنى هەل قىلىشتىكى يېتەكچى ئىدىيىسىگە ئۇيغۇن كەلمەيدۇ.

ئىككىنچى، بۇ— دۆلىتىمىزدە مىللىي مەسىلىنى هەل قىلىشتا بېسىپ ئۆتىدىغان مۇقەررەر يول. مىللىي مەسىلە، ماهىيەتتە، مىللىي مۇناسىۋەت مەسىلىسى. بىزگە مەلۇمكى، مىللىي مۇناسىۋەت ئىجتىمائىي مۇناسىۋەت تۈرىگە كىرىدۇ، ئىجتىمائىي مۇناسىۋەتتە ئىقتىسادىي مۇناسىۋەت ئەڭ مۇهىم ۋە هەل قىلغۇچ رول ئوينايدۇ. ئەگەر مىللەتلەر ئىقتىسادىي جەهەتتىكى ئورنى ئوخشاش بولمىسا، ئىجتىمائىي تەرەققىيات جەهەتتىكى پەرقى بەك چوڭ بولسا، ئىجتىمائىي هاياتنىڭ سىياسىي، مەدەنىيەت قاتارلىق باشقا ساهەلىرىدە باراۋەرلىك هوقۇقىغا ئىگە بولۇشى ناهايىتى تەس. ئىقتىساد ۋە مەدەنىيەت جەهەتتىكى پەرق ئۇزاققىچە مەۋجۇت بولۇپ تۇرسا، بۇ سۈركىلىش ۋە توقۇنۇشقا سەۋەب بولىدۇ، مىللىي مۇناسىۋەتتە ئۆزگىرىش

پەيدا قىلىدۇ، شۇڭا، لېنىن: ئىقتىسادىي ھوقۇق-مەنپەئەت مەسىلىسى— مىللەتلەر ئارىسىدىكى بارلىق سۈركىلىشنىڭ مەنبەسى دېگەنىدى. دېمەك، مىللىي مەسىلىنى ھەل قىلىش ئۈچۈن، مىللىي زۇلۇم تۈزۈمى يوقىتىلغاندىن كېيىن، ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ئىقتىساد، مەدەنىيەت ئىشلىرىنى راۋاجلاندۇرۇپ، مىللەتلەرنىڭ ئورتاق گۈللىنىشىنى ئىشقا ئاشۇرۇش ھەممىدىن مۇھىم.

ئۈچىنچى، دۆلىتىمىزدىكى مىللەتلەرنىڭ جايلىشىش ئالاھىدىلىكى پۈتكۈل دۆلەتنىڭ ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشىنى ئوبدان ئېلىپ بېرىش ئۈچۈن، مىللەتلەرنى ئورتاق گۈللەندۈرۈش يولىغا مېڭىش كېرەكلىكىنى بەلگىلىگەن. دۆلىتىمىزنىڭ ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرى پۈتۈن مەملىكەتنىڭ ئومۇمىي كۆلىمىنىڭ 64 پىرسەنتىنى ئىگىلەيدۇ، بۇنداق كەڭ رايونلارنى تەرەققىي قىلدۇرماي ۋە گۈللەندۈرمەي تۇرۇپ، پۈتكۈل دۆلەتنى تەرەققىي قىلدۇرۇش ۋە گۈللەندۈرۈش مۇمكىن ئەمەس. ئىقتىسادىي قۇرۇلما ۋە ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ ئورۇنلىشىش نۇقتىسىدىن تەكشۈرگەندە، دۆلىتىمىز خەلق ئىگىلىكى قۇرۇلۇشىغا كېرەكلىك ئېنېرگىيە، خام ئەشيا-ماتېرىيال جەھەتلەردە ناھايىتى زور دەرىجىدە مىللىي رايونلارغا تايىنىدۇ، ئەگەر بۇ رايونلار مۇئەييەن دەرىجىدە تەرەققىي قىلدۇرۇلمىسا ۋە گۈللەندۈرۈلمىسە، پۈتكۈل دۆلەتنىڭ زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنى ئوڭۇشلۇق ئېلىپ بېرىش مۇمكىن بولمايدۇ.

تۆتىنچى، دۆلىتىمىزنىڭ سوتسىيالىستىك تۈزۈمى مىللەتلەرنىڭ ئورتاق گۈللىنىشى ئۈچۈن رېئال ئىمكانىيەت يارىتىپ

بەردى. گەرچە بۇرژۇئازىيە مىللىي باراۋەرلىكنى ئاللىقاچان جاكارلىغان بولسىمۇ، لېكىن خۇسۇسىي مۈلۈكچىلىك جەمئىيە-تىدە، مىللەتلەرنىڭ ئىقتىسادىي ئورنى تولىمۇ پەرقلىق بولغان ئەھۋال ئاستىدا، مىللىي باراۋەرلىكنى ھەقىقىي ئەمەلگە ئاشۇ-رۇش ئىنتايىن قىيىن ئىدى. سوتسىيالىزم شارائىتىدا، دۆلەت پىلانلىق تاۋار ئىگىلىكى تۈزۈمىنى يولغا قويغاچقا، دۆلەتنىڭ ئومۇمىي جەھەتتىن تەڭشىلىشى، پىلانلىق، نىشانلىق ياردەم بېرىشى ئارقىسىدا، نامرات رايونلارنىڭ تەرەققىياتى تېزلىشىپ، مىللەتلەر ئورتاق راۋاج تاپالايدۇ.

دۆلەت مىللەتلەرنىڭ ئورتاق گۈللىنىشىنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن، بىرقاتار فاڭجېن-سىياسەتلەرنى قوللىنىپ، ناھايىتى زور ئۈنۈم ھاسىل قىلدى.

1949-يىلدىكىگە سېلىشتۇرغاندا، 1989-يىلى مىللىي ئاپ-تونومىيىلىك جايلارنىڭ سانائەت-يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتىنىڭ ئومۇمىي قىممىتى 20.5 ھەسسىدىن كۆپرەك ئاشتى؛ چارۋا ماللارنىڭ ئومۇمىي تۇياق سانى 4.4 ھەسسە ئاشتى؛ تۆمۈريول قاتناش مۇساپىسى 2.9 ھەسسە، تاشيول قاتناش مۇساپىسى 24.3 ھەسسە كۆپەيدى. خەلقنىڭ تۇرمۇشى كۆرۈنەرلىك دەرى-جىدە ياخشىلاندى. 1989-يىلى مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلاردا دېھقانچىلىق-چارۋىچىلىق رايونلىرىنىڭ كىشى بېشىغا توغرا كې-لىدىغان ئوتتۇرىچە كىرىمى 470 يۈەنگە يەتتى.

ئالاھىدە كۆرسىتىپ ئۆتۈشكە تېگىشلىكى شۇكى، دۆلەت مىللىي رايونلارغا ياردەم بەردى، مىللىي رايونلارمۇ دۆلەتنىڭ قۇرۇلۇشىغا ياردەم بەردى. 40 يىلدىن بۇيان، مىللىي رايونلار

دۆلەتنى كۆپلىگەن ياغاچ ماتېرىيال، نېفىت، كۆمۈر، رەڭلىك مېتال، يۇڭ، تېرە قاتارلىق خام ئەشيا-ماتېرىياللار ۋە دەسلەپ-كى مەھسۇلاتلار بىلەن تەمىنلىدى.

40 يىلدىن بۇيان، ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ مائارىپ، مەدەنىيەت، سەھىيە ئىشلىرى خۇشاللىنارلىق مۇۋەپپەقىيەت-لەرگە ئېرىشتى. 1989-يىلى 1950-يىلدىكىگە سېلىشتۇرغاندا، مەملىكەت بويىچە ئاز سانلىق مىللەتلەردىن مەكتەپلەردە ئوقۇۋاتـ-قان ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرى 99.8 ھەسسە، ئوتتۇرا مەك-تەپ ئوقۇغۇچىلىرى 72 ھەسسە، باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇغۇچى-لىرى 10 ھەسسە ئاشتى. 1988-يىلى مەملىكەت بويىچە ئاز سانلىق مىللەت تىلىدىكى كىتابلار 3260 خىلغا يېتىپ، 1949-يىلدىكىدىن 18 ھەسسە كۆپەيدى. 1988-يىلى مەملىكەت بويىچە مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلارنىڭ ئۆلچەملىك كېسەل كارۋتى 1949-يىلدىكىدىن 105 ھەسسە كۆپەيدى.

ئەمما شۇنى كۆرۈشىمىز كېرەككى، ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىدىكى ئىقتىساد-مەدەنىيەت ئىشلىرىنىڭ تەرەققىيات سە-ۋىيىسىنى پۈتۈن مەملىكەتنىڭكىگە، بولۇپمۇ تەرەققىي تاپقان رايونلارنىڭكىگە سېلىشتۇرغاندا، پەرق يەنىلا ناھايىتى چوڭ، يەنە كېلىپ بۇنداق پەرق تېخىمۇ چوڭىيىپ بارماقتا. 1949-يىلدىن 1988-يىلغىچە مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلارنىڭ سا-نائەت، يېزا ئىگىلىكىنىڭ ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى 19.5 ھەسسە كۆپەيگەن بولسا، پۈتۈن مەملىكەتنىڭ 39.1 ھەسسە كۆپەيدى. بۇنىڭدىن باشقا، ھازىرقى ئەھۋالدىن قارىغاندا، ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرى ئىقتىسادىنىڭ ئارقىدا قېلىشىدا تارد-

خىي، تەبىئىي ئامىللاردىن باشقا، يەنە بەزى يېڭى چەكلەش ئامىللىرىمۇ بارلىققا كەلدى. مەسىلەن، دېڭىز بويلىرىدىكى رايونلاردا ئىقتىسادىي تەرەققىيات ستراتېگىيىسىنىڭ يولغا قويۇلۇشى ناھايىتى توغرا، بۇنىڭدا شەك يوق، لېكىن ئوبيېكتىپ جەھەتتە بۇ ھال شەرقىي رايونلار بىلەن غەربىي رايونلار ئوتتۇرىسىدىكى پەرقنى چوڭايتىۋەتتى؛ ئىسلاھات داۋامىدا، ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىغا قارىتىلغان بەزى ئېتىبار بېرىش سىياسەتلىرى دەخلىگە ئۇچرىدى، مەسىلەن، مىللىي سودىدىكى ئۈچ تۈرلۈك ئېتىبار بېرىش سىياسىتى مالىيە تۈزۈلمىسىنىڭ ئىسلاھ قىلىنىشى بىلەن نامدا بار، ئەمەلىيەتتە يوق بولۇپ قالدى؛ ئاساسىي قۇرۇلۇش مەبلىغىگە پۇل ئاجرىتىپ بېرىش قەرز بېرىشكە ئۆزگەرتىلگەندىن كېيىن، بۇ ئۆتمۈشتە نۇقتىلىق قۇرۇلۇش تۈرلىرىنى كەمدىن-كەم ئېلىپ بارغان ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرى ئۈچۈن ناھايىتى پايدىسىز بولدى. تۈزەش-تەرتىپكە سېلىش داۋامىدا، ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرى ناھايىتى زور قىيىنچىلىقلارغا يولۇقتى. بۇ مەسىلىلەرنى ئەستايىدىل مۇھاكىمە قىلىشقا توغرا كېلىدۇ.

يولداش جياڭ زېمىن دۆلەت بايرىمىنىڭ 40 يىللىقى مۇناسىۋىتى بىلەن سۆزلىگەن سۆزىدە: «زۆرۈر تەدبىرلەرنى قوللىنىپ، ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىنىڭ ئىقتىساد، مائارىپ، مەدەنىيەت ۋە باشقا ئىشلىرىنى راۋاجلاندۇرۇشىغا داۋاملىق ياردەم ۋە مەدەت بېرىپ، مىللەتلەر ئوتتۇرىسىدا تارىختىن قېپقالغان، ئوخشاش بولمىغان دەرىجىدە ساقلىنىپ كېلىۋاتقان پەرقنى پەيدىنپەي تۈگىتىش ئۈچۈن ئۇزاق مۇددەت بوشاشماي تىرىش-

چانلىق كۆرسىتىش كېرەك» دەپ كۆرسەتتى. بىز مۇشۇ روھقا ئاساسەن، مىللەتلەرنىڭ ئورتاق گۈللىنىشىنى ئىشقا ئاشۇرۇش يولىدا تىرىشىپ كۈرەش قىلىشىمىز كېرەك.

## (6) ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ دىنىي ئېتىقادىغا ۋە ئۆرپ-ئادىتىگە ھۆرمەت قىلىش

دىن مەملىكىتىمىزدىكى ئاز سانلىق مىللەتلەر ئارىسىدا كەڭ تەسىرگە ئىگە بولغانلىقى ئۈچۈن، دىنىي ئىشلار بىلەن مىللىي ئىشلار بەزىدە بېرىكىپ كېتىدۇ. دىنىي سىياسىتىمىزنىڭ ئاساسىي مەزمۇنى مۇنۇلار: ھەرقايسى مىللەتلەر دىنغا ئېتىقاد قىلىش ئەركىنلىكىگە ئىگە. دىنغا ئېتىقاد قىلىسىمۇ، ئېتىقاد قىلمىسىمۇ بولىدۇ، ئۇنداق دىنغا ئېتىقاد قىلىسىمۇ ياكى بۇنداق دىنغا ئېتىقاد قىلىسىمۇ، ئېتىقاد قىلمىسىمۇ بولىدۇ. ھەرقانداق دۆلەت ئورگانلىرىنىڭ، ئىجتىمائىي تەشكىلاتلارنىڭ ۋە شەخسلەرنىڭ پۇقرالارنى دىنغا ئېتىقاد قىلىشقا ياكى ئېتىقاد قىلماسلىققا مەجبۇرلىشىغا يول قويۇلمايدۇ، دىنغا ئېتىقاد قىلىدىغان پۇقرالارنىمۇ، دىنغا ئېتىقاد قىلمايدىغان پۇقرالارنىمۇ كەمسىتىشكە يول قويۇلمايدۇ. دۆلەت نورمال دىنىي پائالىيەتلەرنى قوغدايدۇ، دىنىي مۇرتلار دىنىي قائىدە بويىچە نورمال دىنىي تۇرمۇش كەچۈرسە بولىدۇ. ھەرقانداق كىشىنىڭ دىندىن پايدىلىنىپ جەمئىيەت تەرتىپىنى بۇزىدىغان، پۇقرالارنىڭ تەن سالامەتلىكىگە زىيان يەتكۈزىدىغان، دۆلەتنىڭ ئەدلىيە ۋە مائارىپ تۈزۈملىرىگە توسقۇنلۇق قىلىدىغان پائالىيەتلەرنى ئېلىپ

بېرىشىغا يول قويۇلمايدۇ. جۇڭگودىكى دىنىي تەشكىلاتلار چەت ئەللەردىكى دىنىي تەشكىلاتلار بىلەن دوستانە ئالاقە ئېلىپ بارسا بولىدۇ، جۇڭگونىڭ دىنىي ئىشلىرى چەت ئەل كۈچلىرىنىڭ مۇداخىلىسىنى قوبۇل قىلمايدۇ.

ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ئۆرپ-ئادىتىگە مۇئامىلە قىلىش جەھەتتىكى تۈپ سىياسىتىمىز مۇنۇلار: ئاز سانلىق مىللەتلەر ئۆزىنىڭ ئۆرپ-ئادىتىنى ساقلاپ قىلىش ياكى ئىسلاھ قىلىش ئەركىنلىكىگە ئىگە. ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ ئۆرپ-ئادىتى ئۇ-زاق ۋاقىتتىن بۇيان شەكىللەنگەن تۇرمۇش شەكلى بولۇپ، بىر مىللەتنىڭ ئىدىيىۋى ھېسسىياتى بىلەن چىڭ باغلانغان. بىر مىللەت ئۈچۈن ئېيتقاندا، ئۇلارنىڭ ئۆرپ-ئادىتىگە ھۆرمەت قىلىش ئۇلارنىڭ ھېسسىياتىغا ھۆرمەت قىلغانلىق، شۇنداقلا شۇ مىللەتنىڭ ئۆزىگە ھۆرمەت قىلىش بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. شۇڭا ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ئۆرپ-ئادىتىگە ھۆرمەت قىلىش ھەر-قايسى مىللەتلەرنىڭ دوستانە بىللە ئۆتۈشى، ئەنئەنىۋى مەدەنى-يىتىنى قوغداش، شۇنداقلا دۆلەتنىڭ چوڭ-چوڭ فاڭجېن-سى-ياسەتلىرىنى ئىزچىللاشتۇرۇش ئۈچۈن پايدىلىق. بۇ جەھەتتە دۆلەت نۇرغۇن تەدبىرلەرنى قوللاندى: ئاز سانلىق مىللەتلەر ئالاھىدە ئېھتىياجلىق بۇيۇملارنى مەخسۇس ئىشلەپچىقىرىدىغان زاۋۇتلارنى قۇردى؛ مۇسۇلمان ئامما ئۈچۈن زۆرۈر بولغان يې-مەك-ئىچمەك كەسىپلىرىگە ئېتىبار بېرىش سىياسىتىنى قوللان-دى. بۇ مىللەتلەرگە جەسەتنى كۆيدۈرۈپ دەپنە قىلىشنى يولغا قويمىدى؛ توي مۇراسىمى، بايرام ئۆتكۈزۈش قاتارلىق جەھەت-لەردە، ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ ئۆزلىرىنىڭ ئەنئەنىۋى ئۇسۇل-

لىرىنى تاللىشىغا يول قويىدى. ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ
ئۆرپ-ئادىتىگە دەخلى-تەرۆز قىلىدىغان قىلمىشلارنى چەكلىدى
ھەتتا قانۇن بويىچە جازالىدى.

ئەلۋەتتە، ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ بەزى ئۆرپ-ئادەتلىرى
ئىشلەپچىقىرىش-تۇرمۇش، مىللەتنىڭ تەرەققىي قىلىشى ۋە ئال-
غا بېسىشى ئۈچۈن پايدىسىز، ئۇنى ئىسلاھ قىلىش كېرەك.
بۇنداق ئىسلاھاتنى ئاز سانلىق مىللەت ئاممىسى ئاڭلىقلىق-ئىخ-
تىيارىيلىق ئاساستا ئېلىپ بېرىشى كېرەك. بۇنداق ئىسلاھاتنى
ئېلىپ بېرىش، ئوخشاشلا ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ قانۇن بويى-
چە بەھرىمان بولىدىغان ھوقۇقىدۇر.

ئەمەلىيەت دۆلىتىمىزنىڭ مىللىي سىياسىتىنىڭ جۇڭگو-
نىڭ ئەھۋالىغا ئۇيغۇن ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلىدى، ئۇ ھەر مىل-
لەت خەلقىنىڭ ھىمايىسىگە ئېرىشىپ، ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ
ئىتتىپاقلىق-تەرەققىيات ئىشلىرىنى ئىلگىرى سۈردى.

# مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى بويىچە كاتتا يىغىن*

(1986-يىل 8-ئاينىڭ 17-كۈنى)

3-نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ئەنئەنۋى تەنھەرىكەت يىغىنى بۈگۈن خۇشال بايرام كەيپىياتى ئىچىدە مۇۋەپپەقىيەتلىك ئاياغلاشتى. مەن يىغىن ھەيئەت رىياسەتچىلىكىگە ۋە دۆلەت تەنتەربىيە كومىتېتىغا، دۆلەت مىللىي ئىشلار كومىتېتىغا ۋەكالەتەن ھەر مىللەت تەنھەرىكەتچىلىرىنى، تىرېنېرلارنى، ۋەكىللەرنى ۋە يىغىنغا قاتناشقان بارلىق يولداشلارنى قىزغىن تەبرىكلەيمەن!

بۇ قېتىمقى تەنھەرىكەت يىغىنىغا ج ك پ مەركىزىي كومىتېتى سىياسىي بيۇروسىنىڭ ئەزاسى، گوۋۇيۈەنىنىڭ مۇئاۋىن زۇڭلىسى ۋەن لى ۋە مەركىزىي مەسلىھەتچىلەر كومىتېتى، مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ دائىمىي كومىتېتى، مەملىكەتلىك سىياسىي مەسلىھەت كېڭەشنىڭ رەھبىرىي يولداشلار قاتناشتى ۋە يېتەكچىلىك قىلدى، بۇ پارتىيە ۋە دۆلەتنىڭ مىل-

---

* بۇ— يولداش ئىسمايىل ئەھمەدنىڭ 3-نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك ئاز سانلىق مىللەتلەر ئەنئەنۋى تەنھەرىكەت يىغىنىنىڭ يېپىلىش مۇراسىمىدا سۆزلىگەن سۆزى.

لىي خىزمەتكە، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىغا ۋە مىللىي تەنتەربىيە
ئىشلىرىغا يۈكسەك دەرىجىدە كۆڭۈل بۆلىدىغانلىقىنى ۋە سەمى-
مىي غەمخورلۇقىنى تولۇق ئىپادىلىدى. بۇ بىزگە ئىنتايىن زور
ئىلھام بولدى.

بۇ نۆۋەتلىك تەنھەرىكەت يىغىنى مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى
بويىچە مىسلىسىز كەڭ كۆلەمدىكى كاتتا يىغىن بولدى. مەملى-
كەت بويىچە 29 ئۆلكە، ئاپتونوم رايون، بىۋاسىتە قاراشلىق
شەھەردىن كەلگەن ھەر مىللەت ۋەكىللىرى، تەنھەرىكەتچىلەر ۋە
تىرېنېرلار بىر يەرگە جەم بولۇپ، قېرىنداشلاردەك چىقىشىپ،
ئۆزئارا تەجرىبە ئالماشتۇردى، دوستلۇق مېھرىنى ئىزھار قى-
لىشتى. پۈتكۈل تەنھەرىكەت يىغىنى باشتىن-ئاخىر ئىتتىپاق-
لىق، قىزغىن كەيپىياتقا تولۇپ تاشتى. بۇ قېتىمقى يىغىن
ئارقىلىق، مىللىي روھ جانلاندۇرۇلدى، ۋەتەنپەرۋەرلىك قىز-
غىنلىقى ئۇرغۇتۇلدى، مىللەتلەرنىڭ باراۋەرلىك، ئىتتىپاقلىق
ۋە ھەمكارلىق ئاساسىدىكى سوتسىيالىستىك يېڭى مۇناسىۋىتى
يەنىمۇ مۇستەھكەملەندى ۋە راۋاجلاندى، پارتىيىنىڭ مىللىي
سىياسىتى جانلىق ئىپادىلەندى.

بۇ قېتىمقى تەنھەرىكەت يىغىنى ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ
ئەنئەنىۋى تەنھەرىكىتى بويىچە بىر قېتىملىق چوڭ كۆرەك بول-
دى، شۇنداقلا ئېلىمىزنىڭ تەنھەرىكەت مۇنبىرىدىكى ئۇلۇغ ئىش
بولدى. 55 مىللەتنىڭ تەنھەرىكەتچى ئەزىمەتلىرى ئېسىل تەنھە-
رىكەت ئەخلاقى ۋە پەزىلىتى بىلەن يەتتە تۈر بويىچە ئەنئەنىۋى
تەنھەرىكەت مۇسابىقىسى ئېلىپ باردى ۋە 100دىن ئارتۇق تۈر
بويىچە ئەنئەنىۋى تەنھەرىكەت ئويۇنى كۆرسەتتى. ئاجايىپ ياخ-

شى، قويۇق مىللىي پۇراق ۋە يەرلىك ئالاھىدىلىككە ئىگە بۇ
مۇسابىقە ۋە ئويۇنلار يېقىنقى يىللاردىن بۇيان ئېلىمىزدىكى ئاز
سانلىق مىللەتلەرنىڭ ئەنئەنىۋى تەنھەرىكىتىدە قولغا كەلتۈرۈل-
گەن چوڭ-چوڭ مۇۋەپپەقىيەتلەرنى نامايان قىلدى. تەنھەرىكەت
يىغىنى مەزگىلىدە، مەملىكەت بويىچە ئاز سانلىق مىللەت رايون-
لىرىدىكى تەنھەرىكەتتە ئىلغار ئورۇندىن 35ى مۇكاپاتلاندى. بۇ
نۆۋەتلىك تەنھەرىكەت يىغىنى ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ئەنئەنىۋى
تەنھەرىكىتىنىڭ تەرەققىياتىنى زور دەرىجىدە ئالغا سۈرۈپلا قال-
ماي، بەلكى ئېلىمىزنىڭ پۈتكۈل سوتسىيالىستىك تەنھەرىكەت
ئىشلىرىنى بېيىتتى ۋە گۈللەندۈردى.

ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ئۇزاق تارىخقا ئىگە ئەنئەنىۋى
تەنھەرىكىتى جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ مەدەنىيەت خەزىنىسىدە
چاقناپ تۇرغان نۇرلۇق مەرۋايىت. ئۇ ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ
ماددىي تۇرمۇشى ۋە مەنىۋى تۇرمۇشى بىلەن زىچ باغلانغان، ئۇ
كەڭ ئاممىۋى ئاساسقا ئىگە بولۇپلا قالماي، بەلكى يۈكسەك
ماھارەت ۋە گۈزەل بەدىئىي شەكىلگە ئىگە. مۇشۇ مەزمۇنى
مول، ھۆسنى رەڭدار، شەكلى جانلىق ۋە خىلمۇخىل، ئالاھىدى-
لىكى كۆزگە تاشلىنىپ تۇرىدىغان مىللىي ئەنئەنىۋى تەنھەرىكەت
تۈرلىرىنى رەتلەپ ۋە يۇقىرى كۆتۈرۈپ، پۈتۈن مەملىكەتكە،
پۈتۈن دۇنياغا كېڭەيتىش— بىز مىللىي خىزمەت تارماقلىرى
بىلەن تەنتەربىيە خىزمىتى تارماقلىرىنىڭ ئورتاق ۋەزىپىسى.
كىشىنى خۇشاللاندۇرىدىغىنى شۇكى، پارتىيە 11-نۆۋەتلىك
مەركىزىي كومىتېتىنىڭ 3-ئومۇمىي يىغىنىدىن بۇيان، مىللىي
ئەنئەنىۋى تەنھەرىكەت ئۇچقاندەك راۋاجلىنىپ، قېلىپلىشىش،

ئىلمىيلىشىش ۋە ئىجتىمائىيلىشىش تەرىپىگە قاراپ مېڭىشقا باشلىدى. ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ مۇنەۋۋەر تەنھەرىكەتچىلىرى ئۆزلۈكسىز مەيدانغا كەلمەكتە ھەمدە مەملىكەت ئىچى ۋە خەلقئارادىكى مۇسابىقىلەردە، مىللەت ۋە ۋەتەن ئۈچۈن شان-شەرەپ قازانماقتا. ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىدا تەنتەربىيە خىزمىتى بويىچە زور بىر تۈركۈم ئىلغار تىپلار بارلىققا كەلدى. مانا شۇنداق پايدىلىق پەيتتە ئېچىلغان 3-نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ئەنئەنىۋى تەنھەرىكەت يىغىنى ئۆزىنىڭ مەزمۇنغا باي، ھۆسنىدار قىياپىتى بىلەن مىللىي تەنھەرىكەت تەرەققىياتىنىڭ تارىخىدىن ئورۇن ئالغۇسى.

بۇ قېتىمقى كاتتا يىغىن ھەربىر قاتناشقۇچىنىڭ قەلبىدە گۈزەل خاتىرە قالدۇردى، مەملىكەت ئىچى ۋە سىرتىدىكى تاماشىبىنلاردا چوڭقۇر تەسىرات قالدۇردى. يىغىننىڭ تولۇق مۇۋەپپەقىيىتى ھەر مىللەت تەنھەرىكەتچىلىرى، تىرېنېرلىرى ۋە خىزمەتچى خادىملىرىنىڭ جاپالىق ئەمگەك تەرى بىلەن يۇغۇرۇلغان. نۇرغۇنلىغان خەنزۇ يولداشلار ئاز سانلىق مىللەتتىن بولغان يولداشلار بىلەن بىرلىكتە، تەشكىللەش، كۈتۈۋېلىش، تەشۋىقات، قاتناش، قوغداش ۋە خەلق ئاۋىئاتسىيە، تۆمۈريول قاتارلىق ھەرقايسى ھالقىلاردىكى خىزمەتلەردە، ئۆزئارا ماسلىشىپ، پۈتۈن كۈچىنى چىقىرىپ، ۋەزىپىنى ئالاھىدە نەتىجىلىك ئورۇندىدى.

شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى ۋە ئۈرۈمچى شەھەرلىك پارتكوم، ھۆكۈمەت ھەمدە ھەر مىللەت خەلقى تەنھەرىكەت يىغىنىنىڭ ئوڭۇشلۇق ئۆتۈشى ئۈچۈن نۇرغۇن خىزمەت ئىشلەپ،

ناھايىتى ياخشى شارائىت يارىتىپ بەردى. مەن ھەيئەت رىياسەت-
كە ۋە دۆلەت تەنتەربىيە كومىتېتىغا، مىللىي ئىشلار كومىتېتى-
غا ۋەكالىتەن شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايوندىكى پارتىيە،
ھۆكۇمەت ئورۇنلىرىغا، ئارمىيىگە، ھەر ساھە خەلقىگە ۋە ئاخ-
بارات ساھەسىدىكى يولداشلارغا سەمىمىي تەشەككۇر ئېيتىمەن!

بۇ نۆۋەتلىك تەنھەرىكەت يىغىنى نۇرغۇن شىياڭگاڭلىق-ئاۋ-
مېنلىق قېرىنداشلارنى ۋە چەت ئەللىك دوستلارنى قاتنىشىشقا
جەلپ قىلدى. ئۇلارنىڭ قىزغىن مەدەت بەرگەنلىكىگە ۋە ھەم-
كارلاشقانلىقىغا رەھمەت ئېيتىمەن!

يولداشلار، ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ئەنئەنىۋى تەنھەرىكى-
تىنى پائال راۋاجلاندۇرۇش— دۆلەتنىڭ روناق تېپىشى، مىلەت-
لەرنىڭ گۈللىنىشىگە ئالاقىدار ئۇلۇغ ئىش؛ بولۇپمۇ بۇ ئىش
تۆتنى زامانىۋىلاشتۇرۇش يولغا قويۇلۇۋاتقان، جۇڭخۇا ئېلى
گۈللەندۈرۈلۈۋاتقان بۈگۈنكى كۈندە، سوتسىيالىستىك ماددىي
مەدەنىيەت ۋە مەنىۋى مەدەنىيەت بەرپا قىلىشنىڭ ئېھتىياجى.
پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ، گوۋۇيۈەننىڭ رەھبەرلىكىدە،
قولنى قولغا تۇتۇشۇپ، ئىسلاھاتقا كۈچ سەرپ قىلىپ، باتۇرلۇق
بىلەن ئېلىشىپ، يول ئېچىپ ئىلگىرىلەپ، ئاز سانلىق مىللەت
رايونلىرىنىڭ تەنھەرىكەت ئىشلىرىنى راۋاجلاندۇرۇش ۋە ئىقتى-
ساد، مەدەنىيەت ئىشلىرىنى ئەتراپلىق راۋاجلاندۇرۇش، جۇڭ-
خۇا مىللەتلىرىنىڭ ساپاسىنى ئۆستۈرۈش، مىللەتلەرنىڭ ئىت-
تىپاقلىقى، تەرەققىياتى ۋە ئورتاق گۈللىنىشى ئۈچۈن تىرىشىپ
كۆپلەپ تۆھپە قوشايلى.

دۆلەت تەنتەربىيە كومىتېتى بىلەن دۆلەت مىللىي ئىشلار

كومىتېتى مەسلىھەتلىشىپ، 4-نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك ئاز سان-
لىق مىللەتلەرنىڭ ئەنئەنىۋى تەنھەرىكەت يىغىنىنى 1990-يىل
گۇاڭشى جۇاڭزۇ ئاپتونوم رايونىنىڭ مەركىزى نەننىڭ شەھىرى-
دە ئېچىشنى قارار قىلدى. شۇنىڭغا ئىشەنچىمىز كامىلكى، ھەر
مىللەت ئاكا-ئۇكا، ئاچا-سىڭىللار يەنە بىر ئۇچراشقاندا، چوقۇم
تېخىمۇ مول نەتىجىلەرنى يارىتىدۇ.

# ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىنىڭ مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنى ۋە ئىقتىسادىي خىزمىتىنى ئوبدان يولغا قويايلى*

(1986-يىل 11-ئاينىڭ 3-كۈنى)

مەملىكەتلىك مىللىي ئىشلار كومىتېتلىرىنىڭ مۇدىرلىرى
(كېڭەيتىلگەن) يىغىنى 11 كۈن داۋام قىلىپ بۈگۈن ئاخىرلە-
شىش ئالدىدا تۇرىدۇ. بۇ قېتىمقى يىغىن مەركەزدىكى رەھبىرىي
يولداشلارنىڭ غەمخورلۇقى ۋە يىغىنغا قاتناشقان بارلىق يولداش-
لارنىڭ ئورتاق تىرىشچانلىقى ئارقىسىدا، ياخشى ئۈنۈم ھاسىل
قىلدى، يىغىن مۇۋەپپەقىيەتلىك بولدى. يىغىن مەزگىلىدە،
يولداش شى جۇڭشۈن بىزنىڭ دوكلاتىمىزنى ئاڭلىدى ۋە بۇنىڭ-
دىن كېيىن مىللىي خىزمەتنى يەنىمۇ ئوبدان ئىشلىشىمىز ھەق-
قىدە مۇھىم سۆز قىلىپ، بىزگە ناھايىتى زور مەدەت ۋە ئىلھام
بەردى. مەركىزىي كومىتېت بىرلىك سەپ بۆلۈمىدىكى رەھبە-
رىي يولداش يىغىنغا قاتنىشىپ سۆز قىلدى، پارتىيە مەركىزىي

---

* بۇ— يولداش ئىسمايىل ئەھمەدنىڭ مەملىكەتلىك مىللىي ئىشلار
كومىتېتلىرىنىڭ مۇدىرلىرى (كېڭەيتىلگەن) يىغىنىنىڭ يېپىلىش مۇرا-
سىمىدا سۆزلىگەن سۆزى.

كومىتېتى، گوۋۇيۈەننىڭ ئالاقىدار مىنىستىرلىك، كومىتېتلىرىدىكى بىرمۇنچە مەسئۇل يولداشلار ۋە بەزى ئاپتونوم رايون ۋە ئۆلكىلەردىكى مەسئۇل يولداشلار بۇ قېتىمقى يىغىنغا قاتناشتى، بۇ—بىزگە كۆڭۈل بۆلگەنلىك، شۇنداقلا ناھايىتى زور ياردەم ۋە مەدەت بەرگەنلىك.

بۇ قېتىمقى يىغىن ئارقىلىق، يولداشلار «ج ك پ مەركىزىي كومىتېتىنىڭ سوتسىيالىستىك مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنىڭ يېتەكچى فاڭجېنى توغرىسىدىكى قارارى» نى، مەركىزىي كومىتېت شۇجىچۇسىدىكى ۋە مەركەزدىكى رەھبىرىي يولداشلارنىڭ مىللىي خىزمەت ھەققىدىكى يوليورۇقلىرىنى ئەستايىدىل ئۆگىنىپ، يېڭى دەۋردىكى مىللىي خىزمەتتە مىللەتلەرنىڭ ئىتتىپاقلىقى، مىللەتلەرنىڭ تەرەققىياتى، ئۆزئارا ئۆگىنىشى، ئورتاق بېيىشى يېتەكچى ئىدىيە قىلىنغانلىقىنى ئايدىڭلاشتۇرۇۋالدى، بۇ بىزنى مىللىي خىزمەتنى تېخىمۇ ئوبدان ئىشلىشىمىز ئۈچۈن ئىدىيىۋى كاپالەتكە ئىگە قىلىپ، مىللىي خىزمەتنى جەزمەن داۋاملىق ئالغا سىلجىتقۇسى. شۇنىڭدەك، بۇ قېتىمقى يىغىن ئارقىلىق، يولداشلار ئۆزلىرىنىڭ خىزمىتىدىكى ئەھۋاللارنى ۋە تەجرىبىلەرنى ئالماشتۇردى، بەزى مۇھىم، كونكرېت سىياسەت مەسىلىلىرى ئۈستىدە دەسلەپكى قەدەمدە ئىزدەندى ۋە مۇھاكىمە ئېلىپ باردى، نۇرغۇن ياخشى پىكىر-تەكلىپلەرنى بەردى. بىز بۇ قېتىمقى يىغىندىن كېيىن، مىللىي خىزمەتكە دائىر بەزى مۇھىم كونكرېت سىياسەت مەسىلىلەرنى يەنىمۇ ئىلگىرىلەپ مۇھاكىمە قىلغاندىن كېيىن پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىغا ۋە گوۋۇيۈەنگە ئىنكاس قىلىمىز ۋە تەكلىپ بېرىمىز.

تۆۋەندە مەن ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىنىڭ مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشى، ئىقتىسادىي خىزمىتى ۋە مىللىي تېررد-تورىيىلىك ئاپتونومىيە خىزمىتى ئۈستىدە نۇقتىلىق توختى-لىپ، يولداشلارنىڭ پايدىلىنىشى ئۈچۈن بەزى پىكىرلەرنى بايان قىلماقچىمەن.

**پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ «سوتسىيالىستىك مەنىۋى مە-دەنىيەت قۇرۇلۇشىنىڭ يېتەكچى فاڭجېنى توغرىسىدىكى قارارى» نى ئىزچىللاشتۇرۇش ۋە يولغا قويۇش مەسىلىسى توغرىسىدا.** بۇ «قارار» يېڭى ۋەزىيەتنىڭ تەلىپىگە يارىشا، مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنى ئېلىپ بېرىش، جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇشتى-كى پروگرامما خاراكتېرلىك ھۆججەت، ئۇ ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىغا پۈتۈنلەي مۇۋاپىق كېلىدۇ، بىز ئۇنى ئەستايىدىل ئىزچىللاشتۇرۇشىمىز ۋە ئىجرا قىلىشىمىز كېرەك.

«قارار» نى ئاز سانلىق مىللەتلەر ئارىسىدا ۋە ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىدا ئىزچىللاشتۇرۇشتا نۆۋەتتىكى ھەممىدىن مۇھىم ۋەزىپە— «قارار» نى ئەستايىدىل ياخشى ئۆگىنىش. ھەر دەرىجىلىك مىللىي خىزمەت تارماقلىرىدىكى كادىرلار بولۇپمۇ رەھبىرىي كادىرلار «قارار» نىڭ روھىنى ھەقىقىي ئۆزلەشتۈ-رۈپ، مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنى سوتسىيالىستىك زاماند-ۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنى، ئىسلاھات ۋە ئىشىكنى سىرتقا ئې-چىۋېتىش ئىشىنى ئىلگىرى سۈرۈش، تۆت ئاساسىي پرىنسىپتا چىڭ تۇرۇش ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرۇشى لازىم. ھەر مىللەت ئاممىسى ئارىسىدا، تەشۋىق-تەربىيە خىزمىتىنى ياخشى ئېلىپ بېرىش لازىم.

«قارار» نى ياخشى ئۆگىنىش، تەشۋىق-تەربىيىنى ياخشى ئېلىپ بېرىش ئاساسىدا، يەنە ئىزچىللاشتۇرۇش ۋە ئەمەلىيلەشتۈرۈشنىڭ كونكرېت تەدبىرلىرىنى تۈزۈپ چىقىش كېرەك. تەدبىرلەر چوقۇم ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىنىڭ ۋە ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىغا زىچ بىرلەشتۈرۈلۈشى، ئەمەلىيەتكە ئۇيغۇن بولۇشى، ئەمەلدە ئۈنۈم بېرىدىغان بولۇشى كېرەك. ئېلىمىزدىكى ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ئىدىيە، ئەخلاق ۋە مائارىپ، پەن-مەدەنىيەت جەھەتتە ھەم ئورتاقلىقى، ھەم ئالاھىدىلىككە ئىگە ئىكەنلىكىنى تولۇق تونۇش كېرەك. بۇنداق ئالاھىدىلىك مىللەتلەرنىڭ مەدەنىيەت ئەنئەنىسى، تۇرمۇش ئۇسۇلى، ئۆرپ-ئادىتى، دىنىي ئېتىقادى قاتارلىق جەھەتلەردە ئىپادىلىنىدۇ. بىر مىللەت ئىچىدىمۇ، بۇ رايون بىلەن ئۇ رايوندىكىلەر ئوتتۇرىسىدىمۇ مەلۇم پەرقلەر بولىدۇ. بۇنداق ئورتاقلىق ۋە ئالاھىدىلىك بۈگۈنكى يېڭى ۋەزىيەتتە ئۆتمۈشتىكىگە پۈتۈنلەي ئوخشاپ كەتمەيدۇ. نۇرغۇن يېڭى ئەھۋاللار، يېڭى مەسىلىلەر بارلىققا كەلدى. مانا بۇلار بىزدىن چوڭقۇر تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىپ، يېڭى ئەھۋال، يېڭى مەسىلىلەرنى ئىگىلەشنى ۋە ئايدىڭلاشتۇرۇشنى، خىزمەتنى نىشانلىق ئىشلەپ، «قارار» نى ئىجادىي يوسۇندا ئىجرا قىلىشنى تەلەپ قىلىدۇ.

ئېلىمىزدىكى مىللەتلەرنىڭ بۈيۈك ئىتتىپاقلىقىنى ياخشىلاش— مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنىڭ مۇھىم بىر مەزمۇنى. مەملىكىتىمىزدە 50 نەچچە مىللەت بار، مانا بۇ دۆلىتىمىزنىڭ ئاساسىي ئەھۋاللىرىنىڭ بىرى. مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى ياخشىلىغاندىلا، تىنچ-ئىتتىپاقلىقنى مۇستەھكەملەپ، تۆتنى زاما-

نىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنى كاپالەتكە ئىگە قىلغىلى ۋە ئالغا
سۈرگىلى بولىدۇ. يېڭى دەۋردىكى مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى
ياخشىلاش ئۈچۈن ئورتاق غايىنى ئاساس قىلىش كېرەك. مىل-
لەتلەرنى مۇشۇ ئەسىرنىڭ ئاخىرىدا ھاللىق سەۋىيىگە يەتكۈ-
زۈش، كېيىنكى ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىغا بارغاندا، ۋەتىنىمىز-
نى يۈكسەك مەدەنىيەتكە، يۈكسەك دېموكراتىيىگە ئىگە زامانىۋى
سوتسىيالىستىك دۆلەت قىلىپ قۇرۇپ چىقىش — بىز 56
مىللەتنىڭ ئورتاق غايىسى. بىز ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ تەقدى-
رى دۆلەتنىڭ تەقدىرى بىلەن چەمبەرچاس باغلانغان. مىللەتلەر
ئۆزئارا ئۆگىنىپ، بىر-بىرىگە ياردەم بېرىپ، ئورتاق غايىنى
ئەمەلگە ئاشۇرۇش يولىدا قولنى قولغا تۇتۇشۇپ بىرلىكتە ئالغا
چامدىشى لازىم. بىز مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىغا دائىر تەش-
ۋىق-تەربىيە ئېلىپ بېرىشتا، ئورتاق غايىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش
تەربىيىسىنى مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى تەربىيىسى بىلەن زىچ بىر-
لەشتۈرۈپ، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى ئىشلىرىنىڭ تەرەققىياتىنى
يەنىمۇ ئىلگىرى سۈرۈشىمىز لازىم.

ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىنىڭ مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇ-
لۇشىدا، قۇرۇلۇشىنى باشتىن-ئاخىر ئاساسىي ئورۇنغا قويۇش
كېرەك. مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنى ئىقتىسادىي قۇرۇلۇش-
نى مەركەز قىلىپ، ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىنىڭ ئەتراپلىق
ئىسلاھات ئېلىپ بېرىش، ئىشىكنى سىرتقا ئېچىۋېتىش، تاۋار
ئىگىلىكىنى راۋاجلاندۇرۇش ئىشلىرىغا، سوتسىيالىستىك زاما-
نىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىغا ياندىشتۇرۇپ ئېلىپ بېرىش كې-
رەك. زادى ئېغىشماي ھەممىدە قۇرۇلۇشنى كۆزدە تۇتۇش،

غايىلىك، ئەخلاقلىق، مەدەنىيەتلىك، ئىنتىزاملىق سوتسىيا-لىستىك يېڭى كىشىلەرنى يېتىشتۈرۈشنى، ئاز سانلىق مىللەت-لەرنىڭ ئىدىيىۋى-ئەخلاقىي ساپاسىنى ۋە پەن-تېخنىكا سەۋىيە-سىنى ئۆستۈرۈشنى كۆزدە تۇتۇش لازىم. ئىدىيە-ئەخلاق قۇرۇ-لۇشىدا ۋە پەن-مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىدا، ئىشنى مائارىپتىن باش-لاپ، يېڭى ۋەزىيەتكە ئۇيغۇن كېلىدىغان يېڭى قاراشلارنى مەسد-لەن، ئىشكىنى ئېچىۋېتىش قارىشى، ئىسلاھات ئېلىپ بېرىش قارىشى، تاۋار ئىگىلىكىنى راۋاجلاندۇرۇش قارىشى، ئەمگەكچان-لىق بىلەن بېيىش، ئۈنۈمگە، رىقابەتكە ئەھمىيەت بېرىش قارد-شى دېگەنگە ئوخشاش قاراشلارنى تىكلەش لازىم.

ھەممىدە قۇرۇلۇشنى كۆزدە تۇتۇپ، ئۇنى ئىقتىسادىي تە-رەققىياتقا ئۇيغۇن كەلمەيدىغان ئىدىيىۋى-ئەخلاقىي قاراش ۋە ئادەتلەرنى ئىسلاھ قىلىش بىلەن بىرلەشتۈرۈش لازىم. يېڭى ئىدىيىۋى قاراشنى تىكلەشتە، مىللەتلەرنىڭ بارلىق مۇنەۋۋەر تارىخىي ۋە مەدەنىيەت ئەنئەنىلىرى بىلەن ئادەتلىرىنى داۋاملىق جارى قىلدۇرۇپ ۋە تەرەققىي قىلدۇرۇپ، ئىشكىنى ئېچىۋې-تىش، ئىگىلىكنى جانلاندۇرۇش ۋە تاۋار ئىگىلىكىنى راۋاجلاند-دۇرۇشقا پايدىسىز بولغان ئىدىيىۋى-ئەخلاقىي قاراشلارنى تۈگى-تىش، مىللەتلەرنىڭ تەرەققىياتىغا ۋە ئالغا بېسىشىغا پايدىسىز بولغان ئادەتلەرنى ئىسلاھ قىلىش لازىم. ئىسلاھاتنى ئاكتىپ ۋە ئېھتىياتلىق بىلەن ئېلىپ بېرىش لازىم؛ ئۇنى ئىلمىي جەھەت-تىن تولۇق دەلىللەپ، ئاز سانلىق مىللەت ۋەكىللىرى بىلەن مەسلىھەتلىشىپ، ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرى بىلەن ئاممى-سىنىڭ ئاڭلىقلىقى ۋە ئىختىيار قىلىشى، ئۆزلىرى قول سېلىپ

ئىشلىشى ئاساسىدا ئېلىپ بېرىش لازىم. يېڭى قاراشلارنى تىكلەش داۋامىدا ئاممىنى بارلىق كونا قاراشلاردىن، مەسىلەن، بېكىنمىچىلىك، مۇتەئەسسىپلىك، تەڭ تەقسىماتچىلىق، سودىغا سەل قاراپ پايدىنى پەس كۆرۈش قاراشلىرىدىن ۋە فېئوداللىزمنىڭ بەزى قالدۇق قاراشلىرىدىن پەيدىنپەي، ئاڭلىق ۋە ئۆز ئىختىيارىيلىقى بىلەن ۋاز كېچىشكە يېتەكلەش لازىم.

**ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىنىڭ ئىقتىسادىي قۇرۇلۇش مەسىلىسى توغرىسىدا.** ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتى بىلەن پۈتۈن مەملىكەتنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىيات سەۋىيىسى ئوتتۇرىسىدىكى پەرقنىڭ چوڭىيىپ كېتىش مەسىلىسىنى ۋە نامراتلىقنى تۈگىتىپ بېيىتىش مەسىلىسىنى ھەل قىلىشقا كۈچ چىقىرىش، ئالدى بىلەن، 7-بەش يىللىق پىلان مەزگىلىدە تەخمىنەن 20% ئاز سانلىق مىللەت ئاممىسىنىڭ ئىسسىق كىيىنىش-توق يېيىش مەسىلىسىنى ئاساسىي جەھەتتىن ھەل قىلىش لازىم. بۇ ناھايىتى جاپالىق ۋەزىپە، ئۇزاق مۇددەت قەتئىي تىرىشىپ ئىشلىشىمىزنى تەلەپ قىلىدۇ. ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىنىڭ تاۋار ئىگىلىكىنى زور كۈچ بىلەن راۋاجلاندۇرۇپ، ئىقتىسادنىڭ تەرەققىيات سۈرئىتىنى تېزلىتىشتە، ئىشىكنى ئېغىشماي رايون سىرتىغا ۋە دۆلەت سىرتىغا ئېچىۋېتىش خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەپ، سىستېمىلار بويىچە ياردەم بېرىش ۋە توغرا لىنىيىلىك ئىقتىسادىي ئالاقىنى داۋاملىق ياخشى يولغا قويۇپ، چەت ئەللەردىن ۋە باشقا ئۆلكىلەردىن ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىغا ئەڭ ئېھتىياجلىق ئىختىساس ئىگىلىرىنى، ئىلغار تېخنىكا ۋە مەبلەغ قاتارلىقلارنى كىرگۈزۈش

لازىم. ئىشكىنى سىرتقا ئېچىۋېتىش خىزمىتىدە، باراۋەر بولۇش، ئۆزئارا ياردەملىشىش، ئۆزئارا مەنپەئەت يەتكۈزۈش پرىنسىپىدا چىڭ تۇرۇپ، بىرلەشكەن ئىككىلا تەرەپنى مەنپەئەتكە ئىگە قىلغاندىلا، بىرلىشىشنى ئاندىن هاياتىي كۈچكە ئىگە قىلغىلى بولىدۇ. دۆلەت هەر يىلى ئاز سانلىق مىللەتلەرگە مەبلەغ جەھەتتە كۆپ ئېتىبار بېرىۋاتىدۇ. بۇ مەبلەغلەر ئوبدان باشقۇرۇلسا ۋە ئوبدان ئىشلىتىلسە، ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىنىڭ ئىقتىسادىي قۇرۇلۇش تەرەققىياتىدا چوڭ رول ئوينايدۇ. سانلىق مەلۇماتلارغا قارىغاندا، 1986-يىلى ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىغا ئاجرىتىلغان هەر خىل مەخسۇس پۇل، جۈملىدىن 60% «ئىقتىسادىي تەرەققىي قىلمىغان رايونلارنىڭ تەرەققىياتىغا ياردەم بېرىشكە ئاجرىتىلغان مەبلەغ» ۋە «چېگرا قۇرۇلۇش ئىشلىرىغا بېرىلگەن ياردەم پۇلى»، «چېگرا رايونلارنىڭ ۋە ئاز سانلىق مىللەتلەر توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان رايونلارنىڭ ئاساسىي قۇرۇلۇشىغا ئاجرىتىلغان مەخسۇس ياردەم پۇلى»، «ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىغا ئاجرىتىلغان ياردەم پۇلى» بولۇپ جەمئىي 660 مىليون يۈەندىن ئاشىدۇ. بۇ خېلى كۆپ مەبلەغ، پارتىيە ۋە دۆلەتنىڭ ئاز سانلىق مىللەتلەرگە بولغان غەمخورلۇقىنى ئىپادىلەيدۇ. هازىر، بۇ مەبلەغنى باشقۇرۇش ۋە ئىشلىتىشتە بەزى مەسىلىلەر ساقلانماقتا، ئۇنى باشقۇرۇشنى تېخىمۇ كۈچەيتىپ، ئىشلىتىش يوللىرىنى ياخشىلاشقا توغرا كېلىدۇ. ئاممىنى بېيىتىشنى نەزەردە تۇتۇپ، پۇلنى هەقىقىي تۇردە ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ۋە ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىنىڭ تەرەققىياتىغا ئىشلىتىش لازىم. بۇنىڭدىن باشقا، بەش ئاپتونوم رايون ۋە

يۇننەن، گۇيجۇ، چىڭخەي ئۆلكىلىرىگە يەنە يىلىغا 10% ئاشۇرۇپ بېرىدىغان «مالىيە نورمىلىق ياردەم مەبلىغى»نىڭ 1986 -يىلدىكى سانى 7 مىليارد 900 مىليون يۈەندىن ئاشىدۇ. بۇ ناھايىتى چوڭ سان. جايىغا ئىشلىتىلسە بۇنىڭ بىلەنمۇ ئاز سانلىق مىللەتلەر ۋە ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىنىڭ تەرەققىياتى ئۈچۈن نۇرغۇن ئىشلارنى قىلىشقا بولىدۇ.

مىللىي خىزمەت ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشنى مەركەز قىلىپ، ئىسلاھات، ئىشىكنى ئېچىۋېتىش، ئىگىلىكنى جانلاندۇرۇشقا ۋە سوتسىيالىستىك تاۋار ئىگىلىكىنى راۋاجلاندۇرۇشقا يانداشتۇرۇپ ئېلىپ بېرىلىشى لازىم. شۇنىڭ بىلەن بىللە، مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە، ئارىلاش ۋە تارقاق ئولتۇراقلاشقان ئاز سانلىق مىللەتلەر خىزمىتى، ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرىنى يېتىشتۈرۈش، مىللىي مائارىپ، پەن ۋە مەدەنىيەتنى راۋاجلاندۇرۇش قاتارلىق خىزمەتلەرنى ئەتراپلىق ئوبدان ئىشلەش لازىم. بۇ خىزمەتلەر ئىقتىسادىي خىزمەت بىلەن ئۆزئارا باغلىنىدۇ، ئۆزئارا بىر-بىرىگە تۈرتكە بولىدۇ. ئىقتىسادىي خىزمەتنى ياخشى ئىشلەش باشقا خىزمەتلەرنى ياخشى ئىشلەشنىڭ ئاساسى. ئىقتىسادىي خىزمەتنى ياخشى ئىشلىگەندىلا، يېتەرلىك ئىقتىسادىي قۇدرەتكە ئىگە بولۇپ، باشقا خىزمەتلەرنى زۆرۈر مالىيە كۈچى ۋە ماددىي كۈچ بىلەن تەمىنلەپ، ھەر خىل ئىشلارنىڭ تەرەققىياتىنى ئالغا سۈرگىلى بولىدۇ. مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە، ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرىنى يېتىشتۈرۈش، مىللىي مائارىپ، پەن ۋە مەدەنىيەتنى تەرەققىي قىلدۇرۇش قاتارلىق خىزمەتلەرنى ياخشى ئىشلىگەندىلا، سوتسىيالىستىك

تاۋار ئىگىلىكىنىڭ تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈشكە تۈزۈم ۋە ئىدىيە جەھەتتىن كاپالەتلىك قىلىپ، ئىقتىسادىي خىزمەتكە تازا كېرەكلىك ھەر خىل ئىختىساس ئىگىلىرىنى يېتىشتۈرۈپ بېرىشى لازىم. ئەقلىي جەھەتتىن مەدەت بېرىشى بولىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، ھەر دەرىجىلىك مىللىي ئىشلار كومىتېتلىرىنىڭ بۇندىن كېيىنكى خىزمەتلەرنى مۇھاكىمە قىلغاندا، ئىككى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنى تەڭ تۇتۇشنى، ھەم ئىقتىسادتىن ئىبارەت مۇھىم نۇقتىنى چىڭ تۇتۇپ، ھەم باشقا خىزمەتلەرگە ئەھمىيەت بېرىپ، ئەتراپلىق ئورۇنلاشتۇرۇشنى ئۈمىد قىلىمىز. ھەر دەرىجىلىك مىللىي ئىشلار كومىتېتلىرى ئىقتىسادىي خىزمەتكە پائال قاتنىشىپ، تەكشۈرۈش-تەتقىق قىلىش ئىشلىرىنى ئېلىپ بېرىپ، ھەر دەرىجىلىك پارتكوم ۋە ھۆكۈمەتكە ئەھۋالنى ئىنكاس قىلىپ، تەكلىپ بېرىپ تۇرۇشى لازىم؛ ئىقتىسادنى باشقۇرۇش تارماقلىرى بىلەن ئاكتىپ ھەمكارلىشىپ ۋە ماسلىشىپ، ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىنىڭ ئىقتىسادىي خىزمىتىنى بىرلىكتە ياخشى ئىشلىشى لازىم.

**مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە مەسىلىسى توغرىسىدا.**

مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە— دۆلىتىمىزنىڭ مۇھىم بىر سىياسىي تۈزۈمى. مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە قانۇنى— دۆلىتىمىزنىڭ تۈپ قانۇنلىرىنىڭ بىرى ھەم ئاپتونومىيىلىك جايلارنى قۇرۇشنىڭ قانۇنىي ئاساسى. ئۇنىڭدا جۇمھۇرىيىتىمىز قۇرۇلغاندىن بۇيانقى 30 نەچچە يىل داۋامىدا مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيىنى يۈرگۈزۈشنىڭ تەجرىبىلىرى يەكۈنلىنىپ، دۆلىتىمىزدە مىللىي مەسىلىنى ھەل قىلىش-

ـنىڭ ئوبدان تەجرىبىلىرى قانۇن شەكلىدە مۇقىملاشتۇرۇلغان.
پارتىيە ۋە ھۆكۈمەت ھەر دەرىجىلىك پارتىيە ۋە ھۆكۈمەت ئور-
گانلىرىنىڭ، كومپارتىيە ئەزالىرىنىڭ ۋە پارتىيىسىز ئاممىنىڭ
دۆلەتنىڭ ئاساسىي قانۇنى ۋە قانۇنلىرى دائىرىسى ئىچىدە پائالـ-
يەت ئېلىپ بېرىشى لازىملىقىنى ئېنىق بەلگىلىدى. شۇنىڭ
ئۈچۈن مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە قانۇنىنى قەتئىي
ئىزچىللاشتۇرۇشىمىز، ئەستايىدىل ئىجرا قىلىشىمىز ھەمدە بۇ
ھەقتىكى تەشۋىق-تەربىيە خىزمەتلىرىنى ياخشى ئىشلىشىمىز
كېرەك. ئاپتونومىيىلىك ئورگانلارنىڭ ئاپتونومىيە ھوقۇقى ۋە
ئۇنىڭغا ئالاقىدار مۇھىم مەسىلىلەرنى ئەستايىدىل تەتقىق قىلىـ-
شىمىز، مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلارنىڭ ئاپتونومىيە نىزامـ-
لىرىنى ۋە يەككە نىزاملىرىنى يەنىمۇ ئىلگىرىلەپ تۈزۈپ چىقىـ-
شىمىز لازىم. شۇنىڭ بىلەن بىللە، ھەرقايسى جايلارنىڭ ئۆزلىـ-
رىنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىغا ئاساسەن، مىللىي تېررىتورىيىلىك
ئاپتونومىيە قانۇنىنى ئىجرا قىلىشقا دائىر بەزى كونكرېت سىياـ-
سەت ۋە تەدبىرلەرنى قوشۇمچە قىلىپ تۈزۈپ چىقىشىمۇ بولىدۇ.
بۇ خىل كونكرېت سىياسەت ۋە تەدبىرلەر ئاپتونومىيە قانۇنىنىڭ
يولغا قويۇلۇشىنى تېخىمۇ ئوبدان ئىلگىرى سۈرۈش ئۈچۈن،
بىرقەدەر سىستېمىلىق قىلىپ تۈزۈلسىمۇ، بىر-ئىككى مۇھىم
مەسىلىنى ھەل قىلىشقا قارىتىپ تۈزۈلسىمۇ بولىدۇ.

مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيىنى يولغا قويۇش ئۈ-
چۈن، زور تۈركۈمدىكى ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرى بولۇشى
كېرەك. بىز بۇ خىزمەتكە چوقۇم ئەھمىيەت بېرىپ، ئاز سانلىق
مىللەت كادىرلىرىنى ۋە ھەر خىل كەسپىي خادىملارنى زور كۈچ

بىلەن يېتىشتۈرۈشىمىز، سەپلىشىمىز ۋە ئىشقا قويۇشىمىز لازىمكى، ئۇلار ئاپتونومىيىلىك جايلارنىڭ ھەرقايىسى سەپلىرىدە تېگىشلىك رولىنى جارى قىلدۇرىدىغان بولسۇن. ھەر مىللەت كادىرلىرى ئۆزئارا بىر-بىرىگە ئىشىنىشى، بىر-بىرىنى ھۆر-مەت قىلىشى، بىر-بىرىدىن ئۆگىنىشى، بىر-بىرىنى قوللىشى، بىر نىيەتتە كۈچ چىقىرىپ، خىزمەتنى ياخشى ئىشلىشى لازىم.

بۇ يىغىندا، يولداشلار نۇرغۇن ئەمەلىي مەسىلىلەرنى، جۈملىدىن سىياسىي، ئىقتىسادىي جەھەتكە، مائارىپ، پەن، مەدەنىيەت قاتارلىق تەرەپلەرگە چېتىلىدىغان، بەزىلىرى خېلىلا مۇھىم ئورۇندا تۇرىدىغان مەسىلىلەرنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، يى-غىندا مۇھاكىمە قىلىپ، ھەل قىلىشقا ياردەم بېرىلىشىنى ئۈمىد قىلدى. بۇ ئارزۇ ناھايىتى ياخشى، ئەمما بۇ قېتىمقى يىغىن يېڭى دەۋردىكى مىللىي خىزمەتنىڭ يېتەكچى ئىدىيىسى مەسىلە-سىنى ۋە مىللىي ئىشلار كومىتېتى خىزمەتلىرىنىڭ بۇنىڭدىن كېيىنكى ئاساسىي ۋەزىپىسى مەسىلىسىنى ھەل قىلىشنى ئاساس قىلغان يىغىن بولغاچقا، ۋاقىت ۋە كۈچنى كونكرېت مەسىلىلەر-نى مۇزاكىرە قىلىشقا قاراتمىدۇق. بىز بۇ قېتىمقى يىغىندىن كېيىن، كېلەر يىلى ياكى بۇندىن كېيىنكى ئىككى-ئۈچ يىل ئىچىدە مۇھىم كونكرېت مەسىلىلەر ئۈستىدە سىستېمىلىق تەك-شۈرۈش-تەتقىق قىلىش ئىشىنى يولغا قويۇپ، ئاندىن مۇناسىپ چارە-تەدبىرلەرنى ئوتتۇرىغا قويماقچىمىز. مىللىي خىزمەتنى تېخىمۇ ياخشى ئىشلەش ئۈچۈن، ھەر دەرىجىلىك مىللىي خىز-مەت تارماقلىرىنىڭ بۇندىن كېيىن دۆلەت مىللىي ئىشلار كومى-تېتى بىلەن ئالاقىنى كۈچەيتىپ، ئۇچۇرلارنى ئالماشتۇرۇپ

تۇرۇشىنى ئۈمىد قىلىمەن. جايلارنىڭ ياخشى تەجرىبە ۋە تەك-لىپلىرىنى ۋاقتىدا بىزگە يەتكۈزۈپ تۇرۇشىنىمۇ ئۈمىد قىلى-مەن.

ئاخىرىدا، بۇ قېتىمقى يىغىن روھىنى ئىزچىللاشتۇرۇش مەسىلىسى ھەققىدە توختالماقچىمەن. يولداشلار قايتىپ بارغان-دىن كېيىن، ئالدى بىلەن پارتكوم ۋە ھۆكۈمەتكە دوكلات قى-لىپ، ئاندىن يىغىن روھىنى پارتكوم ۋە ھۆكۈمەتنىڭ بىر تۇتاش ئورۇنلاشتۇرۇشىغا ئاساسەن يەتكۈزۈشى كېرەك.

# پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى ۋە گوۋۇيۈەننىڭ يولىيورۇقىنى ئەستايىدىل ئىزچىللاشتۇرۇپ، يېڭى دەۋردىكى مىللىي خىزمەتنى پائال ياخشى ئىشلەيلى*

(1987-يىل 4-ئاينىڭ 28-كۈنى)

پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى ۋە گوۋۇيۈەن 4-ئاينىڭ 17-كۈنى مەركىزىي كومىتېت بىرلىك سەپ بۆلۈمى بىلەن دۆلەت مىللىي ئىشلار كومىتېتىنىڭ «مىللىي خىزمەتكە ئائىت بىرقانچە مۇھىم مەسىلە توغرىسىدىكى دوكلاتى» نى تەستىقلاپ چۈشۈردى، دوكلاتنىڭ ئالدىغا بىر ئابزاس مۇھىم تەستىق سۆزى يېزىپ، ج ك پ مەركىزىي كومىتېتىنىڭ[1987] 13- نومۇرلۇق ھۆججىتى قىلىپ مەملىكەت بويىچە ناھىيە ۋە تۈەندىن يۇقىرى دەرىجىلىك ئورۇنلارغا تارقاتتى. جايلارنىڭ «ئەمەلىي ئەھۋالغا بىرلەشتۈرۈپ ئىزچىللاشتۇرۇشى ۋە ئىجرا قىلىشى» نى تەلەپ قىلدى. بۇ مىللىي خىزمەت سېپىدىكى چوڭ ئىش.

---

* بۇ— يولداش ئىسمايىل ئەھمەدنىڭ ئۆلكىلىك، ئاپتونوم رايونلۇق، مەركەزگە بىۋاستە قاراشلىق شەھەرلىك مىللىي ئىشلار كومىتېتى مۇدىرلىرىنىڭ يىغىنىدا سۆزلىگەن سۆزى.

بۇ مۇھىم ھۆججەتتە جۇمھۇرىيىتىمىز قۇرۇلغاندىن كېيىنكى 37 يىل مابەينىدە، بولۇپمۇ 11-نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتنىڭ 3-ئومۇمىي يىغىنىدىن بۇيان دۆلىتىمىزنىڭ مىللىي مەسىلىنى ھەل قىلىش تەجرىبىلىرىنى يەكۈنلەش ئاساسىدا، يېڭى دەۋردىكى مىللىي خىزمەتنىڭ باش يېتەكچى ئىدىيىسى ۋە ئاساسىي ۋەزىپىلىرى بەلگىلەندى، مىللىي خىزمەتتىكى بەزى مۇھىم مەسىلىلەرگە دائىر فاڭجېن، سىياسەتلەر ئايدىڭلاشتۇرۇلدى، بۇ بۇندىن كېيىن جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش داۋامىدىكى بىر قەدەر ئۇزاق ۋاقىت ئىچىدە خىزمەتكە يېتەكچىلىك قىلىدىغان مۇھىم ھۆججەت. بۇ ھۆججەتتە يەنە ئۆتكەن يىلى ئېچىلغان مەملىكەتلىك مىللىي ئىشلار كومىتېتى مۇدىرلىرى (كېڭەيتىلگەن) يىغىنىدا يولداشلار ئوتتۇرىغا قويغان پىكىر-تەكلىپلەر يىغىنچاقلىنىپ، ئۇلارنىڭ ئەقىل-پاراسىتى مۇجەسسەملەشتۈرۈلدى، ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئارزۇ-تەلەپلىرى ئەكس ئەتتۈرۈلدى. بۇ ھۆججەت ئەستايىدىل ئىزچىللاشتۇرۇلسا، پۈتۈن پارتىيىنىڭ مىللىي مەسىلە ھەققىدىكى تونۇشى ئۆسىدۇ، ئاز سانلىق مىللەت خەلقىنىڭ ۋەتەننى قىزغىن سۆيۈش، ۋەتەننى تىرىشىپ گۈللەندۈرۈش ئاكتىپلىقى ئاشىدۇ، پۈتۈن پارتىيىنىڭ، پۈتۈن مەملىكەتنىڭ، ھەممە مىللەتنىڭ ۋە ھەممە ساھەنىڭ كۈچى جارى قىلدۇرۇلىدۇ-دە، ھەممەيلەن ئورتاق تىرىشىپ، مىللىي خىزمەتتە تېخىمۇ زور نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈرىدۇ، ئالغا چامداش تارىخىمىزغا يېڭى بىر سەھىپە قوشۇلىدۇ. بىز بۇ ھۆججەتنى چوقۇم ئەستايىدىل ئۆگىنىشىمىز، ئۇنىڭ روھىي-ماھىيىتىنى ئۆزلەشتۈرۈشىمىز، ھۆججەتتە بەلگىلەنگەن

فاڭجىن ۋە سىياسەتلەرنى ئايدىڭلاشتۇرۇۋېلىشىمىز، ئۆز رايونىمىز، ئۆز مىللىتىمىزنىڭ ئەمەلىيىتىگە بىرلەشتۈرۈپ، يەتكۈزۈش، ئىزچىللاشتۇرۇش، ئىجرا قىلىش خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەپ، مۇشۇ ئوبدان شارائىتتىن پايدىلىنىپ، مىللىي خىزمەتنى زور دەرىجىدە ئالغا سۈرۈپ، ئۇنىڭدا يېڭى ۋەزىيەت يارىتىشىمىز لازىم.

مەركىزىي كومىتېتنىڭ 13-نومۇرلۇق ھۆججىتىنىڭ روھىنى ئەستايىدىل ئۆگىنىش ۋە ئۆزلەشتۈرۈش—بۇ مۇھىم ھۆججەتنى ئىزچىللاشتۇرۇش ۋە ئىجرا قىلىشنىڭ ئالدىنقى شەرتى. بۇ قېتىمقى يىغىنىمىزنىڭ مۇھىم ۋەزىپىسى مۇشۇ ھۆججەتنى ئۆگىنىش ۋە ھۆججەتنىڭ روھىغا ئاساسەن، ئۇنى ئىزچىللاشتۇرۇش ۋە ئەمەلىيلەشتۈرۈشنىڭ كونكرېت تەدبىرلىرىنى تۈزۈپ چىقىشتىن ئىبارەت. شۇڭا مەن دۆلەت مىللىي ئىشلار كومىتېتى پارتگۇرۇپپىسىغا ۋەكالىتەن ئۆزىمىزنىڭ تونۇشىنى ۋە پىكرىنى بايان قىلماقچىمەن.

## مىللىي خىزمەتنىڭ ۋەزىيىتى ھەققىدە

ۋەزىيەتنى مۆلچەرلەشنىڭ مۇۋاپىق بولۇش-بولماسلىقى، ھازىرقى ۋە كېيىنكى خىزمەتلەرنى ئورۇنلاشتۇرۇشقا بىۋاستە تەسىر كۆرسىتىدۇ. ۋەزىيەتنى توغرا مۆلچەرلەش خىزمەتنى ياخشى ئىشلىشىمىزنىڭ ئالدىنقى شەرتى. 13-نومۇرلۇق ھۆججەتتە مىللىي خىزمەتنىڭ ۋەزىيىتى ھەققىدە مۇنداق دەپ كۆرسىتىلگەن: «پارتىيە 11-نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتىنىڭ

3 -ئومۇمىي يىغىنىدىن بۇيان، مىللىي خىزمەت يېڭى تارىخىي دەۋرگە قەدەم قويدى، نەزەرىيىدىن ئەمەلىيەتكىچە يېڭى تەرەققىياتقا ئېرىشتى، بۇ مىللىي خىزمەت ئۈچۈن جۇمھۇرىيىتىمىز قۇرۇلغاندىن بۇيانقى ئەڭ ياخشى مەزگىللەرنىڭ بىرى.» بۇ ئەمەلىيەتكە ئۇيغۇن، ئىنتايىن توغرا مۆلچەر.

مىللىي خىزمىتىمىزنىڭ ئەڭ ياخشى مەزگىلى ئىككى، ئۇنىڭ بىرى 50-يىللارنىڭ ئالدىنقى مەزگىلى، يەنى1957- يىلىدىن بۇرۇنقى مەزگىل، يەنە بىرى 3-ئومۇمىي يىغىنىدىن كېيىنكى مەزگىل. شۇڭا بۇ مەزگىل ئەڭ ياخشى مەزگىللەرنىڭ «بىرى» دەپ ئاتالدى. يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن، پارتىيىمىز پۈتۈن مەملىكەت خەلقىگە رەھبەرلىك قىلىپ، مىللىي باراۋەرلىك، ئىتتىپاقلىق ۋە تەرەققىيات سىياسىتىنى يولغا قويۇپ، ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىدا دېموكراتىك ئىسلاھاتنى ۋە سوتسىيالىستىك ئۆزگەرتىشنى ئورۇندىدى، مىللەتلەر ئىلگىرى-كېيىن سوتسىيالىزم يولىغا قەدەم قويۇپ، باراۋەرلىك، ئىتتىپاقلىق، ھەمكارلىق ئاساسىدىكى يېڭىچە سوتسىيالىستىك مىللىي مۇناسىۋەت ئورناتتى، ئىقتىسادىي قۇرۇلۇش ۋە مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىدا شانلىق مۇۋەپپەقىيەتلەرنى قولغا كەلتۈردى، خەلقنىڭ ماددىي ۋە مەدەنىيەت تۇرمۇش سەۋىيىسى ئۆستى، مەملىكەت بويىچە ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىدا جۇش ئۇرۇپ راۋاجلىنىپ، كۈندىن-كۈنگە يۈكسىلىدىغان گۈللەپ ياشناش مەنزىرىسى بارلىققا كەلدى. ئۇ ھەقىقەتەنمۇ ئەڭ ياخشى بىر مەزگىل بولغانىدى، ئۇنىڭ چوڭقۇر تەسىرى تاھازىرغىچە ئېسىمىزدىن چىقمايدۇ. بىراق، 1957-يىلىنىڭ ئاخىرىدىن باشلاپ،

مىللىي خىزمەتنىڭ يېتەكچى ئىدىيىسىدە «سول» چىللىق خاتالىقى يۈز بېرىشكە باشلاپ، مىللىي خىزمەتنى زىيانغا ئۇچراتتى. كېيىنكى «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى»دا پارتىيىنىڭ مىللىي سىياسىتى ۋەيران بولۇپ، مىللىي خىزمەت ئاساسىي جەھەتتىن ئەمەلدىن قالدۇرۇلدى. 11-نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتنىڭ 3-ئومۇمىي يىغىنىدىن كېيىن، پارتىيىمىز ماركسىزملىق ئىدىيىۋى لۇشيەن، سىياسىي لۇشيەن ۋە تەشكىلىي لۇشيەننى يېڭىباشتىن تىكلىدى، دۆلىتىمىز يېڭى تارىخىي دەۋرگە قەدەم قويدى، مىللىي خىزمەتمۇ 3-ئومۇمىي يىغىننىڭ لۇشيەن، فاڭجېن ۋە سىياسەتلىرىنى ئەستايىدىل ئىزچىللاشتۇرۇش ئارقىسىدا يېڭى تارىخىي دەۋرگە قەدەم قويۇپ، يېڭى باسقۇچنى باشلىدى.

3-ئومۇمىي يىغىننىڭ توغرا لۇشيەننىڭ يېتەكچىلىكىدە، مىللىي خىزمەت ئەتراپلىق ۋە تېز ئەسلىگە كېلىش بىلەنلا قالماستىن بەلكى نەزەرىيە ۋە ئەمەلىيەت جەھەتتە يېڭى تەرەققىياتلارغا ئېرىشتى. مەسىلەن، مىللىي مەسىلە ۋەتىنىمىزنىڭ تەقدىرى بىلەن مۇناسىۋەتلىك دېگەن نەزەرىيە پۈتۈن پارتىيىنىڭ مىللىي مەسىلىنى ئوبدان ھەل قىلىش جەھەتتىكى تونۇشىنى ئۆستۈرۈشتە، پۈتۈن پارتىيىنىڭ مىللىي خىزمەتنى ئوبدان ئىشلىشىگە يېتەكچىلىك قىلىشتا مۇھىم رول ئوينىدى. ئىشلەپچىقىرىش ۋاستىلىرىغا بولغان مۇلۇكچىلىكنى سوتسىيالىستىك ئۆزگەرتىش ئەمەلگە ئاشۇرۇلغاندىن كېيىن، دۆلىتىمىزدىكى مىللىي مۇناسىۋەت ئاساسەن ھەر مىللەت ئەمگەكچى خەلقى ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەت بولىدۇ دېگەن نەزەرىيە دۆلىتىمىزدىكى

مىللىي مۇناسىۋەتنىڭ هازىرقى باسقۇچتىكى خاراكتېرىنى ئاي-
دىڭلاشتۇرۇپ، مىللىي مۇناسىۋەتكە توغرا مۇئامىلە قىلىش ۋە
ئۇنى توغرا ھەل قىلىش مەسىلىسىگە نەزەرىيىۋى ئاساس سېلىپ
بەردى، بۇ نەزەرىيىنىڭ يېتەكچىلىكىدە، مىللىي خىزمەت سېپى
«مىللىي مەسىلىنىڭ ماھىيىتى سىنىپىي مەسىلىدىن ئىبارەت»
دېگەن، كۆپ يىللاردىن بېرى زور زىيان يەتكۈزۈپ كەلگەن خاتا
نەزەرىيىنى تازىلاپ ۋە ئىنكار قىلىپ، كىشىلەرنى «سىنىپىي
كۆرەشنى تۇتقا قىلىش» ئاسارىتىدىن قۇتۇلۇشقا يېتەكلىدى.
مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە ھەققىدە، پارتىيىنىڭ
6-ئومۇمىي يىغىنىنىڭ قارارىدا: «مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپ-
تونومىيىنى يولغا قويۇشتا چىڭ تۇرۇپ، مىللىي تېررىتورىيە-
لىك ئاپتونومىيىگە دائىر قانۇنچىلىق قۇرۇلۇشنى كۈچەيتىش،
ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىنىڭ پارتىيە ۋە دۆلەتنىڭ سىياسەت-
لىرىنى ئۆز يېرىنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىغا قاراپ ئىجرا قىلىشتىكى
ئۆزىگە ئۆزى خوجا بولۇش ھوقۇقىنى كاپالەتلەندۈرۈش
لازىم.» دەپ كۆرسەتتى، بۇ بىزنىڭ مىللىي تېررىتورىيە-
لىك ئاپتونومىيىگە دائىر قانۇن-نىزام ۋە سىياسەتلەرنى تېخىمۇ
مۇكەممەللەشتۈرۈشىمىز ۋە تېخىمۇ ئىلگىرىلەپ يولغا قويۇشى-
مىزغا يېتەكچىلىك قىلدى، 1984-يىلى ئېلان قىلىنغان ۋە
يولغا قويۇلغان «مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە قانۇنى»
ئەنە شۇ مەزگىلدىكى ئەڭ مۇھىم مۇۋەپپەقىيەتنىڭ بىرى. يەنە
مەسىلەن، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى مەنىۋى مەدەنىيەت قۇ-
رۇلۇشنى ئېلىپ بېرىش، تۆت ئاساسىي پرىنسىپتا چىڭ تۇ-
رۇش، دۆلەتنىڭ بىرلىكىنى مۇستەھكەملەش، مىللەتلەرنىڭ

ئىتتىپاقلىقىنى كۈچەيتىش قاتارلىق جەھەتلەردە بىرقاتار فاڭ-
جېن ۋە سىياسەتلەرنى يولغا قويدى. ئىقتىسادىي قۇرۇلۇش ۋە
مەدەنىيەت قۇرۇلۇشى جەھەتتە، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى
ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىدا سىياسەتنى قويۇۋېتىش، بەزى
نامرات رايونلاردا ئۇزاققىچە باجنى كېمەيتىپ ئېلىش ياكى كە-
چۈرۈم قىلىش ھەققىدە بەلگىلىمە چىقاردى؛ بىرقەدەر تەرەققىي
قىلغان رايونلارنى ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىغا ئۆز سىستېمى-
سى بويىچە ياردەم بېرىشكە ئۇيۇشتۇرۇش، توغرا لىنىيىلىك
ئىقتىسادىي ئالاقىنى كۈچەيتىش ھەققىدىكى سىياسەتلەرنى يولغا
قويدى؛ دۆلەتنىڭ زور كۈچ بىلەن ياردەم بېرىشى ئاستىدا، ئاز
سانلىق مىللەت رايونلىرىنىڭ ئۆز كۈچىگە تايىنىپ ئىش كۆ-
رۈشنى ئاساس قىلىپ، ئۆزىنىڭ ھاياتىي كۈچىنى ۋە ئۆزىنى
تەرەققىي قىلدۇرۇش ئىقتىدارىنى، بايلىق ئۈستۈنلۈكىنى تولۇق
جارى قىلدۇرۇشى ھەققىدىكى سىياسەتلەرنى يولغا قويدى؛ ئاز
سانلىق مىللەت رايونلىرىنىڭ ئىسلاھات ئېلىپ بېرىشتا چىڭ
تۇرۇپ، ئۆز ئەمەلىيىتىگە بىرلەشتۈرۈپ، ھەرخىل شەكىلدىكى
ئىشلەپچىقىرىش مەسئۇلىيەت تۈزۈملىرىنى يولغا قويۇشى ھەققى-
دىكى سىياسەتلەرنى يولغا قويدى؛ ئاز سانلىق مىللەت رايونلى-
رىنىڭ ئىشىكنى ئېچىۋېتىشى، سىرتقىمۇ ئېچىۋېتىپ، مەبلەغ،
تېخنىكا، ئىختىساسلىق خادىم ۋە تەجرىبىلەرنى قوبۇل قىلىپ،
ئۆزىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشى ھەققىدىكى سىياسەتلەرنى يولغا
قويدى ۋە باشقىلار. بۇ بىرقاتار توغرا نەزەرىيە، ئەمەلىيەت ۋە
فاڭجېن-سىياسەتلەر ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىدىكى ھەر
مىللەت خەلقىنىڭ سوتسىيالىزم قۇرۇش ئاكتىپلىقىنى زور دە-

رىجىدە قوزغىدى، ئۇلار جاپاغا چىداپ تىرىشچانلىق كۆرسى-
تىپ، ئىقتىسادىي قۇرۇلۇش ۋە مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىدا يېڭى،
زور مۇۋەپپەقىيەتلەرنى قولغا كەلتۈردى. مەركىزىي كومىتېت-
نىڭ 13-نومۇرلۇق ھۆججىتىدە ئېيتىلغىنىدەك، ئاز سانلىق
مىللەت رايونلىرىنىڭ سانائەت، يېزا ئىگىلىك ئومۇمىي مەھسۇ-
لات قىممىتى تېز ئۆستى، خەلق تۇرمۇشى كۆرۈنەرلىك دەرىجى-
دە ياخشىلاندى، مىللىي مائارىپ، پەن، مەدەنىيەت، سەھىيە
قاتارلىق ئىشلار بىرقەدەر تېز راۋاجلاندى. پۈتۈن مەملىكەت-
مىزدىكى ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىدا سىياسىي ۋەزىيەت
تىنچلانغان، مىللەتلەر ئىتتىپاقلاشقان، ھەر خىل قۇرۇلۇش
ئىشلىرى جۇش ئۇرۇپ راۋاجلانغان جانلىق ۋە گۈللەپ ياشناش
مەنزىرىسى بارلىققا كەلدى. شۇڭا مىللىي خىزمەت جۇمھۇرىيى-
تىمىز قۇرۇلغاندىن بۇيانقى يەنە بىر ئەڭ ياخشى مەزگىلگە قەدەم
قويدى. 50-يىللارنىڭ ئالدىنقى مەزگىلدىكىگە سېلىشتۇرغان-
دا، ھازىر، ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىنىڭ ئىشلەپچىقىرىشى
تېخىمۇ زور دەرىجىدە تەرەققىي قىلدى، خەلقنىڭ تۇرمۇشى
تېخىمۇ زور دەرىجىدە ياخشىلاندى، ئاز سانلىق مىللەت ئاھالى-
سىنىڭ تەخمىنەن 80 پىرسەنتىنىڭ كىيىمى پۈتۈن، قورسىقى
توق بولۇش مەسىلىسى ھەل قىلىندى ياكى ئاساسەن ھەل قىلىن-
دى، نامراتلىق دائىرىسى ئۆتمۈشتىكىدىن زور دەرىجىدە ئازاي-
دى. باشقا جەھەتلەردىمۇ ئوخشىمىغان دەرىجىدە ئۆزگىرىش بار-
لىققا كەلدى. شۇڭا ھازىرقى مەزگىلنى جۇمھۇرىيىتىمىز قۇ-
رۇلغاندىن بۇيانقى ئەڭ ياخشى مەزگىللەرنىڭ بىرى دېسەك،
ئەمەلىيەتكە ئۇيغۇن كېلىدۇ، قىلچىمۇ مۇبالىغىلەشتۈرۈۋەتكەن

بولمايمىز.

دەرۋەقە، ئەگەر ياخشى مەزگىل دېگىنىمىز ھېچقانداق مەسىلە مەۋجۇت ئەمەس دېگەننى بىلدۈرمەيدۇ، مىللىي خىزمەتتە ئالاھىدە دىققەت قىلىپ پەيدىنپەي ھەل قىلىشقا تېگىشلىك بەزى مۇھىم مەسىلىلەر مەۋجۇت، بۇنى ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرى سىياسىي، ئىقتىسادىي جەھەتتە ۋە مەدەنىيەت جەھەتتە بىر قەدەر قالاق ھالەتتىن قۇتۇلۇپ، ئىلغار مىللەتلەرنىڭ تەرەققىيات سەۋىيىسىگە يېتىشىۋېلىشنى تەلەپ قىلىدۇ دەپ يىغىنچاقلاشقا بولىدۇ.

## مىللىي مەسىلىنىڭ ئۇزاق مۇددەتلىكلىكى ۋە مۇھىملىقى ھەققىدە

مەركىزىي كومىتېتنىڭ 13-نومۇرلۇق ھۆججىتىدە: «دۆلىتىمىز كۆپ مىللەتلىك دۆلەت، مىللىي مەسىلە ئۇزاق مۇددەت مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدۇ» دەپ كۆرسىتىلدى. بۇ ماركسىزمنىڭ تۈپ نۇقتىئىنەزەرلىرىدىن بىرى. لېنىن، مىللەتلەر ئوتتۇرىسىدىكى پەرقنىڭ يوقىلىشى پرولېتارىيات دىكتاتورىسى پۈتۈن دۇنيا مىقياسىدا ئەمەلگە ئاشقاندىن كېيىن، ناھايىتى ئۇزاق ۋاقىت ئۆتكەندە ئاندىن بولىدىغان ئىش دەپ ئېيتقانىدى. يولداش ماۋ زېدۇڭنىڭ سۆزى بويىچە ئېيتقاندا، ئالدى بىلەن سىنىپ يوقىلىدۇ، ئاندىن دۆلەت يوقىلىدۇ، ئەڭ ئاخىرىدا مىللەت يوقىلىدۇ. دېمەك، مىللەت ۋە مىللىي مەسىلە پۈتكۈل سوتسىيالىزم دەۋرىدە مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدۇ، كوممۇنىزمغا بارغاندا

ئاندىن يوقىلىدۇ. بۇ كىشىلەرنىڭ ئىرادىسىگە باغلىق بولمىغان ئوبيېكتىپ قانۇنىيەت. مەملىكىتىمىز ھازىر سوتسىيالىزمنىڭ دەسلەپكى باسقۇچىدا تۇرماقتا، مىللىي مەسىلىنىڭ يوقىلىشىغا تېخى ناھايىتى ئۇزاق ۋاقىت بار. شۇنىڭ ئۈچۈن، ھازىرقى سوتسىيالىزم قۇرۇش باسقۇچىدا، مىللىي مەسىلىنىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدىغانلىقىنى چوقۇم كۆرۈشىمىز، ئۇنى دۆلىتىمىزنىڭ سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىدىن ئىبارەت ئومۇمىي مەسىلىنىڭ بىر قىسمى سۈپىتىدە، ئەستايىدىل ھەل قىلىشىمىز لازىم.

مەركىزىي كومىتېتنىڭ 13-نومۇرلۇق ھۆججىتىدە: «مىللەتلەرنىڭ باراۋەرلىكى، ئىتتىپاقلىقى ۋە ئورتاق گۈللىنىشى دۆلەتنىڭ تەقدىرى بىلەن مۇناسىۋەتلىك زور مەسىلە» دەپ كۆرسىتىلدى، بۇنىڭدا پارتىيە 12-قۇرۇلتىيىنىڭ دوكلاتىدىكى پىكىر تەكىتلەنگەن. بۇ پىكىر جۇمھۇرىيىتىمىز قۇرۇلغاندىن بۇيانقى 30 نەچچە يىللىق مىللىي خىزمەتنى خۇلاسىلەش ئاساسىدا چىقىرىلغان مۇھىم ئىلمىي يەكۈن، بۇ پۈتۈن پارتىيە ۋە پۈتۈن دۆلىتىمىزنىڭ مىللىي خىزمەتنى ياخشى ئىشلىشىگە يېتەكچىلىك قىلىشتا زور رېئال ئەھمىيەتكە ئىگە.

نېمە ئۈچۈن مىللىي مەسىلىنى دۆلىتىمىزنىڭ ئىستىقبالى ۋە تەقدىرى بىلەن مۇناسىۋەتلىك زور مەسىلە دەيمىز؟ جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ نەچچە مىڭ يىللىق شانلىق تارىخىنى جۇڭگودىكى مىللەتلەر ئورتاق ياراتقان. جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى جۇڭگودىكى مىللەتلەرنىڭ ئورتاق كۈرەش قىلىشى ئارقىسىدا قۇرۇلغان، كەلگۈسىدە، ۋەتىنىمىزنى ئاۋات، گۈللەنگەن، مەدەنىيەت-

لىك، قۇدرەتلىك دۆلەت قىلىپ قۇرۇپ، جۇڭگونى دۇنيانىڭ ئالدىنقى قاتارىغا ئۆتكۈزۈشتىمۇ خەنزۇ مىللىتىگە تايىنىپلا قال- ماستىن، 55 ئاز سانلىق مىللەتكىمۇ ئوخشاش تايىنىشقا توغرا كېلىدۇ. مەملىكىتىمىزدىكى ئاز سانلىق مىللەت خەلقى ئە- قىل-پاراسەتلىك خەلق، ئۇلارنىڭ ئەقىل-پاراسىتىنى تولۇق ئىشقا سالغاندىلا، سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇشنى ئاندىن ئىلگىرى سۈرگىلى بولىدۇ. مەملىكىتىمىزدىكى ئاز سانلىق مىللەت را- يونلىرىدا بايلىق ناھايىتى مول، شۇ بايلىقنى تولۇق ئاچقاندىلا، سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇشنى ئاندىن ئېلىپ بارغىلى بولىدۇ. مەملىكىتىمىزدە 30 نەچچە مىللەت دۆلەت سىرتىدىكى ئۆزى بىلەن ئوخشاش مىللەتلەرگە قوشنا ئولتۇراقلاشقان، چېگرىغا جايلاشقان ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىنىڭ خىزمىتىنى ياخشى ئىشلىگەندىلا ئاندىن چېگرا مۇداپىئەسىنى ۋە ۋەتەننىڭ بىرلىكى- نى مۇستەھكەملىگىلى بولىدۇ. دېمەك، تارىخىي نۇقتىدىن قا- رىغاندىمۇ، رېئال نۇقتىدىن قارىغاندىمۇ، كەلگۈسى نۇقتىدىن قارىغاندىمۇ، ۋەتەننىڭ ئىستىقبالى ۋە تەقدىرى خەنزۇ مىللىتى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك بولۇپلا قالماستىن، ئاز سانلىق مىللەت- لەر بىلەنمۇ زىچ مۇناسىۋەتلىك. مىللىي خىزمەتنى ياخشى ئىش- لەپ، مىللىي مەسىلىنى ئوبدان ھەل قىلىپ، مىللەتلەرنىڭ ئورتاق كۈچىگە، بىرنىيەت-بىرمەقسەت ئاساسىدىكى بىردەك ئىتتىپاقلىقىغا تايانغاندىلا، ئاندىن ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئۇلۇغ ۋەتىنىنى جەزمەن پارلاق ئىستىقبالغا ئىگە قىلغىلى بولىدۇ.

ھازىر، ئومۇمەن ئالغاندا، مەركەزنىڭ غەمخورلۇقى ئاستى- دا، مەملىكەت بويىچە مىللىي خىزمەتكە ئەھمىيەت بېرىلىۋاتى-

دۇ. لېكىن ئاز ساندىكى رايونلار، تارماقلار ۋە يولداشلارنىڭ مىللىي مەسىلىنىڭ مۇھىملىقىغا بولغان تونۇشى يېتەرلىك بولمايۋاتىدۇ. بىز مەركىزىي كومىتېتىنىڭ 13-نومۇرلۇق ھۆججىتىدىكى يوليورۇقلارغا ئاساسەن، مىللىي مەسىلىنىڭ مۇھىملىقى ھەققىدىكى تەشۋىق-تەربىيىنى كۈچەيتىپ، ھەر دەرىجىلىك پارتىيە، ھۆكۈمەت ئورگانلىرىدىكى ئالاقىدار تارماقلار بىلەن ئۆزلۈكسىز زىچ ماسلىشىپ، ئوبدان ھەمكارلىشىپ، مىللىي خىزمەتنى ياخشى ئىشلەش ئۈچۈن ئورتاق تىرىشىشىمىز لازىم.

## يېڭى دەۋردىكى مىللىي خىزمەتنىڭ باش يېتەكچى ئىدىيىسى ۋە ئاساسىي ۋەزىپىسى ھەققىدە

مەركىزىي كومىتېتنىڭ 13-نومۇرلۇق ھۆججىتىدە يېڭى دەۋردىكى مىللىي خىزمەتنىڭ باش يېتەكچى ئىدىيىسى ۋە ئاساسىي ۋەزىپىسى بېكىتىلدى. مەن تۆۋەندە مۇشۇ مەسىلىنى ئاساس قىلىپ بىرنەچچە تۈرلۈك پىكىرىمنى بايان قىلماقچىمەن.

6-نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ5- ئومۇمىي يىغىنىدا بېرىلگەن «ھۆكۈمەت خىزمىتىدىن دوكلات» تا، 11-نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتىنىڭ 3-ئومۇمىي يىغىنىدىن بۇيانقى لۇشيەنىنىڭ ئاساسىي نۇقتىسى ئىككى، بىرى تۆت ئاساسىي پرىنسىپتا چىڭ تۇرۇش، يەنە بىرى ئىسلاھات ئېلىپ بېرىشتا، ئىشىكنى ئېچىۋېتىشتە، جانلاندۇرۇشتا چىڭ تۇرۇش. بۇ ئىككى نۇقتىنى ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىدىمۇ ئوخشاش

ئىزچىللاشتۇرۇش كېرەك. تۆت ئاساسىي پرىنسىپقا ئەھمىيەت
بېرىلمىسە، مىللىي ئىتتىپاقلىق بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرايدۇ،
تىنچ-ئىتتىپاقلىق ئاساسىدىكى سىياسىي ۋەزىيەت بۇزغۇنچىلىققا
ئۇچرايدۇ، ئىسلاھات ۋە ئىشىكنى ئېچىۋېتىش تۈپ سىياسىي
كاپالەتتىن مەھرۇم بولىدۇ، ھەتتا قىڭغىر يولغا كېتىپ قالى-
دۇ. ئېلىمىزدىكى كەڭ ئاز سانلىق مىللەت خەلقى پارتىيىنى،
ۋەتەننى، سوتسىيالىزمنى قىزغىن سۆيىدۇ. ئۇلار يېرىم ئەسىر-
دىن كۆپ ۋاقىتتىن بۇيانقى بىۋاسىتە كەچۈرمىشلىرى ئارقىلىق
شۇنى ناھايىتى ئوبدان چۈشەنگەنكى، كومپارتىيىنىڭ رەھبەرلى-
كى ۋە سوتسىيالىزم يولى بولمىغان بولسا، ئاز سانلىق مىللەت-
لەرنىڭ قەد كۆتۈرۈپ، ئازادلىققا چىقىشى مۇمكىن بولمىغان
بولاتتى؛ پارتىيە 11-نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتنىڭ 3- ئو-
مۇمىي يىغىنى بولمىغان بولسا، بۈگۈنكى بەختلىك كۈنلىرىمىز
بولمىغان بولاتتى. شۇڭا تۆت ئاساسىي پرىنسىپتا چىڭ تۇرۇشنى
چىن قەلبىمىزدىن ھىمايە قىلىمىز. يەنە بىر تەرەپتىن، ئىسلا-
ھاتقا، ئېچىۋېتىشكە ۋە جانلاندۇرۇشقا ئەھمىيەت بېرىلمىسە،
سوتسىيالىزم بىر ئىزدا توختاپ قالىدۇ ۋە قاتماللىشىپ قالى-
دۇ-دە، ئىجتىمائىي ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنى تولۇق راۋاج-
لاندۇرۇپ، جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش مۇمكىن بولمايدۇ.
شۇنىڭ ئۈچۈن، ھەم تۆت ئاساسىي پرىنسىپتا چىڭ تۇرۇشى-
مىز، ھەم ئىسلاھات ئېلىپ بېرىشتا، ئىشىكنى ئېچىۋېتىشتە،
جانلاندۇرۇشتا چىڭ تۇرۇشىمىز لازىم، بۇ ئىككىسى تەڭ ئېلىپ
بېرىلسا بىر-بىرىگە زىت كەلمەيدۇ، بىر- بىرىنى تولۇقلايدۇ.
ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىدا تۆت ئاساسىي پرىنسىپتا چىڭ

تۇرۇپ، بۇرژۇئاچە ئەركىنلەشتۇرۇشكە قارشى تۇرۇشتا، مۇ-
ھىمى ھەر مىللەت كادىرلىرىغا ۋە ئامما-مسىغا پارتىيىنىڭ رەھ-
بەرلىكى، سوتسىيالىزم يولى، ۋەتەنپەرۋەرلىك، ۋەتەننىڭ بىر-
لىكىنى قوغداش ۋە مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى كۈچەيتىش توغرى-
سىدا تەربىيە ئېلىپ بېرىش لازىم. ئىسلاھات ۋە ئېچىۋېتىش
ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىنى غايەت زور ئۆنۈمگە ئىگە قىل-
دى، بۇندىن كېيىن ئىسلاھات ۋە ئېچىۋېتىشنى تېخىمۇ چوڭقۇر
ۋە كەڭ كۆلەمدە قەتئىي داۋاملاشتۇرۇش لازىم.

پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ تۈرلۈك فاڭجېن-سىيا-
سەتلىرىنى چوقۇم ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ۋە ئاز سانلىق
مىللەت رايونلىرىنىڭ ئەمەلىيىتى بىلەن بىرلەشتۇرۇپ ئىجرا
قىلىش لازىم. مەيلى مەملىكەت خاراكتېرلىك چوڭ-چوڭ فاڭ-
جېنلار بولسۇن ۋە مەيلى بىرەر ساھەگە دائىر فاڭجېن-سىياسەت-
لەر بولسۇن، ئۇلارنى ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرى ئۆزلىرى-
نىڭ كونكرېت ئەھۋالىغا ئاساسەن، ئەمەلىي، ئۈنۈملۈك تەدبىر
ۋە چارىلەرنى قوللىنىش ئارقىلىق كونكرېتلاشتۇرۇپ ئىز-
چىللاشتۇرۇشى ۋە ئەمەلىيلەشتۇرۇشى لازىم. بۇ بىزنىڭ نەچچە
ئون يىلدىن بۇيانقى مىللىي خىزمىتىمىزنىڭ ئاساسىي تەجرىبە-
لىرىدىن بىرى. ئەمەلىيەتكە ئاساسلانماي، ئاق-قارىنى پەرق
ئەتمەي، دوگمىلىق بىلەن ھەممىنى بىر تاياقتا ھەيدەش ھامان
ئىشنىڭ ئويلىغان يەردىن چىقماسلىقىغا ھەتتا ئەكسىچە بولۇپ
چىقىشىغا سەۋەب بولىدۇ.

مىللىي خىزمەتتە ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشنى مەركەز قىلىپ،
ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ سىياسىي، ئىقتىسادىي ۋە مەدەنىيەت

ئىشلىرىنى ئەتراپلىق راۋاجلاندۇرۇش لازىم. 3-ئومۇمىي يى-
غىندىن كېيىن، پارتىيە ۋە ھۆكۈمەت خىزمىتىنىڭ مۇھىم نۇق-
تىسىنى ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشنى مەركەز قىلغان سوتسىيالىس-
تىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىغا يۆتكىدى، مىللىي خىز-
مەتتىمۇ شۇنىڭغا يارىشا خىزمەتنىڭ مەركىزىنى ئىقتىسادىي قۇ-
رۇلۇش ئۈستىگە قويۇشى لازىم. چۈنكى، ھازىرقى باسقۇچتا،
مەملىكىتىمىزدە جۈملىدىن ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىدا ھەل
قىلىنىدىغان ئاساسىي زىددىيەت خەلقنىڭ كۈنسېرى ئېشىپ بې-
رىۋاتقان ماددىي ۋە مەدەنىيەت ئېھتىياجى بىلەن قالاق ئىجتىمائىي
ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرى ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەتتىن ئىبا-
رەت. ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنى زور دەرىجىدە راۋاجلاندۇ-
رۇپ، ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشنى تەرەققىي قىلدۇرغاندىلا، مىللىي
تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيىنى يولغا قويۇش، مىللىي مائارىپ،
مەدەنىيەت، پەن-تېخنىكا، سەھىيە قاتارلىق ئىشلارنى راۋاجلان-
دۇرۇشقا ماددىي ئاساس ھازىرلىغىلى، ئاز سانلىق مىللەت خەل-
قىنىڭ ماددىي ۋە مەدەنىي تۇرمۇشىنى ياخشىلىغىلى ۋە يۈكسەل-
دۈرگىلى، ئۇلارنىڭ ئاكتىپلىقىنى قوزغاپ، ۋەتىنىمىزنىڭ
تۆتنى زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىغا ئاتلاندۇرغىلى بولىدۇ.
شۇنىڭ ئۈچۈن، ئىقتىسادىي خىزمەتنى مىللىي خىزمەتتە مەر-
كىزىي ئورۇنغا قويۇپ، ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ۋە ئاز سانلىق
مىللەت رايونلىرىنىڭ ئىقتىسادىنى راۋاجلاندۇرۇشىمىز لازىم.
شۇنىڭ بىلەن بىرۋاقىتتا، ئىقتىسادىي خىزمەتنى مەركەز قىلغان-
دا، مىللىي ئىتتىپاقلىقنى كۈچەيتىش، مىللىي تېررىتورىيە-
لىك ئاپتونومىيىنى يولغا قويۇش، ئاز سانلىق مىللەت كادىرلى-

رىنى يېتىشتۈرۈش، مىللىي سىياسەت ۋە نەزەرىيىنى تەتقىق قىلىش، مىللىي مائارىپ، مەدەنىيەت، پەن-تېخنىكا ۋە سەھىيە ئىشلىرىنى راۋاجلاندۇرۇش قاتارلىق جەھەتلەردىكى خىزمەتلەرنى ئومۇمىيۈزلۈك ياخشى ئىشلەشكىمۇ توغرا كېلىدۇ. بۇ خىزمەتلەر بىلەن ئىقتىسادىي خىزمەت بىر-بىرىگە باغلىنىدۇ، بىر-بىرىنى ئىلگىرى سۈرىدۇ. بۇ خىزمەتلەرنى ياخشى ئىشلىگەندىلا، ئىشلەپچىقىرىشنى راۋاجلاندۇرۇش ئۈچۈن تىنچ شارائىت يارىتقىلى، تۇزۇم جەھەتتىن، ئىدىيە جەھەتتىن سوتسىيالىستىك تاۋار ئىگىلىكىنىڭ تەرەققىياتىنى كاپالەتكە ئىگە قىلغىلى ۋە ئىلگىرى سۈرگىلى، ئىقتىسادىي خىزمەتكە زۆرۈر بولغان ھەرخىل خادىملارنى يېتىشتۈرۈپ، ئەقلىي جەھەتتىن مەدەت بەرگىلى بولىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن مىللىي خىزمەتتە ئىككى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنى تەڭ تۇتۇشتا چىڭ تۇرۇش، ھەم ئىقتىسادىي خىزمەتتىن ئىبارەت مەركەزنى چىڭ تۇتۇش، ھەم باشقا خىزمەتلەرنى بوشاشتۇرۇپ قويماسلىق لازىم.

«مىللەتلەرنىڭ باراۋەرلىكى، ئىتتىپاقلىقى، تەرەققىياتى، ئۆزئارا ئۆگىنىشى ۋە ئورتاق بېيىشىنى كۆزلەش»—بىز سوتسىيالىستىك مىللىي مۇناسىۋەتنى راۋاجلاندۇرۇپ، مىللەتلەرنى گۈللەندۈرۈشتە كۆزدە تۇتىدىغان ئاساسىي نۇقتا؛ مىللەتلەرنى ئورتاق گۈللەندۈرۈش— بىزنىڭ مەقسىتىمىز. سوتسىيالىزم مىللەتلەرنىڭ ئورتاق گۈللىنىشىنى شەرت قىلىدۇ. بۇ مىللىي باراۋەرلىك پرىنسىپى بىزگە قويغان ئاساسىي تەلەپ، سوتسىيالىزمنىڭ مىللىي سىياسەت جەھەتتىكى تۈپ مەيدانى. سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشى جەريانىدا، بىر قىسىم

كىشىلەرنىڭ، بىر قىسىم جايلارنىڭ ئالدىن بېيىشىنى، ئاندىن
كۆپچىلىكنىڭ ئورتاق بېيىشىنى تەشەببۇس قىلىمىز. چۈنكى،
ھەرخىل تارىخىي، ئىجتىمائىي ۋە تەبىئىي شارائىتلار ئوخشاش
بولمىغانلىقى ئۈچۈن ھەممە جاي ۋە ھەممە كىشىنىڭ تەڭ بېيىـ
شى مۇمكىن ئەمەس، بەزىلەرنىڭ بالدۇر، بەزىلەرنىڭ كېيىن
بېيىشى تۇرغان گەپ. لېكىن بىزنىڭ مەقسىتىمىز — ئورتاق
بېيىش. خۇددى يولداش دېڭ شياۋپىڭ ئېيتقاندەك: «سوتسىياـ
لىزمنىڭ مەقسىتى ئىككى قۇتۇپقا بۆلۈنۈش ئەمەس، پۈتۈن
مەملىكەت خەلقىنى ئورتاق بېيىتىش. مۇبادا بىزنىڭ سىياسىتىـ
مىز ئىككى قۇتۇپقا بۆلۈنۈشكە ئېلىپ بارىدىغان بولسا، بىز
مەغلۇپ بولىمىز.» ئەنە شۇنداق بولغانلىقى ئۈچۈن، ئالدىن
بېيىغان رايونلار ئارقىدا قالغان رايونلارغا ياردەم بېرىپ ئورتاق
بېيىش يولىغا مېڭىشى لازىم؛ بىرقەدەر ئالغا كەتكەن مىللەتلەرـ
نىڭ بىرقەدەر ئارقىدا قالغان مىللەتلەرگە ياردەم بېرىپ، مىلـ
لەتلەرنىڭ ئورتاق تەرەققىي قىلىشى ۋە ئورتاق گۈللىنىشىنى
ئەمەلگە ئاشۇرۇش مەسئۇلىيىتى بار، بۇ ئىلغار مىللەت پرولېتاـ
رىياتىنىڭ تارىخىي بۇرچى. ھازىر، زور كۆپ ساندىكى ئاز
سانلىق مىللەت رايونلىرىنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىيات سۈرئىتى
پۈتۈن مەملىكەتنىڭ ئوتتۇرىچە تەرەققىيات سەۋىيىسىدىن تۆۋەن،
پەرق چوڭىيىپ قالدى، بۇ رايونلارنىڭ مائارىپ ۋە مەدەنىيىتىمۇ
بىرقەدەر ئارقىدا، مانا بۇلار ئەھمىيەت بېرىشىمىزگە تېگىشلىك
مەسىلىلەردۇر. مىللەتلەرنىڭ ئورتاق بېيىشىنى ئىشقا ئاشۇـ
رۇش ئۈچۈن، ئىجتىمائىي ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنى تىرىـ
شىپ راۋاجلاندۇرۇپ، ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ۋە ئاز سانلىق

مىللەت رايونلىرىنىڭ ئىقتىسادىي ۋە مەدەنىيەت تەرەققىياتىنى تېزلىتىپ، بۇ رايونلارنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىيات سەۋىيىسى بىلەن پۈتۈن دۆلەتنىڭ ئوتتۇرىچە سەۋىيىسى ئوتتۇرىسىدىكى پەرقنى پەيدىنپەي ئازايتىشىمىز، ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىدىكى ئىقتىسادىي تەرەققىيات سەۋىيىسىنى پەيدىنپەي ئۆلغار مىللەتلەرنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىيات ۋە مەدەنىيەت تەرەققىياتى سەۋىيىسىگە يېقىنلاشتۇرۇپ ۋە يېتىشتۇرۇپ، مىللەتلەرنىڭ ئەمەلىيەتتىكى باراۋەرلىكىنى ئىشقا ئاشۇرۇشىمىز لازىم.

## «مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە قانۇنى»نى ئىزچىللاشتۇرۇش ۋە ئەمەلىيلەشتۈرۈش ھەققىدە

مەركىزىي كومىتېتنىڭ 13-نومۇرلۇق ھۆججىتىدە: «‹مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە قانۇنى›نى ھەقىقىي تۈردە ئىزچىللاشتۇرۇش ۋە ئەمەلىيلەشتۈرۈش — قانۇنچىلىق قۇرۇلۇشىدىكى مۇھىم ۋەزىپە» دەپ كۆرسىتىلدى. دۆلىتىمىزنىڭ 1984-يىلى تۈزۈلگەن ۋە يولغا قويۇلغان تۇنجى «مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە قانۇنى» — دۆلىتىمىزنىڭ تۈپ قانۇنلىرىدىن بىرى، دۆلەتنىڭ قانۇنچىلىق قۇرۇلۇشىدىكى زور بىر مۇۋەپپەقىيىتى. ئۇنىڭدا دۆلىتىمىزنىڭ 1947-يىلى ئىچكى موڭغۇل ئاپتونوم رايونىنى قۇرغاندىن بۇيانقى 40 يىل جەريانىدا مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيىنى يولغا قويۇش تەجرىبىلىرى يەكۈنلەنگەن ۋە مۇجەسسەملەنگەن، مىللەتلەرنىڭ باراۋەرلىك بىلەن بىرلىشىش پرىنسىپلىرى ئەڭ ياخشى گەۋدىلەندۈرۈل-

گەن، ئۇنىڭغا ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ئۆز مىللىتىنىڭ ئىچكى ئىشلارنى باشقۇرۇشتا ئۆزىگە ئۆزى خوجا بولۇش روھى سىڭدۈ-رۈلگەن. ئىككى يىلدىن كۆپرەك ۋاقىتتىن بۇيانقى ئەمەلىيەتتىن قارىغاندا، ئۇنۇمى ياخشى بولدى. ئەمما بەزى رايونلاردا، بەزى جەھەتلەردە ئوبدان ئەمەلىيلەشتۈرۈلمىدى. ئەمدى، ھەر دەرى-جىلىك پارتىيە-ھۆكۈمەت تارماقلىرى مەركىزىي كومىتېتنىڭ يوليورۇقىغا ئەمەل قىلىپ، بۇ قانۇننى ئەستايىدىل ئىزچىللاش-تۇرۇشى ۋە ئەمەلىيلەشتۈرۈشى كېرەك.

مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلارنىڭ نۆۋەتتە «مىللىي تېررى-تورىيىلىك ئاپتونومىيە قانۇنى» نى ئىزچىللاشتۇرۇش ۋە ئەمە-لىيلەشتۈرۈشتىكى ئاساسىي ۋەزىپىسى— ئۆزلىرىنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىغا ئاساسەن، ئاپتونومىيە نىزاملىرىنى ياكى ئايرىم نى-زاملارنى تۈزۈپ چىقىش. ھازىر بەزى ئاپتونومىيىلىك جايلار ئاپتونومىيە نىزامىنى ياكى ئايرىم نىزاملارنى تۈزۈپ چىقتى، زور كۆپ ساندىكى ئاپتونومىيىلىك جايلاردا بۇ خىزمەت ئەمدىلا باشلاندى. بىز مەركىزىي كومىتېتنىڭ يوليورۇقىغا ئەمەل قى-لىپ، بۇ خىزمەتنى چىڭ ۋە ئوبدان تۇتۇشىمىز لازىم. ئاپتونو-مىيە نىزامىنى ياكى ئايرىم نىزاملارنى تۈزۈشتە، «مىللىي تېر-رىتورىيىلىك ئاپتونومىيە قانۇنى» نىڭ روھىنى چوقۇم ئۆز مىل-لىتىمىزنىڭ، ئۆز رايونىمىزنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالى بىلەن بىر-لەشتۈرۈپ، كونكرېتلاشتۇرۇشىمىز، مۇھىم مەسىلىلەرنى ياخ-شى ھەل قىلىشىمىز، ئەمەلىي ئۈنۈمگە ئەھمىيەت بېرىشىمىز لازىم.

«مەركىزىي كومىتېت ۋە گوۋۇيۈەننىڭ ھەرقايسى تارماق-

لىرى ۋە مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلاردا تەسىس قىلىنغان بارلىق تارماق ۋە كارخانا ئورۇنلىرى، كەسپىي ئورۇنلىرى ئاپتونومىيە قانۇننى ۋە پارتىيىنىڭ مىللىي سىياسىتىنى ھەقىقىي ئىجرا قىلىشى لازىم.» ھەرقايسى ئالاقىدار تارماقلار، ئورۇنلار ئاپتونومىيە قانۇننى ئىجرا قىلىشتا، مۇھىمى مۇنۇ ئىككى تەرەپتىكى خىزمەتنى ياخشى ئىشلىشى لازىم: بىر تەرەپتىن، «ئاپتونومىيىلىك جايلارنىڭ ئاپتونومىيە ھوقۇقىغا تولۇق ھۆرمەت قىلىشى لازىم»، يەنى ئاپتونومىيە قانۇننىڭ بەلگىلىمىلىرىگە ئاساسەن، ئاپتونومىيىلىك جايلارنىڭ ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرىنى ئىشقا قويۇش، يېتىشتۈرۈش ھوقۇقىغا، ئۆز جايىنىڭ ئىقتىسادىي قۇرۇلۇش ئىشلىرىنى ئورۇنلاشتۇرۇش ھوقۇقىغا، ئۆز جايىنىڭ مالىيىسىنى ئورۇنلاشتۇرۇش ھوقۇقىغا، ئۆز جايىنىڭ مىللىي مائارىپىنى راۋاجلاندۇرۇش ھوقۇقىغا، ئۆز جايىنىڭ ئەدەبىيات، سەنئەت، ئاخبارات، نەشرىيات، رادىئو، تېلېۋىزىيە قاتارلىق مىللىي مەدەنىيىتىنى راۋاجلاندۇرۇش ھوقۇقىغا، ئۆز مىللىتىنىڭ تىل-يېزىقىنى ئىشلىتىش ھوقۇقىغا، ئۆز مىللىتىنىڭ ئۆرپ-ئادىتىنى ساقلاپ قېلىش ياكى ئىسلاھ قىلىش ھوقۇقىغا، مىللەتلەرنىڭ دىنىي ئېتىقاد ئەركىنلىكىگە ھۆرمەت قىلىش ھەققىدىكى ھوقۇقىغا ۋە باشقا ھوقۇقلىرىغا ھۆرمەت قىلىش لازىم. يەنە بىر تەرەپتىن، ئالاقىدار تارماق ۋە ئورۇنلار «ئاپتونومىيىلىك جايلارنىڭ ئىقتىسادىي ھوقۇق-مەنپەئىتىگە ئېتىبار بېرىشى، مەنپەئەتنى ئۆتۈنۈپ ھوقۇق بېرىشى، مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلارنىڭ تەرەققىياتىغا مەدەت بېرىشى ۋە تۈرتكە بولۇشى» لازىم. دۆلەتنىڭ ئاپتونومى-

يىلىك جايلاردا قۇرغان ھەرخىل كارخانىلىرى باج ۋە پايدا
پىرسەنتى ئاجرىتىش، شۇ جايدىكى ئاز سانلىق مىللەتلەردىن
ئىشچى-خىزمەتچى قوبۇل قىلىش، شۇ جايدىكى ئاز سانلىق
مىللەتلەرنىڭ ئىقتىساد ۋە مەدەنىيەت ئىشلىرىنى راۋاجلاندۇ-
رۇشقا ياردەم بېرىش قاتارلىق جەھەتلەردە كونكرېت چارىلەرنى
تۈزۈپ، ئاپتونومىيىلىك جايلارنىڭ ۋە ئاز سانلىق مىللەت خەل-
قىنىڭ مەنپەئىتىگە تولۇق ئېتىبار بېرىشى لازىم. ئىقتىسادىي
تۈزۈلمە ئىسلاھاتى جەريانىدا، تۆۋەنگە چۈشۈرۈشكە بولىدىغانلى-
ـكى كارخانىلارنى مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلارنىڭ باشقۇرۇ-
شىغا چۈشۈرۈپ بېرىش لازىم. يۇقىرىقى ئىككى جەھەتتە ھازىر
ئىشلەشكە تېگىشلىك خىزمەتلەر ناھايىتى كۆپ، ھەر دەرىجىلىك
مىللىي ئىشلار كومىتېتلىرىنىڭ، مىللىي ئاپتونومىيىلىك جاي-
ـلارنىڭ مەركىزىي كومىتېتنىڭ يولىيورۇقىغا ئاساسەن، ئالاقى-
ـدار تارماقلار ۋە ئالاقىدار ئورۇنلار بىلەن ئەستايىدىل ۋە تولۇق
كېڭىشىپ، يېقىندىن ھەمكارلىشىپ، بۇ ئىككى جەھەتتىكى
خىزمەتلەرنى چىڭ ۋە ئوبدان تۇتۇپ، ئۇنۇم ھاسىل قىلىشنى
ئۈمىد قىلىمىز.

«‹مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە قانۇنى› نى يولغا
قويۇشنىڭ ئاچقۇچى ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرىنى يېتىشتۈ-
رۇشتە.» كادىرلارنى «تۆت ئۆلچەمگە سىلىش»تا چىڭ تۇرۇش
شەرتى ئاستىدا، ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرىنىڭ سانىنى ئۇ-
لارنىڭ ئاھالىسى ئىگىلىگەن نىسبەتكە پەيدىنپەي ئاساسەن تەڭ
قىلىش لازىم. بەزى جايلاردا ئاھالە نىسبىتىدە ئۆزگىرىش بول-
غانلىقى تۈپەيلىدىن ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرىنىڭ نىسبىتى

ئاھالە نىسبىتىدىن ئېشىپ كەتكەن بولسا، ئۇنى ئازايتىپ يۇر-
مەسلىك لازىم. ھەر خىل مىللەتلەر ئىنستىتۇتلىرىنى، جۇملى-
دىن ھەرخىل شەكىلدىكى كۇرسلارنى داۋاملىق ياخشى باشقۇ-
رۇپ، ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرىنى تەربىيىلەش ئىشىنى
ياخشى ئىشلەش لازىم. ھازىر بار ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرى-
نىڭ رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇش، ئۇلارغا ئىشىنىش،
ئۇلارنى دادىل ئىشقا قويۇش، كونكرېت تەدبىرلەرنى قوللىنىپ،
ئۇلارنىڭ ئىدىيە، ئەخلاق ۋە پەن-مەدەنىيەت ساپاسىنى ئۆستۈ-
رۈشكە قىزغىن ياردەم بېرىش كېرەك. كادىرلارنىڭ مەنبەسىنى
كېڭەيتىش، يېزىلاردىن مەلۇم مەلۇماتقا ئىگە زىيالىي ياشلارنى
قوبۇل قىلىش يولى بىلەن ئاساسىي قاتلامدىكى ئاز سانلىق
مىللەت كادىرلار قوشۇنىنى تولۇقلاشقا يول قويۇش كېرەك.

ھەر دەرىجىلىك مىللىي ئىشلار كومىتېتلىرى «ئاز سانلىق
مىللەت كادىرلىرى بىلەن كەڭ ئالاقە باغلىشى لازىم.» ئۇلارنىڭ
مىللىي خىزمەت ھەققىدىكى ئوي-پىكىرلىرىنى بىلىشى، مىل-
لىي خىزمەت ھەققىدىكى پىكىرلىرىنى ئاڭلىشى، ئۇلارنىڭ
خىزمىتى ۋە ئۆگىنىشىگە كۆڭۈل بۆلۈشى لازىم. بۇ ۋەزىپىنى
ئەمەلىيلەشتۈرۈش ئۈچۈن، دۆلەت مىللىي ئىشلار كومىتېتى
مەركىزىي كومىتېت تەشكىلات بۆلۈمىنىڭ ماقۇللۇقىنى ئېلىپ،
ئالاقە باغلاشنىڭ دەسلەپكى لايىھىسىنى تۈزۈپ چىقتى. دۆلەت
مىللىي ئىشلار كومىتېتى ئالاقە باغلايدىغان كادىرلارنىڭ دائىرى-
سى تۆۋەندىكىلەردىن ئىبارەت: ئۆلكىلىك، ئاپتونوم رايونلۇق،
مەركەزگە بىۋاستە قاراشلىق شەھەرلىك پارتكوم دائىمىي كومى-
تېتلىرىنىڭ خىزمەتتىكى ئاز سانلىق مىللەت ئەزالىرى، خىز-

مەتتىكى مۇئاۋىن ئۆلكە باشلىقلىرى، مۇئاۋىن رەئىسلەر، خەلق
قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرلىرى، سىيا-
سىي مەسلىھەت كېڭەشىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسلىرىدىن يۇقىرى
دەرىجىلىك كادىرلار؛ مەركەزگە قاراشلىق دۆلەت ئورگانلىرىدى-
كى باش ئىدارە باشلىقى دەرىجىلىك ئاز سانلىق مىللەت كادىرلى-
رى ۋە شۇلار بىلەن تەڭ دەرىجىلىك زاپاس كادىرلار؛ يۇقىرىدا
تىلغا ئېلىنغان بەنزىلەرنىڭ رەھبەرلىك خىزمىتىدىن چېكىنگەن
داڭلىق ئاز سانلىق مىللەت يولداشلار؛ مەلۇم مىللەتنىڭ يېگانە
ئاپتونوم ئوبلاستى ۋە ئاپتونوم ناھىيىسىنىڭ بىرىنچى، ئىككىن-
چى قول رەھبەرلىرى ۋە شۇلار بىلەن تەڭ دەرىجىلىك زاپاس
كادىرلار؛ مەدەنىيەت، مائارىپ، پەن-تېخنىكا قاتارلىق ساھە-
لەردىكى ئاز سانلىق مىللەت مەشھۇر زاتلىرى؛ مىللىي ۋە دىنىي
يۇقىرى قاتلامدىكى ۋەتەنپەرۋەر زاتلار. ھەر دەرىجىلىك مىللىي
ئىشلار كومىتېتلىرى مۇشۇ ئۇسۇلدىن پايدىلىنىپ، ئاز سانلىق
مىللەت كادىرلىرى بىلەن ئالاقە باغلايدىغان مۇناسىپ تەدبىرلەر-
نى قوللانسا بولىدۇ. مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە خىز-
مىتىنى ياخشى ئىشلەش بىلەن بىرۋاقىتتا، 13-نومۇرلۇق ھۆج-
جەتتىكى يوليورۇققا ئاساسەن، تارقاق ۋە ئارىلاش ئولتۇراقلاش-
قان ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ خىزمىتىنىمۇ ياخشى ئىشلەش
لازىم.

## مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى توغرىسىدا

مەركىزىي كومىتېتىنىڭ 13-نومۇرلۇق ھۆججىتىدە: «مىل-
لەتلەرنىڭ بۈيۈك ئىتتىپاقلىقىنى ئۈزلۈكسىز مۇستەھكەملەش

ۋە كۈچەيتىش، تۆتنى زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنى ۋە ئىس-
لاھاتنى ئوڭۇشلۇق ئېلىپ بېرىشنىڭ كاپالىتى، مەنىۋى مەدەنى-
يەت قۇرۇلۇشىنىڭ مۇھىم مەزمۇنى؛ قۇدرەتلىك سوتسىيالىس-
تىك دۆلەت قۇرۇشتىن ئىبارەت ئورتاق غايە مىللەتلەر ئىتتى-
پاقلىقىنى كۈچەيتىشنىڭ ئاساسى» دەپ كۆرسىتىلدى. مىللەت-
لەر مۇناسىۋىتىنى ياخشىلاپ، ئىتتىپاقلاشقاندىلا، ئاندىن
تىنچ-ئىتتىپاقلىق ئاساسىدىكى سىياسىي ۋەزىيەتنى قوغدىغىلى
ۋە مۇستەھكەملىگىلى، ئوبدان شارائىت يارىتىپ، ئىقتىسادىي
تۈزۈلمە، سىياسىي تۈزۈلمە ئىسلاھاتىنى ۋە سوتسىيالىستىك
زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنى ئوڭۇشلۇق ئېلىپ بارغىلى بو-
لىدۇ. مىللەتلەرنىڭ ئىتتىپاقلىقىنى ياخشىلاشتا ئۇنىڭغا ئاساس
بولىدىغان ئورتاق غايە بولۇشى لازىم. مىللەتلەرنى مۇشۇ ئەسىر-
نىڭ ئاخىرىدا ھاللىق سەۋىيىگە يەتكۈزۈش، كېيىنكى ئەسىرگە
بارغاندا، دۆلىتىمىزنى زامانىۋىلاشقان سوتسىيالىستىك دۆلەت
قىلىپ قۇرۇپ چىقىش، كەلگۈسىدە كوممۇنىزمغا قاراپ قەدەم
تاشلاش— بىز 56 مىللەتنىڭ ئورتاق غايىسى. بۇ ئورتاق غايە
بىز 56 مىللەتنى قولغا قولنى تۇتۇشۇپ، بىرلىكتە ئالغا بېسىش
يولىدا ئىتتىپاقلاشتۇرىدۇ.

ھازىر، مەملىكىتىمىزدە مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنىڭ ئومۇ-
مىي ۋەزىيىتى ناھايىتى ياخشى. ئەمما، تىنچ بولۇشقا زىت،
مىللىي ئىتتىپاقلىققا پايدىسىز ئامىللارمۇ مەۋجۇت. بۇ ئامىللار
ئاساسەن مىللەتلەرنىڭ ئىقتىسادىي مەنپەئەتى جەھەتتىكى زىددى-
يەتلەرنىڭ كۆپىيىۋاتقانلىقىدا، ئاز سانلىق مىللەتلەرنى كەمسى-
تىش، ھاقارەتلەش تۈپەيلىدىن تۇغۇلغان ۋەقەلەرنىڭ پات-پات

يۈز بېرىۋاتقانلىقىدا، مىللىي ئىتتىپاقلىققا زىيان يەتكۈزىدىغان بەزى خاتا ئىدىيە ۋە قاراشلارنىڭ كۆرۈلۈۋاتقانلىقىدا ئىپادىلەنمەكتە. ئاز ساندىكى كىشىلەر مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى بۇزىدىغان ھەرىكەتلەرنى ئېلىپ بارماقتا، دۆلەت سىرتىدىكى بۆلگۈنچى كۈچلەر داۋاملىق قالايمىقانچىلىق تۇغدۇرماقتا ۋە دۆلەت ئىچىگە سىڭىپ كىرمەكتە. ئىچكى قىسمىدىمۇ مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى بۇزىدىغان ئىنتايىن ئاز ساندىكى قانۇنسىز ئۇنسۇرلارنىڭ ھەرىكىتى بار. ھازىرقى ئەھۋالغا ئاساسەن، چوقۇم مەركىزىي كومىتېتنىڭ يولىيورۇقىغا ئەمەل قىلىپ، كەڭ كادىرلارغا ۋە ئاممىغا «تۆت ئاساسىي پرىنسىپتا چىڭ تۇرۇش توغرىسىدا، ماركسىزم-لېنىنىزم ۋە ماۋ زېدۇڭ ئىدىيىسىگە خاس مىللەت قارىشى ۋە مىللىي ئىتتىپاقلىق توغرىسىدا، سوتسىيالىستىك ۋەتەنپەرۋەرلىك سۆيۈش، ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى قەتئىي قوغداش توغرىسىدا دائىم چوڭقۇر تەربىيە ئېلىپ بېرىشىمىز لازىم.» مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنىڭ ياخشى ۋەزىيىتىنى تېخىمۇ راۋاجلاندۇرۇپ، ھەر مىللەت خەلقىنى ئىتتىپاقلاشتۇرۇپ بىر نىيەت-بىر مەقسەتتە، ئۇلۇغ ۋەتىنىمىزنى يۈكسەك مەدەنىيەتكە، يۈكسەك دېموكراتىيىگە ئىگە، زامانىۋىلاشقان قۇدرەتلىك سوتسىيالىستىك دۆلەت قىلىپ قۇرۇپ چىقىش ئۈچۈن كۈرەش قىلايلى!

## كۆز ئالدىمىزدىكى بىرنەچچە كونكرېت خىزمەت ھەققىدە

13-نومۇرلۇق ھۆججەتتە: «دۆلەت مىللىي ئىشلار كومى-

تېتى گوۋۇيۈەننىڭ مىللىي خىزمەت جەھەتتىكى فۇنكسىيىلىك تارمىقى، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى ۋە گوۋۇيۈەننىڭ مىللىي خىزمەت جەھەتتىكى مەسلىھەتچىسى ۋە ياردەمچىسى. جايلاردىكى مىللىي ئىشلار كومىتېتلىرى ئۆزى بىلەن تەڭ دەرىجىلىك ھۆ-كۈمەتنىڭ مىللىي خىزمەت جەھەتتىكى فۇنكسىيىلىك تارمىقى، پارتىيە، ھۆكۈمەت رەھبەرلىك ئورگىنىنىڭ مەسلىھەتچىسى ۋە ياردەمچىسى» دەپ كۆرسىتىلدى. دۆلەت مىللىي ئىشلار كومى-تېتى پۈتۈن دۆلەتنىڭ مىللىي خىزمىتىگە يۈزلىنىپ، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى ۋە گوۋۇيۈەننىڭ ھەقىقەتەن ئوبدان مەسلى-ھەتچىسى ۋە ياردەمچىسى بولۇشى لازىم. جايلاردىكى ھەر دەرى-جىلىك مىللىي ئىشلار كومىتېتلىرى ئۆز رايونىدىكى مىللىي خىزمەتكە يۈزلىنىپ، ئۆزى بىلەن تەڭ دەرىجىلىك پارتىيە، ھۆكۈمەت رەھبەرلىك ئورگانلىرىنىڭ ھەقىقەتەن ئوبدان مەسلى-ھەتچىسى ۋە ياردەمچىسى بولۇشى لازىم. مەركىزىي كومىتېت-نىڭ 13-نومۇرلۇق ھۆججىتىنى ئەستايىدىل ئىزچىللاشتۇرۇشقا دائىر ۋەزىپىلەر ناھايىتى كۆپ، ناھايىتى ئېغىر ۋە مۇشكۈل. ئۇنى قەتئىي بەل باغلاپ ئىزچىللاشتۇرۇشىمىز ۋە ئەمەلىيلەشتۈ-رۈشىمىز، ئالاقىدار تارماقلار بىلەن ماسلىشىشقا ۋە ھەمكارلى-شىشقا ئىنتايىن دىققەت قىلىشىمىز لازىم. بىز ئىشلەۋاتقان ۋە ئىشلەش ئالدىدا تۇرغان مۇھىم خىزمەتلەر تۆۋەندىكىلەردىن ئى-بارەت:

(1) مەملىكەتلىك چارۋىچىلىق رايونلىرى خىزمەت يىغى-نىنى ياخشى ئېچىش. گوۋۇيۈەن بۇ يىل 6-ئاينىڭ 2-كۈنى، گوۋۇيۈەننىڭ نامىدا، بېيجىڭدا مەملىكەتلىك چارۋىچىلىق رايون-

لىرى خىزمەت يىغىنى ئېچىشنى تەستىقلاپ ئۇقتۇرۇش چىقار-
دى، يىغىن خىزمىتىگە مەركىزىي كومىتېت شۇجىچۇسىنىڭ
يېزا سىياسىتى تەتقىقات ئىشخانىسى، دېھقانچىلىق، چارۋىچى-
لىق، بېلىقچىلىق مىنىستىرلىكى ۋە دۆلەت مىللىي ئىشلار
كومىتېتى ئورتاق مەسئۇل بولىدۇ، يىغىندا چارۋىچىلىق رايون-
لىرى خىزمىتىدىكى ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشقا ئائىت مەسىلىلەر
نۇقتىلىق ھەل قىلىنىدۇ. ھەر دەرىجىلىك مىللىي ئىشلار كو-
مىتېتلىرىنىڭ بۇ جەھەتتىكى مەسئۇلىيىتى زور، يولداشلارنىڭ
قايتىپ بارغاندىن كېيىن، تەييارلىق خىزمەتلىرىگە پائال قاتنى-
شىپ، چارۋىچىلىق رايونلىرى خىزمەت يىغىنىنىڭ ياخشى ئې-
چىلىشى ئۈچۈن تۆھپە قوشۇشىنى سورايمەن.

(2) «مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە قانۇنى» نىڭ ئىزچىللاشتۇرۇلۇشى ۋە ئەمەلىيلەشتۇرۇلۇشىنى پائال ئىلگىرى سۈرۈش. بىز مەركىزىي كومىتېت بىرلىك سەپ بۆلۈمى ۋە مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى مىللەتلەر كومىتېتى بىلەن بىر-لىكتە، مۇئاۋىن كومىتېت باشلىقى پېڭ چۇڭ، ئاپپې ئاۋاڭجىن-مېيلارنىڭ رىياسەتچىلىكىدە، ئالاقىدار مىنىستىرلىك ۋە كومى-تېتلارنىڭ «مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە قانۇنى» نى ئىزچىللاشتۇرۇش توغرىسىدىكى دوكلاتلىرىنى ئاڭلىدۇق، بىز يەنە ھەرقايسى ئۆلكە ۋە رايونلارغا «مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە قانۇنى» نىڭ يولغا قويۇلۇش ئەھۋالىنى تەكشۈرۈش ئۈچۈن بىرلەشمە تەكشۈرۈش گۇرۇپپىلىرىنى ئەۋەتمەكچى. جاي-لاردىكى مىللىي ئىشلار كومىتېتلىرىنىڭ بۇ خىزمەتنى ئالاقىدار تارماقلار بىلەن بىرلىكتە زور كۈچ بىلەن ئوبدان تۇتۇشنى

ئۈمىد قىلىمىز.

(3) كېيىنكى يېرىم يىلدا، چېگرا رايونلاردىكى ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىنىڭ تەرەققىيات ئەھۋالىنى تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىشقا بەزى تەكشۈرۈش گۇرۇپپىلىرىنى ئەۋەتمەكچىمىز، بۇندىن كېيىن بۇ رايونلارنى قانداق قىلغاندا نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇپ بېيىتىشقا ۋە راۋاجلاندۇرۇشقا بولىدىغانلىقى ھەققىدە بىرقەدەر سىستېمىلىق تەتقىقات ئېلىپ بېرىپ، ئاندىن چارە-تەدبىر قوللىنىپ، ئۇلارنىڭ راۋاجلىنىشىغا ياردەم بەرمەكچىمىز.

(4) توغرا لىنىيىلىك ئىقتىسادىي ئالاقىنى ۋە سىستېمىلار بويىچە ياردەم بېرىش خىزمىتىنى داۋاملىق ياخشى ئېلىپ بېرىش.

(5) نامراتلارنى يۆلەش خىزمىتىنى ئوبدان ئىشلەش.

(6) ھەر مىللەت كادىرلىرى ۋە ئاممىسىنىڭ مىللىي تىل-يېزىق خىزمىتىنى كۈچەيتىش ھەققىدىكى سادالىرى ناھايىتى كۈچلۈك. بۇ ھەقتە ئەتراپلىق تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش ئاساسىدا پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى بىلەن گوۋۇيۈەنگە دوكلات سۇنماقچىمىز. بۇ قېتىمقى يىغىندا بىر ماتېرىيال بېسىپ تارقىتىلدى، كۆپچىلىكنىڭ ئەستايىدىل مۇھاكىمە قىلىپ، پىكىر بېرىشىنى سورايمەن.

(7) مەركىزىي كومىتېتنىڭ 13-نومۇرلۇق ھۆججىتىدىكى تەستىققا بىنائەن، كېلەر يىلى باھار بايرىمىنىڭ ئالدى ياكى كەينىدە مەملىكەتلىك مىللىي ئىتتىپاقلىق بويىچە تەقدىرلەش يىغىنى ئېچىپ، مىللىي ئىتتىپاقلىق، ۋەتەننى قوغداش، ئىق-

تىسادىي قۇرۇلۇش جەھەتتە ۋە مائارىپ، مەدەنىيەت، پەن-تېخ-
نىكا، سەھىيە قاتارلىق قۇرۇلۇشلار داۋامىدا كۆزگە كۆرۈنەر-
لىك نەتىجە قازانغان ئىلغار كوللېكتىپ ۋە ئىلغار شەخسلەرنى
تەقدىرلىمەكچىمىز. ئۆتكەن بىرنەچچە يىل ئىچىدە، كۆپ ساندى-
كى ئۆلكە، ئاپتونوم رايون، مەركەزگە بىۋاسىتە قاراشلىق شە-
ھەرلەر تەقدىرلەش يىغىنلىرىنى ئېچىپ، ئوبدان ئۈنۈم ھاسىل
قىلدى. ئەمدى مۇشۇ ئاساستا، تېخىمۇ تولۇق تەييارلىق كۆ-
رۈپ، بۇ كاتتا يىغىننى ئوبدان ئېچىشىمىز لازىم.

مەركىزىي كومىتېتنىڭ 13-نومۇرلۇق ھۆججىتى تارقىتىل-
دى، مىللىي خىزمەتنىڭ چوڭ-چوڭ فاڭجېنلىرى بەلگىلەندى،
ئەمدى گەپ بىزنىڭ ئىزچىللاشتۇرۇشىمىز ۋە ئەمەلىيلەشتۈرۈ-
شىمىزدە قالدى. ھەر دەرىجىلىك مىللىي ئىشلار كومىتېتلىرى-
نىڭ ئالاقىدار تارماقلار بىلەن ئۆزلۈكىدىن ئالاقە باغلاپ، يې-
قىندىن ھەمكارلىشىپ، ھۆججەتنى يەتكۈزۈش، ئىزچىللاشتۇ-
رۇش ئىشىنى چىڭ تۇتۇپ، ئوبدان ئىشلەپ، مىللىي خىزمەتنى
تېخىمۇ ياخشى ئىشلەشتىن ئىبارەت ئەمەلىي ھەرىكىتىمىز بىلەن
پارتىيىمىزنىڭ 13-قۇرۇلتىيىنىڭ ئېچىلىشىنى كۈتۈۋالايلى!

# يېڭى دەۋردىكى مىللىي خىزمەتنى تىرىشىپ ياخشى ئىشلەيلى*

(1987-يىل 5-ئاينىڭ 28-كۈنى)

پارتىيە 11-نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتىنىڭ 3-ئومۇمىي يىغىنىدىن بۇيان، دۆلىتىمىزنىڭ مىللىي خىزمىتىدە زور مۇۋەپپەقىيەتلەر قولغا كەلدى. يېڭى دەۋردە تەرەققىي قىلىپ ۋە ئۆزگىرىپ بېرىۋاتقان ئوبيېكتىپ ۋەزىيەتكە ئاساسەن، يېڭى ئەھۋال ۋە يېڭى مەسىلىلەرنى كۆزدە تۇتۇپ، مىللىي خىزمەتنى تىرىشىپ ياخشى ئىشلىشىمىز لازىم.

## مىللىي خىزمەتنىڭ ۋەزىيىتى ناھايىتى ياخشى

ۋەزىيەتكە توغرا باھا بېرىش، خىزمەتنى ياخشى ئىشلەشنىڭ ئالدىنقى شەرتى. دۆلىتىمىزنىڭ مىللىي خىزمىتى پارتىيە 11-نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتىنىڭ 3-ئومۇمىي يىغىنىدىن كېيىن، يېڭى بىر تارىخىي دەۋرگە قەدەم قويۇپ، ئەتراپلىق ۋە تېز ئەسلىگە كېلىش بىلەنلا قالماستىن، نەزەرىيە جەھەتتىمۇ

---

* بۇ ماقالە 1987-يىل 5-ئاينىڭ 28-كۈنى «خەلق گېزىتى» دە ئېلان قىلىنغان.

يېڭى تەرەققىياتقا ئېرىشتى. مەسىلەن، ئىشلەپچىقىرىش ۋاسىتىلىرىگە بولغان مۇلۇكچىلىكنى سوتسىيالىستىك ئۆزگەرتىش ئەمەلگە ئاشۇرۇلغاندىن كېيىن، دۆلىتىمىزدىكى مىللىي مۇناسىۋەتنىڭ ئاساسەن ھەر مىللەت ئەمگەكچى خەلقى ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەت بولىدىغانلىقى ھەققىدىكى نەزەرىيە دۆلىتىمىزدىكى مىللىي مۇناسىۋەتنىڭ ھازىرقى باسقۇچتىكى خاراكتېرىنى ئايدىڭلاشتۇرۇپ، مىللىي مۇناسىۋەت مەسىلىسىگە توغرا مۇئامىلە قىلىش ۋە ئۇنى توغرا ھەل قىلىشقا نەزەرىيىۋى ئاساس سېلىپ بەردى. پارتىيە 11-نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 6-ئومۇمىي يىغىنىنىڭ قارارىدا مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە توغرىسىدا: «مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيىنى يولغا قويۇشتا چىڭ تۇرۇپ، مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيىگە ئائىت قانۇنچىلىق قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىش، ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىنىڭ پارتىيە ۋە دۆلەتنىڭ سىياسەتلىرىنى ئۆز جايىنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىغا قاراپ ئىجرا قىلىشتىكى ئۆزىگە ئۆزى خوجا بولۇش ھوقۇقىنى كاپالەتلەندۈرۈش لازىم» دەپ كۆرسىتىلدى. بۇ بىزنى مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيەنىڭ نىزام ۋە سىياسەتلىرىنى يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا مۇكەممەللەشتۈرۈشكە ۋە يولغا قويۇشقا يېتەكلىدى. 1984-يىلى دۆلىتىمىزنىڭ تۇنجى «مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە قانۇنى»نىڭ بارلىققا كەلگەنلىكى مۇشۇ دەۋردىكى ئەڭ مۇھىم مۇۋەپپەقىيەتتۇر. يەنە مەسىلەن، مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشى جەھەتتە، مەركەزنىڭ تۆت ئاساسىي پرىنسىپتا چىڭ تۇرۇش، چېگرا رايوندىكى ئاز سانلىق مىللەتلەر خىزمىتىنى كۈچەيتىش،

ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى مۇستەھكەملەش، مىللىي مۇناسىۋەتنى ئۈزلۈكسىز تەڭشەش ۋە ياخشىلاش، مىللىي ئىتتىپاقلىقنى كۈ-چەيتىش توغرىسىدا بىر يۈرۈش فاڭجېن ۋە سىياسەتلىرى بار. ئىقتىساد ۋە مەدەنىيەت قۇرۇلۇشى جەھەتتە، مەركەزنىڭ ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىدا سىياسەتنى كەڭ قويۇۋېتىش، بەزى نامرات رايونلاردا باجنى ئۇزاق مۇددەت كېمەيتىپ ئېلىش ياكى كەچۈرۈم قىلىش ھەققىدىكى بەلگىلىمىلىرى، بىرقەدەر تەرەق-قىي قىلغان رايونلارنى ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىغا سىستې-مىلار بويىچە ياردەم بېرىشكە ئۈيۈشتۈرۈش ۋە توغرا لىنىيىلىك ئىقتىسادىي ئالاقىنى كۈچەيتىش توغرىسىدىكى سىياسىتى، دۆ-لەتنىڭ زور كۈچ بىلەن ياردەم بېرىشى ئاستىدا، ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىنىڭ ئۆز كۈچىگە تايىنىپ ئىش كۆرۈشنى ئاساس قىلىپ، ئۆزلىرىنىڭ ھاياتىي كۈچىنى ۋە ئۆزىنى ئۆزى تەرەققىي قىلدۇرۇش ئىقتىدارىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇش، بايلىق جەھەتتىكى ئۈستۈنلۈكىنى جارى قىلدۇرۇش توغرىسىدى-كى سىياسىتى، ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىنىڭ ئىسلاھاتىنى قەتئىي داۋاملاشتۇرۇپ، ئۆز ئەمەلىيىتىگە بىرلەشتۈرۈپ، ھەر خىل شەكىلدىكى ئىشلەپچىقىرىش مەسئۇلىيەت تۈزۈمىنى يولغا قويۇش توغرىسىدىكى سىياسىتى، ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرى-نىڭ ئىشكىنى دۆلەت ئىچى ۋە سىرتىغا ئېچىۋېتىپ، مەبلەغ، تېخنىكا، ئىختىساسلىق خادىم ۋە تەجرىبىلەرنى قوبۇل قىلىپ، ئۆز تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈشى توغرىسىدىكى سىياسىتى ۋە باشقىلار بار. بۇ بىرقاتار توغرا نەزەرىيە ۋە فاڭجېن-سىيا-سەتلەر ھەر مىللەت خەلقىنىڭ سوتسىيالىزم قۇرۇش ئاكتىپلى-

قىنى زور دەرىجىدە قوزغىدى. 6-بەش يىللىق پىلان مەزگىلـ
دە، مەملىكەت بويىچە مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلارنىڭ سانا-
ئەت، يېزا ئىگىلىك ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى يىلىغا ئوتتۇرا
ھېساب بىلەن 9.7% ئۆستى. شەھەر-يېزا ئاھالىسىنىڭ ئەمەـ
لىي ئىستېمال سەۋىيىسى يىلىغا 5%-8% ئۆسۈپ، خەلقىنىڭ
تۇرمۇشى كۆرۈنەرلىك دەرىجىدە ياخشىلاندى، مىللىي مائارىپ،
پەن، مەدەنىيەت، ساقلىقنى ساقلاش قاتارلىق ئىشلار بىرقەدەر
تېز راۋاجلاندى. پۈتۈن مەملىكىتىمىزدىكى ئاز سانلىق مىللەت
رايونلىرىدا سىياسىي ۋەزىيەت تىنچ بولۇۋاتقان، مىللەت
ئىتتىپاقلاشقان، ھەر خىل ئىشلار جۇش ئۇرۇپ راۋاجلىنىۋاتقان
گۈللىنىش مەنزىرىسى بارلىققا كەلدى. مىللەتلەر ئىتـ
جۇمھۇرىيىتىمىز قۇرۇلغاندىن بۇيانقى ئەڭ ياخشى پەيتتە تۇرماقـ
تا. مىللىي خىزمەت ھازىر

## مىللىي مەسىلە ئىنتايىن مۇھىم

مىللىي باراۋەرلىك، مىللىي ئىتتىپاقلىق ۋە مىللەتلەرنىڭ
ئورتاق گۈللىنىشى دۆلەتنىڭ تەقدىرىگە مۇناسىۋەتلىك مۇھىم
مەسىلە. جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ نەچچە مىڭ يىللىق شانلىق
تارىخىنى جۇڭگودىكى مىللەتلەر ئورتاق ياراتقان. جۇڭخۇا خەلق
جۇمھۇرىيىتىنى ھەر مىللەت خەلقى جۇڭگو كوممۇنىستىك پار-
تىيىسىنىڭ رەھبەرلىكىدە ئورتاق كۈرەش قىلىپ بەرپا قىلغان.
كەلگۈسىدە ۋەتىنىمىزنى گۈللەنگەن، ئاۋات، مەدەنىيەتلىك ۋە
قۇدرەتلىك دۆلەت قىلىپ قۇرۇپ، دۇنيا بويىچە ئالدىنقى قاتارغا

ئۆتكۈزۈش 56 مىللەتنىڭ ئىتتىپاقلىشىپ كۈرەش قىلىشىغا باغلىق. مەملىكىتىمىزنىڭ ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىدا مول بايلىقلار بار، بۇ بايلىقلارنى تولۇق ئاچقاندىلا، سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇشنى ئاندىن ئېلىپ بارغىلى بولىدۇ. مەملىكىتىمىزدە 30 نەچچە مىللەت دۆلەت سىرتىدىكى ئۆزى بىلەن ئوخشاش مىللەتلەرگە قوشنا ئولتۇراقلاشقان، چېگرىغا جايلاشقان ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىنىڭ خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەش چېگرا مۇداپىئەسىنى ۋە ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى مۇستەھكەملەشتە ئىنتايىن مۇھىم، مىللىي خىزمەتنى ئوبدان ئىشلەپ، مىللىي مەسىلىنى ئوبدان ھەل قىلىپ، مىللەتلەرنىڭ ئورتاق كۈچىگە تايىنىپ، تۆتنى زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنى بىر نىيەت-بىر مەقسەتتە ئېلىپ بارغاندىلا، ۋەتىنىمىزنىڭ پارلاق ئىستىقبالىغا ئاندىن كاپالەتلىك قىلغىلى بولىدۇ.

## يېڭى دەۋردىكى مىللىي خىزمەتنىڭ باش يېتەكچى ئىدىيىسى ۋە تۈپ ۋەزىپىسى

يېڭى دەۋردىكى مىللىي خىزمەتنىڭ باش يېتەكچى ئىدىيىسى ۋە تۈپ ۋەزىپىسى: تۆت ئاساسىي پرىنسىپتا، ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش، جانلاندۇرۇشتىن ئىبارەت ئاساسىي دۆلەت سىياسىتىدە چىڭ تۇرۇپ، ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىنىڭ ۋە ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ئەمەلىيىتىگە بىرلەشتۈرۈپ، مىللىي باراۋەرلىكنى، مىللىي ئىتتىپاقلىقنى، مىللەتلەرنىڭ ئالغا بېسىشىنى، ئۆزئارا ئۆگىنىپ، ئورتاق بېيىشىنى كۆزدە تۇتۇپ،

ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشنى مەركەز قىلىپ، ئاز سانلىق مىللەتلەر-نىڭ سىياسىي ئىشلىرىنى، ئىقتىسادىنى ۋە مەدەنىيىتىنى ئەتراپ-لىق راۋاجلاندۇرۇپ، سوتسىيالىستىك يېڭىچە مىللىي مۇناسى-ۋەتنى ئۈزلۈكسىز مۇستەھكەملەپ، مىللەتلەرنى ئورتاق گۈللەن-دۈرۈشتىن ئىبارەت. ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىدا تۆت ئاسا-سىي پرىنسىپ تەكىتلەنمىسە، مىللىي ئىتتىپاقلىق زىيانغا ئۇچ-رايدۇ، تىنچ-ئىتتىپاقلىق ئاساسىدىكى سىياسىي ۋەزىيەت بۇز-غۇنچىلىققا ئۇچرايدۇ، ئىسلاھات ۋە ئىشىكنى ئېچىۋېتىش ئىشى تۈپ سىياسىي كاپالەتتىن مەھرۇم بولىدۇ، ھەتتا قىڭغىر يولغا كېتىپ قالىدۇ. ئىسلاھات، ئىشىكنى ئېچىۋېتىش ۋە جانلاندۇ-رۇش تەكىتلەنمىسە، ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىنىڭ سوتسى-يالىستىك قۇرۇلۇشى توختاپ ۋە قاتماللىشىپ قالىدۇ-دە، ئىج-تىمائىي ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنى تولۇق راۋاجلاندۇرۇپ جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش مۇمكىن بولمايدۇ. شۇنىڭ ئۈ-چۈن، ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىدىمۇ ھەم تۆت ئاساسىي پرىنسىپتا چىڭ تۇرۇش، ھەم ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش، جانلان-دۇرۇشتا چىڭ تۇرۇش لازىم. ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىدا تۆت ئاساسىي پرىنسىپتا چىڭ تۇرۇشتا، بۇرژۇئاچە ئەركىنلەش-تۈرۈشكە قارشى تۇرۇش، مۇھىمى ناھىيە دەرىجىلىكتىن يۇقى-رى ئىدارىلەردە ھەر مىللەت كادىرلىرى ۋە ئاممىسىغا پارتىيە رەھبەرلىكى، سوتسىيالىزم يولى، ۋەتەنپەرۋەرلىك، ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى قوغداش ۋە مىللىي ئىتتىپاقلىقنى كۈچەيتىش ھەق-قىدە ئىجابىي تەربىيە ئېلىپ بېرىش كېرەك.

پارتىيە ۋە دۆلەتنىڭ ھەر خىل فاڭجېن ۋە سىياسەتلىرىنى

چوقۇم ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ۋە ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىنىڭ ئەمەلىيىتىگە بىرلەشتۈرۈپ ئىجرا قىلىش كېرەك. پۈتۈن مەملىكەت خاراكتېرلىك چوڭ فاڭجېنلارنىمۇ، مەلۇم بىر ساھەگە ئالاقىدار فاڭجېن-سىياسەتلەرنىمۇ، ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرى ئۆزلىرىنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىغا ئاساسەن، ئاقىدىغان، ئۈنۈملۈك كونكرېت تەدبىر ۋە چارىلەرنى قوللىنىپ ئىزچىللاشتۇرۇشى ۋە ئەمەلىيلەشتۈرۈشى لازىم. بىز نەچچە ئون يىلدىن بۇيانقى مىللىي خىزمەتتە ھاسىل قىلغان ئاساسىي تەجرىبە ئەنە شۇ.

مىللىي خىزمەتتە ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشنى مەركەز قىلىپ، ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ سىياسىي، ئىقتىسادىي ۋە مەدەنىيەت ئىشلىرىنى ئەتراپلىق راۋاجلاندۇرۇش لازىم. ھازىرقى باسقۇچتا، مەملىكىتىمىزدە جۇملىدىن ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىدا ھەل قىلىنىدىغان ئاساسىي زىددىيەت خەلقنىڭ كۈنسېرى ئېشىپ بېرىۋاتقان ماددىي ئېھتىياجى ۋە مەدەنىيەت ئېھتىياجى بىلەن قالاق ئىجتىمائىي ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرى ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەتتىن ئىبارەت. ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنى تەرەققىي قىلدۇرۇپ، ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشنىڭ تەرەققىياتىنى قولغا كەلتۈرگەندىلا، مىللىي مائارىپ، مەدەنىيەت، پەن-تېخنىكا، ساقلىقنى ساقلاش قاتارلىق ئىشلارنىڭ تەرەققىياتى ئۈچۈن ماددىي ئاساس يارىتقىلى، ئاز سانلىق مىللەت خەلقىنىڭ ماددىي ۋە مەدەنىي تۇرمۇشىنى ياخشىلىغىلى ۋە ئۆستۈرگىلى بولىدۇ. ئىقتىسادىي خىزمەتنى مەركەز قىلىش بىلەن بىر ۋاقىتتا، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى كۈچەيتىش، مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونوم-

يىنى يولغا قويۇش، ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرىنى يېتىشتۈ-رۈش، مىللەتلەر ھەققىدىكى نەزەرىيە ۋە سىياسەتلەرنى تەتقىق قىلىش، مىللىي مائارىپ، مەدەنىيەت، پەن-تېخنىكا، ساقلىق-نى ساقلاش ئىشلىرىنى راۋاجلاندۇرۇش قاتارلىق جەھەتلەردىكى خىزمەتلەرنىمۇ ئەتراپلىق ئوبدان ئىشلەش لازىم. بۇ خىزمەتلەر ئىقتىسادىي خىزمەت بىلەن ئۆزئارا باغلىنىدۇ، بىر-بىرىگە تۈرتكە بولىدۇ. بۇ خىزمەتلەرنى ياخشى ئىشلىگەندىلا، ئىشلەپ-چىقىرىشنىڭ راۋاجلىنىشى ئۈچۈن تىنچ مۇھىت يارىتىپ بەرگى-لى، سوتسىيالىستىك پىلانلىق تاۋار ئىگىلىكىنىڭ تەرەققىياتى-نى تۈزۈم، ئىدىيە ۋە نەزەرىيە جەھەتتىن كاپالەتكە ئىگە قىلغىلى ۋە ئالغا سۈرگىلى، ئىقتىسادىي خىزمەت ئۈچۈن تازا ئېھتىياج-لىق ھەر خىل ئىختىساسلىق خادىملارنى تەييارلاپ، ئەقلىي مەدەت بەرگىلى بولىدۇ. شۇڭا مىللىي خىزمەتتە ئىككى مەدەنى-يەت قۇرۇلۇشىنى تەڭ تۇتۇش كېرەك.

سوتسىيالىزم مىللەتلەرنى ئورتاق گۈللەندۈرۈشى لازىم، بۇ مىللىي باراۋەرلىك پرىنسىپى بىزنىڭ ئالدىمىزغا قويغان ئاسا-سىي تەلەپ، سوتسىيالىزمنىڭ مىللىي سىياسەت جەھەتتىكى تۈپ مەيدانى. شۇنداق بولغانلىقى ئۈچۈن، ئالدىن بېيىغان رايون-لار نامرات رايونلارغا ياردەم بېرىپ ئورتاق بېيىش يولىغا مېڭى-شى لازىم؛ ئىلغارراق مىللەتلەرنىڭ بىرقەدەر ئارقىدا قالغان مىللەتلەرگە ياردەم بېرىش مەسئۇلىيىتى بار، مىللەتلەرنى ئور-تاق راۋاجلاندۇرۇش ۋە ئورتاق گۈللەندۈرۈش— ئىلغار مىللەت پرولېتارىياتىنىڭ تارىخىي بۇرچى. ھازىر، كۆپ ساندىكى ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىيات سۈرئىتى

پۈتۈن مەملىكەتنىڭ ئوتتۇرىچە تەرەققىيات سەۋىيىسىدىن تۆۋەن، مائارىپ ۋە مەدەنىيىتىمۇ بىرقەدەر ئارقىدا، بۇلارنىڭ ھەممىسى بىز ئەھمىيەت بېرىشكە تېگىشلىك مەسىلىلەردۇر. مىللەتلەرنى ئورتاق گۈللەندۈرۈش ئۈچۈن، ئىجتىمائىي ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنى تېرىشىپ راۋاجلاندۇرۇپ، ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ۋە ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىنىڭ ئىقتىساد ۋە مەدەنىيەت تەرەققىياتىنى تېزلىتىپ، بۇ رايونلارنىڭ تەرەققىيات سەۋىيىسى بىلەن پۈتۈن مەملىكەتنىڭ ئوتتۇرىچە تەرەققىيات سەۋىيىسى ئوتتۇرىسىدىكى پەرقنى پەيدىنپەي ئازايتىپ، ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ئىقتىساد ۋە مەدەنىيەت تەرەققىياتىنى پەيدىنپەي ئىلغار مىللەتلەرنىڭ ئىقتىساد ۋە مەدەنىيىتىنىڭ تەرەققىيات سەۋىيەسىگە يېقىنلاشتۇرۇپ ۋە يېتىشتۇرۇپ، مىللەتلەرنىڭ ئەمەلىيەتتىكى باراۋەرلىكىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشىمىز لازىم.

## مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە قانۇنىنى ئەستايىدىل ئىزچىللاشتۇرۇش ۋە ئەمەلىيلەشتۇرۇش

«مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە قانۇنى»نى ھەقىقىي تۈردە ئىزچىللاشتۇرۇش ۋە ئەمەلىيلەشتۈرۈش قانۇنچىلىق قۇرۇلۇشىدىكى مۇھىم بىر ۋەزىپە. ئاپتونومىيە قانۇنى دۆلىتىمىزنىڭ تۈپ قانۇنلىرىنىڭ بىرى، بۇ قانۇن يولغا قويۇلغان ئىككى يىلدىن ئارتۇق ئەمەلىيەتتىن قارىغاندا، ئۈنۈمى ياخشى بولدى. ئەمما بەزى جەھەتلەردە ئوبدان ئەمەلىيلەشتۈرۈلگىنى يوق. نۆۋەتتە، مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلارنىڭ ئاپتونومىيە قانۇنىنى

ئىزچىللاشتۇرۇش ۋە ئەمەلىيلەشتۈرۈشتىكى مۇھىم ۋەزىپە-
سى— ئۆزلىرىنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىغا ئاساسەن، ئاپتونومىيە
نىزامىنى ياكى يەككە نىزاملارنى تۈزۈپ چىقىش. ھازىر، بەزى
ئاپتونومىيىلىك جايلار ئاپتونومىيە نىزامىنى ياكى يەككە نىزام-
لارنى تۈزۈپ چىقتى، كۆپ ساندىكى ئاپتونومىيىلىك جايلاردا
بۇ خىزمەت ئەمدىلا باشلىنىۋاتىدۇ، بۇ خىزمەتنى چىڭ تۇتۇپ
ئوبدان ئىشلەش كېرەك. ئاپتونومىيە نىزامىنى ۋە يەككە نىزام-
لارنى تۈزۈشتە، ئاپتونومىيە قانۇنىنىڭ روھىنى چوقۇم شۇ
مىللەتنىڭ، شۇ رايوننىڭ ئەمەلىي ئەھۋالى بىلەن بىرلەشتۈ-
رۈش، كونكرېتلاشتۇرۇش، مۇھىم مەسىلىلەرنى ئوبدان ھەل
قىلىش، ئەمەلىي ئۈنۈمگە ئەھمىيەت بېرىش لازىم.

پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى بىلەن گوۋۇيۈەن يېقىندا:
«مەركىزىي كومىتېتنىڭ ۋە گوۋۇيۈەننىڭ ھەرقايسى تارماقلى-
رى ھەمدە مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلاردا تەسىس قىلىنغان
ھەممە تارماقلىرى ۋە كارخانا-كەسپىي ئورۇنلىرى ئاپتونومىيە
قانۇنىنى ۋە پارتىيىنىڭ مىللىي سىياسىتىنى ھەقىقىي ئىجرا
قىلىشى لازىم» دەپ كۆرسەتتى. ئالاقىدار تارماقلار ۋە ئىدارىلەر
ئاپتونومىيە قانۇنىنى ئىجرا قىلىشتا، مۇھىمى مۇنۇ ئىككى جە-
ھەتتىكى خىزمەتنى ياخشى ئىشلىشى كېرەك: بىرىسى، ئاپتونو-
مىيىلىك جايلارنىڭ ئاپتونومىيە ھوقۇقىغا تولۇق ھۆرمەت قى-
لىش كېرەك. يەنى ئاپتونومىيە قانۇنىدىكى بەلگىلىمىلەرگە ئا-
ساسەن، ئاپتونومىيىلىك جايلارنىڭ ئاز سانلىق مىللەت كادىرلى-
رىنى ئىشقا قويۇش ۋە يېتىشتۈرۈش، ئۆز جايلىرىنىڭ ئىقتىسا-
دىي قۇرۇلۇشىنى ئورۇنلاشتۇرۇش، ئۆز رايونىنىڭ مىللىي ما-

ئارىپ، ئەدەبىيات، سەنئەت، ئاخبارات، نەشرىيات، رادىئو، كىنو، تېلېۋىزىيە قاتارلىق مىللىي مەدەنىيەت ئىشلىرىنى راۋاجلاندۇرۇش، ئۆز مىللىتىنىڭ تىل-يېزىقىنى قوللىنىش، ئۆز مىللىتىنىڭ ئۆرپ-ئادەتلىرىنى ساقلاپ قېلىش ياكى ئىسلاھ قىلىش، مىللەتلەرنىڭ دىنىي ئېتىقاد ئەركىنلىكىگە ھۆرمەت قىلىش دېگەنگە ئوخشاش ھوقۇقلىرىغا تولۇق ھۆرمەت قىلىش لازىم. يەنە بىرسى، ئالاقىدار تارماقلار ۋە ئىدارىلەر ئاپتونومىيىلىك جايلارنىڭ ئىقتىسادىي ھوقۇق-مەنپەئىتىگە ئېتىبار بېرىپ، پايدىنى ئۆتۈنۈپ، ھوقۇق بېرىپ، مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلارنىڭ تەرەققىياتىنى قوللىشى ۋە ئىلگىرى سۈرۈشى لازىم. دۆلەتنىڭ مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلاردا قۇرۇلغان ھەر خىل كارخانىلىرى باج ۋە پايدىدىن پىرسەنت ئايرىش، شۇ جايدىكى ئاز سانلىق مىللەتلەردىن ئىشچى-خىزمەتچى ئېلىش، شۇ جايدىكى ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ئىقتىساد ۋە مەدەنىيەت ئىشلىرىنى راۋاجلاندۇرۇشىغا ياردەم بېرىش قاتارلىق جەھەتلەردە كونكرېت چارىلەرنى تۈزۈشى، ئاپتونومىيىلىك جايلارنىڭ ۋە ئاز سانلىق مىللەت خەلقىنىڭ مەنپەئىتىگە تولۇق ئېتىبار بېرىشى لازىم. ئىقتىسادىي تۈزۈلمە ئىسلاھاتى داۋامىدا، تۆۋەنگە چۈشۈرۈشكە بولىدىغانلىكى كارخانىلارنى مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلارنىڭ باشقۇرۇشىغا چۈشۈرۈپ بېرىش كېرەك.

«مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە قانۇنى» نى يولغا قويۇشنىڭ ئاچقۇچى ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرىنى يېتىشتۈرۈشتە. ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرىنىڭ سانىنى، كادىرلارنى «تۆت ئۆلچەمگە لايىقلاشتۇرۇش» تا چىڭ تۇرۇش شەرتى ئاستى-

دا، پەيدىنپەي ئۇلارنىڭ ئاھالە نىسبىتى بىلەن ئاساسەن باراۋەر قىلىش لازىم. بەزى جايلاردا، ئاھالە نىسبىتىدە ئۆزگىرىش بولغانلىقى تۈپەيلىدىن، ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرىنىڭ نىسبىتى ئاھالە نىسبىتىدىن يۇقىرى بولۇپ قالغان بولسا، ئۇنى تۈۋەنلىتىپ يۇرمەسلىك لازىم. ھەر خىل مىللەتلەر ئىنستىتۇتلىرىنى جۇملىدىن ھەر خىل شەكىلدىكى كۇرسلارنى داۋاملىق ياخشى باشقۇرۇپ، ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرىنى تەربىيىلەش خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەش كېرەك. ھازىر بار ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرىنىڭ رولىنى تولۇق جارى قىلىش، ئۇلارغا ئىشىنىش، ئۇلارنى دادىل ئىشلىتىش، كونكرېت تەدبىرلەرنى قوللىنىپ، ئۇلارنىڭ ئىدىيە-ئەخلاق ۋە پەن-مەدەنىيەت ساپاسىنى ئۆستۈرۈشكە قىزغىن ياردەم بېرىش كېرەك. ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرى ماركسىزم-لېنىنىزملىق نەزەرىيە سەۋىيەسىنى ۋە پەن-مەدەنىيەت سەۋىيىسىنى تىرىشىپ ئۆستۈرۈش، ئامما بىلەن بولۇپمۇ ئۆز مىللىتىنىڭ ئاممىسى بىلەن زىچ ئالاقە باغلىشى، ھەر مىللەت خەلقى ئۈچۈن جان-دىل بىلەن خىزمەت قىلىشى لازىم. خەنزۇ كادىرلار بىلەن ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرى بىر-بىرىگە ئىشىنىشى، بىر-بىرىنى ھۆرمەت قىلىشى، ئۆزئارا ئۆگىنىشى، بىر-بىرىنى قوللىشى، بىر ياقىدىن باش چىقىرىپ، خىزمەتنى ياخشى ئىشلىشى لازىم. كادىرلارنىڭ مەنبەسىنى كېڭەيتىپ، يېزىلاردىن مەلۇم مەدەنىيەت سەۋىيىسىگە ئىگە زىيالىي ياشلارنى تەكلىپ قىلىپ، ئاساسىي قاتلامدىكى ئاز سانلىق مىللەت كادىرلار قوشۇنىنى تولۇقلاشقا يول قويۇش كېرەك.

مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەش بىلەن بىرۋاقىتتا، تارقاق ۋە ئارىلاش ئولتۇراقلاشقان ئاز سانلىق مىللەتلەر خىزمىتىنىمۇ ئەستايىدىل ياخشى ئىشلەش كېرەك.

## مىللەتلەرنىڭ ئىتتىپاقلىقىنى كۈچەيتىش

مىللەتلەرنىڭ بۈيۈك ئىتتىپاقلىقىنى ئۈزلۈكسىز مۇستەھ-كەملەش ۋە كۈچەيتىش— تۆتنى زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشى-نى ۋە ئىسلاھاتنى ئوڭۇشلۇق ئېلىپ بېرىشنىڭ كاپالىتى، مەنى-ۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنىڭ مۇھىم مەزمۇنى؛ قۇدرەتلىك سوتسىيالىستىك دۆلەت قۇرۇشتىن ئىبارەت ئورتاق غايە مىللەت-لەرنىڭ ئىتتىپاقلىقىنى كۈچەيتىشنىڭ ئاساسى. مىللەتلەرنىڭ مۇناسىۋىتى ياخشى بولسا، مىللەتلەر ئىتتىپاقلاشسا، تىنچ-ئىت-تىپاقلىق ئاساسىدىكى سىياسىي ۋەزىيەتنى قوغداپ ۋە مۇستەھ-كەملەپ، ئىقتىسادىي تۈزۈلمە ۋە سىياسىي تۈزۈلمە ئىسلاھاتى-نى، سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنى ئوڭۇش-لۇق ئېلىپ بارغىلى بولىدۇ. مىللىي ئىتتىپاقلىقنى ياخشىلاشتا ئورتاق غايىنى ئاساس قىلىش كېرەك. مىللەتلەرنى مۇشۇ ئە-سىرنىڭ ئاخىرىدا ھاللىق سەۋىيىگە يەتكۈزۈش، كېيىنكى ئە-سىرگە بارغاندا، مەملىكىتىمىزنى سوتسىيالىستىك زامانىۋى مەملىكەت قىلىپ قۇرۇپ چىقىش، كەلگۈسىدە كوممۇنىزمغا قاراپ مېڭىش مىللەتلەرنىڭ ئورتاق غايىسى دېمەكتۇر. بۇ غايە بىز 56 مىللەتنى ئىتتىپاقلاشتۇرۇپ، قولغا قول تۇتۇشۇپ،

ئورتاق ئالغا چامداش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىدۇ.

ھازىر، مەملىكىتىمىزدىكى مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنىڭ ئۇ-مۇمىي ۋەزىيىتى ياخشى. لېكىن ئەنسىزلىك ئامىللىرى ۋە مىل-لىي ئىتتىپاقلىققا پايدىسىز ئامىللارمۇ ساقلانماقتا. كەڭ كادىر-لار بىلەن ئاممىغا تۆت ئاساسىي پرىنسىپتا چىڭ تۇرۇش، مارك-سىزم-لېنىنىزملىق مىللەت قارىشى، مىللىي سىياسەت ۋە مىل-لىي ئىتتىپاقلىق توغرىسىدا، سوتسىيالىستىك ۋەتىنىمىزنى قىزغىن سۆيۈش، ۋەتەنىنىڭ بىرلىكىنى قوغداش توغرىسىدا دا-ئىم ۋە چوڭقۇر تەربىيە ئېلىپ بېرىشىمىز، ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىنىڭ ياخشى ۋەزىيىتىنى تېخىمۇ راۋاجلاندۇرۇپ، ھەر مىللەت خەلقىنى ئىتتىپاقلاشتۇرۇپ، ئۇلۇغ ۋەتىنىمىزنى يۇك-سەك مەدەنىيەتكە، يۇكسەك دېموكراتىيىگە ئىگە قۇدرەتلىك سوتسىيالىستىك زامانىۋى دۆلەت قىلىپ قۇرۇپ چىقىش ئۈچۈن بىر نىيەت-بىر مەقسەتتە كۈرەش قىلىشىمىز لازىم.

# مەدەنيەتلىك، باي، يېڭى چارۋىچىلىق رايونلىرىنى قۇرۇپ، مىللەتلەرنىڭ ئورتاق تەرەققىي قىلىشى ۋە گۈللىنىشىنى ئىلگىرى سۈرەيلى*

(1987-يىل 6-ئاينىڭ 6-كۈنى)

پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى ۋە گوۋۇيۈەننىڭ سەممىي غەمخورلۇقى ئاستىدا، چارۋىچىلىق رايونلىرىدىكى ھەر مىللەت خەلقى ئۇزاقتىن بۇيان ئارزۇ قىلىپ كەلگەن مەملىكەتلىك چارۋىچىلىق رايونلىرى خىزمەت يىغىنى ئېچىلدى، بۇ بىر مۇھىم يىغىن، بۇ يىغىن چارۋىچىلىق رايونلىرىنىڭ چارۋىچىلىق ئىگىلىكىنى راۋاجلاندۇرۇپ، چارۋىچىلىق رايونلىرىنىڭ ئىككى مەدەنيەت قۇرۇلۇشىنى ئىلگىرى سۈرۈشتە ئىجابىي رول ئوينايدۇ. مەن دۆلەت مىللىي ئىشلار كومىتېتىغا ۋەكالىتەن، يىغىنغا قاتناشقان بارلىق يولداشلارنى قىزغىن قارشى ئالىمەن.

---

* بۇ— يولداش ئىسمايىل ئەھمەدنىڭ مەملىكەتلىك چارۋىچىلىق رايونلىرى خىزمەت يىغىنىدا سۆزلىگەن يازما سۆزى.

يولداش تيەن جيۈن گوۋۋيۈەنگە ۋەكالىتەن چارۋىچىلىق رايونلىرىنىڭ خىزمىتى ۋە چارۋىچىلىق رايونلىرىنىڭ چارۋىچى-لىقىنى راۋاجلاندۇرۇش مەسىلىسى ھەققىدە مۇھىم سۆز قىل-دى، مەن ئۇنىڭغا تامامەن قوشۇلىمەن. دۆلىتىمىزدىكى چارۋى-چىلىق رايونلىرى ئاساسەن ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىدۇر، چارۋىچىلىق رايونلىرىنىڭ خىزمىتى بىلەن مىللىي خىزمەت ئىنتايىن زىچ مۇناسىۋەتلىك. تۆۋەندە، مەن يولداشلارنىڭ پايدى-لىنىشى ئۈچۈن، چارۋىچىلىق رايونلىرىنىڭ خىزمىتى ئۈستىدە مىللىي خىزمەتكە بىرلەشتۈرۈپ توختالماقچىمەن.

# 1

ھازىر، مەملىكىتىمىزدىكى مىللىي خىزمەتنىڭ ۋەزىيىتى ناھايىتى ياخشى، بۇ جۇمھۇرىيىتىمىز قۇرۇلغاندىن بۇيانقى ئەڭ ياخشى مەزگىللەرنىڭ بىرى. پارتىيىمىزنىڭ 11-نۆۋەتلىك مەر-كىزىي كومىتېتى 3-ئومۇمىي يىغىنىدىن كېيىن، 3-ئومۇمىي يىغىنىدىن بۇيانقى لۇشيەن، فاڭجېن، سىياسەتلەر ئەستايىدىل ئىجرا قىلىنغانلىقى ئۈچۈن، مەملىكىتىمىزدىكى مىللىي خىز-مەتتە زور مۇۋەپپەقىيەتلەر قولغا كەلدى، مەملىكەت بويىچە ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىدا تىنچ-ئىتتىپاقلىق ئورناپ، ھەر خىل ئىشلار جۇش ئۇرۇپ راۋاجلىنىپ، گۈللەپ ياشناش مەنزى-رىسى بارلىققا كەلدى. دۆلىتىمىزدىكى چارۋىچىلىق رايونلىرى-نىڭ ۋەزىيىتىمۇ ياخشى، بۇ رايونلاردا ئىشلەپچىقىرىش راۋاجلى-نىپ، چارۋىچىلارنىڭ تۇرمۇشى ياخشىلاندى، ھەر مىللەت خەل-

قى ئىتتىپاقلىشىپ، ئۆزئارا ھەمكارلىشىپ، دوستانە، خۇ-
شال-خۇرام ياشىماقتا. ئەمما، چارۋىچىلىق رايونلىرىدا ئىجتى-
مائىي ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ سەۋىيىسى يەنىلا بىرقەدەر
تۆۋەن بولۇپ، كۆز ئالدىمىزدا مۇزاكىرە قىلىپ جىددىي ھەل
قىلىشقا تېگىشلىك بەزى مەسىلىلەر ساقلانماقتا. ئومۇمەن ئېيت-
قاندا، جۇمھۇرىيىتىمىز قۇرۇلغاندىن بۇيان، چارۋىچىلىق رايون-
لىرىنىڭ خىزمىتىدە زور نەتىجىلەر قولغا كەلدى، چارۋىچىلىق
رايونلىرىنىڭ قىياپىتىدە زور ئۆزگىرىش يۈز بەردى، لېكىن
سەۋەنلىك ۋە ئەگرى-توقايلىقلارمۇ كۆرۈلدى. ئۆتمۈشنى ئەس-
لەپ ئۆتۈش بۈنىڭدىن كېيىنكى خىزمەتلەرنى ياخشى ئىشلەش
ئۈچۈن پايدىلىق.

1953-يىلى مەركىزىي مىللىي ئىشلار كومىتېتى 3-سانلىق
ئەزالار (كېڭەيتىلگەن) يىغىنىنىڭ مەمۇرىي ئىشلار كېڭىشى مۇ-
زاكىرە قىلىپ ماقۇللىغان ۋە ئېلان قىلغان «ئىچكى موڭغۇل
ئاپتونوم رايونى ۋە سۈيپۈەن، چىڭخەي، شىنجاڭ قاتارلىق جايلا-
ردىكى بىرقانچە چارۋىچىلىق رايونلىرىنىڭ چارۋىچىلىق ئىشلەپ-
چىقىرىشى توغرىسىدىكى ئاساسىي خۇلاسىسى» دە، «ئېھتىيات-
چانلىق ۋە پۇختىلا قەدەم بىلەن ئىلگىرىلەش»، «چارۋىچىلىق
ئىشلەپچىقىرىشىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش ۋە راۋاجلاندۇرۇش»
فاڭجېنى تۇزۇلگەندى؛ ئىجتىمائىي ئىسلاھاتتا، «كۈرەش قىل-
ماسلىق، بۆلمەسلىك، سىنىپ ئايرىماسلىق»، «پادىچىلارغىمۇ-
، چارۋىچىلارغىمۇ مەنپەئەت يەتكۈزۈش»، دېموكراتىك
ئىسلاھاتنى تىنچ يول بىلەن ئېلىپ بېرىش، چارۋىدارلار ئىگىلى-
كىنى سېتىۋېلىش سىياسىتى يولغا قويۇلدى ۋە باشقىلار. بۇ

توغرا فاڭجېن ۋە سىياسەتلەرنىڭ يېتەكچىلىكىدە چارۋىچىلىق رايونلىرىنىڭ خىزمىتىدە زور غەلىبە قولغا كەلتۈرۈلدى. 1957-يىلى، چارۋىچىلىق رايونلىرىدا چارۋا ماللارنىڭ تۇياق سانى 50 مىليون 858 مىڭغا يېتىپ، 1949-يىلىدىكى 29 مىليون 165 مىڭ تۇياقتىن 74.4% كۆپەيدى. سەككىز يىلدا ئوتتۇرا ھېساب بىلەن يىلىغا 7.2%تىن كۆپىيىپ باردى، چارۋىچىلارنىڭ تۇرمۇشى كۆرۈنەرلىك ياخشىلاندى ۋە يۇقىرى كۆتۈرۈلدى. 1957-يىلى مەركەز چارۋىچىلىق رايونلىرىنىڭ چارۋىچىلىق ئىشلەپچىقىرىشى بويىچە سۆھبەت يىغىنى ئاچتى، يولداش جۇ دې شەخسەن ئۆزى يىغىنغا كېلىپ سۆز قىلىپ، چارۋىچىلىقنى خەلق ئىگىلىكىنىڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمى، دەپ كۆرسەتتى، پۈتۈن پارتىيىنى ھەرىكەتكە كېلىپ، چارۋىچىلىقنى راۋاجلاندۇرۇشقا چاقىردى. مەركەز يېزا ئىگىلىك مىنىستىرلىكىنىڭ «چارۋىچىلىق ئىشلەپچىقىرىشىنى راۋاجلاندۇرۇش توغرىسىدىكى يوليورۇقى» نى ۋە مەركىزىي مىللىي ئىشلار كومىتېتىنىڭ «چارۋىچىلىقنى سوتسىيالىستىك ئۆزگەرتىش توغرىسىدىكى يوليورۇقى» نى تەستىقلاپ تارقىتىپ، چارۋىچىلىق رايونلىرىدا سوتسىيالىستىك ئۆزگەرتىش ئېلىپ بېرىشقا ۋە ئىشلەپچىقىرىشنى راۋاجلاندۇرۇشقا دائىر بىر قاتار فاڭجېن، سىياسەتلەرنى يەنىمۇ ئىلگىرىلەپ مۇكەممەللەشتۈردى. بىراق، 1957-يىلىنىڭ ئاخىرىدىن باشلاپ، مىللىي خىزمەت ۋە چارۋىچىلىق رايونلىرى خىزمىتىنىڭ يېتەكچى ئىدىيىسىدە «سول» چىللىق خاتالىقى يۈز بەردى، مۇلۇكچىلىك جەھەتتە «بىرىنچىدىن چوڭ، ئىككىنچىدىن ئومۇمىي» دېگەنلەر يولغا قويۇلدى،

سىياسىي جەھەتتە «سىنىپىي كۆرەش تۇتقا» قىلىنىپ، سىنىپىي تەركىب قايتا ئايرىلدى؛ ئىقتىسادىي جەھەتتە «ئاشلىق تۇتقا» قىلىنىپ، ئوتلاقلاردا قالايمىقان بوزيەر ئۆزلەشتۈرۈلدى ۋە باشقىلار، نەتىجىدە چارۋىچىلىق ئىشلەپچىقىرىشى ناھايىتى زور زىيانغا ئۇچرىدى. مەملىكەت بويىچە چارۋىچىلىق رايونلىرىدىكى چارۋا ماللارنىڭ كۆپىيىش نىسبىتى بەش يىللىق پىلان مەزگىلىدىكى 7%تىن تۆۋەنلەپ 2.6% كە چۈشۈپ قالدى.

1963 -يىلى، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى مەركىزىي مىللىي ئىشلار كومىتېتى پارتگۇرۇپپىسىنىڭ «ئاز سانلىق مىللەت چارۋىچىلىق رايونلىرىنىڭ خىزمىتى ۋە چارۋىچىلىق رايونلىرىدىكى خەلق گوڭشېلىرىغا ئائىت بەزى سىياسەتلەر توغرىسىدىكى بەلگىلىمە (لايىھە) ھەققىدىكى دوكلاتى» (قىسقارتىلىپ «چارۋىچىلىق رايونلىرىغا ئائىت 40 ماددا» دەپ ئاتىلىدۇ) نى تەستىقلاپ تارقاتتى، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى بىلەن گوۋۇيۈەن يەنە مەملىكەتلىك چارۋىچىلىق رايونلىرى خىزمەت يىغىنىنى چاقىرىپ، نۇقتىلىق ھالدا «سول» چىللىق خاتالىقىنى تۈزەتتى، ئىشلەپچىقىرىش مۇناسىۋەتلىرىنى تەڭشىدى، «چارۋىچىلىقنى ئاساس قىلىش» تا چىڭ تۇرۇش، بوزيەر ئۆزلەشتۈرۈشنى قاتتىق مەنئى قىلىش دېگەنگە ئوخشاش مۇھىم قارارلارنى چىقىرىپ؛ چارۋىچىلىق ئىگىلىكىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش ۋە راۋاجلاندۇرۇشقا كۈچلۈك تۈرتكە بولدى. 1965-يىلىغا كەلگەندە، چارۋا ماللارنىڭ تۇياق سانى 73 مىليون 940 مىڭغا يېتىپ، 1957-يىلدىكىدىن 45.39% كۆپەيدى. 1958-يىلدىن 1965- يىلغىچە بولغان سەككىز يىلدا، ئوتتۇرا ھېساب بىلەن يىلىغا 4.8%تىن

ئېشىپ باردى. «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» دا، چارۋىچىلىق رايونلىرىنىڭ خىزمىتى ئېغىر بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرىدى، ئون يىل ئىچىدە، چارۋا ماللارنىڭ سانى بەش يىلغىچە ئازىيىپ باردى. 1975-يىلى، يولداش دېڭ شياۋپىڭ مەركەزنىڭ خىزمىتىگە رىياسەتچىلىك قىلىۋاتقان مەزگىلدە، مەملىكەتلىك چارۋىچىلىق خىزمىتى سۆھبەت يىغىنىنى چاقىردى، گوۋۇيۈەن «مەملىكەتلىك چارۋىچىلىق رايونلىرى چارۋىچىلىق سۆھبەت يىغىنىنىڭ خاتىرىسى» (گوۋۇيۈەن تارقاتقان [1975] 152-نومۇرلۇق ھۆججەت) نى تەستىقلاپ تارقىتىپ، «چارۋىچىلىقنى ئاساس قىلىش» فاڭجېنىنى ۋە «بوزيەر ئۆزلەشتۈرۈشنى مەنئى قىلىپ، چارۋىچىلىق مەيدانلىرىنى قوغداش» ، چارۋىچىلىق ئىشلەپچىقىرىشىنى راۋاجلاندۇرۇش قاتارلىق سىياسەت، بەلگىلىمىلەرنى تەكىتلىدى. لېكىن، «تۆت كىشىلىك گۇرۇھ» نىڭ بۇزغۇنچىلىقى تۈپەيلىدىن، بۇ توغرا قارارلار يولغا قويۇلماقتا يوق، تەنقىد قىلىندى، چارۋىچىلىق رايونلىرىنىڭ خىزمىتى يەنە بىر قېتىم ئېغىر زىيانغا ئۇچرىدى. 11-نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتنىڭ 3-ئومۇمىي يىغىنىدىن كېيىن، پۈتۈن مەملىكەت ۋەزىيىتىنىڭ تۈپتىن ئۆزگىرىشىگە ئەگىشىپ، چارۋىچىلىق رايونلىرىنىڭ خىزمىتى يېڭى تارىخىي مەزگىلگە قەدەم قويدى، ئىلگىرى ئۇنۇم بەرگەن تۈرلۈك فاڭجېن، سىياسەتلەر يېڭىباشتىن ئەسلىگە كەلتۈرۈلدى، ئىقتىسادىي تۈزۈلمە ئىسلاھاتى ئېلىپ بېرىلىپ، ئائىلىلەر بويىچە ئىگىلىك باشقۇرۇش ئاساس قىلىنغان كۆپ شەكىللىك ئىشلەپچىقىرىش مەسئۇلىيەت تۈزۈمى ئومۇميۈزلۈك ئورنىتىلدى، دۆلەت «يايلاق قانۇنى» نى

ئېلان قىلدى. بۇ بىرقاتار زور تەدبىرلەر ئارقىلىق كەڭ چارۋىچىلارنىڭ ئىشلەپچىقىرىش ئاكتىپلىقى قوزغالدى، ئىشلەپچىقىرىش راۋاجلاندى، چارۋىچىلارنىڭ تۇرمۇشى ياخشىلاندى. 30 نەچچە يىللىق تەرەققىياتتىن قارىغاندا، ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدەپ، چارۋىچىلىق رايونلىرىنىڭ ئەمەلىيىتىنى كۆزدە تۇتۇپ، چارۋىچىلىق رايونلىرىنىڭ مىللىي ئالاھىدىلىكى، رايون ئالاھىدىلىكى ۋە كەسىپ ئالاھىدىلىكىگە ئاساسلىنىپ، چارۋىچىلىق رايونلىرىنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىغا ئۇيغۇن كېلىدىغان لۇشيەن، فاڭجېن ۋە سىياسەتلەرنى تۈزگەنلىكى چاغلاردا، چارۋىچىلىق رايونلىرىنىڭ خىزمىتى ئوڭۇشلۇق ئىلگىرىلىدى، چارۋىچىلىق ئىقتىسادى تېزرەك راۋاجلاندى، خەلقنىڭ تۇرمۇش سەۋىيىسى تېزرەك يۇكسەلدى، مىللەتلەر كۈندىن-كۈنگە روناق تاپتى. چارۋىچىلىق رايونلىرىدىكى مىللەتلەرنىڭ ئىتتىپاقلىقى، مىللەتلەرنىڭ ئىچكى ئىتتىپاقلىقى، ئىجتىمائىي، سىياسىي ۋەزىيەتنىڭ تىنچلىقى تۈرلۈك ئىقتىسادىي سىياسەتلەرنى توغرا ئىجرا قىلىپ، چارۋىچىلىق ئىقتىسادىنى راۋاجلاندۇرۇشنىڭ ئالدىنقى شەرتى ۋە كاپالىتىدۇر. چارۋىچىلىق يېزا ئىگىلىكىدىنمۇ ئاجىز، ئۇ پاراكەندىچىلىككە بەرداشلىق بېرەلمەيدۇ، بىر قېتىم پاراكەندە بولسا، كۆپ يىللارغىچە ئەسلىگە كېلەلمەيدۇ. چارۋىچىلىق رايونلىرى ئىقتىسادىنىڭ ۋە تۈرلۈك ئىشلىرىنىڭ بۇنىڭدىن كېيىن ئىزچىل، مۇقىم سۈرئەتتە راۋاجلىنىشىغا تۈرتكە بولۇش ئۈچۈن، ئىلگىرىكى تەجرىبە-ساۋاقلارنى ئەستايىدىل يەكۈنلىشىمىز ۋە ئەستە ساقلىشىمىز لازىم.

## 2

چارۋىچىلىق رايونلىرىنىڭ چارۋىچىلىق ئىقتىسادىنى راۋاج-
لاندۇرۇش، چارۋىچىلىق رايونلىرىنىڭ قۇرۇلۇشىنى ئوبدان ئې-
لىپ بېرىش— ئېلىمىزدىكى مىللەتلەرنىڭ ئورتاق راۋاجلىنىشى
ۋە گۈللىنىشىگە ئالاقىدار مۇھىم مەسىلە. ئېلىمىزدە بەش چوڭ
چارۋىچىلىق رايونى بار، ئىچكى موڭغۇل چارۋىچىلىق رايونىدا
موڭغۇل، داغۇر، ئېۋېنكىلار توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان؛ چىڭ-
خەي چارۋىچىلىق رايونىدا زاڭزۇ، موڭغۇل، خۇيزۇلار توپلى-
شىپ ئولتۇراقلاشقان؛ شىنجاڭ چارۋىچىلىق رايونىدا قازاق،
ئۇيغۇر، موڭغۇل، خۇيزۇ، قىرغىز، تاجىك شىبەلەر توپلىشىپ
ئولتۇراقلاشقان؛ شىزاڭ ۋە گەنچۇەن چارۋىچىلىق رايونىدا زاڭ-
زۇ، مېنبا، لوبالار ۋە يىزۇ، چياڭزۇ، خۇيزۇ، يۈيگۇ،
دۇڭشياڭلار توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان. چارۋىچىلىق، يېرىم
دېھقانچىلىق، يېرىم چارۋىچىلىق رايونلىرىدا يەتتە مىللەت چار-
ۋىچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىشنى ئاساس قىلىدۇ، توققۇز مىللەت
چارۋىچىلىق بىلەن قوشۇمچە شۇغۇللىنىدۇ. بۇ مىللەتلەرنىڭ
چارۋىچىلىق بىلەن ئىنتايىن زىچ مۇناسىۋىتى بار. چارۋاماللار
ھەم ئۇلارنىڭ ئىشلەپچىقىرىش ۋە تەكرار ئىشلەپچىقىرىش بىلەن
شۇغۇللىنىشتىكى ئىشلەپچىقىرىش ۋاستىسى، ھەم كىيىم-كې-
چەك، ئوزۇق-تۈلۈك، تۇرار-جاي، قاتناش ئېھتىياجىنى قام-
داشتا كەم بولسا بولمايدىغان تۇرمۇش ۋاستىسىدۇر. بۇ مىل-
لەتلەر نەچچە مىڭ يىللاردىن بۇيان، يايلاقتا كۆچىيىپ، يايلاقتا
ياشاپ كەلگەن، چارۋا مال بېقىپ تىرىكچىلىك قىلغان. ھەمدە

«چاي-ئات سودىسى» قىلىشقا ئوخشاش شەكىللەر ئارقىلىق خەن-
زۇ ۋە باشقا مىللەتلەر بىلەن ئىقتىساد ۋە مەدەنىيەت ئالاقىسىنى
قويۇقلاشتۇرغان، ۋەتىنىمىزنىڭ كەڭ زېمىنىنى ئۆزلەشتۈرۈش
ۋە گۈللەندۈرۈش ئۈچۈن، جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ تەرەققىياتى
ئۈچۈن مۇھىم تۆھپىلەرنى قوشقان. ئۇلار ھازىر ۋە بۇنىڭدىن
كېيىن خېلى ئۇزاق ۋاقىتقىچە ئىشلەپچىقىرىش ۋە تۇرمۇشتا
يەنىلا ئاساسەن چارۋىچىلىققا تايىنىدۇ. بۇ مىللەتلەرنىڭ ئالغا
يۈكسىلىشى چارۋىچىلىقنىڭ تەرەققىياتى ۋە چارۋىچىلىقنىڭ
سوتسىيالىستىك زامانىۋىلىشىش جەريانى بىلەن چەمبەرچاس باغ-
لانغان. شۇڭا، چارۋىچىلىق ئىقتىسادىنى راۋاجلاندۇرۇش —
چارۋىچىلىق رايونلىرىدىكى ئاز سانلىق مىللەت خەلقىنىڭ جان-
جان مەنپەئىتى ۋە تۈپ مەنپەئىتىنى كەۋدىلەندۈرىدىغان، شۇ
مىللەتلەرنىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشى، تەرەققىياتى ۋە گۈللە-
نىشىگە ئالاقىدار بولغان مۇھىم مەسىلە.

سوتسىيالىزم جەمئىيىتى مىللەتلەرنىڭ، چوڭ مىللەت يا-
كى كىچىك مىللەت بولۇشىغا، بىرقەدەر تەرەققىي تاپقان مىللەت
ياكى بىرقەدەر ئارقىدا قالغان مىللەت بولۇشىغا قارىماي، ئۇلار-
نىڭ ئورتاق راۋاجلىنىشىغا، ئورتاق گۈللىنىشىگە كاپالەتلىك
قىلىشى كېرەك. بۇ ماركسىزمنىڭ ئاساسىي پرىنسىپى. چارۋى-
چىلىق، يېرىم دېھقانچىلىق، يېرىم چارۋىچىلىق رايونلىرىدىكى
ئون نەچچە مىللەتنىڭ نامرات ۋە قالاق قىياپىتىنى پەيدىنپەي
ئۆزگەرتىشكە، ۋەتەننى راۋاجلاندۇرۇش داۋامىدا، ئۆزلىرىنى
راۋاجلاندۇرۇشقا ياردەم بېرىش — بىزنىڭ مىللىي سىياسەت جە-
ھەتتىكى تۈپ مەيدانىمىزنىڭ بىرى، شۇنداقلا ئىلغار مىللەت

پرولېتارىياتنىڭ شەرەپلىك تارىخىي بۇرچى. يولداش دېڭ
شياۋپىڭ: «سوتسىيالىزمنىڭ مەقسىتى ئىككى قۇتۇپقا بۆلۈ-
نۈشنى پەيدا قىلىش ئەمەس، بەلكى پۈتۈن مەملىكەت خەلقىنى
ئورتاق بېيىتىش. ئەگەر سىياسىتىمىز ئىككى قۇتۇپقا بۆلۈنۈش-
كە ئېلىپ بارىدىغان بولسا، مەغلۇپ بولغىنىمىز شۇ» دەپ
كۆرسەتكەنىدى. شۇڭا، بىز مىللەتلەرنى ئورتاق گۈللەندۈرۈش
مەقسىتىگە يېتىش ئۈچۈن چارۋىچىلىق ئىقتىسادىنى راۋاجلاندۇ-
رۇپ، مەدەنىيەتلىك، باي يېڭى چارۋىچىلىق رايونلىرىنى قۇرۇ-
شىمىز لازىم.

شۇنىڭ بىلەن بىرۋاقىتتا، چارۋىچىلىق ئىقتىسادىنى راۋاج-
لاندۇرۇش، چارۋىچىلىق رايونلىرىنىڭ زامانىۋىلىشىش قۇرۇلۇ-
شىنى تېزلىتىش— ۋەتىنىمىز چېگرا مۇداپىئەسىنى مۇستەھ-
كەملەش، دۆلەتنىڭ بىرلىكىنى قوغداش بىلەن بىۋاستە مۇنا-
سىۋەتلىك. ئېلىمىزنىڭ چارۋىچىلىق رايونلىرىنىڭ كۆپ قىسمى
چېگرىغا جايلاشقان بولۇپ، مۇھىم ستراتېگىيىلىك ئورۇنغا ئى-
گە. تارىختا، چېگرا رايوندىكى ئاز سانلىق مىللەتلەر چەت
ئەلنىڭ تاجاۋۇزىغا قارشى تۇرۇش، ۋەتىنىمىزنىڭ چېگرىسىنى
قوغداش يولىدا ئۇزاق ۋاقىت باتۇرانە كۈرەش قىلغان. جۇمھۇرى-
يىتىمىز قۇرۇلغاندىن كېيىن، ئۇلار سوتسىيالىستىك ۋەتىنى-
مىزنى قوغداش ۋە گۈللەندۈرۈش يولىدىكى كۈرەشلەردە يەنە
يېڭى تۆھپە قوشۇپ، كىشىنى ئىنتايىن تەسىرلەندۈرىدىغان نۇر-
غۇن قەھرىمانلىق داستانلارنى ۋۇجۇدقا كەلتۈردى. چېگرىغا
جايلاشقان چارۋىچىلىق رايونلىرىدىكى ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ
تولىسى چەت ئەللەردىكى ئۆزلىرى بىلەن ئوخشاش مىللەتلەرگە

قوشنا ئولتۇراقلاشقان، ئۇلار ئوخشاپ كېتىدىغان ياكى ئوخشاش ئۆرپ-ئادەت ۋە دىنىي ئېتىقادقا، ئۇرۇق-تۇغقان ۋە دوستلار ئۆزئارا بېرىپ-كېلىش ۋە ئىقتىساد ھەم مەدەنىيەت ئالماشتۇ-رۇش ئەنئەنىسىگە ئىگە. شۇڭا، چارۋىچىلىق رايونلىرىنىڭ ئىق-تىسادىي قۇرۇلۇشى ۋە مەدەنىيەت قۇرۇلۇشى تەرەققىي قىلسا، ئاز سانلىق مىللەتلەر گۈللەنسە، چەت ئەللەردىكى ئاشۇ قوشنا مىللەتلەرگە ۋە قوشنا دۆلەتلەرگە ئوبدان تەسىر كۆرسىتىپ، دۆلىتىمىزنىڭ سوتسىيالىستىك تۈزۈمىنىڭ ئەۋزەللىكىنى ناما-يان قىلغىلى بولىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىرۋاقىتتا، چەت ئەللەرنىڭ بۆلگۈنچىلىك ھەرىكەتلىرىگە ئۈنۈملۈك قارشى تۇرغىلى بولىدۇ. ھازىر چەت ئەللەردە، ئىلگىرى قېچىپ چىقىپ كەتكەن مىللىي بۆلگۈنچى گۇرۇھلار بار، ئۇلار ۋەتەننى پارچىلاش قەستىدىكى جىنايى ھەرىكەتلەرنى داۋاملىق ئېلىپ بارماقتا. شۇڭا، بىز چارۋىچىلىق رايونلىرىدا چارۋىچىلىق ئىقتىسادىنى راۋاجلاندۇ-رۇپ، سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇشنى تېزلەتسەك، ماددىي ۋە مە-نىۋى جەھەتتىن ۋەتىنىمىزنىڭ چېگرا مۇداپىئەسىنى مۇستەھ-كەملەشتە، دۆلەتنىڭ بىرلىكىنى قوغداشتا ئىنتايىن مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە.

## 3

ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشنى مەركەز قىلىپ، چارۋىچىلىق را-يونلىرىنىڭ ھەر خىل قۇرۇلۇش ئىشلىرىنى ئەتراپلىق ئوبدان يولغا قويۇپ، جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش ئۈچۈن تېگىشلىك

تۆھپە قوشۇشىمىز لازىم.

يېقىندا، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى ۋە گوۋۇيۈەن پۈتۈن مەملىكەتكە مەركىزىي كومىتېت بىرلىك سەپ بۆلۈمى بىلەن دۆلەت مىللىي ئىشلار كومىتېتىنىڭ «مىللىي خىزمەتكە ئائىت بىر قانچە مۇھىم مەسىلە ھەققىدىكى دوكلاتى»نى يەنى مەركەز تارقاتقان [1987] 13-نومۇرلۇق ھۆججەتنى تارقاتتى، ھۆججەتتە مەملىكەت بويىچە مىللىي خىزمەتنىڭ ھازىرقى ۋەزىيىتى توغرا مۆلچەرلىنىپ، يېڭى دەۋردىكى مىللىي خىزمەتنىڭ باش يېتەكچى ئىدىيىسى ۋە تۈپ ۋەزىپىسى بەلگىلەندى، مىللىي خىزمەتتىكى بىرقانچە مۇھىم مەسىلىگە دائىر فاڭجېن ۋە سىياسەتلەر ئايدىڭلاشتۇرۇلدى، بۇ ھۆججەت بۇندىن كېيىن خېلى ئۇزاق ۋاقىتقىچە مىللىي خىزمەتكە يېتەكچىلىك قىلىدىغان ھۆججەت. ھۆججەتتە مۇنداق دەپ كۆرسىتىلگەن: يېڭى دەۋردىكى مىللىي خىزمەتنىڭ باش يېتەكچى ئىدىيىسى ۋە تۈپ ۋەزىپىسى: «تۆت ئاساسىي پرىنسىپتا چىڭ تۇرۇش، دۆلەتنىڭ ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش ۋە جانلاندۇرۇشتىن ئىبارەت ئاساسىي سىياسىتىدە چىڭ تۇرۇش، ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىنىڭ ۋە ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ئەمەلىيىتىگە زىچ بىرلەشتۈرۈپ، مىللەتلەرنىڭ بارۋەرلىكىنى، ئىتتىپاقلىقىنى، ئالغا بېسىشىنى، ئۆزئارا ئۆگىنىشىنى، ئورتاق بېيىشىنى كۆزدە تۇتۇپ، ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشنى مەركەز قىلىپ، ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ سىياسىي، ئىقتىسادىي ئىشلىرىنى ۋە مەدەنىيەت ئىشلىرىنى ئەتراپلىق راۋاجلاندۇرۇپ، سوتسىيالىستىك مىللىي مۇناسىۋەتنى ئۈزلۈكسىز مۇستەھكەملەش، مىللەتلەرنىڭ ئورتاق گۈللىنىشىنى ئە-

مەلگە ئاشۇرۇش.»

چارۋىچىلىق رايونلىرىنىڭ ھەر خىل خىزمەتلىرىدە، تۆت ئاساسىي پرىنسىپتا چىڭ تۇرۇش، دۆلەتنىڭ ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش ۋە جانلاندۇرۇشتىن ئىبارەت ئاساسىي سىياستىدە چىڭ تۇرۇش لازىم. دۆلىتىمىزدىكى 55 ئاز سانلىق مىللەت خەلقى كومپارتىيە رەھبەرلىكى بولمىغان بولسا، سوتسىيالىزم يولى بولمىغان بولسا، قەد كۆتۈرۈپ ئازادلىققا ئېرىشەلمەيدۇ. غانلىقىنى، زۇلۇم ۋە ئېكسپىلاتاتسىيىگە ئۇچراپ زۇلمەتلىك كۈنلەردە ياشايدىغانلىقىنى چوڭقۇر چۈشىنىپ يەتتى؛ ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش ۋە جانلاندۇرۇشتا چىڭ تۇرمىغان بولساق، ئاز سان-لىق مىللەت رايونلىرىنىڭ بۈگۈنكىدەك ياخشى ۋەزىيىتىمۇ بار-لىققا كەلمىگەن بولاتتى. تۆت ئاساسىي پرىنسىپتا چىڭ تۇرۇش، بارلىق خىزمەتلەرنى ياخشى ئىشلىشىمىزنىڭ ئاساسى. تۆت ئا-ساسىي پرىنسىپتا چىڭ تۇرۇش دۆلەتنىڭ ئىسلاھات، ئېچىۋې-تىش ۋە جانلاندۇرۇشتىن ئىبارەت ئاساسىي سىياستىدە چىڭ تۇرۇش ئۈچۈن، بۇرژۇئازىيە ئەركىنلەشتۈرۈشكە قەتئىي تەۋرەن-مەي ئۇزاققىچە قارشى تۇرۇشىمىز لازىم. مەركەزنىڭ يوليورۇ-قىنىڭ روھىغا ئاساسەن، چارۋىچىلىق رايونلىرىدا بۇرژۇئازىيە ئەركىنلەشتۈرۈشكە قارشى كۈرەش ئېلىپ بېرىلمايدۇ، پەقەت ناھىيىدىن يۇقىرى دەرىجىلىك ئىدارىلەردە ھەر مىللەت كادىرلى-رىغا ۋە ئاممىغا پارتىيە رەھبەرلىكى، سوتسىيالىزم يولى، مىل-لىي ئىتتىپاقلىقنى كۈچەيتىش ۋە سوتسىيالىستىك ۋەتىنىمىزنى قىزغىن سۆيۈش، ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى قەتئىي قوغداش ھەققىدە ئىجابىي تەربىيە ئېلىپ بېرىلىدۇ.

ئىسلاھاتنى چوڭقۇرلاشتۇرۇش، ئىشىكنى تېخىمۇ كەڭ ئې-
چىۋېتىش، يەنە بىر قەدەم ئىلگىرىلەپ جانلاندۇرۇش كېرەك.
ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش ۋە جانلاندۇرۇشتىن مەقسەت ئىجتىمائىي
ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنى راۋاجلاندۇرۇش. چارۋىچىلىق را-
يونلىرى ئۆزىنى ئۆزى تەمىنلەيدىغان، ئۆزىنى ئۆزى يېرىم تە-
مىنلەيدىغان ھالەتنى ئۆزگەرتىپ، تاۋار قارىشىنى، باشقۇرۇش
ئىدىيىسىنى ۋە رىقابەتلىشىش ئېڭىنى تۇرغۇزۇش ۋە كۈچەيتىش-
كە دىققەت قىلىپ، مەھسۇلاتنىڭ تاۋار نىسبىتىنى ۋە رىقابەت
ئىقتىدارىنى ئاشۇرۇشى ھەمدە شەرت ھازىرلاپ، پىششىقلاپ
ئىشلەش سانائىتىنى راۋاجلاندۇرۇشى لازىم. چارۋىچىلىق رايون-
لىرىنىڭ تاۋار ئىگىلىكىنى راۋاجلاندۇرۇشتا، ئىككى تەرەپتىن
تىرىشىش كېرەك. بىر تەرەپتىن، چارۋىچىلىق رايونلىرىدىكى
ھەر مىللەت خەلقى ئۆز كۈچىگە تايىنىپ ئىش كۆرۈشنى ئاساس
قىلىش روھىنى تولۇق جارى قىلىپ، ئۆز قۇدرىتى بىلەن يا-
شاپ، ئۆزىنى كۈچلەندۈرۈپ، ئۆزلىرىنىڭ ئىچكى ھاياتىي كۈ-
چىنى ئىشقا سېلىپ، ئۆزىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش ئىقتىدارىنى
كۈچەيتىشى لازىم، كۈتۈپ تۇرۇش، يۆلىنىۋېلىش ئىدىيىسىنىڭ
ھەممىسى ئۆز مىللىتىنىڭ تەرەققىياتىغا پايدىسىز. نۆۋەتتە،
چارۋىچىلىق ئىقتىسادىنى راۋاجلاندۇرۇش خىزمىتىدە ھەر خىل
شەكىلدىكى ئىشلەپچىقىرىش مەسئۇلىيەت تۈزۈملىرىنى مۇقىم-
لاشتۇرۇش ۋە پەيدىنپەي مۇكەممەللەشتۈرۈش ئىشىنى ئالاھىدە
ياخشى تۇتۇپ، چارۋىچىلارنىڭ چارۋا ماللارنى ۋە ئوتلاقلارنى
باشقۇرۇش ئىشەنچىنى ئاشۇرۇش، سېلىنمىنى كۆپەيتىپ، تەك-
رار ئىشلەپچىقىرىشنى كېڭەيتىش لازىم. شۇنىڭ بىلەن بىرۋا-

قىتتا، ئىشكنى دۆلەت سىرتىغىمۇ، دۆلەت ئىچىگىمۇ ئېچىۋې-
تىش ئىشىنى ئوبدان يولغا قويۇپ، توغرا لىنىيىلىك ئىقتىسا-
دىي ئالاقىنى كۈچەيتىپ، مەبلەغ، تېخنىكا ۋە ئىختىساسلىق
خادىملارنى كىرگۈزۈش لازىم. ئىقتىسادىي ئالاقە داۋامىدا ئۆزئا-
را مەنپەئەت يەتكۈزۈشكە دىققەت قىلىپ، مىللىي ئىتتىپاقلىقنى
كۈچەيتىش خىزمىتىنى ئوبدان ئىشلەش لازىم. چېگرا رايونلاردا
چېگرا سودىسىنى يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا راۋاجلاندۇرۇش،
چېگرا ئاھالىسىنىڭ ئۆزئارا سودىسىنى قانات يايدۇرۇش لازىم.
يەنە بىر تەرەپتىن، چارۋىچىلىق رايونلىرىنىڭ تەرەققىياتى دۆ-
لەتنىڭ داۋاملىق زور كۈچ بىلەن ياردەم بېرىشىگە مۇھتاج.
سىياسەتتە چارۋىچىلىق رايونلىرىغا تېخىمۇ كەڭ بولۇش، باج،
باھا، سېلىنما، قەرز پۇل، ماددىي ئەشيا بىلەن تەمىنلەش
جەھەتلەردە چارۋىچىلىق رايونلىرىغا كۆپرەك ئېتىبار بېرىش
كېرەك. يەنە ھەر خىل تېخنىك خادىملارنى، مەسىلەن مال
دوختۇرى، ئوقۇتقۇچى قاتارلىقلارنى چارۋىچىلىق رايونلىرىنىڭ
تەرەققىياتىغا ياردەم بېرىشكە ئىلھاملاندۇرۇش ۋە تاللاپ ئەۋەتىش
كېرەك. دۆلەت ۋە جايلارنىڭ مىللىي رايونلاردا قۇرغان ھەر
خىل كارخانىلىرى، شۇ جايدىكى ئاز سانلىق مىللەتلەر بىلەن
بولغان مۇناسىۋەتنى ئوبدان بىر تەرەپ قىلىشقا دىققەت قىلىشى،
ئاممىنىڭ نامراتلىقتىن قۇتۇلۇپ بېيىشىغا يار-يۆلەك ۋە تۈرتكە
بولۇش لازىم. ئاز سانلىق مىللەت خەلقى دۆلەتنىڭ چارۋىچىلىق
رايونلىرىدا يولغا قويغان ھەر خىل ئىشلىرىنى ئىمكانىيەتنىڭ
يېتىشىچە قوللاپ، ئادەم كۈچى ۋە ماددىي كۈچ قاتارلىق جەھەت-
لەردىن پائال ماسلىشىشى ۋە ياردەم بېرىشى لازىم.

چارۋىچىلىق رايونلىرى ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشنى مەركەز قىلىشتا چىڭ تۇرۇش بىلەن بىرۋاقىتتا، مائارىپ، مەدەنىيەت، پەن-تېخنىكا، ساقلىقنى ساقلاش قاتارلىق ئىشلارنى راۋاجلاندۇرۇش خىزمىتىنى ئەتراپلىق ياخشى ئىشلىشى لازىم. مىللىي مائارىپنى راۋاجلاندۇرۇشتا، ئوتتۇرا، باشلانغۇچ سەۋىيىدىكى يارامىلىق خادىملارنى يېتىشتۈرۈشنى ئاساس قىلىش، ئوقۇش ياردەم پۇلىنى ۋە مەكتەپتە يېتىپ ئوقۇش تۈزۈمىنى ئاساس قىلغان مىللىي ئوتتۇرا، باشلانغۇچ مەكتەپلەرنى ياخشى باشقۇرۇش لازىم. چارۋىچىلىق رايونلىرىنىڭ ئاساسىي ئاجىز بولغاچقا، مەجبۇرىي مائارىپ تۈزۈمىنى يولغا قويۇش ۋاقتىنى ئۇزاقراق قىلسا بولىدۇ، بۇنى ھەر جاي ئۆز ئەھۋالىغا قاراپ ئورۇنلاشتۇرسا بولىدۇ. ئوقۇش-ئوقۇتۇشتا مىللىي تىل-يېزىقنى قوللىنىشقا دىققەت قىلىش، «قوش تىللىق ئوقۇتۇش» نى ئوبدان يولغا قويۇش لازىم. چارۋىچىلىق رايونلىرى بىر قىسىم خادىملارنى تاللاپ ئىچكى ئۆلكىلەردىكى ئالىي مەكتەپلەرنىڭ تەربىيىلەپ بېرىشىگە ئەۋەتسە بولىدۇ، ئۇلار ئوقۇشنى تاماملىغاندىن كېيىن چارۋىچىلىق رايونىغا قايتىپ كېلىپ ئىشلىسۇن. چارۋىچىلىق رايونلىرىنىڭ ئالاھىدىلىكى ۋە ئېھتىياجىغا ئاساسەن، لېكتورلار ئۆمىكى، پەننى ئومۇملاشتۇرۇش ئەترىتى، ئەدەبىيات-سەنئەتچىلەر ئەترىتى، كىنو-سىنئالغۇ قويۇش ئەترىتى، داۋالاش ئەترىتى قاتارلىقلارنى تەشكىللەپ، چارۋىچىلىق رايونلىرىغا پەن، مەدەنىيەت بىلىملىرىنى تارقىتىش، كېسەلنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە كېسەل داۋالاش، شۇنىڭ بىلەن بىللە شۇ رايونلارغا ياردەم بېرىپ ئىختىساسلىق خادىملارنى يېتىشتۈرۈپ

بىرىش ئۇچۇن ئەۋەتىش لازىم. بۇنىدىن كېيىن، چارۋىچىلىق رايونلىرىنىڭ مەدەنىيەت مۇئەسسەسە قۇرۇلۇشىنى پەيدىنپەي كۈچەيتىش، رادىئو-تېلېۋىزىيىنىڭ قاپلاش نىسبىتىنى ئاشۇ-رۇش لازىم. تازىلىق شارائىتى ۋە تۇرار جاي شارائىتىنى پەيدىن-پەي ياخشىلاپ، چارۋىچىلىق رايونلىرىدىكى يەرلىك كېسەللىك-لەر، يۇقۇملۇق كېسەللىكلەر ۋە دائىم ئۇچرايدىغان كېسەللىك-لەر بىلەن ئاغرىش نىسبىتىنى ئازايتىش، تازىلىققا رىئايە قىلى-دىغان يېڭى ئادەتلەرنى تەشەببۇس قىلىش لازىم.

چارۋىچىلىق رايونلىرى ئومۇمەن مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلار تەۋەسىگە جايلاشقان، پۈتۈن مەملىكەت بويىچە چارۋىچى-لىق، يېرىم دېھقانچىلىق، يېرىم چارۋىچىلىق رايونى قاراشلىق 266 ناھىيىدىن 223 ناھىيە مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلارغا قارايدۇ. «مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە قانۇنى» ۋە «يايلاق قانۇنى» نى ئىزچىللاشتۇرۇش ۋە ئەمەلىيلەشتۇرۇش چارۋىچىلىق رايونلىرىنىڭ دېموكراتىيە ۋە قانۇنچىلىق قۇرۇلۇ-شىدىكى مۇھىم ۋەزىپە. يۇقىرى دەرىجىلىك ھۆكۈمەتلەر چارۋى-چىلىق رايونلىرىدىكى ئاپتونومىيىلىك جايلارنىڭ ئاپتونومىيە قانۇنىغا ئاساسەن ھەممە ئاپتونومىيە ھوقۇقلىرىنى يۈرگۈزۈشىگە كاپالەتلىك قىلىشى لازىم. ھەر دەرىجىلىك ھۆكۈمەت ۋە ئالاقى-دار تارماقلار، «يايلاق قانۇنى» دىكى بەلگىلىمىلەرگە ئاساسەن، يايلاقلارنى قانۇن بويىچە قوغدىشى، باشقۇرۇشى، ئىشلىتىشى ۋە ئوبدان قۇرۇشى لازىم. چارۋىچىلىق رايونلىرىدىكى مىللىي ئاپ-تونومىيىلىك جايلار شۇ يەرنىڭ ئەمەلىيىتى ۋە ئالاھىدىلىكىگە بىرلەشتۈرۈپ، ئاپتونومىيە نىزاملىرىنى ياكى يەككە نىزاملارنى

تۇزۇپ، ئاپتونومىيە قانۇنىدا بەلگىلەنگەن ئۆتەشكە تېگىشلىك مەجبۇرىيەت ۋە تۈرلۈك ئاپتونومىيە ھوقۇقلىرىنىڭ ئەمەلىيلە-شىشىگە ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىشى لازىم. ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرىنى يېتىشتۈرۈش خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەش لازىم، بۇ — مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيىنى يولغا قويۇشنىڭ ئاچقۇچى، چارۋىچىلىق رايونلىرىدا ھازىر كادىرلارنىڭ سانى ئاز، بىلىم سەۋىيىسى بىرقەدەر تۆۋەن. ھازىر بار كادىرلارنىڭ بىلىم سەۋىيىسىنى ۋە ئىگىلىك باشقۇرۇش ئىقتىدارىنى، ئىدى-يە-ئەخلاق سۈپىتىنى ئۆستۈرۈشكە ھەر خىل تەدبىرلەر بىلەن ياردەم بېرىش لازىم. چارۋىچىلىق رايونلىرىدىكى چارۋىچى زىيا-لىي ياشلار ئىچىدە بىر تۈركۈم ئىشچى-خىزمەتچىلەرنى قوبۇل قىلىپ ئاساسىي قاتلام كادىرلار قوشۇنىنى تولۇقلاشقا يول قو-يۇش كېرەك.

مىللەتلەر ئوتتۇرىسىدىكى ۋە ھەربىر مىللەتنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى ئىتتىپاقلىقنى داۋاملىق كۈچەيتىپ، تىنچ ئىتتىپاق-لىق ۋەزىيىتىنى يەنىمۇ ئىلگىرىلەپ راۋاجلاندۇرۇشىمىز لازىم. بۇ — چارۋىچىلىق ئىقتىسادىنى راۋاجلاندۇرۇپ، چارۋىچىلىق رايونلىرىنىڭ ھەر خىل قۇرۇلۇشىنى ياخشى يولغا قويۇشنىڭ كاپالىتى. ھەر مىللەت كادىرلىرىغا ۋە ھەر مىللەت خەلقىگە مىللىي سىياسەت ۋە مىللىي ئىتتىپاقلىق ھەققىدە، مارك-سىزم-لېنىنىزملىق مىللەت قارىشى ھەققىدە، ھەر مىللەت خەلقىنىڭ قۇدرەتلىك سوتسىيالىستىك زامانىۋى دۆلەتنى بىر-لىكتە قۇرۇپ چىقىشتىن ئىبارەت ئورتاق غايە ھەققىدە تەربىيە ئېلىپ بېرىپ، مەملىكىتىمىزدىكى مىللەتلەرنىڭ ئۇيۇشۇش كۈ-

چىنى ئۇزلۇكسىز ئاشۇرۇشىمىز لازىم. مىللەتلەر ئوتتۇرىسىدا ۋە مىللەتلەرنىڭ ئىچكى قىسمىدا ئوتلاق، تاغ ۋە ئورمانلىقلارغا ئىگىدارچىلىق قىلىش هوقۇقى ۋە كان بايلىقىنى ئېچىش قاتار-لىق جەھەتلەردە يۈز بەرگەن ماجىرالارنى ئوبدان كېلىشتۈرۈش يولى بىلەن ئادىل ۋە مۇۋاپىق بىر تەرەپ قىلىش لازىم. هازىر مەملىكىتىمىزدىكى مىللەتلەرنىڭ مۇناسىۋىتى ئاساسەن ئەمگەك-چى خەلق ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتكە ياتىدۇ، شۇڭا ھەر خىل زىددىيەت ۋە ماجىرالارنى قېرىنداشلارچە ھېسسىيات، ئۆزئارا يول قويۇش ۋە ئۆزئارا چۈشىنىش روھى بويىچە ھەل قىلىش، زىددىيەت ۋە ماجىرالارغا چېكىدىن ئاشقان ئۇسۇللار بىلەن مۇئا-مىلە قىلىشتىن ساقلىنىش لازىم.

يولداشلار، دۆلەت مىللىي ئىشلار كومىتېتى بۇندىن بۇرۇن گوۋۇيۈەننىڭ يېزا ئىگىلىكىنى باشقۇرغۇچى تارماقلىرىغا ماسلا-شىپ، چارۋىچىلىق رايونلىرىغا بەزى خىزمەتلەرنى ئىشلىدى: بۇندىن كېيىن تېخىمۇ تىرىشىپ، مۇناسىۋەتلىك مىنىستىرلىك-لەر گوۋۇيۈەننىڭ يېزا تەرەققىيات تەتقىقات مەركىزى قاتارلىق باشقۇرۇش تارماقلىرى بىلەن بىرلىكتە، چارۋىچىلىق رايونلىرد-نىڭ خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەش، چارۋىچىلىق رايونلىرىنىڭ سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىغا تۈرتكە بولۇپ، چارۋىچىلىق رايونلىرىنىڭ ھەر خىل ئىشلىرىنىڭ راۋاجلىنىد-شى، مىللەتلەرنىڭ ئالغا ئىلگىرىلىشى ۋە گۈللىنىشى ئۈچۈن تېگىشلىك تۆھپە قوشۇشىمىز لازىم.

# تەجرىبىلەرنى ئالماشتۇرايلى، تەكلىپ بېرەيلى*

(1988-يىل 4-ئاينىڭ 25-كۈنى)

مەن ئالدى بىلەن مىللىي ئىتتىپاقلىق ۋە تەرەققىيات بويىچە مەملىكەتلىك ئىلغار كوللېكتىپلار ۋە ئىلغار شەخسلەرنى قىزغىن تەبرىكلەيمەن ۋە سىلەردىن سەمىمىي ھال سورايمەن! يىغىنغا قاتناشقان بارلىق يولداشلارنى قىزغىن قارشى ئالىمەن!

بۇ قېتىم مەملىكەت بويىچە جەمئىي 1166 ئورۇن ۋە شەخس تەقدىرلىنىدۇ، بۇلارنىڭ ئىچىدە ئىلغار كوللېكتىپ 65، ئىلغار شەخس 601. بېيجىڭغا كېلىپ مۇشۇ يىغىنغا قاتناشقان ئىلغار كوللېكتىپلارنىڭ ۋەكىلى 245، ئىلغار شەخس 234، قالغان 320 ئىلغار كوللېكتىپ بىلەن 367 ئىلغار شەخسنى تەقدىرلەش ھەرقايسى ئۆلكىلىك، ئاپتونوم رايونلۇق ۋە بىۋاسىتە قاراشلىق شەھەرلىك خەلق ھۆكۈمەتلىرىگە ھاۋالە قىلىنىدى. بۇنىڭدىن باشقا، مىللىي ئىتتىپاقلىق ۋە تەرەققىيات ئىشلىرىدا كۆرۈنەرلىك نەتىجە ياراتقان 23 يولداش يىغىنغا ئالاھىدە تەكلىپ قىلىندى. مۇشۇ ئىلغار كوللېكتىپ ۋە ئىلغار شەخسلەر ھەر قايسى

* بۇ— يولداش ئىسمايىل ئەھمەدنىڭ مىللىي ئىتتىپاقلىق ۋە تەرەققىيات بويىچە مەملىكەتلىك تەقدىرلەش يىغىنىنىڭ ئېچىلىش مۇراسىمىدا سۆزلىگەن سۆزى.

ئۆلكە، ئاپتونوم رايون، بىۋاسىتە قاراشلىق شەھەرلەردىن ۋە 35 مىنىستىرلىك-كومىتېتتىن، سەككىز دېموكراتىك پارتىيە-گۇرۇھتىن، تۆت خەلق تەشكىلاتىدىن شۇنىڭدەك جۇڭگو خەلق ئازادلىق ئارمىيىسى ۋە قوراللىق ساقچى قىسىملىرىدىن سايلانغان. ئۇلار مەملىكەت بويىچە 56 مىللەتتىن تەركىب تاپقان. ئۇلارنىڭ بەزىلىرى مىللەتلەرنىڭ ئۆزئارا ئىتتىپاقلىقى ۋە ئىچكى ئىتتىپاقلىقى جەھەتتە كۆرۈنەرلىك نەتىجە ياراتقان، بەزىلىرى ئىسلاھات ئېلىپ بېرىش، ئىشىكنى ئېچىۋېتىش، تىرىشىپ ئەمگەك قىلىپ بېيىش جەھەتتە ئۈلگە كۆرسەتكەن، بەزىلىرى ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىنىڭ ئىقتىساد، مەدەنىيەت ۋە مائارىپ ئىشلىرىنىڭ تەرەققىياتىغا ئالاھىدە تۆھپە قوشقان، بەزىلىرى ۋەتىنىمىزنىڭ چېگرىسىنى قوغداش ۋە چەت ئەل تاجاۋۇزچىلىرىغا قارشى تۇرۇش كۈرىشىدە خىزمەت كۆرسەتكەن، بەزىلىرى ۋەتەننى پارچىلاشقا قارشى تۇرۇپ، ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى قوغداش يولىدا باتۇرانە كۈرەش قىلغان.

جۇمھۇرىيىتىمىز قۇرۇلغاندىن بۇيان مىللىي ئىتتىپاقلىق ۋە تەرەققىيات بويىچە مۇشۇنداق تەقدىرلەش يىغىنىنىڭ تۆنجى قېتىم ئېچىلىشى پۈتۈن مەملىكەت خەلقىنىڭ سىياسىي ھاياتىدىكى چوڭ ئىش، شۇنداقلا بۇ مىللىي ئىتتىپاقلىق ۋە تەرەققىيات ئىشلىرىمىزنىڭ كۆرىكى، يەكۈنى ۋە كۈچلۈك تۈرتكىسى!

دۆلىتىمىز 56 مىللەتنى ئۆز ئىچىگە ئالغان كۆپ مىللەتلىك دۆلەت، بۇ — دۆلىتىمىزنىڭ ئاساسىي ئەھۋاللىرىدىن بىرى. مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى ياخشىلاپ، مىللەتلەرنىڭ تەرەققىياتىنى تېزلىتىش، سوتسىيالىستىك يېڭى مىللىي مۇناسىۋەتنى

ئۆزلۈكسىز راۋاجلاندۇرۇپ، مىللەتلەرنى ئورتاق گۈللەن-
دۈرۈش— جەمئىيەتنىڭ، ئىقتىسادنىڭ گۈللىنىشىگە ۋە دۆلەت-
نىڭ روناق تېپىشىغا مۇناسىۋەتلىك زور مەسىلە. پارتىيە
11 -نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتىنىڭ 3-ئومۇمىي يىغىنىدىن
بۇيان، دۆلىتىمىزدە ئىسلاھات ئېلىپ بېرىلىپ، غايەت زور
ئۇنۇم ھاسىل قىلىندى، سىياسىي، ئىقتىسادىي جەھەتلەردىكى
ۋە مەدەنىيەت جەھەتتىكى قۇرۇلۇش ئىشلىرىمىز جۇش ئۇرۇپ
راۋاجلانماقتا. مۇشۇ ئومۇمىي ۋەزىيەت ئاستىدا، دۆلىتىمىزنىڭ
مىللىي خىزمىتىدىمۇ زور ئۇتۇقلار قولغا كېلىپ، گۈللەپ
ياشناش مەنزىرىسى نامايان بولدى، بۇ ياخشى ۋەزىيەتنى تېخىمۇ
تەرەققىي قىلدۇرۇپ، مىللىي ئىتتىپاقلىق ۋە تەرەققىيات ئىشلى-
رىنى ئالغا سۈرۈش ئۈچۈن، بۇ يىغىنىمىزدا پارتىيە 11- نۆۋەت-
لىك مەركىزىي كومىتېتىنىڭ 3-ئومۇمىي يىغىنىدىن بۇيان مىل-
لىي خىزمەتتە ھاسىل قىلىنغان تەجرىبىلەر يەكۈنلىنىدۇ ۋە
ئالماشتۇرۇلىدۇ، مىللەتلەرنىڭ ئەھۋالى، مىللىي خىزمەتنىڭ
ئالاھىدىلىكى ۋە قانۇنىيىتىگە بولغان تونۇش چوڭقۇرلاشتۇرۇلى-
دۇ. ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ تەرەققىياتىنى تېخىمۇ تېزلى-
تىش، مىللەتلەرنىڭ ئىتتىپاقلىقىنى كۈچەيتىش، ۋەتەننىڭ
بىرلىكىنى مۇستەھكەملەش، تۆتنى زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇ-
شىنى ئالغا سۈرۈشنىڭ چوڭ پىلانى مۇھاكىمە قىلىنىدۇ. بۇ
يىغىننى ئوبدان ئۆتكۈزۈش ئۈچۈن، ۋەكىللەرنىڭ، يولداشلار-
نىڭ ئېچىلىپ-يېيىلىپ، كەڭ-كۇشادە سۆزلەپ، ئەقىل كۆر-
سىتىپ، تەكلىپ بېرىشىنى، ئورتاق تىرىشچانلىق كۆرسىتىشى-
نى ئۈمىد قىلىمەن!

# ئىدىيىدە تېخىمۇ ئازاد بولۇپ، مىللەت نەزەرىيىسى تەتقىقاتىدا يېڭى ۋەزىيەت يارىتايلى*

(1988-يىل 5-ئاينىڭ 20-كۈنى)

مەن بۈگۈن پايتەختتە ئۆتكۈزۈلگەن مىللەت نەزەرىيىسى سۆھبەت يىغىنىغا قاتناشقانلىقىم ئۈچۈن ناھايىتى خۇشالمەن. ئالدى بىلەن، دۆلەت مىللىي ئىشلار كومىتېتىغا ۋەكالىتەن يىغىنغا قاتناشقان بارلىق يولداشلارغا ئېھتىرام بىلدۈرۈشۈمگە رۇخسەت قىلغايسىزلەر!

بۇ يىل 4-ئاينىڭ ئاخىرى، گوۋۇيۈەن دۆلىتىمىز قۇرۇلغاندىن بۇيان تۇنجى قېتىم مىللىي ئىتتىپاقلىق-تەرەققىيات بويىچە مەملىكەتلىك ئىلغار كوللېكتىپ ۋە ئىلغار شەخسلەرنى تەقدىرلەش يىغىنىنى چاقىردى. دېڭ شياۋپىڭ قاتارلىق پېشقەدەم پرولېتارىيات ئىنقىلابچىلىرى يىغىنغا بېغىشلىما يېزىپ، قىممەتلىك ئارزۇ-ئۈمىدلىرىنى بىلدۈردى. پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى، مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى

* بۇ— يولداش ئىسمايىل ئەھمەدنىڭ پايتەختتە ئۆتكۈزۈلگەن مىللەت نەزەرىيىسى سۆھبەت يىغىنىدا سۆزلىگەن سۆزى.

ۋە گوۋۇيۈەندىكى رەھبەرىي يولداشلار يىغىنىنىڭ ئېچىلىش مۇراسىمىغا ۋە يېپىلىش مۇراسىمىغا قاتناشتى. پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىدىكى رەھبەرىي يولداشلار مۇھىم سۆز قىلىپ، ئېلىمىزنىڭ مىللىي خىزمىتىنىڭ ئاساسىي فاڭجېن ۋە ئاساسىي سىياسەتلىرىنى تەكىتلىدى، ئېلىمىزنىڭ سوتسىيالىزمنىڭ دەسلەپكى باسقۇچىدىكى ئەھۋالىغا ئاساسەن مىللىي مەسىلىنى مۇپەسسەل شەرھلىدى. رەھبەرىي يولداشلار ئۆز سۆزىدە مىللىي مەسىلىنىڭ ھازىرقى دۇنيادا ئومۇمىي خاراكتېر ئالغانلىقى ۋە سوتسىيالىزم دەۋرىدىكى ئۇزاق مۇددەتلىكلىكى ۋە مۇقىملىقى، ئېلىمىزدىكى مىللىي مەسىلىنىڭ نۆۋەتتە كۆپرەك ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىنىڭ ئىقتىساد ۋە مەدەنىيەتنى راۋاجلاندۇرۇشنى جىددىي تەلەپ قىلىشىدا ئىپادىلىنىۋاتقانلىقى، ئىسلاھات-ئېچىۋېتىش ئىشى دۆلەت ۋە مىللەتنىڭ چىقىش يولى ئىكەنلىكى، ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنى راۋاجلاندۇرۇش، مىللەتلەرنى گۈللەندۈرۈش، دۆلەتنى بىرلىككە كەلتۈرۈش ۋە قۇدرەت تاپقۇزۇشنىڭ مەسىلىلەرنى كۆزىتىشتە كۆزدە تۇتۇشقا تېگىشلىك مۇھىم نۇقتا ۋە ھەق-ناھەققە ھۆكۈم قىلىشتىكى ئۆلچەم ئىكەنلىكىنى، روناق تېپىپ گۈللەنگەن مىللەتلەرنىڭ ئىشىكنى ئېچىۋەتكەن مىللەتلەر ئىكەنلىكى، ئىسلاھات-ئېچىۋېتىش ئىشلىرىنىڭ مىللىي مەدەنىيەتنى يېڭى ئاساستا بېيىتىشقا ۋە راۋاجلاندۇرۇشقا تۈرتكە بولىدىغانلىقى، ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىدا سىياسەتنى كەڭ قويۇۋېتىپ، ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنى راۋاجلاندۇرۇشقا پايدىلىق بولغان تۈرلۈك ئۇسۇللارنى سىناق قىلىشقا يول قويۇش لازىملىقى، ھەر مىللەت كادىرلىرىدىن ئاز

سانلىق مىللەت رايونلىرىنىڭ تەرەققىياتىغا ئۇيغۇن كېلىدىغان،
ھاياتىي كۈچكە تولۇپ تاشقان يېڭى تۈزۈلمىنى بەرپا قىلىش
تەلەپ قىلىنىدىغانلىقى، ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىنىڭ تە-
رەققىياتىنى تېزلىتىشكە ياردەم بېرىش ئارقىلىق شەرقىي رايون-
لار بىلەن ئوتتۇرا ۋە غەربىي رايونلار ئوتتۇرىسىدىكى پەرقنى
پەيدىنپەي ئازايتىپ، مىللەتلەرنى ئورتاق بېيىتىش ۋە ئورتاق
گۈللەندۈرۈش لازىملىقى، مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە
قانۇنىنى ئىجرا قىلىشنى ئىقتىسادىي تۈزۈلمە ۋە سىياسىي تۈ-
زۈلمە ئىسلاھاتى بىلەن بىرلەشتۈرۈپ ئوبدان تۇتۇش كېرەكلىكى
توغرىسىدا توختالدى. بۇ بىر قاتار چوڭ-چوڭ مەسىلىلەر ئۈس-
تىدىكى بايانلار ئېلىمىزنىڭ يېڭى دەۋر شارائىتىدا مىللىي مە-
سىلىدە كۆرۈلگەن يېڭى ئەھۋاللار ئۈستىدىكى نەزەرىيىۋى بايان،
ئېلىمىزنىڭ مىللەت نەزەرىيىسى ۋە مىللىي سىياسىتىنىڭ چوڭ-
قۇرلىشىشى ۋە راۋاجى دېمەكتۇر، بۇ بايانلار ئېلىمىزنىڭ مىل-
لەت نەزەرىيىسى ۋە مىللىي سىياسىتىنى تېخىمۇ بېيىتتى،
تېخىمۇ تولۇقلىدى، بۇ بايانلار بۇنىڭدىن كېيىن مىللىي خىزمەت-
نى ئوبدان ئىشلىشىمىزدىكى پروگراما ۋە قىبلىنەما. بۇ قې-
تىمقى يىغىندا، ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىنىڭ ئىسلاھات--
ئېچىۋېتىش ئىشلىرى، ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنى ۋە سوتسى-
يالىستىك تاۋار ئىگىلىكىنى راۋاجلاندۇرۇش، مائارىپ، پەن--
تېخنىكا ئىشلىرىنى راۋاجلاندۇرۇش، ئىختىساس ئىگىلىرىنى
يېتىشتۈرۈش قاتارلىق چوڭ-چوڭ مەسىلىلەر ئۈستىدە، مۇنا-
سىپ سىياسەت-تەدبىرلەر ۋە ئېنىق، كونكرېت تەلەپلەر ئوتتۇ-
رىغا قويۇلدى. پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى بىلەن گوۋۇيۈەننىڭ

زور تەدبىرلىرى ئېلىمىزنىڭ مىللىي خىزمىتىنى يېڭى تەرەققى-
يات باسقۇچىغا يۈكسەلدۈردى، شۇنىڭدەك مىللەت نەزەرىيىسى
ۋە مىللىي سىياسەت تەتقىقاتىنى تېخىمۇ مەزمۇنغا باي، دائىرىسى
تېخىمۇ كەڭ ساھەگە يېتەكلىدى، بۇنىڭ ئۆزى ئېلىمىزنىڭ
مىللەت نەزەرىيىسى، مىللىي سىياسەت تەتقىقاتى ئۇچۇن ئىنتا-
يىن مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە. بىز پۈتۈن مەملىكەتتىكى مىللەت
نەزەرىيىسى خىزمىتى سېپىدە ئىشلەۋاتقان يولداشلاردىن مەر-
كەزدىكى رەھبىرىي يولداشلارنىڭ سۆزىنى ئەستايىدىل ئۆگى-
نىپ، شۇ سۆزلەرنىڭ روھىغا ئاساسەن، مىللەت نەزەرىيىسىگە
دائىر بەزى چوڭ-چوڭ مەسىلىلەر ئۈستىدە قايتا تونۇش ھاسىل
قىلىشنى، تەتقىقاتنى يەنىمۇ چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، نەزەرىيە سەۋى-
يىسىنى ئۆستۈرۈشنى، مىللەت نەزەرىيىسى سىستېمىسىنى بې-
يىتىپ، ئەمەلىيەتكە تېخىمۇ ئوبدان يېتەكچىلىك قىلىش مەق-
سىتىگە يېتىشنى ئۈمىد قىلىمىز.

ئېنگېلسنىڭ «ئىلىم-پەننىڭ يۇقىرى پەللىسىگە چىقماقچى
بولغان بىر مىللەت نەزەرىيىۋى تەپەككۇردىن بىر مىنۇتمۇ ئاي-
رىلماسلىقى لازىم.» دېگەن مەشھۇر سۆزى بار. نەزەرىيە
—ئەمەلىي تەجرىبىنىڭ يەكۇنى، يىغىنچاقلىنىشى ۋە جەۋھىرى،
ئۇ دۇنيانى ئۇقۇم ۋە لوگىكا شەكلى بىلەن ئەكس ئەتتۈرىدۇ.
ئۇنىڭ ۋەزىپىسى— شەيئىلەر تەرەققىياتىنىڭ ئىچكى ماھىيىتى
ۋە ئوبيېكتىپ قانۇنىيىتىنى ئېچىپ بېرىش، كىشىلەرنىڭ دۇن-
يانى ئۆزگەرتىشتىكى قىبلىنامىسى بولۇش. توغرا مىللەت نەزە-
رىيىسى بىزنىڭ جۇڭگودىكى مىللىي مەسىلىنى توغرا ھەل قىلى-
شىمىزدا ھەرىكەت پروگراممىسى ۋە ئەمەلىي قىبلىنامە بولىدۇ.

جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى رەھبەرلىك قىلغان،
مىليونلىغان خەلق ئاممىسى قاتناشقان ئىنقىلاب ۋە قۇرۇلۇش
جەھەتتىكى پۈتكۈل ئەمەلىي پائالىيەت شەرقتىكى كۆپ مىللەت-
لىك چوڭ دۆلىتىمىزدە ئېلىپ بېرىلدى. شۇڭا، ئوخشاش بول-
مىغان تارىخىي دەۋردە، جۇڭگونىڭ ئەمەلىيىتىگە ئۇيغۇن كېلە-
دىغان مىللەت نەزەرىيىسى ۋە مىللىي سىياسەتنى ھاسىل قىلىش
ۋە تۈزۈپ چىقىش پۈتۈن مەملىكىتىمىزدىكى ھەر مىللەت خەلقى-
نى سەپەرۋەر قىلىپ ۋە ئىتتىپاقلاشتۇرۇپ، ئىنقىلاب ۋە قۇرۇ-
لۇش ئىشلىرىنى ئالغا سۈرۈشتە ئالاھىدە مۇھىم. يەنئەن دەۋرى-
دىلا، پارتىيىمىزنىڭ غەربىي شىمال خىزمەت كومىتېتى مىللىي
مەسىلە ھەققىدىكى نەزەرىيە تەتقىقاتى بىلەن شۇغۇللىنىدىغان
مەخسۇس مىللىي تەتقىقات ئاپپاراتى تەسىس قىلغانىدى. يېڭى
جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن، بىز مىللەتلەر ئەھۋالى ئۈستىدە
كەڭ كۆلەمدە تەكشۈرۈش ئېلىپ باردۇق. شۇ ئاساستا، مىللەت-
لەرنى پەرق ئېتىش، مىللىي باراۋەرلىك، مىللىي ئىتتىپاق-
لىق، مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە، مىللەتلەرنىڭ ئور-
تاق گۈللىنىشى دېگەنگە ئوخشاش بىر قاتار نەزەرىيىۋى پرىنسىپ
ۋە سىياسەت-تەدبىرلەر پەيدىنپەي مۇئەييەنلىشىپ، ئېلىمىزنىڭ
مىللەت نەزەرىيىسى تەتقىقاتىدا تۇنجى گۈللىنىش دەۋرى بارلىققا
كەلدى. 11-نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتنىڭ 3-ئومۇمىي يى-
غىنىدىن كېيىن، پارتىيىمىز مىللىي مەسىلە بويىچە ئىلگىرى
ئېغىر بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرىغان ماركسىزملىق لۇشيەننى ئەسلى-
گە كەلتۈرۈپلا قالماي، بەلكى ئۇنى ئۆزگەرگەن شارائىتقا ئاسا-
سەن مىللەت نەزەرىيىسى تەتقىقاتى ۋە مىللىي خىزمەت ئەمەلىيە-

-تىدە تېخىمۇ چوڭقۇرلاشتۇردى ۋە راۋاجلاندۇردى. مىللىي مە-
سىلە دۆلەتنىڭ تەقدىرىگە مۇناسىۋەتلىك زور مەسىلە دېگەن
نەزەرىيە، ھازىرقى باسقۇچتا ئېلىمىزدىكى مىللىي مۇناسىۋەت
ئاساسىي جەھەتتىن ھەر مىللەت ئەمگەكچى خەلقى ئوتتۇرىسىدى-
-كى مۇناسىۋەتكە ياتىدۇ دېگەن نەزەرىيە، دېموكراتىيە-قا-
نۇنچىلىق قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىپ، مىللىي تېررىتورىيىلىك
ئاپتونومىيىنى قانۇن ۋە تۈزۈم قېلىپىغا سېلىش توغرىسىدىكى
نەزەرىيە ۋە باشقىلار ئەنە شۇنىڭ جۈملىسىگە كىرىدۇ. مەركى-
-زىي كومىتېتتىكى رەھبىرىي يولداشلارنىڭ بۇ قېتىمقى مىللىي
ئىتتىپاقلىق-تەرەققىيات بويىچە مەملىكەتلىك تەقدىرلەش يىغى-
-نىدا قىلغان سۆزى، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ ۋە گوۋۇ-
يۈەننىڭ مىللىي خىزمەت توغرىسىدىكى زور تەدبىرى ئېلىمىز-
نىڭ مىللەت نەزەرىيىسى ۋە مىللىي سىياسىتىنى تېخىمۇ بېيىت-
-تى ۋە راۋاجلاندۇردى. تامامەن شۇنداق دېيىشكە بولىدۇكى،
ئېلىمىزنىڭ مىللەت نەزەرىيىسى تەتقىقاتى 2-قېتىملىق گۈللى-
-نىش دەۋرىگە قەدەم قويدى.

ئېلىمىزنىڭ مىللەت نەزەرىيىسى ۋە مىللىي سىياسىتى
ماركسىزمنىڭ ئاساسىي قائىدىلىرىنى جۇڭگونىڭ ئەمەلىيىتى
بىلەن بىرلەشتۈرۈش جەريانىدا بارلىققا كەلگەن، ئېلىمىزدىكى
56 مىللەتتىن تەشكىل تاپقان 1 مىليارد خەلقنىڭ ئىنقىلاب ۋە
قۇرۇلۇش ئەمەلىيىتىدە بارلىققا كەلگەن، ئۇ روشەن جۇڭگوچە
ئالاھىدىلىككە ئىگە. بىزدە مىللەت نەزەرىيىسى خىزمىتى بىلەن
شۇغۇللانغۇچى نۇرغۇن پېشقەدەملەر ۋە يېڭى ئەۋلادلار ئېلىمىز-
نىڭ مىللەت نەزەرىيىسى سىستېمىسىنى بەرپا قىلىش ۋە راۋاج-

ـلاندۇرۇش خىزمىتى جەريانىدا ئۆگەندى، ئىزدەندى، تەجرىبە
ھاسىل قىلدى ۋە مۇھىم تۆھپە قوشتى. پارتىيىمىزنىڭ مىللەت
نەزەرىيىسى ۋە مىللىي سىياستى ئەمەلىيەت سىنىقىدىن ئۆ-
تۈپ، مىللەتلەرنىڭ باراۋەرلىكى، ئىتتىپاقلىقى، ھەمكارلىقىنى
ئىلگىرى سۈرۈش ۋە ئورتاق گۈللىنىشى ئاساسىدىكى سوتسىيا-
لىستىك دۆلەتنى بەرپا قىلىشتا زور رول ئوينىماقتا.
11 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتنىڭ 3-ئومۇمىي يىغىنىدىن
بۇيان، جەمئىيىتىمىزدە غايەت زور ئۆزگىرىشلەر بارلىققا كەل-
ـدى، ۋەزىيەت تېز تەرەققىي قىلدى، ھالبۇكى بىزنىڭ مىللەت
نەزەرىيىمىز ئوبيېكتىپ ۋەزىيەتنىڭ تەرەققىياتى ۋە ئۆزگىرىشى-
ـگە يېتىشىپ ماڭالمايۋاتىدۇ، ۋەزىيەت تەرەققىياتىغا ۋە خىزمەت
تەلىپىگە يېتەرلىك جاۋاب بېرەلمەيۋاتىدۇ. بەزى رايونلار ۋە
بەزى تارماقلاردا رېئال مەسىلىلەر ئۈستىدىكى تەتقىقات، نۆۋەت-
ـتىكى ئىسلاھات-ئېچىۋېتىش ئىشلىرى ئۈستىدىكى تەتقىقات يې-
ـتەرلىك بولمايۋاتىدۇ.

نۆۋەتتە، دۆلىتىمىزدە ئېلىپ بېرىلىۋاتقان ئەتراپلىق ئىس-
ـلاھات ئەمەلىيەتتە بىر ئىنقىلاب دېمەكتۇر. بۇ ئىسلاھاتنىڭ
ئەمەلىيەت دائىرىسى كەڭ، مەزمۇنى مول، ئۇ جەمئىيەتنىڭ
ھەرقايسى ساھەلىرىگە چېتىلىدىغان، مىليونلىغان خەلقنىڭ جا-
ـنجان مەنپەئىتىگە مۇناسىۋەتلىك بولغان ئۇلۇغ ئەمەلىيەت. ئۇ-
لۇغ ئەمەلىيەت ئۇلۇغ نەزەرىيىگە مۇھتاج. جۇڭگودىكى 1
مىليارد خەلق ئېلىپ بېرىۋاتقان ئىسلاھات ۋە قۇرۇلۇش بىزنى
ئىجادىي يوسۇندا نەزەرىيىۋى يەكۈن چىقىرىش ئۈچۈن پۈتمەس--
تۈگىمەس مەنبە بىلەن تەمىن ئېتىدۇ. ئېلىمىزنىڭ مىللەت

نەزەرىيىسىگە تۆھپە قوشۇشقا ئىرادە باغلىغان بارلىق يولداشلار
نۆۋەتتىكى ئىسلاھات ۋە قۇرۇلۇش ئىشلىرىغا قىزغىن قاتنى-
شىپ، ئەمەلىيەتنى يەكۈنلەپ، يىغىنچاقلاپ نەزەرىيە پەللىسىگە
كۆتۈرۈش بىلەن ئەمەلىيەتكە تېخىمۇ ئوبدان يېتەكچىلىك قىلى-
شى لازىم.
مىللەت نەزەرىيىسى تەتقىقاتىنى تېخىمۇ ئوبدان يولغا قو-
يۇش ئۈچۈن، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى بىلەن گوۋۇيۈەننىڭ
مىللىي خىزمەت توغرىسىدىكى زور تەدبىرلىرىگە ئاساسەن، نۆ-
ۋەتتىكى مىللىي خىزمەت ئەمەلىيىتىگە بىرلەشتۈرۈپ، ھازىر
تۆۋەندىكى مەسىلىلەر ئۈستىدە سىستېمىلىق تەتقىقات ئېلىپ
بېرىشىمىز لازىم:
— سوتسىيالىزمنىڭ دەسلەپكى باسقۇچى توغرىسىدىكى نە-
زەرىيە—ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدەش ئاساسىدا دۆلەت ئەھ-
ۋالىنى تونۇش، لۇشيەننى بەلگىلەشنىڭ شانلىق قىبلىنامىسى.
بىز مۇشۇ روھقا ئاساسلىنىپ، سوتسىيالىزمنىڭ دەسلەپكى باس-
قۇچىدىكى مىللىي مەسىلىگە بولغان تونۇشىمىزنى چوڭقۇرلاش-
تۇرۇشىمىز لازىم. بىزدىكى ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ئىجتىما-
ئىي ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرى ۋە پەن، مەدەنىيەت، ئىدىيە-
ئەخلاق سەۋىيىسىنىڭ ئەمەلىيەتتە قانداق ھالەتتە تۇرۇۋاتقانلى-
قى، ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىنىڭ ۋە ئاز سانلىق مىللەتلەر-
نىڭ تارىخىنى ۋە ھازىرقى ھالىتىنى قانداق توغرا تونۇش كېرەك-
لىكى نۆۋەتتە ئەستايىدىل تەتقىق قىلىشقا تېگىشلىك مەسىلىلەر-
دۇر. مۇشۇ مەسىلىلەرنى ھەل قىلماي تۇرۇپ، پارتىيىمىزنىڭ
سوتسىيالىزمنىڭ دەسلەپكى باسقۇچىدىكى لۇشيەننى ۋە سىيا-

سەتلىرىنى رايونلارنىڭ ۋە مىللەتلەرنىڭ شەرت-شارائىتىغا قا-
راپ ئىزچىللاشتۇرۇشتىن ئىبغىز ئاچقىلى بولمايدۇ.

— پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى شەرق ۋە جەنۇبتىكى دېڭىز
بويىغا جايلاشقان رايونلارنىڭ سىرتقا يۈزلەنگەن ئىقتىسادىنى
راۋاجلاندۇرۇش ستراتېگىيىلىك تەدبىرىنى ئوتتۇرىغا قويدى. بۇ
ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرى ئۈچۈن ھەم خۇش خەۋەر، ھەم
مۇسابىقە. ئېلىمىزنىڭ يەر مەيدانى كەڭ، شەرقىي رايونلار،
ئوتتۇرا رايونلار ۋە غەربىي رايونلار ئىقتىسادىي تەرەققىياتىنىڭ
تەكشىسىزلىكى ئۇزاققىچە ساقلىنىپ تۇرىدۇ. بىزنىڭ مەقسىتى-
مىز مىللەتلەرنى ئورتاق بېيىتىش، ئورتاق گۈللەندۈرۈش؛
ئەمما بۇنى پۈتۈنلەي تەڭ قەدەمدە ئەمەلگە ئاشۇرۇش مۇمكىن
ئەمەس. ھازىر ئېلىمىزدىكى ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرى
بىلەن خەنزۇ رايونلىرىنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىيات جەھەتتىكى
پەرقى چوڭىيىپ كېتىۋاتىدۇ، بۇ مەسىلىنى يۇقىرى دەرىجىدە
ئەھمىيەت بېرىپ، ئەستايىدىل تەتقىق قىلىش ھەمدە توغرا،
ئۈنۈملۈك تەدبىرلەرنى قوللىنىپ پەيدىنپەي ھەل قىلىش كې-
رەك. مەركىزىي كومىتېتتىكى رەھبىرىي يولداشلار بۇنىڭدىن
كېيىن ئوتتۇرا ۋە غەربىي رايونلار بىلەن دېڭىز بويىدىكى رايون-
لارنىڭ بىر-بىرىنى تولۇقلايدىغان، بىر-بىرىگە ياردەم بېرىدى-
غان، ھەرقايسىسى ئۆز ئەۋزەللىكىنى جارى قىلدۇرىدىغان تە-
رەققىيات ستراتېگىيىسىگە دائىر تەدبىرلەرنى تۈزۈپ چىقىش
توغرىسىدا يوليورۇق بەردى. بۇنىڭدا دېڭىز بويىدىكى رايونلار-
نىڭ تەرەققىياتىنى ئاستىلىتىش ئەمەس، بەلكى ئاز سانلىق مىل-
لەت رايونلىرىنىڭ تېزرەك تەرەققىي قىلىشىغا ياردەم بېرىش

ئارقىلىق، پەرقنى پەيدىنپەي ئازايتىش كۆزدە تۇتۇلغان. بۇ مۇھىم تەتقىقات تېمىسى.

— ئەمەلىيەت ئىسپاتلىدىكى، بىر مىللەت بىر ياكى بىر-نەچچە خىل ئىجتىمائىي فورماتسىيىدىن ھالقىپ ئۆتۈپ، ئىلغار ئىجتىمائىي تۈزۈمنى قوللىنىشى مۇمكىن، ئەمما ھېچقانداق مىللەتنىڭ تاۋار ئىگىلىكى باسقۇچىدىن ھالقىپ ئۆتۈپ مەدەنىيەتلىك، زامانىۋى مىللەت بولالىشى مۇمكىن ئەمەس. دۆلىتىمىزدىكى بىرمۇنچە ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىدا ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ سەۋىيىسى ناھايىتى تۆۋەن، ئىجتىمائىي ئىش تەقسىماتى ھېچقانچە تەرەققىي تاپمىغان، تاۋار ئالماشتۇرۇش ئىپتىدائىيراق ھالەتتە تۇرۇۋاتىدۇ، بۇنىڭدىن كېيىن تاۋار ئىگىلىكىنى قانداق قىلغاندا تېزرەك راۋاجلاندۇرۇش مۇمكىن؟

— ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىنىڭ ئىسلاھات-ئېچىۋېتىش ئىشىدا، سىرتتىن ئىختىساس ئىگىلىرىنى جەلپ قىلىشقا ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىش، شۇنىڭدەك ئىچكى-تاشقى مەبلەغنى ۋە پەن-تېخنىكىنى پائال قوبۇل قىلىش، ئىچكى بازار ۋە خەلقئارا بازار رىقابىتىگە دادىل قاتنىشىش لازىم. ئىقتىساد ۋە مەدەنىيەت جەھەتتىكى ئالاقە جەريانىدا، باشقا مىللەتلەرنىڭ ئىلغار مەدەنىيىتىنى، باشقا رايونلارنىڭ ئىلغار تەجرىبىلىرىنى قوبۇل قىلىش كېرەك. ئىختىساس ئىگىلىرىنى جەلپ قىلىشتا قانداق سىياسەت قوللىنىش كېرەك؟ ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىدىكى ئەمگەكچىلەر بىلەن باشقۇرغۇچىلارنىڭ ساپاسىنى قانداق يول بىلەن ئۆستۈرۈش كېرەك، ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىنىڭ

ئىختىساس ئىگىلىرى يېتىشمەسلىك مەسىلىسىنى قانداق قىلغان-
دا ئۆنۈملۈك ھەل قىلغىلى بولىدۇ؟
— 1984-يىلى ئېلان قىلىنغان «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرى-
يىتىنىڭ مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە قانۇنى» جۇمھۇ-
رىيىتىمىز قۇرۇلغاندىن بۇيان يولغا قويۇلغان مىللىي تېررىتو-
رىيىلىك ئاپتونومىيە تەجرىبىلىرىنىڭ جەۋھىرى. ئۇنىڭدا دۆ-
لەت بىلەن ئاپتونومىيىلىك جايلارنىڭ، خەنزۇلار بىلەن ئاز
سانلىق مىللەتلەرنىڭ شۇنىڭدەك ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ئۆز-
ئارا مۇناسىۋىتى قانۇن شەكلى بىلەن بەلگىلەنگەن. ئالدىنقى بىر
مەزگىلدە، ئاپتونومىيە قانۇنىدا بەلگىلەنگەن بەزى ئاپتونومىيە
ھوقۇقلىرى ئوبدان ئەمەلىيلەشتۈرۈلمىدى، بۇنىڭدا كادىرلارنىڭ
ئىدىيىۋى تونۇشىغا ياتىدىغان سەۋەبلەر بار، لېكىن مۇناسىپ
تۈزۈلمىنىڭ يېتىشىپ ماڭالمىغانلىقى ئەڭ مۇھىم سەۋەب. ئاپ-
تونومىيە قانۇنىنى ئىجرا قىلىش ئىشىنى ئىقتىسادىي تۈزۈلمە
ئىسلاھاتى ۋە سىياسىي تۈزۈلمە ئىسلاھاتى بىلەن بىرلەشتۈرۈپ،
تېخىمۇ چىڭ تۇتۇش، ئوبدان تۇتۇش لازىم. قانداق بىرلەشتۈر-
گەندە ئوبدان ئەمەلىيلەشتۈرگىلى بولىدۇ؟
— مىللەتلەرنىڭ بۈيۈك ئىتتىپاقلىقىنى ئۈزلۈكسىز مۇس-
تەھكەملەش ۋە كۈچەيتىش— تۆتنى زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇ-
لۇشىنى ۋە ئىسلاھات-ئېچىۋېتىش ئىشلىرىنى ئوڭۇشلۇق ئېلىپ
بېرىشنىڭ مۇھىم كاپالىتى، سوتسىيالىستىك مەنىۋى مەدەنىيەت
قۇرۇلۇشىنىڭ مۇھىم مەزمۇنى. سوتسىيالىستىك تاۋار ئىگىلى-
كىنىڭ تەرەققىياتىغا ئەگىشىپ، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى بارغان-
سېرى مۇستەھكەملىنىپ بارىدۇ. ئەمما مەلۇم تەرەققىيات باس-

قۇچىدا، تۈرلۈك مىللەت، تۈرلۈك رايون ۋە تۈرلۈك ئىجتىما-
ئىي گۇرۇھلار ئوتتۇرىسىدا ئوخشاش بولمىغان ئىقتىسادىي مەد-
ىيەت مەسىلىسى مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدۇ، ئىقتىسادىي ساھەد-
ىكى مەسىلە ۋە زىددىيەت بەزى چاغلاردا يەنىلا يۈز بېرىپ تۇرى-
دۇ، بۇ ئوبيېكتىپ مەۋجۇدىيەت. ئۇنىڭ ئۈستىگە تارىختىن
قېپقالغان مىللىي بىر تەرەپلىمە قاراش ۋە مىللىي ئارازلىق
پۈتۈنلەي تۈگەپ كەتكىنى يوق، يەنە بۆلگۈنچى كۈچلەرنىڭ بۇز-
غۇنچىلىقىمۇ بار، مىللىي مۇناسىۋەت جەھەتتە ئەنسىزلىك ئا-
مىللىرى يەنىلا مەۋجۇت. بىز سوتسىيالىزمنىڭ دەسلەپكى باس-
قۇچىدىكى مىللىي مۇناسىۋەت تەرەققىياتىنىڭ ئوبيېكتىپ قانۇ-
نىيىتىگە ئاساسەن، تەڭشەش ئىشىنى ۋاقتىدا ۋە جايىدا ئېلىپ
بېرىپ، ئېلىمىزدىكى سوتسىيالىستىك مىللىي مۇناسىۋەتنى
كۈندىن-كۈنگە ئوبدان ۋە ئىناق دەرىجىگە كۆتۈرۈشىمىز، جۇڭ-
خۇا مىللەتلىرىنىڭ بۈيۈك ئىتتىپاقلىقىنى تېخىمۇ مۇستەھكەم-
لىشىمىز لازىم. بۇ مەسىلىلەرنى ئوبدان تەتقىق قىلىشقا توغرا
كېلىدۇ.

—ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى مۇستەھكەملەش— ھەر مىللەت
خەلقىنىڭ مۇقەددەس بۇرچى. خەلقئارادىكى ۋە دۆلىتىمىزدىكى
ئىنتايىن ئاز سانلىق بۆلگۈنچىلەر جۇڭگونى پارچىلاش، دۆلىتى-
مىزنىڭ بىرلىكىنى بۇزۇش قەستىدە بولۇۋاتىدۇ، ئۇلار ئاخىر
مەغلۇپ بولماي قالمايدۇ. پۈتۈن مەملىكىتىمىزدىكى ھەر مىل-
لەت خەلقىگە ۋەتەنپەرۋەرلىك تەربىيىسىنى قانداق ئېلىپ بې-
رىش، ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى قانداق مۇستەھكەملەش كېرەك دې-
گەن مەسىلىنى ئوبدان تەتقىق قىلىش ھەمدە بۇ جەھەتتىكى

خىزمەتنى ھەقىقىي كۈچەيتىش كېرەك.

—دۇنيادىكى دۆلەتلەرنىڭ بىرمۇنچىسى كۆپ مىللەتلىك دۆلەت. مىللىي مەسىلە ئومۇمىي خاراكتېر ئالغان مەسىلە. بىز چەت ئەللەرنىڭ مىللەتلەر ئەھۋالى ۋە مىللەت نەزەرىيىسىنى تەتقىق قىلىشقا، باشقا دۆلەتلەرنىڭ تەجرىبىلىرىنى ئەينەك قىلىپ، ئۇنى ئۆزىمىز ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرۇشقا دىققەت قىلىشىمىز لازىم.

نەزەرىيە ئەمەلىيەت ئۈچۈن خىزمەت قىلىدۇ، ئەمەلىيەتتىن ئايرىلغان نەزەرىيە ھېچنېمىگە ئەسقاتمايدۇ. دۆلىتىمىز دەل چوڭ ئۆزگىرىش دەۋرىدە تۇرۇۋاتىدۇ، ئاز سانلىق مىللەتلەر ۋە ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرى غايەت زور ئۆزگىرىش بولۇۋاتقان تارىخىي پەيتنى باشتىن كەچۈرمەكتە، بىز مىللەت نەزەرىيىسى جەھەتتە ئاساسىي تەتقىقاتقا ئېتىبار بېرىش بىلەن بىرۋاقىتتا، ئاساسىي كۈچنى ئاز سانلىق مىللەتلەرنى ۋە ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىنىڭ ئىسلاھات ۋە قۇرۇلۇش ئىشلىرىنى تەتقىق قىلىشقا قارىتىپ، رېئال مەسىلىلەرگە نەزەرىيە جەھەتتىن جاۋاب بېرىشىمىز، نەزەرىيىنى ئەمەلىيەت ئۈچۈن يېتەكچى رول ئوينايدىغان قىلىشىمىز لازىم. شۇنىڭ بىلەن بىرۋاقىتتا، ماركسىزىملىق مىللەت نەزەرىيىسىنى ئەمەلىيەت ئارقىلىق راۋاجلاندۇرۇشىمىز لازىم.

مىللەت نەزەرىيىسىنى راۋاجلاندۇرۇش ۋە ئۇنىڭدا يېڭىلىق يارىتىش ئۈچۈن، زامانىۋى تەتقىقات ۋاسىتىلىرىنى ۋە يېڭىچە تەتقىقات ئۇسۇللىرىنى پەيدىنپەي قوللىنىشقا توغرا كېلىدۇ. ماركسىزمچە ماتېرىيالىستىك دىئالېكتىكىنىڭ يېتەكچىلىكىدە،

مىللىي مەسىلىنى سىستېما نەزەرىيىسى، ئۇچۇر نەزەرىيىسى ۋە تىزگىنلەش نەزەرىيىسى بىلەن تەتقىق قىلىش كېرەك. نەزەرىيە خادىملىرى بىلەن ئەمەلىي خىزمەت خادىملىرى ئۆزئارا ماسلىشىپ قالماي، ئىجتىمائىي پەن ئالىملىرى، تەبىئىي پەن ئالىملىرى، ھەرقايسى ساھەلەردىكى تېخنىكلار-مۇتەخەسسىسلەرمۇ ئۆزئارا ماسلىشىپ، مىللەت نەزەرىيىسى تەتقىقاتىنىڭ كوللېكتىپ فۇنكسىيىسىنى، ئۇنىۋېرسال ئۈنۈمىنى جارى قىلدۇرۇشى لازىم.

ئۇلۇغ ئەمەلىيەتتىن ئۇلۇغ نەزەرىيە ۋۇجۇدقا كېلىدۇ، ئۇلۇغ نەزەرىيە ئۆز نۆۋىتىدە ئەمەلىيەتنى ئالغا قاراپ تېخىمۇ راۋاجلىنىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىدۇ. مەن مىللەت نەزەرىيىسى سېپىدىكى يولداشلارنىڭ ئىدىيىدە يەنىمۇ ئازاد بولۇپ، روھنى ئۇرغۇتۇپ، مىللەت نەزەرىيىسى تەتقىقات خىزمىتىدە يېڭى ۋەزىيەت يارىتىشىنى چىن كۆڭلۈمدىن ئۈمىد قىلىمەن!

# مىللىي مەسىلە تەتقىقاتىنى كۈچەيتىپ، ئۇنى مىللىي خىزمەتتە ئىلمىي تەدبىر كۆرۈشكە خىزمەت قىلدۇرايلى*

(1988-يىل 9-ئاينىڭ 18-كۈنى)

بۈگۈن مەن دۆلەت مىللىي ئىشلار كومىتېتىغا ۋەكالىتەن،
دۆلەت مىللىي ئىشلار كومىتېتى مىللىي مەسىلە تەتقىقاتى مەر-
كىزىنىڭ رەسمىي قۇرۇلغانلىقىنى جاكارلايمەن.

پارتىيە 11-نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتىنىڭ 3-ئومۇمىي
يىغىنىدىن بۇيان، ئېلىمىزنىڭ سىياسىي ۋە ئىقتىسادىي ۋەزىيىـ
تى ناھايىتى ياخشى بولۇپ كەلدى، قۇرۇلۇش ۋە ئىسلاھات زور
مۇۋەپپەقىيەتلەرگە ئېرىشتى. ئون يىلدىن بۇيان، مىللىي خىز-
مىتىمىزدە ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشتىن ئىبارەت مەركەزنى ئاساس
قىلىپ، تۆت ئاساسىي پرىنسىپتا چىڭ تۇرۇپ، ئىسلاھات-ئې-
چىۋېتىش ئىشلىرى يولغا قويۇلدى، سوتسىيالىستىك دېموكرا-
تىيە ۋە قانۇنچىلىق قۇرۇلۇشى كۈچەيتىلدى، پارتىيە ۋە دۆلەت-

---

* بۇ — يولداش ئىسمايىل ئەھمەدنىڭ دۆلەت مىللىي ئىشلار كومى-
تېتى مىللىي مەسىلە تەتقىقاتى مەركىزىنىڭ قۇرۇلۇش يىغىنىدا سۆزلى-
گەن سۆزى.

نىڭ مىللىي سىياسىتى ئىزچىل ئىجرا قىلىندى، ۋەتەننىڭ بىرلىكى قوغدالدى، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى كۈچەيتىلدى، ئاز سانلىق مىللەتلەر ۋە ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرى ئىقتىساد، سىياسىي ۋە مەدەنىيەت قاتارلىق جەھەتلەردە زور تەرەققىياتقا ئېرىشتى. 1979-يىلدىن 1986-يىلغىچە مىللىي ئاپتونومىيە-لىك جايلارنىڭ سانائەت، يېزا ئىگىلىك ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى يىلىغا ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 12% .8تىن ئېشىپ، 1953-يىلدىن 1978-يىلغىچە بولغان ئارىلىقتىكى ئوتتۇرىچە ئېشىش نىسبىتىدىن 1. 32 پىرسەنتپوئىنت ئاشتى. 1987-يىلى مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلارنىڭ سانائەت-يېزا ئىگىلىك ئو-مۇمىي مەھسۇلات قىممىتى 97 مىليارد 180 مىليون يۈەن (1980-يىلدىكى ئۆزگەرمەس باھا بويىچە ھېسابلىغاندا) ئورۇن-دىلىپ، 1986-يىلدىكىدىن 10. 4% ئاشتى. يېزا ئىقتىسادىنىڭ تەرەققىياتىغا ئەگىشىپ، ئاز سانلىق مىللەت خەلقىنىڭ تۇرمۇ-شى كۆرۈنەرلىك ياخشىلاندى ۋە يۈكسەلدى. ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىنىڭ مائارىپ، مەدەنىيەت، سەھىيە، تەنتەربىيە، پەن-تېخنىكا ۋە باشقا ئىشلىرى ناھايىتى تېز تەرەققىي قىلدى. 1978-يىلى، ئاز سانلىق مىللەتتىن مەكتەپتە ئوقۇۋاتقان ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرى ۋە ئاسپىرانتلىرى 121 مىڭدىن ئې-شىپ، 1978-يىلدىكىدىن 3. 3 ھەسسە كۆپەيدى. ئوتتۇرا مەك-تەپ ئوقۇغۇچىلىرى 3 مىليون 73 مىڭ، باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرى 10 مىليون 510 مىڭ بولۇپ، 1978-يىلدىكىدىن 21. 1% ۋە 39. 8% ئاشتى. يەنە بىر تەرەپتىن، ئەھمىيەت بېرىشكە تېگىشلىك بەزى مەسىلىلەرمۇ ساقلىنىۋاتىدۇ؛ كۆپ

ساندىكى ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىنىڭ ئىقتىساد، مەدەنىيەت جەھەتتىكى قالاقلىقى تېخى تۈپتىن ئۆزگەرتىلگىنى يوق، ئىقتىسادىي تەرەققىيات سەۋىيىسى پۈتۈن مەملىكەتنىڭ ئوتتۇرىچە تەرەققىيات سەۋىيىسىدىن خېلى چوڭ پەرقلىنىدۇ، يەنە كېلىپ بۇ پەرق ئۆزلۈكسىز چوڭىيىپ بېرىۋاتىدۇ. تا ھازىرغىچە 20% ئەتراپىدىكى كىشىلەرنىڭ پۈتۈن كىيىنىش، توق يېيىش مەسىلىسى ھەل بولمىدى، 10 مىليون كىشىنىڭ تۇرالغۇ جاي ۋە ئىچىدىغان سۇ قىيىنچىلىقى بىرقەدەر چوڭ. بىر قىسىم تاغلىق رايونلار، چارۋىچىلىق رايونلىرى ۋە چەت رايونلاردىكى ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ مەدەنىيەت، مائارىپ، سەھىيە قاتارلىق ئىشلىرى ناھايىتى قالاق ھالەتتە تۇرماقتا، ساۋاتسىزلار ھېلىمۇ ناھايىتى زور نىسبەتنى ئىگىلىمەكتە. بۇ مەسىلىلەرنىڭ ھەممىسى تۈپ خاراكتېر ئالغان، ئۇزاق ۋاقىتتىن بۇيان ھەر خىل سەۋەبلەر نەتىجىسىدە پەيدا بولغان، تىرىشىپ ئەستايىدىل ھەل قىلىشىمىزغا توغرا كېلىدىغان مەسىلىلەردۇر. مۇشۇ مەسىلىلەرنى ئوبدان ھەل قىلغاندىلا، ئاز سانلىق مىللەتلەر ۋە ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرى ئاندىن راۋاج تاپالايدۇ ۋە ئالغا باسالايدۇ.

ئۆتكەن يىلى 4-ئايدا، ج ك پ مەركىزىي كومىتېتى ۋە گوۋۇيۈەن مەركىزىي كومىتېت بىرلىك سەپ بۆلۈمى ۋە دۆلەت مىللىي ئىشلار كومىتېتىنىڭ «مىللىي خىزمەتكە دائىر بىرقانچە مۇھىم مەسىلە توغرىسىدىكى دوكلاتى» (يەنى مەركەز تارقاتقان [1987] 31-نومۇرلۇق ھۆججەت) نى تەستىقلاپ تارقىتىپ، مىللىي خىزمەت توغرىسىدا سىستېمىلىق يوليورۇق بەردى. بۇ

يىل 4-ئايدا گوۋۇيۈەن جۇمھۇرىيىتىمىز قۇرۇلغاندىن بۇيان تۇنجى قېتىملىق مىللىي ئىتتىپاقلىق-تەرەققىيات بويىچە مەملە-كەتلىك ئىلغار كوللېكتىپ، ئىلغار شەخسلەرنى تەقدىرلەش يىغىنىنى چاقىردى. پارتىيە ۋە دۆلەت رەھبەرلىرى يىغىننىڭ ئېچىلىش مۇراسىمىغا قاتناشتى، يولداش دېڭ شياۋپىڭ يىغىنغا بېغىشلىما يېزىپ بەردى، باش شۇجى پارتىيە مەركىزىي كومى-تېتىغا ۋاكالىتەن مۇھىم سۆز قىلدى، يولداش چېن جۇنشېڭ گوۋۇيۈەنگە ۋاكالىتەن دوكلات بەردى. مەركەزنىڭ ئۆتكەن يىل-دىكى 13-نومۇرلۇق ھۆججىتى ۋە بۇ قېتىمقى مىللىي ئىتتىپاق-لىق-تەرەققىيات بويىچە تەقدىرلەش يىغىنىدا رەھبىرىي يولداش-لارنىڭ سۆزلىگەن سۆزلىرى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى بىلەن گوۋۇيۈەننىڭ يېڭى ۋەزىيەت ئاستىدا مىللىي خىزمەت توغرىسىدا كۆرگەن سىستېمىلىق زور تەدبىرلىرىنى ئايان قىلىپ، ئېلى-مىزنىڭ مىللىي خىزمىتىنى يېڭى تەرەققىيات باسقۇچىغا سىل-جىتتى، بۇ تەدبىرلەر دۆلەت ئىچى ۋە سىرتىدا ناھايىتى زور تەسىر قوزغىدى ھەمدە بۇنىڭدىن كېيىن ئۇزاققىچە داۋاملىق رول ئوينىغۇسى.

نۆۋەتتە، مىللىي خىزمىتىمىزنىڭ ئاساسىي ۋەزىپىسى ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ۋە ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىنىڭ ئىق-تىسادىي تەرەققىياتىنى ۋە مەدەنىيەت تەرەققىياتىنى تېزلىتىپ، مىللەتلەرنى ئورتاق گۈللەندۈرۈشتىن ئىبارەت ئۇلۇغ نىشانغا قاراپ باتۇر-لارچە ئالغا ئىلگىرىلەشتىن ئىبارەت. بۇنىڭ ئۈچۈن، مىللىي خىز-مەتتە ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشنى مەركەز قىلىش، كۈچنى توپلاپ ئىجتىمائىي ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنى راۋاجلاندۇرۇش، تاۋار

ئىگىلىكىنى راۋاجلاندۇرۇش كېرەك، قانۇنچىلىق قۇرۇلۇشىنى
كۈچەيتىپ، ئىقتىساد ۋە مەدەنىيەت ئىشلىرىنىڭ تەرەققىياتىنى
كاپالەتكە ئىگە قىلىش، بولۇپمۇ مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتو-
نومىيە قانۇنىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈش ۋە مۇكەممەللەشتۈرۈش،
مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى ئۈزلۈكسىز كۈچەيتىش، ۋەتەننىڭ
بىرلىكىنى مۇستەھكەملەش لازىم. بۇ خىزمەتلەرنى ئوبدان ئىش-
لەش ئۈچۈن، ئىسلاھاتنى ئومۇمىي ۋەزىيەتكە سىڭدۈرۈپ، ئىق-
تىسادىي تۈزۈلمە ئىسلاھاتىنى، سىياسىي تۈزۈلمە ئىسلاھاتىنى
ۋە ھەر ساھەدىكى ئىسلاھاتلارنى تېخىمۇ ئوبدان يولغا قويۇش
كېرەك.

دۆلەت مىللىي ئىشلار كومىتېتىنىڭ مىللىي مەسىلە تەتقى-
قاتى مەركىزى ئەنە شۇنداق ۋەزىيەتتە قۇرۇلدى. ئۇ ئەنە شۇنداق
ۋەزىيەت تەرەققىياتىنىڭ تەلىپىگە لايىقلىشىش يۈزىسىدىن قۇ-
رۇلدى. چۈنكى، مىللىي خىزمەت ئالدىدا شۇ قەدەر جاپالىق
ھەم مۇرەككەپ ۋەزىپىلەر تۇرۇۋاتقاندا، مىللىي خىزمەتنى يەنە-
مۇ ئىلگىرىلەپ ئوبدان ئىشلەش ئۈچۈن، بىرمۇنچە يېڭى ۋە
چوڭ-چوڭ مەسىلىلەر ئۈستىدە تەدبىر كۆرۈشكە توغرا كېلىدۇ.
ھازىرقى دەۋردە، دېموكراتىيىنىڭ ئۆزگىرىپ بېرىشى ۋە پەن--
تېخنىكىنىڭ ئۈچقاندەك تەرەققىي قىلىشى بارلىق مۇھىم تەدبىر-
لەرنى دېموكراتىيە ۋە ئىلىم-پەن ئاساسىدا ۋۇجۇدقا كەلتۈرۈشى-
مىزنى تەلەپ قىلىدۇ، شۇنداق قىلغاندىلا، كۆرگەن تەدبىر
ئەمەلىيەتكە ئۇيغۇن بولۇپ، جەمئىيەتنىڭ تەرەققىياتىنى ئۈنۈم-
لۈك ئالغا سۈرەلەيدۇ. دېمەك، مىللىي مەسىلە تەتقىقاتىنى
كۈچەيتىپ، پارتىيە ۋە دۆلەتنىڭ مىللىي خىزمەتكە دائىر تەد-

بىرلىرىنىڭ دېموكراتىيىلىشىشى ۋە ئىلمىيلىشىشى ئۈچۈن خىزمەت قىلىش—ئالدىمىزدا تۇرغان زور ۋەزىپە. مىللىي مەسىلە تەتقىقاتى نەزەرىيە جەھەتتىكى ۋە فاكتىن، سىياسەت، تەدبىر كۆرۈش جەھەتتىكى تەتقىقاتنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ، بۇ تەتقىقات مىللىي خىزمەتنىڭ ھەر قايسى دەۋردىكى ئاساسىي ۋەزىپىلىرىگە يانداشتۇرۇپ ئېلىپ بېرىلىشى، ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ۋە ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىنىڭ سىياسىي، ئىقتىسادىي ئەھۋالى، مەدەنىيىتى ۋە تارىخى ھەم ھازىرقى ئەھۋالى ئۈستىدە ئەتراپلىق ھەم نۇقتىلىق، چوڭقۇر ھەم سىستېمىلىق تەتقىقات ئېلىپ بېرىلىشى لازىم. تەتقىقات مەركىزى ئاخىرىدا تەتقىقات مۇۋەپپەقىيەتلىرىنى دۆلەت مىللىي ئىشلار كومىتېتىغا ۋە ئالاقىدار مىنىستىرلىك-كومىتېتلارغا، ئالاقىدار ئۆلكە، شەھەر، ئاپتونوم رايونلارغا تەقدىم قىلىشى، يەنە بىر قەدەم ئىلگىرىلەپ پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى بىلەن گوۋۇيۈەننى ئىلمىي ئاساس، تەكلىپ، مەسلىھەت ۋە پايدىلىنىش ماتېرىياللىرى بىلەن تەمىنلەپ، مىللىي خىزمەتكە دائىر تەدبىرلەرنى كۆرۈشكە ئەقىل كۆرسىتىش، مەسلىھەت بېرىش رولىنى ئوينىشى لازىم.

بۇ تەتقىقاتنى ئوبدان يولغا قويۇش ئۈچۈن، پۈتۈن مەملىكەتتىكى مىللىي مەسىلە تەتقىقاتى بىلەن شۇغۇللانغۇچى بارلىق كىشىلەر بىلەن ئالاقە باغلاپ، ئۇلارنى ئۇيۇشتۇرۇپ، بىرلەشتۈرۈپ، ماسلاشتۇرۇپ ۋە ئالماشتۇرۇپ بىر مەقسەت ئاساسىدا تەتقىقاتقا تەڭ ئاتلاندۇرۇش كېرەك. يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسىنىڭ مىللىي تەتقىقات سىستېمىسى ۋە دۆلەت مىللىي ئىشلار كومىتېتى، پۈتۈن مەملىكىتىمىز-

دىكى مىللەتلەر ئىنستىتۇتلىرىنىڭ تەتقىقات سىستېمىسى ۋە ئالاقىدار ساھەدىكىلەر بۇ جەھەتتە نۇرغۇن خىزمەت ئىشلەپ، بىرمۇنچە نەتىجىگە ئېرىشتى. دۆلەت مىللىي ئىشلار كومىتېتى مىللىي مەسىلە تەتقىقاتى مەركىزىنى قۇرۇشتا ھەر ساھەدىكى تەتقىقات ئاپپاراتلىرى بىلەن بىرلىكتە، مەملىكەت بويىچە مىللىي تەتقىقات ئىشىنى تېخىمۇ راۋاجلاندۇرۇش ئۈچۈن، پۈتۈن مەملىكىتىمىزدىكى مىللىي تەتقىقات كۈچلىرى بىلەن ئالاقە باغلاش، ئۇلارنى ماسلاشتۇرۇش ۋە ئۇلارغا تۈرتكە بولۇش جەھەتتە، كۆپچىلىك بىلەن قولغا قول تۇتۇشۇپ، ئۆز تىرىشچانلىقىنى كۆرسىتىشنى كۆزدە تۇتقان.

مىللىي مەسىلە تەتقىقاتىنى قانداق قىلغاندا ئوبدان ئېلىپ بارغىلى بولىدۇ؟ بۇ ھەقتە تۆۋەندىكى تەسەۋۋۇرلار ئۈستىدە ئالاھىدە توختالماقچىمەن:

— سوتسىيالىزمنىڭ دەسلەپكى باسقۇچى توغرىسىدىكى نەزەرىيىنى يېتەكچى قىلىش. بۇ نەزەرىيە— دۆلىتىمىزنىڭ ھازىرقى باسقۇچىدىكى ئاساسىي ئەھۋالىنى ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدەش ئاساسىدا تونۇش، لۇشيەن، فاڭجېن، سىياسەتلەرنى تۈزۈشنىڭ نەزەرىيىۋى ئاساسىدۇر. پۈتۈن مەملىكەت نۇقتىسىدىن ئېيتقاندا، سوتسىيالىزمنىڭ دەسلەپكى باسقۇچى دېيىشكە بولىدۇ، ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىنىڭ نۇقتىسىدىن ئېيتقاندا، سوتسىيالىزمنىڭ دەسلەپكى باسقۇچىدا پۈتۈن مەملىكەت ئۈچۈن ئورتاق بولغان نەرسىلەرمۇ، ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىغىلا خاس ئالاھىدىلىكمۇ بار دېيىشكە بولىدۇ. خېلى كۆپ قىسمىنى ئىگىلەيدىغان ئاز سانلىق مىللەتلەر سوتسىيا-

لىسزىمنىڭ دەسلەپكى باسقۇچىنىڭ تۆۋەن قاتلىمىدا تۇرماقتا. ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىنىڭ سوتسىيالىزمنىڭ دەسلەپكى باسقۇچىدىكى ئالاھىدىلىكىنى ئېنىق تونۇش ئىنتايىن مۇھىم. شۇڭا، دەسلەپكى باسقۇچتا تۇرۇۋاتقان ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ۋە ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىنىڭ ئىقتىسادىي، سىياسىي ۋە مەدەنىيەت جەھەتتىكى ئالاھىدىلىكىنى چوڭقۇر تەتقىق قىلغاندىلا، تەرەققىياتنى تېزلىتەلەيدىغان ھەقىقىي تەدبىر ۋە تەكلىپلەرنى ئاندىن ئوتتۇرىغا قويغىلى بولىدۇ.

— ئىسلاھاتنى ئومۇمىي ۋەزىيەتكە سىڭدۈرۈپ، تەتقىقاتقا ئىسلاھات روھى بىلەن يېتەكچىلىك قىلىش كېرەك. ئىسلاھات ئېلىپ بېرىش-ئىشىكنى ئېچىۋېتىش— دەۋرنىڭ چوڭ ئېقىمى. ئىسلاھات ئېلىپ بېرىلغان، ئىشىك ئېچىۋېتىلگەن ئون يىلدىن بۇيان، پۈتۈن مەملىكىتىمىزدە مىسلى كۆرۈلمىگەن ھاياتىي كۈچ جۇش ئۇردى. ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىمۇ بىرقەدەر زور تەرەققىياتلارغا ئېرىشتى. مىللەتلەرنى راۋاجلاندۇرۇش ئىشى ئىسلاھات-ئېچىۋېتىش بىلەن چەمبەرچاس باغلانغان. ئىسلاھات ئېلىپ بېرىلمىسا، ئىشىك ئېچىۋېتىلمىسە، مىللەتلەر چىقىش يولى تاپالمايدۇ. پەقەت دەۋر ئېقىمىغا ماسلىشىپ، تاۋار ئىگىلىكىنى كۈچەيتىپ، ئوبوروت ساھەسىنى راۋانلاشتۇرۇپ، بازار باشلامچى بولغان سوتسىيالىستىك تاۋار ئىگىلىكىنىڭ يېڭى تەرتىپىنى ئورناتقاندىلا، ئاز سانلىق مىللەتلەر نامراتلىق ۋە قالاقلىق ھالەتنى ئاندىن ئۆزگەرتەلەيدۇ. ھازىر ئىسلاھات-ئېچىۋېتىش ئىشلىرىنىڭ راۋاجلىنىشى ۋە چوڭقۇرلىشىشىغا ئەگىشىپ، ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىدا نۇرغۇن يېڭى ئەھۋال

ۋە يېڭى مەسىلىلەر كۆرۈلۈشكە باشلىدى. يېڭى ئىدىيە بىلەن كونا ئىدىيە، يېڭى ئۇسۇل بىلەن كونا ئۇسۇل، يېڭى تۈزۈلمە بىلەن كونا تۈزۈلمە ئوتتۇرىسىدا توقۇنۇش ۋە زىددىيەت پەيدا بولدى. بۇنداق شارائىتتا، ئىسلاھات-ئېچىۋېتىش توغرىسىدىكى تەشۋىقات ۋە تەربىيە خىزمىتىنى يەنىمۇ ئوبدان ئىشلەپ، ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىدىكى ھەر مىللەت كادىرلىرى ۋە ئاممى-سىنىڭ ئىسلاھات-ئېچىۋېتىش ئىشىغا بولغان ئىدىيىۋى تونۇشى-نى ۋە كۆتۈرۈش ئىقتىدارىنى ئۆستۈرۈش لازىم؛ شۇنىڭ بىلەن بىرۋاقىتتا، كۈچلۈك تەدبىر قوللىنىپ، ئىسلاھات-ئېچىۋېتىش ئىشلىرىنىڭ پۇختا قەدەم بىلەن تەرتىپلىك راۋاجلىنىشىغا ئىم-كانىيەت تۇغدۇرۇش لازىم. بىز كونا تۈزۈلمە، كونا كۆز قاراش-لارنى قانداق قىلىپ ئۆزگەرتىپ، ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرى-نى راۋاجلاندۇرۇشقا ھەقىقىي ئۇيغۇن كېلىدىغان، ھاياتىي كۈچ-كە تولغان يېڭى تۈزۈلمىنى بەرپا قىلىش ۋە مۇكەممەللەشتۈرۈش ئۈستىدە تەتقىقات ئېلىپ بېرىشىمىز كېرەك.

— تەتقىقاتقا ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرى ئۆلچىمى بويىچە يېتەكچىلىك قىلىش لازىم. يولداش دېڭ شياۋپىڭ مۇنداق دەپ كۆرسەتكەندى: سوتسىيالىزمنىڭ دەسلەپكى باسقۇچىدىكى تۈپ ۋەزىپە ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنى راۋاجلاندۇرۇش، «سوتسى-يالىزمنى يولغا قويۇشتا، جەزمەن ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنى راۋاجلاندۇرۇش كېرەك، نامراتلىق سوتسىيالىزم ئەمەس». ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرى تولۇق راۋاجلانغاندىلا، دۆلەتنى قۇد-رەت تاپقۇزغىلى، خەلقنى بەختكە ئىگە قىلغىلى، مىللەتلەرنى گۈللەندۈرگىلى بولىدۇ. ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرى راۋاجلاندۇ-

رۇلمىسا، ھەممە ئىش خام-خىيالغا ۋە قۇرۇق گەپكە ئايلىنىپ
قالىدۇ. كۆپ يىللاردىن بۇيان، «سول» چىللىق ئىدىيىنىڭ
تەسىرى بىلەن، دۆلىتىمىزدە ئىشلەپچىقىرىش مۇناسىۋەتلىرى-
نىڭ ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىگە كۆرسىتىدىغان ئەكس تەسىرى
ھەتتا ھەل قىلغۇچ رولى بىر تەرەپلىمە ھالدا تەكىتلىنىپ،
ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنى راۋاجلاندۇرۇشقا ئېغىر دەرىجىدە
سەل قارىلىپ كەلدى. بۇ ھال ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىنى
ئېغىر زىيانغا ئۇچرىتىپ، ئەلەمگە قويدى، چوڭقۇر ساۋاقنى ئىگە
قىلدى. شۇڭا، مىللىي مەسىلە ئۈستىدىكى تەتقىقاتتا، ئىشلەپ-
چىقىرىش كۈچلىرىنى راۋاجلاندۇرۇشنى كۆزدە تۇتۇش، ئىش-
لەپچىقىرىش كۈچلىرىنى ئۆلچەم قىلىش قارىشىنى تۇرغۇزۇش
لازىم. مىللىي مەسىلىگە دائىر بارلىق نەزەرىيە ۋە فاڭجېن-سى-
ياسەت، تەدبىرلەرنى تۈزۈشتە، ئۇنىڭ ئىشلەپچىقىرىش كۈچلى-
رىنى راۋاجلاندۇرۇشقا پايدىلىق ياكى پايدىلىق ئەمەسلىكىگە قا-
راش كېرەك. ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنى راۋاجلاندۇرۇشقا پاي-
دىلىق بولغانلىرىنى سىناق قىلىش، مۇۋەپپەقىيەتلىك بولغانلى-
رىنى ئومۇملاشتۇرۇش ۋە يولغا قويۇش كېرەك. ئىشلەپچىقى-
رىش كۈچلىرىنى راۋاجلاندۇرۇشقا پايدىسىز بولغانلىرىدىن ھەتتا
توسالغۇ بولىدىغانلىرىدىن قەتئىي ۋاز كېچىش كېرەك.

—تىك لىنىيىلىك سىلىشتۇرۇش بىلەن توغرا لىنىيىلىك
سېلىشتۇرۇشنى بىرلەشتۈرۈش كېرەك. ئاز سانلىق مىللەت
رايونلىرىنىڭ ئازادلىقتىن بۇرۇنقى تارىخى ئەھۋالى بىلەن ئازاد-
لىقتىن كېيىنكى ئۆزگىرىش ئەھۋالىنى سېلىشتۇرۇش، «مەدە-
نىيەت زور ئىنقىلابى» دىن بۇرۇنقى ئەھۋال بىلەن 11-نۆۋەتلىك

مەركىزىي كومىتېتىنىڭ 3-ئومۇمىي يىغىنىدىن كېيىنكى ئەھۋالىنى سېلىشتۇرۇش ئىنتايىن زۆرۈر. شۇنداقلا ئۇ بىزگە ناھايىتى تونۇشلۇق. لېكىن، جۇڭگودىكى ھازىرقى زامانغا خاس مىللىي مەسىلىنى تەتقىق قىلىشتا، ئۇنى پۈتۈن مەملىكەتنىڭ ئومۇمىي ۋەزىيىتىگە ۋە پۈتۈن دۇنيانىڭ ئومۇمىي ئېقىمىغا بېقىندۇرۇپ ئېلىپ بېرىش كېرەك، شۇنداق قىلغاندىلا، ئىشىكنى ئېچىۋېتىشنىڭ ئىچكى-تاشقى ئومۇمىي يۈزلىنىشىگە لايىقلاشقىلى بولىدۇ. دېمەك، ئاز سانلىق مىللەتلەرنى خەنزۇلارغا، باشقا مىللەتلەرگە چەت ئەللەردىكى مىللەتلەرگە، جۈملىدىن كاپىتالىستىك دۆلەتلەردىكى، سوتسىيالىستىك دۆلەتلەردىكى ۋە 3-دۇنيا ئەللىرىدىكى مىللەتلەرگە سېلىشتۇرۇشقا، باشقىلارنىڭ تەجرىبىلىرىنى ئەينەك قىلىپ، ساۋاقلىرىنى قوبۇل قىلىپ، ئۇنىڭدىن ئېلىمىزدىكى مىللىي مەسىلىنى ھەل قىلىشتا پايدىلىنىشىمىز لازىم. بۇ ھەم ئىنتايىن زۆرۈر، ھەم ئىنتايىن قىممەتلىك چارە.

— «بارچە گۈللەر تەكشى ئېچىلىش، ھەممە ئېقىملار بەس-بەستە سايراش» فاڭجېنىدا چىڭ تۇرۇش كېرەك. بىز تۈپ ئاساسىي پرىنسىپتا چىڭ تۇرۇش شەرتى ئاستىدا، ئىزدىنىشكە ۋە يېڭىلىق يارىتىشقا ئىلھام بېرىمىز، ئوخشاشمىغان كۆز قاراشتىكىلەرنىڭ ئەركىن مۇھاكىمە ئېلىپ بېرىشىغا ئىلھام بېرىمىز. بۈگۈنكى كۈندە، ماركسىزمنى راۋاجلاندۇرىمىز، سوتسىيالىستىك نەزەرىيە ۋە ئەمەلىيەتكە بولغان تونۇشنى چوڭقۇرلاشتۇرىمىز دەيدىكەنمىز، ئىدىيىدە ئازاد بولۇشقا جۈرئەت قىلىپ، ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدەپ، ھەممە مەسىلە ئۈستىدە

ئوبيېكتىپ ۋە ئىلمىي تەتقىقات ئېلىپ بېرىشىمىز لازىم. ئوخ-
شاش بولمىغان پىكىر ۋە ئوخشاش بولمىغان كۆزقاراشتىكىلەر
ئۆزئارا پىكىر ئالماشتۇرۇپ، بەس-مۇنازىرە ئېلىپ بېرىپ،
بىر-بىرىنى تولۇقلىغان ۋە بىر-بىرىنىڭ خاتا تەرىپىنى تۈزەت-
كەندىلا ھەقىقەتنى تونۇپ، مىللىي مەسىلە ئۈستىدىكى تەتقىقات-
نىڭ چوڭقۇرلىشىشىغا ۋە تەرەققىياتىغا تۈرتكە بولالايدۇ، دۇنيا-
نى ئۆزگەرتىش ئۈچۈن تېخىمۇ ئوبدان خىزمەت قىلالايدۇ.

يولداشلار، مىللىي مەسىلە تەتقىقاتىنىڭ ۋەزىپىسى جاپالىق
ھەم شەرەپلىك ۋەزىپە، تەتقىقات خىزمىتىدىكى ئۇنۇمىنىڭ قانداق
بولۇشى 55 ئاز سانلىق مىللەتنىڭ ھەتتا پۈتكۈل جۇڭخۇا مىللەت-
لىرىنىڭ تەرەققىياتىغا، گۈللەپ ياشنىشىغا زىچ مۇناسىۋەتلىك
ئىش. مىللىي مەسىلە تەتقىقاتىنى ئوبدان يولغا قويۇش ئىنتايىن
مۇھىم. بۇ يەردە ئولتۇرغان، پۈتۈن مەملىكەتتىكى مىللىي
مەسىلە تەتقىقاتى بىلەن شۇغۇللىنىپ كەلگەن ئالىملار، مۇتە-
خەسسىسلەر، دوستلار ۋە يولداشلارنىڭ قولغا قول تۇتۇشۇپ،
دۆلىتىمىزنىڭ سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشى
يولىدا، مىللەتلەرنىڭ ئورتاق راۋاجلىنىشى ۋە گۈللىنىشى يولى-
دا تېخىمۇ كۆپ، تېخىمۇ زور تۆھپە قوشۇشىنى ئۈمىد قىلى-
مەن!

# مىللىي خىزمەتنىڭ مەشھۇر رەھبىرى—
# ۋۇ لەنفۇ*

(1989-يىل 1-ئاينىڭ 26-كۈنى)

يولداش ۋۇ لەنفۇ ئارىمىزدىن كەتكەن بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ پاك ۋىجدانى، ئالىي ئەخلاق-پەزىلىتى ۋە ئېسىل ئىستىدىلى قەلبىمىزدە مەڭگۈ ساقلىنىدۇ.

يېرىم ئەسىردىن كۆپرەك ۋاقىت ئېلىپ بېرىلغان ئىنقىلاب ۋە ئەمەلىيەت يولداش ۋۇ لەنفۇنىڭ ئاز سانلىق مىللەتتىن كېلىپ چىققان سادىق كوممۇنىزم جەڭچىسى، ئۇلۇغ ۋەتەنپەرۋەر بولۇشقا مۇناسىپ ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلىدى. ئۇ جۇڭخۇا ئېلىدىكى ھەر مىللەت خەلقى ئۈچۈن ئۆمۈر بويى جان-دىلى بىلەن خىزمەت قىلغان، باشتىن-ئاخىر بىرلىكنى قوغداپ، بۆلگۈنچىلىككە قارشى تۇرغان، ئىتتىپاقلىقتا، ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدەشتە چىڭ تۇرۇپ، پارتىيىنىڭ مىللىي سىياسىتىنى ئىجادىي يوسۇندا ئىجرا قىلغان مەشھۇر رەھبەر.

يولداش ۋۇ لەنفۇ ئۆسمۈر ۋە ياش چاغلىرىدىلا ئىلغار ئىدىيە-

---

* بۇ ماقالە «خەلق» گېزىتىنىڭ 1989-يىل 1-ئاينىڭ 26-كۈنىدىكى سانىدا ئېلان قىلىنغان.

يىنى قوبۇل قىلىپ، نامرات-قالاق كونا جۇڭگونى ئۆزگەرتىشكە بەل باغلاپ، جاھانگىرلىككە قارشى ۋەتەنپەرۋەرلىك ھەرىكەتلىرىگە پائال قاتناشقان. ئۇ لى داجاۋ، دېڭ جۇڭشيا، جاۋ شيەن قاتارلىق ئاتاقلىق كوممۇنىستلارنىڭ غەمخورلۇقى ۋە ياردىمى ئارقىسىدا، ماركسىزم-لېنىنىزمنى ئەستايىدىل ئۆگىنىپ، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ يېڭى قۇرۇلغان چاغدىكى ئەزاسى بولغان. ئۇ ئاز سانلىق مىللەتتىن كېلىپ چىققان ئىنقىلاب پېشىۋالىرى دېڭ ئېنمىڭ، ما جۈن، گو لۇڭجېن، خەن يۆرەن، ۋېي باچۈن قاتارلىق يولداشلار بىلەن ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ مەشھۇر ۋەكىللىرى سۈپىتىدە، جۇڭخۇا ئېلىدىكى مىللەتلەرنىڭ پەقەت جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ رەھبەرلىكىدىلا باراۋەرلىك ئاساسىدا بىرلىشىپ، قەد كۆتۈرۈپ ئازاد بولالايدىغانلىقىنى ئالدى بىلەن تونۇپ يەتكەن. ئەنە شۇنىڭدىن ئېتىبارەن، ئېلىمىزدە ئېلىپ بېرىلغان مىللىي ئازادلىق ۋە مىللىي ئىتتىپاقلىق-تەرەققىيات ئىشلىرىنىڭ ھەربىر تەرەققىيات دەۋرىگە ۋە زور بۇرۇلۇش پەيتىگە نەزەر سالىدىغان بولساق، يولداش ۋۇ لەنفۇنىڭ گىگانت ئادەمگە خاس قىياپىتى ۋە يارانقان ئۆچمەس تۆھپىسى ئايان بولىدۇ.

1929-يىل 7-ئايدا يولداش ۋۇ لەنفۇ پارتىيە تەشكىلاتىنىڭ ئەۋەتىشى بويىچە ئاق تېررورلۇققا قارىماي، جان پىدالىق بىلەن غەربىي موڭغۇل رايونىغا كېلىپ، ئاممىۋى خىزمەت، پارتىيە خىزمىتى، ھەربىي ئىشلار ۋە بىرلىك سەپ خىزمىتى بىلەن شۇغۇللىنىپ، جاپالىق شارائىتتا قاتتىق سىناقلاردىن ئۆتتى. ئۇ باشقىلار بىللە ئىچكى موڭغۇل رايونىنىڭ ياپون باسقۇن-

چىلىرىغا قارشى كۆرىشگە رەھبەرلىك قىلىپ، مەشھۇر «بەي-
لىڭمياۋ قوزغىلىڭى»نى قوزغىدى، شۇ چاغدا موڭغۇللار ئىچىدە
ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئەڭ زور قوراللىق قىسىم تەشكىل-
لىدى ھەمدە گۇيسۇينى قوغداش جېڭىگە بىۋاستە قوماندانلىق
قىلدى. يولداش ۋۇ لەنفۇ جۇڭخۇا مىللەتلىرى خەۋپ-خەتەر
ئاستىدا قالغاندا، كوممۇنىستلارنىڭ قەيسەرانە كۆرەش قىلىدى-
غان، قۇربان بېرىشتىن قورقمايدىغان ئىنقىلابىي روھىنى تو-
لۇق نامايان قىلىپ، ئىچكى موڭغۇلدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ
ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى قوراللىق كۆرىشگە مۇھىم تۆھپە
قوشتى.

ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇش غەلىبە قىلغاندىن
كېيىن، جۇڭگودا ئىككى خىل تەقدىر، ئىككى خىل ئىستىقبال
ئۇتتۇرىسىدا ھەل قىلغۇچ جەڭ بولۇۋاتقان ۋەزىيەت ئاستىدا،
ئىچكى موڭغۇلدا، دۆلەتنى پارچىلاش كېرەكمۇ ياكى بىرلىكنى
قوغداش كېرەكمۇ، دېگەن قاتتىق كۆرەش يۈز بەردى. شۇ چاغدا
بۇيىڭ دالاي باشچىلىقىدىكى ئاز سانلىق بۆلگۈنچىلەر سۇنىد ئوڭ
خوشۇنىدا ئاتالمىش «ئىچكى موڭغۇل خەلق ۋەكىللەر يىغىنى»
ئېچىپ، ئاتالمىش «ئىچكى موڭغۇل جۇمھۇرىيىتى ۋاقىتلىق
ھۆكۈمىتى»نى قۇرۇپ، ئىچكى موڭغۇلنى ۋەتىنىمىزدىن ئايرى-
ۋەتمەكچى بولدى. يولداش ۋۇ لەنفۇ ئۇلارنىڭ بۆلگۈنچىلىك
سۇيىقەستىنى بەربات قىلىش ئۈچۈن، 1945-يىل 10-ئايدا پار-
تىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ تەيىنلىشى بىلەن شۇ يەرگە بې-
رىپ، ھەرقايسى قاتلامدىكىلەرگە خىزمەت ئىشلەپ، پارتىيىنىڭ
مىللىي سىياسىتىنى تەشۋىق قىلدى، كەڭ ئاممىنى ئىتتىپاق-

لاشتۇردى ھەمدە بۈيۈك دالاي قاتارلىق كىشىلەرنىڭ بۆلگۈنچى-
لىك سۇيىقەستىنى يۇزتۇرانە ئېچىپ تاشلاپ، ئۇلارنى «ۋاقىت-
لىق ھۆكۈمەت»نى ئەمەلدىن قالدۇرۇشقا مەجبۇر قىلدى. يول-
داش جۇ ئېنلەي ۋۇ لەنفۇنىڭ شۇ قېتىمقى ھەرىكىتىنى «يىغىن-
غا يالغۇز بېرىش» دەپ تەرىپلەپ، تولۇق مۇئەييەنلەشتۇردى ۋە
ماختىدى. 1946-يىل 3-ئايدا مەركىزىي كومىتېتنىڭ يولىيورۇ-
قىغا بىنائەن، ئىچكى موڭغۇل ئاپتونومىيە ھەرىكىتى بىرلەشمى-
سى بىلەن شەرقىي موڭغۇل ئاپتونوم ھۆكۈمىتى چېڭدېدا ئاپتو-
نومىيە ھەرىكىتىنى بىرلىككە كەلتۈرۈش يىغىنىنى ئاچتى. تەي-
يارلىق يىغىنىدا، ئاپتونومىيە ھەرىكىتىنىڭ ئىلگىرىلەش يولى
ۋە رەھبەرلىك ھوقۇقى مەسىلىسىدە: مىللىي تېررىتورىيىلىك
ئاپتونومىيىنى ۋەتىنىمىزنىڭ چوڭ ئائىلىسى ئىچىدە ئىشقا ئا-
شۇرۇش كېرەكمۇ، ياكى «مۇستەقىل ئاپتونومىيە»نى يولغا
قويۇش كېرەكمۇ، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ رەھ-
بەرلىكىنى قوبۇل قىلىش كېرەكمۇ، ياكى ئىچكى موڭغۇل
خەلق ئىنقىلابى پارتىيىسىنى جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى-
نىڭ ئورنىغا قويۇش كېرەكمۇ، دېگەندىن ئىبارەت پۈتۈنلەي
ئوخشاش بولمىغان ئىككى خىل تەشەببۇس ساقلاندى. يولداش
ۋۇ لەنفۇ موڭغۇل خەلقىنىڭ تەقدىرىنى بەلگىلەيدىغان شۇ ھالقى-
لىق پەيتتە قەتئىيلىك بىلەن: ئىچكى موڭغۇل ئاپتونومىيە ھە-
رىكىتى پەقەت جۇڭگو خەلقىنىڭ جۇڭگو كومپارتىيىسى رەھبەر-
لىكىدىكى دېموكراتىك ئىنقىلابىنىڭ بىر قىسمى، ئاپتونومىيە
ھەرىكىتىنىڭ توغرا يولى— جۇڭگو كومپارتىيىسىنىڭ رەھبەر-
لىكىنى قوبۇل قىلىپ، ئاممىنى تولۇق سەپەرۋەر قىلىپ، ئىچ-

كى موڭغۇلدا بىر پۈتۈن مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيىنى ئىشقا ئاشۇرۇش، ئىچكى موڭغۇل ئاپتونومىيە ھەرىكىتى بىر-لەشمىسىنى ئاپتونومىيە ھەرىكىتىگە بىر تۇتاش رەھبەرلىك قى-لىدىغان ئاپپارات قىلىشقىلا بولىدۇ، دەپ كۆرسەتتى. يولداش ۋۇ لەنفۇ يىغىندا ئىنقىلابىي قەتئىيلىك بىلەن تاكتىكا جەھەتتى-كى جانلىقلىقنى بىرلەشتۈرۈپ، ھەم چىڭ تۇرۇپ كۈرەش قىل-دى، ھەم تولۇق كېڭىشىشكە دىققەت قىلدى، ئاخىر ۋەكىللەر-نىڭ زور كۆپ قىسمىنى ئىتتىپاقلاشتۇرۇپ ۋە قولغا كەلتۈ-رۈپ، پىكىر بىرلىكى ھاسىل قىلدى. شۇ يىل 4-ئاينىڭ 3-كۈنى ئۆتكۈزۈلگەن رەسمىي يىغىندا، «ئىچكى موڭغۇل ئاپ-تونومىيە ھەرىكىتىنى بىرلىككە كەلتۈرۈش يىغىنىنىڭ ئاساسىي قارارى» مۇزاكىرە قىلىنىپ ماقۇللاندى. يولداش ۋۇ لەنفۇ ئىجرائىي ھەيئەت ۋە دائىمىي ھەيئەت رەئىسلىكىگە، قوشۇمچە ھەربىي ئىشلار بۆلۈمىنىڭ باشلىقلىقىغا كۆرسىتىلدى. 3- ئاپ-رېل يىغىنى موڭغۇل مىللىتىنىڭ تارىخىدا ۋە ئىچكى موڭغۇل ئىنقىلابىنىڭ تارىخىدا مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە يىغىن بولدى. بۇ يىغىن ئىچكى موڭغۇلدا شەرقىي رايون بىلەن غەربىي رايون ئۇزاق مۇددەت بۆلۈنۈپ تۇرغان ھالەتكە خاتىمە بېرىپلا قالماي، بەلكى موڭغۇل مىللىتىنىڭ ۋەتىنىمىزنىڭ بىر پۈتۈن چوڭ ئائىلىسىدە مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيىنى ئىشقا ئاشۇ-رۇشى ئۈچۈن سىياسىي ئاساس سېلىپ بەردى.

پارتىيىمىز ئۇزاق مۇددەت ئىزدىنىش ئارقىلىق، مەملىكەت ئىچىدىكى مىللىي مەسىلىنى مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومى-يىنى يولغا قويۇش يولى بىلەن ھەل قىلىدىغان توغرا يولنى

تاپتى. يولداش ۋۇ لەنفۇ ئەنە شۇنداق شانلىق يولنى ئەڭ باتۇر-لۇق بىلەن ئاچقۇچىلارنىڭ بىرى. 1947-يىل 4-ئاينىڭ 3-كۈنى ئىچكى موڭغۇل ئاپتونومىيە ھەرىكىتى بىرلەشمىسى ئىچكى موڭغۇل خەلق ۋەكىللىرى يىغىنى ئاچتى، يولداش ۋۇ لەنفۇ سىياسىي دوكلاتىدا ئىچكى موڭغۇل ئاپتونومىيە ھەرىكىتىنىڭ تارىخىي تەجرىبىلىرىنى يەكۈنلەپ، ئىچكى موڭغۇل ئاپتونوم ھۆكۈمىتى قۇرۇشنىڭ شەرت-شارائىتى پىشىپ يېتىلدى، دې-گەن مۇھىم خۇلاسىنى چىقاردى. يىغىندا ئاپتونوم ھۆكۈمەت قۇرۇش، ۋاقىتلىق كېڭەش ھەيئىتى سايلاش قارار قىلىندى ھەمدە كېڭەش ھەيئىتى يولداش ۋۇ لەنفۇنى ئاپتونوم ھۆكۈمەتـ-نىڭ رەئىسى قىلىپ سايلىدى. 5-ئاينىڭ 1-كۈنى ئىچكى موڭ-غۇل ئاپتونوم ھۆكۈمىتىنىڭ قۇرۇلغانلىقى رەسمىي جاكارلان-دى، رەئىس ماۋ زېدۇڭ بىلەن باش قوماندان جۇ دې تەبرىك تېلېگراممىسى ئەۋەتتى. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن جۇڭگو زېمىنىدا تۇنجى مىللىي ئاپتونوم رايون دۇنياغا كېلىپ، مىللىي تېررىتو-رىيىلىك ئاپتونومىيە تۈزۈمىنى يولغا قويۇشنىڭ مۇۋەپپەقىيەت-لىك تەجرىبىسىنى يارىتىش جەھەتتە مۇھىم رول ئوينىدى.

يولداش ۋۇ لەنفۇ ئىچكى موڭغۇل ئاپتونوم رايونلۇق پارتـ-كومىنىڭ بىرىنچى شۇجىسى، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق كومىتې-تىنىڭ رەئىسى، ئىچكى موڭغۇل ھەربىي رايونىنىڭ قوماندانى قوشۇمچە سىياسىي كومىسسارى، ئىچكى موڭغۇل ئاپتونوم را-يونلۇق سىياسىي كېڭەشنىڭ رەئىسى قاتارلىق ۋەزىپىلەرنى ئۆتى-دى. ئۇ ئىچكى موڭغۇل ئاپتونوم رايونىنىڭ خىزمىتىگە 20 يىلغا يېقىن رىياسەتچىلىك قىلىش جەريانىدا، پارتىيىنىڭ

مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە سىياسىتىنى ۋە تۈرلۈك سىياسەتلىرىنى ئىجادىي يوسۇندا ئىجرا قىلىپ، پۈتۈن ئاپتونوم رايوندىكى موڭغۇل، خەنزۇ ۋە باشقا مىللەت خەلقىنى ئىتتىپاقلاشتۇرۇپ ۋە يېتەكلەپ سوتسىيالىستىك ئىنقىلاب ۋە سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇشتا زور غەلىبىلەرنى قولغا كەلتۈردى، ئىچكى موڭغۇل ئاپتونوم رايونىنى ئۈلگىلىك ئاپتونوم رايون قىلىپ قۇرۇپ، پۈتۈن مەملىكىتىمىزدىكى مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلار ئۈچۈن ئۈلگە تىكلىدى.

يېڭى جۇڭگو دۇنياغا كەلگەندىن كېيىن، يولداش ۋۇ لەنفۇ مەركىزىي خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ ئەزاسى، مەركىزىي مىللىي ئىشلار كومىتېتى پارتگورۇپپىسىنىڭ شۇجىسى، مەركىزىي مىللىي ئىشلار كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى، مۇدىرى، گوۋۇيۈەنىنىڭ مۇئاۋىن زۇڭلىسى، ج ك پ مەركىزىي كومىتېتى بىرلىك سەپ بۆلۈمىنىڭ باشلىقى، مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى ۋە دۆلەتنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى قاتارلىق ۋەزىپىلەرنى ئۆتىدى، ئۇ پارتىيە ۋە دۆلەتنىڭ رەھبەرلىك ئىشلىرىغا قاتناشقان چاغلىرىدا، ماركسىزملىق مىللىي خىزمەت لۇشيەنىدە تەۋرەنمەي چىڭ تۇرۇپ، پۈتۈن مەملىكەتنىڭ مىللىي ئىتتىپاقلىق-تەرەققىيات ئىشلىرىنى ئۈزلۈكسىز ئىلگىرى سۈردى.

1956-يىلى، يولداش ۋۇ لەنفۇ پارتىيىنىڭ مەملىكەتلىك 8-قۇرۇلتىيىدا قىلغان سۆزىدە ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىدا ئېلىپ بېرىلغان ئىجتىمائىي ئىسلاھاتنىڭ تارىخىي تەجرىبىلىرىنى چوڭقۇر يەكۈنلەپ: چارۋىچىلىق رايونلىرىدا دېموكراتىك

ئىسلاھات ۋە سوتسىيالىستىك ئۆزگەرتىشنى تىنچ يول بىلەن ئېلىپ بېرىشقا بولىدۇ، دەپ كۆرسەتتى. ئۇ مىللەتلەر ئوتتۇرد-سىدىكى پەرققە دىققەت قىلماي، خەنزۇلار رايونىدا ياكى باشقا ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىدا قوللىنىلغان چارىنى ئۆلۈك ھالدا كۆچۈرۈپ قوللىنىدىغان خاتا خاھىشنى تەنقىد قىلىپ، ئاز سانلىق مىللەتلەر ئىسلاھات ئېلىپ بېرىش مەسىلىسىدە، مىل-لەتلەرنىڭ ئالاھىدە ئەھۋالى ۋە ئەمەلىي ئېھتىياجىنى توغرا ئەكس ئەتتۈرۈش كېرەك، دەپ كۆرسەتتى.

1957-يىلى چىڭداۋدا ئېچىلغان مىللىي خىزمەت سۆھبەت يىغىنىدا، يولداش ۋۇ لەنفۇ يولداش جۇ ئېنلەينىڭ تەكلىپى بويىچە مۇھىم سۆز قىلىپ: ئاز سانلىق مىللەتلەر ئىجتىمائىي ئىسلاھات ئارقىلىق سوتسىيالىزم يولىغا مېڭىشتا، پەقەت سوت-سىيالىزم ئۈچۈن، ئۆز مىللىتىنىڭ تەرەققىياتى ئۈچۈن پايدد-سىز بولغان بارلىق نەرسىلەرنىلا ئىسلاھ قىلىدۇ، ئىسلاھات ئارقىلىق مىللەت يوقىتىلمايدۇ، ئەكسىچە مىللەت تەرەققىي قىلدۇرۇلىدۇ، مىللەتلەر يۇكسەك ئىقتىسادىي سەۋىيىگە ۋە مە-دەنىيەت سەۋىيىسىگە ئىگە مىللەتلەرگە ئايلاندۇرۇلىدۇ. «سوت-سىيالىستىك جەمئىيەتكە بارغاندا، مىللەتلەر مەۋجۇت بولۇپلا قالماي، بەلكى گۈللىنىدۇ» دەپ كۆرسەتتى. ئۇ دۆلىتىمىزدە مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيىنى يولغا قويۇپ، كۆپ مىل-لەتلىك بىر پۈتۈن دۆلەت قۇرۇشنىڭ مۇقەررەرلىكىنى تەھلىل قىلىپ: «ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ئاپتونومىيە ھوقۇقىنى تو-لۇق ئىشقا ئاشۇرۇش— مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيىنى ئىزچىللاشتۇرۇشتىكى مۇھىم مەسىلە» دەپ كۆرسەتتى. ئۇ

ئاپتونومىيە ھوقۇقىنى يەنىمۇ ئىلگىرىلەپ، ئەمەلىيلەشتۈرۈشنى ۋە بۇنىڭغا ئالاقىدار قانۇن-پەرمان ۋە كونكرېت بەلگىلىمىلەرنى تۈزۈشنى تەلەپ قىلدى.

يولداش ۋۇ لەنفۇنىڭ تۆھپىسى مەڭگۈ ئۆلمەيدۇ!

# مىللەتلەرنىڭ باراۋەرلىكى، ئىتتىپاقلىقى ۋە تەرەققىيات ئىشلىرى ئۈچۈن يېڭى تۆھپە قوشايلى*

(1989-يىل 2-ئاينىڭ 20-كۈنى)

يىلنىڭ پىلانى باھاردىن باشلىنار دېگەن گەپ بار. بىز مىللىي ئىشلار كومىتېتلىرى مۇدىرلىرىنىڭ مەملىكەتلىك يىغىنىنى مانا مۇشۇ باھار بايرىمى پەيتىدە ئېچىۋاتىمىز. تەجرىبىلەرنى يەكۈنلەش ئاساسىدا، پارتىيىنىڭ 13-نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 3-ئومۇمىي يىغىنىنىڭ روھىنى ئىزچىللاشتۇرۇش ھەققىدە، مىللىي ئىتتىپاقلىق-تەرەققىيات ئىشلىرىنى تېخىمۇ ئىلگىرى سۈرۈشكە دائىر فاڭجېن ۋە پىلانلار ئۈستىدە بىرلىكتە مۇھاكىمە ئېلىپ بارماقچىمىز. ئەمدى مەن دۆلەت مىللىي ئىشلار كومىتېتى پارتگورۇپپىسىدا مۇزاكىرە قىلىنغان پىكىرلەرگە ئاساسەن، تۆۋەندىكى بىرقانچە مەسىلە ئۈستىدە سۆزلىمەكچىمەن:

---

* بۇ— يولداش ئىسمايىل ئەھمەدنىڭ 1989-يىلى مىللىي ئىشلار كومىتېتلىرى مۇدىرلىرىنىڭ مەملىكەتلىك يىغىنىدا سۆزلىگەن سۆزى.

# 1

1988-يىلى ئېلىمىزنىڭ مىللىي ئىتتىپاقلىق-تەرەققىيات ئىشلىرى يېڭى ئۇتۇقلارغا ئېرىشكەن يىل بولدى. ھەر مىللەت خەلقى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى ۋە گوۋۇيۈەننىڭ رەھبەرلىكىدە، بىر نىيەت-بىر مەقسەتتە، جاپالىق كۆرەش قىلدى، ئىسلاھات-ئېچىۋېتىش دولقۇنى داۋاملىق ئاز سانلىق مىللەتلەرنى سىياسىي، ئىقتىسادىي ۋە مەدەنىيەت جەھەتتە ئەتراپلىق تەرەققىي قىلدۇرۇپ، مىللەتلەرنى ئورتاق گۈللەندۈرۈشنىڭ يېڭى يولىنى ئىزدىدى، دۆلەتنىڭ بىرلىكىنى مۇستەھكەملەش، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى كۈچەيتىش ۋە جۇڭخۇا ئېلىنى گۈللەندۈرۈش يولىدا يېڭى نەتىجىلەرنى ياراتتى. بىزنىڭ مىللىي خىزمىتىمىزنى پۈتۈن پارتىيە ۋە پۈتۈن مەملىكەت خەلقى بىرلىكتە ئىشلىدى. مەن بۇ يەردە مىللىي ئىشلار كومىتېتىنىڭ فۇنكسىيىلىك تارماق سۈپىتىدە ئىشلىگەن ئاساسىي خىزمەتلىرى ئۈستىدە توختىلىمەن.

(1) پارتىيە 13-قۇرۇلتىيىنىڭ روھىنى ئەستايىدىل ئۆگىنىپ ۋە ئىزچىللاشتۇرۇپ، سوتسىيالىزمنىڭ دەسلەپكى باسقۇچىدىكى مىللىي مەسىلىگە بولغان تونۇشنى چوڭقۇرلاشتۇردۇق. دۆلەت ئەھۋالى ئۈستىدە توغرا تونۇش ھاسىل قىلىپ، ئىسلاھات ۋە ئىشىكنى ئېچىۋېتىش ئىشىنى دادىل ئېلىپ بېرىش، سوتسىيالىزمنىڭ ئەۋزەللىكىنى ۋە ھاياتىي كۈچىنى نامايان قىلىشنىڭ، مىللەتلەرنىڭ باراۋەرلىك، ئىتتىپاقلىق ۋە تە-

رەققىيات ئىشلىرىنى يۈكسەلدۈرۈشنىڭ تۈپ يولى. پارتىيەنىڭ 13-قۇرۇلتىيىدا سوتسىيالىزمنىڭ دەسلەپكى باسقۇچى ھەققىدە ئوتتۇرىغا قويۇلغان ئاساسىي نەزەرىيە ۋە لۇشيەن پۈتۈن پارتىيە ۋە پۈتۈن مەملىكەتنىڭ مىللىي خىزمەتنى ئۆز ئىچىگە ئالغان تۈرلۈك خىزمەتلىرىگە يۆنىلىش كۆرسىتىپ بەردى. بىر يىلدىن بۇيان بىز 13-قۇرۇلتاي ھۆججەتلىرىنىڭ روھىنى چوڭقۇر ئۆگىنىش ئاساسىدا، سوتسىيالىزمنىڭ دەسلەپكى باسقۇچىغا دائىر نەزەرىيىنى تەتبىقلاپ، ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ تۈرلۈك كېلىپ چىقىش مەنبەسى ۋە يېتىلىش دەرىجىسىگە بولغان تونۇشىمىزنى، تۈرلۈك مىللەت، تۈرلۈك رايونلارغا خاس ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ تەرەققىيات ئەھۋالى ۋە خۇسۇسىيىتىگە بولغان تونۇشىمىزنى چوڭقۇرلاشتۇردۇق، شۇنىڭ بىلەن بىرۋاقىتتا، تۈرگە ئايرىپ يېتەكچىلىك قىلىش پرىنسىپىغا ئاساسەن، بىر قىسىم ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىنىڭ ئۆز رايونىنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىغا ئۇيغۇن كېلىدىغان سىياسەت-تەدبىرلەرنى تەتقىق قىلىشىغا ۋە تۈزۈپ چىقىشىغا، ئىسلاھات ۋە قۇرۇلۇشنى پائال ۋە پۇختا ئېلىپ بېرىشىغا ياردەملەشتۇق. دۆلەت مىللىي ئىشلار كومىتېتى مىللىي مەسىلە تەتقىقات مەركىزى قۇرۇپ، سوتسىيالىزمنىڭ دەسلەپكى باسقۇچىدا ئېلىمىزدىكى مىللەتلەرنىڭ باراۋەرلىك، ئىتتىپاقلىق، تەرەققىيات ئىشلىرىنى يۈكسەلدۈرۈشكە دائىر فاڭجېن-سىياسەتلەرنى ئالاھىدە چوڭقۇر تەتقىق قىلىپ، ئىلمىي تەتقىقاتنى ئىسلاھات-ئېچىۋېتىش ئىشلىرىغا، ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ۋە ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىنىڭ زامانىۋىلىشىش قۇرۇلۇشىغا بىۋاسىتە خىزمەت قىلدۇرۇش ئۇ-

چۈن بىرمۇنچە ئورۇنلاردىكى نەزەرىيە خادىملىرىنى ۋە ئەمەلىي خىزمەت خادىملىرىنى بىرلەشتۈردى.

(2) مەملىكەتلىك مىللىي ئىتتىپاقلىق-تەرەققىيات ئىشلىرى بويىچە تەقدىرلەش يىغىنىنىڭ روھىنى ئەستايىدىل ئىزچىللاشتۇرۇپ، مىللەتلەرنىڭ بۈيۈك ئىتتىپاقلىقىنى ئالغا سۈردۇق. بۇلتۇر 4-ئاينىڭ 25-كۈنىدىن 29-كۈنىگىچە، گوۋۇيۈەن بېيجىڭدا تۇنجى قېتىم مەملىكەتلىك مىللىي ئىتتىپاقلىق-تەرەققىيات ئىشلىرى بويىچە ئىلغار كوللېكتىپ ۋە ئىلغار شەخسلەرنى تەقدىرلەش يىغىنىنى ئاچتى. دۆلەت مىللىي ئىشلار كومىتېتى گوۋۇيۈەننىڭ بىۋاسىتە رەھبەرلىكىدە، مەركەزدىكى دۆلەت ئورگانلىرىنىڭ، ئۆلكە، ئاپتونوم رايون ۋە بىۋاسىتە قاراشلىق شەھەرلەردىكى پارتىيە-ھۆكۈمەت رەھبىرىي ئورگانلىرىنىڭ ھەمدە جايلاردىكى مىللىي ئىشلار كومىتېتلىرىنىڭ قوللىشى ئارقىسىدا، يىغىننىڭ پۈتۈن تەييارلىق خىزمىتىنى ۋە تەشكىلىي خىزمىتىنى ئۈستىگە ئالدى. يىغىن ئىنتايىن ئۇتۇقلۇق ئېچىلىپ، ئېلىمىزنىڭ مىللىي ئىتتىپاقلىق-تەرەققىيات ئىشلىرى بويىچە كاتتا مەرىكە بولدى. تەقدىرلەش يىغىنى دۇنيانىڭ دىققىتىنى تارتتى ھەمدە ئېلىمىزنىڭ بىپايان زېمىنىدا مىللىي ئىتتىپاقلىق ۋە تەرەققىيات بويىچە يېڭى دولقۇن كۆتۈرۈپ، ئىنتايىن چوڭقۇر تەسىر قوزغىدى. يىغىندىن كېيىن دۆلەت مىللىي ئىشلار كومىتېتىدىكى مەسئۇل يولداشلار مەملىكىتىمىزنىڭ ھەرقايسى جايلىرىغا بېرىپ، يىغىن روھىنىڭ ئىزچىللاشتۇرۇلۇش ئەھۋالىنى تەكشۈردى ۋە ئىگىلىدى. نۇرغۇن جايلار يىغىننىڭ روھىنى يەتكۈزۈش ۋە ئىزچىللاشتۇرۇشنى پارتىـ

يە ۋە ھۆكۈمەت خىزمىتىنىڭ چوڭ ۋەزىپىسى ھېسابلاپ، بىر تەرەپتىن ئۆگىنىشنى، بىر تەرەپتىن ئىزچىللاشتۇرۇشنى تۇت-تى. بۇلتۇر يىل ئاخىرىغىچە، مەملىكەت بويىچە 30 ئۆلكە، ئاپتونوم رايون ۋە بىۋاسىتە قاراشلىق شەھەر يىغىن ئېچىپ، مۇشۇ يىغىننىڭ روھىنى يەتكۈزگەن ۋە ئىزچىللاشتۇرغان؛ زور كۆپ سانلىقى تەشكىل قىلىدىغان ئۆلكە، ئاپتونوم رايون، بىۋاسى-تە قاراشلىق شەھەرلەردىكى پارتىيە-ھۆكۈمەتنىڭ ئاساسىي رەھ-بەرلىرى يىغىن روھىنى ئىزچىللاشتۇرۇش ۋە ئەمەلىيلەشتۈ-رۈش خىزمىتىنى شەخسەن ئۆزى تۇتقان؛ خېنەن، چېڭخەي، نىڭشىيا قاتارلىق بىرمۇنچە ئۆلكە، ئاپتونوم رايونلار يەنە ئۆز يېرىنىڭ ئەھۋالىغا بىرلەشتۈرۈپ، مىللىي خىزمەتنى كۈچەيت-تىشكە دائىر بەزى قارار ياكى نىزاملارنى تۈزۈپ چىقىپ، ئەمە-لىي مەسىلىلەرنى تىرىشىپ ھەل قىلىپ، مىللىي ئىتتىپاقلىق تەرەققىياتى ئىشلىرىنى يۈكسىلىش بىلەن ئىلگىرى سۈرگەن.

(3) ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىنىڭ ئىقتىسادىي قۇرۇ-لۇشى ۋە مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنى ئىلگىرى سۈرۈشكە تىرىش-تۇق. بۇ جەھەتتە ئىشلەنگەن ئاساسىي خىزمەتلەر مۇنداق: بى-رىنچىدىن، دۆلەتنىڭ ئومۇمىي ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇلۇشىغا ۋە كەسىپلەر سىياسىتىگە ئاساسەن ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىيات ستراتېگى-يىسىگە دائىر مەسىلىلەر ئۈستىدە تەكشۈرۈش ۋە تەتقىقات ئې-لىپ بېرىپ، جەنۇبىي جۇڭگو تاش تاغ رايونىنى، خۇاڭخې دەرياسىنىڭ يۇقىرى ئېقىنىدىكى ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىنى ۋە خۇڭشۇيخې دەريا ۋادىسىنى ئەتراپلىق ئۆزلەشتۈرۈپ گۈللەن-

دۇرۇشكە ئومۇمىي يېتەكچىلىك قىلىش ئۈستىدە تەكلىپ بەر-
دۇق، بۇ تەكلىپلەرنى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى ۋە گوۋۇ-
يۈەندىكى رەھبىرىي يولداشلار ئېتىبارغا ئالدى ۋە مۇئەييەنلەش-
تۈردى. ئىككىنچىدىن، ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىدا ئىشىك-
نى سىرتقا ئېچىۋېتىش ئىشىنى ئىلگىرى سۈرۈش، ئىقتىسادىي
تەرەققىيات قەدىمىنى تېزلىتىش ئۈچۈن، شىنجاڭ، يۈننەن،
گۇاڭشى، شىزاڭ، جىلىن، خېيلۇڭجياڭ، ئىچكى موڭغۇل
قاتارلىق ئۆلكە، ئاپتونوم رايونلارنىڭ چېگرا رايونلىرىدا تەكشۈ-
رۈش ۋە تەتقىقات ئېلىپ بېرىپ، چېگرا سودىسىنى تەرەققىي
قىلدۇرۇش، ئېچىۋېتىشنى ئىلگىرى سۈرۈشكە دائىر بەزى سى-
ياسەت خاراكتېرلىك تەكلىپلەرنى ئوتتۇرىغا قويدۇق ھەمدە ئالا-
قىدار تارماقلار بىلەن كېڭىشىپ بەزى ئەمەلىي مەسىلىلەرنى
ھەل قىلدۇق. ئۈچىنچىدىن، تاشقى ئىقتىسادىي ئالاقە يولىنى
ئاچتۇق. ب د ت تەرەققىيات پىلانى مەھكىمىسى، دۇنيا بانكى-
سى، فورد فوندى جەمئىيىتى، ئاسىيا تەرەققىيات بانكىسى
قاتارلىق ئالتە خەلقئارا تەشكىلات ۋە پۇل مۇئامىلە ئاپپاراتى
بىلەن، شۋېتسىيە، فرانسىيە، كانادا قاتارلىق بەش دۆلەتنىڭ
ھۆكۈمەت ئورگىنى بىلەن ھەمكارلىق مۇناسىۋىتى ئورناتتۇق
ھەمدە بەزى ئۆلكە، ئاپتونوم رايونلارنىڭ بىر تۈركۈم چەت ئەل
مەبلىغىدىن پايدىلىنىش تۈرلىرىنى ئۈيۈشتۇرۇشىغا ياردەم بەر-
دۇق. ئىقتىساد-سودا مىنىستىرلىكىنىڭ ماقۇللۇقىنى ئېلىپ،
كومىتېتىمىز بەش ئاپتونوم رايوننىڭ يۇگوسلاۋىيە بىلەن ھەم-
كارلىشىدىغان تۈرلىرىنى تەكشۈرۈپ تەستىقلاش ۋە يۇقىرىغا
مەلۇم قىلىش ھوقۇقىنى ئۈستىگە ئالدى. تۆتىنچىدىن، نامرات-

لارنى يۆلەش خىزمىتىنى كۈچەيتىپ، كومىتېتىمىزغا قاراشلىق
ئورۇنلارنىڭ كۈچىنى تەشكىللەپ، گۇاڭشىنىڭ بەيسې رايونىدى-
كى نامراتلارنى يۆلەش خىزمىتىنى نۇقتىلىق چىڭ تۇتۇشتىن
تاشقىرى، كومىتېتىمىزغا قاراشلىق ئورۇنلارنى ئوتتۇرا جە-
نۇب، غەربىي جەنۇب، غەربىي شىمال ۋە شەرقىي شىمال رايون-
لىرىدا نامراتلارنى يۆلەش بويىچە يېڭى نۇقتىلارنى ئېچىشقا ئۇ-
يۇشتۇردۇق. نۇقتىلاردا نامراتلارنى يۆلەش خىزمىتىنى ئوبدان
ئىشلەش بىلەن بىرۋاقىتتا، مەملىكەت بويىچە ئاز سانلىق مىل-
لەت رايونلىرىنىڭ نامراتلارنى يۆلەش خىزمىتى ئۈستىدىكى تەك-
شۈرۈش ۋە تەتقىقاتنى كۈچەيتىپ، ئېچىلىشى پىلانلانغان مەملى-
كەتلىك نامراتلارنى يۆلەش خىزمەت يىغىنىغا پائال تەييارلىق
كۆردۇق. بەشىنچىدىن، مەركىزىي كومىتېت بىرلىك سەپ بۆ-
لۈمى بىلەن بىرلىكتە ھەرقايسى دېموكراتىك پارتىيە-گۇرۇھلار
ۋە سودا-سانائەتچىلەر بىرلەشمىسى بىلەن بىرلىشىپ، «چېگرا
رايونلارغا ئەقلىي ياردەم بېرىش» پائالىيىتىنى پائال قانات ياي-
دۇردۇق، ئەقلىي ئىمكانىيەتلەردىن كەڭ پايدىلىنىش، نامرات-
لىقتىن قۇتۇلۇپ بېيىغۇچى باشلامچىلارنى ۋە ئەمەلىي تېخنىكا
ئىگىلىرىنى يېتىشتۈرۈش ئارقىلىق نامراتلارنى پەن-تېخنىكا بى-
لەن يۆلەش ئىشىنى يولغا قويدۇق. ئالتىنچىدىن، ئالاقىدار
تارماقلار بىلەن بىرلىكتە مەملىكەتلىك چارۋىچىلىق خىزمەت
يىغىنىنىڭ روھىنى داۋاملىق ئىزچىللاشتۇردۇق، چارۋىچىلىق
رايونلىرىغا نامراتلارنى يۆلەش ئۈچۈن بېرىلىدىغان 50 مىليون
يۈەن ئۆسۈملۈك قەرز پۇلنى ئەمەلىيلەشتۈردۇق، يەنە چارۋىچى-
لىق رايونلىرىدا ئۆت-چۆپ يېتىشتۈرۈش فوندىنى تەسىس قى-

لىش ۋە چارۋىچىلىق «ئۈچ پونكىتى» قۇرۇش قاتارلىق مەسىلىلەر ئۈستىدە تېخىمۇ ئىلگىرىلەپ تەتقىقات ئېلىپ باردۇق. يەتتىنچىدىن، دۆلەت مائارىپ كومىتېتى بىلەن بىرلىكتە مىللىي مائارىپنى تەرەققىي قىلدۇرۇش ئۈستىدە تەكشۈرۈش ۋە تەتقىقات ئېلىپ باردۇق ھەمدە ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىدا مائارىپ ئىسلاھاتىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇش، كەسپىي تېخنىكا مائارىپىنى ئىلگىرى سۈرۈش ۋە ئېلېكترلەشكەن مائارىپنى تەرەققىي قىلدۇرۇش تەدبىرلىرىنى تۈزدۇق. سەككىزىنچىدىن، مەركىزىي تەشۋىقات بۆلۈمى، مەدەنىيەت مىنىستىرلىكى ۋە رادىئو-كىنو-تېلېۋىزىيە مىنىستىرلىكى بىلەن بىرلىكتە مىللىي مەدەنىيەت ئىشلىرىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش، مەدەنىيەت ساھەسىدە يۈز بەرگەن، مىللەتلەر مۇناسىۋىتىگە زىيان يەتكۈزىدىغان ۋەقەلەرنى مۇۋاپىق بىر تەرەپ قىلىش جەھەتتە نۇرغۇن خىزمەت ئىشلەپ، مىللەتلەر ئارا بىر-بىرىنى چۈشىنىش ۋە بىر-بىرىگە بولغان ھۆرمەتنى كۈچەيتتۇق. جايلاردىكى مىللىي ئىشلار كومىتېتلىرىمۇ ئۆز خىزمىتىنى ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشنى مەركەز قىلىش يولىغا سېلىش بىلەن ئۆز يېرىنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىغا قاراپ، ئۆز ئارتۇقچىلىقىنى جارى قىلدۇرۇپ، ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىنىڭ ئىقتىسادىي قۇرۇلۇش ۋە مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنى راۋاجلاندۇرۇش داۋامىدا ئىجابىي رول ئوينىدى.

(4) مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە سىياسىتىنى ۋە قانۇننى ئەستايىدىل ئىزچىللاشتۇردۇق. بۇلتۇر دۆلەت مىللىي ئىشلار كومىتېتى نىڭشيا، گۇاڭشى ئاپتونوم رايونلىرىنىڭ ئاپتونوم رايون قۇرۇلغاندىن بۇيانقى 30 يىللىق تەجرىبىلەرنى،

بولۇپمۇ ئىسلاھات ئېلىپ بېرىلىپ، ئېچىۋېتىلگەن يېڭى
ۋەزىيەتتە مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە سىياسىتىنى
ئىزچىللاشتۇرۇشقا دائىر يېڭى تەجرىبىلەرنى ئەتراپلىق ۋە سىس-
تېمىلىق يەكۈنلەشكە ياردەم بەردى. شۇنىڭ بىلەن بىرۋاقىتتا،
مەركىزىي كومىتېتنىڭ ئاپتونومىيىلىك جايلاردا ئۆتكۈزۈلىد-
ىغان تەبرىكلەش پائالىيەتلىرىنى ئىسلاھ قىلىش توغرىسىدىكى
يوليورۇقىنىڭ روھىغا بىنائەن، مەركەز ۋەكىللەر ئۆمىكىنىڭ
نىڭشيا خۇيزۇ ئاپتونوم رايونى ۋە گۇاڭشى جۇاڭزۇ ئاپتونوم
رايونى قۇرۇلغانلىقىنىڭ 30 يىللىقىنى تەبرىكلەش پائالىيىتىگە
پائال تەييارلىق كۆردى ۋە ئۇنى تەشكىللىدى. بىز «مىللىي
تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە قانۇنى» نىڭ يولغا قويۇلۇش ئەھۋا-
لى ئۈستىدە داۋاملىق تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىش بىلەن بىرۋا-
قىتتا، ساقلانغان مەسىلىلەرنى نەزەردە تۇتۇپ، ئالاقىدار تارماق-
لار ۋە جايلار بىلەن بىللە مۇھاكىمە قىلىپ، ماسلىشىپ ئىش
ئېلىپ باردۇق. مەسىلەن، مەركىزىي كومىتېت بىرلىك سەپ
بۆلۈمى، مەركىزىي كومىتېت تەشكىلات بۆلۈمى ۋە گوۋۇيۈەن-
نىڭ تەرەققىيات ئىشخانىسى بىلەن بىرلىشىپ، كونا ئازاد رايون-
لار، ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرى، چېگرا رايونلار ۋە نامرات
رايونلاردىكى كادىرلارنى تەربىيىلەپ يېتىشتۈرۈش خىزمىتى بو-
يىچە تەجرىبە ئالماشتۇرۇش ۋە مۇھاكىمە قىلىش يىغىنى ئې-
چىپ، ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرىنى تەربىيىلەش-يې-
تىشتۈرۈش ئىشىنى كۈچەيتىشكە دائىر سىياسەت-تەدبىرلەرنى
مۇھاكىمە قىلىپ ئوتتۇرىغا قويدۇق. گېئولوگىيە-قېزىلما باي-
لىقلار مىنىستىرلىكى بىلەن بىللە گېئولوگىيە-قېزىلما بايلىق-

لار خىزمىتىنى ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىنىڭ ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشىغا تېخىمۇ ئوبدان خىزمەت قىلدۇرۇش توغرىسىدا بەلگىلەنگەن سىياسەت، تەدبىرلەرگە دائىر ئۇقتۇرۇش چىقاردۇق. بۇلاردىن باشقا، شەھەر مىللىي خىزمەت يىغىنى ۋە مىللىي يېزا خىزمەت يىغىنلىرىنى ئېچىپ، ئالاقىدار نىزاملارنى تەييارلاپ چىقتۇق.

(5) مىللىي ئىشلار كومىتېتىنىڭ تاشقى ئىشلارغا دائىر خىزمىتىدە يېڭى يۈكسىلىش ھاسىل قىلدۇق. مىللىي مەسىلە خەلقئارادا ئومۇمىي خاراكتېرگە ئىگە، بەزى جەھەتلەردە بىر-بىرىگە تەسىر كۆرسىتىدۇ. شۇڭا ئېلىمىزنىڭ مىللىي سىياسىتىنى ۋە ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىنىڭ سىياسىي، ئىقتىسادىي تەرەققىياتىنىڭ ۋە مەدەنىيەت تەرەققىياتىنىڭ ئۇتۇقلىرىنى چەت ئەللەرگە پائال تەشۋىق قىلىشىمىز ھەمدە ئېلىمىزنىڭ مىللىي خىزمىتىنى ئىشىكنى سىرتقا ئېچىۋېتىش ۋە تاشقى ئالاقە داۋامىدا ئىلگىرى سۈرۈشىمىز كېرەك ئىدى. 1988-يىلى دۇنيادىكى مىللەتلەرنىڭ ئەھۋالىنى تەتقىق قىلىش، چەت ئەللەر بىلەن بولغان ئىقتىساد ۋە مەدەنىيەت ئالاقىسىنى كېڭەيتىش، سىرتقا قارىتىلغان تەشۋىقات خىزمىتىنى كۈچەيتىش جەھەتتە ئالغا تاشلىغان قەدىمىمىز كىشىنى خۇشال قىلىدۇ. بەزى خەلقئارا ئىقتىسادىي تەشكىلاتلار بىلەن ئالاقە باغلاش يولىنى دەسلەپكى قەدەمدە ئاچتۇق، ئەتراپىمىزغا جايلاشقان دۆلەتلەردىكى مىللەتلەرنىڭ ئەھۋالى ئۈستىدە چۈشەنچىگە ئىگە بولدۇق ھەمدە ئېلىمىزدىكى مىللەتلەرنىڭ ئەھۋالىنى چەت ئەللەرگە قەدەممۇقەدەم تونۇشتۇرۇشقا ۋە ئېلىمىزنىڭ مىللىي سىياسىتىنى تەشۋىق

قىلىشقا باشلىدۇق. مەركىزىي كومىتېت بەنگۇڭتىڭى تارقاتقان [1987] 17-نومۇرلۇق ھۆججەتنىڭ روھىغا ئاساسەن، مىللىي ئىشلار كومىتېتى پارتگۇرۇپپىسى مەركەزدىكى رەھبىرىي يول-داشلارغا ۋە ئالاقىدار تارماقلارغا «مىللىي خىزمەتتە چەت ئەل-لەرگە قارىتىلغان تەشۋىقاتنى كۈچەيتىش توغرىسىدا يولىيورۇق سوراش دوكلاتى» نى يوللىدى. بۇ دوكلاتقا مەركەزدىكى رەھبە-رىي يولداشلار ۋە مەركىزىي كومىتېت بىرلىك سەپ بۆلۈمى، مەركىزىي كومىتېت سىرتقى تەشۋىقات گۇرۇپپىسى قوشۇلدى، مەركىزىي كومىتېت: «مىللىي مەسىلە ھەققىدىكى سىرتقى تەش-ۋىقات خىزمىتىنى مىللىي ئىشلار كومىتېتى سىستېما بويىچە ئۆز قولىدا تۇتۇشى كېرەك» دەپ تەستىق سالدى. شۇنىڭ بىلەن دۆلىتىمىزنىڭ فرانسىيە، ئەنگلىيە، ئامېرىكا قاتارلىق دۆلەت-لەردە تۇرۇشلۇق 19 دىپلوماتىيە ئورگىنىغا كومىتېتىمىزنىڭ سىرتقى تەشۋىقات پىلانىنى مەلۇم قىلىپ، ئۇلارنىڭ قىزغىن قوللىشىغا ئېرىشتۇق. بىز ئېلىمىزدىكى ئاز سانلىق مىللەتلەر-گە دائىر بىر تۈركۈم كىتاب، رەسىملەر توپلىمى ۋە كىنو-تېلې-ۋىزىيە ماتېرىياللىرىنى كۆچ ئۆيۈشتۇرۇپ توپلاپ، رەتلەپ، يېزىپ، تۈزۈپ تەرجىمە قىلىپ، نەشر قىلىپ ۋە لېنتىغا ئېلىپ، چەت ئەللەردە تۇرۇشلۇق كونسۇلخانا ۋە ئەلچىخانىلارغا بەردۇق؛ بىر قىسىم ئاز سانلىق مىللەت سەنئەت ئۆمەكلىرىنى ۋە كۆرگەزمە ئۆمەكلىرىنى تەشكىللەپ چەت ئەللەرگە ئويۇن قويۇش ۋە كۆرگەزمە ئېچىشقا ئەۋەتتۇق؛ بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىنىڭ ئىرقىي كەمسىتىشكە قارشى تۇرۇش گۇرۇپپىسى-نىڭ پائالىيەتلىرىگە پائال قاتناشتۇق. مۇشۇنداق ئۇسۇللار ئار-

قىلىق، ئېلىمىزدىكى ھەر مىللەت خەلقى بىلەن باشقا دۆلەتلەر خەلقى ئوتتۇرىسىدىكى چۈشەنچە ۋە دوستلۇقنى كۈچەيتتۇق.

(6) ئورگان قۇرۇلۇشىنى يېڭى تەرەققىياتقا ئىگە قىلدۇق. مەركىزىي كومىتېتنىڭ ئاپپارات ئىسلاھاتىغا دائىر بىر تۇتاش ئورۇنلاشتۇرۇشىغا بىنائەن، بىز مىللىي ئىشلار كومىتېتىنىڭ خىزمىتىدىكى تارىخىي تەجرىبىلەرنى ئىلمىي يەكۈنلەش ئاساسىدا، ئىخچاملاش، بىرلىككە كەلتۈرۈش، ئۈنۈمگە ئىگە قىلىش پرىنسىپى بويىچە، سوتسىيالىزمنىڭ دەسلەپكى باسقۇچىدىكى مىللىي خىزمىتىمىزنىڭ ئورنى، رولى ۋە تۈپ ۋەزىپىسىنى نەزەردە تۇتۇپ، دۆلەت مىللىي ئىشلار كومىتېتىنىڭ ۋەزىپىسى، ئاپپاراتى، شتاتىدىن ئىبارەت «ئۈچنى بېكىتىش» لايىھىسىنى مۇھاكىمە قىلىپ تۈزۈپ چىقتۇق، بۇ لايىھىمىز يولداش لى پېڭنىڭ رىياسەتچىلىكىدە ئېچىلغان دۆلەت شتات كومىتېتىنىڭ 7-سانلىق يىغىنىدا تەستىقلاندى. «ئۈچنى بېكىتىش» لايىھىسىگە ئاساسەن، دۆلەت مىللىي ئىشلار كومىتېتى پۈتۈن مەملىكەتكە يۈزلىنىش رولىنى كۈچەيتتى ھەمدە ئۆزىگە يېڭىدىن مۇھىم ۋەزىپە قوشۇپ يېڭى ئاپپاراتلارنى تەسىس قىلدى، شتاتىنىمۇ خېلى زور دەرىجىدە كۆپەيتتى. بۇ ھەر دەرىجىلىك مىللىي ئىشلار كومىتېتلىرىنىڭ فۇنكسىيىسىنى ئۆزگەرتىپ، ئاپپاراتلىرىنى تەڭشىشى ئۈچۈن مۇھىم يېتەكچى ئەھمىيەتكە ئىگە بولۇپلا قالماي، بەلكى مەملىكەت بويىچە مىللىي خىزمەتنىڭ ئوبدان ئىشلىنىشىگىمۇ كۈچلۈك تۈرتكە بولدى.

بىز يەنە مىللىي مەسىلىگە دائىر نەزەرىيە، سىياسەت تەتقىقاتىنى ۋە ئۈچۈردىن پايدىلىنىش خىزمىتىنى كۈچەيتتۇق. ئۆز ئەمەل-

يىتىمىزگە بىرلەشتۈرۈپ، پارتىيە 13-نۆۋەتلىك مەركىزىي كو-
مىتېتى 3-ئومۇمىي يىغىنىنىڭ «ئىقتىسادىي مۇھىتنى ياخشىلا-
ش، ئىقتىسادىي تەرتىپنى ئوڭشاش، ئىسلاھاتنى ئومۇمىيۈزلۈك
چوڭقۇرلاشتۇرۇش» تىن ئىبارەت فاڭجېن-سىياسەتلىرىنى ئەس-
تايىدىل ئىزچىللاشتۇردۇق، كادىرلارغا خىزمەتتە پاك بولۇش
ھەققىدىكى تەربىيىنى ۋە نازارەتنى كۈچەيتتۇق، مىللىي ئىشلار
كومىتېتى سىستېمىسىنىڭ ئاساسىي قۇرۇلۇشى بويىچە ئېلىپ
بېرىلىۋاتقان قۇرۇلۇشلار، مالىيە-باج ئەھۋالى ۋە قۇرۇلغان
شىركەتلەر ئۈستىدە تەكشۈرۈش ۋە ئېنىقلاش ئېلىپ باردۇق.

2

1989-يىلى ئىقتىسادىي مۇھىتنى ياخشىلاش، ئىقتىسادىي
تەرتىپنى ئوڭشاش ۋە ئىسلاھاتنى ئومۇمىيۈزلۈك چوڭقۇرلاشتۇ-
رۇشتا ھالقىلىق يىل بولىدۇ. بىزنىڭ ئالدىمىزدا شەرەپلىك ۋە
مۇشكۈل ۋەزىپىلەر تۇرۇپتۇ. ئەمەلىيەت شۇنى ئىسپاتلىدىكى،
پارتىيىمىز 13-نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتىنىڭ 3-ئومۇمىي
يىغىنىدا بەلگىلىگەن زور تەدبىر تامامەن توغرا، ئىقتىسادىي
مۇھىتنى ياخشىلاش، ئىقتىسادىي تەرتىپنى ئوڭشاش ۋە ئىسلا-
ھاتنى ئومۇمىيۈزلۈك چوڭقۇرلاشتۇرۇش— مەملىكىتىمىزدىكى
ھەر مىللەت خەلقىنىڭ تۈپ مەنپەئىتىگە ئۇيغۇن، ئاز سانلىق
مىللەت رايونلىرىدىكى ئىجتىمائىي تەرەققىياتقىمۇ پايدىلىق. يې-
ڭى بىر يىلدا بىردەك ئىتتىپاقلىشىپ، جاسارەت بىلەن ئىش-
لەپ، 3-ئومۇمىي يىغىننىڭ روھىنى ئىزچىللاشتۇرۇش داۋامى-

دا مىللىي ئىتتىپاقلىق-تەرەققىيات ئىشلىرىنى ئىلگىرى سۈرۈشىمىز، «پاك بولۇش، ئەمەلىيەتچىل بولۇش، يېڭىلىق يارىتىش» پرىنسىپىدا چىڭ تۇرۇپ، ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىدىكى تۈزۈلمە ئىسلاھاتىنى ئوبدان يولغا قويۇشىمىز، ھەر مىللەت خەلقى ئارىسىدا باراۋەرلىك، ئىتتىپاقلىق ۋە ھەمكارلىق ئاساسىدىكى سوتسىيالىستىك مىللىي مۇناسىۋەتنى يەنىمۇ مۇستەھكەملىشىمىز ۋە تەرەققىي قىلدۇرۇشىمىز، ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىنىڭ سىياسىي، ئىقتىسادىي ۋە مەدەنىيەت ئىشلىرىنىڭ ئەتراپلىق تەرەققىياتىنى ئالغا سۈرۈشىمىز لازىم.

(1) مىللىي ئىتتىپاقلىق-تەرەققىيات ئىشلىرى بويىچە مەملىكەتلىك تەقدىرلەش يىغىنىنىڭ روھىنى داۋاملىق ئەستايىدىل ئىزچىللاشتۇرۇش ۋە ئەمەلىيلەشتۈرۈش. يېڭى دەۋردىكى مىللىي خىزمەتنىڭ ئاساسىي تېمىسى— باراۋەرلىك، ئىتتىپاقلىق، ئالغا يۈكسىلىش ۋە گۈللىنىش. بۇ بايراق مىللىي ئىتتىپاقلىق-تەرەققىيات ئىشلىرى بويىچە ئېچىلغان مەملىكەتلىك تەقدىرلەش يىغىنىدا ئېگىز كۆتۈرۈلدى، بىز مۇشۇ يولدا باتۇرلارچە ئىلگىرىلەپ، تىرىشىپ كۈرەش قىلىشىمىز لازىم. پارتىيە ۋە دۆلەت رەھبەرلىرىنىڭ يىغىندا قىلغان سۆزى يېڭى دەۋردە مىللىي خىزمەتنى ياخشى ئىشلەشنىڭ پروگراممىسى. بىز ئۇنى ئىزچىللاشتۇرۇش ۋە ئەمەلىيلەشتۈرۈش خىزمىتىنى تېخىمۇ تىرىشچانلىق ۋە پۇختىلىق بىلەن ئوبدان ئىشلىشىمىز كېرەك. بىرىنچىدىن، بىز بوشاشماي خىزمەت ئىشلەش ئارقىلىق تەقدىرلەنگەن ئىلغار كوللېكتىپ، ئىلغار شەخسلەرنى شان-شەرىپىنى ساقلاپ، داۋاملىق ئىلگىرىلەپ، نەمۇنىلىك رو-

لىنى تولۇق جارى قىلىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىشىمىز، شۇنىڭدەك مىللىي ئىتتىپاقلىق-تەرەققىيات ئىشلىرىغا تۈرتكە بولغۇچى زور قوشۇننى ۋۇجۇدقا كەلتۈرۈش ئۈچۈن ئىلغار كوللېكتىپ ۋە ئىلغار شەخسلەرنىڭ تېخىمۇ كۆپلەپ بارلىققا كېلىشىگە شارائىت يارىتىشىمىز كېرەك. ئىككىنچىدىن، ئالاقىدار تارماقلار ۋە رايونلارنىڭ يىغىندا مىللىي ئىتتىپاقلىق-تەرەققىيات ئىشلىرى ھەققىدە ئوتتۇرىغا قويۇلغان تۈرلۈك سىياسەت-تەدبىرلەرنى ئەمەلىيلەشتۈرۈشكە ئاكتىپ ياردەملىشىشىمىز ۋە تۈرتكە بولۇشىمىز لازىم. ئەمەلىيلەشكەنلىرىنى داۋاملىق مۇستەھكەملىشىمىز ۋە تەرەققىي قىلدۇرۇشىمىز كېرەك؛ تېخى ئەمەلىيلەشمىگەنلىرىنى ھەقىقىي تەدبىر قوللىنىپ، چىڭ تۇتۇپ ئەمەلىيلەشتۈرۈشىمىز كېرەك؛ ئەمەلىيلەشتۈرۈش داۋامىدا پەيدا بولغانلىرىنى پائال شارائىت يارىتىپ، بالدۇرراق ئەمەلىيلەشتۈرۈش ئۈچۈن تىرىشىشىمىز كېرەك.

بىز باراۋەرلىك، ئىتتىپاقلىق ۋە ھەمكارلىق ئاساسىدىكى سوتسىيالىستىك مىللىي مۇناسىۋەتنى تېخىمۇ تەرەققىي قىلدۇرۇپ، ئىقتىسادىي مۇھىتنى ياخشىلاش، ئىقتىسادىي تەرتىپنى ئوڭشاش، ئىسلاھاتنى ئومۇمىيۈزلۈك چوڭقۇرلاشتۇرۇش ئۈچۈن تېخىمۇ ياخشى ئىجتىمائىي مۇھىت يارىتىشىمىز لازىم. ئومۇمىي جەھەتتىن ئېيتقاندا، ئېلىمىزدىكى مىللەتلەرنىڭ مۇناسىۋىتى ناھايىتى ياخشى، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى ناھايىتى مۇستەھكەم. لېكىن، مىللىي مەسىلىنىڭ ئۇزاق مۇددەتلىك ۋە مۇرەككەپلىك خۇسۇسىيىتى ئۆزگەرگىنى يوق، بولۇپمۇ تارىخىي بۇرۇلۇش پەيتىدە مىللىي مۇناسىۋەتتە يۈز بەرگەن يېڭى ئەھۋال، يېڭى

مەسىلىلەرگە سەل قاراشقا بولمايدۇ. بۆلگۈنچى كۈچلەر مىللەت ۋە دىننى دەستەك قىلىپ چاتاق تېرىشقا قۇتراتقۇلۇق قىلىۋاتىدۇ؛ ئىسلاھات-ئېچىۋېتىش ئىشلىرىنىڭ چوڭقۇرلىشىشىغا ئەگىشىپ، رايونلار ۋە مىللەتلەر ئارا تەرەققىياتنىڭ تەكشى بولماسلىقى مەلۇم ۋاقىتقىچە داۋاملىق كېڭىيىپ بارىدۇ؛ سوتسىيالىستىك سىياسىي دېموكراتىيىنىڭ تەرەققىياتىغا ئەگىشىپ، ھەر مىللەت خەلقىنىڭ دېموكراتىك ئېڭى كۈچىيىپ بارغاچقا، ئەمەلىي تۇرمۇشتا باراۋەرلىك پرىنسىپىغا خىلاپ كېلىدىغان بەزى ئەھۋاللار يۈز بەرگەندە، ئۇلاردا بەزىدە كۈچلۈك تەسىر قوزغايدۇ. ئەنە شۇنداق ئەھۋاللار مىللەتلەر مۇناسىۋىتىگە تەسىر يەتكۈزۈشى، ھەتتا بەزى توقۇنۇش ۋە سۈركىلىشلەرنى پەيدا قىلىشى مۇمكىن. ئۆز تەجرىبىلىرىمىز ۋە چەت ئەللەرنىڭ تەجرىبىلىرى شۇنى ئىسپاتلىدىكى، مىللەتلەر سىياسىي جەھەتتە ھەقىقىي باراۋەر بولماي ۋە ئىقتىسادىي جەھەتتە ئورتاق گۈللەنمەي تۇرۇپ، روھىي جەھەتتە بىر-بىرىگە ئىشەنچ باغلىماي ۋە بىر-بىرىنى ھۆرمەت قىلماي تۇرۇپ ھەقىقىي مىللىي ئىتتىپاقلىقنىڭ بولۇشى مۇمكىن ئەمەس. شۇڭا، يېڭى بىر يىلدا، ھەر دەرىجىلىك مىللىي ئىشلار كومىتېتلىرى مىللىي مۇناسىۋەت جەھەتتە كۆرۈلگەن يېڭى ئەھۋال، يېڭى مەسىلىلەر ئۈستىدە ئەستايىدىل تەكشۈرۈش ۋە تەتقىقات ئېلىپ بېرىپ، ئۇنى توغرا ھەل قىلىشنىڭ چارە-تەدبىرلىرى ئۈستىدە ئىزدىنىشى، مۇھاكىمە ئېلىپ بېرىشى ۋە شۇنداق چارە-تەدبىرلەرنى ئوتتۇرىغا قويۇشى، ئالاقىدار تارماقلار ۋە جايلارغا ياردەملىشىپ، تۇرلۇك ئەنسىزلىك ئامىللىرىنى تىرىشىپ تۈگىتىشى كېرەك.

ئىچكى ۋە تاشقى بۆلگۈنچىلەرگە قارشى ئېلىپ بېرىلىدىغان
كۈرەش پۈتۈن مەملىكەتتىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ تۈپ مەنپە-
ئىتىگە مۇناسىۋەتلىك ئۇزاق مۇددەتلىك كۈرەشتۇر. مۇنداق زور
پرىنسىپال مەسىلىدە، ھامان پوزىتسىيىمىز ئېنىق، مەيدانىمىز
قەتئىي بولۇشى كېرەك. ھەر مىللەت خەلقى بىردەك ئىتتىپاق-
لىشىپ، بارلىق بۆلگۈنچىلىك ھەرىكەتلىرىنى تارمار قىلىشى
لازىم. بۇ جەرياندا، خاراكتېرى ئوخشاش بولمىغان ئىككى خىل
زىددىيەتنى چوقۇم قاتتىق پەرقلەندۈرۈشىمىز، بۆلگۈنچىلىك مە-
سىلىسىنى مىللىي ۋە دىنىي مەسىلە بىلەن ئارىلاشتۇرۇۋەت-
مەسلىكىمىز لازىم. ئېلىمىزدىكى مىللەتلەر ئۆز ۋەتىنىنى ئىند-
تايىن قىزغىن سۆيىدۇ، ھەر مىللەت كادىرلىرى ۋە ئاممىسى
بۆلگۈنچىلىككە قارشى كۈرەشنىڭ ئاساسىي قوشۇنى، ئۇلارغا
تولۇق ئىشىنىش ۋە تايىنىش كېرەك. شۇنىڭ بىلەن بىرۋاقىت-
تا، پارتىيىنىڭ مىللىي سىياستى، دىنىي سىياستى ۋە بىر-
لىك سەپ سىياستىنى ئەتراپلىق ئىزچىللاشتۇرۇش لازىم،
بۇ— بۆلگۈنچىلىككە قارشى كۈرەشنىڭ غەلىبە قىلىشىدىكى مۇ-
ھىم شەرت. ئېلىمىزنىڭ ھازىرقى باسقۇچىدىكى مىللىي مۇنا-
سىۋەت— خەلق ئىچىدىكى مۇناسىۋەت، بۇنىڭدا ساقلىنىۋات-
قان مەسىلىلەر، ئومۇمەن، تۈپ مەنپەئەت بىرلىكى ئاساسىدىكى
ئىچكى زىددىيەتكە ياتىدۇ. بۇنداق زىددىيەتنى ھەل قىلىشتا،
پەقەت دېموكراتىك يول بىلەن كېڭىشىش، تەربىيە بېرىش-يې-
تەكلەش چارىسىنى قوللىنىشقىلا بولىدۇ ھەمدە بۇ زىددىيەتنى
ماركسىزم-لېنىنىزم، ماۋ زېدۇڭ ئىدىيىسىگە خاس مىللەت
قارىشى، مىللىي سىياسەت، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى، ۋەتەنپەر-

ۋەرلىك ۋە سوتسىيالىستىك قانۇنچىلىق ھەققىدە چوڭقۇر، سىـ
جىل تەشۋىق-تەربىيە ئېلىپ بېرىشقا، ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ
سىياسىي، ئىقتىسادىي ۋە مەدەنىيەت ئىشلىرىنى تەرەققىي قىلـ
دۇرۇش خىزمىتىنى تېخىمۇ ئوبدان ئىشلەشكە زىچ بىرلەشتۇ-
رۇپ ھەل قىلىشقا توغرا كېلىدۇ. بۇنىڭدىن باشقا، ئۇنى يەنە
جۇمھۇرىيىتىمىز قۇرۇلغانلىقىنىڭ 40 يىللىقىنى، دۆلەت مىلـ
لىي ئىشلار كومىتېتى قۇرۇلغانلىقىنىڭ 40 يىللىقىنى ۋە شىـ
نجاڭدا دېموكراتىك ئىسلاھات ئېلىپ بېرىلغانلىقىنىڭ 30
يىللىقىنى تەبرىكلەش خىزمىتىنى ئوبدان ئىشلەشكە زىچ بىر-
لەشتۇرۇپ ھەل قىلىشقا توغرا كېلىدۇ. ئەنە شۇ تەبرىكلەش
ئىشلىرىنى ئوبدان ئىشلەش ئارقىلىق، جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ
ئۇيۇشقاقلىقىنى ئۈزلۈكسىز كۈچەيتكىلى، ئېلىمىزدىكى سوتـ
سىيالىستىك مىللىي مۇناسىۋەتنى ئۈزلۈكسىز مۇستەھكەملىگىـ
لى ھەمدە ئۇنى كەڭلىك ۋە چوڭقۇرلۇق جەھەتتە يېڭى تەرەققىـ
ياتقا ئېرىشتۈرگىلى بولىدۇ.

(2) ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىنىڭ تۈزۈلمە ئىسلاھاتىـ
غا دائىر تەكشۈرۈش-تەتقىقات خىزمىتىنى ۋە سىياسەت بەلگىـ
لەش خىزمىتىنى ئەستايىدىل ئوبدان ئىشلەش. «ئاز سانلىق
مىللەت رايونلىرىنىڭ تۈزۈلمە ئىسلاھاتى خىزمىتىدىكى ئالاھىدە
ئەھۋال ۋە ئالاھىدە مەسىلىلەر ئۈستىدە تەكشۈرۈپ تەتقىق قىـ
لىش، ئالاقىدار ئالاھىدە سىياسەت-تەدبىرلەرنى تۈزۈشكە قاتنىـ
شىش»، بۇ— گوۋۇيۈەن دۆلەت مىللىي ئىشلار كومىتېتىغا
ئارتقان يېڭى بىر ۋەزىپە، بۇ ئەمەلىيەتتە بارلىق مىللىي خىزمەت
تارماقلىرى ئۈچۈن ئورتاق ۋەزىپە. ئىسلاھات— ئاز سانلىق

مىللەتلەرنىڭ تەرەققىي قىلىشى ۋە گۈللىنىشىدىكى تۈپ يول، شۇنداقلا ئىجتىمائىي ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ تەرەققىياتى-نى ۋە مىللەتلەرنىڭ ئىتتىپاقلىق-تەرەققىيات ئىشلىرىنى ئىل-گىرى سۈرىدىغان غايەت زور ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچ. گوۋۇ-يۈەننىڭ مۇشۇنداق ئىنتايىن مۇھىم ۋەزىپىنى دۆلەت مىللىي ئىشلار كومىتېتىنىڭ ئۈستىگە يۈكلىگەنلىكى مىللىي خىزمەت تارماقلىرىغا ئېتىبار بىلەن قارايدىغانلىقىنى ۋە ئىشىنىدىغانلى-قىنى بىلدۈرىدۇ. بىز بۇنىڭدىن مەسئۇلىيىتىمىزنىڭ چوڭ ئى-كەنلىكىنى چوڭقۇر ھېس قىلماقتىمىز. ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىنىڭ تۈزۈلمە ئىسلاھاتى— ئىنتايىن زور سىستېمىلىق قۇرۇلۇش. بۇنىڭغا يۈكسەك دەرىجىدە ئەھمىيەت بېرىشىمىز، روھىمىزنى ئۇرغۇتۇپ، كۈچنى مەركەزلەشتۈرۈپ بۇ خىزمەتنى ئوبدان ئىشلىشىمىز كېرەك.

بۇ يىل بىر تەرەپتىن، ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىدا تۈزەش-ئوڭشاش داۋامىدا كۆرۈلگەن يېڭى ئەھۋال، يېڭى مەسى-لىلەرنى تەكشۈرۈپ ۋە ئىگىلەپ، ئۇلار دۇچ كەلگەن ئالاھىدە مەسىلىلەرنى چوڭقۇر تەتقىق قىلىپ، تېگىشلىك ھەل قىلىش چارىلىرىنى ۋە يۆلەش تەدبىرلىرىنى ئوتتۇرىغا قويۇش ئارقى-لىق، ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىنىڭ پارتىيە 13-نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتىنىڭ 3-ئومۇمىي يىغىنىدا بەلگىلەنگەن كە-سىپلەر سىياسىتى بويىچە ئىقتىسادىي قۇرۇلمىنى تەڭشەش ئى-شىنى ئوبدان يولغا قويۇپ، ئىقتىسادىي ئۈنۈمنى ئاشۇرۇپ، ئىقتىسادىي قۇرۇلۇش خىزمىتىنىڭ ئىزچىل، مۇقىم ۋە ساغلام راۋاجلىنىشى ئۈچۈن ئىمكانىيەت يارىتىشىغا ياردەم بەرمەكچى-

مىز. ئىسلاھات-ئېچىۋېتىشكە، ئىقتىسادىي مۇھىتنى ياخشى-
لاشقا، ئىقتىسادىي تەرتىپنى ئوڭشاشقا، ئىشلەپچىقىرىش كۈچ-
لىرىنىڭ تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈشكە پايدىلىق بولغانلىكى
ئىشلارنى شارائىت يارىتىپ تېز يولغا قويماقچىمىز. يەنە بىر
تەرەپتىن، ئىشنى ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىدا ئون يىلدىن
بۇيانقى ئىسلاھات داۋامىدا ھاسىل قىلىنغان ۋە توپلانغان تەجرى-
بىلەرنى ئەستايىدىل يەكۈنلەشتىن باشلاپ، ئومۇمىي دائىرىدە
تەكشۈرۈش-تەتقىقات ئېلىپ بېرىش بىلەن نۇقتىدا سىناق قى-
لىش-ئىزدىنىشنى ئۆزئارا بىرلەشتۈرۈش چارىسى ئارقىلىق،
ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىدا ئىقتىسادىي تۈزۈلمە ئىسلاھاتى
بىلەن سىياسىي تۈزۈلمە ئىسلاھاتىنى قانداق قانات يايدۇرۇش
مەسىلىسى ئۈستىدە بەزى تەسەۋۋۇرلارنى ئوتتۇرىغا قويۇپ ھەمدە
يولغا قويۇشقا بولىدىغان بەزى ئەمەلىي لايىھىلەرنى ئىشلەپ
چىقىپ، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى، گوۋۇيۈەن ۋە ھەر دەرى-
جىلىك پارتىيە-ھۆكۈمەت رەھبىرىي ئورگانلىرىنىڭ تەدبىر بەل-
گىلىگەندە پايدىلىنىشى ئۈچۈن سۇنماقچىمىز. تۈزۈلمە ئىسلاھا-
تىنى «مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە قانۇنى»نى ئىزچىل-
لاشتۇرۇشقا بىرلەشتۈرۈپ، ئاپتونومىيە ئورگانلىرىنىڭ ئاپتو-
نومىيە ھوقۇقىنى يۈرگۈزۈشكە توسالغۇ بولۇۋاتقان كونا تۈزۈل-
مىنى پەيدىنپەي ئىسلاھ قىلىپ، ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئۆز
ئىشىغا ئۆزى خوجا بولۇشىغا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىدىغان ۋە
ھاياتىي كۈچكە تولۇپ تاشقان يېڭى تۈزۈلمىنى تىرىشىپ بەرپا
قىلماقچىمىز.

(3) ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىنىڭ ئىقتىسادىي قۇرۇ-

لۆشىنىڭ تەرەققىياتىنى تېزلىتىش خىزمىتىنى داۋاملىق ياخشى ئىشلەش. بۇ خىزمەتتە ئىشلەشكە تېگىشلىك ئىشلار ناھايىتى كۆپ، بۇ يىل مۇنداق ئۈچ ئىشنى ئالاھىدە ئوبدان تۇتۇپ ئىشلەش كېرەك. بىرىنچىدىن، نامراتلارنى يۆلەش خىزمىتىنى كۈچەيتىشنى مۇھىم نۇقتا قىلىپ، نامرات ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىنىڭ نامراتلىقتىن تېزرەك قۇتۇلۇپ بېيىشىغا ياردەم بېرىش لازىم. بۇ يالغۇز ئىقتىسادىي تەرەققىياتنى تېزلىتىش مەسىلىسىلا بولۇپ قالماي، بەلكى پارتىيىنىڭ مىللىي سىياسىتىنى ئەمەلىيلەشتۈرىدىغان سىياسىي ۋەزىپە. يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىدىكى نامراتلارنى يۆلەش خىزمىتىدە زور نەتىجىلەر قولغا كەلگەن بولسىمۇ، لېكىن خېلى كۆپ مىللىي ناھىيىلەر نامراتلىقتىن قۇتۇلغىنى يوق. پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى بىلەن گوۋۇيۈەن 7-بەش يىللىق پىلاننىڭ ئاخىرىغىچە ئاممىنىڭ پۈتۈن كىيىنىش-قورساق تويغۇزۇش مەسىلىسىنى ئاساسىي جەھەتتىن ھەل قىلىپ بولۇش تەلىپىنى ئوتتۇرىغا قويدى. بۇنىڭغا پەقەت ئىككى يىل ۋاقىت قالدى، شۇڭا بىز خىزمەتلەرنى مۇشۇ تەلەپ بويىچە ئوبدان ئىشلىشىمىز كېرەك. بۇنىڭ ئۈچۈن كومىتېتىمىز نامرات ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىنىڭ نامراتلىقنى تۈگىتىپ بېيىش قەدىمىنى تېزلىتىشىگە ياردەم ۋە مەدەت بېرىش ئۈچۈن، بۇ يىل ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىنىڭ نامراتلارنى يۆلەش خىزمىتى بويىچە مەملىكەتلىك يىغىن ئېچىپ، نامراتلارنى يۆلەش ئىشىنى يەنىمۇ كۈچەيتىشكە دائىر سىياسەت-تەدبىرلەرنى مۇھاكىمە قىلىش ۋە تەتبىقلاشنى ئالاقىدار تارماقلار بىلەن كېڭىشىپ بەلگىلىدى ھەم-

ـدە بۇنى گوۋۇيۇەندىكى رەھبەرىي يولداشلارنىڭ تەستىقىدىن ئۆتكۈزدى. ئىككىنچىدىن، ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىنىڭ ئىشىكنى سىرتقا ئېچىۋېتىش قەدىمىنى تېزلىتىش كېرەك. ئېـ لىمىزنىڭ 20 مىڭ كىلومېتىردىن ئارتۇق قۇرۇقلۇق چېگرا لىنىيىسىنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمى ئاز سانلىق مىللەت رايونلىـ رىغا جايلاشقان، بىرمۇنچە رايونلار چەت ئەللەر بىلەن ئالاقە قىلىپ كېلىۋاتقان تارىخىي ئەنئەنىگە ۋە ئەۋزەل شارائىتقا ئىگە. ئەتراپىمىزدىكى قوشنا دۆلەتلەر بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىمىز ياخشىلىنىۋاتىدۇ، شۇڭا بۇنداق پۇرسەتنى قولدىن بېرىپ قويـ ساق بولمايدۇ. يېقىندا مەركەزدىكى رەھبەرىي يولداشلارنىڭ مۇشۇ مەسىلە ئۈستىدە بەرگەن يوليورۇقى يېقىنقى ئىككى-ئۈچ يىلدىن بۇيان غەربكە ۋە شىمالغا ئىشىك ئېچىۋېتىش ئۈستىدە تەكشۈرۈش-تەتقىقات ئېلىپ بارغان ۋە تەكلىپ بەرگەن بىزگە يېڭى ئىلھام ۋە غەيرەت بېغىشلىدى، بەزى تەكلىپلىرىمىز ئەمەلـ گە ئېشىش ئالدىدا تۇرىدۇ. شۇڭا مىللىي ئىشلار كومىتېتى تەكشۈرۈش ۋە ئىلگىرى سۈرۈش خىزمىتىنى تېخىمۇ ئوبدان ئىشلەپ، ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىنىڭ ئىشىكنى سىرتقا ئېچىۋېتىش ئىشىدا يېڭى يۈكسىلىش ھاسىل قىلىشى كېرەك. ئۈچىنچىدىن، ئالدىنئالا ئىشلىنىدىغان خىزمەتلەرنى چىڭ تۇتـ تۇش كېرەك. مىللىي مەسىلە تەتقىقات مەركىزى تېما تەتقىقاتى ۋە ئۇنىۋېرسال خىزمەتلەرنى چىڭ تۇتۇپ، دۆلەت بايرىمىنىڭ 40 يىللىقىنى تەبرىكلەش ۋاقتى يېتىپ كەلگىچە، ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىنىڭ 8-بەش يىللىق پىلان مەزگىلىدىكى ھەتتا ئۇنىڭدىنمۇ ئۇزاق مەزگىلدىكى تەرەققىيات ستراتېگىيىسىگە داـ

ئىر بەزى مۇھىم مەسىلىلەر ئۈستىدە ئومۇمىي تەتقىقات دوكلاتىنى تەييارلاپ چىقىشى كېرەك.

(4) مىللىي مائارىپنى تەرەققىي قىلدۇرۇپ، ئەقلىي ئىمكانىيەتلەرنى زور كۈچ بىلەن ئىشقا سېلىش. زامانىۋى پەن-تېخنىكا ۋە ئىختىساسلىق كىشىلەر يېڭىچە ئىجتىمائىي ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرى ئىچىدىكى ئەڭ جانلىق ھەل قىلغۇچ ئامىل، شۇنداقلا ئىقتىسادىي ئۇنۇمنى ئاشۇرۇپ، ئىقتىسادنى گۈللەندۈرۈشتىكى ئاساسىي تايانچ، ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىنىڭ ئىقتىسادىي جەھەتتە قالاقراق ئورۇندا تۇرۇۋاتقانلىقىدىكى ئاساسىي سەۋەب مەدەنىيەت، مائارىپ ۋە پەن-تېخنىكىنىڭ ئارقىدا قالغانلىقىدا. شۇڭا، ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ مائارىپ ئىشلىرىنىڭ تەرەققىياتىنى تېزلىتىشنى ئالاھىدە ستراتېگىيىلىك ئورۇنغا قويۇپ، ئەقلىي ئىمكانىيەتلەردىن پايدىلىنىش ئىشىنى كۈچەيتىپ، ئاز سانلىق مىللەت خەلقىنىڭ پەن-مەدەنىيەت سۈپىتىنى ئىرىشىپ ئۆستۈرۈش كېرەك. مائارىپنى زور كۈچ بىلەن تەرەققىي قىلدۇرۇشتا، ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىنى نەزەرگە ئېلىپ، ئاساسىي مائارىپنى مۇھىم نۇقتا قىلىپ ئوبدان يولغا قويۇپ ۋە باشلانغۇچ-ئوتتۇرا دەرىجىلىك كەسپىي تېخنىكا مائارىپىنى راۋاجلاندۇرۇپ، جايلارغا جىددىي لازىم بولۇۋاتقان باشلانغۇچ ۋە ئوتتۇرا دەرىجىلىك تېخنىك خادىملارنى تەربىيىلەش كېرەك، شۇنىڭ بىلەن بىرۋاقىتتا، ئالىي مائارىپنى پىلانلىق راۋاجلاندۇرۇپ، ئوتتۇرا ۋە ئالىي دەرىجىلىك كەسپىي خادىملارنى يېتىشتۈرۈش لازىم. بۇ جەھەتتىكى خىزمەتلەرنى ئوبدان ئىشلەش ئۈچۈن، كومىتېتىمىز

بۇ يىل دۆلەت مائارىپ كومىتېتى بىلەن بىرلىكتە مەملىكەتلىك مىللىي مائارىپ خىزمەت يىغىنى ئېچىپ، مىللىي مائارىپنى يەنىمۇ كۈچەيتىشكە دائىر پىكىر ۋە سىياسەت-تەدبىرلەر ئۈستىدە مۇھاكىمە ۋە تەتقىقات ئېلىپ بارماقچى. مىللىي مەدەنىيەتنىڭ تەرەققىياتىغا ۋە سىرتقا قارىتىلغان تەشۋىقاتىغا ئەھمىيەت بېرىپ، مىللىي مەدەنىيەتنى زامانىۋى پەن-مەدەنىيەت بىلەن بىرلەشتۈرۈش ۋە چەت ئەللەر بىلەن ئالماشتۇرۇش ئارقىلىق، ئۇنىڭ گۈللىنىشى ۋە تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈش لازىم. مىللىي مەدەنىيەتنى تەرەققىي قىلدۇرۇشتا، مىللىي تىل-يېزىق خىزمىتىگە ئەھمىيەت بېرىش كېرەك. مىللىي تىل-يېزىقنى قوللىنىش ۋە تەرەققىي قىلدۇرۇش مىللەتلەرنىڭ باراۋەرلىكى، ئىتتىپاقلىقى، تەرەققىي قىلىشى ۋە گۈللىنىشىگە مۇناسىۋەتلىك، ئۇ مىللىي خىزمەتنىڭ مۇھىم ۋەزىپىلىرىدىن بىرى. بىز بۇ خىزمەتنى قانداق قىلىپ ياخشى ئىشلەش توغرىسىدا مۇھاكىمە ئېلىپ بېرىپ پىكىر تەييارلىدۇق ھەمدە مەركەزگە مەخسۇس دوكلات يوللىدۇق، گوۋۇيۈەندىكى رەھبىرىي يولداشلار ئۇ دوكلاتقا پرىنسىپ جەھەتتىن قوشۇلۇپ تەستىق سالدى، دېمەك، بۇ يىل ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ تىل-يېزىق خىزمىتى بويىچە مەملىكەتلىك يىغىن ئېچىپ، مىللىي تىل-يېزىق خىزمىتىنىڭ تەرەققىياتىنى ئالغا سۈرمەكچىمىز.

(5) ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرىنى يېتىشتۈرۈش، تەربىيىلەش ۋە ئىشقا قويۇش خىزمىتىنى پائال ياخشى ئىشلەش. «مەركىزىي كومىتېت تەشكىلات بۆلۈمىگە ۋە كادىرلار مىنىستىرلىكىگە ياردەملىشىپ، ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرىنى يې-

تىشتۈرۈش، تەربىيىلەش ۋە ئىشقا قويۇش خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەش» گوۋۇيۈەن دۆلەت مىللىي ئىشلار كومىتېتىنىڭ «ئۇچىنى بەلگىلەش» لايىھىسىنى تەستىقلىغاندا يېڭىدىن قوشقان يەنە بىر مۇھىم ۋەزىپە. ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرىنى يېتىشتۈرۈش ۋە تاللاپ ئىشقا قويۇش ھەم مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە تۈزۈمىنى يولغا قويۇشتىكى مۇھىم ھالقا، ھەم مىللەتلەرنىڭ باراۋەرلىك ھوقۇقىغا كاپالەتلىك قىلىپ، جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ غايەت زور ئۇيۇشقاقلىقىنى كۈچەيتىشتىكى مۇھىم تەدبىر. بۇنىڭدىن كېيىن ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرىنى يېتىشتۈرۈش جەھەتتە چوقۇم زور كۈچ سەرپ قىلىپ، بۇ خىزمەتنى تېخىمۇ پۇختا ئىشلەش كېرەك. مەملىكەت بويىچە ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرىنىڭ، بولۇپمۇ ۋىلايەت، نازارەت، مەھكىمە دەرىجىلىكتىن يۇقىرى رەھبىرىي كادىرلارنىڭ ئەھۋالىنى تەپسىلىي بىلىپ ۋە ئىگىلەپ، ئالاقىدار ماتېرىيال خىزمىتىنى ئوبدان ئىشلەپ ھەممە ئۇلار بىلەن ئالاقە باغلاش تۈزۈمىنى ئورنىتىپ، خىزمەتنى قانات يايدۇرۇشقا ئوبدان ئاساس يارىتىش لازىم. ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرىنى يېتىشتۈرۈش، تەربىيىلەش ۋە ئىشقا قويۇش ئىشى يېڭى ۋەزىيەتتە دۈچ كەلگەن يېڭى ئەھۋال، يېڭى مەسىلىلەرنى ئەستايىدىل تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىپ، تېخىمۇ كۈچلۈك چارە-تەدبىر قوللىنىپ، ئىنقىلابىيلىشىش، ياشلىشىش، بىلىم ئەھلىگە ۋە كەسىپ ئەھلىگە ئايلىنىش شەرتىنى ھازىرلىغان ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرىنى ۋە تۈرلۈك كەسپىي خادىملارنى پائال يېتىشتۈرۈش ۋە سەپلەش، ھەر دەرىجىلىك ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرىنىڭ ئىدىيە-

ئەخلاق، پەن-مەدەنىيەت ساپاسىنى ۋە كەسپىي قابىلىيىتىنى ئىرىشىپ ئۆستۈرۈش، ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرىنىڭ تۆتنى زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشى داۋامىدىكى رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇش لازىم.

(6) ۋەزىپە، ئاپپارات، شتاتنى بەلگىلەش لايىھىسىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، ئورگان قۇرۇلۇشىنى ياخشى تۇتۇپ، مىللىي ئىشلار كومىتېتىنىڭ رولىنى، فۇنكسىيىسىنى جارى قىلدۇرۇش. ئاپپارات ئىسلاھاتىنىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىرىنى مۇستەھكەملەش ئۈچۈن، فۇنكسىيىنى ئۆزگەرتىش ئىشىنى يەنە بىر قەدەم ئىلگىرىلەپ ئەمەلىيلەشتۈرۈشىمىز، ئومۇمىي دائىرىگە، ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىغا يۈزلىنىش خىزمىتىنى كۈچەيتىشىمىز، ئورگاننىڭ ئىچكى تۈزۈم قۇرۇلۇشىنى، ئىش بېجىرىش تەرتىپىنى ۋە خىزمەت قائىدىسىنى مۇكەممەللەشتۈرۈشىمىز، ئۈچۈر خىزمىتىنى كۈچەيتىشىمىز، ئىستىلنى ئۆزگەرتىپ، خىزمەت سەۋىيىسىنى ۋە خىزمەت ئۈنۈمىنى ئۆستۈرۈپ، مىللىي ئىشلار كومىتېتىنىڭ فۇنكسىيىلىك رولىنى تېخىمۇ ياخشى جارى قىلدۇرۇشىمىز لازىم. ھازىرقى كادىرلارغا قارىتىلغان تەربىيە ۋە نازارەتنى كۈچەيتىپ، پاكلىقنى ساقلاپ، ئىجتىھات بىلەن ئىشلەپ، ئۆزلۈكسىز ئالغا ئىنتىلىپ، ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرى ۋە ھەر مىللەت خەلقى ئۈچۈن جان-دىل بىلەن خىزمەت قىلىشىمىز لازىم.

يېڭى دەۋردىكى مىللىي خىزمەتنى ياخشى ئىشلەش ئۈچۈن، ھەر دەرىجىلىك مىللىي ئىشلار كومىتېتلىرى يالغۇز ئورگان ۋە تۈزۈم قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىپلا قالماي، بەلكى خىزمەت كۆز

قارىشى ۋە ئۇسۇلىنى زور دەرىجىدە ياخشىلاپ، ئۆزىنىڭ فۇنك-
سىيىلىك رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇشى لازىم. كۆپ يىللىق
ئەمەلىي تەجرىبىلەرنى يەكۈنلىگەندە، مىللىي ئىشلار كومىتېتى
بىرقانچە قاتلام جەھەتتە ئۆز رولىنى جارى قىلدۇرۇشى لازىم.
بىرىنچىدىن، ھەر دەرىجىلىك پارتكوم ۋە ھۆكۈمەتلەرگە ئوبدان
مەسلىھەتچى ۋە ياردەمچى بولۇشى كېرەك. مىللىي مەسىلە—
ئومۇمىي دائىرىگە مۇناسىۋەتلىك زور ئىش، بۇ ئىشقا مەملىكەت
بويىچە پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى ۋە گوۋۇيۈەن ئەھمىيەت
بېرىدۇ ۋە ھەيدەكچىلىك قىلىدۇ، جايلاردا بولسا بۇ ئىشقا ھەر
دەرىجىلىك پارتكوملار ۋە ھۆكۈمەتلەر ئەھمىيەت بېرىشى ۋە
ھەيدەكچىلىك قىلىشى لازىم. ھۆكۈمەتنىڭ فۇنكسىيىلىك تار-
مىقى بولغان مىللىي ئىشلار كومىتېتى ئىقتىساد، مەدەنىيەت،
مائارىپ ۋە قانۇنچىلىق قۇرۇلۇشىنى مىللىي نۇقتىدىن تەتقىق
قىلىشى، پارتكوم ۋە ھۆكۈمەتكە ئەھۋال يەتكۈزۈپ تۇرۇشى،
پىكىر ۋە تەكلىپ بېرىپ تۇرۇشى كېرەك. بۇ جەھەتتىكى رولى-
مىزنى جارى قىلدۇرۇش ئۈچۈن تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىشنى
كۈچەيتىپ، ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ۋە ئاز سانلىق مىللەت
رايونلىرىنىڭ ئالاھىدە ئەھۋالىنى ئومۇمىي دائىرە يۈكسەكلىكىدە
تۇرۇپ تونۇشىمىز، پارتىيە-ھۆكۈمەت رەھبىرىي ئورگانلىرى
بەلگىلىگەن زور تەدبىرلەرنىڭ ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىنىڭ
ئەمەلىيىتىگە ئۇيغۇن بولۇشىغا ئىمكانىيەت يارىتىشىمىز ھەمدە
ئۇ تەدبىرلەرنىڭ ھەقىقىي ۋە ئۈنۈملۈك ئىزچىللاشتۇرۇلۇشىغا
ۋە ئەمەلىيلەشتۈرۈلۈشىگە كاپالەتلىك قىلىشىمىز كېرەك. بۇن-
داق تەكشۈرۈش ۋە تەتقىقاتنى تولا ھاللاردا ئالدىنئالا ئېلىپ

بېرىشقا توغرا كېلىدۇ. بۇنىڭ مەنىسى ئۆز پىكرىمىزنى ئومۇ-
مىي دائىرە خاراكتېرلىك سىياسەت مەيدانىغا چىققىچە ئوتتۇرىغا
قويۇشىمىز كېرەك دېگەنلىكتۇر. يېقىنقى ئىككى يىلدىن بۇيانقى
ئەمەلىيەت شۇنى تولۇق ئىسپاتلىدىكى، ئاشۇنداق قىلىدىغان
ھەمدە ئومۇمىي دائىرىگە، ئىسلاھاتقا پايدىلىق ھەمدە ھەقىقەتەن
ئەمەلىي ئۈنۈم بېرىدىغان پىكىر ۋە تەكلىپلەرنى ئوتتۇرىغا قويى-
دىغان بولساقلا، پارتىيە ۋە ھۆكۈمەتنىڭ ئېتىبارىغا ۋە قوللىشى-
غا ئېرىشىپ بىرەر ئىش قىلالايمىز. ئىككىنچىدىن، قېرىنداش
ئورۇنلار بىلەن بىرلىكتە ماسلاشتۇرۇش خىزمىتىنى ياخشى
ئىشلەپ، مىللىي خىزمەتنى كۆپچىلىكنى تىرىشىپ سەپەرۋەر
قىلىش يولى بىلەن ئىشلىشىمىز لازىم. مىللىي مۇناسىۋەت
سىياسىي، ئىقتىسادىي ساھەلەرگە، مەدەنىيەت، مائارىپ،
پەن-تېخنىكا ساھەلىرىگە سىڭگەن، بۇ ساھەلەرنىڭ ھەممىسىگە
مەسئۇل تارماقلار بار. مەسئۇل تارماقلاردىكى يولداشلار ئاز
سانلىق مىللەت رايونلىرىنىڭ سىياسىي، ئىقتىسادىي ۋە مەدەنى-
يەت تەرەققىياتىغا دائىر مەسىلىلەرنى مىللىي نۇقتىدىن ئويلى-
شى كېرەك، لېكىن ئۇلارنىڭمۇ ئۆز خىزمىتىنىڭ نۇقتىلىق
تەرىپى بار، ۋەزىپىسىمۇ ئېغىر، مىللەتلەرگە دائىر مەسىلىلەر-
نى مەركەزلىك تەتقىق قىلىشقا ئانچە كۆپ ۋاقىت چىقىرالمايدۇ،
شۇڭا ئۇلارنىڭ مەلۇم دەرىجىدە چالا ئويلاپ قويغان ياكى يېتەر-
لىك دىققەت قىلىپ كېتەلمىگەن يەرلىرى بولۇشى مۇمكىن. مانا
بۇ ھال بىز— ھەر دەرىجىلىك مىللىي ئىشلار كومىتېتلىرىنىڭ
ماسلىشىش رولىمىزنى پائال جارى قىلدۇرۇپ، قېرىنداش ئو-
رۇنلار بىلەن ئۆزلۈكىمىزدىن ئوبدان بىرلىشىشىمىز ۋە ھەمكار-

لىشىمىزنى، ھەر قايسى تارماقلارنىڭ مىللىي خىزمەتكە تې-
خىمۇ كۆپ كۆڭۈل بۆلۈشىنى ۋە مەدەت بېرىشىنى قولغا كەلتۈ-
رۈشىمىزنى تەلەپ قىلىدۇ. بۇ ئۆزئارا تولۇقلاش خاراكتېرىدىكى
خىزمەت بولغاچقا، ئوبدان ئىشلەنسە، مىللىي خىزمەتنى كۈچ-
لۈك ئىلگىرى سۈرىدۇ. ئۈچىنچىدىن، مىللىي ئىشلار كومىتې-
تى مۇستەقىل ئۈستىگە ئالىدىغان ۋە ئۈستىگە ئېلىشتا مىللىي
ئىشلار كومىتېتى ئاساس بولىدىغان خىزمەتلەرنى ئوبدان ئىش-
لەش كېرەك. بۇ خىزمەتلەر — پۈتكۈل مىللىي خىزمەتنىڭ
مۇھىم تەركىبىي قىسمى، شۇڭا، فۇنكسىيىلىك تارماق بولغان
مىللىي ئىشلار كومىتېتى بۇ خىزمەتلەرنى باش تارتىپ بولمايدى-
غان مەسئۇلىيەت قاتارىدا ئەستايىدىل ئوبدان ئىشلىشى كېرەك.

يولداشلار، بۇ يىلقى خىزمەت ۋەزىپىمىز ناھايىتى ئېغىر،
بىز ئاساسىي كۈچىمىزنى مىللىي ئىتتىپاقلىق ۋە تەرەققىيات
بويىچە مەملىكەتلىك تەقدىرلەش يىغىنىنىڭ روھىنى ئىزچىللاش-
تۇرۇش، ئاز سانلىق مىللەتلەر رايونلىرىدا تۈزۈلمە ئىسلاھاتىنى
ئېلىپ بېرىش، مىللىي مۇناسىۋەتنى تېخىمۇ ياخشىلاش، ئاز
سانلىق مىللەت ئىختىساس ئىگىلىرىنى يېتىشتۈرۈشكە قاتنى-
شىش، شۇنىڭدەك ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىنىڭ تەرەققىيات
ستراتېگىيىسى ئۈستىدە تەتقىقات ئېلىپ بېرىش قاتارلىق خىز-
مەتلەرنى ئوبدان تۇتۇپ ئىشلەشكە قارىتىشىمىز لازىم. بۇ خىز-
مەتلەر مىللىي خىزمەتنىڭ ئومۇمىي دائىرىسىگە ئالاقىدار زور
ئىشلاردۇر، بۇ ھەر دەرىجىلىك مىللىي ئىشلار كومىتېتلىرىنىڭ
ئورتاق ئۈستىگە ئېلىپ، تەڭ كۈچ چىقىرىپ ئورۇندىشىنى
تەلەپ قىلىدۇ. بىز مىللىي ئىشلار كومىتېتى سىستېمىسىدىكى-

لەر، جۈملىدىن كومىتېتىمىزغا قاراشلىق تارماقلار سوتسىيا-
لىزمنىڭ دەسلەپكى باسقۇچىغا دائىر ئاساسىي نەزەرىيە ۋە لۇش-
يەنگە، يېڭى دەۋردىكى مىللىي خىزمەتنىڭ ئومۇمىي يېتەكچى
ئىدىيىسى ۋە تۈپ ۋەزىپىسىگە ئەمەل قىلىپ، مىللەتلەرنىڭ
باراۋەرلىكى، ئىتتىپاقلىقى ۋە دوستلۇقىنى نامايان قىلغان خەلق
جۇمھۇرىيىتىمىز قۇرۇلغانلىقىنىڭ 40 يىللىقىنى يېپيېڭى رو-
ھىي قىياپەت ۋە ئاجايىپ خىزمەت نەتىجىلىرى بىلەن كۈتۈۋېلى-
شى كېرەك.

# ئاز سانلىق مىللەتلەر ئاممىسىنىڭ ئىسسىق كىيىنىش، توق يېيىش مەسىلىسىنى تېز ھەل قىلايلى*

(1989-يىل 9-ئاينىڭ 23-كۈنى)

مەملىكەتلىك ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىنىڭ نامراتلارنى يۆلەش خىزمەت يىغىنى ئاياغلىشىش ئالدىدا تۇرىدۇ. يىغىن ئىنتايىن مۇۋەپپەقىيەتلىك ئېچىلدى. بۇ يىغىن پارتىيە 13-نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتىنىڭ 4-ئومۇمىي يىغىنى يېپىلىپ ئۇزۇن ئۆتمەيلا، جۇمھۇرىيىتىمىز قۇرۇلغانلىقىنىڭ 40 يىللىقىنى تەبرىكلەش ھارپىسىدا ئېچىلدى. پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى ۋە گوۋۇيۈەندىكى رەھبىرىي يولداشلار دۆلەت ئىشى بىلەن ئالدىراش، ۋاقتى ئىنتايىن قىس بولۇۋاتقان ئەھۋالدا يىغىنىمىزغا قاتنىشىپ، دوكلاتىمىزنى ئاڭلىدى. باش شۇجى جياڭ زېمىن مۇھىم سۆز قىلدى. مانا بۇلار پارتىيە ۋە دۆلەتنىڭ ئاز سانلىق مىللەتلەرگە ۋە ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىغا غەمخورلۇق قىلىۋاتقانلىقىنى، مىللىي خىزمەتكە ۋە مىللىي ئىت-

* بۇ— يولداش ئىسمايىل ئەھمەدنىڭ 1989-يىلى مەملىكەتلىك ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىنىڭ نامراتلارنى يۆلەش خىزمەت يىغىنىدا سۆزلىگەن سۆزى.

تىپاقلىق-تەرەققىيات ئىشلىرىغا ئەھمىيەت بېرىۋاتقانلىقىنى نا-مايان قىلدى. يولداشلار باش شۇجى جياڭ زېمىننىڭ سۆزىنى ئەستايىدىل ئۆگەندى، يولداش جېن جۇنشېڭ بەرگەن دوكلاتنى ئاڭلىدى، گوۋۇيۈەن ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىنىڭ بۇنىڭدىن كېيىنكى نامراتلارنى يۆلەش خىزمىتى توغرىسىدا تارقاتقان ھۆج-جەت ئۈستىدە مۇزاكىرە ئېلىپ باردى، يېقىنقى بىرنەچچە يىل-لىق نامراتلارنى يۆلەش خىزمىتىنىڭ ئەھۋالى ۋە تەجرىبىلىرىنى يەكۈنلەپ ۋە ئالماشتۇرۇپ، نامراتلارنى يۆلەش خىزمىتىنى تې-خىمۇ ئوبدان ئىشلەش ئىشەنچىنى ئاشۇردى. دۆلەتنىڭ ئالاقىدار تارماقلىرى ۋە جەمئىيەتنىڭ ھەرقايسى ساھەلىرى ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىنىڭ نامراتلارنى يۆلەش خىزمىتىگە ناھايىتى كۆڭۈل بۆلۈپ ۋە مەدەت بېرىپ، بۇ يىغىنغا قاتنىششقا ئادەم ئەۋەتتى، ئۇلار يىغىندا ناھايىتى ياخشى پىكىر بايان قىلدى. يىغىن كۆزلىگەن مەقسەتكە يەتتى. مەن مۇشۇ پۇرسەتتىن پايدى-لىنىپ، دۆلەت مىللىي ئىشلار كومىتېتىغا، گوۋۇيۈەننىڭ نام-رات رايونلارنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتىغا رەھبەرلىك قىلىش گۇرۇپپىسىغا ۋەكالىتەن، مىللىي خىزمەتكە ۋە ئاز سانلىق مىل-لەت رايونلىرىنىڭ نامراتلارنى يۆلەش خىزمىتىگە كۆڭۈل بۆلۈپ ۋە مەدەت بېرىپ كېلىۋاتقان تارماقلارغا، ئورۇنلارغا ۋە جەمئى-يەتنىڭ ھەرقايسى ساھەلىرىگە رەھمەت ئېيتىمەن، بۇ قېتىمقى يىغىنغا جاپالىق ئەمگەك سىڭدۈرگەن يولداشلارغا رەھمەت ئېيت-تىمەن!

تۆۋەندە، كۆپچىلىكنىڭ مۇزاكىرە قىلىش ئەھۋالىغا بىر-لەشتۈرۈپ، مۇنداق ئۈچ مەسىلە ئۈستىدە توختىلىمەن.

**1. يېڭى روھنى ئەستايىدىل ئۆگىنىپ ۋە ئىزچىللاشتۇرۇپ، مىللىي خىزمەتنى ۋە ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىنىڭ نامراتلارنى يۆلەش خىزمىتىنى يەنىمۇ ئوبدان ئىشلەش**

دۆلىتىمىز كۆپ مىللەتلىك بىر پۈتۈن سوتسىيالىستىك دۆلەت. مىللىي مەسىلىنى توغرا ھەل قىلىش— دۆلىتىمىزنىڭ تەقدىرىگە مۇناسىۋەتلىك زور مەسىلە. يېڭى تارىخىي دەۋردە مىللىي مەسىلىنى ياخشى ھەل قىلىش-قىلالماسلىق ئىسلاھات-ئىشىكنى ئېچىۋېتىش ئىشلىرىنىڭ ۋە سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنىڭ غەلىبە قىلىشى ياكى مەغلۇپ بولۇشىغا بېرىپ تاقىلىدۇ. پارتىيە بىلەن دۆلەت مىللىي مەسىلىگە ئەزەلدىن يۇكسەك دەرىجىدە ئەھمىيەت بېرىپ، مىللىي خىزمەتنى باشتىن-ئاخىر ئومۇمىيلىققا ئالاقىدار مۇھىم ئورۇنغا قويۇپ كېلىۋاتىدۇ. باش شۇجى جياڭ زېمىننىڭ يىغىندا قىلغان مۇھىم سۆزىدە، پارتىيە 11-نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتىنىڭ 3-ئومۇمىي يىغىنىدىن بۇيانقى مىللىي خىزمەتكە دائىر بىر قاتار فاڭجېن، سىياسەتلەر مۇئەييەنلەشتۈرۈلدى ۋە ئۇنى قەتئىي ئىجرا قىلىش كېرەكلىكى تەلەپ قىلىندى؛ مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە قانۇنىنى ئەستايىدىل ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە تۈزۈمىنى قەتئىي داۋاملاشتۇرۇش ۋە ئۈزلۈكسىز مۇكەممەللەشتۈرۈش، ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى ۋە مىللەتلەرنىڭ ئىتتىپاقلىقىنى قەتئىي قوغداش، مىللىي سىياسەت ھەققىدىكى تەشۋىق-تەربىيىنى كۈچەيتىش، ئۆز كۈچىگە تايىنىپ ئىش كۆرۈش بىلەن دۆلەتنىڭ ياردىمىنى بىرلەشتۈرۈش پرىنسىپىدا چىڭ تۇرۇش، ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ

ۋە ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتى ۋە مەدەنىيەت تەرەققىياتىنى تېزلىتىش، نامراتلارنى يۆلەش بويىچە تەرەققىيات خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەپ، مىللەتلەرنىڭ ئورتاق گۈللىنىشىنى ئىلگىرى سۈرۈش تەكىتلەندى. بىز يولداش جياڭ زېمىننىڭ مۇھىم سۆزىنى چوقۇم پارتىيىنىڭ 13-نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېت 4-ئومۇمىي يىغىنىنىڭ روھىغا بىرلەشتۈرۈپ ئەستايىدىل ئۆگىنىپ ۋە ئەتراپلىق ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئېلىمىزنىڭ مىللىي ئىتتىپاقلىق-تەرەققىيات ئىشلىرىنى داۋاملىق ئىلگىرى سۈرۈشىمىز كېرەك.

ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىنىڭ نامراتلارنى يۆلەش خىزمىتى ھەم ئېلىمىزنىڭ نامراتلارنى يۆلەش خىزمىتىنىڭ تەركىبىي قىسمى، ھەم پۈتكۈل مىللىي خىزمەتنىڭ مۇھىم مەزمۇنى. مەملىكەت بويىچە نامراتلارنى يۆلەش خىزمىتىنىڭ مۇھىم نۇقتىسىنى ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىغا قويۇشقا بۇ رايونلاردا تارىخىي، ئىجتىمائىي ۋە تەبىئىي دېگەنگە ئوخشاش جەھەتلەردىكى ئالاھىدە چەكلەش ئامىللىرى ساقلىنىۋاتقانلىقى، نامراتلىق دائىرىسىنىڭ كەڭلىكى، نامراتلارنى يۆلەش ۋەزىپىسىنىڭ مۈشكۈللۈكى سەۋەب بولۇپلا قالماستىن، بەلكى شۇ رايونلاردىكى ئاممىنى نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇپ بېيىتىش ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى قوغداشقا، مىللەتلەرنىڭ باراۋەرلىكىدە چىڭ تۇرۇشقا، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى كۈچەيتىشكە ۋە مىللەتلەرنىڭ ئورتاق گۈللىنىشىنى ئىلگىرى سۈرۈشكە مۇناسىۋەتلىك ئىكەنلىكىمۇ سەۋەب بولغان. ھازىر دۆلىتىمىزدىكى ئاز سانلىق مىللەتلەر ۋە ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرى ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشنى ۋە مەدە-

نىيەت قۇرۇلۇشنى تېزلىتىشنى ھەرقانداق چاغدىكىدىن جىددىي تەلەپ قىلماقتا. بۇنىڭ ئۈچۈن، ئالدى بىلەن ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىدىكى بىر قىسىم ئاممىنىڭ ئىسسىق كىيىنىش، توق يېيىش مەسىلىسىنى ھەل قىلىش كېرەك. بۇ مەسىلە تېزدىن ھەل قىلىنمىسا، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى بىلەن گوۋۇيۈەن-نىڭ 7-بەش يىللىق پىلانىنىڭ ئاخىرىغىچە مەملىكەت بويىچە نامرات رايونلاردىكى ئاممىنىڭ ئىسسىق كىيىنىش، توق يېيىش مەسىلىسىنى ھەل قىلىش توغرىسىدىكى ستراتېگىيىلىك نىشانى-نىڭ ئەمەلگە ئاشۇرۇلۇشىغا تەسىر يېتىپلا قالماي، بەلكى مىل-لىي مۇناسىۋەتكە، چېگرا مۇداپىئەسىنىڭ مۇستەھكەملىنىشىگە ۋە دۆلىتىمىزنىڭ خەلقئارا ئىناۋىتىگە تەسىر يېتىدۇ. شۇڭا، ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىنىڭ نامراتلارنى يۆلەش خىزمىتى ھەم جىددىي ئىقتىسادىي مەسىلە، ھەم زور سىياسىي مەسىلە دېمەكتۇر. بىز ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىنىڭ نامراتلارنى يۆلەش خىزمىتىنىڭ مۇھىملىقى ۋە تەخىرسىزلىكىنى ئەنە شۇن-داق يۇقىرى پەللىگە كۆتۈرۈپ تونۇشىمىز كېرەك.

يېقىندا يولداش چېن جۈنشېڭ نامراتلارنى يۆلەش خىزمىتى ئۈستىدە ئېنىق، كونكرېت ۋە ئەمەلىيەتكە ئۇيغۇن پىكىر بايان قىلىپ، بۇ يىل ۋە كېلەر يىلى ئىچىدە ئاز سانلىق مىللەتلەر ئىچىدىكى نامرات ئاممىنىڭ ئىسسىق كىيىنىش، توق يېيىش مەسىلىسىنى كۈچنى مەركەزلەشتۈرۈپ ھەل قىلىشنى تەلەپ قىلدى. بىز يولداش چېن جۈنشېڭنىڭ سۆزىنىڭ روھىنى ئەستا-يىدىل ئۆگىنىپ ۋە ئوبدان ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئاز سانلىق مىل-لەت رايونلىرىنىڭ نامراتلارنى يۆلەش خىزمىتىنى پۇختا ۋە

ياخشى ئىشلىشىمىز لازىم.

**2. تەجرىبىلەرنى يەكۈنلەپ، ئۇتۇقلارنى جارى قىلدۇرۇپ، ئاز سانلىق مىللەتلەر رايونلىرىنىڭ نامراتلارنى يۆلەش خىزمىتىدە يېڭى غەلىبىنى قولغا كەلتۈرۈش**

پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى بىلەن گوۋۇيۈەن 1984-يىلى «نامرات رايونلارنىڭ قىياپىتىنى تېزدىن ئۆزگەرتىشكە ياردەم بېرىش توغرىسىدا ئۇقتۇرۇش» نى چىقارغاندىن بۇيان، دۆلەتنىڭ يۆلىشى، ئىقتىسادى تەرەققىي قىلغان رايونلارنىڭ ۋە جەمئىيەتتىكى ھەرقايسى ساھەلەرنىڭ ياردەم بېرىشى، ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىدىكى كەڭ كادىرلار بىلەن ئاممىنىڭ ئورتاق تىرىشچانلىق كۆرسىتىشى ئارقىسىدا، نامراتلارنى يۆلەش خىزمىتىدە كۆرۈنەرلىك نەتىجىلەر قولغا كەلدى. 1988-يىلى دۆلەت يۆلەۋاتقان ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ 141 نامرات ناھىيىسىدىكى نامرات ئاھالە 1985-يىلدىكى 21 مىليون 370 مىڭدىن ئازىيىپ 15 مىليون 180 مىڭغا چۈشتى، 6 مىليون 200 مىڭ ئادەمنىڭ ئىسسىق كىيىنىش، توق يېيىش مەسىلىسى ھەل بولدى. بۇنىڭدىن باشقا، ئۆلكە، ئاپتونوم رايون ۋە بىۋاسىتە قاراشلىق شەھەرلەر يۆلەۋاتقان نامرات ناھىيە، يېزا-كەنتلەردىمۇ زور بىر تۈركۈم ئامما نامراتلىقتىن قۇتۇلدى.

مۇشۇ بىرنەچچە يىللىق ئەمەلىيەت ئارقىلىق، رايونلار، تارماقلار نۇرغۇن ياخشى تەجرىبىلەرنى ھاسىل قىلدى، بولۇپمۇ نامراتلارنى يۆلىگۈچى ھەر دەرىجىلىك خىزمەت تارماقلىرى نامرات ئاز سانلىق مىللەتلەر ئاممىسىغا نۇرغۇن ئەمەلىي ئىشلارنى قىلىپ بېرىپ، بۇنىڭدىن كېيىنكى نامراتلارنى يۆلەش خىزمە-

تىنى ئوبدان ئىشلەشكە ياخشى ئاساس سالدى. جايلارنىڭ ئەھۋا-
لىدىن قارىغاندا، ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىنىڭ نامراتلارنى
يۆلەش خىزمىتىدە ھاسىل قىلىنغان تەجرىبىلەر ئاساسەن مۇنۇ
بىرنەچچە جەھەتتە ئىپادىلىنىدۇ:

(1) رەھبەرلىكنىڭ ئەھمىيەت بېرىشى ئاز سانلىق مىللەت
رايونلىرىنىڭ نامراتلارنى يۆلەش خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەشتە
مۇھىم ھالقا. نەچچە يىلدىن بۇيان، ھەر دەرىجىلىك پارتىيە--
ھۆكۈمەت رەھبەرلىرى ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىنىڭ نامرات-
لارنى يۆلەش خىزمىتىگە ئىنتايىن ئەھمىيەت بېرىپ، بۇ خىز-
مەتنى مىللىي ئىتتىپاقلىق-تەرەققىياتقا ۋە ئىقتىسادنى تەڭكەش
تەرەققىي قىلدۇرۇشقا چېتىلىدىغان مۇھىم ئورۇنغا قويۇپ،
نۇرغۇنلىغان ئادەم كۈچى، ماددىي كۈچ ۋە مالىيە كۈچىنى
سەپەرۋەر قىلىپ، نامرات رايونلارنى يۆلىدى، كۆپرەك ئەمەلىي
ئىش قىلىشقا تىرىشىپ، ئەمەلىي ئۈنۈمگە ئەھمىيەت بېرىپ،
كەڭ ئاز سانلىق مىللەتلەر ئاممىسىنىڭ ئالقىشىغا ئېرىشتى.
نامراتلارنى يۆلەش خىزمىتىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈش ئۈچۈن، جاي-
لار نامراتلارنى يۆلەش بويىچە مەخسۇس خىزمەت ئاپپاراتلىرىنى
تەسىس قىلدى، بەزى جايلار نامراتلارنى يۆلەش مەسئۇلىيەت
تۈزۈمىنى يولغا قويدى، نامراتلارنى يۆلەش بويىچە ئالاقىلىشىش
نۇقتىلىرىنى قۇردى، نامراتلارنى يۆلەش توختاملىرىنى تۈزدى،
نامراتلارنى يۆلەش خىزمىتىدىكى مەسئۇلىيەت، ھوقۇق ۋە مەن-
پەئەتنى ئايدىڭلاشتۇردى، نامراتلارنى يۆلەش نەتىجىسىنى مۇكا-
پات ۋە جازا بىلەن بىرلەشتۈرۈپ، نامرات ئاممىنىڭ ئىسسىق
كىيىنىش، توق يېيىش مەسىلىسىنى تېز ھەل قىلدى. جايلار

يەنە ئالاقىدار ئورۇنلارنىڭ، دېموكراتىك پارتىيە-گۇرۇھلارنىڭ ۋە تەشكىلاتلارنىڭ رولىنى جارى قىلدۇرۇشقا دىققەت قىلىپ، سىستېمىلار بويىچە ياردەم بېرىش، چېگرا رايونلارغا ئەقلىي ياردەم بېرىش، ئىقتىسادىي ۋە تېخنىكا ھەمكارلىق ئىشلىرىنى پائال قانات يايدۇرۇش ئارقىلىق نامرات ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىغا كۈچلۈك ياردەم بەردى. ئەمەلىيەت ئىسپاتلىدىكى، رەھبەرلىك ئەھمىيەت بەرگەنلىكى جايدا، نامراتلارنى يۆلەش چارىسى كۆپ، تەدبىرى كۈچلۈك، ئۈنۈمى ياخشى بولدى، ئاممىنىڭ ئىسسىق كىيىنىش، تويۇق يېيىش مەسىلىسى تېز ھەل قىلىندى. بۇنىڭ ئەكسىچە بولغان جايلاردا نامرات رايونلارنىڭ قىياپىتىنى ئۆزگەرتىش تەسكە چۈشتى.

(2) نامراتلارنى يۆلەشكە دائىر سىياسەتلەرنى ئەستايىدىل ئەمەلىيلەشتۈرۈش. بىرنەچچە يىلدىن بۇيان نۇرغۇن جايلار ۋە تارماقلار بىر تەرەپتىن دۆلەتنىڭ نامراتلارنى يۆلەش خىزمىتىگە دائىر يېتەكچى ئىدىيىسىنى ۋە فاڭجېن-سىياسەتلىرىنى قەتئىي ئىجرا قىلىپ، ئۆز يېرىنىڭ ئەمەلىيىتىنى نەزەردە تۇتۇپ، كونكرېت يىرىك پىلان ۋە تەدبىرلەرنى تۈزدى، بۇرۇنقىدەك چالا-بۇلا ئىش قىلىدىغان ئۇسۇلنى ئۆزگەرتىپ، تۈرلەر بويىچە باشقۇرۇشنى يولغا قويدى، «قۇتقۇزۇش ئورنىغا ئىش تېپىپ بېرىش» ۋە «ئىسسىق كىيىنىش، تويۇق يېيىش مەسىلىسىنى ھەل قىلىش قۇرۇلۇشى»نى ئوبدان يولغا قويدى، نامراتلارنى يۆلەش مەبلىغى ۋە ماددىي ئەشيالىرىدىن پايدىلىنىش ئۈنۈمىنى ئىرىشىپ ئاشۇردى. كەسىپ قۇرۇلمىسىنى تەڭشەش، يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرىنىڭ ۋە قوشۇمچە كەسىپ مەھسۇلاتلىرىنىڭ

سېتىلىشىنى قويۇۋېتىش شۇنىڭدەك تاۋار ئوبوروتىنى جانلاندۇ-
رۇش، كۆپ خىل ئىگىلىكنى ۋە يېزا-بازار كارخانىلىرىنى تەرەق-
قىي قىلدۇرۇش، قاتناش-ئېنېرگىيە قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىش،
باجنى كېمەيتىش ۋە كەچۈرۈم قىلىش قاتارلىق جەھەتلەردە سى-
ياسەتنى كەڭ قويۇۋېتىپ، ئېتىبار بېرىشنى يولغا قويدى.
كادىرلارنى ۋە تەلەپكە باب تېخنىك خادىملارنى يېتىشتۈرۈش،
ئېكولوگىيىلىك تەڭپۇڭلۇقنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش قاتارلىق جە-
ھەتلەردە ئۈنۈملۈك تەدبىر قوللاندى. بەزى جايلار مۇنداق ئېتى-
بار بېرىش سىياسەتلىرىنى ۋە تەدبىرلىرىنى قانۇن شەكلىدە
مۇقىملاشتۇرۇپ، ئۇنىڭ ئىزچىللىقىغا ۋە نوپۇزىغا كاپالەتلىك
قىلدى، شۇنىڭ بىلەن بىرۋاقىتتا، نامرات ئاز سانلىق مىللەت
رايونلىرىدىكى كادىرلار بىلەن ئاممىغا ئۆز كۈچىگە تايىنىپ ئىش
كۆرۈش، جاپاغا چىداپ كۈرەش قىلىش روھىنى تۇرغۇزۇش،
كۈتۈپ تۇرىدىغان، يۆلىنىۋالىدىغان ۋە ئالساملا دەيدىغان ھورۇن-
لۇق ئىدىيىسىنى تۈگىتىش، ئىشلەپچىقىرىش شارائىتىنى ۋە
قالاق قىياپىتىنى ئۆزىنىڭ ئىككى قولىغا ۋە ئەقىل-پاراسىتىگە
تايىنىپ ئۆزگەرتىپ، نامراتلىقتىن قۇتۇلۇپ، بېيىش يولىغا
قاراپ مېڭىش توغرىسىدا تەربىيە ئېلىپ باردى. دۆلەتنىڭ نام-
راتلارنى يۆلەش توغرىسىدىكى ئومۇمىي فاڭجېن-سىياسەتلىرى
بىلەن ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىدا يولغا قويۇلۇۋاتقان كونك-
رېت سىياسەت-تەدبىرلەرنى ئۆزئارا يۇرۇشلەشتۈردى، ئىقتىسا-
دىي خىزمەت بىلەن ئىدىيىۋى خىزمەتنى، ئۆز كۈچىگە تايىنىپ
ئىش كۆرۈش بىلەن دۆلەتنىڭ ياردىمىنى بىرلەشتۈردى. نۇرغۇن
جايلار ئۆز كۈچىگە تايىنىپ ئىش كۆرۈش، جاپاغا چىداپ كۈ-

رەش قىلىش روھىنى قەتئىي داۋاملاشتۇرغانلىقى، ئۇنىڭ ئۇس-تىنگە، سىياسەت ۋە مەبلەغ، ماددىي ئەشيا، تېخنىكا جەھەتتىن ھەر تەرەپلەپ سېلىنغانلىقى ئۈچۈن، نامراتلىقتىن قۇ-تۇلۇش سۈرئىتى زور دەرىجىدە تېزلىدى.

(3) نامرات ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىنىڭ ئىشلەپچى-قىرىش شارائىتىنى زور كۈچ بىلەن ياخشىلاش. نامرات ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرى چەت-ياقا يەرلەرگە جايلاشقان، بۇ رايونلاردا ئېتىز-ئېرىق قۇرۇلۇشى، سۇ ئىنشائاتى، ئوتلاق قۇ-رۇلۇشى قاتارلىق ئاساسىي قۇرۇلۇش ناچار، قاتناش-ترانس-پورت قىيىن، ئېنېرگىيە قىس، ئۈچۈر يولى توسۇق، تۇرلۇك تەبىئىي ئاپەتلەر كۆپلەپ بولۇپ تۇرىدۇ. بۇنداق ئەھۋالنى ئۆز-گەرتىش ئۈچۈن، نۇرغۇن جايلار ئىشلەپچىقىرىش شارائىتىنى زور كۈچ بىلەن ياخشىلاپ، تەبىئىي ئاپەتكە تاقابىل تۇرۇش ئىقتىدارىنى ئاشۇرۇشقا ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىپ، ياخشى ئۇ-نۇم ھاسىل قىلدى. بەزى چارۋىچىلىق رايونلىرى ۋە ناھىيىلىرى چارۋىچىلارنى ئوتلاق قۇرۇلۇشى ئېلىپ بېرىپ، ئوت-چۆپ تې-رىش كۆلىمىنى كېڭەيتىشكە پائال رىغبەتلەندۈرۈپ، ئوتلاقلار-نىڭ قۇملىشىپ كېتىش، شورلىشىپ كېتىش ۋە ناچارلىشىپ كېتىش ئەھۋالىنى دەسلەپكى قەدەمدە ئوڭشىدى، ئۆت-چۆپ مىقدارى زور كۆلەمدە ئاشتى، چارۋىلارنىڭ سانى كۆپەيدى، چارۋىچىلىق ئۈنۈمى ئۈزلۈكسىز ئۆستى. بەزى جايلار ئوتتۇرا-تۆۋەن مەھسۇلاتلىق ئېتىزلارنى زور كۈچ بىلەن ياخشىلاپ، ھەر جەھەتتىكى كۈچلەرنى سەپەرۋەر قىلىپ، قۇدۇق كولاپ، سۇ ئامبىرى ۋە ئېرىق-ئۆستەڭلەرنى ياساپ، ئۈنۈملۈك سۇغىرىش

كۆلىمىنى ئاشۇردى، سورتنى ياخشىلاپ، ئىلغار پەن-تېخنىكى-
نى ئومۇملاشتۇرۇپ، يېزا ئىگىلىكىدىن مول هوسۇل ئېلىشقا
ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلدى. بەزى جايلار پائال تۇردە تاشيول
ياساپ، دەريا قىنىنى راۋانلاشتۇرۇپ، تاۋار ئالماشتۇرۇشقا شا-
رائىت يارىتىش ئارقىلىق، تاۋار ئىشلەپچىقىرىشنى ئىلگىرى
سۈردى. بەزى جايلار مول سۇ كۈچى بايلىقىدىن پايدىلىنىپ سۇ
ئېلېكتىر ئىستانسىلىرىنى قۇرۇپ، يېزا-بازار كارخانىلىرىنى
تەرەققىي قىلدۇرۇش ۋە سۇ چىقىرىش-سۇغىرىش ئىشلىرى-
نى توك كۈچى بىلەن ئېلىپ بېرىشقا ئېنېرگىيە يەتكۈزۈپ
بەردى. يەنە بەزى جايلار كۆلىمى كىچىك سۇ ۋادىلىرىنى ئەتراپ-
لىق تىزگىنلەپ، تاۋار ئىشلەپچىقىرىش بازىلىرىنى قۇرۇپ،
ئېكولوگىيىنى قوغداش ۋە ئىشلەپچىقىرىشنى تۇجۇپلەشتۇرۇش-
كە ئاساس سالدى. ئەمەلىيەت ئىسپاتلىدىكى، ئىشلەپچىقىرىش
شارائىتىنى ياخشىلاشقا دىققەت قىلىنمىسا، ئىسسىق كىيىنىش،
توق يېيىش مەسىلىسى ۋاقتىنچە ھەل قىلىنغان تەقدىردىمۇ،
ئىشلەپچىقىرىش ۋە تۇرمۇشنىڭ مۇقىملىقىنى ساقلاش ناھايىتى
تەسكە چۈشىدۇ-دە، ئاپەت يۈز بەرگەن ھامان، نامراتلىق ئاسانلا
قايتىدىن سادىر بولىدۇ؛ ئۇنىڭ ئەكسىچە، ئىشلەپچىقىرىش شا-
رائىتىنى ياخشىلاشقا دىققەت قىلىنغانلىكى جايلاردا، ئامىمىنىڭ
ئىسسىق كىيىنىش، توق يېيىش مەسىلىسى تۇراقلىق رەۋىشتە
ھەل بولۇپلا قالماي، بەلكى بۇنىڭدىن كېيىنكى ئىقتىسادىي
تەرەققىياتقا پۇختا ئاساس سېلىنىشقا بولىدۇ.
(4) نامرات ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىنىڭ ئۈستۈنلۈ-
كىدىن پائال پايدىلىنىپ، نامراتلارنى تەرەققىيات يولى بىلەن

يۆلەش. نامرات ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىدا ئېچىپ پايدىلى-
نىشقا بولىدىغان بىرمۇنچە بايلىقلار بار، بەزى بايلىقلار ئىنتايىن
مول، نۇرغۇن جايلار ئىلگىرىكىدەك نامراتلارنى نوقۇل قۇتۇل-
دۇرۇش يولى بىلەن يۆلەيدىغان ئۇسۇلنى ئۆزگەرتىپ، ئۆز
يېرىنىڭ ئۇستۇنلۇكىنى نەزەردە تۇتۇپ، نامراتلارنى يۆلەشكە
ئاجرىتىلغان نۇرغۇن پۇل، ماددىي ئەشيانى ئىشلەپچىقىرىش تۈ-
سىنى ئالغان تەرەققىياتقا سەرپ قىلدى، ئاشلىق ئىشلەپچىقىرى-
شىغا كاپالەتلىك قىلىش شەرتى ئاستىدا، ئۆز يېرىنىڭ شارائى-
تىغا قاراپ ئىش كۆرۈپ، ئارتۇقچىلىقىنى جارى قىلدۇرۇپ،
كەسىپ قۇرۇلمىسىنى مۇۋاپىق تەڭشەپ، دېھقانچىلىق، ئورمان-
چىلىق، چارۋىچىلىق، كان، سۇ، ئېلېكتر، ساياھەت قاتارلىق
بايلىقلارنى ئېچىش ۋە ئۇنىڭدىن پايدىلىنىش ئىشىنى پائال يولغا
قويۇپ، كۆپ خىل ئىگىلىكنى قانات يايدۇردى. تاغلىق رايونلا-
رنى كىلىماتنىڭ كۆپتۈرمە شەكىللىك خۇسۇسىيىتىگە ئاساسەن
ئۆزلەشتۈرۈپ، تاغ تۆپىسىدە ئورمان، دورا ماتېرىياللىرىنى،
تاغ قاپتىلىدا مېۋە دەرەخلىرى ۋە چايزارلىقنى، تاغ ئېتىكىدە
ئاشلىق ۋە پىلىچىلىكنى تەرەققىي قىلدۇردى. دېمەك، تاغلىق
جايدىكىلەر تاغقا تايىنىپ تىرىكچىلىك قىلىپ، كۆپ خىل ئىگى-
لىكنى تەرەققىي قىلدۇردى، ئارتۇقچىلىقىنى جارى قىلدۇرۇپ،
يېتەرسىزلىكنى تولۇقلىدى. قۇرغاقچىلىق بولىدىغان، قاتتىق سو-
غۇق بولىدىغان رايونلار ۋە تاش تاغلىق رايونلار ئالاھىدە جۇغرا-
پىيىلىك شارائىتتىن، كىلىمات شارائىتىدىن ۋە كان بايلىقلىرى-
دىن پايدىلىنىپ، چارۋىچىلىق، كوكسچىلىق، پىلىچىلىك،
ئورمانچىلىق، ئالاھىدە مەھسۇلاتلىق مېۋە، كان مەھسۇلاتلى-

رى، قىممەتلىك دورا ماتېرىياللىرى ۋە ئەلا سۈپەتلىك كۆك تاماكا قاتارلىق يېزا ئىگىلىكى-قوشۇمچە كەسىپ مەھسۇلاتلىرىنى ۋە يەرلىك ئالاھىدە مەھسۇلاتلارنى پائال تەرەققىي قىلدۇردى. ئوشۇق ئەمگەك كۈچلىرى كۆپرەك رايونلار ئەمگەك كۈچىنى سىرتقا چىقىرىش ئىشىنى تەشكىللەپ، ئىشلەپچىقىرىشقا ۋە ئىشقا ئورۇنلىشىشقا كەڭ يول ئاچتى. چېگرا رايونلار چېگرا سودىسىنى پائال قانات يايدۇرۇپ، چېگرا رايونلارنى گۈللەندۈرۈش ۋە ئىشىكنى سىرتقا ئېچىۋېتىش ئىشلىرىنى ئىلگىرى سۈردى. ئىشىكنى سىرتقا ئېچىۋېتىش ئۇسۇلى جەھەتتە، جايلار تۈرلەر بويىچە باشقۇرۇشنى قاتتىق يولغا قويۇپ، نامراتلارنى يۆلەشنىڭ ئەمەلدە ئۈنۈم بېرىدىغان بىرمۇنچە ئۇسۇلىنى ياراتتى، مەسىلەن، «كۆچمە چارۋا پادىسى بويىچە نامراتلارنى يۆلەش»، تۇتاش تاۋار ئىشلەپچىقىرىش بازىلىرىنى قۇرۇش، نامراتلارنى ئىقتىسادىي گەۋدە ئارقىلىق يۆلەش ۋە پەن-تېخنىكا ئارقىلىق يۆلەش دېگەنگە ئوخشاشلار ئەنە شۇ ئۇسۇللارنىڭ جۈملىسىگە كىرىدۇ. بۇلار يۆلەشكە تېگىشلىك نامرات ئوبيېكتلارنىڭ ئۆز-ئۆزىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش ئىقتىدارىنى ئاشۇرۇش ئۈچۈنمۇ، نامراتلارنى يۆلەش مەبلىغىدىن پايدىلىنىش ئۈنۈمىنى يۇقىرى كۆتۈرۈش ئۈچۈنمۇ پايدىلىق بولدى. نامراتلارنى تەرەققىيات يولى بىلەن يۆلەش ئارقىلىق، نامرات ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىنىڭ 2-ۋە 3- كەسىپلىرى ئۈچقاندەك تەرەققىي قىلدى، يېزا ئىگىلىكىنىڭ ئىچكى قۇرۇلمىسىمۇ خېلى مۇۋاپىق تەڭشىلىپ، تاۋار ئىگىلىكىنى يەنىمۇ ئىلگىرىلەپ تەرەققىي قىلدۇرۇشقا پايدىلىق شارائىت يارىتىلدى.

(5) نامرات ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىنىڭ ئەقلىي ئىمكانىيەتلىرىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشقا ئەھمىيەت بېرىش. نام-رات ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىنىڭ ئىجتىمائىي يېتىلىش دەرىجىسى تۆۋەن، مەدەنىيەت، مائارىپ، پەن-تېخنىكىسى ئار-قىدا، تاۋار ئىگىلىكى كۆز قارىشى ئاجىز، تۇرلۇك قۇرۇلۇش خادىملىرى كەمچىل، ساۋاتسىزلىق نىسبىتى يۇقىرى، بۇ ئەھ-ۋاللار نامراتلارنى يۆلەش خىزمىتىگە زور قىيىنچىلىق تۇغدۇر-ماقتا. نامرات رايونلارنىڭ قالاق قىياپىتىنى ئۆزگەرتىش ئۇ-چۇن، جايلار كۇرستا تەربىيىلەش، بىلىم ئاشۇرۇش، ئېكس-كۇرسىيە قىلىش-ئۆگىنىش، ۋەزىپىسىدىن ئايرىلماي باشقا جاي-لارغا بېرىپ چېنىقىشقا ئوخشاش ئۇسۇللارنى قوللىنىپ نامرات ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىدىكى ناھىيە ۋە يېزا دەرىجىلىك كادىرلارنى نۇقتىلىق تەربىيىلەپ، نەزەر دائىرىسىنى كېڭەي-تىش، ئىدىيىۋى سەۋىيىسىنى، مەدەنىيەت سەۋىيىسىنى ۋە رەھ-بەرلىك قابىلىيىتىنى ئۆستۇرۇش، نامراتلارنى يۆلەش خىزمە-تىگە بولغان مەسئۇلىيىتىنى كۇچەيتىش ئارقىلىق ئاممىنى نام-راتلىقنى تۇگىتىپ بېيىشقا يېتەكلەيدىغان ياخشى باشلامچى بو-لۇش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلدى. جايلار كادىرلارنى تەربىيىلەش بىلەن بىرۋاقىتتا، كەسپىي مائارىپقىمۇ ئەھمىيەت بەردى، كەس-پىي مەكتەپلەرنى ۋە ھەر خىل كۇرسلارنى ئېچىپ، ھەربىي سەپتىن كەسىپ ئالماشتۇرغان ۋە چېكىنگەنلەرنى نۇقتىلىق تەر-بىيىلىدى، يەرلىك ۋە تەلەپكە باب ھەر خىل تېخنىك خادىملىرى-نى ۋە ھۇنەر ئىگىلىرىنى كۆپلەپ تەربىيىلىدى، ئەمگەك كۇچ-لىرىنىڭ سۇپىتىنى ئۆستۇردى، ھەربىر نامرات ئائىلىگە بى-

رەر، ئىككى ئەمەلىي ئىشلەپچىقىرىش تېخنىكىسىنى ئىگىلىد-
ىشكە تىرىشتى ھەمدە ئۇلارنىڭ ئىشلەپچىقىرىش يولىنى تېپى-
ۋېلىشىغا ياردەم بەردى. نامراتلارنى يۆلەش خىزمىتىدە، بەزى
جايلار نامراتلارنى پەن-تېخنىكا ئارقىلىق يۆلەش ئىشىنى قانات
يايدۇرۇشقا ئىنتايىن ئەھمىيەت بەردى، نامرات رايونلارغا چوڭ-
قۇر چۆكۈپ، پەن-تېخنىكىنى ئومۇملاشتۇرۇۋىدىغان، پەننى
ئومۇملاشتۇرۇش خىزمەت ئەترەتلىرىنى تەشكىللىدى، پەن-تېخ-
نىكا خادىملىرىنى نامراتلارنى يۆلەشكە ئائىت تېخنىكىنى ھۆددى-
گە ئېلىشقا رىغبەتلەندۈردى، ئاز مەبلەغ كېتىدىغان، تېز ئۈنۈم
بېرىدىغان، كەڭ ئاز سانلىق مىللەتلەر ئاممىسى ئاسان قوبۇل
قىلىدىغان ۋە ئىگىلىيەلەيدىغان تۈرلۈك ئەمەلىي ئىشلەپچىقىرىش
تېخنىكىسىنى ئومۇملاشتۇردى، بۇ ئىنتايىن كۆرۈنەرلىك ئۈنۈم
بەردى.

ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىنىڭ نامراتلىق ھالىتىنى تۈپ-
تىن ئۆزگەرتىپ، مىللەتلەرنىڭ سۈپىتىنى ئۆستۈرۈش ئۈچۈن،
جايلار مەدەنىيەت-مائارىپ ئىشلىرىغا ئىنتايىن ئەھمىيەت بەر-
دى، يېتىپ ئوقۇش تۈزۈمىنى ئاساس قىلغان مىللىي ئوتتۇرا-
باشلانغۇچ مەكتەپلەرنى پائال ئوبدان باشقۇردى، «ئىككى تىل»
دا ئوقۇتۇشنى زور كۈچ بىلەن ئومۇملاشتۇردى، ئوقۇش يېشىغا
تولغان بالىلارنىڭ مەكتەپكە كىرىش نىسپىتىنى، مۇستەھكەملى-
نىش نىسپىتىنى ۋە لاياقەتلىك نىسپىتىنى ئۈزلۈكسىز ئۆستۈر-
دى، باشلانغۇچ مەكتەپ مائارىپىنى تىرىشىپ ئومۇملاشتۇرۇپ،
يېڭى ساۋاتسىزلارنىڭ پەيدا بولۇشىدىن ساقلاندى. پىلانلىق تۇ-
غۇت خىزمىتىگە ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىدىكى كادىرلار

بىلەن ئامما بارغانسېرى بەكرەك ئەھمىيەت بېرىدىغان بولدى، بەزى جايلار نامراتلارنى يۆلەش خىزمىتى بىلەن پىلانلىق تۇغۇت خىزمىتىنى بىرلەشتۈرۈپ ئېلىپ بېرىشقا دىققەت قىلىپ، نوپۇسنىڭ كۆپىيىپ كېتىشىنى ئۈنۈملۈك تەدبىرلەر بىلەن قاتتىق تىزگىنلىدى، ساغلام تۇغۇپ ئوبدان بېقىش ئىشىنى يولغا قويۇپ، ئاھالە سۈپىتىنى ئۆستۈردى، تۇغقانسېرى كەمبەغەللىشىدىغان، كەمبەغەللەشكەنسېرى جىق تۇغىدىغان ئەھۋالنى تىرىشىپ ئۆزگەرتتى، بەزى جايلار يەنە سەۋرچانلىق بىلەن ئىنچىكە خىزمەت ئىشلەپ، ئاز سانلىق مىللەتلەرنى ئۆز مىللىتىنىڭ يۈكسىلىشىگە ۋە ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ تەرەققىياتىغا پايدىسىز بولغان ئۆرپ-ئادەتلەرنى پەيدىنپەي ئۆزگەرتىشكە تىرىشىپ دەۋەت قىلىپ، ئۈنۈم ھاسىل قىلدى. ھەر مىللەت كادىرلىرىنىڭ ئۆز مىللىتىنىڭ تەرەققىياتى ۋە دۆلىتىمىزنىڭ گۈللىنىشى ئۈچۈن، مۇشۇ جەھەتتە تېخىمۇ كۆپ خىزمەت ئىشلىشىنى ھەمدە ئۈلگىلىك ۋە باشلامچىلىق رول ئوينىشىنى ئۈمىد قىلىمىز. نۇرغۇنلىغان تەجرىبىلەر شۇنى ئىسپاتلىدىكى، ئەقلىي ئىمكانىيەتلەرنى تەرەققىي قىلدۇرۇپ، كىشىلەرنىڭ سۈپىتىنى ئۆستۈرۈش— نامراتلىقنى تۈگىتىش ۋە ئۇنىڭدىن قۇتۇلۇشتىكى تۈپ تەدبىر. كىشىلەرنىڭ سۈپىتى ئۆستۈرۈلمىسە، نامرات ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرى ئېتىبار بېرىش سىياسىتىگە ئىگە بولغان تەقدىردىمۇ ئۇنى ئاسانلىقچە ئەمەلىيلەشتۈرەلمەيدۇ، پۇل-مالغا ئىگە بولغان تەقدىردىمۇ ئۇنى جايىدا ئىشلىتەلمەيدۇ. پەقەت بايلىق مەنبەلىرىنى ئېچىش بىلەن ئەقلىي ئىمكانىيەتلەرنى تەرەققىي قىلدۇرۇشنى بىرلەشتۈرگەندىلا، دۆلەتنىڭ نامراتلارنى

يۆلەش سىياسىتىدىن ئوبدان ۋە جانلىق پايدىلىنىپ، نامراتلارنى يۆلەشكە ئاجرىتىلغان مەبلەغ ۋە ماددىي ئەشيالارنىڭ ئۈنۈمىنى جارى قىلدۇرغىلى، قالاق قىياپەتنى تۈپتىن ئۆزگەرتكىلى بولىدۇ.

يۇقىرىدا تىلغا ئېلىنغان ياخشى تەجرىبىلەرنى جايلار ئۆز يېرىنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىغا قاراپ تەشۋىق قىلسا ۋە ئومۇملاشتۇرسا بولىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىرۋاقىتتا، كۆپچىلىكنىڭ ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىنىڭ كېيىنكى باسقۇچتىكى نامراتلارنى يۆلەش خىزمىتىدە تېخىمۇ كۆپ، تېخىمۇ ياخشى يېڭى تەجرىبىلەرنى يارىتىپ، يەكۈنلەپ ۋە ئومۇملاشتۇرۇپ، نامراتلارنى يۆلەش خىزمىتىنى تېخىمۇ ئۈنۈملۈك ئىشلىشىنى ئۈمىد قىلىمەن.

**3. گوۋۇيۈەننىڭ ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىدىكى نامراتلارنى يۆلەش سىياسىتىگە دائىر ھۆججەتلىرىنىڭ روھىنى ئەستايىدىل ئىزچىللاشتۇرۇش توغرىسىدا بىرنەچچە پىكىر**

نامرات ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىنىڭ ئالاھىدە ئەھۋالىنى كۆزدە تۇتۇپ، گوۋۇيۈەن [1989] 82-نومۇرلۇق ھۆججىتىدە، دۆلەت مىللىي ئىشلار كومىتېتى بىلەن گوۋۇيۈەننىڭ نامرات رايونلارنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتىغا رەھبەرلىك قىلىش گۇرۇپپىسى «ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىنىڭ نامراتلارنى يۆلەش خىزمىتىگە دائىر سىياسەت مەسىلىلىرى ئۈستىدە يوليورۇق سوراش توغرىسىدا» يوللىغان دوكلاتنى تەستىقلاپ تارقىتىپ، نامراتلارنى يۆلەش خىزمىتىنىڭ مۇھىم نۇقتىسىنى ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىغا قارىتىشنى قارار قىلدى ۋە شۇنىڭغا

دائىر بىرقاتار ئالاھىدە سىياسەتلەرنى تۈزۈپ چىقتى. ھازىر سىياسەت بېسىلغان ھۆججەت بارلىققا كەلدى، ئەمدى گەپ شۇ سىياسەتنى ئوبدان ئەمەلىيلەشتۈرۈشتە قالدى. شۇڭا، مۇنۇ بىرقانچە جەھەتتىكى خىزمەتلەرنى ئەستايىدىل ئوبدان ئىشلىشىمىز كېرەك:

(1) مايىللىق سىياسىتىنى يولغا قويۇش كېرەك. ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىنىڭ ئىقتىسادىي ئاساسى ئاجىز، شۇڭا دۆلەت پىلانلىق باشقۇرۇش، مالىيە-پۇل مۇئامىلىسى، تۈرلەرنى ئورۇنلاشتۇرۇش شۇنىڭدەك ماددىي ئەشيا سېلىنمىسى قاتارلىق جەھەتلەردە مايىللىق سىياسىتىنى يولغا قويۇپ، بۇ رايونلارنىڭ ئۈستۈنلۈككە ئىگە كەسىپلەرنى تەرەققىي قىلدۇرۇشقا، ئېنېرگىيە-قاتناش قاتارلىق ئاساسىي قۇرۇلۇشلارنى زور كۈچ سەرپ قىلىپ كۈچەيتىشكە ياردەم بېرىشى لازىم. ھەر دەرىجىلىك رەھبەرلەر نامرات ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش ۋە گۈللەندۈرۈشكە يۇكسەك دەرىجىدە ئەھمىيەت بېرىشى، شۇ جاينىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىغا ئاساسەن ئېتىبار بېرىش سىياسەتلىرىنى تۈزۈپ چىقىشى، نامراتلارنى يۆلەشكە دائىر سىياسەتلەرنىڭ ئىلگىرى ئۈنۈم بېرىپ كېلىۋاتقانلىرىنى داۋاملىق ئىجرا قىلىشى، مۇكەممەل بولمىغانلىرىنى تېزدىن مۇكەممەللەشتۈرۈشى لازىم. پارتىيە-ھۆكۈمەت رەھبىرىي كادىرلىرىنى ۋە ئالاقىدار ئورۇنلارنىكىلەرنى نامرات رايونلارغا بېرىپ نۇقتىدا تۇرۇپ ئىشلەشكە، نامراتلارنى يۆلەشنى بۆلۈپ ھۆددىگە ئېلىپ، بەلگىلەنگەن مۇددەت ئىچىدە نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇشقا كاپالەتلىك قىلىشقا

سەپەرۋەر قىلىش ۋە تەشكىللەش كېرەك. بىرقانچە يىلدىن بۇ-
يان، مەركەزدىكى ئالاقىدار تارماقلار ئاز سانلىق مىللەت رايون-
لىرىغا بېرىپ نامراتلارنى يۆلەشنى بۆلۈپ ھۆددىگە ئېلىپ،
كۆرۈنەرلىك ئۈنۈم ھاسىل قىلىش بىلەن ئاز سانلىق مىللەت
رايونلىرىنىڭ ئالغا ئىلگىرىلىشىگە تۈرتكە بولۇۋاتىدۇ. لېكىن، مەر-
كەزدىكى تارماقلاردىن تاھازىرغىچە شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم
رايونى، شىزاڭ ئاپتونوم رايونى، يۈننەن، چىڭخەي قاتارلىق
جايلاردىكى نامرات ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىغا بېرىپ نامرات-
لارنى يۆلەشنى بۆلۈپ ھۆددىگە ئالغان بىرەرسى يوق. شۇڭا،
مەركەزدىكى ئالاقىدار تارماقلارنىڭ ئاشۇ ئاز سانلىق مىللەت
رايونلىرىغا بېرىپ، نامراتلارغا يار-يۆلەك بولۇشنى سەممىي
ئۈمىد قىلىمىز ۋە سەممىي قارشى ئالىمىز.

نامرات ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىغا سەرپ قىلىنىدىغان
مەبلەغ ۋە ماددىي ئەشيانى كۆپەيتىش كېرەك. ئاز سانلىق مىل-
لەت رايونلىرىنىڭ تەرەققىياتى ئاستا بولغانلىقى، ئىلگىرى تۇر-
لۇك مەبلەغ ۋە ماددىي ئەشيانى تەقسىم قىلىش تۇپ سانى تۆۋەن
بەلگىلىنىپ قالغانلىقى ئۈچۈن، ئىقتىسادىي تەرەققىياتنىڭ ئېھ-
تىياجىنى زادىلا قاندۇرالمايۋاتىدۇ. شۇڭا، ھەرقايسى ئالاقىدار
تارماقلار نامرات ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىغا تەقسىم قىلىن-
غان مەبلەغ ۋە ماددىي ئەشيانىڭ سانىنى ئەمەلىي ئەھۋالغا قاراپ
تەڭشىشى ۋە بۇ جەھەتتە ئاشۇ رايونلارغا ئېتىبار بېرىشى لازىم.
ئالاقىدار ئۆلكە، ئاپتونوم رايونلار نامرات ناھىيە ۋە يېزىلارنىڭ
نامراتلارنى يۆلەش-تەرەققىي قىلدۇرۇش ئىشىغا نۇقتىلىق يار--
يۆلەك بولۇشى كېرەك. بۇ ھەقتە كونكرېت چارىلەرنى تۈزۈپ

يولغا قويۇشى لازىم. نامراتلارنى يۆلەش سىيلىنمىسىنى كۆپەيـ
تىش ئۈچۈن، گوۋۇيۈەننىڭ 62-نومۇرلۇق ھۆججىتىدە، ئاز
سانلىق مىللەت رايونلىرىغا نامراتلارنى يۆلەش ئۈچۈن بۆرۈندىن
تەقسىم قىلىنىپ كەلگەن تۇرلۇك مەبلەغ سانىنى كېمەيتمەسلىك
ئاساسىدا، دۆلەت يەنە نەچچە ئون مىليون يۈەن مەبلەغ ئاجرىتىپ
«نامرات ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىنىڭ ئىسسىق كىيىنىش،
توق يېيىش مەسىلىسىنى ھەل قىلىش فوندى» تەسىس قىلىدۇ
دەپ بەلگىلەنگەندى، گوۋۇيۈەندىكى رەھبىرىي يولداشنىڭ تەسـ
تىقىگە بىنائەن، مالىيە مىنىستىرلىكى يىلىغا 20 مىليون يۈەن
پۇلنى تەڭشەپ ھەل قىلىپ بېرىشكە ۋە ئۇنى پەيدىنپەي 50
مىليون يۈەنگە يەتكۈزۈشكە قوشۇلدى. يولداش چېن جۈنشېڭ
ئۆز سۆزىدە گوۋۇيۈەننىڭ نامرات رايونلارنىڭ ئىقتىسادىي تەرەقـ
قىياتىغا رەھبەرلىك قىلىش گۇرۇپپىسى نامرات رايونلارنىڭ
ناھىيىلىرى باشقۇرغان سانائەتكە بېرىلىدىغان قەرز پۇلدىن يىلىـ
غا 20-30 مىليون يۈەن ئاجرىتىپ، مەخسۇس نامرات ئاز سانـ
لىق مىللەت رايونلىرىغا سەرپ قىلىدۇ دەپ ئېلان قىلدى.
ئەگەر جۇڭگو خەلق بانكىسى، سودا-سانائەت بانكىسى ۋە يېزا
ئىگىلىك بانكىسى نورمال قەرز پۇلدىن يەنە بىر قىسىم مەبلەغ
ئاجرىتىپ بەرسە، «نامرات ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىنىڭ
ئىسسىق كىيىنىش، توق يېيىش مەسىلىسىنى ھەل قىلىش
فوندى» نىڭ مىقدارى تېخىمۇ كۆپىيىدۇ. بىز مالىيە مىنىستىرـ
لىكى، گوۋۇيۈەننىڭ تەرەققىيات ئىشخانىسى، جۇڭگو خەلق بانـ
كىسى قاتارلىق ئورۇنلار بىلەن بىرلىكتە «فوند» نى باشقۇرۇش
ۋە ئىشلىتىش چارىسىنى ئىمكانقەدەر تېز تۈزۈپ چىقىپ، بۇ

پۇلىنىڭ ئۈنۈمىنى ئەڭ ئوبدان جارى قىلدۇرماقچىمىز. جايلارمۇ ئۆزىنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىغا قاراپ، ھەرخىل يوللار ئارقىلىق مەبلەغ تەڭشەپ، ئۆزلىرىنىڭ «نامرات ئاز سانلىق مىللەت را- يونلىرىنىڭ ئىسسىق كىيىنىش، توق يېيىش مەسىلىسىنى ھەل قىلىش فوندى»نى تەسىس قىلىشى لازىم.

(2) نامراتلارنى يۆلەش ئىشىنىڭ مۇھىم نۇقتىسىنى ھا- مان ئاممىنىڭ ئىسسىق كىيىنىش، توق يېيىش مەسىلىسىنى ھەقىقىي ھەل قىلىشقا قارىتىش لازىم. ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىدا شۇنچە نۇرغۇن ئاممىنىڭ ئىسسىق كىيىنىش، توق يېيىش مەسىلىسى تېخىچە ھەل بولمىغانلىقىدىن كۆڭلىمىز ئىن- تايىن بىئارام بولۇۋاتىدۇ. دۆلىتىمىز ھازىر نامراتلارنى يۆلەش ئىشىنىڭ مۇھىم نۇقتىسىنى ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىغا يۆتكىدى. بىز يېتەكچى ئىدىيىنى يەنىمۇ ئايدىڭلاشتۇرۇپ، ئام- مىنىڭ ئىسسىق كىيىنىش، توق يېيىش مەسىلىسىنى ھەل قىلىشنى ئالدىنقى ئورۇنغا قويۇشىمىز، خەلقنى بېيىتىش بىلەن ناھىيىنى بېيىتىشنىڭ مۇناسىۋىتىنى، نامراتلارنى يۆلەش ئىشى بىلەن تەرەققىياتنىڭ مۇناسىۋىتىنى، يېقىن مەزگىللىك ئۈنۈم بىلەن ئۇزاق مۇددەتلىك ئۈنۈمنىڭ مۇناسىۋىتىنى توغرا ھەل قىلىشىمىز، جايلارنىڭ ئىقتىسادىي ھاياتىي كۈچىنى ھەر ئامال بىلەن ئاشۇرۇپ، نامرات ئائىلىلەرنىڭ يۈكسىلىش ئىمكانىيىتىنى يەڭ- گىللىتىشىمىز كېرەك. بۇ توغرۇلۇق گوۋۇيۈەنىنىڭ 62- نو- مۇرلۇق ھۆججىتىدە مۇنداق ئىككى جەھەتتىن بەلگىلىمە بار: بىرىنچىدىن، يۇقىرىغا تاپشۇرۇلغان باج پۇلىنىڭ تۈپ سانىنى 1988-يىلىنىڭ ئاخىرىدىكى سان ئاساسىدا تەكشۈرۈپ بېكىتىپ،

توپ ساندىن ئاشۇرۇپ يىغىۋېلىنغىنىنى پۈتۈنلەي قالدۇرۇش.
يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىدا باج
پۇلىنىڭ ئېشىش نىسبىتى ئومۇمەن 20% ئەتراپىدا بولدى، توپ
ساندىن ئېشىپ كەتكەن باج پۇلى پۈتۈنلەي قالدۇرۇلسا، ناھىيە
مالىيىسىنىڭ قۇدرىتى خېلى كۆپ ئېشىپ، مالىيە قىيىنچىلىقى
مەلۇم دەرىجىدە يەڭگىللەيدۇ-دە، نامرات ئاممىنى يۆلەش ئۈچۈن
تېخىمۇ كۆپ كۈچكە ئىگە بولىدۇ. ئىككىنچىدىن، دېھقانچى-
لىق-چارۋىچىلىق بېجى، يېزا ئىگىلىك قەرز پۇلى، خەزىنە
چېكى سېتىۋېلىش قاتارلىق جەھەتلەردە نامرات ئائىلىلەرنىڭ
يۈكىنى يەڭگىللىتىش. بۇ سىياسەت ئىلگىرىكىدەك نامراتقا
كىرمەيدىغان ئائىلىلەرمۇ ئالاھىدە ئېتىبارغا ئىگە بولۇپ،
«داشقازاننىڭ ئېشى» نى تەڭ يەيدىغان ئەھۋالدىن خالى قىلىپ،
نامرات ئائىلىلەرنى ئۆزىنى ئوڭشاپ، ئىسسىق كىيىنىش، توق
يېيىش مەسىلىسىنى بالدۇرراق ھەل قىلىش ئىمكانىيىتىگە ھە-
قىقىي ئىگە قىلدى. يۇقىرىدىكى بەلگىلىمىلەر ھەققىدە مەركەز-
دىكى ئالاقىدار تارماقلارنىڭ ۋە ئۆلكە-ئاپتونوم رايونلارنىڭ تېز-
دىن يولغا قويۇش لايىھىسىنى تۈزۈپ چىقىشىنى ۋە ئۇنى ئەمەلىي-
لەشتۈرۈشنى سورايمىز.

(3) ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىغا تۇرگە ئايرىپ يېتەك-
چىلىك قىلىش كېرەك. ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرى بىر-بى-
رىدىن پەرقلىنىدىغان تەبىئىي-جۇغراپىيىۋى ئالاھىدىلىككە،
مىللىي ئالاھىدىلىككە ۋە كەسىپ ئالاھىدىلىكىگە ئىگە. نامرات-
لارنى يۆلەش خىزمىتىدە ھامان ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىز-
دەپ، ئۆز يېرىنىڭ شارائىتىغا قاراپ ئىش كۆرۈش ۋە تۇرگە

ئايرىپ يېتەكچىلىك قىلىش كېرەك. ھازىر دۆلەتنىڭ كەسىپ سىياسىتىنى ئىجرا قىلىش داۋامىدا، ھەممىنى بىر تاياقتا ھەي-دەپ، ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىنى نەزەردە تۇتۇش ۋە ئېتىبارغا ئېلىشنىڭ يېتەرلىك بولمايۋاتقانلى-قى، ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرى ئۆز يېرىنىڭ بايلىق جەھەت-تىكى ئۈستۈنلۈكى بويىچە ئاچقان كىچىك تىپتىكى كۆمۈر كان-لىرى، سېمونت زاۋۇتلىرى، قەغەز زاۋۇتلىرى، تاۋلاش زاۋۇت-لىرى ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش كىچىك كارخانىلار قاتتىق چەكلەن-گەنلىكى ئۈچۈن شۇ رايونلارنىڭ ئۆز ئۈستۈنلۈكىنى جارى قىل-دۇرالمايۋاتقانلىقى، يېزا-بازار كارخانىلىرىنىڭ تەرەققىياتى ۋە سانائەتنىڭ يۈكسىلىشى تېخىمۇ قىيىنلىشىۋاتقانلىقى ئۈستىدە جايلارنىڭ ئىنكاسى كۈچلۈك بولۇۋاتىدۇ. گوۋۇيۈەننىڭ 62-نومۇرلۇق ھۆججىتىدە ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرى ئۆز يېرى-نىڭ ئالاھىدە ئەھۋالىغا ۋە شارائىتىغا قاراپ، دۆلەتنىڭ كەسىپ سىياسىتىنى ئىجرا قىلىش تەپسىلىي قائىدىلىرىنى ۋە كونكرېت تەدبىرلىرىنى تۈزسە، ئۆز رايونلىرىغا باب كېلىدىغان ئوتتۇرا-كىچىك تىپتىكى تۈرلۈك كارخانىلارنى باشقۇرسا بولىدۇ دەپ ئېنىق بەلگىلەنگەن. شۇ ھۆججەتتە يەنە دۆلەتنىڭ كەسىپ سىيا-سىتىنى مەلۇم دەرىجىدە تولۇقلاش ھەقىقەتەن زۆرۈر تېپىلسا، ئۆلكە-ئاپتونوم رايونلار گوۋۇيۈەنگە يوللاپ تەستىقلاتقاندىن كې-يىن جانلىق ئىجرا قىلسا بولىدۇ دەپ بەلگىلەنگەن. بۇ سىياسەت-لەر ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىنىڭ كەسىپ جەھەتتىكى ئۈس-تۈنلۈكىنى جارى قىلدۇرۇشىغا پايدىلىق شارائىت يارىتىپ بەر-دى. جايلارنىڭ چوڭقۇر تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىپ، دۆلەتنىڭ

كەسىپ سىياسىتىنى ئىجرا قىلىش داۋامىدا ئۆز يېرىنىڭ ئەمە-
لىيىتىگە ئۇيغۇن كېلىدىغان يولغا قويۇش لايىھىسىنى ئوتتۇرىغا
قويۇشىنى، ئەگەر ئۆزگەرتىشكە تېگىشلىكلىرى بولسا، يۇقىرىغا
ئاكتىپ مەلۇم قىلىپ تەستىقلىتىشىنى ئۈمىد قىلىمىز. ئەگەر
بىز ياردەملىشىشكە ياكى قىلىشقا تېگىشلىك ئىشلار بولسا،
چوقۇم ئاكتىپلىق بىلەن ماسلىشىمىز. ئاز سانلىق مىللەت را-
يونلىرىنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتىغا پايدىلىق بولغانلىكى ئىشنى
دۆلەتنىڭ چوقۇم زور كۈچ بىلەن قوللايدىغانلىقىغا ۋە ئۇنىڭغا
ياردەم بېرىدىغانلىقىغا ئىشىنىشىمىز لازىم.

(4) تاۋار ئوبوروتىنى ھەقىقىي تۈردە جانلاندۇرۇش. ئاز
سانلىق مىللەت رايونلىرىدا بازار مېخانىزمى مۇكەممەللەشمە-
گەنلىكى، ئۇنىڭ ئۈستىگە، ئىقتىسادىي تۈزۈلمە جەھەتتىكى
سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن، تۇرلۇك دېھقانچىلىق، ئورمانچىلىق،
چارۋىچىلىق ۋە كانچىلىق خام ئەشيا-ماتېرىياللىرىنىڭ ۋە ئىپ-
تىدائىي مەھسۇلاتلىرىنىڭ باھاسى ئۇزاقتىن بۇيان تۆۋەن بولۇپ
كېلىۋاتىدۇ. پارتىيە 11-نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتىنىڭ
3-ئومۇمىي يىغىنىدىن كېيىن، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى-
نىڭ ۋە گوۋۇيۈەننىڭ ئالاقىدار ھۆججەتلىرىدە يېزا ئىگىلىك
مەھسۇلاتلىرىنى ۋە قوشۇمچە كەسىپ مەھسۇلاتلىرىنى سېتىۋېلىش
قويۇۋېتىش كۆپ قېتىم تەكىتلەنگەن بولسىمۇ، لېكىن تا ھازىر-
غىچە ئوبدان ئەمەلىيلەشتۈرۈلگىنى يوق. چارۋىچىلىق رايونلى-
رىنىڭ چارۋا مەھسۇلاتلىرى، ئورمانچىلىق رايونلىرىنىڭ ئور-
مان مەھسۇلاتلىرى، كىچىك كارخانىلارنىڭ كان مەھسۇلاتلىرى
ئاساسىي جەھەتتىن يەنىلا مۇقىم باھادا پىلان بويىچە يۆتكىلىۋات-

قاچقا ياكى زاكاز بويىچە سېتىۋېلىنغاچقا، بۇ ھال ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتىغا ۋە ئاز سانلىق مىللەتلەر ئاممىسىنىڭ نامراتلىقتىن قۇتۇلۇپ بېيىشىغا ئېغىر تەسىر يەتكۈزۈۋاتىدۇ. بۇنىڭغا ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ۋە ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىنىڭ ئىنكاسى كۈچلۈك. گوۋۇيۈەننىڭ 62-نومۇرلۇق ھۆججىتىدە پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى بىلەن گوۋۇيۈەننىڭ يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرى ۋە قوشۇمچە كەسىپ مەھسۇلاتلىرىنىڭ سېتىش باھاسىنى قويۇۋېتىش توغرىسىدىكى سىياسىتىنىڭ ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىنىڭ دېھقانچىلىق، ئورمانچىلىق، چارۋىچىلىق ۋە كانچىلىق كەسىپلىرىنىڭ ئالدىنقى قاتاردا تۇرىدىغان مەھسۇلاتلىرىنى مۇقىم باھا بويىچە يۆتكەشنى ۋە زاكاز بويىچە سېتىۋېلىش كۆرسەتكۈچىنى پەيدىنپەي ئازايتىشقا ھەتتا ئەمەلدىن قالدۇرۇشقا پايدىلىق ئىكەنلىكىنى يەنە بىر قېتىم تەكىتلىدى. لېكىن بۇ سىياسەتنى ھەقىقىي تۈردە ئەمەلىيلەشتۈرۈش خېلى قىيىنغا توختايدۇ. بىز مەركەزدىكى ئالاقىدار تارماقلارنىڭ ۋە ئۆلكە، ئاپتونوم رايونلارنىڭ ئۈنۈملۈك خىزمەت ئىشلەپ، ئەمەلىيلەشتۈرۈشكە بولىدىغانلىرىنى تېزدىن ئەمەلىيلەشتۈرۈشنى، ھازىرچە راستىنلا ئەمەلىيلەشتۈرۈشكە بولمايدىغانلىرىنى كونكرېت لايىھە تۈزۈپ پەيدىنپەي ئەمەلىيلەشتۈرۈشنى قىزغىن ئۈمىد قىلىمىز.

(5) ھەر دەرىجىلىك مىللىي خىزمەت تارماقلىرى نامراتلارنى يۆلەش خىزمىتىنى يەنىمۇ ئوبدان ئىشلىشى لازىم. مىللىي خىزمەت تارماقلىرى ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىنىڭ ئەھۋالىنى كۆپرەك بىلگەنلىكى، نامراتلارنى يۆلەش خىزمىتى

ھەققىدە نۇرغۇن پايدىلىق شەرتكە ئىگە بولغانلىقى ئۈچۈن، ئاز
سانلىق مىللەتلەرنىڭ نامراتلىقتىن قۇتۇلۇپ بېيىشىغا ياردەم
بېرىشىنى مۇھىم خىزمەت سۈپىتىدە چىڭ تۇتۇپ ئوبدان ئىشلە-
شى كېرەك: (1) نامراتلارنى يۆلەش خىزمەت تارماقلىرى ۋە
باشقا ئالاقىدار تارماقلار بىلەن بىللە، پارتىيە بىلەن ھۆكۈمەت-
نىڭ رەھبەرلىكىدە، بۇ قېتىمقى يىغىننىڭ روھىنى ھەقىقىي
تۈردە ئىزچىللاشتۇرۇشى ۋە ئەمەلىيلەشتۈرۈشى، جەمئىيەتنىڭ
ھەرقايسى ساھەلىرىدىكى زاتلارنى ۋە تۈرلۈك كۈچلەرنى سەپەر-
ۋەر قىلىپ نامراتلارنى يۆلەش يولىدىكى مۇشۇ ھەل قىلغۇچ
جەڭنى ئوبدان قىلىشى كېرەك. دېڭىز ياقىسىدىكى ۋە ئىچكىرى-
دىكى بەزى ئۆلكە-شەھەرلەر بىلەن ئاز سانلىق مىللەت رايونلى-
رىنىڭ ئۆز سىستېمىسى بويىچە ياردەملىشىشى، ئىقتىسادىي-
تېخنىكا ھەمكارلىقى، دېموكراتىك پارتىيە-گۇرۇھلارنىڭ، سو-
دا-سانائەتچىلەر بىرلەشمىسىنىڭ «چېگرا رايونلارغا ئەقلىي يار-
دەم بېرىشى» دېگەنگە ئوخشاش مۇۋەپپەقىيەتلىك چارىلەرنى ئۇز-
مەي داۋاملاشتۇرۇش ۋە ئۈزلۈكسىز تەرەققىي قىلدۇرۇش كې-
رەك. (2) نامرات ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىغا دائىر تەك-
شۈرۈش-تەتقىق قىلىش خىزمىتىنى داۋاملىق ئوبدان ئىشلەش
كېرەك. نامراتلارنى يۆلەش خىزمىتى داۋامىدا كۆرۈلگەن يېڭى
ئەھۋال، يېڭى مەسىلىلەرنى ۋاقتىدا تەتقىق قىلىش ۋە ئىنكاس
قىلىش، يەرلىك پارتىيە-ھۆكۈمەت ئورۇنلىرىنىڭ پايدىلىنىشى
ئۈچۈن قىممەتلىك بار پىكىر ۋە تەكلىپلەرنى پائال ئوتتۇرىغا
قويۇپ، نامراتلارنى يۆلەش خىزمەت تارماقلىرى بىلەن بىللە
مەسىلىلەرنىڭ مۇۋاپىق ھەل قىلىنىشى ئۈچۈن تىرىشچانلىق

كۆرسىتىش كېرەك. تەشەببۇسكارلىق بىلەن تۇتۇشقا تېگىشلىك خىزمەتلەرنى باشقىلارغا ئىتتىرىپ قويماسلىق ياكى پاسسىپلىق قىلىپ ئەپلەپ-سەپلەپ ئۆتكۈزۈۋەتمەسلىك، ماسلىشىشقا تېگىشلىك خىزمەتلەردە تەشەببۇسكارلىق بىلەن ماسلىشىش، ھېچكىمنىڭ كارى بولمايۋاتقان ئەمما ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ئىسسىق كىيىنىش، توق يېيىش مەسىلىسىنى ھەل قىلىشقا زىچ مۇناسىۋەتلىك بولغان خىزمەتلەرنى ئاكتىپ، باشلامچى بولۇپ ئىشلەش لازىم. نامراتلارنى يۆلەشتە ئالاقىلىشىش ئۇقتىلىرىنىڭ خىزمىتىنى داۋاملىق ئوبدان تۇتۇپ، نەتىجە ھاسىل قىلىش، ئۈلگە كۆرسىتىش، تەجرىبىلەرنى ۋاقتىدا يەكۈنلەپ ئومۇمىي دائىرىگە كېڭەيتىش كېرەك. نامراتلارنى يۆلەش خىزمىتىدە كۆرۈنەرلىك نەتىجە ياراتقان ئورۇن ۋە شەخسلەرنى زور كۈچ بىلەن تەقدىرلەش لازىم. (3) دۆلەت يۆلەۋاتقان ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ 141 نامرات ناھىيىسىدىكى نامراتلارنى يۆلەش خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەش بىلەن بىرۋاقىتتا، يەنە ئەمەلىي ئەھۋالغا قاراپ، ئۆلكە، ئاپتونوم رايون، بىۋاسىتە قاراشلىق شەھەرلەر يۆلەۋاتقان نامرات ناھىيە، يېزىلاردىكى نامراتلارنى يۆلەش خىزمىتىنىمۇ داۋاملىق ئوبدان ئىشلەش كېرەك. ئاز سانلىق مىللەتلەر ئارىلاش ۋە تارقاق ئولتۇراقلاشقان رايونلاردىكى نامراتلارنى يۆلەش خىزمىتىنى ئالاقىدار ساھەلەر كۆڭۈل بۆلۈپ، چىڭ تۇتۇپ ئوبدان ئىشلىشى كېرەك. دۆلەتنىڭ مىللىي سىياسىتى ۋە نامراتلارنى يۆلەشكە دائىر سىياسەت-تەدبىرلىرى ئاز سانلىق مىللەتلەر ئارىلاش-تارقاق ئولتۇراقلاشقان رايونلارغىمۇ باب كېلىدۇ. (4) نامراتلارنى يۆلەشكە دائىر تۈرلۈك مۇلازىمەت خىز-

مەتلىرىنى ئوبدان ئىشلەش، نامراتلارنى يۆلەشكە دائىر مەبلەغ، تېخنىكا، ئىختىساسلىق خادىم ۋە ئىشلەپچىقىرىش، ئوبوروت قاتارلىق جەھەتلەردە ئۇچۇر بىلەن تەمىنلەپ، ۋاستىچى بولۇپ، نامرات ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىنىڭ نامراتلارنى يۆلەش يولىدا مەبلەغ ئاز كېتىدىغان، تېز ۋە ئوبدان ئۈنۈم بېرىدىغان ئىشلارنى قىلىشىغا ھەمدە شۇ ئىشلارنى پۇختا ئىشلەپ ئەمەلىي ئۈنۈم ھاسىل قىلىشىغا ياردەم بېرىش كېرەك. (5) جايلاردىكى مىللىي ئىشلار كومىتېتلىرى ئالاقىدار تارماقلار بىلەن بىللە «نامرات ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىنىڭ ئىسسىق كىيىنىش، توق يېيىش مەسىلىسىنى ھەل قىلىش فوندى» نى ئوبدان باشقۇ- رۇشى، تۈرلەر بويىچە باشقۇرۇشتا چىڭ تۇرۇش، پۇلنى ھەر- گىز باشقا ئىشلارغا ئىشلىتىۋەتمەي، ئۇنىڭ بىلەن ئاممىنىڭ ئىسسىق كىيىنىش، توق يېيىش مەسىلىسىنى ھەل قىلىشقا زىچ ئالاقىدار بەزى تەرەققىيات تۈرلىرىنى، ئۆزلىرىنىڭ ھاياتىي كۈ- چىنى ئاشۇرىدىغان بەزى ئىشلارنى ھەقىقىي يولغا قويۇشى كېرەك.

يولداشلار، بۇ قېتىمقى يىغىن نامراتلارنى يۆلەش خىزمىتى ئۈچۈنمۇ، مىللىي خىزمەت ئۈچۈنمۇ مۇھىم يىغىن بولدى. ھەممىمىز پائال ھەرىكەتكە كېلىپ، ئىشەنچىمىزنى چىڭىتىپ، تىرىشىپ ئىشلەپ، ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىنىڭ نامراتلارنى يۆلەش خىزمىتىدە تولۇق غەلىبە قازىنىپ، ئاز سانلىق مىللەت- لەر ئاممىسىنىڭ ئىسسىق كىيىنىش، توق يېيىش مەسىلىسىنى تېزدىن ھەل قىلىپ، مىللىي ئىتتىپاقلىق-تەرەققىيات ئىشلى- رىنى ئىلگىرى سۈرۈش ئۈچۈن يېڭى تۆھپە قوشايلى.

# ئاپتونومىيە قانۇننى يەنىمۇ ئىلگىرىلەپ ئوبدان ئىزچىللاشتۇرۇپ ۋە ئىجرا قىلىپ، مىللەتلەرنىڭ ئورتاق گۈللىنىشىنى ئىلگىرى سۈرەيلى*

— «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ مىللىي تېررىتورىيە-لىك ئاپتونومىيە قانۇنى» يولغا قويۇلغانلىقىنىڭ بەش يىللىقىغا بېغىشلايمەن

(1989-يىل 10-ئاي)

ئاپتونومىيە قانۇنى ئېلان قىلىنغاندىن بۇيانقى بەش يىل ئۆز نۆۋىتىدە دۆلىتىمىزنىڭ ئىسلاھات ئېلىپ بېرىش، ئىشىكنى ئېچىۋېتىش دولقۇنى ئۆركەشلىگەن بەش يىل بولدى. مۇشۇ بەش يىلدا، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى ۋە گوۋۇيۈەن مىللىي خىز-مەت جەھەتتە، ئاپتونومىيە قانۇنىنىڭ يولغا قويۇلۇشىغا بىرلەش-تۈرۈپ، بىرقاتار مۇھىم تەدبىرلەرنى كۆردى، بولۇپمۇ ئاز

* بۇ ماقالە «مىللەتلەر ئىتتىپاقى» ژۇرنىلىنىڭ 1989-يىل 10-سانىدا ئېلان قىلىنغان.

سانلىق مىللەت رايونلىرىنىڭ ئىقتىساد ۋە مەدەنىيەت ئىشلىرىنى راۋاجلاندۇرۇشقا ياردەم بېرىش جەھەتتە بىرمۇنچە تەدبىرلەرنى قوللاندى. مەسىلەن، ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىدا ئالاھىدە ئىقتىسادىي رايونلار ۋە ئېچىۋېتىلگەن رايونلار تەسىس قىلىندى؛ ياۋروپا قۇرۇقلۇقى بىلەن ئاسىيا قۇرۇقلۇقىنى تۇتاشتۇرىدىغان شىمالىي شىنجاڭ تۆمۈريولى ياسالدى، خۇڭشۇيخې رايونى ۋە لاۋا رايونى ئېچىلدى، نامراتلارنى يۆلەش قۇرۇلۇشى يولغا قويۇلدى ۋەھاكازا. ھەرقايسى ساھەدىكىلەر ئورتاق تىرىشچانلىق كۆرسىتىش ئارقىسىدا، بەش يىلدىن بۇيان ئاپتونومىيە قانۇنىنى ئىزچىللاشتۇرۇش ۋە ئىجرا قىلىشتا ناھايىتى زور نەتىجىلەر قولغا كەلدى:

— دۆلىتىمىزدىكى ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ئاپتونومىيە ھوقۇقى يەنىمۇ ئىلگىرىلەپ كاپالەتكە ئىگە بولدى. بەش يىلدىن بۇيان يېڭىدىن 46 ئاپتونوم ناھىيە قۇرۇلدى. دۆلىتىمىزدە ھازىر بەش ئاپتونوم رايون، 30 ئاپتونوم ئوبلاست، 119 ئاپتونوم ناھىيە (خوشۇن) بار. 45 مىللەت تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيىنى يولغا قويدى. ئاپتونومىيىنى يولغا قويغان مىللەتلەرنىڭ نوپۇسى ئاز سانلىق مىللەتلەر ئومۇمىي نوپۇسىنىڭ 78 پىرسەنتىنى تەشكىل قىلىدۇ. مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلارنىڭ يەر كۆلىمى پۈتۈن دۆلەت ئومۇمىي يەر كۆلىمىنىڭ 64پىرسەنتىنى تەشكىل قىلىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا، ئارىلاش ۋە تارقاق ئولتۇراقلاشقان ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ باراۋەرلىك ھوقۇقىنى كاپالەتكە ئىگە قىلىش ئۈچۈن، مەملىكەت بويىچە 1500 دىن ئارتۇق مىللىي يېزا قۇرۇلدى. ئاپتونومىيىلىك جاي

قۇرمىغان ئون مىللەتنىڭ زور كۆپ قىسمى مىللىي يېزا قۇردى.

—مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە قانۇنىغا يانداشتۇرۇلغان قانۇنچىلىق قۇرۇلۇشى خىزمىتى پەيدىنپەي قانات يايدۇرۇلدى. گوۋۇيۈەننىڭ بەزى مىنىستىرلىك-كومىتېتلىرى ئاپتونومىيە قانۇنىنى يولغا قويۇشنىڭ كونكرېت بەلگىلىمىلىرىنى تۈزدى. بەزى ئۆلكىلەر «مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە قانۇنى»نى ئىجرا قىلىشتۇرۇش ۋە ئەمەلىيلەشتۈرۈشنىڭ بەزى بەلگىلىمىلىرىنى تۈزدى. 20 ئاپتونوم ئوبلاست، 25 ئاپتونوم ناھىيە ئاپتونومىيە نىزامىنى تۈزدى، ئاپتونومىيىلىك جايلار بەزى يەككە نىزاملارنىمۇ تۈزدى.

— مىللىي كادىرلارنى تەربىيىلەپ يېتىشتۈرۈش ۋە ئىشقا قويۇشتا يېڭى قەدەم تاشلاندى. 1988-يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە مەملىكەت بويىچە ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرى ۋە ھەرخىل كەسپىي تېخنىكا خادىملىرى 1 مىليوندىن ئېشىپ، ئاپتونومىيە قانۇنى يولغا قويۇلۇشتىن ئىلگىرىكى 1984-يىلدىكىدىن 34.5% كۆپەيدى، بۇنىڭ ئىچىدە ھەرخىل كەسپىي تېخنىكا خادىملىرى 56.25% كۆپەيدى.

— سوتسىيالىستىك مىللىي مۇناسىۋەت تېخىمۇ مۇستەھكەملەندى ۋە راۋاجلاندى. ئىسلاھات-ئېچىۋېتىش داۋامىدا، مىللەتلەر ئارا ئالاقە كۆپەيدى. چۈشىنىش چوڭقۇرلاشتى، مۇناسىۋەت ۋە ھەمكارلىق كۈچەيدى. مىللەتلەرنىڭ ئۇيۇشقاقلىقى ۋە مەركەزگە ئىنتىلىشچانلىقى كۈچەيدى ھەمدە ھەرقايسى مىللەتلەر ۋەتەننى پارچىلايدىغان، مىللەتلەرنى پارچىلايدىغان ھەرىكەتلەرگە

قارشى روشەن مەيدان، قەتئىي پوزىتسىيە بىلەن كۈرەش
قىلدى.

— ئاپتونومىيىلىك جايلارنىڭ ئىسلاھات-ئېچىۋېتىش ئىش-
لىرى ۋە ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشى ئالغا سۈرۈلدى. دۆلەت ۋە ھەر
دەرىجىلىك رەھبەرلەر ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىنىڭ ئىقتى-
سادىي قۇرۇلۇش قەدىمىنى تېزلىتىش ئۈچۈن، ئاپتونومىيە قا-
نۇنىنىڭ پرىنسىپلىرىغا ئەمەل قىلىپ، ھەر جاينىڭ شارائىتىغا
باب كېلىدىغان، ئەمەلدە ئۈنۈم بېرىدىغان بىرقاتار سىياسەت ۋە
تەدبىرلەرنى يولغا قويۇپ، مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلارنىڭ
ئىقتىسادىي تەرەققىياتىنى كۈچلۈك ئالغا سۈردى. مۇشۇ بەش
يىلدا، مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلارنىڭ ئومۇمىي سانائەت-يې-
زا ئىگىلىك مەھسۇلات قىممىتى ھەر يىلى ئوتتۇرا ھېساب بىلەن
10.8% ئېشىپ، ئاپتونومىيە قانۇنى ئېلان قىلىنىشتىن ئىلگى-
رىكى 35 يىلنىڭ يىللىق ئوتتۇرىچە ئېشىش نىسبىتىدىن 3.1
پىرسەنت پوئىنت يۇقىرى بولدى. چېگرا سودا سوممىسى زور
دەرىجىدە كۆپەيدى. مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلار دۆلەتكە نۇر-
غۇنلىغان ئېنېرگىيە، خام ئەشيا-ماتېرىيال ۋە دېھقانچىلىق،
ئورمانچىلىق، چارۋىچىلىق مەھسۇلاتى يەتكۈزۈپ بېرىپ، دۆلەت-
نىڭ زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشى ئۈچۈن تېخىمۇ كۆپ تۆھپە
قوشتى.

—مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلارنىڭ مائارىپ، مەدەنى-
يەت، سەھىيە، پەن-تېخنىكا ئىشلىرىنىڭ تەرەققىياتى ئالغا
سۈرۈلدى. 1984-يىلغا قارىغاندا 1988-يىلى ئاپتونومىيىلىك
جايلاردىكى ئوتتۇرا، باشلانغۇچ مەكتەپلەردە ئوقۇۋاتقان ئوقۇغۇ-

چىلار 22 مىليون 605 مىڭدىن 24 مىليون 440 مىڭغا يېتىپ، 8.1% كۆپەيدى، ئالىي مەكتەپ-تېخنىكوملاردا ئوقۇۋاتقان ئو-قۇغۇچىلار 87 مىڭدىن 132 مىڭغا يېتىپ، 51.75% كۆپەيدى؛ ئاپتونومىيىلىك جايلارنىڭ ساقلىق ساقلاش ئاپپاراتى 29 مىڭ 794تىن 31 مىڭ 931گە يېتىپ، 7.2% كۆپەيدى، كېسەل كارۋىتى 302 مىڭ 321دىن 338 مىڭ 892گە يېتىپ، 12.1% كۆپەيدى. نەشر قىلىنغان كىتابنىڭ تىراژى 280 مىليوندىن 310 مىليونغا يېتىپ، 10.7% كۆپەيدى.

پاكىتلار شۇنى تولۇق ئىسپاتلىدىكى، ئاپتونومىيە قا-نۇنى—دۆلىتىمىزنىڭ ئەھۋالىغا تامامەن باب كېلىدىغان، دۆلە-تىمىزنىڭ قانۇن سىستېمىسىدا مۇھىم ئورۇنغا ۋە رولغا ئىگە قانۇن.

دەرۋەقە، ئاپتونومىيە قانۇنىنى ئىجرا قىلىشتا، كۆڭۈلدى-كىدەك بولمايۋاتقان جايلارمۇ بار. ئاساسىي مەسىلىلەر شۇكى، يۇقىرى دەرىجىلىك دۆلەت ئورگانلىرىنىڭ بەزىلىرى ئاپتونومى-يىلىك جايلارنىڭ ئاپتونومىيە ھوقۇقىغا يېتەرلىك دەرىجىدە ھۆرمەت قىلمىدى، ئاپتونومىيىلىك جايلارنىڭ ئالاھىدىلىكىگە، ئېھتىياجىغا ۋە مەنپەئىتىگە يېتەرلىك دەرىجىدە ئېتىبار بەرمە-دى. ماددىي ئاساس ئاجىز، شارائىت ناچار بولغاچقا، ئاز سان-لىق مىللەت رايونلىرىنىڭ ئىقتىسادىي ۋە ئىجتىمائىي ئىشلىرى زور تەرەققىياتقا ئېرىشىش بىلەن بىرۋاقىتتا، باشقا رايونلار بىلەن بولغان پەرق چوڭىيىپ بارماقتا. ئاز سانلىق مىللەتلەر-نىڭ مەدەنىيەت، مائارىپ ئىشلىرىنى راۋاجلاندۇرۇش، ئاز سان-لىق مىللەت كادىرلىرىنى تەربىيىلەپ يېتىشتۈرۈش قاتارلىق

جەھەتلەردىمۇ تېزدىن مۇھاكىمە قىلىش ۋە ھەل قىلىشقا تېگىش-
لىك بىرمۇنچە مەسىلىلەر ساقلانماقتا. بۇ مەسىلىلەرنىڭ يۈز
بېرىشىدىكى سەۋەبلەر كۆپ تەرەپلىك، بۇنىڭدا ئىدىيىۋى تونۇش
جەھەتتىكى مەسىلىلەرگە ياتىدىغان سەۋەبلەرمۇ، تۈزۈلمە جەھەت-
تىكى مەسىلىلەرگە ياتىدىغان سەۋەبلەرمۇ بار. بىز تەجرىبىلەر-
نى يەكۈنلەپ، ساقلىنىۋاتقان مەسىلىلەرنى كۆزدە تۇتۇپ، ھەقى-
قىي ئۈنۈملۈك تەدبىرلەرنى قوللىنىپ، ئاپتونومىيە قانۇنىنى
يەنىمۇ ئىلگىرىلەپ ئوبدان ئىزچىللاشتۇرۇشىمىز ۋە ئەمەلىي-
لەشتۈرۈشىمىز كېرەك.

ھازىر، دۆلىتىمىزدىكى ھەر مىللەت خەلقى 13-نۆۋەتلىك
مەركىزىي كومىتېت 4-ئومۇمىي يىغىنىنىڭ روھىنى ئەستايى-
دىل ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، ئىسلاھات ئېلىپ بېرىش-ئىشىكنى ئې-
چىۋېتىش يولىدا داۋاملىق ئىلگىرىلىمەكتە. «مىللىي تېررىتو-
رىيىلىك ئاپتونومىيە قانۇنى»نى ئەستايىدىللىق بىلەن ئوبدان
ئىزچىللاشتۇرۇش ۋە ئىجرا قىلىش ئاز سانلىق مىللەت رايونلى-
رىدا بىر مەركەز، ئىككى ئاساسىي نۇقتىدا چىڭ تۇرۇشقا،
سوتسىيالىستىك مىللىي مۇناسىۋەتنى راۋاجلاندۇرۇشقا، ۋەتەن-
نىڭ بىرلىكىنى قوغداش ۋە پۈتكۈل دۆلەتنىڭ سوتسىيالىستىك
زامانىۋىلاشتۇرۇش ئىشلىرىنى ئىلگىرى سۈرۈشكە ئىنتايىن زور
تەسىر كۆرسىتىدۇ. شۇ سەۋەبتىن، «مىللىي تېررىتورىيىلىك
ئاپتونومىيە قانۇنى»نى ئىزچىللاشتۇرۇش ۋە ئىجرا قىلىش پۈ-
تۈن مەملىكەتتىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ، بولۇپمۇ مىللىي
ئاپتونومىيىلىك جايلاردىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ دىققىتىنى
بارغانسېرى كۈچلۈكرەك تارتماقتا. ئاپتونومىيە قانۇنى تەڭشەش

ئوبيېكتى، مەزمۇن، ئىجرا قىلىش مېخانىزمى قاتارلىق جەھەت-
لەردە باشقا قانۇنلاردىن كۆپ پەرقلىنىدىغان بولغاچقا، ئۇنىڭ
ئىزچىللاشتۇرۇلۇشى ۋە ئىجرا قىلىنىشىمۇ باشقا قانۇنلاردىن
پەرقلىنىدۇ. ئاپتونومىيە قانۇنىنى ئوبدان ئىزچىللاشتۇرۇش ۋە
ئەمەلىيلەشتۈرۈش جەمئىيەتتىكى ھەرقايسى ساھەلەرنىڭ ئورتاق
تىرىشچانلىق كۆرسىتىشىگە باغلىق، ئۇ كۆپ تەرەپلىمە تەدبىر
قوللىنىشنى تەلەپ قىلىدۇ.

**تونۇشنى ئۆستۈرۈپ، مىللەتلەر قانۇنچىلىق ئېڭىنى كۈچەيتىش.**
سوتسىيالىستىك دېموكراتىيە ۋە قانۇنچىلىقنىڭ كۈچەيتىلىشى
بىلەن، مىللەتلەر قانۇنچىلىقى دۆلىتىمىزنىڭ سوتسىيالىستىك
قانۇنچىلىقىنىڭ مۇھىم تەركىبى قىسمى بولۇپ قالدى. مىللىي
مۇناسىۋەتنى تەڭشەش، مىللىي خىزمەتنى قانات يايدۇرۇش ئى-
شىمۇ پەيدىنپەي قانۇنچىلىق يولىغا سېلىشنى تەلەپ قىلماقتا.

مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە قانۇنىنى ئىجرا قى-
لىش مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلارنىڭلا ئىشى دەپ قارىساق
ھەرگىز بولمايدۇ. ئاپتونومىيە قانۇنى دۆلەتنىڭ قانۇنى بولۇش
سۈپىتى بىلەن، ئومۇمىيۈزلۈك چەكلەش كۈچىگە ئىگە، ئۇنىڭغا
ھەرقانداق ئورۇن، ھەرقانداق تەشكىلات ۋە ھەرقانداق شەخس
ئەمەل قىلىشى شەرت. ئاپتونومىيە قانۇنىنىڭ ئۆزىدىن ئېلىپ
ئېيتقاندا، ئۇ ئاساسەن يۇقىرى دەرىجىلىك دۆلەت ئورگانلىرى
بىلەن مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلارنىڭ، ئاز سانلىق مىللەتلەر
بىلەن خەنزۇلارنىڭ مۇناسىۋىتىنى تەڭشەيدۇ، ئۇنىڭ مەزمۇنى
سىياسەت، ئىقتىساد، پەن-تېخنىكا، مائارىپ، مەدەنىيەت، سە-
ھىيە قاتارلىق بىرمۇنچە جەھەتلەرگە تاقىلىدۇ، شۇڭا ئۇنىڭغا

مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلار بىلەن يۇقىرى دەرىجىلىك دۆلەت ئورگانلىرىنىڭ، ئاز سانلىق مىللەتلەر بىلەن خەنزۇلارنىڭ ئورتاق ئەمەل قىلىشى تەلەپ قىلىنىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا، دۆلىتىمىزدىكى ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ كەڭ تارقىلىپ جايلىشىشى بىلەن مىللەتلەرنىڭ ئارىلاش ئولتۇراقلىشىش ھالىتى شەكىللەنگەنلىكى، ھازىرقى زاماندىكى ئىقتىسادىي ھايات نەتىجىسىدە مىللەتلەر ئوتتۇرىسىدىكى ئالاقە كۈندىن-كۈنگە كۆپەيگەنلىكى ئۈچۈن، دۆلىتىمىزدە مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە قانۇنى ئىجرا قىلىنمايدىغان بىرەر «بوشلۇق» نىڭ بولۇشىغا تېخىمۇ ئىمكانىيەت قالمىدى.

ھازىرقى تۈزۈلمە شارائىتىدا، مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلارنى باشقۇرغۇچى يۇقىرى دەرىجىلىك دۆلەت ئورگانلىرى ۋە شۇ ئورگانلاردىكى كەڭ كادىرلارنىڭ ئاپتونومىيە قانۇنىنى ئىجرا قىلىشنىڭ ئەھمىيىتىگە بولغان تونۇشىنى ئۆستۈرۈش ئالاھىدە مۇھىم. چۈنكى، ئاپتونومىيە قانۇنىنىڭ بىر مۇنچە مەزمۇنى يۇقىرى دەرىجىلىك دۆلەت ئورگانلىرىنىڭ ئاپتونومىيىلىك جايلارغا يۈرگۈزىدىغان ھوقۇقى ۋە مەجبۇرىيەتلىرىگە، ئاپتونومىيىلىك جايلارنىڭ ئاپتونومىيە ھوقۇقىنى قانۇن بويىچە يۈرگۈزۈشىنى ئىنتايىن زور دەرىجىدە چەكلەش رولىغا بىرىپ تاقىلىدۇ. شۇڭا، يۇقىرى دەرىجىلىك دۆلەت ئورگانلىرىنىڭ قانۇندا بەلگىلەنگەن ھوقۇق ۋە مەجبۇرىيەتلىرىنى توغرا يۈرگۈزۈشى ۋە ئادا قىلىشى، ئاپتونومىيىلىك جايلارنىڭ ئاپتونومىيە ھوقۇقىغا تولۇق ھۆرمەت قىلىشى ئاپتونومىيە قانۇنىنى ئىزچىللاشتۇرۇش ۋە ئەمەلىيلەشتۈرۈشنىڭ مۇھىم شەرتى بولۇپ قالدى. بۇ نۇق-

شىنى ئەمەلىيەتمۇ ئىسپاتلىدى.

**ئىسلاھاتنى چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە قانۇنىنىڭ ئىزچىللاشتۇرۇلۇشى ۋە ئەمەلىيلەشتۈرۈلۈشىگە تۈزۈم قۇرۇلۇشى جەھەتتىن كاپالەتلىك قىلىش.** مىللەتلەرنى گۈللەندۈرۈش ئۈچۈن، ئىسلاھات يولىغا مېڭىشقا توغرا كېلىدۇ، ئاپتونومىيە قانۇنىنى ئىسلاھاتقا بىرلەشتۈرۈپ ئىزچىللاشتۇرۇش ۋە ئەمەلىيلەشتۈرۈشكە توغرا كېلىدۇ. ئاپتونومىيە قانۇنى ئىسلاھات يىللىرىدا بارلىققا كەلدى، ئۇنىڭ پرىنسىپال روھى ئىسلاھات روھى بىلەن بىر، ئىسلاھات بىلەن ئاپتونومىيە قانۇنىنىڭ ئەمەلىيلەشتۈرۈلۈشى بىر-بىرىگە تۈرتكە بولىدۇ.

ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنى راۋاجلاندۇرۇش، دۆلىتىمىزنىڭ سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش يولىدىكى قۇرۇلۇش ئىشلىرىنىڭ قەدىمىنى تېزلىتىش— ئىسلاھات-ئېچىۋېتىشنىڭ مەقسىتى. ئاپتونومىيە قانۇنىنى ئىزچىللاشتۇرۇش ۋە ئەمەلىيلەشتۈرۈشتە كۆزلەنگەن نىشانمۇ شۇ. بىز ئاپتونومىيە قانۇنىنى ئىزچىللاشتۇرۇشتا، ئىسلاھات-ئېچىۋېتىشتىن ئىبارەت بۇ چوڭ تېمىنى زادى ئېسىمىزدىن چىقىرىپ قويماسلىقىمىز كېرەك. ئاپتونومىيە قانۇنىدا مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلارنىڭ ئىسلاھات ئېلىپ بېرىشىغا، ئىشىكنى ئېچىۋېتىشكە دائىر بىرمۇنچە بەلگىلىمە بار، مەسىلەن، ئاپتونومىيە قانۇنىدا ئاپتونومىيىلىك جايلار ئۆز جايىنىڭ ئالاھىدىلىكى ۋە ئېھتىياجىغا قاراپ، ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشنىڭ فاڭجېن، سىياسەت ۋە پىلانلىرىنى تۈزسە، ئىگىلىك باشقۇرۇش تۈزۈلمىسىنى ئىسلاھ قىلسا، تاشقى سودا پائالىيەتلىرىنى قانات يايدۇرسا بولىدۇ ھەمدە تاشقى ئىقتىساد-

سودا پائالىيىتىدە ئىتىباردىن بەھرىمەن بولىدۇ، چېگرا سودى-
سىنى قانات يايدۇرسا بولىدۇ ۋەھاكازا دەپ بەلگىلەنگەن. بىز
ئاپتونومىيە قانۇنىدىكى بەلگىلىمە بويىچە، ئاز سانلىق مىللەت
رايونلىرىنىڭ ئىسلاھات-ئېچىۋېتىش ئىشلىرىنى يەنىمۇ ئىلگى-
رىلەپ ياخشى ئىشلىشىمىز كېرەك.

مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە قانۇنىنى ئىزچىللاش-
تۇرۇش ۋە ئىجرا قىلىشتا، بەزى مۇھىم تۈزۈملەرنى ئورنىتىشتا
ۋە مۇكەممەللەشتۈرۈشكە توغرا كېلىدۇ، ئىسلاھات تۈزۈلمە
مەسىلىسىگە تاقالماي قالمايدۇ. شۇڭا، بىز چوقۇم سىياسىي
تۈزۈلمە ۋە ئىقتىسادىي تۈزۈلمە ئىسلاھاتى داۋامىدا، ئاپتونومىيە
قانۇنىنىڭ ۋە ئىسلاھاتنىڭ تەلىپىگە ئاساسەن، ئاپتونومىيە قانۇ-
نىنىڭ ئىزچىللاشتۇرۇلۇشىغا پايدىلىق بولغان، ئىسلاھات يۈنى-
لىشىگە ئۇيغۇن كېلىدىغان، ئاپتونومىيىلىك جايلاردا ئىشلەپچى-
قىرىش كۈچلىرىنىڭ تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرەلەيدىغان يېڭى
تۈزۈم، يېڭى تەرتىپنى پەيدىنپەي ئورنىتىشىمىز لازىم.

**قانۇن چىقىرىش تەدبىرلىرىنى قوللىنىپ، ئاپتونومىيە قانۇنىغا
يانداشتۇرۇلغان مىللىي قانۇن-نىزاملارنى تۈزۈش.** دۆلىتىمىزدە
مىللەتلەرنىڭ ۋە ئاپتونومىيىلىك جايلارنىڭ ئەھۋالى ئوخشاش
بولمىغانلىقى، شۇنداقلا ئاپتونومىيە قانۇنىنىڭ مەزمۇنى سىيا-
سىي تۈزۈم، ئىقتىسادىي قۇرۇلۇش، مىللىي مۇناسىۋەت قاتار-
لىق زور مەسىلىلەرگە تاقىلىدىغانلىقى ئۈچۈن، ئاپتونومىيە قا-
نۇنىدىكى بەلگىلىمىلەرنىڭ باشقا قانۇنلارنىڭكىدەك كونكرېت،
تەپسىلىي بولۇشى مۇمكىن ئەمەس، كۆپ ساندىكى ماددىلاردا
پرىنسىپال بەلگىلىمە چىقىرىشتىن باشقا ئامال يوق، بۇ ھال

ئاپتونومىيە قانۇننى ئىجرا قىلىشنىڭ قىيىنچىلىق دەرىجىسىنى ئاشۇرىدۇ. بۇ مەسىلىنى ھەل قىلىش ئۈچۈن، قانۇن چىقىرىش تېخنىكىسى جەھەتتىن قارىغاندىمۇ، ئەمەلىي تەجرىبىلەردىن قارىغاندىمۇ، ئاپتونومىيە قانۇنىغا يانداشتۇرۇلىدىغان قانۇنچىلىق قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىشكە توغرا كېلىدۇ. لى پېڭ زۇڭلى بۇ يىل 3-ئايدا 7-نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ 2-يىغىنىدا ھۆكۈمەت خىزمىتىدىن بەرگەن دوكلاتتا، مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە قانۇنىنى قەتئىي تەۋرەنمەي ئىز-چىللاشتۇرۇش ۋە ئىجرا قىلىش، ئۇنى كونكرېت يولغا قويۇش-نىڭ تەپسىلىي قائىدىسىنى تېزرەك تۈزۈپ چىقىش كېرەك، دەپ كۆرسەتتى. يولداش لى پېڭنىڭ بۇ سۆزى ئاپتونومىيە قانۇنىنى ئوبدان ئىزچىللاشتۇرۇش ۋە ئەمەلىيلەشتۈرۈشنىڭ مۇھىم بىر يولىنى كۆرسىتىپ بەردى. بۇنىڭغا ئاساسلانغاندا، مېنىڭچە، مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە قانۇنىغا ياندا-شتۇرۇلىدىغان نىزاملارنى تۈزۈش ئۈچۈن، تۆۋەندىكى ئۈچ جە-ھەتتىن تۇتۇش قىلىش كېرەك:

بىرىنچىدىن، گوۋۇيۈەننىڭ ھەرقايسى مىنىستىرلىك-كو-مىتېتلىرى مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە قانۇنىنىڭ ئالا-قىدار بەلگىلىمىلىرىنى ئاساس قىلىپ، ئۆزلىرىنىڭ مەسئۇلى-يىتىگە بىرلەشتۈرۈپ، ئۆز تارمىقىنىڭ مىللىي تېررىتورىيە-لىك ئاپتونومىيە قانۇنىنى يولغا قويۇش قائىدىسىنى تۈزۈپ چىقىشى لازىم. ئاندىن شۇ ئاساستا، ئاپتونومىيە قانۇنىنى يولغا قويۇشنىڭ گوۋۇيۈەن تەرىپىدىن ئېلان قىلىنغان، ئۇنىۋېرسال خاراكتېر ئالغان تەپسىلىي قائىدىسى ياكى بەلگىلىمىسىنى تۈ-

زۇپ چىقىش كېرەك.

ئىككىنچىدىن، مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلار ئاپتونومىيە قانۇنىنىڭ بەلگىلىمىلىرى بويىچە ئاپتونومىيە نىزامى ۋە يەككە نىزاملارنى ئاكتىپلىق بىلەن تۈزۈپ، ئاپتونومىيە قانۇنىنىڭ ئالاقىدار بەلگىلىمىلىرىنى ئۆز جايىدا كونكرېتلاشتۇرۇشى لازىم.

ئۈچىنچىدىن، تەۋەلىكىدە ئاپتونومىيىلىك جاي بولغانلىكى ئۆلكىلەر (دۆلەتىمىزدە مۇنداق ئۆلكىدىن 15ى بار) ئاپتونومىيە قانۇنىنىڭ روھىغا ۋە ئۆز ئۆلكىسىدىكى ئاپتونومىيىلىك جايلار- نىڭ ئەمەلىيىتىگە ئاساسەن، ئاپتونومىيە قانۇنىنى يولغا قويۇش- نىڭ بەزى بەلگىلىمىلىرىنى تۈزۈپ چىقىشى كېرەك.

شۇنداق قىلغاندا، ئاپتونومىيە قانۇنىنى يولغا قويۇشنىڭ مەركەز بىلەن جايلار، «سىستېما»لار بىلەن «رايون»لار تۈز- گەن بەلگىلىمىلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالغان، ھەم پۈتۈن مەملىكەت- نىڭ ئورتاق پرىنسىپىنى، ھەم ھەر جاينىڭ ئالاھىدىلىكىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان نىزام سىستېمىسىنى شەكىللەندۈرۈپ، ئاپتونو- مىيە قانۇنىنى دەل جايىدا تېخىمۇ ياخشى ئەمەلىيلەشتۈرگىلى بولىدۇ.

**مۇھىم نۇقتىنى گەۋدىلەندۈرۈپ، ئومۇمىي ۋەزىيەتكە تەسىر كۆرسىتىدىغان بەزى مۇھىم مەسىلىلەرنى ئالاھىدە ئېتىبار بىلەن ھەل قىلىش.** ئاپتونومىيە قانۇنىنىڭ مەزمۇنى مول، شۇڭا، ئاسا- سىي زىددىيەتنى تۇتۇپ، ئاساسىي مەسىلىنى ھەل قىلىپ، باشقا مەسىلىلەرنىڭ ھەل قىلىنىشىغا تۈرتكە بولۇپ، ئاپتونومىيە قا- نۇنىنىڭ ئەتراپلىق ئەمەلىيلىشىشىنى ئىلگىرى سۈرۈش لازىم.

هازىرقى ئەھۋالدىن قارىغاندىمۇ، كەلگۈسى تەرەققىياتتىن قارى-
غاندىمۇ، تۆۋەندىكى بىرنەچچە مەسىلىنى ئالاھىدە ئېتىبار بىلەن
ياخشى تۇتۇشقا توغرا كېلىدۇ.

بىرىنچى، ئىقتىسادىي تەرەققىياتتىكى مەسىلىلەر. يۇقىرى
دەرىجىلىك دۆلەت ئورگانلىرى ئاپتونومىيىلىك جايلارغا قانۇن
بويىچە ھوقۇق بېرىپ، مەنپەئەتنى ئۆتۈنۈپ، پىلان ئارقىلىق
باشقۇرۇشنى كۈچەيتىش بىلەن بىرۋاقىتتا، ئاپتونومىيىلىك
جايلارنىڭ ئىگىلىك باشقۇرۇش جەھەتتىكى ئۆز ئالدىغا ئىش
كۆرۈش ھوقۇقىغا ھۆرمەت قىلىپ، ئاپتونومىيىلىك جايلارنى
بايلىق مەنبەسىنى ئېچىش قەدىمىنى تېزلىتىش، بايلىق جەھەت-
تىكى ئارتۇقچىلىقنى جارى قىلدۇرۇش ئىمكانىيىتىگە ئىگە
قىلىش لازىم. مالىيە، مىللىي سودا جەھەتلەردىكى ئېتىبار
بېرىش سىياسەتلىرىنى مۇكەممەللەشتۈرۈش، تۇراقلىق مۆلۈككە
مەبلەغ سېلىش، باج، كرېدىت، باھا، تاشقى سودا قاتارلىق
جەھەتلەردە مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلارنىڭ تەرەققىياتىغا مە-
دەت بولىدىغان ئېتىبار بېرىش سىياسەتلىرىنى تەتقىق قىلىپ
كۆرۈش كېرەك. يۇقىرى دەرىجىلىك دۆلەت ئورگانلىرىنىڭ
ئاپتونومىيىلىك جايلاردىكى كارخانىلىرى بىلەن جايلارنىڭ مۇنا-
سىۋىتىنى ياخشى بىر تەرەپ قىلىش لازىم، بۇ كارخانىلار جايلار-
نىڭ تەرەققىياتىغا باشقۇرۇشنى تۆۋەنگە چۈشۈرۈپ بېرىش،
باج-پايدىنى قايتۇرۇش، مەھسۇلاتتىن پىرسەنت ئايرىپ بې-
رىش، ئىشچىلارنى قوبۇل قىلىش ۋە تەربىيىلەپ بېرىش، تېخ-
نىكا يەتكۈزۈپ بېرىش قاتارلىق ئۇسۇللار بىلەن ياردەم بېرىشى
ۋە تۆرتكە بولۇشى كېرەك. تەرتىپكە سېلىش ۋە تۈزەش داۋامى-

ـدا، مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلارنىڭ ئالاھىدىلىكى ۋە كۆتۈ-
رۈش ئىقتىدارىنى تولۇق نەزەردە تۇتۇش لازىم.

ئىككىنچى، ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرىنى پائال تەربى-
يىلەپ يېتىشتۈرۈش ۋە ئىشقا قويۇش. ئاز سانلىق مىللەت
كادىرلىرىنى ۋە ھەر خىل ئىختىساسلىق كەسپىي خادىملىرىنى
تەربىيىلەپ يېتىشتۈرۈش توغرىسىدا ئاپتونومىيە قانۇنىدا ئېنىق
بەلگىلىمە بار، ئاپتونومىيە قانۇنىنىڭ ئىزچىللاشتۇرۇلۇشى ۋە
ئىجرا قىلىنىشىمۇ ھەر مىللەتنىڭ ھەر دەرىجىلىك كادىرلىرى-
نىڭ ئورتاق تىرىشچانلىقىدىن ئايرىلمايدۇ. تېخىمۇ چوڭ جەھەت-
تىن ئېلىپ ئېيتقاندا بولساق، مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپ-
تونومىيە تۈزۈمىنى ياخشى يولغا قويۇش، مىللىي مەسىلىنى
ياخشى ھەل قىلىش ئۈچۈنمۇ نۇرغۇنلىغان ھەم ئەخلاقلىق، ھەم
قابىلىيەتلىك ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرىنى تەربىيىلەپ يې-
تىشتۈرۈش زۆرۈر. مائارىپنى راۋاجلاندۇرۇش، مەخسۇس تەر-
بىيىلەش قاتارلىق كۆپ خىل يوللار بىلەن، ئاز سانلىق مىللەت
كادىرلىرىنىڭ سانىنى كۆپەيتىش، سۈپىتىنى ئۆستۈرۈش كې-
رەك. ئىجابىي، ئۈنۈملۈك تەدبىرلەرنى قوللىنىپ، يېڭى ۋەز-
يەتتە ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرىنى تەربىيىلەپ يېتىشتۈرۈش
ۋە ئىشقا قويۇشتا كۆرۈلگەن يېڭى مەسىلىلەرنى ئوبدان ھەل
قىلىش لازىم. ھازىر بار كادىرلارغا تولۇق ئىشىنىش، ئۇلارنى
دادىل ئىشقا قويۇش، ئۇلارنىڭ ئەقىل-پاراستىنى ئەڭ زور
دەرىجىدە جارى قىلدۇرۇش كېرەك.

ئۈچىنچى، ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى ۋە مىللەتلەرنىڭ ئىتتى-
پاقلىقىنى قەتئىي قوغداش. ئاپتونومىيە قانۇنىدا مۇنداق دەپ

ئېنىق بەلگىلەنگەن: ئاپتونومىيىلىك جايلارنىڭ ھەممىسى — ۋەتەننىڭ ئايرىلماس بىر قىسمى، ھەر مىللەت خەلقى ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى ۋە مىللەتلەرنىڭ ئىتتىپاقلىقىنى ئاكتىپ قوغدىشى، ۋەتەننى پارچىلايدىغان، مىللىي ئىتتىپاقلىقنى بۇزىدىغان ھەرىكەتلەرنىڭ ھەرقانداقىغا بايرىقى روشەن ھالدا قارشى تۇرۇشى لازىم. ۋەتەنپەرۋەرلىك، ماركسىزملىق مىللەت قارىشى ۋە مىللىي سىياسەت تەربىيىسىنى كەڭ كۆلەمدە ئېلىپ بېرىش كېرەك.

**قانۇنغا ئاكتىپ رىئايە قىلىش ھەمدە ئاپتونومىيە قانۇنىنىڭ ئىجراسى ئۈستىدىكى نازارەتچىلىكنى كۈچەيتىش.** خىلمۇخىل سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن، ئاپتونومىيە قانۇنىدا جازالاش قائىدىسى بەلگىلەنمىگەن، ئاپتونومىيە قانۇنىغا خىلاپ قىلمىشلارنىڭ قايسى تارماق تەرىپىدىن سۈرۈشتە قىلىنىدىغانلىقىمۇ بەلگىلەنمىگەن. ئەمما، بۇ ھەرگىز ئاپتونومىيە قانۇنىنىڭ قانۇنغا خاس چەكلەش كۈچى ۋە زورلاش خاراكتېرى يوق دېگەندىن دېرەك بەرمەيدۇ. بولۇپمۇ ئاپتونومىيە قانۇنى رىئايە قىلىسىمۇ، قىلمىسىمۇ بولىدىغان «تەشەببۇسنامە» دېگەندىن دېرەك بەرمەيدۇ. ئاپتونومىيە قانۇنى — دۆلەتنىڭ مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىدا ماقۇللانغان نېگىزلىك قانۇنى، پۈتۈن مەملىكەتتىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئىرادىسىنىڭ نامايەندىسى، سوتسىيالىستىك قانۇننىڭ ماھىيەتلىك ئالاھىدىلىكى ئەنە شۇ. پارتىيە، ھۆكۈمەت، ئارمىيە تارماقلىرى، ئىجتىمائىي تەشكىلاتلار، كارخانا ئورۇنلىرى، كەسپىي ئورۇنلار ۋە بارلىق پۇقرالار ئۇنىڭغا ئەمەل قىلىشى شەرت.

7-نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ 2-ئومۇمىي يە-

غىنىدا ماقۇللانغان «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ مەمۇرىي دەۋا قانۇنى» دا مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلارنىڭ ئاپتونومىيە نىزاملىرى، يەككە نىزاملىرىنى خەلق سوت مەھكىمىلىرى مىلـ-لىي ئاپتونومىيىلىك جايلارنىڭ مەمۇرىي ئەنزىلىرىنى قاراپ چىـ-قىشنىڭ ئاساسى قىلسا بولىدۇ، دەپ بەلگىلەنگەن، بۇنىڭدىن كېيىن، ئاپتونومىيە قانۇنىغا خىلاپلىق قىلىش مەسىلىلىرى مەمۇرىي دەۋا قانۇنى ئارقىلىق ھەل قىلىنسا بولىدۇ. دەرۋەقە، ئاپتونومىيە قانۇنىنىڭ ئىجرا قىلىنىشى تولىراق بارلىق پۇقرا-لارنىڭ قانۇنغا ئاڭلىق رىئايە قىلىشىغا باغلىق.

ئاپتونومىيە قانۇنىنى ئىزچىللاشتۇرۇشنىڭ مۇھىم بىر تە-رىپى— قانۇننى ئىجرا قىلىش ۋە قانۇنغا رىئايە قىلىش ئۈستىدىـ-كى نازارەتچىلىكنى كۈچەيتىش ھەمدە ئاپتونومىيە قانۇنىنى يولغا قويۇشتىكى نازارەتچىلىك مېخانىزمىنى پەيدىنپەي مۇكەممەللەشـ-تۈرۈش. ھەرقايسى ئالاقىدار تارماقلارنىڭ نازارەتچىلىك فۇنكـ-سىيىسىنى، جۈملىدىن پارتكوم تارماقلىرىنىڭ نازارەتچىلىكى، ھاكىمىيەت ئورگانلىرىنىڭ نازارەتچىلىكى، مەمۇرىي تارماقلار-نىڭ نازارەتچىلىكى شۇنىڭدەك دېموكراتىك پارتىيە، گۇرۇھلار-نىڭ، خەلق تەشكىلاتلىرىنىڭ، جامائەتچىلىكنىڭ، پۇقرالارنىڭ نازارەتچىلىكىنى جارى قىلدۇرۇش لازىم. شۇنىڭ بىلەن قانۇننى ئىجرا قىلمايدىغان ئەھۋاللارنى ئۆز ۋاقتىدا بايقاش، ئۆز ۋاقتىدا تۈزىتىش كېرەك.

شۇنىڭغا ئىشىنىشكە بولىدۇكى، سوتسىيالىستىك دېموكرا-تىيە ۋە قانۇنچىلىقنىڭ كۈچەيتىلىشىگە، ئىسلاھات-ئېچىۋې-تىشنىڭ ساغلام تەرەققىياتىغا ئەگىشىپ، مىللىي تېررىتورىيە-

لىك ئاپتونومىيە قانۇنى تېخىمۇ ياخشى ئىزچىللاشتى، شۇنىڭ بىلەن مىللەتلەرنىڭ ئىتتىپاقلىقى-تەرەققىياتى، ئورتاق گۈللىنىشى ئالغا سۈرۈلدى. شۇندىلا، ئىسلاھات-ئېچىۋېتىش ئىشلىرىنى ئوڭۇشلۇق ئېلىپ بېرىپ، «تۆتنى زامانىۋىلاشتۇرۇش» قۇرۇلۇشىنى تېزلەتكىلى بولىدۇ.

يەكدىللىك بىلەن كومپارتىيىگە ئەگىشىپ مېڭىش، سوتسىيالىزمنى قىزغىن سۆيۈش، ۋەتەننى قىزغىن سۆيۈش، مىللىي ئىتتىپاقلىقنى قوغداش، ئىسلاھات ئېلىپ بېرىش-ئىشىكنى ئېچىۋېتىشتە چىڭ تۇرۇش — ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئۇزاق تارىخىي ئەمەلىيەت داۋامىدا بارلىققا كەلگەن ئورتاق ئىرادىسى، ئۇنى ھەرقانداق ئىچكى-تاشقى ئەكسىيەتچى كۈچ تەۋرىتەلمەيدۇ.

خىزمىتىمىزدە ساقلىنىۋاتقان بەزى سەۋەنلىكلەرنى، مىللىي مۇناسىۋەت جەھەتتە كۆرۈلگەن بەزى مەسىلىلەرنى ئالساق، بۇلار ئالغا ئىلگىرىلەش داۋامىدىكى مەسىلىلەردۇر. شۇنىڭغا ئىشىنىمىزكى، بۇ مەسىلىلەر پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ رەھبەرلىكىدە، دېموكراتىيە ۋە قانۇنچىلىق يولى بىلەن چوقۇم ئوبدان ھەل بولىدۇ. ئىچكى-تاشقى دۈشمەن كۈچلەرنىڭ، مىللىي ئىتتىپاقلىقنى بۇزۇش، ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى پارچىلاش قەستىدە ئېلىپ بارغان سۇيىقەستلىك ھەرىكەتلىرى مەغلۇپ بولماي قالمايدۇ.

ئۇلۇغ ۋەتىنىمىز دۇنياغا كەلگەنلىكىنىڭ 40 يىللىقىنى تەبرىكلەۋاتقان ۋاقتىمىزدا، پۈتۈن مەملىكەتتىكى ھەر مىللەت خەلقى چوقۇم پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى ئەتراپىغا تېخىمۇ زىچ ئۇيۇشۇپ، مىللىي ئىتتىپاقلىق بۈيۈك بايرىقىنى ئېگىز كۆتۈ-

روۋپ، تۆت ئاساسىي پرىنسىپتا چىڭ تۇرۇپ، ئىسلاھات ئېلىپ بېرىش-ئىشىكنى ئېچىۋېتىشتە چىڭ تۇرۇپ، تېخىمۇ مەزمۇت قەدەم تاشلاپ، باتۇرانە ئالغا چامدايدۇ!

# ۋەتەن ئۇنىڭ قەلبىدە، مىللەت ئۇنىڭ قەلبىدە*

—مۇئاۋىن كومىتېت باشلىقى بەنچەن ۋاپاتىنىڭ بىر يىللىقىنى خاتىرىلەش مۇناسىۋىتى بىلەن

(1990-يىل 2-ئاينىڭ 1-كۈنى)

يىلنىڭ ئالمىشىشى بىلەن شىمالدا مۇز تۇتۇپ، قار ئۇچقۇندايدىغان 1-ئاي ۋاقتى يەنە يېتىپ كەلدى، مۇئاۋىن كومىتېت باشلىقى بەنچەننىڭ ئارىمىزدىن كەتكىنىگە ھايت-ھۇيت دېگۈچە توپتوغرا بىر يىل بولدى. مۇشۇ پەيتتە مەن ئۇ ئاشۇ ئۇنتۇلماس 1-ئايدا چوڭ تامغىسىنى بېسىپ تەقدىم قىلغان خاداكنى سىلاۋاتقىنىمدا، ئۇنىڭ خوش ئاۋازى ۋە يىللىق چىرايى كۆز ئالدىمدا قايتا نامايان بولدى. ئۆزئارا ئالاقە قىلىش جەريانىدا، مۇئاۋىن كومىتېت باشلىقى بەنچەننىڭ نۇرغۇن سۆز-ھەرىكەتلىرى مەندە چوڭقۇر تەسىرات قالدۇرغانىدى، خۇسۇسەن مۇنداق بىر ئىش ئېسىمدىن زادى چىقمايدۇ: 1989-يىلى يېڭى يىل بايرىمىدىن كېيىن ئۇزاق ئۆتمەي، ئۇ 5-ئەۋلادتىن 9-ئەۋلادقىچە بولغان

* بۇ ماقالە 1990-يىل 2-ئاينىڭ 1-كۈنى «خەلق گېزىتى» دە ئېلان قىلىنغان.

بەنچەنلەرنىڭ جەستى قوشۇپ دەپنە قىلىنغان قەبرە مۇناردىدا
يوپۇق ئېچىش مۇراسىمىغا رىياسەتچىلىك قىلىش ئۈچۈن شىزاڭ-
غا بارماقچى بولدى. مەركىزىي كومىتېت بىرلىك سەپ بۆلۈمى
ئۇنى ئۇزاتقاندا مەنمۇ داخىل بولدۇم. ئۇ ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى
ۋە مىللەتلەرنىڭ ئىتتىپاقلىقىنى قوغداش ھەققىدە توختىلىپ
بەكمۇ ھاياجانلاندى ۋە كۆكرىكىنى نوقۇپ تۇرۇپ قايناق ھېسسى-
يات ۋە تەبىئىي ئاۋاز بىلەن: «ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى ۋە مىللەت-
لەرنىڭ ئىتتىپاقلىقىنى قوغداش يولىدا بارلىقىمنى قۇربان قى-
لىشقا رازىمەن» دېدى. سورۇندىكىلەر ئۇنىڭغا ھۆرمەت بىلەن
تىكىلىشتى. ئەپسۇسكى، بۇ ھەزرەتنىڭ شۇ قېتىم شىزاڭغا
بېرىپ ئىككىنچى قايتىپ كېلەلمەيدىغانلىقىنى زادىلا خىيالىمغا
كەلتۈرۈپ باقمىغانىدىم. ئۇنىڭ يۇقىرىدىكى مەردانە سۆزى مەن
ئاڭلىغان ئاخىرقى سۆزى بولۇپ قالدى، مېنىڭچە، بۇ سۆز
ئۇنىڭ ھاياتىنىڭ شانلىق تەسۋىرى. ئۇ ئۆز ۋەتىنىنى ۋە ئۆز
مىللىتىنى بەكمۇ قىزغىن سۆيەتتى.

1

ئۇنىڭ ۋەتەنگە بولغان مۇھەببىتى شۇنچە قىزغىن، چوڭقۇر
ۋە مۇستەھكەم ئىدى. ئۇ ۋەتەننىڭ مۇستەقىل ۋە ئازاد بولغانلى-
قىدىن خۇشاللىققا چۆمۈلۈپ، جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇ-
رۇلغان كۈننىڭ ئۆزىلا رەئىس ماۋ زېدۇڭ بىلەن باش قوماندان
جۇ دېغا تېلېگراممىا يوللاپ، ئۇلارغا شىزاڭ خەلقىگە ۋەكالىتەن
«ئەڭ ئالىي ئېھتىرام بىلدۈرگەن ھەم قىزغىن ھىمايە قىلىدى-

غانلىقىنى ئېيتقان» ؛ ئۇ «شىزاڭنى تىنچلىق بىلەن ئازاد قىلىش چارىسى توغرىسىدىكى كېلىشىم» نىڭ ئىمزالىنىشى ۋە ئىجرا قىلىنىشى ئۈچۈن، تولۇپ-تاشقان قىزغىنلىق بىلەن نۇرغۇن ئۇنۇملۇك خىزمەتلەرنى ئىشلىگەن؛ 1956-يىلى ئۇ ھىندىستانغا ساكيامۇنىنىڭ ئالەمدىن ئۆتكەنلىكىنىڭ 2500 يىللىقىنى خاتىرىلەش پائالىيىتىگە قاتنىشىش ئۈچۈن بارغاندا، بەزىلەرنىڭ يامان غەرەزدە بولۇۋاتقانلىقىنى سەزگەن ھامان قەتئىيلىك بىلەن ۋەتەنگە قايتىپ كەلگەن؛ ئۇ دۆلەتنىڭ گۈللىنىشىنى كۆزدە تۇتۇپ، پۈتۈن مەملىكەتنىڭ ھەرقايسى جايلىرىغا بېرىپ تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلغان، تەكلىپ بېرىپ، ئەقىل كۆرسەتكەن. . . ئۇ 60-يىللاردا ناھەقچىلىققا ئۇچرىغان، ھەتتا «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» دا تۇرمىگە تاشلانغان بولسىمۇ، لېكىن ۋەتەنگە بولغان قىزغىن مۇھەببىتىنى بوشاشتۇرمىدى. ئۇ يېڭىباشتىن خىزمەتكە كىرىشكەندىن كېيىن كۆپ قېتىم: «پېشقەدەم پرولېتارىيات ئىنقىلابچىلىرى ئۇچرىغان زىيانكەشلىككە سېلىشتۇرغاندا، مەن تارتقان ناھەقچىلىق ھېچ گەپ ئەمەس! » دېگەنىدى. مانا بۇ ئۇنىڭ ئۇلۇغ ۋەتەنپەرۋەرگە خاس كەڭ قورساقلىقى ۋە ئالىيجاناب پەزىلىتىنى تولۇق ئىپادىلىدى.

ۋەتەننى قىزغىن سۆيگەن كىشىنىڭ ۋەتىنىنىڭ ئازادلىقى ۋە قۇدرەت تېپىشى ئۈچۈن پۈتۈن مەملىكەتتىكى ھەر مىللەت خەلقىگە رەھبەرلىك قىلىپ، يېرىم ئەسىردىن كۆپرەك كۈرەش قىلغان جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنى قىزغىن سۆيۈشى مۇقەررەر. 1988-يىل 2-ئايدا زاڭزۇ كالېندارى بويىچە يېڭى ئەجدىھا يىلى تەبرىكلەنگەندە، ئۇ قايناپ-تاشقان ھاياجان بىلەن

سۆز قىلىپ: «مەن كېلەر يىلى 50 ياشقا كىرىمەن، مەن 1949-يىلىدىن تارتىپ كومپارتىيىگە ئەگىشىپ كەلدىم، بۇنىڭغا 39 يىل بولاي دەپ قالدى. مېنىڭ كەلگەن خۇلاسەم مۇنداق: كومپارتىيىگە ئەگەشكەندىلا، ئىستىقبال تاپقىلى بولىدۇ، گۈزەل كەلگۈسىگە ئېرىشكىلى بولىدۇ. نۇرغۇن يىللار ئۆتۈپ كەتتى، مەن پارتىيىگە قەتئىي ئىشىنىمەن، سان-ساناقسىز پاكىتلار جۇڭگو كومپارتىيىسىنىڭ دانا، ئۇلۇغ پارتىيە ئىكەنلىكىنى، جان-دىلى بىلەن خەلققە بەخت-سائادەت كۆزلەيدىغان پارتىيە ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلىدى» دېدى. ئۇ ئۆزىنىڭ بىۋاستە تەسىراتى ۋە ئىخچام، سەممىمىي سۆزى ئارقىلىق: كومپارتىيىنىڭ رەھبەرلىكى بولمىغان بولسا، ۋەتىنىمىزنىڭ ۋە مىللەتلەرنىڭ بۈگۈنكى گۈزەل كۈنلىرى بولمىغان بولاتتى، كومپارتىيىنىڭ رەھبەرلىكى بولمىسا، ۋەتىنىمىزنىڭ ۋە مىللەتلەرنىڭ گۈزەل كېلەچىكىنىڭ بولۇشى تېخىمۇ مۇمكىن ئەمەس دېگەن ئاددىي ئەمما ئۇلۇغ ھەقىقەتنى، ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئورتاق يۈرەك ساداسىنى ئىزھار قىلدى. بەنچەن ھەزرەت شۇنداق دېدى ۋە شۇنداق قىلدى. 40 يىلغا يېقىن ۋاقىتتىن بۇيان كومپارتىيىنىڭ رەھبەرلىكىنى ۋە تەشەببۇسلىرىنى باشتىن-ئاخىر ھىمايە قىلىپ كەلدى، ئۇ كومپارتىيىنىڭ سادىق دوستى ھەم يېقىن ھەمكارى ئىدى.

كۆپ مىللەتلىك مەملىكىتىمىزدە ۋەتەنپەرۋەرلىكنىڭ مۇھىم بىر مەزمۇنى مىللەتلەرنىڭ بۈيۈك ئىتتىپاقلىقىنى قوغداشتىن ئىبارەت. بەنچەن ھەزرەت بولۇپمۇ مۇشۇ جەھەتتە ئۆزى ئۈلگە كۆرسەتكەندى. مەن 1986-يىلى دۆلەت مىللىي ئىشلار

كومىتېتىغا يۆتكىلىپ كەلگەندىن كېيىن، مىللىي خىزمەتنى
قانداق قىلىپ ياخشى ئىشلەش ھەققىدە پارتىيە ۋە دۆلەتنىڭ بەزى
رەھبەرلىرىدىن ھەم مەشھۇر زاتلاردىن پىكىر ئالغانىدىم. ئۇلار-
نىڭ ئارىسىدا مۇئاۋىن كومىتېت باشلىقى بەنچەنمۇ بار ئىدى.
ئۇ مىللەتلەرنىڭ بۈيۈك ئىتتىپاقلىقىنى ياخشىلاشقا چوقۇم ئەھ-
مىيەت بېرىش ھەققىدە ئەڭ كۆپ توختالدى. ئۇ: مەملىكىتى-
مىزدە 56 مىللەت بار، مەملىكىتىمىز خۇددى بىر چوڭ ئائىلى-
نىڭ ئۆزى، مىللەتلەر ئارىغا قىل سىغمايدىغان دەرىجىدە ئى-
ناق، ئىتتىپاق بولغاندىلا، ئاندىن باشقىلارنىڭ ھۆرمىتىگە ئىگە
بولالايدۇ، ئورتاق تەرەققىياتقا ئېرىشىپ ئالغا باسالايدۇ، ۋەتەننى
قۇدرەت تاپقۇزالايدۇ، دېدى. ئۇ ئۆزى ئاز سانلىق مىللەتتىن
بولغانلىقى ۋە نۇرغۇن چوڭقۇر تەسىراتقا ئىگە بولغانلىقى ئۈچۈن
بولسا كېرەك، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى ھەققىدە شۇنچە تەسىر-
لىك، ئوبرازلىق ۋە چوڭقۇر مەنىلىك سۆزلەيتتى. ئۇ نۇرغۇن
سورۇنلاردا خەنزۇلار بىلەن ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ئىتتىپاق-
لىقىنى، شۇنىڭدەك ئاز سانلىق مىللەتلەر ئوتتۇرىسىدىكى ئىت-
تىپاقلىق ۋە ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ ئىچكى ئىتتىپاقلىقىنى
ياخشىلاشنى ئوتتۇرىغا قويغانىدى. «زاڭزۇلار بىلەن خەنزۇلار-
نىڭ، زاڭزۇلار بىلەن باشقا مىللەتلەرنىڭ ئىتتىپاقلىقىنى،
زاڭزۇلارنىڭ ئىچكى ئىتتىپاقلىقىنى كۈچەيتىش»، «ئۇ يەر-
لىك، بۇ يەرلىك دەپ ئايرىپ يۈرمەي، ئىتتىپاقلىشىش» لازىم-
لىقىنى كۆپ قېتىم تەكىتلىگەنىدى، بۇ ناھايىتى مۇھىم پىكىر-
لەر ئىدى. دېمىسىمۇ، مەملىكىتىمىزدىكى مىللەتلەرنىڭ ئىتتى-
پاقلىقى دەل ھەرقايسى مىللەتلەر ئوتتۇرىسىدىكى ۋە مىللەتلەر-

نىڭ ئىچكى قىسمىدىكى قېرىنداشلارچە يېقىنلىق ۋە ئىناقلىقنى
ئۆز ئىچىگە ئالغان بۈيۈك ئىتتىپاقلىق ئىدى. ئۇ مىللەتلەرنىڭ
بۈيۈك ئىتتىپاقلىقنى قوغداش ۋە مۇستەھكەملەش ئۈچۈن، ياش
ئەۋلادلارغا ۋەتەنپەرۋەرلىك ۋە مىللىي ئىتتىپاقلىق ھەققىدە تەر-
بىيە بېرىشكە ناھايىتى كۆڭۈل بۆلەتتى. ئۇ ياش-ئۆسمۈرلەرگە
كەلگۈسىدە مىللىي ئىتتىپاقلىقنىڭ ئاساسىي گەۋدىسى بولىدۇ،
ياش-ئۆسمۈرلەرنى كۆزدە تۇتۇش كەلگۈسىنى كۆزدە تۇتقانلىق
بولىدۇ، دەيتتى. 1988-يىل 3-ئايدا، مەركىزىي ئىتتىپاق
مەكتىپىدە ئاز سانلىق مىللەت ياش كادىرلىرىنىڭ 12-قارارلىق
كۇرسىدا ئوقۇش باشلاش مۇراسىمى بولدى، تەكلىپكە بىنائەن
شۇ مۇراسىمغا بەنچەن ھەزرەت قاتناشتى ۋە سۆز قىلدى. ئۇ
سۆزىدە: «ئاز سانلىق مىللەتنىڭ ياش كادىرلىرى ھەممىدىن
ئاۋۋال كومپارتىيىنىڭ رەھبەرلىكىنى ھىمايە قىلىشى، ۋەتەننى
ۋە سوتسىيالىزمنى قىزغىن سۆيۈشى، غايىلىك، ئەخلاقلىق،
قابىلىيەتلىك بولۇشى، ئىنتىزامغا رىئايە قىلىپ، قانۇنغا بويسۇ-
نۇشى، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى باشلامچىلىق بىلەن قوغدىشى
لازىم»، «ھەممەيلەن مىللەتلەرنىڭ ئىتتىپاقلىقىنى ۋە ۋەتەننىڭ
بىرلىكىنى ئۆز كۆز قارىچۇقىنى ئاسرىغاندەك ئاسرىشى ۋە قە-
دىرلىشى لازىم» دېدى. چىن كۆڭۈلدىن ئۇرغۇپ چىققان بۇ
سۆزلەر ناھايىتى چوڭقۇر مەنىگە ئىگە ئىدى.

ئوت بىلەن سۇ ھەرگىز سىغىشالمايدۇ دېگەندەك، ۋەتەنگە
قىزغىن مۇھەببەت باغلىغان كىشى مالىمانچىلىققا، بۆلگۈنچى-
لىككە مۇقەررەر قارشى تۇرىدۇ. 1987-يىلى ئەتىيازدا، بەزى
جايلاردا جەمئىيەتنىڭ تىنچلىقىغا تەسىر يەتكۈزىدىغان ئىشلار

يۈز بەرگەنلىكىنى كۆزدە تۇتۇپ، ئالاقىدار زاتلار «خەلق» سارد-يىدا سۆھبەت يىغىنى ئۆتكۈزدى. يىغىندا مۇئاۋىن كومىتېت باشلىقى بەنچەن بۇرۇن يۈز بەرگەن مالىمانچىلىقلارنىڭ دۆلەتكە كەلتۈرگەن زىيانلىرى ئۈستىدە توختىلىپ: دۆلەت مالىمان بول-سا، ھېچ ئىشنى قىلغىلى بولمايدۇ، شۇڭا ھەر مىللەت خەلقى تىنچ-ئىتتىپاقلىق ئاساسىدىكى ۋەزىيەتنى قەتئىي قوغدىشى لازىم، دەپ كۆرسەتتى. مۇئاۋىن كومىتېت باشلىقى بەنچەن ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى قوغداش، بۆلگۈنچىلىككە قارشى تۇرۇش مەيدانىدا ئىزچىل چىڭ تۇرۇپ كەلدى. بۇ يەردە 1987-يىلى لخاسادا توپىلاڭ بولغاندىن كېيىن، مەن خەۋەر تاپقان بىرقانچە ئىشنىلا ئېيتىپ ئۆتەي. 1987-يىل 9-ئاينىڭ 27-كۈنى ۋە 10-ئاينىڭ 1-كۈنى بۆلگۈنچىلەر لخاسادا ئىككى قېتىم توپىلاڭ پەيدا قىلدى. شۇ چاغدا مۇئاۋىن كومىتېت باشلىقى بەنچەن چىڭخەيدە خىزمەتلەرنى كۆزدىن كەچۈرۈۋاتاتتى. ئۇ 10-ئاينىڭ 8-كۈنى شىنىڭدا ئوچۇق پوزىتسىيە بىلەن سۆز قىلىپ: «چەت ئەللەردىكى بۆلگۈنچىلەر گۇرۇھى جاھانگىر ئەكسىيەتچىلەرنىڭ قوللىشى ئارقىسىدا لخاسادىكى ئاز سانلىق بۆلگۈنچىلەرنى قۇت-رىتىپ ۋە كۈشكۈرتۈپ، توپىلاڭ پەيدا قىلدى، بۇ كەڭ زاھىرۇ خەلقىنىڭ ئارزۇسىغا خىلاپ، كىشىلەرنىڭ كۆڭلىگە زىت»، «باش جىنايەتچىلەرنى قانۇن بويىچە قاتتىق جازالاش، پەردە ئارقىسىدا تۇرۇپ قوماندانلىق قىلغانلارنى چوڭقۇر ئاختۇرۇپ تېپىش لازىم. شىزاڭدىكى ۋە باشقا زاھىرۇ رايونلىرىدىكى خەلق چوقۇم ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى ۋە تىنچ-ئىتتىپاقلىقىنى قوغداش ئۈچۈن تۆھپە قوشۇشى لازىم» دەپ كۆرسەتتى. ئۇچ ئايدىن

كېيىن، يەنى 1988-يىل 1-ئايدا، مۇئاۋىن كومىتېت باشلىقى بەنچەن شىزاڭ ئاپتونوم رايونىغا خىزمەتلەرنى كۆزدىن كەچۈ-رۈشكە باردى. بۇ سەپەرنىڭ ئادەتتىن باشقىچە سەپەر بولۇشىنى كىم بىلسۇن. ئۇ توپتوغرا بىر ئاي ۋاقىت ئىچىدە لخاسا، رېكېزې رايونلىرىنى كۆزدىن كەچۈردى، يەنە ئاپتونوم رايونلۇق 4-نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ ۋە سىياسىي كېڭەشنىڭ 6-يىغىنلىرىغا قاتناشتى، ئىبادەت پائالىيەتلىرىنى ئېلىپ بار-دى، قوراللىق ساقچى جەڭچىلىرىنى ۋە جامائەت خەۋپسىزلىكى كادىر-ساقچىلىرىنى يوقلىدى. ئۇ بارغانلا يېرىدە، ھەممە سو-رۇنلاردا ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى قوغداپ، بۆلگۈنچىلىككە قارشى تۇرۇش لازىملىقىنى تەكىتلىدى، بۆلگۈنچىلەرنى قاتتىق ئەيىب-لىدى، ئالدىنىپ توپىلاڭغا قاتنىشىپ قالغان راھىب ۋە پۇقرالار ئاممىسىغا تەنقىد ۋە تەربىيە بەردى، تونۇشى مۇجمەل كىشىلەرگە سەۋرچانلىق بىلەن ياردەم بەردى. ئۇنىڭ ئىشلىگەن خىزمىتى ئىجابىي ئۈنۈم بەردى.

مۇئاۋىن كومىتېت باشلىقى بەنچەننىڭ ۋەتەنگە بولغان قىز-غىن مۇھەببىتى ساددا ھېسسىيات ئاساسىغىلا ئەمەس، بەلكى تارىخنى ھەقىقىي چۈشىنىش ئاساسىغا قۇرۇلغان. ئۇ 1987-يىل 10-ئايدا ئىنتايىن ئاز ساندىكى كىشىلەرنىڭ «شىزاڭنى مۇستە-قىل قىلىش» توغرىسىدا چوقان سالغانلىقىنى كۆزدە تۇتۇپ كەسكىن ھالدا: «شىزاڭ جۇڭگو زېمىنىنىڭ ئايرىلماس بىر قىسمى، بۇ يۈەن سۇلالىسىدىن تارتىپ مەۋجۇت بولۇپ كېلىۋات-قان ئوبيېكتىپ پاكىت، خەنزۇ، زاڭزۇ ۋە باشقا مىللەتلەر ئۇزاق ۋاقىت قەھرىمانلارچە كۈرەش قىلىپ كۆپ مىللەتلىك

بىر پۈتۈن سوتسىيالىستىك ۋەتىنىمىزنى بىرلىكتە بەرپا قىلى-
غان. . . ، شىنجاڭنىڭ جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى تەۋەسىدە
بولۇشى شىنجاڭ خەلقىنىڭ تۈپ مەنپەئىتىگە ۋە ئۇزاق مۇددەتلىك
مەنپەئىتىگە ئۇيغۇن، بۇنى ھېچكىم ئۆزگەرتەلمەيدۇ» دەپ كۆر-
سەتتى. مۇئاۋىن كومىتېت باشلىقى ئاپپې ئاۋاڭجىنمېي: «مەن
ھەزرەت بىلەن ئالاقە قىلىش جەريانىدا ئۇنىڭ كلاسسىك تارىخىي
كىتابلارنى پىششىق ئوقۇغانلىقىنى، ۋەتىنىنىڭ تارىخىنى شۇنچە
تولۇق بىلىدىغانلىقىنى، بولۇپمۇ شىنجاڭنىڭ ۋەتىنىمىز بىلەن
بولغان مۇناسىۋىتىنى شۇنچە ئېنىق، توغرا بىلىدىغانلىقىنى
چوڭقۇر ھېس قىلدىم» دەيدۇ. شۇنداق، تارىخ— ئۆزگەرتكىلى
بولمايدىغان پاكىت، ئەڭ نوپۇزلۇق باياناتچى. تارىخقا ھۆرمەت
قىلىش— ھەممە ئۇلۇغلارنىڭ پەزىلىتى. بەنچەن ھەزرەت شى-
نجاڭنىڭ ۋەتىنىمىز بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىگە دائىر تارىخنى
ئوبدان بىلەتتى، شۇنىڭدەك تارىختا ئۆتكەن بەنچەنلەرنىڭ ۋەتەن-
نىڭ بىرلىكىنى قوغداش تارىخىنىمۇ پىششىق بىلەتتى. ئۇ تا-
رىختا ئۆتكەن بەنچەنلەرنىڭ ۋەتەنپەرۋەرلىك ئەنئەنىسىگە سادىق-
لىق بىلەن ۋارىسلىق قىلدى ۋە ئۇنى جارى قىلدۇردى. بەنچەن-
لەر قەبرىستانلىقى زاشىنەنجىيېدە يوپۇق ئېچىش مۇراسىمى ئۆت-
كۈزۈلۈشتىن ئىلگىرى، ئۇ خەۋەر يازغۇچى مۇخبىرغا: «تارىخ-
تا ئۆتكەن بەنچەنلەرنىڭ بۇددا ئەقىدىلىرىنى جارى قىلدۇرۇپ
ۋە ۋەتەنپەرۋەرلىك مەيدانىدا چىڭ تۇرۇپ، دۆلەتنى روناق تاپقۇ-
زۇش جەھەتلىرىدە كۆرسەتكەن خىزمەتلىرى چوڭ» دېدى، ئۇ
تارىختا ئۆتكەن بەنچەنلەرنىڭ مۇقەررەر ۋەكىلى، مەيدانى مۇس-
تەھكەم ۋەتەنپەرۋەر بولۇش سۈپىتى بىلەن ئاشۇ ئەنئەنىنى قەت-

ئىي داۋاملاشتۇرىدىغانلىقى ۋە كەڭ جارى قىلدۇرىدىغانلىقىنى
بىلدۈردى. بىز بەنچەن ھەزرىتىنىڭ نېمە ئۈچۈن ئۆز ۋەتىنىنى
شۇنچە قىزغىن، شۇنچە ئىزچىل سۆيۈپ كەلگەنلىكىنى ئەنە شۇ
پاكىتلاردىن تېخىمۇ ئوبدان چۈشىنەلەيمىز، ئۇنىڭغا تارىخ ۋە
ئەنئەنە چوڭقۇر ئىلھام ۋە قۇدرەتلىك مەنىۋى كۈچ بەخش
ئەتكەن.

مۇئاۋىن كومىتېت باشلىقى بەنچەننىڭ ۋەتەنپەرۋەرلىك
قىزغىنلىقى تارىخنى چۈشىنىش ئاساسىغا قۇرۇلۇپلا قالماي،
رېئاللىق ئۈستىدە پىكىر يۈرگۈزۈش ئاساسىغىمۇ قۇرۇلغان. ئۇ
جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ رەھبەرلىكىدە، دۆلەتنىڭ
روناق تېپىۋاتقانلىقى ۋە مىللەتلەرنىڭ گۈللىنىۋاتقانلىقىدىن
چەكسىز خۇشاللىقتا چۆمۈلگەنىدى. ئۇ تارىخنىڭ ئەينىكىگە قا-
راپ بۈگۈنكى كۈنگە كۆز يەتكۈزگەن بولسا، بۈگۈنكى كۈننىڭ
ئىزى بىلەن كەلگۈسىگە كۆز يەتكۈزگەنىدى. بۇ يەردە ئۇنىڭ
1982-يىلى شىزاڭ كادىرلار يىغىنىدا سۆزلىگەن ئۇزۇن سۆزى-
دىن بىر ئابزاسنى نەقىل كەلتۈرەيلى: «شىزاڭنىڭ ئۇلۇغ ۋەتى-
نىمىزنىڭ ئايرىلماس بىر قىسمىغا ئايلىنىشى ئۇزاق تارىخىي
تەرەققىياتنىڭ مۇقەررەر نەتىجىسى، ئىنكار قىلىشقا بولمايدىغان
تارىخىي پاكىت. رېئال ئەھۋالنى ئالساق، شىزاڭنىڭ تىنچلىق
بىلەن ئازاد قىلىنغاندىن كېيىنكى 30 يىللىق تەرەققىياتى تارىخ-
تىكى نەچچە يۈز يىل ياكى نەچچە مىڭ يىلدىكىدىنمۇ ئېشىپ
كەتتى، بۇمۇ ئىنكار قىلىشقا بولمايدىغان پاكىت. تارىخ ۋە
رېئاللىق بىزگە شۇنى ئۇقتۇردىكى، شىزاڭ پەقەت جۇڭگو كوم-
مۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ رەھبەرلىكىدىكى سوتسىيالىستىك

چوڭ ئائىلىدىلا پارلاق ئىستىقبالغا ئىگە بولالايدۇ، شۇنىڭدەك مىللىتىمىز گۈللىنىپ روناق تاپالايدۇ.» مانا بۇنىڭدىن بىز ئاڭلىق، سەگەك، دانىشمەن ۋە قەيسەر بىر ۋەتەنپەرۋەرنىڭ ئۇلۇغۋار ئوبرازىنى ئوچۇق كۆرەلەيمىز. 1988-يىل 3-ئاينىڭ 9-كۈنى ئۇ بىر قىسىم ئۇقۇمۇشلۇق زاتلار ۋە ئەربابلار قاتناشقان يىغىلىشتا ئۆزىنىڭ ۋەتەنپەرۋەر قەلبىنى شۇ قەدەر سەممىي ئىپادىلەپ: مەن ۋەتىنىمنىڭ بىرلىكىنى ھىمايە قىلىپ، «شىنزاڭ-نى مۇستەقىل قىلىش» قا ئىزچىل قارشى تۇرۇپ كېلىۋاتىمەن. بۇ مېنىڭ تارىخنى، رېئاللىقنى ۋە كەلگۈسىنى نەزەردە تۇتۇپ چوڭقۇر ئويلانغاندىن كېيىن تۇرغان مەيدانىم، دېگەنىدى. دېمەك، بەنچەن ھەقىقەتەنمۇ «ئەڭ ياخشى ۋەتەنپەرۋەر» دەپ ئاتاشقا مۇناسىپ.

## 2

مۇئاۋىن كومىتېت باشلىقى بەنچەن ۋەتىنىنى قىزغىن سۆيۈش بىلەن بىرۋاقتىتا، ئۆزىنىڭ مىللىتىنىمۇ قىزغىن سۆيەتتى. ئۇ ھەمىشە ئۆزىنىڭ زاڭزۇ مىللىتىنىڭ بىر ئەزاسى بولغانلىقىدىن پەخىرلىنەتتى ھەم زاڭزۇلارنىڭ ۋەتەنگە قوشقان ئۇلۇغ تۆھپىلىرىنى تىلغا ئالاتتى. ھەربىر كىشى دۆلەتكە مەنسۇپ، شۇنداقلا ئۆز مىللىتىگە مەنسۇپ. ھەربىر مىللەت دۆلەتنىڭ تەرەققىياتى، جەمئىيەتنىڭ يۈكسىلىشى ئۈچۈن ئۆزىنىڭ ئەقىل-پاراستى، كۈچ-قۇدرىتىنى ئالاھىدە يوللار بىلەن تەقدىم قىلىپ كەلگەن. ھەربىر كىشىنىڭ ئۆسۈپ يېتىلىشى ئۆزىنى

بېقىپ، تەربىيىلىگەن مىللەتنىڭ شەپقىتىدىن ئايرىلمايدۇ. شۇ-
ڭا، كىشىلەرنىڭ ئۆز مىللىتىنى قىزغىن سۆيۈشى ناھايىتى
تەبىئىي ئەھۋال.

ئۆز مىللىتىنى قىزغىن سۆيۈشتە، ھەممىدىن مۇھىم بول-
غىنى ئۆز مىللىتىنىڭ تەقدىرىگە كۆڭۈل بۆلۈش، ئۆز مىللىتى-
نىڭ تەرەققىياتى ئۈچۈن كۈچ چىقىرىش. مۇئاۋىن كومىتېت
باشلىقى بەنچەننىڭ ئۆمۈر بويى كۈرەش قىلىشتا كۆزلىگەن ئو-
لۇغ نىشانىدىن بىرى ئۆز مىللىتىنى ئىتتىپاقلاشتۇرۇش، تە-
رەققىي قىلدۇرۇش ۋە گۈللەندۈرۈش ئىدى. ئۇ زاڭزۇ رايونلى-
رىنىڭ ھەممىسىگە دېگۈدەك بارغانىدى، ئۇ 1982-يىلدىن كې-
يىن شىزاڭغا ئالتە قېتىم باردى. ئۇ زاۋۇت، يېزا، مەكتەپلەر-
گە بېرىپ تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىپ، ھەر ساھەدىكى ئەربابلار
بىلەن ئىقتىسادىي، ئىجتىمائىي تەرەققىيات پىلانى ۋە مىللەت-
لەرنى روناق تاپقۇزۇش پىلانى ھەققىدە مەسلىھەتلەشتى، ھەر
مىللەت كادىرلىرىنى زامانىۋىلاشتۇرۇش ئىشى ئۈچۈن تىرىشىپ
كۈرەش قىلىشقا ئىلھاملاندۇردى. ئۇ ئاز سانلىق مىللەت كادىر-
لىرىدىن ئۇلۇغۋار ئىرادە تىكلەپ، پىداكارلىق روھىنى جارى
قىلدۇرۇپ، ئۆز يۇرتى، ئۆز مىللىتىنى روناق تاپقۇزىدىغان
ئېغىر تارىخىي ۋەزىپىنى زىممىسىگە ئېلىشنى ئالاھىدە تەلەپ
قىلدى. 1988- يىلى 5-ئايدا ئۇ خەلق سارىيىنىڭ شىزاڭ زالىدا
كوممۇنىستىك ياشلار ئىتتىپاقىنىڭ 12-قۇرۇلتىيىغا قاتناشقان
شىزاڭ ۋەكىللىرى ۋە باشقا بەزى ئۆلكە، ئاپتونوم رايونلارنىڭ
زاڭزۇ ۋەكىللىرى ھەمدە جۇڭگو ياشلار سىياسىي ئىنستىتۇتى-
نىڭ بىر قىسىم زاڭزۇ ئوقۇغۇچىلىرى بىلەن كۆرۈشكەندە،

كۆپچىلىككە سەممىي نەسىھەت قىلىپ: شىنجاڭنىڭ قىياپىتىنى
ئۆزگەرتىش ئۈچۈن، چوقۇم جاپا-مۇشەققەتكە چىداپ تىرىشچان-
لىق كۆرسىتىش لازىم، بەخت-سائادەت كۈتۈپ تۇرغان بىلەن
ئۆزى كەلمەيدۇ. سىلەر ئىلغار پەن-تېخنىكا بىلىملىرىنى، خەن-
زۇ تىلىنى، ھەممە مىللەتنىڭ ئىلغار نەرسىلىرىنى ئۆگىنىپ،
شىنجاڭنىڭ ماددىي مەدەنىيەت ۋە مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشى
ئۈچۈن تىرىشچانلىق كۆرسىتىڭلار، دېگەن. ئۇنىڭ بۇ سۆزلىرى-
دىن شۇ سورۇندىكىلەر چوڭقۇر ھاياجانلانغان.

شىنجاڭ قاتارلىق زاڭزۇ رايونلىرىنىڭ ئىقتىساد ۋە مەدەنى-
يەت ئىشلىرى نىسپىي ھالدا بىرقەدەر ئارقىدا قالغانلىقى ئۈ-
چۈن، ئۇ دۆلەتنىڭ شىنجاڭغا ئالاھىدە سىياسەت تۈزۈپ بېرىشى-
نى، دۆلەتنىڭ ۋە باشقا رايونلارنىڭ شىنجاڭغا تېخىمۇ كۆپ
ياردەم بېرىشىنى پائال مۇراجىئەت قىلغانىدى. ئۇ 1988- يىلى-
نىڭ بېشىدا شىنجاڭنى كۆزدىن كەچۈرگەندە: يېقىنقى بىرنەچچە
يىلدا دۆلىتىمىز ھەر جەھەتتىن ناھايىتى تېز تەرەققىي قىلدى،
بولۇپمۇ دېڭىز ياقىسىدىكى رايونلارنىڭ ۋە ئىلغار رايونلارنىڭ
تەرەققىياتى تېخىمۇ تېز بولدى. ئەگەر شىنجاڭ ئىقتىسادىي تە-
رەققىياتىنى ۋە مەدەنىيەت تەرەققىياتىنى تېزلەتمىسە، ئۇنىڭ
ئىلغار رايونلار بىلەن بولغان پەرقى تېخىمۇ چوڭىيىپ كېتىدۇ.
ئىشىكنى تېخىمۇ كەڭ ئېچىۋېتىش، ئىگىلىكنى تېخىمۇ جانلان-
دۇرۇش، تېخىمۇ ئالاھىدە سىياسەت ۋە جانلىق تەدبىرلەرنى
قوللىنىش ئارقىلىق شىنجاڭنىڭ ئىقتىساد، مەدەنىيەت ئىشلىرى-
نى ۋە تۈرلۈك قۇرۇلۇش ئىشلىرىنى راۋاجلاندۇرۇشىمىز،
خەلقنىڭ تۇرمۇشىنى ياخشىلىشىمىز، مىللىتىمىزنى تېزرەك

روناق تاپقۇزۇشىمىز ۋە ئالغا باستۇرۇشىمىز لازىم، دېدى. ئۇ شۇ يىلى 4-ئايدا شىزاڭنىڭ خىزمەتلىرى ھەققىدە توختىلىپ: شىزاڭنىڭ ئەبەدىي ئامانلىقى ئۈچۈن، شىزاڭنىڭ ئىقتىسادىي قۇرۇلۇش ۋە مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنى زور كۈچ بىلەن راۋاجلاندۇرۇپ، شىزاڭ خەلقىنىڭ تۇرمۇشىنى ئۈزلۈكسىز ياخشىلاش لازىم، شىزاڭنى پەيدىنپەي تەرەققىي قىلدۇرۇش ۋە گۈللەندۈرۈش ئۈچۈن، دۆلەت ۋە قېرىنداش مىللەتلەر شىزاڭغا بۇرۇنقىدەكلا ياردەم ۋە مەدەت بېرىشى لازىم دېگەنلەرنى يەنە بىر قېتىم تەكىتلىدى. ئۇنىڭ مۇراجىئىتى، تەكلىپى ۋە پىكرى شىزاڭ قاتارلىق زاڭزۇ رايونلىرىنىڭ تەرەققىياتى ئۈچۈن ئىجابىي رول ئوينىدى. ئۇ شىزاڭ رايونىغا سۆزىدىلا ئەمەس، ئەمەلىي ھەرىكىتىدىمۇ كۆڭۈل بۆلەتتى. مەسىلەن: ئۇنىڭ ۋە مۇئاۋىن كومىتېت باشلىقى ئاپېي ئاۋاڭجىگمېينىڭ تەشەببۇسى بىلەن، 1987-يىلى 4-ئايدا بېيجىڭدا شىزاڭنىڭ تەرەققىياتىغا ياردەم بېرىش فوندى جەمئىيىتى قۇرۇلدى. بۇ جەمئىيەت شىزاڭنىڭ قۇرۇلۇش ئىشلىرى ئۈچۈن نۇرغۇن پايدىلىق خىزمەتلەرنى ئىشلىدى.

مۇئاۋىن كومىتېت باشلىقى بەنچەن ئۆز مىللىتىنىڭ ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشىغا كۆڭۈل بۆلەتتى، مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىغىمۇ كۆڭۈل بۆلەتتى. ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ ئۆزىگە خاس گۈزەل مەدەنىيىتى بار، بۇ مەدەنىيەت— ۋەتىنىمىز مەدەنىيەت خەزىنىسىنىڭ تەركىبىي قىسمى. ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ مۇنەۋۋەر مەدەنىيىتىنى راۋاجلاندۇرۇش، مىللەتلەرنىڭ روھىنى ئۇرغۇتۇپ، سوتسىيالىستىك مەدەنىيەت ئىشلىرىنى گۈللەندۈرۈشتە

مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە. مۇئاۋىن كومىتېت باشلىقى بەنچەن
يېڭى تارىخىي شارائىتتا مىللەتلەرنىڭ مۇنەۋۋەر مەدەنىيەت ئەنئە-
نىسىگە ۋارىسلىق قىلىش ۋە ئۇنى راۋاجلاندۇرۇشنى تەشەببۇس
قىلاتتى. ئۇ ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ مائارىپىنى راۋاجلاندۇ-
رۇش ۋە ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ تىل-يېزىقىنى قوللىنىش
مەسىلىسىگە ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرەتتى، ئۇ زاڭزۇ تىلى ئۇنى-
ۋېرسىتېتى قۇرۇش ھەققىدە تەكلىپ بەرگەن، شىزاڭدىكى باش-
لانغۇچ مەكتەپلەردە ئاساسەن زاڭزۇ تىل-يېزىق ئۆگىتىشنى،
ئوتتۇرا مەكتەپلەردە زاڭزۇ تىل-يېزىقى بىلەن خەنزۇ يېزىقىنى
تەڭ ئوقۇتۇشنى ئوتتۇرىغا قويغانىدى. 1987-يىلى ئۇنىڭ ۋە
مۇئاۋىن كومىتېت باشلىقى ئاپېي ئاۋاڭجىنمېينىڭ تەكلىپى بى-
لەن، شىزاڭ ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى «زاڭزۇ
تىل-يېزىقىنى ئۆگىنىش، قوللىنىش ۋە راۋاجلاندۇرۇش توغرى-
سىدىكى بىر قانچە بەلگىلىمە»نى ماقۇللىدى، بۇ بەلگىلىمە
دۆلىتىمىزدە مىللىي تىل-يېزىقنى قوللىنىش مەسىلىسى توغرى-
سىدىكى تۇنجى يەرلىك نىزام بولۇپ قالدى.

مۇئاۋىن كومىتېت باشلىقى بەنچەن ئۆز مىللىتىگە بولغان
مۇھەببىتى ۋە ئۆز مىللىتىنىڭ ئالغا بېسىشىغا بولغان كۆيۈمچان-
لىقىنى ئاساس قىلىپ، ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ۋەتىنىمىز
چوڭ ئائىلىسىدە ئورنى ۋە ئوبرازىغا ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرەت-
تى. مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە— دۆلىتىمىزدە مىل-
لىي مەسىلىنى ھەل قىلىشتىكى ئاساسىي تۈزۈم. ئاز سانلىق
مىللەتلەرنىڭ باراۋەرلىك ھوقۇقىغا كاپالەتلىك قىلىشتىكى مۇ-
ھىم شەكىل. مۇئاۋىن كومىتېت باشلىقى بەنچەن مىللىي تېررى-

تورىيىلىك ئاپتونومىيە تۈزۈمىنىڭ مۇستەھكەملىنىشى ۋە مۇكەممەللىشىشىگە بەكمۇ كۆڭۈل بۆلەتتى. ئۇ مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە قانۇنىنى تۈزۈش خىزمىتىگە ئاكتىپ قاتناشقان ھەم بۇ قانۇننى ئەستايىدىل ئىجرا قىلىشنى تەكىتلىگەنىدى. ئۇ كۆپ قېتىم مۇنۇلارنى ئوتتۇرىغا قويغان: «مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيىنى ئوبدان يولغا قويۇش، چىن مەنىدىكى، ئىسمى-جىسمىغا لايىق تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش لازىملىقىنى كۆپ قېتىم ئوتتۇرىغا قويغانىدى. ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرىنى يېتىشتۈرۈش ۋە ئىشقا قويۇش، ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ئاپتونومىيىلىك جايلاردا ئۆزىگە ئۆزى خوجا بولۇش، دۆلەتنىڭ ۋە جەمئىيەتنىڭ ئىشلىرىنى باشقۇرۇشقا قاتنىشىش ئورنىنى گەۋدىلەندۈرۈش ئۈچۈن، ئاپتونومىيە ئورگانلىرىدا مەلۇم ساندا ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرىنى ئىشقا قويۇش-مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيىنىڭ مۇھىم بىر تەرىپى ئىدى. شۇڭا ئۇ ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرىنى يېتىشتۈرۈش ۋە ئىشقا قويۇشقا ئىنتايىن ئەھمىيەت بېرەتتى، ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرىغا ئىنتايىن كۆيۈنەتتى ۋە ئۇلارنى ئاسرايتتى، ھەر دەرىجىلىك كادىرلارنى بېرلىپ ئۆگىنىپ، خىزمەتنى تىرىشىپ ئىشلەپ، ۋەتەننىڭ ۋە مىللەتنىڭ گۈللىنىشى ئۈچۈن كۆپرەك تۆھپە قوشۇشقا ئىلھاملاندۇراتتى. ئۆز مىللىتىنى سۆيگەن كىشىنىڭ ئۆز مىللىتىنىڭ ئوبرازىنى تىرىشىپ قوغدىشى مۇقەررەر. لخاسادا توپىلاڭ يۈز بەرگەندىن كېيىن، ئۇ بەزىلەرنىڭ زاڭزۇ مىللىتى توغرىسىدىكى ئەيىبلەشلىرىگە ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدىگەن ھالدا جاۋاب بەردى.

1988-يىل 3-ئايدا ئېچىلغان مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى يىغىنى مەزگىلىدە، شىنجاڭ ۋەكىللىرى ئۆمىكى «ھۆكۈمەت خىزمىتىدىن دوكلات» نى قاراپ چىقىۋاتقاندا، ئۇ سۆز ئېلىپ:
مەن توپىلاڭ پەيدا قىلغانلارنى كۆپ قېتىم قاتتىق ئەيىبلىدىم. ئەمما، شۇنى كۆرستىپ ئۆتۈش كېرەككى، توپىلاڭنى زاڭزۇ خەلقى ئەمەس، ئىنتايىن ئاز ساندىكى بۆلگۈنچىلەر پەيدا قىلـ-غان. يېقىندا ئاڭلىشىمچە، شىزاڭدا مۇشۇ ۋەقە يۈز بەرگەنلىك-تىن بىرمۇنچە كىشىلەردە زاڭزۇلار توغرىسىدا خاتا چۈشەنچە پەيدا بولۇپ قاپتۇ. ئۇلار: ئۇلارغا ياخشى مۇئامىلە قىلساق، ياۋاشلىق قىلمايدۇ، باسساڭ ياۋاشلاپ قالىدۇ، شۇڭا تازا قاتتىق بېسىش كېرەك، دەپتۇ. بۇ تولىمۇ خاتا گەپ دېدى. مۇئاۋىن كومىتېت باشلىقى بەنچەننىڭ تولىمۇ سەمىمىيلىك بىلەن ئىنتا-يىن ۋاقتىدا ئېيتقان بۇ سۆزلىرى ھەق بىلەن ناھەق ئېنىق ئايرىلغان، قائىدىگە سىغىدىغان، ئەقىلغە مۇۋاپىق كېلىدىغان سۆزلەردۇر. پەقەت ئۆز مىللىتىنى چۈشەنگەن، ئۆز مىللىتىنى قىزغىن سۆيىدىغان كىشىلا مۇشۇنداق سۆزنى قىلالايدۇ.
دەرۋەقە، مۇئاۋىن كومىتېت باشلىقى بەنچەن زاڭزۇ مىللى-تىنىلا سۆيۈپ قالماستىن، باشقا مىللەتلەرنىمۇ سۆيەتتى. 1984-يىلى مەن تېخى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايوندا ئىشلە-ۋاتقان چاغدا، ئۇ شىنجاڭنى كۆزدىن كەچۈرۈشكە باردى، ئۇ ئۆگىنىش قىلىۋاتقان، ئىشلەۋاتقان ۋە نورمال دىنىي تۇرمۇش ئۆتكۈزۈۋاتقان كىشىلەرنى نەچچە-نەچچە قېتىم كۆرستىپ چەك-سىز ھاياجان ئىچىدە «نېمە دېگەن ياخشى مىللەت-ھە!» دېگەنىدى.

## 3

بىر ئاز سانلىق مىللەت كادىرىنىڭ، بولۇپمۇ مەرتىۋىسى ناھايىتى يۇقىرى ئاز سانلىق مىللەت كادىرىنىڭ ۋەتەننى سۆيۈش بىلەن ئۆز مىللىتىنى سۆيۈش ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتنى ئوبدان بىر تەرەپ قىلىشى— ناھايىتى مۇھىم ھەم ناھايىتى رېئال مەسىلە. مۇئاۋىن كومىتېت باشلىقى بەنچەن ئىزچىل ھالدا مۇنداق قاراشتا ئىدى: ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرى چوقۇم ۋەتەننى سۆيۈشى، ئۆز مىللىتىنىمۇ سۆيۈشى لازىم. ئۆز مىللەتتىنىڭلا مەنپەئىتىنى كۆزلەپ، پۈتكۈل دۆلەتنىڭ مەنپەئىتىگە سەل قارىسا ھەرگىز بولمايدۇ؛ لېكىن ئۆز مىللىتىنىڭ تەرەققىي قىلىشى ۋە ئالغا بېسىشىغا كۆڭۈل بۆلمەي، ئۆز مىللىتىدىن ئايرىلىپ قالسىمۇ بولمايدۇ، ئۇنداقلارنى ياخشى كادىر دېگىلى بولمايدۇ، دۆلەت مەنپەئىتى بىلەن مىللەت مەنپەئىتىنىڭ بىرلىكىدە، ۋەتەننى سۆيۈش بىلەن ئۆز مىللىتىنى سۆيۈش مەيدانىدا چىڭ تۇرۇش— بىردىنبىر توغرا مەيدان.

نېگىزىدىن ئېيتقاندا، ۋەتەننى سۆيۈش بىلەن ئۆز مىللىتىنى سۆيۈش بىر خىل ئىدىيە بولۇشىدىن ياكى ھېسسىيات بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، بىر-بىرىگە باغلانغان. بىزنىڭ كۆپ مىللەتلىك مەملىكىتىمىزدە دۆلەت مەنپەئىتى مىللەتلەرنىڭ ئورتاق مەنپەئىتى دېمەكتۇر، دۆلەتنىڭ كۆزلىگەن نىشانى مىللەتلەرنىڭ ئورتاق ئىستىكى دېمەكتۇر. خۇددى شۇنىڭدەك، مىللەتلەرنىڭ ئورتاق مەنپەئىتى دۆلەتنىڭ مەنپەئىتى دېمەكتۇر، مىللەتلەرنىڭ

ئورتاق ئارزۇسى دۆلەتنىڭ ئىرادىسى دېمەكتۇر. لېكىن، مىل-
لەت بىلەن دۆلەت ئوخشاش بىر ئۇقۇم ئەمەس. مۇئەييەن شارا-
ئىتتا دۆلەتنىڭ بىر پۈتۈن مەنپەئىتى مەلۇم مىللەتنىڭ قىسمەن
مەنپەئىتى بىلەن تامامەن بىردەك بولماي تەڭشەشكە توغرا كېلى-
دىغان چاغلار بولۇشى مۇمكىن. شۇڭا، بىرەر ئادەم ئۈچۈن
ئېيتقاندا، بەزىدە ۋەتەننى سۆيۈش بىلەن ئۆز مىللىتىنى سۆيۈش-
نىڭ مۇناسىۋىتىنى ئوبدان بىر تەرەپ قىلىش زۆرۈر بولىدۇ.

ئۆز مىللىتىنى سۆيۈشتە ئالدى بىلەن ۋەتەننى سۆيۈش
كېرەك. مۇئاۋىن كومىتېت باشلىقى بەنچەننىڭ پۈتكۈل ھاياتىغا
نەزەر سالىدىغان بولساق، ئۇنىڭ بۇنى مۇھىم بىر پرىنسىپ
قىلغانلىقىنى بايقايمىز. ئۆز مىللىتىنى سۆيۈشنىڭ ئەڭ مۇھىم
مەزمۇنى ئۆز مىللىتىنىڭ تەقدىرىگە كۆڭۈل بۆلۈش، ئۆز مىل-
لىتىنىڭ تەرەققىياتى ۋە ئالغا بېسىشى ئۈچۈن ھارماي-تالماي
تىرىشچانلىق كۆرسىتىشتىن ئىبارەت. تارىخ ۋە رېئاللىق شۇنى
ئاللىقاچان ئىسپاتلىدىكى، جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ تەقدىرى دۆ-
لەتنىڭ تەقدىرىگە باغلىق، جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ تەرەققىي قى-
لىشى ۋە ئالغا بېسىشى دۆلەتنىڭ گۈللىنىشى ۋە قۇدرەت تېپى-
شىغا باغلىق. دېمەك مىللەتلەر دۆلەت بىلەن تەقدىرداش. مۇئا-
ۋىن كومىتېت باشلىقى بەنچەن: زاڭزۇلار ۋەتىنىمىز چوڭ ئائى-
لىسىدىلا پارلاق ئىستىقبالغا ئىگە بولالايدۇ، دەپ كۆپ قېتىم
ئېيتقانىدى. ئۇ يەنە: مۇبادا شىزاڭ مۇستەقىل بولىدىغان بول-
سا، ئۇ شىزاڭ خەلقىگە غايەت زور بالايىئاپەت كەلتۈرىدۇ،
چۈنكى شىزاڭ شۇنىڭ بىلەن جەزمەن پارچىلىنىپ ۋە قالايمىقان-
لىشىپ كېتىدۇ، بۇنداق قىلىش ئۇلۇغ ۋەتىنىمىزدىن يۈز ئۆرى-

گەنلىك، زاڭزۇ خەلقىنىڭ تۈپ مەنپەئىتىگە زىيان يەتكۈزگەن-لىك بولىدۇ. شۇڭا ئۆز مىللىتىنى سۆيۈش ئۈچۈن ۋەتەننى سۆيۈش لازىم، ۋەتەننى سۆيۈش ئۆز مىللىتىنى سۆيگەنلىك بو-لىدۇ، دېگەنىدى.

ئۆز مىللىتىنى سۆيگەندىلا، ئاندىن ۋەتەننى تېخىمۇ ئوبدان سۆيۈشكە بولىدۇ. مىللەتلەرنىڭ تەرەققىياتى ۋە ئالغا بېسىشى ۋەتەننىڭ گۈللىنىشى ۋە قۇدرەت تېپىشىغا باغلىق. خۇددى شۇ-نىڭدەك، ۋەتەننىڭ گۈللىنىشى ۋە قۇدرەت تېپىشىمۇ مىللەتلەر-نىڭ ئىتتىپاقلىشىپ ئالغا بېسىشىغا باغلىق. شۇڭا ئۆز مىللىتى-نى قىزغىن سۆيگەن كىشىنىڭ ئۆز مىللىتىنىڭ تەرەققىياتى ۋە ئالغا بېسىشى ئۈچۈن توختىماي كۈرەش قىلىشى ئەمەلىيەتتە، ۋەتەننى ئۆزىنىڭ ئەمەلىي ھەرىكىتى بىلەن سۆيگەنلىكى بولىدۇ. مەملىكىتىمىزدىكى ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ھەممىسى ئىرادى-لىك زاتلارنىڭ ئۆز مىللىتىنىڭ قالاق قىياپىتىنى ئۆزگەرتىش يولىدا باتۇرلۇق بىلەن كۈرەش قىلىشىغا ۋە خالىس خىزمەت كۆرسىتىشىگە مۇھتاج، بۇ دۆلەتنىڭمۇ ئېھتىياجى. يەنە بىر مۇھىم ئىش شۇكى، ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرى پارتىيە ۋە دۆلەتنىڭ ئاز سانلىق مىللەت ئاممىسى بىلەن ئالاقە باغلىشىدىكى ۋاسىتىچى ۋە دۆلەتنىڭ چوڭ-چوڭ فاڭجېنلىرىنى، قانۇن-نى-زاملىرىنى ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىدا ئەمەلىيلەشتۈر-گۈچىلەردۇر. بىر كادىر ئۆز مىللىتىنى قىزغىن سۆيۈپ، ئۆز مىللىتىنىڭ ئاممىسى بىلەن ئىچقويۇن-تاشقويۇن بولۇپ، قان بىلەن گۆشتەك مۇناسىۋەت ئورناتقىنىدىلا، ئاندىن ھەر مىللەت خەلقىنى يېتەكلەپ، پارتىيە ۋە دۆلەتنىڭ فاڭجېن، سىياسەتلى-

-رىنى ئەستايىدىل ئىجرا قىلالايدۇ. پارتىيە ۋە دۆلەت تاپشۇرغان مەسئۇلىيەتنى ئوبدان ئادا قىلالايدۇ. شۇڭا، مۇشۇ مەنىدىن ئېيتقاندا، ئۆز مىللىتىنى سۆيگەندىلا، ئاندىن ۋەتەننى تېخىمۇ ئوبدان سۆيۈشكە بولىدۇ. مۇئاۋىن كومىتېت باشلىقى بەنچەن 50 ياشقا كىرگەندە بىز مىللەتلەر مەدەنىيەت سارىيىغا يىغىلىپ ئۇنى مۇبارەكلىدۇق. ئۇ پاراڭ ئارىسىدا: بىر ئادەمنىڭ ئاز سانلىق مىللەت كادىرى بولۇشى ئۇنىڭ ئاتا-ئانىسى ئاز سانلىق مىللەت بولغانلىقى ئۈچۈن ئەمەس، بەلكى، مۇھىمى، ئۇنىڭ ئۆز مىللىتى بىلەن قان بىلەن گۆشتەك ئالاقىسى بولغانلىقى؛ مىللەت ئۈچۈن خىزمەت قىلىدىغانلىقى، شۇنىڭ بىلەن ۋەتەن ئۈچۈن تېخىمۇ ئوبدان خىزمەت قىلىدىغانلىقى ئۈچۈندۇر، دېگەنىدى. دېمەك، ئۇ — ئۆز مىللىتىنى سۆيۈش بىلەن ۋەتەننى سۆيۈشنىڭ مۇناسىۋىتىنى ئەنە شۇنداق ئۆتكۈر تىل بىلەن توغرا شەرھلىگەنىدى.

ئۆز مىللىتىنى سۆيۈش ھەرگىز ئۆز مىللىتىدىن بولغان كىشىلەرنىڭ ئەيىبىنى يېپىش دېگەنلىك ئەمەس ۋە ھەرگىز ئۆز مىللىتى ئارىسىدىكى بەزىلەرنىڭ خاتا تەشەببۇسلىرىغا ماسلىشىش دېگەنلىك ئەمەس، بولۇپمۇ ئۆز مىللىتى ئارىسىدىكى بەزىلەرنىڭ دۆلەت مەنپەئىتىگە زىيان يەتكۈزىدىغان ئىشلارنى قىلىشىغا يول قويۇپ بېرىش دېگەنلىك ئەمەس. مۇئاۋىن كومىتېت باشلىقى بەنچەن ئۆز مىللىتىنى شۇ قەدەر چوڭقۇر مۇھەببەت بىلەن سۆيەتتى، لېكىن ئۇ ئۆز مىللىتىنىڭ ئومۇمىي مەنپەئىتى ۋە كەلگۈسى مەنپەئىتىنى كۆزدە تۇتۇپ سۆيەتتى، پۈتكۈل جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ تۈپ مەنپەئىتىنى

كۆزدە تۇتۇپ سۆيەتتى. نۇرغۇن كىشىلەرگە مەلۇمكى، مۇئاۋىن كومىتېت باشلىقى بەنچەن بەزىدە ئوڭايلا ھاياجانلىنىپ، تىرىـ كىپ كېتەتتى، ئۆز مىللىتىدىن بولغان بەزى كىشىلەرنى ناھا-يىتى قاتتىق تەنقىد قىلاتتى، بولۇپمۇ چوڭ ھەق-ناھەق مەسىلە-سىدە قىلچە بىپەرۋالىق قىلمايتتى. ئۇ «بەزىلەرنىڭ تارىختىن قېپقالغان مىللىي ئاداۋەت قالدۇقلىرىدىن پايدىلىنىپ، ئۆز مىل-لىتىنى سۆيۈشنى باھانە قىلىپ، ۋەتەننى سۆيۈشنى ئىنكار قىـ-لىشىغا، مىللەت بايرىقىنى كۆتۈرۈۋېلىپ ۋەتەنگە قارشى چىقىـ-شىغا» قەتئىي قارشى ئىدى. لخاسادا توپىلاڭ يۈز بەرگەندىن كېيىن، ئۇ، بىر تەرەپتىن، بەزىلەرنىڭ شۇ ۋەقەنى باھانە قىـ-لىپ زاڭزۇلارنى ئەيىبلىشىگە قارشى تۇرۇپ، ئۆز مىللىتىنىڭ ئوبرازىنى ھەققانىي تۇردە قوغدىغان بولسا، يەنە بىر تەرەپتىن، توپىلاڭ پەيدا قىلغان، بۆلگۈنچىلىك قىلغان مىللىي مۇناپىقلار-نى قاتتىق سۆككەندى. ئۇ 1988-يىل 3-ئايدا ئۆتكۈزۈلگەن بىر قېتىملىق ئاشكارا يىغىلىشتا: بىرنەچچە كۈن ئىلگىرى (3-ئاي-نىڭ 5-كۈنى) ئاز ساندىكى لامالار باشلامچىلىق قىلىپ توپىلاڭ پەيدا قىلدى، ئۇلارنىڭ خورىكى بەك ئۆسۈپ، غالجىرلىق دەرىـ-جىسىگە بېرىپ يەتتى، بەزىلەر سىياسىي قانۇن تارماقلىرىنىڭ كەڭچىلىك بىلەن بىر تەرەپ قىلغانلىقىنى خاتا ھالدا ئاجىزلىق-نىڭ ئىپادىسى، دەۋاتىدۇ. مەن بۇنىڭدىن غەزەپلەنمەي تۇرالماي-مەن، دېگەنىدى. ئۇنىڭ مەيدانى نەقەدەر ئېنىق، سۆزى نەقەدەر ھەققانىي ھەم كەسكىن-ھە!

ۋەتەننى سۆيۈش ئۆز مىللىتىنىڭ مەنپەئىتىگە ۋە ئېھتىيا-جىغا سەل قاراش لازىملىقىدىن، ئۆز مىللىتىنىڭ ئارزۇ-تەلە-

لىرىنى ئەكس ئەتتۇرمەسلىك كېرەك، دېگەندىن دېرەك بەرمەي-
دۇ. ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرى ھەم پارتىيە ۋە دۆلەتنىڭ
خىزمەتچىسى، ھەم ئۆز مىللىتىنىڭ ۋەكىلى، ئۇلارنىڭ ئۆز
مىللىتىنىڭ ئارزۇسى ۋە پىكىرلىرىنى ئەكس ئەتتۇرۇش مەسئۇ-
لىيىتى بار. بۇ يەردە چۈشەندۈرۈپ ئۆتۈشكە تېگىشلىكى شۇكى،
ئۆتكەندە «سول» چىلىقنىڭ تەسىرى تۈپەيلىدىن، ئۆز مىللىتى-
نىڭ پىكىرلىرىنى ئەينەن ئىنكاس قىلغان كىشىلەر «يەرلىك
مىللەتچى» قىلىپ قويۇلۇپ ئازار يېگەن، بەزىلەر ھازىرغىچە
بۇ ئىشنى ئېسىدىن چىقارماي كەلدى ھەتتا بۇنىڭدىن سەلبىي
ساۋاق ئالدى. مۇئاۋىن كومىتېت باشلىقى بەنچەن بۇنىڭدا ھە-
قىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدەشنى تەشەببۇس قىلغانىدى.
1988 -يىلى بىز مەركىزىي مىللەتلەر ئىشۇيۇەنىنىڭ ئوقۇتقۇچى-
ئوقۇغۇچىلىرى بىلەن بىرلىكتە زاڭزۇ يېڭى يىلىنى تەبرىكلىگەن-
دە، ئۇ سۆز قىلىپ بەزى ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرى ئۆز
مىللىتىنىڭ پىكىر ۋە تەلەپلىرىنى ئەكس ئەتتۇرۇشنى خالىماي-
دۇ، بۇ ياخشى ئەھۋال ئەمەس، ھەم ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى قەت-
ئىي قوغداش، ھەم مەردانىلىق بىلەن ئۆز مىللىتى ئۈچۈن گەپ
قىلىش، ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدەش ئاساسىدا ئىش قى-
لىش لازىم، دېگەنىدى. ئۇ نۇرغۇن سورۇنلاردا ئاز سانلىق
مىللەتلەرنىڭ مەنپەئىتىنى كۆزدە تۇتۇپ مەردانە سۆزلەرنى قىل-
غانىدى، بۇ ئۆز مىللىتى ئالدىدا مەسئۇل بولغانلىقىنىڭ ئىپادى-
سى، شۇنداقلا دۆلەت ئالدىدا مەسئۇل بولغانلىقىنىڭ ئىپادىسى.
بۇنداق قىلىش پارتىيە ۋە دۆلەتنىڭ تېخىمۇ كۆپ ئەھۋاللارنى
ئىگىلىشىگە، ئالاقىدار مەسىلىلەرنى ۋاقتىدا ھەل قىلىشىغا پاي-

ـدىلىق، بۇنىڭ ئالاقىدار مىللەتلەرگىمۇ ۋە پۈتكۈل دۆلىتىمىز- گىمۇ پايدىلىق ئىكەنلىكىدە شەك يوق.

مۇئاۋىن كومىتېت باشلىقى بەنچەن ۋەتەننى قىزغىن سۆي- ـدى؛ ۋەتەنمۇ ئۇنىڭغا كۆچلۈك مېھرىنى بەردى؛ مۇئاۋىن كومى- ـتېت باشلىقى بەنچەن زاڭزۇلارنى ۋە باشقا ھەر قايسى مىللەتلەر- نى سۆيدى، زاڭزۇلار ۋە باشقا ھەر مىللەت خەلقىمۇ ئۇنىڭغا چىن ھېسسىياتى بىلەن جاۋاب قايتۇردى. ئۇنىڭ نامى ھەم تۆھپىسى جۇڭخۇا زېمىنىدا، ھەر مىللەت خەلقىنىڭ قەلبىدە مەڭگۈ ساقلىنىدۇ!

# پارتىيىنىڭ مىللىي سىياسىتىنى قەتئىي تەۋرەنمەي ئىزچىللاشتۇرۇپ ۋە ئىجرا قىلىپ، مىللىي خىزمەتنى ئۈزلۈكسىز ئالغا سۈرەيلى*

(1990-يىل 2-ئاينىڭ 13-كۈنى)

80-يىللارنىڭ ئاخىرقى بىر يىلى ئۆتۈپ كەتتى، 90-يىللار باشلاندى. 1989-يىلى پۈتۈن مەملىكەتتىكى ھەر مىللەت خەلقى بىردەك ئىتتىپاقلىشىپ، پارتىيە رەھبەرلىكىنى ۋە سوتسىيالىستىك خەلق جۇمھۇرىيىتىنى قوغداش يولىدا جىددىي سىناقتىن ئۆتكەن ھەمدە تارىخىي غەلىبىگە ئېرىشكەن بىر يىل بولدى. ئۆتكەن ئون يىل دۆلىتىمىزنىڭ مىللىي ئىتتىپاقلىق-تەرەققىيات ئىشلىرى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى ۋە گوۋۇيۈەننىڭ رەھبەرلىكىدە زور يۈكسىلىشكە ئېرىشكەن ئون يىل بولدى. پارتىيە ۋە دۆلەتنىڭ مىللىي سىياسىتىنىڭ ئەسلىگە كېلىشى ۋە راۋاجلىنىشى ئارقىسىدا، تارىختىن قېپقالغان نۇرغۇن مەسىلىلەر پەيدىنپەي ھەل بولدى، پارتىيە بىلەن ھەر مىللەت

* بۇ— يولداش ئىسمايىل ئەھمەدنىڭ مەملىكەتلىك مىللىي ئىشلار كومىتېتىنىڭ مۇدىرلىرى يىغىنىدا سۆزلىگەن سۆزى.

خەلقىنىڭ قان بىلەن گۆشتەك يېقىن مۇناسىۋىتى كۈچەيدى؛ ئىسلاھات ئېلىپ بېرىش-ئىشىكنى ئېچىۋېتىش دولقۇنىدا ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىنىڭ بېكىنمە ھالىتى ۋە قاتمال تۈزۈلمىسى بۇزۇپ تاشلىنىشقا باشلىدى، مىسلى كۆرۈلمىگەن جۇشقۇنلۇق ۋە ھاياتىي كۈچ بارلىققا كەلدى، ئىجتىمائىي ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرى ئىزچىل راۋاجلاندى، ئاممىنىڭ ماددىي ۋە مەدەنىي تۇرمۇشى كۆرۈنەرلىك ياخشىلاندى؛ باراۋەرلىك، ئىتتىپاقلىق، ھەمكارلىق ئاساسىدىكى سوتسىيالىستىك يېڭى مىللىي مۇناسىۋەت تېخىمۇ مۇستەھكەملەندى ۋە راۋاجلاندى؛ ھەر مىللەت خەلقىنىڭ پارتىيىنى قىزغىن سۆيۈش، سوتسىيالىستىك ۋەتەننى قىزغىن سۆيۈش ئېتىقادى تېخىمۇ چىڭىدى، دۆلىتىمىزدىكى ھەر مىللەت خەلقى ئۇلۇغ 80-يىللارغا مۇناسىپ ئىش قىلدى.

1989-يىلى پارتىيىمىزنىڭ ۋە دۆلىتىمىزنىڭ تارىخىدا ئالاھىدە بىر يىل بولدى. مىللىي ئىتتىپاقلىق-تەرەققىيات تارىخىدىمۇ يېڭى سەھىپە ئېچىلدى. پارتىيىمىزنىڭ 3-ئەۋلاد رەھبەرلىك كوللېكتىپى پارتىيە ۋە دۆلەتنىڭ مىللىي سىياسىتىنى تەكىتلەپ، مىللىي خىزمەتنى توغرا يولنى بويلاپ داۋاملىق ئالغا ئىلگىرىلەش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلدى. ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىنىڭ ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشى ۋە مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىدا يېڭى مۇۋەپپەقىيەتلەر قولغا كەلدى، مىللەتلەرنىڭ ئىتتىپاقلىقى تېخىمۇ كۈچەيدى. بولۇپمۇ مەملىكىتىمىزنىڭ بەزى جايلىرىدا ۋە بېيجىڭدا ئېغىر مالىمانچىلىق يۈز بەرگەن جىددىي پەيتتە، ھەر مىللەت خەلقى كومپارتىيىگە تەلپۈنۈپ، سوتسىيالىزم يول-

غا تەۋرەنمەي مېڭىپ، ئىتتىپاقلىقنى قەدىرلەپ، تىرىشچانلىق بىلەن قۇرۇلۇش ئېلىپ بېرىپ، جەمئىيەتنىڭ مۇقىملىقى ۋە چېگرا رايوننىڭ مۇقىملىقى ئۈچۈن تۆھپە قوشتى. بۇ نەتىجە-لەرنىڭ قولغا كېلىشى— پارتىيىمىزنىڭ مىللىي سىياسىتىنىڭ دانا، توغرىلىقىنىڭ جانلىق ئىسپاتى، ئۇزاقتىن بۇيانقى مىللىي خىزمىتىمىزنىڭ، بولۇپمۇ ئاز كەم ئون يىلدىن بۇيانقى مىللىي خىزمىتىمىزنىڭ تازا ئۇنۇملۇك ئىشلەنگەنلىكىنىڭ كۈچلۈك نا-مايەندىسى. پاكىتلار شۇنى ئىسپاتلىدىكى، جۇڭخۇا مىللەتلىرى-نىڭ ئۇزاق تارىخىي جەرياندا شەكىللەنگەن ئۇيۇشقاقلىقى چوڭ بوران-چاپقۇننىڭ زەربىسىگە بەرداشلىق بېرەلەيدۇ. جۇڭگودا مىللىي مەسىلىنى ھەل قىلىشنىڭ پىشقەدەم پرولېتارىيات ئىن-قىلابچىلىرى ئېچىپ بەرگەن توغرا يولى بارغانسېرى كېڭىيىدۇ. بىز شۇنىڭغا شەكسىز ئىشىنىمىزكى، دۆلىتىمىزدىكى ھەر مىل-لەت خەلقى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى يېڭى رەھبەرلىك كول-لېكتىپىنىڭ باشچىلىقىدا، چوقۇم ئالدىنقىلارغا ۋارىسلىق قى-لىپ، كېيىنكىلەرگە يول ئېچىپ، مىللىي خىزمەتتە يېڭى تەجرىبە يارىتىپ، مىللىي ئىتتىپاقلىق-تەرەققىيات ئىشلىرىنىڭ يېڭى غەلىبىسىنى قولغا كەلتۈرەلەيدۇ.

1

1989-يىلى، بىز ئاساسەن مۇنۇ بىرقانچە جەھەتتىكى خىز-مەتنى ئىشلىدۇق:

(1) مالىمانچىلىققا بايرىقىمىز روشەن ھالدا قارشى تۇ-

روپ، ئومۇمىي ۋەزىيەتنىڭ مۇقىملىقىنى قەتئىي قوغدىدۇق. بولتۇر قىش-ئەتىياز-ياز ئارىلىقىدا، بېيجىڭدا سىياسىي ۋەقە يۈز بەردى. پارتىيە ۋە دۆلەتنىڭ ئىستىقبالىغا ۋە تەقدىرىگە تاقىلىدىغان بۇ جىددىي سىياسىي كۈرەشتە، دۆلەت مىللىي ئىشلار كومىتېتى پارتگۇرۇپپىسى ۋە مىللىي ئىشلار كومىتېتى سىستېمىسىدىكى كادىرلار بىلەن ئىشچى-خىزمەتچىلەرنىڭ مۇتلەق كۆپچىلىكى نىشاندىن ئاداشماي، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى ۋە گوۋۇيۈەن بىلەن سىياسىي جەھەتتە، ئىدىيە جەھەتتە، تەشكىلىي جەھەتتە بىردەكلىكنى قەتئىي ساقلاپ، پارتىيىنىڭ رەھبەرلىكى ۋە سوتسىيالىستىك تۈزۈمنى قوغداش، ۋەزىيەتنى مۇقىملاشتۇرۇش يولىدا كۆپ جەھەتتىن خىزمەت ئىشلىدى. شۇنىڭ بىلەن بىرۋاقىتتا، مىللىي ئىشلار كومىتېتى سىستېمىسىنىڭ نورمال خىزمەت تەرتىپىنى ساقلاش ۋە ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىنى مۇقىملىققا ئىگە قىلىش يولىدا بىر مۇنچە مۇھىم تەدبىرلەرنى قوللاندى. 4-ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرىدىن باشلاپ، مىللىي ئىشلار كومىتېتى پارتگۇرۇپپىسى بىر تەرەپتىن مەركىزىي مىللەتلەر ئىنستىتۇتىنىڭ ۋە باشقا مىللەتلەر ئىنستىتۇتلىرىنىڭ ئوقۇغۇچىلار خىزمىتىنى ياخشى ئىشلىشىگە مەدەت بەردى ۋە ياردەم بەردى، كومىتېت دەرىجىلىك ۋە مەھكىمە دەرىجىلىك رەھبىرىي كادىرلارنى ئەۋەتىپ، ئوقۇغۇچىلارغا 26-ئاپرېل باش ماقالىسىنىڭ روھى بىلەن تەربىيە بەردى ۋە يول كۆرسەتتى. يەنە بىر تەرەپتىن ئۆز سىستېمىسىدىكى كەڭ كادىرلارنى، ئىشچى-خىزمەتچىلەرنى ج ك پ مەركىزىي كومىتېتى، گوۋۇيۈەننىڭ ئۇقتۇرۇشىنى، يولداش دېڭ شياۋپىڭنىڭ

ۋەزىيەتنى مۇقىملاشتۇرۇش توغرىسىدىكى يولىيورۇقىنى شۇنىڭ-
دەك خەلق گېزىتىنىڭ «مالىمانچىلىققا بايرىقىمىز روشەن ھالدا
قارشى تۇرۇشىمىز شەرت» دېگەن تېمىدىكى باش ماقالىسىنى
ئۆگىنىشكە ئۇيۇشتۇرۇپ، مىللىي ئىشلار كومىتېتى سىستېمى-
سىنىڭ مۇقىملىق خىزمىتىنى ئومۇميۈزلۈك ئورۇنلاشتۇردى.
5-ئاينىڭ 16-كۈنى بېيجىڭدا مالىمانچىلىق يەنىمۇ ئىلگىرىلەپ
ئەۋج ئالغان جىددىي پەيتتە، مىللىي ئىشلار كومىتېتى پارتگۇ-
رۇپپىسى مەھكىمە دەرىجىلىكتىن يۇقىرى كادىرلار يىغىنىنى
چاقىردى ھەمدە مىللىي ئىشلار كومىتېتى سىستېمىسىدىكى كا-
دىرلار بىلەن ئىشچى-خىزمەتچىلەرنىڭ تىنچ-ئىتتىپاقلىق ئومۇ-
مىيىتىنى قەتئىي قوغدىشى، خىزمەت ئورنىدا چىڭ تۇرۇشى،
پىتنە-ئىغۋا تارقاتماسلىقى، پىتنە-ئىغۋاغا ئىشەنمەسلىكى، نا-
مايىشقا قاتناشماسلىقى، كوچىغا چىقىپ ئولىشىۋېلىپ تاماشا
كۆرمەسلىكى توغرىسىدا قارار چىقاردى. مىللىي ئىشلار كومى-
تېتى ئورگىنىدىكى ھەرقايسى تارماقلار ۋە كومىتېتقا قاراشلىق
ھەرقايسى ئورۇنلار پارتگۇرۇپپىنىڭ قارارىنى تېز يەتكۈزدى، بۇ
قارار مىللىي ئىشلار كومىتېتى سىستېمىسىنىڭ مۇقىملىقىنى
ساقلاشتا زور رول ئوينىدى. 5-ئاينىڭ ئاخىرقى ئون كۈنىدە،
مىللىي ئىشلار كومىتېتى پارتگۇرۇپپىسى پايتەختنىڭ ۋە مەملى-
كىتىمىزدىكى بىرمۇنچە جايلارنىڭ ۋەزىيىتىنى نەزەردە تۇتۇپ،
5-ئاينىڭ 28-كۈنى يىغىن ئېچىپ، پارتىيە مەركىزىي كومىتې-
تى بىلەن گوۋۇيۈەننىڭ يولىيورۇقىنى يەنىمۇ ئىلگىرىلەپ ئىز-
چىللاشتۇرۇش، مىللىي مۇناسىۋەتنى ئوبدان بىر تەرەپ قى-
لىش، ئەنسىزلىك ئامىللىرىنى تىرىشىپ تۈگىتىش، مىللەتلەر

ئىتتىپاقلىقىنى، ئارمىيە-خەلق ئىتتىپاقلىقىنى مۇستەھكەم-
لەش ۋە كۈچەيتىش، ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىنىڭ، بولۇپ-
مۇ چېگرا رايونلارنىڭ مۇقىملىقىنى ساقلاش مەسىلىلىرىنى مۇ-
ھاكىمە قىلدى ھەمدە كومىتېت پارتگورۇپپىسىنىڭ پارتىيە مەر-
كىزىي كومىتېتى بىلەن گوۋۇيۈەنگە يوللىغان دوكلاتىنى ھەر-
قايسى ئۆلكىلىك، ئاپتونوم رايونلۇق، بىۋاسىتە قاراشلىق شە-
ھەرلىك مىللىي ئىشلار كومىتېتلىرىغا تارقىتىپ، چېگرىغا جاي-
لاشقان ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىغا پارتىيە مەركىزىي كوم-
تېتى بىلەن گوۋۇيۈەن يوليورۇقىنىڭ روھىنى ۋە مىللىي ئىش-
لار كومىتېتى پارتگورۇپپىسىنىڭ پىكرىنى يەتكۈزدى. مىللىي
ئىشلار كومىتېتى پارتگورۇپپىسى بېيجىڭدىكى ئاز سانلىق مىل-
لەت زاتلىرىنىڭ سۆھبەت يىغىنىنى ۋاقتىدا ئېچىپ، ئۇلارنى
پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى بىلەن گوۋۇيۈەننىڭ «بارلىق كوم-
پارتىيە ئەزالىرىغا ۋە پۈتۈن مەملىكەت خەلقىگە مۇراجىئەتنامە»
سىنى ئۆگىنىشكە ئۇيۇشتۇردى ھەمدە پايتەختتىكى ئاز سانلىق
مىللەتلەرنىڭ ھال سوراش ئۆمىكىنى تەشكىللەپ، ھەربىي ھا-
لەت يۈرگۈزگۈچى قىسىملارنىڭ قەھرىمان ئوفىتسېر-ئەس-
كەرلىرىدىن سەمىمىي ھال سوراپ، پۈتۈن مەملىكەتتىكى ھەر
مىللەت خەلقىنىڭ پارتىيىنى ۋە سوتسىيالىزمنى ھىمايە قىلىد-
غان قەتئىي ئېتىقادىنى بىلدۈردى.

ئەمەلىيەت مىللىي خىزمەت تارماقلىرىدىكى كەڭ كادىرلار
بىلەن ئاممىنىڭ تۆت ئاساسىي پرىنسىپتا چىڭ تۇرۇش ۋە بۇر-
ژۇئاچە ئەركىنلەشتۈرۈشكە قارشى تۇرۇش كۈرىشىدە، ئاڭلىق
بولغانلىقىنى، ئومۇمىي ۋەزىيەتنى نەزەردە تۇتقانلىقىنى ۋە ئىند-

تىزامغا رىئايە قىلغانلىقىنى ئىسپاتلىدى. مىللىي ئىشلار كومىـ
تېتى ئورگىنى مالىمانچىلىق قىزىغان رايونغا جايلاشقان بولسىـ
مۇ، لېكىن نامايىش قىلىش، مەدەت بېرىشكە ئوخشاش قانۇنـ
سىز ھەرىكەتلەرگە بىرمۇ كادىر قاتناشمىدى، تۈرلۈك خىزمەتـ
لەر نورمال داۋاملاشتى. كومىتېتقا قاراشلىق ئورۇنلاردىكى
پارتىيە تەشكىلاتلىرىنىڭ مۇتلەق كۆپچىلىكى جەسۇر ۋە كۈچلۈك
بولدى، كەڭ كادىرلار، ئىشچى-خىزمەتچىلەر مالىمانچىلىققا
قارشى تۇرۇپ، خىزمەت ئورنىدىن ئاجرىمىدى. مىللەتلەر مەدەـ
نىيەت سارىيىدىكى ئىشچى-خىزمەتچىلەر قورallıq ساقچى قىـ
سىمىنىڭ توپىلاڭنى تىنچىتىشتا ياردار بولغان 100دىن ئارتۇق
ئوفىتسېر-ئەسكىرىنى ھاياتىنىڭ خەۋپكە ئۇچرىشىغا قارىماي
قۇتقۇزدى ۋە مۇھاپىزەت قىلدى. ھەر دەرىجىلىك مىللىي ئىشلار
كومىتېتلىرى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى بىلەن گوۋۇيۈەننىڭ
توغرا تەدبىرىنى قەتئىي ھىمايە قىلدى، ئۇلار ھەر دەرىجىلىك
پارتىيە-ھۆكۈمەت تارماقلىرىنىڭ رەھبەرلىكىدە، مالىمانچىلىققا
قارشى تۇرۇپ، ئومۇمىي ۋەزىيەتنى كۆزدە تۇتۇپ، ئۆز جايىنىڭ
ئەمەلىي ئەھۋالىغا ئاساسلىنىپ، ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىـ
نىڭ مۇقىملىقىنى ساقلاش يولىدا ئۆز تىرىشچانلىقىنى
كۆرسەتتى.

مەركەزنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى ۋە تەلىپى بويىچە، تەكشۈـ
رۈش-ئېنىقلاش ۋە كادىرلارنى سىناش خىزمىتى ئەستايىدىل
قانات يايدۇرۇلۇپ، كەڭ كادىرلار ۋە ئىشچى-خىزمەتچىلەرنىڭ
تۆت ئاساسىي پرىنسىپتا چىڭ تۇرۇش، بۇرژۇئاچە ئەركىنلەشـ
تۈرۈشكە ۋە چىرىكلىككە قارشى تۇرۇش، تىنچ ئۆزگەرتىۋېتىشـ

كه قارشى تۇرۇش ئاڭلىقلىقى تېخىمۇ ئۆستۇرۇلدى، قوشۇن پاكلاشتۇرۇلدى، يوشۇرۇن ئاپەت يوقىتىلدى؛ كادىرلار قوشۇنىنىڭ، بولۇپمۇ ھەر دەرىجىلىك رەھبەرلىك بەنزىلىرىنىڭ ئىدىيىۋى ۋە تەشكىلىي قۇرۇلۇشى كۈچەيتىلدى. بۇنىڭ بىلەن تىنچ-ئىتتىپاقلىق سىياسىي ۋەزىيىتىنى مۇستەھكەملەش ۋە راۋاجلاندۇرۇش، يېڭى دەۋردىكى مىللىي خىزمەتنى ئوبدان ئىشلەش ئۈچۈن شارائىت يارىتىلدى.

(2) پارتىيە 13-نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 4- ۋە 5-ئومۇمىي يىغىنلىرىنىڭ روھى ئىزچىللاشتۇرۇلۇپ، ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىنىڭ تۈزەش-ياخشىلاش ئىشلىرى يۈكسەلدۈرۈلۈپ، ئىسلاھاتى چوڭقۇرلاشتۇرۇلۇپ، مىللىي ئىتتىپاقلىق-تەرەققىيات ئىشلىرى تىرىشىپ ئالغا سۈرۈلدى. ئەھۋالنىڭ قانداق ئۆزگىرىشىدىن قەتئىينەزەر، پارتىيە ۋە دۆلەت مىللىي خىزمەتكە ئىنتايىن ئەھمىيەت بېرىپ كەلدى. باش شۇجى جياڭ زېمىن، لى پېڭ قاتارلىق پارتىيە ۋە دۆلەت رەھبەرلىرى ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىغا چوڭقۇر چۆكۈپ، تەكشۈرۈش-تەتقىقات ئېلىپ بېرىپ، ھەر مىللەت كادىرلىرى ۋە ئاممىسى بىلەن ئىتتىپاقلىقنى كۈچەيتىش، ئورتاق گۈللىنىشتىن ئىبارەت چوڭ ئىشلار ئۈستىدە كېڭەشتى ھەمدە ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىنىڭ مەملىكەتلىك نامراتلارنى يۆلەش خىزمىتى يىغىنى قاتارلىق يىغىنلارغا قاتنىشىپ، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى بىلەن گوۋۇيۈەننىڭ ئاز سانلىق مىللەتلەرگە ۋە مىللىي خىزمەتكە بولغان غەمخورلۇقى ۋە دىققەت-ئېتىبارىنى تولۇق گەۋدىلەندۈردى. ھەر دەرىجىلىك پارتىيە-ھۆكۈمەت تار-

ماقلىرى پارتىيىنىڭ مىللىي سىياستىنى ئەستايىدىل ئىزچىللاشتۇرۇپ ۋە ئىجرا قىلىپ، بىرمۇنچە كونكرېت تەدبىرلەرنى قوللىنىپ، ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ئىقتىسادىي قۇرۇلۇش، مەدەنىيەت قۇرۇلۇشى قاتارلىق تۈرلۈك قۇرۇلۇش ئىشلىرىغا ياردەم بەردى. ئالاقىدار تارماقلار مىللىي خىزمەتنى داۋاملىق قوللىدى. مۇستەھكەم رەھبەرلىك ۋە كۈچلۈك خىزمەتتىن مول نەتىجە ھاسىل بولدى. ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىنىڭ ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشى قاتمۇقات قىيىنچىلىقلارنى يېڭىش ئارقىسىدا داۋاملىق راۋاجلاندى، بولۇپمۇ دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق ئىشلەپچىقىرىشىدا يېڭى رېكورد يارىتىلدى، ھەر مىللەت خەلقىنىڭ تۇرمۇش سەۋىيىسى تېخىمۇ ئۆستى، مائارىپ ۋە مەدەنىيەت قاتارلىق تۈرلۈك ئىشلار يېڭى تەرەققىياتقا ئېرىشتى. ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرى مۇقىم بولدى، ھەر مىللەت خەلقى ئىتتىپاقلىشىپ تىرىشچانلىق بىلەن ئالغا ئىلگىرىلىدى.

—تۈزەش-ياخشىلاش فاڭجېنى ئەستايىدىل ئىزچىللاشتۇرۇلۇپ، ئالاقىدار تارماقلار بىلەن ھەمكارلىشىش ئاساسىدا، ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىنىڭ ئىقتىسادىي جەھەتتىكى مۇقىملىقى ۋە تەرەققىياتى ئالغا سۈرۈلدى. دۆلەت مىللىي ئىشلار كومىتېتى گوۋۇيۈەننىڭ نامرات رايونلارنىڭ ئىقتىسادىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش رەھبەرلىك گۇرۇپپىسى بىلەن بىرلىكتە، 100 نامرات ناھىيە ئۈستىدە تەكشۈرۈش-تەتقىقات ئېلىپ بېرىش ئارقىسىدا، ئاز سانلىق مىللەت نامرات رايونلىرىغا مايىل بولىدىغان ئېتىبار بېرىش سىياسەتلىرى ۋە تەدبىرلىرىنى ئوتتۇرىغا قويدى، گوۋۇيۈەن بۇ سىياسەت-تەدبىرلەرنى مۇئەييەنلەشتۈرۈپ، ھەر

قايسى جايلارنىڭ ۋە تارماقلارنىڭ ئىجرا قىلىشى ئۈچۈن، [1989] 62-نومۇرلۇق ھۆججەت بىلەن تەستىقلاپ تارقاتتى ھەمدە ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىنىڭ مەملىكەتلىك نامراتلار-نى يۆلەش خىزمەت يىغىنىنى چاقىردى؛ دۆلەت مىللىي ئىشلار كومىتېتى ئالاقىدار تارماقلار ۋە دېموكراتىك پارتىيە-گۇرۇھلار بىلەن داۋاملىق بىرلىشىپ، «نامراتلارنى پەن-تېخنىكا ئارقىلىق يۆلەش» ، «چېگرا رايونلارغا ئەقلىي جەھەتتىن ياردەم بېرىش» پائالىيەتلىرىنى قانات يايدۇرۇپ، نامراتلارنى پەن-تېخنىكا ئار-قىلىق يۆلەش سىنىقى ئېلىپ بېرىلىدىغان ناھىيىنى 105كە كېڭەيتتى. ھەر دەرىجىلىك مىللىي ئىشلار كومىتېتلىرى دۆلەت-نىڭ كەسىپ سىياسىتىگە ۋە مۇۋاپىق جايلاشتۇرۇش پرىنسىپىغا ئاساسەن، يېنىك سانائەت-توقۇمىچىلىق سانائىتى تارماقلىرى بىلەن بىرلىكتە، مەملىكەت بويىچە ئاز سانلىق مىللەت لازىمەت-لىكلىرىنى ئىشلەپچىقىرىش نۇقتىسى قىلىپ بەلگىلەنگەن كار-خانىلارنى ئېنىقلاپ، تۈزەش-ياخشىلاش روھىغا ۋە ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ تۇرمۇش ئېھتىياجىغا ئاساسەن، نۇقتا قىلىپ بەل-گىلەنگەن كارخانىلارنى تەكشۈرۈپ بېكىتىپ، ئاز سانلىق مىل-لەت لازىمەتلىكلىرى ئىشلەپچىقىرىشنىڭ مۇقىملىقىغا كاپالەت-لىك قىلدى؛ شۇنىڭ بىلەن بىرۋاقىتتا، ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىنىڭ پىلان سىرتىدىكى تاماكا زاۋۇتلىرى توغرىسىدا پەرقلىق مۇئامىلە قىلىش، ئېھتىياتچانلىق بىلەن بىر تەرەپ قىلىش تەكلىپىنى ئوتتۇرىغا قويدى، بۇ تەكلىپنى گوۋۇيۈەن ۋە ئالاقىدار تارماقلار ئېتىبارغا ئالدى ۋە قوبۇل قىلدى؛ ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىدا قوش يۆنىلىشلىك ئېچىۋېتىش ئالغا

سۇرۇلدى، ئىچكى-تاشقى ئىقتىسادىي-تېخنىكىۋى ئالاقە ۋە ھەمكارلىق كېڭەيتىلدى، «تيەنجىن شەھىرى ۋە ئون ئۆلكە-ئاپ-تونوم رايوننىڭ ئىقتىسادىي ھەمكارلىق سۆھبەت يىغىنى» دىلا 400 دىن ئارتۇق مۇددىئا كېلىشىمى ئىمزالاندى؛ دۆلەت بايرىمى مەزگىلىدە ئاز سانلىق مىللەت لازىمەتلىكلىرى ۋە ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىنىڭ داڭدار، ئالاھىدە ھەم سۈپەتلىك مەھ-سۇلاتلىرى يەرمەنكىسى ئۆتكۈزۈلدى. تۈزەش-ياخشىلاش فاڭ-جېنىنى ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىدا تېخىمۇ ياخشى ئىزچىل-لاشتۇرۇش ۋە ئەمەلىيلەشتۈرۈش ئۈچۈن، بىز دۆلەت پىلان كومىتېتى بىلەن بىرلىكتە سەككىز ئۆلكە، ئاپتونوم رايوننىڭ رەھبەرلىرىنى بېيجىڭغا تەكلىپ بىلەن ئەكەلدۇق، ئۇلار مەر-كەزدىكى 20 نەچچە مىنىستىرلىك-كومىتېتتىكى ئالاقىدار يول-داشلار بىلەن ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىدا 7-بەش يىللىق پىلاننىڭ ئىجرا قىلىنىش ئەھۋالى ۋە تۈزەش-ياخشىلاش مەزگى-لىدە ھەل قىلىشقا تېگىشلىك بەزى ئالاھىدە مەسىلىلەر ئۈستىدە سۆھبەت ئۆتكۈزدى.

— ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ مائارىپ، پەن-تېخنىكا ۋە مەدەنىيەت ئىشلىرى راۋاجلاندۇرۇلدى، سوتسىيالىستىك مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشى ياخشى تۇتۇلدى. بىز دۆلەت مائارىپ كومىتېتى بىلەن بىرلىكتە، مەملىكەتلىك مىللىي مائارىپ خىز-مەت يىغىنىنى چاقىرىش ئۈچۈن نۇرغۇن تەييارلىق ئىشىنى ئىش-لىدۇق؛ مائارىپ كومىتېتى بىلەن بىرلىشىپ، ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىنىڭ كەسپىي-تېخنىكا مائارىپى ۋە ئېلېكتىر-لەشكەن ئوقۇتۇش بويىچە مەملىكەتلىك مۇھاكىمە يىغىنى چاقى-

ـرىپ، ئالاقىدار ئىسلاھات تەدبىرلىرىنى مۇھاكىمە قىلىپ ۋە تۈزۈپ، بۇ خىزمەتنىڭ ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىدىكى تەرەق-قىياتىنى ئالغا سۈردۇق؛ بىزگە قاراشلىق مىللەتلەر ئالىي مەك-تەپلىرىنىڭ ئوقۇتۇش شارائىتىنى ياخشىلىشىغا ۋە ئوقۇتۇش سۈپىتىنى ئۆستۈرۈشكە، ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىنىڭ ئېھتىياجىغا باب كېلىدىغان، ئەخلاقىي، ئەقلىي، جىسمانىي جەھەتلەردىن ئەتراپلىق كامالەت تاپقان ئوتتۇرا، يۇقىرى دەرى-جىلىك مەخسۇس ئىختىساس ئىگىلىرىنى تەربىيىلەپ يېتىشتۈرۈ-شكە پىلانلىق ياردەم بەردۇق. جۇڭگو پەن-تېخنىكا جەمئىيىتى بىلەن بىرلىكتە ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىنىڭ پەننى ئومۇ-لاشتۇرۇش خىزمىتى سۆھبەت يىغىنى چاقىرىپ، ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىنىڭ پەن-تېخنىكا تەرەققىياتىغا يەنىمۇ ئىلگى-رىلەپ تۈرتكە بولدۇق، رادىئو-كىنو-تېلېۋىزىيە مىنىستىرلى-كى بىلەن بىرلىكتە تۇنجى نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك ئاز سانلىق مىللەت تېمىسىدىكى كىنو ئىجادىيىتى سۆھبەت يىغىنىنى چا-قىردۇق؛ ئاز سانلىق مىللەتلەر مەدەنىيىتى ھەققىدىكى تاشقى تەشۋىقات ۋە تاشقى ئالاقە پائالىيىتىنى قانات يايدۇردۇق، چەت ئەلگە چىقىپ ئويۇن قويۇش ۋە كۆرگەزمە قىلىش ئۈچۈن ئاز سانلىق مىللەت سەنئەت ئۆمىكى، ئاز سانلىق مىللەت كىيىم-كېچەك ۋە زىننەت بۇيۇملىرى كۆرگەزمە ئۆمىكى قاتارلىقلارنى تەشكىللەپ، دۆلىتىمىزنىڭ مىللىي سىياسىتىنى تەشۋىق قىلى-دىغان، ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ئېسىل ئەنئەنىۋى مەدەنى-يەت-سەنئىتىنى دۇنياغا يۈزلەندۈرىدىغان بەزى يوللارنى ئاچتۇق.

— مىللىي ئىنتىپاقلىق-تەرەققىيات بويىچە مەملىكەتلىك
تەقدىرلەش يىغىنىنىڭ روھى يەنىمۇ ئىلگىرىلەپ ئىزچىللاشتۇ-
رۇلدى. 1989-يىلى، مىللىي ئىنتىپاقلىق-تەرەققىيات بويىچە
ئىلغار كوللېكتىپ، ئىلغار شەخسلەرنى بارلىققا كەلتۈرۈش ۋە
تەقدىرلەش پائالىيىتى پۈتۈن مەملىكەت مىقياسىدا داۋاملىق تۈر-
دە كەڭ، چوڭقۇر قانات يايدۇرۇلدى؛ بەزى ئۆلكە، ئاپتونوم
رايونلار مىللىي ئىنتىپاقلىق-تەرەققىيات بويىچە ئىلغار ناھىيە،
ئىلغار ۋىلايەت (ئوبلاست، شەھەر) يارىتىش پائالىيىتىنى قانات
يايدۇردى، دۆلەت مىللىي ئىشلار كومىتېتى ئاز سانلىق مىللەت-
لەرنىڭ چوڭ تىپتىكى ئېكسكۇرسىيە ئۆمەكلىرىنى ئۇيۇشتۇردى
ۋە جۇمھۇرىيىتىمىز قۇرۇلغانلىقىنىڭ 40 يىللىقىنى تەبرىكلەش
مۇناسىۋىتى بىلەن، ئاز سانلىق مىللەت سەنئەتكارلىرىنىڭ بىر-
لەشمە ئويۇن قويۇش پائالىيىتىنى، مىللىي ئىنتىپاقلىق-تە-
رەققىيات بويىچە ماقالە توپلاش پائالىيىتىنى ئۆتكۈزدى، جومھۇ-
رىيىتىمىز قۇرۇلغانلىقىنىڭ 40 يىللىقى مۇناسىۋىتى بىلەن،
تەسىرى كەڭ دائىرىلىك مىللىي ئىنتىپاقلىق دولقۇنى قوزغى-
تىلدى.

— ھەر مىللەت كادىرلىرى ۋە خەلق ئاممىسى پارتىيىنىڭ
رەھبەرلىكىدە بۆلگۈنچىلىك كۈچلىرىگە قارشى قەتئىي، كۈچ-
لۈك كۈرەش قىلدى. ئۇلار جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى-
گە، سوتسىيالىزمغا قىزغىن مۇھەببەت باغلاپ، دۆلەتنى پارچى-
لايدىغان، مىللىي ئىتتىپاقلىقنى بۇزىدىغان ھەرىكەت ۋە سۆز-
لەرگە قەتئىي قارشى تۇردى ھەمدە كۈرەش داۋامىدا بۆلگۈنچىلىك
ھەرىكەتلىرىگە قارشىلىق كۆرسىتىش ئىقتىدارى ۋە بۆلگۈنچى-

لىك ھەرىكەتلىرىنى پەرق ئېتىش ئىقتىدارىنى ئۆستۈردى. ئۇ-
نىڭدىن باشقا، ھەر قايسى جايلار مىللىي مۇناسىۋەتتە ساقلىنى-
ۋاتقان بىرمۇنچە مەسىلىلەرنى ئوبدان بىر تەرەپ قىلىپ، مىل-
لەتلەرنىڭ بۈيۈك ئىتتىپاقلىقىنى قوغدىدى.

— مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە قانۇنى يەنىمۇ ئىل-
گىرىلەپ ئىزچىللاشتۇرۇلۇپ، سوتسىيالىستىك قانۇنچىلىق قۇ-
رۇلۇشى كۈچەيتىلدى. 1989-يىلى، گوۋۇيۈەننىڭ تەستىقى بى-
لەن، يېڭىدىن يەتتە ئاپتونوم ناھىيە قۇرۇلدى؛ ئاپتونومىيە
قانۇنى ئېلان قىلىنىپ يولغا قويۇلغاندىن بۇيانقى بەش يىل
مابەينىدە قولغا كەلگەن مۇۋەپپەقىيەتلەر، ھاسىل قىلىنغان تەج-
رىبىلەر ۋە ساقلانغان مەسىلىلەر خۇلاسىلىنىپ، «مىللىي يېزى-
لارنىڭ خىزمەت نىزامى» ۋە «شەھەرلەرنىڭ مىللىي خىزمەت
نىزامى» تەييارلاندى ھەمدە بۇ ھەقتە گوۋۇيۈەننىڭ 14
مىنىستىرلىك-كومىتېتىدىن كەڭ پىكىر ئېلىندى؛ ئالاقىدار
تارماقلار بىلەن بىرلىكتە ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرىنى تەر-
بىيىلەپ يېتىشتۈرۈش، تاللاش ۋە ئىشقا قويۇش ئەھۋالى ئۈستى-
دە مەخسۇس تەكشۈرۈش-تەتقىقات ئېلىپ بېرىلدى، «ئاز سان-
لىق مىللەت كادىرلىرىنى تاللاش، تەربىيىلەش ۋە ئىشقا قويۇش
خىزمىتىنى كۈچەيتىش توغرىسىدىكى پىكىر» تەييارلاندى.

(3) ئورگان قۇرۇلۇشى كۈچەيتىلىپ، كادىرلارنىڭ سۈ-
پىتى ئۆستۈرۈلدى. 1989-يىلى، دۆلەت مىللىي ئىشلار كومى-
تېتى ۋەزىپە، ئاپپارات ۋە شتاتنى بېكىتىشنىڭ يېڭى لايىھىسىنى
يولغا قويۇپ، ھەرقايسى مەھكىمە، بەنگۇڭتىڭ، ئىشخانا، ئىدا-
رىلەر ئۈستىگە ئالغان مەسئۇلىيەت ۋە ۋەزىپىگە قاراپ، ھەر

قايسى تارماقلارنىڭ شتاتى ۋە ئاپپارات قۇرۇلمىسىنى بېكىتىپ، پۈتۈن مەملىكەتنىڭ مىللىي خىزمىتىگە يۈزلىنىش، ئومۇمىي جەھەتتىن يېتەكچىلىك قىلىش فۇنكسىيىسىنى كۈچەيتتى. دۆلەت مىللىي ئىشلار كومىتېتىنىڭ گوۋۇيۈەن تەستىقلىغان ۋەزىپە، ئاپپارات ۋە شتاتنى بېكىتىش لايىھىسى پۈتۈن مەملىكەتنىڭ ھەرقايسى جايلىرىغا تارقىتىلغاندىن كېيىن، ئۇنىڭغا بىرمۇنچە جايلاردىكى پارتىيە تەشكىلاتلىرى ۋە ھۆكۈمەت تازا ئەھمىيەت بېرىپ، كادىرلارنى پائال تاللاپ يۆتكەپ، خادىملارنى تولۇقلاپ، ھەر دەرىجىلىك مىللىي خىزمەت ئاپپاراتلىرىنى كۈچەيتتى. دۆلەت مىللىي ئىشلار كومىتېتى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى بىلەن گوۋۇيۈەننىڭ پاكلىق قۇرۇلۇشىنى ياخشى تۇتۇشقا ئوخشاش ئىشلار توغرىسىدىكى بىرقاتار يوليورۇقلىرىنى ئەستايىدىل ئىزچىللاشتۇرۇپ، سىياسىي ئۆگىنىش ۋە ئىدىيىۋى تەربىيە جەھەتتىكى خىزمەتنى كۈچەيتىش ۋە ياخشىلاشقا دىققەت قىلدى، بۇ ئىش كادىرلار ۋە ئىشچى-خىزمەتچىلەرنىڭ سۈپىتىنى ئۆستۈرۈش، ئىستىلنى ياخشىلاش، ئورگان قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىشتە ئىجابىي تەسىر كۆرسەتتى. كومىتېتقا قاراشلىق ھەرقايسى ئورۇنلاردىكى كەڭ كادىرلار ۋە ئىشچى-خىزمەتچىلەر ئىتتىپاقلىشىپ-ھەمكارلىشىپ، تىرىشىپ ئىشلەپ، ۋەزىپىلەرنى غەلىبىلىك ئورۇنداپ مىللىي ئىتتىپاقلىق-تەرەققىيات ئىشلىرى ئۈچۈن يېڭى تۆھپە قوشتى.

بۇلتۇرقى خىزمەتلەرنى ئەسلىگەندە، مىللىي ئىشلار كومىتېتى پارتگۇرۇپپىسى يەنىلا بەزى مەسىلىلەرنىڭ ساقلىنىۋاتقانلىقىنى ھېس قىلدى: بىرنەچچە يىل مابەينىدە، دۆلەت مىللىي

ئىشلار كومىتېتىدىن تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىشقا بارغان يولداشلار ئاز ئەمەس، ئەمما تەكشۈرۈش-تەتقىق قىلىشتا بىر پۈتۈن پىلانلاش ۋە كونكرېت يېتەكچىلىك قىلىش كەمچىل بولدى. تەكرار ئەمگەك كۆپ، ئۆزئارا تولۇقلاش ئەھۋالى ئاز بولدى؛ كۆچۈرمە ماتېرىيال كۆپ، 1-قول ماتېرىيال ئاز بولدى؛ تەكشۈرۈش ماتېرىيالىنى پىششىقلاش يېتەرلىك بولمىدى، ئۇنىڭ خىزمەتكە يېتەكچىلىك قىلىش ۋە تۈرتكە بولۇش رولى تولۇق جارى قىلدۇرۇلمىدى. پارتگۇرۇپپىمىز— ئىتتىپاقلاشقان، دېموكراتىيە-مەركەزلەشتۈرۈش تۈزۈمىدە چىڭ تۇرىدىغان، خىزمەتنى تىرىشىپ ئىشلەيدىغان بىر كوللېكتىپ، ئەمما ئىدىيۋى تەربىيە خىزمىتىدە بەزى ئاجىز ھالقىلار ساقلاندى، كومىتېت ئورگىنىدىكى ھەرقايسى تارماقلار ۋە كومىتېتقا قاراشلىق ھەرقايسى ئورۇنلاردا ساقلىنىۋاتقان بەزى گەۋدىلىك مەسىلىلەرنى ئۆز ۋاقتىدا مۇھاكىمە قىلىپ ھەل قىلىش يېتەرلىك بولمىدى.

## 2

80-يىللاردىكى ئون يىللىق تارىخنى ئەسلەيدىغان بولساق، شۇنى تونۇپ يېتىمىزكى، ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشنى مەركەز قىلىشتا چىڭ تۇرۇش، تۆت ئاساسىي پرىنسىپتا چىڭ تۇرۇش، ئىسلاھات ئېلىپ بېرىشتا-ئىشىكنى ئېچىۋېتىشتە چىڭ تۇرۇش — ھەقىقەتەنمۇ پارتىيىمىز ۋە دۆلىتىمىزنىڭ شۇنىڭدەك ھەر مىللەت خەلقىنىڭ تەقدىرىگە تاقىلىدىغان، جۇڭخۇا مىللەتلىرى ئۇزاق مۇددەت ئىزدىنىش داۋامىدا ئېرىشكەن ئۇلۇغ ھەقىقەت،

بارلىق خىزمىتىمىزنىڭ غەلىبىلىك ئالغا ئىلگىرىلىشىگە يول كۆرسىتىدىغان ماياك. مىللىي خىزمەت تارماقلىرىنىڭ ئەڭ مۇھىم بۇرچى— پارتىيىنىڭ ئاساسىي لۇشيەنىنى مىللىي خىزمەتنىڭ پۈتۈن ئەمەلىيىتىگە سىڭدۈرۈش، ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى قەتئىي تەۋرەنمەي قوغداش، مىللىي باراۋەرلىك، مىللىي ئىتتىپاقلىق، مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە ۋە مىللەتلەرنىڭ ئورتاق گۈللىنىشى توغرىسىدىكى سىياسەتلەرنى ئېغىشماي ئىجرا قىلىش؛ ماددىي مەدەنىيەت قۇرۇلۇشى بىلەن مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنى بىللە تۇتۇپ، مىللىي ئىتتىپاقلىق-تەرەققىيات ئىشلىرىنى ئۈزلۈكسىز ئالغا سىلجىتىش. كونكرېت ئېيتقاندا، 1989-يىللىق ئەمەلىي خىزمەتتە، تۆۋەندىكى بىرنەچچە تەسىراتقا ئىگە بولدۇق:

(1) مالىمانچىلىققا قەتئىي قارشى تۇرۇش، بۇ يولدا كۈچىمىزنى ئايىماي، مەسئۇلىيىتىمىزنى تولۇق ئادا قىلىش. جاھان تېخى تىنچىغىنى يوق. سوتسىيالىستىك تۈزۈمنى قوغداش يولىدىكى كۈرەش بەزىدە يەنىلا ئۆتكۈر، مۇرەككەپ بولىدۇ. مەملىكەت ئىچى ۋە سىرتىدىكى جۇڭگوغا قارشى، كومپارتىيىگە قارشى، سوتسىيالىزمغا قارشى كۈچلەر ۋە بۆلگۈنچىلەر تولا چاغلاردا مىللەت، دىن تۇغىنى كۆتۈرۈپ چىقىپ، مالىمانچىلىق تۇغدۇرۇپ، بۆلگۈنچىلىك ھەرىكەتلىرىنى ئېلىپ بېرىپ، كومپارتىيىنىڭ رەھبەرلىكىنى ئاغدۇرۇش، سوتسىيالىزمنى نابۇت قىلىش، دۆلىتىمىزنى پارچىلاشقا ئۇرۇنىدۇ. بۇنداق كۈرەش ئۇزاققىچە مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدۇ. بۇنىڭغا يېتەرلىك تونۇش ۋە ئىدىيىۋى تەييارلىق بولۇشى كېرەك. بىز شۇنداق بىر پرىنسىپ-

ـنى ئەستە چىڭ تۇتۇشىمىز ۋە ئىگىلىشىمىز كېرەككى، ھەر قانداق ۋاقىتتا پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى ۋە گوۋۇيۇەننىڭ بىر تۇتاش قوماندىسىغا قەتئىي بويسۇنۇش لازىم. ئەھۋال قانچە مۇ-رەككەپلەشسە، شۇنچە تەمكىن، ئېغىر-بېسىق بولۇش، ئىنتىـ-ـزامغا قاتتىق رىئايە قىلىش، ئىش ئورنىدا چىڭ تۇرۇش، مەس-ئۇلىيەتنى تولۇق ئادا قىلىش، ئىمكانىيەت يار بەرگەن دائىرىدە پارتىيە ۋە دۆلەتكە ھەمدەم بولۇش كېرەك. شۇنىڭ بىلەن بىللە، خاراكتېرى ئوخشاش بولمىغان ئىككى خىل زىددىيەتنى پەرقلەنـ-ـدۈرۈشكە دىققەت قىلىش، پارتىيىگە، سوتسىيالىزمغا قارشى ئىنتايىن ئاز ساندىكى دۈشمەن ئۇنسۇرلارغا مۇئامىلە قىلىشتا، قىلچە رەھىم قىلماي پاش قىلىش ۋە زەربە بېرىش يولىنى تۇتۇش لازىم، ھەقىقىي ئەھۋالنى ئۇقماي، خاتا گەپ قىلىپ قويغان، خاتا ئىش قىلىپ قويغان مۇتلەق كۆپ ساندىكى كىشىلەرگە مۇئامىلە قىلىشتا، سەۋرچانلىق بىلەن تەربىيە بېرىشتە چىڭ تۇرۇش كېرەك. شۇنداق قىلىش تارماقلارنىڭ ۋە ئومۇمىي ۋەزىـ-ـيەتنىڭ مۇقىملىقىغا پايدىلىق.

(2) ئىقتىسادىي خىزمەتنى ياخشى ئىشلەش، دادىل ئىزدىـ-ـنىش، مىللىي خىزمەت تارماقلىرىنىڭ ئىقتىسادىي خىزمەتنى تۇتۇشتىكى مەقسىتىدىن بىرى— ئىقتىسادىي ھوقۇق-مەنپەئەتنى تەڭشەش ئارقىلىق مىللىي مۇناسىۋەتنى ياخشىلاش، ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشنىڭ تەرەققىياتى ئارقىلىق مىللەتلەرنىڭ ئورتاق گۈللـ-ـىنىشىنى ئالغا سۈرۈش. يېقىنقى يىللاردىن بېرى، بىز مىللىي خىزمەت تارماقلىرىنىڭ ئىقتىسادىي خىزمەتنى تۇتۇش ئۇسۇلى ئۈستىدە ئاز-تولا ئىزدەندۇق، ئاساسلىقى: ① تەكشۈرۈپ تەت-

قىق قىلىش ئاساسىدا، ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىنىڭ ئىقتى-
سادىي تەرەققىياتىنى ئالغا سۈرۈشكە دائىر سىياسەتلەر ھەققىدى-
كى تەكلىپلەرنى ئوتتۇرىغا قويۇش؛ ② مىللىي ئاپتونومىيىلىك
جايلارنىڭ ئىقتىسادىي ۋە ئىجتىمائىي تەرەققىيات ئومۇمىي پىلا-
نىنى تۈزۈشكە ياردەم بېرىپ، ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىنىڭ
ئىشلەپچىقىرىش-قۇرۇلۇشىدا ۋە شۇ رايونلاردىكى نامرات ئاھا-
لىلەرنى نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇپ بېيىتىشتا ساقلىنىۋاتقان بە-
زى ئەمەلىي مەسىلىلەرنى ۋە ئالاھىدە مەسىلىلەرنى ئەستايىدىل-
لىق بىلەن ھەقىقىي ھەل قىلىش؛ ③ ئاز سانلىق مىللەت
رايونلىرىنىڭ ۋە ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ئىقتىسادىي ھوقۇق--
مەنپەئىتى بىلەن ئالاقىدار بولغان بەزى مەسىلىلەرنى ھەل قى-
لىش ۋە تەڭشەشكە قاتنىشىش؛ ④ دۆلەت ئاز سانلىق مىللەتلەر-
نىڭ ئىقتىسادىي ئىشلىرى ۋە مەدەنىيەت ئىشلىرىنى راۋاجلاندۇ-
رۇشقا ياردەم بېرىش يۈزىسىدىن ئورۇنلاشتۇرغان تۈرلۈك مەب-
لەغنى باشقۇرۇش ۋە تەقسىم قىلىش خىزمىتىگە قاتنىشىش؛
⑤ چېگرا رايونلارغا ئەقلىي جەھەتتىن ياردەم بېرىش ۋە ئلز
سانلىق مىللەت رايونلىرىنىڭ ئىشىكنى ئىچىگىمۇ، سىرتىغىمۇ
ئېچىۋېتىش ئىشلىرىنى ئالغا سۈرۈش. يېقىنقى بىرنەچچە يىلدا،
ھەر دەرىجىلىك مىللىي ئىشلار كومىتېتلىرى مۇشۇ ئوي-پىكىر
بويىچە، ئالاقىدار تارماقلارغا ھەمكارلىشىپ خىزمەت ئىشلەپ،
كۆرۈنەرلىك نەتىجىگە ئېرىشتى. سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاش-
تۇرۇش قۇرۇلۇشىنىڭ راۋاجلىنىشىغا ئەگىشىپ، مىللەتلەر
ئوتتۇرىسىدىكى ئىقتىساد-مەدەنىيەت ئالاقىسى تېخىمۇ يۇقىرى
ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرى سەۋىيىسى ۋە تېخىمۇ كەڭ دائىرە

ئاساسىدا ئورنىتىلدى. ئىقتىسادىي خىزمەت ياخشى تۇتۇلسا، مىللەتلەرنىڭ راۋاج تېپىشى ۋە ئورتاق گۈللىنىشىنى كۈچلۈك ئالغا سۈرۈپ، مىللىي ئىتتىپاقلىقنى تېخىمۇ پۇختا ئاساسقا ئىگە قىلغىلى بولىدۇ.

(3) مىللىي ئىتتىپاقلىقنى ئالغا سۈرۈش، يېڭىلىق يارىتىشقا تىرىشىش. مىللىي خىزمەت تارماقلىرى ئۆزىنىڭ پۈتۈن پائالىيىتىدە مىللىي باراۋەرلىك، مىللىي ئىتتىپاقلىق ۋە مىللىي تەرەققىياتنى مەقسەت قىلىدۇ، دېيىشكە بولىدۇ. يېقىنقى بىرنەچچە يىلدا، ھەر دەرىجىلىك مىللىي ئىشلار كومىتېتلىرى پارتىيە ۋە ھۆكۈمەتكە ياردەملىشىپ، كۆپ خىل شەكىل قوللىنىپ، مىللىي ئىتتىپاقلىقنى تىرىشچانلىق بىلەن ئوبدان تۇتتى. مىللىي ئىتتىپاقلىق-تەرەققىيات بويىچە تەقدىرلەش يىغىنى ئېچىش، مىللىي ئىتتىپاقلىق-تەرەققىيات بويىچە ئىلغار رايون، ئىلغار ئورۇن بەرپا قىلىش، مىللىي ئىتتىپاقلىق ئېيى پائالىيىتىنى قانات يايدۇرۇشقا ئوخشاش ئىشلار ناھايىتى ياخشى ئۈنۈم بەردى ھەم تازا ياخشى يېڭىلىق بولدى. بۇنىڭدىن كېيىن بۇنداق پائالىيەتلەرنى تېخىمۇ كەڭ قانات يايدۇرۇش، شۇنىڭ بىلەن بىللە سۈپەتنى تېخىمۇ ئۆستۈرۈش، تۈرلۈك رايونلار ۋە ئورۇنلارنىڭ ئەمەلىيىتىنى كۆزدە تۇتۇپ، پائالىيەتنى نىشانلىق قانات يايدۇرۇش لازىم. يېڭى ئەھۋالغا ئاساسلىنىپ، يېڭى شەكىل يارىتىپ، مىللىي ئىتتىپاقلىقنى ئىلگىرى سۈرۈش كېرەك.

مىللىي خىزمەت تارماقلىرىغا ھەر مىللەت كادىرلىرى ۋە ئىشچى-خىزمەتچىلىرى توپلانغان. مىللىي ئىتتىپاقلىقنى تەكىتلىگەندە، مىللىي خىزمەت تارماقلىرى ئالدى بىلەن ئىتتى-

پاقلىشىشى، بولۇپمۇ رەھبەرلىك بەنزىسى ئىتتىپاقلىشىشى، ھەر مىللەت پېشقەدەم كادىرلىرىمۇ، يېڭى كادىرلىرىمۇ ئىتتىپاقلىقنىڭ نەمۇنچىسى بولۇشى كېرەك.

(4) خىزمەت تورى قۇرۇش، ھەمكارلىققا ئەھمىيەت بېرىش. پۇتكۇل جەمئىيەت— جانلىق بىر پۇتۇنلۇك. ھەر قايسى تارماقلارنىڭ ئىش تەقسىماتى بويىچە باشقۇرىدىغان دائىرىسى ئوخشاش بولمىسىمۇ، تارماقلار ئارا گىرەلىشىپ كېتىش ۋە سىڭىشىش ئەھۋالى ئومۇميۈزلۈك مەۋجۇت بولغاچقا، بىر-بىرى ئوتتۇرىسىدىكى خىزمەت تورى شەكىللەنمەي قالمايدۇ، بۇ — زامانىۋىلىشىش ۋە ئۇچۇرلىشىش دەۋرىنىڭ بىر ئالاھىدىلىكى. مىللىي خىزمەت سىياسەت، ئىقتىساد ۋە پەن-تېخنىكا، مائارىپ، مەدەنىيەت قاتارلىق بىرمۇنچە ساھەلەرگە تاقىلىدۇ، بۇ خىزمەتنى يالغۇز مىللىي خىزمەت تارماقلىرىغا تايىنىش بىلەن ئىشلەپ كەتكىلى ۋە ياخشى ئىشلىگىلى بولمايدۇ. باشقا تارماقلار ۋە ھەرقايسى جايلار بىلەن توغرا لىنىيىلىك ۋە تىك لىنىيىلىك خىزمەت تورى ھاسىل قىلىپ، ھەمكارلىق كۈچلىرىگە تايىنىپ، بىرلىكتە ئالغا سۈرۈش لازىم. مىللىي خىزمەت تارماقلىرى بىلەن باشقا تارماقلار بىر-بىرىگە مۇھتاج بولىدۇ، بىر-بىرىنى تولۇقلايدۇ، بىز بۇ جەھەتتە تېخىمۇ تەشەببۇسكار بولۇشىمىز لازىم. خىزمەت تورىنى تېخىمۇ پائال راۋاجلاندۇرۇپ، ھەمكارلىق كۈچلىرىنى ئۇلغايتىپ، مىللىي خىزمەتنى پۈتكۈل جەمئىيەتنىڭ ئورتاق ئىشىغا ئايلاندۇرۇشىمىز كېرەك. مىللىي خىزمەت تارماقلىرىنىڭ ئۆزىمۇ بىر سىستېما، بۇ سىستېمىنىڭ ئىچكى قىسمى ئۆزئارا ئورگانىك ئاساستا ماسلىشىپ، زىچ ھەمـ

كارلاشسا، مىللەتلەر سىستېمىسىنىڭ ئومۇمىي فۇنكسىيىسىنى تېخىمۇ ياخشى جارى قىلدۇرغىلى بولىدۇ.

(5) ھەممىدە ئەمەلىيەتنى ئاساس قىلىش، تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىشقا ئەھمىيەت بېرىش. ھۆكۈمەتنىڭ فۇنكسىيىلىك تارمىقى بولغان مىللىي ئىشلار كومىتېتى ئىقتىساد، مەدەنىيەت، مائارىپ ئىشلىرى ۋە قانۇنچىلىق قۇرۇلۇشىنى مىللىي خىزمەت نۇقتىسىدىن تەتقىق قىلىپ، پارتكوملارغا دائىم ئەھۋال مەلۇم قىلىشى، پىكىر ۋە تەكلىپ بېرىپ تۇرۇشى كېرەك. بۇ جەھەتتىكى رولىمىزنى جارى قىلدۇرۇش ئۈچۈن، تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش كەيپىياتىنى كەڭ ئەۋج ئالدۇرۇپ، ئەمەلىيەتكە، ئاساسىي قاتلامغا، ئامما ئارىسىغا چوڭقۇر چۆكۈپ، ھەقىقىي، ئىشەنچلىك ئەھۋاللارنى ئىگىلىشىمىز لازىم. ئومۇمىيەت يۈكسەكلىكىدە تۇرۇپ، ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ۋە ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىنىڭ ئالاھىدە ئەھۋالىنى چۈشىنىپ، پارتىيە-ھۆكۈمەت رەھبەرلىكىگە ئوبدان مەسلىھەتچى ۋە ياردەمچى بولۇپ، مۇھىم تەدبىرلەرنى ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىنىڭ ئەمەلىيىتىگە ئۇيغۇنلاشتۇرۇشقا تىرىشىشىمىز ھەمدە شۇ تەدبىرلەرنىڭ ھەقىقىي، ئۈنۈملۈك ئىزچىللاشتۇرۇلۇشىغا ۋە ئەمەلىيلەشتۈرۈلۈشىگە كاپالەتلىك قىلىشىمىز كېرەك. بىرنەچچە يىلدىن بۇيانقى ئەھۋال شۇنى چۈشەندۈرۈپ بەردىكى، تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش ئاساسىدا، ھەم ئومۇمىيەت ئېتىبارغا ئېلىنغان، ھەم ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىغا ۋە ئاز سانلىق مىللەتلەرگە پايدىلىق بولغان پىكىر ۋە تەكلىپلەرنى ئوتتۇرىغا قويىدىغان بولساقلا، ئۇنىڭغا پارتىيە ۋە ھۆكۈمەت ئەھمىيەت بېرىدۇ، ئالا-

قىدار تارماقلار مەدەت بېرىدۇ.

مىللىي خىزمەت تارماقلىرى مىللىي مەسىلە ئۈستىدىكى تەكشۈرۈش-تەتقىقاتقا، ماركسىزملىق مىللەت نەزەرىيىسى ۋە مىللەتشۇناسلىق ئۈستىدىكى تەتقىقاتقا باشتىن-ئاخىر ئەھمىيەت بېرىشى لازىم. مىللەتشۇناسلىقنى گۈللەندۈرمەي ۋە راۋاجلاندۇرماي تۇرۇپ، توغرا نەزەرىيىۋى يېتەكچىلىككە ئىگە بولماي تۇرۇپ، مىللىي مەسىلىنى ئوڭۇشلۇق ھەل قىلىش مۇمكىن ئەمەس. بىز ھەرقايسى دۆلەتلەرنىڭ مىللىي مەسىلىنى ھەل قىلىش نەزەرىيىسى ۋە سىياسىتىنى ئەلۋەتتە تەتقىق قىلىمىز ۋە ئەينەك قىلىمىز، ئەمما بىزنىڭ ئالغا ئىلگىرىلىشىمىزگە يېتەكچىلىك قىلىدىغىنى پەقەت ماركسىزملىق مىللەت نەزەرىيىسى، پەقەت دۆلىتىمىزنىڭ ئەمەلىيىتىدە ھاسىل بولغان، ماۋ زېدۇڭ ئىدىيىسىنىڭ تەركىبىي قىسمىغا ئايلانغان نەزەرىيە ۋە سىياسەتلەردۇر. شۇنى كۆرۈش كېرەككى، بۈگۈنكى ئەھۋال 50-يىللاردىكىدىن پەرقلىنىدۇ، ھازىر بىرمۇنچە يېڭى زىددىيەت ۋە مەسىلىلەر تۇغۇلدى. ئىجتىمائىي ھايات بىزنىڭ ئالدىمىزغا شۇنداق بىر جىددىي ۋەزىپىنى قويىدىكى، مىللىي مەسىلە ئۈستىدىكى تەكشۈرۈش-تەتقىقاتنى كۈچەيتىپ، ماركسىزملىق مىللەت نەزەرىيىسى ۋە مىللىي سىياسەتنى تولۇقلىشىمىز ۋە راۋاجلاندۇرۇشىمىز لازىم. مىللىي خىزمەت بىلەن شۇغۇللىنىدىغان يولداشلار تەقەززالىق ۋە مەسئۇلىيەتچانلىق روھىغا ئىگە بولۇشى، مىللىي ئىتتىپاقلىق-تەرەققىيات يولىدىكى ئۇلۇغۋار ئىشنى ئالغا سۈرۈش ئۈچۈن يېڭى تۆھپە قوشۇشى كېرەك.

## 3

سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنىڭ يولداش دېڭ شياۋپىڭ لايىھىلەپ بەرگەن، پۈتۈن پارتىيە بىردەك قوشۇلغان تەرەققىيات ستراتېگىيىسى بويىچە پارتىيىمىزنىڭ 2-ئەۋلاد رەھبەرلىك كوللېكتىپى پۈتۈن مەملىكەتتىكى ھەر مىللەت خەلقىگە رەھبەرلىك قىلىپ بىرىنچى قەدەملىك ۋەزىپىنى مۇددەتتىن بۇرۇن غەلىبىلىك ئورۇندىدى. 90-يىللاردا ئەڭ ئاچقۇچلۇق ئىككىنچى قەدەم تاشلىنىدۇ. مىللىي ئىشلەپچىقىرىشنىڭ ئومۇمىي قىممىتىنى يەنە بىر قاتلاش، ھاللىق سەۋىيىگە يېتىشتىن ئىبارەت ستراتېگىيىلىك نىشاننى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ۋەزىپىسى غەلىبىلىك ئورۇندالسا، سوتسىيالىزمنىڭ غەلىبىلىك ئالغا ئىلگىرىلىشىنى ۋە كېلەركى ئەسىردە ئۈچىنچى قەدەملىك ۋەزىپىنىڭ ئورۇندىلىشىنى كۈچلۈك كاپالەتكە ئىگە قىلغىلى بولىدۇ. 1990-يىلى— 90-يىللارنىڭ بىرىنچى يىلى، شۇنداقلا يەنىمۇ ئىلگىرىلەپ تۈزەش-ياخشىلاش، ئىسلاھاتنى چوڭقۇرلاشتۇرۇشنىڭ ئاچقۇچلۇق بىر يىلى، مۇشۇ بىر يىللىق خىزمەت ياخشى ئىشلەنسە، 90-يىللار ئۈچۈن كۆزلەنگەن كۆرەش نىشانىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئىشىنىڭ بېشى ئوبدان باشلانغان بولىدۇ. پۈتكۈل دۆلەتنىڭ ئومۇمىي ۋەزىپىسىنىڭ بىر قىسمى بولغان مىللىي خىزمەتنى تىرىشىپ ئوبدان ئىشلەش شەرت. بۇ يىللىق مىللىي خىزمەتكە قويۇلغان ئومۇمىي تەلەپ: «بىر مەركەز، ئىككى ئاساسىي نۇقتا» دا قىلچە تەۋرەنمەي چىڭ تۇرۇش، پارتىيىنىڭ مىللىي سىياسىتىنى قەتئىي ئېغىشماي

ئىزچىللاشتۇرۇش ۋە ئىجرا قىلىش، ئاز سانلىق مىللەت رايون-
لىرىنىڭ ۋە ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ئەمەلىيىتىگە زىچ بىرلەش-
تۈرۈپ، پارتىيە 13-نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 5-ئومۇمىي
يىغىنىنىڭ روھىنى ئەستايىل ئەمەلىيلەشتۈرۈش، تۈزەش-ياخ-
شىلاشنى يەنىمۇ ئىلگىرىلەپ ئوبدان تۇتۇش ۋە ئىسلاھاتنى چوڭ-
قۇرلاشتۇرۇش، شۇ يول بىلەن ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرى-
نىڭ ئىقتىسادىنى ئىمكانقەدەر تېزرەك ئىزچىل، مۇقىم، تەڭ-
كەش راۋاجلىنىش يولىغا سېلىش؛ ئاز سانلىق مىللەت رايونلى-
رىنىڭ سوتسىيالىستىك مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنى زور
كۈچ بىلەن ئالغا سۈرۈپ، مائارىپ، مەدەنىيەت، پەن-تېخنىكا
قاتارلىق تۈرلۈك قۇرۇلۇش ئىشلىرىدا يېڭى مۇۋەپپەقىيەتلەرنى
قولغا كەلتۈرۈش، ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ پەن-مەدەنىيەت
سۈپىتىنى تىرىشىپ ئۆستۈرۈش؛ «مىللىي تېررىتورىيىلىك
ئاپتونومىيە قانۇنى» نىڭ تېخىمۇ ياخشى ئىزچىللاشتۇرۇلۇشى ۋە
ئىجرا قىلىنىشىغا پائال تۈرتكە بولۇش، ئاز سانلىق مىللەت
كادىرلىرىنى پائال تەربىيىلەپ يېتىشتۈرۈش ۋە ئىشقا قويۇش،
مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە تۈزۈمىنى مۇستەھكەملەش
ۋە راۋاجلاندۇرۇش؛ ماركسىزملىق مىللەت قارىشى ۋە مىللىي
سىياسەت توغرىسىدىكى تەشۋىقات-تەربىيىنى كەڭ قانات يايدۇ-
رۇپ، ھەر مىللەت كادىرلىرىغا ۋە كەڭ خەلق ئاممىسىغا يېقىن-
دىن تايىنىپ، ئەڭ كۆپ كۈچلەر بىلەن ئىتتىپاقلىشىپ، بۆل-
گۈنچىلىككە ۋە مالىمانچىلىققا بايرىقىمىز روشەن ھالدا قارشى
تۇرۇش، شۇنىڭ بىلەن بىرۋاقىتتا، مىللىي مۇناسىۋەتكە دائىر
خەلق ئىچىدىكى زىددىيەتنى ئوبدان ھەل قىلىپ، ۋەتەنىنىڭ بىر-

لىكىنى ۋە ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىنىڭ مۇقىملىقىنى قەت-
ئىي ساقلاش، مىللەتلەرنىڭ بۈيۈك ئىتتىپاقلىقىنى ئۈزلۈكسىز
كۈچەيتىش، دۆلىتىمىزنىڭ زامانىۋىلاشتۇرۇش يولىدىكى قۇرۇ-
لۇش ئىشلىرى ئۈچۈن، پۈتۈن مەملىكەتنىڭ تىنچ-ئىتتىپاقلىق
ۋەزىيىتىنى مۇستەھكەملەش ۋە راۋاجلاندۇرۇش ئۈچۈن يېڭى
تۆھپە قوشۇش.

(1) مىللىي ئىتتىپاقلىقنى تېخىمۇ كۈچەيتىپ، ئاز سان-
لىق مىللەت رايونلىرىنىڭ مۇقىملىقىنى ساقلاپ، پۈتۈن مەملە-
كەتنىڭ مۇقىملىقى ئۈچۈن يېڭى تۆھپە قوشۇش. پۈتۈن دۆلەت-
نىڭ ئۇزاق مۇددەتلىك مۇقىملىقىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ھەر
مىللەت خەلقىنىڭ زىچ ئىتتىپاقلىقىدىن ئايرىلالمايدۇ. پۈتۈن
مەملىكەت زېمىنىنىڭ 64 پىرسەنتىنى تەشكىل قىلىدىغان ئاز
سانلىق مىللەت رايونلىرىنىڭ مۇقىملىقىدىن ئايرىلالمايدۇ. بىز
شۇنى كۆرۈشىمىز كېرەككى، مىللىي مۇناسىۋەتتە ئەنسىزلىك
ئامىللىرى مەۋجۇت، بۇنداق ئەنسىزلىك ئامىللىرىنى ئاساسەن
بۆلگۈنچى ئۇنسۇرلار ۋە كومپارتىيىگە قارشى، سوتسىيالىزمغا
قارشى ئىچكى-تاشقى كۈچلەر پەيدا قىلغان. ئاز سانلىق مىللەت
رايونلىرى ئىقتىسادىي جەھەتتە دۇچ كەلگەن قىيىنچىلىق، مىل-
لىي سىياسەتنى ئىجرا قىلىشىمىزدا كۆرۈلگەن سەۋەنلىكمۇ مىل-
لىي مۇناسىۋەتكە پايدىسىز تەسىر كۆرسىتىشى مۇمكىن. ھازىر-
قى ئىچكى-تاشقى چېگىش، مۇرەككەپ ئەھۋال ئالدىدا، بىز
چوقۇم مېڭىمىزنى سەگەك تۇتۇپ، مىللىي مەسىلە جەھەتتىكى
خاراكتېرى ئوخشاش بولمىغان ئىككى خىل زىددىيەتنى توغرا
ئىگىلەپ ۋە ئوبدان ھەل قىلىپ، ھەر مىللەت كادىرلىرى ۋە

ئاممىسىغا قەتئىي تايىنىپ، ئەڭ كەڭ دائىرىدىكى كۈچلەر بىلەن ئىتتىپاقلىشىپ، ئالاھىدە ئۈنۈملۈك خىزمەت ئىشلەش ئارقى- لىق، دۆلىتىمىزدىكى مىللىي مۇناسىۋەتنىڭ ئاساسىنى تېخىمۇ مۇستەھكەملىشىمىز لازىم.

ھەر مىللەت كادىرلىرى ۋە ئاممىسى ئارىسىدا، ماركسىزم- لىق مىللەت قارىشى ۋە پارتىيىنىڭ مىللىي سىياسىتى توغرىسى- دىكى تەربىيىنى، ۋەتەنپەرۋەرلىك، سوتسىيالىزم، كوللېكتىپ- لىق، ئۆز كۈچىمىزگە تايىنىپ ئىش كۆرۈش، جاپاغا چىداپ كۈرەش قىلىش ۋە ۋەتەننى تىرىشچانلىق-ئىقتىسادچىللىق بىلەن گۈللەندۈرۈش توغرىسىدىكى تەربىيىنى چوڭقۇر، ئۇزاققىچە ئې- لىپ بېرىشىمىز كېرەك. تەربىيە ئۇسۇلى تەسىرلىك-جانلىق بولۇشى، تەربىيىدە ئەمەلىي ئۈنۈمگە ئەھمىيەت بېرىلىشى لازىم. تەربىيىنىڭ مۇھىم نۇقتىسى خەنزۇ كادىرلارنى ئۆز ئى- چىگە ئالغان ھەر مىللەت كادىرلىرىدىن ئىبارەت، چۈنكى، ئۇلار ئاممىنى سوتسىيالىزم قۇرۇشقا باشلايدىغان، شۇنداقلا مىللىي ئىتتىپاقلىق-تەرەققىيات ئىشلىرىغا تۈرتكە بولىدىغان تايانچلار- دۇر. شۇنىڭ بىلەن بىللە، ھەر مىللەت ياش-ئۆسمۈرلىرىگە قارىتىلغان تەربىيىنى كۈچەيتىش كېرەك، چۈنكى، ياش-ئۆس- مۈرلەرنىڭ ئىدىيىۋى ئەھۋالى ۋە ئۆزئارا مۇناسىۋىتى ھازىرقى ۋە كەلگۈسىدىكى مىللىي مۇناسىۋەتكە بىۋاسىتە تەسىر كۆرسى- تىدۇ. مىللىي مۇناسىۋەتكە تەسىر يەتكۈزىدىغان، مىللىي ھېس- سىياتقا زىيان يەتكۈزىدىغان خاتا ئىدىيە، سۆز ۋە ھەرىكەتلەرنى قانداق شەكىلدە ئوتتۇرىغا چىقىشىغا قارىماي جىددىي تەنقىد قىلىش لازىم. ھەر ساھەدىكىلەرنى تەڭ ماسلاشتۇرۇش، كۆپ

خىل ۋاستىلەردىن ھەر تەرەپلىمە پايدىلىنىش ئارقىلىق، «ئىك-
كى ئايرىلالماسلىق» ئىدىيىسىنى ھەر مىللەت خەلقى، بولۇپمۇ
ھەر مىللەت ياش-ئۆسمۈرلىرى ئارىسىدا چوڭقۇر يىلتىز تارتقۇ-
زۇپ، ھەر مىللەت خەلقىنى سوتسىيالىستىك زامانىۋى دۆلەت
قۇرۇشتىن ئىبارەت ئورتاق غايە ئۈچۈن ئىتتىپاقلىشىپ كۈرەش
قىلىشقا رىغبەتلەندۈرۈش كېرەك. مىللىي مەسىلىدىكى خاتا
نەزەرىيە ۋە نۇقتىئىنەزەرلەرنى جىددىي ۋە قايىل قىلارلىق يول
بىلەن تۈگىتىش ۋە تۈزىتىش لازىم.

ماركسىزملىق مىللەت قارىشى ۋە پارتىيىنىڭ مىللىي سى-
ياسىتى توغرىسىدىكى تەربىيىنى ماركسىزملىق پەلسەپىنى تەت-
بىق قىلىش ۋە ئۆگىنىش بىلەن بىرلەشتۈرۈش كېرەك. مىللىي
خىزمەتتە، ھەم خاسلىققا قاراش، ھەم ئورتاقلىققا قاراش، ھەم
يار-يۆلەك بولۇشنى تەكىتلەش، ھەم تۆھپە قوشۇشنى تەكىت-
لەش، ھەم ھوقۇقنى تەكىتلەش، ھەم مەجبۇرىيەتنى تەكىتلەش
لازىم. بىر تەرەپلىمىلىكنى تىرىشىپ ئازايتىپ، مىللىي خىز-
مەتكە ئىلمىي يول بىلەن يېتەكچىلىك قىلىش سەۋىيىسىنى يۇقى-
رى كۆتۈرۈش كېرەك.

ماركسىزملىق مىللەت قارىشى ۋە پارتىيىنىڭ مىللىي سى-
ياسىتى توغرىسىدىكى تەربىيىنى مىللىي ئىتتىپاقلىق-تە-
رەققىيات ئىشلىرىدا ھاسىل قىلىنغان ئىلغار تەجرىبىلەرنى ئۈز-
لۈكسىز يەكۈنلەش، تەتبىقلاش ۋە ئومۇملاشتۇرۇش بىلەن بىر-
لەشتۈرۈپ، ئۇنى ئۈزلۈكسىز يېڭىلاش ۋە راۋاجلاندۇرۇش
لازىم. بىز دۆلەت مىللىي ئىشلار كومىتېتى نامىدىن يەرلىك
ئورۇنلار ۋە ھەربىي قىسىملارغا مىللىي ئىتتىپاقلىق-تە-

رەققىيات بويىچە تەقدىرلەش پائالىيىتىنى قانات يايدۇرۇشنى ھاۋالە قىلىش توغرىسىدىكى پىكىرنى تەييارلاۋاتىمىز، مىللىي ئىتتىپاقلىق-تەرەققىيات ئىشلىرى ئۈچۈن مۇھىم تۆھپە قوشقان بارلىق ئىلغار ئورۇنلار ۋە شەخسلەرنى تەقدىرلەش ۋە ھۆرمەت قىلىش، پۈتكۈل جەمئىيەتتە ياخشى كەيپىياتنى شەكىللەندۈرۈش كېرەك.

مىللىي مۇناسىۋەتتىكى مەسىلىلەرنى ئوبدان بىر تەرەپ قىلىش كېرەك. مىللىي مۇناسىۋەتتە ساقلىنىپ تۇرۇۋاتقان يو-شۇرۇن خەۋپنى تەھلىل قىلىش-تەتقىق قىلىش، قارشى تەدبىر قوللىنىش ئارقىلىق تۈگىتىش لازىم. مىللىي ئىتتىپاقلىققا زىيان يەتكۈزىدىغانلىكى ئىشلار باش كۆتۈرگەن ھامان، ئۆز ۋاقتىدا تەدبىر قوللىنىپ، زىددىيەتنىڭ كەسكىنلىشىپ كېتى-شىنىڭ ئالدىنى ئېلىش، ۋەقەنىڭ كېڭىيىپ كېتىشىدىن ساقلى-نىش كېرەك. مەسىلىلەرنى بىر تەرەپ قىلىشتا، ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدەش، قانداق خاراكتېردىكى مەسىلە بولسا، شۇنداق خاراكتېردىكى مەسىلە دېيىش، كىمنىڭ جاۋابكارلىقى بولسا شۇنىڭغا جاۋابكارلىقنى ئارتىش لازىم. خەلق ئىچىدىكى زىددىيەت كاتېگورىيىسىگە ياتىدىغانلىكى مەسىلىلەرنى ئاساسەن تەربىيە بېرىش ۋە يېتەكلەش يولى بىلەن ھەل قىلىش كېرەك. قانۇن-ئىنتىزامغا خىلاپلىق قىلغانلارنى قانۇن-ئىنتىزام بويىچە بىر تەرەپ قىلىش لازىم. مەسىلىلەرنى نورمال يول بىلەن ھەل قىلىشنى تەشەببۇس قىلىش، كەسكىن ھەرىكەت قوللانماسلىق، قانۇنسىز ھەرىكەتلەرگە قەتئىي قارشى تۇرۇش ۋە ئۇنى ۋاقتىدا چەكلەش كېرەك. ھەر مىللەتنىڭ ھەر دەرىجىلىك كادىرلىرى

كۈندىلىك خىزمەتتىمۇ، مىللىي مۇناسىۋەت جەھەتتىكى مەسىلە-لەرنى بىر تەرەپ قىلىش ۋاقتىدىمۇ، پرىنسىپتا چىڭ تۇرۇشى، ئادىل ئىش قىلىشى، ئۆز مىللىتىنىڭ ئاممىسى ۋە باشقا مىللەت-لەر ئاممىسىغا ئۆزىنىڭ نەمۇنىلىك ھەرىكىتى بىلەن تەسىر كۆر-سىتىپ ۋە تەربىيە بېرىپ، مىللىي ئىتتىپاقلىقنى ئالغا سۈرۈشى لازىم.

ھەر مىللەت خەلق ئاممىسىغا قەتئىي ئىشىنىپ ۋە تايى-نىپ، بۆلگۈنچى ئۇنسۇرلارنىڭ بۇزغۇنچىلىق ھەرىكەتلىرىگە قارشى ئېغىشماي كۈرەش قىلىش كېرەك. ۋەتەننىڭ بىرلىكىگە ۋە ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئورتاق مەنپەئىتىگە بېرىپ تاقىلىدى-غان چوڭ ھەق-چوڭ ناھەق مەسىلىسى ئالدىدا، بايرىقىمىز روشەن، مەيدانىمىز چىڭ بولۇشى لازىم. بارلىق بۆلگۈنچىلىك، بۇزغۇنچىلىق ھەرىكەتلىرىنى قەتئىي پاش قىلىش ۋە ئۇنىڭغا قەتئىي زەربە بېرىش، ھەرگىز يۇمشاق قوللۇق قىلماسلىق كې-رەك. مىللىي زىددىيەت تۇغدۇرۇپ ياكى ئۇنىڭدىن پايدىلىنىپ، پاراكەندىچىلىك ۋە مالىمانچىلىق پەيدا قىلىشنى مەقسەت قىلغان بارلىق سىياسىي سۇيىقەستنى ۋاقتىدا ئىگىلەپ ۋە ئۇنىڭدىن ۋاقتىدا مۇداپىئە كۆرۈپ، ئۇنى باشلىنىشتىن ئىلگىرىلا تۇگى-تىشكە تىرىشىش لازىم. بۆلگۈنچىلىككە قارشى كۈرەشتە، سىيا-سەت ۋە تاكتىكىنى ئىگىلەشكە دىققەت قىلىش، ئىنتايىن ئاز ساندىكىلەرنى يېتىم قالدۇرۇش ۋە ئۇلارغا زەربە بېرىش كې-رەك. ھەر مىللەت كادىرلىرى ۋە ھەر مىللەت خەلق ئاممىسى —بۆلگۈنچىلىككە قارشى تۇرىدىغان ئەڭ قۇدرەتلىك كۈچ، ئۇ-لارغا شەكسىز ئىشەنسەك ۋە قەتئىي تايانساقلا، بارلىق بۆلگۈنچە-

لەرنىڭ سۈيىقەستى ۋە بۇزغۇنچىلىقى چوقۇم مەغلۇپ بولىدۇ.
(2) تۈزەش-ياخشىلاش ۋە ئىسلاھاتنى چوڭقۇرلاشتۇرۇش فاڭجېننىنى قەتئىي ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىنىڭ ئىقتىسادىنى ئۈزلۈكسىز ئۈزاققىچە ئىزچىل، مۇقىم ۋە تەڭكەش سۈرئەتتە راۋاجلاندۇرۇش لازىم. دۆلەتنىڭ ھازىر دۇچ كەلگەن قىيىنچىلىقى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ قىيىنچىلىقى دېمەكتۇر. يەنىمۇ ئىلگىرىلەپ تۈزەش-ياخشىلاش ۋە ئىسلاھاتنى چوڭقۇرلاشتۇرۇش —ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئورتاق ئارزۇسى ۋە تۈپ مەنپەئىتى. ئومۇمىي ئەھۋالدىن قارىغاندا، ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرى دۇچ كەلگەن ئىقتىسادىي قىيىنچىلىق پۈتۈن مەملىكەتنىڭكىگە ئاساسەن ئوخشايدۇ. بۇ قىيىنچىلىق پۇل پاخاللىقىنىڭ كۆچىيىشى، ئومۇمىي مىقدارنىڭ تەڭپۇڭسىزلىقى، قۇرۇلمىنىڭ نامۇۋاپىقلىقى، ئىقتىسادىي تەرتىپنىڭ قالايمىقانلىقى قاتارلىق جەھەتتە گەۋدىلىك ئىپادىلەنمەكتە. ئىقتىسادىي ئۈنۈمنىڭ تۆۋەن بولۇشى، ئىشلەپچىقىرىش بىلەن شۇغۇللانمايدىغان خادىملار ۋە ئىشلەپچىقىرىش خاراكتېرىدە بولمىغان قۇرۇلۇشلار نىسبىتىنىڭ بەك چوڭ بولۇپ كېتىشىگە ئوخشاش جەھەتلەردىكى مەسىلىلەرنىڭ تۇغۇلۇشىدا ئوبيېكتىپ جەھەتتىكى سەۋەبلەر بولسىمۇ، سۇبيېكتىپ خىزمەت جەھەتتىكى مەسىلىلەر ئادەتتىكى رايونلارنىڭكىدىن ئاز ئەمەس. شۇڭا، تۈزەش-ياخشىلاش ۋە ئىسلاھاتنى چوڭقۇرلاشتۇرۇش فاڭجېننىنى قىلچە ئىككىلەنمەي ئىزچىللاشتۇرۇش كېرەك. بەزى جەھەتلەردە تېخىمۇ كۆپ ئەجىر سىڭدۈرۈش لازىم. شۇنىڭ بىلەن بىرۋاقىتتا، شۇنىمۇ كۆرۈش كېرەككى، ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىنىڭ ئاساسى

ئاجىز، ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ سەۋىيىسى تۆۋەن. بۇ
رايونلار پۇل پاخاللىقى ۋە بەك قىزىپ كېتىش دەرىجىسى قاتار-
لىق جەھەتلەردە ئادەتتىكى رايونلاردىن، بولۇپمۇ تەرەققىي تاپقان
رايونلاردىن پەرقلىنىدۇ. شۇڭا، ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرى-
نىڭ ئەمەلىيىتىنى ئاساس قىلىپ، ئالاھىدە سىياسەت ۋە تەد-
بىرلەرنى تۈزۈش ۋە يولغا قويۇش لازىم. «جۇڭگو كوممۇنىس-
تىك پارتىيىسى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ يەنىمۇ ئىلگىرىلەپ
تۈزەش-ياخشىلاش ۋە ئىسلاھاتنى چوڭقۇرلاشتۇرۇش توغرىس-
ىدىكى قارارى» دا: «‹كونا ئىنقىلابىي تايانچ بازىلار، ئاز سان-
لىق مىللەت رايونلىرى، چەت-ياقا رايونلار، نامرات رايونلار›
نىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتىغا داۋاملىق ياردەم بېرىش لازىم.
تۈزەش-ياخشىلاش داۋامىدا، كونا ئىنقىلابىي تايانچ بازىلار، ئاز
سانلىق مىللەت رايونلىرى، چەت-ياقا رايونلار ۋە نامرات رايون-
لارغا يار-يۆلەك بولۇش سىياسىتىنى داۋاملىق ئىزچىللاشتۇ-
رۇپ، ئۇلارنىڭ ئىشلەپچىقىرىشنى راۋاجلاندۇرۇپ ۋە ئۆز كۈ-
چىگە تايىنىپ ئىش كۆرۈش ئىقتىدارىنى كۈچەيتىپ، قالاق
قىياپىتىنى پەيدىنپەي ئۆزگەرتىشكە ياردەم بېرىش كېرەك»
دەپ ئېنىق كۆرسىتىلگەن. لى پېڭ زۇڭلى 7-نۆۋەتلىك مەم-
لىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ 2-يىغىنىدا بەرگەن «ھۆكۈ-
مەت خىزمىتىدىن دوكلات» تا: «ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىدا
تۈزەش-ياخشىلاش داۋامىدا ساقلىنىۋاتقان بەزى ئالاھىدە ئەھۋال
ۋە مەسىلىلەرگە مۇئامىلە قىلىشتا، مۇناسىپ سىياسەت ۋە تەد-
بىرلەرنى تەتقىق قىلىش ۋە قوللىنىشقا دىققەت قىلىش لازىم»
دەپ كۆرسىتىلگەن. بىز پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى ۋە گوۋۇ-

يۈەننىڭ يولىيورۇقىغا ئاساسەن، دەسلەپكى قەدەمدە شۇنداق ئويغا كەلدۇقكى، ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرى بۇ قېتىمقى تۈزەش-- ياخشىلاش مەزگىلىدە، تۈزەش-ياخشىلاشنىڭ ئالتە ئاساسىي نى- شانىنى مەركەز قىلىپ، خىزمەتنى تىرىشىپ قانات يايدۇرۇپ، دۆلەتنىڭ زور كۈچ بىلەن ياردەم بېرىشى ۋە ئۆز كۈچىگە تاي- نىپ ئىش كۆرۈش روھىنى جارى قىلدۇرۇش ئارقىلىق، ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتىدا، مەلۇم ئېشىش نىسبىتىنى ساقلاپ، يېزا ئىگىلىكى-يېنىك سانائەت-ئې- غىر سانائەتنىڭ كەسىپ قۇرۇلمىسى ۋە مەھسۇلات قۇرۇلمىسى- نى پەيدىنپەي ئەقىلغە مۇۋاپىقلاشتۇرۇش نىشانىغا قاراپ يۈك- سەلدۈرۈشى، ئىقتىسادىي ئۈنۈمىنىڭ تۆۋەن بولۇش ئەھۋالىنى روشەن دەرىجىدە ياخشىلىشى، ئاز سانلىق مىللەت ئاممىسىنىڭ يۈتۈن كىيىنىش-قورساق تويغۇزۇش مەسىلىسىنى ئاساسىي جە- ھەتتىن ھەل قىلىشى، بۇنىڭدىن كېيىن تۇرلۇك قۇرۇلۇش ئىشلىرىنىڭ جۇش ئۇرۇپ راۋاجلىنىشى ئۈچۈن ياخشى ئاساس سېلىشى كېرەك.

مىللىي خىزمەت تارماقلىرىمىز ئۈچۈن ئېيتقاندا، تۈ- زەش-ياخشىلاش ۋە ئىسلاھاتنى چوڭقۇرلاشتۇرۇشتا تۆۋەندىكى بىرنەچچە ئىقتىسادىي خىزمەتنى ئالاھىدە ئېتىبار بىلەن ئوبدان تۇتۇشقا توغرا كېلىدۇ:

1. دۆلەت مىللىي ئىشلار كومىتېتى تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش ئاساسىدا، گوۋۇيۈەنگە ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىدا يەنىمۇ ئىلگىرىلەپ تۈزەش-ياخشىلاش ۋە ئىسلاھاتنى چوڭقۇر- لاشتۇرۇشتىكى بەزى سىياسەتلەر توغرىسىدا تەكلىپ بەرمەكچى.

جايلاردىكى مىللىي ئىشلار كومىتېتلىرىمۇ ۋەزىيەت ۋە ۋەزىپىد-
ىنىڭ تەلىپىگە ئاساسەن، كۆپرەك تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىپ،
يەنىمۇ ئىلگىرىلەپ تۈزەش-ياخشىلاش ۋە ئىسلاھاتنى چوڭقۇر-
لاشتۇرۇش جەھەتتە ئۆز جايىدىكى پارتىيە-ھۆكۈمەت رەھبەرلىد-
ىكىگە ئوبدان مەسلىھەتچى ۋە ياردەمچى بولۇشى لازىم.

2. گوۋۇيۈەنىنىڭ ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىدا نامراتلار-
نى يۆلەش توغرىسىدىكى [1989] 62-نومۇرلۇق ھۆججىتى ۋە
چارۋىچىلىق رايونلىرىنىڭ خىزمىتى توغرىسىدىكى [1987]
73-نومۇرلۇق ھۆججىتىنى يەنىمۇ ئىلگىرىلەپ ئەمەلىيلەشتۈ-
رۈش، نامراتلارنى يۆلەش خىزمىتى ۋە چارۋىچىلىق رايونلىرى-
ىنىڭ خىزمىتىگە دائىر تۈرلۈك سىياسەت-تەدبىرلەرنى دەل جا-
يىدا ئەمەلىيلەشتۈرۈش كېرەك. چارۋىچىلىق رايونلىرىنىڭ ۋە
نامرات رايونلارنىڭ يايلاق ئېتىز-ئېرىق ۋە سۇچىلىق ئىنشائاتى
قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىپ، 48 توكسىز ناھىيە (خوشۇن) نىڭ ئې-
ىنېرگىيە مەسىلىسىنى بالدۇرراق ھەل قىلىشقا تىرىشىش لازىم.
نامرات رايونلارنىڭ مەۋقەنى ئۆز رايونىنىڭ ئېنېرگىيە مەنبەسى-
ىنى ئېچىشقا قويۇپ، نامراتلىقتىن قۇتۇلۇپ بېيىشنىڭ تېرىقچى-
لىق، باقمىچىلىق، پىششىقلىما سانائەت بىرلەشتۈرۈلگەن يولى-
غا مېڭىشىغا ئىلھام بېرىش كېرەك. ئالاقىدار قېرىنداش ئورۇن-
لار بىلەن بىرلىكتە ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىنىڭ پۈتۈن
كىيىنىش-قورساق تويغۇزۇش فوندىنى ھەقىقىي ياخشى باشقۇ-
رۇپ ۋە ئىشلىتىپ، ئۇنىڭ تېگىشلىك رولىنىڭ جارى قىلدۇ-
رۇلۇشىغا كاپالەتلىك قىلىش لازىم.

3. ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىنىڭ كەسىپ قۇرۇلمىسى-

نى ئۆز شارائىتىغا قاراپ، ئەقىلغە مۇۋاپىق تەڭشەشنى قوللاش
كېرەك. ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرى دۆلەت كەسىپلەرنى
تەڭشەۋاتقان، كەسىپلەرگە مايىللىق سىياسىتىنى قوللىنىۋاتقان
ياخشى پۇرسەتنى قولدىن بەرمەي، مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپ-
تونومىيە قانۇنىغا ۋە گوۋۇيۈەننىڭ ئالاقىدار بەلگىلىمىلىرىگە
شۇنىڭدەك ئۆز جايىنىڭ ئالاھىدىلىكى ۋە ئېھتىياجىغا ئاساسلى-
نىپ، ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىنىڭ مەلۇم ئۇستۇنلۇكتە
تۇرىدىغان دېھقانچىلىق-چارۋىچىلىق، ئورمانچىلىق، ئېنېرگى-
يە، قاتناش ئىشلىرى ۋە خام ئەشيا-ماتېرىيال سانائىتىنى زور
كۈچ بىلەن راۋاجلاندۇرۇشى، كەسىپ ۋە مەھسۇلات قۇرۇلمى-
سىنى سەرخىللاشتۇرۇشى، ئىچكى ئىقتىسادىي ھاياتىي كۈچىنى
ئاشۇرۇشى لازىم. يېزا ئىگىلىكىنى مۇقىم سۈرئەتتە راۋاجلاندۇ-
رۇش — دۆلەتنىڭ ئىقتىسادىي قۇرۇلمىنى تەڭشەشتىكى ئاچقۇچ-
لۇق ئىشى. ھەر دەرىجىلىك مىللىي ئىشلار كومىتېتلىرى ئالا-
قىدار تارماقلار بىلەن بىرلىكتە ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرى-
نىڭ يېزا ئىگىلىكىنى راۋاجلاندۇرۇش سىياسىتى ۋە يېزا ئىگى-
لىكىنى ئېچىش ئومۇمىي پىلانىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈشى كېرەك.
ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىنىڭ سانائەت ئاساسى ئاجىز، ئوت-
تۇرا-كىچىك كارخانىلىرى كۆپ، يېزا-بازار كارخانىلىرىنىڭ
تەرەققىي قىلىشقا باشلىنىشى كېيىن، سانى ئاز، سەۋىيىسى
تۆۋەن بولغان ئەھۋالنى ھېسابقا ئېلىپ، تۈزەش-ياخشىلاش داۋا-
مىدا رېئاللىققا يۈزلىنىش، يىراق كەلگۈسىنى كۆزلەش، ياردەم
بېرىش، ئۆستۈرۈشنى نەزەردە تۇتۇش لازىم. بايلىقى ۋە بازىرى
ئىشەنچلىك بولغانلىكى كارخانىلارنى تەرتىپكە سېلىش، ئۆزگەر-

تىش ۋە يۆلەش ئارقىلىق ئىمكانقەدەر ساقلاپ قېلىپ، چوڭ داۋالغۇشتىن خالىي قىلىش كېرەك. مىللەتلەر تارقاق، ئارىلاش ئولتۇراقلاشقان رايونلاردىكى سانى كۆپ بولمىغان ئاز سانلىق مىللەت كارخانىلىرى ئۈچۈنمۇ قوغداش، يۆلەش، ئۆزگەرتىش--ئۆستۈرۈش سىياسىتىنى قوللىنىش كېرەك.

4. چېگرا سودىسىنىڭ تەرەققىياتىنى تېخىمۇ ئىلگىرى سۈرۈش لازىم. چېگرا سودىسىنى راۋاجلاندۇرۇش ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىنىڭ ئىشىكنى سىرتقا ئېچىۋېتىش ئىشىنىڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمى، ئۇ چېگرا رايوننى گۈللەندۈرۈش--خەلقنى بېيىتىش ۋە چېگرا مۇداپىئەسىنى مۇستەھكەملەشتە مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە. چېگرا سودىسىنى ئوبدان يولغا قويۇش بىلەن بىرۋاقىتتا، سودا ئېغىزى مۇئەسسەسەلىرىنىڭ قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىش ۋە مۇكەممەللەشتۈرۈش ھەمدە سودا ئېغىزلىرىغا تايىنىپ، ئىچكىرىلەپ ئورۇنلاشتۇرۇشنى ئوبدان ئىشلەش، نوقۇل مال ئۆتكۈزۈش نۇقتىلىرىنى پەيدىنپەي راۋاجلاندۇرۇپ كۆپ فۇنكسىيىلىك سودا ئېغىزى شەھەر-بازارلىرىغا ئايلاندۇرۇپ، ئەتراپىتىكى رايونلارنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتى ۋە تېخنىكا تەرەققىياتىغا تۈرتكە قىلىش لازىم. جىددىي ھەل قىلىشقا توغرا كېلىدىغان بەزى سىياسەت مەسىلىلەرگە كەلسەك، چېگرا سودىسى تەرەققىياتىنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىغا ئاساسەن، ئالاقىدار تارماقلار بىلەن بىللە مۇھاكىمە قىلىپ، سىياسەتنىڭ مۇقىملىقىنى ساقلاش ئاساسىدا پەيدىنپەي مۇكەممەللەشتۈرۈش يولىنى تۇتماقچى بولۇۋاتىمىز.

5. مىللىي سودا ۋە مىللىي ئالاھىدە لازىمەتلىكلەرنى ئىش-

لەپچىقىرىش ۋە ئۇنىڭ بىلەن تەمىنلەش خىزمىتىنى كۈچەيتىش كېرەك. نۆۋەتتە سىياسەت، مەبلەغ، خام ئەشيا-ماتېرىيال قا-تارلىق جەھەتلەردە ساقلىنىۋاتقان مەسىلىلەر ۋە قىيىنچىلىقلارنى مۇۋاپىق ھەل قىلىش چارىسىنى ئالاقىدار تارماقلار بىلەن مۇھا-كىمە قىلىپ، بىرلىكتە تېپىشىمىز لازىم.

(3) مائارىپ، پەن-تېخنىكا، مەدەنىيەت ئىشلىرىنى زور كۈچ بىلەن راۋاجلاندۇرۇپ، ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ پەن-مە-دەنىيەت سۈپىتىنى ئۆستۈرۈش. سوتسىيالىستىك ماددىي مەدە-نىيەت بىلەن مەنىۋى مەدەنىيەتنى ئىبغىشماي تەڭ تۇتۇش — مىللىي خىزمەتتە چىڭ تۇرۇشقا تېگىشلىك يۆنىلىش. تېگى--تەكتىدىن ئالغاندا، مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ سۈپىتىنى ئۆستۈرۈشنى مەقسەت قىلىدۇ. كۈچنى مىللىي ئىقتىساقلىق-تەرەققىيات ئىشلىرىغا قاراتقان ۋاقىتتا، مائارىپ، پەن-تېخنىكا، مەدەنىيەت قاتارلىق ئىشلارنى مۇھىم ئورۇنغا قويۇپ، ئەستايىدىل ئوبدان تۇتۇش كېرەك.

مىللىي مائارىپىنى قانداق ئىسلاھ قىلىش ۋە راۋاجلاندۇ-رۇش — يېقىنقى يىللاردىن بېرى كىشىلەر ئومۇميۈزلۈك كۆ-ڭۈل بۆلۈۋاتقان مەسىلىلەرنىڭ بىرى، ھەممەيلەن مىللىي مائا-رىپ ئىشلىرىنى تېزرەك راۋاجلاندۇرۇش ۋە مائارىپ سۈپىتىنى ئۆستۈرۈشنى ئۈمىد قىلىدۇ. تەرەققىياتنىڭ ئۇزاق مۇددەتلىك زاپاس كۈچىگە ئىگە بولىمەن دېگەن مىللەت مائارىپنى راۋاجلان-دۇرۇشنى ئالدىنقى ئورۇنغا قويۇشى، كۆز ئالدىدىكى مەنپەئەت-كىلا بېرىلىدىغان ئىشنى قىلماسلىقى شەرت. يولداش دېڭ شياۋپىڭ: «بىز تۇرلۇك چارە-تەدبىرلەرنى قوللىنىپ، باشقا

جەھەتلەردە بىر ئاز تاقەت قىلىپ، ھەتتا سۇرئەتنى ئاز-تولا قۇربان قىلىپ بولسىمۇ، مائارىپ مەسىلىسىنى ياخشى ھەل قىلىشىمىز لازىم» دەپ كۆرسەتكەنىدى. ھەر دەرىجىلىك مىللىي ئىشلار كومىتېتلىرىنىڭ مىللىي مائارىپنى ئىسلاھ قىلىش ۋە راۋاجلاندۇرۇش جەھەتتە باش تارتقۇسىز مەسئۇلىيىتى بار، ئۇلار بۇنىڭغا پائال قاتنىشىشى ۋە مائارىپ تارماقلىرىنىڭ بۇ خىزمىتىنى ياخشى ئىشلىشىگە تەشەببۇسكارلىق بىلەن ماسلىشىشى كېرەك. بىز چارۋىچىلىق رايونلىرىنىڭ، تاغلىق رايونلارنىڭ، چېگرا رايونلارنىڭ ۋە ئاز سانلىق مىللەتلەر تارقاق، ئارىلاش ئولتۇراقلاشقان رايونلارنىڭ مىللىي مائارىپنى تەكشۈرۈش نۇقتىسى قىلىپ، ئايرىم-ئايرىم چوڭقۇر تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىپ، بۇنىڭدىن كېيىنكى بىر مەزگىلدە مىللىي مائارىپنى ئىسلاھ قىلىش ۋە راۋاجلاندۇرۇشنىڭ فاڭجېن-سىياسەتلىرى توغرىسىدا بەزى تەكلىپلەرنى بەرمەكچىمىز. دۆلەت مىللىي ئىشلار كومىتېتى دۆلەت مائارىپ كومىتېتى بىلەن بىرلىكتە مەملىكەتلىك مىللىي مائارىپ خىزمەت يىغىنى چاقىرىدۇ. يىغىندا مىللىي مائارىپ جەھەتتىكى تەجرىبىلەر يەكۈنلىنىدۇ، مىللىي مائارىپنى يەنىمۇ ئىلگىرىلەپ كۈچەيتىشنىڭ فاڭجېن، سىياسەت ۋە تەدبىرلىرى مۇھاكىمە ۋە تەتقىق قىلىنىدۇ. يىغىننىڭ بەزى تەييارلىق خىزمەتلىرى ئىشلەندى، بۇنى بۇ يىللىق مۇھىم ۋەزىپە قاتارىدا ئوبدان تۇتۇش كېرەك. يىغىنغا سۇنۇلىدىغان ھۆججەتلەرنى داۋاملىق ماسلاشتۇرۇش، ئەستايىدىل پىششىقلاش ئارقىلىق مۇكەممەللەشتۈرۈش لازىم.

مىللەتلەر ئىنستىتۇتلىرىنىڭ قۇرۇلۇشى ۋە باشقۇرۇشنى

كۈچەيتىش كېرەك. دۆلەت مىللىي ئىشلار كومىتېتىغا قاراشلىق ئىنستىتۇتلارنىڭ تەرەققىياتى توغرىسىدا يېتەكچى خاراكتېرلىك پىكىرلەرنى ئوتتۇرىغا قويۇشقا ئەھمىيەت بېرىش كېرەك. مىللەتلەر ئىنستىتۇتلىرى ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىنىڭ ئىقتىسادىي قۇرۇلۇش ۋە ئىجتىمائىي تەرەققىيات ئېھتىياجىنى ئاساس قىلىپ، كەسىپ قۇرۇلمىسىنى تەڭشەپ، دەرسلىك قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىشى كېرەك. سوتسىيالىزم ئىشلىرىنىڭ لاياقەتلىك ئىز باسارلىرىنى يېتىشتۈرۈش ئۈچۈن، مىللەتلەر ئىنستىتۇتلىرىدىكى سىياسىي خىزمەت قوشۇنىنىڭ قۇرۇلۇشىنى ۋە ئىدىيىۋى-سىياسىي تەربىيىنى كۈچەيتىش شەرت، ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىدا ئىختىساسلىق خادىملار يېتىشمەسلىك مەسىلىسىنى ھەل قىلىش ئۈچۈن، ئوخشاش بولمىغان رايونلارنىڭ ئىختىساسلىق خادىملارغا بولغان ئېھتىياجىنى مۆلچەرلەش، مىللەتلەر ئىنستىتۇتلىرىنى پۈتتۈرگەن ئوقۇغۇچىلارنى تەقسىم قىلىش تۈزۈمى ئىسلاھاتىنىڭ يولىغا قويۇلىدىغان تەپسىلىي قائىدىسىنى تۈزۈپ، ئوقۇش پۈتتۈرگەن ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىغا قايتىپ ئىشلىشىگە ئىلھام بېرىش ۋە كاپالەتلىك قىلىش لازىم.

ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىنىڭ ئەمەلىيىتىنى ئاساس قىلىپ، مائارىپ تارماقلىرىنىڭ مائارىپ تۈزۈلمىسى ئىسلاھاتىنى ئېلىپ بېرىشىغا پائال ياردەملىشىپ، ئاساسىي مائارىپنى كۈچەيتىش، مىللىي ئوتتۇرا-باشلانغۇچ مەكتەپ مائارىپىنى نۇقتىلىق ياخشى تۇتۇش، كەسپىي مائارىپ ۋە تېخنىكا مائارىپىنى زور كۈچ بىلەن قانات يايدۇرۇش، يېتىپ ئوقۇش ۋە يېرىم

يېتىپ ئوقۇش تۈزۈمىدىكى مەكتەپلەرنى ۋە ئىچكى رايونلاردا ئېچىلغان شىنجاڭ ئوتتۇرا مەكتەپلىرى بىلەن شىنجاڭ سىنىپلىرىنى ئوبدان باشقۇرۇش كېرەك. چوڭلار مائارىپىنى ۋە ساۋاتسىزلىقنى تۈگىتىش خىزمىتىنى زور كۈچ بىلەن قانات يايدۇرۇش لازىم. مىللىي مائارىپنى ئىسلاھ قىلىش ۋە راۋاجلاندۇرۇش تەجرىبىلىرىنى ئەستايىدىل يەكۈنلەپ، مىللىي ئالاھىدىلىككە ۋە رايون ئالاھىدىلىكىگە ئىگە بولغان، ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىنىڭ ئىقتىسادىي ۋە ئىجتىمائىي تەرەققىيات ئېھتىياجىغا ئۇيغۇن كېلىدىغان بىر يۈرۈش مائارىپ تۈزۈلمىسى ۋە مائارىپ ئۇسۇلىنى ۋۇجۇدقا كەلتۈرۈش كېرەك.

پەن-تېخنىكا— ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرى ئىچىدىكى ئەڭ جانلىق، ئەڭ ئىجابىي ئامىل. پەن-تېخنىكىنى راۋاجلاندۇرۇشمۇ مائارىپنى راۋاجلاندۇرۇشقا ئوخشاش مىللەتلەرنىڭ سۈپىتىنى ئۆستۈرۈشتىكى ئاساسىي يول. مىللىي خىزمەت تارماقلىرى پەن-تېخنىكا خىزمىتىنى تۇتۇشتا، نۆۋەتتە ئاساسەن ئالاقىدار تارماقلار بىلەن بىرلىكتە پەن-تېخنىكىنى ئومۇملاشتۇرۇش ۋە پەن-تېخنىكا ئارقىلىق نامراتلارنى يۆلەش خىزمىتىنى ئوبدان تۇتۇشى لازىم، ئالاقىدار تارماقلار بىلەن ھەمكارلىشىپ ياكى شارائىتى يار بېرىدىغان ئىنستىتۇت-مەكتەپلەرگە ھاۋالە قىلىپ، ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ نامراتلىقتىن قۇتۇلۇپ بېيىشى ئۈچۈن جىددىي زۆرۈر بولغان ئەمەلىي تېخنىكا كۇرسلىرىنى ئېچىشى، ئومۇملاشتۇرۇش خىزمىتىنى ئوبدان تۇتۇشى، پەن-تېخنىكىنى ئىشلەپچىقىرىش-قۇرۇلۇش بىلەن زىچ بىرلەشتۇرۇشى كېرەك. تەبىئىي پەن-تېخنىكىنى كېڭەيتىش-ئومۇم-

لاشتۇرۇش خىزمىتىنى ياخشى تۇتۇش بىلەن بىرۋاقىتتا، ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ئىختىساسلىق پەن-تېخنىكا خادىملىرىنى تەربىيىلەش ۋە ئۇلارنىڭ سەۋىيىسىنى ئۆستۈرۈشكىمۇ دىققەت قىلىش، باشقۇرۇش پەنلىرىنى تارقىتىش ۋە تەتبىق قىلىشقا دىققەت قىلىپ، ئىگىلىك باشقۇرۇش سەۋىيىسىنى ۋە ئىقتىسادىي ئۈنۈمنى ئۆستۈرۈش لازىم.

مىللەتلەرنىڭ ئەنئەنىۋى ئېسىل مەدەنىيىتىنى راۋاجلاندۇرۇش ئۈچۈن ياخشى مۇھىت ۋە شارائىت يارىتىش كېرەك. مىللىي مەدەنىيەتنىڭ ئالمىشىشىغا، بىر-بىرىنى تولۇقلىشى ۋە مەزمۇنغا بېيىتىشى ھەمدە ئورتاق يۈكسىلىشىگە تۈرتكە بولۇپ جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ مەدەنىيەت گۈلزارىنى تېخىمۇ كۆركەم ۋە كۆپ خىل تۈسكە كىرگۈزۈش لازىم، سوتسىيالىستىك مىللىي مەدەنىيەت سىياسىتىمىزدە ئەمەل قىلىشقا تېگىشلىك تۈپ مەيدان ئەنە شۇ. بۇ يىل، بىز تەجرىبىلەرنى ئەستايىدىل يەكۈنلەش ئاساسىدا، بۇنىڭدىن كېيىن مىللىي مەدەنىيەتنى راۋاجلاندۇرۇشنىڭ ئومۇمىي تەسەۋۋۇرى ۋە سىياسەت-تەدبىرلىرىنى ئوتتۇرىغا قويماقچىمىز، مىللىي مەدەنىيەت خادىملىرىنى يېتىشتۈرۈشكە دىققەت قىلىپ، ئاساسىي قاتلام سوتسىيالىستىك مەدەنىيەت ئىستىھكامىنى مۇستەھكەملەپ، چەت بىلەن مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇش ئالاقىسىنى مۇۋاپىق كۆپەيتىپ، مىللىي مەدەنىيەت ئىشلىرىنىڭ راۋاجلىنىشى ۋە گۈللىنىشىنى ئىلگىرى سۈرۈش كېرەك. مىللىي تەشۋىقات خىزمىتىدە، سوتسىيالىزم ئۈچۈن، ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئىتتىپاقلىق-تەرەققىيات ئىشلىرى ئۈچۈن خىزمەت قىلىدىغان توغرا يۆنىلىشتە چىڭ تۇرۇش

لازىم. مىللىي تەشۋىقات خىزمىتىنىڭ مۇھىم نۇقتىسىنى مەملىكەت ئىچىگە قارىتىش، شۇنىڭ بىلەن بىرۋاقىتتا تاشقى تەشۋىقاتنى خىلمۇخىل شەكىللەر ئارقىلىق نىشانلىق قانات يايدۇرۇش كېرەك. بىز مەركىزىي كومىتېت تەشۋىقات بۆلۈمى قاتارلىق تارماقلار بىلەن بىرلىكتە بىر قىسىم ئۆلكە، ئاپتونوم رايونلاردىكى يولداشلارنى تەكلىپ قىلىپ، ئۇلار بىلەن مەخسۇس تېما بويىچە سۆھبەت ئۆتكۈزمەكچى، ئاندىن بىر يىغىن ئېچىپ، مىللىي مەدەنىيەت ۋە تەشۋىقات خىزمىتىدىكى بەزى مەسىلىلەر ئۈستىدە تەتقىقات ئېلىپ بارماقچى بولۇۋاتىمىز. بۇ يەردە شۇنى كۆرسىتىش زۆرۈركى، «بىباھا نەرسىلەرنى تازىلاش» ۋە «ئالتە زىياندىشنى يوقىتىش» پائالىيىتىدە، ئاز سانلىق مىللەتلەرگە ھاقارەت كەلتۈرىدىغان، مىللىي مۇناسىۋەتكە نۇقسان يەتكۈزىدىغان نەشرىي ئەسەرلەر ۋە ئۈن-سىن ئەسەرلىرىنى ئېنىقلاش ۋاقتىدا، پوزىتسىيىدە قەتئىي ۋە كەسكىن بولۇش، ئۇسۇل جەھەتتە ئېھتىياتچان، سالماق بولۇش، سىياسەت چېكىنى قاتتىق ئىگىلەش، ناچار ئەسەرلەرنىڭ تەسىر كۆرسىتىش دائىرىسىنى ئىمكانقەدەر كىچىكلىتىش لازىم.

بىز ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ سەھىيە، تەنتەربىيە ئىشلىرىنىمۇ پائال راۋاجلاندۇرۇشقا ئەھمىيەت بېرىپ، ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ ئاھالە سۈپىتىنى ئۆستۈرۈشىمىز لازىم.

مىللىي تىل-يېزىقنى قوللىنىش ۋە راۋاجلاندۇرۇش مەسىلىسى— مىللىي خىزمەتنىڭ مۇھىم بىر تەرىپى. بىرنەچچە يىل قايتا-قايتا مۇھاكىمە قىلىش ئارقىلىق، مىللىي تىل-يېزىق خىزمىتىنىڭ فاڭجېنى، ۋەزىپىسى ۋە بىر نەچچە مۇھىم خىزمەت

ئاساسي جەھەتتىن ئايدىڭلاشتى. گوۋۇيۈەننىڭ تەستىقى بىلەن، دۆلەت مىللىي ئىشلار كومىتېتى مەخسۇس تىل-يېزىق ئاپپاراتىنى تەسىس قىلدى. ئالاقىدار رايونلارمۇ خىزمەت ئاپپاراتىنى قۇرۇشى ۋە مۇكەممەللەشتۈرۈشى كېرەك. بۇ يىل مۇۋاپىق پەيتتە، مەملىكەتلىك مىللىي تىل-يېزىق خىزمەت يىغىنى ئېچىلىپ، بۇ خىزمەت يەنىمۇ ئىلگىرىلەپ قانات يايدۇرۇلىدۇ.

(4) مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە قانۇنىنى قەتئىي تەۋرەنمەي داۋاملىق ئىزچىللاشتۇرۇپ ۋە ئىجرا قىلىپ، مىللىي قانۇنچىلىق قۇرۇلۇشىنى ئالغا سۈرۈش لازىم. سوتسىيالىستىك دېموكراتىيە ۋە قانۇنچىلىق قۇرۇلۇشىنىڭ كۈچەيتىلىشى مىللىي قانۇنچىلىق قۇرۇلۇشىنىڭ قەدىمىنى تېزلىتىشنى تەلەپ قىلىدۇ. مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە قانۇنى دۆلىتىمىزنىڭ نېگىزلىك قانۇنلىرىدىن بىرى بولۇش سۈپىتى بىلەن، سىياسىي تۈزۈم، ئىقتىسادىي قۇرۇلۇش-مەدەنىيەت قۇرۇلۇشى ۋە مىللىي مۇناسىۋەت قاتارلىق زور مەسىلىلەرگە تاقىلىدۇ، دۆلەتنىڭ بىرلىكى، مىللەتلەرنىڭ باراۋەرلىكى، ئىتتىپاقلىقى ۋە ئورتاق گۈللىنىشىگە تاقىلىدۇ، شۇڭا، ئاپتونومىيە قانۇنىنى قەتئىي ئېغىشماي ئىزچىللاشتۇرۇش— مىللىي خىزمەتتە باشتىن ئاياغ بوشاشتۇرۇشقا بولمايدىغان زور ۋەزىپە. مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە قانۇنى مىللىي قانۇنچىلىق قۇرۇلۇشىدا يادرولۇق ئورۇندا تۇرغاچقا، پۈتكۈل مىللىي قانۇنچىلىق قۇرۇلۇشىنىڭ تەرەققىياتىنى مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە قانۇنىنى ئىزچىللاشتۇرۇش ۋە ئەمەلىيلەشتۈرۈشنى مەركەز قىلىش يولى بىلەن ئالغا سۈرۈشكە توغرا كېلىدۇ.

ئاپتونومىيە قانۇنىنىڭ ئېلان قىلىنىپ يولغا قويۇلغىنىغا
بەش يىلدىن ئاشتى، بۇ قانۇننى ئىزچىللاشتۇرۇش ۋە ئىجرا
قىلىش ھەر مىللەت كادىرلىرى ۋە ئاممىسى ئىنتايىن كۆڭۈل
بۆلىدىغان مەسىلە بولۇپ كەلدى. ھەر ساھەدىكىلەر ئىجرا قى-
لىش بىرقەدەر تەسكە توختاۋاتىدۇ دەپ ئىنكاس قىلدى، بۇنداق
بولۇشتىكى سەۋەب شۇكى، ئاپتونومىيە قانۇنىغا ياندىشىدىغان
مۇناسىپ نىزام ۋە نازارەتچىلىك مېخانىزمى مۇكەممەللەشمىدى.
ئاپتونومىيە قانۇنىغا ياندىشىدىغان قانۇنلارنى چىقىرىش مەسىلى-
سى مەركىزىي كومىتېتنىڭ [1987] 13-نومۇرلۇق ھۆججىتىدە
تىلغا ئېلىنغانىدى، لى پېڭ زۇڭلى 7-نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك
خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ 1-يىغىنىدا بەرگەن «ھۆكۈمەت خىزمىتى-
دىن دوكلات» تىمۇ: ئاپتونومىيە قانۇنىنى يولغا قويۇشنىڭ تەپ-
سىلىي قائىدىسىنى تۈزۈش كېرەك، دەپ ئېنىق ئوتتۇرىغا قوي-
غانىدى. بۇ خىزمەتكە مەركەزمۇ، جايلارمۇ تۇتۇش قىلىۋاتىدۇ.
دۆلەت مىللىي ئىشلار كومىتېتى «ئاپتونومىيە قانۇنىنى يولغا
قويۇش توغرىسىدىكى بىرنەچچە پىكىر»نى تەييارلاشقا تۇتۇش
قىلماقچى. ئاپتونومىيە قانۇنىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈش —
مۇشكۈل-ئىنچىكە، ئىنتايىن قىيىن خىزمەت، ئۇ ھەرقايسى
تەرەپلەرنىڭ زىچ ماسلىشىشىنى، ھەر دەرىجىلىك ھاكىمىيەت
ئورگانلىرى، پارتىيە-ھۆكۈمەت تارماقلىرى، دېموكراتىك پار-
تىيە-گۇرۇھلار، خەلق تەشكىلاتلىرى قاتارلىق كۆپ تەرەپنىڭ
مەدەت بېرىشى ۋە نازارەت قىلىشىنى تەلەپ قىلىدۇ. مىللىي
ئاپتونومىيىلىك جايلار ئاپتونومىيە نىزامى ۋە يەككە نىزاملارنى
تۈزۈش خىزمىتىنى كۈچەيتىشى لازىم. بىزنىڭ نىشانىمىز

—ئاپتونومىيە قانۇنىنى يولغا قويۇشتا گوۋۇيۈەن ۋە يەرلىك ھۆكۈمەتلەر ئاپتونومىيە قانۇنىنى ئىزچىللاشتۇرۇش ۋە ئەمەلىيە-لەشتۈرۈش يۈزىسىدىن تۈزگەن مەمۇرىي نىزاملارنى ئۆز ئىچىگە ئېلىش، «سىستېما» بىلەن «رايونلار» بىرلەشتۈرۈلگەن، ھەم پۈتۈن مەملىكەتكە خاس ئورتاق پرىنسىپنى، ھەم جايلارنىڭ ئالاھىدىلىكىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان سىستېمىنى پەيدىنپەي شە-كىللەندۈرۈش ھەمدە ئۇنىڭغا، قانۇنغا خىلاپلىق قىلغانلارنى جا-زالاش ۋە نازارەتچىلىك قىلىش مېخانىزمىنى يانداشتۇرۇش كې-رەك. بىز مۇشۇ نىشاننى تېزرەك ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن تىرىشىشىمىز لازىم.

تارقاق، ئارىلاش ئولتۇراقلاشقان ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ خىزمىتىنى داۋاملىق ياخشى ئىشلەش كېرەك. بىرنەچچە يىلدىن بېرى، تارقاق، ئارىلاش ئولتۇراقلاشقان ئاز سانلىق مىللەتلەر خىزمىتىدە بىرمۇنچە يېڭىلىق يارىتىلدى، ئۇلارنىڭ ئوتتۇرىسى-دىكى مۇناسىۋەت ۋە ئالماشتۇرۇش ئالاقىسىمۇ ئۈزلۈكسىز كۆ-پەيدى. تارقاق، ئارىلاش ئولتۇراقلاشقان مىللەتلەر خىزمىتىنىڭ مۇھىم نۇقتىسى— شەھەرلەرنىڭ مىللىي خىزمىتى، مىللىي يېزا، كەنتلەرنىڭ خىزمىتى ۋە زاۋۇت-كان كارخانىلىرىنىڭ مىللىي خىزمىتى. ھازىر «مىللىي يېزىلارنىڭ خىزمەت نىزا-مى» ۋە «شەھەرلەرنىڭ مىللىي خىزمەت نىزامى» تۈزۈلۈۋاتى-دۇ. بۇ خىزمەت ياخشى ئىشلەنسە، تارقاق، ئارىلاش ئولتۇراق-لاشقان مىللەتلەر خىزمىتىدە ئەمەل قىلىنىدىغان نىزام بارلىققا كېلىدۇ.

تەشكىلات، كادىرلار تارماقلىرىنىڭ ئاز سانلىق مىللەت

كادىرلىرىنى يېتىشتۈرۈش ۋە تەربىيىلەش خىزمىتىنى ياخشى ئىشلىشگە يارده‌ملىشىش كېرەك. مەركىزىي كومىتېت تەشكى-لات بۆلۈمى بىلەن كادىرلار مىنىستىرلىكى كېڭەشكەندىن كې-يىن، ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرىنىڭ ئەھۋالى ۋە كادىرلار سىياسىتىنىڭ ئىجرا قىلىنىش ئەھۋالىنى كۈچ ئۇيۇشتۇرۇپ تەكشۈرۈپ ۋە تەتقىق قىلىپ، بۇ ھەقتە تەكلىپ بەرمەكچى بولۇۋاتىمىز. ھەر دەرىجىلىك مىللىي ئىشلار كومىتېتلىرى ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرى ۋە ۋەكىللىرى بىلەن مۇناسىۋەت باغلاش تۈزۈمىنى ئورنىتىشى لازىم. زور بىر تۈركۈم ھەم ئەخلاقلىق، ھەم قابىلىيەتلىك ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرىنى تەربىيىلەپ يېتىشتۈرۈشنى مىللىي خىزمەتتىكى ئۇزاق مۇددەت-لىك مۇھىم ۋەزىپە قىلىپ، ئەستايىدىل ئوبدان تۇتۇشى كېرەك.

بىزنىڭ ئالدىمىزغا قويۇلغان ۋەزىپىلەر ئېغىر، بۇ ۋەزىپە-لەرنىڭ بەزىلىرى يېڭى ۋەزىيەتتە ئوتتۇرىغا قويۇلغان، بەزىلىرى ئىلگىرى ئورۇنداپ بولۇنمىغان ياكى ئورۇنداش ئىمكانىيىتى تولۇق بولمىغان ۋەزىپىلەردۇر. بۇ ۋەزىپىلەرنى داۋاملىق تىرىشچانلىق كۆرسىتىپ ئورۇنداش لازىم. ھەرقايسى جايلار ۋە ئورۇنلار ئۆز جايىنىڭ، ئۆز ئورنىنىڭ ئەمەلىيىتىگە ۋە ئۆزىنىڭ كۈچىگە تايىنىپ، مۇھىم نۇقتىنى گەۋدىلەندۈرۈپ، ئىشنىڭ مۇھىملىق ۋە جىددىيلىك دەرىجىسىنى پەرقلەندۈرۈپ، كونكرېت ئورۇنلاش-تۇرۇشنى ئوبدان ئىلىپ بېرىشى كېرەك. خىزمەت پىلانى بېكى-تىلگەن ھامان، كۈچنى مەركەزلەشتۈرۈپ، چىڭ تۇتۇپ ئۈنۈم ھاسىل قىلىش لازىم. پىلاننى ئوبدان يولغا قويۇشنىڭ ئاچقۇ-

چی— ھەر دەرىجىلىك مىللىي خىزمەت تارماقلىرىدا ئوبدان بىر
رەھبەرلىك بەنزىسىنىڭ، ناھايىتى ئوبدان مىللىي خىزمەت كا-
دىرلىرى قوشۇنىنىڭ بولۇشىدا. شۇڭا، مىللىي خىزمەت تارماق-
لىرى ئۆز قۇرۇلۇشىنى ئوبدان تۇتۇشى شەرت. ئورگان قۇرۇ-
لۇشىنى ئوبدان تۇتۇش ۋە مىللىي ئىشلار كومىتېتىنىڭ فۇنك-
سىيىسىنى تېخىمۇ ياخشى جارى قىلدۇرۇش مەسىلىسى توغرى-
سىدا بۇلتۇر چاقىرىلغان مەملىكەتلىك مىللىي ئىشلار كومىتېتى
مۇدىرلىرى يىغىنىدا مەخسۇس سۆزلىگەنىدىم، شۇ چاغدا ئوتتۇ-
رىغا قويۇلغان ئاساسىي پىكىرلەر ھازىرقى ئەھۋالغىمۇ باب كې-
لىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىرۋاقىتتا، ۋەزىيەت تەرەققىياتىنىڭ ئېھ-
تىياجىغا قاراپ، تەكشۈرۈش-ئېنىقلاش، پارتىيە ئەزالىرىنى
تىزىملاش ۋە پاكلىق قۇرۇلۇشىنى داۋاملىق تۇردە ھەقىقىي ئوب-
دان تۇتۇپ، ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرىنىڭ سۈپىتىنى ئۆس-
تۈرۈش، مىللىي خىزمەت ئاپپاراتلىرىنىڭ فۇنكسىيىسىنى كۈ-
چەيتىش، خىزمەت ئۈنۈمىنى ئۆستۈرۈش، شۇ ئارقىلىق يېڭى
ۋەزىيەتتە مىللىي خىزمەتنى ياخشى ئىشلەش ئېھتىياجىغا لايىق-
لىشىش لازىم.

ھازىر، دۆلەتنىڭ ئالدىدا خىلمۇخىل قىيىنچىلىقلار تۇرۇۋې-
تۇ، ئەمما قىيىنچىلىقنى يېڭىش، يول ئېچىپ ئىلگىرىلەشنىڭ
بىرمۇنچە پايدىلىق شارائىتىمۇ تۇرۇۋېتۇ. بىز ۋەزىيەتنى ئىلمىي
ئاساستا تونۇپ، ئىشەنچ تۇرغۇزۇپ، بىر نىيەتتە تەڭ كۈچ
چىقىرىپ، مىللىي خىزمەتنى تازا ئوبدان ئىشلەپ، دۆلەتنى
تېخىمۇ گۈللەندۈرۈش، روناق تاپقۇزۇش ئۈچۈن كۆپرەك تۆھپە
قوشۇشقا تىرىشىشىمىز لازىم.

# ۋەتەن بىرلىكى ۋە مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى تۇغىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ، چېگرىدىكى ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىنىڭ مۇقىملىقى ۋە تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرەيلى*

(1990-يىل 6-ئاينىڭ 18-كۈنى)

يولداشلار:

بۇ ۋاقتى ناھايىتى قىسقا، ئەمما ناھايىتى ئۇتۇقلۇق بىر يىغىن بولدى. كۆپچىلىك پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى بىلەن گوۋۇيۈەننىڭ چېگرا رايونلارنى مۇقىملاشتۇرۇش توغرىسىدىكى يوليورۇقىنىڭ روھىغا ئاساسەن، ئۆز تارمىقىنىڭ، ئۆز رايونىنىڭ ئەمەلىيىتىگە بىرلەشتۈرۈپ، ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىنىڭ ۋەزىيىتىنى ئەستايىدىل تەھلىل قىلدى، ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى ۋە مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى قوغداشقا دائىر ئەھۋاللارنى ۋە تەسىراتلىرىنى تونۇشتۇردى، چېگرىدىكى ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىنىڭ مۇقىملىقىنى تېخىمۇ چىڭ قوغداش ھەققىدە نۇر-

---

* بۇ— يولداش ئىسمايىل ئەھمەدنىڭ چېگرىدىكى ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىنى مۇقىملاشتۇرۇش سۆھبەت يىغىنىدا سۆزلىگەن سۆزى.

غۇن ياخشى پىكىر ۋە تەكلىپلەرنى ئوتتۇرىغا قويدى. بىز بۇ قېتىمقى يىغىننىڭ ئەھۋالىنى مۇۋاپىق يول بىلەن پارتىيە مەر- كىزىي كومىتېتىغا، گوۋۇيۈەنگە دوكلات قىلماقچىمىز. ئەمدى مەن چېگرىدىكى ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىنىڭ مۇقىملىقىنى ساقلاش مەسىلىسىگە دائىر بەزى ئەھۋاللار ۋە مەسىلىلەر ئۈستى- دە قايتا توختالماقچىمەن.

## بىرىنچى، مەركەز چېگرىدىكى ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىنىڭ مۇقىملىقىغا ئىنتايىن ئەھمىيەت بەرمەكتە

پارتىيە ۋە دۆلەت ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىنىڭ مۇقىم- لىقى ۋە تەرەققىياتىغا ئەزەلدىن ئىنتايىن ئەھمىيەت بېرىپ كەل- دى. پارتىيە 13-نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتىنىڭ 4-ئومۇمىي يىغىنىدىن بۇيان، پارتىيە ۋە دۆلەت رەھبەرلىرىنىڭ مىللىي خىزمەت توغرىسىدىكى بىرقاتار سۆزلىرى ۋە يوليورۇقلىرىدا ئىزچىل ئالغا سۈرۈلگەن مۇھىم بىر يېتەكچى ئىدىيە بۆلگۈنچى- لىككە قەتئىي قارشى تۇرۇپ، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى ۋە ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىنىڭ مۇقىملىقىنى، ۋەتەننىڭ بىرلىكى- نى قوغداشتىن ئىبارەت. مەسىلەن، يولداش جياڭ زېمىن ئۆت- كەن يىلى 9-ئايدا چاقىرىلغان مەملىكەت بويىچە ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىنىڭ نامراتلارنى يۆلەش خىزمەت يىغىنىدا: «دۆلىتىمىز مىللەتلەر ئىتتىپاقلاشقان چوڭ ئائىلە. مىللىي بۆلگۈنچىلىككە ھەرگىز يول قويۇشقا بولمايدۇ» دەپ ئېنىق كۆرسەتتى. 11-ئايدا جياڭ زېمىن، لى پېڭ قاتارلىق يولداشلار

يەرلىك خەلق قوزۇلتايلىرى مىللىي ئىشلار كومىتېتلىرىنىڭ مۇدىرلىرى يىغىنىغا قاتناشقان ۋەكىللەرنى قوبۇل قىلغان چاغ-دا: دۈشمەن كۈچلەر دۆلىتىمىزدىكى مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىغا بۇزغۇنچىلىق قىلىشنى ئۆزلىرىنىڭ ئاغدۇرمىچىلىق قىلىش ۋە سىڭىپ كىرىشتىكى بىر ۋاسىتىسى قىلماقتا، ئۇنىڭدىن قاتتىق پەخەس بولۇش ۋە ئۇنىڭغا قەتئىي زەربە بېرىش كېرەك دەپ كۆرسەتتى. جياڭ زېمىن، لى پېڭ قاتارلىق يولداشلار يۈننەن ۋە شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىدا ئايرىم-ئايرىم تەكشۈرۈش ئېلىپ بارغان چاغدا، دۆلەتنىڭ بىرلىكىنى ۋە مىللەتلەر ئىتتى-پاقلىقىنى قوغداشنى تۈپ ۋەزىپە قىلىپ تۇتۇشنى تەكىتلىدى. بۇ يىل 2-ئاينىڭ 15-كۈنى، يولداش جياڭ زېمىن مەملىكەتلىك مىللىي ئىشلار كومىتېتلىرى مۇدىرلىرىنىڭ يىغىنى ھەققىدىكى دوكلاتنى ئاڭلاشقا رىياسەتچىلىك قىلدى، يولداش لى پېڭ مۇ-ھىم سۆز قىلدى. 3-ئاينىڭ 10-كۈنى، يەنى پارتىيە 13-نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتنىڭ 6-ئومۇمىي يىغىنى مەزگىلى-دە، مەركىزىي كومىتېت چېگرىدىكى ئاز سانلىق مىللەت رايون-لىرىنى ۋە ئالاقىدار تارماقلاردىن يىغىنغا قاتناشقان مەسئۇل يولداشلارنى يىغىپ مەخسۇس سۆھبەت ئۆتكۈزدى. يولداش جياڭ زېمىن مۇھىم سۆز قىلدى، يولداش جياڭ زېمىن يېقىندا ئاخىرلاشقان مەملىكەتلىك بىرلىك سەپ خىزمەت يىغىنىدا مىل-لىي بۆلگۈنچىلىككە قارشى تۇرۇش، ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى ۋە مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى قوغداش مەسىلىسى ئۈستىدە يەنە توخ-تالدى.

مەركىزىي كومىتېتنىڭ چېگرىدىكى ئاز سانلىق مىللەت

رايونلىرىنى يەنە بىرقەدەم ئىلگىرىلەپ مۇقىملاشتۇرۇش توغرى-
سىدىكى بىرقاتار مۇھىم يولىيورۇقلىرى ئەمەلىيەتكە ئۇيغۇن،
ئۇ ھەر مىللەت خەلقىنىڭ تۈپ مەنپەئىتىنى ۋە ئورتاق ئارزۇسى-
نى ئەكس ئەتتۈردى، چېگرا رايوندىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ
چىن ھىمايىسىگە ئېرىشتى. بىز ئۇ يولىيورۇقلارنى ئەستايىدىل
ئەمەلىيلەشتۈرىدىغان بولساق، چېگرىدىكى ئاز سانلىق مىللەت
رايونلىرىنىڭ مۇقىملىقىنى چوقۇم ساقلاپ قالالايمىز.

## ئىككىنچى، ھازىر چېگرا رايونلىرىمىزنىڭ ئومۇمىي ۋەزىيىتى مۇقىم

مەركەزنىڭ پۈتۈن مەملىكەتنىڭ ۋە چېگرا رايونلارنىڭ مۇ-
قىملىقىنى ساقلاش توغرىسىدىكى سىياسەت ۋە تەدبىرلىرى پۈ-
تۈن مەملىكىتىمىزدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئەمەلىي ھەرىكى-
تىگە ئايلاندى. پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى بىلەن گوۋۇيۈەن-
نىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشىغا بىنائەن، دۆلەت مىللىي ئىشلار كومى-
تېتى ئالاقىدار تارماقلار بىلەن ھەمكارلىقنى كۈچەيتىپ،
جايلارنىڭ يولداش جياڭ زېمىن، لى پېڭلارنىڭ مەملىكەتلىك
مىللىي ئىشلار كومىتېتلىرى مۇدىرلىرىنىڭ يىغىنىدا سۆزلى-
گەن سۆزى ۋە مەركىزىي كومىتېتنىڭ ئالاقىدار ھۆججەتلىرى-
نىڭ روھىنى ئەتراپلىق ئىزچىللاشتۇرۇپ، چېگرىدىكى ئاز سان-
لىق مىللەت رايونلىرىنىڭ مۇقىملىقى ۋە تەرەققىياتىنى بارلىق
تىرىشچانلىقلار بىلەن ئىلگىرى سۈرۈشكە ماسلاشتى ۋە مەدەت
بەردى. يېقىنقى بىر مەزگىلدە، دۆلەت مىللىي ئىشلار كومىتې-

تىنىڭ كومىتېت ۋە مەھكىمە دەرىجىلىك كادىرلىرى شىنجاڭ، ئىچكى موڭغۇل، نىڭشىيا، گۇاڭشى، يۈننەن، خېينەن، سىچۈەن، گۈيجۇ، گەنسۇ، شەنشى، خېنەن، جياڭسۇ، ئەنخۇي، شەندۇڭ قاتارلىق ئۆلكە، ئاپتونوم رايونلارغا بېرىپ، تەكشۈرۈش ۋە تەتقىقات ئېلىپ باردى، جايلار بىلەن مۇقىملىق مەسىلىسى ئۈستىدە پىكىر ئالماشتۇردى، قانداق چارە قوللىنىش ئۈستىدە مەسلىھەتلەشتى. شۇنىڭ بىلەن بىرۋاقىتتا، ئالاقىدار رايون ۋە تارماقلار بىلەن بىرلىكتە مۇھاكىمە قىلىپ، «ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىنىڭ 8-بەش يىللىق پىلانى ۋە ئون يىللىق يىرىك پىلانى»نى، «ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىنىڭ 8-بەش يىللىق پىلان مەزگىلىدىكى ئىقتىسادىي تۈزۈلمە ئىسلاھاتىنىڭ يىرىك پىلانى ھەققىدە بىرقانچە تەكلىپ»نى ئوتتۇرىغا قويدى، ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىنىڭ نامراتلارنى يۆلەش خىزمىتىنى ۋە مائارىپ خىزمىتىنى داۋاملىق ئىلگىرى سۈردى. جايلاردا ئېلىپ بېرىلغان تەكشۈرۈشتىن ۋە كۆپچىلىك بۇ قېتىمقى يىغىندا تونۇشتۇرغان ئەھۋاللاردىن، بىز مەركەزدىكى ھەرقايسى تارماقلارنىڭ، چېگرىغا جايلاشقان ھەرقايسى ئۆلكە، ئاپتونوم رايونلارنىڭ كۈچنى مەركەزلەشتۈرۈپ مۇقىملىقنى ۋە تەرەققىياتنى تۇتقانلىقىنى، نۇرغۇن زور نەتىجىلەرنى ۋە قىممەتلىك تەجرىبىلەرنى قولغا كەلتۈرگەنلىكىنى چوڭقۇر ھېس قىلدۇق. شىنجاڭدا بىر ئوچۇم مىللىي بۆلگۈنچىلەر بارىن يېزىسىدا پەيدا قىلغان ئەكسىلئىنقىلابىي توپىلاڭ كەسكىنلىك بىلەن تىنچىتىلدى؛ لخاسادا ھەربىي ھالەت ئەمەلدىن قالدۇرۇلغاندىن كېيىن، شىزاڭنىڭ مۇقىملىقى داۋاملىق مۇستەھكەملەندى،

ئىچكى موڭغۇل ئاپتونوم رايونى چەتنىڭ دەخلىسىگە تاقابىل تۇردى، يۇنىنەندە يەر تەۋرەشكە بەرداشلىق بېرىپ، ئاپەتتىن قۇتقۇزۇش، يۇرتنى قايتا گۈللەندۈرۈش خىزمىتى پۇختا ئىشلە-نىپ، تېز يۈكسىلىپ، كىشلەرنىڭ كۈچلۈك ھىمايىسىگە ئې-رىشتى، ئاپەت يۈز بەرگەن رايوندىكى ئاز سانلىق مىللەت ئاممى-سى: «ئاتا نى مېھرىبان بولسىمۇ، ئانانى مېھرىبان دەيدۇ، ۋە لېكىن مېھرىبانلىقتا كومپارتىيىگە يەتمەيدۇ، ياخشى-ياخشى دې-گەنلەر باركى مىڭلاپ قانچىسى، تېپىلمايدۇ ۋە لېكىن سوتسىيا-لىزمدەك ياخشىسى» دېيىشتى. ئامما چېگرا سىرتىدىكى بۆلگۈن-چىلەرنىڭ ھەرىكىتىگە ئاڭلىق تاقابىل تۇردى. ھازىرقى ۋەزى-يەتتىن قارىغاندا، پۈتكۈل دۆلىتىمىز مۇقىم، چېگرىغا جايلاش-قان ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىمۇ مۇقىم، بۇ ئاساسەن تۆۋەن-دىكى بىرقانچە جەھەتتە ئىپادىلىنىدۇ:

(1) سىياسىي ۋەزىيەت مۇقىم بولدى. ئۆتكەن يىلى بېي-جىڭدا ئەكسىلئىنقىلابىي توپىلاڭ ۋە بەزى رايونلاردا قالايمىقان-چىلىق يۈز بەردى، دۈشمەن كۈچلەر چېگرىغا جايلاشقان ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىدا پاراكەندىچىلىك ھەتتا ئەكسىلئىنقى-لابىي توپىلاڭ پەيدا قىلدى، ھەر مىللەت خەلقى سىناقتا بەرداش-لىق بەردى ھەمدە ئۇلارنىڭ بۆلگۈنچى كۈچلەرنى توسۇش ۋە پەرق ئېتىش ئىقتىدارى تېخىمۇ ئۆستى. ھەر مىللەت خەلقى جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ رەھبەرلىكىنى ھىمايە قى-لىپ، سوتسىيالىزم يولىدا تەۋرەنمەي مېڭىپ، ۋەتەننى پارچى-لاش، مىللىي ئىتتىپاقلىقىقا بۇزغۇنچىلىق قىلىش، قالايمىقان-چىلىق تۇغدۇرۇش قاتارلىق قىلمىشلارغا قارشى دەلمۇدەل كۈ-

رەش قىلدى.

(2) ئىگىلىك مۇقىم بولدى. تۈزەش-تەرتىپكە سېلىش ۋە ئىسلاھاتنى چوڭقۇرلاشتۇرۇش ئىشى مۇۋەپپەقىيەتكە ئېرىشتى، ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىنىڭ ئىگىلىك قۇرۇلمىسى مۇۋاپىق يۆنىلىش بويىچە تەڭشىلىپ، مۇئەييەن ئىشلەش سۇرئىتى ساقلاپ قېلىندى، ئۈنۈملۈك تەمىنات داۋاملىق ئېشىپ باردى. 1988-يىلى ۋە 1989-يىلى مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلارنىڭ ئىگىلىك تەرەققىيات سۈرئىتى پۈتۈن مەملىكەتنىڭ ئوتتۇرىچە سۈرئىتى بىلەن ئاساسىي جەھەتتىن تەڭلەشتى. ئۆتكەن يىلى ھەرخىل قىيىنچىلىقنى يېڭىش ئارقىسىدا، يەنە بىر بالداق يۇقىرى كۆتۈرۈلدى. بەش ئاپتونوم رايون ۋە يۈننەن، گۇيجۇ، چىڭخەي ئۆلكىلىرىنىڭ سانائەت ۋە يېزا ئىگىلىك ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى 208 مىليارد 700 مىليون يۈەن بولۇپ، 1988-يىلدىكىگە سېلىشتۇرغاندا 7.6% ئاشتى. بولۇپمۇ ئاشۇ رايونلارنىڭ كۆپىنچىسىدە دېھقانچىلىق ۋە چارۋىچىلىقتىن مول ھوسۇل ئېلىندى. چېگرا سودىسى پۇختا قەدەم بىلەن راۋاجلاندى. خەلق ئاممىسىنىڭ تۇرمۇش سەۋىيىسى يەنىمۇ ئۆستى، ئىجتىمائىي تاۋارلارنىڭ پارچە سېتىلىش ئومۇمىي سوممىسى 73 مىليارد 500 مىليون يۈەن بولۇپ، 1988-يىلدىكىگە سېلىشتۇرغاندا 2.8% ئاشتى. دېھقان-چارۋىچىلارنىڭ كىشى بېشىغا توغرا كېلىدىغان ساپ كىرىمى ئالدىنقى يىلدىكىگە سېلىشتۇرغاندا 6% تىن كۆپرەك ئاشتى، بەزىلىرىنىڭ ئېشىش نىسبىتى 10% تىن ئېشىپ كەتتى. مائارىپ، مەدەنىيەت قاتارلىق ئىشلاردىمۇ ئۈزلۈكسىز يېڭى مۇۋەپپەقىيەتلەر قولغا كەلتۈرۈلدى. ھازىر ھەر

يىلى ئوقۇش پۈتتۈرۈۋاتقان ئاز سانلىق مىللەت ستۇدېنتلىرى
تەخمىنەن 35 مىڭ كىشى بولۇپ، بۇلارنىڭ ئىچىدە ماگىستىر،
دوكتور قاتارلىق يۇقىرى دەرىجىلىك ئىختىساس ئىگىلىرىمۇ
بار.

(3) چېگرا مۇداپىئەسى مۇستەھكەم بولدى. دۆلەت مۇدا-
پىئەسىنى زامانىۋىلاشتۇرۇش — تۆتنى زامانىۋىلاشتۇرۇشنىڭ
مۇھىم مەزمۇنى، شۇنداقلا تۆتنى زامانىۋىلاشتۇرۇشنىڭ مۇھىم
كاپالىتى. چېگرا رايونلاردا تۇرۇۋاتقان خەلق ئازادلىق ئارمىيە-
سىنىڭ كوماندىر-جەڭچىلىرى، قوراللىق ساقچى قىسىملىرى-
نىڭ كوماندىر-جەڭچىلىرى، جامائەت خەۋپسىزلىكى ئورگانلى-
رىنىڭ كادىر-ساقچىلىرى شۇ جايدىكى ھەر مىللەت خەلقى بىلەن
بىر نىيەتتە مۈرىنى مۈرىگە تىرەپ، ۋەتىنىمىزنىڭ چېگرا مۇدا-
پىئەسىنى ئورتاق قۇرۇپ، ۋەتىنىمىزنىڭ ئىگىلىك ھوقۇقى ۋە
بىرلىكىنى ئورتاق قوغداپ كەلدى. ئۇلار ئاغدۇرمىچىلىق ۋە
سىڭىپ كىرىش قاتارلىق ھەرخىل بۇزغۇنچىلىق ھەرىكەتلىرىگە
قارشى زېرەكلىك ھەم باتۇرلۇق بىلەن كۈرەش قىلىپ، چېگرا
رايوننى ۋە ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى قوغداشتا يېڭىدىن يېڭى غەلىبى-
لەرنى قولغا كەلتۈردى.

(4) جەمئىيەت مۇقىم بولدى. سىياسىي ۋەزىيەت، ئىگى-
لىك ۋە چېگرا مۇداپىئەسى مۇقىم بولغانلىقى ئۈچۈن، جەمئى-
يەتمۇ مۇقىم بولدى. ھەر مىللەت خەلقى خاتىرجەم ياشىماقتا.
بولۇپمۇ تىلغا ئېلىشقا ئەرزىيدىغىنى شۇكى، سوتسىيالىستىك
مىللىي مۇناسىۋەت ئۈزلۈكسىز مۇستەھكەملەندى ۋە راۋاجلان-
دى، مىللەتلەر بىر-بىرىگە باراۋەرلىك بىلەن مۇئامىلە قىلىپ،

بىر-بىرىنى ھۆرمەت قىلىپ، ئۆزئارا ياردەملىشىپ، ۋەتىنىـ
ـمىزنىڭ قۇدرەت تېپىشى ۋە مىللەتلەرنىڭ گۈللىنىشى ئۈچۈن
ئورتاق تىرىشىپ كۈرەش قىلماقتا.

دۆلىتىمىزنىڭ چېگرىغا جايلاشقان ئاز سانلىق مىللەت راـ
يونلىرىنىڭ مۇقىملىقىنى ساقلاپ قالالىشىدا، دۆلىتىمىزدە سوتـ
ـسىيالىستىك مىللىي مۇناسىۋەتنىڭ خەتەرلىك بوران-چاپقۇنلارـ
غا بەرداشلىق بېرىپ، ئۈزلۈكسىز مۇستەھكەملىنىپ ۋە راۋاجـ
ـلىنىپ بېرىشىدا كۆپ تەرەپلىك سەۋەبلەر بار:

—دۆلىتىمىزدىكى ھەممە مىللەت بىر پۈتۈن دۆلىتىمىزنى
ئورتاق بەرپا قىلىپ، ئۇزاق تارىخ داۋامىدا بىر-بىرىگە يار-يۆـ
لەك بولۇپ، ئايرىلماس يېقىن مۇناسىۋەت ئورناتقان. ئۇلارنىڭ
قەلبىگە پۈتكۈل جۇڭخۇا مىللەتلىرىگە ۋە ۋەتەنگە بولغان ئىنتاـ
يىن كۈچلۈك، ئىنتايىن مۇستەھكەم مۇھەببەت چوڭقۇر ئورناشـ
قان. پارتىيىمىزنىڭ ماركسىزملىق مىللىي سىياستى ھەر
مىللەت خەلقىنى خۇددى قۇياش نۇرىدەك يىللىق تۇيغۇغا چۆمدۈـ
رۈپ، جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ ئەزەلدىن داۋاملىشىپ كەلگەن
مەركەزگە ئىنتىلىش كۈچىنى ۋە ئۇيۇشقاقلىقىنى زور دەرىجىدە
كۈچەيتتى، دۆلىتىمىزدىكى مىللەتلەرنىڭ مۇناسىۋىتىنى ھەرـ
قانداق داۋالغۇشقا بەرداشلىق بېرەلەيدىغان ئىقتىدارغا ئىگە قىلـ
ـدى.

—40 يىل مابەينىدە، بولۇپمۇ ئىسلاھات ئېلىپ بېرىلىپ،
ئىشىك ئېچىۋېتىلگەن يىللاردا، چېگرىدىكى ئاز سانلىق مىللەت
رايونلىرىنىڭ قۇرۇلۇشىدا قولغا كەلگەن مۇۋەپپەقىيەتلەرنى تاـ
رىختىكى ھەرقانداق ۋاقىتتىكى بىلەن سېلىشتۇرۇشقا بولمايدۇ.

سوتسيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇشنىڭ داغدام يولىدا، ھەر مىل-
لەت خەلقىنىڭ بىر-بىرى بىلەن بولغان ھەمكارلىقى مىسلى
كۆرۈلمىگەن دەرىجىدە كەڭ ۋە چوڭقۇر قانات يايدى، ئورتاق
مەنپەئەتنى باغلاپ تۇرغان ماددىي ۋاسىتە بۇرۇنقى ھەرقانداق
ۋاقىتتىكىدىن چىڭىدى. ھەر مىللەت خەلقى مىللەتلەرنىڭ پە-
قەت سوتسيالىستىك ۋەتىنىمىز چوڭ ئائىلىسىدىلا تەرەققىي
قىلىپ ئالغا باسالايدىغانلىقىنى، دۇنيادىكى مىللەتلەر ئارىسىدا
ئۆزىگە تېگىشلىك ئورۇنغا ۋە ئابرويغا ئىگە بولالايدىغانلىقىنى
چوڭقۇر چۈشەندى.

—ئۇزاقتىن بۇيان، پارتىيىمىز كومپارتىيىنى ۋە ۋەتەننى
قىزغىن سۆيىدىغان نۇرغۇن ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرىنى
تەربىيىلەپ يېتىشتۈردى، ئۇلارنىڭ چوڭ ھەق-چوڭ ناھەق ئال-
دىدا مەيدانى مۇستەھكەم، پوزىتسىيىسى ئوچۇق بولۇپ كەلدى،
ئۇلار ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى ۋە مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى قوغداش
كۈرىشىدە تايانچلىق رول ئوينىدى.

—پارتىيە 13-نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتىنىڭ 4-
ئومۇمىي يىغىنىدىن بۇيان، يولداش جياڭ زېمىن يادرولۇقىدىكى
پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى پۈتۈن مەملىكەتتىكى ھەر مىللەت
خەلقىنى يېتەكلەپ، دۆلەتنى تۈتۈپ تۇرۇشنىڭ ئاساسىنى چىڭ
ئىگىلەپ، دۆلەتنى قۇدرەت تاپقۇزۇش يولىدا مېڭىپ، بوران-
چاپقۇنلارغا بەرداشلىق بېرىپ، قىيىنچىلىقلارنى يېڭىپ، تو-
زەش-ياخشىلاش ۋە ئىسلاھاتنى چوڭقۇرلاشتۇرۇش ئىشلىرىدا
بىر-بىرلەپ غەلىبە قىلىپ، پۈتكۈل دۆلىتىمىزنى سىياسىي،
ئىقتىسادىي ۋە ئىجتىمائىي جەھەتتە مۇقىملىققا ئىگە قىلدى.

بىزنى چېگرىدىكى ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىدا قالايمىقانچى‌لىق تۇغدۇرىدىغان ھەرقانداق سۇيىقەستلەرنى تارمار قىلالايدى‌غان قۇدرەتكە ئىگە قىلدى.

—مۇقىملىقنىڭ ھەممىدىن ئۇستۇن تۇرۇشى— ھازىرقى جۇڭگودا ھەر مىللەت خەلقىنىڭ قىممەتلىك ئورتاق تونۇشى بولۇپ قالدى. چېگرا رايونلاردىكى ھەر مىللەت خەلقى تاشقى دۇشمەنلەرنىڭ تاجاۋۇزى، بۆلگۈنچى ئۇنسۇرلارنىڭ پاراكەندىچى‌لىكى خاتىرجەم تۇرمۇشنى بۇزۇپ، ئىقتىساد ۋە مەدەنىيەتنىڭ تەرەققىياتىغا توسقۇنلۇق قىلىپ، ھەر مىللەت خەلقىگە غايەت زور بالايىئاپەت ئېلىپ كېلىدىغانلىقىنى بىۋاسىتە ھېس قىلغان. شۇڭا، چېگرىدىكى ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىنى مۇقىملاشتۇ-رۇشقا دائىر بارلىق سىياسەت ۋە تەدبىرلەر ھەر مىللەت خەلقى-نىڭ ئەڭ كۈچلۈك، ئەڭ قىزغىن ھىمايىسىگە ئېرىشتى. كىش-شىلەرنىڭ كۆڭلى مۇقىملىقتا، خاتىرجەملىككە مايىل، ۋەزىيەت-نىڭ يۈزلىنىشى ئەنە شۇنداق، چېگرا رايونلارنى مۇقىملاشتۇ-رۇشتىكى ئىچكى كۈچىمىز، ئۇستۇنلۇكىمىز ئەنە شۇنىڭدا.

## ئۈچىنچى، چېگرىغا جايلاشقان ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىدىكى مۇقىمسىزلىق ئامىللىرىغا سەل قاراشقا بولمايدۇ

سوتسىيالىزمنىڭ دەسلەپكى باسقۇچىدا مىللىي پەرق، مىل-لىي زىددىيەت ھامان مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدۇ، مەلۇم دائىرىدە سىنىپىي كۆرەشمۇ مەۋجۇد بولۇپ تۇرىدۇ. 40 يىللىق ئەمەلى-

يەت شۇنى كۆرسەتتىكى، بىزنىڭ بۆلگۈنچى كۈچلەرگە قارشى تۇرۇشىمىز— ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىدىكى سىنىپىي كۈرەشنىڭ بىرخىل ئىپادىلىنىش شەكلى. ھەرخىل ئىجتىمائىي زىددىيەتلەر، ھەرخىل شەكىلدىكى كۈرەشلەر كۆپ ھاللاردا مىللىي ۋە دىنىي مەسىلە بىلەن گىرەلىشىپ كېتىدۇ. خۇسۇسەن خەلقئارا ۋەزىيەتتە ئۆزگىرىش بولۇۋاتقان چاغدا، چېگرىغا جايلاشقان ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىنىڭ ئەھۋالى تېخىمۇ مۇرەككەپلىشىپ كېتىدۇ-دە، ھەرخىل يوشۇرۇن ئاپەتلەر ئاشكارىلىنىدۇ. مۇقىمسىزلىق ئامىللىرى ئوبيېكتىپ ھالدا مەۋجۇت، يولداشلار بۇ ھەقتە نۇرغۇن كونكرېت پاكىتلارنى مىسالغا ئالدى، بۇنى ئاساسەن تۆۋەندىكى بىرنەچچە تۈرگە يىغىنچاقلاشقا بولىدۇ:

1. چېگرىغا جايلاشقان بەزى ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىدا، ئىنتايىن ئاز ساندىكى بۆلگۈنچى ئۇنسۇرلار ھەقىقەتەن مەۋجۇت. يەنە چەت ئەللەردە قېچىپ يۈرگەن بۆلگۈنچى ئۇنسۇرلارمۇ بار. ئۇلار پۇرسەت ئىزدەۋاتىدۇ، ھەتتا تەشكىللىك، پىلانلىق ھالدا بۇزغۇنچىلىق قىلىۋاتىدۇ ۋە پاراكەندىچىلىك سېلىۋاتىدۇ، يەنە كېلىپ كۆپ ھاللاردا مىللەت ۋە دىنىنى دەستەك قىلىۋاتىدۇ.

2. مەملىكەت ئىچىدە خەلق ھاكىمىيىتىنى ئاغدۇرۇش قەستىدە بولۇۋاتقان دۈشمەن ئۇنسۇرلار بار، ۋەتەندىن يۈز ئۆرۈپ چەت ئەلگە قېچىپ كەتكەن ئەكسىيەتچى ئۇنسۇرلار ئۆزلىرىنىڭ مەغلۇبىيىتىگە تەن بەرمەي، مىللىي مەسىلە جەھەتتە قالايمىقانچىلىق تۇغدۇرۇشقا ئۇرۇنۇۋاتىدۇ، ھەتتا دۆلىتىمىزنىڭ چېگ-

رىغا جايلاشقان ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىدىن «تىمىسۋارا» ئىزدەۋاتىدۇ.

3. غەرب ئەللىرى دۆلىتىمىزگە قاراتقان تىنچ ئۆزگەرتىۋېتىش ستراتېگىيىسىدىن بۇرۇنمۇ، ھازىرمۇ ۋاز كەچكىنى يوق. پاكىتلار شۇنى ئىسپاتلىدىكى، ئۇلار دۆلىتىمىزدىكى مىللىي مەسىلىدىن پايدىلىنىپ جۇڭگوغا قارشى ھەرىكەت ئېلىپ بېرىشقا ئۇرۇنماقتا، يەنە دىندىن پايدىلىنىپ سىڭىپ كىرىشكە ۋە بۇزغۇنچىلىق قىلىشقا ئۇرۇنماقتا.

يۇقىرىدا ئىزھار قىلىنغان ئۈچ خىل كۈچ جۇڭگوغا، كوممۇنىزمغا ۋە سوتسىيالىزمغا قارشى تۇرۇش بايرىقى ئاستىدا ئۆزئارا تىل بىرىكتۈرۈپ بىرلىشىپ ھەرىكەت قىلىشىمۇ مۇمكىن. دۈشمەن كۈچلەرنىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشى ۋە ئۇلارنىڭ بۇزغۇنچىلىق ھەرىكەتلىرى— ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىنىڭ مۇقىملىقى ئۈچۈن ئاساسىي خەۋپ، بىزنىڭ ئۇلار بىلەن بولغان كۈرىشىمىز ئۆز بىلەن دۈشمەن ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەت خاراكتېرىنى ئالغان كۈرەش، بۇ كۈرەش دۆلەتنىڭ بىرلىكىدە چىڭ تۇرۇش بىلەن دۆلەتنى پارچىلاش، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى قوغداش بىلەن مىللەتلەرنى پارچىلاش، جەمئىيەتنى ئالغا قاراپ تەرەققىي قىلدۇرۇشتا چىڭ تۇرۇش بىلەن جەمئىيەتنى ئارقىغا چېكىندۈرۈش ئوتتۇرىسىدىكى كۈرەش. بۇ كۈرەش ئۇزاق داۋام قىلىدۇ ۋە مۇئەييەن شارائىتتا، مەلۇم دائىرىدە ناھايىتى كەسكىن ئىپادىلىنىشى مۇمكىن. بۇلاردىن باشقا، ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىنىڭ مۇقىملىقىغا تەسىر كۆرسىتىش ئېھتىمالى بولغان مۇنداق ئامىللارمۇ بار.

4 . مىللىي مۇناسىۋەت جەھەتتە بەزى ئىچكى زىددىيەتلەرمۇ مەۋجۇت، تارىختىكى مىللىي ئارازلىق، رېئال ھاياتتىكى ئىقتىسادىي ھوقۇق-مەنپەئەتكە دائىر ماجىرا، ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ئۆرپ-ئادەتلىرىگە ھۆرمەت قىلماسلىق، ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ كۆڭلىگە ئازار بېرىش — مانا بۇلارمۇ مۇئەييەن شارائىتتا سۈركىلىش ۋە توقۇنۇش پەيدا قىلىپ، مىللەتلەرنىڭ ئىتتىپاقلىقى ۋە جەمئىيەتنىڭ مۇقىملىقىغا زىيان يەتكۈزۈشى مۇمكىن.

5 . ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ئىشلەپچىقىرىش ۋە تۇرمۇشىدا يەنە بەزى قىيىنچىلىقلار مەۋجۇت، بۇ ئوبدان بىر تەرەپ قىلىنمىسا، مۇقىمسىزلىق ئامىلىغا ئايلىنىپ قېلىشى مۇمكىن. ئون نەچچە مىليون ئاز سانلىق مىللەت ئاھالىسى نامراتلىقتىن تېخى قۇتۇلغىنى يوق، ئۇنىڭ ئۈستىگە يېقىنقى يىللاردىن بۇيان بەزى رايونلار يەر تەۋرەشكە ئوخشاش تەبىئىي ئاپەتكە ئۇچرىدى. بىز يەنە ۋاقىتلىق ئىقتىسادىي قىيىنچىلىققا دۇچ كەلمەكتىمىز، بەزى مىللىي ئاپتونومىيىلىك ناھىيىلەر مالىيە جەھەتتە قىسىلىپ قېلىۋاتىدۇ، ھەتتا ئىشچى-خىزمەتچىلەرنىڭ ئىش ھەققىنى تارقىتالمايۋاتىدۇ. پارتىيە ئىستىلىدىكى ناتوغرىلىق ۋە كادىرلار قوشۇنىدىكى بەزى چىرىكلىك ئاممىلار ئارىسىدا نارازىلىق كەيپىيات پەيدا قىلدى. بۇ مەسىلىلەر ئوبدان بىر تەرەپ قىلىنمىسا، ئۇنىڭدىن مەملىكەت ئىچى ۋە سىرتىدىكى دۈشمەن كۈچلەر پايدىلىنىپ كېتىدۇ-دە، ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىنىڭ تىنچ-ئىتتىپاقلىقىغا بىۋاسىتە تەسىر يەتكۈزىدۇ.

قىسقىسى، بىز ساقلىنىۋاتقان مەسىلىلەرگە ھەرگىز سەل

قارىماسلىقىمىز، بۇ مەسىلىلەرنى ھەل قىلىشتا ھەم تولۇق ئىشەنچكە ئىگە بولۇشىمىز، ھەم بىپەرۋالىق قىلماسلىقىمىز، ھوشيارلىقىمىزنى ئۆستۈرۈپ، مۇناسىپ تەدبىر قوللىنىپ، مۇقىمسىزلىق ئامىللىرىنى تىرىشىپ تۈگىتىپ، تەستە قولغا كەلگەن ياخشى ۋەزىيەتنى راۋاجلاندۇرۇشىمىز كېرەك.

## تۆتىنچى، كۆپ تەرەپتىكىلەر ماسلىشىپ، تىرىشىپ ئىشلەپ، ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىنىڭ مۇقىملىقى ۋە تەرەققىياتىنى يەنىمۇ ئىلگىرى سۈرۈشىمىز لازىم

نۆۋەتتىكى ۋەزىيەتكە ۋە بۇ قېتىمقى يىغىندا يولداشلار ئوتتۇرىغا قويغان پىكىر-تەكلىپلەرگە ئاساسەن، ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىنىڭ مۇقىملىقى ۋە تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈش ئۈچۈن، مېنىڭچە، خىزمەتنى كۆپ جەھەتتىن كۈچەيتىشكە ۋە كۆپ جەھەتتىن تەدبىر قوللىنىشقا توغرا كېلىدۇ:

**1. ماركسىزم-لېنىنىزم، ماۋ زېدۇڭ ئىدىيىسىگە خاس مىللەت قارىشى توغرىسىدا قەتئىي بوشاشماي ئومۇمىيۈزلۈك، چوڭقۇر تەشۋىق-تەربىيە ئېلىپ بېرىش لازىم.** مىللىي مەسىلىدە ماركسىزم-لېنىنىزملىق مىللەت قارىشىدا چىڭ تۇرۇش كېرەك. مىللىي سىياسەت ۋە مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى توغرىسىدا ئېغىشماي تەربىيە ئېلىپ بېرىش — پارتىيىمىزنىڭ مىللىي خىزمەت جەھەتتىكى ئېسىل ئەنئەنىسى ۋە مۇۋەپپەقىيەتلىك تەجرىبىسى. بىرنەچچە يىلدىن بۇيان، بىزدىكى بىر ساۋاق شۇكى، پارتىيىنىڭ مىللىي سىياسىتى ھەققىدىكى تەشۋىقاتنى تۇتۇشىمىز يېتەرلىك بولما-

دى، چىڭ بولىدى. نۇرغۇن ئادەملەر، بولۇپمۇ ياش ئەۋلادلاردا پارتىيىنىڭ مىللەت نەزەرىيىسى ۋە مىللىي سىياسىتى توغرىسى- دىكى ئاساسىي بىلىم، سوتسىيالىستىك مىللىي مۇناسىۋەت توغ- رىسىدىكى ئاساسىي كۆزقاراش ۋە مىللىي قانۇنچىلىق ئېڭى كەم بولۇپ كەلدى، ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇرژۇئاچە ئەركىنلەشتۈرۈش پىكىر ئېقىمى يامراپ، مىللىي مۇناسىۋەتكە ھەرخىل پايدىسىز تەسىرلەرنى كۆرسەتتى. شۇنىڭ ئۈچۈن، ۋەتەنپەرۋەرلىك، ماركسىزم-لېنىنىزملىق مىللەت قارىشى ۋە مىللىي سىياسەت توغرىسىدا جانلىق، ئۇنۇملۇك تەربىيە ئېلىپ بېرىشنى تۈت ئاساسىي پرىنسىپتا چىڭ تۇرۇش توغرىسىدىكى تەربىيىنىڭ مۇ- ھىم بىر مەزمۇنى، سوتسىيالىستىك مەنىۋى مەدەنىيەت بەرپا قىلىشنىڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمى قىلىپ، ئۇزاق ۋاقىت دا- ۋاملاشتۇرۇش، چىڭ ۋە ئوبدان تۇتۇش كېرەك. پارتىيە 11- نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتىنىڭ 3-ئومۇمىي يىغىنىدىن بۇ- يان، پارتىيە ۋە دۆلەتنىڭ مىللىي مەسىلىنى بىرتەرەپ قىلىش توغرىسىدىكى نەزەرىيىسى ۋە ئەمەلىيىتى— ماركسىزملىق مىل- لەت قارىشىنىڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمى، مۇشۇ جەھەتتىكى تەربىيىگە ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىش كېرەك. بۇ تەربىيىنى تۆت ئاساسىي پرىنسىپتا چىڭ تۇرۇپ، بۇرژۇئاچە ئەركىنلەشتۈرۈش- كە قارشى تۇرۇش ھەققىدىكى تەشۋىق-تەربىيە بىلەن بىرلەشتۈ- رۈش، پارتىيىنىڭ مىللىي سىياسىتىنىڭ ئىجراسىنى تەكشۈ- رۈش بىلەن بىرلەشتۈرۈش لازىم. بولۇپمۇ كەڭ كادىرلار، زىيا- لىيلار ۋە ياش- ئۆسمۈرلەرگە قارىتىلغان تەربىيىنى كۈچەيتىش كېرەك. دۈشمەن كۈچلەر بىزدىن ياش- ئۆسمۈرلەرنى تالىشىۋا-

تىدۇ، بۇ بىزنىڭ ئالدىمىزغا قويۇلغان كەسكىن مەسىلە. پۈتۈن مەملىكىتىمىزدىكى ھەر مىللەت خەلقى ئارىسىدا ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى، مىللەتلەرنىڭ باراۋەرلىكىنى ۋە ئىتتىپاقلىقىنى قوغدايدىغان سوتسىيالىستىك ئەخلاق كەيپىياتىنى ۋە قانۇنچىلىق كۆز قارىشىنى تۇرغۇزۇش لازىم.

**2. مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى تۇغىنى تېخىمۇ ئېگىز كۆتۈرۈپ، ئېلىمىزدىكى مىللەتلەرنىڭ ئىتتىپاقلىق-تەرەققىيات ئىستىھكامىنى تېخىمۇ مۇستەھكەملەش كېرەك.** مىللەتلەرنىڭ ئىتتىپاقلىق-تەرەققىيات ئىشلىرىغا دائىر مۇۋەپپەقىيەتلىك تەجرىبىلەرنى يەكۈنلەش ۋە ئومۇملاشتۇرۇش، مىللەتلەرنىڭ ئىتتىپاقلىقى بويىچە ئىلغار ئورۇن، ئىلغار شەخسلەرنى بارلىققا كەلتۈرۈش ۋە تەقدىرلەش پائالىيىتىنى داۋاملىق قانات يايدۇرۇش ھەم يېڭى سەۋىيىگە كۆتۈرۈش لازىم. مىللەتلەر مۇناسىۋىتىدە توغرا كەيپىياتنى ئەۋج ئالدۇرۇش، يامان كەيپىياتلارنى توسۇش، مىللەتلەرنىڭ ئىتتىپاقلىقىغا ۋە ۋەتەننىڭ بىرلىكىگە پايدا يەتكۈزگۈچى بارلىق ياخشى ئادەملەرنى تەقدىرلەش، ياخشى ئىشلارنى تەشەببۇس قىلىش كېرەك؛ مىللەتلەرنىڭ ئىتتىپاقلىقىغا ۋە ۋەتەننىڭ بىرلىكىگە پايدىسىز ھەممە سۆز-ھەرىكەتلىرىگە قارشى تۇرۇش ۋە ئۇنى چەكلەش لازىم. دۆلەت مىللىي ئىشلار كومىتېتى توپلىغىنى تىنچىتىش، مالىمانچىلىقنى توسۇش، ئاغدۇرمىچىلىققا، سىڭىپ كىرىشكە قارشى تۇرۇش، ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى ۋە مىللەتلەرنىڭ ئىتتىپاقلىقىنى قوغداش، مىللەتلەرنىڭ روناق تېپىشى ۋە ئالغا بېسىشىغا تۆرتكە بولۇش جەھەتلەردە مەيدانغا كەلگەن ئىلغار ئورۇن، ئىلغار شەخسلەرنى تەقدىرلەش-

نى جايلارغا ۋە ئارمىيىگە ھاۋالە قىلىدۇ. بۇ ئىشنى ئالاقىدار تارماقلار ۋە ئالاقىدار رايونلار بىرلىكتە ئوبدان تۇتۇشى، ئۇنىڭدا ئەمەلىي ئۈنۈم ھاسىل قىلىشى كېرەك.

**3. ھەر مىللەت كادىرلىرىغا ۋە خەلق ئاممىسىغا تېخىمۇ مەھكەم تايىنىپ، بۆلگۈنچىلىككە، سىڭىپ كىرىشكە مەردانىلىق بىلەن قارشى تۇرۇش لازىم.** مەملىكەت ئىچىدە ئىنتايىن ئاز ساندىكى بۆلگۈنچىلەر مەۋجۇت بولغانلىقى، خەلقئارادا جۇڭگوغا، سوتسىيالىزمغا قارشى دۈشمەن كۈچلەر مەۋجۇت بولغانلىقى ئۈ-چۈن، بۆلگۈنچىلىككە، سىڭىپ كىرىشكە قارشى تۇرۇش ئۇزاق مۇددەتلىك ۋەزىپە بولىدۇ. ئىچكى-تاشقى ئەكسىيەتچى كۈچلەر-نىڭ تەۋەككۈلىغا ھەرىكەت قىلىپ، ئۆزئارا تىل بىرىكتۈرۈپ، مەلۇم شارائىتتا ۋەقە پەيدا قىلىش ئېھتىمالى مەۋجۇت. بۇ جەھەتتە تولۇق تونۇشقا ئىگە بولۇشىمىز، ھوشيار بولۇشىمىز ھەمدە زۆرۈر تەييارلىق كۆرۈپ قويۇشىمىز كېرەك. مىللىي بۆلگۈنچىلىك قىلىپ، مالىمانچىلىق تۇغدۇرغانلارغا قىلچە رە-ھىم قىلماي قەتئىي زەربە بېرىشىمىز كېرەك. چاتاق چىقىرىش شەپىسى سېزىلگەن ھامان، كەسكىن تەدبىر قوللىنىپ، قانۇن بويىچە تېز بىرتەرەپ قىلىشىمىز كېرەك. ئۇنداق ۋەقەلەرنى ئىمكانىيەتنىڭ بارىچە بىخ ھالىتىدە، ئاساسىي قاتلامنىڭ ئۆزىدە بىرتەرەپ قىلىشىمىز كېرەك. بىزنىڭ كۈچ-قۇدرىتىمىز خەلق-تە، بۆلگۈنچىلىككە، سىڭىپ كىرىشكە قارشى تۇرۇشتىمۇ ماركسىزمچە ماتېرىيالىستىك تارىخ قاراشتا چىڭ تۇرۇشىمىز، پارتىيىنىڭ ئاممىۋى لۇشيەنىدە چىڭ تۇرۇشىمىز كېرەك. ھەر مىللەت كادىرلىرى ۋە خەلق ئاممىسى سوتسىيالىستىك ئىنقىلاب

ۋە سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇش ئىشلىرىنىڭ ئاساسىي قوشۇنى،
ئۇلار بۆلگۈنچىلىككە، سىڭىپ كىرىشكە قارشى تۇرۇشتىمۇ ئى-
شىنىشكە بولىدىغان ۋە تايىنىشقا تېگىشلىك كۈچ. ئۇلار سوت-
سىيالىستىك ۋەتىنىمىزنى چەكسىز قىزغىن سۆيىدۇ، بۆلۈنۈش-
تىن، ئارقىغا چېكىنىشتىن قاتتىق نەپرەتلىنىدۇ. ئۇزاق ۋاقىت-
تىن بۇيان، چېگرا رايونلاردىكى ھەر مىللەت خەلقى ۋەتەننىڭ
بىرلىكىنى قوغداش، ۋەتىنىمىزنىڭ چېگرا مۇداپىئەسىنى مۇس-
تەھكەملەش ئۈچۈن قۇربانلار بەردى، تۆھپە قوشتى. ئۇلار
بىزنىڭ بۆلگۈنچىلىككە، سىڭىپ كىرىشكە قارشى تۇرۇشىمىز-
دىكى كۈچ بۇلىقىمىز، ئۇلار بۆلگۈنچى ئۇنسۇرلارنى غەرق قىلى-
دىغان بىپايان دېڭىز. بۆلگۈنچى ئۇنسۇرلار ھامان ئىنتايىن ئاز
ساندا، ئۇلار ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئورتاق دۈشمىنى. بۆلگۈن-
چىلىككە قارشى كۈرەشتە، توغرا سىياسەت، توغرا تاكتىكىدا
چىڭ تۇرۇش، خاراكتېرى ئوخشاش بولمىغان ئىككى خىل زىد-
دىيەتنى قاتتىق پەرقلەندۈرۈش، مەلۇم مىللەت ئارىسىدا، مەلۇم
رايوندا بارلىققا كەلگەن بۆلگۈنچى ئۇنسۇرلارنى ۋە بۆلگۈنچىلىك
ھەرىكەتلىرىنى شۇ مىللەتكە، شۇ رايونغا تەۋە كەڭ كادىرلاردىن
ۋە خەلق ئاممىسىدىن قاتتىق پەرقلەندۈرۈش كېرەك؛ بەزى كى-
شىلەرنىڭ مەلۇم سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن خاتا گەپ-سۆز ياكى خاتا
ئىش قىلغانلىقىنى بۆلگۈنچىلىك ھەرىكىتى ئېلىپ بېرىشتىن
پەرقلەندۈرۈش كېرەك. بىز خەلققە تايىنىپ، توغرا سىياسەت،
كۈچلۈك تەدبىر قوللىنىپ كۈرەشنى قەتئىي داۋاملاشتۇرىدىغانلا
بولساق، يېڭىلمەس ئورۇندا تۇرالايمىز. مىللەتلەرنىڭ ئىتتى-
پاقلىقى، ۋەتەننىڭ بىرلىكى — زاماننىڭ يۈزلىنىشى، تارىخنىڭ

ئېقىمى، دۆلىتىمىزدىكى مىللەتلەر مۇشۇ تارىخىي ئېقىمغا ئەگە-شىپ يېڭى دەۋرگە قەدەم تاشلاپ، ئۇلۇغ گۈللىنىشنى ئىشقا ئاشۇرغۇسى.

**4. چوڭ مىللەتچىلىكنىڭ، ئاساسلىقى چوڭ خەنزۇچىلىقنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە ئۇنى تۈگىتىشكە ئەھمىيەت بېرىش، شۇنداقلا يەرلىك مىللەتچىلىك ياكى تار مىللەتچىلىكنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە ئۇنى تۈگىتىشكىمۇ ئەھمىيەت بېرىش لازىم.** دۆلىتىمىزنىڭ ئاسا-سىي قانۇنىدا بۇ ئىككى خىل مىللەتچىلىككە قارشى تۇرۇشقا دائىر مەزمۇنلار بار. بۇ ھەقتىكى بەلگىلىمىلەر تامامەن زۆرۈر. بۇ ئىككى خىل مىللەتچىلىكنىڭ ھەممىسى ماركسىزملىق مىل-لەت قارىشىغا خىلاپ، رېئال تۇرمۇشتا بۇ ئىككى خىل مىللەت-چىلىكتىن دۈشمەن ئۇنسۇرلار پايدىلىنىپ كېتىشىمۇ مۇمكىن. شۇڭا، بۇ ئىككى خىل مىللەتچىلىكنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە ئۇنى تۈگىتىش كېرەك. لېكىن تارىخىي تەجرىبىلەر شۇنى كۆرسەتتى-كى، ئىككى خىل مىللەتچىلىككە قارشى تۇرۇشتا ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدەش، ئېھتىياتچانلىق بىلەن ئىش قىلىش كې-رەك. قانداق خاراكتېردىكى مەسىلە بولسا، شۇ بويىچە بىرتە-رەپ قىلىش كېرەك، مەسىلە كىمدە بولسا، مەسئۇلىيەتنى شۇ ئۇستىگە ئېلىشى كېرەك. ھازىر، ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ئۆز ئىززەت-ھۆرمىتىنى ساقلاش، ئۆزىگە ئىشىنىش ھېسسىياتى كۈچەيدى، ئۇلار ئۆز مىللىتىنىڭ تەرەققىياتىغا، ئالغا بېسىشىغا كۆڭۈل بۆلىدۇ، پارتىيىنىڭ مىللىي سىياسىتىنىڭ ۋە دۆلەتنىڭ مىللىي قانۇن-نىزاملىرىنىڭ ھەقىقىي ئىجرا قىلىنىشىنى، ئۆز-لىرىنىڭ باراۋەرلىك ھوقۇقى ۋە ئاپتونومىيە ھوقۇقىنىڭ كاپا-

لەتكە ئىگە قىلىنىشىنى تەلەپ قىلىدۇ. بۇ ئەقىلغە ۋە قانۇنغا مۇۋاپىق ئورۇنلۇق تەلەپ، ئۇنى چۈشىنىش ۋە قوللاش كېرەك. شۇڭا بىز مۇنداق ئەھۋالنى يەرلىك مىللەتچىلىك ياكى تار مىلـ-لەتچىلىكتىن قاتتىق پەرقلەندۈرۈشكە دىققەت قىلىشىمىز كېـ-رەك. ئەمما كىم بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، پىكىر بەرگەن ۋە تەلەپ قويغاندا، ئومۇمىيلىقنى نەزەردە تۇتۇشى، يىراقنى كۆز-لىشى، دۆلەتنىڭ ۋە مىللەتنىڭ ئومۇمىي مەنپەئىتىگە پايدىلىق بولۇشنى ئاساس قىلىشى لازىم. ئىككى خىل مىللەتچىلىكنى ئالساق، سوتسىيالىزم دەۋرىدە، بۇ ئىككىسى كۆپىنچە خەلق ئىچىدىكى زىددىيەت مەسىلىسىگە ياتىدۇ، ئاساسەن، سۆز بىلەن قايىل قىلىش، تەربىيە بېرىش، تەنقىد ۋە ئۆز-ئۆزىنى تەنقىد ئارقىلىق ھەل قىلىنىدۇ. ئەمما ئۇبدان بىرتەرەپ قىلىنمىسا، ئانتاگونىيىلىك زىددىيەتكە ئايلىنىپ كېتىشىمۇ مۇمكىن. شۇ-ڭا، ئادەتتىكى چاغلاردا كۆپرەك خىزمەت ئىشلەپ، زىددىيەتنى ۋاقتىدا تۈگىتىشنى، ئىتتىپاقلىقنى قوغداشنى كۆزدە تۇتۇش لازىم.

**5. مىللىي مۇناسىۋەتكە دائىر خەلق ئىچىدىكى زىددىيەتنى توغرا بىر تەرەپ قىلىش لازىم.** ئېلىمىزدە مىللەتلەر ئارىلاش ئولتۇراقلاشقان، ھازىرقى زامان تۇرمۇشىدا مىللەتلەر ئىنتايىن كەڭ دائىرىدە ۋە ئىنتايىن كۆپلەپ ئالاقە قىلىشماقتا، مىللەتلەر ئارا بەزى زىددىيەت ۋە توقۇنۇشلارنىڭ يۈز بېرىشىدىن ساقلىنىش تەس. گەپ مۇشۇ زىددىيەتنى ۋە توقۇنۇشلارنى توغرا بىرتەرەپ قىلىشتا. ھەرقانداق مەسىلىنى بىرتەرەپ قىلىشتا، ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدەش پرىنسىپىغا ئەمەل قىلىش لازىم، ئوخـ-

شاش بولمىغان مىللەت ئەزالىرى ئارىسىدا يۈز بەرگەن ماجىرا-
لارنى تەھلىل قىلمايلا مىللىي مەسىلە دېيىشكە ھەرگىز بولماي-
دۇ، مەسىلە نېمە بولسا، ئۇنى شۇ بويىچە بىرتەرەپ قىلىش
لازىم. ئىشنىڭ خاراكتېرىگە قاراپ، توغرا تەرتىپ بويىچە كې-
لىشتۈرۈش ياكى پارتىيە ئىنتىزامى، مەمۇرىي ئىنتىزام بويىچە
چارە كۆرۈش ياكى ھەق تەلەپ قانۇنى ۋە جىنايى ئىشلار قانۇنى
بويىچە جاۋابكارلىقىنى سۈرۈشتۈرۈش لازىم. بۇنداق مەسىلىلەر-
نى بىرتەرەپ قىلىشتا، جەزمەن ئىدىيىۋى خىزمەتنى كۆپرەك
ئىشلەش، ماجىرالارنى ھەل قىلىش، زىددىيەتنى ئۆزگەرتىش ۋە
تۈگىتىش ئارقىلىق مىللەتلەرنىڭ ئىتتىپاقلىقىنى ئىلگىرى سۈ-
رۈش كېرەك. بۇنداق مەسىلىلەرنى تەشەببۇسكارلىق بىلەن ۋاق-
تىدا بىرتەرەپ قىلىپ، ۋەقەنىڭ كېڭىيىپ كېتىشى ۋە زىددىيەت-
نىڭ كەسكىنلىشىپ كېتىشىدىن ساقلىنىش كېرەك. ھەر قاي-
سى مىللەت پۇقرالىرى مىللەتلەر ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەت ۋە
ماجىرالارغا سەۋرلىك ۋە ئاقىلانە پوزىتسىيە تۇتۇشى، ئۇنى نور-
مال، قانۇنچىلىق يول بىلەن ھەل قىلىشى لازىمكى، ھەرگىز
ھېسسىياتقا بېرىلىپ كەتمەسلىكى، بولۇپمۇ يۈز بەرگەن ۋەقەگە
قانۇنغا خىلاپ ۋاسىتىلەر بىلەن مۇئامىلە قىلماسلىقى كېرەك.

**6. ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ئىقتىساد ـ مەدەنىيەت ئىشلىرىنى راۋاجلاندۇرۇشقا تىرىشىش لازىم.** ئىقتىسادنىڭ تەرەققىي قى-
لىشى — مىللەتلەرنىڭ ئورتاق گۈللىنىشى، باراۋەرلىكى ۋە
ئىتتىپاقلىقىنىڭ ئاساسى، شۇنداقلا ئاز سانلىق مىللەت رايونلى-
رىنىڭ مۇقىملىقىنىڭ ئاساسى. ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرى-
نىڭ ئەنئەنىۋى كەسىپلىرى بولغان دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق

ۋە ئورمانچىلىقنى پۇختا قەدەم بىلەن تەرەققىي قىلدۇرۇش ئۈ-
چۈن، ھەر جاينىڭ بايلىق ئۈستۈنلۈكىدىن پايدىلىنىپ، زاماند-
ۋى سانائەتنى، جۈملىدىن يېزا-بازار كارخانىلىرىنى تەرەققىي
قىلدۇرۇش كېرەك. ئىقتىساد تەرەققىي قىلسا، سوتسىيالىس-
تىك تۈزۈمنىڭ ئەۋزەللىكى تولۇق جارى بولىدۇ-دە، ھەر مىل-
لەت خەلقى ۋەتەننى تېخىمۇ قىزغىن سۆيۈپ، ۋەتەننىڭ بىرلى-
كىنى ۋە مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى تېخىمۇ ئاڭلىق قوغدايدىغان
بولىدۇ.

ئىسلاھات ئېلىپ بېرىش، ئىشىكنى ئېچىۋېتىش— خەلقنى
بېيىتىپ، دۆلەتنى قۇدرەت تاپقۇزۇشنىڭ يولى، شۇنداقلا ھەر
مىللەت خەلقىنىڭ ئورتاق گۈللىنىش يولى. ھەرقانداق بىر
مىللەت ئىسلاھات ئېلىپ بارماي، ئىشىكنى ئېچىۋەتمەي تۇ-
رۇپ، ئىستىقبال تاپالمايدۇ. دەرۋەقە، ئاز سانلىق مىللەت
رايونلىرىنىڭ مەملىكەت بويىچە ئىسلاھات ئېلىپ بېرىش، ئى-
شىكنى ئېچىۋېتىش ھەققىدىكى بىر پۈتۈن باش سىياسەتتە چىڭ
تۇرۇش بىلەن بىرۋاقىتتا، ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ۋە ئاز
سانلىق مىللەت رايونلىرىنىڭ ئالاھىدىلىكىگىمۇ ئەھمىيەت بېرد-
شى، ھەممە ئىشتا شۇ جاينىڭ ئەمەلىيىتىنى ئاساس قىلىشى
كېرەك. ئىلگىرىكى مۇۋەپپەقىيەتلەر تەجرىبىلەرنى يەكۈنلەپ ۋە
تەتبىق قىلىپ، ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىنىڭ ئۆزىمىزدىكى
تەرەققىي تاپقان رايونلار بىلەن بولغان كۆپ قاتلاملىق، چوڭ
ھالقىلىق، توغرا لىنىيىلىك ئالاقىسىنى ۋە ئىقتىسادىي، تېخنى-
كا ھەمكارلىقىنى تېخىمۇ راۋاجلاندۇرۇش لازىم. ئېلىمىزدىكى
ئاز سانلىق مىللەتلەر قۇرۇقلۇقتىكى چېگرىغا جايلاشقان پايدى-

لىق شارائىتتىن پايدىلىنىپ، ئىشىكنى داۋاملىق دېگىز ياقىسى-
دىكى جايلار ئارقىلىق شەرق تەرەپتىكى ۋە جەنۇب تەرەپتىكى
چەت ئەللەرگە ئېچىۋەتكەندىن تاشقىرى، يەنە غەرب تەرەپتىكى
ۋە شىمال تەرەپتىكى قوشنا ۋە يېقىن دۆلەتلەرگىمۇ ئېچىۋېتىش
كېرەك. بۇ جەھەتتە، بەزى يولداشلار دۆلەت بەزى سىياسەتلەرنى
بېرىشى لازىم دەپ ئوتتۇرىغا قويدى، تاشقى ئالاقىدە ئۆزىمىزنى
ئاساس قىلىشىمىز، قانۇن بويىچە ئىش قىلىشىمىز لازىمكى،
دۆلەتنىڭ ئار-نومۇسىغا ۋە كىشىلىك پەزىلىتىگە زىيان يەتكۈزى-
دىغان ئىشنى قىلماسلىقىمىز كېرەك. باشقۇرۇشنى كۈچەيتى-
تىپ، دۈشمەن كۈچلەرنىڭ سىڭىپ كىرىشى ۋە بۇزغۇنچىلىق
قىلىشىدىن ساقلىنىشىمىز لازىم. ئالاقىنى جانلاندۇرۇش، ئى-
گىلىكنى گۈللەندۈرۈش، جەمئىيەتنى تىنچلاندۇرۇشنىڭ ئەھدى-
سىدىن چىقىشىمىز لازىم.

ئاز سانلىق مىللەتلەر ۋە ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرى ئۆز
كۈچىگە تايىنىپ ئىش كۆرۈش، جاپا-مۇشەققەتكە چىداپ كۈ-
رەش قىلىش روھىنى جارى قىلدۇرۇشى كېرەك. ئۇلار ئۆزلى-
رىنىڭ ئەقىل-پاراستى ۋە ئىككى بىلىكىگە تايىنىپ، ئۆز را-
يونلىرىنى ئوبدان گۈللەندۈرۈشى لازىم. دەرۋەقە، دۆلەتمۇ ئۇ-
لارغا داۋاملىق مەدەت ۋە ياردەم بېرىشى لازىم. نۆۋەتتە بەزى
كونكرېت تەدبىرلەرنى قوللىنىپ، مىللىي ئاپتونومىيىلىك جاي-
لارنىڭ مالىيە قىسلىقىغا ئوخشاش ئەمەلىي قىيىنچىلىقلىرىنى
ھەل قىلىشىغا ياردەم بېرىشكە توغرا كېلىۋاتىدۇ. يولداش جياڭ
زېمىن يېقىندا سىياسەت جەھەتتە كونا ئازاد رايونلارغا، ئاز
سانلىق مىللەت رايونلىرىغا، چېگرا رايونلارغا ۋە نامرات رايون-

لارغا مۇۋاپىق ئېتىبار بېرىش لازىم دەپ ئوتتۇرىغا قويىدى. بۇ پىكىر ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئورتاق ئارزۇسىنى ئەكس ئەتتۈر-دى. بۇ يەردە ئېيتىلغان ئېتىبار بېرىش— ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىنىڭ ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشىنى تېخىمۇ مۇھىم ئورۇنغا قويۇپ، سوتسىيالىزمنىڭ ئەۋزەللىكىنى تولۇق جارى قىلدۇ-رۇپ، ھازىرقى ئىگىلىك قۇرۇلمىسىنى مۇۋاپىق تەڭشەش، تۇر-لەرنى ئورۇنلاشتۇرۇش، مەبلەغ سېلىش، ماددىي ئەشيا سەرپ قىلىش، ئىلغار تېخنىكىنى تەتبىق قىلىش قاتارلىق جەھەتلەردە ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىغا تېگىشلىك نىسبەتنى ئاشۇرۇش لازىملىقىدىن دېرەك بېرىدۇ. بۇ دۆلىتىمىزنىڭ ئىقتىسادىنى راۋاجلاندۇرۇشتا، دۆلىتىمىزدە ھازىرقى باسقۇچتىكى مىللىي مەسىلىنى ھەل قىلىشتا مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە. ھازىر يۇقىرى-دا ئېيتىلغانلارنى كونكرېت خىزمەت ئارقىلىق ئەمەلىي-لەشتۈرۈش، بولۇپمۇ تۈزۈلۈۋاتقان 8-بەش يىللىق پىلاندا گەۋ-دىلەندۈرۈش مۇھىم بولۇۋاتىدۇ.

ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىنىڭ تەرەققىياتىنى تېزلىتىش ئۈچۈن، يەنە خەنزۇلار بىلەن ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ئۆزئارا ياردەملىشىشىگە، ئورتاق بېيىشقا توغرا كېلىدۇ. ئاۋۋال بېيى-غان كىشىلەرنىڭ ۋە رايونلارنىڭ تېخى بېيىمىغان كىشىلەرگە ۋە رايونلارغا ياردەم بېرىپ ئەڭ ئاخىرىدا ئورتاق بېيىش نىشانىغا يېتىشىنى تەشەببۇس قىلىش لازىم. مىللىي مەسىلە نۇقتىسىدىن ئېيتقاندا، ئورتاق بېيىش— ئورتاق گۈللىنىشنىڭ مۇھىم بىر مەزمۇنى. مىللەتلەرنىڭ ئورتاق بېيىشىدا چىڭ تۇرۇش مىللىي مەسىلىنى ھەل قىلىشنىڭ سوتسىيالىستىك يۇنىلىشىدە چىڭ

تۆرغانلىق بولىدۇ. ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرى باشقا رايونلار بىلەن ئورتاق راۋاجلانسا، ھەر مىللەت خەلقى ئورتاق بېيىسا، مىللەتلەرنىڭ ئىتتىپاقلىقىنى كۈچلۈك ئىلگىرى سۈرگىلى ۋە ھەر مىللەت خەلقىنىڭ سوتسىيالىزمغا بولغان ئېتىقادىنى مۇس-تەھكەملىگىلى بولىدۇ. ئۆزئارا ياردەملىشىش سوتسىيالىس-تىك مىللىي مۇناسىۋەتنىڭ مۇقەررەر تەلىپى. دۆلىتىمىزدىكى مىللىي مۇناسىۋەتنىڭ ئاساسىي مەزمۇنى باراۋەرلىك، ئىتتىپاق-لىق، ئۆزئارا ياردەملىشىشتىن ئىبارەت. ئاۋۋال بېيىغان كى-شىلەرنىڭ ۋە رايونلارنىڭ تېخى بېيىمىغان كىشىلەرگە ۋە رايون-لارغا ياردەم بېرىشى— ناھايىتى زۆرۈر ۋە ناھايىتى ياخشى ئۆزئارا ياردەم. بۇنداق ئۆزئارا ياردەم مىللىي باراۋەرلىكنى تېخىمۇ ئوبدان گەۋدىلەندۈرۈشكە ۋە داۋاملاشتۇرۇشقا، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى تېخىمۇ كۈچلۈك گەۋدىلەندۈرۈشكە ۋە ئىلگىرى سۈرۈشكە ئىمكان بېرىدۇ. بۇ ئېسىل مىللىي ئەنئەنىنى جارى قىلدۇرۇش، ئوبدان ئىجتىمائىي كەيپىياتنى بارلىققا كەلتۈرۈش ئۈچۈنمۇ ناھايىتى زور ئەھمىيەتكە ئىگە.

ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ نامراتلىق مەسىلىسىنى ئىمكانقە-دەر تېز ۋە تولۇق ھەل قىلىش كېرەك. دۆلىتىمىزدە ئون مىليوندىن كۆپرەك ئاز سانلىق مىللەت ئاھالىسىنىڭ پۈتۈن كىيىنىش، قورساق تويغۇزۇش مەسىلىسى تېخى ھەل قىلىنمى-دى، يەنە كېلىپ ئۇلارنىڭ تولىسى چەت-ياقا، ئىشلەپچىقىرىش شارائىتى بەك ناچار رايونلارغا جايلاشقان، ئۇلارنىڭ مەسىلىسى-نى ھەل قىلىش ناھايىتى تەسكە توختايدۇ. پۈتۈن كىيىنىش، قورساق تويغۇزۇش مەسىلىسى ئۇزاققىچە ھەل قىلىنمىسا، بۇ

ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىنىڭ تەرەققىياتىغا توسقۇنلۇق قىلى-
دۇ، مىللىي مۇناسىۋەتكىمۇ سەلبىي تەسىر كۆرسىتىدۇ. پارتى-
يە ۋە دۆلەت ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىدىكى نامراتلارنى
يۆلەش ئىشىغا ئىنتايىن ئەھمىيەت بېرىپ كەلدى. دۆلەت نام-
راتلارنى يۆلەشتىكى مۇھىم نۇقتىنى ئاز سانلىق مىللەت رايون-
لىرىغا يۆتكەپ، نۇرغۇن كۈچلۈك تەدبىرلەرنى قوللاندى. ئەس-
لىدىكى نامراتلارنى يۆلەش تەدبىرلىرى ۋە نامراتلارنى يۆلەش
مەبلىغىدىن تاشقىرى، مالىيىدىن يەنە نامراتلارنى يۆلەشكە 25
مىليون يۈەن ئاجراتتى. ئۇنىڭدىن باشقا گوۋۇيۈەننىڭ نامراتلار-
نى يۆلەش ئىشخانىسىنىڭ نامراتلارنى يۆلەش قەرز پۇلىدىن 30
مىليون يۈەن ئاجرىتىپ، مەخسۇس ئاز سانلىق مىللەت رايونلى-
رىدىكى نامراتلارنى يۆلەش ئۈچۈن سەرپ قىلدى. نۇرغۇن جاي-
لارمۇ يېڭىدىن ئەمەلىي تەدبىرلەرنى قوللاندى. بىز قەتئىي
نىيەتكە كېلىپ، كۈچ سەرپ قىلىپ، گوۋۇيۈەننىڭ[1989]
62-نومۇرلۇق ھۆججىتىنى ئەستايىدىل ئەمەلىيلەشتۈرۈپ،
تۈرلۈك سىياسەتلەردىن ئوبدان پايدىلىنىشىمىز، نامراتلارنى يۆ-
لەش مەبلىغىنى جايىدا ئىشلىتىشىمىز، جاپاغا چىداپ كۈرەش
قىلىپ، كۆپ تەرەپلىمە تىرىشچانلىق كۆرسىتىپ، ئاز سانلىق
مىللەتلەرنىڭ پۈتۈن كىيىنىش، قورساق تويغۇزۇش مەسىلىسى-
نى تېزدىن تولۇق ھەل قىلىشىمىز لازىمكى، ئاز سانلىق مىل-
لەتلەر ئەۋلادتىن ئەۋلاد داۋاملىشىپ كەلگەن نامراتلىقتىن قۇتۇ-
لۇش ئارزۇسىنى ئەمەلگە ئاشۇرسۇن ھەمدە پۈتۈن مەملىكەتتى-
مىزدىكى ھەر مىللەت خەلقى بىلەن بىرلىكتە ھاللىق سەۋىيىگە
يېتىش ئۈچۈن ئاتلانسۇن.

دەرۋەقە، سوتسىيالىستىك ماددىي مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىش بىلەن بىرۋاقىتتا، سوتسىيالىستىك مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنىمۇ كۈچەيتىش، ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ مائارىپ، پەن-تېخنىكا، مەدەنىيەت قاتارلىق ئىشلىرىنى زور كۈچ بىلەن راۋاجلاندۇرۇش كېرەك. بولۇپمۇ مائارىپ ئىشلىرىنى راۋاجلاندۇرۇپ، كىشىلەرنىڭ پەن-مەدەنىيەت ساپاسىنى ۋە ئىدىيە-ئەخلاق ساپاسىنى ئۆستۈرۈش كېرەك. بۇ— ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىنىڭ مۇقىم بولۇشى ۋە راۋاجلىنىشىدا كەم بولماس شەرت.

**7. پارتىيىنىڭ دىنىي سىياستىنى توغرا چۈشىنىش ۋە توغرا ئىجرا قىلىش لازىم، دىنىي پائالىيەتلەر قانۇن-تۈزۈم يولىدىن چەتلەپ كەتمەسلىكى كېرەك.** بەزى جايلارنىڭ ئەھۋالىدىن قارىغاندا، دۈشمەن كۈچلەر دىنىي پائالىيەتلەردىن ۋە دىنىي بازىلاردىن پايدىلىنىپ بىز بىلەن قارشىلاشماقتا. ئۇلار دۆلەت ھاكىمىيىتىگە قول تىقىپ، ئاممىنى قۇترىتىپ ۋە ئۆزگە تارتىپ ئۆزلىرىنىڭ مەقسىتى ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرۇشقا ئۇرۇنماقتا. بىز بۇنىڭغا دەلمۇدەل تاقابىل تۇرىدىغان تەدبىر قوللىنىشىمىز كېرەك. ھەر مىللەت پۇقرالىرىنىڭ دىنغا ئېتىقاد قىلىش ئەركىنلىكىگە كاپالەتلىك قىلىش، دىنغا ئېتىقاد قىلىدىغان ئاممىنىڭ نورمال دىنىي پائالىيەت ئۆتكۈزۈشىگە ئىمكانىيەت يارىتىپ بېرىش لازىم. لېكىن شۇنى كۆرسىتىپ ئۆتۈش زۆرۈركى، دىنىي پائالىيەتلەر قانۇن بويىچە ئېلىپ بېرىلىشى لازىم. دىنىنىڭ قانۇنىنىڭ ئىناۋىتىگە زىيان يەتكۈزۈشىگە، دۆلەتنىڭ مەمۇرىي ئىشلىرىغا ۋە مائارىپ، نىكاھ، پىلانلىق تۇغۇت ئىشلىرىغا ئارىلىشى-

شىغا يول قويۇلمايدۇ. ئاللىقاچان بىكار قىلىنغان دىنىي ئىمتى-
يازلارنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشكە ياكى شەكلىنى ئۆزگەرتىپ ئەس-
لىگە كەلتۈرۈشكە قەتئىي قارشى تۇرۇش كېرەك. ھەرقانداق
كىشىنىڭ دىندىن پايدىلىنىپ، جەمئىيەت تەرتىپىنى بۇزۇش ۋە
سوتسىيالىزمغا قارشى تۇرۇش ھەرىكەتلىرىنى ئېلىپ بېرىشىغا
ھەرگىز يول قويۇلمايدۇ. دىنىي تەشكىلاتلار ۋە دىنىي ئىشلار
چەت ئەل كۈچلىرىگە بېقىنمايدۇ. چەت ئەللەردىكى دىنىي كۈچ-
لەرنىڭ سىڭىپ كىرىشىگە، چەت ئەللەردىكى ئەكسىيەتچى كۈچ-
لەرنىڭ دىندىن پايدىلىنىپ دۆلىتىمىزنىڭ ئىچكى ئىشلىرىغا
ئارىلىشىشىغا قەتئىي قارشى تۇرۇش لازىم.

**8. ئاساسىي قاتلام ھاكىمىيەت قۇرۇلۇشىنى ۋە پارتىيىنىڭ ئاساسىي قاتلام تەشكىلاتلىرىنىڭ قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىش كېرەك.**

بەزى جايلارنىڭ ئەھۋالىدىن قارىغاندا، بەزى يېزا-كەنتلەردىكى
ئاساسىي قاتلام ھاكىمىيەتلىرى ۋە پارتىيىنىڭ ئاساسىي قاتلام
تەشكىلاتلىرى بەك ئاجىز، چېچىلاڭغۇ، ئۇلارنىڭ ئۇيۇشۇش
كۈچى، جەڭگىۋارلىقى ۋە دەۋەتچىلىك كۈچى يوق. بەزى ئاسا-
سىي قاتلام ھاكىمىيەتلىرى بىۋاستە ياكى ۋاستىلىك ھالدا
دىنىي زاتلارنىڭ ياكى ئۇرۇقداشلىق كۈچلىرىنىڭ چاڭگىلىغا
چۈشۈپ قالغان. دېمەك، ئەھۋال ھەل قىلىنمىسا بولمايدىغان
دەرىجىگە يەتكەن. شۇڭا مەخسۇس بىر مەزگىللىك ۋاقىت ئاجرى-
تىپ، چىن مەنىدە كۈچلۈك تەدبىر قوللىنىپ، ئىدىيە ۋە تەش-
كىلىي جەھەتتىن بىر-بىرلەپ، دەرىجىمۇدەرىجە تەرتىپكە سې-
لىش زۆرۈر. سىياسىي ئىدىيۋى خىزمەتنى كۈچەيتىپ، پارتى-
يە ئەزالىرىنىڭ ئاۋانگارتلىق، نەمۇنىلىك رولىنى جارى قىلدۇ-

رۇش، كوممۇنىستىك ياشلار ئىتتىپاقى تەشكىلاتلىرىنىڭ پارتىيىگە ياردەمچىلىك رولىنى جارى قىلدۇرۇش كېرەك. يېڭىدىن ۋە كەنت دەرىجىلىك كادىرلارنى پىلانلىق تەربىيىلەپ، ئۇلارنىڭ ساپاسىنى ئۆستۈرۈش لازىم. زاۋۇت، مەكتەپ، مەھەللە، كەنتلەرنىڭ ھەممىسىنى بۆلگۈنچىلىككە، سىڭىپ كىرىشكە قارشى تۇرىدىغان قورغانغا، ھەر مىللەت خەلقى ئىتتىپاقلىشىپ ئالغا باسىدىغان بازىغا ئايلاندۇرۇش كېرەك.

**9. ئىدېئولوگىيە ساھەسىدىكى خىزمەتلەرنى كۈچەيتىپ، ئىدىيە، مەدەنىيەت ئىستىھكامىنى مۇستەھكەملەش لازىم.** ئىدېئولوگىيە ساھەسىدىكى كۆرەش— بۆلگۈنچىلىككە، سىڭىپ كىرىشكە قارشى تۇرۇش، ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى ۋە مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى قوغداشتىن ئىبارەت ئۇلۇغ كۆرەشنىڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمى. بەزى جايلاردا دۈشمەن كۈچلەر بىزدىن ئىدىيە، مەدەنىيە ئىستىھكاملىرىنى تالىشىۋاتىدۇ، ئىدېئولوگىيە ساھەسىدە بىز بىلەن كۆرەش قىلىۋاتىدۇ. ئۇلار رادىئو، كىتاب، سىنئالغۇ قاتارلىقلاردىن پايدىلىنىپ، ئەكسىيەتچى تەشۋىقات ئېلىپ بېرىپ، پىتنە-ئىغۋا توقۇپ، كىشىلەرنى قايمۇقتۇرماقتا؛ يەنە بەزىلەر ئىلمىي تەتقىقات نىقابى ئاستىدا تارىخنى بۇرمىلاپ، بۆلگۈنچىلىك ئىدىيىسىنى تارقاتماقتا. بۇنداق ئەھۋاللارنى ھەرگىز ئۆز مەيلىگە قويۇۋېتىشكە بولمايدۇ. كۈچلۈك تەدبىر قوللىنىپ، دۈشمەن كۈچلەرنىڭ ھۇجۇمىغا پەشۋا بېرىش، خاتا ئىدىيىنىڭ تەسىرىنى تازىلاش لازىم. ئىدىيە، مەدەنىيەت ئىستىھكاملىرىنى مۇستەھكەملەپ (بەزىلىرىنى قايتۇرۇۋېلىپ)، ئۇلارنىڭ سوتسىيالىستىك مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىدىكى

ئجابىي رولىنى جارى قىلدۇرۇش، ھەر مىللەت خەلقىنى ساغلا-
م، مەدەنىي-مەنىۋى تۇرمۇش ئۆتكۈزۈش ئىمكانىيىتىگە ئىگە
قىلىش لازىم. ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىدا رادىئو، تېلېۋىزى-
يىنىڭ ئومۇملىشىش نىسبىتى تۆۋەن، مەدەنىيەت مۇئەسسەسە-
لىرى بەك ئاز بولۇۋاتقان مەسىلىنى، چەت ئەللەردىكى دۈشمەن
كۈچلەرنىڭ ئەكسىيەتچىل تەشۋىقاتىغا تاقابىل تۇرۇش مەسىلى-
سىنى ھەر دەرىجىلىك پارتىيە، ھۆكۈمەت تارماقلىرىنىڭ ئەھ-
مىيەت بېرىشى ئارقىسىدا، ھەر دەرىجىلىك رادىئو، تېلېۋىزىيە
ۋە مەدەنىيەت تارماقلىرىنىڭ پىلان تۈزۈپ، كونكرېت تەدبىرلەر-
نى مۇھاكىمە قىلىپ، مۇددەت ۋە تۈركۈمگە بۆلۈپ ھەل قىلىشى-
غا توغرا كېلىدۇ.

يۇقىرىدا ئېيتىلغان تەدبىرلەرنى يولغا قويۇش نۇرغۇن تار-
ماق ۋە رايونلارغا مۇناسىۋەتلىك، شۇڭا ھەممەيلەن سەممىي
ھەمكارلىشىپ، ئۆزئارا ماسلىشىپ، ئورتاق تىرىشچانلىق كۆر-
سىتىشى لازىم.

## بەشىنچى، ھەر مىللەت كادىرلىرى مۇقىملىق ۋە تەرەققىيات ئىشلىرى ئۈچۈن كۆپرەك تۆھپە قوشۇشى كېرەك

ئۇزاقتىن بېرى، پارتىيىمىز زور بىر تۈركۈم ئاز سانلىق
مىللەت كادىرلىرىنى يېتىشتۈردى، نۇرغۇن خەنزۇ كادىرلارمۇ
ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىدا ئىشلەپ كەلدى. بۇ كادىرلار
سوتسىيالىستىك ۋەتىنىمىزنى قىزغىن سۆيۈپ، پارتىيىنىڭ
لۇشيەن، فاڭجېن ۋە سىياسەتلىرىنى ئەستايىدىل ئىجرا قىلىپ،

ھەر مىللەت خەلقىنى يول ئېچىپ كۆرەش قىلىشقا يېتەكلەپ،
چېگرىدىكى ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىنىڭ مۇقىملىقى ۋە
تەرەققىياتى، دۆلىتىمىزنىڭ سوتسىيالىزم ئىشلىرى ئۈچۈن نا-
ھايىتى زور تۆھپىلەرنى قوشتى. ھەر مىللەت كادىرلىرى داۋام-
لىق بىر-بىرىنى ھۆرمەت قىلىپ، بىر-بىرىنى قوللاپ، ئۆزئارا
ئۆگىنىپ، ئورتاق كۆرەش قىلىشى كېرەك. بىزنىڭ ئىشلىرىد-
ىمىز ھەر مىللەت كادىرلىرىنىڭ بىرلىكتە كۆرەش قىلىشىنى
تەلەپ قىلىدۇ، بۆلگۈنچىلىككە، سىڭىپ كىرىشكە قارشى تۇ-
رۇش، ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىنىڭ مۇقىملىقىنى قوغداش
ئىشلىرىمۇ ھەر مىللەت كادىرلىرىنىڭ ئورتاق كۆرەش قىلىشى-
نى تەلەپ قىلىدۇ. تۈرلۈك مىللەتتىن بولغان كادىرلارنىڭ
ھەممىسىنىڭ ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىكى ۋە ئارتۇقچىلىقى بار،
بىر بەنزىدە ھەربىر كادىرنىڭ ئارتۇقچىلىقى ۋە ئالاھىدىلىكىنى
جارى قىلدۇرۇشقا تىرىشىش كېرەك، شۇندىلا بۇ بەنزىنىڭ
ئومۇمىي جەڭگىۋارلىقىنى ئاشۇرغىلى بولىدۇ. ئاز سانلىق مىل-
لەت كادىرلىرىمۇ، خەنزۇ كادىرلارمۇ، يەرلىك كادىرلارمۇ،
سىرتتىن كەلگەن كادىرلارمۇ پارتىيىنىڭ خىزمەتچىلىرى،
خەلقنىڭ چاكارلىرى. ئۇلار پارتىيە ۋە خەلقنىڭ ئالىي مەنپەئى-
تىنى كۆزدە تۇتۇپ، بىر-بىرىگە سەمىمىي مۇئامىلە قىلىپ،
يېقىندىن ھەمكارلىشىپ، خىزمەتنى ئوبدان ئىشلەشكە تىرىشى-
شى لازىم. نۇرغۇن خەنزۇ كادىرلار ئۇزاقتىن بۇيان چېگرىدىكى
ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىدا يىلتىز تارتىپ، پارتىيىنىڭ
ئىشلىرى ئۈچۈن قىممەتلىك تۆھپە قوشتى، ئۇلارنىڭ خاتىرجەم
ئىشلەپ، مىللەتلەرنىڭ ئىتتىپاقلىق-تەرەققىيات ئىشلىرى ئۈ-

چۇن داۋاملىق تىرىشىپ كۆرەش قىلىشنى ئۈمىد قىلىمىز.

ھەر مىللەت كادىرلىرى ئۆزلىرىنىڭ بۇرچىنى تولۇق تونۇپ، ماركسىزم نەزەرىيىسىنى ئىخلاس بىلەن ئۆگىنىشى، تىرىشىپ خىزمەت قىلىشى كېرەك، ھەر مىللەت كادىرلىرى مىللەتلەرنىڭ ئىتتىپاقلىق-تەرەققىيات ئىشلىرىدا ۋە چېگرىدىكى ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىنىڭ مۇقىملىقىنى قوغداشتا زور مەسئۇلىيەتنى ئۈستىگە ئالغان. ھەر مىللەت كادىرلىرى — پارتىيىنىڭ فاڭجېن-سىياسەتلىرىنىڭ ئىجراچىلىرى، ئۇلار ئۆز مەجبۇرىيىتىنى ساداقەتلىك بىلەن ئادا قىلىشى، پارتىيە تاپشۇرغان ۋەزىپىلەرنى سادىقلىق بىلەن ئورۇندىشى كېرەك. ھەر مىللەت كادىرلىرى يەنە ئاممىنىڭ ۋەكىلى، پارتىيىنىڭ ئامما بىلەن ئالاقە باغلاش ۋاستىسى، ئۇلار ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئۈمىدىنى يەردە قويماسلىقى كېرەك. خىزمەتنى تەشەببۇسكارلىق ۋە مەسئۇلىيەتچانلىق بىلەن ئاكتىپ ۋە دادىل ئىشلىشى، شەخسىي پايدا-زىيىنى بىلەن ھېسابلىشىپ ئولتۇرماسلىقى، شەخسىي ئاۋۇتنى سۈرۈشتۈرۈپ يۈرمەسلىكى كېرەك. ئۇلار پرىنسىپتا چىڭ تۇرۇشقا، خەلق ئاممىسىنىڭ پىكىر ۋە تەلەپلىرىنى ئەينەن ئىنكاس قىلىشقا جۈرئەت قىلىشى، خەلق ئۈچۈن كۆپرەك ئەمەلىي ئىش قىلىپ بېرىشكە جۈرئەت قىلىشى كېرەك. ھەر مىللەت كادىرلىرى ئادىل ۋە خالىس بولۇپ، ئومۇمىي مەنپەئەتكە بويسۇنۇشى كېرەك. بەزىدە ئانچە-مۇنچە قۇربان بېرىشكە ۋە ئازار يېيىشكە توغرا كېلىشى مۇمكىن، ئۇلار بۇنىڭغا كوممۇنىستلارنىڭ كەڭ قورساقلىقى بىلەن مۇئامىلە قىلىشى كېرەك. تارىخ — ئادىل، ھەرقانداق ئادەم پارتىيە ئۈچۈن، ۋەتەن ئۈچۈن،

خەلق ئۈچۈن سەمىمىي-سادىق خىزمەت قىلسا، پارتىيە، ۋەتەن ۋە خەلق ئۇلارنى ھەرگىز ئۇنتۇپ قالمايدۇ.

ۋەتىنىمىز بىرلىكى ۋە مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىغا دائىر چوڭ ھەق، چوڭ ناھەق مەسىلىسى ئالدىدا، ھەر مىللەت كادىرلىرىنىڭ پوزىتسىيىسى ئېنىق، مەيدانى مۇستەھكەم بولۇشى، ئۇلار ئومۇملۇقنى تونۇشى، ئومۇملۇقنى كۆزدە تۇتۇشى كېرەك. بىزنىڭ بۆلگۈنچىلىككە ۋە سىڭىپ كىرىشكە قارشى تۇرۇشتا تەشەببۇسكارلىقنى ئۆز قولىمىزدا تۇتالىشىمىز ياكى تۇتالماسلىقىمىز، ئومۇمىي ۋەزىيەتنىڭ مۇقىملىقىنى قوغدىيالىشىمىز ياكى قوغدىيالماسلىقىمىز كادىرلىرىمىزنىڭ ساپاسىغا ۋە جەڭگىۋارلىقىغا باغلىق. يۇقىرىدا ئېيتقىنىمدەك، بۆلگۈنچىلەر قايسى مىللەتتىن بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، ھەممىسى ۋەتەنگە ئاسىيلىق قىلغان مىللىي مۇناپىقلاردۇر، ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئورتاق دۈشمىنىدۇر. ئۇلارنى قەتئىي پاش قىلىش، ئۇلارغا قارشى قەتئىي كۈرەش قىلىش لازىمكى، ئۇلارغا تۇتۇق پوزىتسىيە تۇتۇشقا، ئورۇنسىز يول قويۇشقا ھەرگىز بولمايدۇ. ئۇلارغا تۇتۇق پوزىتسىيە تۇتۇش، يول قويۇش ئېغىر دەرىجىدە مەسئۇلىيەتسىزلىك قىلغانلىق، ئۆز مەيدانىنى ئېغىر دەرىجىدە يوقاتقانلىق بولىدۇ. بۇنداق پرىنسىپال مەسىلىلەر ئۈستىدە قىلچە بىپەرۋالىق قىلىشقا، قىلچە ئارسالدى بولۇشقا، قىلچە ئاجىزلىق قىلىشقا بولمايدۇ. مىللىي ئىتتىپاقلىققا، ئومۇمىي ۋەزىيەتنىڭ مۇقىملىقىغا پايدىسىز بولغان سۆزلەرنى ۋە تارىخ بۇرمىلانغان ئەسەرلەرنى ئۆز مەيلىگە قويۇۋېتىشتىن، بولۇپمۇ ئۇنىڭغا ئاسانلا ئىشىنىپ كېتىشتىن ساقلىنىش لازىم. ئۇنداق نەرسىلەرنى

چەكلەش ۋە ئۇلارغا قارشى كۈرەش قىلىش، ئۇلارنىڭ بازىرىنى يوقىتىش كېرەك. خاتا سۆزلەرنىڭ خەتىرىنى تۆۋەن چاغلاشقا بولمايدۇ. پىتنە-ئىغۋالار، ھۇجۇم قىلىش ۋە قۇترىتىش خا- راكتېرىدىكى سۆزلەر بەزىدە ناھايىتى يامان رول ئوينايدۇ، ھەتتا توغرىدىن-توغرا ۋەقە پەيدا قىلىدۇ. ئەكسىيەتچى سۆزلەرنى تار- قىتىپ ۋەقە تۇغدۇرۇشقا قۇتراتقان بۇزۇق كىشىلەرنى قەتئىي پاش قىلىش، قانۇن بويىچە جازالاش كېرەك.

ھەر مىللەت كادىرلىرى ئامما بىلەن زىچ ئالاقە باغلىشى، جان-دىل بىلەن خەلق ئۈچۈن خىزمەت قىلىشى كېرەك. پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ 6-ئومۇمىي يىغىنىدا «پارتىيىنىڭ خەلق ئاممىسى بىلەن بولغان ئالاقىسىنى كۈچەيتىش توغرىسىدى- كى قارار» ماقۇللاندى. ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىدىكى ھەر دەرىجىلىك كادىرلار بۇ «قارار»نى ئەستايىدىل ئۆگىنىشى، ئۇ- نىڭغا ھەقىقىي رىئايە قىلىشى كېرەك. ئامما ئارىسىدا ئابرويغا ئىگە بولغان رەھبەرلىك بەنزىسىنىڭ جەڭگىۋارلىقى بولىدۇ، ئاممىنىڭ ھىمايىسىگە ئىگە بولغان ئادەمنىڭ تەسىرى كۈچلۈك بولىدۇ. ئاممىنىڭ ھىمايىسىگە ئىگە بولۇش ئۈچۈن، ئاممىنىڭ ئىشەنچىسىگە ئىگە بولۇش، ئامما بىلەن يېقىن ئالاقە باغلاش، جان-دىل بىلەن خەلق ئۈچۈن خىزمەت قىلىش شەرت. ھەممە كادىر ھەممە جايدا پارتىيىنىڭ ئىنتىزامىغا ۋە مەمۇرىي ئىنتىزا- مىغا نەمۇنىلىك بىلەن رىئايە قىلىشى، دۆلەتنىڭ قانۇنلىرىغا رىئايە قىلىشى كېرەك. تاۋار ئىگىلىكىنىڭ تەرەققىي قىلىشى، ئىشىكنى سىرتقا ئېچىۋېتىشنىڭ يېڭى ۋەزىيىتى — پارتىيىمىزنىڭ ئىستىل قۇرۇلۇشىغا يېڭى تېمىلارنى قوشتى،

شۇنداقلا ھەربىر كادىرنى يېڭى سىناققا يۈزلەندۈردى. ئاممىدىن ئايرىلىپ قالىدىغان ئىشلارنى، ھوقۇقىدىن پايدىلىنىپ، ئۆز نەپسىگە چوغ تارتىش، خىيانەت قىلىش، پارا ئېلىش قاتارلىق قانۇنغا خىلاپ كېلىدىغان، ئىنتىزامنى بۇزىدىغان ئىشلارنى ھەر-گىز قىلماسلىق كېرەك. بولمىسا، پارتىيە ئىستىلى ۋە ئىجتى-مائىي كەيپىيات بۇزۇلۇپ كېتىدۇ، ئۇنداق قىلغانلار ئۆزىنىمۇ نابۇت قىلىدۇ. بۇ جەھەتتە نۇرغۇن ساۋاقلار بار، بۇنى ئەستە چىڭ تۇتۇش كېرەك.

بىز پارتىيىنىڭ ئىزچىل سىياسەتلىرىدە چىڭ تۇرۇپ، كۈچلۈك تەدبىر قوللىنىپ، ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرىنى داۋاملىق كۆپلەپ يېتىشتۈرۈشىمىز كېرەك. ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرىنى تەربىيىلەپ يېتىشتۈرۈش، ئىشقا قويۇش داۋامىدا كۆرۈلگەن يېڭى ئەھۋال، يېڭى مەسىلىلەرنى ئەستايىدىل مۇھا-كىمە قىلىش ۋە ھەل قىلىش كېرەك. ھەرخىل تەدبىرلەرنى قوللىنىپ، ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرىنىڭ سانىنى كۆپەي-تىش، ساپاسىنى ئۆستۈرۈش، ئىقتىدارىنى تولۇق جارى قىلدۇ-رۇش كېرەك. سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش يولىدىكى قۇرۇلۇش ئىشلىرى ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرىغا مۇھتاج، مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە ئاز سانلىق مىللەت كادىر-لىرىغا مۇھتاج، مىللىي مەسىلىنى ئۇزۇل-كېسىل ھەل قىلىش ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرىغا مۇھتاج. نۆۋەتتىكى چېگرىغا جايلاشقان ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىنىڭ مۇقىملىقىنى قوغ-داش كۈرىشىدە، ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرىنىڭ رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇش زۆرۈر. ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرى-

مۇ ئېغىر يۈكنى باتۇرلۇق بىلەن ئۈستىگە ئېلىشى، سىناقلارغا بەرداشلىق بېرىشى، ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى ۋە مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى قوغداشنىڭ باشلامچىلىرى، پارتىيىنىڭ ياخشى كادىرلىرى بولۇشى كېرەك.

ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرى— پارتىيىنىڭ قىممەتلىك بايلىقى، ئۇلارغا تولۇق ئىشىنىش ۋە مەھكەم تايىنىش، ئۇلارنىڭ ئەقىل-پاراسىتىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇش كېرەك. پاكىتلار شۇنى تولۇق ئىسپاتلىدىكى، دۆلىتىمىزدە مۇتلەق كۆپ ساندىكى ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرى تۆت ئاساسىي پرىنسىپنى قەتئىي ھىمايە قىلىدۇ، ئىسلاھات ئېلىپ بېرىش، ئىشىكنى ئېچىۋېتىشتە چىڭ تۇرىدۇ، ئۇلار ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى ۋە مىللەتلەرنىڭ ئىتتىپاقلىقىنى قەتئىي قوغدىغۇچىلاردۇر. ئۇلارنىڭ ۋۇجۇدىدا ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئېسىل پەزىلىتى ئەكس ئەتكەن، پارتىيە سىياسىتىنىڭ پارلاق نۇرى ئىپادىلەنگەن. بىز ئۇلارغا خۇددى بۇرۇنقىدەك ھازىرمۇ، كەلگۈسىدىمۇ زادى ئېغىشماي مەھكەم تايىنىشىمىز لازىمكى، ئۇلاردىن قىلچە گۇمانلانماسلىقىمىز ۋە ھەسەت قىلماسلىقىمىز كېرەك. نۇرغۇن ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرى ۋەتەننى ۋە مىللەتنى گۈللەندۈرۈش ئۈچۈن تىرىشىپ كۈرەش قىلىدىغان جەسۇرانە ئىرادە تىكلىگەن، ئۇلارنى تولۇق چۈشىنىشىمىز، قىزغىن قوللىشىمىز كېرەك. دەرۋەقە، بەزى كادىرلاردا ئۇنداق ياكى بۇنداق كەمچىلىك ھەتتا خاتالىقلار بولۇشى مۇمكىن. ئۇنداق يولداشلارغا قىزغىن ياردەم بېرىشىمىز، سەۋرچانلىق بىلەن تەربىيە بېرىشىمىز ۋە ئۇلارنى ئەستايىدىللىق بىلەن تەنقىد قىلىشىمىز، شۇ ئارقىلىق ئۇلارنى

ئۆسۈپ يېتىلىپ، داۋاملىق ئالغا ئىلگىرىلەش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىشىمىز كېرەك. ھەربىر كادىرنىڭ ئاكتىپلىقىنى، ئىجادكارلىقىنى مىللەتلەرنىڭ ئىتتىپاقلىقى ۋە تەرەققىياتىدىن ئىبارەت ئۇلۇغ ئىش داۋامىدا جارى قىلدۇرۇپ، ئۇلارنى سوتسىيالىزم ئىشلىرىنىڭ تەرەققىياتىغا ئەگىشىپ ئۆسۈپ يېتىلىش ۋە ئالغا بېسىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىشىمىز كېرەك.

بىز شۇنىڭغا ئىشىنىمىزكى، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى بىلەن گوۋۇيۈەننىڭ توغرا رەھبەرلىكىدە، ئالاقىدار تارماقلار ۋە رايونلارنىڭ ئىتتىپاقلىشىپ كۆرەش قىلىشى، ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئورتاق تىرىشچانلىق كۆرسىتىشى ئارقىسىدا، بىز ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىنىڭ مۇقىملىقىنى چوقۇم تېخىمۇ چىڭ قوغدىيالايمىز ھەمدە دۆلىتىمىزنىڭ مىللىي خىزمىتىنى دۆلىتىمىزنىڭ ئۇلۇغ سوتسىيالىزم ئىشلىرىغا يانداشتۇرۇپ ئۈزلۈكسىز ئالغا سىلجىتالايمىز.

# ئۆم، باي، مەدەنىي يېڭى شىنجاڭ قۇرايلى*

(1990-يىل 9-ئاينىڭ 1-كۈنى)

شىنجاڭ ئاپتونوم رايونىنىڭ مىللىي ئىتتىپاقلىق-تەرەققىيات بويىچە ئىلغار كوللېكتىپ، ئىلغار شەخسلەرنى تەقدىرلەش يىغىنىنىڭ چاقىرىلىشى دۇنيانىڭ ئۆگزىسىدىن «خەيرلىك ۋە كۆڭۈللۈك» خۇش خەۋەر تارقىتىپ، ئاسىيا تەنھەرىكەت يىغىنىنىڭ قىزغىنلىقىغا چۈمگەن، پۈتۈن جۇڭگو ھەر مىللەت خەلقىگە يېڭى شادلىق ۋە ئىلھام بېغىشلىدى. بۇ يىغىنغا قاتناشقانلارنىڭ بەزىلىرى چېگرىنى قوغداش ئۈچۈن ئۆزىنىڭ ياشلىقىنى بېغىشلىغانلار، بەزىلىرى مىللىي ئىتتىپاقلىق ئۈچۈن بۈيۈك يۈرەك قېنىنى سىڭدۈرگەنلەر، بەزىلىرى بۆلگۈنچىلىككە ۋە توپىلاڭغا قارشى تۇرۇپ، ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى قوغدىغان قەھرىمانلار، بەزىلىرى سانائەت، يېزا ئىگىلىكى، مائارىپ، پەن-تېخنىكا، مەدەنىيەت، سەھىيە سەپلىرىدىكى نەمۇنىچىلاردۇر. سىلەر ئۆزۈڭلارنىڭ ئالىيجاناب روھى ۋە پۇختا خىزمىتى بىـ

---

* بۇ— يولداش ئىسمايىل ئەھمەدنىڭ شىنجاڭ ئاپتونوم رايونىنىڭ مىللىي ئىتتىپاقلىق-تەرەققىيات بويىچە تەقدىرلەش يىغىنىدا سۆزلىگەن سۆزى.

لەن، ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئۇيۇشۇش كۈچىنى ئاشۇرۇپ،
شىنجاڭ قۇرۇلۇشىنىڭ تەرەققىياتىغا ۋە ئومۇمىي ۋەزىيەتنىڭ
مۇقىملىقىغا كاپالەتلىك قىلدىڭلار. سىلەر — خەلق جۇمھۇرىيە-
تىنىڭ سادىق جەڭچىلىرى، شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ
مۇنەۋۋەر پەرزەنتلىرى. سىلەرنىڭ شانلىق نەتىجەڭلەر پۈتۈن
شىنجاڭغا تارقىلىدۇ، ۋەتىنىمىزنىڭ ھەممە جايلىرىغا تارقىلىدۇ.
مېنىڭ مۇشۇ سەلتەنەتلىك مۇنبەردە تۇرۇپ، پارتىيە مەركىزىي
كومىتېتى بىرلىك سەپ بۆلۈمى، مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتى-
يى دائىمىي كومىتېتى مىللەتلەر كومىتېتى، دۆلەت مىللىي
ئىشلار كومىتېتى نامىدىن يىغىننى قىزغىن تەبرىكلىشىمگە،
شىنجاڭنىڭ مىللىي ئىتتىپاقلىق-تەرەققىيات ئىشلىرى ئۈچۈن
تۆھپە قوشقان ۋەكىللەرگە ۋە شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىگە
ئالىي ئېھتىرام بىلدۈرۈشۈمگە رۇخسەت قىلغايسىزلەر.

باش شۇجى جياڭ زېمىن، تېخى يېقىندىلا ئاپتونوم رايون-
لۇق 4-قېتىملىق پارتىيە قۇرۇلتىيى مۇۋەپپەقىيەتلىك ئاياغلاش-
قان پەيتتە، شىنجاڭغا كېلىپ، خىزمەتلەرنى كۆزدىن كەچۈرۈپ
ۋە خىزمەتلەرگە يېتەكچىلىك قىلىپ، شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت
خەلقىگە پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ، گوۋۇيۈەننىڭ ۋە
مەركىزىي ھەربىي كومىتېتىنىڭ سەمىمىي غەمخورلۇقىنى ۋە
پۈتۈن مەملىكىتىمىزدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ چوڭقۇر
دوستلۇقىنى يەتكۈزدى. پارتىيىمىزنىڭ يېڭى رەھبەرلىك يادرو-
سىنىڭ شىنجاڭنىڭ خىزمىتىگە يۈكسەك دەرىجىدە ئەھمىيەت بې-
رىدىغانلىقىنى نامايان قىلدى. باش شۇجىنىڭ شىنجاڭ ۋەزىيىتى
ئۈستىدىكى تەھلىلى، پارتىيىنىڭ مىللىي سىياسىتى، دىنىي

سىياستنى توغرىسىدىكى بايانى شىنجاڭنىڭ خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەش يۆنىلىشىنى يەنىمۇ ئىلگىرىلەپ ئېنىق كۆرسىتىپ بەردى، شۇنىڭ بىلەن بىرۋاقىتتا، بۇ تەھلىل ۋە بايان پۈتۈن مەملىكەتنىڭ مىللىي خىزمىتى ئۈچۈنمۇ مۇھىم يېتەكچى ئەھمىيەتكە ئىگە. بىز بۇ تەھلىل ۋە باياننى ئەستايىدىل ئۆگىنىپ، چوڭقۇر ئۆزلەشتۈرۈپ، كەڭ تەشۋىق قىلىپ، قەتئىي ئىزچىللاشتۇرۇپ ۋە ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، شىنجاڭنىڭ مىللىي ئىتتىپاقلىق ئىشلىرى ۋە سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش يولىدىكى قۇرۇلۇش ئىشلىرىنى تېخىمۇ ياخشى ئېلىپ بېرىشىمىز لازىم.

پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى ئىچكى-تاشقى ۋەزىيەتتىكى ئۆزگىرىشكە ئاساسەن ئومۇمىي ۋەزىيەتنى مۇقىملاشتۇرۇش نۇۋەتتە ھەممىنى بېسىپ چۈشىدىغان ۋەزىپە دەپ كۆپ قېتىم تەكىتلىدى، بۇ شىنجاڭدىكى ۋە پۈتۈن جۇڭگودىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ تۈپ مەنپەئىتىگە ۋە ئورتاق ئارزۇسىغا ئۇيغۇن. ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم ۋە خەلق ھۆكۈمىتى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ يولىيورۇقىنى قەتئىي ئىزچىللاشتۇرۇپ، شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنى ئىتتىپاقلاشتۇرۇپ، تازا ئۈنۈملۈك خىزمەت ئىشلەپ، شىنجاڭنىڭ سىياسىي ۋەزىيىتىدە مۇقىملىقنى ساقلىدى، ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشنى ئۈزلۈكسىز راۋاجلاندۇردى، خەلق ئاممىسىنى خاتىرجەم ياشاش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلدى. لخاسادا ھەربىي ھالەتنىڭ توختىتىلغانلىقى، مىللىي ئىتتىپاقلىق-تەرەققىيات بويىچە بۇ قېتىمقى تەقدىرلەش يىغىنىنىڭ چاقىرىلغانلىقى بۆلگۈنچىلىككە، سىڭىپ كىرىشكە قارشى كۈرەشتە زور غەلىبىگە ئېرىشكەنلىكىمىزنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ. لېكىن

مەملىكەت ئىچى ۋە سىرتىدىكى جۇڭگوغا، كومپارتىيىگە قارشى تۇرىدىغان كۈچلەر ۋە بۆلگۈنچى كۈچلەر ئۆزلىرىنىڭ مەغلۇبىيىتىگە ھەرگىز تەن بەرمەيدۇ، ئۇلار پۇرسەت ئىزدەپ، ۋاستىلىرىنى ئۆزگەرتىپ، داۋاملىق پاراكەندىچىلىك سالماقتا. كۈرەش ئۇزاق مۇددەت داۋاملىشىدۇ، ھەتتا بەزىدە خېلى كەسكىنلىشىپمۇ قالىدۇ. بىز يولداش جياڭ زېمىن تەلەپ قىلغاندەك: «ۋەزىيەتنى مۇقىملاشتۇرۇش خىزمىتىنى ئالدىنقى ئورۇنغا قويۇشىمىز» ، ۋەتەنپەرۋەرلىك بايرىقىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ، كۈرەش تەجرىبىلىرىنى يەكۈنلەپ، سىياسەت ۋە تاكتىكىغا دىققەت قىلىپ، ئىتتىپاقلىشىشقا بولىدىغان كۈچلەرنىڭ ھەممىسى بىلەن ئىتتىپاقلىشىپ، بۆلگۈنچىلىككە قارشى كۈرەشنى چوڭقۇر قانات يايدۇرۇپ، شىنجاڭنىڭ ۋەزىيىتىنى يەنىمۇ ئىلگىرىلەپ مۇقىملاشتۇرۇشىمىز شەرت. تارىخ ۋە رېئاللىق شۇنى كۆرسەتتىكى، شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت كادىرلىرى ۋە ئاممىسى، شىنجاڭدا تۇرۇشلۇق خەلق ئازادلىق ئارمىيىسى ۋە قوراللىق ساقچى قىسىملىرى—شىنجاڭنىڭ سوتسىيالىستىك ئىنقىلاب ۋە قۇرۇلۇش ئىشلىرىنىڭ ئاساسىي كۈچى، بۆلگۈنچىلىككە قارشى تۇرۇش، بىرلىكنى قوغداش، ئىتتىپاقلىقنى كۈچەيتىشنىڭ ئىشەنچلىك كۈچى. ھازىرمۇ، كەلگۈسىدىمۇ، پارتىيە بىلەن خەلق ئوتتۇرىسىدىكى، ئارمىيە بىلەن خەلق ئوتتۇرىسىدىكى ئۇلۇغ ئىتتىپاقلىق ئالدىدا، شىنجاڭنىڭ مۇقىملىقىغا بۇزغۇنچىلىق قىلىش، شىنجاڭنىڭ تەرەققىياتىغا توسقۇنلۇق قىلىش يولىدىكى بارلىق سۈيىقەستلەر ئىشقا ئاشمايدۇ.

مىللىي ئىتتىپاقلىق بىلەن مىللىي تەرەققىيات بىر-بىرىگە

زىچ باغلانغان، ئىقتىساد، مەدەنىيەتنىڭ تەرەققىياتى— سىياسىي مۇقىملىقنىڭ ئاساسى. يېقىنقى يىللاردا، پارتىيە بىلەن دۆلەت-نىڭ شىنجاڭغا قارىتىلغان ئالاھىدە سىياسىتى غايەت زور قۇدرى-تىنى كۆرسەتتى، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم ۋە هۆكۈمەت ھەر مىللەت خەلقىنى باشلاپ، ئىسلاھات-ئېچىۋېتىش يولىدا ئىرىش-چانلىق بىلەن ئىلگىرىلەپ، ئىقتىسادىي قۇرۇلۇش ۋە مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىدا كۆرۈنەرلىك نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈردى، شىنجاڭ ئېگىزلىكىنىڭ قىياپىتىنى ئۆزگەرتتى، ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ماددىي-مەدەنىي تۇرمۇشىنى ياخشىلىدى. بۇنى بىزگە قارشى تۇرىدىغان كىشىلەرمۇ ئېتىراپ قىلماي تۇرالمىدى. لېكىن بىز شۇنى ئوبدان بىلىمىزكى، شىنجاڭ قۇرۇلۇشىنىڭ ئاساسىي شارا-ئىتى ناچار، ماددىي ئاساسى ئاجىز، قىيىنچىلىقى يەنىلا كۆپ. قۇرۇلۇش ۋە تەرەققىياتنى تېزلىتىش ئۈچۈن، داۋاملىق ئىرىش-چانلىق كۆرسىتىپ، خىزمەتنىڭ سالمىقىنى ئاشۇرۇش كېرەك.

**بىرىنچى، ئاز سانلىق مىللەتلەر ۋە ئاز سانلىق مىللەت رايون-لىرى ئۆز كۈچىگە تايىنىپ ئىش كۆرۈش، جاپاغا چىداپ كۈرەش قىلىش روھىنى جارى قىلدۇرۇش شەرت.** دۆلەت نۆۋەتتە دۇچ كەلگەن قىيىنچىلىق— ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئورتاق قىيىنچى-لىقى، بۇ قىيىنچىلىقنى ھەر مىللەت خەلقى بىرلىكتە يېڭىشى كېرەك. ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرى دۆلەتنىڭ غېمىنى تەڭ يەپ، دۆلەتنىڭ قىيىنچىلىقىنى تۈگىتىشنى بىرىشى لازىم. شىنجاڭدىكى مىللەتلەر جاپاغا چىداپ كۈرەش قىلىدىغان، توختىما-ماي ئالغا ئىلگىرىلەيدىغان ئېسىل ئەنئەنىگە ئىگە. بۈگۈنكى كۈندە بۇنداق ئەنئەنىنى ئالدىنقىلار قىلىپ باقمىغان تۆتنى زاما-

نۇۋىلاشتۇرۇش يولىدىكى ئۇلۇغ ئىشتا كەڭ جارى قىلدۇرۇش لازىم.

**ئىككىنچى، دۆلەت سىياسەت ۋە مەبلەغنى ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىغا مۇۋاپىق مايىل قىلىشى كېرەك.** باش شۇجى جياڭ زېمىن بەزى سىياسەتلەرنى كونا ئىنقىلابىي تايانچ بازىلارغا، ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىغا، چەت-ياقا رايونلارغا، نامرات رايونلارغا مايىل قىلىش كېرەك، دەپ كۆرسەتكەندى. بۇ پىكىر ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئورتاق يۈرەك ساداسىنى ئەكس ئەتتۈردى. مايىل قىلىش ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىنىڭ ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشىنى تېخىمۇ مۇھىم ئورۇنغا قويۇشتىن، سوتسىيالىستىك پىلانلىق ئىگىلىكنىڭ ئارتۇقچىلىقىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇشتىن دېرەك بېرىدۇ. مايىل قىلىشنىڭ بىۋاسىتە نەتىجىسى شۇ بولىدۇكى، ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىنىڭ تەرەققىياتى مۇقەررەر تېزلىشىدۇ، ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرى بىلەن ئىلغار رايونلارنىڭ تەرەققىيات جەھەتتىكى پەرقى مۇقەررەر ھالدا پەيدىنپەي كىچىكلەپ بارىدۇ. شۇنىڭ بىلەن دۆلىتىمىزدە ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ جايلىشىشى تېخىمۇ مۇۋاپىقلىشىدۇ، مەملىكىتىمىزدىكى ھەرقايسى رايونلارنىڭ ئىقتىسادىي تەڭكەش راۋاجلىنىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە بولىدۇ. شۇڭا، بۇنداق مايىل قىلىش دۆلىتىمىزنىڭ ئىقتىسادىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشتىمۇ، دۆلىتىمىزدە ھازىرقى باسقۇچتىكى مىللىي مەسىلىنى بىر تەرەپ قىلىشتىمۇ مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە. نەچچە ئون يىلدىن بېرى، مەركەز شىنجاڭدا ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ تەرەققىياتىغا پايدىلىق بىرقاتار ئالاھىدە سىياسەت ۋە جانلىق تەدبىرلەرنى يولغا

قويۇپ كەلدى، بۇ ئالاھىدە سىياسەت ۋە جانلىق تەدبىرلەر داۋام-لىق تۈردە قەتئىي ئىزچىللاشتۇرۇلىدۇ ھەمدە ئۈزلۈكسىز را-ۋاجلاندۇرۇلىدۇ ۋە مۇكەممەللەشتۈرۈلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن شى-زاڭنىڭ ئىقتىسادىي ۋە ئىجتىمائىي تەرەققىياتى ئالغا قاراپ تېخىمۇ زور دەرىجىدە يۈكسىلىدۇ.

**ئۈچىنچى، ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرى بىر-بىرىگە ياردەم بېرىشى، ئورتاق بېيىشى لازىم.** ئورتاق بېيىش-سوتسىيالىزمنىڭ ئاساسىي پرىنسىپلىرىدىن بىرى، ئورتاق بېيىشتا چىڭ تۇرۇش سوتسىيالىزم يۆنىلىشىدە چىڭ تۇرغانلىق بولىدۇ. ئاۋۋال بېيى-غان كىشىلەر ۋە رايونلار تېخى بېيىمىغان كىشىلەرگە ۋە رايون-لارغا ياردەم بېرىپ ئاخىردا ئورتاق بېيىش نىشانىغا يېتىشى لازىم. شىزاڭنىڭ قۇرۇلۇشى ۋە تەرەققىياتى مەملىكىتىمىزدىكى ھەرقايسى جايلارنىڭ مەدىتىگە ۋە ياردىمىگە ئېرىشتى، خۇددى شۇنىڭدەك شىزاڭنىڭ مۇقىملىقى ۋە تەرەققىياتىمۇ پۈتۈن مەمل-كەتنىڭ سوتسىيالىستىك ئىنقىلابى ۋە قۇرۇلۇشى ئۈچۈن تۆھپە ۋە مەدەتتۇر. بىز ئىشىنىمىزكى، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى ۋە گوۋۇيۈەننىڭ غەمخورلۇق قىلىشى، پۈتۈن مەملىكەتنىڭ زور كۈچ بىلەن ياردەم بېرىشى ئارقىسىدا، بىر نىيەتتە ئىتتىپاقلاش-قان ھەر مىللەت شىزاڭ خەلقى «ئۈچ دەريا» ۋادىسىنى ھەر تەرەپلىمە ئۈزلەشتۈرۈش ئىشىنى چوقۇم ياخشى ئېلىپ بارالاي-دۇ، «شىزاڭ ئاپتونوم رايونىنىڭ ئىقتىسادىي-ئىجتىمائىي تە-رەققىيات ستراتېگىيىسى»نى ئوڭۇشلۇق ئەمەلگە ئاشۇرۇپ، شىزاڭغا، پۈتۈن جۇڭگوغا بەخت يارىتالايدۇ.

شىزاڭنىڭ مۇقىملىقى ۋە تەرەققىياتى پارتىيە ۋە دۆلەتنىڭ

مىللىي سىياسىتى، بىرلىك سەپ سىياسىتى ۋە دىنىي سىياسىتىنى قەتئىي ئىغىشماي ئىزچىللاشتۇرۇشقا، مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە قانۇنىنى ئەستايىل يولغا قويۇشقا باغلىق، شۇنداقلا ھەر مىللەت كادىرلىرى ۋە ئاممىسى ئارىسىدا ماركسىزملىق مىللەت قارىشى ۋە مىللىي سىياسەت تەربىيىسىنى ئېلىپ بېرىشقىمۇ باغلىق. بۇ تەربىيىنى پارتىيە ۋە دۆلەتنىڭ ئاساسىي فاڭجېن-سىياسەتلىرىنى تەشۋىق قىلىش بىلەن بىرلەشتۈرۈش، ۋەزىيەت تەربىيىسى بىلەن بىرلەشتۈرۈش، پارتىيىنىڭ مىللىي سىياسىتىنىڭ ئىجرا قىلىنىش ئەھۋالىنى تەكشۈرۈش بىلەن بىرلەشتۈرۈش، مىللىي ئىتتىپاقلىق-تەرەققىيات بويىچە ئىلغار تىپلارنى تەشۋىق قىلىش-تەقدىرلەش بىلەن ۋە شىنجاڭنىڭ ئەمەلىيىتى بىلەن بىرلەشتۈرۈش كېرەك. «ئىككى قولدا تۇتۇش» تا باشتىن-ئاخىر چىڭ تۇرۇش، پارتىيە ئەزالىرىنىڭ ئاۋانگارتلىق، نەمۇنىلىك رولىنى ۋە ئىتتىپاق تەشكىلاتلىرىنىڭ پارتىيىنىڭ ياردەمچىسى بولۇش رولىنى ھەقىقىي جارى قىلدۇرۇش لازىم. تەربىيە ئارقىلىق كەڭ كادىرلار ۋە ئاممىنى پارتىيىنىڭ مىللەت نەزەرىيىسى ۋە مىللىي سىياسىتىگە دائىر ئاساسىي بىلىمنى بىلىۋېلىش، سوتسىيالىستىك مىللىي مۇناسىۋەتكە دائىر ئاساسىي نۇقتىئىنەزەر ۋە مىللىي قانۇنچىلىق ئېڭىنى تۇرغۇزۇش، بۆلگۈنچىلىك ۋە بۇزغۇنچىلىق ھەرىكەتلىرىگە قارشى تۇرۇش ۋە ئۇنى پەرق ئېتىش ئىقتىدارىنى ئۆستۈرۈش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىش لازىم، يېقىنقى يىللاردىن بۇيان بۇنداق تەربىيىنى بوشاشتۇرۇپ قويۇشتىن بولغان ساۋاقنى ئەستايىدىل قوبۇل قىلىپ، ماركسىزملىق مىللەت قارىشى، پارتى-

يىنىڭ مىللىي سىياسىتى ۋە مىللىي ئىتتىپاقلىق توغرىسىدىكى تەربىيىنى تۆت ئاساسىي پرىنسىپتا چىڭ تۇرۇش توغرىسىدىكى تەربىيىنىڭ مەزمۇنى، سوتسىيالىستىك مەنىۋى مەدەنىيەتنىڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمى سۈپىتىدە ئۇزاققىچە قەتئىي داۋاملاشتۇرۇش، چىڭ ۋە ياخشى تۇتۇش كېرەك. ھەربىر زاۋۇت، مەكتەپ، مەھەللە ۋە كەنتنى بۆلگۈنچىلىككە، سىڭىپ كىرىشكە قارشى تۇرۇشنىڭ ھەقىقىي قورغىنىغا، مىللىي ئىتتىپاقلىق-تەرەققىياتنىڭ ھەقىقىي بازىسىغا ئايلاندۇرۇش لازىم.

مەن شۇنىمۇ ئېيتىپ قويماقچىمەنكى، شىنجاڭنىڭ مۇقىملىقى ۋە تەرەققىياتى ئۈچۈن، ھەر مىللەت كادىرلىرىنىڭ تايانچلىق ۋە باشلامچىلىق رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇش شەرت. بىزنىڭ ئىشلىرىمىز ھەر مىللەت كادىرلىرىنىڭ بىرلىكتە كۈرەش قىلىپ، بۆلگۈنچىلىككە، سىڭىپ كىرىشكە قارشى تۇرۇپ، چېگرىدىكى مىللىي رايونلارنىڭ مۇقىملىقىنى قوغداشنى ۋە شۇ رايونلارنىڭ ئىقتىساد، مەدەنىيەت ئىشلىرىنىڭ تەرەققىياتىنى ئالغا سۈرۈشنى، ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئورتاق تىرىشچانلىق كۆرسىتىشىنى تەلەپ قىلىدۇ. ئازادلىقتىن بۇيان، پارتىيە شىنجاڭدا نۇرغۇنلىغان مىللىي كادىرلارنى تەربىيىلەپ يېتىشتۈردى، بۇ كادىرلار— پارتىيىنىڭ قىممەتلىك بايلىقى، ئۇلارغا تولۇق ئىشىنىش ۋە چىڭ تايىنىش، ئۇلارنىڭ ئەقىل-پاراسىتىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇش كېرەك. كۆپ خىل تەدبىرلەرنى قوللىنىپ، شىنجاڭدىكى مىللىي كادىرلارنىڭ سانىنى ئۈزلۈكسىز كۆپەيتىش، سۈپىتىنى ئۆستۈرۈش، ئۇلارنى قابىلىيىتىگە يارىشا ئىشقا قويۇش لازىم. سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش

يولىدىكى قۇرۇلۇش ئىشلىرى ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرىغا مۇھتاج، مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرىغا مۇھتاج، مىللىي مەسىلىنىڭ ئاخىرقى ھېسابتا ھەل قىلىنىشى ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرىغا مۇھتاج. ئەمەلىيەت شۇنى ئىسپاتلىدىكى، نۆۋەتتە شىزاڭنىڭ مۇقىملىقىنى قوغداش ۋە شىزاڭنىڭ تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈشتە، ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرىنىڭ رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇش تېخىمۇ زۆرۈر. ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرىمۇ ئېغىر يۈكنى باتۇرلۇق بىلەن ئۈستىگە ئېلىپ، سىناققا بەرداشلىق بېرىپ، ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى قوغداش ۋە مىللىي ئىتتىپاقلىق--تەرەققىياتنى ئىلگىرى سۈرۈشنىڭ باشلامچىسى بولۇشى، پارتىيە ۋە خەلقنىڭ ياخشى كادىرى بولۇشى كېرەك. باش شۇجى جياڭ زېمىن، شىزاڭنى گۈللەندۈرۈش شىزاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭلا مەسئۇلىيىتى بولۇپ قالماي، جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭمۇ ئورتاق مەسئۇلىيىتى، دېدى. شىزاڭنىڭ سوتسىيالىستىك ئىنقىلاب ۋە قۇرۇلۇش ئەمەلىيىتى شۇنى تولۇق چۈشەندۈرۈپ بەردىكى، «خەنزۇلار ئاز سانلىق مىللەتلەردىن ئايرىلالمايدۇ، ئاز سانلىق مىللەتلەر خەنزۇلاردىن ئايرىلالمايدۇ»، بۇ كۆپ مىللەتلىك بىر پۈتۈن دۆلىتىمىز ئۈچۈن ھەقىقەت. بىرنەچچە ئون يىلدىن بېرى، خەنزۇ كادىرلار ۋە باشقا قېرىنداش مىللەت كادىرلىرى شەرەپ بىلەن چېگرا رايونلارغا ياردەم بېرىپ، ئائىلە، بەدەن ۋە شەخسىي تۇرمۇش جەھەتتىكى خىلمۇخىل قىيىنچىلىقلارنى يېڭىپ، مۇشكۈل شارائىتتا ئىجتىھات بىلەن ئىشلەپ، شىزاڭنىڭ ئىنقىلابى ۋە قۇرۇلۇشى ئۈچۈن، شىزاڭنىڭ

گۈللىنىشى ۋە تەرەققىياتى ئۈچۈن ئۆزىنىڭ كۈچىنى بېغىشلى-
دى، ئۆزىنىڭ ياشلىقى ۋە سالامەتلىكىنى بېغىشلىدى، ئۇلار
ئارىسىدىن بىرتۈركۈم ئىلغار، نەمۇنىچى شەخسلەر مەيدانغا كەل-
دى، بەزى يولداشلار ھەتتا ئۆزىنىڭ ھاياتىنى بېغىشلىدى، شى-
نجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقى ئۇلارنى مەڭگۈ ئۇنتۇپ قالمايدۇ.
بۇنىڭدىن كېيىن، ھەر مىللەت كادىرلىرى داۋاملىق تۇردە
بىر-بىرىنى ھۆرمەت قىلىپ، بىر-بىرىنى قوللاپ، بىر-بىرى-
دىن ئۆگىنىپ، شىنجاڭنى بىرلىكتە ئوبدان گۈللەندۈرۈشى
لازىم.

ۋەكىللەر، يولداشلار، بۇ قېتىمقى تەقدىرلەش يىغىنى—
شىنجاڭدىكى مىللىي ئىتتىپاقلىق-تەرەققىيات كۈچلىرىنىڭ كاتتا
كۆرىكى، شۇنداقلا مۇشۇ ئالىيجاناب كۈچنىڭ يېڭى باشلىنىش
نۇقتىسى. مەن شۇنى ئۈمىد قىلىمەنكى، تەقدىرلەنگەن يولداش-
لار ۋە شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت كادىرلىرى ھەم ئاممىسى مەغ-
رۇرلۇق-ئالدىراقسانلىقتىن ساقلىنىپ، داۋاملىق ئالغا چامدى-
شى، پارتىيىنىڭ ئاساسىي لۇشيەنىدە چىڭ تۇرۇپ، تۈزەش-
ياخشىلاش ۋە ئىسلاھاتنى چوڭقۇرلاشتۇرۇشنى تېخىمۇ ياخشى
تۇتۇشى، زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشنى ئالغا سۈرۈشى، سانا-
ئەت، دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق ئىشلەپچىقىرىشىنى راۋاجلاندۇ-
رۇشى، سوتسىيالىستىك مىللىي مەدەنىيەتنى گۈللەندۈرۈشى،
ۋەتەنپەرۋەرلىك بايرىقىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ، بارلىق ئىجابىي
كۈچلەرنى ئىشقا سېلىپ، بۆلۈنۈشكە، سىڭىپ كىرىشكە ئېغىش-
ماي قارشى تۇرۇپ، شىنجاڭ ۋەزىيىتىنىڭ ئۇزاق مۇددەتلىك
مۇقىملىقىنى ساقلىشى، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى ۋە گوۋۇ-

يۈەنىنىڭ غەمخورلۇقىغا، پۈتۈن مەملىكەتتىكى ھەر مىللەت خەلـ
قىنىڭ ياردىمىگە، ئۆزىنىڭ تەشەببۇسكارلىقى ۋە ئىجادكارلىقىغا
تايىنىپ، ئۆم، باي، مەدەنىي يېڭى شىنجاڭ قۇرۇشى، جۇڭخۇا
ئېلىنى گۈللەندۈرۈش، ۋەتەننى قۇدرەت تاپقۇزۇش ئۈچۈن تېخىـ
مۇ زور تۆھپە قوشۇشى لازىم!

# تۇغرا يۆنىلىشتە چىڭ تۇرۇپ، مىللىي ئەدەبىي ئىجادىيەتنى گۈللەندۈرۈپ، ھەر مىللەت خەلقىگە تېخىمۇ كۆپ، تېخىمۇ ياخشى مەنىۋى ئوزۇق يەتكۈزۈپ بېرەيلى*

(1990-يىل 11-ئاينىڭ 17-كۈنى)

جۇڭگو يازغۇچىلار جەمئىيىتى ۋە دۆلەت مىللىي ئىشلار كومىتېتىنىڭ تەشكىللاتچىلىقى ۋە رەھبەرلىكى ئاستىدا، ئالاقىدار ساھەلەرنىڭ پائال ماسلىشىشى، ئورتاق تىرىشچانلىق كۆرسىتىشى ئارقىسىدا، 3-نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك ئاز سانلىق مىللەتلەر ئەدەبىياتى بويىچە باھالاش-مۇكاپاتلاش پائالىيىتى تولۇق مۇۋەپپەقىيەت قازاندى ۋە مول نەتىجىلەرگە ئېرىشتى. شۇ مۇناسىۋەت بىلەن، مەن دۆلەت مىللىي ئىشلار كومىتېتى نامىدىن ئەسىرى مۇكاپاتلانغان ئاپتورلارنى، پۈتۈن مەملىكەتتىكى ھەر مىللەت يازغۇچىلىرىنى، مىللىي ئەدەبىيات-سەنئەت خىزمىتى

---

* بۇ— يولداش ئىسمايىل ئەھمەدنىڭ دۆلەت مىللىي ئىشلار كومىتېتى، جۇڭگو يازغۇچىلار جەمئىيىتى چاقىرغان 3-نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك ئاز سانلىق مىللەتلەر ئەدەبىياتى بويىچە باھالاش-مۇكاپاتلاش پائالىيىتىدە مۇكاپاتلانغان ئاپتورلارنىڭ سۆھبەت يىغىنىدا سۆزلىگەن سۆزى.

بىلەن شۇغۇللانغان بارلىق يولداشلارنى يەنە بىر قېتىم ئەڭ قىزغىن تەبرىكلەيمەن ۋە ئۇلارغا ئالىي ئېھتىرام بىلدۈرىمەن!

يولداشلار، سوتسىيالىزم دەۋرى— دۆلىتىمىزدىكى مىللەتلەر ئورتاق تەرەققىي قىلىدىغان ۋە ئورتاق گۈللىنىدىغان دەۋر. بۇنداق تەرەققىي قىلىش ۋە گۈللىنىش ھەممە مىللەت ئەدەبىيات-سەنئىتىنىڭ تەرەققىي قىلىشى ۋە گۈللىنىشىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ، ئاز سانلىق مىللەت ئەدەبىيات ئىشلىرىنىڭ تەرەققىي قىلىشى ۋە گۈللىنىشىنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ، ئەلۋەتتە. شۇنداق ئېيتىشقا بولىدۇكى، مىللەتلەرنىڭ تەرەققىي قىلىشى ۋە گۈللىنىشى مىللىي ئەدەبىيات-سەنئەت ئىشلىرىنىڭ تەرەققىي قىلىشى ۋە گۈللىنىشىدىن ئايرىلالمايدۇ؛ ئەكسىچە ئېيتقاندا، مىللىي ئەدەبىيات-سەنئەت ئىشلىرىنىڭ تەرەققىياتى ۋە گۈللىنىشى مىللەتلەرنىڭ تەرەققىياتى ۋە گۈللىنىشىگە كۈچلۈك تۈرتكە بولىدۇ. دېمەك، ھەر مىللەت ئەدەبىيات-سەنئەت خادىملىرى ئالىيجاناب مەجبۇرىيەتنى ئۈستىگە ئالغان، ئۇلارنىڭ ۋەزىپىسى ئېغىر ھەم مۇشكۇل.

مىللىي ئەدەبىيات-سەنئەت ئىشلىرى پۈتكۈل سوتسىيالىستىك ئەدەبىيات-سەنئەت ئىشلىرىنىڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمى. سوتسىيالىستىك ئەدەبىيات-سەنئەت گۈلزارىنىڭ گۈزەل ھۆسنىگە تولغان باھار مەنزىرىسى ھەر مىللەت ئەدەبىيات-سەنئىتىنىڭ پورەكلەپ ئېچىلغان گۈللىرىدىن ئايرىلمايدۇ. مىللىي ئەدەبىيات-سەنئەتنىڭ تەرەققىياتى پۈتكۈل سوتسىيالىستىك ئەدەبىيات-سەنئەتنىڭ تەرەققىياتىدا، سوتسىيالىستىك ماددىي مەدە-

نىيەت ۋە مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىدا مۇھىم رول ئوينايدۇ. سوتسىيالىستىك مىللىي ئەدەبىيات-سەنئەت ئىشلىرىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش مىللىي خىزمەتنىڭمۇ مەزمۇنلىرىدىن بىرى. بىز پارتىيىنىڭ ئەدەبىيات-سەنئەت فاڭجېنى ۋە پارتىيىنىڭ مىللىي سىياسىتىنى ئەستايىدىل ئىزچىللاشتۇرۇپ، مىللىي ئەدەبىيات-سەنئەتنىڭ ئالاھىدىلىكى ۋە قانۇنىيىتىنى توغرا تونۇپ ۋە ئىگىلەپ، مىللىي ئەدەبىيات-سەنئەت ئىشلىرىنى ئېلىمىزنىڭ ئۇلۇغ سوتسىيالىزم ئىشلىرىغا ئەگەشتۇرۇپ چوڭ قەدەم بىلەن ئالغا سىلجىتىشىمىز لازىم.

بۈگۈن مۇشۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ، ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ئەدەبىيات ئىشلىرىنى راۋاجلاندۇرۇش ئۈستىدە مىللىي خىزمەت نۇقتىسىدىن بەزى تونۇش ۋە پىكىرلىرىمنى بايان قىلماقچىمەن. سۆزۈمنىڭ ئاساسىي مەزمۇنى: مىللىي ئەدەبىيات ئىشلىرىدا توغرا يۆنىلىشتە چىڭ تۇرۇش، ۋەتەنپەرۋەرلىك ۋە سوتسىيالىزم بايرىقىنى ئېگىز كۆتۈرۈش، مىللىي باراۋەرلىك، ئىتتىپاقلىق-تەرەققىياتتىن ئىبارەت ئاساسىي تېمىنى باشتىن-ئاخىر چىڭ ئىگىلەش، مىللەتلەرنىڭ ھۆسنىگە باي، رەڭگارەڭ تۇرمۇشىنى ئەينەن، توغرا ئەكس ئەتتۇرۇش، ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئىسلاھات ئېلىپ بېرىش-ئىشىكنى ئېچىۋېتىش داۋامىدىكى مۇۋەپپەقىيەتلىرىنى ۋە شانلىق ئوبرازىنى كۈچلۈك تەسۋىرلەش، ھەر مىللەت خەلقى ئۈچۈن تېخىمۇ كۆپ، تېخىمۇ ياخشى مەنىۋى ئوزۇق تەقدىم قىلىش، ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئورتاق گۈللىنىشى ئۈچۈن قۇدرەتلىك ھەرىكەتلەندۇرگۈچ كۈچ يەتكۈزۈپ بېرىش دېگەنلەردىن ئىبارەت.

## بىرىنچى، مىللىي ئەدەبىي ئىجادىيەتنىڭ يۈنىلىش مەسىلىسى توغرىسىدا

پارتىيىمىز ئەدەبىيات-سەنئەتنىڭ «خەلق ئۈچۈن خىزمەت قىلىشى، سوتسىيالىزم ئۈچۈن خىزمەت قىلىشى» لازىملىقىنى ئوتتۇرىغا قويدى، بۇ سوتسىيالىستىك ئەدەبىيات-سەنئەت ئىش-لىرىنىڭ ئاساسى، ماركسىزم-لېنىنىزملىق ئەدەبىيات-سەنئەت نەزەرىيىسىنىڭ ۋە ماۋ زېدۇڭ ئىدىيىسىنىڭ كونكرېتلاشتۇرۇ-لۇشى، شۇنداقلا ئەدەبىيات-سەنئەت خادىملىرىمىز ئۇزاق مۇد-دەتلىك ئىجتىمائىي ئەمەلىيەت داۋامىدا ھاسىل قىلغان تەجرىبى-لەرنىڭ يەكۈنى. شۈبھىسىزكى، بۇ توغرا يۈنىلىش ئەينى زاماندا مىللىي ئەدەبىيات-سەنئىتىمىزنىڭمۇ يۈنىلىشى، مىللىي ئەدەبىي ئىجادىيەتنىڭمۇ يۈنىلىشى. مىللىي ئەدەبىيات-سەنئەت خادىملى-رىمىز بۇ يۈنىلىشتە قىلچە ئىككىلەنمەستىن، قىلچە تەۋرەنمەس-تىن چىڭ تۇرۇشى، شۇنىڭ بىلەن بىرۋاقىتتا، مىللىي ئەدەبى-يات-سەنئىتىمىزنىڭ ۋە مىللىي ئەدەبىي ئىجادىيىتىمىزنىڭ ئالا-ھىدىلىكىنى ۋە ئۆزىگە خاس قانۇنىيىتىنى تولۇق تونۇپ، بۇ يۈنىلىشنى ئەستايىدىل ئەمەلگە ئاشۇرۇشى كېرەك، بۇنىڭدىكى مۇھىم بىر تەرەپ شۇكى، مۇشۇ ئومۇمىي يۈنىلىشكە ئەمەل قىلىش شەرتى ئاستىدا، مىللىي ئەدەبىياتنىڭ ئالاھىدىلىكى ۋە ۋەزىپىسىگە ئاساسەن، مىللىي باراۋەرلىكنى ۋە مىللىي ئىتتى-پاقلىقنى كۈيلەشكە كۈچ سەرپ قىلىپ، مىللەتلەرنىڭ ئالغا يۈكسىلىشىگە تۈرتكە بولۇش لازىم، بۇ مىللىي ئەدەبىي ئىجادى-يەتنىڭ ئاساسىي مېلودىيىسى ۋە مەڭگۈلۈك تېمىسى بولۇشى كېرەك. بۇ نۇقتىنى ئالاھىدە تەكىتلىشىمىزدىكى سەۋەب نېمە؟

بۇنىڭدا دۆلىتىمىزنىڭ كۆپ مىللەتلىك دۆلەت بولۇش ئەھۋالى، بىزنىڭ تارىخىي بۇرچىمىز كۆزدە تۇتۇلغان، پارتىيىمىزنىڭ مىللىي مەسىلىنى ھەل قىلىشتىكى توغرا فاڭجېنىنى ئىجرا قىلىش تەلىپى ئاساس قىلىنغان.

دۆلىتىمىزنىڭ كۆپ مىللەتلىك بىر پۈتۈن دۆلەت بولۇپ شەكىللىنىش تارىخى ناھايىتى ئۇزۇن، مىللەتلەرنىڭ ئىتتىپاقلىشىپ، ھەمكارلىشىپ، دوستانە بىللە ياشاپ كەلگەنلىكى دۆلىتىمىزدىكى مىللەتلەر مۇناسىۋىتىدە باشتىن-ئاخىر ئاساسىي ئېقىم بولۇپ كەلدى. بىز ئەدەبىي ئەسەرلىرىمىزدە مۇشۇ ئاساسىي ئېقىمنى تارىخىي ماتېرىيالىزم نۇقتىئىنەزىرى بىلەن ئىپادىلەپ، شۇ ئارقىلىق كىشىلەرنى تەربىيىلىشىمىز ۋە رىغبەتلەندۈرۈشىمىز كېرەك. مىللىي باراۋەرلىك، ئىتتىپاقلىق، ھەمكارلىق — سوتسىيالىستىك مىللىي مۇناسىۋەتنىڭ ئاساسىي مەزمۇنى، شۇنداقلا ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئورتاق ئارزۇسى. دۆلىتىمىزدە مىللىي مۇناسىۋەت تۈرلۈك بوران-چاپقۇنلارنىڭ سىنىقىغا بەرداشلىق بەردى، شۇنىڭ ئۈچۈن بىزنىڭ ئەدەبىياتىمىز مۇشۇ رېئاللىقنى تەشەببۇسكارلىق بىلەن ھەقىقىي ئەكس ئەتتۈرۈشى كېرەك. سوتسىيالىزم دەۋرىدە، دۆلىتىمىزدىكى مىللىي مۇناسىۋەتتە چوڭقۇر ئۆزگىرىش يۈز بەردى، دۆلىتىمىزدىكى مىللەتلەر غايەت زور تەرەققىياتلارغا ئېرىشتى، بىرمۇنچە مىللەتلەر بىرقانچە ئىجتىمائىي فورماتسىيىدىن ھالقىپ سوتسىيالىزمغا قەدەم قويدى. بۇ ئەھۋاللارنى ئەدەبىيات-سەنئەت ئەسەرلىرىدە ئەكس ئەتتۈرۈش، شۇ ئارقىلىق خەلقنى ئىلھاملاندۇرۇش ۋە رىغبەتلەندۈرۈش كېرەك. يەنە بىر تەرەپتىن، دۆلىتىمىزدىكى

مىللىي مۇناسىۋەتنى يەنە داۋاملىق مۇستەھكەملىشىمىز ۋە را-
ۋاجلاندۇرۇشىمىز كېرەك، بۇنىڭ ئۈچۈن كۆپ تەرەپتىن تىرىش-
چانلىق كۆرسىتىشكە توغرا كېلىدۇ، بۇ مىللىي ئەدەبىيات خا-
دىملىرىنىڭ تىرىشچانلىق كۆرسىتىشىنى، ئەدەبىي ئەسەرلەرنىڭ
رولىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ئەدەبىيات ئادەمنىڭ ئىدېئولوگىيە-
سىگە، جەمئىيەتنىڭ تەرەققىياتىغا ئالاھىدە تەسىر كۆرسىتىدۇ،
بىز ئەدەبىياتنىڭ رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇپ، مىللىي
باراۋەرلىك ۋە مىللىي ئىتتىپاقلىق-تەرەققىيات ئىشلىرىنى ئىل-
گىرى سۈرۈشىمىز كېرەك.

مىللىي ئەدەبىياتىمىزنىڭ تەرەققىيات تارىخىغا نەزەر سال-
دىغان بولساق، زاڭزۇلارنىڭ قەدىمكى زامانغا خاس تۈبۈت ئەدە-
بىياتى «زامپۇ تەزكىرىسى»، موڭغۇللارنىڭ كاتتا ئەدەبىي ئە-
سىرى «موڭغۇللارنىڭ مەخپىي تارىخى»، ئۇيغۇرلارنىڭ بۇرۇن-
قى زاماندىكى داستانى «قۇتادغۇبىلىك» ھەمدە دۆلىتىمىزدىكى
مىللەتلەرنىڭ تارىخىي داستانلىرى— «گېسار»، «جياڭگېر»،
«ماناس»، «ئاشما» شۇنداقلا باشقا مىللەتلەرنىڭ خەلق ئەدەبى-
ياتى ئەسەرلىرى، ئازادلىقتىن كېيىن دۇنياغا كەلگەن بىرمۇنچە
ئېسىل مىللىي ئەدەبىي ئەسەرلەر، مەسىلەن، يىزۇلارنىڭ پېش-
قەدەم يازغۇچىسى لى چياۋنىڭ «خۇشاللىقتىن كۈلگەن جىنشاج-
ياڭ دەرياسى»، جۇاڭزۇلارنىڭ پېشقەدەم يازغۇچىسى لۇ دىنىڭ
«گۈزەل جەنۇب»، موڭغۇل يازغۇچى مالاچىنفۇنىڭ «بىپايان
يايلاق» دېگەنگە ئوخشاش ئەسەرلىرى بار، بۇنىڭدىن باشقا ۋە-
كىللىك خاراكتېرگە ئىگە يەنە بىر قىسىم ئەسەرلەر بار، ئۇلارنى
بىر-بىرلەپ مىسال كەلتۈرمىدۇق. بۇ مىللىي ئەدەبىي ئەسەر-

لەردە مىللەتلەرنىڭ باراۋەرلىكى، ئىتتىپاقلىقى، تەرەققىياتىدىن ئىبارەت ئاساسىي تېما تۇرلۇك نۇقتىدىن كۆيلەنگەنلىكى ئۇ-چۇن، بۇ ئەسەرلەر ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئالقىشىغا ئېرىشىپ، مىللىي ئەدەبىياتىمىزدىكى مەشھۇر ئەسەرلەر بولۇپ قالدى. ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ مەشھۇر ئەدەبىي ئەسەرلىرى پۈتكۈل جۇڭ-خۇا مىللىتىنىڭ ئەدەبىيات خەزىنىسىدە ئالاھىدە چاقناپ تۇرغان بىر قىسمىدۇر. بۇ قېتىم مۇكاپاتقا ئېرىشكەن ئەسەرلەرنىڭ ھەممىسى ئاشۇ توغرا يۆنىلىشتە چىڭ تۇرغانلىقى ئۈچۈن مۇكا-پاتلاندى. بۇ كىشىنى ناھايىتى خۇشال قىلىدۇ.

ئېلىمىزنىڭ مىللىي ئەدەبىي ئىجادىيىتى ئېسىل ئەنئەنىگە ئىگە، بۇ جەھەتتە مۇۋەپپەقىيەتلىك مول تەجرىبىلەر ھاسىل قىلىندى، بىز مىللىي ئەدەبىي ئىجادىيەتنىڭ ئېسىل ئەنئەنىلى-رىنى زور كۈچ بىلەن جارى قىلدۇرۇپ، ئىجادىيەت تەجرىبىلى-رىنى ئەستايىدىل يەكۈنلەپ، ئۇنى تېخىمۇ جارى قىلدۇرۇشىمىز ۋە ئومۇملاشتۇرۇشىمىز كېرەك. پارتىيىنىڭ ئەدەبىيات-سەن-ئەت يۆنىلىشىدە چىڭ تۇرۇپ، مىللىي ئەدەبىي ئىجادىيەتنىڭ ئاساسىي تېمىسى ياكى ئاساسىي مېلودىيىسىنى چىڭ ئىگىلەپ، مىللىي ئەدەبىي ئىجادىيەتنىڭ گۈللىنىشىنى ئىلگىرى سۈرۈپ، ھەر مىللەت خەلقىگە تېخىمۇ كۆپ، تېخىمۇ ياخشى مەنىۋى ئوزۇق تەقدىم قىلىش— زامانىمىزدىكى ھەر مىللەت ئەدىبلىرى-گە، يازغۇچىلىرىغا تارىخ يۈكلىگەن مۇھىم ۋەزىپە، پارتىيىنىڭ ۋە ھەر مىللەت خەلقىنىڭ زامانىمىزدىكى ھەر مىللەت ئەدەبى-يات-سەنئەت خادىملىرىدىن كۈتكەن سەممىمىي ئۈمىدى ۋە ئۇلارغا قويغان جىددىي تەلىپى.

## ئىككىنچى، تۇرمۇشقا چوڭقۇر چۆكۈش ۋە يازغۇچىلارنىڭ ئىجتىمائىي مەسئۇلىيەتچانلىقى مەسىلىسى توغرىسىدا

1942-يىلى رەئىس ماۋ زېدۇڭ «يەنئەن ئەدەبىيات-سەنئەت سۆھبەت يىغىنىدا سۆزلىگەن نۇتۇق»تا ئەدەبىيات-سەنئەتنىڭ مەنبەسى مەسىلىسىنى چوڭقۇر تەھلىل قىلىپ، ئىنسانىيەتنىڭ ئىجتىمائىي تۇرمۇشى بارلىق ئەدەبىيات-سەنئەتنىڭ «پۈتمەس-تۈگىمەس، بىردىنبىر مەنبەسى» دەپ ئېنىق كۆرسەتكەندى. 1979-يىلى يولداش دېڭ شياۋپىڭنىڭ جۇڭگو ئەدەبىيات-سەنئەت خادىملىرىنىڭ 4-قۇرۇلتىيىدا قىلغان تەبرىك سۆزىدە، «خەلق— ئەدەبىيات-سەنئەت خادىملىرىنىڭ ئانىسى» دېگەندى. ئەدەبىيات-سەنئەت خادىملىرى «خەلق تۇرمۇشىدىن ئاڭلىق ھالدا سيۇژېت، تېما، ۋەقەلىك، تىل، شېئىرىي ھېسسىيات ۋە زوق ئېلىشى، ئۆزىنى خەلقنىڭ تارىخنى يارىتىشتىكى كۆتۈرەڭگۈ روھى ئارقىلىق تەربىيىلىشى كېرەك، بىزنىڭ سوتسىيالىستىك ئەدەبىيات-سەنئەت ئىشلىرىمىزنىڭ گۈللەپ ياشنىشىدىكى تۈپ يول ئەنە شۇ» دەپ چوڭقۇر مەنىدە تەلىم بەرگەندى. يولداش دېڭ شياۋپىڭنىڭ تەكىتلىگىنىمۇ تۇرمۇشقا چوڭقۇر چۆكۈشتىن ئىبارەت. يولداشلار بۇ ھەقتە باشقىچە پىكىردە بولمىسا كېرەك. بۇ قېتىم مۇكاپاتقا ئېرىشكەن ئەسەرلەر ئىچىدە بىرمۇنچە ئەسەرلەرنىڭ سيۇژېتى، تېمىسى، ۋەقەلىكى، تىلى، ئىدىيىسى ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ مەزمۇنى مول تۇرمۇشىدىن ئېلىنغان، يازغۇچىنىڭ بەدىئىي جەھەتتىن قايتا ئىجادىي ئىشلىشى ئارقىسىدا، ئەسەرلەرنىڭ تېمىسى، ۋەقەلىكى، ئىدىيىسى ئەمەلىي تۇرمۇشتىكىگە قارىغاندا تېخىمۇ يۇقىرى، تېخىمۇ يىغىنچاق، تېخىمۇ

تىپىك، ئىخچام مۇكەممەل بولۇپ، ناھايىتى كۈچلۈك بەدىئىي
تەسىرلەندۈرۈش كۈچىگە ئىگە بولغاچقا ھەر مىللەت خەلقىنىڭ
ئالقىشىغا ئېرىشكەن. مىللىي ئەدەبىيات-سەنئەت خادىملىرى،
مىللىي ئەدەبىيات ئىجادىيىتى بىلەن شۇغۇللىنىدىغان ئاپتورلار
ۋە يازغۇچىلار ئۈچۈن ئېيتقاندا، تۇرمۇشقا چوڭقۇر چۆكۈش،
ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىغا چوڭقۇر چۆكۈش، ھەر مىللەت
خەلق ئاممىسى ئىچىدە يىلتىز تارتىش دېمەكتۇر. دۆلىتىمىزدە
ئاز سانلىق مىللەتلەر ئولتۇراقلاشقان رايونلارنىڭ تولىسى چېگرا
رايونلار، ئېگىز-سوغۇق جايلار، تاغلىق-ئورمانلىق جايلار،
ئوتلاق ۋە چۆل باياۋانلار بولۇپ، قاتنىشى قولايسىز، شارائىتى
جاپالىق، بۇنداق ئوبيېكتىپ شارائىت مىللىي ئەدەبىيات-سەن-
ئەت خادىملىرىنىڭ تۇرمۇشقا چوڭقۇر چۆكۈشىگە نۇرغۇن قى-
يىنچىلىق تۇغدۇرىدۇ. قىيىنچىلىق كۆپەيگەنسېرى مىللىي ئە-
دەبىيات-سەنئەت خادىملىرىمىزغا قويۇلىدىغان تەلەپمۇ يۇقىرى
بولىدۇ. تۇرمۇشقا چوڭقۇر چۆكۈش مىللىي ئەدەبىيات-سەنئەت
خادىملىرىدىن شۇنى تەلەپ قىلىدۇكى، ئۇلار ئاز سانلىق مىللەت-
لەرنىڭ تۇرمۇشىنى ئۆز تەجرىبىسى ئارقىلىق چوڭقۇر ھېس
قىلىشى، بولۇپمۇ ئىدىيە ۋە ھېسسىيات جەھەتتە ئاز سانلىق
مىللەت خەلقى بىلەن ھەمنەپەس بولۇشى، ھەر مىللەت خەلق
ئاممىسىنى ئۆزىنىڭ «ئانىسى» دەپ بىلىشى ھەمدە بۇنداق ھېس-
سىياتنى ساختا ۋە ياسالمىلىق بىلەن ئەمەس، بەلكى سەمىمىي
ۋە چىن كۆڭلىدىن ئىپادىلىشى، تولۇپ تاشقان قىزغىنلىق بە-
لەن ئۆزىنى «ئانىسى»نىڭ قوينىغا ئېتىپ، بىر تەرەپتىن «ئا-
نىسى»نىڭ تەربىيىسىنى قوبۇل قىلىشى، شۇنىڭ بىلەن بىرۋا-

قىتتا، «ئانىسى» ئۈچۈن، خەلق ئۈچۈن جان-دىل بىلەن خىز-مەت قىلىشى لازىم. خەلق ئاممىسى بولۇپمۇ دۆلىتىمىزدىكى ئاز سانلىق مىللەت خەلقى ئاممىسى ھەققىدە ئىدىيە ۋە ھېسسىيات جەھەتتە توغرا تونۇش ھاسىل قىلماي تۇرۇپ ۋە ئۇلار بىلەن يېقىن مۇناسىۋەت ئورناتماي تۇرۇپ، ھەر مىللەت خەلقى بىلەن دوست بولۇش، ھەر مىللەت خەلقىنىڭ رېئال تۇرمۇشىغا چۆ-كۈپ، يىلتىز تارتىپ، ئۇلاردىن ئوزۇق ئېلىپ، ئۆزىمىزنى تولۇقلاش ۋە يۈكسەلدۈرۈش مۇمكىن ئەمەس.

ئەدەبىيات-سەنئەتچىلىرىمىزنىڭ تۇرمۇشى مەزمۇنغا باي، نەزەر دائىرىسى كەڭ بولۇشى كېرەك. بىزنىڭ يازغۇچىلىرىمىز ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىغا چوڭقۇر چۆكۈپلا قالماستىن، خەنزۇلار رايونلىرىغىمۇ بېرىپ تۇرمۇش ئۆگىنىشى، شۇ ئارقى-لىق ئەسەرنىڭ تېمىسىنى تېخىمۇ چوڭقۇرلاشتۇرۇشى، قەھرى-مان شەخسلەرنىڭ ئوبرازىنى تېخىمۇ بېيىتىشى كېرەك. بىز خەنزۇ يازغۇچىلارنىڭمۇ ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىغا بېرىپ تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىپ، ماتېرىيال توپلاپ، ئاز سانلىق مىل-لەت خەلقىنىڭ تۇرمۇشىنى تەسۋىرلىشىنى قارشى ئالىمىز. ھەر مىللەت يازغۇچىلىرى ئورتاق تىرىشچانلىق كۆرسىتىپ، ئاز سانلىق مىللەت خەلقىنىڭ تۇرمۇشىنى تۈرلۈك جەھەتلەردىن ئەكس ئەتتۈرىدىغان تېخىمۇ كۆپ ئەسەرلەرنى يېزىپ، پۈتكۈل دۆلەتنىڭ ئەدەبىيات-سەنئەت ئىشلىرىنىڭ تەرەققىياتىنى ئىلگى-رى سۈرۈشى كېرەك.

تۇرمۇشقا چوڭقۇر چۆكۈش ئەلۋەتتە مۇھىم، ئۇنىڭدىن باش-قا تۇرمۇشنى قانداق ئىپادىلەش مەسىلىسىمۇ بار. بىزنىڭ مىل-

لىي ئەدەبىيات-سەنئەت خادىملىرىمىز كۆچلۈك ئىجتىمائىي مەسئۇلىيەتچانلىقا ئىگە بولۇشى، تارىخىي ماتېرىيالىزم ۋە دىئا-لېكتىك ماتېرىيالىزم مەيدانىدا تۇرۇپ، دۆلىتىمىزدىكى ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ تارىخىنى ۋە ھازىرقى ئەھۋالىنى توغرا تونۇشى، ئۇلارنى توغرا ئىپادىلىشى ۋە ئوبرازىنى توغرا يارىتىشى كېرەك. سوتسىيالىزم دەۋرىدە، ئېلىمىزنىڭ ئاز سانلىق مىل-لەت رايونلىرىدا زور ئۆزگىرىشلەر بولدى ۋە بولۇۋاتىدۇ، ئىل-گىرىكى بېكىنمىچىلىك ھالىتى پەيدىنپەي بۇزۇپ تاشلانماقتا، بۇرۇنقى ئۆزىنى ئۆزى قامدايدىغان ئۇششاق دېھقان ئىگىلىكىنىڭ ئورنىنى ئۇزلۇكسىز پىلانلىق تاۋار ئىگىلىكى ئىگىلەپ، ھەممە جاي يېڭى ھاياتىي كۈچكە تولماقتا. بىزنىڭ ئاپتورلىرىمىز، يازغۇچىلىرىمىزنىڭ ھاياتىي كۈچكە تولۇپ تاشقان يېڭى دەۋرنى ۋە ھەر مىللەت خەلقىنىڭ گۈزەل يېڭى تۇرمۇشىنى ئىپادىلەش مەسئۇلىيىتى بار. ئاپتورلىرىمىز ۋە يازغۇچىلىرىمىز ھەرگىز چوڭ مىللەتچىلىك ياكى تار مىللەتچىلىك مەيدانىدا تۇرۇپ، ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ تارىخىنى ۋە ھازىرقى ئەھۋالىنى بىر تە-رەپلىمە بۇرمىلاپ تەسۋىرلەيدىغان ئىشنى قىلماسلىقى، ئۇلارنىڭ تۇرمۇشى ۋە ئوبرازىنى خۇنۇكلەشتۈرىدىغان ئىشنى تېخىمۇ قىل-ماسلىقى كېرەك. ئۆتمۈشتە بەزى ئەدەبىي ئەسەرلەر ئاساسەن ھەر مىللەت خەلقىنى ئەتراپلىق ۋە توغرا ئىپادىلىمىگەنلىكى، بۇ ئەسەرلەردە بىر بولسا، ھەر مىللەت خەلقىنىڭ تارىخى ۋە ھازىرقى ئەھۋالى ئىدىئالىستىك ئىجادىيەت ئۇسۇلى بىلەن قالاي-مىقان يېزىلغانلىقى، بىر بولسا غەلىتە كۆز بىلەن كۆزىتىپ، تۈرلۈك كونا قائىدە-يوسۇنلار ھەدەپ تەرغىپ قىلىنغانلىقى،

كىشىلەرنى قۇرۇق گەپ سېتىپ ئۆزىگە جەلپ قىلماقچى بولغان-
لىقى ئۈچۈن، ئالقىشقا ئىگە بولمىدى. يەنە ئايرىم ناچار ئەسەر-
لەرمۇ باركى، بۇ ئەسەرلەرنىڭ ئاپتورلىرى پۈتۈنلەي بۇرژۇئازى-
يە مەيدانىدا تۇرۇپ، ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ئوبرازىنى قەس-
تەن بۇرمىلاپ ۋە خۇنۇكلەشتۈرۈپ، خەلقنىڭ قاتتىق غەزىپىنى
قوزغىدى. بۇنداق ئەسەرلەر ئىنتايىن ئازساندا بولسىمۇ، لې-
كىن ئۇنىڭ ئىجتىمائىي ئۈنۈمى ئىنتايىن يامان بولدى. بىز
ھەرقانداق ئادەمنىڭ ئەدەبىي ئەسەر شەكلىدىن پايدىلىنىپ، خاتا
ئىدىيە ۋە خاتا قاراشلارنى تەشۋىق قىلىپ، ۋەتىنىمىزنىڭ بىرلى-
كىگە ۋە مىللەتلەرنىڭ بۈيۈك ئىتتىپاقلىقىغا زىيان يەتكۈزۈشىگە
قارشى تۇرىمىز. بىز يازغۇچىلارنىڭ ئىجتىمائىي مەسئۇلىيەت-
چانلىقىنى تەكىتلىگىنىمىزدە، ھەر مىللەت ئاپتورلىرىنىڭ،
يازغۇچىلىرىنىڭ ئۆزلىرىنىڭ ئىجتىمائىي مەسئۇلىيىتىگە ئەس-
تايىدىل مۇئامىلە قىلىپ، ئۆز ئەسەرلىرىنىڭ ئىجتىمائىي ئۈنۈ-
مى ئۈستىدە قاتتىق باش قاتۇرۇپ، خەلققە ئەڭ ياخشى مەنىۋى
ئوزۇق تەقدىم قىلىشقا تىرىشىشىنى، ئۆزىنىڭ ئىجادىيىتى ئار-
قىلىق خەلقنىڭ روھىنى يۈكسەك پەللىگە كۆتۈرۈشىنى، خەلق
ئاممىسىغا ئىشەنچ ۋە كۈچ بېغىشلىشىنى ئۈمىد قىلىمىز.

## ئۈچىنچى، ئىسلاھات-ئىشىكنى ئېچىۋېتىش ۋە ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ئەدەبىيات ئىشلىرى توغرىسىدا

ئىسلاھات ۋە ئىشىكنى ئېچىۋېتىش ئارقىسىدا ئېلىمىزنىڭ
ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىدا چوڭقۇر ئۆزگىرىش يۈز بەردى،
شۇنداقلا ھەر مىللەت خەلقىمىزنىڭ روھى قىياپىتىدىمۇ ناھايىتى
زور ئۆزگىرىش يۈز بەردى. بۇلار مىللىي ئەدەبىيات ئىشلىرى-

مىزغا غايەت زور ۋە چوڭقۇر تەسىر كۆرسەتمەكتە. ئەدەبىيات
تۇرمۇشنى ئەكس ئەتتۇرۇش سۇپىتى بىلەن ئىسلاھات-ئىشىكنى
ئېچىۋېتىش دولقۇنىغا يېقىندىن ئەگىشىپ، بۇ قاينام-تاشقىنلىق
ئىشلارنى مىللىي ئەدەبىيات-سەنئەت گۈلزارىدا ھەقىقىي ۋە جان-
لىق ئىپادىلىشى كېرەك.

دۆلىتىمىزدىكى مىللەتلەرنىڭ ھەممىسى ئۇزاق تارىخقا ئى-
گە، ھەممىسى ئۇلۇغ دۆلىتىمىزنى بەرپا قىلىش ۋە تەرەققىي
قىلدۇرۇش يولىدا ئۆز تۆھپىسىنى قوشقان، ھەممىسىنىڭ ئۆز
مىللىتىنى پەخىرلەندۈرىدىغان كىشىلىرى بار. بۇلارنىڭ ھەممى-
سى ئەدەبىي ئىجادىيەتنىڭ قىممەتلىك خام ماتېرىيالى، ھەممى-
سى ئالاھىدە تەسۋىرلەشكە ئەرزىيدۇ. لېكىن، مېنىڭچە بىزنىڭ
ئەدەبىياتىمىز رېئال تۇرمۇشقا بەكرەك يېقىن بولۇشى، ھازىر
بىز ئېلىپ بېرىۋاتقان سوتسىيالىزم ئىشلىرىنى كۆچەپ تەسۋىر-
لىشى، مىللەتلەرنىڭ دەۋر ئالاھىدىلىكىگە ئىگە تىپىك قەھرىمان-
لىرىنى تىرىشىپ يارىتىشى كېرەك. مەن بەزى سورۇنلاردا،
بىز مىللەت نەزەرىيىسى ھەققىدىكى تەتقىقاتتا ئەمەلىي مەسىلە-
لەرگە كۆپرەك يۈزلىنىشىمىز، ئەمەلىي تەتقىقاتقا يۇكسەك دە-
رىجىدە ئەھمىيەت بېرىشىمىز كېرەك، دېگەن قاراشنى ئېيتىپ
ئۆتكەنىدىم. مەن ئەدەبىي ئىجادىيەت جەھەتتىمۇ شۇ قاراشتا
چىڭ تۇرىمەن. بۇنىڭ مەنىسى شۇكى، يازغۇچىلار ئىجادىيەتنىڭ
ئاساسىي نۇقتىسىنى كۆپرەك رېئال تۇرمۇشقا قارىتىشى، قەلە-
مىدە ئىسلاھات ئۇچقۇنلىرىنى پارىلدىتىشى كېرەك. شۇنداق
قىلغاندىلا، مىللىي ئەدەبىيات ئىشلىرىنى تەرەققىي قىلدۇرغىلى
ۋە گۈللەندۈرگىلى، خەلقنىڭ ئەدەبىياتقا بولغان ئېھتىياجىنى

تېخىمۇ ئوبدان قاندۇرغىلى، ئەدەبىياتنىڭ ئىجتىمائىي رولىنى تېخىمۇ ئوبدان جارى قىلدۇرغىلى بولىدۇ. ئىسلاھات ۋە ئىشىك-نى ئېچىۋېتىش ئىشلىرىدىن ئىلھاملانماسلىق ھەتتا بۇ ئوبيېك-تىپ رېئاللىقتىن ئۆزىنى قاچۇرۇشقا ئۇرۇنۇش تولىمۇ قاملاش-مىغان قىلىق.

ئىسلاھات قەدەممۇقەدەم ئالغا سىلجىۋاتىدۇ، ھەر كۈنى دېگۈدەك يېڭى شەخسلەر بارلىققا كېلىۋاتىدۇ، ھەر مىللەت خەل-قى ھەر كۈنى دېگۈدەك يېڭى مۆۋەپپەقىيەتلەرنى يارىتىۋاتىدۇ، بۇ ھال ئەدەبىي ئىجادىيەتنى مول مەنبەگە ئىگە قىلدى. بىز ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئىسلاھات-ئىشىكنى ئېچىۋېتىش داۋامىدىكى قەھرىمانلىق ئىش-ئىزلىرىنى ۋە روھىي قىياپىتىنى قىزغىن كۈيلىشىمىز، ئىسلاھات-ئىشىكنى ئېچىۋېتىش ئىشلىرىنى ئەدە-بىي شەكىل ئارقىلىق ئىلگىرى سۈرۈشىمىز كېرەك.

ھەربىر مىللەت، ھەربىر رايون تەرەققىي قىلىش، ئالغا بېسىش ئۈچۈن ئىسلاھات ۋە ئىشىكنى ئېچىۋېتىش يولىدا مېڭى-شى كېرەك. دەۋر ئالغا ئىلگىرىلىمەكتە، ھەربىر مىللەتنىڭ كونىنى تاشلاپ يېڭىنى قوبۇل قىلىدىغان ئىشلىرى بولۇشى مۇمكىن. دەرۋەقە، بۇ ئىشلارنى پەقەت ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ ئاڭلىقلىقى ۋە ئىختىيارىيلىقى ئاساسىدا ئېلىپ بېرىش كېرەك. بىزنىڭ ئاپتورلىرىمىز ۋە يازغۇچىلىرىمىز ئۆز مىللىتى ئىچىدە-كى بىلىملىك توپقا مەنسۇپ، مەلۇم مەنىدىن ئېيتقاندا، بۇلار بىر مىللەتنىڭ مۇنەۋۋەر كىشىلىرىدۇر. بۇلار ئۆز مىللىتىنىڭ كونا ئادەتلىرىدىن قۇتۇلۇپ، ئىلغارلىققا قاراپ مېڭىش جەريانى-دا، ئالدىنقى قاتاردا مېڭىشى، جۇملىدىن بۇ ئىلغارلىق يۈزلە-

نىشىنى ئۆز ئەسەرلىرى ئارقىلىق ئەكس ئەتتۈرۈشى ۋە تەشەب-
بۇس قىلىشى كېرەك. ئىسلاھات-ئىشكىنى ئېچىۋېتىش تەس-
ۋىرلەنگەن ئەدەبىي ئەسەرلەر تۈرلۈك تۇرمۇش ئۇسۇلى ۋە ئىدى-
يە-كۆز قاراش جەھەتتىكى زىددىيەت ۋە توقۇنۇشلارغا، ئاز
سانلىق مىللەتلەرنىڭ ئالغا بېسىشىغا پايدىسىز ئىسلاھ قىلىشقا
تېگىشلىك بەزى قالاق نەرسىلەرگە باھا بېرىشكە تاقىلىشى مۇم-
كىن. بۇنداق ئەھۋالغا دۇچ كەلگەندە قانداق قىلىش كېرەك؟
مېنىڭچە، ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ تۇرمۇشى باي مەزمۇن ۋە
خىلمۇخىللىققا ئىگە، ئەدەبىياتمۇ مول مەزمۇن ۋە خىلمۇخىللىق-
قا ئىگە بولۇشى كېرەك. بىز ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ تۇرمۇ-
شىنى قەستەن بۇرمىلاپ تەسۋىرلەشكە، ئاز سانلىق مىللەتلەرنى
خۇنۇكلەشتۈرىدىغان ھەرقانداق ئەسەرلەرگە قارشى تۇرىمىز.
لېكىن ياخشى نىيەت بىلەن بېرىلگەن تەنقىدلەرنى رەت قىلماس-
لىقىمىز، كونىرىغان نەرسىلەرنى ساقلاپ قالىمىز دەپ چىڭ
يېپىشىۋالماسلىقىمىز كېرەك. سوۋېتى يۇقىرى، ئىزدىنىش خا-
راكتېرىدىكى ئەسەرلەرگە ئىلھام بېرىش كېرەك. مۇددىئاسى
ياخشى بولسىمۇ، لېكىن ئەھۋال بىلەن تونۇشمىغانلىقى، ئىنچى-
كە كۆزەتمىگەنلىكى ئۈچۈن چىنلىققا، پاكىتقا ئۇيغۇن كەلمەي
قالغان ئەسەرلەرگە ۋە ئۇلارنىڭ ئاپتورلىرىغا كەڭچىلىك قىلىش
كېرەك. تالاشتا قالغان ئەسەرلەر ئۈستىدە باراۋەرلىك ئاساسىدا
مۇھاكىمە ئېلىپ بېرىش كېرەك. بۈگۈنكى كۈندە، ھەرقايسى
مىللەتلەرنىڭ سوۋېتى ئۆستى، غۇرۇرى كۈچەيدى، ئېستېتىكى-
لىق قارىشىمۇ ئۆستى، ئۇلار بەزى ئەسەرلەر ئۈستىدە كەسكىن
تەنقىدىي پىكىرلەرنى بېرىشى مۇمكىن، بۇنى ياخشى ئىش دەپ

بىلىپ، قارشى ئېلىش كېرەك. يەنە بىر تەرەپتىن، ھەرقانداق
كىشى ئەدەبىي ئەسەرلەرنى تەنقىد قىلغاندا، ھەقىقەتنى ئەمەلـ
يەتتىن ئىزدىشى، ئومۇمىيلىقنى نەزەردە تۇتۇشى، يوللۇق،
قائىدىلىك ئىش قىلىشى كېرەك. دۆلىتىمىزدىكى ھەرقايسى
مىللەتلەر كۆكس-قارنىنى كەڭ تۇتۇپ، ھەر مىللەت ئەدەبىـ
يات-سەنئەت خادىملىرىنىڭ ئەدەبىي شەكىل ئارقىلىق بەرگەن
تەنقىد ۋە تەكلىپلىرىنى قارشى ئېلىشى ھەمدە ئۇلارنىڭ پىكىرـ
لىرىنى ئەستايىدىل ئويلىنىشى كېرەك. شۇنداق قىلىش مىللەتـ
لەرنىڭ ئۆزىنىڭ ئالغا بېسىشىغا پايدىلىق. ھەقىقەتەن ناچار
ئەسەرلەرنى تەنقىد قىلىشقا ھەتتا ئۇنىڭ ئاپتورلىرىنى تەنقىدـ
لەپ، تەربىيىلەشكە بولىدۇ ۋە بۇنداق قىلىش زۆرۈر، لېكىن
بۇنداق ئىشلارغا مۇئامىلە قىلىشتا ھەرگىز قانۇنغا خىلاپ ۋاسىـ
تىلەرنى قوللانماسلىق لازىم، نامايىش قىلىش، تەلەپ قويۇش
قاتارلىق ۋاستىلەر بىلەن بېسىم ئىشلىتىپ، داۋراڭ كۆتۈرۈش
زادى قاملاشمىغان، قانۇنغا خىلاپ كېلىدىغان قىلىق، بۇنداق
ئەھۋاللاردىن ساقلىنىش لازىم. بىز ئەدەبىي ئەسەرلەردە ساقلانـ
غان مەسىلىلەرنى ئەدەبىي تەنقىد شەكلى ئارقىلىق ھەل قىلىشنى
تەكىتلەيمىز.

مىللەتلەر ئەدەبىياتى ئىشلىرىنىڭ ئۆزىدىمۇ ئىسلاھات مەـ
سىلىسى مەۋجۇت، بۈگۈن بۇ مەسىلە ئۈستىدە كۆپ توختالماقچى
ئەمەسمەن. مەن پەقەت بىرلا جەھەتتە، يەنى ئىسلاھات-ئىشكنى
ئېچىۋېتىش داۋامىدا كۆپ خىل شەكىللەرنى قوللىنىپ، ئاز
سانلىق مىللەتلەر مەدەنىيىتىنىڭ ئىچكى-تاشقى مەدەنىيەت بىـ
لەن بولغان ئالاقىسىنى ئىلگىرى سۈرۈش جەھەتتىلا توختىلـ

مەن. بىز سىرتلارغا بېرىپ، دۆلىتىمىزدىكى مىللەتلەرنىڭ
ھۆسنى گۈزەل، رەڭگارەڭ ئەدەبىيات-سەنئىتىنى پۈتۈن مەملە-
كەتكە، پۈتۈن دۇنياغا تونۇشتۇرۇشىمىز كېرەك. بىز يەنە مۇ-
شۇنداق ئالاقە ئارقىلىق ئۆز مىللىتىمىزنىڭ ئەدەبىيات ئىشلىرى-
نىڭ تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈشىمىز كېرەك. ئەدەبىيات
ئىشلىرىدا ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ بارلىق ئېسىل نەرسىلىرى-
نى، جۈملىدىن ئىجادىيەت ئۇسۇلى، ئىپادىلەش شەكلى دېگەنگە
ئوخشاشلارنى ئوبدان داۋاملاشتۇرۇشىمىز ۋە ئوبدان راۋاجلاندۇ-
رۇشىمىز كېرەك، ئەسەرلەرنىڭ مىللىي ئالاھىدىلىكىنى ساقلى-
شىمىز، ئەمما شۇنىڭ بىلەن بىرۋاقىتتا باشقا مىللەتلەرنىڭ
ئېسىل نەرسىلىرىنى ماھىرلىق بىلەن قوبۇل قىلىپ، ئۆزىمىز-
نىڭكىنى بېيىتىشىمىز ۋە زورايتىشىمىز كېرەك.

شۇنىڭغا قەتئىي ئىشىنىمىزكى، ئىسلاھات-ئىشكنى ئې-
چىۋېتىش ئىشلىرى مىللەتلەر ئەدەبىياتى ئىشلىرىنىڭ گۈللەپ
ياشنىشىغا چوقۇم تۈرتكە بولىدۇ؛ بىز مىللەتلەر ئەدەبىياتىنىڭ
ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىدىكى ئىسلاھات-ئىشكنى ئېچىۋې-
تىش ئىشلىرىنىڭ تەرەققىياتىغا كۈچلۈك تۈرتكە بولۇشىنى ئۈمىد
قىلىمىز.

**تۆتىنچى، مىللىي ئەدەبىي ئىجادىيەت خادىملىرىنى تەربىيىلەپ يېتىشتۈرۈپ، مىللىي ئەدەبىي ئىجادىيەت قوشۇنىنى ئۈزلۈكسىز زو-رايتىش مەسىلىسى توغرىسىدا**

پارتىيە ۋە دۆلەت دۆلىتىمىزدىكى ئاز سانلىق مىللەتلەر
ئەدەبىيات ئىشلىرىنىڭ تەرەققىياتىغا، ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ
ئەدەبىي ئىجادىيەت خادىملىرىنى تەربىيىلەپ يېتىشتۈرۈشكە ئە-

زەلدىن ئىنتايىن كۆڭۈل بۆلۈپ ۋە ئەھمىيەت بېرىپ كەلدى، جۇمھۇرىيىتىمىز قۇرۇلغان دەسلەپكى مەزگىلدە، پارتىيە مەر-كىزىي كومىتېتى ۋە دۆلەت مەمۇرىي ئىشلار كېڭىشىنىڭ غەم-خورلۇقى ئاستىدا، قۇرۇلغانلىقىغا ئانچە ئۇزۇن بولمىغان جۇڭ-گو يازغۇچىلار جەمئىيىتى تۇنجى نۆۋەتلىك ئەدەبىيات كۇرسى ئېچىپ، بىر تۈركۈم ئاز سانلىق مىللەت ئەدەبىياتى ئاپتورلىرد-نى ئۆگىنىشكە قوبۇل قىلىپ، ئۇلارنى سىستېمىلىق تەربىيىلە-دى. زامانىمىزدىكى بىرمۇنچە ناھايىتى قابىلىيەتلىك، ناھايىتى مۇۋەپپەقىيەتلىك پېشقەدەم، ئوتتۇرا ياش ئاز سانلىق مىللەت يازغۇچىلىرى ئاشۇ ئەدەبىيات كۇرسىنىڭ بىرىنچى تۈركۈم ئاز سانلىق مىللەت ئوقۇغۇچىلىرى، شۇنداقلا دۆلىتىمىز ئازاد بول-غاندىن كېيىن پارتىيىمىز تەربىيىلەپ يېتىشتۈرگەن مىللىي ئەدەبىي ئىجادىيەت قوشۇنىنىڭ بىرىنچى تۈركۈم تايانچ كۈچلىرد-دۇر، بۇلارغا ئازادلىقتىن ئىلگىرى مىللىي ئەدەبىيات تۇپرىقىدا ئۆسۈپ يېتىلگەن يازغۇچىلارنىڭ قوشۇلۇشى بىلەن كۆزگە كۆ-رۈنەرلىك بىر قوشۇن ھاسىل بولدى. پارتىيە 11-نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتىنىڭ 3-ئومۇمىي يىغىنىدىن كېيىن، قالاي-مىقانچىلىقنى ئوڭشاش ئارقىسىدا، توغرا لۇشيەن ۋە قايناق تۇرمۇش يازغۇچىلارنىڭ ئىجادىيەت قىزغىنلىقىغا زور ئىلھام بەردى، ئېلىمىزنىڭ مىللەتلەر ئەدەبىياتى يېڭى مۇساپىگە قەدەم قويدى. مىللىي ئەدەبىي ئىجادىيەت قوشۇنى يەنە داۋاملىق زوراي-دى، بۇ قوشۇندىكىلەرنىڭ بەزىلىرى ئالىي مەكتەپلەردىن، بەزد-لىرى ئىشچى، دېھقان، ئەسكەرلەر قوشۇنىدىن كەلگەن بولۇپ، مىللىي ئەدەبىياتنىڭ چوڭقۇر ئاممىۋى ئاساسىنى نامايەن قىل-

دى. دۆلەت مىللىي ئىشلار كومىتېتى بىلەن جۇڭگو يازغۇچىلار جەمئىيىتى 1980-يىلدىن بۇيان مەملىكەت بويىچە ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ئەدەبىي ئىجادىيىتىنى باھالاش-مۇكاپاتلاش ئىشىنى جەمئىي ئۈچ نۆۋەت ئۇيۇشتۇردى، ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ زور بىر تۈركۈم ئوتتۇرا ياش، ياش ئاپتورلىرى ۋە يازغۇچىلىرىنىڭ ئەسەرلىرى باھالاشقا قاتناشتى، ئاز سانلىق مىللەت يازغۇچىلار قوشۇنىغا بىر تۈركۈم يېڭى كۈچ قوشۇلدى، ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ئەدەبىيات گۈلىستانىغا يېڭى ئەسەرلەر قوشۇلدى. ھازىر جۇڭگو يازغۇچىلار جەمئىيىتىنىڭ ئاز سانلىق مىللەتلەردىن بولغان ئەزالىرى 300 دىن ئېشىپ، جۇڭگو يازغۇچىلار جەمئىيىتىنىڭ ئومۇمىي ئەزالىرىنىڭ 10%تىن كۆپرەكىنى ئىگىلەيدۇ. بۇنىڭغا مەملىكەت بويىچە ھەرقايسى ئۆلكە، ئاپتونوم رايون، شەھەرلەردىكى يازغۇچىلار جەمئىيىتى شۆبىلىرىنىڭ ئاز سانلىق مىللەت ئەزالىرى قوشۇلسا سانى تېخىمۇ كۆپىيىدۇ. ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ئەدەبىي ئىجادىيەت قوشۇنى ساغلام ئۆسۈپ يېتىلىپ، كۆتۈرەڭگۈ روھ بىلەن ئالغا چامدىماقتا. ئۇلار جۇڭگو زىيالىيلار قوشۇنىنىڭ شەرەپلىك ئەزاسى، ئىشچىلار سىنىپىنىڭ بىر قىسمى، پارتىيىمىزنىڭ قىممەتلىك بايلىقى. ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى بىرمۇنچە كىشىلەر ئىنتايىن ئىستىقباللىق.

لېكىن شۇنىمۇ كۆرۈش كېرەككى، ئاز سانلىق مىللەتلەر ئەدەبىي ئىجادىيەت قوشۇنىنىڭ ھازىرقى ئەھۋالى پارتىيە ۋە ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئارزۇسىدىن، مۇشۇ ئۇلۇغ دەۋرنىڭ تەلىپىدىن يەنە مەلۇم دەرىجىدە كېيىن تۇرىدۇ، ئۇنىڭغا تازا ئۇيغۇن

كەلمەيدۇ. بۇ ھال ئاز سانلىق مىللەتلەر ئەدەبىي ئىجادىيەت قوشۇنىنى زور كۈچ سەرپ قىلىپ يېتىشتۈرۈشنى، ئۇنىڭ ساپا-سىنى ئۆستۈرۈشنى، شۇنىڭدەك ئۇنىڭغا جەمئىيەتتىكى ھەرقاي-سى ساھەلەرنىڭ داۋاملىق يار-يۆلەك بولۇشىنى ۋە ياردەم بېرى-شىنى، بولۇپمۇ پارتىيە-ھۆكۈمەتنىڭ ھەر دەرىجىلىك رەھبەر-لىك تارماقلىرىنىڭ، ھەر دەرىجىلىك يازغۇچىلار جەمئىيەتلىرى-نىڭ تېخىمۇ كۆپ كۆڭۈل بۆلۈشىنى تەلەپ قىلىدۇ. ئىلگىرى ئۇنۇم بەرگەن بەزى چارىلەرنى، مەسىلەن، ئۆگىنىش ۋە تەربى-يىلەش كۇرسلىرى، سۆھبەت يىغىنى، قەلەمكەشلەر يىغىلىشى قاتارلىق ئۇسۇللارنى قوللىنىپ، ئاز سانلىق مىللەت ئەدەبىي ھەۋەسكارلىرىنى تېخىمۇ كۆپ جەلپ قىلىپ، ئۇلارنى ئۆگىنىش ۋە سەۋىيىسىنى ئۆستۈرۈش پۇرسىتىگە ئىگە قىلىش كېرەك. يەنە ئىجتىمائىي پەن ئالىي مەكتەپلىرى ئاچقان ئەدەبىيات كە-سىپلىرىنىڭ ئاز سانلىق مىللەت ئوقۇغۇچىلىرىنى يىلمۇيىل نىشانلىق ۋە پىلانلىق قوبۇل قىلىپ، ئۇلارنى بىلىم ئاشۇرۇش پۇرسىتىگە ئىگە قىلىشنى ئۈمىد قىلىمىز. شۇنىڭغا ئىشىنىمەن-كى، ھەرقايسى ساھەلەرنىڭ بوشاشماي تىرىشچانلىق كۆرسىتى-شى ئارقىسىدا مىللىي ئەدەبىي ئىجادىيەت قوشۇنى چوقۇم يېڭى كۈچلەر بىلەن ئۈزلۈكسىز تولۇقلىنىپ ۋە ئۈزلۈكسىز راۋاجلى-نىپ ۋە زورىيىپ بارىدۇ، ئېلىمىزنىڭ مىللەتلەر ئەدەبىيات ئىشلىرىنى يېڭى دەۋردە راۋاجلاندۇرۇش ۋە گۈللەندۈرۈشتىكى ئۈمىد ئەنە شۇنىڭدا.

ئاز سانلىق مىللەت يازغۇچىلىرى ئۆزلىرىنىڭ ئۆگىنىشىنى ئۈزلۈكسىز كۈچەيتىپ، ئۆزلىرىنىڭ سەۋىيىسىنى ئۈزلۈكسىز

ئۆستۈرۈشى كېرەك. مىللىي ئەدەبىي ئىجادىيەتنىڭ باشقا تۈردى-
كى ئەدەبىي ئىجادىيەت بىلەن نۇرغۇن ئوخشاشلىق تەرىپى بار،
شۇنىڭدەك ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىكمۇ بار، ئۇ بولسىمۇ، مىل-
لەتلەر ئەدەبىياتىنىڭ تەسۋىرلەيدىغان ئوبيېكتى ئاساسەن ئاز
سانلىق مىللەتلەر، ئۇنىڭ ئوقۇرمەن ئوبيېكتلىرىنىڭ خېلى
كۆپ قىسمى ئاز سانلىق مىللەتلەر، ئۇنىڭ رولى ئاساسەن ئاز
سانلىق مىللەتلەرنىڭ تارىخىي تەرەققىياتىغا ۋە ئىجتىمائىي تە-
رەققىياتىغا تۈرتكە بولۇپ، مىللەتلەرنىڭ ئىتتىپاقلىق-تە-
رەققىيات ئىشلىرىنى ئىلگىرى سۈرۈشتىن ئىبارەت. شۇڭا بۇ-
نىڭدا ئۆزىنىڭ تەسۋىرلەيدىغان ئوبيېكتىنى تونۇش مەسىلىسى،
ئەسەرنىڭ تېمىسى، ۋەقەلىكى ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش ئىشلار چې-
تىلىدىغان ئالاقىدار مىللىي مەسىلە ھەققىدە توغرا قاراشقا ئىگە
بولۇش مەسىلىسى مەۋجۇت. بۇ تونۇش مەسىلىسىنى قانداق ھەل
قىلىش، ئۆز كۆز قارىشىنىڭ توغرا ياكى توغرا ئەمەسلىكىگە
قانداق ھۆكۈم قىلىشتىكى ئەڭ ياخشى يول— ئۆگىنىش. مىل-
لەتلەر ئەدەبىياتىنىڭ ئاپتورلىرى، يازغۇچىلىرى بىر تەرەپتىن
ماركسىزم-لېنىنىزملىق ئەدەبىيات-سەنئەت نەزەرىيىسىنى،
پەلسەپە نەزەرىيىسىنى ئۆگىنىپ ئۆزىنىڭ تۇرمۇشنى تونۇش،
تۇرمۇشنى چۈشىنىش، تۇرمۇشنى ئىپادىلەش ئىقتىدارىنى، بە-
دىئىي ئىجادىيەت سەۋىيىسىنى ئۆستۈرۈشى، شۇنىڭ بىلەن بىر-
ۋاقىتتا ماركسىزمنىڭ مىللىي مەسىلە توغرىسىدىكى نەزەرىيە-
سىنى ئۆگىنىشى كېرەك. چۈنكى، ماركسىزملىق مىللەت نەزە-
رىيىسىلا مىللەتلەر ئەدەبىياتىنىڭ ماھىيىتىنى ۋە ئۇنىڭ ئىجاد-
يەت ئالاھىدىلىكىنى ئىلمىي ئاساستا كۆرسىتىپ بېرەلەيدۇ.

مىللەت دېگەن نېمە؟ مىللەتلەر ئەدەبىياتى تەسۋىرلىگەن تېما مىللىي مۇناسىۋەتكە قانداق تەسىر كۆرسىتىشى مۇمكىن؟ تۇرمۇشنىڭ چىنلىقى بىلەن بەدىئىي چىنلىقنىڭ مۇناسىۋىتى قانداق؟ دېگەن سوئاللارغا پەقەت ماركسىزملىق مىللەت نەزەرىيەسى بىلەنلا توغرا جاۋاب بەرگىلى بولىدۇ. شۇڭا، مىللىي ئەدەبىي ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللىنىۋاتقان يولداشلارنىڭ ھەممىسى ماركسىزم-لېنىنىزم، ماۋ زېدۇڭ ئىدىيىسى ئاساسىدىكى ئەدەبىيات-سەنئەت نەزەرىيىسىنى ۋە مىللەت نەزەرىيىسىنى ئەستايىدىل ئۆگىنىشى ھەمدە ئۆزىنىڭ ئىجادىيەت ئەمەلىيىتىگە شۇنى يېتەكچى قىلىشى كېرەك. دەرۋەقە، ئۇلار يەنە پارتىيىنىڭ ئەدەبىيات-سەنئەتكە دائىر فاڭجېن-سىياسەتلىرىنى، پارتىيىنىڭ مىللىي سىياسىتىنى ئەستايىدىل ئۆگىنىشى كېرەك. شۇنداق قىلغاندىلا ئۇلار ھەر مىللەت خەلقىنىڭ كۈچلۈك ئالقىشىغا ئېرىشىدىغان تېخىمۇ كۆپ ئەسەرلەرنى يېزىپ چىقالايدۇ.

مەملىكىتىمىزدىكى ھەر مىللەت خەلقىگە ئىتتىپاقلىق كېرەك، ھەر مىللەت ئەدەبىيات-سەنئەت خادىملىرىمىزغىمۇ ئىتتىپاقلىق كېرەك. ئاز سانلىق مىللەت يازغۇچىلىرىمۇ، خەنزۇ يازغۇچىلارمۇ، ئەدەبىي ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللىنىدىغان يازغۇچىلارمۇ، باشقا بەدىئىي شەكىلدىكى ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللىنىدىغان يازغۇچىلارمۇ، يېڭى يازغۇچىلارمۇ، پېشقەدەم يازغۇچىلارمۇ بىر-بىرىگە باراۋەرلىك بىلەن مۇئامىلە قىلىپ، ئۆزئارا ياردەملىشىپ، سوتسىيالىستىك ئەدەبىيات-سەنئەت ئىشلىرىنى گۈللەندۈرۈش يولىدا ئورتاق تىرىشىپ كۈرەش قىلىشى كېرەك.

سوتسىيالىستىك تۈزۈم ۋە ھەر مىللەت خەلقىنىڭ يېڭى

ھاياتى ھەر مىللەت ئەدەبىيات-سەنئەت خادىملىرىنىڭ ئۆز تالانتىنى ئىشقا سېلىشى ئۈچۈن كەڭ زېمىن تەييارلاپ بەردى، تېخىمۇ كۆپ، تېخىمۇ ياخشى ئەسەرلەرنىڭ دۇنياغا كېلىشى ئۈچۈن ياخشى ئىجتىمائىي شارائىت ھازىرلاپ بەردى. مەن بۇ يەردە ئولتۇرغان يولداشلارنىڭ ئىجادىيەت جەھەتتە ئۈزلۈكسىز مول نەتىجىلەرگە ئېرىشىشىنى ئۈمىد قىلىمەن ھەمدە كېلەر قېتىملىق مۇكاپات تارقىتىش ۋاقتىدا يەنە ئۇچرىشىشىمىزغا تىلەكداشمەن.

# نەزەرىيە قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىپ، مىللىي خىزمەتنى ياخشى ئىشلەيلى*

(1990-يىل 2-ئاينىڭ 6-كۈنى)

«يېڭى دەۋردىكى مىللىي خىزمەتكە دائىر ھۆججەتلەردىن تاللانما» نىڭ نەشر قىلىنىپ تارقىتىلىشى— مۇبارەكلەشكە ئەرزىيدىغان ناھايىتى ئەھمىيەتلىك بىر ئىش. بۈگۈن بىز بۇ يەردە «يېڭى دەۋردىكى مىللىي خىزمەتكە دائىر ھۆججەتلەردىن تاللانما» نىڭ تۇنجى تارقىتىلىش مۇراسىمىنى ئۆتكۈزمەكتىمىز. ئالدى بىلەن دۆلەت مىللىي ئىشلار كومىتېتىغا ۋە ج ك پ مەركىزىي كومىتېتى ھۆججەت-ماتېرىيال تەتقىقات ئىشخانىسىغا ۋەكالىتەن، سۆھبەت يىغىنىغا قەدەم تەشرىپ قىلغان رەھبەرلەرنى ۋە يولداشلارنى، دوستلارنى قىزغىن قارشى ئېلىشىمغا رۇخسەت قىلغايسىزلەر!

پارتىيە 11-نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتىنىڭ 3-ئومۇمىي يىغىنىدىن كېيىن، دۆلىتىمىز يېڭى تارىخىي دەۋرگە قەدەم قويدى. دۆلىتىمىزنىڭ مىللىي خىزمىتىمۇ يېڭى تارىخىي دەۋر-

---

* بۇ— يولداش ئىسمايىل ئەھمەدنىڭ «يېڭى دەۋردىكى مىللىي خىزمەتكە دائىر ھۆججەتلەردىن تاللانما» نى تۇنجى تارقىتىش مۇراسىمىدا سۆزلىگەن سۆزى.

گە قەدەم قويدى. مىللىي ئىتتىپاقلىق-تەرەققىيات ئىشلىرى
سوتسىيالىزم ئىشلىرىغا ياندىشىپ غەلىبىلىك ئالغا ئىلگىرىلە-
دى، مىللىي خىزمەت ئىدىيە-نەزەرىيە قۇرۇلۇشى جەھەتتىمۇ
زور يۈكسىلىشكە ئىگە بولدى. پارتىيىمىزنىڭ جۇڭگودىكى مىل-
لىي مەسىلىنى ھەل قىلىش نەزەرىيىسى ۋە سىياستى— پۈتكۈل
دۆلىتىمىزنىڭ يېتەكچى ئىدىيىسى بولغان ماركسىزم-لېنىن-
نىزم، ماۋ زېدۇڭ ئىدىيىسىنىڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمى.
مىللىي خىزمەتنىڭ پارتىيە 11-نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى
3-ئومۇمىي يىغىنىدىن بۇيانقى لۇشيەن، فاڭجېن ۋە سىياسەتلى-
رىنى تېخىمۇ ياخشى ئىزچىللاشتۇرۇش ۋە ئىجرا قىلىش، مىل-
لىي خىزمەتنى يەنىمۇ ئىلگىرىلەپ ياخشى ئىشلەش، پۈتۈن مەم-
لىكەتتىكى مىللىي خىزمەت بىلەن ۋە مىللىي مەسىلە تەتقىقاتى
بىلەن شۇغۇللىنىدىغان ۋە بارلىق مىللىي خىزمەتكە كۆڭۈل
بۆلىدىغان يولداشلارنىڭ، دوستلارنىڭ ماركسىزم-لېنىنىزم،
ماۋ زېدۇڭ ئىدىيىسىگە خاس مىللەت نەزەرىيىسىنى، پارتىيە-
نىڭ مىللىي خىزمەت توغرىسىدىكى فاڭجېن ۋە سىياسەتلىرىنى
ئۆگىنىشىگە ياردەم بېرىش ئۈچۈن، دۆلەت مىللىي ئىشلار كو-
مىتېتىمىز مەركىزىي كومىتېتنىڭ ھۆججەت-ماتېرىيال تەتقىقات
ئىشخانىسى بىلەن بىرلىكتە «يېڭى دەۋردىكى مىللىي خىزمەتكە
دائىر ھۆججەتلەردىن تاللانما»نى تۈزۈپ چىقتى. بۇ كىتابقا
پارتىيە 11-نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتىنىڭ 3-ئومۇمىي يى-
غىنىدىن كېيىن بۇ يىل 2-ئايغىچە بولغان ئارىلىقتا، ج ك پ
مەركىزىي كومىتېتى، مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى، گوۋۇ-
يۈەن ۋە مەركەزدىكى ئالاقىدار بۆلۈم-مىنىستىرلىك، كومى-

ـتىپ، ئىشخانىلار مىللىي خىزمەت توغرىسىدا چىقارغان مۇھىم
ھۆججەتلەر، دېڭ شياۋپىڭ، جياڭ زېمىن، لى پېڭ قاتارلىق
پارتىيە ۋە دۆلەت رەھبەرلىرىنىڭ مىللىي خىزمەت ھەققىدىكى
مۇھىم سۆزلىرى، ماقالىلىرى بولۇپ، جەمئىي 59 پارچە ماقالە
كىرگۈزۈلگەن. رەھبىرىي يولداشلارنىڭ سۆز، ماقالىلىرى شۇـ
لارنىڭ ئۆزىنىڭ تەكشۈرۈپ بېكىتىشىدىن ئۆتكۈزۈلدى. بۇ كىـ
ـتابتىكى ھۆججەتلەرنىڭ بىرمۇنچىسى بىرىنچى قېتىم ئاشكارا
ئېلان قىلىندى. بۇ «ھۆججەتلەردىن تاللانما» دۆلىتىمىزنىڭ
پارتىيە 11ـنۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 3ـئومۇمىي يىغىنىـ
ـدىن بۇيانقى مىللىي خىزمىتى بېسىپ ئۆتكەن شانلىق يولنىڭ
ئەينەن تەسۋىرى، ئۇنىڭدا ئاشۇ بىر مەزگىللىك مىللىي خىزمەتـ
ـتىكى بىر قاتار چوڭ ۋەقەلەر خاتىرىلەنگەن، پارتىيە ۋە دۆلەتـ
ـنىڭ مىللىي خىزمەتكە ئائىت مۇھىم تەدبىرلىرى ئەكس ئەتتۈـ
رۈلگەن، مىللىي مەسىلىنى ھەل قىلىشنىڭ جۇڭگوچە سوتسىياـ
لىزم قۇرۇشقا خاس توغرا يولى ئېنىق كۆرسىتىپ بېرىلگەن.
ئۇنىڭ مەزمۇنى يېڭى دەۋردىكى مىللىي خىزمەتنىڭ ئومۇمىي
يېتەكچى ئىدىيىسى ۋە تۈپ ۋەزىپىسى، ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ
ۋە ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىنىڭ ئىقتىسادىي قۇرۇلۇش ۋە
مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنى راۋاجلاندۇرۇشقا دائىر فاڭجېن، سىياـ
سەتلەر، مىللىي باراۋەرلىكتە چىڭ تۇرۇش، ۋەتەننىڭ بىرلىكىـ
ـنى ۋە مىللىي ئىتتىپاقلىقنى قوغداش، مىللىي تېررىتورىيىلىك
ئاپتونومىيە تۈزۈمىنى مۇكەممەللەشتۈرۈشكە دائىر نەزەرىيە،
سىياسەت ۋە تەدبىرلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. قىسقىسى، مۇشۇ
كىتاب ئارقىلىق، پارتىيە ۋە دۆلەتنىڭ مىللىي خىزمەت جەھەتـ

تىكى بىر قاتار مۇھىم نەزەرىيە مەسىلىسى ۋە ئەمەلىي مەسىلى-
لەردە تۇتقان توغرا مەيدانى ۋە شۇنىڭغا مۇناسىپ سىياسەت-تەد-
بىرلىرىنى ئۈچۈق بىلىۋالغىلى بولىدۇ. شۇنداق دېيىشكە بولى-
دۇكى، بۇ— يېڭى دەۋردىكى مىللەت نەزەرىيىسى بىلەن مىللىي
سىياسەتنى ئۆزىگە مۇجەسسەملەشتۈرگەن مۇھىم ھۆججەت.

ماۋ زېدۇڭ، جۇ ئېنلەي قاتارلىق پېشقەدەم پرولېتارىيات
ئىنقىلابچىلىرى ماركسىزم-لېنىنىزمنىڭ تۈپ قائىدىلىرىنى دۆ-
لىتىمىزدىكى مىللەتلەرنىڭ ئەمەلىيىتىگە بىرلەشتۈرۈپ، مىل-
لەت نەزەرىيىسى ۋە مىللىي سىياسەت توغرىسىدا بىر قاتار
ئەسەرلەرنى يازدى، ئۆزىمىزدىكى مىللىي مەسىلىنى ھەل قى-
لىشنىڭ جۇڭگوچە توغرا يولىنى ئېچىپ بەردى. 11-نۆۋەتلىك
مەركىزىي كومىتېتنىڭ 3-ئومۇمىي يىغىنىدىن بۇيان، پارتىيە-
نىڭ يولداش دېڭ شياۋپىڭ ۋە يولداش جياڭ زېمىن يادرولۇقى-
دىكى 2-ئەۋلاد ۋە 3-ئەۋلاد رەھبەرلىك كوللېكتىپى پارتىيە-
مىزنىڭ مىللىي خىزمەتكە ئىزچىل ئەھمىيەت بېرىپ كەلگەن
ئېسىل ئەنئەنىسىنى داۋاملاشتۇرۇپ ۋە جارى قىلدۇرۇپ، مىل-
لەت نەزەرىيىسى، مىللىي سىياسەت ۋە مىللىي خىزمەت جەھەتتە
قالايمىقانچىلىقنى ئوڭشاپ، مىللىي مەسىلىنى ھەل قىلىشنىڭ
توغرا يۆنىلىشىدە چىڭ تۇردى ھەمدە ئۇنى نەزەرىيە، سىياسەت
قاتارلىق جەھەتلەردە تېخىمۇ راۋاجلاندۇرۇلدى. پارتىيە مەركى-
زىي كومىتېتى، گوۋۇيۈەن ھەم شىنزاڭ، شىنجاڭ قاتارلىق
ئاپتونوم رايونلار ۋە كۆپ مىللەتلىك ئۆلكىلەرنىڭ خىزمىتى
ئۈستىدە مەخسۇس مۇھاكىمە ئېلىپ باردى ۋە كونكرېت يېتەك-
چىلىك قىلدى ھەم مەملىكەت بويىچە ئومۇمىي خاراكتېر ئالغان

مەسىلىلەر توغرىسىدا ۋاقتى-ۋاقتىدا يولىيورۇق بېرىپ تۇردى؛
ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى قوغداش، مىللىي باراۋەرلىكتە، مىللىي
ئىتتىپاقلىقتا چىڭ تۇرۇش ۋە مىللەتلەرنىڭ ئورتاق گۈللىنىشى-
نى ئالغا سۈرۈش دۆلەتنىڭ تەقدىرىگە مۇناسىۋەتلىك چوڭ مە-
سىلە دېگەننى تەكىتلەپ كۆرسەتتى؛ سوتسىيالىستىك ئۆزگەر-
تىشتىن كېيىن دۆلىتىمىزدىكى مىللىي مۇناسىۋەت ئاساسەن
ھەر مىللەت ئەمگەكچى خەلقى ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەت بولۇپ
قالدى، دەپ ئېنىق كۆرسەتتى؛ مىللىي خىزمەتتە ئىقتىسادىي
قۇرۇلۇشنى مەركەز قىلىش، ئېغىشماي ئىسلاھات ئېلىپ بې-
رىش، ئىشىكنى ئېچىۋېتىش دېگەنگە ئوخشاش بىرمۇنچە مۇھىم
نۇقتىئىنەزەر ۋە سىياسەتلەرنى ئوتتۇرىغا قويدى؛ «مىللىي تېر-
رىتورىيىلىك ئاپتونومىيە قانۇنى»نى ئېلان قىلدى ۋە يولغا قوي-
دى، مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە تۈزۈمىنى پەيدىنپەي
مۇكەممەللەشتۈرۈش نەزەرىيىسىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، مىللىي
قانۇنچىلىق قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتتى؛ بىر قاتار كونكرېت سىيا-
سەت ۋە تەدبىرلەرنى تۈزۈپ، كۆرۈنەرلىك ئۈنۈم ھاسىل قىل-
دى. بۇلارنىڭ ھەممىسى «يېڭى دەۋردىكى مىللىي خىزمەتكە
دائىر ھۆججەتلەردىن تاللانما» دېگەن كىتابتا ھەقىقىي ئەكس
ئەتتۈرۈلگەن.

ھازىر، دۆلىتىمىزنىڭ ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىدا ۋە-
زىيەت ناھايىتى ياخشى، ئىقتىسادىي قۇرۇلۇش، مەدەنىيەت قۇ-
رۇلۇشى ئىشلىرى جۇش ئۇرۇپ راۋاجلاندى، ئاممىنىڭ تۇرمۇ-
شى تېخىمۇ ياخشىلاندى؛ مىللىي ئىتتىپاقلىق-تەرەققىيات پائا-
لىيىتى پۈتۈن مەملىكەتنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا ئومۇمىيۈزلۈك

قانات يايدى، مىللەتلەرنىڭ بۈيۈك ئىتتىپاقلىقى تېخىمۇ كۈچەيدى؛ مىللىي رايونلاردا كىشىلەرنىڭ كۆڭلى خاتىرجەم، جەمئىيەت تۇراقلىق بولۇپ، گۈللەپ-ياشناش مەنزىرىسى نامايان بولماقتا. تازا ياخشى ۋەزىيەتنى تولۇق مۇئەييەنلەشتۈرۈش بىلەن بىرۋاقىتتا، خىزمىتىمىزدىكى يېتەرسىزلىكلەر ۋە ساقلىنىۋاتقان مەسىلىلەرنى ئوچۇق كۆرۈشىمىز كېرەك. بىز تەدبىر قوللىنىپ، ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىنىڭ ئالغا ئىلگىرىلەش داۋامىدىكى قىيىنچىلىقلارنى يېشىپ، ئىقتىساد، مەدەنىيەت ئىشلىرىنىڭ تەرەققىياتىنى تېزلىتىشكە ياردەم بېرىشىمىز لازىم. بىز ئىچكى-تاشقى دۈشمەنلەرنىڭ مىللىي مەسىلىدىن پايدىلىنىپ، ئاغدۇرمىچىلىق ۋە بۇزغۇنچىلىق ھەرىكەتلىرىنى ئېلىپ بېرىش سۇيىقەستىدىن ھوشيار بولۇشىمىزمۇ كېرەك. بىز چوقۇم ھەسسىلەپ تىرىشچانلىق كۆرسىتىپ، مىللىي خىزمەتنى تېخىمۇ ياخشى ئىشلىشىمىز كېرەك.

مىللىي خىزمەتنى ياخشى ئىشلەش ئۈچۈن، ئىدىيە-نەزەرىيە قۇرۇلۇشىغا ئىنتايىن ئەھمىيەت بېرىش، تۆت ئاساسىي پرىنسىپتا باشتىن-ئاخىر ئېغىشماي چىڭ تۇرۇش، ماركسىزم-لېنىنىزم، ماۋ زېدۇڭ ئىدىيىسىگە خاس مىللەت قارىشىدا باشتىن-ئاخىر ئېغىشماي چىڭ تۇرۇش شەرت. ئەمەلىيەت شۇنى ئىسپاتلىدى ھەم داۋاملىق ئىسپاتلايدۇكى، مۇشۇنداق قىلغاندىلا، دۆلىتىمىزنىڭ مىللىي خىزمىتى توغرا نىشان ۋە قۇدرەتلىك تۈرتكىگە ئىگە بولالايدۇ، بۇنىڭدىن زادى ئىككىلەنمەسلىك ۋە تەۋرەنمەسلىك كېرەك.

مىللىي خىزمەتتىكى ئىدىيە-نەزەرىيە قۇرۇلۇشىنىڭ مۇ-

ھەم بىر تەرىپى بولغان نەزەرىيە تەتقىقاتىنى تېخىمۇ كۈچەيتىش
شەرت، چۈنكى، رېئال تۇرمۇش مەڭگۈ جۇش ئۇرۇپ تۇرىدۇ،
بىزنىڭ نەزەرىيىمىز ئۆزگىرىپ بېرىۋاتقان رېئاللىقنى ئۆز ۋاق-
تىدا، توغرا ئەكس ئەتتۈرۈشى لازىم، نەزەرىيىمۇ ئۆزىنىڭ
جۇشقۇن ھاياتىي كۈچىنى ساقلىشى، ئۈزلۈكسىز راۋاجلىنىپ،
ئالغا يۈكسىلىپ بېرىشى كېرەك. بىز ئاساسىي نەزەرىيە ۋە
ئاساسىي نەزەرىيە تەتقىقاتىغا ئەھمىيەت بېرىشىمىز، نۆۋەتتە ئە-
مەلىي تەتقىقاتقا ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىشىمىز لازىم. نەزەرىيە-
نى ئەمەلىيەتكە بىرلەشتۈرىدىغان ئېسىل ئۆگىنىش ئىستىلىنى
جارى قىلدۇرۇپ، زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشى داۋامىدىكى
مىللىي مۇناسىۋەت مەسىلىسىنى ئەستايىدىل تەتقىق قىلىشى-
مىز، مىللىي رايونلارنىڭ ھازىرقى ئىقتىسادىي ئەھۋالى، مەدە-
نىيەت ئەھۋالى ۋە تەرەققىيات مەسىلىسىنى تەتقىق قىلىشىمىز،
ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ 8-بەش يىللىق پىلان مەزگىلىدىكى
ۋە كەلگۈسى ئون يىلدىكى ئىجتىمائىي ۋە ئىقتىسادىي تەرەققىيات-
نىڭ ئومۇمىي پىلانى ۋە ھەل قىلىشقا توغرا كېلىدىغان ئەمەلىي
مەسىلىلىرىنى تەتقىق قىلىشىمىز، مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپ-
تونومىيە تۈزۈمىنى تېخىمۇ مۇكەممەللەشتۈرۈش ئۈچۈن قانداق
قىلىش مەسىلىسىنى تەتقىق قىلىشىمىز لازىم ۋەھاكازالار. تەك-
شۈرۈپ تەتقىق قىلىشنى كۈچەيتىش ئارقىلىق مىللىي خىزمەتتە
تەدبىر كۆرۈشنى دېموكراتىيىلەشتۈرۈش، ئىلمىيلاشتۇرۇش
ئۈچۈن نەزەرىيىۋى ئاساس يارىتىشىمىز ۋە قىممەتلىك تەكلىپ
بېرىشىمىز كېرەك.

ئىدىيە-نەزەرىيە قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىش ئۈچۈن، مەر-

كەزدىكى رەھبىرىي يولداشلار كۆرسەتكەندەك، پۈتۈن مەملىكەت خەلقى ئارىسىدا ماركسىزم-لېنىنىزم، ماۋ زېدۇڭ ئىدىيىسىگە خاس مىللەت قارىشى تەربىيىسىنى ئېلىپ بېرىش ھەمدە ئۇنى پۈتۈن دۆلەتنىڭ سىياسىي-ئىدىيىۋى خىزمىتىنىڭ مۇھىم تەر-كىبىي قىسمى قىلىش، بولۇپمۇ ھەر دەرىجىلىك كادىرلار ۋە ياش-ئۆسمۈرلەرگە بۇ ھەقتىكى تەربىيىنى كۈچەيتىش لازىم. شۇنداق قىلغاندا، ئېلىمىزنىڭ مىللىي ئىتتىپاقلىق-تەرەققىيات ئىشلىرى تېخىمۇ ئىشەنچلىك كاپالەتكە ئىگە بولىدۇ. بۇ «تاللانـ-ما»نى ماركسىزم-لېنىنىزم، ماۋ زېدۇڭ ئىدىيىسىگە خاس مىللەت قارىشى ھەققىدىكى تەربىيىنىڭ دەرسلىكى قىلىشقا بولى-دۇ. بىز پۈتۈن مەملىكەتنىڭ مىللىي خىزمەت سېپىدىكى يول-داشلاردىن ۋە ھەر دەرىجىلىك كادىرلاردىن «تاللانما»نى ئەستا-يىدىل ئوبدان ئۆگىنىپ، ئۇنىڭ روھىي ماھىيىتىنى چوڭقۇر ئۆزلەشتۈرۈپ، ئىدىيىۋى-نەزەرىيىۋى سەۋىيىسى ۋە سىياسەت سەۋىيىسىنى ئۆستۈرۈپ، مىللىي خىزمەتنى تېخىمۇ ياخشى ئىشلەشنى ئۈمىد قىلىمىز. دەرۋەقە، بۇنى ئۆگىنىش مىللىي خىزمەت سېپىدىكىلەرنىڭلا ۋەزىپىسى ئەمەس، بىز باشقا سەپلەر-دىكى يولداشلارنىڭ، مىللىي ئىتتىپاقلىق-تەرەققىيات ئىشلىرى-غا كۆڭۈل بۆلىدىغان بارلىق يولداشلارنىڭ «تاللانما»نى ئۆگە-نىش ئارقىلىق، مىللىي مەسىلىگە بولغان تونۇشىنى تېخىمۇ ئۆستۈرۈپ، مىللىي خىزمەتكە تېخىمۇ كۆپ كۆڭۈل بۆلۈپ ۋە ياردەم بېرىپ، دۆلەتنىڭ ئەبەدىي ئامانلىقى ئۈچۈن، مىللەتلەر-نىڭ ئورتاق راۋاج تېپىشى ۋە ئورتاق گۈللىنىشىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن يېڭى تۆھپە قوشۇشىنى ئۈمىد قىلىمىز!

# ئاخبارات-نەشرىياتچىلىق خىزمىتىنى كۈچەيتىپ، ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى ۋە مىللەتلەرنىڭ ئىتتىپاقلىقىنى قوغدايلى*

(1990-يىل 5-ئاي)

پارتىيىنىڭ 11-نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 3-ئومۇمىي يىغىنىدىن بۇيان، دۆلىتىمىز تۆت ئاساسىي پرىنسىپتا ۋە ئىسلاھات-ئېچىۋېتىشتە چىڭ تۇرۇش بىلەن بىرۋاقىتتا، پۇقرالارنىڭ مەتبۇئات، سۆز ئەركىنلىكىنى قانۇن بويىچە كاپالەتكە ئىگە قىلىش، ئاخبارات ئىسلاھاتى ئېلىپ بېرىش، جامائەت پىكرى نازارەتچىلىكىگە ئەھمىيەت بېرىش دېگەنگە ئوخشاش مەزمۇنلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان سوتسىيالىستىك سىياسىي دېموكراتىيە قۇرۇلۇشىنى پائال ئالغا سۈردى. پاكىتلار بۇنداق قىلىشنىڭ يۆنىلىشى توغرا بولغانلىقىنى، قولغا كەلگەن نەتىجىلەرنىڭ چوڭلۇقىنى كۆرسەتتى. مىللىي خىزمەت نۇقتىسىدىن قارىغاندا، شۇ يىللاردىن بۇيان، ئاخبارات، نەشرىيات، رادىئو، تېلې-

* بۇ — يولداش ئىسمايىل ئەھمەدنىڭ دۆلەت مىللىي ئىشلار كومىتېتى چاقىرغان مەدەنىيەت-تەشۋىقات خادىملىرى سۆھبەت يىغىنىدا سۆزلىگەن سۆزى.

ۋىزىيە قاتارلىق تارماقلار ئۆزلىرىنىڭ ئارتۇقچىلىقىنى جارى
قىلدۇرۇپ، دۆلىتىمىزنىڭ مىللىي ئىتتىپاقلىق-تەرەققىيات
ئىشلىرى ئۈچۈن بىرمۇنچە ئۈنۈملۈك خىزمەتلەرنى ئىشلىدى.
مەسىلەن، مىللىي ئىتتىپاقلىق جەھەتتىكى ياخشى ئادەم، ياخ-
شى ئىشلارنى ۋە ئىلغار تەجرىبىلەرنى كەڭ تەشۋىق قىلدى ۋە
كەڭ خەۋەر قىلدى، ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ تۇرمۇشى تېما
قىلىنغان ئەدەبىيات-سەنئەت ئەسەرلىرىنى نەشىر قىلدى ۋە ئىش-
لىدى، ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ئېسىل مەدەنىيىتى بىلەن ئاز
سانلىق مىللەت رايونلىرىنىڭ تەبىئىي شارائىتى ۋە ئۆرپ-ئادى-
تىنى تونۇشتۇردى. ئاز سانلىق مىللەت تىل-يېزىقىنى قوللىنى-
دىغان ئاخباراتچىلىق، نەشرىياتچىلىق ۋە رادىئو، كىنو، تېلې-
ۋىزىيە ئىشلىرىدىمۇ گۈللىنىش مەنزىرىسى بارلىققا كەلدى. بۇ
خىزمەتلەر مىللەتلەرنىڭ بىر-بىرىنى چۈشىنىشى ۋە قېرىنداش-
لارچە ئىتتىپاقلىقىنى كۈچلۈك ئالغا سۈردى، ئاز سانلىق مىل-
لەت رايونلىرىنىڭ ئىسلاھات-ئېچىۋېتىش ئىشلىرىغا ۋە ئىقتى-
ساد، مەدەنىيەت ئىشلىرىنىڭ تەرەققىياتىغا تۈرتكە بولدى، شۇ-
نىڭ بىلەن ھەر مىللەت خەلقىنىڭ قىزغىن ئالقىشىغا ۋە پائال
ياردىمىگە ئېرىشتى، بۇنى تولۇق مۇئەييەنلەشتۈرۈش كېرەك.
لېكىن، شۇنىمۇ كۆرۈش كېرەككى، نۇرغۇن جەھەتتىكى
سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن بەزى مەسىلىلەرمۇ تۇغۇلدى. بەزى ئەسەر-
لەردە ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ تۇرمۇشى ۋە تارىخى بىر تەرەپلى-
مە تەسۋىرلەندى، ھەتتا بۇرمىلاپ تەسۋىرلەندى. ئاز سانلىق
مىللەتلەرنىڭ ئوبرازى خۇنۇكلەشتۈرۈلدى، ئاز سانلىق مىللەت-
لەرنىڭ دىلىغا ئازار بېرىلدى، شۇنىڭ بىلەن ۋەقە يۈز بېرىپ

تىنچ-ئىتتىپاقلىقىقا تەسىر يەتتى. 1985-يىلدىن بۇيان، بۇنداق ۋەقە ئون نەچچە قېتىم يۈز بەردى. ئالاقىدار تارماقلار بۇ ۋەقە-لەرنى بىر تەرەپ قىلغاندىن كېيىن، بىر تەرەپتىن، بەزى ئاز سانلىق مىللەت يولداشلار بەك يېنىك بىر تەرەپ قىلىنىپ قاپ-تۇ، بۇ مىللىي ئىتتىپاقلىقنى قوغداشتا پايدىسىز، دەپ قارى-دى؛ يەنە بىر تەرەپتىن، ئاخباراتچىلىق-نەشرىياتچىلىق ساھە-سىدىكى بەزى يولداشلار ئېغىرراق بىر تەرەپ قىلىنىپ كەتتى، بۇ ئاخبارات ئەركىنلىكى، مەتبۇئات ئەركىنلىكى ۋە سۆز ئەركى-نىلىكىگە توسالغۇ بولىدۇ، دەپ قارىدى. بۇنداق ئىشلار بۇنىڭ-دىن كېيىنمۇ يۈز بېرىشى مۇمكىن. شۇڭا، مىللەتلەرنىڭ ئىت-تىپاقلىقى ۋە دۆلەتنىڭ ئەبەدىي ئامانلىقىنى قوغداش ئۈچۈن، ئاخبارات-مەتبۇئات ئەركىنلىكى بىلەن مىللىي باراۋەرلىك-ئىت-تىپاقلىق ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتنى توغرا ۋە ئوبدان بىر تەرەپ قىلىش— دۆلىتىمىزنىڭ ياخشى ھەل قىلىشى شەرت بولغان مۇھىم بىر مەسىلە. بۇ ھەقتە تۆۋەندىكى پىكىرلىرىمنى بايان قىلماقچىمەن.

1. سۆز ئەركىنلىكى ۋە مەتبۇئات ئەركىنلىكى ئاساسىي قانۇنغا ۋە قانۇنلارغا زىت كەلمەسلىكنى ئالدىنقى شەرت قىلىشى لازىم. ھەرقانداق دۆلەت ئۈچۈن ئېيتقاندىمۇ، ھەرقانداق ئادەم ئۈچۈن ئېيتقاندىمۇ ھېچقانداق چەكلىمىگە ئۇچرىمايدىغان ھوقۇق ۋە ئەركىنلىك مەۋجۇت ئەمەس. ماركس، ھوقۇقتىن خالىي مەجبۇرىيەت يوق، مەجبۇرىيەتتىن خالىي ھوقۇقمۇ يوق، دې-گەن. مەلۇم ھوقۇقنى يۈرگۈزۈش بىلەن بىللە، شۇنىڭغا مۇنا-سىپ مەجبۇرىيەتنى ئادا قىلىش شەرت. دۆلىتىمىزنىڭ ئاساسىي

قانۇنىدا: «يۇقىرالار ئەركىنلىك ۋە ھوقۇقتىن بەھرىمەن بولغان-ىدا، دۆلەتنىڭ، جەمئىيەتنىڭ، كوللېكتىپنىڭ مەنپەئەتىگە ۋە باشقا پۇقرالارنىڭ قانۇنغا مۇۋاپىق ئەركىنلىكى ۋە ھوقۇقىغا زىيان يەتكۈزمەسلىكى كېرەك» دەپ بەلگىلەنگەن. دۆلىتىمىز-نىڭ ئاساسىي قانۇنىدا: «دۆلەت ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ قانۇن-غا مۇۋاپىق ھوقۇقىغا ۋە مەنپەئەتىگە كاپالەتلىك قىلىدۇ، مىل-لەتلەرنىڭ باراۋەرلىك، ئىتتىپاقلىق، ھەمكارلىق مۇناسىۋىتىنى قوغدايدۇ ۋە راۋاجلاندۇرىدۇ. ھەرقانداق مىللەتنى كەمسىتىش ۋە ئېزىشنى مەنئى قىلىدۇ، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى بۇزىدىغان ۋە مىللىي بۆلگۈنچىلىك قىلىدىغان ھەرىكەتلەرنى مەنئى قىلى-دۇ» دەپمۇ بەلگىلەنگەن. دېمەك، پۇقرالار سۆز، مەتبۇئات ئەركىنلىكى ھوقۇقىنى يۈرگۈزۈش بىلەن بىللە، ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ قانۇنىي ھوقۇقى ۋە مەنپەئەتىگە دەخلى-تەرۇز قىلماستىن، مىللەتلەرنىڭ بۈيۈك ئىتتىپاقلىقىنى قوغداش مەج-بۇرىيىتىنى ئادا قىلىدۇ. ھوقۇق ھەم قانۇن تەرىپىدىن قوغدى-لىدۇ، ھەم قانۇننىڭ چەكلىمىسىگە ئۇچرايدۇ، ھوقۇقنىڭ يۈر-گۈزۈلۈشى قانۇننىڭ چېكىدىن چىقىپ كەتمەسلىكى كېرەك، دېموكراتىيە بىلەن قانۇننىڭ مۇناسىۋىتى دەريا سۈيى بىلەن قاش-نىڭ مۇناسىۋىتىگە ئوخشايدۇ، دەريا سۈيى دەريا قىنىدا ئەركىن ئۆركەشلەپ ئاقسا بولىدۇ، لېكىن قاشتىن ئېشىپ كەتسە بولماي-دۇ. قاشتىن ئېشىپ كەتسە، ئېغىر ئاقىۋەت تۇغۇلىدۇ. بۇ قېتىم پايتەختتە يۈز بەرگەن مالىمانچىلىق ئەنە شۇنى چۈشەندۈ-رىدۇ. «تىل گېزىتىنى كۆرسەت ياكى قۇيقۇرۇق» دېگەن ھېكايە بىلەن «جىنسىي ئۆرپ-ئادەت» دېگەن كىتابتا، ئاز سانلىق

مىللەتلەر ھاقارەتلەنگەن، ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ قانۇنىي ھوقۇق-مەنپەئەتىگە دەخلى-تەرۇز قىلىنغان، بۇنىڭ ئاساسىي جاۋابكارلىرىنى بىر تەرەپ قىلىش زۆرۈر، بۇنداق قىلىش ھەرگىز مەتبۇئات ۋە سۆز ئەركىنلىكىگە دەخلى يەتكۈزگەنلىك بولمايدۇ، بەلكى ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ قانۇنىي ھوقۇق-مەنپەئەتىنى قانۇن بويىچە قوغدىغانلىق، سۆز، مەتبۇئات ئەركىنلىكىدىن كەلسە-كەلمەس پايدىلىنىپ، دۆلەتنىڭ، جەمئىيەتنىڭ مەنپەئەتىگە زىيان يەتكۈزۈشنى چەكلىگەنلىك بولىدۇ.

مەتبۇئات ۋە سۆز ئەركىنلىكى بىلەن مىللىي ئىتتىپاقلىقنىڭ مۇناسىۋىتىنى توغرا بىر تەرەپ قىلىشنىڭ ئاساسىي يولى— سوتسىيالىستىك سىياسىي دېموكراتىيە قۇرۇلۇشىنى ئۈزلۈكسىز ئالغا سىلجىتىش، سوتسىيالىستىك قانۇنچىلىقنى كۈچەيتىش. ئېنىق ۋە كونكرېت قائىدىلەرنى تۈزۈش ئارقىلىق، ھەم مەتبۇئات ۋە سۆز ئەركىنلىكىنى قوغداش، ھەم بۇنداق ئەركىنلىكنىڭ سوتسىيالىستىك مىللىي مۇناسىۋەتكە زىيان يەتكۈزمەسلىكىگە ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىش لازىم. دەرۋەقە، بۇنىڭغا بىر جەريان كېرەك، بۇ تەلەپنى بىريولىلا ئىشقا ئاشۇرۇش مۇمكىن ئەمەس. ھەرقانداق تارماق، ھەرقانداق ئادەم ئالاقىدار كونكرېت نىزاملار ئېلان قىلىنىشتىن ئىلگىرى، ئاساسىي قانۇندا بەلگىلەنگەن پرىنسىپلارغا ئەستايىدىل ئەمەل قىلىشى لازىم.

2. مەتبۇئات ۋە سۆز ئەركىنلىكىدە دۆلىتىمىزنىڭ ئەھۋالىنى، ئىجتىمائىي ئۈنۈمنى تولۇق ھېسابقا ئېلىش كېرەك. دۆلىتىمىز— كۆپ مىللەتلىك دۆلەت، دۆلەتنىڭ بىرلىكى ۋە

مىللەتلەرنىڭ ئىتتىپاقلىقى—بارلىق مەسىلىلەرنى ئويلىنىش ۋە بىر تەرەپ قىلىشتا سەل قاراشقا بولمايدىغان ئالدىنقى شەرت، ئاخباراتچىلىق-نەشرىياتچىلىقتا ئوخشاش خىزمەتلەردىمۇ شۇنداق. دۆلىتىمىزدە مىللەتلەر ئارىلاش ئولتۇراقلاشقان، زامانىۋى ئاخبارات ۋاسىتىسىنىڭ تەسىر كۆرسىتىش دائىرىسى كەڭ، خەۋەر تارقىتىشى تېز، بىر رايوندا، ئاز سانلىق كىشىلەردە يۈز بەرگەن ئىش تولا چاغلاردا بىرمۇنچە رايوننىڭ، پۈتكۈل مىللەتنىڭ، ھەتتا ھەربىر مىللەتنىڭ كۈچلۈك ئىنكاسىنى قوزغايدۇ. بۇنىڭ بىلەن ئىجتىمائىي داۋالغۇش پەيدا بولۇپ، ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئورتاق مەنپەئىتىگە زىيان يەتكۈزمەي قالمايدۇ. بىز ئاخبارات-مەتبۇئات ئەركىنلىكى ۋە سۆز ئەركىنلىكىنى بىر تەرەپلىمە تەكىتلەپ، مىللىي مۇناسىۋەتنىڭ مۇستەھكەملىنىشى ۋە راۋاجلىنىشىغا سەل قارايدىغان ئىشنى ھەرگىز قىلماسلىقىمىز كېرەك. ئىجتىمائىي مەسئۇلىيەتچانلىقتا ئىگە بولغان ھەرقانداق مۇخبىر، ئاپتور ۋە مۇھەررىر ئەسەر ئېلان قىلغاندىن كېيىنكى ئىجتىمائىي ئۈنۈمنى كۆزدە تۇتۇشى، ئۆز ئەسىرى ئارقىلىق مىللەتلەرنىڭ بۈيۈك ئىتتىپاقلىقىنى كۈچەيتىشى لازىمكى، بۇنداق ئىتتىپاقلىققا زىيان يەتكۈزمەسلىكى كېرەك. ھازىر ئىجتىمائىي شارائىتتا، ئاجايىپ-غارايىپ نەرسىلەرنى قوغلىشىپ، ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ تۇرمۇشىنى بىر تەرەپلىمە ۋە ساختا تەسۋىرلەشكە قارشى تۇرۇش لازىم. نام-مەنپەئەت قوغلىشىپ، ئاز سانلىق ئوقۇرمەنلەرنىڭ پەس ئارزۇ-ھەۋەسلىرىگە ماسلىشىپ، ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ئاتالمىش «قالاق تەرەپ» لىرىنى ئەتەي نامۇۋاپىق تەسۋىرلەشكە قارشى تۇرۇش كېرەك؛ بو-

لۇپمۇ خاتا مىللەت قارىشىغا ئاساسلىنىپ، ئاز سانلىق مىللەتلەرنى قەستەن خۇنۇكلەشتۈرۈش ۋە ھاقارەتلەشكە قارشى تۇرۇش لازىم.

3. ئاخباراتچىلىق-نەشرىياتچىلىقتا يۈز بەرگەن، مىللىي مۇناسىۋەتكە زىيان يەتكۈزىدىغان ۋەقەلەرنى توغرا بىر تەرەپ قىلىش كېرەك. ئىجتىمائىي ھاياتتا مىللىي مۇناسىۋەتكە زىيانلىق بەزى ۋەقەلەرنىڭ يۈز بېرىشى ئەجەبلىنەرلىك ئەمەس، بۇنىڭدىكى مۇھىم گەپ ئۇنى ئوبدان بىر تەرەپ قىلىشتا. ئۆتكەندىكى تەجرىبىلەرنى يەكۈنلىگەندە، بۇنداق ۋەقەلەرنى بىر تەرەپ قىلىشتىكى يېتەكچى ئىدىيە مۇنداق بولۇش كېرەك: مىللىي ئىتتىپاقلىق ئومۇمىيىتىگە پايدا يەتكۈزۈشنى كۆزدە تۇتۇپ، ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدەش، ئەقىلغە مۇۋاپىقلاشتۇرۇش، قانۇن بويىچە ئىش قىلىش پرىنسىپىدا چىڭ تۇرۇپ، ئىنچىكە ئىدىيىۋى خىزمەتنى ئەستايىدىل ئىشلەش، كېڭىشىش-سۆزلىشىش يولى بىلەن ئوبدان ھەل قىلىش. ئومۇمەن ئالغاندا، بۇنداق ۋەقەلەرنىڭ ھەممىسى خەلق ئىچىدىكى زىددىيەتكە ياتىدۇ، بۇنىڭدا بۇنىڭدىن كېيىنكى خىزمەتكە پايدىلىق بولسۇن ئۈچۈن، ئاساسەن تەنقىد، تەربىيە ئارقىلىق ھەق-ناھەقنى ئايرىش، تونۇشنى ئۆستۈرۈش، تەجرىبە-ساۋاقلارنى يەكۈنلەش ۋە قوبۇل قىلىش لازىم. دەرۋەقە يامان غەرەز بىلەن ئەھۋالى ئېغىر، تەسىرى ناھايىتى يامان ۋەقەلەرنى تۇغدۇرغان بىۋاسىتە جاۋابكار خادىملارغا مەمۇرىي ئىنتىزام بويىچە چارە كۆرۈش، ھەتتا قانۇن بويىچە جازا بېرىشمۇ زۆرۈر.

ئاز سانلىق مىللەت تەرىپىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، ئۇلارمۇ

بۇنداق ۋەقەلەرگە ئاقىلانە ۋە سەۋر-تاقەتلىك پوزىتسىيە تۇتۇشى كېرەك: مەسىلىنى تەنقىد قىلىش، مۇنازىرىلىشىش، ئالاقىدار تارماقلارغا پىكىر ۋە تەلەپلەرنى ئىنكاس قىلىشقا ئوخشاش نورمال يوللار بىلەن ھەل قىلىشقا بولىدۇ، بۇنىڭدا ھەرقانداق چېكىدىن ئاشقان ھەرىكەتلەرنى قوللانماسلىق لازىم. ھۆكۈمەتنىڭ ئالاقىدار تارماقلىرى بۇنداق ۋەقەلەرگە چوقۇم ئالاھىدە ئېتىبار بىلەن قاراپ، ئۇنى ئەستايىدىل بىر تەرەپ قىلىدۇ. بۇ يەردە شۇنى كۆرسىتىپ ئۆتۈشكە توغرا كېلىدۇكى، مىللەتلەرنىڭ ھەممىسىدە بەزى قالاق قاراش ۋە ئۆرپ-ئادەتلەر بار، بۇنى پەيدىنپەي ئىسلاھ قىلىش مىللەتلەرنىڭ ئالغا بېسىشىغا پايدىلىق. بۇنداق ئىسلاھاتنى ئاخبارات يولى ۋە ئەدەبىيات-سەنئەت ئەسەرلىرى ئارقىلىق ئىلگىرى سۈرۈشكە يول قويۇش لازىم. باشقا مىللەتلەرنىڭ ئاپتورلىرى قالاق تەرەپلەرگە ئائىت نەرسىلەرنى يازسا، سۇبيېكتىپ ئارزۇسى ۋە ئەسەرنىڭ ئاساسىي ئېقىمى ياخشى بولسىلا، ئالاقىدار مىللەتلەر كۆڭلىنى ئازادە تۇتۇپ كەڭ قورساقلىقىنى بىلدۈرۈشى كېرەك.

مەن يەنە شۇنداق قاراشتىكى، بۇنداق مەسىلىلەرنى بىر تەرەپ قىلىشمۇ قانۇنچىلىق يولىغا سېلىنىشى، مۇناسىپ نىزاملار تۈزۈلۈشى، ۋەقەلەرنى بىر تەرەپ قىلىشتا ئاساسلىنىدىغان قانۇن بولۇشى لازىم.

4 . ئاخباراتچىلىق-نەشرىياتچىلىق ئىشلىرىنى راۋاجلاندۇرۇش، مىللىي ئىتتىپاقلىقنى ئىلگىرى سۈرۈش كېرەك. ئاخبارات-مەتبۇئات ۋە سۆز ئەركىنلىكى بىلەن مىللىي ئىتتىپاقلىق-تەرەققىيات ئوتتۇرىسىدا قارىمۇقارشىلىق ۋە زىددىيەت مەۋ-

جۇت بولمايلا قالماستىن، بەلكى بۇ ئىككىسى بىر-بىرىگە تۈرتكىمۇ بولالايدۇ. ئاخباراتچىلىق-نەشرىياتچىلىق ئىشلىرى مىللەتلەرنىڭ ئېسىل مەدەنىيىتىنى جارى قىلدۇرۇشتا، مىللىي ئىتتىپاقلىق جەھەتتىكى ئىلغار ئىش-پائالىيەتلەر ۋە ئىلغار تەجرىبىلەرنى تەشۋىق قىلىشتا، ھەر مىللەت خەلقىنى بىرلىكتە زامانىۋىلاشقان دۆلەت قۇرۇشقا رىغبەتلەندۈرۈشتە مۇھىم رول ئوينايدۇ؛ ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئىتتىپاقلىق-تەرەققىيات ئىشلىرى ئاخبارات خەۋەرلىرىنى مول، جانلىق پاكىتقا ئىگە قىلالايدۇ، ئەدەبىيات-سەنئەت ئىجادىيىتىنى پۈتمەس-تۈگىمەس خام ماتېرىيال بىلەن تەمىن ئېتەلەيدۇ. بىز ھەر مىللەت ئاخباراتچىلىرى ۋە ئەدەبىيات-سەنئەتچىلىرىنىڭ ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىغا چوڭقۇر چۆكۈپ، ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ مەزمۇنغا باي، خىلمۇخىل تۇرمۇشىنى چۈشىنىشىنى ۋە ئەكس ئەتتۈرۈشىنى قارشى ئالىمىز. بىز بۇ جەھەتتە بەزى مەسىلىلەر تۇغۇلغانلىقىغا قاراپلا يۈرەكسىزلىك قىلىپ، ئاز سانلىق مىللەت تېمىسىدىكى ئاخبارات خەۋەرلىرى ۋە ئەدەبىي ئىجادىيەتنى قورقۇنچلۇق ئىش دەپ ھېسابلىساق ھەرگىز بولمايدۇ. ئەمەلىيەتتە، ياخشى ئارزۇ ۋە سەمىمىي كۆڭۈل بىلەن ئىش قىلىنسىلا، بۇنداق ياكى ئۇنداق مەسىلە تۇغۇلغان ھالەتتىمۇ، ئاز سانلىق مىللەتلەر چوقۇم ئەپۇ قىلىدۇ، ئالاقىدار تارماقلارمۇ چۈشىنىدۇ.

دەرۋەقە، بىز كەڭ ئاخباراتچىلار ۋە ئەدەبىيات-سەنئەتچىلەرنىڭ ماركسىزملىق مىللەت نەزەرىيىسىنى، پارتىيە ۋە دۆلەتنىڭ مىللىي سىياسەت-نىزاملىرىنى ئەستايىدىل ئۆگىنىپ

ۋە ئۆزلەشتۇرۇپ، ئاز سانلىق مىللەتلەر ئارىسىغا چوڭقۇر چۆ-
كۈپ، ئۇلار بىلەن تونۇشۇپ، ئۇلارنىڭ تۇرمۇشىنى ھەقىقىي،
چوڭقۇر ئەكس ئەتتۈرۈشنى ئۈمىد قىلىمىز، مۇشۇنداق قىلغاند-
لار ھەر مىللەت خەلقى ئالقىشلايدىغان، مىللىي ئىتتىپاقلىق--
تەرەققىياتقا تۈرتكە بولىدىغان، مىللىي ئالاھىدىلىككە ۋە دەۋر
ئالاھىدىلىكىگە ئىگە بولغان ياخشى ئەسەرلەرنى چوقۇم يېزىپ
چىقالايدۇ.

مەن ئىشىنىمەنكى، ئىسلاھات-ئېچىۋېتىش ئىشلىرىنىڭ
چوڭقۇرلىشىشى، سوتسىيالىستىك دېموكراتىيە ۋە قانۇنچىلىق-
نىڭ كۈچىيىشى ئارقىسىدا، ئاخباراتچىلىق، نەشرىياتچىلىق،
رادىئو، كىنوچىلىق، تېلېۋىزىيە قاتارلىق تارماقلار ۋەتەننىڭ
بىرلىكىنى قوغداش، سوتسىيالىستىك مىللىي مۇناسىۋەتنى را-
ۋاجلاندۇرۇش ئۈچۈن چوقۇم يېڭى تۆھپە قوشىدۇ.

# هەر مىللەت مەدەنىيەت خادىملىرى يۈكسەك مەسئۇلىيەتچان بولۇشى كېرەك*

(1991-يىل 2-ئاينىڭ 6-كۈنى)

شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ كەڭ-كۆلەمدە تەكشۈرۈش، تولۇق تەتقىق قىلىش ۋە ئەستايىدىل تەييارلىق كۆرۈش ئارقىلىق «ئۇيغۇرلار» قاتارلىق ئۈچ كىتاب مەسىلىسى توغرىسىدا مۇشۇنداق بىر مۇھاكىمە يىغىنى چاقىرىشنى قارار قىلغانلىقى مېنىڭچە ناھايىتى زۆرۈر. بۇنداق شەكىلنى قوللىنىش بەزى مۇھىم مەسىلىلەردە راست بىلەن يالغاننى پەرق ئېتىش، ھەق بىلەن ناھەقنى ئايدىڭلاشتۇرۇش ئۈچۈن پايدىلىق. ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى ۋە مىللەتلەرنىڭ ئىتتىپاقلىقىنى قوغداشقا مۇناسىۋەتلىك مۇنداق چوڭ پرىنسىپال مەسىلىگە پارتىيە، دۆلەت ۋە ھەر مىللەت خەلقى ئالدىدا يۈكسەك دەرىجىدە جاۋابكار بولۇش روھى بىلەن ئەستايىدىل مۇئامىلە قىلىش كېرەك. زىيانلىق بولغان، بولۇپمۇ سىياسىي مەيدان ۋە نۇقتىئىنەزەر جەھەتتە خاتا بولغان ئەسەر، ماقالە ۋە سۆزلەرنى ئۆز مەيلىگە

---

* بۇ— يولداش ئىسمايىل ئەھمەدنىڭ شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم «ئۇيغۇرلار» قاتارلىق ئۈچ كىتاب مەسىلىسى ئۈستىدە ئۆتكۈزگەن مۇھاكىمە يىغىنىدا سۆزلىگەن سۆزى.

قويۇۋەتمەي، يامراپ كېتىشىگە يول قويماي، مۇناسىپ تەدبىر قوللىنىپ، خاتالىقنى كۆرسىتىپ بېرىش، خاتا نۇقتىئىنەزەر-لىرىنى تەنقىد قىلىش، تەسىرىنى تازىلاش لازىم. ئاپتونوم را-يونلۇق پارتكومىدىكى يولداشلار مېنىڭمۇ مۇشۇ يىغىندا سۆز قى-لىشىمنى تەلەپ قىلدى، مەن قوشۇلدۇم. مەن بۈگۈن ئاساسەن تۆۋەندىكى تۆت جەھەتكە دائىر مەسىلە ئۈستىدە توختىلىمەن.

**1. ۋەتەننىڭ بىرلىكى ۋە مىللەتلەرنىڭ ئىتتىپاقلىقىنى تېخىمۇ ئوبدان قوغداش ئۈچۈن، ئىدېئولوگىيە ساھەسىدىكى خىزمەتكە ئىنتايىن ئەھمىيەت بېرىش شەرت.**

دۆلىتىمىزنىڭ ئىنقىلاب ۋە قۇرۇلۇش ئەمەلىيىتى شۇنى تولۇق چۈشەندۈرۈپ بەردىكى، ئىدېئولوگىيە ساھەسى— مۇھىم بىر سەپ، مۇھىم بىر ئىستىھكام. سىياسىي سەپ، ئىقتىسادىي سەپ قاتارلىق ساھەلەردىكى زىددىيەت ۋە كۈرەش ئىدېئولوگىيە ساھەسىدە يا ئۇچۇق، يا يوشۇرۇن ئەكس ئېتىدۇ. تۈرلۈك كىشىلەر تۈرلۈك مەقسەتنى كۆزلەپ ئىدىيە-مەدەنىيەت ئىستىھ-كامىدىن تازا كۈچەپ پايدىلىنىپ، ئۆزلىرىنىڭ ئىرادىسى ۋە ئارزۇسىنى ئىپادىلەيدۇ.

ۋەتەننىڭ بىرلىكى ۋە مىللەتلەرنىڭ ئىتتىپاقلىقىنى قوغ-داش— ھەر مىللەت خەلقىنىڭ قانۇنىي مەجبۇرىيىتى ۋە ئورتاق ئارزۇسى، ئەمما خىلمۇخىل سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن بۇ مەجبۇر-يەتنى ئادا قىلىشنى خالىمايلا قالماي، ھەتتا ھەر مىللەت خەلقى-نىڭ ئىرادىسىگە خىلاپلىق قىلىپ، ۋەتەننىڭ بىرلىكى ۋە مىل-لەتلەرنىڭ ئىتتىپاقلىقىغا زىيانلىق ئىشلارنى قىلىدىغان بەزى ئادەملەر بار، ئۇلار ئىشقا سالىدىغان ۋاسىتىلەرنىڭ بىرى ئىدى-

يەـمەدەنىيەت ساھەسىدە قالايمىقانچىلىق پەيدا قىلىش، تارىخنى پاكىتنى بۇرمىلاش، خاتا نۇقتىئىنەزەرنى تەشۋىق قىلىشتىن ئىبارەت.

بۇنداق قىلمىش ناھايىتى زور ئالدامچىلىق تۈسىنى ئالغان بولىدۇ، چۈنكى، ئۇ نەزەرىيىنى تەتقىق قىلىش، تارىخنى تەتقىق قىلىش ۋە ئەدەبىي ئىجادىيەت قاتارلىق ئىشلارغا باغلانغان بولىدۇ. ئۇلار ماتېرىياللارنى سۇبيېكتىپلىق بىلەن ئۆز مەيلىچە نەقىل كەلتۈرىدۇ، باشقىلارنىڭ كۆز قاراشلىرىنى تونۇشتۇرىدۇ ھەمدە شۇلارنى نەزەرىيە سۈپىتىدە يىغىنچاقلايدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە بەزى كىشىلەر تولا چاغلاردا بۇ ئىشنى يازغۇچى، ئالىم دېگەن سۈپەت بىلەن قىلغاچقا، ئالدامچىلىق تۈسى تېخىمۇ ئاشىدۇ. زور كۆپچىلىك كىشىلەر ئۇچۇن ئېيتقاندا، ئۇلارنىڭ شۇنچە كۆپ تارىخىي ئەسەرلەر ۋە ئىپتىدائىي ماتېرىياللارنى بىۋاسىتە كۆرۈپ، بىر خۇلاسىگە كېلىشىگە ئىمكانىيەت ئانچە يار بەرمەيدۇ، ئۇلارنىڭ ئوقۇيدىغىنى ۋاستىلىك نەرسىلەر، ئاپتور پىششىقلاپ بىر تەرەپ قىلغان نەرسىلەردۇر، شۇڭا، ئۇلارنىڭ بىر تەرەپلىمە، ھەتتا خاتا خۇلاسىگە كېلىشى، ئالدىنىپ قېلىشى ئېھتىمالغا ناھايىتى يېقىن.

خاتا ئەسەر، ماقالە ۋە سۆزلەرنىڭ زىيىنى ناھايىتى زور بولىدۇ. ئۇلار ماددىي نەرسىلەر ئەمەس، ئۇلارنىڭ زىيىنى بىۋاسىتە ماددىي شەكىل بىلەن ئىپادىلەنمەيدۇ، مەسىلەن، ئۆي ئۆرۈلۈش، ماشىنا پارتىلاشقا ئوخشاش ھادىسىلەرنى پەيدا قىلمايدۇ. لېكىن ئۇلارنىڭ زىيىنى كىشىلەر ئىدىيىسىنىڭ چوڭقۇر يېرىدە يۈز بېرىدۇ، كىشىلەرنىڭ ئىدىيىسىنى قالايمىقانلاشـ

تۇرۇۋېتىدۇ، مۇجمەللەشتۇرۇپ قويىدۇ، ھەتتا ئەكسىيەتچىلەشتۇرۇپ قويىدۇ، شۇنىڭ بىلەن ناھايىتى چوڭ چاتاق تۇغدۇرۇش مۇمكىن، چۈنكى كىشىلەرنىڭ ھەرىكىتى توغرىدىنتوغرا ئىدىيىنىڭ قوماندانلىقىدا بولىدۇ. ماددىي بۇزغۇنچىلىق بىر قېتىملىق بولىدۇ، كۆزگە روشەن چېلىقىدۇ، لېكىن روھىي جەھەتتىكى بۇزغۇنچىلىق ئۇزاققىچە داۋام قىلىشى، كۆزگە تەس چېلىقىشى مۇمكىن. خاتا نۇقتىئىنەزەرلەر بىرقەدەر سىستېمىلىق نەرسىگە ئايلىنىپ قالسا، زامانىمىزدىكى ئادەملەرگە ئەمەس، بەلكى كېيىنكى ئەۋلادلىرىمىزغىمۇ تەسىر كۆرسىتىشى، ئەينى زاماننىڭ ئۆزىدىلا ئەمەس، بەلكى خېلى ئۇزاققىچە تەسىر كۆرسىتىشى مۇمكىن.

دۆلىتىمىز—كۆپ مىللەتلىك دۆلەت، مەملىكەت ئىچى ۋە سىرتىدا دۈشمەن كۈچلەر مەۋجۇت بولغانلىقى، ئىنتايىن ئاز ساندىكى بۆلگۈنچى ئۇنسۇرلار مەۋجۇت بولغانلىقى ئۈچۈن، ۋەتەننىڭ بىرلىكى ۋە مىللەتلەرنىڭ ئىتتىپاقلىقىنى قوغداش ئۇزاق مۇددەتلىك ۋەزىپە، ئۇ بەزىدە كەسكىن، مۇرەككەپ كۈرەش بولۇپ ئىپادىلىنىدۇ. بۇنداق كۈرەش ئىدىيە-مەدەنىيەت ساھەسىدە مۇقەررەر ئەكس ئېتىدۇ. شۇڭا، بىز بۇ ھەقتە ئېنىق ۋە يېتەرلىك تونۇشقا ئىگە بولۇشىمىز شەرت. خاتا خاھىشقا قارشى قەتئىي ۋە كۈچلۈك كۈرەش ئېلىپ بېرىش كېرەك، بىپەرۋالىق، رەھىمدىللىك، يۇمشاق قوللۇق قىلىشقا ھەرگىز بولمايدۇ.

دەرۋەقە، بۇنداق مەسىلىلەر بىرقەدەر مۇرەككەپ بولغاچقا، سىياسەت-تاكتىكا ۋە ئۇسۇلغا دىققەت قىلىپ، پرىنسىپتا چىڭ تۇرۇش، ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدەش، توغرا ئۇسۇل قول-

لىنىپ، ئۇنۇمگە ئەھمىيەت بېرىش تەلىپىنى تىرىشىپ ئىشقا ئاشۇرۇشقا توغرا كېلىدۇ. مەن «ئۇيغۇرلار» قاتارلىق ئۈچ كىتاب ئۈستىدە قوللىنىلغان تەدبىرنى قوللايمەن، چۈنكى، بۇ-نىڭدا ئەستايىدىل، ئېھتىياتچان پوزىتسىيە تۇتۇلغان.

**2. تارىختىكى مۇناسىۋەتكە توغرا مۇئامىلە قىلىش، تارىخنى تەتقىق قىلىشتا ھازىرقى رېئاللىقنى كۆزدە تۇتۇش كېرەك.**

ئەمەلىيەت شۇنى چۈشەندۈرۈپ بەردىكى، مىللىي مۇناسى-ۋەت مەسىلىسىدە بەزى كىشىلەر خاتا نۇقتىئىنەزەرلەرنى تەر-غىب قىلىشتا، تولا چاغلاردا تارىخ جەھەتتە قۇسۇر چىقىرىپ، تارىخىي پاكىتلارنىڭ ئۆيەر-بۇيېرىدىن نەقىل كەلتۈرىدۇ ياكى ئۇنى بۇرمىلايدۇ؛ بەزىلەر تارىختىكى مىللىي مۇناسىۋەتتىن پاي-دىلىنىپ، ھازىرقى مىللىي مۇناسىۋەتكە دارىتمىلايدۇ. ئۆز يولداشلىرىمىزنىڭ بەزىلىرىدىمۇ تارىخىي مەسىلىلەرنى تەتقىق قىلىشتا باشقىچە پىكرى، جۈملىدىن مۇجمەل تونۇشى بار. شۇڭا مېنىڭچە تارىختىكى مىللىي مۇناسىۋەتكە قانداق توغرا مۇئامىلە قىلىش توغرىسىدا بەزى قاراشلىرىمنى ئوتتۇرىغا قويۇشنى زۆ-رۈر تاپتىم.

بىز دۆلىتىمىزنىڭ تارىخىدىكى مىللىي مۇناسىۋەتنى تەك-شۈرگەندە ئالدى بىلەن ئەڭ ئاساسىي نۇقتىئىنەزەرلەرنى تۇرغۇ-زۇشىمىز شەرت، ئۇ بولسىمۇ: خېلى بۇرۇنلا (يەنى چىن، خەن سۇلالىلىرى دەۋرىدىلا)، دۆلىتىمىز كۆپ مىللەتلىك بىر پۈتۈن دۆلەت بولۇپ شەكىللەنگەن؛ بۇ كۆپ مىللەتلىك دۆلەتنى ھەممە مىللەت بىرلىكتە بەرپا قىلغان، ھەممە مىللەت ۋەتەننىڭ بىرلى-كى ۋە تەرەققىياتى ئۈچۈن، جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ مەدەنىيىتى-

نى يارىتىش ۋە گۈللەندۇرۇش ئۈچۈن جەمئىيەتنىڭ تىنچلىقى ۋە تەرەققىياتى ئۈچۈن ئۆزلىرىنىڭ تۆھپىسىنى قوشقان؛ مىل-لەتلەرنىڭ ئىتتىپاقلىقى-ھەمكارلىقى، دوستانە ئۆتۈشى ۋە بىر-بىرىدىن ئۆگىنىشى، بىر-بىرىگە ياردەم بېرىشى باشتىن-ئاخىر دۆلىتىمىزدىكى مىللىي مۇناسىۋەتنىڭ ئاساسىي ئېقىمى بولۇپ كەلدى؛ بىرلىك، ئىتتىپاقلىق، گۈللىنىش— ھەر مىل-لەت خەلقىنىڭ ئورتاق ئارزۇسى، شۇنداقلا تارىخىي تەرەققىيات-نىڭ مۇقەررەر يۈزلىنىشى.

تارىختىكى مىللىي مۇناسىۋەتنى تەتقىق قىلغاندا، چوقۇم تارىخىي ماتېرىيالىزملىق نۇقتىئىنەزەردە چىڭ تۇرۇپ، تارىخىي پاكىتلارنى ۋە ماتېرىياللارنى ئەتراپلىق، توغرا ئىگىلەپ ۋە ئۆز-لەشتۈرۈپ، ئوبيېكتىپ ئاساستا تەھلىل قىلىپ، توغرا خۇلاسە چىقىرىش كېرەك. تارىخنى بۇرمىلاشقا، تارىخنى ئويدۇرۇپ چىقىشقا ھەرگىز بولمايدۇ، شۇنىڭدەك ئالدىنقىلارنىڭ بىر تە-رەپلىمە قاراشلىرىنى، ھەتتا خاتالىقى بار ئەسەرلەرنى توغرا نەرسە قاتارىدا مۇئەييەنلەشتۈرۈشكە، نەقىل كەلتۈرۈشكە ۋە تەر-غىپ قىلىشقا بولمايدۇ. «قۇرۇق گەپ سېتىپ، باشقىلارنى ئۆزىگە جەلپ قىلىۋېلىشنى كۆزلىمەي، ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدەشنى كۆزلەش» لازىم.

ماتېرىيالىزملىق نۇقتىئىنەزەرگە ئەمەل قىلىش بىلەن بىل-لە، ماتېرىياللارنى قانداق تاللاش مەسىلىسىمۇ تۇرۇپتۇ، تارىخ-تىكى نەرسىلەرنى بۈگۈنكى كۈندە ياشاۋاتقان كىشىلەرنىڭ ئالدى-غا قويۇشتا، ئۇنىڭ ئوبيېكتىپ ئۇنۇمىگە ئەھمىيەت بېرىش، ئۇنىڭ بۈگۈنكى مىللىي مۇناسىۋەتكە كۆرسىتىش ئېھتىمالى بول-

غان تەسىرىنى ھېسابقا ئېلىش شەرت. 60-يىللاردا جۇ ئېنلەي
زۇڭلى «ۋاڭ جاۋجۈن» دېگەن تىياتىرنى تەكشۈرگەندە ئىنتايىن
مۇكەممەل بىر پىكىرنى ئوتتۇرىغا قويغان، ئۇ ئۆز پىكرىدە:
تارىخنى ئۆزگەرتىۋېتىشكە بولمايدۇ، ئەمما نېمىنى يېزىش،
نېمىنى يازماسلىقنى تاللاشقا بولىدۇ، دېگەن. مېنىڭچە، بۇ
پىكىر بىز ئۈچۈن ئوبدانلا يېتەكچى ئەھمىيەتكە ئىگە. تارىختىكى
مىللىي مۇناسىۋەتتە ئاساسىي ئېقىم ياخشى، لېكىن تارماق ئې-
قىممۇ بار. ئۇنىڭدا دوستلۇق-ھەمكارلىقمۇ بولغان، سۈركە-
لىش-توقۇنۇشمۇ بولغان؛ ئىتتىپاقلىق-بىرلىكمۇ بولغان، پار-
چىلىنىش-بۆلۈنۈشمۇ بولغان. بىز تارىخقا تولۇق ھۆرمەت قىلى-
شىمىز، ئىتتىپاقلىقنى پارچىلىنىش دەپ، پارچىلىنىشنى ئىت-
تىپاقلىق دەپ يېزىپ قويىدىغان ئىشنى ھەرگىز قىلماسلىقىمىز
لازىم. تارىخ ھەرگىز خالىغانچە ياساندۇرۇشقا بولىدىغان قىزچاق
ئەمەس. ئەمما نېمىنى يېزىشنى تاللىۋېلىشقا بولىدۇ، ئىجابىي
نەرسىلەر كۆپرەك يېزىلسا، ئاساسىي ئېقىم جەھەتتىكى نەرسى-
لەر كۆپرەك يېزىلسا، بۈگۈنكى مىللىي مۇناسىۋەتكە سەلبىي
تەسىر كۆرسىتىش ئېھتىمالى بولغان نەرسىلەر ئازراق يېزىلسا
ياكى يېزىلمىسا بولىدۇ. شۇنداق قىلغاندا، ھەم تارىخقا ھۆرمەت
قىلغانلىق، ھەم ئوبيېكتىپ تەسىرنى كۆزدە تۇتقانلىق بولىدۇ.
دۆلىتىمىزنىڭ تارىخى ئىنتايىن ئۇزۇن، مىللەتلەر ئوتتۇرىسى-
دىكى سەممىمىي ئالاقە ۋە ھەمكارلىققا دائىر مىساللار ناھايىتى
كۆپ، ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ مۇنەۋۋەر كىشىلىرىنى ساناپ
تۈگەتكىلى بولمايدۇ. تەتقىق قىلىشقا، ئىپادىلەشكە ۋە ئالاھىدە
يېزىشقا ئەرزىيدىغان مەزمۇنلار ناھايىتى كۆپ. لېكىن بەزىلەر

ئەنە شۇ ئاساسىي ئېقىم جەھەتتىكى نەرسىلەرنى يېزىشنى خالىماي، ئەتەي تارماق ئېقىم جەھەتتىكى نەرسىلەرنى يازىدۇ. بۇ — ئادەمنى تولىمۇ ئەجەبلەندۈرىدىغان ئىش. سەلبىي تەرەپلەرنى تىلغا ئېلىشقا توغرا كەلگەندە، خام ماتېرىيالنى ئەستايىدىل بىر تەرەپ قىلىپ، ئۇنىڭ ئىجادىي مەنىسىنى ئىلغىۋېلىش، سەلبىي تەسىرىدىن ساقلىنىش كېرەك. مەسىلەن، ئۇرۇش توغرىسىدا ۋە بۆلۈنۈش توغرىسىدا يازغاندا، ئۇنىڭ ۋەيرانچىلىق ۋە زىيانلىق خاراكتېرىنى تولۇق تەسۋىرلەپ، كىشىلەرنىڭ ئويغىنىشىغا ئىلھام بېرىلسە ئەلۋەتتە بولىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا، بەزى مەسىلىلەر ئىلمىي مەسىلە سۈپىتىدە مەلۇم دائىرىدە ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدەش ئاساسىدا مۇھاكىمە قىلىنسىمۇ بولىدۇ.

**3. ئەدەبىيات-سەنئەت ۋە نەزەرىيە خادىملىرى چوقۇم يۈكسەك مەسئۇلىيەتچانلىق ۋە ئالىي بۇرچ تۇيغۇسىغا ئىگە بولۇشى لازىم.**

بىزنىڭ يازغۇچىلىرىمىز، سەنئەتكارلىرىمىز، ئوبزورچىلىرىمىز ۋە نەزەرىيە خادىملىرىمىز، ئىدېئولوگىيە ساھەسىدىكى خىزمەت بىلەن شۇغۇللىنىدىغانلار بولۇپ، ئالىي بۇرچنى ئۈستىگە ئالغان. بىز توغرا سىياسىي يۆنىلىشتە، تۆت ئاساسىي پرىنسىپتا چىڭ تۇرۇشىمىز، سوتسىيالىزم ئىشلىرى ئۈچۈن خىزمەت قىلىشىمىز، ھەر مىللەت خەلقى ئۈچۈن خىزمەت قىلىشىمىز شەرت، بۇ — بىزنىڭ تۈپ مەقسىتىمىز، ھەرقانداق ۋاقىتتا قەتئىي ئەمەل قىلىدىغان ھەرىكەت مىزانىمىز. ئەدەبىي ئىجادىيەتتە ۋە نەزەرىيە تەتقىقاتىدا ھەل قىلىش شەرت بولغان مەسىلە ئەنە شۇ، ئۆز ئىشىمىزدا ئۇتۇق قازىنىشنىڭ ئالدىنقى

شەرتىمۇ شۇ.

بىزنىڭ ئەدەبىيات-سەنئەت ۋە نەزەرىيە خادىملىرىمىز ئۆز ئەسەرلىرىنى ۋە ماقالىلىرىنى كىشىلەر كۆرسۇن دەپ ئىجاد قىلىدۇ ۋە يازىدۇ، شۇڭا، ئەسەرنىڭ ئىجتىمائىي ئۈنۈمىنى، ئۇنىڭ ئوقۇرمەنلەرگە، تاماشىبىنلارغا كۆرسىتىدىغان تەسىرىنى كۆزدە تۇتۇش شەرت. يېزىلغان ئەسەر ۋە ماقالىلەر كىشىلەرنى تارىخىي ۋەقەلەر توغرىسىدا توغرا تونۇشقا ئىگە قىلامدۇ ياكى خاتا تونۇشقا ئىگە قىلامدۇ؟ توغرا نەزەرىيىۋى نۇقتىئىنەزەرلەرنى تەشۋىق قىلامدۇ ياكى خاتا نۇقتىئىنەزەرلەرنى تەرغىب قىلامدۇ؟ جەمئىيەت تەرەققىياتىغا، مىللەتلەرنىڭ ئالغا بېسىشىغا پايدىلىقمۇ ياكى زىيانلىقمۇ؟ ۋەتەننىڭ بىرلىكىگە، مىللەتلەرنىڭ ئىتتىپاقلىقىغا پايدىلىقمۇ ياكى زىيانلىقمۇ؟ دېگەنگە ئوخشاش مەسىلىلەرنى ئەستايىدىل ئويلىنىش، قايتا-قايتا دەڭسەپ كۆرۈش لازىم. جىددىي، ئەستايىدىل پوزىتسىيە تۇتۇپ، ئۆزىمىزنىڭ ئەسەرلىرى ۋە ماقالىلىرىنى جەمئىيەتكە ئىجابىي تەسىر كۆرسىتىدىغان، ھەر مىللەت خەلقىگە ئىشەنچ ۋە كۈچ بېغىشلايدىغان، دۆلەتنىڭ بىرلىكىگە ۋە گۈللىنىشىگە پايدا يەتكۈزىدىغان، مىللىي ئىتتىپاقلىق-تەرەققىياتقا پايدا يەتكۈزىدىغان قىلىشىمىز شەرت، مۇشۇنداق ئەسەرلەرلا خەلق ئاممىسىنىڭ ئالقىشىغا سازاۋەر بولىدۇ. بۇ ھەربىر ئەدەبىيات-سەنئەت خادىمى ۋە نەزەرىيە خادىمىنىڭ باش تارتىپ بولمايدىغان مەسئۇلىيىتى بولۇشى كېرەك. بىز ئۆز ئەسىرىنىڭ مەتبۇئاتتا ئېلان قىلىنىشىنىلا كۆزلەپ، ئۇنىڭ ئىجتىمائىي ئۈنۈمى بىلەن كارى بولمايدىغان مەسئۇلىيەتسىزلىك پوزىتسىيىسىنى قوللىمايمىز؛

تارىخنى يېرىم-يارتىلا بىلىپ، پاكىتنى ئىگىلىمەي تۇرۇپ، يېنىكلىك بىلەن قالايمىقان قۇراشتۇرۇش ۋە قالايمىقان يېزىشـ ىنىمۇ قوللىمايمىز؛ بولۇپمۇ بەزىلەرنىڭ يامان نىيەت بىلەن تارىخ ئۆيدۇرۇشىغا ۋە خاتا خاھىشقا ئىگە ئەسەرلەرنى ئىجاد قىلىشىغا ۋە نەشىر قىلدۇرۇشىغا قارشى تۇرىمىز.

جۇمھۇرىيىتىمىز قۇرۇلغاندىن كېيىن، پارتىيىمىز زور بىر تۈركۈم زىيالىيلارنى تەربىيىلەپ يېتىشتۈردى، ئۇنىڭغا ئىلـ گىرىكى دەۋرلەردە ئۆسۈپ يېتىلگەن زىيالىيلار قوشۇلۇپ، ئوبـ دانلا كۆزگە كۆرۈنەرلىك زىيالىيلار قوشۇنى ۋۇجۇدقا كەلدى، بۇ—پارتىيىمىزنىڭ قىممەتلىك بايلىقى. ئۇلار دۆلىتىمىزنىڭ سوتسىيالىزم ئىشلىرى ئۈچۈن ناھايىتى زور تۆھپە قوشتى. شۇڭا، مەن ئاز سانلىق مىللەت زىيالىيلىرىغا ئاجايىپ زوقلىنىـ مەن، ئۇلارنىڭ ئالغا قاراپ تاشلىغان ھەربىر قەدىمىگە چىن قەلبىمدىن خۇشال بولىمەن. ئۆتكەندە «نۇر» گېزىتى مېنى ماقالە يېزىپ بېرىشكە تەكلىپ قىلىپ، نېمە توغرۇلۇق يازسـ ىڭىز مەيلى، دېدى. مەن ھەممىدىن ئاۋۋال ئاز سانلىق مىللەت زىيالىيلىرى توغرىسىدا بىر ماقالە يېزىشنى ئويلىدىم ۋە يازدىم. كېيىن بۇ ماقالە «نۇر» گېزىتىنىڭ 1-ئاينىڭ 12-كۈنىدىكى سانىدا ئېلان قىلىندى. مەن شۇ ماقالەمدە دۆلىتىمىزدىكى ئاز سانلىق مىللەت زىيالىيلىرىنىڭ رولىنى تولۇق مۇئەييەنلەشتۈر- دۈم، ئاز سانلىق مىللەت زىيالىيلىرىغا ھۆرمەت قىلىش ۋە ئىشىنىش، ئۇلارنىڭ ئەقىل-پاراسىتىنى تولۇق جارى قىلدۇ- رۇش لازىملىقىنى ئوتتۇرىغا قويدۇم. شۇنىڭ بىلەن بىللە، مۇنداق دېدىم: ھەر مىللەت زىيالىيلىرى ئۆزى ئۈستىگە ئالغان

مەسئۇلىيەتنى تولۇق تونۇپ، ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئورتاق
غايىسىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن تىرىشىپ كۈرەش قىلىشى
كېرەك. بولۇپمۇ ۋەتەنپەرۋەرلىك بايرىقىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ،
ۋەتەن، مىللەت ۋە شەخس ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتنى توغرا
تونۇشى ۋە بىر تەرەپ قىلىشى كېرەك. بىز ئۆز مىللىتىمىزنى
سۆيۈشىمىز، ئۆز ۋەتىنىمىزنى تېخىمۇ سۆيۈشىمىز لازىم. چۈن-
كى، دۆلەت قۇدرەت تاپقاندىلا، مىللەتلەر گۈللىنەلەيدۇ،
شەخسلەرمۇ مۇۋەپپەقىيەتكە ئېرىشەلەيدۇ. ھەرقانداق ۋاقىتتا،
ھەرقانداق جايدا ۋەتەن مەنپەئەتىنىڭ ھەممىدىن ئۈستۈن تۇرىدى-
غانلىقىنى ئەستىن چىقىرىپ قويۇشقا بولمايدۇ. بۇ يەردە مۇشۇ
گەپلەرنى قىلىشىمدىكى مەقسەت شۇكى: بىزنىڭ زىيالىيلىرى-
مىز ھەر مىللەت ئىچىدىكى مۇنەۋۋەر كىشىلەر، ئۇلار ئۆز
مىللىتىنىڭ ئاممىسى ئىچىدە ناھايىتى زور تەسىرگە ئىگە، بىز
شۇغۇللىنىۋاتقان خىزمەت يەنە كېلىپ ئىدېئولوگىيە جەھەتتىكى
ناھايىتى مۇھىم خىزمەت، شۇڭا، چوقۇم مەيدانىمىز توغرا،
كۆزىمىز يىراقنى كۆرىدىغان ۋە قارنى-كۆكسىمىز كەڭ بولۇشى
كېرەك، تارىخ بىزگە يۈكلىگەن ئېغىر مەسئۇلىيەتنى تولۇق
تونۇشىمىز ۋە ئۇنىڭ ھۆددىسىدىن تولۇق چىقىشىمىز، زور
پرىنسىپال مەسىلىلەردە بايرىقىمىزنى روشەن قىلىپ، ئەمەلىي
ھەرىكىتىمىز بىلەن ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى قوغدىشىمىز، مىللىي
ئىتتىپاقلىق-تەرەققىياتنى ئالغا سۈرۈشىمىز لازىم.

**4. ئىدىيە-مەدەنىيەت ئىستىھكامىنى مۇستەھكەملەش، ئىدې-ئولوگىيە ساھەسىدىكى خىزمەتنى كۈچەيتىش كېرەك.**

شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ۋە پۈتۈن مەملىكەت-

نىڭ ئەمەلىيىتىدىن قارىغاندا، ئازادلىقتىن كېيىن، ۋەتەنىنىڭ بىرلىكىنى ۋە مىللەتلەرنىڭ ئىتتىپاقلىقىنى قوغداش جەھەتتە ھامان خىلمۇخىل كۆرەش مەۋجۇت بولۇپ كەلدى، بۇنداق كۆرەش ئىدېئولوگىيە ساھەسىدىمۇ توختىماي كەلدى. خەلقئارا ۋە ئىچكى ئامىللارنى كۆزىتىشىمىزچە، بۇنداق كۆرەش يەنە داۋاملىشىدۇ، ئىدىيە-مەدەنىيەت ساھەسىدىمۇ داۋاملىشىدۇ. بۇ ھەقتە بىزدە يېتەرلىك تونۇش، زورۇر تەييارلىق ۋە مۇۋاپىق تەدبىر بولۇشى لازىم.

بىز ھەم سەلبىي، خاتا نەرسىلەرگە قارشى تۇرۇشىمىز، ھەم ئىجابىي، توغرا نەرسىلەرنى تېخىمۇ ئەۋج ئالدۇرۇشىمىز كېرەك. بىز تەشۋىق-تەربىيە خىزمىتىنى كۈچەيتىشىمىز لازىم، بۇلتۇر چاقىرىلغان مەملىكەتلىك مىللىي ئىشلار كومىتېتى مۇدىرلىرى يىغىنىدا، مەملىكەت بويىچە ماركسىزم-لېنىنىزم، ماۋ زېدۇڭ ئىدىيىسىگە خاس مىللەت قارىشى ۋە مىللىي سىياسەتكە ئائىت تەشۋىق-تەربىيە ئېلىپ بېرىش مەسىلىسى ئېنىق ئوتتۇرىغا قويۇلدى، لى پېڭ زۇڭلىمۇ: «بۇنداق تەربىيە پۈتكۈل دۆلەتنىڭ ئىدىيىۋى-سىياسىي خىزمىتىنىڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمىغا ئايلىنىشى كېرەك» دەپ كۆرسەتتى. بۇ خىزمەت مەلۇم دەرىجىدە يۈكسەلدى، ئۇنى داۋاملىق ياخشى ئىشلەپ، تەشكىللىك، پىلانلىق ۋە قەدەممۇقەدەم ئالغا سۈرۈپ، يېڭى ئۈنۈم ھاسىل قىلىشقا توغرا كېلىدۇ. توغرا مىللەت قارىشىغا ئىگە بولغاندىلا، مەسىلىلەرنى تېخىمۇ ياخشى كۆزەتكىلى ۋە بىر تەرەپ قىلغىلى، خىلمۇخىل خاتا نەزەرىيە ۋە نۇقتىئىنەزەرلەرنى پەرق ئەتكىلى، ھەر خىل ماركا ۋە نىقابلارنى يىرتىپ

ئاشلىغىلى بولىدۇ.

ماركسىزم-لېنىنىزم، ماۋ زېدۇڭ ئىدىيىسىگە خاس مىل-لەت قارىشى ھەققىدە تەشۋىق-تەربىيە ئېلىپ بېرىشتا، بولۇپمۇ ياش-ئۆسمۈرلەرگە قارىتىلغان تەربىيىگە ئەھمىيەت بېرىش لازىم، بۇ— مىللىي مۇناسىۋەتنىڭ كېلەچىكىگە، دۆلەتنىڭ كې-لەچىكىگە مۇناسىۋەتلىك ئىش. خاتا ئىدىيە، نەزەرىيە ۋە نۇقتى-ئىنەزەرلەر مەتبۇئاتتا ئېلان قىلىنغاندىن كېيىن، تولا چاغلاردا ياش-ئۆسمۈرلەرگە ناھايىتى يامان تەسىر كۆرسىتىدۇ. مۇشۇ ئەمەلىي ئەھۋالغا تولۇق دىققەت قىلىش كېرەك. توغرا ئىدىيىنى تەشۋىق قىلىش بىلەن بىرۋاقىتتا، خاتا نەرسىلەرنى تەھلىل قىلىشقىمۇ دىققەت قىلىپ، ياش-ئۆسمۈرلەرنى سېلىشتۇرۇش ۋە پەرقلەندۈرۈش ئاساسىدا توغرا خۇلاسىگە كېلىش، تونۇشنى ئۆستۈرۈش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىش لازىمكى، ئۇلار ئىدىيە جەھەتتە خاتا نۇقتىئىنەزەرلەرگە قارشى مۇستەھكەم مۇداپىئە سېپى ھاسىل قىلىپ، ساغلام ئۆسۈپ يېتىلسۇن. ياش-ئۆس-مۈرلەرگە قارىتىلغان ئىدىيىۋى تەربىيىدە جەمئىيەت، مەكتەپ ۋە ئائىلە بىر گەۋدە بولۇپ، بىر-بىرىگە ماسلىششى لازىم.

مەدەنىيەت خىزمىتىنى تېخىمۇ مۇھىم ئورۇنغا قويۇش كې-رەك. ئۆتكەنكى ئۇتۇقلۇق تەجرىبىلەرنى يەكۈنلەش، ياخشى ئەنئەنىلەرنى ئومۇملاشتۇرۇش لازىم. مەن ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم تەشۋىقات بۆلۈمىنىڭ تارىخىي مەسىلىلەرگە دائىر بىر تۈركۈم ئەسەرلەرنى تەشكىللىك، پىلانلىق نەشىر قىلىش توغرى-سىدىكى پىكرىگە قوشۇلىمەن. بىز يەنە مەدەنىيەت ئىستىھكامى قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىشىمىز، ھەر خىل مەدەنىيەت مۇئەسسە-

سىلىرىدىن ئوبدان پايدىلىنىشىمىز، بولۇپمۇ ئاساسىي قاتلام
مەدەنىيەت ئىستىھكاملىرىنى مۇستەھكەملىشىمىز، يۇقىرى كۆ-
تۈرۈشىمىز، ئۆز قولىمىزدا چىڭ تۇتۇشىمىز لازىم. مەدەنىيەت
خىزمىتى ئىسلاھات-ئېچىۋېتىش تەلىپىگە لايىقلىشالمايۋاتقان
ئەھۋالنى پەيدىنپەي ئۆزگەرتىشىمىز كېرەك. ئىستىھكامنى چى-
ڭىتىپ، قوشۇننى كۈچەيتىپ، مۇۋەپپەقىيەت ھاسىل قىلىشقا
ئەھمىيەت بېرىپ، ساغلام ۋە ئوبدان مەدەنىيەت پائالىيەتلىرىنى
قانات يايدۇرۇشىمىز ۋە جانلاندۇرۇشىمىز، ئىدىيە-مەدەنىيەت
ئىستىھكامىنى ھەقىقىي رەۋىشتە ماركسىزم-لېنىنىزم، ماۋ زې-
دۇڭ ئىدىيىسىگە ئىگە قىلىشىمىز لازىم.

ئىدېئولوگىيە جەھەتتە ئۇزاققا سوزۇلىدىغان ئۇرۇش قى-
لىشقا توغرا كېلىدۇ. بىرەر شەپە چىقسىلا تېنەپ-تەمتىرەپ
كېتىشتىن، ۋەقە بېسىققاندىن كېيىن ئىش تامام، ۋەسسالام دەپ
غەپلەتكە پېتىشتىن ساقلىنىش لازىم. پاكىتلار شۇنى ئىسپاتلى-
دىكى، ئىدېئولوگىيە ساھەسىدىكى كۈرەشنىڭ بىر قېتىملىق
ئەجىر بىلەن ئاخىرلىشىشى مۇمكىن ئەمەس. ئۇزاق مۇددەت
جەڭ قىلىش ئىدىيىسىنى تۇرغۇزۇشىمىز ھەمدە يۈز بېرىش
ئېھتىمالى بولغان يېڭى ئەھۋال، يېڭى مەسىلىلەرنى ئۈزلۈكسىز
تەتقىق قىلىش ۋە ھەل قىلىشىمىز، تەشەببۇسكارلىقنى زادى
قولدىن بەرمەسلىكىمىز لازىم، شۇنداق قىلساق، يېڭىلمەس
ئورۇندا تۇرالايمىز.

بۈگۈن شۇنچىلىك سۆزلەي، توغرا بولمىغان جايلىرىنى
تەنقىد قىلىپ تۈزىتىشىڭلارنى سورايمەن.

# ئىلمىزدىكى مىللەتلەر تەتقىقاتىنىڭ هازىرقى ئەھۋالى ۋە ئىستىقبالى*

(1991-يىل 3-ئاينىڭ 6-كۈنى)

جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى— مىللەتلەر ئورتاق بىنا قىل-
غان كۆپ مىللەتلىك بىر پۈتۈن دۆلەت. يېقىنقى يىللاردىن
بۇيان دۆلىتىمىز مىللەتشۇناسلىق تەتقىقاتىغا ناھايىتى ئەھمىيەت
بېرىپ كېلىۋاتىدۇ، مىللەتشۇناسلىق تەتقىقاتى— ئىجتىمائىي
پەن تەتقىقاتىنىڭ مۇھىم مەزمۇنى ھەم مىللىي خىزمەتنىڭ مۇ-
ھىم مەزمۇنى. بىزنىڭچە، توغرا مىللىي سىياسەتنى تۈزۈپ ۋە
يولغا قويۇپ، مىللەتلەرنىڭ باراۋەرلىكىنى، ئىتتىپاقلىقىنى
ئىلگىرى سۈرۈش ۋە مىللەتلەرنى ئورتاق گۈللەندۈرۈش ئۈچۈن،
مىللەتلەرنىڭ سىياسىي، ئىقتىسادىي، مەدەنىي ۋە ئىجتىمائىي
ئەھۋالىنى تولۇق چۈشىنىش ۋە ھەقىقىي ئىگىلەش كېرەك.
شۇنداق قىلغاندا، ھۆكۈمەت كۆرگەن تەدبىرلەر ئىلمىي ئاساسقا

* بۇ— يولداش ئىسمايىل ئەھمەدنىڭ ياپونىيىدە ئېچىلغان «شەرقىي
ئاسىيا ئىجتىمائىي تەتقىقات مۇھاكىمە يىغىنى» دا سۆزلىگەن نۇتۇقى. بۇ
نۇتۇق ياپونىيىدە ئېچىلغان يىغىننىڭ ئىلمىي ماقالىلەر توپلىمىغا كىرگۈ-
زۈپ نەشر قىلىنغان، كېيىن «شىنجاڭ» گېزىتىنىڭ 1991-يىل
3-ئاينىڭ 6-كۈندىكى سانىدا قىسقارتىپ ئېلان قىلىنغان.

ئىگە بولىدۇ، مىللىي خىزمەت تارماقلىرى خىزمەتنى تېخىمۇ ئۈنۈملۈك ئىشلىيەلەيدۇ.

ئېلىمىزدە مىللەتلەر تەتقىقاتى ئاپپاراتلىرى خېلى جىق. بۇ ئاپپاراتلارنى ئومۇمەن مۇنداق ئۈچ خىلغا بۆلۈشكە بولىدۇ:

بىرىنچى خىلدىكىلەر مەمۇرىي ئورگانلاردا قۇرۇلغان، مەخسۇس مىللەتلەر تەتقىقاتى بىلەن شۇغۇللىنىدىغان ئورۇنلار. دۆلەت مىللىي ئىشلار كومىتېتى تەتقىقات ئىشخانىسى ۋە جۇڭگو مىللىي مەسىلە تەتقىقات مەركىزىنى تەسىس قىلدى. بەزى ئاپتونوم رايون ۋە ئۆلكىلەردىكى مىللىي ئىشلار ئاپپاراتلىرىدىمۇ تەتقىقات ئورۇنلىرى تەسىس قىلىندى. ئىككىنچى خىلدىكىلىرى ئىجتىمائىي پەن تەتقىقاتى ئاپپاراتلىرىدا تەسىس قىلىنغان، مەخسۇس مىللىي مەسىلىنى تەتقىق قىلىدىغان ئورۇنلار. ئۈچىنچى خىلدىكىلىرى ئالىي مەكتەپلەردە تەسىس قىلىنغان مىللەتلەر تەتقىقاتى ئاپپاراتلىرى. تۈرلۈك تەتقىقات ئاپپاراتلىرىنىڭ زور كۆپچىلىكى مىللەتلەرنى ئومۇمىي جەھەتتىن تەتقىق قىلىدىغان ئۇنىۋېرسال ئاپپاراتلاردۇر، لېكىن مىللەتلەرنىڭ مەلۇم بىر تەرىپىنى ئاساس قىلىپ تەتقىق قىلىدىغان مەخسۇس ئاپپاراتلارمۇ بار. رەسمىي تەتقىقات ئاپپاراتلىرىدىن باشقا، يەنە مىللىي مەسىلىنى تەتقىق قىلىدىغان تۈرلۈك ئىلمىي تەشكىلاتلارمۇ بار. بۇ ئىلمىي تەشكىلاتلار ئىچىدە مەملىكەتلىك تەشكىلاتلارمۇ، يەرلىك تەشكىلاتلارمۇ بار.

مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلاردا يەنە 250 تىن ئارتۇق مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى قوغداش ئورۇنلىرى ۋە مۇزېيلار بار، بۇ ئورۇنلار مىللىي مەدەنىيەتنى يىغىپ ساقلايدىغان، قوغدايدى-

غان، كۆرگەزمە قىلىدىغان ئورۇن شۇنداقلا مىللىي مەدەنىيەتنى تەتقىق قىلىدىغان تارماقلاردۇر.

بۇ تەتقىقات ئاپپاراتلىرىنىڭ بەزىلىرى ئومۇمىي تەتقىقاتنى مۇھىم نۇقتا قىلىدى، بەزىلىرى رايون ئالاھىدىلىكىنى گەۋدىلەندۇردى، بەزىلىرى ئۇنىۋېرسال تەتقىقاتقا ئەھمىيەت بەردى، بەزىلىرى ئايرىم تۈرلەر بويىچە تەتقىقات ئېلىپ باردى، شۇ ئارقىلىق ئېلىمىزدە مىللەتلەر تەتقىقاتىنىڭ مۇكەممەل سىستېمىسىنى ۋۇجۇدقا كەلتۈرۈپ، ئېلىمىزنىڭ مىللەتشۇناسلىق تەتقىقاتىدا گۈللىنىش مەنزىرىسىنى ياراتتى.

ئېلىمىزدىكى مىللەتلەر تەتقىقاتىنىڭ مۇھىم بىر ئالاھىدىلىكى شۇكى، ئۇ كۆپ مىللەتتىن تەركىب تاپقان تەتقىقات خادىملىرى قوشۇنىغا ئىگە. بۇ خادىملارنىڭ بىرمۇنچىسى ئۆز مىللىتىگە دائىر تەتقىقاتقا بىۋاسىتە قاتنىشىدۇ. بۇ خادىملار ئۆز مىللىتى بىلەن تەبىئىي باغلىنىشقا ئىگە بولغانلىقى، ئۆز مىللىتىنى قىزغىن سۆيگەنلىكى، ئۆز مىللىتىنى ئوبدان بىلگەنلىكى ئۈچۈن، تەتقىقات خىزمىتىنىڭ قانات يايدۇرۇلۇشىغا ئوبدان شارائىت يارىتىپ بەردى. ھەربىر مىللەتنىڭ دېگۈدەك تەتقىقاتقا قاتنىشىدىغان ئۆز ئادەملىرى بار، دەرۋەقە بۇلارنىڭ بەزىلىرى كەسپىي خادىملار، بەزىلىرى كەسپتىن سىرتقى خادىملار. جۇڭگو ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسىنىڭ مىللەتلەر تەتقىقاتى ئورنىدا موڭغۇل، ئۇيغۇر، زاڭزۇ، خۇيزۇ، چاۋشيەنزۇ قاتارلىق 21 مىللەتتىن تەركىب تاپقان تەتقىقاتچى خادىملار بار، ئۇلارنىڭ ئارىسىدا تەتقىقاتچىلار ۋە كاندىدات تەتقىقاتچىلار 80دىن ئاشىدۇ. نوپۇسى ئىنتايىن ئاز داغۇر، ئېۋېنكى، ناشى قاتارلىق

مىللەتلەرنىڭمۇ ئۆزىنىڭ ئالىي تەتقىقاتچىلىرى بار. تولۇقسىز
ستاتىستىكىغا قارىغاندا، ئېلىمىزدە مىللەتشۇناسلىق تەتقىقاتى ۋە
مائارىپى بىلەن شۇغۇللىنىدىغان مەخسۇس خادىملار 20 مىڭدىن
ئاشىدۇ، بۇنىڭدىن باشقا كەسپتىن سىرتقى خادىملارمۇ خېلى
بار. ناھايىتى زور ۋە ناھايىتى يۇقىرى سەۋىيىلىك بۇ قوشۇن
ئېلىمىزنىڭ مىللەتلەر تەتقىقاتىغا زور تۆھپە قوشتى.

ئېلىمىزدىكى مىللەتلەر تەتقىقاتىنىڭ ساھەسى ئىنتايىن
كەڭ. بۇنىڭدا مىللەتلەرنىڭ ئۆزى جۇملىدىن ئۇلارنىڭ تارىخى،
ھازىرقى ھالىتى، كېلەچىكى، سىياسىي ئەھۋالى، ئىقتىسادىي
ئەھۋالى، مائارىپ-مەدەنىيەت ئەھۋالى، تىلى، دىنى، نوپۇسى
ۋە ئۆرپ-ئادىتى قاتارلىقلار تەتقىق قىلىنىدۇ. مىللەتلەر ئوتتۇ-
رىسىدىكى مۇناسىۋەتمۇ تەتقىق قىلىنىدۇ، مەسىلەن، مىللەتلەر-
نىڭ ئۆزئارا بېقىنىدىغان، بىرى بىرىگە تۇرتكە بولىدىغان مۇنا-
سىۋەتنى قانداق شەكىللەندۇرگەنلىكى ۋە تەرەققىي قىلدۇرغانلى-
قى، جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ چوڭ ئائىلىسىدىكى ھەربىر مىل-
لەت تارىخ چاقىنى ئالغا سۇرۇش ئۈچۈن قانداق ئالاھىدە تۆھپە
قوشقانلىقى، مىللەتلەرنىڭ ئۆز ئالاھىدىلىكىنى قانداق قىلىپ
ساقلاپ قالغانلىقى ھەمدە دەۋرگە ئەگىشىپ قانداق ئالغا چامدى-
غانلىقى تەتقىق قىلىنىدۇ، يەنە مىللەت نەزەرىيىسى، مىللىي
سىياسەت ۋە مىللىي قانۇن-نىزاملارمۇ تەتقىق قىلىنىپ، شۇ
نەزەرىيە، سىياسەت ۋە قانۇن-نىزاملارنىڭ مەيدانغا كېلىش مەن-
بەسى كۆرسىتىپ بېرىلىدۇ ھەمدە شۇ نەزەرىيە، سىياسەت ۋە
قانۇن-نىزاملارنى ئەمەلىيەت داۋامىدا قانداق قىلىپ تېخىمۇ ياخ-
شى تەتبىقلاش ۋە يولغا قويۇش مۇھاكىمە قىلىنىدۇ. تەتقىقات

ئۇسۇلى ۋە ۋاسىتىسى ئۆزلۈكسىز تەرەققىي قىلىپ ۋە بېيىپ بارماقتا. سىستېما نەزەرىيىسى قاتارلىق باشقا ئىلىملەرنىڭ تەتقىقات ئۇسۇلى، ئۇچۇر تېخنىكىسى قاتارلىق ئىلغار ۋاستىلەرمۇ پەيدىنپەي مىللەتلەر تەتقىقاتى ساھەسىگە ئېلىپ كىرىلدى.

مىللەتشۇناسلىق تەتقىقاتىدا، كىشىلەر ئۆزئارا ئالماشتۇرۇشقا ۋە ئۆزئارا مەسلىھەتلىشىشكە بارغانسېرى ئەھمىيەت بەرمەكتە. ئېلىمىزدە مىللەتشۇناسلىق تەتقىقاتىغا دائىر تۈرلۈك ژۇرناللار 100 خىلدىن ئاشىدۇ، بۇ ژۇرناللار تەتقىقاتچىلارنىڭ تەتقىقات مۇۋەپپەقىيەتلىرىنى ئېلان قىلىدىغان گۈلزار، ئالاقىدار مەسىلىلەر ئۈستىدە بىللە مۇلاھىزە ئېلىپ بارىدىغان مۇنبەر بولۇپ خىزمەت قىلىدۇ. بۇنىڭدىن باشقا، ھەر يىلى مىللەتشۇناسلىققا دائىر تۈرلۈك مۇھاكىمە يىغىنلىرى ئېچىلىپ تۇرىدۇ. تەتقىقاتچىلار جەم بولۇپ، تەتقىقات مۇۋەپپەقىيەتلىرىنى ئالماشتۇرىدۇ، بەزى مەسىلىلەر ئۈستىدە مۇھاكىمە ئېلىپ بارىدۇ، مۇھاكىمە يىغىنلىرى ناھايىتى جانلىق ئۆتىدۇ. جۇڭگونىڭ ئىسلاھات ۋە ئىشىكنى ئېچىۋېتىش سىياسىتى مىللەتلەر تەتقىقاتى ساھەسىدىمۇ تېگىشلىك ئىپادىسىنى تاپتى. يېقىنقى ئون نەچچە يىل ۋاقىت ئىچىدە بىز ئالاقىدار دۆلەتلەر بىلەن مىللەتلەر تەتقىقاتى جەھەتتە ئالماشتۇرۇش ۋە ھەمكارلىقنى كۈچەيتتۇق، ھەر يىلى نۇرغۇن چەت ئەللىك ئالىملار ئېلىمىزنىڭ ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىغا بېرىپ تەكشۈرۈش ئېلىپ بارىدۇ، ئېلىمىز ئالىملىرى بىلەن ئىلىم ئۈستىدە پىكىر ئالماشتۇرىدۇ. ئېلىمىزمۇ خەلقئارالىق ئىلمىي پائالىيەتلەرگە قاتنىشىشقا خادىملارنى ئەۋەتىپ تۇرۇۋاتىدۇ. بۇ ئىشلار ئېلىمىزدىكى مىللەتلەر

تەتقىقاتنى ئىلگىرى سۈرۈشتە ئىجابىي رول ئوينىدى.

تەتقىقاتچىلارنىڭ جاپالىق ئەجىر سىڭدۈرۈشى ئارقىسىدا، ئېلىمىزنىڭ مىللەتلەر تەتقىقاتىدا مول مۇۋەپپەقىيەتلەر قولغا كەلدى. بۇ مۇۋەپپەقىيەتلەرنى ئومۇمەن مۇنداق ئۈچ جەھەتكە يىغىنچاقلاشقا بولىدۇ:

بىرىنچى، بىرقەدەر سىستېمىلىق، جۇڭگوغا خاس مىللەت نەزەرىيىسى شەكىللەندى. بۇ نەزەرىيە ئىنتايىن مول مەزمۇنلار- نى، جۈملىدىن مىللەتنىڭ تەبىرى، مىللەتنىڭ شەكىللىنىش، تەرەققىي قىلىش ۋە يوقىلىش قانۇنىيىتى، مىللەتلەر مۇناسىۋە- تىنىڭ تارىخى، ھازىرقى ھالىتى ۋە تەرەققىيات يۈزلىنىشى، تۈرلۈك ئىجتىمائىي شارائىتتا مىللەتلەرنىڭ تەرەققىيات مەسى- لىسىنىڭ خاراكتېرى ۋە ئىپادىلىنىش شەكلى، مىللەتلەرنىڭ ئىقتىساد، مەدەنىيەت، تىل ۋە ئۆرپ-ئادەت جەھەتتىكى ئالاھى- دىلىكى، مىللەتلەرنىڭ ئىتتىپاقلىشىش-ئالغا بېسىش ۋە ئورتاق گۈللىنىش يولى، جۇڭگونىڭ مىللىي مەسىلىنى ھەل قىلىشتى- كى تۈپ پرىنسىپى ۋە كونكرېت سىياسەت-قانۇن تەدبىرلىرى دېگەنگە ئوخشاش مەزمۇنلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

ئىككىنچى، نۇرغۇن نەزەرىيە خادىملىرى تەدبىر كۆرۈش تەتقىقاتىغا قاتناشتى، بەزى مۇۋەپپەقىيەتلەر ھۆكۈمەتنىڭ ئالاقى- دار تارماقلىرىنىڭ تەدبىر كۆرۈشىگە ئاساس يارىتىپ بەردى، بەزى مۇۋەپپەقىيەتلەر ۋاستىلىك ھالدا ياكى توغرىدىن-توغرا سىياسەت ۋە قانۇن تەدبىرلىرىگە ئايلاندى. ھەقىقەتەن ئەمەلىيەت- تىن ئىزدەش، ئەمەلىيەتكە بىرلەشتۈرۈش— ئېلىمىزدىكى مىل- لەتلەر تەتقىقاتىنىڭ ئالاھىدىلىكى ۋە ئارتۇقچىلىقى، نۇرغۇن

تەتقىقاتچىلار بەزى رېئال مەسىلىلەرنى ئاساس قىلىپ چوڭقۇر تەتقىقات ئېلىپ بېرىپ، بىۋاسىتە ئىجتىمائىي ئۈنۈم ھاسىل قىلدى. بۇ جەھەتتە ئەمەلىي مىساللار ناھايىتى كۆپ. مەسىلەن، تارىخىي، جۇغراپىيىۋى ۋە باشقا ھەر خىل سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن، جۇڭگونىڭ شەرقىي رايونلىرى بىلەن غەربىي رايونلىرىنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىيات سەۋىيىسىدە چوڭ پەرق ساقلىنىپ كەلدى، غەربىي رايونلار ئاساسەن ئاز سانلىق مىللەتلەر جايلاشقان رايونلاردۇر، مۇشۇ ئەھۋالغا ئاساسەن نەزەرىيە خادىملىرى «شەرقىي رايونلار بىلەن غەربىي رايونلار بىر-بىرىنى تولۇقلىشى، ھەرقايسىسى ئۆز ئارتۇقچىلىقىنى جارى قىلدۇرۇشى، ئورتاق تەرەققىي قىلىشى لازىم» دېگەن نەزەرىيىنى ئوتتۇرىغا قويدى. بۇ نەزەرىيىنى مەركىزىي ھۆكۈمەتنىڭ تەدبىر كۆرۈش تارماقلىرى قوبۇل قىلدى.

ئۈچىنچى، زور بىر تۈركۈم ئىلمىي ئەسەرلەر ئېلان قىلىندى ۋە نەشر قىلىندى. ھۆكۈمەت تارماقلىرى قوللىغانلىقى، تەتقىقاتچىلار تىرىشچانلىق كۆرسەتكەنلىكى، ئۇنىڭ ئۈستىگە، مىللەتلەر تەتقىقاتى ساھەسى كەڭ دائىرىلىك بولغانلىقى ئۈچۈن، دۆلىتىمىز جۇڭگو مىللەتلەر تەتقىقاتى جەھەتتە زور بىر تۈركۈم مۇۋەپپەقىيەتلەرنى قولغا كەلتۈردى. ئىنتايىن كەڭ دائىرىلىك مەزمۇنلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان نەچچە يۈز خىل ئىلمىي ئەسەر نەشر قىلىندى.

يىغىپ ئېيتقاندا، ئېلىمىزنىڭ مىللەتلەر تەتقىقاتىدا ھاياتىي كۈچ ئۇرغۇپ، گۈللىنىش مەنزىرىسى بارلىققا كەلدى. ئۇنىڭ كېلەچىكى قانداق بولىدۇ؟ مۇئەييەنلەشتۈرۈشكە بولىدۇكى، ئۇ-

نىڭ كېلەچىكى ئىنتايىن گۈزەل بولىدۇ، تەتقىقات يۈزلىنىشى پەيدىنپەي چوڭقۇرلىشىپ بارىدۇ، مەزمۇنى تېخىمۇ كېڭىيىدۇ، مۇۋەپپەقىيەتلەرنىڭ سۈپىتى تېخىمۇ ئاشىدۇ. كونكرېت ئېيتقاندا بۇنى تۆۋەندىكى بىرقانچە جەھەتتە يىغىنچاقلاشقا بولىدۇ:

1. ئاساسىي تەتقىقات بىلەن ئەمەلىي تەتقىقات بىللە ئېلىپ بېرىلىدۇ، ئەمما ئەمەلىي تەتقىقاتقا بەكرەك ئەھمىيەت بېرىلىدۇ. ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتىنى تەبىئىي پەنلەر تەتقىقاتىغا ئوخشاش ئومۇمىي جەھەتتىن ئاساسىي تەتقىقات ۋە ئەمەلىي تەتقىقات دەپ ئايرىشقا بولىدۇ. ئاساسىي تەتقىقاتقا ئەھمىيەت بېرىش زۆرۈر، لېكىن بىزنىڭچە، ئەمەلىي تەتقىقاتقا بەكرەك ئەھمىيەت بېرىش، بولۇپمۇ مىللەتلەر تەرەققىيات داۋامىدا دۈچ كەلگەن زور ۋە رېئال مەسىلىلەرنى تەتقىق قىلىپ، شۇنىڭغا مۇناسىپ تەدبىرلەرنى ئوتتۇرىغا قويۇش كېرەك، نەزەرىيە تەتقىقاتى ئەمەلىيەتكە زىچ بىرلەشتۈرۈلگەندىلا ئاندىن ئۇ تولۇپ تاشقان ھاياتىي كۈچكە ئىگە بولىدۇ.

2. تەتقىقات يېڭى كەسىپ ۋە چوڭقۇرلۇققا قاراپ ئىلگىرىلەيدۇ. ئېلىمىزنىڭ مىللەتلەر تەتقىقاتىدا خېلى كۆپ مۇۋەپپەقىيەتلەر قولغا كەلدى. لېكىن بۇنىڭلىق بىلەن ئىلگىرىدىكى سەۋىيىدە توختاپ قالماي، داۋاملىق كەشپىيات يارىتىشقا، ئىلگىرىلەشكە توغرا كېلىدۇ. دەۋرنىڭ ئىلگىرىلىشىگە ۋە يېڭى مەسىلىلەرنىڭ پەيدا بولۇشىغا ئەگىشىپ، تەتقىقات ساھەسى بارغانسېرى كېڭىيىپ بارىدۇ، ئىلگىرىكى تەتقىقات تېمىلىرىمۇ چوڭقۇرلىشىپ بارىدۇ.

3. تەتقىقات ۋاستىسى داۋاملىق يېڭىلىنىدۇ، تەتقىقات

ئۇسۇلى يېڭى تەرەققىياتقا ئېرىشىدۇ. زامانىۋى پەن-تېخنىكىنىڭ، باشقا تەتقىقات ساھەلىرىنىڭ تەتقىقات ئۇسۇلى مىللەتلەر تەتقىقاتى ساھەسىگە تەتبىقلىنىپ، مىللەتلەر تەتقىقاتىنىڭ تەرەققىياتى ئىلگىرى سۈرۈلىدۇ.

4. مەملىكەت ئىچىدىكى ۋە خەلقئارادىكى مىللەتلەر تەتقىقاتچىلىرى ئوتتۇرىسىدىكى ئالماشتۇرۇش تېخىمۇ جانلىنىدۇ، ئالماشتۇرۇش شەكلى، يولى تېخىمۇ كۆپىيىدۇ. كىشىلەر ئۆزئارا ئالماشتۇرۇشنىڭ زۆرۈرلۈكىنى، بەزى مەسىلىلەر ئۈستىدىكى تەتقىقاتنى ھەمكارلىشىپ ئېلىپ بېرىشقا توغرا كېلىدىغانلىقىنى بارغانسېرى تونۇپ يەتمەكتە. زامانىۋى جەمئىيەتنىڭ تەرەققىياتىمۇ مۇشۇنداق ئالماشتۇرۇش ۋە ھەمكارلىققا تېخنىكا ۋە ماددىي شارائىت يارىتىپ بەرمەكتە، شۇڭا تۈرلۈك شەكىللەردە ئېلىپ بېرىلىدىغان ئالماشتۇرۇش زور دەرىجىدە تەرەققىي قىلىدۇ، ئېلىمىزنىڭ مىللەتشۇناسلىق تەتقىقاتى بويىچە ئېلىپ بېرىلىدىغان خەلقئارالىق ئالماشتۇرۇش ئىشىمۇ ئۈزلۈكسىز تەرەققىي قىلىدۇ.

# مىللىي مائارىپنى راۋاجلاندۇرۇشقا دائىر بىرقانچە مەسىلە*

(1991-يىل 3-ئاي)

كونا جۇڭگو ئېلىمىزگە، بولۇپمۇ ئاز سانلىق مىللەت را-
يونلىرىغا ئىقتىسادىي جەھەتتىمۇ، مەدەنىيەت-مائارىپ جەھەتتى-
مۇ نامراتلىقنى قالدۇرۇپ كەتتى. يېڭى جۇڭگونىڭ تاڭ نۇرى
ۋەتىنىمىزنى يورۇتقان چاغدا، بىز كىشىنى چۆچۈتىدىغان شۇن-
داق رېئال ئەھۋالغا دۇچ كەلدۇقكى، ئىنسانلار جەمئىيىتى
ئاللىقاچان ئېلېكترون دەۋرىنىڭ بوسۇغىسىغا قەدەم تاشلىغان
بولسىمۇ، لېكىن بەزى ئاز سانلىق مىللەتلەر هازىرقى زامان
مەنىسىدىكى مائارىپقىمۇ ئىگە بولمىغان، بەزىلىرى ھەتتا ئۆتكەن
ئىشلارنى يەنىلا ياغاچقا ئويۇش، يىپلارنى چىگىش يولى بىلەن
خاتىرىلىمەكتە ئىدى. بۇنداق ئېغىر رېئال ئەھۋالغا دۇچ كەلگەن
جۇڭگو كوممۇنىستلىرى جۇڭگودىكى مىللىي مەسىلىنى مارك-
سىزم-لېنىنىزم ۋە ماۋ زېدۇڭ ئىدىيىسى بىلەن ھەل قىلىش
يولىدىكى ئۇلۇغ ئەمەلىيەت داۋامىدا، مىللىي مائارىپنى راۋاج-

---

* بۇ ماقالە «مىللەتلەر تەتقىقاتى» ژۇرنىلىنىڭ 1991-يىل 3-سانىغا بېسىلغان.

لاندۇرۇش، نادانلىق-قالاقلىقنى تۈگىتىش، ئادەملەرنىڭ ساپاسىنى ئۆستۈرۈش ۋە يېڭى تۈرمۇش بەرپا قىلىشنى ھامان پۈتكۈل مىللىي خىزمەتنىڭ مۇھىم مەزمۇنى، پۈتكۈل سوتسىيالىزم ئىشلىرىنىڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمى قىلىپ، بىر قاتار ئۈنۈملۈك تەدبىرلەرنى قوللىنىپ، مىللىي مائارىپنى تېز سۈرئەتتە راۋاجلاندۇردى ۋە ھەممىنىڭ دىققىتىنى تارتىدىغان نەتىجەلەرنى قولغا كەلتۈردى. ئىسلاھات، ئىشىكنى ئېچىۋېتىشنىڭ چوڭ دولقۇنى مىللىي مائارىپنى تېخىمۇ جۇشقۇن ھاياتىي كۈچكە ئىگە قىلدى. مەيلى ئىچكى ئۆلكىلەردىكى شەھەرلەردە بولسۇن ۋە مەيلى چەت-ياقىدىكى يېزا، كەنتلەردە بولسۇن، مەيلى خەلقئارا ئىلمىي مۇھاكىمە مۇنبەرلىرىدە بولسۇن ۋە مەيلى يايلاق-چارۋىچىلىق مەيدانلىرىدا بولسۇن، مىللىي مائارىپنىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىرىنى ۋە ھاياتىي كۈچىنى ھەقىقىي ھېس قىلالايمىز.

—مىللىي مائارىپنىڭ خىلى چوڭ كۆلىمى شەكىللەندى، تۈرلۈك مەكتەپلەر كۆپلەپ ئېچىلدى. 1989-يىلى ئاز سانلىق مىللەت ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ ئالىي مەكتەپلەردە ئوقۇۋاتقانلىرى 131 مىڭ 600، ئوتتۇرا دەرىجىلىك مەكتەپلەردە ئوقۇۋاتقانلىرى 3 مىليون 136 مىڭ 200، باشلانغۇچ مەكتەپلەردە ئوقۇۋاتقانلىرى 10 مىليون 521 مىڭ 300 بولۇپ، 1951-يىلدىكىگە قارىغاندا، ئالىي مەكتەپلەردىكىسى 61 ھەسسە، ئوتتۇرا دەرىجىلىك مەكتەپلەردىكىسى 68 ھەسسە، باشلانغۇچ مەكتەپلەردىكىسى ئون ھەسسە ئاشتى. مەملىكەت بويىچە ئوتتۇرا، باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرى ئىچىدە ئاز سانلىق مىللەت ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ ئىگىلىگەن نىسبىتى 1949-يىلى 2% بولغان بولسا، 1989-يىلى

7.8% بولدى.

—مىللىي مائارىپنىڭ بىرقەدەر مۇكەممەل سىستېمىسى شەكىللەندى. بۇ سىستېما ئىككى تارماق سىستېمىنى ئۆز ئىچى-گە ئالىدۇ، ئۇنىڭ بىرى، مىللىي رايونلاردا شەكىللەنگەن باشلانغۇچ مەكتەپتىن تارتىپ ئوتتۇرا مەكتەپ ۋە ئالىي مەكتەپ-كىچە بولغان مائارىپ سىستېمىسى؛ يەنە بىرى، رايونلار ئارا بىر-بىرىگە باغلىنىپ شەكىللەنگەن مىللىي باشلانغۇچ مەكتەپ-تىن تارتىپ مىللىي ئوتتۇرا مەكتەپ ۋە مىللەتلەر ئىنستىتۇتى-غىچە بولغان مائارىپ سىستېمىسى. مىللىي مەكتەپلەردە تەسىس قىلىنغان كەسىپلەر تەبىئىي پەن ۋە تېخنىكا پەنلىرى، يېزا ئىگىلىكى، تىبابەت، مەدەنىيەت، تارىخ، پەلسەپە، چەت ئەل تىلى دېگەنگە ئوخشاش بىر قەدەر تولۇق تۈرلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. بۇ مەكتەپلەردە ھەم باشلانغۇچ، ئوتتۇرا دەرىجىلىك ئىختىساسلىق خادىملار، ھەم ماگىستىر، دوكتور قاتارلىق يۇ-قىرى دەرىجىلىك ئىختىساسلىق خادىملار يېتىشتۈرۈلدى. ئۇ-نىڭدىن باشقا، بىرمۇنچە نۇقتىلىق ئۇنىۋېرسىتېتلار مىللىي سى-نىپلارنى ئاچتى.

—ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ساپاسى ئۆستۈرۈلدى. ئاز سانلىق مىللەتلەر ئىچىدە ساۋاتسىزلىق نىسبىتى زور دەرىجىدە تۆۋەنلىدى. مىللەتلەر ئۆزلىرىنىڭ ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلى-رىغا ئىگە بولدى، چاۋشيەن، جىنو، شىبە، بەيزۇ قاتارلىق ئون نەچچە مىللەتنىڭ مەدەنىيەت سەۋىيىسى پۈتۈن مەملىكەتنىڭ ۋە خەنزۇلارنىڭ ئوتتۇرىچە تەرەققىيات سەۋىيىسىدىن ئېشىپ كەت-تى. مائارىپ ۋە ئىقتىسادنىڭ تەرەققىي قىلىشى ئارقىسىدا،

بىرمۇنچە مىللەتلەر بىرقانچە ئىجتىمائىي ھالەتتىن ھالقىپ ئۆ-تۈپ، سوتسىيالىزم دەۋرىدىكى مىللەتكە ئايلاندى.

—زور بىر تۈركۈم ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرى يېتىش-تۈرۈلدى. ھازىر مەملىكەت بويىچە 1 مىليون 800 مىڭدىن ئارتۇق ئاز سانلىق مىللەت كادىرى بار. بىرمۇنچە ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىدا، ناھىيە ۋە يېزا دەرىجىلىك كادىرلارنىڭ تەڭدىن تولىسى مىللىي رايونلاردىكى ئالىي مەكتەپ، تېخنىكوم-لاردا ياكى مىللەتلەر ئىنستىتۇتلىرىدا يېتىشتۈرۈلگەن. ئۇلار ئېلىمىزنىڭ سوتسىيالىزم ئىشلىرى ئۈچۈن قىممەتلىك تۆھپە قوشماقتا.

—بىر تۈركۈم ئىلمىي تەتقىقات مۇۋەپپەقىيەتلىرى قولغا كەلتۈرۈلدى. ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىدىكى ئالىي مەكتەپ—تېخنىكوملار ۋە مىللەتلەر ئىنستىتۇتلىرى ھەم ئىخ-تىساسلىق خادىملارنى تەربىيىلەيدىغان بازا، ھەم پەننىي تەتقى-قات بازىسى بولۇپ، ئازادلىقتىن بۇيان نۇرغۇن پەننىي تەتقىقات مۇۋەپپەقىيەتلىرىنى قولغا كەلتۈردى. ئۇنىڭ بەزىلىرى دۇنياۋى ئىلغار سەۋىيىگە يەتتى. تولۇقسىز مەلۇماتلارغا ئاساسلانغاندا، 1980-يىلىدىن بۇيان يالغۇز دۆلەت مىللىي ئىشلار كومىتېتى-نىڭ قارمىقىدىكى مىللەتلەر ئىنستىتۇتلىرىنىڭ 200 خىلدىن ئارتۇق پەننىي تەتقىقات مۇۋەپپەقىيىتى دۆلەت ۋە ئۆلكە، مىنىس-تىرلىك دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشكەن.

—ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىككە ئىگە مىللىي مائارىپ تۈزۈل-مىسى پەيدىنپەي شەكىللەندى. مەكتەپ تەسىس قىلىش، مەك-تەپ باشقۇرۇش، مەكتەپ ئېچىش شەكلى، ئوقۇغۇچى قوبۇل

قىلىش ۋە تەقسىم قىلىش، ئوقۇتۇشتا قوللىنىدىغان تىل، دەرسلىك قۇرۇلۇشى قاتارلىق نۇرغۇن جەھەتتە ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىنىڭ ۋە ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ئەمەلىيىتى ئەكس ئەتتۈرۈلۈپ ۋە شۇ ئەمەلىيەتكە ئۇيغۇنلاشتۇرۇلۇپ، مىللىي مائارىپنىڭ ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىكى نامايان قىلىندى. مەسىلەن، مىللىي سىنىپ، تەييارلىق سىنىپلىرى، يېتىپ ئوقۇش تۈزۈمى، قوش تىللىق ئوقۇتۇش قاتارلىقلارنىڭ ئالاھىدىلىكى روشەن، رولى كۆرۈنەرلىك بولدى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، مىللىي مائارىپقا دائىر نەزەرىيە تەتقىقاتىدىمۇ نۇرغۇن نەتىجىلەر قولغا كەلتۈرۈلۈپ، مىللىي مائارىپ ئەمەلىيىتى كۈچلۈك ئالغا سۈرۈلدى.

دەرۋەقە، نەتىجىلەرنى تولۇق مۇئەييەنلەشتۈرۈش بىلەن بىر ۋاقىتتا، ساقلانغان مەسىلىلەرگە ئېتىبار بىلەن قاراش كېرەك. ئومۇمەن ئېيتقاندا، مىللىي مائارىپنىڭ تەرەققىيات سەۋىيىسى يەنىلا بىرقەدەر ئارقىدا، ئۇ زامانىۋىلاشتۇرۇش ئىشلىرىنىڭ تەلىپىگە لايىقلىشالمايۋاتىدۇ، ئىقتىسادنىڭ تەرەققىياتىنى چەكلەپ تۇرۇۋاتىدۇ، مىللەتلەرنىڭ ساپاسىنىڭ ئۆسۈشىگىمۇ تەسىر يەتكۈزۈۋاتىدۇ. مىللىي مائارىپتا ساقلىنىۋاتقان ئاساسىي مەسىلىلەر شۇكى، خىراجەت قىس، ئوقۇتقۇچىلار ئاجىز، ئۈسكۈنىلەر يېتەرسىز، مائارىپ تۈزۈلمىسى مىللىي رايونلارنىڭ ئېھتىياجىغا تولۇق ئۇيغۇن كەلمەيدۇ. ئىسلاھاتنى تېخىمۇ راۋاجلاندۇرۇپ ۋە چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، بوشاشماي تىرىشچانلىق كۆرسەتكەندىلا، ھازىرقى ھالەتنى ئۆزگەرتىپ، مىللىي مائارىپنى تېز يۈكسەلدۈرگىلى بولىدۇ.

نۆۋەتتە، مىللىي مائارىپ ھەممە كىشى كۆڭۈل بۆلىدىغان مەسىلە بولۇپ قالدى، كىشىلەر بۇ توغرۇلۇق ئەندىشىدە بولماقـتا، مۇراجىئەت قىلماقتا ۋە تەكلىپ بەرمەكتە. مىللىي مائارىپـنى تېخىمۇ ئوبدان راۋاجلاندۇرۇش ئۈچۈن، مىللىي مائارىپنىڭ مۇھىم ئورنى ۋە ئالاھىدىلىكىنى تولۇق تونۇش كېرەك؛ پارتىيە بىلەن دۆلەتنىڭ مىللىي مائارىپ توغرىسىدىكى فاڭجېن سىياسەتلىرىنى قەتئىي تەۋرەنمەستىن ئىزچىل ئىجرا قىلىش ۋە ئۇنى يېڭى شارائىتتا ئۈزلۈكسىز راۋاجلاندۇرۇش ۋە مۇكەممەللەشتۈرۈش كېرەك؛ مىللىي مائارىپنىڭ سوتسىيالىستىك يۆنىلىشىدە چىڭ تۇرۇپ، ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىنىڭ ئەمەلىيىتىگە ئاساسەن، ھەرقايسى ساھەلەرنىڭ ئاكتىپلىقىنى قوزغاپ، مىللىي مائارىپنىڭ ئىچكى قانۇنىيىتىنى ئىگىلەپ، مىللىي مائارىپـنىڭ ئىجتىمائىي، سىياسىي، ئىقتىسادىي تەرەققىيات ۋە مەدەنىيەت تەرەققىياتى بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىنى، شۇنداقلا ئۇنىڭ ئىچكى نىسبەت مۇناسىۋىتىنى ئوبدان تەڭشەش ئارقىلىق، مىللىي مائارىپنى ئۈزلۈكسىز ۋە پۇختا قەدەم بىلەن راۋاجلاندۇرۇش كېرەك.

**1. رېئال ئەھۋالنى ھېسابقا ئېلىپ، ئومۇمىي ۋەزىيەتنى نەزەردە تۇتۇپ، مىللىي مائارىپقا بولغان تونۇشنى تېخىمۇ چوڭقۇرلاشتۇرۇش**

مىللىي مائارىپنىڭ مۇھىملىقىغا قانچىلىك باھا بەرسەكمۇ ئارتۇقلۇق قىلمايدۇ. بۇ يەردە مىللىي مائارىپنى مىللىي مەسىلە ۋە مىللىي خىزمەت نۇقتىسىدىن تەھلىل قىلىپ كۆرۈشىمىز زۆرۈر.

مىللىي مائارىپنى راۋاجلاندۇرۇش مىللىي مەسىلىنى ئاخىرقى ھېسابتا ھەل قىلىشنىڭ مۇھىم ۋاستىسى. بىزنىڭ مۇشۇ كۆپ مىللەتلىك دۆلىتىمىزدە، مىللىي مەسىلە سوتسىيالىزم ئىشلىرىمىزدا ھەل قىلىشقا تېگىشلىك ئومۇمىي مەسىلىلەرنىڭ بىر قىسمى، ئۇ ھامان يۇكسەك دەرىجىدە ئەھمىيەت بېرىشكە، ئەستايىدىل مۇئامىلە قىلىشقا تېگىشلىك مەسىلە. مىللىي مەسىلىنى ھەل قىلىشنىڭ يولى نەدە؟ يولداش ماۋ زېدۇڭ ئازادلىقنىڭ دەسلەپكى مەزگىلىدە: «ئاز سانلىق مىللەتلەردىن كېلىپ چىققان زور بىر تۈركۈم كوممۇنىستىك كادىرلار بولماي تۇرۇپ، مىللىي مەسىلىنى ئۈزۈل-كېسىل ھەل قىلىش، مىللىي ئەكسىيەتچىلەرنى تامامەن يېتىم قالدۇرۇش مۇمكىن ئەمەس» دەپ ئىنتايىن ئۇچۇق كۆرسەتكەنىدى، مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە سىياسىتى دۆلىتىمىزنىڭ مىللىي مەسىلىنى ھەل قىلىشتىكى تۈپ سىياسىتى. مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيىنى يولغا قويۇش، ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ئۆز ئىشىغا ئۆزى خوجا بولۇشىنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن زور بىر تۈركۈم ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرى بولۇشى كېرەك. قانۇندا مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلارنىڭ ئاپتونومىيە ئورگانلىرىغا ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرىنى سەپلەش توغرىسىدا ئېنىق بەلگىلىمە بار. دېمەك، نەزەرىيە، سىياسەت ۋە قانۇندا ئورتاق بىر تەلەپ— ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرىنى يېتىشتۈرۈش تەلىپى ئوتتۇرىغا قويۇلغان. بۈگۈنكى كۈندە، مىللىي مائارىپنى راۋاجلاندۇرۇش— ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرىنى يېتىشتۈرۈشنىڭ ئەڭ ئاساسىي يولى.

مىللىي مائارىپنى راۋاجلاندۇرۇش — مىللىي سىياسەتنى ئوبدان ئىجرا قىلىش ۋە ھازىرقى باسقۇچتىكى مىللىي مەسىلىنى ئوبدان ھەل قىلىشنىڭ جىددىي ئېھتىياجى. ئورتاق گۈللەندۈرۈش مىللىي سىياسىتىمىزنىڭ ئاجىرقى نىشانى. سوتسىيالىزمنىڭ دەسلەپكى باسقۇچىدا دۆلىتىمىزدىكى مىللىي مەسىلە ئاساسەن، ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتى ۋە مەدەنىيەت تەرەققىياتىدا پەرق بارلىقىدا، ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ئۆزلىرىنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتى ۋە مەدەنىيەت تەرەققىياتىنى تېزلىتىشنى تەلەپ قىلىۋاتقانلىقىدا ئىپادىلىنىدۇ. ئىقتىسادنىڭ تەرەققىياتى مائارىپنى ئاساس قىلغان ئەقلىي كۈچنىڭ مەدىتىگە، مائارىپنى ئۆزىگە تېرەك قىلغان پەن-تېخنىكا كۈچلىرىگە موھتاج. مەدەنىيەت تەرەققىياتى بۇلارغا تېخىمۇ موھتاج، مائارىپ تەرەققىي قىلمىسا، مەدەنىيەتنىڭ گۈللىنىشى، كىشىلەرنىڭ مەدەنىيەت ساپاسىنىڭ ئۆسۈشى قۇرۇق گەپكە ئايلىنىپ قالىدۇ.

مىللىي مائارىپنى تەرەققىي قىلدۇرۇش مىللىي باراۋەرلىك، مىللىي ئىتتىپاقلىق ۋە ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى قوغداشتا مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە. مىللەتلەرنىڭ ئىتتىپاقلىقى ۋە ۋەتەننىڭ بىرلىكى ھەر مىللەت پۇقرالىرىغا قويۇلغان ئومۇمىي تەلەپ، ئۇ ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئورتاق ئارزۇسىنى ئەكس ئەتتۈرىدۇ. ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى ۋە مىللەتلەرنىڭ ئىتتىپاقلىقىنى قوغداش كىشىلەردىن يالغۇز ساددا ھېسسىيات ۋە ياخشى ئارزۇغا ئىگە بولۇشنىلا ئەمەس، بەلكى ئەقلىي مۇلاھىزە يۈرگۈزۈشنى، توغرا قاراشقا، جۈملىدىن توغرا مىللەت قارىشىغا ئىگە

بولۇشنى، ۋەتىنىمىزنىڭ تارىخى ۋە مەدەنىيىتىنى چۈشىنىش ۋە قەدىرلەشنى تەلەپ قىلىدۇ. شۇنداق قىلغاندىلا ۋەتەننىڭ بىرلىكى ۋە مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى تېخىمۇ ئاڭلىق، تېخىمۇ قەتئىي قوغداشقا بولىدۇ. مانا بۇلار مائارىپتىن (تەلىم-تەربىيىدىن) ئايرىلالمايدۇ، ئەلۋەتتە. تەلىم-تەربىيە، بولۇپمۇ مەكتەپ تەلىم-تەربىيىسى ئادەمنىڭ ئىدېئولوگىيىسىنىڭ شەكىللىنىشىدىگە ۋە ئادەمنىڭ پۈتۈن ئۆمرىگە ناھايىتى زور تەسىر كۆرسىتىدۇ.

**2. يېتەكچى ئىدىيە جەھەتتە، مىللىي مائارىپنى مەملىكەتنىڭ باشقا رايونلىرىدىكى مائارىپ بىلەن تەڭكەش راۋاجلاندۇرۇشقا، ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتى ۋە ئىجتىمائىي تەرەققىياتى بىلەن ئۆزئارا ماسلاشتۇرۇشقا تىرىشىش**

مىللىي مائارىپنىڭ مەملىكەتنىڭ باشقا جايلىرىدىكى مائارىپ بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى مىللىي ئىقتىسادنىڭ باشقا رايونلاردىكى ئىقتىساد بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىگە ئوخشايدۇ، ئۇنىڭ هازىرقى ئەھۋالىمۇ ئوخشىشىپ كېتىدۇ. پۈتكۈل دۆلەت مائارىپىنىڭ تەرەققىياتى مىللىي مائارىپنىڭ تەرەققىياتىدىن ئايرىلالمايدۇ، مىللىي مائارىپنىڭ تەرەققىياتى پۈتكۈل دۆلەت مائارىپىنىڭ تەرەققىياتىغا پايدا يەتكۈزىدۇ. دۆلەت مائارىپىنىڭ ۋەزىپىسىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش دۆلەت مائارىپى كۆزلىگەن نىشاننى مىللىي مائارىپ ساھەسىدە ئەمەلگە ئاشۇرۇشنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. مائارىپنىڭ مۇھىم بىر ۋەزىپىسى بولغان ئەقلىي تەرەققىياتنى ئېلىپ ئېيتساق، ئەگەر ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىنىڭ ئەقلىي تەرەققىياتى ئۇزاققىچە قالاق هالەتتە تۇرىدىغان

بولسا، پۈتكۈل دۆلەتنىڭ ئەقلىي تەرەققىياتىغا، ھەتتا ئىقتىسا-
دىي ۋە ئىجتىمائىي تەرەققىياتىغا زىيانلىق تەسىر كۆرسىتىدۇ،
شۇڭا، مىللىي مائارىپ بىلەن دۆلەتنىڭ ئومۇمىي مائارىپىنىڭ
مۇناسىۋىتىنى ئومۇمىي جەھەتتىن مۇۋاپىق تەڭشەپ، ئۇلارنىڭ
تەرەققىيات سەۋىيىسىنى پەيدىنپەي يېقىنلاشتۇرۇپ، تەڭكەش
راۋاجلاندۇرۇشقا توغرا كېلىدۇ. بۇ تەلەپنى ئورۇنداش زۆرۈر
بولۇپلا قالماستىن، بەلكى مۇمكىن. بەزى مىللەتلەر مائارىپى-
نىڭ تەرەققىيات سەۋىيىسى پۈتۈن مەملىكەتنىڭ ئوتتۇرىچە تە-
رەققىيات سەۋىيىسىگە تەڭلەشكەنلىكى، ھەتتا ئۇنىڭدىن ئېشىپ
كەتكەنلىكى بۇنىڭ ئوبدان ئىسپاتى.

دەرۋەقە، مىللىي مائارىپنىڭ تەرەققىياتىنى تېزلىتىش ئۇ-
چۇن، ئاشۇنداق «تەڭكەش راۋاجلاندۇرۇش» نىڭ ئۆزىلا كۇپايە
قىلمايدۇ، مۇنداق تەڭكەش راۋاجلاندۇرۇشنىڭ ئىككىنچىسىمۇ
بولۇشى كېرەك، يەنى مىللىي مائارىپ تەرەققىياتىنى ئاز سانلىق
مىللەت رايونلىرىنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتى ۋە ئىجتىمائىي
تەرەققىياتى بىلەن ئۆزئارا ماسلاشتۇرۇش كېرەك. مىللىي مائا-
رىپنى مۇۋاپىق ئورۇنغا قويۇش، يىراقنى كۆرىدىغان كۆز ۋە
غايەت زور جاسارەت بىلەن مائارىپقا كۆڭۈل بۆلۈش، مائارىپنى
ئوبدان باشقۇرۇش، باشقا جەھەتلەردىن سەل قىسلغان تەقدىر-
دىمۇ، مائارىپنى يۈكسەلدۈرۈش لازىم.

**3. مائارىپ بىلەن ئىقتىسادنىڭ ئالاقىسىنى يەنىمۇ قويۇقلاش-تۇرۇپ، ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتى ۋە ئىجتىمائىي تەرەققىياتىنىڭ ئېھتىياجىغا ئاساسەن، مائارىپ قۇرۇلمىسىنى تەڭشەش ۋە سەرخىللاشتۇرۇش**

ئىقتىسادىي ھادىسە بارلىق ئىجتىمائىي ھادىسىلەرنىڭ ئاسا-
سى، ئىقتىسادىي پائالىيەت باشقا ئىجتىمائىي پائالىيەتلەرنى
چەكلەپ تۇرىدۇ، پەقەت مائارىپ بىلەن ئىقتىسادنى بىر-بىرىگە
باغلاپ، مائارىپنى ئىقتىسادنىڭ تەرەققىياتىغا خىزمەت قىلدۇر-
غان ۋە تۈرتكە قىلغاندىلا، مائارىپ ئاندىن قۇدرەتلىك ھەرىكەت-
لەندۈرگۈچ كۈچكە ۋە زاپاس تەرەققىيات كۈچىگە ئىگە بولالايدۇ.
بىز مىللىي مائارىپ بىلەن مىللىي ئىقتىسادنىڭ ئورگانىك ئالا-
قىسىنى يەنىمۇ چىڭىتىشىمىز، تېخىمۇ مۇۋاپىقلاشتۇرۇشىمىز
كېرەك. بۇ مەقسەتكە يېتىش ئۈچۈن، ھازىرنىڭ ئۆزىدە ئوبدان
ئىشلەشكە تېگىشلىك بىر ئىش شۇكى، تەرەققىيات داۋامىدا
مائارىپنىڭ ئىچكى قۇرۇلمىسىنى مۇۋاپىق تەڭشەپ، تۈرلۈك
مائارىپنىڭ نىسبەت مۇناسىۋىتىنى ئەڭ ياخشى ھالەتكە كەلتۈرۈ-
شىمىز كېرەك. ئىسلاھات ئارقىلىق، مائارىپ قۇرۇلمىسىنى
تەڭشەش ئىشىدا چوڭ ئىلگىرىلەش بولدى، ئۇنى قەتئىي داۋام-
لاشتۇرۇشقا، چوڭقۇرلاشتۇرۇشقا توغرا كېلىدۇ. ھازىرقى ئەھ-
ۋالدىن قارىغاندا، ئاساسىي مائارىپنى كۈچەيتىپ، توققۇز يىل-
لىق مەجبۇرىي مائارىپنى پىلانلىق ۋە قەدەممۇقەدەم ئومۇملاشتۇ-
رۇش كېرەك؛ ئالىي مائارىپنى مۇقىم يول بىلەن راۋاجلاندۇ-
رۇش، كەسپلەرنى تەسىس قىلىش ۋە دەرسلىكلەرنى ئورۇنلاش-
تۇرۇش جەھەتتە، ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىنىڭ ئېھتىياجى-
نى تولۇق نەزەرگە ئېلىش، ئارتۇقچىلىقلارنى جارى قىلدۇرۇپ،
يېتەرسىزلىكلەرنى تۈگىتىش، ئالاھىدىلىكنى گەۋدىلەندۈرۈش،
سۈپەتنى ئۆستۈرۈش كېرەك؛ كەسپىي-تېخنىكا مائارىپىنى كۈ-
چەيتىپ، ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرى ئۈچۈن جىددىي ئېھتى-

ياجلىق بولغان باشلانغۇچ ۋە ئوتتۇرا دەرىجىلىك ئىختىساس ئىگىلىرىنى يېتىشتۈرۈش ئىشىنى تېزلىتىش كېرەك؛ چوڭلار مائارىپىغا كۆڭۈل بۆلۈپ، ئەمگەك كۈچلىرىنىڭ سۈپىتىنى تىرىشىپ ئۆستۈرۈش كېرەك. قىسقىسى، مىللىي مائارىپنى شۇ جاينىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتى بىلەن، خەلق ئاممىسىنى نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇپ بېيىتىش بىلەن زىچ بىرلەشتۈرۈپ، مائارىپنىڭ جەلپ قىلىش كۈچىنى ئاشۇرۇش كېرەك. مائارىپتا ھەم ھازىرقى ئەھۋالنى نەزەردە تۇتۇپ، جىددىي ئېھتىياجلىق ئىختىساس ئىگىلىرىنى يېتىشتۈرۈش، ھەم كەلگۈسىنى نەزەردە تۇتۇپ، يۇقىرى دەرىجىلىك، كامىل ۋە سەرخىل ئىختىساس ئىگىلىرىنى يېتىشتۈرۈش كېرەك.

**4. مائارىپنىڭ توغرا فاڭجېنىدا چىڭ تۇرۇپ، باشقۇرۇشنى چىڭىتىپ، ئىدىيىۋى-سىياسىي خىزمەتنى كۈچەيتىپ، ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرى ئۈچۈن يېڭى كىشىلەرنى يېتىشتۈرۈش**

مائارىپنىڭ نىشانى ئادەم، سوتسىيالىستىك مائارىپنىڭ توغرىدىن-توغرا مەقسىتى ئەخلاقىي، ئەقلىي ۋە جىسمانىي جەھەتلەردىن تولۇق يېتىلگەن سوتسىيالىزم قۇرغۇچىلىرىنى يېتىشتۈرۈشتىن ئىبارەت. مائارىپنىڭ جەمئىيەتكە يەتكۈزىدىغان پايدىسىمۇ پەقەت تەربىيە ئالغۇچىلارنىڭ ئەمەلىيىتى ئارقىلىق ئەمەلگە ئاشىدۇ. ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىنىڭ تەرەققىياتى ۋە مۇقىملىقى ئۈچۈن، مىللەتلەرنىڭ سۈپىتىنى ئۆستۈرۈش ئۈچۈن لاياقەتلىك ئىختىساس ئىگىلىرىنى يېتىشتۈرگەن ياكى يېتىشتۈرمىگەنلىكى— مىللىي مائارىپنىڭ مۇۋەپپەقىيەت قازانغان ياكى مەغلۇبىيەتكە ئۇچرىغانلىقىنى ئۆلچەيدىغان ئاساسىي

بەلگە.

لاياقەتلىك ئىختىساس ئىگىلىرىنى يېتىشتۈرۈش ئۈچۈن، ئىدىيىۋى-سىياسىي خىزمەتنى كۈچەيتىپ، ئەخلاق تەربىيىسىنى بىرىنچى ئورۇنغا قويۇش كېرەك. كەڭ ئۈنىۋېرسىتېت ئوقۇغۇ-چىلىرىغا ۋەتەنپەرۋەرلىك، سوتسىيالىزم ۋە كوممۇنىزم، كول-لېكتىۋىزم توغرىسىدا ئىدىيىۋى تەربىيە ئېلىپ بېرىش، مارك-سىزملىق مىللەت قارىشى ۋە پارتىيىنىڭ مىللىي سىياسىتى توغرىسىدا تەربىيە ئېلىپ بېرىش كېرەك. بۇ تەربىيىنى جانلىق ۋە ئۈنۈمگە ئەھمىيەت بېرىپ ئېلىپ بېرىش ھەمدە ئۇنى ئىشلەپ-چىقىرىش ئەمگىكى، ئىجتىمائىي ئەمەلىيەت قاتارلىقلار بىلەن، مىللەتلەرنىڭ مۇنەۋۋەر ئەخلاقىي ئەنئەنىسىگە ۋارىسلىق قىلىش ۋە ئۇنى جارى قىلدۇرۇش بىلەن زىچ بىرلەشتۈرۈش كېرەك. ئاز سانلىق مىللەتلەر ئارىسىدا دىنىنىڭ تەسىرى كەڭ بولغانلىق-تىن، پارتىيىنىڭ دىنىي سىياسىتىنى توغرا ئىجرا قىلىش، دىنىي ئېتىقاد ئەركىنلىكىنى كاپالەتكە ئىگە قىلىش كېرەك، لېكىن دىنىنىڭ دۆلەتنىڭ مائارىپ تۈزۈمىگە توسقۇنلۇق قىلىشى-غا ھەرگىز يول قويۇشقا بولمايدۇ. بىز ھەر تەرەپتىن خىزمەت ئىشلەش ئارقىلىق، ياش ئەۋلادلىرىمىزنى سوتسىيالىزم ئىشلە-رىنىڭ ئىشەنچلىك ئىز باسارلىرىغا، ۋەتەننىڭ بىرلىكى ۋە مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى قەتئىي قوغدىغۇچىلارغا، ۋەتەننى گۈللەندۈرىدىغان ۋە مىللەتنى تەرەققىي تاپقۇزىدىغان خالىس تۆھپىكارلارغا، غايىلىك، ئەخلاقلىق، مەدەنىيەتلىك، ئىنتى-زاملىق يېڭى كىشىلەرگە ئايلاندۇرۇش ئۈچۈن تىرىشىشىمىز كېرەك.

لاياقەتلىك ئىختىساس ئىگىلىرىنى تەربىيىلەش ئۈچۈن، باشقۇرۇشنى چىڭىتىش، دۆلىتىمىزدىكى ۋە چەت ئەللەردىكى ئىلغار باشقۇرۇش تەجرىبىلىرىنى ۋە ئوقۇتۇش ۋاستىلىرىنى قوبۇل قىلىپ، مائارىپنىڭ سۈپىتىنى ئۆستۈرۈش كېرەك. جۇغراپىيىلىك شارائىت، ئوقۇتۇش مۇئەسسەسىلىرى، تىل-يې-زىق ۋە باشقا جەھەتتىكى سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن، مىللىي مائارىپ سۈپىتىنىڭ ئۆسۈشى چەكلىمىگە ئۇچرىماقتا، لېكىن، بۇ ھەل قىلماي بولمايدىغان مەسىلە. مەھسۇلاتنىڭ سۈپىتى كارخانىنىڭ ھايات-ماماتى بىلەن مۇناسىۋەتلىك، ئوقۇتۇش سۈپىتىمۇ مىللىي مائارىپ ئۈچۈن ئىنتايىن مۇھىم.

**5. ئەمەلىيەتنى ئاساس قىلىپ، ھاياتىي كۈچكە تولغان مىللىي مائارىپ تۈزۈلمىسىنى مۇستەھكەملەش ۋە راۋاجلاندۇرۇش**

دۆلىتىمىزدىكى مىللەتلەر ئىقتىسادىي تەرەققىيات سەۋىيە-سى، ئىشلەپچىقىرىش-تۇرمۇش شارائىتى، تىل-يېزىق، دىنىي ئۆرپ-ئادەت، روھىي ھالەت تۈزۈلۈشى، مائارىپ ئەنئەنىسى، جۇغراپىيىلىك شارائىت قاتارلىق نۇرغۇن جەھەتلەردە بىر-بىرى-دىن پەرقلىنىدۇ. ھەتتا ئوخشاش بولمىغان رايونلارغا جايلاشقان ئوخشاش بىر مىللەت ۋە بىر رايونغا جايلاشقان ھەر خىل مىللەت-لەر ئوتتۇرىسىدىمۇ ناھايىتى چوڭ پەرق بار. مىللىي مائارىپنى راۋاجلاندۇرۇشتا، مۇشۇ ئالاھىدىلىكلەرنى ئەستايىدىل مۇھاكىمە قىلىش ۋە ئىگىلەش، ئەمەلىيەتنى ئاساس قىلىپ، توغرا سىيا-سەت، توغرا تەدبىر ۋە توغرا ئۇسۇللارنى قوللىنىش كېرەك. بىرقانچە ئون يىل تىرىشچانلىق كۆرسىتىش ئارقىسىدا، دۆلىتى-مىزدە ئۆز ئالدىغا سىستېما ھاسىل قىلغان، ئالاھىدىلىكى ئوب-

دانلا كۆزگە چېلىقىپ تۇرىدىغان مىللىي مائارىپ تۈزۈلمىسى دەسلەپكى قەدەمدە ۋۇجۇدقا كەلدى. لېكىن ئۇنى يەنە داۋاملىق راۋاجلاندۇرۇشقا ۋە تېخىمۇ مۇكەممەللەشتۈرۈشكە توغرا كېلىدۇ، بۇنىڭ ئۈچۈن بولۇپمۇ مۇنۇ بىرقانچە جەھەتتىكى مەسىلىلەرنى ئوبدان بىر تەرەپ قىلىش كېرەك:

بىرىنچى، مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلارنىڭ قانۇن بويىچە مىللىي مائارىپ جەھەتتە ئۆز ئالدىغا ئىش كۆرۈش ھوقۇقىنى كاپالەتكە ئىگە قىلىش كېرەك، بۇنداق ئۆز ئالدىغا ئىش كۆرۈش ھوقۇقى مۇنۇلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ: دۆلەتنىڭ بىر تۇتاش مائارىپ فاڭجېنىنىڭ يېتەكچىلىكىدە، مائارىپ پىلانىنى، مەكتەپ باشقۇرۇش تۈزۈلمىسىنى، مەكتەپ ئېچىش شەكلىنى، ئوقۇش تۈزۈمىنى، دەرسلىك قۇرۇلۇشىنى، ئوقۇتۇش مەزمۇنىنى، خادىملار شتاتىنى، ئوقۇتقۇچىلارنى ئىشقا قويۇش ۋە تەكلىپ قىلىش، راسخوت باشقۇرۇش ۋەھاكازالارنى ئاپتونومىيە ئورگانلىرى ئەمەلىي ئەھۋالغا ئاساسەن بەلگىلەيدۇ.

ئىككىنچى، ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىش ۋە تەقسىم قىلىش تۈزۈمى ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىنىڭ ئىختىساسلىق خادىملىرىنى يېتىشتۈرۈشكە ۋە ئىختىساسلىق خادىملارنىڭ سانىنى كۆپەيتىشكە پايدىلىق بولۇشى كېرەك. ھازىرقى ئەمەلىي ئەھۋالنى نەزەرگە ئالغاندا، ئىمتىھان بەرگەن ئاز سانلىق مىللەت ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ مەكتەپكە قوبۇل قىلىش نومۇر چېكىنى مۇۋاپىق تۆۋەنلىتىش ۋە مەكتەپكە كىرىش شەرتىنى كەڭرەك قىلىش زۆرۈر. نىشانلىق قوبۇل قىلىنىدىغان ئوقۇغۇچىلارنىڭ سانىنى كۆپەيتىپ، ئۇلارنى بىرقەدەر ئەقلىغە مۇۋاپىق نىسبەتكە ئىگە

قىلىش كېرەك، ئەمەلىيەت ئىسپاتلىدىكى، بۇ— ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرى، خۇسۇسەن، چەت-ياقىغا جايلاشقان، مەدە- نىيەت تەرەققىياتى ئاستا بولۇۋاتقان رايونلار ئۈچۈن ئىختىساس- لىق خادىملارنى يېتىشتۈرۈپ بېرىشنىڭ ئۈنۈملۈك تەدبىرى. تەقسىم قىلىش تۈزۈمىنى پەيدىنپەي ئىسلاھ قىلىش كېرەك، بۇ ئىسلاھاتتا ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىنى ئىختىساسلىق خادىملارنى كىرگۈزۈش، ئىشلىتىش، ساقلاپ قېلىش ئىمكانى- يىتىگە ئىگە قىلىشنى نىشان قىلىش كېرەك.

ئۈچىنچى، مىللىي تىل-يېزىق بىلەن ۋە خەنزۇ تىل-يېزى- قىنى قوللىنىدىغان «قوش تىللىق» ئوقۇتۇش تۈزۈلمىسىنى ھەر جايىنىڭ شارائىتىغا قاراپ مۇكەممەللەشتۈرۈش كې- رەك. بۇ— مىللىي تىل-يېزىقلارنىڭ باراۋەرلىكىدە چىڭ تۇ- رۇش، مىللىي مەدەنىيەتكە ۋارىسلىق قىلىش ۋە ئۇنى راۋاجلان- دۇرۇش، مائارىپ سۈپىتىنى ئۆستۈرۈشنىڭ ئوبيېكتىپ ئېھتى- ياجى. كەڭ قوللىنىلىدىغان مىللىي تىل-يېزىقى بار جايلار «قوش تىللىق ئوقۇتۇش»نى مىللىي تىل-يېزىقنىڭ تەرەققىيات دەرىجىسى، تارىخىي ئەھۋالى ۋە ئىجتىمائىي ئېھتىياج، مەكتەپ ئېچىش شارائىتى قاتارلىق ئەمەلىي ئەھۋاللارغا ئاساسەن بەلگى- لىسە ۋە يولغا قويسا بولىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىرۋاقىتتا، مىللىي يېزىقتىكى دەرسلىكلەرنى تۈزۈش، تەرجىمە قىلىش، تەكشۈرۈپ بېكىتىش، نەشىر قىلىش ۋە تارقىتىش خىزمىتىنى ئوبدان ئىش- لەش كېرەك.

تۆتىنچى، مەكتەپ ئېچىشنىڭ ئەمەلدە ئۈنۈم بېرىدىغان يېڭىچە شەكىللىرى ئۈستىدە داۋاملىق ئىزدىنىش كېرەك. بىز

مەكتەپ ئېچىشنىڭ تەييارلىق سىنىپ، يېتىم ئوقۇش تۈزۈمى، مىللىي سىنىپ، جاي يۆتكەپ مەكتەپ ئېچىش دېگەنگە ئوخشاش مىللىي مائارىپنىڭ تەرەققىياتىغا پايدىلىق شەكىللىرىنى ۋۇجۇد-قا كەلتۈردۇق، بۇ ياخشى شەكىللەرنى ئېغىشماي داۋاملاشتۇ-رۇشتىن تاشقىرى، يەنە تىرىشىپ يېڭىلىق يارىتىپ، يېڭى شە-كىللەرنى داۋاملىق ئىپپىشىمىز كېرەك. شەيئىلەر مەڭگۈ ھەرى-كەت قىلىپ تۇرىدۇ، بۇ جەھەتتىمۇ چوقۇم يېڭى كەشپىياتلارنى يارىتىش بولىدۇ.

**6. لاياقەتلىك ئوقۇتقۇچىلار قوشۇنىنى يېتىشتۈرۈپ، كەڭ زى-يالىيلارنى ئىتتىپاقلاشتۇرۇپ، مىللىي مائارىپنى ئوبدان يولغا قو-يۇش**

يارامىلىق ئوقۇتقۇچىلار قوشۇنى مىللىي مائارىپنى ئوبدان يولغا قويۇشنىڭ زۆرۈر شەرتى. دۆلىتىمىزدە 600 نەچچە مىڭ كىشىلىك مىللىي مائارىپ ئوقۇتقۇچىلار قوشۇنى بارلىققا كەل-دى، ئۇلار پارتىيىنىڭ مائارىپ ئىشلىرىغا سادىق بولۇپ، مىل-لىي مائارىپ ئىشلىرىنىڭ تەرەققىياتى ئۈچۈن مۇھىم تۆھپە قوشتى، ئۇلار پارتىيىمىزنىڭ قىممەتلىك بايلىقى. پارتىيىنىڭ زىيالىيلار سىياسىتىنى داۋاملىق ئوبدان ئىجرا قىلىپ، ئاشۇ زىيالىيلار بىلەن زىچ ئىتتىپاقلىشىشىمىز، ئۇلارغا چىڭ تايىنى-شىمىز ۋە كۆڭۈل بۆلۈشىمىز، ئۇلارنىڭ ئەقىل-پاراسىتىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇشىمىز كېرەك.

يارامىلىق ئوقۇتقۇچىلار قوشۇنىنى يېتىشتۈرۈش ئۈچۈن، يېتىشتۈرۈش، تەربىيىلەش، يۆتكەش، تەقسىم قىلىش قاتارلىق جەھەتلەردە بەزى كونكرېت تەدبىرلەرنى قوللىنىشقا توغرا كېلى-

دۇ. ئوقۇتقۇچىلار قوشۇننى تۇراقلاشتۇرۇشقا پايدىلىق بولۇش-
نى كۆزلىگەندىمۇ، تىل، ئۆرپ-ئادەت قاتارلىق جەھەتلەرنى
نەزەرگە ئالغاندىمۇ، ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىنىڭ ئوقۇتقۇ-
چىلىرىنى، خۇسۇسەن، باشلانغۇچ مائارىپ ۋە ئوتتۇرا دەرىجى-
لىك مائارىپ ئوقۇتقۇچىلىرىنى شۇ جاينىڭ ئۆزىدە يېتىشتۈرۈش-
نى ئاساس قىلىش كېرەك، بۇنىڭ ئۈچۈن ئوقۇغۇچى قوبۇل
قىلىش ۋە تەقسىم قىلىش ۋاقتىدا كونكرېت تەدبىرلەرنى قوللى-
نىشقا توغرا كېلىدۇ. مىللىي مائارىپ بىلەن ئۇزاق شۇغۇللان-
غان ئاھالە ئوقۇتقۇچىلىرى ئىچىدىكى ئىدىيە ۋە كەسپىي جەھەت-
تە بىرقەدەر ياخشى بولغانلارنى سىناپ كۆرگەندىن كېيىن،
پەيدىنپەي دۆلەت شتاتىدىكى ئوقۇتقۇچىلارغا ئايلاندۇرۇش كې-
رەك. ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىنىڭ ئوقۇتقۇچىلىرىنى تەر-
بىيىلەش بازىلىرىنى قۇرۇپ، ئۇلارنىڭ كەسپىي قابىلىيىتىنى
ئۈزلۈكسىز ئۆستۈرۈش كېرەك. كىشىلەرنى ئۇزاق مۇددەت
مىللىي مائارىپ خىزمىتى بىلەن ئۇزاققىچە شۇغۇللىنىشقا رىغ-
بەتلەندۈرۈش، شۇنىڭدەك خەنزۇ ئوقۇتقۇچىلارنى ئاز سانلىق
مىللەت رايونلىرىدا يىلتىز تارتىپ ئوقۇتقۇچىلىق قىلىشقا رىغ-
بەتلەندۈرۈش ئۈچۈن، ئۇلارغا تەمىنات جەھەتتە بەزى ئېتىبار
بېرىش تەدبىرلىرىنى قوللىنىش كېرەك.

مىللىي مائارىپنىڭ تەرەققىياتى كەڭ ئوقۇتقۇچىلارنىڭ
ئاكتىپلىقى ۋە ئىجادكارلىقىنى جارى قىلدۇرۇشقا باغلىق، شۇ-
نىڭدەك مىللىي مائارىپنىڭ تەرەققىياتى كەڭ ئوقۇتقۇچىلاردىن
يۈكسەك مەسئۇلىيەتچانلىق بىلەن ھەم بىلىم بېرىشنى، ھەم
ئادەم تەربىيىلەشنى، كىشىلەرگە ئۈلگە بولۇشنى، بولۇپمۇ،

ئەدىيە-ئەخلاق جەھەتتە نەمۇنە كۆرسىتىپ، سۈپەتلىك «مېۋە» يېتىشتۈرىدىغان لاياقەتلىك باغۋەن بولۇشنى تەلەپ قىلىدۇ.

### 7. يولنى كەڭ ئېچىپ، سېلىنمىنى كۆپەيتىپ، مىللىي مائارىپنىڭ تەرەققىياتىنى ماددىي كاپالەتكە ئىگە قىلىش

مائارىپ مېخانىزمىنىڭ ئايلىنىشى ئىقتىساد مېخانىزمىنىڭ ئايلىنىشىغا ئوخشاش ماددىي قۇۋۋەتكە مۇھتاج. ئومۇمەن ئېيتقاندا، مائارىپ تەرەققىياتىنىڭ سۈرئىتى ماددىي سېلىنمىنىڭ مىقدارى بىلەن توغرا تاناسىپ بولىدۇ. ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىيات سەۋىيىسى تۆۋەن، مائارىپقا سالىدىغان مەبلىغى چەكلىك، بۇ مىللىي مائارىپ ئۈچۈن تولىمۇ قىيىن بىر مەسىلە بولۇپ قالدى، بۇنى ھەل قىلىش چارىسى كىرىمنى ئاشۇرۇپ، چىقىمنى تېجەش، ئۈنۈمنى ئۆستۈرۈشتىن ئىبارەت.

دەرۋەقە، ئالدى بىلەن ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىنىڭ ئۆز كۈچىگە تايىنىپ ئىش كۆرۈشىگە تايىنىش كېرەك. ئىقتىسادنى راۋاجلاندۇرۇش ئارقىلىق، مائارىپقا مەبلەغ سېلىش ئۈچۈن شارائىت يارىتىش كېرەك، شۇنىڭ بىلەن بىرۋاقىتتا تېجەشلىك كۈن كەچۈرۈپ، باشقا ساھەلەرگە قىلىنىدىغان چىقىمنى ئىمكانقەدەر قىسىپ، مائارىپقا سېلىنىدىغان مەبلەغنى ئالدى بىلەن ئورۇنلاشتۇرۇش كېرەك. خەلق ئاممىسىنىڭ ئاكتىپلىقىنى قوزغاپ، جامائەتچىلىكنىڭ مائارىپقا قاتنىشىش سالمىقىنى ئاشۇرۇپ، مائارىپنىڭ خىراجەت مەنبەسىنى كېڭەيتىش كېرەك.

ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىنىڭ ئۆز كۈچىگە تايىنىپ ئىش كۆرۈشىنى تەكىتلەش بىلەن بىرۋاقىتتا، دۆلەتمۇ زور كۈچ

بىلەن ياردەم بېرىشى، مىللىي مائارىپ خىراجىتىنىڭ دۆلەتنىڭ مائارىپ خىراجىتىدە ئىگىلەيدىغان نىسبىتى ئۈستۈرۈلۈشى، دۆلەت باشلانغۇچ مائارىپ، كەسپىي مائارىپ، پېداگوگىكا مائارىپى، ئېلېكترلەشكەن مائارىپ قاتارلىقلارنى ئومۇملاشتۇرۇش ئۈچۈن ئورۇنلاشتۇرۇلغان تۈرلۈك خىراجەتلەر ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىغا مۇۋاپىق مايىل قىلىنىشى لازىم. شۇنىڭ بىلەن بىرۋاقىتتا، مائارىپ ئۈچۈن زۆرۈر تېپىلغان مەخسۇس مەبلەغ ۋە فوندلارنى تەسىس قىلىپ، مىللىي مائارىپنىڭ تەرەققىياتىنى مالىيە كۈچى جەھەتتىن يېتەرلىك مەدەتكە ئىگە قىلىش كېرەك. بۇنىڭدىن باشقا، ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىنىڭ مائارىپ مەبلىغىنى تېخىمۇ كۆپ شەكىل ۋە يوللار بىلەن ھەر تەرەپلەپ توپلىشىغا ئىمكانىيەت تۇغدۇرۇش ئۈچۈن ئۇلارغا بەزى ئالاھىدە سىياسەتلەرنى بېرىشنى ئويلىشىپ كۆرۈشكە بولىدۇ.

مائارىپنى تەرەققىي قىلدۇرۇش جەھەتتە تەرەققىي قىلغان رايونلارنىڭ ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىغا ئۆز سىستېمىسى بويىچە ياردەم بېرىشى مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە، بۇ جەھەتتە ئۇتۇق قولغا كەلدى ۋە تەجرىبە ھاسىل قىلىندى، ئۇنى قەتئىي داۋاملاشتۇرۇپ، ئۈزلۈكسىز راۋاجلاندۇرۇش كېرەك. ۋەكالىتەن مەكتەپ ئېچىپ بېرىش، ئىختىساسلىق خادىملارنى ۋەكالىتەن تەربىيىلەپ بېرىش، بىرلىشىپ مەكتەپ ئېچىش، تەجرىبە ئالماشتۇرۇش، ئۈسكۈنە ۋە كىتاب ياردەم قىلىش قاتارلىق كۆپ خىل شەكىللەر ئارقىلىق، مىللىي مائارىپنىڭ تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈش لازىم.

خىراجەت جەھەتتە، كىرىمنى كۆپەيتىش بىلەنلا قالماي،

چىقىمنى تېجەش كېرەك. ئىنچىكە ھېسابلاپ، تىرىشچانلىق-ئىختىسادچىللىق بىلەن ئىش كۆرۈش، بىر فۇڭغا چاغلىق پۇل-نىمۇ جايىدا ئىشلىتىش، مەبلەغنىڭ ئىشلىتىش ئۈنۈمىنى تىرىشىپ ئۆستۈرۈش كېرەك.

سوتسىيالىزم دەۋرىدە، جۇڭخۇا مىللەتلىرى ئىقتىسادىي جەھەتتىكى نامراتلىقتىن قۇتۇلۇش ئىقتىدارىغا ئىگە بولۇپلا قالماي، مەدەنىيەت جەھەتتىكى نامراتلىقتىن قۇتۇلۇش ئىقتىدارىغىمۇ ئىگە. جۇڭخۇا مىللەتلىرى جەزمەن ئورتاق گۈللىنىش يولىدا يېڭىچە قىياپەت بىلەن دۇنيا مىللەتلىرى قاتارىدا قەد كۆتۈرۈپ تۇرىدۇ.

# خەلق سىياسىي مەسلىھەت كېڭىشى ۋە مىللىي خىزمەت*

(1991-يىل 5-ئاينىڭ 14-كۈنى)

دۆلىتىمىزنىڭ مىللىي خىزمىتى سوتسىيالىستىك زامانداۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنىڭ ھەيۋەتلىك قەدىمىگە ئەگىشىپ ئالغا ئىلگىرىلىمەكتە. خەلق سىياسىي مەسلىھەت كېڭىشىنىڭ مىللىي خىزمەت بىلەن باشتىنلا چوڭقۇر ئالاقىسى بار، مىللىي خىزمەتكە قىزغىن ئىشتىراك قىلىش، پۈتۈن كۈچ بىلەن ياردەملىشىش ئەنئەنىسى بار، خەلق سىياسىي مەسلىھەت كېڭىشى— مىللىي خىزمەتنى زىممىسىگە ئالغان مۇھىم بىر ساھە. يېڭى ۋەزىيەتتە، خەلق سىياسىي مەسلىھەت كېڭىشىنىڭ مىللىي خىزمەتتىكى رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇش دۆلىتىمىزنىڭ مىللىي ئىتتىپاقلىق-تەرەققىيات ئىشلىرىنى راۋاجلاندۇرۇشتا ئۇلۇغۋار ئەھمىيەتكە ئىگە.

* بۇ ماقالە «خەلق» گېزىتىنىڭ 1991-يىل 5-ئاينىڭ 1-كۈنىدىكى سانىدا ئېلان قىلىنغان.

# نەزەرىيە ۋە ئەمەلىيەت

خەلق سىياسىي مەسلىھەت كېڭىشى دۇنياغا كەلگەن بىرىن-
چى كۈندىن باشلاپلا، مىللىي خىزمەت بىلەن ئايرىلماس ئالاقە
ئورناتقان. 1949-يىل 9-ئاينىڭ 1-كۈنى ماقۇللانغان «جۇڭگو
خەلق سىياسىي مەسلىھەت كېڭىشىنىڭ ئومۇمىي پروگراممە-
سى» يېڭىدىن دۇنياغا كەلگەن جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ
دۆلەتنى ئىدارە قىلىش نىزامى ئىدى، ئۇنىڭغا دۆلىتىمىزنىڭ
مىللىي خىزمىتىگە دائىر قائىدىلەر كىرگۈزۈلگەن. ئۇنىڭ
«مىللىي سىياسەت» دېگەن ئالتىنچى بابىدا، جۇڭخۇا خەلق
جۇمھۇرىيىتى زېمىنىدىكى مىللەتلەر باباراۋەر، ئاز سانلىق
مىللەتلەر توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان رايونلاردا مىللىي تېررىتو-
رىيىلىك ئاپتونومىيە يولغا قويۇلىدۇ، ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ
ئۆز جايىدىكى ھاكىمىيەت ئورگانلىرىدا خېلى كۆپ ساندا ۋەكىلى
بولۇشى كېرەك، ئاز سانلىق مىللەتلەر ئۆزلىرىنىڭ تىل-يېزى-
قىنى راۋاجلاندۇرۇش، ئۆزلىرىنىڭ ئۆرپ-ئادەتلىرىنى ۋە دى-
نىي ئېتىقاد ئەركىنلىكىنى ساقلاپ قېلىش ياكى ئىسلاھ قىلىشقا
ھوقۇقلۇق، خەلق ھۆكۈمىتى ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ سىيا-
سىي قۇرۇلۇش، ئىقتىسادىي قۇرۇلۇش، مەدەنىيەت قۇرۇلۇ-
شى، مائارىپ قۇرۇلۇشى قاتارلىق ئىشلىرىنى راۋاجلاندۇرۇشىغا
ياردەم بېرىشى لازىم، دەپ بەلگىلەنگەن. بۇنىڭدىن شۇنى كۆرۈ-
ۋېلىش تەس ئەمەسكى، بۇ بەلگىلىمىلەر مىللىي سىياسىتىمىز-
نىڭ ئاساسىي رامكىسىنى ھاسىل قىلغان. ئۇنىڭدىن كېيىنكى
مىللىي سىياسەت شۇ ئاساستا ئۈزلۈكسىز تۈردە مەزمۇنغا بېيە-

دى ۋە راۋاجلاندى. 40 نەچچە يىلدىن كېيىن، ئاشۇ رامكا
راۋاجلىنىپ مەزمۇنى مول، تۈرى تولۇق مىللىي سىياسەت
سىستېمىسىغا ئايلاندى ھەمدە مىللىي سىياسەت بىلەن ئۆزئارا
ماسلىشىدىغان مىللىي قانۇن-نىزام سىستېمىسى شەكىللەندى.
شۇڭا، خەلق سىياسىي مەسلىھەت كېڭىشى تۈزگەن «ئومۇمىي
پروگرامما»نى يېڭى جۇڭگو مىللىي سىياسىتىنىڭ ئۇلۇغ باشلان-
مىسى دېيىشكە بولىدۇ.

خەلق سىياسىي مەسلىھەت كېڭىشىنىڭ مىللىي خىزمەت
بىلەن بولغان ئىچكى باغلىنىشىنى خەلق سىياسىي مەسلىھەت
كېڭىشىنىڭ تەركىبىدىمۇ ئاز-تولا بىلگىلى بولىدۇ. خەلق سى-
ياسىي مەسلىھەت كېڭىشىنى ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ ۋەكىللى-
رى بىرلىكتە بەرپا قىلغان، كۆپ مىللەت ۋەكىللىرى بىرلىك
سەپنىڭ ئۇلۇغ بايرىقى ئاستىغا ئۇيۇشقان.

1949-يىلى 1-نۆۋەتلىك سىياسىي كېڭەش ئەزالىرىنىڭ
ئومۇمىي سانى 198 بولۇپ، ئاز سانلىق مىللەت ئەزالىرى 9.6%
نى تەشكىل قىلغان، مىللىي تەركىبى 11 بولغان. 1988-يىلى
7-نۆۋەتلىك سىياسىي كېڭەش ئەزالىرىنىڭ ئومۇمىي سانى
2083 كە يېتىپ، ئاز سانلىق مىللەت ئەزالىرى 10.66%نى
تەشكىل قىلغان، مىللەت تەركىبى 46 گە يەتكەن. بۇ تارىخىي
خاتىرە بىزگە شۇنى ئۇقتۇرىدۇكى، ئۆتكەن ھەر نۆۋەتلىك سىيا-
سىي كېڭەش كۆپ مىللەتنىڭ بىرلەشمىسى بولۇپ كەلگەن،
ئۇنىڭ ئۈستىگە مىللەت تەركىبى كۆپىيىپ بارغان. خەلق سىيا-
سىي مەسلىھەت كېڭىشى— ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ ۋەكىللىرى
توپلانغان، مىللەتلەرنىڭ ئىرادىسىنى نامايان قىلىدىغان ئورۇن.

ئۇ— ھەر مىللەت خەلقىنىڭ تەلىپىنى ئەكس ئەتتۈرۈشتىكى مۇھىم يول، شۇنداقلا ھەر مىللەت خەلقىنى دۆلەت ئىشلىرىغا قاتناشتۇرۇشتىكى مۇھىم شەكىل. شۇنداق بولغاچقا، خەلق سىياسىي مەسلىھەت كېڭىشىنىڭ بىرمۇنچە پائالىيەتلىرى، ئۇ-نىڭ مەقسىتى ۋە ئۇسۇلى كۆپرەك مىللىي خىزمەت بىلەن زىچ باغلانغان.

مىللىي خىزمەتنى خەلق سىياسىي مەسلىھەت كېڭىشىنىڭ ۋەزىپىلىرى قاتارىغا كىرگۈزۈش قانۇندا ئېنىق بەلگىلەنگەن. 1982 - يىلى ئېلان قىلىنغان «جۇڭگو خەلق سىياسىي مەسلىھەت كېڭىشىنىڭ نىزامنامىسى» نىڭ 22-ماددىسىدا، جۇڭگو خەلق سىياسىي مەسلىھەت كېڭىشىنىڭ مەملىكەتلىك كومىتېتى ۋە يەرلىك كومىتېتلىرى دۆلەتنىڭ مىللىي سىياستىنى تەشۋىق قىلىدۇ ۋە ئۇنىڭ ئىزچىل ئىجرا قىلىنىشىغا ياردەملىشىدۇ، ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ پىكىر ۋە تەلەپلىرىنى ئەكس ئەتتۈرى-دۇ، ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ئىقتىسادىي ۋە مەدەنىيىتىنى راۋاجلاندۇرۇش، ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ قانۇنىي ھوقۇق-مەن-پەئەتىنى قوغداش، سوتسىيالىستىك مىللىي مۇناسىۋەتنى ياخ-شىلاش ۋە راۋاجلاندۇرۇش، ھەر مىللەت خەلقىنىڭ بۈيۈك ئىت-تىپاقلىقىنى كۈچەيتىش ۋە ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى قوغداش ئۈچۈن ئۆز كۈچىنى بېغىشلايدۇ، دەپ يېزىلغان. خەلق سىياسىي مەس-لىھەت كېڭىشى مىللىي خىزمەت جەھەتتە قىلماقچى بولغان ئىشلار دەل مىللىي خىزمىتىمىزنىڭ ئاساسىي مەزمۇنىدۇر. 1989 - يىلى ئېلان قىلىنغان «سىياسىي كېڭەش مەملىكەتلىك كومىتېتىنىڭ سىياسىي مەسلىھەت ئېلىپ بېرىش-دېموكراتىك

نازارەتچىلىك قىلىش توغرىسىدىكى ۋاقىتلىق بەلگىلىمىسى» خەلق سىياسىي مەسلىھەت كېڭىشىنى مىللىي خىزمەتنى قانات يايدۇرۇش نىزامىغا ئىگە قىلدى.

خەلق سىياسىي مەسلىھەت كېڭىشىنىڭ مىللىي خىزمەت مەسئۇلىيىتى تەشكىلىي جەھەتتە كاپالەتكە ئىگە. 1-نۆۋەتلىك سىياسىي كېڭەشتىن 6-نۆۋەتلىك سىياسىي كېڭەشكىچە ئۇنىڭ مەملىكەتلىك كومىتېتىدا مىللەتلەر گۇرۇپپىسى تەسىس قىلىنغانىدى. 7-نۆۋەتلىك سىياسىي كېڭەشتە، مىللەتلەر گۇرۇپپىسى ئورنىغا مىللەتلەر كومىتېتى تەسىس قىلىندى. مىللەتلەر كومىتېتى ھەقىقەتەنمۇ مىللىي خىزمەت ئۈچۈن تەسىس قىلىنغان. ئۇنىڭ ئاساسىي ۋەزىپىسى ئۈچ: (1) ھۆكۈمەتنىڭ مىللىي سىياسەتنى تەشۋىق قىلىشىغا ۋە ئىزچىللاشتۇرۇشىغا ياردەملىشىش، مىللىي خىزمەتتە ساقلىنىۋاتقان مەسىلىلەرنى ئەكس ئەتتۈرۈش؛ (2) ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ۋەكىل زاتلىرى بىلەن مۇناسىۋەت باغلاش، ئۇلارنىڭ پىكرىنى ئەكس ئەتتۈرۈش، مىللىي ئىتتىپاقلىقنى كۈچەيتىش؛ (3) ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىنىڭ ئىقتىساد ۋە مەدەنىيەت، مائارىپ جەھەتتىكى تەرەققىيات ئەھۋالىنى ئىگىلەش ۋە تەكلىپ بېرىش. سىياسىي كېڭەش مىللەتلەر كومىتېتى ئۈستىگە ئالغان مەسئۇلىيەت پۈتكۈل سىياسىي كېڭەشنىڭ مىللىي خىزمەت جەھەتتىكى ۋەزىپىسىنىڭ كونكرېتلاشتۇرۇلۇشى دېمەكتۇر، دەرۋەقە، بۇ سىياسىي كېڭەشنىڭ مىللىي خىزمەت جەھەتتە ئوينايدىغان رولىنىڭ ھەممىسىنى بىلدۈرمەيدۇ.

ئەمدى بىز 40 يىلدىن بۇيانقى ئەمەلىيەتنى ئەسلەپ باقايلى.

خەلق سىياسىي مەسلىھەت كېڭەشىنىڭ مىللىي خىزمەت سېپىدە ئۆزىگە خاس ئىستىھكامى، ئۆزىگە خاس نەتىجىسى بار. سىياسىي كېڭەشنىڭ بىرمۇنچە ئەزالىرى تولۇپ تاشقان قىزغىنلىق ۋە سەمىمىيەتلىك بىلەن، يىغىنلاردا ئەستايىدىل پىكىر بايان قى-لىپ، مىللىي خىزمەت ھەققىدە مەسلىھەت بەردى ۋە ئەقىل كۆرسەتتى؛ چىن مېھرى ۋە يۈرەك قېنىنى سىڭدۈرۈپ، مىللىي ئىتتىپاقلىق-تەرەققىيات پىلانى ئۈستىدە تەكلىپ بەردى؛ تاغ-داۋانلارنى ئېشىپ، سۇلارنى كېچىپ، مىللىي رايونلارنىڭ ئىق-تىسادىي تەرەققىياتى ۋە مەدەنىيەت تەرەققىياتىنى تەكشۈرۈپ دەلىللىدى؛ دۆلەتنى ۋە مىللەتنى پارچىلاشقا ئۇرۇنغان مۇناپىق-لارنى مەردانىلىك بىلەن قاتتىق ئەيىبلىدى. . . سىياسىي مەس-لىھەت كېڭەشى مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە تۈزۈمىنى ئورنىتىش ۋە يولغا قويۇش، مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومى-يە قانۇنىنى تۈزۈش ۋە يولغا قويۇش، مىللىي رايونلارنى تەرەق-قىي قىلدۇرۇش ۋە گۈللەندۈرۈش مىللىي مائارىپنى راۋاجلاندۇ-رۇش ۋە يۇقىرى كۆتۈرۈش، مىللىي مەدەنىيەتكە ۋارىسلىق قىلىش ۋە مىللىي مەدەنىيەت يارىتىش قاتارلىق جەھەتلەردە پىكىر بايان قىلدى ۋە ئەمەلىي ئىش قىلدى، ئەجىر سىڭدۈردى ۋە خىزمەت كۆرسەتتى. ھەر دەرىجىلىك سىياسىي كېڭەشلەر ۋە سىياسىي كېڭەشكە تەۋە ھەرقايسى ساھەلەر مىللىي خىزمەت ئۈچۈن ئۆز تۆھپىسىنى قوشتى. دېموكراتىك پارتىيە-گۇرۇھ-لارنىڭ ۋە سودا-سانائەتچىلەر بىرلەشمىسىنىڭ چېگرا رايونلارغا ئەقلىي مەدەت بېرىشىنى ئالساق، گۈيجۇ ئۆلكىسىنىڭ بىجيې ۋىلايىتى، گۇاڭشى ئاپتونوم رايونىنىڭ بەيسى ۋىلايىتى، گەنسۇ

ئۆلكىسىنىڭ خۇيىنىڭ ناھىيىسى قاتارلىق نامرات جايلاردا دې-
موكراتىك پارتىيە-گۇرۇھلار بىلەن سودا-سانائەتچىلەر بىرلەش-
مىسىنىڭ نامراتلارنى يۆلەش بويىچە ئالاقىلىشىش نۇقتىسى بار.
بىر تامچە سۇدا پۇتكۇل قۇياشنىڭ شولىسى كۆرۈنىدۇ دېگەن-
دەك، نامرات رايونلاردا قۇرۇلغان ئاشۇ ئالاقىلىشىش نۇقتىلىرى-
دىن خەلق سىياسىي مەسلىھەت كېڭىشىنىڭ ئاز سانلىق مىللەت-
لەرگە ۋە ئاز سانلىق مىللەت خىزمىتىگە بېغىشلىغان چېن
مېھرىنى ئېنىق كۆرۈشكە بولىدۇ. دېموكراتىك دۆلەت قۇرۇش
جەمئىيىتى بىلەن سودا-سانائەتچىلەر بىرلەشمىسىنىڭ 1988-
يىلىلا چېگرا رايونغا ياردەم بېرىشكە ئەۋەتكەن خادىملىرى 1173
ئادەم قېتىمغا يەتتى، ئۇلار كونا ئىنقىلابىي تايانچ بازىلار، ئاز
سانلىق مىللەت رايونلىرى، چېگرا رايونلار ۋە نامرات رايونلاردى-
كى 397 كارخانىغا مەسلىھەتچىلىك قىلدى، 356 تۈر بويىچە
ۋەزىپىسىنى ئورۇندىدى، 1421 كەسپىي خادىم ۋە تېخنىكا خا-
دىمنى تەربىيىلەپ يېتىشتۈردى.

## ئالاھىدىلىك ۋە ئۈستۈنلۈك

خەلق سىياسىي مەسلىھەت كېڭىشى مىللىي خىزمەتنى ئەل-
ۋەتتە مىللىي مەسىلىنى بىر تەرەپ قىلىشتا دېموكراتىك يول
بىلەن نازارەتچىلىك قىلىش، سىياسىي مەسلىھەت بېرىش يولى
بىلەن ئىشلەيدۇ، لېكىن، كونكرېت خىزمەتتە ئۇنىڭ ئۆزىگە
خاس ئالاھىدىلىكى بار. بۇنداق ئالاھىدىلىكنى ئومۇمەن مۇنۇ
ئۈچ چوڭ جەھەتكە يىغىنچاقلاشقا بولىدۇ:

بىرىنچى، بىۋاسىتە قاتنىشىش بىلەن ۋاسىتىلىك قاتنىشىشنى بىرلەشتۈرۈش. بىۋاسىتە قاتنىشىش دېگىنىمىز تەكشۈرۈشكە ۋە تەدبىرلەرنى دەلىللەشكە قاتنىشىشنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ۋاسىتىلىك قاتنىشىش دېگىنىمىز تەكلىپ بېرىش، مەسلىھەتچىلىك قىلىش، نازارەتچىلىك قىلىش قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. بۇ ئىككىسى بەزىدە ئانچە روشەن پەرقلەنمەيدۇ؛ لېكىن بۇنىڭدىن سىياسىي كېڭەشنىڭ مىللىي خىزمەتتىكى كەڭ پائالىيەت دائىرىسىنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇ.

ئىككىنچى، ئىچكى كۈچنى ئىشقا سېلىش بىلەن سىرتقى كۈچتىن كەڭ پايدىلىنىشنى بىرلەشتۈرۈش. سىياسىي كېڭەش مىللىي خىزمەتنى ئىشلەشتە ئۆزىنىڭ كۈچىنى ئىشقا سېلىش يەنى سىياسىي كېڭەش ئەزالىرىنىڭ رولىنى جارى قىلدۇرۇش بىلەنلا قالماي، سىياسىي كېڭەش مۇناسىۋەت باغلىغان ئىجتىمائىي كۈچلەر ئارقىلىق، ھەر ساھەدىكىلەرنىڭ ئاكتىپلىقىنى قوزغاپ بىرلىكتە ئىش ئېلىپ بارالايدۇ.

ئۈچىنچى، كۆپ خىل شەكىل قوللىنىش، ئەقلىي كۈچنى ئالدىنقى ئورۇنغا قويۇش. مىللىي خىزمەت سىياسىي، ئىقتىسادىي ساھە ۋە مەدەنىيەت ساھەسىگە تاقالغاچقا، سىياسىي كېڭەش ئۆزىنىڭ ئەقلىي كۈچ ئۈستۈنلۈكىنى تولۇق جارى قىلدۇرالايدۇ، سىياسىي كېڭەش ئەزالىرى ئۆزلىرىنىڭ بىلىمى ۋە ئەقىل-پاراسىتىنى مىللىي خىزمەت ساھەسىدە ئوبدان ئىشقا سالالايدۇ.

خەلق سىياسىي مەسلىھەت كېڭىشىنىڭ مىللىي خىزمەت ئىشلەشتىكى ئۈستۈنلۈكى:

بىرىنچى، مىللىي تەركىب جەھەتتىكى ئۈستۈنلۈكى. سىياسىي كېڭەش ئەزالىرى كۆپ مىللەتتىن تەركىب تاپقاچقا، ئۇلارنىڭ ھەرقايسى مىللەتلەر بىلەن تەبىئىي ئالاقىسى بار، ئۇلارنىڭ مىللىي خىزمەتكە بولغان مەسئۇلىيەتچانلىقى كۈچلۈك. مىللىي خىزمەتتە كۆرۈلگەن ئىلگىرىلەش ياكى چېكىنىش، ئۇتۇق ياكى سەۋەنلىك ئۇلارغا ۋاستە ئارقىلىق ئەمەس، بىۋاسىتە تەسىر قىلىدۇ. ئۇلارنىڭ ئۆز مىللىتى بىلەن بولغان قان بىلەن گۆشتەك مۇناسىۋىتى مىللىي رايونلارنىڭ ئەھۋالىنى بىرقەدەر ھەقىقىي ۋە بىرقەدەر كەڭ چۈشىنىشكە، ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ يۈرەك ساداسىنى ئاڭلاپ تۇرۇشىغا ئىمكان بېرىدۇ. شۇنىمۇ كۆرسىتىپ ئۆتۈش كېرەككى، سىياسىي كېڭەش ئەزالىرى مىللىي مۇناسىۋەت جەھەتتىكى مەسىلىلەرنى بىر تەرەپ قىلىشقا قاتناشسا، مىللىي رايونلارنىڭ ئىجتىمائىي خاتىرجەملىكىنى ۋە مىللىي ئىتتىپاقلىقىنى قوغداش خىزمىتىنى ئىشلىسە، ئادەتتىكى كىشىلەر ئوينىيالمايدىغان ئالاھىدە روللارنى ئوينىشى مۇمكىن.

ئىككىنچى، كەڭ ئالاقە ئۈستۈنلۈكى. دۆلىتىمىزنىڭ سىياسىي ھاياتىدا ۋە ئىجتىمائىي ھاياتتا مۇھىم ئورۇن تۇتۇۋاتقان خەلق سىياسىي مەسلىھەت كېڭىشى ئەڭ كەڭ ۋەكىللىك خاراكتېرىگە ئىگە بىرلىك سەپ تەشكىلاتىدۇر. ھازىرقى خەلق سىياسىي مەسلىھەت كېڭىشى 30 نەچچە ساھەدىن تەركىب تاپقان، جەمئىيەتنىڭ ھەممە ساھەسى بىلەن ئالاقە باغلىغان. دۆلىتىمىزنىڭ ئاساسىي قانۇنىدىكى بەلگىلىمىگە ئاساسەن، خەلق سىياسىي مەسلىھەت كېڭىشى دۆلەتنىڭ مۇھىم فاكۇلتېتلىرى ۋە ئامىنىڭ

تۈرمۇشىدىكى مۇھىم مەسىلىلەر ئۈستىدە سىياسىي مەسلىھەت ئېلىپ بارىدۇ ھەمدە تەكلىپ ۋە تەنقىد بېرىش ئارقىلىق دېموك-راتىك يول بىلەن نازارەتچىلىك قىلىش رولىنى جارى قىلدۇر-دۇ. خەلق سىياسىي مەسلىھەت كېڭىشىنىڭ مىللىي خىزمەت توغرىسىدىكى پىكىر، تەنقىد ۋە تەكلىپلىرى ئەلۋەتتە ئېتىبارغا ئىگە بولىدۇ. ئالايلۇق، ئالاقىدار تارماقلار سىياسىي كېڭەش ئەزالىرى قويغان تەكلىپكە ئەستايىدىل مۇئامىلە قىلىدۇ، ئېنىق جاۋاب بېرىدۇ، سىياسىي كېڭەش ئەزالىرى شۇنىڭ بىلەن مىل-لىي خىزمەتكە بىۋاستە تەسىر كۆرسىتەلەيدۇ.

ئۈچىنچى، ئەقلىي كۈچ ئۈستۈنلۈكى. خەلق سىياسىي مەسلىھەت كېڭىشى شۇنداق بىر غايەت زور ئەقلىي خەزىنىدۇر-كى، ئۇنىڭدا ئىختىساسلىق خادىملار ناھايىتى كۆپ، يەنە كېلىپ سەۋىيىسى يۇقىرى، تارماقلىرى تولۇق دېگەن ئالاھىدىلىككە ئىگە، ئۇنىڭدا ئىقتىساد، مائارىپ، مەدەنىيەت، پەن-تېخنىكا، قانۇن قاتارلىق ساھەلەردىكى مۇتەخەسسىس ۋە ئالىملارنىڭ ھەم-مىسى تېپىلىدۇ. بۇ ھال سىياسىي كېڭەش ئەزالىرىنى ئۆز كارامىتىنى كۆرسىتىدىغان كەڭ زېمىنغا ئىگە قىلسا، مىللىي خىزمەتنىمۇ كۈچلۈك مەنۋى تۈرتكىگە ئىگە قىلىدۇ.

تۆتىنچى، تەشكىلىي جەھەتتىكى ئۈستۈنلۈك. جۇڭگو خەلق سىياسىي مەسلىھەت كېڭىشى مەملىكەتلىك كومىتېتىنى ۋە يەرلىك كومىتېتلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ، ھازىر ئۆلكە، ئاپتونوم رايون، بىۋاستە قاراشلىق شەھەرلەردىمۇ، ۋىلايەت دەرىجىلىك شەھەر، ئوبلاست، ناھىيە، شەھەرگە قاراشلىق را-يونلاردىمۇ سىياسىي كېڭەش تەشكىلاتى بار. سانلىق مەلۇماتتىن

قارىغاندا، ھازىرغا قەدەر مەملىكەت بويىچە قۇرۇلغان سىياسىي كېڭەش تەشكىلاتى 3000 دىن ئاشىدۇ، ھەر دەرىجىلىك سىياسىي كېڭەش تەشكىلاتلىرىغا ئەزا بولغانلار 400 مىڭدىن ئاشىدۇ. بۇ— ئادەم سانى كۆپ بىر قوشۇن. شۇنداقلا غايەت زور يوشۇ-رۇن كۈچكە ئىگە قوشۇن، بۇ قوشۇن مىللىي خىزمەتتە نى-نى ئىشلارنى قىلالايدۇ. مەملىكەتلىك سىياسىي كېڭەشتە ۋە بىر-مۇنچە يەرلىك سىياسىي كېڭەشلەردە مىللەتلەر كومىتېتىمۇ تە-سىس قىلىندى، بۇنىڭ ئۆزى مىللىي خىزمەتنى تۈزۈم ئىزىغا سېلىش، دائىملىققا ئايلاندۇرۇش ئۈچۈن تېخىمۇ پايدىلىق. بو-لۇپمۇ مىللىي رايونلاردىكى، مەسىلەن شىنجاڭ، شىزاڭلاردىكى يەرلىك سىياسىي كېڭەشلەر مىللىي خىزمەتنى ئۆزلىرىنىڭ مۇ-ھىم بىر خىزمىتىگە ئايلاندۇردى.

## شەكىل ۋە مەزمۇن

خەلق سىياسىي مەسلىھەت كېڭىشى مىللىي خىزمەتنى خىلمۇخىل شەكىل ۋە مول مەزمۇندا ئېلىپ بارالايدۇ. دەرۋەقە، ئالدى بىلەن يېڭى دەۋردىكى مىللىي خىزمەتنىڭ ئومۇمىي يې-تەكچى ئىدىيىسىگە ۋە تۈپ ۋەزىپىسىگە بويسۇنۇپ، پارتىيە ۋە دۆلەتنىڭ مىللىي سىياسەت ۋە قانۇن-نىزاملىرىنى ئەستايىدىل ئىزچىللاشتۇرۇش ۋە ئىجرا قىلىش، تۆت ئاساسىي پرىنسىپتا، دۆلەتنىڭ ئىسلاھات ئېلىپ بېرىش-ئىشىكنى ئېچىۋېتىشتىن ئى-بارەت ئاساسىي سىياسىتىدە چىڭ تۇرۇش، ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىنىڭ ۋە ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ئەمەلىيىتىگە زىچ

بىرلەشتۈرۈپ، مىللەتلەرنىڭ باراۋەرلىكى، ئۆزئارا ياردىمى،
ئىتتىپاقلىقى-ھەمكارلىقى، ئورتاق گۈللىنىشى يولىدا تىرىش-
چانلىق كۆرسىتىش لازىم. ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشنى مەركەز قى-
لىپ، ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ سىياسىي، ئىقتىسادىي ئىشلى-
رى ۋە مەدەنىيەت ئىشلىرىنى ئەتراپلىق راۋاجلاندۇرۇش، مىل-
لىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە تۈزۈمىنى مۇستەھكەملەش ۋە
مۇكەممەللەشتۈرۈش، سوتسىيالىستىك يېڭى مىللىي مۇناسىۋەت-
نى ئۈزلۈكسىز مۇستەھكەملەش، مىللەتلەرنىڭ ئورتاق تەرەق-
قىي تېپىشى ۋە يۈكسىلىشىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش لازىم. نۆۋەتتە
7-ئومۇمىي يىغىننىڭ روھىنى ئىزچىللاشتۇرۇش، ۋەتەننىڭ
بىرلىكىنى ۋە مىللەتلەرنىڭ ئىتتىپاقلىقىنى قوغداش، مىللىي
رايونلارنىڭ ۋە پۈتۈن مەملىكەتنىڭ مۇقىملىقىنى قوغداش، مىل-
لىي رايونلارنىڭ 8-بەش يىللىق پىلان مەزگىلىدىكى ۋە كەلگۈ-
سى ئون يىلدىكى تەرەققىياتىنى پۈتۈن مەملىكەتنىڭ تەرەققىياتى-
غا ماسلاشتۇرۇش ئىشلىرىنى ئاساسىي خىزمەت قىلىپ تۇتۇش
لازىم.

مىللىي خىزمەتتىكى ۋەزىپىلەرنى مەركەز قىلغاندا، خەلق
سىياسىي مەسلىھەت كېڭىشىنىڭ خىزمەت ئۇسۇلى ئاساسەن
مۇنداق بولىدۇ:

تەكشۈرۈش-تەتقىق قىلىش. كۆزدىن كەچۈرۈش، مەخ-
سۇس تېما بويىچە تەكشۈرۈش قاتارلىق يوللار بىلەن مىللىي
رايونلارنىڭ ئىقتىسادىي ۋە ئىجتىمائىي ئەھۋالىنى، خەلق ئاممى-
سىنىڭ ئارزۇ ۋە تەلەپلىرىنى، مىللىي سىياسەتنىڭ ئىجرا قى-
لىنىش ئەھۋالىنى بىلىش. ھەر خىل تەكشۈرۈش ئارقىلىق

تەپسىلىي ماتېرىيالغا ئىگە بولغاندا، سىياسىي كېڭەش ئەزالىرىـ
ـنى ئەھۋالدىن ۋاقىپلاندۇرۇپ، مىللىي خىزمەتتىكى سىياسىي
پائالىيەتلەرگە قاتنىشىش ۋە سىياسىي ئىشلار ئۈستىدە مۇھاكىمە
يۈرگۈزۈش ئىمكانىيىتىگە تېخىمۇ ئوبدان ئىگە قىلغىلى بولىدۇ.
بۇ ئەھۋاللارنى ئالاقىدار تارماقلارغا ئىنكاس قىلىپ، ئۇلارنىمۇ
ئەھۋالنى ئىگىلەپ، تەدبىر قوللىنىپ، خىزمەتنى ئالغا سۈرۈش
ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلغىلى بولىدۇ.
تەكلىپ بېرىش يەنى مىللىي خىزمەتنى قانداق ياخشى ئىشـ
ـلەش توغرىسىدا كونكرېت پىكىر بېرىش. بۇ پىكىرلەر بەزىدە
تەكلىپ قويۇش شەكلى بىلەن بېرىلسە بولىدۇ، سۆزگە چىقىش،
خەت يېزىش، ماقالە يېزىش، تەكشۈرۈش دوكلاتى يېزىش قاتارـ
ـلىق شەكىللەر ئارقىلىق ئەكس ئەتتۈرۈلسىمۇ بولىدۇ. تەكلىپـ
ـنىڭ مەزمۇنى خىزمەتنىڭ مۇھىم فاكجېنلىرىغا قارىتىلسا بولىـ
ـدۇ، بەزى كونكرېت ئىشلارغا قارىتىلسىمۇ بولىدۇ. تەكلىپ
مەلۇم بىر ئورگاننى نىشانلاپ بېرىلسىمۇ، مەلۇم بىر مەسئۇل
كىشىنى نىشانلاپ بېرىلسىمۇ بولىدۇ.
تەدبىر كۆرۈشكە قاتنىشىش. خەلق سىياسىي مەسلىھەت
كېڭىشىنىڭ مۇھىم بىر ۋەزىپىسى— سىياسىي پائالىيەتلەرگە
قاتنىشىش، سىياسىي ئىشلار ئۈستىدە مۇھاكىمە يۈرگۈزۈش.
بۇ ۋەزىپىنىڭ مىللىي خىزمەت جەھەتتىكى ئىپادىسى: مىللىي
خىزمەتنىڭ مۇھىم فاكجېنلىرى ئۈستىدىكى مۇھاكىمىگە قاتنىـ
ـشىش، مىللىي سىياسەت تۈزۈشكە قاتنىشىش، سىياسىي مەسـ
ـلىھەت مىللىي مەسىلىنى بىر تەرەپ قىلىش جەھەتتىكى مەسلىـ
ـھەتنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

مەسلىھەتچىلىك قىلىش. بۇ— خەلق سىياسىي مەسلىھەت
كېڭەشىنىڭ ئەقلىي كۈچ ئۈستۈنلۈكىنىڭ مىللىي خىزمەتكە
تەتبىق قىلىنىشى. سىياسىي كېڭەش بۇ جەھەتتە كەڭ پائالىيەت
زېمىنىغا ئىگە بولۇپ نى-نى ئىشلارنى قىلالايدۇ. ئۇ مەزمۇندىن
ئېيتقاندا، سىياسىي-ئىقتىسادىي ساھە، مائارىپ، مەدەنىيەت،
پەن-تېخنىكا ساھەسى قاتارلىق نۇرغۇن ساھەلەرگە تاقىلىدۇ،
سىياسىي كېڭەش ئەقلىي كۈچى ۋە قىزغىنلىقىنى بېغىشلىيالاي-
دىغان ئىشلارنى ساناپ تۈگەتكىلى بولمايدۇ. مىسال ئۈچۈن
مىللىي ئىقتىسادنىڭ تەرەققىياتىنى ئالساق، مەلۇم بىر رايوننىڭ
ئىقتىسادىي تەرەققىيات ستراتېگىيىسى، تەدبىرى ئۈستىدە مەس-
لىھەت بېرىشكە بولىدۇ، ياكى ئىقتىسادىي تارماقلارنىڭ مەلۇم
بىر كەسىپنى راۋاجلاندۇرۇش توغرىسىدا پىكىر بېرىشكە بولى-
دۇ، ۋە ياكى مەلۇم بىر قۇرۇلۇش، مەلۇم بىر تۈرنى ئورۇنلاش-
تۇرۇش، لايىھىلەش ۋە قۇرۇلۇشنى باشلاش قاتارلىق ئىشلارغا
ياردەم بېرىشكە بولىدۇ. ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىنىڭ تولى-
سى ئىقتىسادتا ئارقىدا قالغانلىقى تۈپەيلىدىن مەدەنىيەت، پەن--
تېخنىكا جەھەتتىمۇ ئارقىدا قالغاچقا، ئىختىساسلىق خادىملارغا
ۋە تېخنىكىغا ئىنتايىن مۇھتاج، شۇڭا، خەلق سىياسىي مەسلى-
ھەت كېڭەشىنىڭ ئەقلىي مەدەتكارلىقى گويا قىشنىڭ قاتتىق
سوغۇقىدا كۆمۈر يەتكۈزۈپ بەرگەندەك ھاجەتكە راۋا بولىدۇ.
كەڭ ئالاقە باغلاش. خەلق سىياسىي مەسلىھەت كېڭەشى-
نىڭ پائالىيەتلىرىدىكى روشەن بىر ئالاھىدىلىك كۆپلەپ دوست
تۇتۇشتا، ھەر مىللەت، ھەر ساھە زاتلىرىنىڭ ۋەتەنپەرۋەرلىك
ۋە سوتسىيالىزم بايرىقى ئاستىدا ئىتتىپاقلىشىپ، ھەمكارلى-

شىپ، بىرلىكتە كۈرەش قىلىشىدا ئىپادىلىنىدۇ. سىياسىي كېڭەش مىللەتلەر كومىتېتىنىڭ بىر ۋەزىپىسى ئاز سانلىق مىللەت زاتلىرى بىلەن ئالاقە باغلاشتىن ئىبارەت. كەڭ ئالاقە باغلاش ئارقىلىق پىكىر ئالماشتۇرغىلى، دوستلۇقنى كۈچەيتكىلى بولىدۇ، ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىنىڭ ۋە ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ئەھۋالى ۋە تەلىپىنى ۋاقتى-ۋاقتىدا ھەم ئەينەن بىلگىلى بولىدۇ. بۇنداق ئالاقە بارلىق ئىجابىي ئامىللارنى ئىشقا سېلىپ، مىللەتلەرنىڭ ئورتاق غايىسىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشتا ناھايىتى مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە.

تەشۋىق ئېلىپ بېرىش. پارتىيىنىڭ مىللىي سىياسىتىنى تەشۋىق قىلىش— سىياسىي كېڭەشنىڭ ۋەزىپىلىرىدىن بىرى، شۇنداقلا سىياسىي كېڭەشنىڭ مىللىي خىزمەت ئىشلەش ئۇسۇللىرىدىن بىرى. تەشۋىقات خىزمىتىنى ئالاقىدار تەرەپلەرگە ماسلىشىپ ئىشلەشنى ھېسابقا ئالمىغاندا، ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىكى بار. ئۇ نەزەرىيىۋى ماقالە يېزىش، ئەسلىمە يېزىش ئارقىلىق تەشۋىقات ئېلىپ بارسا بولىدۇ، خىزمەتنى كۆزدىن كەچۈرۈش، مەسىلىلەر ئۈستىدە مۇھاكىمە ئېلىپ بېرىش ۋاقتىدا تەشۋىقات ئېلىپ بارسا بولىدۇ، مەخسۇس تېما بويىچە لېكسىيە سۆزلەش، نەزەرىيە ئۈستىدە مۇھاكىمە ئېلىپ بېرىش قاتارلىق ئىلمىي پائالىيەتلەر ئارقىلىق تەشۋىقات ئېلىپ بارسىمۇ بولىدۇ. سىياسىي كېڭەش ئەزالىرىنىڭ بىلىم مەلۇماتى ۋە كەچۈرمىشلىرى بۇنداق تەشۋىقاتنى كۆپ ھاللاردا يۇقىرى سەۋىيىگە ۋە بىر قەدەر كۈچلۈك قايىل قىلىش كۈچىگە ئىگە قىلىدۇ. بۇنىڭدىن باشقا، مەملىكەتلىك سىياسىي كېڭەش ۋە بەزى يەرلىك سىياسىي

كېڭەشلەر چىقىرىۋاتقان گېزىت، ژۇرناللارمۇ بار، بۇ مىللىي سىياسەت تەشۋىقاتىدا ئىجابىي رول ئويناي‌دۇ.

نازارەتچىلىك قىلىش. خەلق سىياسىي مەسلىھەت كېڭىشىنىڭ دېموكراتىك نازارەتچىلىكى مىللىي خىزمەتتىكى ئۆزگىچە نازارەتچىلىكنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ، ئەلۋەتتە. جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى — ھاكىمىيەت بېشىدىكى پارتىيە، شۇڭا، بۇنداق نازارەتچىلىك مىللىي خىزمەتتە كۆپرەك دېموكراتىك پارتىيە ـ گۇرۇھلارنىڭ جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ ھەر دەرىجىلىك كومىتېتلىرى ۋە ھۆكۈمەت تارماقلىرى ئۈستىدىكى نازارەتچىلىكى بولۇپ ئىپادىلىنىدۇ. خەلق سىياسىي مەسلىھەت كېڭىشىنىڭ نازارەتچىلىكى يۇقىرى قاتلاملىق ۋە كۆپ قاتلاملىق ئالاھىدىلىككە ئىگە، بۇنى سىياسىي كېڭەشنىڭ ئورنى ۋە تەشكىلىي سىستېمىسى بەلگىلىگەن. بۇ نازارەتچىلىك تەدبىر كۆرۈش جەريانىدىكى نازارەتچىلىك بولۇشى مۇمكىن، سىياسەتنى ئىجرا قىلىش، قانۇنغا ئەمەل قىلىش جەھەتتىكى نازارەتچىلىك بولۇشىمۇ مۇمكىن. پارتىيە ـ ھۆكۈمەت ئورگانلىرى ئۈستىدىكى نازارەتچىلىك بولۇشى مۇمكىن، پارتىيە ـ ھۆكۈمەت ئورگانلىرىنىڭ خادىملىرى ئۈستىدىكى نازارەتچىلىك بولۇشىمۇ مۇمكىن. بۇنداق نازارەتچىلىك مىللىي خىزمەتنى توغرا يولنى بويلاپ ئالغا ئىلگىرىلىتىشتىمۇ، مىللىي خىزمەت سەۋىيىسىنى ئۆستۈرۈشتىمۇ ئىجابىي رول ئوينايدۇ.

دەرۋەقە، خەلق سىياسىي مەسلىھەت كېڭىشى مىللىي خىزمەتنى ياخشى ئىشلەش ئۈچۈن، ئۆزى تىرىشچانلىق كۆرسەتكەندىن تاشقىرى، باشقا تارماقلارنىڭ ماسلىشىشىنى، قولايلىق

تۇغدۇرۇپ بېرىشنى ۋە شارائىت يارىتىپ بېرىشنى تەلەپ قىلىدۇ. دەۋرنىڭ تەرەققىياتى، سوتسىيالىستىك دېموكراتىيە-قانۇنچىلىقنىڭ كۈچەيتىلىشى ئارقىسىدا، خەلق سىياسىي مەسلىھەت كېڭىشى مىللىي خىزمەتتە ئۈزلۈكسىز يېڭىلىق يارىتىدۇ ۋە ئۇنىڭغا يېڭى تۆھپە قوشىدۇ.

# ئۇلۇغ مۇۋەپپەقىيەت، گۈزەل ئىستىقبال*

(1991-يىل 5-ئاينىڭ 23-كۈنى)

بۈگۈن— 5-ئاينىڭ 23-كۈنى جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيە-تىنىڭ تارىخىدا مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە بىر كۈن، شىزاڭ خەلقىنىڭ مەڭگۈ خاتىرىلىشىگە ۋە تەبرىكلىشىگە ئەرزىيدىغان بىر كۈن، شۇنداقلا پۈتۈن مەملىكەتتىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ مەڭگۈ خاتىرىلىشىگە ۋە تەبرىكلىشىگە ئەرزىيدىغان بىر كۈن. بۇنىڭدىن 40 يىل بۇرۇنقى بۈگۈنكى كۈندە، مەركىزىي خەلق ھۆكۈمىتى بىلەن شىزاڭ يەرلىك ھۆكۈمىتى بېيجىڭدا «مەركە-زىي خەلق ھۆكۈمىتى بىلەن شىزاڭ يەرلىك ھۆكۈمىتىنىڭ شىزاڭنى تىنچ يول بىلەن ئازاد قىلىش چارىسى توغرىسىدىكى كېلىشىم» نى رەسمىي ئىمزالىدى. بۇ دەۋر بۆلگۈچ ئەھمىيەتكە ئىگە ۋەقە بولدى، ئۇ شىزاڭنىڭ شۇنىڭدىن ئېتىبارەن جاھان-گىرلىكنىڭ تاجاۋۇزىدىن ۋە بويۇنتۇرۇقىدىن مەڭگۈ قۇتۇلۇپ، بۆلگۈنچى ئۇنسۇرلارنىڭ ۋەتەننى پارچىلاش قەستىنى تارمار قى-

---

* بۇ— يولداش ئىسمائىل ئەھمەدنىڭ شىزاڭنىڭ تىنچ يول بىلەن ئازاد قىلىنغانلىقىنىڭ 40 يىللىقىنى خاتىرىلەش مۇناسىۋىتى بىلەن ئۆتكۈ-زۈلگەن سۆھبەت يىغىنىدا سۆزلىگەن سۆزى.

لىپ، تارىخنىڭ يېڭى دەۋرىنى باشلىۋەتكەنلىكىنى تەنتەنە بىلەن جاكارلىدى، ئۇ جۇڭگونىڭ چوڭ قۇرۇقلۇق رايونلىرىدا بىرلىكنى ئەمەلگە ئاشۇرغانلىقى، شىزاڭ خەلقىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ھەر مىللەت خەلقىنىڭ يېڭى تارىخىي شارائىتتا ئىتتىپاقلىشىپ ۋە ھەمكارلىشىپ، دۆلەتنى گۈللەندۈرىدىغان ۋە مىللەتنى روناق تاپقۇزىدىغان ئۇلۇغۋار مۇساپىنى باشلىۋەتكەنلىكىدىنمۇ دېرەك بەردى.

بىرنەچچە كۈننىڭ ئالدىدا، لى پېڭ زۇڭلى شىزاڭنىڭ تىنچ يول بىلەن ئازاد قىلىنغانلىقىنىڭ 40 يىللىقى مۇناسىۋىتى بىلەن شىنخۇا ئاگېنتلىقى مۇخبىرىنىڭ زىيارىتىنى قوبۇل قىلدى. ئۇنىڭ سۆزى بىزنى شىزاڭنىڭ تىنچ يول بىلەن ئازاد قىلىنغانلىقىنىڭ ئۇلۇغ ئەھمىيىتى ھەققىدە تېخىمۇ چوڭقۇر تونۇشقا ئىگە قىلدى؛ ئۇنىڭ سۆزى شىزاڭنىڭ خىزمىتىنى يەنىمۇ ئوبدان ئىشلەپ، ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى قەتئىي قوغداش ۋە مىللەتلەرنىڭ ئىتتىپاقلىقى ۋە تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈشتە مۇھىم يېتەكچى رول ئوينايدۇ.

40 يىل ئىنسانىيەت تارىخىي تەرەققىياتىنىڭ ئۇزاق جەريانىدا قىسقىغىنە بىر ۋاقىت، شۇنداقتىمۇ، شىزاڭ ئالغا قاراپ غايەت چوڭ قەدەم تاشلىدى، ئۇ يەردە ئاجايىپ زور ئۆزگىرىشلەر يۈز بەردى، پۈتۈن دۇنيانىڭ دىققىتىنى تارتقۇدەك مۇۋەپپەقىيەتلەر قولغا كەلدى.

شىزاڭ تىنچ يول بىلەن ئازاد قىلىنغاندىن كېيىن، دېموكراتىك ئىسلاھات ئارقىلىق ۋەھشىي، قالاق، فېئوداللىق يانچىلىق تۈزۈمىنى ئۈزۈل-كېسىل بىكار قىلىپ، سوتسىيالىستىك

جەمئىيەتكە قەدەم قويۇپ، ئۇلۇغ ئىجتىمائىي ئۆزگىرىشنى ئىش-
قا ئاشۇردى. زاڭزۇلار باشقا مىللەت خەلقى بىلەن بىللە سوتسى-
يالىزمنىڭ داغدام يولىدا ماڭدى. بۇ شىزاڭ خەلقىنىڭ مۇقەر-
رەر تاللىۋالغان يولى، شۇنداقلا تارىخىي تەرەققىياتنىڭ مۇقەر-
رەر يۈزلىنىشى.

سىنىپىي زۇلۇم ۋە مىللىي زۇلۇم تۈزۈمىنىڭ بىكار قىلى-
نىشى ئارقىسىدا، زاڭزۇلار ۋەتىنىمىز چوڭ ئائىلىسىنىڭ بارا-
ۋەر ئەزاسىغا ئايلاندى. كەڭ زاڭزۇ خەلقى ئۆزىدىكى بويۇنتۇ-
رۇقنى پاچاقلاپ تاشلاپ، قەد كۆتۈرۈپ ئازادلىققا چىقىش بىلەن
ئۆز تەقدىرىنىڭ خوجىسىغا ئايلاندى ھەمدە پۈتۈن مەملىكەتتىكى
ھەر مىللەت خەلقى بىلەن بىرلىكتە دۆلەتنىڭ خوجايىنىغا ئايلان-
دى. زاڭزۇ خەلقى قانۇن بويىچە كەڭ دائىرىلىك ھوقۇق ۋە
ئەركىنلىكتىن، جۇملىدىن سىياسىي ھوقۇق، ئىقتىسادىي ھو-
قۇق، مەدەنىيەت ھوقۇقى، بىلىم ئېلىش ھوقۇقى، ئەمگەك
قىلىش-ئىشقا ئورۇنلىشىش ھوقۇقى، ئىجتىمائىي كاپالەتكە ئى-
گە بولۇش ھوقۇقى، دىنغا ئېتىقاد قىلىش ئەركىنلىكى، ئۆزى-
نىڭ ئۆرپ-ئادەتلىرىنى ساقلاش ۋە ئىسلاھ قىلىش ئەركىنلىكى
دېگەنگە ئوخشاش ھوقۇق ۋە ئەركىنلىكلەردىن بەھرىمەن بولدى.
ئەگەر كىشىلىك ھوقۇقى تەكىتلىنىدىغان بولسا، چىن مەنىدىكى
كىشىلىك ھوقۇقى ئەنە شۇ، بۇنى ھەرقانداق خاندانلىق ۋە ھەر-
قانداق تۈزۈم بىلەن تەڭلەشتۈرۈش زادى مۇمكىن ئەمەس.

دۆلەتنىڭ بىر تۇتاش رەھبەرلىكىدە، شىزاڭدا مىللىي تېر-
رىتورىيىلىك ئاپتونومىيە يولغا قويۇلدى، زاڭزۇ خەلقى ئۆز
مىللىتىنىڭ، ئۆز جايىنىڭ ئىچكى ئىشلىرىنى باشقۇرۇش ھوقۇ-

قىنى يۈرگۈزدى. 37 مىڭ كىشىلىك ئاز سانلىق مىللەت كادىر-
لار قوشۇنى مەيدانغا كەلدى، ئاپتونوم رايون بويىچە ئاز سانلىق
مىللەت كادىرلىرى ئومۇمىي كادىرلار سانىنىڭ 66.6
پىرسەنتىنى تەشكىل قىلدى. بۇ تۈزۈم ۋەتىنىمىزنىڭ باشقا
رايونلىرىدىكىگە ئوخشاشلا مۇۋەپپەقىيەتكە ئېرىشىپ، ھەر مىل-
لەت خەلقىنىڭ ھەقىقىي ھىمايىسىگە مۇيەسسەر بولدى.

شىنجاڭ ئاپتونوم رايونىنىڭ ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشى كۆپ
تەرەپلىك مۇۋەپپەقىيەتلەرگە ئېرىشتى. ئەنئەنىۋى كەسپلەر
جانلاندى، ئۆتكەن يىلى دېھقانچىلىق-چارۋىچىلىقنىڭ ئومۇمىي
مەھسۇلات قىممىتى 1952-يىلدىكىنىڭ تۆت ھەسسىسىدىن ئې-
شىپ كەتتى. مىللىي قول سانائەتمۇ ناھايىتى زور تەرەققىياتلار-
غا ئېرىشتى؛ زامانىۋى سانائەت دەسلەپكى كۆلەمگە ئىگە بولدى،
ئۆتمۈشتە بىر تال يىڭنىمۇ ئىشلەپچىقىرالمايدىغان شىنجاڭدا ئۆ-
زىنىڭ زامانىۋى سانائەت سىستېمىسى پەيدىنپەي بەرپا قىلىندى،
260دىن ئوشۇق زامانىۋى سانائەت كارخانىلىرى قۇرۇلدى، قات-
ناش ئىشلىرى تېز راۋاجلاندى، پۈتۈن ئاپتونوم رايوندا 15 غول
لىنىيە ۋە 315 تارماق لىنىيىدىن تاشيول قاتنىشى تورى ھاسىل
بولدى، ھاۋا قاتناش لىنىيىسى مەملىكەت ئىچى ۋە سىرتىدىكى
قاتناش لىنىيىلىرى بىلەن تۇتىشىپ كەتتى، دۇنيانىڭ ئۆگزىسى
ۋەتىنىمىزنىڭ ھەرقايسى جايلىرى بىلەن چەمبەرچاس ئالاقە باغ-
لىدى.

مائارىپ، پەن-تېخنىكا، مەدەنىيەت ئىشلىرى جۇش ئۇرۇپ
راۋاجلاندى. شىنجاڭدا ئۆزىنىڭ ئالاھىدىلىكىگە ئىگە مىللىي مائا-
رىپ سىستېمىسى بارلىققا كەلدى. پەقەت 1980-يىلدىن بۇيان

شىزاڭدىكى ھەر دەرىجىلىك، ھەر خىل مەكتەپلەردە زاڭزۇ
ئوقۇغۇچىلار ئاساس قىلىنغان ھەر مىللەت ئوقۇغۇچىلىرىدىن
90 نەچچە مىڭ كىشى تەربىيىلەندى. بۇنىڭ ئىچىدە ئالىي مەك-
تەپ ۋە تېخنىكومنى پۈتتۈرگەن ئوقۇغۇچىلار 8000 غا يېقىن-
لاشتى. ئىلگىرى يوق دېيەرلىك زامانىۋى پەن-تېخنىكا شىزاڭ-
دىن ئورۇن ئالدى ۋە راۋاجلاندى؛ شىزاڭنىڭ رەڭگارەڭ ھۆس-
نىگە ئىگە ئەنئەنىۋى مەدەنىيىتى داۋاملاشتۇرۇلدى ۋە راۋاجلان-
دۇرۇلدى، ئەتىۋارلىق مەدەنىيەت مىراسلىرى قوغدالدى، رادى-
ئو-تېلېۋىزىيە، كىنو ئىشلىرى يوقلۇقتىن بارلىققا كەلدى؛
زاڭزۇ تىل-يېزىقى ھۆرمەتكە ئىگە بولدى ۋە كەڭ قوللىنىلدى.
ھازىر شىزاڭدا زاڭزۇ، خەنزۇ تىل-يېزىقىنى تەڭ قوللىنىش،
زاڭزۇ تىلىنى ئاساس قىلىش پرىنسىپى يول قويۇلۇۋاتىدۇ.

ئىقتىسادىي تەرەققىيات، ئورتاق بېيىش يولى شىزاڭ خەل-
قىنىڭ ماددىي ۋە مەدەنىي تۇرمۇش سەۋىيىسىنىڭ ئۈزلۈكسىز
ياخشىلىنىشىغا ۋە ئۆسۈشىگە ئىمكانىيەت تۇغدۇردى، كۆپ سان-
دىكى ئاممىنىڭ كىيىمى پۈتۈن، قورسىقى توق بولۇش مەسىلە-
سى دەسلەپكى قەدەمدە ھەل قىلىندى، بىر قىسىم كىشىلەر
باياشات تۇرمۇش كۆچۈرىدىغان بولدى. خەلقنىڭ سالامەتلىك
سەۋىيىسى ئۆستى. كىشىلەرنىڭ ئوتتۇرىچە ئۆمرى كۆپ ئۇزار-
دى، نوپۇسنىڭ كۆپىيىشى ناھايىتى تېز بولدى، شىزاڭدا زاڭزۇ
ئاھالىسى 1951-يىلدىكى تەخمىنەن بىر مىليوندىن كۆپىيىپ،
بولتۇر مەملىكەت بويىچە 4-قېتىملىق ئومۇميۈزلۈك ئېلىپ
بېرىلغان نوپۇس تەكشۈرۈش ۋاقتىدىكى 2 مىليون 96 مىڭغا
يەتتى، بۇ شىزاڭدىكى ئومۇمىي ئاھالىنىڭ 94.46 پىرسەنتىنى

تەشكىل قىلىدۇ.

ھەر مىللەت خەلقى مۇستەھكەم ئىتتىپاقلىشىپ، بىر-بىر-
رىگە باراۋەرلىك بىلەن مۇئامىلە قىلىپ، بىر-بىرىگە ئىشىنىپ
ۋە ياردەملىشىپ، بىرلىكتە گۈزەل يېڭى ھايات قۇرماقتا. ھەر
مىللەت خەلقى سوتسىيالىزمغا قەتئىي ئىشەنچ باغلاپ، ۋەتەنپەر-
ۋەرلىك تۇغىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ، بۆلگۈنچى كۈچلەرنىڭ، جا-
ھانگىرلىك كۈچلىرىنىڭ بۇزغۇنچىلىق سۇيىقەستلىرىنى غەلىبە
بىلەن مەغلۇب قىلىپ، مىللەتلەرنىڭ ئىتتىپاقلىقىنى ۋە دۆلەت-
نىڭ بىرلىكىنى قوغدىدى.

مەن بۇلتۇر كۈزدە شىنجاڭغا بېرىپ ھەر مىللەت خەلقى
ياراتقان پارلاق مۇۋەپپەقىيەتلەرنى، شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت
خەلقىنىڭ يېپيېڭى روھىي قىياپىتىنى ئۆز كۆزۈم بىلەن كۆ-
رۈش ئىمكانىيىتىگە ئىگە بولدۇم. شىنجاڭدا ئىقتىسادنىڭ راۋاج
تاپقانلىقى، جەمئىيەتنىڭ مۇقىم بولۇۋاتقانلىقى، مىللەتلەرنىڭ
ئىتتىپاقلىقى، خەلقنىڭ خۇشال-خورام ياشاۋاتقانلىقى، ھەممىلا
يەرنىڭ كۆتۈرەڭگۈ روھ بىلەن ھاياتىي كۈچكە تولۇپ تاشقانلىقى
مەندە ئىنتايىن چوڭقۇر ۋە ئىنتايىن گۈزەل تەسىرات قالدۇر-
دى. مەن 1975-يىلدىمۇ شىنجاڭغا بارغانىدىم. ئۇن نەچچە يىل
مابەينىدە ئىنتايىن زور ئۆزگىرىش يۈز بېرىپتۇ، 40 يىلنىڭ
ئالدىدىكىگە سېلىشتۇرغاندا، ئاسمان-زېمىندەك پەرق قىلىدۇ.
پاكىتقا ھۆرمەت قىلىدىغان، بىر تەرەپلىمە قاراشتىن خالىي
بولغان ھەر قانداق كىشىنىڭ شۇنىڭغا ئوخشاش يەكۈن چىقىرى-
دىغانلىقىغا ئىشىنىمەن. شىنجاڭنىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىرى شىنجاڭ
خەلقىنىڭ غەلىبىسى، شۇنداقلا پۈتۈن مەملىكەتتىكى ھەر مىل-

لەت خەلقىنىڭ غەلىبىسى دېمەكتۇر. جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ ئەزالىرىدىن بولغان ھەممىمىز شىزاڭنىڭ غايەت تارىخىي ئۆزگىرىشىدىن خۇشاللىنىمىز ۋە ئىلھاملىنىمىز. شىزاڭ خەلقىنى قىزغىن تەبرىكلەيمىز ۋە ئۇلارغا ئالىي ئېھتىرام بىلدۈرۈمىز!

40 يىلدىن بۇيان، شىزاڭدا بولغان ئۆزگىرىشلەر كىشىنى خۇشاللاندۇرۇپلا قالماي، بەلكى بىزگە كۆپ تەرەپتىن ئىلھاممۇ بەردى، شىزاڭنىڭ تارىخى ۋە رېئال ئەھۋالى بىزگە شۇنى ناھايىتى ئېنىق ئۇقتۇردىكى:

— جۇڭخۇا مىللەتلىرى پەقەت بىر پۈتۈن ۋەتىنىمىز چوڭ ئائىلىسىدە، سوتسىيالىستىك تۈزۈم شارائىتىدىلا، ئۆزلىرىنىڭ ئىززەت-ئابرويىغا ۋە باراۋەر ئورنىغا ئىگە بولالايدۇ. شىزاڭدىكى زاڭزۇ ۋە باشقا مىللەتلەرنىڭ ئورنىنىڭ ئۆزگىرىشى شىزاڭنىڭ تىنچ يول بىلەن ئازاد قىلىنىشى ۋە شىزاڭدا دېموكراتىك ئىسلاھاتنىڭ ئېلىپ بېرىلىشى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك. قۇدرەتلىك ۋەتىنىمىز مىللەتلەرنىڭ تاشقى دۈشمەننىڭ ئىزىشى ۋە قۇل قىلىشىدىن قۇتۇلۇشى ۋە ئۇنىڭغا تاقابىل تۇرۇشىدىكى تۈپ كاپالەت، سوتسىيالىزم يولى مىللەتلەرنىڭ باراۋەر بولۇشى، ئىتتىپاقلىشىشى ۋە تەرەققىي قىلىشىدىكى تۈپ يول.

— زاڭزۇلار پەقەت بىر پۈتۈن ۋەتىنىمىز چوڭ ئائىلىسىدىلا، سوتسىيالىستىك تۈزۈم شارائىتىدىلا باشقا مىللەتلەرگە ئوخشاش روناق تېپىپ ۋە ئالغا بېسىپ، ئورتاق گۈللىنىش نىشانىغا يېتەلەيدۇ. مىللەتلەرنى ئورتاق گۈللەندۈرۈش — جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ مىللىي مەسىلىدىكى تۈپ مەيدانى، سوتسىيالىستىك تۈزۈم ئورتاق گۈللىنىشنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۇ-

چۈن رېئال شەرت ياراتتى. دۆلەت پىلانلىق ئىگىلىك بىلەن بازار ئىگىلىكى ئۆزئارا بىرلەشتۈرۈلگەن مېخانىزم ئارقىلىق ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ تەرەققىياتىنى تېزلىتىشكە ياردەم بېرەلەيدۇ. 40 يىلدىن بۇيان، دۆلەت شىزاڭغا قارىتا بىرقاتار ئالاھىدە سىياسەتلەرنى قوللاندى. دۆلەت شىزاڭنىڭ قۇرۇلۇشى ئۈچۈن سالغان مەبلەغ، مالىيىدىن قوشۇپ بەرگەن ياردەم پۇلى ، ئاجرىتىپ بەرگەن تۈرلۈك مەخسۇس پۇللار جەمئى 20 مىليارد يۈەندىن ئاشىدۇ. بۇ شىزاڭنىڭ تەرەققىي قىلىشى ۋە ئالغا بېسىشىدىكى مۇھىم سەۋەب.

— زاڭزۇلار بىلەن خەنزۇلار ۋە ھەرقايسى مىللەتلەر پەقەت بىر پۈتۈن ۋەتىنىمىز چوڭ ئائىلىسىدىلا، سوتسىيالىستىك تۈزۈم شارائىتىدىلا ئومۇمىي مۈلۈكچىلىك ئاساسىدا، تۈپ مەنپەئەت ۋە ئورتاق ئىرادە بىرلىكى شەرتى ئاستىدا، يېڭىچە مۇناسىۋەتنى ئورنىتىپ ۋە راۋاجلاندۇرۇپ، باراۋەرلىك بىلەن ئۆزئارا ياردەملىشىپ، ئىتتىپاقلىشىپ-ھەمكارلىشىپ ئورتاق گۈللىنەلەيدۇ. شىزاڭنىڭ تۈرلۈك قۇرۇلۇش ئىشلىرى پۈتۈن مەملىكەتتىكى ھەرقايسى رايونلارنىڭ، ھەر مىللەت خەلقىنىڭ شۇنىڭدەك خەلق ئارمىيىسىنىڭ خالىسانە ياردىمىگە ئىگە بولدى، بۇ ياردەم ئادەم كۈچى، ماددىي كۈچ، مالىيە كۈچى، تېخنىكا قاتارلىق كۆپ جەھەتتىكى ياردەملەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. 1984-يىلدىن 1986-يىلغىچە پۈتتۈرۈلگەن 43 تۈرلۈك چوڭ قۇرۇلۇش پۈتۈن مەملىكەتتىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ شىزاڭغا بەرگەن ياردىمىنىڭ جانلىق مىسالى. دەرۋەقە، شىزاڭ خەلقىمۇ پۈتۈن مەملىكەتنىڭ باشقا رايونلىرىغا كۆپ جەھەتتىن ياردەم

بەردى. دەل ئەنە شۇنداق ئۆزئارا ياردەم ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشنىـ
لا ئەمەس، بەلكى سوتسىيالىستىك مىللىي مۇناسىۋەتنىڭ تەرەقـ
قىياتىنىمۇ ئىلگىرى سۈردى.

— شىزاڭدىكى مىللەتلەر ۋە زاڭزۇلارنىڭ ئۆزى بىلەن
ئۆزى پەقەت بىر پۈتۈن ۋەتىنىمىز چوڭ ئائىلىسىدىلا، سوتسىيا-
لىستىك تۈزۈم شارائىتىدىلا، ھەقىقىي ئىتتىپاقلىق ۋە بىرلىكـ
نى ئەمەلگە ئاشۇرالايدۇ. سوتسىيالىستىك يېڭى شىزاڭ قۇرۇش
يولىدىكى ئورتاق ئارزۇ، زامانىۋىلاشقان مەملىكەت قۇرۇش يو-
لىدىكى ئورتاق غايە شىزاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ تۈپ
مەنپەئىتىنى بىر-بىرىگە باغلاپ، ھەر مىللەت خەلقىنىڭ قەلبىـ
نى بىرلەشتۈردى. مۇنداق ئىتتىپاقلىق بۇزۇلمايدۇ، قاتتىق
بوران-چاپقۇنلارنىڭ سىنىقىغا بەرداشلىق بېرەلەيدۇ.

— شىزاڭدىكى مىللەتلەر پەقەت بىر پۈتۈن ۋەتىنىمىز چوڭ
ئائىلىسىدىلا، سوتسىيالىستىك تۈزۈم شارائىتىدىلا ئۆزىنىڭ ئىـ
جادىي كۈچىنى تولۇق جارى قىلدۇرالايدۇ. زاڭزۇلار ۋە شىزاڭـ
دىكى باشقا مىللەتلەرنىڭ ھەممىسى ئەمگەكچان، باتۇر، ئەـ
قىل-پاراسەتلىك مىللەت، سوتسىيالىستىك تۈزۈم ئۇلارنىڭ ئۆز
تالانتىنى جارى قىلدۇرۇشى ئۈچۈن بىپايان زېمىن ھازىرلاپ،
ئىجادىي قابىلىيىتىنى ئۇرغۇتتى. ئۇلار گۈزەل غايىنى كۆڭلىگە
پۈكۈپ، ئۆز كۈچىگە تايىنىپ ئىش كۆرۈپ، جاپاغا چىداپ
كۈرەش قىلىپ، مىسلى كۆرۈلمىگەن ئاكتىپلىق ۋە ئىجادكار-
لىق بىلەن شىزاڭ تارىخىغا يېڭى سەھىپە قوشتى. شىزاڭنىڭ
ھەممە مۇۋەپپەقىيەتلىرىگە ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئەقىل-پارا-
ستى ۋە جاپالىق ئەجرى سىڭگەن. ئۇلار شىزاڭ جەمئىيىتىنى

ئالغا سىلجىتىپلا قالماي، ئۇلۇغ ۋەتىنىمىزنىڭ گۈللىنىشى ۋە غەربىي-جەنۇب چېگرا رايونلىرىنىڭ مۇستەھكەملىنىشى ئۈچۈنمۇ مۇھىم تۆھپە قوشتى.

مەرھۇم مۇئاۋىن كومىتېت باشلىقى بەنچەن 1982-يىلى شىزاڭدا: «تارىخ ۋە رېئاللىق بىزگە شۇنى ئۇقتۇردىكى، شىزاڭ پەقەت جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ رەھبەرلىكىدىكى سوتسىيالىستىك چوڭ ئائىلىدىلا پارلاق ئىستىقبالغا ئىگە بولالايدۇ، مىللەتلەر گۈللىنىپ روناق تاپالايدۇ» دېگەنىدى. بۇ — شىزاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئورتاق يۈرەك ساداسى، شۇنداقلا تارىخنىڭ مۇقەررەر يەكۈنى.

شىزاڭنىڭ 40 يىللىق تەرەققىياتى ۋە ئۆزگىرىشى ۋە ئۇنىڭ بىزگە بەرگەن ئىلھامى دۆلىتىمىزدىكى مىللەتلەرنىڭ تەرەققىي قىلىشى ۋە ئالغا بېسىشى ئۈچۈن، بىزنىڭ مىللىي سىياسەتنى، دىنىي سىياسەتنى ۋە بىرلىك سەپ سىياسىتىنى بۇرۇنقىدەكلا ئوبدان ئىجرا قىلىپ، مىللىي مەسىلىنى ئوبدان بىر تەرەپ قىلىشىمىز ئۈچۈن ئومۇمىي ئەھمىيەتكە ئىگە.

ھازىر دۆلىتىمىزدىكى ھەر مىللەت خەلقى جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ رەھبەرلىكىدە خەلق ئىگىلىكىنىڭ تەرەققىيات ستراتېگىيىسىنىڭ ئىككىنچى نىشانىغا قاراپ تەۋرەنمەي يۈرۈش قىلماقتا. بۇ ئۇلۇغ يۈرۈش داۋامىدا، شىزاڭ ئاپتونوم رايونى ۋەتىنىمىزنىڭ ئالغا چامداش قەدىمىگە ئەگىشىپ، يېڭى تەرەققىياتلارغا ئېرىشكۈسى. بۇ ئىگىزلىكتە يېڭى، تېخىمۇ زور كۆلەملىك تەرەققىيات ۋە قۇرۇلۇش قانات يايماقتا. چوڭ، ئوتتۇرا تىپتىكى قۇرۇلۇش تۈرلىرىدىن يارجويۇم سۇ ئېلېكتر

ئىستانسىسى قۇرۇلۇشى، گۇڭگا ئايرودرومىنى كېڭەيتىپ قۇ-
رۇش قۇرۇلۇشى، لخاسا دەرياسى كۆۋرۈكى قۇرۇلۇشى، چىڭ-
خەي-شىزاڭ تاشيولىنى ئۆزگەرتىپ ياساش قۇرۇلۇشى، بۇدالا
سارىيى ۋە داجاۋ ئىبادەتخانىسىنى رېمونت قىلىش قۇرۇلۇشى،
«بىر چوڭ ئېقىن، ئىككى دەريا» ۋادىسىنى ئەتراپلىق ئۆزلەش-
تۈرۈش قۇرۇلۇشى ۋە باشقىلار بار. بۇنىڭ ئىچىدىكى بەزى
قۇرۇلۇشلار دۆلەتنىڭ ئون يىللىق يىرىك پىلانىغا ۋە 8-بەش
يىللىق پىلانىغا كىرگۈزۈلدى. بۇ قۇرۇلۇشلارنىڭ پۈتۈشى شى-
زاڭنىڭ قۇرۇلۇش ئىشلىرىنى چوقۇم يېڭى بىر باسقۇچقا ئېلىپ
بارىدۇ. شىزاڭ ئىجتىمائىي تەرەققىيات جەھەتتىمۇ يېڭى قەدەم
تاشلايدۇ. مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە تۈزۈمى ئۈزلۈك-
سىز مۇستەھكەملىنىدۇ ۋە مۇكەممەللىشىدۇ.

دۆلەت شىزاڭغا قارىتا داۋاملىق ئالاھىدە سىياسەت قوللى-
نىپ، كۆپ جەھەتتىن ياردەم بېرىدۇ ھەمدە پۈتۈن مەملىكەتنىڭ
ھەرقايسى جايلىرىنى شىزاڭغا تۈرلۈك يوللار بىلەن داۋاملىق
ياردەم بېرىشكە ئۈيۈشتۇرىدۇ.

شىزاڭ خەلقى ئۆتمۈشتىكى شانلىق مۇۋەپپەقىيەتلەرگە ئىگە
بولۇپلا قالماي، بەلكى تېخىمۇ گۈزەل ئىستىقبالغا ئىگە بولىدۇ.

بىز غەلىبىگە تەنتەنە قىلىپ، شىزاڭنىڭ تىنچ يول بىلەن
ئازاد قىلىنغانلىقىنىڭ 40 يىللىقىنى خاتىرىلەۋاتقان چېغىمىزدا،
بەزىلەر بۇنىڭدىن خاپا بولۇپ ھەتتا شىزاڭدا قولغا كەلتۈرۈلگەن
مۇۋەپپەقىيەتلەرنى قارىلاپ، دۆلىتىمىزگە ھوجۇم قىلىۋاتىدۇ.
بۇ ئەجەبلىنەرلىك ئەمەس. شىزاڭ مۇشۇ 40 يىل داۋامىدا،
خىلمۇخىل ئۆتكۈر، مۇرەككەپ كۈرەشلەرنى باشتىن كۆچۈردى.

شىزاڭنىڭ يۇقىرى قاتلام ھۆكۈمرانلار گۇرۇھىدىكى بەزى كى-
شىلەر ئىسلاھاتقا، «17 ماددىلىق كېلىشىم»گە تۈپتىن قارشى
تۇرۇپ، «شىزاڭنى مۇستەقىل قىلىش» قەستىدە پىلانلانغان
قوراللىق توپىلاڭ بولۇپ ئۆتتى، بىر ئۇچۇم بۆلگۈنچى ئۇنسۇر-
لار دۆلەتنى ۋە مىللەتلەرنى پارچىلاش مەقسىتىدە قوزغىلاڭ
تۇغدۇردى، دۆلەت سىرتىدىكى دۈشمەن كۈچلەر تۈرلۈك بۇز-
غۇنچىلىق-پاراكەندىچىلىك پەيدا قىلدى، لېكىن ئۇلارنىڭ ھەم-
مىسى سۆزسىز مەغلۇپ بولدى، چۈنكى تارىخىي ئېقىمغا، خەلق-
نىڭ ئىرادىسىگە خىلاپلىق قىلىشقا بولمايدۇ.

چەت ئەللەردىكى دۈشمەن كۈچلەر يېقىنقى يىللاردىن بىرى
شىزاڭ مەسىلىسىدە بىرمۇنچە ئۇيات ئىشلارنى قىلدى. بىرمۇنچە
پىتنە-ئىغۋالارنى توقۇپ چىقتى. ھەتتا بۆلگۈنچى كۈچلەرنى
قوللاپ، شىزاڭنى مۇستەقىل قىلىشقا، شىزاڭنى جۇڭگودىن
ئايرىۋېتىشكە ئۇرۇندى. بۇ پۈتۈنلەي بىكار ئاۋارىچىلىق، چۈن-
كى، 13 ئەسىردىن بۇيان، شىزاڭ جۇڭگونىڭ بىر قىسمى دېگەن
بۇ پولاتتەك پاكىتنى ئۆزگەرتىش مۇمكىن ئەمەس، شىزاڭ خەل-
قىنىڭ ۋە جۇڭگودىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئىرادىسىنى ئۆز-
گەرتىش مۇمكىن ئەمەس. جۇڭگو ئىنتايىن نامرات ۋە ئىنتايىن
ئاجىز ۋاقىتلاردا، كونا ماركىلىق جاھانگىرلار قىلالمىغان ئىش-
نى سوتسىيالىستىك يېڭى جۇڭگودا ئەمەلگە ئاشۇرۇش زادىلا
مۇمكىن ئەمەس. باشقىلارنىڭ نېمە دېيىشىدىن قەتئىينەزەر،
مەملىكىتىمىزدىكى ھەر مىللەت خەلقى جۇڭگو كوممۇنىستىك
پارتىيىسىنىڭ رەھبەرلىكىدە ئۆز يولىدا تەۋرەنمەي ماڭىدۇ،
ھەر قانداق كۈچ شىزاڭنىڭ ۋەتىنىمىز چوڭ ئائىلىسىدە ئالغا

قاراپ ئىلگىرىلەش قەدىمىنى توسىيالمايدۇ. ھەرقانداق كۈچ جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ ئىتتىپاقلىشىپ ئالغا چامداش ئىقىمىنى توسىيالمايدۇ.

مۇشۇ پەيتتە يەنە شۇنى كۆرستىشىمىز كېرەككى، بەزىلەر ھېلىھەم چەت ئەل كۈچلىرىنىڭ ياردىمىگە تايىنىپ شىنجاڭنى مۇستەقىل قىلىش ھەرىكىتى بىلەن شۇغۇللىنىشقا ئۇرۇنىۋاتىدۇ. بۇ زاڭزۇ خەلقىنىڭ ۋە پۈتۈن مەملىكەتتىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ تۈپ مەنپەئىتىگە تامامەن خىلاپ. ئۆز ۋەتىنىنى ۋە ئۆز مىللىتىنى چىندىن قىزغىن سۆيىدىغان ھەرقانداق كىشى دۆلەتنىڭ ئالىي مەنپەئىتىنى ۋە مىللىي ھەققانىيەتنى ئەلا بىلىپ، دۆلەتنىڭ بىرلىكىگە، قودرەت تېپىشىغا پايدىلىق ئىشلارنى، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىغا، مىللەتلەرنىڭ ئالغا بېسىشىغا پايدىلىق ئىشلارنى، تارىخىي ئېقىمغا ئۇيغۇن كېلىدىغان ئىشلارنى قىلىشى كېرەككى، ئۇنىڭغا زىت ئىشلارنى قىلماسلىقى كېرەك. زىت ئىش قىلغانلار تارىخ ئالدىدا تۈگىمەس جىنايەت ئۆتكۈزگەن بولىدۇ. مەركىزىي ھۆكۈمەتنىڭ دالەي لاماغا قاراتقان ئىزچىل سىياسىتى شۇكى، ئۇ «شىنجاڭنى مۇستەقىل قىلىش» مەيدانىنى ئۆزگەرتىدىغان، ۋەتەننى پارچىلاش ھەرىكىتىنى توختىتىدىغان بولسىلا، ئۇنىڭ قاچقۇنلۇق تۇرمۇشىنى بالدۇرراق ئاخىرلاشتۇرۇپ، ۋەتەن قوينىغا قايتىپ كېلىپ، ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى ۋە مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى قوغداشقا پايدىلىق ئىشلارنى كۆپرەك قىلىشىنى، دۆلىتىمىزنىڭ زامانىۋىلاشتۇرۇش ئىشلىرىغا پايدىلىق ئىشلارنى كۆپرەك قىلىشىنى، شىنجاڭنىڭ ۋە شىنجاڭ خەلقىنىڭ تەرەققىياتىغا، گۈللەپ ياشنىشىغا

پايدىلىق ئىشلارنى كۆپرەك قىلىشنى قارشى ئالىمىز. بىز دالەي لامانىڭ رېئاللىققا ئەھمىيەت بېرىپ، خام خىيالنى تاشلاپ، توغرا پوزىتسىيە تۇتۇپ، توغرا يول تاللىۋېلىشىنى سەمىمىي ئۈمىد قىلىمىز.

40 يىللىق مۇۋەپپەقىيەتكە، 40 يىللىق تەجرىبىگە ئىگە شىزاڭنىڭ بۇنىڭدىن كېيىنكى تەرەققىياتى چوقۇم تېخىمۇ تېز، تېخىمۇ ياخشى بولىدۇ. سوتسىيالىستىك ۋەتىنىمىز قوياش نۇرىغا چۆمۈلىدۇ، سوتسىيالىستىك يېڭى شىزاڭ چەكسىز پارلاق ئىستىقبالغا ئىگە بولىدۇ!

# تەڭكەش راۋاجلاندۇرۇش، ئورتاق گۈللەندۈرۈش*

—ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىنىڭ كەلگۈسى ئون يىللىق تەرەققىياتىغا دائىر بەزى مەسىلىلەر توغرىسىدا ئويلىغانلىرىم

(1991-يىل 10-ئاي)

## 1

90-يىللار —مەملىكىتىمىزنىڭ سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنىڭ تارىخىي تەرەققىياتىدا ئىنتايىن ھالقىلىق دەۋر، ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىنىڭ قولغا كەلتۈرگەن ئۇلۇغ غالىبىيەت مېۋىلىرىنى مۇستەھكەملەپ ۋە ئۇلغايتىپ، زامانىۋىلاشتۇرۇش يولىدىكى قۇرۇلۇش ئىشلىرىنىڭ يېڭى غەلىبىسىنى قولغا كەلتۈرۈپ، پۈتكۈل دۆلەتنىڭ زامانىۋىلاشتۇرۇش ئىشلىرىنىڭ قەدىمىگە يېتىشىۋېلىشى ياكى يېتىشى-

* بۇ ماقالە «ئىزدىنىش» ژۇرنىلىنىڭ 1991-يىل 20-سانىدا ئېلان قىلىنغان.

ۋالالماسلىقى جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ ئالغا يۈكسىلىشى ۋە كۆپ مىللەتلىك دۆلىتىمىزنىڭ تەرەققىياتى ئۈچۈن زور تەسىر كۆرسىتىدۇ.

ئۇنداقتا، كەلگۈسى ئون يىلدا ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىنى زادى قانداق تەرەققىي قىلدۇرۇش كېرەك؟ پارتىيە 13-نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتىنىڭ 7-ئومۇمىي يىغىنىدا ماقۇللانغان «جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ خەلق ئىگىلىكى تەرەققىياتى ۋە ئىجتىمائىي تەرەققىياتىنىڭ ئون يىللىق پىلانىنى ۋە 8-بەش يىللىق پىلانىنى تۈزۈش توغرىسىدىكى تەكلىپى» دە ئىنتايىن مۇھىم بىر پرىنسىپ ئوتتۇرىغا قويۇلدى، ئۇ بولسىمۇ «ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىنىڭ ئارتۇقچىلىقىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇپ، ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىنىڭ بايلىقىنى ئېچىش بىلەن ئىجتىمائىي تەرەققىيات ۋە ئىقتىسادىي تەرەققىياتنى ئوبدان بىرلەشتۈرۈپ، ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرى ئىقتىسادىنىڭ نىسپىي قالاق ھالىتىنى پەيدىنپەي ئۆزگەرتىپ، ئۇ رايونلارنىڭ تەرەققىياتىنى پۈتۈن مەملىكەتنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتىغا لايىقلاشتۇرۇش لازىم» دېگەندىن ئىبارەت. بۇ پرىنسىپ «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ خەلق ئىگىلىكى تەرەققىياتى ۋە ئىجتىمائىي تەرەققىياتىنىڭ ئون يىللىق پىلانى ۋە 8-بەش يىللىق پىلانىنىڭ پروگراممىسى» غا كىرگۈزۈلۈپ، قانۇنىي كۈچكە ئىگە قىلىندى. بۇ «لايىقلاشتۇرۇش» پرىنسىپى پۈتكۈل دۆلىتىمىزنىڭ زامانىۋىلاشتۇرۇش ئىشلىرىنىڭ تەلىپىگە، ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىنىڭ ئەمەلىيىتىگە ۋە ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرى بىلەن پۈتكۈل دۆلە-

تىنىمىزنىڭ زامانىۋىلاشتۇرۇش ئىشلىرىنىڭ مۇناسىۋىتىگە ئاسا-سەن ئوتتۇرىغا قويۇلغان، دېمەك، ئۇ ئەمەلىيەتكە ئۇيغۇن ئىنتا-يىن مۇھىم پرىنسىپ.

بۇ پرىنسىپتا ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىنىڭ كەلگۈسى تەرەققىياتى ئۈچۈن ئېنىق ۋە كونكرېت نىشان ئوتتۇرىغا قويۇل-غان. «لايىقلاشتۇرۇش» دېگىنىمىز ئاز سانلىق مىللەت رايون-لىرىنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتى بىلەن پۈتۈن مەملىكەتنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتى ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتنى توغرا بىر تەرەپ قىلىپ، لايىقلاشماسلىق ھالىتىنى تۈگىتىپ ۋە ئۈنىڭدىن ساقلىنىپ، پۈتكۈل دۆلەتنى تەرەققىي قىلدۇرۇش بىلەن بىرۋا-قىتتا، ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىنىمۇ شۇنىڭغا يارىشا تەرەق-قىي قىلدۇرۇش دېگەنلىكتۇر. ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىنىڭ ئىقتىسادىي نىسپىي قالاق ھالەتتە تۇرۇۋاتقانلىقى ئۈچۈن، تەدبىر قوللىنىپ، تەرەققىيات قەدىمىنى تېزلىتىپ، ئاز سانلىق مىل-لەت رايونلىرىنى تۈرلۈك سېلىنما، تەرەققىيات سۈرئىتى، تە-رەققىيات سەۋىيىسى قاتارلىق جەھەتلەردە پۈتۈن مەملىكەتنىڭ تەرەققىياتى بىلەن ئومۇمەن ئوخشاش تەرەققىياتقا ئىگە قىلىش، ئاز سانلىق مىللەت ئاممىسىنىڭ ماددىي ۋە مەدەنىيەت تۇرمۇش سەۋىيىسىنى پۈتۈن مەملىكەتنىڭ ئوتتۇرىچە سەۋىيىسى بىلەن ئاساسەن ئوخشاش قىلىش لازىم. دېمەك، بۇ پرىنسىپ پۈتۈن پارتىيىنى مىللىي رايونلارنىڭ تەرەققىياتى مەسىلىسىدە بىردەك تونۇشقا ئىگە قىلدى، دۆلەتنى ۋە ئالاقىدار رايونلارنىمۇ ئەمەلىي خىزمەتتە ئېنىق يېتەكچى ئىدىيىگە ئىگە قىلدى.

بۇ پرىنسىپ «ئورتاق بېيىش» دېگەن سوتسىيالىستىك

پرىنسىپنىڭ مۇقەررەر تەلىپىدۇر. ئورتاق بېيىشنى سوتسىيا-لىستىك ئومۇمىي مۇلۇكچىلىك پرىنسىپى بەلگىلىگەن، ئۇ سوت-سىيالىستىك تۈزۈم ئەۋزەللىكىنىڭمۇ كونكرېت ئىپادىلىنىشى. ئورتاق بېيىش دېگىنىمىز تۈرلۈك رايونلار ۋە تۈرلۈك مىللەت-لەردىن بولغان جەمئىيەت ئەزالىرىنىڭ ئىجتىمائىي ئىشلەپچىقى-رىش كۈچلىرىنى راۋاجلاندۇرۇش ئارقىلىق، نامراتلىقتىن قۇ-تۇلۇپ، بېيىش يولىغا مېڭىشنى، جەمئىيەت ئەزالىرىنىڭ تۇر-مۇشىدا خۇسۇسىي مۇلۇكچىلىك تۈزۈمىدىكى جەمئىيەتتىكىگە ئوخشاش نامراتلىق بىلەن بايلىق چوڭ پەرقلىنىدىغان، ئىككى قۇتۇپقا بۆلۈنۈپ كېتىدىغان ئەھۋاللار يوقلۇقىنى بىلدۈرىدۇ. تۇرمۇش سەۋىيىسىنىڭ ئۆسۈشى ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ تەرەققىياتىغا ۋە ئەمگەك ئۈنۈمدارلىقىنىڭ ئۆسۈشىگە باغلىق، ئورتاق بېيىشنىڭ ئەڭ ئاساسىي يولى— ئورتاق راۋاجلىنىش. ھازىر بىرمۇنچە ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ تۇرمۇش سەۋىيىسى پۈتۈن مەملىكەتنىڭ ئوتتۇرىچە سەۋىيىسىدىن يەنىلا پەرقلىنىدۇ. بۇنداق پەرقنى تۈگىتىپ، ھەر مىللەت كىشىلىرىنى ئورتاق بېيىتىشتىكى تىرىشىش نىشانىمىز ئاز سانلىق مىللەت رايونلى-رىنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتىنى پۈتۈن مەملىكەتنىڭ تەرەققىيا-تىغا لايىقلاشتۇرۇشتىن ئىبارەت.

بۇ پرىنسىپ مەملىكىتىمىزنىڭ مىللىي سىياسىتى بىلەن ماھىيەتلىك ۋە ئىچكى باغلىنىشقا ئىگە. يولداش جۇ ئېنلەي مىللەتلەرنى ئورتاق راۋاجلاندۇرۇش ۋە گۈللەندۈرۈشنى پارتىيە-مىزنىڭ ۋە دۆلىتىمىزنىڭ مىللىي مەسىلىدىكى تۈپ مەيدانى دەپ ھېسابلىغانىدى. پارتىيە 13-نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتې-

تىنىڭ 7-ئومۇمىي يىغىنىدا يىغىنچاقلانغان جۇڭگوچە سوتسىيا-
لىزم قۇرۇش نەزەرىيىسى ۋە ئەمەلىيىتىنىڭ بىر ماددىسى مىل-
لىي مەسىلە توغرىسىدا بولۇپ، ئۇنىڭ مۇھىم بىر مەزمۇنى
مىللەتلەرنى ئورتاق گۈللەندۈرۈش دېگەندىن ئىبارەت. ئورتاق
گۈللەندۈرۈشنى دۆلىتىمىزنىڭ مىللىي سىياسىتىنىڭ ئاخىرقى
نىشانى دەپ ھېسابلاشقا بولىدۇ، بۇ دۆلىتىمىزنىڭ مىللىي مە-
سىلىدىكى روشەن بايرىقى بولۇپ قالدى. ئورتاق گۈللەندۈرۈش
دېگىنىمىز ئاساسەن، مىللەتلەرنىڭ ئىقتىسادىي ۋە ئىجتىمائىي
ئىشلىرىنىڭ يۇكسەك دەرىجىدە راۋاجلىنىشىنى، مىللەتلەرنىڭ
غايەت زور دەرىجىدە ئالغا بېسىشىنى، مىللەتلەرنىڭ ئۆزىگە خاس
ئالاھىدىلىكلىرىنىڭ تولۇق نامايان بولۇشىنى بىلدۈرىدۇ. ئور-
تاق گۈللەندۈرۈشنىڭ ئاساسى مىللەتلەرنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققى-
ياتىدىن ئىبارەت. رېئال ئەھۋالنى ئالساق، تۈرلۈك سەۋەبلەر
تۈپەيلىدىن ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىنىڭ ئىقتىسادىي تەرەق-
قىياتى بىلەن تەرەققىي تاپقان شەرقىي رايونلارنىڭ تەرەققىياتى
ئوتتۇرىسىدا پەرق بار. بۇنداق پەرقنى بىردەمدىلا تۈگىتىش
مۇمكىن ئەمەس، شەرقىي رايونلارنىڭ تەرەققىياتىنى ئاستىلا-
تىش بەدىلىگە پاسسىپ تەڭپۇڭلاشتۇرۇش يولىنى تۇتۇشمۇ،
مەيلىگە قويۇۋېتىش يولىنى تۇتۇشمۇ مۇمكىن ئەمەس. بۇنىڭ
توغرا يولى ئورتاق راۋاجلاندۇرۇش ۋە ئورتاق گۈللەندۈرۈش
نىشانى ئاستىدا، ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىنىڭ تەرەققىياتىنى
تېزلىشىپ پۈتۈن مەملىكەتنىڭ تەرەققىياتىغا لايىقلاشتۇرۇشتىن
ئىبارەت. دېمەك نەزەرىيە ياكى ئەمەلىيەت نۇقتىسىدىن قارىغان-
دىمۇ، رېئال ئەھۋال ياكى كەلگۈسى نۇقتىسىدىن قارىغاندىمۇ،

«لايىقلاشتۇرۇش» پرىنسىپى مەملىكىتىمىزدە مىللىي مەسىلە-
نى ھەل قىلىشتا زور ئەھمىيەتكە ئىگە.

بۇ پرىنسىپ مەملىكىتىمىزنىڭ پۈتكۈل ئىقتىسادىي تەرەق-
قىياتى ۋە ئىجتىمائىي تەرەققىياتىنىڭمۇ مۇقەررەر تەلىپى. نەچ-
چە ئون يىلدىن بۇيان، مەملىكىتىمىزنىڭ ئىقتىسادىي قۇرۇلۇش
جەھەتتە ھاسىل قىلغان مۇھىم بىر تەجرىبىسى ئىقتىسادنى ئىز-
چىل، مۇقىم ۋە تەڭكەش يول بىلەن راۋاجلاندۇرۇشتىن ئىبا-
رەت، بۇنى ئىشقا ئاشۇرۇشنىڭ مۇھىم بىر تەرىپى— ئاز سانلىق
مىللەت رايونلىرىنى باشقا رايونلار ۋە پۈتكۈل دۆلەت بىلەن
تەڭكەش راۋاجلاندۇرۇش. مەملىكىتىمىزدە ئىشلەپچىقىرىش
كۈچلىرىنىڭ جايلىشىشىدىن شۇنى كۆرۈشكە بولىدۇكى، شەر-
قىي رايونلارنىڭ ئىقتىسادىي كۈچى ۋە تېخنىكا كۈچى بىرقەدەر
تولۇق، پىششىقلاپ ئىشلەش سانائىتى بىرقەدەر تەرەققىي قىل-
غان، ئەمما بايلىقى يېتەرسىز؛ غەربىي رايونلار ئاساسەن ئاز
سانلىق مىللەت رايونلىرى بولۇپ، بۇ رايونلارنىڭ بايلىقى مول،
تېخنىكا كۈچى يېتەرسىز، ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ سەۋ-
يىسى بىرقەدەر تۆۋەن. شەرقىي رايونلارنىڭمۇ، غەربىي رايونلا-
رنىڭمۇ ئۆزىگە خاس ئارتۇقچىلىقى بار، ئۇلار بىر-بىرىنى تولۇق-
لايدۇ، بىر-بىرىگە تايىنىدۇ، ھېچقايسىسى ئۆز ئالدىغا تەنھا تېز
ئىلگىرىلىيەلمەيدۇ، مەلۇم مەزگىل تەنھا ئىلگىرىلىگەن ھالەتتى-
مۇ، لېكىن ئۇزاققىچە بەرداشلىق بېرەلمەيدۇ. دېمەك، ئاز
سانلىق مىللەت رايونلىرىنى شەرقىي رايونلار ۋە پۈتۈن مەملى-
كەت بىلەن تەڭكەش راۋاجلاندۇرماي تۇرۇپ پۈتكۈل خەلق ئىگى-
لىكىنى تەڭكەش راۋاجلاندۇرۇش مۇمكىن ئەمەس. كەلگۈسى

نۇقتىسىدىن ۋە ستراتېگىيە نۇقتىسىدىن قارىغاندا، جۇڭگونىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتىنىڭ زاپاس كۈچى ۋە ئىستىقبالى خېلى زور دەرىجىدە ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىنىڭ بايلىق مەنبەلىرىنى ئېچىش ۋە ئىقتىسادىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش ئەھۋالىغا باغلىق. كەلگۈسىدىكى تەرەققىيات ئۈچۈن هازىرنىڭ ئۆزىدە تەرىشچانلىق كۆرسىتىشكە، ستراتېگىيىلىك نىشانغا يېتىش ئۈچۈن ھەممە كۈرەشتە كەينى-كەينىدىن غەلىبە قازىنىشقا توغرا كېلىدۇ. دېمەك، «لايىقلاشتۇرۇش» پرىنسىپى پۈتۈن مەملىكەتنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتىنىڭ مۇقەررەر تەلىپىدۇر.

شۇنى كۆرسىتىپ ئۆتۈش كېرەككى، ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىمۇ ئۆز رايونىنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىيات مەسىلىسىنى بىر تەرەپ قىلىشتا مۇشۇ «لايىقلاشتۇرۇش» پرىنسىپىنى گەۋدىلەندۈرۈشى كېرەك. چۈنكى ھەرقايسى ئاپتونوم رايونلاردا ۋە كۆپ مىللەتلىك ئۆلكىلەردە مىللەتلەرنىڭ نىسپىي توپلىشىپ ئولتۇراقلىشىش ھالىتى شەكىللەنگەن، ئىقتىسادىي تەرەققىياتىمۇ تەكشىسىزلىك ئەھۋالى مەۋجۇت. «لايىقلاشتۇرۇش» پرىنسىپىنى ئىزچىللاشتۇرۇش ئۆز رايونىنىڭ ئىقتىسادىنى تەڭكەش راۋاجلاندۇرۇش ۋە مىللەتلەرنىڭ ئىتتىپاقلىقى ۋە تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈش جەھەتتە زور ئەھمىيەتكە ئىگە.

## 2

كەلگۈسى ئون يىلدا ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىنىڭ تەرەققىياتىنى پۈتۈن مەملىكەتنىڭ تەرەققىياتىغا لايىقلاشتۇرۇش

ئىمكانىيىتى قانداق بولىدۇ؟ بۇنىڭغا ئىمكانىيەت ياخشى بولىدۇ دەپ جاۋاب بېرىشكە بولىدۇ.

بىرىنچى، بىز ئەۋزەل سوتسىيالىستىك تۈزۈمگە ئىگە. دۆلىتىمىزنىڭ ئىگىلىكى — ئومۇمىي مۈلۈكچىلىكنى ئاساس قىلغان، پىلانلىق ئىگىلىك بىلەن بازار ئارقىلىق تەڭشەش بىرلەشتۈرۈلگەن ئىگىلىك، دۆلەت ئىقتىسادىي ۋاستە، مەمۇرىي ۋاستە ۋە قانۇنچىلىق ۋاستىسى قاتارلىق ۋاستىلەرنى قوللىنىپ، ئىقتىسادىي ھەرىكەتنى تەشەببۇسكارلىق بىلەن، ئالدىن تەڭشەپ، ئۆزى كۆزلىگەن نىشاننى ئىشقا ئاشۇرىدۇ، جۇملىدىن مىللىي رايونلارنىڭ تەرەققىياتىنى پۈتۈن مەملىكەتنىڭ تەرەققىياتىغا لايىقلاشتۇرۇش تەلىپىگە يېتىش ئۈچۈن، رايونلار سىياسىتى، كەسىپلەر سىياسىتى، مالىيە ۋە پۇل مۇئامىلە سىياسىتى قاتارلىق سىياسەتلەرنى مىللىي رايونلارنىڭ تەرەققىياتىنى تېزلىتىشكە پايدىلىق تەرەپكە مايىل قىلىدۇ، ئىقتىسادىي ئۈنۈم بىلەن ئىجتىمائىي ئۈنۈمنى چەمبەرچاس بىرلەشتۈرۈشكە ئەھمىيەت بېرىدۇ. مەسىلەن، 1-بەش يىللىق پىلان مەزگىلىدە، مەملىكەت بويىچە 156 نۇقتىلىق قۇرۇلۇشنىڭ بىر تۆركۈمى ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىغا ئورۇنلاشتۇرۇلدى؛ ئۇزاق ۋاقىتتىن بۇيان، دۆلەت ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىنىڭ ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشىغا كۆپلىگەن ئالاھىدە سىياسەتلەرنى قوللىنىپ، نۇرغۇن جەھەتلەردىن ياردەم بەردى. مانا بۇلار ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىدا زامانىۋى ئىگىلىك سىستېمىسىنىڭ بارلىققا كېلىشى ۋە ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ تېز راۋاجلىنىشىدا ئىنتايىن مۇھىم رول ئوينىدى. شۇنداق دېيىشكە بولىدۇكى، سوتسىيا-

لىستىك تۈزۈم بولمىغان بولسا، ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرد-
ىنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتى ۋە ئىجتىمائىي تەرەققىياتى بۈگۈن-
كى سەۋىيىگە يەتمىگەن بولاتتى. نوقۇل بازار ئىگىلىكى مېخا-
نىزمى شارائىتىدا، ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىنىڭ رەھىمسىز
رىقابەت داۋامىدا پاسسىپ، قىيىن ئەھۋالغا چۈشۈپ قېلىشى،
باشقا رايونلار بىلەن تەڭكەش راۋاجلىنىشىنىڭ مۇمكىن ئەمەس-
لىكى تۇرغان گەپ.

ئىككىنچى، ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرى بايلىق جەھەتتە
ئۈستۈنلۈككە، تەرەققىيات جەھەتتە غايەت زور يوشۇرۇن ئىمكا-
نىيەتكە ئىگە. ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىنىڭ ئوتلاق كۆلىمى
پۈتۈن مەملىكەت ئوتلاق كۆلىمىنىڭ 94 پىرسەنتىنى، سۇ زاپى-
سىنىڭ ئومۇمىي مىقدارى ۋە ياغاچ ماتېرىيال زاپىسىنىڭ مىقدا-
رى پۈتۈن مەملىكەتتىكىنىڭ 50 پىرسەنتىدىن كۆپرەكىنى تەش-
كىل قىلىدۇ، كۆمۈر، نېفىت، رەڭلىك مېتال، كالىي تۇزى
قاتارلىق بايلىقلىرىمۇ ئىنتايىن مول. كەم ئۇچرايدىغان بايلىق-
لىرى پۈتۈن مەملىكەتتىكىنىڭ 90 پىرسەنتىدىن كۆپرەكىنى
تەشكىل قىلىدۇ، ئۇنىڭدىن باشقا يەنە ئۆزگىچە ئالاھىدىلىككە
ئىگە ساياھەت بايلىقلىرى بار. بۇ رايونلارنىڭ ئىچكى ھاياتىي
كۈچى كۈچلۈك پىشاڭ بىلەن ھەرىكەتلەندۈرۈلۈپ، بايلىق جە-
ھەتتىكى ئۈستۈنلۈكى ھەقىقىي تۈردە تاۋار ئۈستۈنلۈكىگە ۋە
ئىقتىسادىي ئۈستۈنلۈككە ئايلاندۇرۇلىدىغان بولسا، ئاز سانلىق
مىللەت رايونلىرىنىڭ قىياپىتى زور دەرىجىدە ئۆزگىرىپ يېڭى
تۈس ئالىدۇ. ئەمەلىيەت شۇنى تولۇق ئىسپاتلىدىكى، بايلىق
جەھەتتىكى ئۈستۈنلۈكى بىرقەدەر ياخشى جارى قىلدۇرۇلغانلى-

كى رايونلارنىڭ ئىقتىسادىمۇ بىرقەدەر تېز تەرەققىي قىلدۇ.

ئۈچىنچى، 40 نەچچە يىللىق تەرەققىيات ۋە قۇرۇلۇش ئارقىلىق، ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىنىڭ ئىقتىسادىي تەرەق-قىياتىنى تېزلىتىشنىڭ ماددىي ۋە تېخنىكا شارائىتى هازىرلان-دى. مەملىكىتىمىزدە كىشى بېشىغا توغرا كېلىدىغان مىللىي دارامەت يۇقىرى بولمىغىنى بىلەن، دۆلىتىمىزنىڭ ئۇنىۋېرسال قۇدرىتى بىرقەدەر كۈچلۈك. دۆلىتىمىز پەن-تېخنىكىنىڭ بىر-مۇنچە ساهەلىرىدە دۇنيانىڭ ئالدىنقى قاتارىدا تۇرماقتا، بۇنىڭ بىلەن دۆلىتىمىز ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىنىڭ تەرەققىياتى-نى پۈتۈن مەملىكەتنىڭ تەرەققىياتىغا لايىقلاشتۇرۇش جەھەتتە كۈچلۈك ۋاسىتىگە ئىگە بولدى. يەنە بىر تەرەپتىن، 40 نەچچە يىلدىن بۇيان، ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىمۇ خېلىلا تەرەققىي قىلىپ، بەلگىلىك ئىقتىسادىي قۇدرەتكە ئىگە بولۇپ قالدى. ستاتىستىكىلىق مەلۇماتقا ئاساسلانغاندا، جۇمهۇرىيىتىمىز قۇ-رۇلغاندىن بۇيان، دۆلەت مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلارنىڭ ئاساسىي قۇرۇلۇشىغا جەمئىي 150 مىليارد يۈەندىن ئارتۇق مەب-لەغ سېلىپ، خېلى زور مىقداردا مۇقىم مۈلۈك هاسىل قىل-غان. ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىنىڭ تولىسىدا بىرقەدەر مۇ-كەممەل، ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىككە ئىگە مىللىي ئىگىلىك سىستېمىسى ۋۇجۇدقا كەلگەن، 1990-يىلى ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىنىڭ ئىجتىمائىي ئومۇمىي مەهسۇلات قىممىتى 270 مىليارد يۈەندىن ئاشقان. شۇنىڭ بىلەن بىرۋاقىتتا، ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرى قۇرۇلۇش جەھەتتىمۇ بىرمۇنچە قىممەتلىك تەجرىبىلەرنى هاسىل قىلدى. بۇنىڭ بىلەن ئاز سانلىق مىللەت

رايونلىرى ئۆز تەرەققىياتىنى تېزلىتىش جەھەتتە خېلى پۇختا ئاساسقا ئىگە بولدى.
تۆتىنچى، ھەر مىللەت خەلقى تارىخىي ئۆزگىرىش داۋامىدا شۇنى چوڭقۇر ھېس قىلدىكى، ۋەتىنىمىزنىڭ بىر پۈتۈن چوڭ ئائىلىسىدە، سوتسىيالىزم بايرىقى ئاستىدا ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنى راۋاجلاندۇرۇپ، زامانىۋىلاشتۇرۇش ئىشلىرىنى ئىلگىرى سۈرگەندىلا، مىللەتلەر ئاندىن سىياسىي جەھەتتە بارا-ۋەر ھوقۇققا ئېرىشەلەيدۇ، ئىقتىسادنى ۋە جەمئىيەتنى تەرەققىي قىلدۇرالايدۇ. مىللەتلەر ۋەتەننى چىن دىلىدىن قىزغىن سۆيىدۇ، سوتسىيالىزم يولىدا قەتئىي ماڭىدۇ، پارتىيە بىلەن دۆلەت پۈتكۈل دۆلەتنىڭ ۋە ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىنىڭ تەرەققىياتى ھەققىدە قوللانغان بارلىق فاڭجېن، سىياسەت ۋە تەدبىرلەرنى چىن قەلبىدىن ھىمايە قىلىدۇ. «پروگرامما» دا ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتى ۋە ئىجتىمائىي تەرەققىياتىنىڭ پىلانى سۈرەتلىنىپ، نىشانى بەلگىلەپ بېرىلدى، يۆنىلىشى ئېنىق كۆرسىتىپ بېرىلدى، بولۇپمۇ «لايىقلاشتۇرۇش» پرىنسىپىنىڭ ئوتتۇرىغا قويۇلۇشى ئاز سانلىق مىللەت خەلقىگە غايەت زور ئىشەنچ ۋە كۈچ-قۇۋۋەت بېغىشلىدى. مۇقەررەركى، بۇ ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئاكتىپلىقىنى ۋە ئىجادكارلىقىنى ئىنتايىن زور دەرىجىدە قوزغايدۇ، ھەر مىللەت خەلقىنى گۈزەل كېلەچەك ئۈچۈن بىر نىيەتتە ئىتتىپاقلىشىپ، باتۇرانە كۈرەش قىلىشقا رىغبەتلەندۇرىدۇ.
بەشىنچى، سىياسەت ۋە قانۇن جەھەتتە كاپالەتكە ئىگە. ئۇزاق ۋاقىتتىن بۇيان، مەملىكىتىمىز ئاز سانلىق مىللەت را-

يونلىرىنىڭ سىياسەت، ئىقتىساد، مائارىپ، مەدەنىيەت ئىشلى-
رىنىڭ تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈش ئۈچۈن، بىر قاتار توغرا
قانۇن-نىزام ۋە سىياسەتلەرنى تۈزۈپ چىقتى. بۇ قانۇن-نىزام
ۋە سىياسەتلەر تەرەققىيات ستراتېگىيىسىنىڭ 2-باسقۇچلۇق نى-
شانىنى ئىشقا ئاشۇرۇشتا ئۆزىنىڭ رولىنى جەزمەن داۋاملىق
جارى قىلدۇردى. «پروگراما»دا كۆرسىتىلگەندەك: «مىللىي
تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە قانۇنىنى ئەستايىدىل ئىزچىللاشتۇ-
رۇپ، ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىغا قارىتىلغان تۇرلۇك ئېتى-
بار بېرىش سىياسەتلىرىنى داۋاملىق يولغا قويۇپ، ئۇلارنىڭ
ئىقتىسادىنى ۋە مەدەنىيىتىنى تېزرەك راۋاجلاندۇرۇش كې-
رەك.» شۇنىڭ بىلەن بىرۋاقىتتا، «پروگراما»دا ئاز سانلىق
مىللەت رايونلىرىنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتى ۋە ئىجتىمائىي
تەرەققىياتى توغرىسىدىمۇ بەزى يېڭى تەدبىرلەر بەلگىلەندى. بۇ-
لار ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىنىڭ كەلگۈسى ئون يىللىق
تەرەققىياتىنى يېتەكچى پرىنسىپقا ئىگە قىلىپلا قالماستىن،
كونكرېت تەدبىرگىمۇ ئىگە قىلدى.

ئالتىنچى، پاكىت ئاساسىغا ئىگە. ئازادلىقنىڭ دەسلەپكى
مەزگىلىدە، مەملىكىتىمىزدە ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ئومۇمىي
نوپۇسى 35 مىليون 600 مىڭ كىشى بولۇپ، ئۇنىڭ ئىچىدە 30
مىليون كىشى فېئوداللىق جەمئىيەتتە، 4 مىليون كىشى فېئو-
دال يانچىلىق تۈزۈمدە، 1 مىليون كىشى قۇللۇق تۈزۈم دەۋرىدە
تۇرۇۋاتاتتى، قالغان 600 مىڭدەك كىشى ئىپتىدائىي جامائە
تۈزۈمىنىڭ ئاخىرقى دەۋرىدە تۇرۇۋاتاتتى. كىشىنى ھەيران قال-
دۇرىدىغان بۇنداق تەكشىسىزلىك كوممۇنىستىك پارتىيىنىڭ

رەھبەرلىكىدىلا ئۆزگەرتىلدى، مىللەتلەر كىشىنى ھەيران قىلى- دىغان تەرەققىياتلارغا ئېرىشتى، بىرمۇنچە مىللەتلەر بىر قانچە ئىجتىمائىي پورماتسىيىدىن ھالقىپ ئۆتۈپ، سوتسىيالىزم دەۋ- رىدىكى مىللەتلەرگە ئايلاندى. 7-بەش يىللىق پىلان مەزگىلىدە، مەملىكەت بويىچە مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلارنىڭ ئىجتىمائىي ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى يىلىغا ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 8.5% ئېشىپ باردى، بۇ سۈرئەت ئومۇمىي جەھەتتىن ئالغاندا، پۈتۈن مەملىكەتنىڭ ئوتتۇرىچە ئېشىش سۈرئىتىدىن ئاستا بول- سىمۇ، ئەمما بەزى يىللاردا پۈتۈن مەملىكەتنىڭ ئوتتۇرىچە تە- رەققىيات سەۋىيىسىدىن پەرقلەنگىنى يوق، بەزى ئاپتونوم رايون- لارنىڭ تەرەققىيات سۈرئىتى پۈتۈن مەملىكەتنىڭ ئوتتۇرىچە تەرەققىيات سەۋىيىسىدىن يۇقىرىراق بولدى. تارىخ كېلەچەكنىڭ ئەينىكىدۇر. بىز شۇنىڭغا تولۇق ئىشەنچ باغلاشقا ھەقلىقمىز- كى، ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىنىڭ تەرەققىياتى كەلگۈسىدە تېخىمۇ تېز، تېخىمۇ ياخشى بولىدۇ.

يىغىپ ئېيتقاندا، ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىنىڭ ئىقتى- سادىي تەرەققىياتىنى پۈتۈن مەملىكەتنىڭ تەرەققىياتىغا لايىقلاش- تۇرۇش تامامەن مۇمكىن. دەرۋەقە، پەرق مەۋجۇت بولۇپ تۇر- غانلىقى ۋە تەبىئىي شارائىت بىلەن ئىجتىمائىي شارائىتنىڭ چەكلىمىسى بولغانلىقى ئۈچۈن، بۇ نىشانىنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئوڭايغا چۈشمەيدۇ، بۇنىڭ ئۈچۈن، زور تىرىشچانلىق كۆرسى- تىشكە ۋە قەتئىي بوشاشماي كۈرەش قىلىشقا توغرا كېلىدۇ، بولۇپمۇ ئەمەلدە ئۈنۈم بېرىدىغان تەدبىرلەرنى قوللىنىشقا توغرا كېلىدۇ.

# 3

تارىخىي تەجرىبىلەرگە ۋە رېئال شارائىتقا ئاساسەن، ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىنىڭ تەرەققىياتىنى پۈتۈن مەملىكەتنىڭ تەرەققىياتىغا لايىقلاشتۇرۇش ئۈچۈن، ئون يىللىق يىرىك پىلان ۋە 8-بەش يىللىق پىلان مەزگىلىدە ئاز سانلىق مىللەت رايونلى-رىغا بىرقەدەر كۈچلۈك تەدبىرنى قوللىنىشقا توغرا كېلىدۇ، بۇ تەدبىرلەر ئاساسەن مۇنداق:

1. بايلىق مەنبەلىرىنى ئېچىش ئىشىنى كۈچەيتىپ، رايون-لارنىڭ ئۈستۈنلۈكىنى جارى قىلدۇرۇش. ھەرقانداق رايوننىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتى، ھەممىدىن ئاۋۋال، ئۇنىڭ ئىچكى ئىق-تىسادىي ئامىلىنىڭ مۇۋاپىق بىرىكتۈرۈلۈشىگە ۋە پايدىلىق شا-رائىتىنىڭ تولۇق جارى قىلدۇرۇلۇشىغا باغلىق. ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىنىڭ مول بايلىق مەنبەلىرىنى مۇۋاپىق ئېچىش ئىشى كۆرۈنەرلىك ئىقتىسادىي ئۈنۈمگە ئېرىشتى، بۇنىڭدىن كېيىن، بايلىق مەنبەلىرىنى ئېچىش ۋە ئۇنىڭدىن پايدىلىنىش ئىشىنىڭ كۆلىمى تېخىمۇ كېڭەيتىلىدۇ، سەۋىيىسى تېخىمۇ ئۆستۈرۈلىدۇ. كەلگۈسى ئون يىلدا، دۆلەت ئىچكى موڭغۇل، نىڭشيا، شىنجاڭ، گۇيجۇدىكى كۆمۈرلۈكلەرنى ۋە شىنجاڭدىكى نېفىتنى ئېچىش ئىشىنى كۈچەيتىدۇ، خۇاڭخې دەرياسىنىڭ يۇ-قىرى ئېقىمى، ۋۇجياڭ، خۇڭشۇيخې، لەنساڭجياڭ دەريا ۋادى-لىرىدىكى سۇ ئېلېكتر ۋە رەڭلىك مېتال بازىلىرىنى ئۆزلەشتۈ-رىدۇ ۋە گۈللەندۈرىدۇ، يۈننەن، گۇيجۇ ئۆلكىلىرىدىكى فوسفور

بايلىقىنى ۋە چىڭخەي ئۆلكىسىدىكى كالىي تۇزى بايلىقىنى ئاچى-
دۇ. بۇ تەدبىرلەر ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىنىڭ سانائەت
جەھەتتىكى نىسپىي قالاق ھالىتىنى زور دەرىجىدە ئۆزگەرتىپ،
كەسىپ قۇرۇلمىسىنى مۇۋاپىقلاشتۇرىدۇ، ئىقتىسادىي قۇدرىتى-
نى زور دەرىجىدە ئاشۇرىدۇ. ئېچىش ۋە ئۆزلەشتۇرۇش داۋامىدا
چوقۇم «پروگراما» دىكى تەلەپكە بىنائەن «ئاز سانلىق مىللەت
رايونلىرىنىڭ بايلىقىنى ئېچىش بىلەن ئىجتىمائىي ۋە ئىقتىسا-
دىي تەرەققىياتىنى ئوبدان بىرلەشتۇرۇش» ، دۆلەتنىڭ، رايون-
لارنىڭ ۋە ئاز سانلىق مىللەت خەلقىنىڭ مەنپەئىتىگە تەڭ ئېتى-
بار بېرىش، ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىنى ئىقتىسادىي تەرەق-
قىيات داۋامىدا مەنپەئەتكە ۋە تەرەققىياتقا ئىگە قىلىش لازىم.

ئىقتىسادىي ئۇنۇم بولۇپمۇ مالىيە كىرىمى نۇقتىسىدىن ئويى-
لانغاندا، يالغۇز ئېنېرگىيە ۋە خام ئەشيا-ماتېرىيال سانائىتىنى
تەرەققىي قىلدۇرۇش كۇپايە قىلمايدۇ، بايلىق مەنبەسى ۋە بازار
ئەھۋالىغا قاراپ، ئۆز جايىغا خاس ئۇستۇنلۇككە ۋە ئالاھىدىلىك-
كە ئىگە بولغان پىششىقلاپ ئىشلەش سانائىتىنى نۇقتىلىق را-
ۋاجلاندۇرۇش كېرەك. مەسىلەن، نېفىت چىقىدىغان رايونلاردا
نېفىت-خىمىيە سانائىتىنى نۇقتىلىق راۋاجلاندۇرۇپ، نېفىتچى-
لىك كەسپىنى بىرمۇنچە باشقا كەسىپلەرگە تۇرتكە قىلىپ،
مەلۇم مىقداردىكى سانائەت تۈركۈملىرىنى ۋۇجۇدقا كەلتۇرۇش
كېرەك. مۇشۇنداق قىلغاندا، سانائەتنىڭ ئىچكى قۇرۇلمىسىدى-
كى مۇناسىۋەتلەرنى مۇۋاپىق نىسبەتكە ئىگە قىلىپ، ئاز سانلىق
مىللەت رايونلىرىنىڭ مالىيىدە ئۆز-ئۆزىنى قامداش ئىقتىدارىنى
ئاشۇرغىلى، ئىقتىسادنىڭ تەڭكەش راۋاجلىنىشى ئۈچۈن بىر

قەدەر ياخشى ئىچكى شارائىت ياراتقىلى بولىدۇ.

2. ئاساسىي كەسىپلەرنىڭ مۇقىملىقىنى ساقلاپ، ئىقتىسادىي شارائىتنى ياخشىلاش. دېھقانچىلىق، ئورمانچىلىق ۋە چارۋىچىلىق— خەلق ئىگىلىكىنىڭ مۇھىم ئاساسى، شۇنداقلا ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىنىڭ ئەنئەنىۋى كەسپى ۋە ئۈستۈنلۈكى. پۈتكۈل دۆلەت ئىقتىسادىنىڭ تەرەققىياتىنى كۆزدە تۇتقاندىمۇ، ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىنىڭ تەرەققىياتىنى كۆزدە تۇتقاندىمۇ بۇ كەسىپلەرنى پۇختا قەدەم بىلەن راۋاجلاندۇرماي ۋە ئۇلارنىڭ يېڭى ھاياتىي كۈچىنى ئۇرغۇتماي بولمايدۇ. ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرى بۇنىڭدىن كېيىن يېزا ئىگىلىك ئاساسىي قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىپ، مۇقىم ۋە يۇقىرى ھوسۇللۇق ئېتىزلارنى كۆپەيتىدۇ، بىر تۈركۈم تاۋار ئاشلىق بازىلىرىنى بەرپا قىلىپ، ئاشلىق بىلەن ئۆز-ئۆزىنى تەمىنلەش نىسبىتىنى ئاشۇرىدۇ؛ ئوتلاق قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىپ، چارۋىچىلىقنى يەنە بىر يېڭى پەللىگە كۆتۈرىدۇ؛ ئىچكى موڭغۇل، شىنجاڭ، گۇاڭشى، يۈننەن، خەينەن قاتارلىق جايلاردا قىزىلچا بازىسى، پاختا بازىسى، قومۇش شېكىرى بازىسى ۋە ئىسسىق بەلباغ زىرائەتلىرى بازىسى بەرپا قىلىنىدۇ.

ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىنىڭ تولىسى چەت-ياقىغا جايلاشقان، قاتنىشى قولايسىز، بۇ ھال شۇ رايونلارنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتىنى قاتتىق چەكلەپ تۇرماقتا. «بېيىمەن دېسەڭ، ئاۋۋال يول ياسا» دېگەن سۆز كىشىلەرنىڭ ئورتاق تونۇشىغا ۋە كۈچلۈك ساداسىغا ئايلاندى. دۆلەت بۇنىڭدىن كېيىنكى ئون يىلدا ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىنىڭ قاتناش-ترانسپورت ۋە

پوچتا-تېلېگراف ئىشلىرىنى زور كۈچ بىلەن راۋاجلاندۇردى.
تۆمۈريولللارنىڭ زىچلىقىنى ۋە توشۇش ئىقتىدارىنى ئاشۇرۇش
ئۈچۈن، يېڭىدىن نەننىڭ-كۈنمىڭ، جىنىڭ-تۇڭلياۋ تۆمۈريول
غول لىنىيىلىرى ياسىلدى، لەنجۇ-شىنجاڭ تۆمۈريولى، جەنۇ-
بىي شىنجاڭ تۆمۈريولى ۋە شىنىڭ-گولمۇد تۆمۈريولىلىرى نۇق-
تىلىق ئۆزگەرتىلدى؛ تاشيولللارنىڭ تەرەققىياتى تېزلىتىلدى،
خىلمۇخىل شەكىلللەر بىلەن يېڭى تاشيولللار ياسىلىپ ۋە كونا
تاشيولللار رېمونت قىلىنىپ، رايونلار بويىچە ترانسپورت تورلى-
رى مۇكەممەللەشتۈرۈلدى؛ ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىنىڭ
چەت-ياقىغا جايلاشقان ئالاھىدىلىكىگە ئاساسەن، خەلق ئاۋىئات-
سىيە ئىشلىرى پائال راۋاجلاندۇرۇلدى. قاتناش شارائىتىنىڭ
ياخشىلىنىشى ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىنىڭ ئىقتىسادىي تە-
رەققىياتىغا يېڭى ھاياتىي كۈچ بەخش ئېتتى.

3. ئەمەلىيەتكە زىچ بىرلەشتۈرۈپ، ئىشكىنى سىرتقا ھەم
ئىچكىرىگە ئېچىۋېتىش، ئىگىلىكنى جانلاندۇرۇش. ئىسلاھات
ۋە ئىشكىنى ئېچىۋېتىش ئىشى ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىنىڭ
تەرەققىياتىغا غايەت زور ھاياتىي كۈچ بېغىشلىدى، ئىسلاھاتنى
چوڭقۇرلاشتۇرۇش ۋە ئىشكىنى سىرتقا تېخىمۇ كەڭ ئېچىۋېتىش
ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىنىڭ كەلگۈسىدىكى ئىقتىسادىي تە-
رەققىياتىدا تۈپ تەدبىر بولۇپ قالغۇسى. دېڭىز بويىدىكى رايون-
لارغا سېلىشتۇرغاندا، ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىدا ئىسلاھات
ۋە ئىشكىنى ئېچىۋېتىش ئىشى كېيىنرەك باشلاندى، تاشلانغان
قەدەممۇ كىچىكرەك بولدى. بۇنىڭ ئۆزى ئاز سانلىق مىللەت
رايونلىرىدا ئىسلاھات ۋە ئىشكىنى ئېچىۋېتىش جەھەتتە قىلىشقا

تېگىشلىك ئىشلارنىڭ تېخى جىقلىقىدىن دېرەك بېرىدۇ. ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرى ئۆز ئەھۋالىغا قاراپ، شەرقىي رايونلارنىڭ تەجرىبىسىنى ئەينەك قىلىپ، ئىسلاھات ۋە ئىشىكنى ئېچىۋېتىش سالمىقىنى لايىقىدا ئاشۇرۇپ، ئىسلاھات ۋە ئىشىكنى ئېچىۋېتىش ئىشىنىمۇ پۈتۈن مەملىكەتنىڭكىگە لايىقلاشتۇرىدۇ.

ئىچكى جەھەتتە ئىگىلىكنى جانلاندۇرۇشتا، مەملىكىتىمىز ئىچىدىكى تەرەققىي تاپقان رايونلار بىلەن ئۆزئارا ئىشىك ئېچىۋېتىشكە، ئۆز سىستېمىسى بويىچە ياردەم بېرىشنى ئىلگىرى سۈرۈشكە، توغرا لىنىيىلىك بىرلەشمىنى راۋاجلاندۇرۇشقا، جۈملىدىن دېڭىز بويىدىكى رايونلاردا ئېچىۋېتىش ئېغىزى ۋە ئالدىنقى مەيدان بەرپا قىلىشقا ئەھمىيەت بېرىش لازىم. شەرقىي رايونلار بىلەن غەربىي رايونلارنىڭ، تەرەققىي تاپقان رايونلار بىلەن نىسپىي ئارقىدا قالغان رايونلارنىڭ مۇناسىۋىتىنى ئوبدان بىر تەرەپ قىلىش ئېلىمىزنىڭ ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشىدا ھامان مۇھىم مەسىلە، بۇ ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتىنى پۈتۈن مەملىكەتنىڭكىگە لايىقلاشتۇرۇشنىڭمۇ مۇھىم شەرتى. يولداش ماۋ زېدۇڭ «ئون چوڭ مۇناسىۋەت توغرىسىدا» دېگەن ئەسىرىدە بۇ مەسىلىنى چوڭقۇر شەرھلىگەن. ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىنىڭ تەرەققىياتىنى تېزلىتىش ئۈچۈن، دۆلەت ئومۇمىي جەھەتتىن تەڭشەشتە، ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىنى تېخىمۇ مۇھىم ئورۇنغا قويۇشى، تەرەققىي تاپقان رايونلارنىڭ ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىغا ئۆز سىستېمىسى بويىچە ياردەم بېرىشنى پائال ئىلگىرى سۈرۈشى، شەرقىي رايونلار

بىلەن غەربىي رايونلارنى ئۆزىگە خاس ئۈستۈنلۈكىنى زىچ بىر- لەشتۈرۈش ۋە تولۇق جارى قىلدۇرۇش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىشى كېرەك. بۇنداق قىلىش شەرقىي رايونلار بىلەن غەربىي رايونلارنىڭ تەرەققىياتىغا ۋە پۈتكۈل دۆلەتنىڭ تەرەققىياتىغا پايى- دىلىق بولۇپلا قالماي، بەلكى باراۋەرلىك، ھەمدەملىك، ئىتتى- پاقلىق-ھەمكارلىق ۋە ئورتاق گۈللىنىش ئاساسىدىكى سوتسىيا- لىستىك مىللىي مۇناسىۋەتنىڭ تەرەققىياتى ئۈچۈنمۇ پايدىلىق.

1982- يىلدىن باشلاپ، تەرەققىي تاپقان ئۆلكە، شەھەرلەرنىڭ ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىغا ئۆز سىستېمىسى بويىچە ياردەم بېرىش ئىشىدا ئوبدان ئۈنۈم ھاسىل قىلىندى، بۇنداق ھەمكار- لىق كەلگۈسىدىكى قۇرۇلۇش ئىشلىرىدا تېخىمۇ راۋاجلاندۇرۇ- لىدۇ. بۇنىڭ شەكلى تەرەققىي تاپقان رايونلار بىلەن ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىنىڭ ئېچىش-ئۆزلەشتۈرۈش، ئىگىلىك باشقۇ- رۇش، كارخانا قۇرۇش ئىشلىرىدا بىرلىشىشىنىمۇ، تەرەققىي تاپقان رايونلارنىڭ ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىغا ماددىي كۈچ، مالىيە كۈچى، ئادەم كۈچى ۋە ئۈچۈر قاتارلىق جەھەتلەردىن ياردەم بېرىشىنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. بۇنداق ياردەم توختام تۈزۈش يولى بىلەن تەشكىللىك ۋە پىلانلىق بولىدۇ، ئىككى تەرەپ ئوتتۇرىسىدا خىلمۇخىل شەكىلدە ئۆزاق مۇددەت ھەمكار- لىشىش، ئۆزئارا مەنپەئەت يەتكۈزۈش مۇناسىۋىتى ئورنىتىلىدۇ. دەرۋەقە، ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىمۇ راۋاج تېپىش ۋە ئالغا بېسىش ئۈچۈن مۇھىمى ئۆز كۈچىگە تايىنىپ ئىش كۆرۈشى، جاپا-مۇشەققەتكە چىداپ كۈرەش قىلىشى، ئۆز كۈچىگە تايىنىش ۋە ئۆزىنىڭ ئەقىل-پاراستىنى جارى قىلدۇرۇشنى ئاساس قى-

لىشى لازىم.

ئىشكىنى سىرتقا ئېچىۋېتىش جەھەتتە، دۆلىتىمىزنىڭ ئەتە-راپىدىكى رايونلاردا ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىمىزنىڭ ئىقتى-سادىي تەرەققىياتىغا پايدىلىق ۋەزىيەت بارلىققا كەلدى، تۇرلۇك تېپتىكى يېڭىچە ئىقتىسادىي رايونلارنىڭ ۋۇجۇدقا كېلىش ئېھ-تىمالى تۇغۇلدى. بىز پەيتنى چىڭ تۇتۇپ، ئۆزىمىزنىڭ ئارتۇق-چىلىقىنى جارى قىلدۇرۇپ، ئىككىنچى ئاسىيا-ياۋروپا چوڭ قۇرۇقلۇق كۆۋرۈكىدىن، جەنۇب بىلەن شىمالدىكى «يىپەك يو-لى» دىن ۋە كۆپلىگەن چېگرا سودا ئېغىزلىرىدىن تولۇق پايدىلى-نىپ، ئىشىكنى شەرققە ۋە جەنۇبقا ئېچىۋېتىش بىلەن بىرۋاقىت-تا، چېگرا بويىدىكى رايونلاردا ئىشىكنى غەربكە ۋە شىمالغا ئېچىۋېتىشىمىز، ئىشىكنى سىرتقا ئېچىۋېتىشنىڭ يېڭى يولى ئۈستىدە ئۈزلۈكسىز ئىزدىنىپ، ئېچىۋېتىشنىڭ كۆپ شەكىل-لىك، كۆپ قاتلاملىق ۋە كۆپ يوللۇق ۋەزىيىتىنى بارلىققا كەلتۈرۈشىمىز كېرەك.

4. مىللىي ئىتتىپاقلىقنى قوغداپ، ئىجتىمائىي مۇقىملىق-نى كاپالەتلەندۈرۈش. ئىسلاھاتنى چوڭقۇرلاشتۇرۇش كۈچلىرىنىڭ تەرەققىيا-تى مۇقىم ئىجتىمائىي مۇھىتقا مۇھتاج. ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرى ئۈچۈن ئېيتقاندا، مىللەتلەرنىڭ ئىتتىپاقلىقى ئالاھى-دە مۇھىم. قىلچە مۇبالىغە قىلماي شۇنداق دېيىشكە بولىدۇكى، ئېلىمىزدە مىللەتلەر مۇناسىۋىتى ياخشى بولۇپ كەلدى، خىلمۇخىل قاتتىق سىناقلاردىن ئۆتتى، تۆتتە زامانىۋىلاشقان دۆلەت قۇرۇشتىن ئىبارەت ئورتاق غايە مىللەتلەرنىڭ ئۇيۇشۇش كۈچىنى تېخىمۇ ئاشۇردى. لېكىن شۇنىمۇ ئېنىق كۆرۈشىمىز

كېرەككى، مىللەتلەرنىڭ ئىتتىپاقلىقىغا تەسىر يەتكۈزىدىغان ئامىللار، يەنى بىرىنچىدىن، خەلقنىڭ ئىچكى قىسمىدا ئىدىيە ۋە كۆز قاراش، ئەمەلىي مەنپەئەت تۇپەيلىدىن تۇغۇلغان زىددىيەت ۋە توقۇنۇشلار مەۋجۇت؛ ئىككىنچىدىن، دۈشمەن كۈچلەرنىڭ بۇزغۇنچىلىقى ۋە پاراكەندىچىلىكى مەۋجۇت. دۈشمەن كۈچلەر مىللەت، دىن ۋە كىشىلىك هوقۇقى دېگەنلەرنى دەستەك قىلىپ ئارىمىزغا سىڭىپ كىرىش، ئاغدۇرمىچىلىق قىلىش هەرىكىتىنى ئېلىپ بېرىۋاتىدۇ، بۇ قانداقتۇر سىر ئەمەس، ئۇلارنىڭ بۇنداق هەرىكەتلىرى تىنچ ئۆزگەرتىۋېتىش ستراتېگىيىسىنىڭ بىر قىسمى بولۇپ قالدى. شۇڭا، بىز خاتىرجەم شارائىتتا تۇرغاندا چوقۇم خەۋپ-خەتەرنى ئويلاپ قويۇشىمىز، ۋەتەنپەرۋەرلىك ۋە سوتسىيالىزم، ماركسىزملىق مىللەت قارىشى ۋە مىللىي سىياسەت هەققىدىكى تەربىيىنى كۈچەيتىپ، مىللەتلەر مۇناسىۋىتىدە ساقلانغان خەلق ئىچىدىكى زىددىيەتلەرنى توغرا هەل قىلىشىمىز، دۈشمەن كۈچلەرنىڭ بۇزغۇنچىلىق هەرىكەتلىرىنىڭ ئالدىنى ئېلىشىمىز ۋە ئۇنىڭغا زەربە بېرىشىمىز لازىمكى، هەر مىللەت خەلقى ئىتتىپاقلىق، هەمكارلىق كەيپىياتى ئىچىدە ۋە مۇقىم ئىجتىمائىي شارائىتتا ئۇلۇغۋار ئىشلارغا تەڭ كۈچ چىقىرىپ، هاللىق سەۋىيىگە يېتىش ئۈچۈن بىرلىكتە ئاتلانسۇن.

5. مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە قانۇنىنى ئوبدان ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە تۈزۈمىنىڭ ئەۋزەللىكىنى جارى قىلدۇرۇش، مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە تۈزۈمىدە چىڭ تۇرۇش ۋە ئۇنى مۇكەممەللەش-

تۇرۇش مىللىي مەسىلىدە سوتسىيالىزم يۆنىلىشىدە چىڭ تۇ-
رۇشنىڭ ئاساسى تەلىپى، شۇنداقلا ئاپتونومىيىلىك جايلارنىڭ
ئىقتىسادىي ۋە مەدەنىيەت تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈشنىڭ
مۇھىم شەرتى. بۇنىڭ ئۆزى مۇنداق ئۈچ جەھەتتىكى مۇناسىۋەت-
نى ئوبدان بىر تەرەپ قىلىشنى تەلەپ قىلىدۇ: بىرىنچى،
دۆلەتنىڭ ئومۇمىي جەھەتتىن تىزگىنلىشى ۋە پىلان ئارقىلىق
يېتەكلىشى بىلەن ئاپتونومىيىلىك جايلارنىڭ ئىگىلىك باشقۇ-
رۇش جەھەتتە ئۆز ئالدىغا ئىش كۆرۈش هوقۇقىنى يۈرگۈزۈشى
ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەت. ئاپتونومىيىلىك جايلار دۆلەت پىلا-
نىنىڭ يېتەكچىلىكىدە، ئۆز جايىنىڭ ئالاھىدىلىكى ۋە ئېھتىيا-
جىغا ئاساسەن ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشنىڭ فاڭجېن، سىياسەت ۋە
پىلانلىرىنى تۈزۈشى، ئىشلەپچىقىرىش مۇناسىۋەتلىرىنى تەڭشى-
شى، ئۆز جايىنىڭ بايلىق مەنبەسىنى قانۇن بويىچە قوغدىشى
ۋە ئۇنى مۇۋاپىق ئېچىپ پايدىلىنىشى كېرەك؛ ئىككىنچى،
مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلار بىلەن يۇقىرى دەرىجىلىك دۆلەت
ئورگانلىرىغا قاراشلىق كارخانىلارنىڭ مۇناسىۋىتى. ئاز سانلىق
مىللەت رايونلىرى دۆلەتنىڭ شۇ رايونلاردىكى بايلىق مەنبەلىرى-
نى ئېچىشىنى پائال قوللىشى، يۇقىرى دەرىجىلىك ئورگانلارغا
قاراشلىق كارخانىلار بايلىق مەنبەلىرىنى ئېچىشتا، بىرلىشىپ
ئېچىش، مەھسۇلاتتىن نىسبەت ئايرىش، پايدا ۋە باجنى قايتۇ-
رۇش، خادىملارنى قوبۇل قىلىش، تېخنىكا چىقىرىش قاتارلىق
ئۇسۇللار بىلەن يەرلىك ئاممىنىڭ مەنپەئىتىگە ئېتىبار بېرىشى،
شۇ جاينىڭ تەرەققىياتىغا تۆرتكە بولۇشى كېرەك؛ ئۈچىنچى،
يۇقىرى دەرىجىلىك دۆلەت ئورگانلىرى بىلەن ئاپتونومىيىلىك

جايلارنىڭ ھوقۇق-مەجبۇرىيەت مۇناسىۋىتى. ئاپتونومىيىلىك جايلار دۆلەتنىڭ بىرلىكىنى قەتئىي قوغدىشى، ئۆز جايىدىكىلەر-نىڭ دۆلەتنىڭ ئاساسىي قانۇنىغا ۋە قانۇنلىرىغا رىئايە قىلىشىغا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىشى لازىم، يۇقىرى دەرىجىلىك دۆلەت ئورگانلىرى ئاپتونومىيىلىك جايلارنىڭ ئالدىدىكى مەجبۇرىيىتىنى ئادا قىلىپ، خىزمەتتە مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلارنىڭ ئالاھىدىلىكى ۋە ئېھتىياجىنى تولۇق نەزەرگە ئېلىشى لازىم.

شۇنى كۆرستىپ ئۆتۈش كېرەككى، ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرى ئىجتىمائىي تەرەققىيات جەھەتتىمۇ نىسپىي قالاق ھالەتتە تۇرۇۋاتىدۇ، شۇڭا بۇ رايونلارنىڭ ئىجتىمائىي تەرەققىياتىنىمۇ تېزلىتىپ، ئۇنى ئىقتىسادىي تەرەققىياتنىڭ ۋە پۈتۈن مەملىكەتنىڭ ئىجتىمائىي تەرەققىياتىنىڭ تەلىپىگە ماسلاشتۇ-رۇش كېرەك. 8-بەش يىللىق پىلان مەزگىلىدە ۋە بۇنىڭدىن كېيىنكى ئون يىلدا مىللىي مائارىپنى، ئىلىم-پەن، مەدەنى-يەت، سەھىيە ۋە تەنتەربىيە ئىشلىرىنى تىرىشىپ راۋاجلاندۇ-رۇش، مىللىي مائارىپنى راۋاجلاندۇرۇشنى ئالدىنقى ئورۇنغا قويۇپ، ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئىدىيىۋى-ئەخلاقىي سۈپىتىنى ۋە پەن-مەدەنىيەت سۈپىتىنى ئۆستۈرۈش، ئىقتىسادىي تەرەققى-ياتنى كۈچلۈك ئەقلىي مەدەتكە ئىگە قىلىشى لازىم. قىسقىسى، سوتسىيالىستىك ماددىي مەدەنىيەت قۇرۇلۇشى بىلەن مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنى، ئىقتىسادىي قۇرۇلۇش بىلەن ئىجتىما-ئىي تەرەققىياتنى تەڭ يۈكسەلدۈرۈش، بىر-بىرىگە تۈرتكە قى-لىش كېرەك.

ئىشىنىشكە بولىدۇكى، كەلگۈسى ئون يىلدا، بىز پارتىيە

13-نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 7-ئومۇمىي يىغىنىنىڭ ۋە
7-نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى 4-يىغىنىنىڭ رو-
ھىنى قەتئىي ئىجرا قىلىدىغان بولساق، ھەر مىللەت خەلقى
روھلىنىپ، باش چۆكۈرۈپ جاپاغا چىداپ ئىشلەيدىغان بولسا،
ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرى چوقۇم يېڭى ھاياتىي كۈچىنى
ئۇرغۇتۇپ، ئۆزىنىڭ يېڭى قىياپىتىنى نامايان قىلالايدۇ، ھەر
قايسى مىللەتلەرنىڭ ۋە ھەرقايسى رايونلارنىڭ تەڭكەش راۋاجلى-
نىپ، ئورتاق گۈللىنىش ئارزۇسى چوقۇم گۈزەل رېئاللىققا
ئايلىنىدۇ.

# روھىمىزنى ئۇرغۇتۇپ، ئىنتىپاقلىشىپ كۆرەش قىلىپ، مىللىي تىل-يېزىق خىزمىتىنى يەنىمۇ ياخشى ئىشلەيلى*

(1991-يىل 12-ئاينىڭ 7-كۈنى)

مەملىكەتلىك مىللىي تىل-يېزىق خىزمىتى يىغىنى مۇھىم
بىر يىغىن بولدى. پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى بىلەن گوۋۇ-
يۈەننىڭ سەمىمىي غەمخورلۇقى ۋە يىغىنغا قاتناشقان يولداشلار-
نىڭ ئورتاق تىرىشچانلىق كۆرسىتىشى ئارقىسىدا، يىغىن جان-
لىق ئېچىلدى، تولۇق مۇۋەپپەقىيەتكە ئېرىشتى. بۇ يىغىن
مۇھىم بىر نامايەندە سۈپىتىدە ئېلىمىزنىڭ مىللىي تىل-يېزىق
خىزمىتىنىڭ تارىخىي سەھىپىسىدىن ئورۇن ئالغۇسى. يىغىن
بۈگۈن ئاخىرلىشىدۇ. مەن يىغىندا ئوتتۇرىغا قويۇلغان بىر
قىسىم مەسىلىلەر ۋە مىللىي تىل-يېزىق خىزمىتى بىلەن مىل-
لىي خىزمەتنىڭ مۇناسىۋىتى مەسىلىسى ئۈستىدە بەزى پىكىرلى-
رىمنى بايان قىلماقچىمەن.

---

* بۇ— يولداش ئىسمايىل ئەھمەدنىڭ مەملىكەتلىك ئاز سانلىق مىل-
لەتلەر تىل-يېزىق خىزمىتى يىغىنىدا سۆزلىگەن سۆزى.

## 1

بۇ قېتىمقى يىغىننىڭ ئۇتۇقى كۆپ جەھەتتە ئىپادىلىنىدۇ، ئاساسلىقى مۇنۇلار:

ئىدىيە بىرلىككە كەلتۈرۈلدى، تونۇش ئۆستۈرۈلدى. كۆپ-چىلىك گوۋۇيۈەننىڭ [1991] 32-نومۇرلۇق ھۆججىتىنى ئەس-تايىدىل ئۆگىنىش ۋە ئەمەلىي ئەھۋالغا بىرلەشتۈرۈپ تولۇق مۇزاكىرە قىلىش ئارقىلىق، مىللىي تىل-يېزىق خىزمىتىنى ئوبدان ئىشلەشنىڭ مۇھىملىقى ۋە ئۇزاق مۇددەتلىكلىكى، پار-تىيە بىلەن دۆلەتنىڭ مىللىي تىل-يېزىق خىزمىتى توغرىسىدىكى فاڭجېن، ۋەزىپە، سىياسەت ۋە تەدبىرلىرىنى قانداق چۈشىنىش كېرەكلىكى، يېڭى دەۋردىكى مىللىي تىل-يېزىق خىزمىتىنى ئوبدان ئىشلەش ئۈچۈن قانداق قىلىش كېرەكلىكى ھەققىدە ئېنىق ۋە بىردەك تونۇشقا كەلدى، ئىدىيە جەھەتتە زور يۈكسە-لىش ھاسىل قىلدى. بىرمۇنچە يولداشلار يىغىندا سۆز قىلىپ، مۇنۇلارنى كۆرسەتتى: گوۋۇيۈەن تارقاتقان [1991] 23- نو-مۇرلۇق ھۆججەت تولىمۇ ياخشى ھۆججەت بولۇپتۇ، ئۇ پارتىيە ۋە دۆلەتنىڭ ئاز سانلىق مىللەتلەر تىل-يېزىق خىزمىتىگە يۈك-سەك دەرىجىدە ئېتىبار بەرگەنلىكىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ. ھۆججەتتە يېڭى دەۋردىكى مىللىي تىل-يېزىق خىزمىتىنىڭ ئور-نى، ۋەزىپىسى ۋە سىياسەتلىرى نەزەرىيە بىلەن ئەمەلىيەتنى بىرلەشتۈرۈش ئاساسىدا ئىلمىي شەرھلەپ ۋە ئېنىق بەلگىلەپ بېرىلىپتۇ، ئۇزاقتىن بۇيان تازا ئېنىق بولماي كەلگەن، ھەتتا كۆز قاراش بىر خىل بولماي كەلگەن بەزى مەسىلىلەرگە ئېنىق

ۋە توغرا جاۋاب بېرىلىپتۇ، بۇرۇن بىرقەدەر ئېنىق بولغان بەزى مەسىلىلەر ئۈستىدىمۇ بۇ قېتىمقى يىغىن ئارقىلىق تېخىمۇ چوڭقۇر چۈشەنچە ھاسىل قىلىندى، تونۇش يۇقىرى كۆتۈرۈلدى. بۇنىڭدىن كېيىنكى خىزمەتلەرنى قانداق تونۇش ۋە قانداق قىلىپ ياخشى ئىشلەش مەسىلىسىدە كۆڭلىمىزدە سان بار بولدى. دەرۋەقە، بارلىق تونۇش مەسىلىسىنى بىر قېتىملىق يىغىن بىلەنلا ھەل قىلىپ كەتكىلى بولمايدۇ. بەزى مەسىلىلەر ئۈستىدە ئوخشاش بولمىغان قاراشلار بولۇشىمۇ مۇمكىن، ھۆججەتنىڭ روھىنى ئىزچىللاشتۇرۇش جەريانىدا، ئەمەلىيەت داۋامىدا تونۇشىمىزنى يەنىمۇ چوڭقۇرلاشتۇرساق ۋە بىرلىككە كەلتۈرسەك بولىدۇ.

ۋەزىپە چۈشىنىشلىك بولدى، نىشان ئايدىڭلاشتۇرۇلدى. گوۋۇيۈەن تەستىقلاپ تارقاتقان ھۆججەتتە يېڭى دەۋردىكى مىللىي تىل-يېزىق خىزمىتىنىڭ ئاساسىي ۋەزىپىلىرى ئېنىق ۋە كونكرېت بەلگىلەنگەن، ئۇ يەتتە جەھەتكە يىغىنچاقلانغان، بۇ ھەقتە يولداشلارنىڭ ئومۇمىي ئىنكاسى مۇنداق بولدى: بۇنداق يىغىنچاقلاش بىرقەدەر ئەتراپلىق، شۇنداقلا ئەمەلىيەتكە ئۇيغۇن بولغان، ئۇنىڭدا مىللىي تىل-يېزىق خىزمىتىنىڭ تارىخىي ۋە ھازىرقى ھالىتى تولۇق ئەكس ئەتتۈرۈلگەن، مىللىي تىل-يېزىق خىزمىتىنىڭ ئوبيېكتىپ قانۇنىيىتى ۋە ئالاھىدىلىكى ئېچىپ بېرىلگەن. بۇ مىللىي تىل-يېزىق خىزمىتىنىڭ ۋەزىپىسى مىللىي خىزمەتنىڭ ۋەزىپىسى بىلەن ماھىيەت جەھەتتە بىر، مەزمۇن جەھەتتىمۇ ئوخشاش. جۇمھۇرىيىتىمىز قۇرۇلغان دەسلەپكى مەزگىلدە، مىللىي تىل-يېزىق خىزمىتى مىللىي خىز-

مەتنىڭ مۇھىم مەزمۇنى سۈپىتىدە كۆندىلىك ئىشلار تەرتىپىگە قويۇلغانىدى. بىراق، ۋەزىيەتنىڭ ئۆزگىرىشىگە ئەگىشىپ، بولۇپمۇ پارتىيە 11-نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 3-ئومۇمىي يىغىنىدىن كېيىن، پۈتۈن پارتىيە خىزمىتىنىڭ مۇھىم نۇقتىسىنىڭ يۆتكىلىشىگە ئەگىشىپ، پۈتكۈل مىللىي خىزمەتتىمۇ تەرەققىيات ۋە ئۆزگىرىش بولدى. مىللىي تىل-يېزىق خىزمىتى بۇ ئۆزگىرىشكە ماسلىشىش كېرەك. ھازىر مىللىي تىل-يېزىق خىزمىتىنىڭ ۋەزىپىسى توغرىسىدا كونكرېت مۇھاكىمە ئېلىپ بېرىش ئىنتايىن مۇھىم، بۇنىڭ ئۆزى مىللىي تىل-يېزىق خىزمىتىنى تېخىمۇ ياخشى ئىشلەشتە زور ئەھمىيەتكە ئىگە.

يىغىندا گوۋۇيۈەننىڭ [1991] 32-نومۇرلۇق ھۆججىتىدە بەلگىلەنگەن يېڭى دەۋردىكى تىل-يېزىق خىزمىتىنىڭ يېتەكچى ئىدىيىسى، سىياسەت-فاڭجېنلىرى ئۈستىدە چوڭقۇر مۇزاكىرە ئېلىپ بېرىلدى. يىغىن قاتناشچىلىرى بىردەك مۇنداق تونۇشقا كەلدى: ھۆججەتتە بەلگىلەنگەن يېتەكچى ئىدىيە ۋە ئاساسىي فاڭجېن پارتىيىنىڭ ئاساسىي لۇشيەنىنىڭ تەلىپىنى ئىپادىلىدى، ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئورتاق ئىرادىسى ۋە تۈپ مەنپەئىتىنى ئەكس ئەتتۇردى. ئۇ دۆلىتىمىزنىڭ 40 نەچچە يىلدىن بۇيانقى مىللىي تىل-يېزىق خىزمىتىنىڭ ئىلمىي يەكۈنى. بۇ سىياسەتلەر ئۆتمۈشتىكى سىياسەتنىڭ داۋامى بولۇش بىلەن بىللە نۇرغۇن جەھەتلەردە تولۇقلانغان ئېنىق دەۋر ئالاھىدىلىكىگە ۋە كۈچلۈك قاراتمىلىقلىققا ئىگە بولغان. ھۆججەتتە ئوتتۇرىغا قويۇلغان ئاساسىي تەدبىرلەر ئەمەلىيەتكە ئۇيغۇن ۋە ئۈنۈم بېرىدىغان تەدبىرلەردۇر. بىرمۇنچە يولداشلار يەنە بۇرۇنقى تەجرىبى-

لەرگە ۋە ئۆز رايونىنىڭ، ئۆز ئورنىنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىغا ئاساسەن، گوۋۇيۈەنىنىڭ ھۆججىتىنى ئوبدان ئىزچىللاشتۇرۇش ئۈچۈن قانداق قىلىش كېرەكلىكى توغرىسىدا ناھايىتى ياخشى پىكىر ۋە تەكلىپلەرنى بەردى. مانا بۇلار بۇ قېتىمقى يىغىنىنىڭ روھىنى ئوبدان ئىزچىللاشتۇرۇپ، يېڭى دەۋردىكى مىللىي تىل-يېزىق خىزمىتىنى ئوبدان ئىشلەشكە قۇدرەتلىك تۈرتكە بولغۇسى.

تەجرىبىلەر يەكۈنلەندى، ئەھۋال ئالماشتۇرۇلدى. يولداشلار گوۋۇيۈەنىنىڭ [1991] 32-نومۇرلۇق ھۆججىتىنىڭ روھىغا ئاساسەن، ئۆز رايونىنىڭ ۋە ئۆز ئورنىنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىغا ۋە ئۆزلىرىنىڭ بىۋاسىتە تەسىراتىغا بىرلەشتۈرۈپ، جۇمھۇرىيەتىمىز قۇرۇلغاندىن بۇيانقى مىللىي تىل-يېزىق خىزمىتىنى ئەستايىدىل ئەسلەپ ئۆتتى، كۆپچىلىك ھۆججەتتە ئۆتكەنكى خىزمەتلەرگە بېرىلگەن باھاغا ۋە نۆۋەتتىكى ۋەزىيەت ئۈستىدە ئېلىپ بېرىلغان تەھلىلگە تامامەن قوشۇلدى. ئۇلار بىردەك مۇنداق تونۇشقا كەلدى: جۇمھۇرىيىتىمىز قۇرۇلغاندىن بۇيان، بولۇپمۇ پارتىيە 11-نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتىنىڭ 3-ئومۇمىي يىغىنىدىن بۇيان، مىللىي تىل-يېزىق خىزمىتىدىمۇ پۈتكۈل مىللىي خىزمەتتىكىگە ئوخشاش، سوتسىيالىزم ئىشلىرىمىزنىڭ ئۈزلۈكسىز ئىلگىرىلىشىگە ئەگىشىپ خۇشاللىنارلىق نەتىجىلەر قولغا كەلدى ۋە قىممەتلىك تەجرىبىلەر ھاسىل قىلىندى، بۇ خىزمەت مىللەتلەرنىڭ ئىقتىساقلىق-تەرەققىيات ئىشلىرىنى ئىلگىرى سۈرۈش ئۈچۈن تېگىشلىك تۆھپە قوشتى. يولداشلار يەنە ئۆتكەنكى خىزمەتلەرنى تۆرلۈك نۇقتىدىن يەكۈنلىدى، ئۆز رايو-

نىنىڭ ۋە ئۆز ئورنىنىڭ خىزمەت ئەھۋالىنى تونۇشتۇردى، شۇ-
نىڭدەك، خىزمەتتە ساقلانغان قىيىنچىلىق ۋە مەسىلىلەرنىمۇ
ئوبيېكتىپ ھالدا تەھلىل قىلىپ، پىكىر ۋە تەلەپلەرنى ئوتتۇر-
غا قويدى. ئىلگىرىكى نەتىجىلەر— بۇنىڭدىن كېيىنكى خىزمەت-
نى يەنە بىر بالداق يۇكسەلدۈرۈشنىڭ ئوبدان شەرتى، ئىلگىرى-
كى تەجرىبىلەر— بۇنىڭدىن كېيىنكى خىزمەتلەرنى ياخشى ئىش-
لەشتىكى قىممەتلىك بايلىق. قىيىنچىلىق ۋە مەسىلىلەر ئۈستى-
دە ئېلىپ بېرىلغان تەھلىل كاللىمىزنى تېخىمۇ سەگەك تۇتۇشقا
پايدىلىق. بۇلارنىڭ ھەممىسى بۇنىڭدىن كېيىنكى خىزمەتلەرنى
تېخىمۇ ياخشى ئىشلىشىمىزگە ياردەم بېرىدۇ.

ئىشەنچ ئاشتى، غەيرەت ئۈستىگە غەيرەت قوشۇلدى. كۆپ-
چىلىك بۇ قېتىمقى يىغىن ئارقىلىق پارتىيە بىلەن دۆلەتنىڭ
مىللىي تىل-يېزىق خىزمىتى ئۈستىدىكى ئېتىبارىنى ۋە غەم-
خورلۇقىنى يەنە بىر قېتىم ھېس قىلدى. تىل-يېزىق خىزمىتى-
نىڭ تۇتقان ئورنىنى تېخىمۇ يۇقىرى پەللىدە تۇرۇپ چوڭقۇر
توندى، مىللىي تىل-يېزىق خىزمىتىنى ئوبدان ئىشلەشتىكى
مەسئۇلىيەتچانلىق، شەرەپلىك تۇيغۇسىنى ھەم بۇرچ تۇيغۇسىنى
كۈچەيتتى. شەرەپلىك ۋەزىپە، توغرا سىياسەت ۋە كونكرېت
تەدبىرلەر كۆپچىلىكنىڭ روھىنى ئۇرغۇتۇپ، ئىشەنچىسىنى كۈ-
چەيتتى، غەيرىتىنى ئاشۇردى. بىرمۇنچە يولداشلار قايتىپ بار-
غاندىن كېيىن، جەزمەن تىرىشىپ ئىشلەپ، گوۋۇيۈەننىڭ
ھۆججىتىنى ئوبدان ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، يىغىننىڭ روھىنى ياخ-
شى ئىزچىللاشتۇرۇپ، مىللىي تىل-يېزىق خىزمىتىنى يېڭى
سەۋىيىگە كۆتۈرىدىغانلىقىنى بىلدۈرۈشتى.

شۇنىڭغا ئىشىنىشكە بولىدۇكى، بۇ قېتىمقى يىغىننىڭ نەتىجىسى غايەت زور ماددىي كۈچكە ئايلىنىپ، ئېلىمىزنىڭ مىللىي تىل-يېزىق خىزمىتىدە ئىتتىپاقلىشىپ جاسارەت بىلەن ئالغا ئىلگىرىلەيدىغان جانلىق يېڭى كەيپىيات بارلىققا كېلىدۇ.

## 2

مىللىي تىل-يېزىق خىزمىتى دۆلەت تىل-يېزىق خىزمىتىنىڭ بىر قىسمى، شۇنداقلا مىللىي خىزمەتنىڭمۇ تەركىبىي قىسمى. شۇڭا بۇ خىزمەتنىڭ يېتەكچى ئىدىيىسىنى مىللىي خىزمەتنىڭكى بىلەن بىردەك قىلىش ۋە ماسلاشتۇرۇش لازىم. پارتىيە 13-نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتىنىڭ 7-ئومۇمىي يىغىنى مىللىي مەسىلىنى توغرا بىر تەرەپ قىلىشنى جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش نەزەرىيىسى ۋە ئەمەلىيىتىنىڭ ئاساسىي پرىنسىپلىرىدىن بىرى قىلىپ، مىللىي خىزمەتكە ئېنىق يۆنىلىش كۆرسىتىپ بەردى، شۇنداقلا مىللىي تىل-يېزىق خىزمىتىگىمۇ ئېنىق يۆنىلىش كۆرسىتىپ بەردى. مىللىي تىل-يېزىق خىزمىتىنىڭ ئۆزىگە خاس خىزمەت ئوبيېكتى ۋە خىزمەت ۋەزىپىسى بار، بىراق يېتەكچى ئىدىيە جەھەتتە، چوڭ يۆنىلىش جەھەتتە ئاشۇ ئومۇمىي پرىنسىپتىن چەتلەپ كەتسە بولمايدۇ. گوۋۇيۈەننىڭ ھۆججىتىگە ئاساسلانغاندا، مىللىي تىل-يېزىق خىزمىتىنىڭ يېتەكچى ئىدىيىسى ۋە ئاساسىي فاڭجېنى: «ماركسىزمنىڭ تىل-يېزىق باراۋەرلىكى پرىنسىپىدا چىڭ تۇرۇپ، ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ئۆز تىل-يېزىقىنى ئىشلىتىش ۋە

تەرەققىي قىلدۇرۇش ئەركىنلىكىگە كاپالەتلىك قىلىش، مىللەت-لەرنىڭ ئىتتىپاقلىق، تەرەققىيات ۋە ئورتاق گۈللىنىش ئىشلى-رىغا پايدا يەتكۈزۈشنى كۆزدە تۇتۇپ، ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدەپ، تۇرگە ئايرىپ يېتەكچىلىك قىلىپ، مىللىي تىل-يې-زىق خىزمىتىنى ئاكتىپلىق، ئېھتىياتچانلىق ۋە پۇختا قەدەم بىلەن قانات يايدۇرۇش، ئۇنى ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىنىڭ سىياسىي، ئىقتىسادىي ۋە مەدەنىيەت ئىشلىرىنىڭ ئەتراپلىق تەرەققىياتىنى، دۆلەتنىڭ زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنى ئىل-گىرى سۈرۈش ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرۇش» دېگەندىن ئىبا-رەت. بۇنىڭدىن شۇنى كۆرۈشكە بولىدۇكى، بۇنداق بايان قىلىش 7-ئومۇمىي يىغىنىنىڭ روھى ۋە ئېلىمىزنىڭ مىللىي خىزمىتى-نىڭ يېتەكچى ئىدىيىسى بىلەن ماھىيەتلىك ئىچكى باغلىنىشقا ئىگە.

مىللىي خىزمەتنىڭ نۆۋەتتىكى ئاساسىي ۋەزىپىسى مۇنۇلا-ر: پارتىيىنىڭ ئاساسىي لۇشيەنىدە چىڭ تۇرۇش، پارتىيە ۋە دۆلەتنىڭ مىللىي سىياسىتى ۋە قانۇن-نىزاملىرىنى داۋاملىق ئېغىشماي ئىجرا قىلىش، ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشنى مەركەز قى-لىپ، ئىسلاھات ئېلىپ بېرىش ۋە ئىشىكنى ئېچىۋېتىش داۋامى-دا ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىنىڭ ئىقتىساد، مائارىپ، پەن-تېخنىكا، مەدەنىيەت ئىشلىرىنىڭ ئەتراپلىق تەرەققىياتىنى، مىللەتلەرنىڭ ئورتاق گۈللىنىشىنى ئىلگىرى سۈرۈش، سوتسى-يالىستىك مىللىي مۇناسىۋەتنى ئۈزلۈكسىز مۇستەھكەملەپ ۋە راۋاجلاندۇرۇپ، مىللەتلەرنىڭ ئىتتىپاقلىقىنى كۈچەيتىش، ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىنىڭ مۇقىملىقى ۋە پۈتۈن دۆلەتنىڭ

مۇقىملىقىنى دۆلەتنىڭ بىرلىكىنى قوغداش، مىللىي تېررىتو-رىيىلىك ئاپتونومىيە تۈزۈمىنى مۇستەھكەملەش ۋە راۋاجلاندۇ-رۇش، ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرىنى زوركۈچ بىلەن يېتىش-تۈرۈش. كونكرېت قىلىپ ئېيتقاندا، تۆۋەندە كۆرسىتىلگەن بىرنەچچە جەھەتتىكى خىزمەتكە ئەھمىيەت بېرىشكە توغرا كېلى-دۇ. مىللىي تىل-يېزىق خىزمىتىدىمۇ شۇ خىزمەتنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىغا ئاساسەن، تېگىشلىك خىزمەتلەرنى ياخشى ئىشلەش لازىم.

**(1) تۆت ئاساسىي پرىنسىپتا باشتىن-ئاخىر چىڭ تۇرۇش كېرەك.** تۆت ئاساسىي پرىنسىپتا چىڭ تۇرۇش— ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئورتاق ئىرادىسى ۋە تۈپ مەنپەئىتىنى ئەكس ئەتتۈر-دى، ئۇ دۆلەتنى تۈتۈپ تۇرۇشنىڭ ئاساسى، شۇنداقلا مىللىي خىزمەتنىڭمۇ ئاساسى. مىللىي مەسىلىنىڭ مۇھىملىقى، مۇ-رەككەپلىكى ۋە ئۇزاق مۇددەتلىكلىكى مىللىي خىزمەتنى تۆت ئاساسىي پرىنسىپتا چىڭ تۇرۇپ ئېلىپ بارغاندىلا توغرا يۈرۈ-لىشكە ۋە ئۈزلۈكسىز ئىلگىرىلەش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلغىلى بولىدىغانلىقىنى بەلگىلىگەن. دۇنيادىكى بىر قىسىم دۆلەتلەردە مىللىي توقۇنۇشنىڭ كەسكىن بولۇۋاتقانلىقى، جەمئىيەتنىڭ دا-ۋالغۇپ تۇرۇۋاتقانلىقى بىزگە مىللىي خىزمەتتە تۆت ئاساسىي پرىنسىپتا چىڭ تۇرۇش كېرەكلىكىنى سەلبىي جەھەتتىن ئۇق-تۇردى. مىللىي خىزمەتتە تۆت ئاساسىي پرىنسىپتا چىڭ تۇ-رۇش مۇنۇلارنى تەلەپ قىلىدۇ: پارتىيىنىڭ مىللىي خىزمەتكە بولغان مۇتلەق رەھبەرلىكىگە كاپالەتلىك قىلىش، پارتىيىمىز-نىڭ مىللىي خىزمەت توغرىسىدىكى لۇشيەن، فاڭجېن ۋە سىيا-

سەتلىرىنى قەتئىي، ئىزچىل ئىجرا قىلىش؛ مىللىي مەسىلىنى سوتسىيالىستىك پرىنسىپ بىلەن بىر تەرەپ قىلىشتا چىڭ تۇ-رۇش، مىللەتلەرنىڭ باراۋەرلىك، ھەمدەملىك، ئىتتىپاقلىق--ھەمكارلىق ۋە ئورتاق گۈللىنىش ئاساسىدىكى مۇناسىۋىتىنى ئۈزلۈكسىز مۇستەھكەملەش ۋە راۋاجلاندۇرۇش؛ مىللىي تېررد-تورىيىلىك ئاپتونومىيە تۈزۈمىنى ئۈزلۈكسىز مۇستەھكەملەش ۋە مۇكەممەللەشتۈرۈش؛ مىللەتلەر بىرلىكتە بەرپا قىلغان دۆلە-تىمىزنىڭ مۇستەقىللىكى ۋە بىرلىكىنى قەتئىي قوغداپ، دۈش-مەن كۈچلەرنىڭ مىللىي مەسىلىدىن پايدىلىنىپ ئېلىپ بارغان بۇزغۇنچىلىق ھەرىكەتلىرىگە مەرتلىك بىلەن قارشى تۇرۇش، خەلق دېموكراتىيىسى دىكتاتۇرىلىقىدىكى دۆلەت ھاكىمىيىتىنى مۇستەھكەملەش؛ ماركسىزملىق مىللەت قارىشىدا چىڭ تۇرۇپ، ماركسىزمنىڭ ئاساسىي قائىدىلىرىنى جۇڭگونىڭ كونكرېت ئە-مەلىيىتىگە بىرلەشتۈرۈشكە، مىللىي خىزمەت ئەمەلىيىتىگە توغرا مەيدان، توغرا نۇقتىئىنەزەر ۋە توغرا ئۇسۇل بىلەن يې-تەكچىلىك قىلىشقا تىرىشىش.

مىللىي خىزمەت ئىشلىگۈچى ۋە مىللىي تىل-يېزىق خىز-مىتىنى ئىشلىگۈچى خادىملىرىمىز بۇ جەھەتتە ئېنىق تونۇشقا ئىگە بولۇشى ھەمدە بۇ روھنى قىلچە ئىككىلەنمەستىن خىزمەت ئەمەلىيىتىدە ئىزچىللاشتۇرۇشى لازىم. مىللىي تىل-يېزىق خىزمىتى ئۈچۈن ئېيتقاندىمۇ پارتىيە رەھبەرلىكىدە چىڭ تۇ-رۇش، تۈرلۈك خىزمەتلەرنى ئۆز بېشىمچىلىق بىلەن ئىشلى-مەي، پارتىيىنىڭ فاڭجېن، سىياسەتلىرى بويىچە ئىشلەش لازىم؛ شۇنىڭدەك سوتسىيالىزم يۆنىلىشىدە چىڭ تۇرۇپ، خىز-

مەتتىكى ئەمەلىي مەسىلىلەرنى سوتسىيالىستىك پرىنسىپ بويىچە تەھلىل قىلىش ۋە بىر تەرەپ قىلىش، مىللىي تىل-يېزىق خىزمىتىنى سوتسىيالىزم ئىشلىرىنىڭ ئېھتىياجىغا بويسۇندۇ. رۇش ۋە خىزمەت قىلدۇرۇش لازىم؛ خەلق دېموكراتىيىسى دىكتاتۇرىسىدا چىڭ تۇرۇپ، مىللىي تىل-يېزىق خىزمىتىنى سوتسىيالىستىك دېموكراتىيىنى جارى قىلدۇرۇشقا، دۆلەتنىڭ بىرلىكىنى ۋە سوتسىيالىستىك تۈزۈمنى مۇستەھكەملەشكە پايدا يەتكۈزىدىغان قىلىش لازىم؛ ماركسىزم-لېنىنىزم ۋە ماۋ زېدۇڭ ئىدىيىسىدە چىڭ تۇرۇپ، ماركسىزملىق مىللەت قارىشىنى خىزمەتنىڭ قىبلىنەماسى قىلىش كېرەك. بۇنىڭدىن قىلچە ئىك-كىلىنىش ۋە تەۋرىنىشكە بولمايدۇ.

**(2) مىللىي ئىقتىساد خىزمىتىدە، ئاز سانلىق مىللەت رايونلە-رىدا مىللىي ئىشلەپچىقىرىشنىڭ ئومۇمىي قىممىتىنى ئىككى قاتلاش، ھاللىق سەۋىيىگە يېتىش ئۈچۈن تىرىشىش لازىم.** بۇنىڭدىن كېيىن-كى ئون يىل مەملىكىتىمىزنىڭ زامانىۋىلاشتۇرۇش ئىشلىرى ئۈچۈن ئاچقۇچلۇق ئەھمىيەتكە ئىگە ئون يىل، مەملىكىتىمىزد-كى مىللەتلەرنىڭ تەرەققىياتى ۋە يۈكسىلىشى ئۈچۈن ئاچقۇچلۇق ئەھمىيەتكە ئىگە ئون يىل. مىللەتلەرنىڭ ئىتتىپاقلىق-تە-رەققىيات ئىشلىرىنى ئىلگىرى سۈرۈشتە، دۈشمەن كۈچلەرنىڭ «تىنچ ئۆزگەرتىۋېتىش» سۇيىقەستىنى تارمار قىلىشتا دۆلەتنىڭ ئۇنىۋېرسال كۈچىنى ئۈزلۈكسىز ئاشۇرۇش مۇھىم بىر تەرەپ. مۇشۇ ئەسىرنىڭ ئاخىرىغا بارغاندا، پۈتكۈل دۆلەت ئىككى قات-لاش تەلىپىنى ئورۇنداپ ھاللىق سەۋىيىگە يېتىش نىشانىنى ئىشقا ئاشۇرىدۇ، ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىمۇ شۇ نىشانغا

يېتىش ئۈچۈن تىرىشىشى لازىم. بۇ ئۇلۇغ ۋە مۇشەققەتلىك ۋەزىپە، جۈملىدىن بارلىق مىللىي خىزمەت ئىشلىگۈچى خادىم-لىرىمىزنىڭ مۇقەددەس بۇرچى. دەرۋەقە بۇ نىشاننى ئىشقا ئاشۇ-رۇشتا بىرمۇنچە قىيىنچىلىق ۋە مەسىلىلەرمۇ بار، شۇڭا جاپاغا چىداپ تىرىشچانلىق كۆرسىتىشىمىزگە توغرا كېلىدۇ. لېكىن، بىزدە بىرمۇنچە پايدىلىق شارائىتلارمۇ بار، ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىنىڭ بايلىقى مول، بىز 40 نەچچە يىللىق قۇرۇلۇش مۇۋەپپەقىيەتلىرىگە ۋە تەجرىبىلىرىگە، ئەۋزەل سوتسىيالىستىك تۈزۈمگە ئىگە، بىزدە ئۇلۇغۋار نىشاننى گۈزەل رېئاللىققا ئايلاند-دۇرىدىغان ئىشەنچ ۋە كۈچ-قۇۋۋەت بار. 7-ئومۇمىي يىغىندا ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىنىڭ تەرەققىياتى توغرىسىدا: ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىنىڭ ئارتۇقچىلىقىنى جارى قىلدۇ-رۇپ، ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىنىڭ تەرەققىياتىنى تېزلە-تىپ، بۇ رايونلارنىڭ ئىقتىسادىنىڭ نىسپىي قالاقلىق ھالىتىنى پەيدىنپەي ئۆزگەرتىپ، ئۇلارنىڭ تەرەققىياتىنى پۈتۈن مەملى-كەتنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتىغا لايىقلاشتۇرۇش دېگەن ناھايى-تى مۇھىم بىر پرىنسىپ ئوتتۇرىغا قويۇلدى. شۇنىڭ بىلەن بىرۋاقىتتا، بىرمۇنچە كونكرېت سىياسەت ۋە تەدبىرلەر بەلگى-لەندى، يەنى ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىغا بايلىقلارنى ئېچىش بويىچە زور بىر تۈركۈم قۇرۇلۇش تۈرلىرى ئورۇنلاشتۇرۇلدى، دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق قاتارلىق ئەنئەنىۋى كەسپلەرنى كۈ-چەيتىش، قاتناش ۋە ئالاقە شارائىتىنى ياخشىلاش، ئىسلاھاتنى يەنىمۇ چوڭقۇرلاشتۇرۇش، ئىشىكنى تېخىمۇ كەڭ ئېچىۋېتىش لازىملىقى، دۆلەتنىڭ ئاز سانلىق مىلەت رايونلىرىنى يۆلىشى،

تەرەققىي قىلغان رايونلارنىڭ ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىغا
ياردەم بېرىشى ۋە باشقىلار بەلگىلەندى. مىللىي خىزمەت تارماق-
لىرى ئىككى قاتلاش نىشانىنى مەركەز قىلىپ، ئاشۇ تەدبىرلەر-
نى ئەمەلىيلەشتۈرۈش يولىدا كۆپرەك خىزمەت ئىشلىشى، كۆپ-
رەك ئەمەلىي ئىش قىلىشى لازىم.

مىللىي تىل-يېزىق خىزمىتى تارماقلىرى ئىقتىسادىي خىز-
مەت تارمىقى ئەمەسلىكىگە، ئىقتىسادىي خىزمەت بىلەن بىۋاستە
شۇغۇللانمايدىغانلىقىغا قارىماي، ئىدىيە جەھەتتە ئاز سانلىق
مىللەت رايونلىرىنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتى ئۈچۈن خىزمەت
قىلىش روھىغا ئىگە بولۇشى، ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ۋە ئاز
سانلىق مىللەت رايونلىرىنىڭ زامانىۋىلاشتۇرۇش ئىشلىرىنى
ھەمدە پۈتۈن دۆلەتنىڭ زامانىۋىلاشتۇرۇش ئىشلىرىنى ئىلگىرى
سۈرۈشكە تىرىشىشى لازىم. مىللىي تىل-يېزىقنى قوللىنىش،
مىللىي تىل-يېزىققا ۋارىسلىق قىلىش، مىللىي تىل-يېزىقنى
تەرەققىي قىلدۇرۇش، مىللىي يېزىق يارىتىش، مىللىي يېزىقنى
ئومۇملاشتۇرۇش، ئىسلاھ قىلىش، مىللىي تىل-يېزىقنى قې-
لىپلاشتۇرۇش ۋە مىللىي يېزىقتىكى ئۇچۇرلارنى بىر تەرەپ
قىلىش ئىشلىرىنىڭ ھەممىسىنى مىللەتلەرنىڭ تەرەققىياتى ۋە
ئورتاق گۈللىنىشى بىلەن بىرلەشتۈرۈش كېرەككى، بۇ يۆنە-
لىشتىن ھەرگىز ئېغىپ كەتمەسلىك لازىم. شۇنىڭدەك، تەشەب-
بۇسكارلىق ۋە ئاكتىپلىق بىلەن ئىشلەش، مىللىي تىل-يېزىق-
نىڭ ئالاھىدىلىكى ۋە ئارتۇقچىلىقىنى جارى قىلدۇرۇش ئارقى-
لىق، ئىقتىساد، سودا، پەن-تېخنىكىنى ئومۇملاشتۇرۇش، ئۇ-
چۇر مۇلازىمىتى قاتارلىق جەھەتلەردە ئاز سانلىق مىللەت رايون-

لىرىنىڭ زامانىۋىلاشتۇرۇش ئىشلىرىنى ئىلگىرى سۈرۈش
لازىم. ھەر دەرىجىلىك مىللىي تىل-يېزىق خىزمىتى تارماقلى-
رى مىللەتلەرنىڭ تەرەققىياتىغا پايدا يەتكۈزۈش ياكى يەتكۈزەل-
مەسلىكىنى ئۆز خىزمىتىنى ئۆلچەيدىغان ئاساسىي ئۆلچەم قىلى-
شى كېرەك.

**(3) ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىنىڭ ئىجتىمائىي ئىشلىرىنىڭ
تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈپ، مىللەتلەرنىڭ ساپاسىنى ئۆستۈرۈش-
كە تۆرتكە بولۇش لازىم.** ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىنىڭ
مائارىپ، مەدەنىيەت، پەن-تېخنىكا قاتارلىق ئىجتىمائىي ئىش-
لىرىنىڭ تەرەققىي قىلىشى، مىللەتلەرنىڭ ئىدىيە-ئەخلاق ۋە
پەن-مەدەنىيەت ساپاسى ۋە بەدەن سۈپىتىنىڭ ئۆسۈشى مىللەت-
لەرنىڭ ئورتاق گۈللىنىشىدىكى مۇھىم تەرەپ. مەدەنىيەتسىز
ئارمىيە دۈشمەننى يېڭەلمەيدۇ، مەدەنىيەتسىز مىللەت راۋاج تا-
پالمايدۇ. مەملىكىتىمىزدىكى مىللەتلەرنىڭ ماددىي جەھەتتىكى
نامراتلىقتىن قۇتۇلۇپلا قالماستىن، مەنىۋى جەھەتتىكى نامرات-
لىقتىنمۇ قۇتۇلۇشى كېرەك. ماددىي جەھەتتىلا باياشات بولۇپ،
مەنىۋى جەھەتتە باياشات بولماسلىق چىن مەنىدە باياشات بولغان-
لىق ئەمەس. ۋاقتىنچە باياشات بولغان ھالەتتىمۇ ئەقلىي مەدەت-
تىن خالىي بۇنداق باياشاتلىق ئۇزاققا بارمايدۇ. دۇنيادىكى ھەر-
قانداق رايون، ھەرقانداق مىللەتنىڭ تەرەققىياتى ئىقتىسادىي
تەرەققىيات بىلەن مەدەنىيەت تەرەققىياتىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ،
بۇلار بىر-بىرىنى شەرت قىلىدۇ، بىر-بىرىنى ئىلگىرى سۈرى-
دۇ. بىز «ئىككى قولدا تەڭ تۇتۇش» فاڭجېنىدا چىڭ تۇرۇپ،
مىللەتلەرنىڭ مائارىپ، مەدەنىيەت، پەن-تېخنىكا، تەنتەربىيە

ۋە سەھىيە ئىشلىرىنى زور كۈچ بىلەن راۋاجلاندۇرۇشىمىز لازىمكى، تۈرلۈك ئىشلار جۇش ئۇرۇپ، گۈللەپ ياشنىسۇن، ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىنىڭ ئىجتىمائىي تەرەققىياتى پۈتۈن مەملىكەتنىڭ تەرەققىياتىغا ماسلاشسۇن، ھەر مىللەت خەلقى سوتسىيالىزم يولىدا جاسارەت بىلەن مەردانە قەدەم تاشلاپ ئالغا چامدىسۇن ۋە دۇنيانى يارىتىش بىلەن بىرۋاقىتتا، سوتسىيالىستىك يېڭى ھاياتتىن بەھرىمەن بولسۇن.

مىللىي تىل-يېزىق خىزمىتىدە بۇ جەھەتتە ئىشلەشكە بولىدىغان ئىشلار ناھايىتى كۆپ. مىللەتلەرنىڭ ئورتاق گۈللىنىشى مىللەتلەرنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتىنى، مەدەنىيەت تەرەققىياتىنى ۋە ئۆز ئالاھىدىلىكىنىڭ تولۇق نامايان بولۇشىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. شۇڭا، مىللەتلەرنىڭ تىل-يېزىقىنى قانۇن بويىچە ئىشلىتىش ۋە تەرەققىي قىلدۇرۇشنىڭ ئۆزى مىللەتلەرنىڭ ئورتاق گۈللىنىشىنىڭ بىر تەرىپى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. بىراق مۇشۇ تەلەپنىلا ئورۇنداش تېخى كۇپايە قىلمايدۇ، مىللىي تىل-يېزىقنىڭ ئىجتىمائىي ئالاقىدىكى قوراللىق رولىنى ۋە ئۇچۇر تارقىتىشتىكى ۋاستىچىلىك رولىنى پائال جارى قىلدۇرۇپ، ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىنىڭ سوتسىيالىستىك مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنى پائال ئىلگىرى سۈرۈش لازىم. مەسىلەن، ئۆز جايىنىڭ ئەھۋالىغا قاراپ قوش تىلدا ئوقۇتۇشنى ئوبدان يولغا قويۇش ئارقىلىق مائارىپ ئىشلىرىنىڭ تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈش؛ كىتاب، گېزىت-ژۇرنال، كىنو-تېلېۋىزىيە نومۇرلىرىنى ئاز سانلىق مىللەت يېزىقىدا تەرجىمە قىلىش ۋە نەشر قىلىش ئارقىلىق مەدەنىيەت ئىشلىرىنىڭ تەرەققىياتىنى

ئىلگىرى سۈرۈش؛ كەسپىي بىلىملەرنى ئومۇملاشتۇرۇش، ئىپ-
سىل نەتىجىلەرنى ۋە مۇۋەپپەقىيەت تەجرىبىلىرىنى تونۇشتۇ-
رۇش ئارقىلىق، داۋالاش-دورىگەرلىك، ساقلىق ساقلاش ۋە
تەنتەربىيە ئىشلىرىنىڭ تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈش ۋە باش-
قىلار. بىز بۇنىڭدىن ئىلگىرى بۇ جەھەتتە نۇرغۇن ئۈنۈملۈك
خىزمەتلەرنى ئىشلىدۇق، بۇنىڭدىن كېيىن بۇنداق خىزمەتلەرنى
تېخىمۇ كۆپ، تېخىمۇ ياخشى ئىشلىشىمىز لازىم.

**(4) مىللىي باراۋەرلىك ۋە مىللىي ئىتتىپاقلىق ئۇلۇغ بايرىقنى
هامان ئېگىز كۆتۈرۈش كېرەك.** مىللىي باراۋەرلىك ماركسىزم-
لىق مىللەت نەزەرىيىسىنىڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمى. شۇنداقلا
ئېلىمىز مىللىي سىياسىتىنىڭ مۇھىم تەرىپى. نۇرغۇن دۆلەت-
لەر، تۈرلۈك سىنىپلار ۋە پارتىيىلەر «مىللىي باراۋەرلىك»
دېگەن بايراقنى كۆتۈرۈپ، «مىللىي باراۋەرلىك» شوئارىنى توۋ-
لاۋاتقان بولسىمۇ، لېكىن مىللىي باراۋەرلىك سوتسىيالىستىك
تۈزۈم شارائىتىدىلا رېئاللىققا ئايلىنىدۇ. سوتسىيالىستىك تۈ-
زۈم شارائىتىدا مىللىي باراۋەرلىك دېگىنىمىز ئاساسەن: بارلىق
مىللەتلەر ئىجتىمائىي هاياتنىڭ ھەممە ساھەلىرىدە باراۋەر ئو-
رۇندا تۇرىدۇ، ئوخشاش هوقۇقتىن بەھرىمەن بولىدۇ ۋە ئوخ-
شاش مەجبۇرىيەتنى ئادا قىلىدۇ دېگەنلەرنى بىلدۈرىدۇ. مىللەت-
لەرنىڭ تەرەققىيات سەۋىيىسىدە ئوبيېكتىپ جەھەتتە پەرق بول-
غانلىقتىن، مىللىي باراۋەرلىك، يەنە بىر مەنىنى، يەنى چوڭ
مىللەت، بىرقەدەر ئىلغار مىللەت بىرقەدەر كىچىك ۋە نىسپىي
هالدا ئارقىدا قالغان مىللەتلەرنىڭ تېخىمۇ ئوبدان تەرەققىي
قىلىشىغا ئۆزلۈكىدىن قىزغىن ۋە سەمىمىي ياردەم بېرىشى

كېرەك دېگەن مەنىنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. مەملىكىتىمىزدە
مىللىي زۇلۇم ۋە ئېكسپىلاتاتسىيە تۈزۈمى پۈتكۈل كونا تۈزۈم-
نىڭ گۇمران بولۇشىغا ئەگىشىپ يوقالدى، شۇنداقتىمۇ مىللىي
باراۋەرلىك پرىنسىپىغا قىلچە سەل قارىماسلىقىمىز كېرەك.
ماركسىزمنىڭ بۇ پرىنسىپىدا چىڭ تۇرۇش ئىنتايىن مۇھىم
ئەمەلىي ئەھمىيەتكە ئىگە. مەملىكىتىمىزدە سوتسىيالىستىك
مىللىي مۇناسىۋەتنى يەنە تەرەققىي قىلدۇرۇشقا توغرا كېلىدۇ،
مۇشۇ مۇناسىۋەتنىڭ مۇھىم بىر مەزمۇنى بولغان مىللىي بارا-
ۋەرلىك پرىنسىپىنىمۇ ئۈزلۈكسىز تەرەققىي قىلدۇرۇشقا توغرا
كېلىدۇ. نۆۋەتتە مىللىي باراۋەرلىك پرىنسىپىدا چىڭ تۇرۇشتا
يەنىلا چوڭ مىللەتچىلىكنىڭ، ئاساسلىقى چوڭ خەنزۇچىلىقنىڭ
ئالدىنى ئېلىشقا ۋە ئۇنى تۈگىتىشكە توغرا كېلىدۇ، شۇنىڭ
بىلەن بىر ۋاقىتتا، يەرلىك مىللەتچىلىكنىڭمۇ ئالدىنى ئېلىش
ۋە ئۇنى تۈگىتىش لازىم. مىللىي باراۋەرلىك بىلەن مىللىي
ئىتتىپاقلىق بىر-بىرىگە زىچ باغلانغان. بۈگۈنكى كۈندە زامانى-
ۋىلاشقان دۆلەت قۇرۇشتىن ئىبارەت ئورتاق غايە ھەر مىللەت
خەلقىنى ئىتتىپاقلاشتۇرىدىغان قۇدرەتلىك ۋاستە ۋە مەنىۋى
كۈچ بولۇپ قالدى. خەلقئارا ۋەزىيەتتە جىددىي ئۆزگىرىش بولۇ-
ۋاتقان ئەھۋال ئاستىدا، مىللەتلەرنىڭ بۈيۈك ئىتتىپاقلىقى باي-
رىقىنى تېخىمۇ ئېگىز كۆتۈرۈشىمىز، مىللەتلەرنى ئىتتىپاقلاش-
تۇرۇش خىزمىتىنى مۇھىم سىياسىي ۋەزىپە قاتارىدا داۋاملىق
ئەستايىدىل ياخشى ئىشلىشىمىز لازىم. ئىتتىپاقلىقنى تەكىت-
لەش، ئىتتىپاقلىقنى ئىلگىرى سۈرۈش، ئىتتىپاقلىققا پايدى-
سىز بارلىق ئامىللارنى ۋاقتىدا تۈگىتىشىمىز لازىم. دۈشمەن

كۆچلەرنىڭ مىللەت، دىن ۋە كىشىلىك ھوقۇقى دېگەنلەرنى دەستەك قىلىپ، ئاغدۇرمىچىلىق ۋە بۇزغۇنچىلىق ھەرىكەتلىرىد-نى ئېلىپ بېرىشىدىن قاتتىق ھوشيار بولۇشىمىز ۋە ساقلىنىد-شىمىز كېرەك. بۆلگۈنچىلىككە، سىگىپ كىرىشكە ۋە تىنچ ئۆزگەرتىۋېتىشكە قارشى تۇرۇشتا ھەر مىللەت كادىرلىرىغا ۋە ھەر مىللەت ئاممىسىغا چىڭ تايىنىشىمىز لازىم. مەملىكىتى-مىزدە كىشىلەرنىڭ رايى مۇقىملىقتا، خاتىرجەملىككە، ئىتتى-پاقلىقتا ۋە تەرەققىياتتا مايىل. بۆلگۈنچىلىك ۋە بۇزغۇنچىلىق ھەرىكەتلىرىنىڭ ھەممىسى كىشىلەرنىڭ كۆڭلىگە زادى ياقمايدۇ ۋە جەزمەن مەغلۇپ بولىدۇ.

مىللىي تىل-يېزىق خادىملىرى ئۆزلىرىنىڭ پۇختا ۋە كونكرېت خىزمەتلىرى ئارقىلىق مىللىي باراۋەرلىك ۋە مىللىي ئىتتىپاقلىقنى ئىلگىرى سۈرۈشى لازىم. تىل-يېزىق باراۋەرلى-كى مىللىي باراۋەرلىكنىڭ مۇھىم بىر تەرىپى. بىر مىللەتنىڭ دۆلەتكە ۋە ئىنسانلار جەمئىيىتىگە قوشقان تۆھپىسى شۇ مىللەت قوللانغان تىل-يېزىقنىڭ تۆھپىسىنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. مىللەتلەر باراۋەر بولغانىكەن، ئۇلارنىڭ تىل-يېزىقىمۇ باراۋەر بولۇشى كېرەك. شۇڭا، مىللىي تىل-يېزىق خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەش مىللىي باراۋەرلىك ئۈچۈن ھەقىقىي خىزمەت قىلغانلىق بولىدۇ. دەرۋەقە، تىل-يېزىق باراۋەرلىكى دېگەننى ئاددىيلاش-تۇرۇپ چۈشىنىۋالساق بولمايدۇ، مىللەتلەرنىڭ تىل-يېزىق با-راۋەرلىكىنىڭ ئاساسىي ئۆلچىمى قانۇن ۋە سىياسەتلەرنىڭ تىل-يېزىققا دائىر بەلگىلىمىلىرىگە ئەمەل قىلىشتىن ئىبارەت. بىز كونكرېت خىزمەتلىرىمىزنى مىللىي باراۋەرلىكتىن ئىبارەت

مۇھىم پرىنسىپ بىلەن بىرلەشتۇرۇپ ئىشلىشىمىز كېرەك.
مىللىي تىل-يېزىق خىزمىتى مىللىي ئىتتىپاقلىق بىلەن ئىنتا-
يىن زىچ مۇناسىۋەتلىك. بىز مىللىي تىل-يېزىق سىياسىتىنى
ئوبدان ئىجرا قىلىپ، مىللەتلەرنىڭ ئۆز تىل-يېزىقىنى قوللى-
نىش ۋە تەرەققىي قىلدۇرۇش ئەركىنلىكىنى ھەقىقىي كاپالەت-
لەندۇرۇش ئارقىلىق، ھەر مىللەت خەلقىگە سوتسىيالىستىك
تۈزۈمنىڭ ئەۋزەللىكىنى تېخىمۇ ئېنىق تونۇتۇشىمىز، ئۇلارنىڭ
ۋەتەنگە ئىنتىلىش كۈچىنى ۋە ئۇيۇشۇش كۈچىنى ئاشۇرۇشىمىز
لازىم. مىللەتلەرنى ئۆزئارا تىل-يېزىق ئۆگىنىشكە رىغبەتلەندۈ-
رۈش ئارقىلىق ئىتتىپاقلىقنى كۈچەيتىشىمىز لازىم. شۇنىڭدەك
تىل-يېزىققا ئالاقىدار بولغان مىللىي مۇناسىۋەتنى تەڭشەش ئار-
قىلىق ئىتتىپاقلىقنى ئىلگىرى سۈرۈشىمىز كېرەك.

بەزى دۆلەتلەردە مىللىي تىل-يېزىق جەھەتتىكى باراۋەر-
سىزلىك مىللىي ئاراز ۋە مىللىي توقۇنۇشنىڭ سەۋەبلىرىدىن
بىرى بولۇپ قالدى. مۇشۇ بىرنەچچە يىلدىن بۇيان مىللىي مەسى-
لىنى مەركەز قىلىپ ئېلىپ بېرىلغان كۈرەشنى ئالساق، ئىچ-
كى-تاشقى دۈشمەن كۈچلەرنىڭ بىزگە قىلغان ھۇجۇمىنىڭ مۇ-
ھىم بىر تەرىپى شۇ بولدىكى، ئۇلار بىزنى ئاز سانلىق مىللەتلەر-
نىڭ ئەنئەنىۋى مەدەنىيىتىنى يوقاتتى، ئاز سانلىق مىللەتلەرنى
ئۆز تىل-يېزىقىنى قوللىنىش ئەركىنلىكىدىن مەھرۇم قىلدى،
دەپ قارىلىدى. بىز مىللىي تىل-يېزىق خىزمىتىنى ئوبدان ئىش-
لەيدىغان بولساق، دۈشمەن كۈچلەرگە قارشى كۈرەشتە تېخىمۇ
پايدىلىق ئورۇندا تۇرالايمىز، ۋەتىنىمىزنىڭ بىرلىكىنى ھەم مىللەت-
لەرنىڭ بۈيۈك ئىتتىپاقلىقىنى تېخىمۇ ئوبدان قوغدىيالايمىز.

**(5) مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە قانۇنىنى ئەمەلىيلەشتۈ-
رۈش ئاساسىي مەزمۇن قىلىنغان قانۇنچىلىق قۇرۇلۇشىنى كۈچەي-
تىپ، مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە تۈزۈمىنى مۇستەھكەملەش
ۋە مۇكەممەللەشتۈرۈش كېرەك.** پارتىيىمىزنىڭ جۇڭگودىكى مىل-
لىي مەسىلىنى ھەل قىلىشتىكى ئاساسىي سىياستى ۋە چوڭ
ئىجادىيىتى بولغان مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە ئۇزاق
ۋاقىت ئىزدىنىش ئارقىسىدا ۋۇجۇدقا كەلگەن، ئۇ غايەت زور
مۇۋەپپەقىيەتكە ئېرىشتى. دۆلەتنىڭ سىياسىي تۈزۈمى جەھەت-
تىن ئېيتقاندا، مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە جۇڭگوچە
سوتسىيالىستىك سىياسىي تۈزۈمنىڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمىغا
ئايلاندى. بۇ تۈزۈم جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ رەھ-
بەرلىكىدە چىڭ تۇرىدىغان، دۆلەتنىڭ بىرلىكىنى قوغدايدىغان،
ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ئاپتونومىيە ھوقۇقىنى ۋە باراۋەرلىك
ھوقۇقىنى كاپالەتكە ئىگە قىلىدىغان، مىللەتلەرنىڭ ئىتتىپاق-
لىق-تەرەققىيات ئىشلىرىنى ئىلگىرى سۈرىدىغان تۈزۈم بولدى.
بىز بۇ تۈزۈمنى قەتئىي قوغدىشىمىز ۋە ئۈزلۈكسىز مۇكەممەل-
لەشتۈرۈشىمىز لازىم. بۇنىڭدىكى تىرىشىش نىشانىمىز —
ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى ئېغىشماي قوغداپ، مىللىي ئاپتونومىيە-
لىك جايلارنىڭ ئاپتونومىيە ھوقۇقىنى قانۇن بويىچە يەنىمۇ
ئىلگىرىلەپ كاپالەتكە ئىگە قىلىش ۋە ئۇنىڭغا ھۆرمەت قىلىش،
مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلارنىڭ ئاكتىپلىقىنى تولۇق قوز-
غاش، ئاز سانلىق مىللەتلەرنى ئۆزىنىڭ ئىچكى ئىشلىرىنى باش-
قۇرۇش ۋە دۆلەتنى باشقۇرۇش ئىشلىرىغا قاتنىشىش ھوقۇقىنى
ھەقىقىي يۈرگۈزۈش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىش، مىللىي تېر-

رىتورىيىلىك ئاپتونومىيە تۈزۈمىنىڭ ئەۋزەللىكىنى جارى قىلـ
دۇرۇپ، بۇ تۈزۈمنى پۈتكۈل دۆلەتنىڭ سوتسىيالىستىك دې-
موكراتىيە ۋە قانۇنچىلىق قۇرۇلۇشىنىڭ يۈكسىلىشىگە يارىشا
تېخىمۇ مۇكەممەللەشتۈرۈش. يولداش دېڭ شياۋپىڭ 1980-يىلى
پارتىيە ۋە دۆلەتنىڭ تۈزۈمىنى ئىسلاھ قىلىش ئۈستىدە توختال-
غىنىدا كۆرسەتكەندەك: مىللەتلەرنى ھەقىقىي مىللىي تېررىتو-
رىيىلىك ئاپتونومىيىسىنى يولغا قويۇش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلى-
شىمىز كېرەك. بۇنىڭ ئۈچۈن، نۆۋەتتە ئوبدان ئىشلەش زۆرۈر
بولۇۋاتقان خىزمەت— مىللىي مۇناسىۋەتنى قانۇن بويىچە تەڭ-
شەشكە ئەھمىيەت بېرىپ، سوتسىيالىستىك مىللىي قانۇنچىلىق
قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىش، بولۇپمۇ مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپ-
تونومىيە قانۇنىنى تېخىمۇ ئوبدان ئەمەلىيلەشتۈرۈش. بىر تە-
رەپتىن، مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلار مەمۇرىي ئىشلارنى قا-
نۇن بويىچە يۈرگۈزۈشى، دۆلەتنىڭ ئاساسىي قانۇنى ۋە قانۇنلى-
رىنى ئۆز جايىدىكىلەرنىڭ ئەمەل قىلىپ ئىزچىللاشتۇرۇشىغا
كاپالەتلىك قىلىشى، ئۆز جايىنىڭ ئىشلىرىنى باشقۇرۇش ھوقۇ-
قىنى ئوبدان يۈرگۈزۈشى كېرەك؛ يەنە بىر تەرەپتىن، يۇقىرى
دەرىجىلىك دۆلەت ئورگانلىرى ۋە ئۇلارنىڭ مىللىي ئاپتونومىيە-
لىك جايلاردىكى كارخانا، كەسپىي ئورۇنلىرى ئاپتونومىيىلىك
جايلار ئالدىدىكى مەجبۇرىيىتىنى قانۇن بويىچە ئادا قىلىشى،
ئاپتونومىيىلىك جايلارنىڭ ئاپتونومىيە ھوقۇقىغا تولۇق ھۆرمەت
قىلىشى، بولۇپمۇ ئىقتىسادىي قۇرۇلۇش جەھەتتە مىللىي ئاپتو-
نومىيىلىك جايلارنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالى ۋە ئېھتىياجىنى تولۇق
ھېسابقا ئېلىشى لازىم. گوۋۇيۈەن يېقىندا «مىللىي تېررىتورى-

يىلىك ئاپتونومىيە قانۇنىنى يەنىمۇ ئىلگىرىلەپ ئىزچىللاشتۇ-
رۇش ۋە ئەمەلىيلەشتۈرۈشكە دائىر بىرنەچچە مەسىلە ھەققىدە
ئۇقتۇرۇش» تارقاتماقچى، ئۇنى ئەستايىدىللىق بىلەن ئوبدان
ئىجرا قىلىشىمىز لازىم.
مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە تۈزۈمىنى مۇكەممەل-
لەشتۈرۈش يۈزىسىدىن مىللىي تىل-يېزىق خىزمىتىدە ئىشلەش-
كە بولىدىغان ئىشلارمۇ نۇرغۇن. خىزمەت ھوقۇقىنى يۈرگۈ-
زۈشتە مۇۋاپىق تىل-يېزىقنى تاللاپ قوللىنىش مىللىي ئاپتونو-
مىيىلىك جايلارنىڭ مۇھىم بىر ھوقۇقى، كونكرېت ۋە ئىنچىكە
خىزمەت ئىشلەش ئارقىلىق، شۇ جايدا كەڭ قوللىنىلىدىغان بىر
خىل ياكى بىرنەچچە خىل تىل-يېزىقنى ئاپتونومىيە ئورگانلىرى-
نىڭ ئۆز ۋەزىپىسىنى ئىجرا قىلىشتا ئوبدان قوللىنىشىغا ئىم-
كانىيەت تۇغدۇرۇش لازىم، كەڭ قوللىنىلىدىغان بىرقانچە خىل
تىل-يېزىقنى قوللىنىشقا توغرا كەلسە، تېررىتورىيىلىك ئاپتو-
نومىيىنى يولغا قويغان مىللەتلەرنىڭ تىل-يېزىقىنى ئاساس قى-
لىش كېرەك. بۇ دائىملىق ۋە ئوبدان ئىشلەشكە تېگىشلىك
ناھايىتى مۇھىم خىزمەت.

**(6) ماركسىزملىق مىللەت قارىشى ھەققىدىكى تەربىيىنى كەڭ
ۋە چوڭقۇر ئېلىپ بېرىش كېرەك.** ماركسىزملىق مىللەت قارىشى
پارتىيە ۋە دۆلەتنىڭ مىللىي سىياسىتىنىڭ نەزەرىيىۋى ئاساسى،
مىللىي خىزمەتنى ياخشى ئىشلەش ئۈچۈن، ماركسىزملىق مىل-
لەت قارىشى ئۈستىدىكى تەتقىقاتنى، تەشۋىقاتنى ۋە تەربىيىنى
كۈچەيتىپ، ماركسىزملىق مىللەت نەزەرىيىسى سەۋىيىمىزنى،
مىللىي سىياسەتنى ئىجرا قىلىش ئاڭلىقلىقىمىزنى ئۆستۈرۈش-

مىز لازىم. ماركسىزملىق مىللەت قارىشى ماركسىزمنىڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمى، ئۇنىڭدا مىللەتلەرنىڭ پەيدا بولۇشى، تەرەق-قىي قىلىشى ۋە يوقىلىشىدىكى قانۇنىيەتلەر ئېچىپ بېرىلگەن، پرولېتارىياتنىڭ مىللىي مەسىلىنى بىر تەرەپ قىلىشتىكى ئىدى-يىسى ۋە نەزەرىيىسى ئوتتۇرىغا قويۇلغان، ئۇ بىزنىڭ بۇرژۇئا-چە مىللەت قارىشىغا قارشى تۇرۇشىمىزدىكى ئۆتكۈر قورال. باش شۇجى جياڭ زېمىن، ماركسىزملىق مىللەت قارىشىدا چىڭ تۇرۇش ۋە ئۇنى تەشۋىق قىلىش كېرەك، دەپ كۆپ قېتىم كۆرسەتتى. مىللىي خىزمەت تارماقلىرىمىز بۇ ئىشنى باش تار-تىپ بولمايدىغان مەسئۇلىيەت قاتارىغا قويۇپ، ئەستايىدىل ياخ-شى ئىشلىشى لازىم.

ماركسىزملىق مىللەت قارىشى توغرىسىدىكى تەشۋىق-تەر-بىيىنىڭ توغرا بولۇشىنى تەلەپ قىلىش كېرەك. ئۇنىڭدا مارك-سىزملىق مىللەت قارىشىنىڭ ماھىيەتلىك ئالاھىدىلىكى ۋە تۈپ مەزمۇنىنى ئېنىق سۆزلەش، ماركسىزمنىڭ ئاساسىي قائىدىلى-رىنى جۇڭگونىڭ ئەمەلىيىتى بىلەن بىرلەشتۈرۈشنى تەكىت-لەش، پارتىيىمىزنىڭ مىللىي مەسىلە جەھەتتىكى ئاساسىي نۇق-تىئىنەزەرلىرىنى تەشۋىق قىلىش لازىم. تەشۋىقاتنى قاتلاملارغا ئايرىپ، مۇھىم نۇقتىنى گەۋدىلەندۈرۈپ ئېلىپ بېرىش، بۇ تەربىيىنى زاۋۇت، يېزا-قىشلاق، ئىدارە، ھەربىي قىسىم ۋە مەكتەپلەرنىڭ ھەممىسىدە ئېلىپ بېرىش ھەمدە پىلانلىق، تەش-كىللىك ئېلىپ بېرىش كېرەك. دەرۋەقە، ئوخشاش بولمىغان ئوبيېكتلارغا پەرقلىق تەلەپ قويۇش لازىم. ئادەتتىكى ئاممىغا، ئاساسەن، مىللەتلەرنىڭ ھەمنەپەس، تەقدىرداش، قەلبداش بو-

لۇشى، مىللەتلەرنىڭ بۈيۈك ئىتتىپاقلىقىنى ھەممىدىن ئەلا بىلىش، مىللەتلەرنىڭ بىر-بىرىگە باراۋەرلىك ئاساسىدا مۇئامىلە قىلىشى، ئۆزئارا ياردەملىشىپ، ئورتاق تەرەققىي قىلىشى ۋە ئالغا بېسىشى لازىملىقىنى ئېنىق سۆزلەش لازىم. كەڭ كادىرلارغا ۋە ياش-ئۆسمۈرلەرگە قارىتىلغان تەربىيىگە ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىش لازىم. پارتىيىنىڭ يۇقىرى دەرىجىلىك كادىرلىرىغا يۇقىرىراق تەلەپ قويۇش كېرەك. ماركسىزملىق مىللەت قارىشى توغرىسىدىكى تەشۋىقاتنى كۆپ خىل شەكىلدە جانلىق ئېلىپ بېرىش، ئاددىي تىل بىلەن چوڭقۇر داۋلىلارنى ئېنىق چۈشەندۈرۈش لازىم. بۇ تەشۋىقاتنى ئۇزاق مۇددەت داۋاملاشتۇرۇپ، دائىملىق خىزمەتكە ئايلاندۇرۇپ، ئۇزاققىچە تىرىشچانلىق كۆرسىتىش، خۇددى يولداش لى پېڭ ئېيتقاندەك، ماركسىزملىق مىللەت قارىشى توغرىسىدىكى تەشۋىق-تەربىيىنى پۈتكۈل دۆلەتنىڭ ئىدىيىۋى-سىياسىي خىزمىتىنىڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمىغا ئايلاندۇرۇش لازىم.

مىللىي تىل-يېزىق خىزمىتىدە بۇ جەھەتتىكى مەسئۇلىيەتنى ئۈستىمىزگە ئېلىپ، مىللىي تىل-يېزىقنىڭ ئۆزىگە خاس ئالاھىدە رولىنى جارى قىلدۇرۇپ، ھەر مىللەت خەلق ئاممىسىغا چوڭقۇر تەشۋىق ئېلىپ بېرىشىمىز لازىم. رادىئو، تېلېۋىزىيە، ئاخبارات-نەشرىيات، ئەدەبىيات-سەنئەت قاتارلىق كۆپ خىل ۋاستىلەرنى ئىشقا سېلىپ، مۇناسىۋەتلىك تەشۋىقات ماتېرىياللىرىنى تەرجىمە قىلىپ تارقىتىشىمىز، تەشۋىقاتنى جانلىق، تەسىرلىك ئېلىپ بېرىپ، ئۈنۈمگە ئىگە قىلىشىمىز لازىم. بەزى رايونلاردا ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ تىل-يېزىقى

قوللىنىلسا، تەشۋىقاتنىڭ دائىرىسى ۋە ئۈنۈمى زور دەرىجىدە ئاشىدۇ. تىل-يېزىقنىڭ باراۋەرلىكى پرىنسىپىمۇ تەشۋىقات دا-ئىرىسىگە كىرگۈزۈلۈشى كېرەك. چۈنكى بۇمۇ ماركسىزملىق مىللەت قارىشىنىڭ مەزمۇنلىرىدىن بىرى. بىز ماركسىزملىق تەشۋىق-تەربىيە جەھەتتە تېگىشلىك تۆھپە قوشۇشقا تىرىشىشى-مىز لازىم.

## 3

بۇ قېتىمقى يىغىن قىزغىن كەيپىياتتا ئۆتتى، يولداشلار قىزغىن پىكىر بايان قىلىپ، نۇرغۇن مەسىلىلەر ئۈستىدە كەڭ ۋە چوڭقۇر مۇھاكىمە ئېلىپ باردى. بۇ يەردە شۇنى تەكىتلىمەك-چىمەنكى، گوۋۇيۈەن تارقاتقان [1991] 32-نومۇرلۇق ھۆج-جەت مىللىي تىل-يېزىق خىزمىتىنى ياخشى ئىشلىشىمىزدىكى يېتەكچى ھۆججەت، بۇ ھۆججەتنىڭ روھىنى توغرا ۋە ئەتراپلىق چۈشىنىپ، تونۇشىمىزنى ھۆججەتنىڭ روھى ئاساسىدا بىرلىككە كەلتۈرۈپ، ئۇنى ھەقىقىي ئىجرا قىلىشىمىز لازىم. ئەمدى مەن مۇزاكىرىدە ئوتتۇرىغا قويۇلغان بىرنەچچە مەسىلە ئۈستىدە بەزى پىكىرلەرنى بايان قىلماقچى.

**(1) مىللىي يېزىق يارىتىش مەسىلىسى توغرىسىدا.** مىللىي يېزىق يارىتىش مەسىلىسى ئەزەلدىن مىللىي تىل-يېزىق خىزمە-تىدە ناھايىتى مۇھىم ۋە بىرقەدەر نازۇك ھەم خالىي بولۇشقا بولمايدىغان مەسىلە بولۇپ كەلدى. بۇ مەسىلىدە ئىدىيىنى ۋە ھەرىكەتنى بىرلىككە كەلتۈرۈش ۋە ئۇنىڭغا ئەستايىدىل مۇئامىلە

قىلىش كېرەك. گوڭۇيۈەن تارقاتقان [1991] 32-نومۇرلۇق ھۆججەتتىكى ۋە ئالاقىدار قانۇن، سىياسەتلەردىكى بەلگىلىمىلەرگە ئاساسەن، مېنىڭچە بۇنىڭدا مۇنداق بىرنەچچە نۇقتىنى چىڭ ئىگىلىشىمىز لازىم:

بىرىنچى، دۆلىتىمىزنىڭ ئاساسىي قانۇنىدا، مىللەتلەر ئۆز تىل-يېزىقىنى قوللىنىش ۋە تەرەققىي قىلدۇرۇش ئەركىنلىكىگە ئىگە، دەپ بەلگىلەنگەن. بۇ—مۇھىم بىر سىياسىي ھوقۇق، ئۇنىڭغا ھۆرمەت قىلىش ۋە كاپالەتلىك قىلىش كېرەك. يېزىقى يوق مىللەتلەرنىڭ ئۆز مىللىتى ئۈچۈن يېزىق يارىتىشنى ئارزۇ قىلىشى ۋە تەلەپ قىلىشى ئورۇنلۇق. جۇمھۇرىيىتىمىز قۇرۇلغاندىن بۇيان، دۆلىتىمىزنىڭ بىر قىسىم ئاز سانلىق مىللەتلەرگە يېزىق يارىتىپ بەرگەنلىكى بۇنى ناھايىتى ئوبدان چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ، دېمەك، ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ يېزىق يارىتىشى قانۇنىي ۋە ئەمەلىي ئاساسقا ئىگە.

ئىككىنچى، يېزىق يارىتىشتا ئومۇمىي ئەھۋالنى ھېسابقا ئېلىش، يىراقنى نەزەردە تۇتۇش، ئىنتايىن ئېھتىياتچانلىق پوزىتسىيە تۇتۇش لازىم. يېزىق—تىلنىڭ بەلگىسى، ئىنسانلارنىڭ ئالاقە قورالى. يېزىق يارىتىشنىڭ ئۆزى مەقسەت ئەمەس، يېزىق يارىتىش ئىجتىمائىي ئالاقىنى تېخىمۇ ئوبدان يولغا قويۇپ، شۇ مىللەتنى تېخىمۇ ئوبدان راۋاج تاپتۇرۇش ۋە ئالغا باستۇرۇشنى مەقسەت قىلىدۇ. يېزىق يارىتىش ئۈچۈن مەلۇم ئىجتىمائىي مۇھىت ۋە ماددىي شارائىت بولۇشى كېرەك. تارىختىن قارىغاندا، بىر خىل يېزىقنىڭ بارلىققا كېلىشى ۋە تەرەققىي قىلىشىدىن تاكى ئۇنى كىشىلەر كەڭ قوللانغانغا قەدەر ناھايىتى ئۇزاق

ۋاقىت كېتىدۇ. شۇڭا، بىرەر مىللەتنىڭ يېزىقىنى يارىتىش
مەسىلىسى ئۇستىدە ئەمەلىي ئويلانغاندا، شۇ يېزىقنى يارىتىش
ۋە قوللىنىشنىڭ ئىجتىمائىي مۇھىتى ۋە ئوبيېكتىپ شارائىتى
ھازىرلانغانمۇ-يوق؟ بۇ يېزىقنى يارىتىش شۇ مىللەت بىلەن باشقا
مىللەتلەر ئوتتۇرىسىدىكى ۋە شۇ مىللەتنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى
ئالاقىگە پايدىلىقمۇ-يوق؟ شۇ يېزىقنى يارىتىش شۇ مىللەتنىڭ
تەرەققىياتىغا پايدىلىقمۇ-يوق؟ دېگەنلەرنى ئېھتىياتچانلىق بىلەن
مۇھاكىمە قىلىش، ئومۇمىي ئەھۋالنى ھېسابقا ئېلىش، يىراقنى
كۆزلەش، مىللەتنىڭ تۈپ مەنپەئىتىنى نەزەردە تۇتۇش، يەنى
ئەمەلىي ۋە ئىلمىي پوزىتسىيە تۇتۇش لازىم.

ئۈچىنچى، دۆلىتىمىزنىڭ ۋە چەت ئەللەرنىڭ تارىخى ۋە
رېئاللىق نۇقتىسىدىن قارىغاندا، ئۆز تىل-يېزىقىنىڭ بار-يوق-
لۇقى بىر مىللەتنىڭ تەركىب تېپىشىدا كەم بولسا بولمايدىغان
ئامىل ئەمەس. مىللەتنىڭ تەبىرى توغرىسىدا ئالىملارنىڭ قارى-
شى ئوخشاش ئەمەس، تۈرلۈك دۆلەتلەردىمۇ ئەھۋال ئوخشاش
ئەمەس. مەملىكىتىمىزدە مەيلى پارتىيىمىزنىڭ مىللىي سىيا-
ستىدە بولسۇن ۋە مەيلى مىللەت تونۇش ئەمەلىيىتىدە بولسۇن،
تىل-يېزىق مىللەتنىڭ تەركىب تېپىشىدىكى زۆرۈر شەرت قى-
لىنغىنى يوق. ئەمەلىي ئەھۋال شۇكى، مەملىكىتىمىزدىكى
مىللەتلەردىن بەزىلىرىنىڭ ئۆز تىل-يېزىقى يوق ياكى بەزىلىرى-
نىڭ بۇرۇن بولغان بولسىمۇ كېيىن يوقىلىپ كەتكەن. بۇ ھال
ئۇلارنىڭ مىللەت بولۇپ تۇرۇشىغا تەسىر يەتكۈزمەيدۇ، شۇنىڭ-
دىن تەڭ بەھرىمەن بولۇشىغا ۋە ئۆز مەجبۇرىيىتىنى تەڭ ئادا
ئۇلارنىڭ ۋەتىنىمىز چوڭ ئائىلىسىدە تېگىشلىك ھوقۇقى-

قىلىشىغا تەسىر يەتكۈزمەيدۇ.

تۆتىنچى، يېزىق يارىتىشتا قانۇندا بەلگىلەنگەن تەرتىپنى قەتئىي ئىجرا قىلىش كېرەك. بىرەر يېزىقنى يارىتىش ناھايىتى مۇھىم ئىش، ئۇ بىر مىللەتنىڭ ئىجتىمائىي تۇرمۇشى ۋە تەرەققىياتىغا ناھايىتى زور تەسىر كۆرسىتىدۇ، شۇڭا، بۇ ئىشتا قىلچە بىپەرۋالىق قىلماستىن، ئەستايىدىل پوزىتسىيە تۇتۇش كېرەك، بۇنىڭدىكى ئەڭ مۇھىم بىر تەرەپ شۇكى، تەرتىپ جەھەتتە قانۇن بويىچە ئىش قىلىش، مۇناسىۋەتلىك بەلگىلىمىلەرنى قاتتىق ئىجرا قىلىش، ئالاقىدار خىزمەتلەرنى پارتىيىنىڭ رەھبەرلىكىدە ئاساسىي مەسئۇل تارماقلارنىڭ تەشكىللىشى بىلەن ئىشلەش كېرەك، بۇنىڭدا ھەرگىز يېنىكلىك قىلماسلىق، ئۆز مەيلىگە قويۇپ بېرىدىغان، ھەر كىم ئۆزى بىلگەنچە ئىش قىلىدىغان ئەھۋاللاردىن قەتئىي ساقلىنىش ۋە ئۇنى قەتئىي تۈگىتىش لازىم.

بەشىنچى، يېزىقى يوق ياكى كەڭ قوللىنىدىغان يېزىقى يوق مىللەتلەرنى ئىشلىتىشكە باب كېلىدىغان تەييار يېزىقنى تاللاشقا رىغبەتلەندۇرۇش كېرەك. يېزىق بىر خىل قورال بولغاچقا، ئۇنى بۇ مىللەت قوللانسىمۇ، ئۇ مىللەت قوللانسىمۇ بولىۋېرىدۇ. دۇنيادا بىر مىللەتنىڭ باشقا مىللەت يېزىقىنى قوللىنىشى ناھايىتى ئومۇمىي ئەھۋال. مەملىكىتىمىزدىمۇ باشقا مىللەتنىڭ تىل-يېزىقىنى قوللىنىۋاتقان ياكى قوشۇمچە قوللىنىۋاتقان مىللەتلەر بار. بۇ ئەھۋالنى كۆپ تەرەپلىك ئەمەلىي شارائىت بەلگىلىگەن. بۇنداق قىلىشنىڭ زۆرۈرلۈكىنى ۋە مۇۋەپپەقىيەتلىك بولغانلىقىنى پاكىتلار ئىسپاتلاپ تۇرۇپتۇ. يېزى-

قى يوق مىللەتلەرنىڭ خەنزۇ يېزىقىنى ياكى باشقا مىللەتلەرنىڭ يېزىقىنى تاللاپ قوللىنىشىغا ئىلھام بېرىش ۋە ئۇنى قوللاش لازىم، بولۇپمۇ خەنزۇ يېزىقىنى تاللاپ قوللىنىپ، ئۆز مىللە-تىنىڭ تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرگەن مىللەتلەر ئۇنى قەت-ئىي داۋاملاشتۇرۇشى كېرەك.

**(2) مىللىي يېزىقنى ئومۇملاشتۇرۇش ۋە قوللىنىش مەسىلىسى توغرىسىدا.** مەملىكىتىمىزدە بىر قىسىم مىللەتلەرنىڭ يېزىقى ئۇزاق تارىخقا ۋە چوڭقۇر ئىجتىمائىي ئاساسقا ئىگە بولۇپ، ئۇزدا قوللىنىلىپ كېلىۋاتىدۇ، شۇڭا، بۇ يېزىقلارنى ئومۇملاشتۇ-رۇش كېرەكمۇ-يوق ۋە قانداق ئومۇملاشتۇرۇش كېرەك دېگەن مەسىلە مەۋجۇت ئەمەس. ئاساسلىقى بۇ يېزىقلارنى داۋاملىق ئوبدان قوللىنىش ۋە ئۇنىڭ تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈش كېرەك. مۇھاكىمە قىلىشقا تېگىشلىكى 50-يىللاردا يارىتىلغان يېزىقلارنى ئومۇملاشتۇرۇش ۋە قوللىنىش مەسىلىسىدىن ئىبا-رەت. ئالاقىدار ھۆججەتلەرنىڭ روھىغا ئاساسەن، شۇ يېزىقلارنى ئالاقىدار كونكرېت ئەھۋاللارنى نەزەرگە ئېلىپ بىر تەرەپ قىلى-شنىڭ ئومۇمىي پرىنسىپى— ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىز-دەش، تۇرگە ئايرىپ يېتەكچىلىك قىلىشتىن ئىبارەت.

شۇنى مۇئەييەنلەشتۇرۇش كېرەككى، قانۇندا بەلگىلەنگەن تەرتىپ بويىچە تەستىقتىن ئۆتكۈزۈپ يارىتىلغانلىكى يېزىق قول-لىنىشقا بولىدىغان يېزىق دېمەكتۇر، بۇنداق يېزىقنى ئالاقىدار مىللەتنىڭ ئەزالىرى ئومۇملاشتۇرۇش ۋە قوللىنىشنى ئوتتۇرىغا قويسا، ئۇنى چۈشىنىش ۋە قوللاش لازىم. بىراق، بۇ يېزىقلار 50- يىللاردا يارىتىلغانلىقتىن، ئارىدىن 30 نەچچە يىل ئۆتۇشى

بىلەن ئەھۋالدا بىرمۇنچە ئۆزگىرىش بولدى ۋە ئۆزگىرىش بولۇۋاتىدۇ، بۇ يېزىقلارمۇ شۇ جەرياندا، ئەمەلىيەتنىڭ سىنىقىنى باشتىن كەچۈردى. شۇڭا، بۇ مەسىلىنى بىر تەرەپ قىلىشتا، ئىككى جەھەتتىكى ئەھۋالنى تەڭ نەزەردە تۇتۇش كېرەك: بىرى، يېزىقنى سىناق تەرىقىسىدە يولغا قويۇش ئۇنۇمىنى نەزەردە تۇتۇش، يەنى شۇ يېزىقنىڭ ئۆزى ئىلمىي بولغانمۇ-يوق؟ ئۇنى قوللىنىش مىللەتلەر ئوتتۇرىسىدىكى ۋە شۇ مىللەتنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى ئالاقىگە پايدىلىق بولغانمۇ-يوق؟ شۇ مىللەتنىڭ ئىقتىسادىي، سىياسىي ۋە مەدەنىيەت قاتارلىق ئىشلىرىنىڭ تەرەققىياتىغا پايدىلىق بولغانمۇ-يوق؟ دېگەنلەرنى نەزەردە تۇتۇش كېرەك. يەنە بىرى، ئاممىنىڭ رايىنى نەزەردە تۇتۇش كېرەك. يېزىقنى ئادەملەر قوللىنىدۇ، يېزىقنى قوللىنىش خەلق ئاممىسىنىڭ ئىشلەپچىقىرىشى ۋە تۇرمۇشى بىلەن زىچ باغلانغان، بىرەر يېزىقنىڭ ئىلمىي بولغان ياكى بولمىغانلىقى، ئومۇملاشتۇرۇشقا ئەرزىيدىغان ياكى ئەرزىمەيدىغانلىقى توغرىسىدا پىكىر بايان قىلىشقا خەلق ئاممىسى ھەممىدىن ھەقلىق. ئاممىنىڭ رايىنى نەزەردە تۇتۇش ۋە ئۇنىڭغا ھۆرمەت قىلىش پارتىيىمىز مەسىلىلەرنى بىر تەرەپ قىلىشتا ئەزەلدىن كۆزدە تۇتۇپ كېلىۋاتقان مۇھىم نۇقتا. يۇقىرىدىكى ئەھۋاللارنى يىغىنچاقلاپ مۇنداق خۇلاسىگە كېلىشكە بولىدۇ: سىناق تەرىقىسىدە يولغا قويۇش ئۇنۇمى ئوبدان بولۇپ، كۆپ سانلىق ئاممىنىڭ ئالقىشىغا ئېرىشكەنلىكى يېزىقنى قانۇن بويىچە ئومۇملاشتۇرۇشقا بولىدۇ؛ سىناق تەرىقىسىدە يولغا قويۇش ئۇنۇمى تازا كۆڭۈلدىكىدەك بولمىغان، ئاممىنىڭ ئالقىشىغا ئانچە ئېرىشەلمىگەن يېزىقنى

ئومۇملاشتۇرۇشقا ئالدىراپ كەتمەي، ئۇنى يەكۈنلەش ۋە يۇقىرى كۆتۈرۈش يولىنى تۇتۇش لازىم؛ سىناق تەرىقىسىدە يولغا قويۇش ئۈنۈمى ناچار بولۇپ، كۆپ ساندىكى ئامما قوبۇل قىلىشنى خالىمىغان يېزىقنى ئومۇملاشتۇرىمەن دەپ ھەرگىز زورۇقماسلىق كېرەك. مېنىڭچە، ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدەش پوزىتسىيىسى، شۇنداقلا ئەقىلگە مۇۋاپىق پرىنسىپ ئەنە شۇ، بۇنى ئالاقىدار مىللەت كادىرلىرى بىلەن ئاممىنىڭ چۈشىنىدىغانلىقىغا ئىشىنىمەن.

**(3) مىللىي تىل-يېزىققا دائىر نەزەرىيە تەتقىقاتى مەسىلىسى توغرىسىدا.** مىللىي تىل-يېزىققا دائىر نەزەرىيە تەتقىقاتىنىڭ ناھايىتى مۇھىم ئىش ئىكەنلىكىدە شەك يوق. نەزەرىيە خادىملىرىنىڭ تىرىشچانلىق كۆرسىتىشى ئارقىسىدا، بۇ جەھەتتە ناھايىتى چوڭ نەتىجىلەر قولغا كەلدى. تەتقىقات خىزمىتىگە داۋاملىق ئەھمىيەت بېرىشكە، ئۇنى ئۈزلۈكسىز يۈكسەلدۈرۈشكە توغرا كېلىدۇ. بۇ يەردە مەن پەقەت بۇنىڭدىن كېيىنكى تەتقىقات خىزمىتىنىڭ ئاساسىي كۈچىنى قارىتىدىغان نىشانى ياكى مۇھىم نۇقتىسى مەسىلىسى ئۈستىدىلا توختىلىپ ئۆتمەكچىمەن. ئاساسىي تەتقىقاتنى ئېلىپ بېرىش ئەلۋەتتە زۆرۈر، مەسىلەن، مىللەتلەرنىڭ تىل-يېزىقىنىڭ كېلىپ چىقىشى، تەرەققىيات قانۇنىيىتى، ئالاھىدىلىكى ئۈستىدە تەتقىقات ئېلىپ بېرىش ۋە تۈرلۈك تىل-يېزىقلار ئۈستىدە سېلىشتۇرما تەتقىقات ئېلىپ بېرىش ۋە باشقىلارنىڭ ھەممىسى زۆرۈر. لېكىن، مېنىڭچە، نۆۋەتتە ئەمەلىي نەزەرىيە تەتقىقاتىغا بەكرەك ئەھمىيەت بېرىش لازىم، بولۇپمۇ تۆۋەندە كۆرسىتىلگەن ئىككى جەھەتتىكى تەتقىقاتقا ئەھمىيەت

بېرىش ھەمدە ئۇنىڭدا يېڭىلىق يارىتىشقا تىرىشىش كېرەك:

بىرىنچىسى، ئاز سانلىق مىللەتلەر تىل-يېزىقىنىڭ ئىجتىمائىي رولىنى تېخىمۇ ئوبدان جارى قىلدۇرۇپ، بۇ قورالدىن ئوبدان پايدىلىنىپ، ئۇنى ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ۋە ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىنىڭ سوتسىيالىستىك ماددىي مەدەنىيەت ۋە مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىغا خىزمەت قىلدۇرۇش ئۈچۈن قانداق قىلىشى كېرەكلىكى ئۈستىدە چوڭقۇر تەتقىقات ئېلىپ بېرىش. بىر خىل يېزىق رېئال تۇرمۇش بىلەن زىچ بىرىكىپ، ئىنسانلارنىڭ ئىجتىمائىي پائالىيىتىگە ھەقىقىي تۇردە سىڭىپ كىرىپ، جەمئىيەتنى ئالغا سىلجىتقاندىلا، ئاندىن ئۆز قىممىتىنى نامايان قىلالايدۇ ۋە تولۇپ تاشقان ھاياتىي كۈچكە ئىگە بولالايدۇ. شۇنىڭغا ئىشىنىمەنكى، بۇ جەھەتتىكى تەتقىقات ئۈچۈن زېمىن كەڭرى، نى-نى ئىشلارنى قىلغىلى بولىدۇ.

ئىككىنچىسى، ئاز سانلىق مىللەتلەر تىل-يېزىقىنى يەنىمۇ ئىلگىرىلەپ قېلىپلاشتۇرۇپ، زامانىۋى پەن-تېخنىكا مۇۋەپپەقىيەتلىرى بىلەن زىچ بىرلەشتۈرۈپ، تېخىمۇ كۆپ مىللىي يېزىقنى ئۇچۇرلارنى ئېلېكترونلۇق مېڭىدە بىر تەرەپ قىلىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىش ئۈچۈن قانداق قىلىش كېرەكلىكى ئۈستىدە تەتقىقات ئېلىپ بېرىش لازىم. ھەممىگە مەلۇمكى، پەن-تېخنىكىنىڭ تەرەققىياتى ئارقىسىدا ئىنسانلارنىڭ تىل-يېزىقىنى يەتكۈزۈش، ساقلاش، ئىشلىتىش ئىشلىرىدا غايەت زور ئۆزگىرىش بارلىققا كەلدى، مەملىكىتىمىزنىڭ مىللىي تىل-يېزىق ھەققىدىكى تەتقىقاتى بۇ ئېقىمغا يېتىشۋېلىشى كېرەككى، مىللىي تىل-يېزىقىمىز زامانىۋى تۇرمۇشقا تېخىمۇ ياخشى

ماسلاشسۇن، تېخىمۇ ئوبدان راۋاج تاپسۇن ۋە ئۆز رولىنى تېخىمۇ ئوبدان جارى قىلدۇرسۇن.

**(4) مىللىي تىل-يېزىق خىزمىتى كادىرلىرىنى يېتىشتۈرۈش مەسىلىسى توغرىسىدا.** ئۇزاقتىن بۇيان، پارتىيىمىز مىللىي تىل-يېزىق خىزمىتى بىلەن شۇغۇللىنىدىغان زور بىر تۈركۈم كادىرلارنى تەربىيىلەپ يېتىشتۈردى. بۇلار پارتىيىمىزنىڭ قىممەتلىك بايلىقى. ئۇلار دۆلىتىمىزنىڭ مىللىي تىل-يېزىق خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەش، مىللەتلەرنىڭ ئىتتىپاقلىق ۋە تەرەققىيات ئىشلىرى ئۈچۈن ئۆزلىرىنىڭ ئەقىل-پاراسىتىنى تەقدىم قىلدى ۋە ئىجابىي تۆھپە قوشتى.

مىللىي تىل-يېزىق خىزمىتى— مۇھىم خىزمەت، شۇنداقلا ئۇزاق مۇددەتلىك خىزمەت، شۇنىڭ ئۈچۈن، مىللىي تىل-يېزىق خىزمىتى بىلەن شۇغۇللىنىدىغان ھەر خىل كادىرلارنى پىلانلىق تۈردە يېتىشتۈرۈشكە توغرا كېلىدۇ. بۇنىڭدا پارتىيە، ھۆكۈمەت كادىرلىرىنىمۇ، تەرجىمان، مۇھەررىر، قوش تىلدا دەرس ئۆتىدىغان ئوقۇتقۇچى قاتارلىق كەسپىي خادىملارنىمۇ، ئادەتتىكى ئىختىساسلىق خادىملارنىمۇ، يۇقىرى سەۋىيىلىك ئىختىساسلىق خادىملارنىمۇ يېتىشتۈرۈش، ئىختىساسلىق خادىملارنى مەكتەپتە يېتىشتۈرۈشكىمۇ، ئەمەلىي خىزمەتتە چېنىقتۇرۇپ يېتىشتۈرۈشكىمۇ ئەھمىيەت بېرىش لازىم. مىللىي تىل-يېزىق خادىملىرىغا تولۇق ئىشىنىش، ئۇلارنى يۈرەكلىك ئىشقا قويۇش، ئۇلارنىڭ ئاكتىپلىقى ۋە ئىجادىي قابىلىيىتىنى ئەڭ زور دەرىجىدە جارى قىلدۇرۇش لازىم. ئۇلارغا كۆيۈنۈپ ۋە ياردەم بېرىپ خىزمەت ۋە تۇرمۇشتىكى ئەمەلىي قىيىنچىلىقلى-

ـرنى ئىمكانىيەتىنىڭ بارىچە ھەل قىلىپ بېرىشىمىز لازىم. بىز مىللىي تىل-يېزىق خادىملىرىنىڭمۇ غەيرەت ئۇستىگە غەيرەت قوشۇپ، ئىجتىھات بىلەن ئىشلەپ، پارتىيە ۋە خەلقنىڭ زور ئىشەنچىنى يەردە قويماسلىقىنى، مىللىي تىل-يېزىق خىزمىتى ساھەسىدە يول ئېچىپ ئىلگىرىلەپ، زور ئۇتۇق قازىنىشىنى ئۈمىد قىلىمىز.

**(5) ئالاقىدار رايونلار ۋە تارماقلارنىڭ ئۆزئارا ماسلىشىش مەسىلىسى توغرىسىدا.** مىللىي تىل-يېزىق خىزمىتى نۇرغۇن مەسىلىلەرگە، نۇرغۇن ساھەلەرگە چېتىلىدۇ. يالغۇز مىللىي تىل-يېزىق خىزمىتى تارماقلىرىنىڭ تىرىشىشى بىلەن بۇ ئىشنىڭ ھۆددىسىدىن چىقىشقا بولمايدۇ، بۇ ھەرقايسى ساھەلەرنىڭ ئورتاق تىرىشچانلىق كۆرسىتىشىنى تەلەپ قىلىدۇ، جۈملىدىن پارتىيە، ھۆكۈمەت تارماقلىرىنىڭ ئەھمىيەت بېرىشىنى، بۇ خىزمەتنى تېگىشلىك ئورۇنغا قويۇپ، شتات، خىراجەت قاتارلىق جەھەتلەردىكى ئەمەلىي قىيىنچىلىقلارنى ھەل قىلىپ بېرىشنى، ئالاقىدار رايون ۋە تارماقلارنىڭمۇ ئورتاق تىرىشچانلىق كۆرسىتىپ، ئاكتىپ ماسلىشىشىنى تەلەپ قىلىدۇ. مىللىي تىل-يېزىق خىزمىتى جەھەتتە بۇرۇن ئىشلىگەن بىرمۇنچە خىزمەتلىرىمىز ۋە قولغا كەلتۈرگەن مۇۋەپپەقىيەتلىرىمىزنىڭ ھەممىسى ئالاقىدار تارماقلار ۋە رايونلارنىڭ پائال قاتناشقانلىقى ۋە تەڭ كۈچ چىقىرىپ ھەمكارلاشقانلىقىنىڭ نەتىجىسى، بۇنىڭغا نۇرغۇنلىغان يولداشلارنىڭ قان-تەرى سىڭگەن. بىز بۇ ئوبدان ئەنئەنىمىزنى جارى قىلدۇرۇپ، بۇ ساھەدىكى ھەمكارلىقنى داۋاملىق كۈچەيتىشىمىز لازىم.

كونكرېت خىزمەتتە، مۇنۇ ئىككى جەھەتتە ماسلىشىشقا ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىشىمىز لازىم. بىرى، مىللىي تىل-يې-زىق خىزمىتى ئاپپاراتلىرى ئوتتۇرىسىدا ھەمكارلىقنى يولغا قو-يۇپ، دائىم خەۋەرلىشىپ تۇرۇش، سىياسەتنى ئىجرا قىلىش جەھەتتە ماسلىشىپ ھەرىكەت قىلىش، نەزەرىيە تەتقىقاتى جەھەت-تە ئاچقۇچلۇق مەسىلىلەرنى بىرلىكتە كۈچ چىقىرىپ ھەل قى-لىش. يەنە بىرى، قېرىنداش ئورۇنلار ئۆزئارا ماسلىشىپ ئىش-لەش، جۇملىدىن مائارىپ، رادىئو-تېلېۋىزىيە، تىل-يېزىقنى باشقۇرۇش تارماقلىرى، نەزەرىيە تەتقىقاتى تارماقلىرى ئىش تەقسىم قىلىۋېلىپ، ھەمكارلىشىپ ئىشلەش. ھەممەيلەن خىز-مەتنى تولۇپ تاشقان قىزغىنلىق ۋە يۇكسەك مەسئۇلىيەتچانلىق بىلەن بىرلىكتە ياخشى ئىشلىشى كېرەك.

بىزنىڭ مىللىي تىل-يېزىق خىزمىتى ئاپپاراتلىرىمىز ئۆز مەسئۇلىيىتىنى تېخىمۇ ئاكتىپ ئادا قىلىپ، تەشەببۇسكارلىق روھىنى جارى قىلدۇرۇشى، چارە تېپىپ، مەسلىھەت بېرىپ، ئالاقىدار ئورۇنلار بىلەن ئۆزلۈكىدىن كېڭىشىشى ۋە ماسلىشىپ ئىشلىشى كېرەك. ئەمەلىيەت ئىسپاتلىدىكى، پىكىر مۇۋاپىق، تەلەپ جايىدا بولسىلا، ئالاقىدار ئورۇنلار ئاكتىپ ئاۋاز قوشى-دۇ. بۇ تەلەپنى ئورۇنداش ئۈچۈن، مىللىي تىل-يېزىق خىزمە-تى بىلەن شۇغۇللانغۇچى يولداشلار كۆپرەك تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىپ، پۇرسەتنى ئىگىلىشى، پىكىر قىلىشقا ماھىر بولۇشى، جاسارەت بىلەن ئىزدىنىشى، ئۆز مەسئۇلىيىتىنى بار كۈچى بىلەن ئادا قىلىشى لازىم.

كېلەر يىلى مەملىكەتلىك مىللىي خىزمەت يىغىنى ئېچىلى-

دۇ، بۇ ئىنتايىن مۇھىم يىغىن بولغۇسى. مىللىي خىزمەت سېپىدىكى بارلىق يولداشلىرىمىز بۇ يىغىننىڭ ئېچىلىشىنى قىزغىن كەيپىيات ۋە ئەلا نەتىجە بىلەن كۈتۈۋېلىشى كېرەك.

مەملىكىتىمىز مۇھىم تەرەققىيات باسقۇچىدا تۇرماقتا، مەملىكىتىمىزدىكى مىللەتلەرمۇ مۇھىم تەرەققىيات باسقۇچىدا تۇرماقتا. بىز ھازىر ئۆزگىرىشچان، مۇرەككەپ خەلقئارا ۋەزد-يەتكە ۋە دۆلىتىمىز ئىچىدىكى ئېغىر قۇرۇلۇش ۋەزىپىسىگە دۇچ كەلمەكتىمىز. ھەممىمىز بىر نىيەتتە ئىتتىپاقلىشىپ، روھىمىزنى ئۇرغۇتۇپ، مىللىي تىل-يېزىق خىزمىتىنى تېخىمۇ ياخشى ئىشلەپ، مىللەتلەرنىڭ ئىتتىپاقلىق-تەرەققىيات ئىشلى-رى ۋە ۋەتىنىمىزنىڭ گۈللەپ ياشنىشى ئۈچۈن تىرىشىپ كۈ-رەش قىلايلى!

# جۇڭگودىكى ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ئەنئەنىۋى مەدەنىيىتىنى قوغداش، داۋاملاشتۇرۇش ۋە راۋاجلاندۇرۇش توغرىسىدا*

(1990-يىل 12-ئاينىڭ 14-كۈنى)

مەن ھۆرمەتلىك جۇڭگىن چيەنجى ئەپەندىنىڭ سەمىمىي تەكلىپىگە بىنائەن، ياپونىيىگە كېلىپ، توكيودا «شەرقىي ئاسىيا جەمئىيىتىگە دائىر تەتقىقات» بويىچە ئۆتكۈزۈلگەن خەلقئارا مۇھاكىمە يىغىنىغا قاتناشتىم. جۇڭگىن چيەنجى ئەپەندىنىڭ كۆڭۈل قويۇپ ئورۇنلاشتۇرۇشى ئارقىسىدا، مەن ياپونىيە دۆلەتلىك مىللەتشۇناسلىق مۇزېيىنى زىيارەت قىلىش ھەمدە بۇ يەردە ئولتۇرغان دوستلار ۋە ئالىملار بىلەن يۈز كۆرۈشۈش پۇرسىتىگە ئىگە بولدۇم. ياپونىيىنىڭ گۈزەل زېمىنىنى كۆردۈم، ياپون خەلقىنىڭ جۇڭگو خەلقىگە بولغان چوڭقۇر دوستلۇقىنى ھېس قىلدىم، شۇنىڭدەك ياپونىيە ئالىملىرىنىڭ مىللەتشۇناسلىق تەت-

* بۇ— يولداش ئىسمايىل ئەھمەد ياپونىيە دۆلەتلىك مىللەتشۇناسلىق مۇزېيىدا سۆزلىگەن نۇتۇق. بۇ نۇتۇق 1991-يىل 2-ئايدا ياپونىيىدە نەشر قىلىنغان ۋە يىغىن توپلىمىغا كىرگۈزۈلگەن.

قىقاتى جەھەتتىكى نۇرغۇن ئەھۋاللىرىدىن ۋە قولغا كەلتۈرگەن نەتىجىلىرىدىن خەۋەر تاپتىم.

ئەمدى مەن مۇشۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ، جۇڭگودىكى ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ئەنئەنىۋى مەدەنىيىتىنى قوغداش، داۋاملاشتۇرۇش ۋە راۋاجلاندۇرۇش ئەھۋاللىرىنى قىسقىچە تونۇشتۇراي.

جۇڭگودا 56 مىللەت بار. ئاز سانلىق مىللەت 55، نوپۇسى 91 مىليون 200 مىڭدىن ئارتۇق بولۇپ، پۈتۈن مەملىكەتتىكى ئومۇمىي ئاھالىنىڭ 8.04 پىرسەنتىنى تەشكىل قىلىدۇ. جۇڭگودىكى ئاز سانلىق مىللەتلەر ئاھالە سانى، ئولتۇراقلاشقان رايونى، ئىقتىسادىي ھاياتى، تىل-مەدەنىيىتى، دىنىي ئۆرپ-ئادەتلىرى دېگەندەك ئوخشاش جەھەتلەردە ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىككە ئىگە، ئۇلار بىرلىكتە جۇڭخۇا مىللەتلىرى چوڭ ئائىلىسىنى تەشكىل قىلغان.

جۇڭگودىكى مىللەتلەرنىڭ ھەممىسى جۇڭگونىڭ ۋۇجۇدقا كېلىشى ۋە تەرەققىي قىلىشى ئۈچۈن ئۆز تۆھپىسىنى قوشقان، شۇنىڭدەك جۇڭگو مەدەنىيىتىنىڭ تەرەققىي قىلىشى ۋە گۈللىنىشى ئۈچۈنمۇ ئۆز تۆھپىسىنى قوشقان. تارىخىي ئەنئەنە، جۇغراپىيىۋى مۇھىت، مىللىي پسىخولوگىيە، تۇرمۇش ئۇسۇلى قاتارلىقلار ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ مەزمۇنغا باي خىلمۇخىل مەدەنىيىتىنى شەكىللەندۈرگەن.

ئەدەبىيات جەھەتتە، جۇڭگودىكى ئاز سانلىق مىللەتلەر ئۇزۇن زاماندىن بۇيانقى مول ئەنئەنىگە ئىگە، ئۇلارنىڭ بىرمۇنچە تەسىرى بار ئەسەرلىرى بارلىققا كەلگەن، مەسىلەن، موڭغۇللار-

نىڭ «موڭغۇللارنىڭ مەخپىي تارىخى»، ئۇيغۇرلارنىڭ ئېپىك داستانى «قۇتادغۇبىلىك»، زاڭزۇلارنىڭ تارىخىي داستانى «گېسار شاھ»، قىرغىزلارنىڭ تارىخىي داستانى «ماناس» ۋە يىزۇلارنىڭ ئېپىك داستانى «ئاشىما» قاتارلىق ئەسەرلەر ناھايىتى يۇقىرى بەدىئىيلىككە ئىگە. بۈگۈنكى كۈندە ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ نۇرغۇن مەدەنىيەت ئەنئەنىلىرى داۋاملاشتۇرۇلۇپ، مىللىي ئالاھىدىلىككە ئىگە تېخىمۇ كۆپ ئەدەبىي ئەسەرلىرى دۇنياغا كەلدى.

مۇزىكا جەھەتتە، جۇڭگودىكى ئاز سانلىق مىللەتلەر ناھايىتى يۇقىرى سەۋىيىدىكى مۇۋەپپەقىيەتكە ئېرىشكەن، گەۋدىلىك خۇسۇسىيەتكە ئىگە نۇرغۇن مۇزىكا ئەسەرلىرى زامان-زامانلاردىن بېرى تارقىلىپ كەلمەكتە، مەسىلەن، ئۇيغۇرلارنىڭ «12 مۇقامى»، تۇزۇلارنىڭ «خۇائېر»ى قاتارلىق ئەسەرلەرنىڭ داڭقى مەشھۇر. نۇرغۇن رايونلاردا مۇزىكا كىشىلەر تۇرمۇشىنىڭ تەركىبىي قىسمىغا ئايلىنىپ كەتكەن. ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ مىللىي ئالاھىدىلىككە ئىگە نۇرغۇن چالغۇ ئەسۋابلىرىمۇ بار، ئالايلۇق، موڭغۇللارنىڭ ئات باشلىق غېجىكى، قازاقلارنىڭ دومبىراسى ۋە مياۋزۇلارنىڭ «شېڭ» دېگەن مۇزىكىسى ۋە باشقىلار. جۇڭگودا نەي، چارتار، غېجەك، بەل دۇمباق، داپ، غوڭقا، مىس دۇمباق قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى ئاز سانلىق مىللەتلەردىن تارقالغان.

ئۇسسۇل جەھەتتە، جۇڭگودىكى ئاز سانلىق مىللەتلەر ناخشا-ئۇسسۇلغا ماھىرلىقى بىلەن مەشھۇر. ئۇلارنىڭ تارىختىن بۇيان بارلىققا كەلگەن نى-نى ئاتاقلىق ئۇسسۇلچىلىرى بار.

هازىرغىچە ساقلىنىپ كەلگەن، ئۆزگە خاس ئالاھىدىلىككە ئىگە نۇرغۇن ئۇسسۇللارنىڭ خېلى بىر قىسمى ھېلىھەم جۇڭگو سەھ-نىلىرىدە ئوينىلىۋاتىدۇ.

رەسساملىق جەھەتتە، جۇڭگودىكى ئاز سانلىق مىللەتلەر ناھايىتى يۇقىرى ماھارەت كۆرسىتىپ، ئۆلمەس ئەسەرلەرنى ئىجاد قىلدى. مەشھۇر دۇنخۇاڭ تاش غارى، يۇنگاڭ تاش غارى، لۇڭمېن تاش غارى ۋە قىزىل مىڭ ئۆيلەردىكى ئەتىۋارلىق تام رەسىملىرى ۋە تاش ئويمىلارنىڭ ھەممىسىنى ھەر مىللەت سەن-ئەتكارلىرى بىرلىكتە ئىجاد قىلغان.

بىناكارلىق جەھەتتە، جۇڭگودىكى ئاز سانلىق مىللەتلەر-نىڭ تۈھپىسى ئالاھىدە. جۇڭگونىڭ ئاز سانلىق مىللەت رايونلى-رىدا مىللىي ئۇسلۇبقا ۋە رايون ئالاھىدىلىكىگە ئىگە نۇرغۇن قۇرۇلۇشلار بار. يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدە بېيجىڭ (ئەينى زاماندا دادۇ دەپ ئاتالغان) دىكى خان سارىيىنى ئاز سانلىق مىللەت ئۇستىلىرى لايىھىلىگەن. بۇ كېيىنكى گۇگۇڭنىڭ قۇرۇلۇشىغا ھەتتا پۈتكۈل بېيجىڭدىكى قۇرۇلۇشلارغا ناھايىتى زور تەسىر كۆرسەتكەن.

ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ مەزمۇنغا باي، شەكلى ھەرخىل مەدەنىيىتىگە دائىر مىساللار ناھايىتى كۆپ. ئالايلۇق، كىيىم-كېچەك، يېمەك-ئىچمەك، ھېيت-بايرام قاتارلىق جەھەتلەردە ئۆزگە خاس ئالاھىدىلىك ناھايىتى گەۋدىلىك.

جۇڭگونىڭ ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ ئەنئەنىۋى مەدەنىيىتى-گە قاراتقان سىياسىتى نېمە؟ بۇنى مىللەتلەرنىڭ بارلىق ئېسىل مەدەنىيىتىنى قوغدايدىغان، داۋاملاشتۇرىدىغان ۋە راۋاجلاندۇرۇ-

دىغان سىياسەت دەپ قىسقىچە يىغىنچاقلاشقا بولىدۇ. بۇ سىياسەتنى تۇزۇشتە تۆۋەندىكى سەۋەبلەر كۆزدە تۇتۇلغان: جۇڭگودا ھەممە مىللەت باپباراۋەر، بۇ باراۋەرلىك مەدەنىيەت جەھەتتىكى باراۋەرلىكنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ھەر مىللەت خەلقى ئۇزاق مۇددەتلىك تارىخىي تەرەققىيات داۋامىدا ياراتقان مەدەنىيەت مۇۋەپپەقىيەتلىرى ئەلۋەتتە قوغداشقا تېگىشلىك. ئاز سانلىق مىللەتلەر ياراتقان مەدەنىيەت پۈتكۈل جۇڭخۇا مىللەتلىرى مەدەنىيەت خەزىنىسىنىڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمى، ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ئەنئەنىۋى مەدەنىيىتىنى قوغداش ئەمەلىيەتتە پۈتكۈل جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ مەدەنىيىتىنى قوغدىغانلىق بولىدۇ. بىر مىللەتنىڭ مەدەنىيىتى شۇ مىللەتنىڭ بەلگىلىرىدىن بىرى بولۇپ، ئۇنىڭغا شۇ مىللەتنىڭ چوڭقۇر مۇھەببىتى ۋە گۈزەل ئارزۇسى مۇجەسسەملەشكەن. ئەنئەنىۋى مەدەنىيەتنى قوغداش ۋە راۋاجلاندۇرۇش مىللەتلەر مۇناسىۋىتىنى ئوبدان ھالەتتە ساقلاشتا، مىللىي غۇرۇر ۋە مىللىي ئىشەنچىنى ئاشۇرۇشتا، بىر مىللەتنىڭ ئىدىيە-ئەخلاق قۇرۇلۇشىدا ناھايىتى زور ئەھمىيەتكە ئىگە.

دەرۋەقە، ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ مەدەنىيىتىگە ئايلىنىپ قالغان ئەمما مەدەنىيەت تۈسىنى ئالمايدىغان بەزى ناچار نەرسەلەرمۇ بولۇشى مۇمكىن. ئەنئەنىۋى مەدەنىيەتنىڭ مىللەتلەرنىڭ تەرەققىياتىغا، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىغا دەخلى يەتكۈزىدىغان قىسمىنى ئەھۋالنى پەرقلەندۈرۈپ مۇۋاپىق ئۇسۇل قوللىنىپ بىر تەرەپ قىلىش كېرەك. ئۇنى ئاساسەن ئاڭلىق ۋە ئىختىيارىي ئاساستا، شۇ مىللەتنىڭ ۋەكىللىرى ئوتتۇرىغا چىقىپ ئۆزگەر-

تىشى ياكى شاللاپ چىقىرىۋېتىشى لازىم. ئەگەر ئۇ يادىكارلىق قىممىتى يۇقىرى نەرسىلەر بولسا، تەتقىقاتچىلارنىڭ پايدىلىنىشى ئۈچۈن ساقلاپ قويۇش كېرەك.

جۇڭگو مىللەتلەرنىڭ ئەنئەنىۋى مەدەنىيىتىنى قوغداش، داۋاملاشتۇرۇش ۋە راۋاجلاندۇرۇش جەھەتتە قوللانغان ئاساسى تەدبىرلەر مۇنداق:

**1. قانۇنچىلىق ۋاستىلىرىنى قوللىنىش.** ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ مەدەنىيىتىنى قانۇن شەكلى بىلەن قوغداش، داۋاملاشتۇرۇش ۋە راۋاجلاندۇرۇش توغرىسىدا ئېنىق بەلگىلىمىلەر چىقىرىلدى. مەسىلەن، «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە قانۇنى» دا مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلارنىڭ ئاپتونومىيە ئورگانلىرى مىللىي مەدەنىيەتنىڭ ئېسىل ئەنئەنىلىرىگە ۋارىسلىق قىلىدۇ ۋە ئۇنى راۋاجلاندۇرىدۇ. مىللەتلەرنىڭ مەشھۇر يادىكارلىقلىرىنى، قىممەتلىك ئاسارئەتىقىلىرىنى ۋە باشقا مۇھىم تارىخىي مىراسلىرىنى قوغدايدۇ، مىللىي شەكىل ۋە مىللىي ئالاھىدىلىككە ئىگە مىللىي مەدەنىيەت ئىشلىرىنى ئۆز ئالدىغا راۋاجلاندۇرىدۇ، دەپ بەلگىلەنگەن. ئۇنىڭدىن باشقا قانۇن-نىزاملاردا ۋە جايلارنىڭ ئالاقىدار نىزاملىرىدىمۇ شۇنىڭغا ئوخشاش بەلگىلىمىلەر بار. مەسىلەن، «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ شەھەر قۇرۇلۇشى پىلانى نىزامى» دا مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلارنىڭ شەھەر قۇرۇلۇشى پىلانىدا مىللىي ئۇسلۇب ۋە يەرلىك ئالاھىدىلىك كۆزدە تۇتۇلىدۇ، دەپ بەلگىلەنگەن. مۇشۇ بەلگىلىمىلەردە مىللىي مەدەنىيەتنىڭ قانۇنىي ئورنى مۇئەييەنلەشتۈرۈلگەن، مىللىي مەدەنىيەتنى قوغداش

ۋە راۋاجلاندۇرۇشنىڭ ئاساسىي پرىنسىپلىرى بەلگىلەنگەن، بۇ ئەمەلىيەتتە مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە.

**2. مەدەنىيەت توشۇغۇچىلىرى(تارقاتقۇچىلىرى) قۇرۇلۇشىغا ئەھمىيەت بېرىش.** ئىدېئولوگىيىنىڭ بىر تۈرى بولغان مەدەنىيەتنىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشى تاشقى شەكىل ئارقىلىق ئىپادىلىنىدۇ. شۇڭا دۆلەت تۆۋەندىكى تەدبىرلەرنى قوللاندى:

— مىللەتلەر نەشرىياتى ئورگانلىرىنى قۇرۇش. مەركەزدە ۋە ئاپتونوم رايونلاردا، بەزى ئاپتونوم ئوبلاستلاردا ۋە ئالاقىدار ئۆلكىلەردە مىللەتلەر نەشرىياتى قۇرۇلدى. بۇ نەشرىياتلار ئاساسەن ئاز سانلىق مىللەتلەرگە دائىر كىتاب، گېزىت ۋە ژۇرناللارنى نەشر قىلىدۇ. ھەمدە كىتابلارنى ئاز سانلىق مىللەت يېزىقىدا نەشر قىلىشقا ئەھمىيەت بېرىدۇ. 1989-يىلى ئاز سانلىق مىللەتلەر يېزىقىدا نەشر قىلىنغان كىتابلار 3000 خىلدىن ئاشتى.

— تۈرلۈك كۇتۇپخانا-پونكىتلەر تەسىس قىلىش. پۈتۈن مەملىكەتنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا ئورۇنلاشقان مىللەتلەر مەدەنىيەت سارىيى، مەدەنىيەت يۇرتى، مۇزېي، كۇتۇپخانا، كۆرگەزمىخانا ۋە باشقىلار قۇرۇلدى. سانلىق مەلۇماتقا قارىغاندا، مۇشۇ مۇئەسسەسىلەر 8000دىن ئاشىدۇ، بۇنىڭ ئىچىدە 80 نەچچە مۇزېي بار. ئاھالىسى ئاران 4200دىن كۆپرەك كېلىدىغان خېجې مىللىتىمۇ ئۆزىنىڭ مىللەتلەر مۇزېيىغا ئىگە. بۇ مۇئەسسەسىلەر مىللىي مەدەنىيەتنى ساقلايدىغان. ئالماشتۇرىدىغان ۋە كۆرسىتىدىغان مۇھىم ئورۇن، شۇنداقلا ھەر مىللەت ئاممىسى مەدەنىيەت پائالىيەتلىرىنى ئېلىپ بارىدىغان مۇھىم سورۇن.

— رادىئو، تېلېۋىزىيە، كىنو ئىشلىرىنى راۋاجلاندۇ-
رۇش. ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرى ئۆزىنىڭ رادىئو سىستې-
مىسىنى ئومۇميۈزلۈك بەرپا قىلدى، بىرمۇنچە ئاپتونومىيىلىك
جايلاردا ئاز سانلىق مىللەت تىلىنى قوللىنىدىغان رادىئو ۋە
تېلېۋىزىيە ئىستانسىلىرى بار، مەملىكەت بويىچە نۇرغۇن مىل-
لىي كىنو ستۇدىيىلىرىمۇ بار. ئېلىمىزنىڭ قانۇنلىرىدا مىللىي
ئاپتونومىيىلىك جايلارنىڭ ئاپتونومىيە ئورگانلىرى مىللىي شە-
كىل ۋە مىللىي ئالاھىدىلىككە ئىگە ئاخبارات، رادىئو، كىنو،
تېلېۋىزىيە قاتارلىق مەدەنىيەت ئىشلىرىنى راۋاجلاندۇرۇشقا ھو-
قۇقلۇق ۋە ئۇلارنىڭ شۇنداق قىلىش مەجبۇرىيىتى بار دەپ
بەلگىلەنگەن.

— تەرجىمە ئورگانلىرىنى تەسىس قىلىش. خەنزۇ تىلى
بىلەن ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ تىلىنى شۇنىڭدەك بۇ ئاز سانلىق
مىللەتنىڭ تىلى بىلەن ئۇ ئاز سانلىق مىللەتنىڭ تىلىنى بىر-بە-
رىگە تەرجىمە قىلىش— مىللىي مەدەنىيەتنى تارقىتىش، ئال-
ماشتۇرۇش ۋە راۋاجلاندۇرۇشنىڭ مۇھىم شەرتى. ھازىر بېيى-
جىڭدا مەركىزىي مىللەتلەر تەرجىمە مەركىزى بار. مىللىي
ئاپتونومىيىلىك جايلاردىمۇ تەرجىمە ئورگانلىرى قۇرۇلغان.

— ئەدەبىيات-سەنئەت تەشكىلاتلىرىنى قۇرۇش. مەركەزدە
ۋە ئاپتونوم رايونلاردا، ئاپتونوم ئوبلاستلاردا ۋە ئاپتونوم ناھىيە-
لەردە سەنئەت تەشكىلاتلىرى ئومۇميۈزلۈك قۇرۇلدى. شۇنداق
سەنئەت تەشكىلاتلىرى 600دىن ئاشىدۇ. كەسپىي ئارتىسلار ۋە
خىزمەتچىلەر 20 مىڭدىن ئاشىدۇ. ئىجادىيەت ۋە ئويۇن كۆرسى-
تىش پائالىيەتلىرى ئارقىلىق مىللىي مەدەنىيەت-سەنئەت، بو-

لۇپمۇ تىياتىر، ئوپېرا قاتارلىق ئويۇن كۆرسىتىش سەنئىتى داۋاملاشتۇرۇلدى ۋە راۋاجلاندۇرۇلدى.

**3. ئەنئەنىۋى مەدەنىيەت-سەنئەت ئەسەرلىرىنى يىغىش ۋە رەتلەشكە ئەھمىيەت بېرىش.** جۇڭگودىكى ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ مەدەنىيىتى مول، ئۇنىڭ ئىپادە شەكلىمۇ خىلمۇخىل. ئۇنىڭ بەزىلىرى يازما، بەزىلىرى ئاغزاكى، بەزىلىرى كىتابلارغا پۈتۈلگەن بولسا، بەزىلىرى چۆل-باياۋان، تىك يارلاردا ساقلانغان، بەزىلىرى مۇزېيدا ساقلانغان بولسا، بەزىلىرى خەلق ئارىسىدا تارقىلىپ كەلگەن. ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشى، جەمئىيەتنىڭ تەرەققىي قىلىشى بىلەن، بەزى ئەنئەنىۋى مەدەنىيەت يوقىلىپ كېتىش خەۋپىگە دۇچ كەلگەن. دۆلەت بۇنىڭغا يارىشا دەل جايىدا تەدبىر قوللىنىپ، مىللىي ئاسارئەتىقىلەرنى كەڭ دائىرىدە تەكشۈرۈپ، قىممەتلىك ئاسارئەتىقىلەرنىڭ يوقىلىپ كېتىشىدىن ساقلاندى؛ مۇتەخەسسىسلەرنى بەزى مەدەنىيەتنى بولۇپمۇ ئاغزاكى مەدەنىيەتنى يىغىش-رەتلەشكە، ۋەيران بولۇشقا ئاز قالغان ئاسارئەتىقىلەرنى تۈزەشتۈرۈشكە ئۇيۇشتۇردى؛ چەت ئەللەردە تارقىلىپ يۈرگەن مىللىي ئاسارئەتىقىلەرنى، قەدىمكى كىتاب--ھۆججەتلەرنى كۆپ يوللار بىلەن سېتىۋالدى، ئالماشتۇردى ياكى كۆچۈرمە نۇسخىسىنى ئىشلىدى. بۇ خىزمەتتە ئىجابىي نەتىجىلەر قولغا كەلدى. مەسىلەن، زاڭزۇلارنىڭ مەدەنىيىتىگە ۋەكىللىك قىلىدىغان بۇدالا سارىيى رېمونت قىلىنىۋاتىدۇ، دۆلەت ئۇنىڭغا 56 مىليون يۈەندىن كۆپرەك مەخسۇس پۇل ئاجرىتىپ بەردى.

**4. مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇشنى ئىلگىرى سۈرۈش.** بىر مىللەتنىڭ ئۆزى بېكىنمە ھالەتتە يالغۇز راۋاج تاپالمىغىنىغا ئوخ-

شاش، شۇ مىللەتنىڭ مەدەنىيىتىمۇ بىكىنمە ھالەتتە يالغۇز راۋاج تاپالمايدۇ. ئۇنى باشقا مىللەتلەرنىڭ مەدەنىيىتى بىلەن ئۆزئارا ئالماشتۇرۇپ، ئۆزئارا بىر-بىرىنى ئەينەك قىلىپ، بىر-بىرىنى ئىلگىرى سۈرۈشكە توغرا كېلىدۇ، دۆلەت ۋە ئالاقىدار رايونلار مۇنداق ئالماشتۇرۇشقا ئىنتايىن ئەھمىيەت بېرىپ كەلدى. بېيجىڭدىكى مىللەتلەر مەدەنىيەت سارىيىدا ھەر يىلى ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ مەدەنىيىتىگە دائىر كۆرگەزمە ئون قېتىمدىن كۆپرەك ئۆتكۈزۈلىدۇ. بۇ ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ كىيىم-كېچەكلىرى، ئەدەبىيات-سەنئەت ئەسەرلىرى، ئۆرپ-ئادەتلىرى، يېزىقلىرى، تارىخ قاتارلىق مەزمۇنلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. بۇنىڭ ئۆزى ھەم كۆرگەزمە، ھەم ئالماشتۇرۇش. دۆلەت مىللىي ئىشلار كومىتېتى ۋە مەدەنىيەت مىنىستىرلىكى ھەر يىلى ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ سەنئەت ئۆمەكلىرىنى بېيجىڭغا كېلىپ ئويۇن قويۇشقا ئۇيۇشتۇرۇپ تۇرىدۇ. بېيجىڭدا ئۆتكۈزۈلگەن 11-نۆۋەتلىك ئاسىيا تەنھەرىكەت يىغىنى مەزگىلىدە دۆلەت ئۇيۇشتۇرغان سەنئەت تەشكىلاتلىرىنىڭ سەككىزى ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىدىن كەلگەن. ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ مەدەنىيىتىنى ئالماشتۇرۇش ۋە راۋاجلاندۇرۇش ئۈچۈن يەنە ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ مۇزىكىسى، ئۇسسۇلى، ئەنئەنىۋى تەنتەربىيىسى قاتارلىق جەھەتلەردە مۇسابىقە ئۇيۇشتۇرۇلۇپ كەلدى.

دۆلەت ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ چەت ئەللەر بىلەن مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇشىغىمۇ ئەھمىيەت بېرىپ كەلدى. جۇڭگودىكى ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ مەدەنىيىتىگە دائىر كۆرگەزمە چەت ئەللەردە كۆپ قېتىم ئېچىلدى. مۇشۇ بىرنەچچە يىل مابەينىدە،

شىزاڭ، شىنجاڭ، ئىچكى موڭغۇل، گۇاڭشى قاتارلىق ئاپتونو-
مىيىلىك جايلارنىڭ سەنئەتكارلىرى ياۋروپا، شىمالىي ئامېرىكا،
ئوكيانىيە ۋە ئاسىيادىكى بەزى مەملىكەتلەرگە بېرىپ، مۇزىكا،
ئۇسسۇل ۋە تىياتىر قاتارلىق نومۇرلارنى كۆرسىتىپ، دۇنيا
خەلقىگە جۇڭگودىكى ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ مەدەنىيىتىنى ۋە
سەنئىتىنى بىۋاسىتە تونۇشتۇردى.

## 5. ئىختىساسلىق كىشىلەرنى زور كۈچ بىلەن تەربىيىلەش.

ئادەم مەدەنىيەت پائالىيەتلىرىنىڭ ئىگىسى. ئىختىساسلىق كى-
شىلەرنىڭ سانى ۋە ساپاسى مەدەنىيەت تەرەققىياتىغا زور ۋە
بىۋاسىتە تەسىر كۆرسىتىدۇ. ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ئەنئەن-
ۋى مەدەنىيىتىگە ۋارىسلىق قىلىش ۋە ئۇنى راۋاجلاندۇرۇش
ئۈچۈن دۆلەت ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ مەدەنىيەت خادىملىرىنى
پائال يېتىشتۈردى. مەخسۇس مەكتەپلەر ئېچىلدى، مەملىكەت
بويىچە بەش ئاپتونوم رايوننىڭ ھەممىسىدە ئوتتۇرا دەرىجىلىك
سەنئەت مەكتەپلىرى قۇرۇلدى، بەزى ئاپتونوم رايوندا ئالىي
دەرىجىلىك سەنئەت مەكتىپى قۇرۇلدى. بۇ مەكتەپلەر ئاساسەن
ئاز سانلىق مىللەت ئوقۇغۇچىلىرىنى قوبۇل قىلىپ، سەنئەت
ئىجادىيەتچىلىرى، نەزەرىيىچىلىرى، تەتقىقاتچىلىرى، رېژىس-
سورلىرى، نومۇر ئورۇنلىغۇچىلىرى قاتارلىق ئىختىساس ئىگى-
لىرىنى يېتىشتۈرىدۇ، دەرس ۋە كەسىپلەرنى ئورۇنلاشتۇرۇش-
تا، مىللىي مەدەنىيەتنىڭ روشەن ئالاھىدىلىككە ۋە بەدىئىي
ئۇسلۇبقا ئىگە سەنئەت تۈرلىرىنى ساقلاش ۋە تەرەققىي قىلدۇ-
رۇشقا ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىدۇ. ئاندىن قالسا، مىللىي ئاپتو-
نومىيىلىك جايلاردىكىدىن باشقا سەنئەت مەكتەپلىرىمۇ ئاز سان-

لىق مىللەت ئىختىساسلىق خادىملىرىنى تەربىيىلەيدۇ. بەزى ئالىي مەكتەپلەردە مەخسۇس ئاز سانلىق مىللەت سىنىپى تەسىس قىلىنغان، بېيجىڭ، شاڭخەي قاتارلىق شەھەرلەردىكى مەخسۇس ئالىي مەكتەپلەردە تەربىيىلەنگەن نۇرغۇن ئىختىساس ئىگىلىرى بار، مەسىلەن، زاڭزۇ ناخشىچى سەيدەن زوما شاڭخەي مۇزىكا ئىنستىتۇتىنى پۈتتۈرگەن.

ئىختىساسلىق خادىملارنى تەربىيىلەشكىمۇ، ئىختىساسلىق خادىملارنى ئىشقا قويۇشقىمۇ ئەھمىيەت بېرىلدى. دۆلەت ھەر مىللەت ئەدەبىيات-سەنئەتچىلىرىگە ئۆز تالانتىنى ئىشقا سېلىش ئىمكانىيىتىنى يارىتىپ بېرىش ئۈچۈن تىرىشىپ كەلدى. نۇرغۇن ئاز سانلىق مىللەت سەنئەتكارلىرى مەملىكەت ئىچىدە ۋە خەلقئارادا ئۆيۈشتۇرۇلغان چوڭ-چوڭ مۇسابىقىلەردە مۇكاپاتقا ئېرىشتى. ئۆزلۈكىدىن ئۆگىنىپ ئىختىساسلاشقانلار، خەلق ئارىسىدىكى سەنئەتچىلەر ۋە ھەقىقىي بىلىملىك دىنىي خادىملارمۇ ئىقتىدارىغا قاراپ ئىشقا قويۇلۇپ، ئۇلارنىڭ ئەنئەنىۋى مەدەنىيەتكە ۋارىسلىق قىلىش ۋە ئۇنى قوغداشتىكى رولى جارى قىلدۇرۇلدى.

ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ئەنئەنىۋى مەدەنىيىتىنى قوغداشقا، ئۇنىڭغا ۋارىسلىق قىلىشقا توغرا كېلىدۇ، شۇنىڭدەك ئۇنى ئۈزلۈكسىز تەرەققىي قىلدۇرۇشقىمۇ توغرا كېلىدۇ، ئەلۋەتتە. شۇندىلا، ئۇ جۇشقۇن ھاياتىي كۈچكە ئىگە بولالايدۇ. مۇنداق تەرەققىيات مىللىي ئالاھىدىلىكنى ساقلاپ قېلىش ئاساسىدا، دەۋرنىڭ تەرەققىياتىغا ئاساسەن شەكىل ۋە مەزمۇن جەھەتتە ئۈزلۈكسىز كېڭەيتىش ۋە يېڭىلىق يارىتىش ھەمدە باشقا مىللەت-

لەر مەدەنىيىتىنىڭ ئېسىل مۇۋەپپەقىيەتلىرىنى قوبۇل قىلىپ، ئۆز مىللىتىنىڭ مەدەنىيىتىنى تېخىمۇ بېيىتىش، تېخىمۇ ئوبدان تەرەققىي قىلدۇرۇش دېمەكتۇر.

ئوساكا دۆلەتلىك مىللەتلەر مۇزېيىنىڭ مېنى قىزغىن كۈتۈۋالغانلىقىغا رەھمەت. بۇ يەردە ئولتۇرغان ئالىملار ۋە دوستلارنىڭ پۇرسەت بولسىلا جۇڭگودا زىيارەتتە بولۇشىنى قارشى ئالىمىز. ئاخىرىدا جۇڭگو-ياپونىيە مىللىي ئالىملىرى ئوتتۇرىسىدىكى ئالاقىنىڭ ئۈزلۈكسىز كېڭىيىشىنى، جۇڭگو-ياپونىيە خەلقى ئوتتۇرىسىدىكى دوستلۇقنىڭ كۈنساناپ كۈچىيىشىنى تىلەيمەن.

# مەركەز مىللىي خىزمەت يىغىنىنىڭ روھىنى ئەستايىدىل ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئېلىمىزنىڭ مىللىي خىزمىتىدە يېڭى ۋەزىيەت يارىتايلى*

(1992-يىل 1-ئاينىڭ 19-كۈنى)

بۇ قېتىمقى مەركەز مىللىي خىزمەت يىغىنى پارتىيە مەركىزي كومىتېتى بىلەن گوۋۇيۈەننىڭ يۈكسەك دەرىجىدە ئەھمىيەت بېرىشى ۋە يىغىنغا قاتناشقان يولداشلارنىڭ ئورتاق تىرىشچانلىق كۆرسىتىشى ئارقىسىدا، ئالدىن بەلگىلەنگەن ۋەزىپىسىنى ئورۇنداپ، تولۇق مۇۋەپپەقىيەت قازاندى. ئۇ شانلىق سەھىپە سۈپىتىدە ئېلىمىزنىڭ مىللىي خىزمەت تارىخىدىن ئورۇن ئالغۇسى.

**1**

بۇ قېتىمقى يىغىن مۇھىم پەيتتە چاقىرىلغان، پۈتۈن دۇنيانىڭ دىققىتىنى تارتىدىغان ئىنتايىن مۇھىم يىغىن بولدى، مەزمۇنى مول، كەيپىياتى قىزغىن يىغىن بولدى، كىشىنىڭ

---

* بۇ— يولداش ئىسمايىل ئەھمەدنىڭ ئۈلكىلىك، ئاپتونوم رايونلۇق، بىۋاسىتە قاراشلىق شەھەرلىك مىللىي ئىشلار كومىتېتىنىڭ مۇدىرلىرى يىغىنىدا قىلغان سۆزى.

رايىنى مۇجەسسەملەشتۈرىدىغان، كۆڭلىنى خۇشال قىلىدىغان
يىغىن بولدى. يىغىندا باش شۇجى جياڭ زېمىن بىلەن زۇڭلى
لى پېڭ مۇھىم سۆز قىلدى. پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى ۋە
گوۋۇيۈەندىن خېلى جىق رەھبىرىي يولداشلار يىغىنغا قاتناشتى.
بۇ ھال پارتىيە ۋە دۆلەتنىڭ مىللىي خىزمەتكە ئەھمىيەت بېرى-
ۋاتقانلىقىنى ۋە ھەر مىللەت خەلقىگە كۆڭۈل بۆلۈۋاتقانلىقىنى
تولۇق چۈشەندۈردى. يىغىندا جۇمھۇرىيىتىمىز قۇرۇلغاندىن بۇ-
يان، بولۇپمۇ پارتىيىنىڭ 11-نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى
3-ئومۇمىي يىغىنىدىن بۇيان، پارتىيىمىزنىڭ مىللىي مەسىلى-
نى بىر تەرەپ قىلىش نەزەرىيىسى ۋە ئەمەلىيىتى ئىلمىي ئاساس-
تا يەكۈنلەندى. ئېلىمىزنىڭ مىللىي خىزمىتىدە قولغا كەلگەن
زور نەتىجىلەر ۋە مۇۋەپپەقىيەتلىك تەجرىبىلەر تولۇق مۇئەييەن-
لەشتۈرۈلدى؛ ئېلىمىزنىڭ نۆۋەتتىكى مىللىي خىزمىتىنىڭ ۋە-
زىيىتى ئوبيېكتىپ ھالدا تەھلىل قىلىندى، بۇندىن كېيىنكى
بىر مەزگىللىك مىللىي خىزمەتنىڭ يېتەكچى ئىدىيىسى ۋە ئاسا-
سىي ۋەزىپىسى ئوتتۇرىغا قويۇلدى، يېڭى شارائىتتا، مىللەتلەر
ئىتتىپاقلىقىنى يەنىمۇ كۈچەيتىش، دۆلەتنىڭ بىرلىكىنى قوغ-
داش فاڭجېن-سىياسەتلىرى مۇھاكىمە قىلىندى، خەلق ئىگىلى-
كى تەرەققىياتىنىڭ ئىككىنچى قەدەملىك ستراتېگىيىسىنى ئەمە-
لىيلەشتۈرۈش داۋامىدا، ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىنىڭ ئىق-
تىسادىي ۋە ئىجتىمائىي تەرەققىياتىنى قانداق قىلىپ تېزلىتىش-
كە دائىر سىياسەت-تەدبىرلەر بەلگىلەندى. بۇلار كادىرلارنىڭ
مىللىي مەسىلىنى ھەل قىلىشنىڭ جۇڭگوچە توغرا يولىدا ئې-
غىشماي مېڭىشىغا، مىللەتلەرنىڭ باراۋەرلىكى، ئىتتىپاقلىقىنى

ئىلگىرى سۈرۈش ۋە ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى قوغداشقا، ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىنىڭ ئىقتىسادىي-ئىجتىمائىي تەرەققىياتىغا ۋە مىللەتلەرنىڭ ئورتاق گۈللىنىشىگە، پۈتكۈل دۆلىتىمىزنىڭ ئىجتىمائىي تەرەققىياتى ۋە ئەبەدىي ئامانلىقىغا، جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇشقا زور ۋە چوڭقۇر تەسىر كۆرسەتكۈسى.

## 2

بۇ قېتىمقى يىغىننىڭ چاقىرىلغانلىقى ۋە زور مۇۋەپپەقىيەت قازانغانلىقىدىن يىغىن ۋەكىللىرى شادلانماقتا، ھەر مىللەت خەلقى شادلانماقتا. شادلىنىش بىلەن بىرگە يەنە بۇ قېتىمقى يىغىننىڭ روھىنى ئىزچىللاشتۇرۇش ۋە ئەمەلىيلەشتۈرۈشكە ئومۇمىيۈزلۈك كۆڭۈل بۆلمەكتە. مەركەزمۇ بۇ قېتىمقى يىغىن روھىنىڭ ئەمەلىيلەشتۈرۈلۈشىگە ناھايىتى كۆڭۈل بۆلۈۋاتىدۇ، لى پېڭ زۇڭلى ئۆز سۆزىدە يىغىننىڭ روھىنى ئوبدان ئىزچىللاشتۇرۇش ئۈستىدە ئالاھىدە توختالدى. بۇ ھەقىقەتەنمۇ ئىنتايىن مۇھىم مەسىلە. ئوبدان ئىدىيە ۋە نەزەرىيە، چارە-تەدبىر ئىجتىمائىي ئەمەلىيەتكە بىرلەشتۈرۈلۈپ، ئەمەلىي خىزمەتتە ئىزچىللاشتۇرۇلغان ۋە تەتبىق قىلىنغان چاغدىلا، ئۇنىڭ پۈتۈن قىممىتى ۋە ئەھمىيىتى ئاندىن ھەقىقىي نامايان بولىدۇ. بۇ قېتىمقى يىغىننىڭ روھىنى ئوبدان ئىزچىللاشتۇرۇش ۋە ئەمەلىيلەشتۈرۈشتە ھەر دەرىجىلىك مىللىي ئىشلار كومىتېتلىرىنىڭ باش تارتىپ بولمايدىغان مەسئۇلىيىتى بار. ئۇ بىزنىڭ بۇندىن كېيىنكى بىر مەزگىللىك خىزمىتىمىزنىڭ مەركىزىي

ھالقىسى بولۇشى لازىم. بايا ھەرقايسىڭلار تۈرلۈك نۇقتىدىن بىرمۇنچە ئوبدان پىكىرلەرنى بەردىڭلار. ئەمدى مەن كۆپچىلىك-نىڭ پىكرىگە بىرلەشتۈرۈپ يىغىننىڭ روھىنى ئىزچىللاشتۇ-رۇش ۋە ئەمەلىيلەشتۈرۈش مەسىلىسى ھەققىدە دەسلەپكى ئۆي-پىكىرلىرىمنى ئوتتۇرىغا قويماقچىمەن.

## 1. ئەستايىدىل ئۆگىنىش، چوڭقۇر ئۆزلەشتۈرۈش

ھەقىقىي چۈشەنگەن نەرسىنىلا ئوبدان ئىجرا قىلغىلى بولى-دۇ. يولداش جياڭ زېمىن، لى پېڭلارنىڭ سۆزى مىللەت نەزە-رىيىسى، مىللىي سىياسەت ۋە مىللىي خىزمەت ماركسىزم نۇق-تىئىنەزىرى بىلەن شەرھلەنگەن مۇھىم ھۆججەت. بىز ئۇنى ئەينەن ئۆگىنىشىمىز، ئىخلاس بىلەن ئۆزلەشتۈرۈشىمىز كې-رەك. يىغىن ھۆججەتلىرىنى ئۆگىنىشنى پارتىيىمىزنىڭ 11-نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېت 3-ئومۇمىي يىغىنىدىن بۇيانقى مىللىي خىزمەت توغرىسىدىكى فاڭجېن-سىياسەتلىرىنى ئۆگى-نىش بىلەن بىرلەشتۈرسەكمۇ بولىدۇ. مۇھىم نەزەرىيە، نۇقتى-ئىنەزەر ۋە سىياسەتلەرنىڭ تېگىگە يېتىپ، ئۇنىڭ ماھىيىتىنى ئىگىلىشىمىز، ئۇنىڭ بىلەن ئۆز مېڭىمىزنى قوراللاندۇرۇشى-مىز كېرەك. ئۆگىنىش ئارقىلىق بۇ ھۆججەتلەرنىڭ ئىدىيىۋى ئاساسىنى ۋە نەزەرىيە مەنبەسىنى، دەۋر شارائىتى ۋە ئەمەلىي ئەھمىيىتىنى ھەقىقىي تۈردە چۈشىنىۋېلىشىمىز، ئۆگىنىش ئارقىلىق مىللىي مەسىلىنى بىرتەرەپ قىلىش، مىللىي خىزمەت-نى ئوبدان ئىشلەشتىكى ئىدىيىۋى سەۋىيىمىزنى، نەزەرىيىۋى سەۋىيىمىزنى، سىياسەت سەۋىيىمىزنى ۋە رەھبەرلىك سەۋىيە-مىزنى ئۆستۈرۈشىمىز كېرەك.

ئۆگىنىش ئارقىلىق خىزمەت يۆنىلىشىنى تېخىمۇ توغرىلىۋېلىشىمىز، مۇھىمى مىللىي خىزمەتنىڭ ئاساسىي تەجرىبىلىرىنى چوڭقۇر چۈشىنىۋېلىشىمىز، 90-يىللاردىكى مىللىي خىزمەتنىڭ ئاساسىي ۋەزىپىسىنى ئېگىلىشىمىز، شۇنىڭ بىلەن خىزمەتنى ئۈزلۈكسىز ئالغا سۈرۈشىمىز كېرەك.

## 2. تەشۋىقاتنى ئوبدان ئېلىپ بېرىش، تەتقىقاتنى كۈچەيتىش

پۈتۈن پارتىيىنى، پۈتۈن مەملىكەتتىكى ھەر مىللەت خەلقىنى بۇ قېتىمقى يىغىننىڭ روھىدىن ئىمكانىيەتنىڭ بارىچە خەۋەردار قىلىش— يىغىن روھىنى ئوبدان ئىزچىللاشتۇرۇشنىڭ مۇھىم شەرتى، شۇڭا يىغىن روھىنى تەشۋىق قىلىش ئىشىنى ئىخلاس بىلەن ئويۇشتۇرۇش كېرەك. تەشۋىقاتنى مەلۇم كۆلەمدە، مەلۇم چوڭقۇرلۇقتا ئېلىپ بېرىپ، مەلۇم ۋاقىتقىچە داۋاملاشتۇرۇپ، مۇئەييەن ئەمەلىي ئۈنۈم ھاسىل قىلىش كېرەك. تەشۋىقاتنى خىلمۇخىل شەكىل بىلەن جانلىق ئېلىپ بېرىش كېرەك، تۈرلۈك تەشۋىقات بازىلىرى ۋە تەشۋىقات ۋاسىتىلىرىدىن تولۇق پايدىلىنىش كېرەك. ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىدا تەشۋىقاتنى ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ تىل-يېزىقى بىلەن ئېلىپ بېرىشقا ئەھمىيەت بېرىش كېرەك. ئالاقىدار تارماقلار بىلەن بىرلىكتە ھەقىقىي ئۈنۈم بېرىدىغان تەشۋىقات پىلانىنى تۈزۈپ، تەشۋىقاتنىڭ مەزمۇنى، شەكلى، ۋاقتى قاتارلىق جەھەتلەردە كونكرېت ئورۇنلاشتۇرۇش ئېلىپ بارساق بولىدۇ.

يىغىن روھى ھەققىدىكى تەشۋىقاتنى ئېلىمىزدىكى مىللەتلەرنىڭ ئاساسىي ئەھۋالى، مىللىي خىزمىتىمىزنىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىرى، ئېلىمىزنىڭ مىللىي سىياسىتى، ماركسىزملىق مىل-

لەت قارىشى توغرىسىدىكى تەشۋىقات بىلەن بىرلەشتۈرۈپ ئېلىپ بېرىش كېرەك. تەشۋىقات ئارقىلىق پۈتۈن پارتىيە ۋە پۈتۈن مەملىكەت خەلقىنىڭ مىللىي مەسىلىنىڭ مۇھىملىقىغا بولغان تونۇشىنى ئۆستۈرۈش، پۈتۈن پارتىيىنىڭ مىللىي سىياسەتنى ئوبدان ئىجرا قىلىش، مىللىي خىزمەتنى ئوبدان ئىشلەش ئاڭ-لىقلىقىنى ئاشۇرۇش كېرەك. تەشۋىقات ئارقىلىق پۈتۈن پارتى-يىنى ۋە ھەر مىللەت خەلقىنى 90-يىللاردىكى مىللىي خىزمەت-نىڭ ۋەزىپىلىرىدىن ھەقىقىي خەۋەردار قىلىش، ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئاكتىپلىقىنى تېخىمۇ قوزغاش، ئۇلارنى بۇ ۋەزىپى-لەرنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن تېخىمۇ ئاڭلىق ھالدا تىرىشىپ كۈرەش قىلىدىغان قىلىش كېرەك؛ تەشۋىقات ئارقىلىق ھەر مىللەت خەلقىنى ئىشەنچ ۋە كۈچىنى ئاشۇرۇپ، گۈزەل ئىستىق-بالغا كۆز يەتكۈزۈپ، مىللەتلەرنىڭ ئىتتىپاقلىق-تەرەققىيات ئىشىغا يېڭىچە روھىي قىياپەت بىلەن ئاتلىنىدىغان قىلىش كېرەك.

پارتىيە ۋە دۆلەتنىڭ رەھبەرلىرى ئۆز سۆزىدە بىرمۇنچە مۇھىم نەزەرىيىۋى مەسىلىلەرنى تىلغا ئالدى، شۇڭا يىغىن رو-ھىنى ئادەتتىكىچە تەشۋىق قىلىشتىن باشقا، نەزەرىيە جەھەتتىن بىرقەدەر سىستېمىلىق، بىرقەدەر چوڭقۇر تەتقىقات ئېلىپ بېرى-شىمىز، ئاشۇ ئىدىيە-نۇقتىئىنەزەرلەرنىڭ نەزەرىيە ئاساسى، رېئال ئاساسى، دەۋر ئالاھىدىلىكى ۋە نەزەرىيىۋى ئەھمىيىتىنى تەھلىل قىلىپ ۋە تەتقىق قىلىپ ئاشۇ نەزەرىيىلەرنى تېخىمۇ ئوبدان چۈشىنىشىمىز ۋە ئەمەلىيەتكە تەتبىق قىلىشىمىز، شۇ يول بىلەن ئەمەلىي خىزمىتىمىزنىمۇ، مىللەت نەزەرىيىسى قۇ-

رۇلۇشىنىمۇ ئىلگىرى سۈرۈشىمىز كېرەك.

نەزەرىيە تەتقىقاتىنى باش شۇجى ۋە زۇڭلىنىڭ سۆزلىرى-نىڭ روھى بويىچە ئېلىپ بېرىش، تەتقىقات ئارقىلىق ئاشۇ نەزەرىيە ۋە نۇقتىئىنەزەرلەرنى چوڭقۇر چۈشىنىپ، نەزەرىيە ۋە نۇقتىئىنەزەر جەھەتتە ئورۇنسىز تالاش-تارتىشنىڭ يۈز بېرىشى-دىن ئىمكانقەدەر ساقلىنىش كېرەك.

## 3. ئەستايىدىل ئىزچىللاشتۇرۇش، كۆپرەك ئەمەلىي ئىش قىلىش

خۇددى يەرگە ئۇرۇق سېلىش ھوسۇل ئېلىشنى مەقسەت قىلغانغا ئوخشاش، ئۆگىنىشمۇ، تەشۋىقاتمۇ ئىزچىللاشتۇرۇش ۋە ئىجرا قىلىشنى مەقسەت قىلىدۇ. بەزى يولداشلار بۇ قېتىمقى يىغىننىڭ روھى بىردەملىك ئۆگىنىش، بىردەملىك تەشۋىق قى-لىش، بىردەملىك قىزىپ كېتىش بىلەنلا توختاپ قالارمىكىن دەپ ئەندىشە قىلىۋاتىدۇ. مۇنداق ئەھۋالدىن چوقۇم ساقلىنىش كېرەك. خىزمەتنى پۇختا ئىشلەپ، يىغىن روھىنى دەل جايىدا ئەمەلىيلەشتۈرۈش، بۇ قېتىمقى يىغىندا بەلگىلەنگەن چوڭ-چوڭ فاڭجېن-سىياسەت ۋە تەدبىرلەرنى ئېلىمىزنىڭ مىللىي خىزمەت ئەمەلىيىتىدە ئىزچىللاشتۇرۇپ ۋە ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىنىڭ زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشى ئىشلىرىدا چېچەك-لىتىش، مېۋە بەرگۈزۈپ، مىللەتلەرنىڭ ئىتتىپاقلىق-تە-رەققىيات ئىشلىرىنى ئىلگىرى سۈرۈش، بۇ قېتىمقى يىغىننىڭ مىللىي ئىتتىپاقلىق-تەرەققىيات ئىشىغا يېڭى ھاياتىي كۈچ ۋە تۈرتكىلىك كۈچ بېغىشلىغانلىقىنى، ئاز سانلىق مىللەت رايونلى-رىغا يېڭىلىق ئېلىپ كەلگەنلىكىنى ھەر مىللەت خەلقىگە ھەقى-

قبي هبس قىلدۇرۇش كېرەك.

يىغىن روھىنى ئىزچىللاشتۇرۇشتا ئەمەلىيەتنى ئاساس قد-لىش كېرەك. جايلارنىڭ ئەھۋالى ئوخشاش بولمىغانلىقى ئۈ-چۈن، يىغىن روھىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈشتىكى كونكرېت ۋەزىپە ۋە كونكرېت چارىلەرمۇ ئوخشاش بولمايدۇ. ھەرقايسى جايلار، تارماقلار ئۆز ئەمەلىيىتىگە بىرلەشتۈرۈپ، ئۆز رايونى ۋە ئۆز تارمىقىنىڭ ئەھۋالىغا باب كېلىدىغان ئەمەلىي قەدەم-باسقۇچلار-نى قوللانسا بولىدۇ. يىغىننىڭ ھەممە مەزمۇنى مۇھىم، ھەممد-نى ئەمەلىيلەشتۈرۈش كېرەك. بولۇپمۇ ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىنىڭ مۇقىملىقى ۋە تەرەققىياتىغا، مىللەتلەرنىڭ ئىتتى-پاقلىقى ۋە تەرەققىياتىغا زىچ مۇناسىۋەتلىك بولغان سىياسەت-تەدبىرلەرنى ئوبدان ئەمەلىيلەشتۈرۈش كېرەك. ھازىرنىڭ ئۆزد-دە ئىشلەشكە بولىدىغان ئىشلارنى تېز ئىشلەش كېرەك؛ تىرد-شىش ئارقىلىق ئىشلەشكە بولىدىغان ئىشلارنى خىزمەتنى كۈ-چەيتىش يولى بىلەن تىرىشىپ ئورۇنداش كېرەك. ۋاقتىنچە ئىشلەشكە بولمايدىغان ئىشلارنى پىلان تۈزۈپ، شەرت ھازىر-لاپ، پەيدىنپەي ئورۇنداش كېرەك.

بۇ قېتىمقى يىغىننىڭ روھىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈشنى گوۋۇ-يۈەننىڭ «مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە قانۇنىنى يەنىمۇ ئىلگىرىلەپ ئىزچىللاشتۇرۇش ۋە ئىجرا قىلىشقا دائىر بىرقانچە مەسىلە توغرىسىدىكى ئۇقتۇرۇشى» نى ئىزچىللاشتۇرۇش بىلەن بىرلەشتۈرۈپ، كۆپرەك ئەمەلىي ئىش قىلىشنى كۆزدە تۇتۇش كېرەك. 1989-يىلى ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىنىڭ نامرات-لارنى يۆلەش خىزمەت يىغىنى چاقىرىلغاندىن كېيىن، نۇرغۇن

جايلار مەركەزنىڭ ئۇسۇلى بويىچە، كىيىم پۇتۇن، قورساق توق بولۇش مەسىلىسىنى ھەل قىلىش فوندى تەسىس قىلىپ، ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىغا سېلىنىدىغان مەبلەغنى كۆپەيتىپ، خىزمەتنى كۈچەيتىپ بىرمۇنچە ئەمەلىي ئىش قىلدى. بىز بۇ قېتىمقى يىغىندىن كېيىن، جايلارنىڭ شۇنىڭغا ئوخشاش ئىشلارنى قىلىشىنى ھەمدە بۇرۇنقىدىن تېخىمۇ ئوبدان ئىشلىشىنى ئۈمىد قىلىمىز. مەسىلەن، ئۆز رايونى، ئۆز تارمىقىنىڭ مىللىي خىزمەتنى تېخىمۇ كۈچەيتىش توغرىسىدىكى پىكرى ياكى قارارىنى ئىشلەپ چىقىپ، مەركەزنىڭ روھىنى ئۆز رايونى، ئۆز تارمىقىنىڭ ئەھۋالى بىلەن زىچ بىرلەشتۈرۈلگەن تېخىمۇ ئېنىق ۋە كونكرېت نەرسىگە ئايلاندۇرسا بولىدۇ.

بۇ قېتىمقى يىغىننىڭ روھىنى ئىزچىللاشتۇرۇشتا ھەر مىللەت خەلقى ئۈچۈن جان-دىل بىلەن ئەمەلىي ئىش قىلىپ بېرىشنى ئاساس قىلىش كېرەك. ئاز سانلىق مىللەت خەلقى— مىللىي خىزمەتنىڭ بىۋاسىتە خىزمەت قىلىش ئوبيېكتى. شۇڭا ئۆزىمىزنىڭ ئاساسىي مەۋقەسىنى ئاز سانلىق مىللەت خەلقى ئۈچۈن خىزمەت قىلىش ئۈستىگە قويۇشىمىز كېرەك. 50-يىللاردا، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ تەرەققىي قىلىشىغا سەممىي ياردەم بېرىش كېرەك دەپ كۆرسەتكەنىدى. بىزنىڭچە سەممىي دېگەن سۆز مىللىي خىزمەت خادىملىرىنىڭ دەستۇرى بولۇپ قېلىشى كېرەك. بىز يولداش ماۋ زېدۇڭنىڭ: كىم ئۈچۈن خىزمەت قىلىش مەسىلىسى تۈپ مەسىلە دېگەن سۆزىنى نەقىل كەلتۈرىمىز. يولداش ماۋ زېدۇڭنىڭ سۆزى ئەدەبىيات-سەنئەت خىزمىتىگە قارىتىپ ئېيتىلغان،

ئۇ مىللىي خىزمەتكىمۇ توغرا كېلىدۇ. ئاز سانلىق مىللەتلەر بىلەن بىرنىيەت- بىر مەقسەتتە بولۇپ، ئۇلارنىڭ كۆڭلىنى چۈشىنىپ، غېمىنى يېگەندىلا ئاندىن چىن كۆڭۈل بىلەن ئۇلار ئۈچۈن سۆزلەپ، ئۇلار ئۈچۈن خىزمەت قىلىشقا بولىدۇ. ئۇلار-نىڭ ئارزۇسىنى ۋە تەلەپلىرىنى، نېمىلەرنى ئويلاپ، نېمىگە مۇھتاج بولۇۋاتقانلىقىنى ھەقىقىي چۈشىنىپ، خىزمەتنى ئوبدان ئىشلەشكە بولىدۇ. مىللىي خىزمەت تارماقلىرى پارتىيە تاپشۇر-غان مىللىي خىزمەت ۋەزىپىسىنى ئۈستىگە ئالغان، ئۇلار ئاز سانلىق مىللەت خەلقى ئۈچۈن جان-دىل بىلەن خىزمەت قىلغان، خىزمەتنى ئوبدان ئىشلىگەن چېغىدىلا ئاندىن ئۆز مەسئۇلىيىتى-نى ئادا قىلغان بولىدۇ. بۇ يەردە شۇنى ئېيتىش كېرەككى، پارتىيىنىڭ مەنپەئەتى بىلەن ھەر مىللەت خەلقىنىڭ مەنپەئەتى ئاجرالماس بىر پۈتۈنلۈكتىن ئىبارەت.

ئاز سانلىق مىللەتلەر ئۈچۈن سەمىمىي خىزمەت قىلىش مىللىي خىزمەت تارماقلىرىنىڭ خىزمەتنى يۈكسەك مەسئۇلىيەت-چانلىق ۋە تولۇپ تاشقان قىزغىنلىق بىلەن پۇختا ئىشلەپ، كۆپرەك ئەمەلىي ئىش قىلىشنى تەلەپ قىلىدۇ. ئەگەر زېھنىي كۈچىمىزنى ئەمەلىي ئىشقا سەرپ قىلماي، ھۆججەت-ئالاقە ماڭ-دۇرۇشقا، نەزەرىيىنى دەلىللەشكە ئارتۇقچە بېرىلىپ كېتىدىغان بولساق، ھەرقانچە ياخشى سىياسەت ۋە نەزەرىيىمۇ مېۋە بەرمەي-دىغان، ئەمەلىي ئەھمىيىتى يوق گۈل-چېچەككە ئوخشاپ قالىدۇ.

ئەمەلىي ئىش قىلىش دېگىنىمىز سىياسەت ۋە قانۇندا قىد-لىشقا تېگىشلىك دەپ بەلگىلەنگەن ئىشلارنى قىلىش، ئاز سانلىق

مىللەت خەلقى جىددىي ئارزۇ قىلىۋاتقان ئىشلارنى قىلىش، مىللەتلەرنىڭ ئىتتىپاقلىقى ۋە تەرەققىياتىغا پايدىلىق ئىشلارنى قىلىش دېمەكتۇر. مىللەتلەرنىڭ ئىتتىپاقلىقى ۋە تەرەققىياتى ئۈچۈن قانچىلىك ئەمەلىي ئىش قىلىش بۇ قېتىمقى يىغىننىڭ روھىنى ئىزچىللاشتۇرۇش ۋە ئەمەلىيلەشتۈرۈشنىڭ قانداق بولغانلىقىنى ئۆلچەيدىغان مۇھىم بەلگە.

ئەمەلىي ئىش قىلىش ئارقىلىق مىللىي خىزمەتنى يېڭى قىياپەتكە ۋە يېڭى تۈسكە ئىگە قىلىش، مىللەتلەرنىڭ ئىتتىپاقلىق ۋە تەرەققىيات ئىشلىرىدا يېڭى ۋەزىيەت ۋە يېڭى يۈكسىلىش ھاسىل قىلىش لازىم.

## 4. ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدەش، تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىشقا ئەھمىيەت بېرىش

ئېلىمىزنىڭ يەر مەيدانى 9 مىليون 600 مىڭ كۋادرات كىلومېتىر كېلىدۇ، ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىنىڭ يېرى كەڭ. ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ تەبىئىي شارائىتى، تارىخىي تەرەققىياتى، ئىقتىسادىي ۋە ئىجتىمائىي ئەھۋالى، تىل-يېزىقى، مەدەنىيىتى، ئۆرپ-ئادىتى، دىنىي ئېتىقادى بىر-بىرىدىن پەرقلىنىدۇ. مىللەتلەر توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان رايونلار بىلەن مىللەتلەر ئارىلاش ۋە تارقاق ئولتۇراقلاشقان رايونلارنىڭ ئەھۋالى پەرقلىنىدۇ، چېگرا رايوندا ئولتۇراقلاشقانلار بىلەن ئىچكى ئۆلكىلەردە ئولتۇراقلاشقانلارنىڭ ئەھۋالى پەرقلىنىدۇ، بەزىدە ئوخشاش بىر مىللەتنىڭ بىرمۇنچە ئەھۋالىمۇ پەرقلىنىدۇ، يەنە كېلىپ بۇ پەرقلەر ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشى بىلەن توختىماي ئۆزگىرىپ تۇرىدۇ. بۇ ھال مىللىي خىزمەتتە ھەقىقەتنى ئەمەلى-

يەتتىن ئىزدەيدىغان ئىدىيىۋى لۇشيەنگە ئەمەل قىلىپ، ھەممە ئىشتا ئەمەلىيەتنى ئاساس قىلىش، خىزمەتنى ئاددىي قېلىپتا ئېلىپ بېرىشتىن ساقلىنىش، ھەممىنى بىر تاياقتا ھەيدەپ، تەپتەكشى قەدەم تاشلىتىمەن دەيدىغان مېتافىزىكىلىقنى تۈگىتىش لازىملىقىنى بەلگىلىگەن. يىغىننىڭ روھىنى ئىزچىللاشتۇرۇشتا مۇشۇ نۇقتىنى تولۇق ئىگىلەش كېرەك. كونكرېت سىياسەت-تەدبىرلەرنى تۈزۈش ۋە يولغا قويۇش جەھەتتە خەنزۇ رايونلىرىدا قوللىنىلىدىغان ئۇسۇللارنى ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىغا ئاددىيلا كۆچۈرۈپ قوللىنىشقا بولمايدۇ، ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىنىڭ ئۆزلىرىمۇ بىر-بىرىنىڭكىنى ئەينەن كۆچۈرۈپ ئىشلىتىدىغان يولنى تۇتسا بولمايدۇ. ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ ۋە ھەرقايسى جايلارنىڭ ئورتاقلىقى بىلەن ئۆزگىچىلىكىنى تولۇق ئىگىلەپ، ھەر جاي، ھەر مىللەتنىڭ ئەھۋالىغا قاراپ ئىش كۆرۈش كېرەك. جايلارنىڭ سۇبيېكتىپ پائالىيەتچانلىقىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇپ، ئۆز ماھارىتىنى كۆرسىتىپ، يىغىن روھىنى ئوبدان ئىزچىللاشتۇرۇشنى ئۈمىد قىلىمىز.

ھەممە ئىشتا ئەمەلىيەتنى ئاساس قىلىش تەلىپىنى ئورۇنلاشتۇرۇش ئۈچۈن ئەمەلىيەتنى چىن مەنىدە بىلىش ۋە پائال ئىگىلەش شەرت. بۇنىڭ ئۈچۈن ئىستىلنى ياخشىلاپ، ئاياغنى يېنىكلىتىپ، ئاساسىي قاتلاملارغا چوڭقۇر چۆكۈپ، تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىشنى كۈچەيتىشكە توغرا كېلىدۇ. تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىشنى كۈچەيتىش—مىللىي خىزمەتتىكى ئاساسىي ماھارەت، پارتىيە ئالدىدا، ئاز سانلىق مىللەت خەلقى ئالدىدا جاۋابكار

بولۇشتىكى زۆرۈر تەلەپ، بۇ جەھەتتىكى خىزمەتنى تېخىمۇ كۈچەيتىپ، يىغىن روھىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈشكە تۈرتكە بولۇش كېرەك.

## 5. ئوبدان مەسلىھەتچى بولۇش، ھەر ساھەدىكىلەرنى ماسلاشتۇرۇش

بۇ قېتىمقى يىغىننىڭ مەزمۇنى مول، ئۇ سىياسەت، ئىقتىساد، مائارىپ، پەن، سەھىيە، ئىدىيە-نەزەرىيە قاتارلىق كۆپ ساھەگە چېتىلىدۇ، يىغىننىڭ روھىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈش نۇرغۇن تارماقلار بىلەن مۇناسىۋەتلىك، بۇ ئىشنى يالغۇز مىللىي خىزمەت تارماقلىرىغا تايىنىش بىلەن ئورۇنداشقا ۋە ئوبدان ئورۇنداشقا بولمايدۇ، بۇنىڭدا ھەر ساھەدىكىلەرنىڭ ئاكتىپلىقىنى تولۇق قوزغاشقا توغرا كېلىدۇ.

ئالدى بىلەن پارتىيە-ھۆكۈمەتنىڭ رەھبىرىي تارماقلىرى ئەھمىيەت بېرىشى كېرەك، ئەلۋەتتە. ئىشىنىمىزكى، ئالاقىدار رايون ۋە تارماقلاردىكى پارتىيە-ھۆكۈمەت رەھبەرلىرىنىڭ بۇندىن ئىلگىرى مىللىي خىزمەتكە ئەھمىيەت بەرگىنىگە ئوخشاش، بۇ قېتىمقى يىغىن روھىنى ئۆگىنىش، ئىزچىللاشتۇرۇش ۋە ئەمەلىيلەشتۈرۈش مەسىلىسىنى جەزمەن مەخسۇس تەتقىق قىلىپ ۋە ئورۇنلاشتۇرۇپ، ئۈنۈملۈك كونكرېت چارە-تەدبىر قوللىنىدىغانلىقىغا ئىشىنىمىز. شۇنداقتىمۇ، فۇنكسىيىلىك تارماق بولغان مىللىي ئىشلار كومىتېتلىرى ئوبدان مەسلىھەتچى بولۇشى، بولۇپمۇ مۇشۇنداق چوڭ-چوڭ مەسىلىلەردە ئۆز مەسئۇلىيىتىنى تېخىمۇ ئوبدان ئادا قىلىپ، ئۆز رولىنى جارى قىلدۇرۇپ، پائال چارە تېپىپ، ئەقىل كۆرسىتىپ، رەھبەر-

لىك تارماقلىرىنىڭ تەدبىر بەلگىلىشى ئۇچۇن ماتېرىيال ھازىر-
لاپ بېرىشى، تەكلىپ بېرىشى ھەمدە ھازىرلاپ بەرگەن ماتېرى-
يالنىڭ، بەرگەن تەكلىپىنىڭ قىممىتى ۋە سەۋىيىسى بىرقەدەر
يۇقىرى بولۇشى كېرەك. ئالدىراقسانلىق ۋە قىيىنچىلىقتىن
قورقۇش كەيپىياتىنى تۈگىتىشى كېرەك. ھەل قىلىشقا تېگىش-
لىك مەسىلىلەرنى، قوللىنىشقا تېگىشلىك تەدبىرلىرىنى قايىل
قىلىش كۈچىگە ئىگە قىلىپ، تەشەببۇسكارلىق ۋە دادىللىق
بىلەن ئوتتۇرىغا قويۇش كېرەك. شۇنداق قىلغاندا، پارتكوم ۋە
ھۆكۈمەتنىڭ قوللىشىدا گەپ يوق.

كۆپنىڭ كۈچى كۆپ دېگەن گەپ بار، كۆپچىلىك ئىتتىپاق-
لاشسا ۋە ھەمكارلاشسا كۈچ ئۇلغىيىدۇ. بىز ئالاقىدار ئورۇنلار-
نىڭ مىللىي خىزمەتكە بولغان كۆڭۈل بۆلۈپ ۋە مەدەت
بېرىپ، ئۆز فۇنكسىيىسىگە قاراپ، بۇ قېتىمقى يىغىننىڭ رو-
ھىنى ئىزچىللاشتۇرۇش ئۈچۈن تىرىشىپ كۆپرەك ئەمەلىي ئىش
قىلىشىنى ئۈمىد قىلىمىز. ھەرقايسى ئالاقىدار تارماقلار پائال
ھەمكارلىشىپ، ئۆزئارا ماسلىشىپ، كۆپچىلىكنىڭ ئەقىل-پارا-
ستىگە تايىنىپ، بۇ قېتىمقى يىغىننىڭ روھىنى ئوبدان ئىز-
چىللاشتۇرۇشى كېرەك. مىللىي خىزمەت تارماقلىرى تېخىمۇ
تەشەببۇسكار بولۇپ، ھەر ساھەدىكىلەرنى پائال ماسلاشتۇرۇشى
كېرەك. ئەمەلىيەتتە، مىللىي خىزمەت تارماقلىرى پىلان ۋە
تەلەپلەرنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، ئالاقىدار تارماقلار بىلەن مەسلى-
ھەتلىشىدىغانلا بولسا، ئومۇمەن ئۇلارنىڭ ئاكتىپ ئاۋاز قوشۇ-
شىغا ۋە ئوبدان ماسلىشىشىغا ئېرىشەلەيدۇ. شۇنداق دېيىشكە
بولىدۇكى، بىز يېقىنقى يىللاردىن بۇيان ئىشلىگەن خىزمەتلەر-

نىڭ تولىسىنى ئالاقىدار ئورۇنلار بىلەن بىرلىشىپ ئىشلىدۇق، بۇ ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىنىڭ مالىيە، مىللىي سودا، نامراتلارنى يۆلەش، پەن-تېخنىكا، مائارىپ قاتارلىق ئىشلىرىغا ئائىت ھۆججەتلەرنى تۈزۈش ۋە يىغىنلارنى ئۆتكۈزۈشنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. بۇنىڭدىن باشقا ئۆز سىستېمىسى بويىچە ياردەم بېرىش، چېگرا رايونلارغا ئەقلىي ياردەم بېرىش، مەدەنىيەت-تەشۋىقات، ئەنئەنىۋى تەنتەربىيە قاتارلىق جەھەتلەردىكى پائالىيەتلەردە ئالاقىدار تارماقلار ماسلىشىپ ئورتاق تىرىشچانلىق كۆرسىتىش ئارقىسىدا بىرقەدەر ياخشى ئۈنۈم ھاسىل قىلىندى. بىز بۇ قېتىمقى يىغىن روھىنىڭمۇ ھەرقايسى تارماقلار ئورتاق تىرىشىشى ئارقىسىدا ئوبدان ئەمەلىيلەشتۈرۈلىدىغانلىقىغا ئىشىنىمىز.

جايلارنىڭ بىز بىلەن ئالاقىسىنى تېخىمۇ كۈچەيتىپ، يىغىن روھىنى ئىزچىللاشتۇرۇش ئەھۋالى ۋە تەجرىبىلىرىنى بىزگە ئۆز ۋاقتىدا ئۇقتۇرۇپ قويۇشىنى ئۈمىد قىلىمىز.

## 3

تۆۋەندە دۆلەت مىللىي ئىشلار كومىتېتىنىڭ بۇ يىلقى خىزمەتلەر توغرىسىدىكى تەسەۋۋۇرلىرىنى يولداشلارغا ئۇقتۇرۇپ قوياي.

بۇ يىلقى خىزمەتلەرنىڭ مەركىزىي ۋەزىپىسى— بۇ قېتىمقى يىغىننىڭ روھىنى ۋە «گوۋۇيۈەننىڭ مىللىي تېررىتورىيەلىك ئاپتونومىيە قانۇنىنى يەنىمۇ ئىلگىرىلەپ ئىزچىللاشتۇرۇش

ۋە ئىجرا قىلىشقا دائىر بىرقانچە مەسىلە توغرىسىدىكى ئۇقتۇرۇ-
شى» نى ئىزچىللاشتۇرۇش، تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىشنى كۈچەي-
تىش، بۇ جەھەتتە پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى بىلەن گوۋۇ-
يۈەنگە ئوبدان مەسلىھەتچى ۋە ياردەمچى بولۇپ، ئەھۋالنى ۋاقتى-
دا ئەكس ئەتتۈرۈش، تەكلىپ بېرىشتىن ئىبارەت. كۈندىلىك
خىزمەتنى ئوبدان ئىشلەشتىن تاشقىرى، باش شۇجى ۋە زۇڭلى
قىلغان سۆزلەرنىڭ روھىغا ۋە گوۋۇيۈەن چىقارغان «ئۇقتۇ-
رۇش» نىڭ ئالاقىدار روھىغا ئاساسەن، گوۋۇيۈەننىڭ ئالاقىدار
تارماقلىرى بىلەن ھەمكارلىشىپ ۋە ماسلىشىپ، ئاز سانلىق
مىللەتلەر ۋە ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرى ئۈچۈن بىرنەچچە
ئەمەلىي ئىش قىلىپ بېرىشكە تىرىشىش.
كونكرېت خىزمەت جەھەتتە بۇ يىل تۆۋەندىكى بىرنەچچە
ئىشنى ئورۇنلاشتۇرماقچى.
1. كېيىنكى يېرىم يىلنىڭ مۇۋاپىق ۋاقتىدا مەملىكەتلىك
مىللىي خىزمەت تەجرىبىلىرىنى ئالماشتۇرۇش يىغىنىنى ئۆتكۈ-
زۈش. ئۇنىڭدا بۇ قېتىمقى يىغىننىڭ روھىنى ئىزچىللاشتۇ-
رۇش تەجرىبىلىرى ۋە نەتىجىلىرىنى يەكۈنلەش ۋە ئالماشتۇرۇش
مۇھىم نۇقتا قىلىنىدۇ.
2. دۆلەت مائارىپ كومىتېتى بىلەن بىرلىكتە مەملىكەت-
لىك مىللىي مائارىپ خىزمەت يىغىنى چاقىرىش ھەمدە يىغىن-
نىڭ روھىنى ئوبدان ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، مىللىي مائارىپ ئىش-
لىرىمىزنىڭ تەرەققىياتىنى تېخىمۇ ئىلگىرى سۈرۈش.
3. 2-ئايدا مەدەنىيەت مىنىستىرلىكى ۋە يۈنەن ئۆلكىسى
بىلەن بىرلىكتە ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ مەدەنىيەت-سەنئىتى

ئاساسىي مەزمۇن قىلىنغان 3-نۆۋەتلىك جۇڭگو سەنئەت بايرىمىنى ئوبدان ئۆتكۈزۈش، شۇنىڭ بىلەن بىللە ئىتتىپاقلىق ۋە تەرەققىياتنى ئىلگىرى سۈرۈش، چەت ئەلگە قارىتىلغان تەشۋىقات قاتارلىق جەھەتلەردە قولدىن كېلىدىغان ئىشلاردىن بىر-ئىككىنى قىلىش.

4. ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرىنى تەربىيىلەپ يېتىشتۈرۈش، ئالماشتۇرۇش قاتارلىق مەسىلىلەرنى ئىخلاس بىلەن مۇھاكىمە قىلىپ، بۇ ھەقتە مەركىزىي تەشكىلات بۆلۈمى بىلەن بىرلىشىپ سۆھبەت يىغىنى ئۆتكۈزۈپ، بىر ھۆججەت ھاسىل قىلىشقا تىرىشىش.

5. ئىقتىسادىي خىزمەت جەھەتتە بولتۇر مىللىي سودا، چېگرا سودىسى توغرىسىدا تارقىتىلغان ھۆججەتلەرنىڭ روھىنى، گوۋۇيۈەن ئۆز سىستېمىسى بويىچە ياردەم بېرىش توغرىسىدا يېقىندىلا تەستىقلاپ تارقاتقان ھۆججەتنىڭ روھىنى ئوبدان ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىنىڭ ئىسلاھات-ئېچىۋېتىش ئىشلىرى ۋە ئىقتىسادىي تەرەققىياتنى ئىلگىرى سۈرۈش.

6. تولۇق تەييارلىق كۆرۈش ئاساسىدا مىللەت نەزەرىيىسى ھەققىدە قاتلىمى بىرقەدەر يۇقىرى مۇھاكىمە يىغىنى ئۆتكۈزۈش، ئاساسەن باش شۇجى جياڭ زېمىن، لى پېڭ زۇڭلى بۇ قېتىمقى يىغىندا بايان قىلغان بەزى مۇھىم نەزەرىيە ۋە نۇقتىئىنەزەرلەر ئۈستىدە نەزەرىيىنى ئەمەلىيەتكە بىرلەشتۇرۇپ چوڭقۇر مۇھاكىمە ئېلىپ بېرىش.

بۇنىڭدىن باشقا ھەرقايسىڭلارغا ئۇقتۇرۇپ قويىدىغان يەنە

بىر ئەھۋال بار، دۆلەت مىللىي ئىشلار كومىتېتىنىڭ ئون نەپەر ئەزاسىنى گوۋ ۋېيۈەن تەستىقلىدى ھەمدە مىللىي ئىشلار كومىتې-تىنىڭ 1-سانلىق ئەزالار يىغىنى ئۆتكۈزۈلدى. بۈنىڭدىن كې-يىن مىللىي ئىشلار كومىتېتى ئەزالىرىنىڭ رولىنى ئىمكانقەدەر جارى قىلدۇرىمىز. ھەمدە ئەزالار تۇرۇۋاتقان ئورۇنلار بىلەن بولغان ئالاقىنى كۈچەيتىپ، مىللىي خىزمەتنى بىرلىكتە ئالغا سىلجىتىمىز. جايلارنىڭ بۇ جەھەتتە ئوبدان ئۇسۇل ۋە تەجرىبە-لىرى بولسا، بىزگە ئۇقتۇرۇپ قويۇشنى سورايمىز.

# مىللىي مەسىلىنى تەتقىق قىلىپ، مىللىي خىزمەتنى ئوبدان ئىشلەيلى*

(1992-يىل 1-ئاي)

پارتىيىمىز ۋە دۆلىتىمىزنىڭ رەھبەرلىرى مىللىي مەسىلە ۋە مىللىي خىزمەتكە ئەزەلدىنلا ئىنتايىن ئەھمىيەت بېرىپ، پارتىيىنىڭ لۇشيەن، فاڭجېن، سىياسەتلىرىگە ۋە ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىنىڭ ئەمەلىيىتىگە ئاساسەن ئۈزلۈكسىز توغرا سىياسەت بەلگىلەپ، كونكرېت تەدبىرلەرنى تۈزۈپ كەلدى. پارتىيىمىزنىڭ باش شۇجىسى يولداش جياڭ زېمىن ھەر مىللەت خەلقى بىلەن مىللەتلەرنىڭ ئىتتىپاقلىق-تەرەققىيات ئىشلىرىغا دائىر مۇھىم پىلان ئۈستىدە كېڭەشش ئۈچۈن ئېلىمىزنىڭ ھەممە ئاپتونوم رايونىغا باردى.

نۆۋەتتە ئېلىمىزدىكى ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىنىڭ ۋەزىيىتى ناھايىتى ياخشى، ئىقتىسادىي قۇرۇلۇش ۋە مەدەنىيەت قۇرۇلۇشى ئىشلىرى جۇش ئۇرۇپ راۋاجلاندى. ئاممىنىڭ تۇرمۇشى بۇرۇنقىدىن ياخشىلاندى ۋە ئۆستى؛ مىللىي ئىتتىپاق-

---

* بۇ ماقالە «رەھبەرلىك ئىلمى» نىڭ 1992-يىلى 1-سانىغا بېسىلغان.

لىق-تەرەققىيات پائالىيەتلىرى پۈتۈن مەملىكەتنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا ئومۇمىيۈزلۈك قانات يايدى. مىللەتلەرنىڭ بۈيۈك ئىت-تىپاقلىقى تېخىمۇ كۈچەيدى؛ ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىدا كىشىلەر خاتىرجەم، جەمئىيەت مۇقىم بولۇپ، گۈللىنىش مەن-زىرىسى بارلىققا كەلدى. ئەنتايىن ياخشى ۋەزىيەتنى تولۇق مۇئەييەنلەشتۈرۈش بىلەن بىرۋاقىتتا، خىزمىتىمىزدىكى يېتەر-سىزلىكنى ۋە ساقلانغان مەسىلەرنى سەزگۈرلۈك بىلەن كۆرۈ-شىمىز كېرەك. بىز تەدبىر قوللىنىپ، ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىنىڭ ئىلگىرىلەش جەريانىدىكى قىيىنچىلىقنى يېڭىپ، ئىقتىساد ۋە مەدەنىيەت ئىشلىرىنىڭ تەرەققىياتىنى تېزلىتىشكە ياردەم بېرىشىمىز كېرەك. بىز يەنە ئىچكى-تاشقى ئەكسىيەتچىل كۈچلەرنىڭ مىللىي مەسىلىدىن پايدىلىنىپ ئاغدۇرمىچىلىق-بۇزغۇنچىلىق قىلىش سۈيىقەستىدىن ھوشيار بولۇپ، مىللىي خىزمەتنى تېخىمۇ ئوبدان ئىشلەشكە تىرىشىشىمىز كېرەك.

**ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتى ۋە ئىجتىمائىي تەرەققىياتىنى پۈتۈن مەملىكەتنىڭكىگە ئۇيغۇنلاشتۇرۇش ۋە ماسلاشتۇرۇش تەلىپىنى ھەقىقىي ئىشقا ئاشۇرۇش.** بۇ، مىللىي مەسىلە جەھەتتە پارتىيىنىڭ ئاساسىي لۇشيەنىدە چىڭ تۇرۇش-نىڭ مۇقەررەر تەلىپى، شۇنداقلا سوتسىيالىزم ماھىيىتىنىڭ ئىپادىلىنىشى. ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشنى مەركەز قىلىش دېگەننى مىللىي خىزمەتتە شۇنداق كونكرېتلاشتۇرۇش لازىمكى، ئاز سان-لىق مىللەت رايونلىرىنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتىنى تېزلىتىش-نى ھەممىدىن مۇھىم ۋەزىپە قىلىش، پۈتۈن دىققەتنى يىغىپ، ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىنىڭ ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنى

راۋاجلاندۇرۇش ھەمدە مائارىپ، پەن-تېخنىكا، مەدەنىيەت، سەھىيە قاتارلىق ئىشلىرىنى زور كۈچ بىلەن راۋاجلاندۇرۇش، ئۇلارنى بىر-بىرىگە تۇرتكە قىلىش ئارقىلىق مىللەتلەرنىڭ بۈ-يۈك ئىتتىپاقلىقىنىڭ ئاساسىنى ئۈزلۈكسىز مۇستەھكەملەش ۋە كېڭەيتىش، مىللەتلەرنىڭ ئۆزئارا ھەمكارلىشىش مەزمۇنىنى تولۇقلاش لازىم. بۇ سوتسىيالىزم شارائىتىدا مىللىي مەسىلىنى ھەل قىلىشتا مۇقەررەر بېسىپ ئۆتىدىغان يول. چۈنكى، ھەممە مىللەت ئۆز لايىقىدا راۋاج تېپىپ ئالغا باسقاندىلا، ئورتاق گۈل-لىنىش نىشانىنى ئالدىن ئەمەلگە ئاشۇرغىلى، مىللەتلەر مۇناسى-ۋىتىنى تېخىمۇ ئىناقلاشتۇرغىلى بولىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىللە، ھەرقايسى مىللەتلەرنى، ھەرقايسى جايلارنى تەڭكەش تەرەققىي قىلدۇرۇش پۈتكۈل دۆلەت ئىقتىسادىنى ئىزچىل، مۇقىم يول بىلەن تەڭكەش راۋاجلاندۇرۇشنىڭ ئەمەلىي ئېھتىياجى. كەڭ ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرى ئوبدان تەرەققىي قىلدۇرۇلغاندىلا، پۈتۈن دۆلەتنىڭ قۇرۇلۇشى ئالدىن ئوڭۇشلۇق ئالغا سىلجىيدۇ. دۆلىتىمىزدە شەرقىي قىسىم بىلەن غەربىي قىسىم ئۆزىنىڭ ئارتۇقچىلىقىنى جارى قىلدۇرۇپ، بىر-بىرىگە تايىنىدىغان ۋە بىر-بىرىنى تولۇقلايدىغان ئىقتىسادىي قۇرۇلما شەكىللەندى، بۇمۇ بىر-بىرىدىن ئايرىلالماسلىق مۇناسىۋىتى جۈملىسىگە كى-رىدۇ. ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىنىڭ تەرەققىياتىنى تېزلە-تىش ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرى ئۈچۈنمۇ، شەرقىي قىسىم-دىكى رايونلار ئۈچۈنمۇ، پۈتكۈل دۆلەت ئۈچۈنمۇ پايدىلىق. شۇنداق بولغاچقا، دۆلىتىمىزنىڭ ئون يىللىق يىرىك پىلانى ۋە 8-بەش يىللىق پىلان پروگراممىسىدا: ئاز سانلىق مىللەت را-

يونلىرىنىڭ قالاق قىياپىتىنى پەيدىنپەي ئۆزگەرتىپ، ئۇنى پۈ-
تۈن مەملىكەتنىڭ تەرەققىياتىغا ماسلاشتۇرۇش كېرەك دەپ ئې-
نىق كۆرسىتىلدى. بۇ يەردە ئېيتىلىۋاتقان «ماسلاشتۇرۇش»
نىڭ مەزمۇنى ئىنتايىن مول. بىرىنچىدە، ئۇ ئاز دېگەندە تۆۋەندى-
كى بىرنەچچە مەزمۇننى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ: پىلان ۋە بازار
ئارقىلىق تەڭشەش يولى بىلەن شەرقىي قىسىمنىڭ ئارتۇقچىلى-
قىنىمۇ، غەربىي قىسىمنىڭ ئارتۇقچىلىقىنىمۇ جارى قىلدۇ-
رۇش؛ تۈرلۈك سىيلىنمىلارنى ئاساسەن تەڭ قىلىپ، تەرەققىيات
سەۋىيىسى، ئىقتىسادىي ئۈنۈم ۋە خەلقنىڭ ماددىي، مەدەنىي
تۇرمۇش سەۋىيىسىنى پەيدىنپەي ئاساسەن يېقىنلاشتۇرۇش. بۇ
تەلەپلەرنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن جاپاغا چىداپ هارماي-تالماي
تىرىشچانلىق كۆرسىتىشكە توغرا كېلىدۇ. كونكرېت سىيا-
سەت-تەدبىر جەھەتتىن ئېيتقاندا، ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرى-
نىڭ جاسارەت بىلەن تىرىشىپ ئىشلەپ، ئۆز كۈچىگە تايىنىپ
ئىش كۆرۈشىگە بولۇپمۇ ئىسلاھات-ئېچىۋېتىش ئارقىلىق ئۆزى-
نىڭ ئارتۇقچىلىقىنى جارى قىلدۇرۇشىغا، ئىقتىسادىي جەھەت-
تىكى هاياتىي كۈچىنى ئۇرغۇتۇشىغا توغرا كېلىدۇ. شۇنىڭ
بىلەن بىللە، دۆلەت ۋە تەرەققىي تاپقان رايونلار ھەر جەھەتتىن
ھەقىقىي ۋە ئۈنۈملۈك ياردەم بېرىشى، رايونلار سىياسىتى ۋە
كەسىپلەر سىياسىتىنى ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىغا مۇۋاپىق
دەرىجىدە مايىل قىلىشى، مالىيە كۈچى، ماددىي كۈچ ۋە تېخنى-
كا كۈچى جەھەتتىن ياردەم بېرىشى لازىم.

**سىياسىي جەھەتتە مىللىي باراۋەرلىك ۋە مىللىي ئىتتىپاقلىق
بايرىقىنى ھامان ئېگىز كۆتۈرۈش كېرەك.** مىللىي باراۋەرلىك

ماركسىزملىق مىللەت قارىشىنىڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمى،
پارتىيىمىزنىڭ مىللىي سىياسىتىنىڭ تۈپ يېتەكچى پرىنسىپى.
سوتسىيالىستىك تۈزۈم شارائىتىدا، مىللىي باراۋەرلىك دېگىنىـ
مىز ئاساسەن، بارلىق مىللەتلەر ئىجتىمائىي ھاياتنىڭ ھەممە
ساھەلىرىدە باراۋەر ئورۇندا تۇرىدۇ، ئوخشاش ھوقۇقتىن بەھرىـ
مەن بولىدۇ ۋە ئوخشاش مەجبۇرىيەتنى ئادا قىلىدۇ دېگەنلىك.
ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ تەرەققىيات سەۋىيىسىدە ئوبيېكتىپ جەـ
ھەتتە پەرقى مەۋجۇت بولغاچقا، مىللىي باراۋەرلىك يەنە بىر
مەنىنى، يەنى ئەمەلىيەتتىكى باراۋەرلىكنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈـ
چۈن، چوڭ مىللەت، بىرقەدەر ئالغا كەتكەن مىللەت بىرقەدەر
كىچىك ۋە نىسپىي ھالدا ئارقىدا قالغان مىللەتلەرنىڭ تېخىمۇ
ياخشى تەرەققىي قىلىشىغا ئۆزلۈكىدىن قىزغىن ۋە سەمىمىي
ياردەم بېرىشى لازىم دېگەن مەنىنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. نۆۋەتـ
تە مىللىي باراۋەرلىك پرىنسىپىدا چىڭ تۇرۇشتا، ھېلىھەم
چوڭ مىللەتچىلىكنىڭ ئاساسەن چوڭ خەنزۇچىلىقنىڭ ئالدىنى
ئېلىش ۋە ئۇنى تۈگىتىش كېرەك. شۇنىڭ بىلەن بىللە يەرلىك
مىللەتچىلىكنىڭمۇ ئالدىنى ئېلىش ۋە تۈگىتىش، مىللىي كەمـ
سىتىشكە ۋە مىللىي بۆلگۈنچىلىككە قارشى تۇرۇش كېرەك.
مىللىي باراۋەرلىك بىلەن مىللىي ئىتتىپاقلىق ئۆزئارا زىچ باغـ
لانغان. بۈگۈنكى كۈندە زامانىۋى دۆلەت قۇرۇشتىن ئىبارەت
ئورتاق غايە ھەر مىللەت خەلقىنى ئىتتىپاقلاشتۇرىدىغان قۇدرەتـ
لىك ۋاسىتە ۋە مەنىۋى كۈچ بولۇپ قالدى. خەلقئارا ۋەزىيەتتە
جىددىي ئۆزگىرىش بولۇۋاتقان ئەھۋال ئاستىدا، بىز مىللەتلەرـ
نىڭ بۈيۈك ئىتتىپاقلىقى بايرىقىنى تېخىمۇ ئېگىز كۆتۈرۈشـ

ـمىز، مىللەتلەرنىڭ ئىتتىپاقلىقىنى زور سىياسىي ۋەزىپە سۈپەـ
تىدە داۋاملىق ئوبدان ئىشلىشىمىز كېرەك. ئىتتىپاقلىقنى تەـ
كىتلەش، ئىتتىپاقلىقنى ئىلگىرى سۈرۈش، ئىتتىپاقلىققا پايـ
دىسىز بارلىق ئامىللارنى ۋاقتىدا تۈگىتىش كېرەك. دۈشمەن
كۈچلەرنىڭ مىللەت، دىن، كىشىلىك ھوقۇقى دېگەنلەرنى دەسـ
تەك قىلىپ، ئاغدۇرمىچىلىق-بۇزغۇنچىلىق ھەرىكەتلىرىنى ئېـ
لىپ بېرىشىدىن قاتتىق ھوشيار بولۇشىمىز ۋە ساقلىنىشىمىز
كېرەك. ئىنتايىن ئاز ساندىكى مىللىي بۆلگۈنچى ئۇنسۇرلارنىڭ
بۆلگۈنچىلىك، بۇزغۇنچىلىق ھەرىكەتلىرى مىللەتلەرنىڭ ئىتتىـ
پاقلىقىغا ۋە ئىقتىسادىي قۇرۇلۇش ئىشلىرىمىزغا زىيان سالماقـ
تا. بۇلار خەلقىمىزنىڭ ئورتاق دۈشمىنى، ئۇلارغا قاتتىق زەربە
بېرىشىمىز لازىم. بىزنىڭ كۈچىمىز خەلقتە. ھەر مىللەت كاـ
دىرلىرىغا ۋە ئاممىسىغا چىڭ تايىنىپ، بۆلگۈنچىلىككە، سىڭىپ
كىرىشكە ۋە تىنچ ئۆزگەرتىۋېتىشكە قارشى تۇرۇشىمىز كېرەك.
بىز ھەر جەھەتتىن شۇنداق خىزمەت ئىشلەيلىكى، مىللەتلەر
ئىتتىپاقلىق، دوستلۇق، ھەمكارلىق ۋە ئۆزئارا ياردەملىشىش
ئاساسىدىكى ئوبدان ئىجتىمائىي مۇھىتتا بىللە كۈرەش قىلىدىـ
غان بولسۇن، دۆلىتىمىز تىنچ-ئىتتىپاقلىق شارائىتىدا پۇختا
قەدەم بىلەن ئالغا ئىلگىرىلىسۇن.

**قانۇنچىلىق جەھەتتە، «مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە قاـ نۇنى»نى ئەمەلىيلەشتۈرۈش ئاساسىي مەزمۇن قىلىنغان قانۇنچىلىق قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىش، مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە تۈزۈمەـ نى مۇستەھكەملەش ۋە مۇكەممەللەشتۈرۈش كېرەك.** پارتىيىمىز-
نىڭ جۇڭگودىكى مىللىي مەسىلىنى ھەل قىلىشتىكى ئاساسىي

سىياسىتى ۋە چوڭ ئىجادىيىتى بولغان مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە ئۈزاق مۇددەتلىك ئىزدىنىش ئارقىسىدا ۋۇجۇدقا كەلگەن، ئۇ غايەت زور مۇۋەپپەقىيەتكە ئېرىشتى. دۆلەتنىڭ سىياسىي تۈزۈمى جەھەتتىن ئېيتقاندا، مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە تۈزۈمى جۇڭگوچە سوتسىيالىستىك سىياسىي تۈزۈمنىڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمىغا ئايلاندى. بۇ تۈزۈم جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ رەھبەرلىكىدە چىڭ تۇرىدىغان، دۆلەتنىڭ بىرلىكىنى قوغدايدىغان، ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ئاپتونومىيە ھوقۇقى ۋە باراۋەرلىك ھوقۇقىنى كاپالەتكە ئىگە قىلىدىغان، مىللەتلەرنىڭ ئىتتىپاقلىق-تەرەققىيات ئىشلىرىنى ئىلگىرى سۈرىدىغان تۈزۈم بولدى. بىز بۇ تۈزۈمنى قەتئىي قوغدىشىمىز ۋە ئۈزلۈكسىز مۇكەممەللەشتۈرۈشىمىز كېرەك. تۆت ئاساسىي پرىنسىپتا چىڭ تۇرۇش ئاساسىدا، دۆلەتنىڭ بىر تۇتاش رەھبەرلىكىگە ئەمەل قىلىش شەرتى ئاستىدا، مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلارنىڭ ئاپتونومىيە ھوقۇقىنى قانۇن بويىچە يەنىمۇ ئىلگىرىلەپ كاپالەتكە ئىگە قىلىشىمىز ۋە ھۆرمەت قىلىشىمىز، مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلارنىڭ ئاكتىپلىقىنى تولۇق قوزغىشىمىز، ئاز سانلىق مىللەتلەرنى ئۆزلىرىنىڭ ئىچكى ئىشلىرىنى باشقۇرۇش ۋە دۆلەتنى باشقۇرۇشقا قاتنىشىش ھوقۇقىنى ھەقىقىي يۈرگۈزۈش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىشىمىز، مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە تۈزۈمىنىڭ ئەۋزەللىكىنى جارى قىلدۇرۇپ، بۇ تۈزۈمنى پۈتكۈل دۆلەتنىڭ سوتسىيالىستىك دېموكراتىيە ۋە قانۇنچىلىق قۇرۇلۇشىنىڭ يۈكسىلىشىگە يارىشا تېخىمۇ مۇكەممەللەشتۈرۈشىمىز كېرەك. نۆۋەتتە مىللىي

مۇناسىۋەتنى قانۇن بىلەن تەڭشەشكە ئەھمىيەت بېرىپ، سوتسىيالىستىك مىللىي قانۇنچىلىق قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىشىمىز، بولۇپمۇ مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە قانۇنىنى تېخىمۇ ئوبدان ئەمەلىيلەشتۈرۈشىمىز كېرەك. بىر تەرەپتىن مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلار مەمۇرىي ئىشلارنى قانۇن بويىچە ئېلىپ بېرىشى، دۆلەتنىڭ ئاساسىي قانۇنى ۋە قانۇنلىرىنى ئۆز جايىدىكىلەرنىڭ ئەمەل قىلىپ ئىزچىللاشتۇرۇشىغا كاپالەتلىك قىلىشى، ئۆز جايىنىڭ ئىشلىرىنى باشقۇرۇش ھوقۇقىنى ئوبدان يۈرگۈزۈشى لازىم؛ يەنە بىر تەرەپتىن يۇقىرى دەرىجىلىك دۆلەت ئورگانلىرى ۋە ئۇلارنىڭ مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلاردىكى كارخانا ۋە كەسپىي ئورۇنلىرى ئاپتونومىيىلىك جايلار ئالدىدىكى مەجبۇرىيىتىنى قانۇن بويىچە ئادا قىلىشى، ئاپتونومىيىلىك جايلارنىڭ ئاپتونومىيە ھوقۇقىغا تولۇق ھۆرمەت قىلىشى، بولۇپمۇ ئىقتىسادىي قۇرۇلۇش جەھەتتە مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلارنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىنى ۋە ئېھتىياجىنى تولۇق ھېسابقا ئېلىشى كېرەك.

**ئىدىيە ۋە نەزەرىيە جەھەتتە، مىللەت نەزەرىيىسى ئۈستىدىكى تەتقىقات ۋە تەشۋىقات خىزمىتىنى كۈچەيتىش كېرەك.** مىللەت نەزەرىيىسى— ماركسىزمنىڭ پۈتكۈل نەزەرىيە سىستېمىسىنىڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمى، ئىنسانلار جەمئىيىتىگە قوشۇلغان مۇھىم تۆھپە. پارتىيىمىز تارىخنىڭ بوران-چاپقۇنلىرىنى باشتىن كەچۈرۈپ، ئۈزلۈكسىز ئىزدىنىش، ئەمەلىيەتتىن ئۆتكۈزۈش ئارقىلىق ئۆزىگە خاس مىللەت نەزەرىيىسى سىستېمىسىنى بارلىققا كەلتۈردى. جۇڭگو تۈپرىقىنى مەنبە قىلغان بۇ نەزەرىيە

ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىككە، مۇستەھكەم پارتىيىۋىلىككە، كۈچ-لۈك ئەمەلىيەتچانلىققا ۋە روشەن دەۋر خۇسۇسىيىتىگە ئىگە. بىز بۇ نەزەرىيىگە زادى ئېغىشماي ئەمەل قىلىشىمىز ۋە ئۇنى ئۆزلۈكسىز راۋاجلاندۇرۇشىمىز كېرەك. شەيئىلەر مەڭگۈ ھە-رىكەت داۋامىدا تۇرىدۇ. ھازىر جۇڭگودىكى مىللىي مەسىلىنى ھەل قىلىشنىڭ خەلقئارا شارائىتى ۋە ئىچكى شارائىتى 40 يىلنىڭ ئالدىدىكى شارائىتتىن پەرقلىنىدۇ، ئون يىلنىڭ ئالدى-دىكى شارائىتتىنمۇ پەرقلىنىدۇ، يەنە كېلىپ ئۇ ئۆزگىرىپ بارماقتا. يېڭى ئەھۋال، يېڭى مەسىلىلەر ئۈزلۈكسىز مەيدانغا كەلمەكتە. بىز ماركسىزمنىڭ تۈپ قائىدىلىرىگە ئاساسەن تەك-شۈرۈپ تەتقىق قىلىشنى كۈچەيتىپ، تەرەققىي قىلىپ ۋە ئۆز-گىرىپ بېرىۋاتقان ئەھۋاللارنى ئىلمىي ئاساستا شەرھلىشىمىز ھەمدە مىللىي مەسىلىنى ھەل قىلىش ئەمەلىيىتىگە يېتەكچىلىك قىلىشىمىز، نەزەرىيە بىلەن ئەمەلىيەتنى بىر-بىرىگە تەسىر كۆرسىتىدىغان قىلىشىمىز، نەزەرىيىنى دەۋر تەرەققىياتىغا يارى-شا ئۈزلۈكسىز تەرەققىي قىلدۇرۇپ، يېڭى سەۋىيىگە كۆتۈرۈ-شىمىز لازىم. ماركسىزملىق مىللەت قارىشى توغرىسىدىكى تەش-ۋىق-تەربىيىنى كەڭ كۆلەمدە چوڭقۇر ئېلىپ بېرىپ، پۈتۈن پارتىيىنىڭ مىللىي مەسىلە جەھەتتىكى نەزەرىيىۋى بىلىمىنى ئاشۇرۇشىمىز، پۈتۈن مەملىكەت خەلقىنىڭ مىللىي مەسىلىگە بولغان تونۇشىنى ئۆستۈرۈشىمىز كېرەك. مۇنداق تەشۋىقات توغرا، جانلىق، خىلمۇخىل شەكىلدە ئېلىپ بېرىلىشى، ئەمە-لىي ئۈنۈمگە ئىگە قىلىنىشى ھەمدە پۈتكۈل دۆلەتنىڭ ئىدىيىۋى تەربىيە خىزمىتىنىڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمىغا ئايلاندۇرۇلۇشى

لازىم. تەشۋىقاتنى قاتلاملارغا بۆلۈپ ئېلىپ بېرىشى، كەڭ كادىرلار بىلەن ئاممىغا مىللەتلەرنىڭ باراۋەرلىكى، ھەمكارلىقى، ئىتتىپاقلىقى، ئۆزئارا ياردەملىشىشى، ئورتاق گۈللىنىشى، ھەمنەپەس، تەقدىرداش ۋە قەلبداش بولۇشى توغرىسىدا قايتا-قايتا سۆزلەش كېرەك. پارتىيىنىڭ يۇقىرى دەرىجىلىك كادىرلىرىغا يۇقىرىراق تەلەپ قويۇش كېرەك، ئۇلار ماركسىزملىق مىللەت قارىشىنىڭ ئاساسىي مەزمۇنىنى، پارتىيىنىڭ مىللەت ۋە دىنغا دائىر ئاساسىي سىياسەتلىرىنى بىلىشى، ئەمەلىي خىزمەتتە، ماركسىزملىق مىللەت قارىشىدا چىڭ تۇرۇپ، ماركسىزمغا يات مىللەت قارىشىغا قارشى تۇرۇشى لازىم. ھەر دەرىجىلىك كادىرلارغا، كەڭ زىيالىيلارغا ۋە ياش-ئۆسمۈرلەرگە قارىتىلغان ئىدىيىۋى تەربىيىگە ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىش كېرەك، چۈنكى بۇ مىللىي مەسىلە جەھەتتە ماركسىزملىق مەيدان ۋە لۇشيەندە مەڭگۈ چىڭ تۇرۇپ، توغرا مىللىي سىياسەتنى تۈزۈش ۋە يولغا قويۇشتا ئىنتايىن زور ئەھمىيەتكە ئىگە.

**تەشكىلىي جەھەتتە مىللىي خىزمەتكە بولغان رەھبەرلىكنى يەنىمۇ كۈچەيتىش كېرەك.** بىز مىللىي خىزمەتنىڭ مۇھىملىقى ۋە ئۇزاق مۇددەتلىكلىكى ھەققىدە ھامان ئېنىق تونۇشقا ئىگە بولۇشىمىز كېرەك. بىزنىڭ كۆپ مىللەتلىك دۆلىتىمىزدە مىللىي خىزمەتنى ئوبدان ئىشلەش، مىللىي مەسىلىنى ئوبدان بىر تەرەپ قىلىش — جەمئىيەتنىڭ ئامانلىقىغا، ئىقتىسادنىڭ تەرەققىياتىغا ۋە خەلقنىڭ بەخت-سائادىتىگە، ۋەتەننىڭ بىرلىكىگە مۇناسىۋەتلىك ئىنتايىن مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە ئىش. تەرەققىي قىلىۋاتقان دەۋر ۋە ئۆزگىرىۋاتقان ۋەزىيەت بىزنى خىزمەتنى

تېخىمۇ ئوبدان ئىشلەشنى تەلەپ قىلماقتا. مىللىي خىزمەت—
پارتىيىمىزنىڭ پۈتكۈل ئىشىنىڭ بىر قىسمى، پارتىيىنىڭ رەھ-
بەرلىكىنى كۈچەيتىشتە، ھەممىدىن ئاۋۋال پارتىيىمىز ۋە ھۆ-
كۈمىتىمىزنىڭ ھەر دەرىجىلىك تارماقلىرى مىللىي خىزمەتكە
يۈكسەك دەرىجىدە ئەھمىيەت بېرىپ، بۇ خىزمەتنى مۇھىم ۋە
مۇۋاپىق ئورۇنغا قويۇشى، ئۇنى تەتقىق قىلىپ، ئورۇنلاشتۇ-
رۇپ ۋە تەكشۈرۈپ تۇرۇشى لازىمكى، شۇنىڭ نەتىجىسىدە مىل-
لەتلەرنىڭ ئىتتىپاقلىق-تەرەققىيات ئىشلىرى زامانىۋىلاشتۇ-
رۇش ئىشى بىلەن تەڭ ئىلگىرىلىسۇن. پارتىيىنىڭ رەھبەرلى-
كىنى كۈچەيتىشتە ئىدىيىۋى لۇشيەن ۋە سىياسىي لۇشيەن جە-
ھەتتىكى رەھبەرلىكنى كۈچەيتىش ھەممىدىن مۇھىم. مىللىي
خىزمەتتە باشتىن-ئاخىر تۆت ئاساسىي پرىنسىپتا چىڭ تۇرۇش
كېرەك. شۇنداق قىلغاندىلا بۇ خىزمەت توغرا يولنى بويلاپ ئالغا
سىلجىيدۇ. ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرىنى زور كۈچ بىلەن
يېتىشتۈرۈپ ۋە پائال ئىشقا قويۇپ، ئۇلارنىڭ ئەقىل-پاراستى-
نى تولۇق جارى قىلدۇرۇش، شۇنىڭ بىلەن بىللە ئاز سانلىق
مىللەتلەرنىڭ زىيالىيلار قوشۇنى ۋە ئىشچىلار قوشۇنىنى زور
كۈچ بىلەن يېتىشتۈرۈش كېرەك. بۇلار مىللەتلەرنىڭ گۈللەپ
ياشنىشىدىكى زۆرۈر شەرت ۋە مۇھىم بەلگە، ئۇ مىللىي خىزمەت-
نى ئوبدان ئىشلەش ئۈچۈن، پارتىيە-ھۆكۈمەت تارماقلىرى ۋە
مىللىي خىزمەت خادىملىرى ئاز سانلىق مىللەت خەلقى بىلەن
بىر جانۇ-بىر تەن بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئارزۇسىنى ئوبدان چۈشى-
نىشى، ئۇلارنىڭ دەردىگە دەرمان بولۇشى، ھەر مىللەت خەلقى
ئۈچۈن سەممىي خىزمەت قىلىشى كېرەك. خىزمەت ئىستىلى

جەھەتتە، ئەمەلىيەتكە چوڭقۇر چۆكۈش، كۆپرەك تەكشۈرۈپ
تەتقىق قىلىش، كۆپرەك ئەمەلىي ئىش قىلىش كېرەك. مىللىي
خىزمەتنىڭ مەزمۇنى ئىنتايىن مول، ھەممە ساھە بىلەن ئالاقى-
سى بار. بۇ ھال مىللىي خىزمەت تارماقلىرىنىڭ تىرىشچانلىق
كۆرسىتىشىنى تەلەپ قىلىشتىن تاشقىرى، پارتىيە-ھۆكۈمەت
تارماقلىرىنىڭ، جەمئىيەتتىكى ھەرقايسى ساھەلەرنىڭ بىر مەق-
سەتتە تەڭ كۈچ چىقىرىپ، پائال قوللىشىنى، ئۆزئارا ماسلى-
شىشىنى تەلەپ قىلىدۇ، شۇنداق قىلغاندىلا، مىللىي خىزمەتنى
ئۈزلۈكسىز يېڭى پەللىگە يۈكسەلدۈرگىلى بولىدۇ.

# ئىشكنى سىرتقا تېخىمۇ كەڭ ئېچىۋېتىپ، ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىنىڭ تەرەققىياتىنى تېزلىتەيلى*

(1992-يىل 3-ئاينىڭ 20-كۈنى)

دۆلىتىمىزنىڭ بۈگۈنكىدىن بىر يىل بۇرۇن 7-نۆۋەتلىك مەم-لىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ 4-يىغىنىدا ماقۇللانغان «خەلق ئىگىلىكى تەرەققىياتى ۋە ئىجتىمائىي تەرەققىياتنىڭ ئون يىل-لىق پىلانى ۋە 8-بەش يىللىق پىلان پروگراممىسى»دا ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىنىڭ تەرەققىياتى ئۈچۈن ئىنتايىن مۇ-ھىم بىر پرىنسىپ بەلگىلەنگەندى، ئۇ بولسىمۇ تەرەققىياتنى تېزلىتىپ، پۈتۈن مەملىكەتنىڭ تەرەققىياتىغا ماسلاشتۇرۇشتىن ئىبارەت. بۇ پرىنسىپ پۈتۈن مەملىكەتتىكى ھەر مىللەت خەلقى-نىڭ قىزغىن ھىمايىسىگە ئېرىشتى. بىر يىلدىن بۇيان، بۇ نىشاننى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن مەركەزدىن تارتىپ جايلارغىچە ھەر جەھەتتىن تەدبىر قوللىنىلدى. جۈملىدىن دۆلەت 8-بەش يىللىق پىلان مەزگىلىدە، بەش ئاپتونوم رايوننىڭ ئومۇمىي

* بۇ— يولداش ئىسمايىل ئەھمەدنىڭ 7-نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ 5-يىغىنىدا سۆزلىگەن سۆزى.

مۇلۇكچىلىكتىكى تۇراقلىق مۇلۇكىگە سالىدىغان مەبلەغنى 6-بەش يىللىق پىلان ۋە 7-بەش يىللىق پىلان مەزگىلىدىكى سەۋىيىدىن تۆۋەنلەتمەسلىك بەلگىلەندى، بايلىق مەنبەسىنى ئېچىش ۋە ئاساسىي مۇئەسسەسە قۇرۇلۇشى جەھەتتە ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىغا سېلىنىدىغان مەبلەغ كۆپەيتىلدى، نامراتلارنى يۆلەش خىزمىتى داۋاملىق كۈچەيتىلدى، ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىنىڭ پەن، مائارىپ، مەدەنىيەت ئىشلىرىنى زور كۈچ بىلەن راۋاجلاندۇرۇش، شۇ ئارقىلىق ئىقتىسادنىڭ گۈللىنىشىنى ئىلگىرى سۈرۈش ئۈچۈن، گوۋۇيۈەن مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە قانۇنىنى يەنىمۇ ئىلگىرىلەپ ئىزچىللاشتۇرۇش ۋە ئەمەلىيلەشتۈرۈش توغرىسىدىكى ئۇقتۇرۇشنى تۆۋەنگە تارقاتتى. كەم بولسا بولمايدىغان يەنە بىر مۇھىم تەدبىر شۇكى، ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىنى مۇقىملاشتۇرۇش ۋە گۈللەندۈرۈش شەرت-شارائىتى كېڭەيتىلدى، يېقىندا گوۋۇيۈەن مەنجۇلى، خۇنچۇن قاتارلىق شەھەرلەرنى چېگرا رايوندىكى يېڭى ئوچۇق شەھەر قىلىشنى تەستىقلىدى. مانا بۇلار ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىنىڭ ئىشىكنى سىرتقا ئېچىۋېتىش ئىشىنى ئىلگىرى سۈرىدىغان مۇھىم چارىلەردۇر. بۇ يىلقى خەلق قۇرۇلتىيى يىغىنىدا لى پېڭ زۇڭلى «هۆكۈمەت خىزمىتىدىن دوكلات»تا ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىنىڭ ئىشىكنى سىرتقا ئېچىۋېتىش مەسىلىسى ئۈستىدە ئالاھىدە توختىلىپ: «ئىچكى قۇرۇقلۇقتىكى چېگرا رايونلارنىڭ، ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىنىڭ ئىشىكنى سىرتقا ئېچىۋېتىش ئىشىنى ۋە چېگرا سودىسىنى تەرتىپلىك ئىلگىرى سۈرۈش كېرەك» دەپ كۆرسەتتى. بۇ ئىنتايىن

ۋاقىتتا ئېيتىلغان ئىنتايىن مۇھىم سۆز. ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىنىڭ ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشى ۋە ئىسلاھات-ئېچىۋېتىش ئىشلىرى ئۈچۈن مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە.

دۆلىتىمىزنىڭ ئىشىكنى ئېچىۋېتىش ئىشى دېڭىز بويى رايونلىرىدىن باشلاندى، شۇ چاغدا ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرى بۇنىڭغا ئىنتايىن قىزىققان ۋە بەكمۇ تىت-تىت بولغاندى. لې-كىن كۈتۈپ تۇرۇش بىلەن ئىش پۈتمەيتتى. شۇڭا بىرمۇنچە ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرى ئارقىدا قېلىشنى خالىماي باش قاتۇرۇپ، چارە ئىزدەپ، ئۆزلىرىگە ئىشىكنى سىرتقا ئېچىۋې-تىش جەريانىدىن ئورۇن تېپىشقا كىرىشتى. بەزىلەر دېڭىز بويى رايونلىرىنىڭ ئۇسۇلىنى دوراپ، ئىشىكنى كەڭ ئېچىۋېتىپ، بېكىنمە ھالەتنى بۇزۇپ تاشلاپ، سىرتتىن پائال مەبلەغ كىر-گۈزدى. بەزىلەر ئۆزىنىڭ ئارتۇقچىلىقىنى جارى قىلدۇرۇپ، ئىشىكنى ئېچىۋېتىشنىڭ ئۆز ئەھۋالىغا باب كېلىدىغان يولى ئۈستىدە باتۇرلۇق بىلەن ئىزدەندى.

ئون نەچچە يىل تىرىشىش ئارقىسىدا، ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرى ئىشىكنى سىرتقا ئېچىۋېتىشتە مەزمۇت قەدەم تاشلى-دى. 1991-يىلىنىڭ ئاخىرىغا قەدەر، ئاز سانلىق مىللەت رايون-لىرىدا قۇرۇلغان ئۈچ خىل مەبلەغ كارخانىسى 1400دىن ئاش-تى. بىرمۇنچە كارخانىلارنىڭ ئۈنۈمى ياخشى بولدى، مەھسۇلاتى خەلقئارا بازاردىن مەھكەم ئورۇن ئالدى. 7-بەش يىللىق پىلان مەزگىلىدە، ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرى پايدىلانغان تاشقى مەبلەغ 600 مىليون دوللاردىن ئاشتى، بۇ رايونلارنىڭ مەملىكە-تىمىزنىڭ دېڭىز بويىدىكى تەرەققىي تاپقان رايونلىرى بىلەن

بولغان ئىقتىسادىي-تېخنىكىۋى ھەمكارلىقى جۇش ئۇرۇپ را-
ۋاجلاندى. ئوبيېكتىپ ئاساستا ئېيتقاندا، ئاز سانلىق مىللەت
رايونلىرى پايدىلانغان تاشقى مەبلەغ سوممىسى دۆلەت بويىچە
ناھايىتى ئاز سالماقنى ئىگىلىسىمۇ، لېكىن بۇ ئىش بەرىبىر
رەسمىي باشلاندى ھەمدە دۇنياغا ئېلىمىزدىكى كەڭ ئاز سانلىق
مىللەت رايونلىرىنىڭمۇ ئىشىكنى سىرتقا ئېچىۋېتىش شەرتلىرى
ھازىرلانغانلىقىنى، ئۇچ خىل مەبلەغ كارخانىلىرىنى قۇرۇش
ئۈچۈن مەبلەغ سېلىش شارائىتى بارلىقىنى كەلگەنلىكىنى، بۇ
ھەقتە يوشۇرۇن ئىمكانىيەت ناھايىتى زور ئىكەنلىكىنى ئۇقتۇ-
رۇش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلدى.

كىشىنى ئىنتايىن خۇشال قىلىدىغىنى شۇكى، ئىشىكنى
سىرتقا ئېچىۋېتىشنىڭ ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىنىڭ ئەمەلىـ-
يىتىگە باب كېلىدىغان قۇرۇلمىسى دەسلەپكى قەدەمدە ۋۇجۇدقا
كەلدى، ئۇ بولسىمۇ ئىشىكنى ئىچكىرىگىمۇ، سىرتقىمۇ، جە-
نۇبقىمۇ، شىمالغىمۇ ئېچىۋېتىشتىن ئىبارەت. كونكرېت قىلىپ
ئېيتقاندا، ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىنىڭ بايلىق جەھەتتىكى
ئارتۇقچىلىقىنى جارى قىلدۇرۇپ، مەملىكەت ئىچىدىكى تەرەق-
قىي تاپقان رايونلارغا ئۆز سىستېمىسى بويىچە ياردەملىشىش،
ئىقتىسادىي بىرلەشمە ھاسىل قىلىش، ھەمكارلىشىپ ئۆزلەشتۈ-
رۈش قاتارلىق شەكىللەر بىلەن ئىشىك ئېچىۋېتىپ، مەبلەغ،
تېخنىكا ۋە ئىختىساسلىق خادىملارنى كىرگۈزۈش كېرەك. تېخ-
نىكا، باشقۇرۇش تەجرىبىلىرى ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىغا
تازا باب كەلگەنلىكى ئۈچۈن، ئىشىكنى بۇنداق ئېچىۋېتىشنىڭ
بىرقەدەر روشەن ئۈنۈمگە ئىگە بولغانلىقىنى ئەمەلىيەت ئىسپات-

لىدى. شۇنىڭ بىلەن بىللە، ئىشىكنى مەملىكەت سىرتىغىمۇ ئېچىۋېتىپ، سىرتتىن مەبلەغ، تېخنىكا كىرگۈزۈش كېرەك، ئىشىكنى مەملىكەت سىرتىغا ئېچىۋېتىش جەنۇب بىلەن شىمالغا تەڭ ئېچىۋېتىش دېمەكتۇر. جەنۇبتا ئىشىكنى دېڭىز يوللىرى ئارقىلىق تەرەققىي تاپقان دۆلەتلەرگە ئېچىۋېتىش ئەمەلىيەتكە ئۇيغۇن كېلىدىغان، يېتەرسىزلىكنى تولۇقلاپ، ئارتۇقچىلىقنى جارى قىلدۇرىدىغان توغرا يول.

چېگرا سودىسى ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىدا ئىشىكنى ئېچىۋېتىش ئىشىنىڭ ئۆزگىچە خۇسۇسىيەتلىك، ناھايىتى ئۇ-نۇملۇك بىر قىسمى. ئەۋزەل جۇغراپىيىلىك ئورۇن، چېگرا سىرتى بىلەن بولغان ئەنئەنىۋى ئىقتىسادىي ئالاقە ۋە مەدەنىيەت ئالاقىسى، ئىقتىسادىي جەھەتتىن بىر-بىرىنى تولۇقلاش، ئىگى-لىك باشقۇرۇش جەھەتتىكى جانلىقلىق چېگرا سودىسىنىڭ قى-زىپ كېتىشىگە، جانلىق ھەم نەتىجىلىك ئېلىپ بېرىلىشىغا ئىمكانىيەت تۇغدۇردى. بۇلتۇر مەملىكەت بويىچە ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىدىكى چېگرا سودىسىنىڭ ئېكسپورت-ئىمپورت ئومۇمىي سوممىسى 1 مىليارد 160 مىليون دوللارغا يەتتى.

ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرى ئىشىكنى سىرتقا ئېچىۋې-تىشتە ئوبدان ئىقتىسادىي ئۈنۈم ھاسىل قىلدى، شۇنداقلا ئوب-دان ئىجتىمائىي ئۈنۈممۇ ھاسىل قىلدى. مەن بەزى چېگرا سودا ئېغىزلىرىغا بېرىپ ئانچە-مۇنچە تەكشۈرۈش ئېلىپ بارغىنىمدا، ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىدىكى ئىسلاھات-ئېچىۋېتىش ئىشى-نىڭ تولىمۇ ئىستىقباللىق ئىكەنلىكىدىن قاتتىق تەسىرلەندىم. يۈننەن ئۆلكىسىنىڭ دېخۇڭ دەيزۇ-جىڭپوزۇ ئاپتونوم ئوبلاستى-

نى ئېلىپ ئېيتساق، ئۇلار چېگرا سودىسىنى باشلامچى قىلىپ
ئىقتىسادىي تەرەققىياتنى ئالغا سۈرىدىغان يولنى پەيدىنپەي تې-
پىپ، چېگرا سودىسىنىڭ ئىمپورت-ئېكسپورت ئومۇمىي سوم-
مىسىنى 1984-يىلدىكى 38 مىليون يۈەندىن كۆپەيتىپ بۇلتۇر
1 مىليارد 200 مىليون يۈەنگە يەتكۈزگەن. ئۇ يەردە ئىقتىسادىي
تەرەققىيات ناھايىتى تېز بولغان، مالىيە كىرىمى يىلمۇيىل
ئېشىپ بارغان، خەلق ئاممىسىنىڭ تۇرمۇشى ئۈزلۈكسىز ياخ-
شىلانغان، بۇ چېگرا رايوندا ئاۋات، تىنچ ۋە ئىتتىپاقلىق مەنزى-
رىسى بارلىققا كەلگەن. كىشىلەر ئومۇمىي تۇردە: يەنىلا سوت-
سىيالىزم ياخشى ئىكەن دەپ ئىنكاس قىلىشقان. ئىسلاھات
ئېلىپ بېرىلمىغان، ئىشىك ئېچىۋېتىلمىگەن بولسا، مۇنداق
خۇلاسىگە كېلىش تولىمۇ تەس بولار ئىدى.

مەركىزىي كومىتېت يولداش دېڭ شياۋپىڭنىڭ يېقىندا
قىلغان مۇھىم سۆزىنىڭ روھىغا ئاساسەن، ئىسلاھات ئېلىپ
بېرىش، ئىشىكنى سىرتقا ئېچىۋېتىشتە دادىلراق بولۇش، قە-
دەمنى تېزرەك تاشلاش كېرەك دەپ ئوتتۇرىغا قويدى. بۇ ئىنتا-
يىن مۇھىم تەدبىر. پايدىلىق پۇرسەتنى قولدىن بەرمەي، تېز
ھەرىكەتكە كېلىپ، سىرتقا ئىشىكنى تېخىمۇ كەڭ ئېچىۋېتىش،
ئىقتىسادىي تەرەققىياتنى تېزلىتىش كېرەك. ئەگەر ئۆتكەن ئون
يىلدا ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرى ئىشىكنى سىرتقا ئېچىۋې-
تىشتە قەدەمنى كىچىكرەك تاشلىدى دېيىلسە، ھا-
زىردىن باشلاپ، تەقەززالىق بىلەن تازا غەيرەتكە كېلىپ، پەيتنى
پەملەپ، ۋەزىيەتنى كۆزىتىپ، قەدەمنى تېز بېسىپ، ئىشىكنى
سىرتقا ئېچىۋېتىش ئىشىنى يېڭى سەۋىيىگە كۆتۈرۈشى كېرەك.

ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىدا ئىشىكنى سىرتقا ئېچىۋې-
تىش ئىشىنى بۇرۇنقىدىنمۇ ئوبدان ئېلىپ بېرىش ئۈچۈن نۆۋەت-
تە مۇنۇ بىرنەچچە جەھەتتىكى مەسىلىگە ئەھمىيەت بې-
رىش كېرەك:

**1. ئىدىيىدە تېخىمۇ ئازاد بولۇپ، غەيرەتنى ئاشۇرۇش، تونۇشنى چوڭقۇرلاشتۇرۇش.** ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىدا ئى-
شىكنى سىرتقا ئېچىۋېتىش كېرەكلىكى ھەققىدىكى تونۇشنى بىرلىككە كەلگەن دېيىشكە بولىدۇ، لېكىن ئىشىكنى تېخىمۇ دادىل ئېچىۋېتىش ۋە قانداق قىلىپ تېخىمۇ كەڭ ئېچىۋېتىش جەھەتتە تونۇشنى يەنە ئۆستۈرۈشكە توغرا كېلىدۇ. بۇنىڭدا ئىككى خىل خاھىشنى تۈگىتىش كېرەك. بىرى، ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىدا ئىشىك كەڭ ئېچىۋېتىلسە، پاسسىپ ھادى-
سىلەر ئەۋج ئېلىپ كېتىدۇ-دە، قالايمىقانچىلىق پەيدا بولۇپ، جەمئىيەتنىڭ ئامانلىقىغا تەسىر يەتكۈزىدۇ دەپ ئەندىشە قىلىش خاھىشى. مۇنداق ئەندىشە قىلىشنىڭ ئورنى يوق. بىزنىڭ ئى-
شىك ئېچىۋېتىشىمىز تۆت ئاساسىي پرىنسىپتا چىڭ تۇرۇش ئاساسىدىكى ئېچىۋېتىش. مۇشۇ نۇقتىنى چىڭ ئىگىلىسەكلا چوڭ چاتاق چىقمايدۇ. يەنە بىر خاھىش— ئىشەنچىنىڭ يېتەر-
سىزلىكى، يەنى ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىنىڭ مەبلەغ سې-
لىش مۇھىتى، ئىشىكنى ئېچىۋېتىش شارائىتى دېڭىز بويىدىكى رايونلارنىڭكىگە يەتمەيدۇ، ئىشىكنى ھەرقانچە كەڭ ئاچقان بى-
لەنمۇ خەق كېلىشنى خالىمايدۇ. ئىشىكنى سىرتقا ئېچىۋېتىشتە چوڭراق نەتىجە قازىنىش تەس، دەپ ھېسابلاش. بۇنى ئوبيېك-
تىپ تەھلىل قىلىشقا توغرا كېلىدۇ. ئاز سانلىق مىللەت رايون-

لىرىنىڭ ئىشىكنى سىرتقا ئېچىۋېتىش جەھەتتىكى پايدىسىز شارائىتىغا ئەلۋەتتە سەل قاراشقا بولمايدۇ. لېكىن ئۇنىڭدىنمۇ مۇھىمى پايدىلىق شارائىتنى كۆرۈش كېرەك. مول تەبىئىي بايلىق، چېگرا رايونىغا جايلاشقان تەبىئىي ئورۇن، قوشنا دۆلەتلەر بىلەن ئىقتىسادىي جەھەتتە بىر-بىرىنى تولۇقلاش— مانا بۇلارنىڭ ھەممىسى ئىشىكنى ئىچكىرىگىمۇ، سىرتقىمۇ تېخىمۇ كەڭ ئېچىۋېتىشنىڭ تازا ياخشى شەرت-شارائىتى. شۇڭا بۇ ھەقتىكى تونۇشنى تېخىمۇ چوڭقۇرلاشتۇرۇشىمىز، تېخىمۇ يىراقنى نەزەر تاشلىشىمىز، شۇنداق قىلىپ، ئىشىكنى ئېچىۋېتىشتە تېخىمۇ تولۇق ئىشەنچكە ئىگە بولۇشىمىز، تېخىمۇ يۈرەكلىك بولۇشىمىز، قەدەمنى تېخىمۇ تېز بېسىشىمىز، يولنى تېخىمۇ كېڭەيتىشىمىز كېرەك.

**2. بەزى سىياسەت مەسىلىلىرىنى ئەستايىدىل تەتقىق قىلىش ۋە ھەقىقىي ھەل قىلىش كېرەك.** بۇ يىل 1-ئايدا ئۆتكۈزۈلگەن مەركىزىي كومىتېت مىللىي خىزمەت يىغىنىدا لى پېڭ زۇڭلى ئۆز سۆزىدە: قۇرۇقلۇق چېگرىسىنىڭ ئىشىكنى ئېچىۋېتىشى ئېلىمىزنىڭ پۈتكۈل ئىشىكنى سىرتقا ئېچىۋېتىش ئىشىنىڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمى، ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىدا تاشقى مەبلەغنى كىرگۈزۈش، ئۈچ خىل كارخانىلارنى قۇرۇش جەھەتتە، دۆلەتنىڭ كەسىپ سىياسىتىگە ئۇيغۇن بولغانلىكى ئىشلاردا دېڭىز بويى رايونلىرىدىكىگە ئوخشاش ئېتىبار بېرىش سىياسىتىنى قوللىنىش كېرەك دەپ كۆرسەتتى. ھازىر ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىنىڭ ئىشىكنى سىرتقا ئېچىۋېتىش ئېھتىياجىغا ئاسەسەن، ئالاقىدار سىياسەتلەرنى بىر-بىرلەپ كونكرېت بەلگە-

لەش كېرەك. بۇنىڭغا مۇناسىۋەتلىك ئىشلار ناھايىتى كۆپ. مەسىلەن: ئېكسپورت تاۋارلىرىنىڭ ئۆلۈشى، ئىجازەتنامە تارقىتىپ بېرىش، چەت ئەل پۇلى بىلەن قوشۇمچە ياردەم بېرىش، قوبۇل قىلىنىدىغان مەبلەغ سوممىسىنى تەكشۈرۈپ تەستىقلاش ھوقۇقى، ئوبيېكتىپ تۈرلىرىنى تەستىقلاش تەرتىپى، چېگرىدىن كىرىپ-چىقىدىغان خادىملارنى تەكشۈرۈپ تەستىقلاش چارىسى ۋە باشقىلار. نۇرغۇنلىغان كونكرېت خىزمەتلەرنى ئىشلەشكە، يەنە كېلىپ چىڭ تۇتۇپ ئىشلەشكە توغرا كېلىدۇ. بۇ سىياسەت-بەلگىلىمىلەر ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىدا ئىشىكنى ئېچىۋېتىش دائىرىسىنى كېڭەيتىشكە پايدىلىق بولۇشى لازىم.

**3. چېگرا رايونىدا سىرتقا ئوچۇق شەھەر ۋە سودا ئېغىزلىرىنى كۆپەيتىش ھەمدە چېگرىدىكى سودا ئېغىزى شەھەرلەرنىڭ رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇش.** ئىشىكنى سىرتقا ئېچىۋېتىشتە بازا ۋە كۆزنەك بولىدىغان جاي ھەم يول بولۇشى كېرەك. ئالاھىدە رايونلار قۇرۇلمىغان بولسا، ئىشىكنى سىرتقا ئېچىۋېتىش سىياسىتىنى گەۋدىلەندۇرۇش تەس بولغان بولاتتى، ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىدا ئىشىكنى سىرتقا ئېچىۋېتىش ئۈچۈنمۇ بىر تۈركۈم بازا بولۇشى كېرەك. گۇۋاڭشى مەنجۇلى، خۇنچۇن شەھەرلىرىنى يېقىندا ئوچۇق شەھەر قىلىپ تەستىقلىدى. بۇ ئىنتايىن ياخشى تەدبىر، شۇنداقتىمۇ، مېنىڭچە بۇ تېخى كۇپايە قىلمايدۇ. غەربىي شىمال ۋە غەربىي جەنۇبتىمۇ بەزى ئوچۇق شەھەرلەرنى يېڭىدىن تەسىس قىلىشنى تەكلىپ قىلىمىز. مەسىلەن، يۈننەن، گۇاڭشى ۋە شىنجاڭنىڭ بەزى

چېگرا شەھەرلىرى ئوچۇق شەھەر قىلىشقا بەكمۇ مۇۋاپىق كېلىدۇ. مۇشۇنداق قىلىش پۈتكۈل ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىنىڭ ئىشىكنى سىرتقا ئېچىۋېتىشىگە پايدىلىق. پۈتۈن مەملىكەت نۇقتىسىدىن ئېيتقاندىمۇ، بۇنىڭ بىلەن چېگرا رايونلاردىكى ئوچۇق شەھەرلەرنىڭ جايلىشىشىنى تېخىمۇ مۇۋاپىقلاشتۇرغىلى بولىدۇ.

چېگرىدىكى سودا ئېغىزى شەھەرلىرىنىڭ ئىشىكنى سىرتقا ئېچىۋېتىش جەريانىدىكى رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇپ، ئۇنى ئىچكى-تاشقى ئىقتىسادىي ئالاقە ئېلىپ بارىدىغان جايغا، ئالماشتۇرۇش مەركىزىگە ئايلاندۇرۇش كېرەك، شۇنىڭدەك مۇشۇ شەھەرلەرنى ئاساس قىلىپ، ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىككە ئىگە ئىقتىسادىي رايونلارنى ۋۇجۇدقا كەلتۈرۈش كېرەك. بۇنىڭ ئۆزىمۇ پىلانلاش ۋە قۇرۇلۇش ئىشلىرىنى كۈچەيتىشنى ھەمدە يۈرۈشلەشكەن سىياسەت- تەدبىرلەرنىڭ بولۇشىنى تەلەپ قىلىدۇ.

**4. ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىدا ئىشىكنى سىرتقا ئېچىۋېتىشنىڭ يولىنى ئۈزلۈكسىز كېڭەيتىش، مەزمۇنىنى كۆپەيتىش كېرەك.** تاشقى مەبلەغنى كىرگۈزۈش بىلەنلا چەكلىنىپ قالماسلىق كېرەك، شۇنىڭدەك بىر تەرەپلىمە ھالدا ئىقتىسادىي پائالىيەتنىلا كۆزدە تۇتماسلىق كېرەك. مېنىڭچە بۇنىڭدا ئىككى جەھەتتىكى مۇناسىۋەتنى ئوبدان بىر تەرەپ قىلىش كېرەك. بىرى سىرتتىن كىرگۈزۈش بىلەن سىرتقا چىقىرىشنىڭ مۇناسىۋىتى، سىرتتىن مەبلەغ ۋە تېخنىكا كىرگۈزۈش ناھايىتى مۇھىم ئەلۋەتتە، لېكىن شۇنىڭ بىلەن بىللە سىرتقا چىقىرىشنىمۇ كۆزدە تۇتۇش كېرەك.

چېگرىداش دۆلەتلەرنىڭ كۆپچىلىكى ئانچە تەرەققىي قىلمىغان دۆلەتلەر، شۇڭا دۆلىتىمىزنىڭ سىرتقا چىقىرىشىغا يارايدىغان نەرسىلەر ناھايىتى كۆپ، بۇلار مەھسۇلاتلارنى، ئەمگەك كۈچىنى ۋە تېخنىكىنى سىرتقا چىقىرىشنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. مەن دېخۇڭدا كىشىنى ناھايىتى قايىل قىلارلىق بىر مىسالنى ئۇقتۇم، دېخۇڭ ئوبلاستىدىكى مەلۇم بىر شىركەت بىرمىنىڭ بىر ناھىيە شەھىرىگە چېگرا سودىسى شەكلى بىلەن 4000 توچكا پروگراممىلىق تېلېفون ئورنىتىپ بېرىپ ناھايىتى ئالقىشقا ئىگە بوپتۇ. بۇنىڭدىن مەلۇمكى، بىزنىڭ بىرمۇنچە تېخنىكىمىز چەت ئەللەردە، بولۇپمۇ چېگرىداش قوشنا دۆلەتلەردە بازارغا ئىگە. سىرتقا ئەمگەك كۈچى چىقىرىش ئىشىمۇ ئوبدانلا تەرەققىيات ئىستىقبالىغا ئىگە. ئىككىنچىسى، ئىقتىساد ۋە سودا بىلەن مەدەنىيەتنىڭ مۇناسىۋىتى. ئىقتىساد ۋە سودىنى ئاساسىي ئورۇنغا قويۇش كېرەك ئەلۋەتتە، شۇنداقتىمۇ، بىرخىل ئىش بىلەنلا چەكلىنىپ قېلىشقا بولمايدۇ، ئالايلۇق، ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىنىڭ ساياھەتچىلىك ئىشى ناھايىتى جەلپ قىلىش كۈچىگە ئىگە. بۇ يىل يۈننەندە ئۆتكۈزۈلگەن سەنئەت بايرىمىمۇ بىزگە ئىلھام بەردى، ئەدەبىيات-سەنئەت سەھنىسىدە ئىقتىساد ۋە سودىغا ئائىت ئويۇنلار ئوينالدى، سەنئەت بايرىمى 1500دىن ئارتۇق چەت ئەللىك مېھماننى جەلپ قىلدى، ئۇلارنىڭ زور كۆپچىلىكى تىجارەت ۋە سەيلى-تاماشا قىلىش ئۈچۈن كەلگەن. دېمەك، ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىنىڭ ئارتۇقچىلىقىنى قانداق جارى قىلدۇرۇش، ئىشىكنى سىرتقا ئېچىۋېتىش ئىشىنى قانداق ئىلگىرى سۈرۈش جەھەتلەردە نۇرغۇن ئىشلارنى

قىلىشقا بولىدۇ.

**5. ئىشكىنى سىرتقا ئېچىۋېتىشكە كېرەكلىك خادىملارنى پا-
ئال يېتىشتۈرۈش كېرەك.** ئىش ئادەمگە باغلىق دېگەن گەپ بار.
ھەرقانداق ئىشنى قىلىشتا ئادەم كېرەك، ساپاسى بىرقەدەر يۇقى-
رى ئادەملەر كېرەك. ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرى ئىشكىنى
تېخىمۇ كەڭ ئېچىۋېتىش ئۈچۈن نۇرغۇنلىغان ھەر خىل ئىختى-
ساسلىق خادىملارغا مۇھتاج. ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىدا
ناھايىتى كەملىك قىلىۋاتقان، ئىشكىنى تېخىمۇ كەڭ ئېچىۋې-
تىشنى چەكلەۋاتقان ئامىل ئەنە شۇ. شۇڭا ئىشكىنى سىرتقا
ئېچىۋېتىشنى كۆزدە تۇتۇش بىلەن بىللە ئىختىساسلىق خادىملار-
نى يېتىشتۈرۈشنىمۇ كۆزدە تۇتۇپ، بۇ ئىشنى مۇھىم ئىشلار
كۈنتەرتىپىگە كىرگۈزۈش كېرەك. ئىختىساسلىق خادىملارنى
تەكلىپ قىلىشقا بولىدۇ، مەكتەپلەردە تەربىيىلەشكىمۇ بولىدۇ،
ھەممىدىن رېئال چارە كۇرستا تەربىيىلەشنى چىڭ تۇتۇپ، نەزە-
رىيىنى ئەمەلىيەت بىلەن بىرلەشتۈرۈش ئۇسۇلىنى قوللىنىپ،
بىر تۈركۈم ئىختىساسلىق خادىملارنى تېز يېتىشتۈرۈشتىن ئى-
بارەت. خادىملارنى ئىشقا قويۇشتا ئىدىيىنى ئازاد قىلىپ، ئىس-
لاھات-ئېچىۋېتىش ئىشلىرىنى قەتئىي داۋاملاشتۇرىدىغان، ھە-
قىقىي بىلىم ۋە ئىقتىدارغا ئىگە بولغان خادىملارنى دادىل ئۆستۈ-
رۈپ، مۇھىم ۋەزىپىگە قويۇپ، ئۇلارنىڭ ئەقىل-پاراسىتىنى
جارى قىلدۇرۇش كېرەك.

**6. ئىككى قولدا تۇتۇشتا چىڭ تۇرۇش، باشقۇرۇشنى كۈچەي-
تىش، ئىشكىنى تېخىمۇ كەڭ ئېچىۋېتىش داۋامىدا ئاز سانلىق
مىللەت رايونلىرىنىڭ مۇقىملىقىنى قوغداش ۋە ئىلگىرى سۈرۈش**

كېرەك. ئېچىۋېتىش بىلەن مۇقىملىق بىر-بىرىگە زىت ئەمەس، بەلكى بىر-بىرىنى ئىلگىرى سۈرىدۇ. ئەمەلىيەت شۇنى ئىسپات-لىدىكى، ئېچىۋېتىش ئوبدان يولغا قويۇلسا، ئىقتىساد راۋاجلان-سا، خەلقنىڭ تۇرمۇشى ياخشىلانسا، ئۇيۇشقاقلىق كۈچى شۇنچە ئاشىدۇ، مۇقىملىققا شۇنچە پايدىلىق بولىدۇ. دۆلىتىمىزنىڭ بۈگۈنكى مۇقىملىقى ئىسلاھات-ئېچىۋېتىش ئىشلىرىنىڭ خاسى-يىتىدىن بولدى، كەلگۈسىدىكى مۇقىملىقمۇ ئىسلاھات-ئېچىۋې-تىش ئىشلىرىدىن ئايرىلالمايدۇ. ئىشىكنى ئېچىمۇ كەڭ ئېچى-ۋېتىش داۋامىدا ئىككى قولدا تۇتۇش فاڭجېنىدا چىڭ تۇرۇش، قەتئىي قانۇن بويىچە ئىش قىلىپ، قانۇنغا خىلاپلىق قىلىپ جىنايەت ئۆتكۈزگەنلەرگە ۋە چىرىكلىككە زەربە بېرىش، پاكلىق قۇرۇلۇشىنى ئوبدان ئېلىپ بېرىش كېرەك؛ دۈشمەن كۈچلەر-نىڭ بۆلگۈنچىلىك ۋە سىڭىپ كىرىش ھەرىكەتلىرىدىن ھوشيار بولۇش ۋە ئۇنىڭغا قارشى تۇرۇش كېرەك. شۇنداق قىلىپ چېگرا رايونلىرىمىزدا ئىشىكنى ئېچىۋېتىش ئىشى جانلانسۇن، ئىقتىساد گۈللەنسۇن، مىللەتلەر ئىتتىپاقلاشسۇن، جەمئىيەت مۇقىم بولسۇن.

# ئىنتىپاقلىشىپ كۆرەش قىلىپ، داۋاملىق ئالغا ئىلگىرىلەپ، ئاز سانلىق مىللەتلەر مائارىپىنى پۈتۈن دۆلەتنىڭ مائارىپى بىلەن تەڭكەش راۋاجلاندۇرايلى*

(1992-يىل 3-ئاينىڭ 15-كۈنى)

4-قېتىملىق مەملىكەتلىك مىللىي مائارىپ خىزمەت يىغىنى ئىنتايىن مۇھىم يىغىن بولدى. بۇ يىغىن مەملىكىتىمىزنىڭ مىللىي مائارىپ ئىشلىرىنىڭ تەرەققىياتىغا، مىللەتلەرنىڭ ئىتتىپاقلىشىپ ئالغا بېسىشىغا جەزمەن زور ۋە چوڭقۇر تەسىر كۆرسىتىدۇ. مەن دۆلەت مىللىي ئىشلار كومىتېتىغا ۋەكالەتەن، يىغىننى قىزغىن تەبرىكلەيمەن! پۈتۈن مەملىكەتنىڭ مىللىي مائارىپى بويىچە ئىلغار كوللېكتىپ ۋە ئىلغار شەخسلەرنىڭ يىغىنغا قاتناشقان ۋەكىللىرىگە ھەمدە سىلەر ئارقىلىق مىللىي مائارىپ ئىشلىرى بىلەن شۇغۇللىنىۋاتقان، بۇ ئىشقا كۆڭۈل بۆلۈۋاتقان ۋە مەدەت بېرىۋاتقان يولداشلارغا ۋە دوستلارغا

---

* بۇ— يولداش ئىسمايىل ئەھمەدنىڭ 4-قېتىملىق مەملىكەتلىك مىللىي مائارىپ خىزمەت يىغىنىدا سۆزلىگەن سۆزى.

چىن قەلبىمدىن رەھمەت ئېيتىمەن ۋە ئالىي ئېھتىرام بىلدۈرىمەن!

بايا، يولداش لى تېپېڭ يىغىندا مۇھىم دوكلات بېرىپ، مىللىي مائارىپنىڭ ستراتېگىيىلىك ئورنىنى چوڭقۇر شەرھلىدى، مىللىي مائارىپتا قولغا كەلگەن نەتىجىلەرنى ۋە تەجرىبىلەرنى سىستېمىلىق خۇلاسىلىدى، مىللىي مائارىپنى راۋاجلاندۇرۇش ۋە ئىسلاھ قىلىشقا دائىر ۋەزىپە، سىياسەت ۋە تەدبىرلەر ھەققىدە ئوبدان پىكىرلەرنى بايان قىلدى. مەن ئۇنىڭغا پۈتۈنلەي قوشۇلىمەن. يولداشلارنىڭ بۇ دوكلاتنى ئەستايىدىل ئۆگىنىپ ئۆزلەشتۈرۈشىنى ھەمدە ئەمەلىي خىزمەت داۋامىدا ھەقىقىي تۈردە ئىزچىللاشتۇرۇشى ۋە ئەمەلىيلەشتۈرۈشىنى سورايمەن.

يولداشلارغا مەلۇم، بۇ يىل 1-ئايدا مەركىزىي كومىتېتنىڭ مىللىي خىزمەت يىغىنى چاقىرىلدى. يىغىندا مىللىي خىزمىتىمىزنىڭ شانلىق مۇۋەپپەقىيەتلىرى ۋە ئاساسىي تەجرىبىلىرى يەكۈنلەندى، 90-يىللاردىكى مىللىي خىزمەتنىڭ ۋەزىپىسى ۋە سىياسەت-تەدبىرلىرى ئوتتۇرىغا قويۇلدى. بۇ قېتىمقى يىغىن بىزنىڭ مىللىي مەسىلىنى ھەل قىلىشنىڭ جۇڭگوچە توغرا يولىدا چىڭ تۇرۇشقا، مىللەتلەرنىڭ ئىتتىپاقلىق-تەرەققىيات ۋە ئورتاق گۈللىنىش ئىشلىرىنى ئىلگىرى سۈرۈشكە، دۆلىتىمىزنىڭ زامانىۋىلاشتۇرۇش ئىشلىرىنى ئالغا سىلجىتىشقا زور ھەم چوڭقۇر تەسىر كۆرسەتكۈسى. مەركىزىي كومىتېتنىڭ مىللىي خىزمەت يىغىنىدا، باش شۇجى جياڭ زېمىن، لى پېڭ زۇڭلى ئۆزلىرىنىڭ مۇھىم سۆزلىرىدە، مىللىي مائارىپ

ئىشلىرىنى پائال راۋاجلاندۇرۇش لازىملىقى ئۈستىدە مەخسۇس توختىلىپ: مىللىي مائارىپتا ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ۋە ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىنىڭ ئەمەلىيىتىگە ئۇيغۇن كېلىدىغان يولنى پەيدىنپەي تېپىپ مېڭىش، مىللىي مائارىپنى ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتىغا ئۇيغۇنلاشتۇرۇش، ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرى ئۈچۈن ئىقتىساد، تېخنىكا ۋە باشقۇرۇش قاتارلىق جەھەتلەردىكى كەسپىي خادىملارنى تېز ــ ــ خىمۇ كۆپ يېتىشتۈرۈش لازىم دەپ كۆرسەتتى.

مەملىكىتىمىزدىكى ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىنىڭ كەلگۈسى ئون يىلدىكى ۋە 8-بەش يىللىق پىلان مەزگىلىدىكى ئىقتىسادىي ۋە ئىجتىمائىي تەرەققىيات مەسىلىسى توغرىسىدا، پارتىيە 13-نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتىنىڭ 7-ئومۇمىي يىغىنى ۋە 7-نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ 4-يىغىنىدا ناھايىتى مۇھىم بىر پرىنسىپ ئېنىق بەلگىلەندى، ئۇ بولسىمۇ: ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىنىڭ قالاق قىياپىتىنى پەيدىنپەي ئۆزگەرتىپ، تەرەققىياتىنى تېزلىتىپ، پۈتۈن مەملىكەتنىڭ تەرەققىياتىغا ماسلاشتۇرۇشتىن ئىبارەت. مېنىڭچە، بۇ پرىنسىپ مىللىي مائارىپقىمۇ ئۇيغۇن كېلىدۇ. بۇ قېتىمقى يىغىننىڭ ئاساسىي مەزمۇنى مەركىزىي كومىتېت مىللىي خىزمەت يىغىنىنىڭ روھىنى ئىزچىللاشتۇرۇش ۋە ئەمەلىيلەشتۈرۈشتىن ئىبارەت. شۇڭا، بۈگۈن مەن مەركىزىي كومىتېت مىللىي خىزمەت يىغىنىنىڭ روھىغا ئاساسەن، مىللىي مائارىپنى پۈتكۈل دۆلەتنىڭ مائارىپى بىلەن تەڭكەش راۋاجلاندۇرۇش مەسىلىسى ھەققىدە بىرئاز پىكىر بايان قىلماقچىمەن.

# 1

تارىخ ۋە رېئاللىق بىزگە شۇنى ئۇقتۇردىكى، مائارىپ— دۆلەتنىڭ روناق تېپىشى، جەمئىيەتنىڭ تەرەققىي قىلىشى ۋە مىللەتلەرنىڭ گۈللىنىشىدىكى ئاساسىي ۋاستە، هازىرقى جەمئىيەتتە بولۇپمۇ شۇنداق. بىزنىڭ كۆپ مىللەتلىك چوڭ دۆلىتىمىزدە، مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلارنىڭ يەر مەيدانى پۈتۈن مەملىكەت يەر مەيدانىنىڭ 64.3 پىرسەنتىنى ئىگىلىگەنلىكى ئۈچۈن، بۇ جايلاردىكى مائارىپنىڭ تەرەققىيات ئەھۋالى پۈتكۈل دۆلەتنىڭ مائارىپىغا ئىنتايىن چوڭ تەسىر كۆرسىتىدۇ؛ ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ئاھالىسى 91 مىليوندىن كۆپ بولغاچقا، 55 ئاز سانلىق مىللەتنىڭ پەن-مەدەنىيەت ساپاسى پۈتكۈل جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ ساپاسى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك. مىللىي مائارىپ پۈتكۈل دۆلەت مائارىپىنىڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمى، ئۇ پۈتۈن مەملىكەتتىكى باشقا رايونلارنىڭ مائارىپى بىلەن ئۆزئارا بىر-بىرىگە بېقىنىدۇ ۋە بىر-بىرىنى شەرت قىلىدۇ. پۈتكۈل دۆلەت مائارىپىنىڭ تەرەققىياتى مىللىي مائارىپنىڭ تەرەققىياتىدىن ئايرىلالمايدۇ؛ مىللىي مائارىپنىڭ تەرەققىياتى پۈتكۈل دۆلەت مائارىپىنىڭ تەرەققىياتىغا پايدىلىق. مىللىي مائارىپ تەرەققىياتىنى پۈتۈن دۆلەت مائارىپىنىڭ تەرەققىياتىغا ئۇيغۇنلاشتۇرۇش ۋە ماسلاشتۇرۇش— مۇقەررەر تاللاشقا تېگىشلىك توغرا يول.

يۇقىرىدا ئىزھار قىلىنغان سۆزلەردە پەقەت مائارىپنىڭ

ئۆزىلا كۆزدە تۇتۇلغان، بىز ئەمدى ئاز سانلىق مىللەتلەر مائارى-
پىنى پۈتۈن دۆلەت مائارىپى بىلەن تەڭكەش راۋاجلاندۇرۇشنىڭ
زۆرۈلۈكى ۋە مۇھىملىقىنى مىللىي خىزمەت ۋە مىللىي مەسىلە-
نى بىرتەرەپ قىلىش نۇقتىسىدىنمۇ تونۇشىمىز كېرەك. مىللىي
مەسىلە— دۆلىتىمىزنىڭ سوتسىيالىزم ئىشلىرىدا ھەل قىلىشقا
تېگىشلىك بولغان ئومۇمىي مەسىلىنىڭ بىر قىسمى. جۇڭخۇا
مىللەتلىرىنىڭ گۈللىنىشى ۋە دۆلىتىمىزنىڭ سوتسىيالىزم ئە-
شىنىڭ مۇۋەپپەقىيەت قازىنىشى ئۈچۈن، مىللىي مەسىلىنى
مۇۋاپىق ھەل قىلىشىمىز شەرت، مىللىي مائارىپنى تەرەققىي
قىلدۇرۇش مىللىي مەسىلىنى ئوبدان ھەل قىلىشتا ئىنتايىن
زور ئەھمىيەتكە ئىگە.

ئازادلىقنىڭ دەسلەپكى مەزگىلىدە، يولداش ماۋ زېدۇڭ:
«ئاز سانلىق مىللەتلەردىن كېلىپ چىققان زور بىر تۈركۈم
كوممۇنىستىك كادىرلار بولماي تۇرۇپ، مىللىي مەسىلىنى ئۈ-
زۈل-كېسىل ھەل قىلىش، مىللىي ئەكسىيەتچىلەرنى پۈتۈنلەي
يېتىم قالدۇرۇش مۇمكىن ئەمەس» دەپ ناھايىتى جايىدا كۆر-
سەتكەنىدى. ئۆز مىللىتىدىن بولغان كادىرلار شۇ مىللەتنىڭ
تەرەققىي قىلىشى ۋە ئالغا بېسىشىدا، شۇ مىللەتنىڭ باشقا
مىللەتلەر بىلەن بولغان ئىتتىپاقلىقى ۋە ھەمكارلىقىدا باشقا
مىللەتتىن بولغان كادىرلار ئوينىيالمايدىغان روللارنى ئوينايدۇ.
مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە مەملىكىتىمىزنىڭ مىللىي
مەسىلىنى ھەل قىلىشتىكى ئاساسىي سىياسىتى. مىللىي تېررى-
تورىيىلىك ئاپتونومىيىنى يولغا قويۇشتا، ئاز سانلىق مىللە-
لەرنىڭ ئۆز ئىشىغا ئۆزى خوجا بولۇشىدا زور بىر تۈركۈم ئاز

سانلىق مىللەت كادىرلىرى بولۇشى شەرت. مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە قانۇنىدا مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلارنىڭ ئاپتونومىيە ئورگانلىرىدا ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرىنى ئوزۇنلاشتۇرۇش توغرىسىدا ئېنىق بەلگىلىمىلەر بار. دېمەك، نەزەرىيە، سىياسەت ۋە قانۇن جەھەتتە ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرىنى زور كۈچ بىلەن يېتىشتۈرۈش لازىم دېگەن ئورتاق تەلەپ ئوتتۇرىغا قويۇلغان. كادىرلار قەيەردىن كېلىدۇ؟ ئەلۋەتتە، ئەمەلىيەت داۋامىدا ئۆسۈپ يېتىلىدۇ. لېكىن مۇھىمى يەنىلا مەكتەپتە تەربىيىلەپ يېتىشتۈرۈلۈشى كېرەك، ئەمەلىي خىزمەت داۋامىدا چېنىقىش يولى بىلەن يېتىشكەن كادىرلارمۇ مۇئەييەن پەن-مەدەنىيەت بىلىملىرىگە ئىگە بولۇشى شەرت. ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرىنى يېتىشتۈرۈش مەكتەپ تەربىيىسىدىن، مائارىپ ئىشلىرىنىڭ تەرەققىياتىدىن ئايرىلىپ كېتەلمەيدۇ، ئەنە شۇنىڭ ئۆزى «مىللىي مەسىلىنى ئۈزۈل-كېسىل ھەل قىلىش»نى مىللىي مائارىپ ئىشلىرىنىڭ تەرەققىياتى بىلەن ئىچكى ۋە ئورگانىك باغلىنىشقا ئىگە قىلغان.

مىللىي مائارىپنى راۋاجلاندۇرۇش مىللىي سىياسەتنى ئوبدان ئىجرا قىلىشنىڭ، ھازىرقى باسقۇچتىكى مىللىي مەسىلىنى ئوبدان ھەل قىلىشنىڭ، مىللەتلەرنىڭ ئورتاق گۈللىنىشىنى ئىلگىرى سۈرۈشنىڭ جىددىي ئېھتىياجى. مىللەتلەرنىڭ ئورتاق گۈللىنىشى مىللەتلەرنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتىنى، شۇنداقلا مائارىپ ۋە مەدەنىيەت تەرەققىياتىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ھازىرقى باسقۇچتا دۆلىتىمىزدىكى مىللىي مەسىلە ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ۋە ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىنىڭ ئىقتىسادىي تەرەق-

قىياتىنى ۋە مەدەنىيەت تەرەققىياتىنى تېزلىتىشنى جىددىي تەلەپ
قىلىۋاتقانلىقىدا بىرقەدەر مەركەزلىك ئىپادىلەنمەكتە. ئىقتىسا-
دىي تەرەققىيات مائارىپنى ئاساس قىلغان ئەقلىي قوللاشقا، مائا-
رىپ ئاساسىغا قۇرۇلغان پەن-تېخنىكا كۈچىگە مۇھتاج؛ مەدەنى-
يەتنىڭ گۈللىنىشى، كىشىلەرنىڭ پەن-مەدەنىيەت سەۋىيىسى-
نىڭ ئۆسۈشى مائارىپتىن ئايرىلسا قۇرۇق گەپ بولۇپ قالىدۇ.
ئەمەلىيەت شۇنى ئىسپاتلىدىكى، بەزى ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ
ۋە ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىنىڭ ئىقتىساد ۋە مەدەنىيەت
جەھەتتە نىسپىي ئارقىدا قېلىشىدىكى ئىنتايىن مۇھىم بىر سە-
ۋەب مائارىپىنىڭ ئارقىدا قالغانلىقىدىن ئىبارەت. بەزى تەكشۈ-
رۈشلەردىن مەلۇمكى، كىشى بېشىغا توغرا كېلىدىغان كىرىم
بىلەن ئادەملەرنىڭ مەدەنىيەت سەۋىيىسى توغرا تاناسىپ بولىدى-
كەن. 2-تۇرلۇك قىلىپ ئېيتقاندا، مىللىي مائارىپنى راۋاجلان-
دۇرغاندىلا، ئاندىن مىللەتنىڭ ساپاسىنى ئۆستۈرگىلى، مىللىي
ئىقتىسادنى گۈللەندۈرگىلى، نامراتلىقتىن قۇتۇلۇپ بېيىش ئە-
شىنى تېخىمۇ ئوبدان ئېلىپ بېرىپ، مىللەتلەرنى ئورتاق گۈل-
لەندۈرگىلى بولىدۇ.

مىللىي مائارىپنى راۋاجلاندۇرۇش مىللەتلەرنىڭ باراۋەرلى-
كىنى، ئىتتىپاقلىقىنى ۋە ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى قوغداشتا ئىنتا-
يىن مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە. مىللەتلەرنىڭ ئىتتىپاقلىقى ۋە
ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى قوغداش ھەر مىللەت پۇقرالىرىنىڭ قانۇ-
نىي مەجبۇرىيىتى ۋە ئەخلاقىي مەسئۇلىيىتى. لېكىن ۋەتەننىڭ
بىرلىكىنى ۋە مىللەتلەرنىڭ ئىتتىپاقلىقىنى قوغداشتا، ساددا
ھېسسىيات ۋە ياخشى ئارزۇنىڭ بولۇشىلا كۇپايە قىلمايدۇ. يەنە

ئەقلىي پىكىر قىلىش، توغرا كۆز قاراشقا ئىگە بولۇش، ۋەتەن-نىڭ تارىخى ۋە مەدەنىيىتىنى چۈشىنىش ۋە چىن يۈرەكتىن سۆيۈشمۇ لازىم. شۇ شەرتنى هازىرلىغان كىشىلا ئۇلۇغ ۋەتىنى-مىزنى قىزغىن سۆيۈشتە، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى قەدىرلەش-تە تېخىمۇ ئاڭلىق، تېخىمۇ پاراسەتلىك ۋە تېخىمۇ قەتئىي بولا-لايدۇ. بۇ تەلەپلەرنى ئورۇنداش تەلىم-تەربىيىدىن ئايرىلمايدۇ. بۇ تەربىيە پەن-مەدەنىيەت بىلىملىرى ھەققىدىكى تەربىيىنىمۇ، سىياسىي-ئىدىيىۋى تەربىيىنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. مەكتەپ تەلىم-تەربىيىسى كىشىلەرنىڭ ئىدىيىسىنىڭ شەكىللىنىشىگە ئىنتايىن چوڭقۇر ۋە ئۇنتۇلماس تەسىر كۆرسىتىدۇ، كىشىلەر-نىڭ پۈتۈن ئۆمرىدە چوڭ رول ئوينايدۇ. شۇڭا، ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى ۋە مىللەتلەرنىڭ باراۋەرلىكىنى، ئىتتىپاقلىقىنى تې-خىمۇ ياخشى قوغداش ئۈچۈن، مىللىي مائارىپنى راۋاجلاندۇ-رۇش ئارقىلىق، يېڭى كىشىلەرنى تىرىشىپ يېتىشتۈرۈش كېرەك.

## 2

مىللىي مائارىپنى دۆلەتنىڭ مائارىپى بىلەن تەڭ راۋاج-لاندۇرۇش دېگىنىمىز ئاساسلىقى مىللىي مائارىپنىڭ نىسپىي قالاقلىق هالىتىنى پەيدىنپەي ئۆزگەرتىپ، پۈتكۈل دۆلەت مائا-رىپىنى ئۈزلۈكسىز راۋاجلاندۇرۇش بىلەن بىرۋاقىتتا، ئاز سان-لىق مىللەتلەرنىڭ مائارىپىنىمۇ ئۆز لايىقىدا راۋاجلاندۇرۇش كېرەك دېگەننى بىلدۈرىدۇ. ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىنىڭ

ئەمەلىيىتىگە ئاساسەن، مىللىي مائارىپنى تەرەققىيات كۆلىمى، تەرەققىيات سەۋىيىسى، تۈرلۈك سىلىنما، ئوقۇتۇش شارائىتى، تەلىم-تەربىيە سۈپىتى قاتارلىق جەھەتلەردە پۈتۈن مەملىكەتنىڭ سەۋىيىسى بىلەن ئومۇمەن ئوخشاش قىلىشقا تىرىشىش لازىم.

دەرۋەقە، مىللىي مائارىپنى پۈتۈن دۆلەت مائارىپى بىلەن تەڭكەش راۋاجلاندۇرۇش ئاسانلا ۋۇجۇدقا چىقىدىغان ئىش ئەمەس، ئۇنىڭ ئۈچۈن قاتتىق تىرىشىشقا، مۇئەييەن ۋاقىت سەرپ قىلىشقا توغرا كېلىدۇ. خۇددى ئىقتىسادىي تەرەققىياتتا پاسسىپ تەڭپۇڭلۇقنى كۆزلەپ، تەرەققىي تاپقان رايونلارنىڭ تەرەققىيات سۈرئىتىنى ئاستىلىتىش چارىسىنى قوللىنىشقا بولمىغاندەك، مائارىپ تەرەققىياتىدىمۇ ئۇنداق چارىنى قوللىنىشقا بولمايدۇ، ئەمما ساقلىنىۋاتقان پەرقلەرنى شۇ پېتى تاشلاپ قويۇشقىمۇ بولمايدۇ، ئاكتىپ پوزىتسىيە قوللىنىپ، «ئۇيغۇنلاشتۇرۇش، ماسلاشتۇرۇش» نىشانىغا قاراپ مېڭىش لازىم.

مىللىي مائارىپنى پۈتۈن دۆلەت مائارىپى بىلەن تەڭكەش راۋاجلاندۇرۇش زۆرۈر بولۇپلا قالماستىن، بەلكى مۇمكىن:

بىز ئەۋزەل سوتسىيالىستىك تۈزۈمگە ئىگە، پارتىيە ۋە دۆلەت مىللىي مائارىپقا ئالاھىدە ئېتىبار بېرىدۇ. دۆلەت مىللىي مائارىپنىڭ تەرەققىياتىنى تېزلىتىش ئۈچۈن، ئومۇمىي جەھەتتىن تەڭشەش ۋە تىزگىنلەش ئارقىلىق، بىر قىسىم كونكرېت ۋە ئالاھىدە سىياسەت-تەدبىرلەرنى قوللىنىدۇ، دۆلىتىمىزدە مىللىي مائارىپنىڭ تەرەققىي قىلىپ بۈگۈنكى كۆلەمگە ئىگە بولۇشى ۋە زور مۇۋەپپەقىيەتلەرگە ئېرىشىشى ئەنە شۇنى تولۇق چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ. مىللىي مائارىپنىڭ بۇنىڭدىن كېيىنكى

تەرەققىياتىدا، سوتسىيالىستىك تۈزۈمنىڭ ئەۋزەللىكى تېخىمۇ روشەن نامايان بولغۇسى.

دۆلىتىمىزنىڭ مىللىي مائارىپى خېلى ئوبدان ئاساسقا ئىگە بولۇپ قالدى. جۇمھۇرىيىتىمىز قۇرۇلغاندىن كېيىن، بولۇپمۇ پارتىيە 11-نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتىنىڭ 3-ئومۇمىي يىغىنىدىن بۇيان، دۆلىتىمىزنىڭ مىللىي مائارىپىدا كۆرۈنەرلىك نەتىجىلەر قولغا كەلتۈرۈلدى: مەملىكەت بويىچە ھەر دەرىجىلىك ھەر خىل مەكتەپلەردە ئوقۇۋاتقان ئاز سانلىق مىللەت ئوقۇغۇچىلىرى زور دەرىجىدە كۆپەيدى. 1990-يىلىدىكى ستاتىستىكا بويىچە، ئاز سانلىق مىللەت ئوقۇغۇچىلىرىنى 1951-يىلدىكىگە سېلىشتۇرغاندا، ئالىي مەكتەپلەردە ئوقۇۋاتقانلىرى 46 ھەسسە، ئوتتۇرا مەكتەپتە ئوقۇۋاتقانلىرى 71 ھەسسە، باشلانغۇچ مەكتەپتە ئوقۇۋاتقانلىرى ئون ھەسسە كۆپەيگەن. دۆلىتىمىزدە بىرقەدەر مۇكەممەل بولغان مىللىي مائارىپ سىستېمىسى ۋۇجۇدقا كەلدى، مىللىي مائارىپ خادىملىرىنىڭ زور قوشۇنى بارلىققا كەلدى، مەملىكەت بويىچە مىللىي مائارىپ پەن تەتقىقاتى تورى شەكىللەندى، مىللىي مائارىپنىڭ ئوقۇتۇش ۋە پەن تەتقىقاتى ئىشىدا مول نەتىجىلەر قولغا كەلتۈرۈلدى. مىللىي مائارىپ پۇختا ئاساستا يېڭى پەرۋازىنى ئىشقا ئاشۇرغۇسى.

مىللىي مائارىپ جەھەتتە بىرمۇنچە پايدىلىق تەجرىبىلەر ھاسىل قىلىندى. مەكتەپ ئېچىش، مەكتەپ باشقۇرۇش، مەكتەپ ئېچىش شەكلى، قوبۇل قىلىنغان ئوقۇغۇچىلارنى تەقسىم قىلىش، ئوقۇتۇش تىلى، دەرسلىك قۇرۇلۇشى قاتارلىق جەھەتلەردە ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ۋە ئاز سانلىق مىللەت رايونلى-

-رىنىڭ ئەمەلىيىتى ئەكس ئەتتۈرۈلدى ۋە شۇنىڭغا ئۇيغۇن ئىش قىلىندى. ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىك ۋە زور ھاياتىي كۈچ نامايان قىلىندى. يەنە بىرمۇنچە روشەن ئالاھىدىلىككە ئىگە مەكتەپ باشقۇرۇش شەكلى ئىجاد قىلىندى، مانا بۇلار بۇنىڭدىن كېيىن مىللىي مائارىپنى تېخىمۇ ياخشى باشقۇرۇشقا پايدىلىق.

ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىنىڭ ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشىدا ناھايىتى زور نەتىجىلەر قولغا كەلتۈرۈلۈپ، مىللىي مائارىپنىڭ تەرەققىياتى ئوبدان ماددىي ئاساسقا ئىگە قىلدى. جۇمھۇرىيىتىدىمىز قۇرۇلغاندىن بۇيان، مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلارنىڭ سانائەت-يېزا ئىگىلىك ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى ئون ھەسسە ئاشتى. مالىيە كىرىمى 26 ھەسسە ئاشتى، خەلقنىڭ تۇرمۇش سەۋىيىسى ئومۇميۈزلۈك ئۆستى، مىللىي مائارىپنىڭ تەرەققىياتى ئۈچۈن تېخىمۇ كۆپ مالىيە كۈچى، ماددىي كۈچ ئاجرىتىش ئىمكانىيىتى تۇغۇلدى. مۇشۇ بىرنەچچە يىلدىن بۇيان، بىرمۇنچە ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرى ئۆزىنىڭ مالىيە كۈچىدىن پايدىلىنىپ، مىللىي مائارىپ جەھەتتە خېلى كۆپ ئىشلارنى قىلدى. زامانىۋىلاشتۇرۇش ئىشىنىڭ راۋاجلىنىشىغا ۋە ئىسلاھات-ئېچىۋېتىش ئىشىنىڭ چوڭقۇرلىشىشىغا ئەگىشىپ، پۈتكۈل دۆلەتنىڭ ۋە ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىنىڭ ئىقتىسادىي قۇدرىتى تېخىمۇ ئاشىدۇ، مىللىي مائارىپنىڭ تەرەققىياتىمۇ بۇرۇنقىدىن زور زاپاس كۈچكە ئىگە بولىدۇ.

ھەر مىللەت خەلقىنىڭ مىللىي مائارىپنى راۋاجلاندۇرۇش ھەققىدىكى تونۇشى بارغانسېرى چوڭقۇرلاشتى، ئاكتىپلىقى بارغانسېرى ئاشتى. «بېيىش ئۈچۈن ئاۋۋال يول ياساش، تەرەققىي

قىلىش ئۈچۈن مائارىپنى يولغا قويۇش» كەڭ كادىرلارنىڭ ۋە
ئاممىنىڭ ئورتاق تونۇشى بولۇپ قالدى. كىشىلەر ئىقتىسادنى
راۋاجلاندۇرۇش، مىللەتنى گۈللەندۇرۇش ئۈچۈن مەكتەپ ئېچـ
چىپ، مائارىپقا ئەھمىيەت بېرىپ، تۈرلۈك ئىختىساس ئىگىلىـ
رىنى يېتىشتۈرۈش لازىملىقىنى ئوبدان تونۇپ يەتتى. ئەنە شۇنـ
داق تونۇش ئاساسىدا، ھەر مىللەت خەلقى مائارىپ بىلەن شۇـ
غۇللىنىشقا ناھايىتى يۇقىرى ئاكتىپلىق بىلەن بېرىلىپ، مەسـ
لىھەت بېرىپ، يول كۆرسىتىپ، پۇل ۋە كۈچ چىقىرىپ،
مائارىپ ئىشلىرىغا پائال ياردەم بەردى. بۇنداق ئاكتىپلىق مىلـ
لىي مائارىپنىڭ تەرەققىياتى ئۈچۈن قۇدرەتلىك تۈرتكىدۇر.
مىللىي مائارىپنى پۈتۈن دۆلەت مائارىپى بىلەن تەڭكەش
راۋاجلاندۇرۇشقا بولىدىغانلىقى ئەمەلىيەتتە ئىسپاتلاندى. جۇمـ
ھۇرىيىتىمىز قۇرۇلغاندىن بۇيان، ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ
مەكتەپتە ئوقۇۋاتقان ئوقۇغۇچىلىرى مەملىكەت بويىچە ئوتتۇرىچە
سەۋىيىدىن يۇقىرى سۈرئەتتە كۆپىيىپ باردى. بىر قىسىم ئاز
سانلىق مىللەتلەرنىڭ مائارىپ تەرەققىياتىنىڭ سەۋىيىسى پۈتۈن
مەملىكەتنىڭ ئوتتۇرىچە تەرەققىيات سەۋىيىسىگە باراۋەر بولدى
ھەتتا ئۇنىڭدىن ئېشىپ كەتتى. مەسىلەن، جىلىن ئۆلكىسىنىڭ
يەنبيەن چاۋشيەنزۇ ئاپتونوم ئوبلاستىدا، چاۋشيەنزۇلاردىن ئوـ
نۋېرسىتېت، تولۇق ئوتتۇرا ۋە تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپ
مەلۇماتىغا ئىگە بولغان كىشىلەرنىڭ ھەر 10 مىڭ نوپۇستا
ئىگىلىگەن نىسبىتى پۈتۈن مەملىكەتنىڭ ئوتتۇرىچە سەۋىيىسىـ
دىن يۇقىرى. يەنە ناشى، بەيزۇ، خېجې، جىنو قاتارلىق مىلـ
لەتلەرنىڭ مىللىي مائارىپ ئىشلىرىنىڭ تەرەققىيات سەۋىيىسىـ

مۇ پۈتۈن مەملىكەتنىڭ ئوتتۇرىچە تەرەققىيات سەۋىيىسىدىن ئېشىپ كەتتى.

بىزدە مىللىي مائارىپنى پۈتۈن دۆلەت مائارىپى بىلەن تەڭ-كەش راۋاجلاندۇرۇش پۈتۈنلەي مۇمكىن دېيىشكە تولۇق ئاساس بار. دەرۋەقە، بىز يەنە شۇنى سەزگۈرلۈك بىلەن كۆرۈشىمىز كېرەككى، دۆلىتىمىزنىڭ مىللىي مائارىپ تەرەققىياتىدا يەنە بىرمۇنچە مەسىلە ۋە قىيىنچىلىق ساقلانماقتا. مىللىي مائارىپنى پۈتۈن دۆلەت مائارىپى بىلەن تەڭكەش راۋاجلاندۇرۇش ئۈچۈن بوشاشماي تىرىشچانلىق كۆرسىتىشكە توغرا كېلىدۇ.

3

مىللىي مائارىپنى پۈتۈن دۆلەت مائارىپى بىلەن تەڭكەش راۋاجلاندۇرۇش، ھەممە جاي، ھەممە ساھەنىڭ ئورتاق تىرىش-چانلىق كۆرسىتىپ، قانۇنىيەتنى تەتقىق قىلىشنى، ئالاھىدى-لىكنى ئىگىلىشى ھەمدە كۆپ تەرەپلىمە تەدبىر قوللىنىشنى تەلەپ قىلىدۇ.

بىرىنچى، توغرا مائارىپ فاكجىبىنىدا چىڭ تۇرۇپ، ئىدىيە-ۋى-سىياسىي خىزمەتنى كۈچەيتىش لازىم. مائارىپنىڭ ئوبيېك-تى— ئادەم، سوتسىيالىستىك مائارىپنىڭ بىۋاستە مەقسىتى ئەقلىي، ئەخلاقىي ۋە جىسمانىي جەھەتتىن ئەتراپلىق كامالەت تاپقان سوتسىيالىزم قۇرغۇچىلارنى ۋە ئىزباسارلارنى تەربىيىلەپ يېتىشتۈرۈشتىن ئىبارەت. مۇشۇ فاكجىبىنى قەتئىي ئىزچىللاش-تۇرۇپ، ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققى-

ياتى ۋە ئىجتىمائىي مۇقىملىقى ئۈچۈن، ھەرقايسى مىللەتلەر-
نىڭ پەن-مەدەنىيەت سەۋىيىسىنى ئۆستۈرۈش ئۈچۈن، لاياقەت-
لىك ئىختىساس ئىگىلىرىنى تەربىيىلەپ يېتىشتۈرۈش —
مىللىي مائارىپنىڭ ئاساسىي ۋەزىپىسى. شۇڭا، مىللىي مائارىپ
سېپىدىكىلەر چوقۇم پارتىيە ۋە دۆلەتنىڭ مائارىپ فاڭجېنىنى
قىلچە تەۋرەنمەي ئىزچىللاشتۇرۇشى، كونكرېت ئەھۋالغا ئاسا-
سەن، ئىدىيىۋى-سىياسىي خىزمەتنى كۈچەيتىشى، ھەممە ئوقۇ-
غۇچىلارغا ۋەتەنپەرۋەرلىك، سوتسىيالىزم-كوممۇنىزم ۋە كول-
لېكتىۋىزم توغرىسىدا ئۈنۈملۈك ئىدىيىۋى تەربىيە ئېلىپ بېرى-
شى كېرەك. يەنە ھەر مىللەت ئوقۇغۇچىلىرىغا ماركسىزملىق
مىللەت قارىشى ھەققىدە تەربىيە ئېلىپ بېرىشقىمۇ ئەھمىيەت
بېرىشى لازىم. شۇنداق قىلىپ بىزنىڭ ئوقۇغۇچىلىرىمىز سوت-
سىيالىستىك تۈزۈمنىڭ، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنىڭ ۋە ۋەتەن
بىرلىكىنىڭ قوغدىغۇچىلىرى، ۋەتەننى روناق تاپقۇزۇشنىڭ ۋە
مىللەتلەرنى تەرەققىي قىلدۇرۇشنىڭ پىداكارلىرى، سوتسىيا-
لىزم قۇرۇش ئىشلىرىنىڭ غايىلىك، ئەخلاقلىق، مەدەنىيەت-
لىك، ئىنتىزاملىق ھەم ئىشەنچلىك ئىز باسارلىرى بولۇپ
قالسۇن.

ئىككىنچى، ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشنى مەركەز قىلىشتىن
ئىبارەت يېتەكچى ئىدىيىنى قەتئىي ئىزچىللاشتۇرۇپ، مائارىپ-
نى سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشى ئۈچۈن تې-
خىمۇ ئۈنۈملۈك خىزمەت قىلدۇرۇش، مىللىي مائارىپ بىلەن
ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىنىڭ ئىقتىسادىي-ئىجتىمائىي تە-
رەققىياتىنى ئۆزئارا ماسلاشتۇرۇش ھەم بىر-بىرگە تۈرتكە قى-

لىش لازىم. مائارىپ بىلەن ئىقتىسادنىڭ مۇناسىۋىتى بىر-بىرى-
نى تولۇقلايدىغان، بىر-بىرىنى شەرت قىلىدىغان مۇناسىۋەت.
مائارىپ تەرەققىي تاپماي تۇرۇپ ئىقتىسادنىڭ تەرەققىي تېپىشى
مۇمكىن ئەمەس. ئىقتىساد تەرەققىي تاپماي تۇرۇپ، مائارىپنىڭ
تەرەققىي تېپىشىمۇ مۇمكىن ئەمەس. مائارىپ ئىقتىساد بىلەن
يېقىن مۇناسىۋەت باغلاپ، ئىقتىسادىي تەرەققىيات ئۈچۈن خىز-
مەت قىلغان ۋە تۈرتكە بولغاندىلا، ئاندىن ئۆزىمۇ قۇدرەتلىك
تۈرتكىگە ئىگە بولۇپ، ئۆز تەرەققىياتىنى زاپاس كۈچكە ئىگە
قىلالايدۇ. بۇ بىزدىن شۇنى تەلەپ قىلىدۇكى، مىللىي مائارىپ
بىلەن مىللىي ئىقتىسادنىڭ ئالاقىسىنى تېخىمۇ يېقىنلاشتۇرۇش-
قا، تېخىمۇ مۇۋاپىقلاشتۇرۇشقا تىرىشىشىمىز، يۇقىرى مەكتەپ-
كە چىقىشنى بىر تەرەپلىمە قوغلىشىش خاھىشىنى تۈگىتىپ،
شۇ يەرنىڭ ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشى ۋە مەدەنىيەت قۇرۇلۇشى
ئۈچۈن يارامىلىق خادىملارنى تەربىيىلەپ يېتىشتۈرۈشىمىز كې-
رەك. بۇنىڭ ئۈچۈن، ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىنىڭ ئىجتى-
مائىي تەرەققىيات ۋە ئىقتىسادىنى گۈللەندۈرۈش جەھەتتىكى
ئېھتىياجىغا ئاساسەن، مىللىي مائارىپنىڭ ئىچكى قۇرۇلمىسىنى
مۇۋاپىق تەڭشەپ، تۈرلۈك مائارىپنىڭ نىسبەتەن مۇناسىۋىتىنى
ئەڭ ياخشى هالەتكە كەلتۈرۈشىمىز لازىم. ئومۇمىي مائارىپنى
راۋاجلاندۇرۇش بىلەن بىرۋاقىتتا، كەسپىي-تېخنىكا مائارىپىغا
ۋە چوڭلار مائارىپىغا ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىش لازىم. بەزى
جايلار تولۇقسىز ئوتتۇرا ۋە تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپنى پۈتتۈرۈپ
يۇقىرى مەكتەپكە كىرەلمىگەن ئوقۇغۇچىلارغا بىر يىل ئوقۇش
مۇددىتى قوشۇپ بېرىپ، ئۇلارنى بىرەر ئىختىساسقا ئىگە بو-

لۇپ، شۇ جاينىڭ ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشىدا پائال رول ئوينىاش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلغان، بۇ ئۇسۇل خۇلاسىلەپ، ئومۇملاشـ
تۇرۇشقا ئەرزىيدۇ. چوقۇم ئىدىيىنى توغرىلاپ، تەدبىر قوللىـ
نىپ، مىللىي مائارىپنى ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىنىڭ ئىقـ
تىسادىي ۋە ئىجتىمائىي تەرەققىياتى بىلەن تېخىمۇ زىچ بىرلەشـ
تۈرۈشىمىز، شۇ جايدىكى خەلق ئاممىسىنى نامراتلىقتىن قۇتۇلـ
دۇرۇپ بېيىتىش ۋە بەختلىك تۇرمۇشقا ئىگە قىلىش ئىشى
بىلەن تېخىمۇ زىچ بىرلەشتۈرۈشىمىز كېرەك.

ئۈچىنچى، «ئۈچكە يۈزلىنىش» (زامانىۋىلىشىشقا يۈزلىـ
نىش، دۇنياغا يۈزلىنىش، كەلگۈسىگە يۈزلىنىش) تە چىڭ تۇ-
رۇپ، مىللىي مائارىپنى ئىسلاھات داۋامىدا چوڭ قەدەم بىلەن
ئالغا سىلجىتىش لازىم. مىللىي مائارىپتا دىققەت-ئېتىبارنى شۇ
جاينىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتىغا قارىتىش لازىم، لېكىن بۇ كۆز
ئالدىدىكى مەنپەئەتكە بېرىلىش، تۆۋەن قاتلامدا، تۆۋەن سەۋىيىدە
ئارىسالدى بولۇپ يۈرۈش دېگەندىن دېرەك بەرمەيدۇ. تەرەققىيات
يۆنىلىشى جەھەتتە، ستراتېگىيىلىك قاراشقا ئىگە بولۇپ، يىراقـ
نى كۆزلەپ ئىش كۆرۈش، مىللىي مائارىپنى كۈنساناپ يېڭىلىـ
نىپ بېرىۋاتقان زامانىۋىلاشتۇرۇش ئىشىغا يېقىن يانداشتۇ-
رۇش، كەڭ دۇنياغا، كەلگۈسىگە يۈزلەندۈرۈش لازىم. ھەم ئاز
سانلىق مىللەت رايونلىرىنىڭ ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشىغا ۋە ئىجـ
تىمائىي تەرەققىياتىغا جىددىي ئېھتىياجلىق، ئەمەلىي تەلەپكە
باب ئىختىساس ئىگىلىرىنى تەربىيىلەپ يېتىشتۈرۈش، ھەم ئا-
لىي، كامىل ۋە سەرخىل ئىختىساس ئىگىلىرىنى تەربىيىلەپ
يېتىشتۈرۈش لازىم؛ ھەم ھازىرنىڭ ئۆزىدە كېرەكلىك ئىختىـ

ساس ئىگىلىرىنى تەربىيىلەپ يېتىشتۈرۈش، ھەم كەلگۈسىدە كېرەكلىك ئىختىساس ئىگىلىرىنى تەربىيىلەپ يېتىشتۈرۈش لازىم.

ھەرقانداق بىر مىللەت، ياشايمەن، تەرەققىي قىلىمەن ۋە ئالغا باسىمەن دەيدىكەن، زادى ئېغىشماي ئىسلاھات ئېلىپ بېرى-شى، ئىشىكنى ئېچىۋېتىشى، تەرەققىي تاپقان مىللەتلەردىن ۋە رايونلاردىن ئۆگىنىشى لازىم. مىللىي مائارىپنى تەرەققىي قىل-دۇرۇشتىمۇ شۇنداق قىلىش، مائارىپنى چوقۇم ئىسلاھات روھى بويىچە باشقۇرۇش لازىم. مىللىي مائارىپ جەھەتتىنمۇ ئىدىيىنى تېخىمۇ ئازاد قىلىپ، كونارغان قاراشلارنى چۆرۈپ تاشلاشقا، مىللىي مائارىپنىڭ تەرەققىياتىغا ۋە مىللەتلەرنىڭ ئالغا بېسىشى-غا پايدىسىز بولغان كونا رامكا، كونا ئەندىزە، كونا ئۇسۇللارنى ئۆزگەرتىشكە جۈرئەت قىلىشىمىز لازىم. دۇنيانىڭ مەدەنىيەت، پەن-تېخنىكا تەرەققىياتىدىكى يېڭى يۈزلىنىشكە، يېڭى ئالاھىدى-لىككە ئەگىشىشىمىز، مەملىكەت ئىچى ۋە سىرتىدا مائارىپ جەھەتتە ھاسىل قىلىنغان مۇۋەپپەقىيەتلىك تەجرىبىلەرنى شۇ-نىڭدەك مائارىپ نەزەرىيىسى جەھەتتىكى يېڭى نەتىجىلەرنى ئۆ-گىنىشكە، ئەينەك قىلىشقا، قوبۇل قىلىشقا ئەھمىيەت بېرىپ ئۆزىمىزنى ئۆستۈرۈشىمىز، مىللىي مائارىپنى ھەم مىللىي ئالا-ھىدىلىككە، ھەم روشەن دەۋر ئالاھىدىلىكىگە ئىگە قىلىشىمىز كېرەك.

تۆتىنچى، ئەمەلىيەتنى ئاساس قىلىپ، ھاياتىي كۈچكە تول-غان مىللىي مائارىپ تۈزۈلمىسىنى مۇكەممەللەشتۈرۈش ۋە را-ۋاجلاندۇرۇش لازىم. دۆلىتىمىزنىڭ مىللىي مائارىپى ساھەسىدە

گەۋدىلىك ئالاھىدىلىككە ئىگە تۈزۈلمە جەھەتتە ئېلىپ بېرىلغان پايدىلىق ئىزدىنىش مۇئەييەن ئۈنۈمگە ئېرىشتى. شۇنداقتىمۇ بۇنى يەنە داۋاملىق تەرەققىي قىلدۇرۇپ، تېخىمۇ مۇكەممەللەشتۈرۈپ، يېڭى يول تېپىشقا توغرا كېلىدۇ. دۆلەتنىڭ بىر تۇتاش مائارىپ فاڭجېنىنىڭ يېتەكچىلىكى ئاستىدا، مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلارنىڭ مىللىي مائارىپ جەھەتتە قانۇن بويىچە ئۆز ئالدىغا ئىش كۆرۈش ھوقۇقىنى كاپالەتكە ئىگە قىلىش كېرەك، شۇنىڭ بىلەن بىرۋاقىتتا، مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلارنىڭ ئاپتونومىيە ئورگانلىرى مەسئۇلىيىتىنى ھەقىقىي ئادا قىلىپ، مائارىپ ئىشلىرىنى تىرىشىپ ياخشى باشقۇرۇشى لازىم. ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىش ۋە تەقسىم قىلىش تۈزۈمى ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىنىڭ ئىختىساسلىق خادىملارنى يېتىشتۈرۈشكە ۋە كۆپەيتىشكە پايدىلىق بولۇشى لازىم، ئىمتىھان بەرگەن ئاز سانلىق مىللەت ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ مەكتەپكە كىرىش شەرتىنى مۇۋاپىق دەرىجىدە كەڭرەك قىلىشقا دائىر سىياسەت-بەلگىلىمىلەرنى داۋاملىق ئىجرا قىلىش، نىشانلىق قوبۇل قىلىنىدىغان ئوقۇغۇچى سانىنى مۇۋاپىق كۆپەيتىش، تەقسىمات جەھەتتە ئۈنۈملۈك تەدبىر قوللىنىپ، ئالىي مەكتەپ ۋە ئوتتۇرا تېخنىكوم مەكتەپلىرىنى پۈتتۈرگەن ئوقۇغۇچىلارنى ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىغا بېرىپ خىزمەت قىلىشقا رىغبەتلەندۈرۈش لازىم، ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرى ئىختىساس ئىگىلىرىنى كەلتۈرەلەيدىغان، ئىشلىتەلەيدىغان ۋە تۇرغۇزۇپ قالالايدىغان بولسۇن. ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىغا باپ كېلىدىغان مەكتەپ باشقۇرۇش شەكلى ئۈستىدە ئۈزلۈكسىز ئىزدىنىپ ۋە ئۇنى مۇ-

كەمەللەشتۈرۈپ، مىللىي مائارىپنىڭ تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈش كېرەك.

بەشىنچى، يولنى كېڭەيتىپ، سېلىنمىنى كۆپەيتىپ، مىللىي مائارىپنىڭ تەرەققىياتىنى ماددىي كاپالەتكە ئىگە قىلىش لازىم. مائارىپ تەرەققىياتىنىڭ سۈرئىتى تولىراق ماددىي سېلىنمىنىڭ ئاز ـ كۆپلۈكىگە باغلىق. ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىيات سەۋىيىسى بىرقەدەر تۆۋەن بولغاچقا، مائارىپ سېلىنمىسى چەكلىمىگە ئۇچراۋاتىدۇ، شۇڭا، يولنى كېڭەيتىش، سېلىنمىنى كۆپەيتىش، كىرىمنى ئاشۇرۇپ، چىقىمنى تېجەش، ئۈنۈمنى ئۆستۈرۈش كېرەك.

مائارىپنى باشقۇرۇشتا خۇددى قۇرۇلۇش ئېلىپ بېرىشقا ئوخشاش، ئالدى بىلەن ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىنىڭ تىرىشچانلىقىغا تايىنىش لازىم. جايلار ئۆز كۈچىگە تايىنىپ مائارىپ باشقۇرۇش ئىدىيىسىنى مەھكەم تۇرغۇزۇشى، ئۆز ئەھۋالىغا ئاساسەن، ئەقىل ئىشلىتىپ، چارە تېپىپ، مائارىپ سېلىنمىسىنى كۆپەيتىشى لازىم. تېجەشلىك كۈن كەچۈرۈشنى تەشەببۇس قىلىش، باشقا جەھەتتىكى چىقىمنى ئىمكانىيەتنىڭ بارىچە قىسقارتىپ، مائارىپ سېلىنمىسىنى ئاۋۋال ئورۇنلاشتۇرۇش، خەلق ئاممىسىغا «خەلق مائارىپىنى خەلق باشقۇرىدۇ» دېگەن ئىدىيىنى تەشۋىق قىلىش، ھەر ساھە، ھەر كەسىپتىكىلەرنى مائارىپ ئىشلىرىنى قوللاشقا سەپەرۋەر قىلىش، خەلق ئاممىسىنىڭ ۋە پۈتۈن جەمئىيەتنىڭ مائارىپ ئىشلىرىنى قوللاش ئاكتىپلىقىنى قوزغاش، مائارىپ خىراجىتىنىڭ مەنبەسىنى كۆپەيتىش كېرەك.

دەرۋەقە، ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىنىڭ ئاساسىي ئاجىز بولغانلىقتىن، ئىقتىسادىي تەرەققىياتى باشقا رايونلارنىڭكىدىن نىسپىي ھالدا ئاستىراق بولىدۇ، شۇڭا بۇ رايونلارنىڭ مائارىپىدىنى راۋاجلاندۇرۇش جەھەتتە دۆلەتنىڭ زور كۈچ بىلەن يۆلىشىگە ۋە ياردەم بېرىشىگە مۇھتاج، تەرەققىي تاپقان رايونلارنىڭ پائال ياردەم بېرىشىگىمۇ مۇھتاج. بۇ ياردەم مىللىي مائارىپ خىراجىتىنىڭ دۆلەت مائارىپىنىڭ كەسپىي خىراجىتىدە ئىگىلىگەن نىسبىتىنى مۇۋاپىق ئۆستۈرۈشنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. دۆلەت تۈرلۈك مائارىپ خىراجەتلىرىنى ئورۇنلاشتۇرغان ۋاقىتتا، مىللىي مائارىپقا ۋە ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىغا بۇرۇنقىدەكلا مۇۋاپىق ئېتىبار بېرىدۇ. ھەر دەرىجىلىك مالىيە، مائارىپ، مىللىي خىزمەت تارماقلىرى بىرنىيەتتە ھەمكارلىشىپ، زىچ ماسلىشىپ، دۆلەت مىللىي مائارىپقا مەخسۇس ئاجراتقان قوشۇمچە ياردەم پۇلى قاتارلىق خىراجەتلەرنى ئوبدان باشقۇرۇپ، جايىدا ئىشلىتىپ، ئوبدان ئۈنۈمگە ئىگە قىلىشى لازىم. ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىنىڭ قوشۇمچە ياردەم پۇلى، تەرەققىيات فوندى قاتارلىق بىرنەچچە خىل خىراجەتتىن مەلۇم نىسبەتنى ئاجرىتىپ، مىللىي مائارىپقا سەرپ قىلغان ئۆلكە، ئاپتونوم رايونلار داۋاملىق شۇنداق قىلىپ، ئاجراتقان خىراجەتنى ئوبدان باشقۇرۇشى، جايىدا ئىشلىتىشى لازىم؛ تېخى ئۇنداق قىلمىغان رايونلار، ئەستايىدىل مۇھاكىمە قىلىشى ۋە مۇناسىپ بەلگىلىمە تۈزۈپ چىقىشى كېرەك. جايلار يەنە شەرت-شارائىت يارىتىپ، مىللىي مائارىپ ئۈچۈن تېگىشلىك مەخسۇس مەبلەغ ۋە فوند تەسىس قىلىشى لازىم. قىسقىسى، تۈرلۈك ئامماللار بىلەن يولنى

كېڭەيتىپ، مىللىي مائارىپ ئۈچۈن ماددىي سېلىنمىنى كۆپەيتىش لازىم.

پېداگوگىكا مائارىپى، ئىككى تىلدا ئوقۇتۇش، ئۆز سىستېمىسى بويىچە ياردەم بېرىش، مىللىي مائارىپ خىزمىتىگە رەھبەرلىكنى كۈچەيتىش قاتارلىق مەسىلىلەر ئۈستىدە يولداش لى تيېيىڭ ناھايىتى ئوبدان پىكىر بايان قىلدى، مەن ئۇنىڭغا تامامەن قوشۇلىمەن، بۇ ھەقتىكى گەپلەرنى تەكرارلاپ ئولتۇرمايمەن.

يولداشلار، ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىنىڭ سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇش ئىشى، ئېلىمىزنىڭ مىللىي ئىتتىپاقلىق-تەرەققىيات ئىشى، مىللەتلەرنى ئورتاق گۈللەندۈرۈش ئىشى مىللىي مائارىپ ئىشىنىڭ تەرەققىياتىنى تېزلىتىشنى تەلەپ قىلماقتا، مىللىي مائارىپنىڭ پۈتۈن دۆلەت مائارىپى بىلەن تەڭكەش راۋاجلىنىشىنى كۈتمەكتە. ھەممىمىز يولداش جياڭ زېمىننى يادرو قىلغان پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ رەھبەرلىكىدە، ئىتتىپاقلىشىپ كۈرەش قىلىپ، زامانىۋىلاشتۇرۇش ئىشى داۋامىدا مىللىي مائارىپنى يېڭى تەرەققىياتقا ئېرىشتۈرۈپ، مىللەتلەرنىڭ ئۇلۇغۋار گۈللىنىشىنى ئىلگىرى سۈرەيلى.

# جۇڭخۇ ئېلىنى گۈللەندۈرۈش، ئورتاق گۈللىنىش يولىدا ئىتتىپاقلىشىپ كۈرەش قىلايلى*

(1992-يىل 3-ئاي)

يېقىندا مەركەز مىللىي خىزمەت يىغىنىدا باش شۇجى جياڭ زېمىن پۈتۈن مەملىكەت خەلقىگە: «مىللەتلەرنىڭ بۈيۈك ئىتتىپاقلىقىنى كۈچەيتىپ، جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش يولىدا قولنى قولغا تۇتىشىپ ئالغا چامدايلى» دەپ تەنتەنىلىك چاقىرىق قىلدى. بۇ پۈتۈن مەملىكەتتىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئورتاق يۈرەك ساداسىنى، زامانىمىزدىكى جۇڭگونىڭ چوڭ يۈزلىنىشىنى ئەكس ئەتتۈردى.

مىللەتلەرنىڭ بۈيۈك ئىتتىپاقلىقىنى كۈچەيتىش — زامانىۋىلاشتۇرۇش ئىشلىرىمىزنىڭ 2-قەدەمدىكى ستراتېگىيىلىك نىشانىنى ئىشقا ئاشۇرۇشنىڭ زۆرۈر شەرتى. ئىككى قاتلاش، ھاللىق سەۋىيىگە يېتىش ئۈچۈن ئاتلىنىش— دۆلەتنى روناق تاپقۇزۇشنىڭ تۈپ يولى، جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ گۈللىنىش ئۈمىدى ۋە ھەر مىللەت خەلقىنىڭ تۈپ مەنپەئىتى شۇنىڭغا

* بۇ ماقالە «مىللەتلەر ئىتتىپاقى» ژۇرنىلىنىڭ 1992-يىلىدىكى 3-سانىدا ئېلان قىلىنغان.

باغلىق. بۇ ئۇلۇغۋار نىشاننى ئەمەلگە ئاشۇرۇش كۆپ تەرەپلىك
شەرتلەرنى تەلەپ قىلىدۇ، بۇنىڭدا كەم بولسا بولمايدىغان بىر
شەرت مىللەتلەرنىڭ بۈيۈك ئىتتىپاقلىقىدىن ئىبارەت. مىللەت-
لەر ئىتتىپاقلاشقاندىلا، تىنچ ئىجتىمائىي مۇھىت بارلىققا كېلى-
دۇ-دە، ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشنى بىر نىيەت، بىر مەقسەتتە
ئېلىپ بېرىشقا بولىدۇ؛ مىللەتلەر ئىتتىپاقلاشقاندىلا، ھەر مىل-
لەت خەلقىنىڭ ئاكتىپلىقىنى تولۇق قوزغاشقا، كىشىلەرنىڭ
ئەقىل-پاراسىتىنى ئەڭ زور دەرىجىدە جارى قىلدۇرۇشقا بولى-
دۇ؛ مىللەتلەر ئىتتىپاقلاشقاندىلا، قۇدرەتلىك كۈچنى مۇجەس-
سەملەشتۈرۈپ، ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشتا يۈز بېرىدىغان قىيىن-
چىلىق ۋە مەسىلىلەرنى تۈگەتكىلى بولىدۇ. دۆلىتىمىزدە ئىش-
لەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ ئورۇنلىشىشى شەرقىي رايونلار بىلەن
غەربىي رايونلارنى ئۆزىگە خاس ئارتۇقچىلىققا ئىگە قىلىپ،
بىر-بىرىنى تولۇقلايدىغان ھالەتنى شەكىللەندۈرگەن، ئىقتىسا-
دىي جەھەتتىمۇ مىللەتلەر بىر-بىرىدىن ئايرىلالمايدىغان مۇناسى-
ۋەتنى ھاسىل قىلغان، شەرقىي قىسىم بىلەن غەربىي قىسىمنى
تەڭكەش راۋاجلاندۇرۇش، پۈتكۈل خەلق ئىگىلىكىنى ئىزچىل
ۋە مۇقىم ھالدا تەڭكەش راۋاجلاندۇرۇش ئۈچۈنمۇ مىللەتلەرنىڭ
مۇناسىۋىتى ئوبدان بولۇشى كېرەك.

مىللەتلەرنىڭ بۈيۈك ئىتتىپاقلىقىنى كۈچەيتىش —
دۆلەتنىڭ بىرلىكىنى قوغداشنىڭ مۇھىم شەرتى. دۆلىتىمىز
مىللەتلەر ئورتاق بىنا قىلغان كۆپ مىللەتلىك چوڭ ئائىلە،
بۈگۈنكى مۇستەقىللىك ۋە بىرلىك سان-ساناقسىز يۈكسەك ئى-
رادىلىك ھەققانىي كىشىلەرنىڭ باتۇرانە كۈرەش قىلىشى، قان

تۆكۈپ قۇربان بېرىشى ئارقىسىدا قولغا كەلدى، ئۇ ئىنتايىن قەدىرلەشكە ئەرزىيدۇ. ئاساسىي قانۇندا دۆلەتنىڭ بىرلىكىنى ۋە مىللەتلەرنىڭ ئىتتىپاقلىقىنى قوغداش بىرلەشتۈرۈلۈپ ھەربىر پۇقرانىڭ ئادا قىلىشى شەرت بولغان مەجبۇرىيىتى قىلىندى، بۇنىڭ ئۆزى ھەر ئىككىسىنىڭ مۇھىملىقىنى ۋە بىر-بىرى بى-لەن بولغان ئىچكى باغلىنىشنى تولۇق چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ. دۆلەتنىڭ بىرلىكىنى ۋە مىللەتلەرنىڭ ئىتتىپاقلىقىنى قەتئىي قوغداش— زامانىمىزدىكى جۇڭگولۇقلارنىڭ باش تارتىپ بولماي-دىغان قانۇنىي مەجبۇرىيىتى، ئەخلاقىي مەجبۇرىيىتى ۋە تارىخىي مەسئۇلىيىتى.

مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى كۈچەيتىش— مىللەتلەرنىڭ تە-رەققىي قىلىشى ۋە ئالغا بېسىشىنىڭ مۇھىم ئالدىنقى شەرتى. ھەممە كىشى ئۆز مىللىتىنىڭ ئۈزلۈكسىز تەرەققىي قىلىپ، ئالغا بېسىپ، ئىلغار مىللەتلەر قاتارىدىن ئورۇن ئېلىشىنى ئۈمىد قىلىدۇ. دۆلىتىمىزدە مىللەتلەرنىڭ تەرەققىي قىلىپ ئالغا بېسىشىدا ئۆز مىللىتىنىڭ ئىتتىپاقلىشىپ كۈرەش قىلى-شى زۆرۈر بولۇپلا قالماي، باشقا مىللەتلەر بىلەن ئورتاق كۈ-رەش قىلىشىمۇ زۆرۈر. ئۇزاقتىن بۇيانقى تارىخىي تەرەققىيات ۋە جۇغراپىيىلىك شارائىتقا ئوخشاش سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن، ھەرقايسى مىللەتلەر ئىقتىساد، مەدەنىيەت جەھەتتە ئاجرالماس ئىچكى باغلىنىش ھاسىل قىلغان، مىللەتلەر ئۈچۈن ئىناق بىللە ياشاش زۆرۈر بولۇپلا قالماستىن، بىر-بىرىنىڭ ئارتۇقچىلىقىنى قوبۇل قىلىش، ئۆزئارا ئۆگىنىش ۋە ئۆزئارا ياردەملىشىشمۇ زۆرۈر. مىللەتلەر ۋەتىنىمىزنىڭ بىرلىككە كەلگەن چوڭ ئائى-

لىسىدە ئىتتىپاقلىشىپ، ئۆزئارا ياردەملىشىپ، ئورتاق كۆرەش قىلغاندىلا ئىقتىسادىنى راۋاجلاندۇرۇش، مەدەنىيىتىنى گۈللەندۈرۈش، مىللىتىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش ئىمكانىيىتىگە ئىگە بولالايدىغانلىقىنى تارىخ ئىسپاتلىدى ۋە داۋاملىق ئىسپاتلىغۇسى.

مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى كۈچەيتىش — سوتسىيالىزم ئىشلىرىنىڭ غەلىبە قازىنىشىنىڭمۇ مۇھىم شەرتى. سوتسىيالىزم ئىشلىرى— ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئورتاق ئىشى ۋە تارىخىي تاللىشى، ئۇ ھەر مىللەت خەلقىنىڭ بىر مەقسەتتە ھەمكارلىشىپ، ئۈزلۈكسىز كۆرەش قىلىشىنى تەلەپ قىلىدۇ. مىللىي مەسىلىنىڭ قانداق بىر تەرەپ قىلىنىشى، مىللەتلەر مۇناسىۋىتىنىڭ قانداق بولۇشى— سوتسىيالىزم ئىشلىرىنىڭ ئالغا ئىلگىرىلىشى ياكى چېكىنىشى، غەلىبە قىلىشى ياكى مەغلۇپ بولۇشىدىكى مۇھىم ئامىل ۋە مۇھىم بەلگە، مىللەتلەرنىڭ ئىتتىپاقلىقى ۋە ھەمكارلىقى—سوتسىيالىزم ئىشلىرىنىڭ ئالغا قاراپ راۋاجلىنىشىدىكى مۇھىم شەرت، سوتسىيالىستىك ئىنقىلاب ۋە قۇرۇلۇش ئىشلىرىنىڭ مۇۋەپپەقىيىتىنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن مىللەتلەر مۇناسىۋىتى ئوبدان بولۇشى كېرەك.

شۇنىڭغا ئىشىنىشكە تولۇق ئاساسىمىز باركى، دۆلىتىمىزدىكى مىللەتلەر ئۇزاق تارىخىي تەرەققىيات داۋامىدا ئورناتقان ئىناق مۇناسىۋىتىنى ساقلاپ قالالايدۇ ۋە راۋاجلاندۇرالايدۇ.

بىرىنچى، دۆلىتىمىزنىڭ كۆپ مىللەتلىك بىر پۈتۈن دۆلەت بولۇپ شەكىللىنىش تارىخىي ئىنتايىن ئۇزۇن، ئىتتىپاقلىق، بىرلىك پۇقرالارنىڭ مۇھىم ئېڭى سۈپىتىدە ھەر مىللەت خەلقىنىڭ چوڭقۇر قەلبىدىن ئورۇن ئالغان. جۇڭخۇا مىللەتلە-

ـرىنىڭ تەرەققىيات تارىخىدا، ئىتتىپاقلىق-بىرلىك باشتىن-ئا-
خىر ئاساسىي ئېقىم بولۇپ كەلدى. بولۇپمۇ جۇڭگو كوممۇنىس-
تىك پارتىيىسىنىڭ رەھبەرلىكىدە، ھەر مىللەت خەلقى جاپا-
لىق، مۇشكۇل كۈرەشلەر ئارقىلىق، ئۈچ چوڭ تاغنى ئاغدۇرۇپ
تاشلاپ، دۆلەتنىڭ مۇستەقىللىكىنى ۋە مىللەتلەرنىڭ ئازادلىقى-
نى قولغا كەلتۈردى، ھەر مىللەت خەلقى دۆلەتنىڭ بىرلىكى،
مىللەتلەرنىڭ ئىتتىپاقلىقى ھەققىدە تېخىمۇ چوڭقۇر چۈشەنچىگە
ئىگە بولدى ھەمدە بىرلىك، ئىتتىپاقلىقنى تېخىمۇ قەدىرلەيدى-
غان بولدى. مانا بۇ— مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنىڭ مۇھىم ئىدى-
يىۋى ئاساسى.

ئىككىنچى، سوتسىيالىزم شارائىتىدا، پارتىيىمىز ۋە دۆ-
لىتىمىز ماركسىزمنىڭ ئاساسىي قائىدىلىرىگە ئاساسەن، جۇڭ-
گونىڭ كونكرېت ئەھۋالىغا بىرلەشتۈرۈپ، توغرا مىللىي سىيا-
سەت تۈزدى ۋە يولغا قويدى. مىللەتلەر چوڭ-كىچىك دەپ
ئايرىلماستىن باپباراۋەر بولدى. بۇ باراۋەرلىك چىنلىق ۋە كەڭ
دائىرىلىك خۇسۇسىيەتكە ئىگە. ھەممە مىللەت دۆلەتنىڭ خوجا-
يىنى، ئۆز تەقدىرىنىڭ خوجايىنى. دۆلەت ھەرقانداق مىللەتنى
كەمسىتىش ۋە ئېزىشنى مەنئى قىلدى ھەمدە مىللىي تېررىتورى-
يىلىك ئاپتونومىيە دېگەن شەكىلنى مىللىي مەسىلىنى ھەل
قىلىشتىكى ئاساسىي سىياسىي تۈزۈم قىلدى، مانا بۇلار مىللەت-
لەرنىڭ مەركەزگە ئىنتىلىش كۈچىنى ناھايىتى ئاشۇردى. ھەم-
مە مىللەت جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ رەھبەرلىكىدە
سوتسىيالىزم يولىغا مېڭىپ، ئۆز دۆلىتىنى ئوبدان گۈللەندۈ-
رۈشكە بەل باغلىدى. مانا بۇ مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنىڭ سىيا-

سي شەرتى.

ئۈچىنچى، سوتسىيالىستىك تۈزۈم مىللەتلەرنى ئىقتىسادىي جەھەتتە باراۋەر ئورۇنغا ئىگە قىلىپ، مىللەتلەرنىڭ تەرەققىي قىلىشى ۋە ئالغا بېسىشى ئۈچۈن رېئال شارائىت يارىتىپ بەردى. دۆلەت مىللەتلەرنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتى ۋە ئىجتىمائىي تەرەققىياتىدا تارىختا شەكىللەنگەن تەكشىسىزلىكنى پىلانلىق ئىگىلىك بىلەن بازار ئىگىلىكىنى بىرلەشتۈرۈش، ئىقتىسادىي، مەمۇرىي، قانۇنىي ۋە باشقا كۆپ خىل ۋاستىلەرنى قوللىنىش ئارقىلىق پەيدىنپەي ئۆزگەرتىپ، ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىنىڭ تەرەققىياتىنى تېزلىتىپ، مىللەتلەرنىڭ ئورتاق گۈللىنىشىنى ئىشقا ئاشۇرىدۇ. ئەمەلىيەت شۇنى كۆرسەتتىكى، جۇمھۇرىيىتىمىز قۇرۇلغاندىن بۇيان، دۆلىتىمىزدىكى مىللەتلەر غايەت زور تەرەققىياتقا ئېرىشتى، مىللەتلەرنىڭ قىياپىتىدە چوڭقۇر ئۆزگىرىش بولدى. بەزى مىللەتلەر بىر قانچە ئىجتىمائىي فورماتسىيىدىن ھالقىپ ئۆتۈپ، سوتسىيالىزم دەۋرىدىكى مىللەتكە ئايلاندى. ئىسلاھات-ئېچىۋېتىش مىللىي رايونلارنىڭ تەرەققىياتىنى جۇشقۇن ھاياتىي كۈچكە ئىگە قىلدى، خەلقنىڭ تۇرمۇشى كۆرۈنەرلىك دەرىجىدە ياخشىلاندى. ھەر مىللەت خەلقى ئەنە شۇ پاكىتلاردىن پەقەت ۋەتىنىمىزنىڭ ئىتتىپاقلىق-بىرلىك چوڭ ئائىلىسى قوينىدىلا، سوتسىيالىزم يولىدىلا تېخىمۇ ئوبدان روناق تېپىپ، ئالغا باسالايدىغانلىقىنى ۋە پارلاق ئىستىقبالغا ئىگە بولالايدىغانلىقىنى تونۇپ يەتتى. مانا بۇ — مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنىڭ ئىقتىسادىي ئاساسى.

تۆتىنچى، دۆلىتىمىز شەرقتىكى چوڭ دۆلەت، دۆلىتىمىز-

نىڭ خەلقئارا ئورنى ناھايىتى يۇقىرى. ئىقتىسادىي قۇدرىتى نۇقتىسىدىن ئېيتقاندا، كىشى بېشىغا توغرا كېلىدىغان مىللىي ئىشلەپچىقىرىش قىممىتى يۇقىرى ئەمەس، لېكىن دۆلەتنىڭ ئۇنىۋېرسال كۈچى بەرىبىر خېلى كۈچلۈك. بىز جۇڭگونىڭ ئۆز ئەھۋالى، خەلقنىڭ ئارزۇسى بويىچە ئۆز يولىمىزدا مېڭىپ، ئۆزىمىزنىڭ ئىشلىرىنى بىر تەرەپ قىلىدىغان قۇدرەتكە ۋە شارائىتقا ئىگە، مىللىي مەسىلىمۇ شۇنداق. دۆلىتىمىزدىكى ھەر مىللەت خەلقى جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ مىللىي سىياسىتىنى ھىمايە قىلىدۇ، دۆلەتنىڭ بىرلىكى ۋە مىللەتلەرنىڭ ئىتتىپاقلىقىنى قەتئىي قوغدايدۇ. شۇڭا، دۆلىتىمىز خەلقئارادىكى دۈشمەن كۈچلەرنىڭ ھەرقانداق بېسىمىغا تاقابىل تۇرىدىغان قۇدرەتكە، ئۆزىنىڭ مىللىي ئىشلىرىنى ئوبدان بىر تەرەپ قىلىپ، مىللەتلەرنىڭ بۈيۈك ئىتتىپاقلىقىنى قوغداش ۋە ئىلگىرى سۈرۈش ئىقتىدارىغا ئىگە. مانا بۇ— دۆلىتىمىزدىكى مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنىڭ ئىجتىمائىي شەرتى.

دۆلىتىمىزدىكى مىللىي مۇناسىۋەتنىڭ ھازىرقى ئەھۋالىنى ئىلمىي تەھلىل قىلىدىغان بولساق، شۇنداق خۇلاسىگە كېلەلەيمىزكى، مىللەتلەرنىڭ ئىتتىپاقلىقى مۇستەھكەم، ھەر مىللەت خەلقى ھەرقانداق بوران-چاپقۇن ۋە ئۆزگىرىش بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، تەقدىرداش، ھەمنەپەس، قەلبداش بولۇپ، مۇرىنى مۇرىگە تىرەپ، قولنى قولغا تۇتىشىپ، گۈزەل يېڭى تۇرمۇش بەرپا قىلىدۇ. سوتسىيالىستىك مىللىي مۇناسىۋەت دۆلەتنىڭ زامانىۋىلاشتۇرۇش ئىشلىرىغا ئەگىشىپ ئۈزلۈكسىز راۋاجلىنىپ بارىدۇ.

دەرۋەقە، بىز شەيئىلەرنىڭ يەنە بىر تەرىپىنىمۇ كۆرۈشى-مىز كېرەك، ئەمەلىيەتتە مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىغا پايدىسىز ئامىللارمۇ مەۋجۇت: خەلقئارادىكى دۈشمەن كۈچلەر دۆلىتىمىز-گە قاراتقان «تىنچ ئۆزگەرتىۋېتىش» ستراتېگىيىسىدە مىللىي مەسىلىنى يوچۇق ئېچىش ئېغىزى دەپ بىلمەكتە. ئىچكى-تاشقى بۆلگۈنچى كۈچلەر بۆلگۈنچىلىك ھەرىكەتلىرىنى ئېلىپ بارماقتا. مىللىي مۇناسىۋەتتە بەزى خەلق ئىچىدىكى زىددىيەتلەر، جۈملى-دىن ئىقتىسادىي مەنپەئەت، ئىدىيە-كۆز قاراش، ئۆرپ-ئادەت، ئىجتىمائىي ئالاقە قاتارلىق جەھەتلەردىكى زىددىيەتلەرمۇ مەۋجۇت.

شۇڭا، بىز ھەم دۆلىتىمىزدىكى مىللىي مۇناسىۋەتنىڭ كەلگۈسىگە تولۇپ تاشقان ئىشەنچ بىلەن قارىشىمىز، ھەم ساقلى-نىۋاتقان مەسىلىلەرگە بىپەرۋالىق قىلماسلىقىمىز لازىم. دەۋر تەرەققىي قىلىۋاتقانىكەن، سوتسىيالىستىك مىللىي مۇناسىۋەتمۇ ئۈزلۈكسىز تەرەققىي قىلىپ بارىدۇ. يېڭى ئەھۋاللارنى تەتقىق قىلىشقا، يېڭى مەسىلىلەرنى ھەل قىلىشقا توغرا كېلىدۇ. بىز داۋاملىق تىرىشچانلىق كۆرسىتىپ، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنىڭ قورغىنىنى مۇستەھكەملىشىمىز لازىم.

**1. مىللىي باراۋەرلىك پرىنسىپىدا باشتىن-ئاخىر چىڭ تۇرۇ-شىمىز لازىم.** مىللىي باراۋەرلىك— ماركسىزم نەزەرىيىسىنىڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمى، شۇنداقلا دۆلىتىمىزنىڭ مىللىي سى-ياسىتىنىڭ مۇھىم تەرىپى. گەرچە بىرمۇنچە دۆلەتلەر، تۈرلۈك سىنىپلار ۋە پارتىيىلەر «مىللىي باراۋەرلىك» بايرىقىنى كۆتۈ-رۈۋاتقان، «مىللىي باراۋەرلىك» شوئارىنى توۋلاۋاتقان بولسى-

مۇ، لېكىن مىللىي باراۋەرلىك پەقەت سوتسىيالىستىك تۈزۈم شارائىتىدىلا رېئاللىققا ئايلىنىشى مۇمكىن، دۆلىتىمىزدە مىل-لىي زۇلۇم ۋە مىللىي ئېكسپىلاتاتسىيە تۈزۈمى پۈتكۈل كونا تۈزۈمنىڭ يىمىرىلىشىگە ئەگىشىپ يوقالدى، شۇنداقتىمۇ بىز مىللىي باراۋەرلىك پرىنسىپىغا قىلچە سەل قارىماسلىقىمىز كې-رەك. مىللىي باراۋەرلىك پرىنسىپىنى ئوبدان ئىزچىللاشتۇ-رۇش ياكى ئىزچىللاشتۇرماسلىق مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىغا بىۋا-ستە تەسىر كۆرسىتىدۇ. يېڭى جۇڭگونىڭ قۇرۇلغىنىغا 40 نەچچە يىل بولدى، مىللىي باراۋەرلىك سىياستى كىشىلەر قەلبىدىن چوڭقۇر ئورۇن ئالدى، مىللەتلەرنىڭ مىللىي باراۋەر-لىك ھەققىدىكى چۈشەنچىسى تېخىمۇ چوڭقۇرلاشتى، مىللىي باراۋەرلىك كۆز قارىشى كۈچەيدى. ھەر دەرىجىلىك رەھبىرىي ئورگانلىرىمىز مىللىي باراۋەرلىك پرىنسىپىنى قەتئىي تەۋرەن-مەستىن داۋاملىق ئىزچىللاشتۇرۇشى، شۇنىڭ بىلەن بىرگە ھەر مىللەت پۇقرالىرىدىن ئالاقىلىشىش جەريانىدا مىللىي باراۋەر-لىك پرىنسىپىدا چىڭ تۇرۇش، بىر-بىرىگە باراۋەرلىك ئاساسىدا مۇئامىلە قىلىش ۋە ئۆزئارا دوستانە ئۆتۈشنى تەلەپ قىلىشى كېرەك، شۇنداق قىلغاندىلا مىللەتلەرنىڭ ئىتتىپاقلىقىنى تېخى-مۇ ئوبدان قوغدىغىلى بولىدۇ.

**2. مىللەتلەرنىڭ ئىقتىساد-مەدەنىيەت ئىشلىرىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش يولىدا كۈچ چىقىرىپ، مىللەتلەرنىڭ تەرەققىياتى، يۈك-سىلىشى ۋە ئورتاق گۈللىنىشىنى داۋاملىق ئىلگىرى سۈرۈشىمىز كېرەك.** مىللىي مۇناسىۋەت ئىجتىمائىي مۇناسىۋەتنىڭ بىر تۈ-رى. ماركسىزملىق نۇقتىئىنەزەر بويىچە، ئىقتىسادىي مۇناسى-

ۋەت بارلىق ئىجتىمائىي مۇناسىۋەتنىڭ ئاساسى، ئۇ ئىجتىمائىي مۇناسىۋەتنىڭ باشقا تەرەپلىرىنى بەلگىلەيدۇ ۋە چەكلەپ تۇرىدۇ. سوتسىيالىزم شارائىتىدا، مىللەتلەر ئوتتۇرىسىدىكى ئىقتىسادىي ھوقۇق-مەنپەئەتنى تەقسىم قىلىش، ئىقتىسادىي مۇناسىۋەتنى تەڭشەش مىللىي مۇناسىۋەتنى ياخشىلاشتا ئىنتايىن مۇھىم. دۆلىتىمىزدە ھازىرقى باسقۇچتا مىللىي مەسىلىنى ئوبدان بىر تەرەپ قىلىش، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى ئىلگىرى سۈرۈشتىكى ئاچقۇچ— ئاز سانلىق مىللەتلەرنى ۋە ئاز سانلىق مىللەت رايون- لىرىنى تېخىمۇ ئوبدان تەرەققىي قىلدۇرۇپ، مىللىي مۇناسى- ۋەتنىڭ ئىقتىسادىي ئاساسىنى مۇستەھكەملەشتىن ئىبارەت. شۇڭا، ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ئىقتىساد-مەدەنىيەت ئىشلىرى- نى تەرەققىي قىلدۇرۇشقا ياردەم بېرىشنى تېخىمۇ مۇھىم ئورۇن- غا قويۇپ، مىللىي خىزمەتتە پارتىيىنىڭ «بىر مەركەز، ئىككى ئاساسىي نۇقتا» دىن ئىبارەت ئاساسىي لۇشيەنىنى قەتئىي تەۋرەن- مەي ئىزچىللاشتۇرۇپ، مىللەتلەرنى سوتسىيالىزم يولىدا چوڭ قەدەم بىلەن ئالغا چامداش، تەرەققىي قىلىش ۋە گۈللىنىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىشىمىز كېرەك.

ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىيات ۋە ئىجتى- مائىي تەرەققىياتىدا، بىرىنچىدىن، ئاز سانلىق مىللەت خەلقى ئۆز كۈچىگە تايىنىپ ئىش كۆرۈشى، جاپالىق ئىشلەپ ئىگىلىك تىكلىشى، كونا قىياپىتىنى ئۆزىنىڭ ئەقىل-پاراستى ۋە ئەجرى بىلەن ئۆزگەرتىپ، ئىقتىسادنى تەرەققىي قىلدۇرۇشى ۋە مىل- لەتنى گۈللەندۈرۈشى لازىم.

ئىككىنچىدىن، 13-نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېت 7- ئو-

مۇمىي يىغىنىنىڭ روھى ۋە 7-نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ 4-ئومۇمىي يىغىنى ماقۇللىغان «پروگراما» نىڭ تەلىپى بويىچە، ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتى بىلەن ئىجتىمائىي تەرەققىياتىنى پۈتۈن مەملىكەتنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتى بىلەن ئىجتىمائىي تەرەققىياتىغا لايىقلاشتۇرۇش نىشانىنى ھەقىقىي ئىشقا ئاشۇرۇشىمىز كېرەك. كونكرېت ۋە ئۈنۈملۈك تەدبىرلەرنى قوللىنىپ، «لايىقلاشتۇرۇش» پرىنسىپىنى دۆلىتىمىزنىڭ ئىقتىسادىي ھاياتىدا قوللىنىشىمىز ۋە ئەمەلگە ئاشۇرۇشىمىز كېرەك.

ئۈچىنچىدىن، يۇقىرى دەرىجىلىك دۆلەت ئورگانلىرىنىڭ ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىدىكى كارخانىلىرى ئۆز تەرەققىياتىنى شۇ جايدىكى ئىقتىسادىي تەرەققىياتى بىلەن بىرلەشتۈرۈشى، ئورتاق ئېچىش، باج ۋە پايدىنى قايتۇرۇش، مەھسۇلاتتىن پىرسەنت قالدۇرۇش، خادىملارنى قوبۇل قىلىش، تېخنىكا يەتكۈزۈپ بېرىش قاتارلىق كۆپ خىل شەكىللەر ئارقىلىق، شۇ جايدىكى تەرەققىياتىغا تۈرتكە بولۇشى، شۇ جايدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ بېيىشىغا ياردەم بېرىشى كېرەك. بۇ شۇ جاينىڭ تەرەققىياتى ئۈچۈن مۇھىم بولۇپلا قالماي ئاشۇ كارخانىلارنىڭ تەرەققىياتى ئۈچۈنمۇ مۇھىم.

تۆتىنچىدىن، تەرەققىي تاپقان رايونلارنىڭ ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىغا ئىقتىساد ۋە تېخنىكا جەھەتتە بېرىدىغان ياردىمىنى ۋە ئۆزئارا سىستېما بويىچە بېرىدىغان ياردىمىنى ئىلگىرى سۈرۈشىمىز لازىم. بۇنداق قىلىش ئورتاق بېيىش ۋە ئورتاق گۈللىنىشنى ئىشقا ئاشۇرۇشتا ئىنتايىن مۇھىم. شۇنىڭ بىلەن

بىرۋاقىتتا، ئىسلاھات-ئېچىۋېتىش داۋامىدا، دېڭىز بويلىرىدىكى تەرەققىي تاپقان رايونلار تېز تەرەققىي قىلدى ۋە پايدىلىق تەجرىبىلەرنى ھاسىل قىلدى. ئۇلار مەلۇم ماددىي كۈچ، مالىيە كۈچى ۋە تېخنىكا ئاجرىتىپ، ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىغا تامامەن ياردەم بېرەلەيدۇ. بۇنىڭدىكى گەپ ئالاقىدار تارماقلارنىڭ بۇ ئىشقا پۇختىلىق بىلەن تۇرتكە بولۇشىغا باغلىق.

**3. ماركسىزملىق مىللەت قارىشى ۋە مىللەت نەزەرىيىسى، مىللىي سىياسەت توغرىسىدىكى تەشۋىق-تەربىيىنى تازا ئۈنۈملۈك ئېلىپ بېرىشىمىز كېرەك.** پۈتۈن پارتىيىنىڭ ماركسىزملىق مىللەت نەزەرىيىسى سەۋىيىسىنى ئۆستۈرۈش، پۈتۈن مەملىكەت خەلقىگە ماركسىزمنىڭ مىللىي مەسىلە توغرىسىدىكى مەيدان، نۇقتىئىنەزەر ۋە ئۇسۇلىنى بىلدۈرۈش ۋە چىڭ ئىگىلىتىش— بىزنىڭ مىللىي مەسىلىنى ھەل قىلىشنىڭ توغرا يۈنىلىشىنى بويلاپ داۋاملىق ئىلگىرىلەپ، مىللەتلەرنىڭ بۈيۈك ئىتتىپاقلىقىنى قوغدىشىمىزنىڭ مۇھىم كاپالىتى. ماركسىزملىق مىللەت قارىشى ۋە مىللەت نەزەرىيىسى تەشۋىقاتىنى، مىللىي سىياسەت تەربىيىسىنى كۈچەيتىش— بىز مىللىي خىزمەت سېپىدىكىلەرنىڭ ۋە ئىدىيە-نەزەرىيە سېپىدىكىلەرنىڭ مۇھىم بىر ۋەزىپىسى.

مىللەت نەزەرىيىسى ۋە مىللىي سىياسەت توغرىسىدىكى تەشۋىقاتنى چوقۇم ئەمەلىيەتكە بىرلەشتۈرۈپ توغرا ئېلىپ بېرىشىمىز كېرەك. ماركسىزمنىڭ ئاساسىي قائىدىلىرىنى جۇڭگونىڭ ئەمەلىيىتى بىلەن بىرلەشتۈرۈشنى تەكىتلىشىمىز كېرەك. پارتىيىمىزنىڭ مىللىي مەسىلە جەھەتتىكى ئاساسىي نۇقتىئىنەزەرلىرىنى ۋە ئاساسىي سىياسەتلىرىنى تەشۋىق قىلىشىمىز كې-

رەك. قاتلاملارغا ئايرىپ، مۇھىم نۇقتىنى گەۋدىلەندۇرۇپ،
ئوخشاش بولمىغان ئوبيېكتلارغا ئوخشاش بولمىغان تەلەپ قويۇ-
شىمىز كېرەك. بولۇپمۇ كەڭ ياش-ئۆسمۈرلەرگە قارىتىلغان
تەربىيىگە ئەھمىيەت بېرىشىمىز كېرەك. تەربىيىنى جانلىق ئې-
لىپ بېرىشىمىز، ئەمەلىي ئۈنۈمگە ئېتىبار بېرىشىمىز، تۈر-
لۈك تەشۋىقات ۋاسىتىلىرىنى تولۇق ئىشقا سېلىشىمىز كېرەك.
بۇ ھەقتە پىلان تۈزۈپ، بۇ خىزمەتنى ئۇزاق مۇددەت داۋاملاشتۇ-
رۇشىمىز كېرەك. خۇددى لى پېڭ زۇڭلى ئېيتقاندەك: مارك-
سىزملىق مىللەت قارىشى ھەققىدىكى تەربىيىنى پۈتكۈل دۆلەت-
نىڭ ئىدىيىۋى-سىياسىي خىزمىتىنىڭ مۇھىم تەركىبىي قىس-
مىغا ئايلاندۇرۇشىمىز كېرەك.

**4. مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى سوتسىيالىستىك مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنىڭ مەزمۇنلىرىدىن بىرى قىلىشىمىز لازىم.** ئۆتكەن بىر
قانچە يىل جەريانىدا سوتسىيالىستىك مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇ-
شىدا بىرمۇنچە رايونلار مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى مۇھىم بىر
مەزمۇن قىلىپ، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى بويىچە ئىلغار كوللېك-
تىپلارنى يارىتىش ھەرىكىتىنى كەڭ كۆلەمدە قانات يايدۇردى
ھەمدە ئىلغار ئورۇنلار بىلەن ئىلغار شەخسلەرنى تەقدىرلىدى.
گوۋۇيۈەنمۇ 1988-يىلى مىللىي ئىتتىپاقلىق-تەرەققىيات ئىش-
لىرى بويىچە مەملىكەتلىك تەقدىرلەش يىغىنى ئاچتى، دۆلەت
مىللىي ئىشلار كومىتېتىمۇ مەملىكەت بويىچە تەقدىرلەش پائالى-
يىتىنى قانات يايدۇردى. بۇلارنىڭ ھەممىسى ناھايىتى ئوبدان
ئىجتىمائىي ئۈنۈم بەردى. بىز بۇنىڭدىن كېيىنكى خىزمەت
داۋامىدا، بۇنداق پائالىيەتلەرنى داۋاملىق قانات يايدۇرۇشىمىز،

ھەمدە ئۇنىڭ شەكلى ۋە مەزمۇنى جەھەتتە ئۈزلۈكسىز يېڭىلىق
يارىتىپ، مىللەتلەرنىڭ سەممىي ئىتتىپاقلىقى، دوستانە ھەم-
كارلىقى ۋە ئۆزئارا ياردەملىشىشنى ئېسىل ئەخلاقىي پەزىلەتكە
ۋە جامائەت پىكرىگە ئايلاندۇرۇشىمىز كېرەك.

**5. ھەر مىللەتنىڭ ھەر دەرىجىلىك كادىرلىرى مىللەتلەر ئىتتى-
پاقلىقىنىڭ باشلامچىسى بولۇشى كېرەك.** بىزنىڭ مىللىي كادىر-
لىرىمىز مىللەتلەرنىڭ ئىتتىپاقلىقى ئىشلىرىدا ئىنتايىن مۇھىم
رول ئوينايدۇ. ھەر مىللەت كادىرلىرىنىڭ ئىدىيىۋى سەۋىيە-
سى، خىزمەت ئىقتىدارى، مەيدانى، كۆز قارىشى ۋە ھەرىكەت
ئۇسۇلى مىللىي مۇناسىۋەتكە تەسىر كۆرسىتىدۇ. شۇنىڭ ئۈ-
چۈن، ھەر مىللەتنىڭ ھەر دەرىجىلىك كادىرلىرى چوقۇم يۇك-
سەك دەرىجىدىكى پارتىيىۋىلىك پرىنسىپىغا ئىگە بولۇپ؛ مارك-
سىزملىق مىللەت قارىشىدا چىڭ تۇرۇشى، پارتىيىنىڭ مىللىي
سىياسىتىنى نەمۇنىلىك بىلەن ئىجرا قىلىشى، ھەممە ئىشتا
ئومۇمىي ۋەزىيەتنى نەزەردە تۇتۇشى كېرەك. مىللىي مۇناسىۋەت
جەھەتتىكى مەسىلىلەرنى پارتىيە ۋە دۆلەتنىڭ ئالىي مەنپەئىتىنى
نەزەردە تۇتۇپ بىر تەرەپ قىلىشى، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى
قوغداشنى باش تارتىپ بولمايدىغان مەسئۇلىيىتىم دەپ بىلىشى،
مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنىڭ ئۈلگىسى بولۇشى كېرەك.

**6. دۈشمەن كۈچلەرنىڭ بۇزغۇنچىلىق ھەرىكەتلىرىگە ئۇچۇق
پوزىتسىيە بىلەن قارشى تۇرۇشىمىز كېرەك.** دۈشمەن كۈچلەر جۇڭ-
خۇا مىللەتلىرىنىڭ ئىتتىپاقلىقى ۋە بىرلىكىگە بۇزغۇنچىلىق
قىلىشنى ئۆزلىرىنىڭ ئاغدۇرمىچىلىق، سىڭىپ كىرىش ۋە پارا-
كەندىچىلىك سېلىش ھەرىكىتىنىڭ ۋاستىلىرىدىن بىرى قىل-

ماقتا، بۇ— چەتلەپ ئۆتۈپ كېتىشكە بولمايدىغان رېئاللىق.

دۆلىتىمىزدە مىللەتلەرنىڭ ئىتتىپاقلىقى ۋە ئالغا بېسىشى توسۇشقا بولمايدىغان تارىخىي ئېقىم بولۇپ قالدى. گەرچە ئىنتايىن ئاز ساندىكى مىللىي مۇناپىقلار چەت ئەل كۈچلىرىنىڭ ياردىمىگە تايىنىپ، دۆلەتنى ۋە مىللەتنى پارچىلاش قەستىدە ھەرىكەت قىلىۋاتقان بولسىمۇ، لېكىن ئۇلار چوقۇم مەغلۇپ بولىدۇ. شۇنداقتىمۇ، بىز دۈشمەن كۈچلەرنىڭ بۇزغۇنچىلىق ھەرىكەتلىرىگە سەل قارىماسلىقىمىز كېرەك. ئۇلارغا قارشى يۇكسەك دەرىجىدە ھوشيار بولۇپ، قاتتىق مۇداپىئە كۆرۈشىمىز، مۇرەسسەسىز كۈرەش قىلىشىمىز كېرەك. دەرۋەقە، كۈرەشتە تاكتىكىغا ئەھمىيەت بېرىشىمىز ھەمدە بۇ كۈرەشنى سىياسىي-ئىقتىسادىي ۋاستىلەرنى ۋە دىپلوماتىيە ۋاستىلىرىنى قوللىنىپ، كۆپ تەرەپتىن زىچ ماسلىشىپ ئېلىپ بېرىشىمىز كېرەك. بىزنىڭ كۈچىمىز خەلقتە، ھەر مىللەت خەلقى بۆلگۈنچىلىك-بۇزغۇنچىلىق ھەرىكەتلىرىدىن قاتتىق غەزەپلىنىدۇ، ئىتتىپاقلىق-بىرلىكنى ئىنتايىن قەدىرلەيدۇ. بىز ھەر مىللەت خەلقىگە قەتئىي تايىنىدىغان ۋە ئىشىنىدىغان بولساقلا، كۈرەشتە تەشەببۇسكارلىقنى قولىمىزغا ئېلىپ، يېڭىلمەس ئورۇندا تۇرالايمىز.

**7. مىللىي مۇناسىۋەتكە دائىر خەلق ئىچىدىكى زىددىيەتلەرنى توغرا بىر تەرەپ قىلىشىمىز كېرەك.** رېئال تۇرمۇشتا، مىللەتلەر ئارىسىدا زىددىيەت، سۈركىلىش، ھەتتا توقۇنۇش يۈز بېرىشىدىن ساقلانماق تەس. دەرۋەقە، ۋەقە يۈز بېرىشتىن ئىلگىرى ئۇنىڭ ئالدىنى ئېلىش ھەممىدىن مۇھىم. مەسىلە يۈز بەرگەندە

مۇھىمى ئۇنى بىر تەرەپ قىلىش توغرا بولۇشى، ئالاقىدار تەرەپ-لەر كۆپرەك ئىنچىكە خىزمەت ئىشلەپ، ۋەقەنىڭ كېلىپ چىقىش سەۋەبىنى ئېنىقلاپ، كېيىنكى ئىشلارنىڭ ئالدىنى ئېلىشى، زىددىيەتلەرنى ئۆز ۋاقتىدا تۈگى-تىشى، توقۇنۇشنى توسۇشى كېرەك. بۇنداق مەسىلىلەرنى بىر تەرەپ قىلىشتا، قانۇن بويىچە ئىش قىلىشنى تەكىتلەش كې-رەك. دۆلەتنىڭ قانۇنى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئورتاق ئىرادى-سىنىڭ ئىپادىسى دېمەكتۇر. ھەر قانداق مىللەتتىن بولغان پۇقرا ئۇنىڭغا ئەستايىدىل ئەمەل قىلىشى كېرەك. ھەرقانداق كىشىنىڭ قانۇندىن ئۈستۈن تۇرىدىغان ئىمتىيازغا ئىگە بولۇۋې-لىشىغا يول قويۇلمايدۇ. بۇ— سوتسىيالىستىك قانۇنچىلىقنىڭ تەلىپى، شۇنداقلا بىز رېئال تۇرمۇشتىن ھاسىل قىلغان يەكۈن.

جۇڭخۇا مىللەتلىرى مۇھىم تەرەققىيات باسقۇچىدا تۇرماقتا ۋە ئۇلۇغ گۈللىنىش نىشانىغا قاراپ ماڭماقتا. شۇنىڭغا ئىشەن-چىمىز كامىلكى، ئۇلۇغ زامانىۋىلاشتۇرۇش ئىشلىرى داۋامىدا، ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئىتتىپاقلىقى ئۈزلۈكسىز روناق تېپىپ، ئالغا باسىدۇ.

# رەھبەرلىك ئىلمى ھەققىدىكى تەتقىقاتقا ئەھمىيەت بېرىپ، ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىنىڭ زامانىۋىلىشىش ئىشىنى تېخىمۇ ئوبدان ئىلگىرى سۈرەيلى*

(1992-يىل 8-ئاينىڭ 1-كۈنى)

پۈتۈن مەملىكەتنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا رەھبەرلىك ئىلمى
ھەققىدىكى تەتقىقات بىلەن شۇغۇللىنىپ كەلگەن مۇتەخەسسىس-
لەر، ئالىملار، پارتىيە خىزمىتى ۋە مىللىي خىزمەت بىلەن
شۇغۇللىنىپ كەلگەن يولداشلارنىڭ ۋەتىنىمىزنىڭ غەربىي شى-
مالىدىكى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىغا جەم بولۇپ، ئاز
سانلىق مىللەت رايونلىرىدىكى رەھبەرلىك خىزمىتىنىڭ نەزەرد-
يىسى ۋە ئەمەلىيىتى توغرىسىدا ئەستايىدىل مۇھاكىمە ئېلىپ
بارغانلىقى ئىنتايىن ئەھمىيەتلىك ئىش.

نۆۋەتتە، مەملىكىتىمىزدىكى ھەر مىللەت خەلقى يولداش
دېڭ شياۋپىڭنىڭ جەنۇبنى كۆزدىن كەچۈرگەندە قىلغان سۆزد-

---

* بۇ — يولداش ئىسمايىل ئەھمەدنىڭ مەملىكەت بويىچە ئاز سانلىق
مىللەت رايونلىرىدىكى رەھبەرلىك خىزمىتىنىڭ نەزەرىيىسى ۋە ئەمەلىيە-
تى توغرىسىدىكى مۇھاكىمە يىغىنىدا سۆزلىگەن سۆزى.

ـنىڭ روھىغا ئاساسەن، پارتىيىنىڭ «بىر مەركەز، ئىككى ئاساـ
سىي نۇقتا»دىن ئىبارەت ئاساسىي لۇشيەنىنى تېخىمۇ قەتئىي،
تېخىمۇ ئەتراپلىق ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئىسلاھاتنى تېخىمۇ چوڭـ
قۇرلاشتۇرۇپ ۋە ئېشىكنى تېخىمۇ كەڭ ئېچىۋېتىپ، دۆلىتىـ
مىزنىڭ زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇش ئىشلىرىنى ئىلگىرى سۈـ
رۈش يولىدا تىرىشماقتا. يېڭى ۋەزىيەت، يېڭى پۇرسەت ۋە يېڭى
نىشان بىزدىن ھەر تەرەپتىكى خىزمەتلەرنى كۈچەيتىشنى تەلەپ
قىلماقتا، بۇنىڭ ئىچىدىكى ئىنتايىن مۇھىم بىر تەرەپ رەھبەرـ
لىكنى تېخىمۇ كۈچەيتىش، رەھبەرلىك سەۋىيىسىنى تېخىمۇ
ئۆستۈرۈش، رەھبەرلىك ئىقتىدارىنى تېخىمۇ ئاشۇرۇشتىن ئىـ
بارەت، ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىدىكى ئەھۋالمۇ ئەلۋەتتە
شۇنداق. شۇڭا، مۇشۇ پەيتتە، ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىدىـ
كى رەھبەرلىك خىزمىتىنىڭ نەزەرىيىسى ۋە ئەمەلىيىتىنى
چوڭقۇر مۇھاكىمە قىلىش، ئەستايىدىل تەتقىق قىلىش ئىنتايىن
زۆرۈر.

دۆلىتىمىزدىكى ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىنىڭ يېرى
كەڭ، يەر مەيدانى پۈتۈن مەملىكەت يەر مەيدانىنىڭ 64.3
پىرسەنتىنى ئىگىلەيدۇ، ناھىيە دەرىجىلىكتىن يۇقىرى مەمۇرىي
بىرلىكى 600دىن ئاشىدۇ. ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرى ئاز
سانلىق مىللەتلەر توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان جاي بولۇپلا قالـ
ماي، بەلكى سىياسىي، ئىقتىسادىي ساھە، مەدەنىيەت، ئۆرپ-
ئادەت قاتارلىق بىرمۇنچە جەھەتلەردە باشقا رايونلاردىن ناھايىتى
كۆپ پەرقلىنىدۇ. مەسىلەن، مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلارـ
نىڭ ئاپتونومىيە ئورگانلىرى ئادەتتىكى يەرلىك دۆلەت ئورگانلىـ

رىنىڭ ھوقۇقىنى يۈرگۈزۈشتىن تاشقىرى، شۇنىڭ بىلەن بىرۋاقىتتا ئاساسىي قانۇن ۋە قانۇنلاردىكى بەلگىلىمىلەرگە بىنائەن، ئاپتونومىيە ھوقۇقىنى يۈرگۈزىدۇ، ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىنىڭ مەمۇرىي جەھەتتىكى ئەڭ چوڭ ئالاھىدىلىكلىرىدىن بىرى ئەنە شۇ. شۇڭا، ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىدىكى رەھبەرلىك خىزمىتىنى مەخسۇس ۋە سىستېمىلىق تەتقىق قىلىش ئىنتايىن زۆرۈر بولۇپلا قالماي، بەلكى شۇنداق قىلىشقا تولىمۇ ئەرزىيدىغان ئىش. بىز شۇنىڭدىن خۇشال بولماقتىمىزكى، رەھبەرلىك ئىلمى ھەققىدىكى تەتقىقات بىلەن شۇغۇللىنىۋاتقان يولداشلار ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىدىكى رەھبەرلىك خىزمىتىنى تەتقىق قىلىشقا ئىنتايىن ئەھمىيەت بەرمەكتە ھەمدە بۇ ئىشنى مەخسۇس تېما سۈپىتىدە تەتقىق قىلماقتا. ئىشىنىمەنكى، بۇ ھەركىمنىڭ ئۆز تالانتىنى جارى قىلدۇرۇشىغا ئىمكان بېرىدىغان ئىنتايىن كەڭ ساھە، كۆپچىلىكنىڭ مول نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈرۈشىگە چىن كۆڭلۈمدىن تىلەكداشلىق بىلدۈرىمەن.

دۇنيانى بىلىشتىن مەقسەت دۇنيانى ئۆزگەرتىش، نەزەرىيە تەتقىقاتىنىڭ مەقسىتى ئەمەلىيەتكە يېتەكچىلىك قىلىش. مېنىڭچە، ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىنىڭ رەھبەرلىك خىزمىتى ھەققىدىكى تەتقىقاتتا ماركسىزم-لېنىنىزم ۋە ماۋ زېدۇڭ ئىدىيىسىنى يېتەكچى قىلىپ، ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىنىڭ ئەمەلىيىتىگە زىچ بىرلەشتۈرۈپ، كۆپ خىل تەتقىقات ۋاستىلىرى ۋە ئىلمىي تەتقىقات ئۇسۇللىرىدىن پايدىلىنىپ، ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىدىكى رەھبەرلىك خىزمىتىنىڭ قانۇنىيىتىنى، ئالاھىدىلىكىنى مۇھاكىمە قىلىش، پارتىيىنىڭ رەھبەرلىكىگە

تېخىمۇ ئوبدان ئەمەل قىلىش ۋە ئۇنى تېخىمۇ ئوبدان كۈچەيتىش، شۇ يول بىلەن ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىنىڭ ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش ۋە زامانىۋىلاشتۇرۇش ئىشلىرىنى، مىللەتلەرنىڭ ئورتاق گۈللىنىشىنى تېخىمۇ ئوبدان ئالغا سۈرۈش لازىم.

نۆۋەتتە، مۇنۇ بىرقانچە جەھەتتىكى تەتقىقاتقا ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىش لازىم:

1. رەھبەرلىك خىزمىتى داۋامىدا، يولداش دېڭ شياۋپىڭنىڭ مۇھىم سۆزلىرىنىڭ روھىنى قانداق ئەستايىدىل ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئىدىيىنى ئازاد قىلىپ، تونۇشنى ئۆستۈرۈپ ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىنىڭ ئىسلاھاتنى تېخىمۇ چوڭقۇرلاشتۇرۇشقا، ئىشىكنى تېخىمۇ كەڭ ئېچىۋېتىشكە تۈرتكە بولۇش ئۈستىدە تەتقىقات ئېلىپ بېرىش. دۆلىتىمىزنىڭ ئىسلاھات-ئېچىۋېتىش ئىشى يېڭى بىر باسقۇچقا قەدەم قويدى، دېڭىز بويى، چاڭجياڭ بويى ۋە چېگرا بويلىرىنى ئېچىۋېتىشنىڭ يېڭى قۇرۇلمىسى شەكىللەندى. بۇنىڭ ئىچىدە «چېگرا بويلىرى» نى ئېچىۋېتىش ئاساسەن، ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىغا قارىتىلغان. رەھبەرلىك خىزمىتى نۇقتىسىدىن قارىغاندا، بىر ئىلاج قىلىپ نۆۋەتتىكى پايدىلىق پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ، ئۆز ئارتۇقچىلىقىنى جارى قىلدۇرۇپ، ھەقىقىي چىڭ تۇتۇپ، پۇختا ئىشلەپ، ئىسلاھاتنى چوڭقۇرلاشتۇرۇش، ئىشىكنى تېخىمۇ كەڭ ئېچىۋېتىش، ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشنى تېخىمۇ تېز، تېخىمۇ ئوبدان يول بىلەن يېڭى بىر پەللىگە يۈكسەلدۈرۈش. شۈبھىسىزكى، بۇ ئىنتايىن مۇھىم بىر مەسىلە. شۇڭلاشقا بۇ مەسىلىنى تەتقىق

قىلىش ناھايىتى مۇھىم نەزەرىيىۋى ئەھمىيەتكە ۋە ئەمەلىي ئەھمىيەتكە ئىگە.

2. رەھبەرلىك خىزمىتى داۋامىدا، مەركەز مىللىي خىزمەت يىغىنىنىڭ روھىنى قانداق ئەستايىدىل ئىزچىللاشتۇرۇپ ۋە ئەمەلىيلەشتۇرۇپ، زامانىۋىلاشتۇرۇش ئىشلىرى داۋامىدا خىزمەتنى ئۈزلۈكسىز كۈچەيتىش، مىللەتلەرنىڭ باراۋەرلىكى، ئۆزئارا ياردىمى، ئىتتىپاقلىقى، ھەمكارلىقى ۋە ئورتاق گۈللىنىشىنى ئىلگىرى سۈرۈش ئۈستىدە تەتقىقات ئېلىپ بېرىش. بۇ يىل 1-ئايدا چاقىرىلغان مەركەز مىللىي خىزمەت يىغىنى ئىنتايىن مۇھىم يىغىن بولدى، يىغىندا دۆلىتىمىزنىڭ مىللىي خىزمىتىدىكى ئاساسىي مۇۋەپپەقىيەتلەر ۋە ئاساسىي تەجرىبىلەر يەكۈنلەندى، 90-يىللاردىكى مىللىي خىزمەت مۇھاكىمە قىلىندى ۋە ئورۇنلاشتۇرۇلدى ھەمدە شۇنىڭغا مۇناسىپ سىياسەت-تەدبىر ئوتتۇرىغا قويۇلدى. بۇ يىغىنىنىڭ روھىنى ئوبدان ئىزچىللاشتۇرۇش ۋە ئەمەلىيلەشتۇرۇش ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىنىڭ زامانىۋىلاشتۇرۇش ئىشلىرىنى ۋە مىللەتلەرنىڭ ئىتتىپاقلىق-تەرەققىيات ئىشلىرىنى ئىلگىرى سۈرۈشتە زور ئەھمىيەتكە ئىگە. يولداش جياڭ زېمىن شۇ يىغىندا قىلغان سۆزىدە، مىللىي خىزمەتكە بولغان رەھبەرلىكنى كۈچەيتىش مەسىلىسى ئۈستىدە مەخسۇس توختالدى. شۇڭا، رەھبەرلىك خىزمىتىنى ئوبدان ئىشلەش ئارقىلىق مەركەز مىللىي خىزمەت يىغىنىنىڭ روھىنى قانداق قىلىپ ھەقىقىي ئەمەلىيلەشتۇرۇش ئۈستىدە تەتقىقات ئېلىپ بېرىش ئىنتايىن مۇھىم تېما.

3. رەھبەرلىك خىزمىتى داۋامىدا، تەدبىر كۆرۈش ئىقتى-

ـدارىنى ۋە باشقۇرۇش سەۋىيىسىنى قانداق يول بىلەن تېخىمۇ يۇقىرى كۆتۈرۈپ، ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىنىڭ ئىجتىما-ئىي ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرى تەرەققىياتىنى تېزلىتىش ئۈستى-دە تەتقىقات ئېلىپ بېرىش. ئىسلاھاتنىڭ يۈزلىنىشىدىن شۇنى كۆرۈشكە بولىدۇكى، بىرمۇنچە سىياسەتلەر ئېتىبار بېرىش سى-ياسەتلىرى جانلىق سىياسەتلەر بولدى، بىرمۇنچە ھوقۇق جايلار-غا بېرىلدى. بۇ ھال ھەر دەرىجىلىك رەھبەرلەرگە توغرا تەدبىر كۆرۈشتە ۋە باشقۇرۇشنى توغرا ئېلىپ بېرىشتا، تۈرلۈك قۇرۇ-لۇش ئىشلىرىغا توغرا قوماندانلىق ۋە تەشكىللاتچىلىق قىلىشتا مەركەز بەرگەن سىياسەت ۋە ھوقۇقلاردىن قانداق ئوبدان پايدى-لىنىش كېرەك دېگەن يېڭى تەلەپنى قويىدى. مانا بۇ ئەستايىدىل تەتقىق قىلىشقا ئەرزىيدىغان چوڭ بىلىم.

4. خىزمەت ئۈنۈمىنى ۋە خىزمەت سۈپىتىنى رەھبەرلىك خىزمىتى جەھەتتىن تېخىمۇ يۇقىرى كۆتۈرۈش ئۈچۈن ئىستىلى-نى قانداق قىلىپ تېخىمۇ ياخشىلاش، تەكشۈرۈش-تەتقىق قى-لىشنى قانداق كۈچەيتىش ئۈستىدە تەتقىقات ئېلىپ بېرىش. توغرا تەدبىر، ئىلمىي باشقۇرۇش تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىشتىن ئايرىلمايدۇ. تەكشۈرۈشنىڭ مەزمۇنى كۆپ جەھەتنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ، تەكشۈرۈشنىڭ شەكلى كۆپ خىل بولىدۇ. تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش خىزمەت ئۇسۇلى ۋە خىزمەت ئىستىلى مەسىلىسى بولۇپلا قالماي، بەلكى تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش ئۈنۈمىنىڭ قانداقلىقى رەھبەرلىك خىزمىتىنىڭ سەۋىيىسىنى ئۆلچەيدىغان مەسىلىدۇر. ۋەزىيەت ئۈزلۈكسىز تەرەققىي قىلىپ ۋە ئۆزگى-رىپ بارماقتا، ئىسلاھات-ئېچىۋېتىش ۋە ئىقتىسادىي قۇرۇلۇش

كۈنساناپ يېتىلىنىپ بارماقتا، بۇ هال رەھبەرلىك خىزمىتىنى ئۆتەۋاتقانلاردىن تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش خىزمىتىگە ئەھمىيەت بېرىشنى تەلەپ قىلماقتا. شۇڭا، تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىشنى قانداق قىلىپ ئۈنۈملۈك ئېلىپ بېرىش، بۇ خىزمەتنى ئېنىق نىشانغا ۋە كۆزلىگەن ئۈنۈمگە ئىگە قىلىش تەتقىق قىلىشقا تولىمۇ ئەرزىيدىغان مەسىلە.

5. تۈرلۈك خىزمەتلەرنى ماسلاشتۇرۇش، تەڭ سىلجىتىش ھەمدە بىر-بىرىگە تۈرتكە قىلىش ئۈچۈن، ھەرقايسى تارماقلارنىڭ رولىنى قانداق جارى قىلدۇرۇش ئۈستىدە تەتقىقات ئېلىپ بېرىش. رەھبەرلىك خىزمىتى سىستېمىلىق بىر خىزمەت، ئۇ ھەممە تەرەپكە چېتىلىدۇ. مىللىي خىزمەتمۇ خۇددى شۇنداق، ئۇ بىرمۇنچە تارماقلار ۋە نۇرغۇن ساھەلەر بىلەن زىچ باغلىنىشلىق. تۈرلۈك خىزمەتلەرنى قائىدىلىك ۋە تەرتىپلىك ئالغا سىلجىتىش ئۈچۈن، ھەرقايسى تەرەپلەرنىڭ مۇناسىۋىتىنى قانداق قىلىپ ئوبدان ماسلاشتۇرۇش، ھەرقايسى تەرەپلەرنىڭ ئاكتىپلىقىنى قانداق قىلىپ قوزغاش رەھبەرلىك خىزمىتىدە ئوبدان ھەل قىلىشقا تېگىشلىك مەسىلە. مەسىلەن، ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش ئىشلىرى ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرى بىلەن يۇقىرى دەرىجىلىك دۆلەت ئورگانلىرىنىڭ مۇناسىۋىتىگە، مۇقىملىق بىلەن تەرەققىياتنىڭ مۇناسىۋىتىگە، مىللەتلەرنىڭ ھوقۇق-مەنپەئەت مۇناسىۋىتىگە بېرىپ تاقىلىدۇ. بۇلارنى ئوبدان بىرتەرەپ قىلىش شەرت. شۇڭا، بۇ مەسىلىنى تەتقىق قىلىشمۇ ناھايىتى زۆرۈر.

دەرۋەقە، ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىنىڭ رەھبەرلىك

خىزمىتىدە تەتقىق قىلىشقا تېگىشلىك مەسىلىلەر ناھايىتى كۆپ. مەسىلەن، ھەر مىللەت رەھبىرىي كادىرلىرى بىر-بىرىنىڭ ئۆزئارا ئارتۇقچىلىقىنى قوبۇل قىلىپ، كەمچىلىكىنى تۈگىتىپ، بىر پۈتۈن ئىقتىدارىنى جارى قىلدۇرۇپ، رەھبەرلىك خىزمىتىنى تېخىمۇ ياخشى ئىشلەش ئۈچۈن قانداق قىلىش كېرەك؟ مىللەتلەرنىڭ بۈيۈك ئىتتىپاقلىقىنى مۇستەھكەملەش ۋە راۋاجلاندۇرۇش ئۈچۈن رەھبەرلىكنى قانداق كۈچەيتىش كېرەك؟ ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ مائارىپ، پەن-تېخنىكا، مەدەنىيەت قاتارلىق ئىشلىرىنى راۋاجلاندۇرۇش جەريانىدا، رەھبەرلىكنى قانداق قىلىپ ھەقىقىي كۈچەيتىش كېرەك. ئەنە شۇلارنىڭ ھەممىسى تەتقىق قىلىشقا ئەرزىيدىغان مەسىلىلەردۇر، بۇ ھەقتە بىر-بىرلەپ سۆزلىمىسەممۇ بولىدۇ. مانا بۇلارمۇ شۇنى چۈشەندۈرىدۇكى، ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىدىكى رەھبەرلىك خىزمىتى جەھەتتە تەتقىقات تېمىلىرى ناھايىتى كۆپ، تەتقىقات كەلگۈسى ئىستىقبالىغا ئىگە. شۇنىڭ بىلەن بىرۋاقىتتا، شەيئىلەر مەڭگۈ توختىماي ھەرىكەتلىنىپ تۇرىدۇ، جانلىق ئەمەلىيەت بىزنىڭ ئالدىمىزغا ئۈزلۈكسىز يېڭى مەسىلىلەرنى قويۇپ تۇرىدۇ. مەن يولداشلارنىڭ ئۈزلۈكسىز ئىلگىرىلىشىنى، تەتقىقات خىزمىتىدە ئۈزلۈكسىز يېڭى كەشپىيات يارىتىشىنى، يېڭى ئۇتۇققا ئېرىشىشىنى چىن قەلبىمدىن ئۈمىد قىلىمەن.

# مىللەت نەزەرىيىسى تەتقىقاتىنى كۈچەيتىپ، جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش ۋە مىللەتلەرنىڭ ئىتتىپاقلىق-تەرەققىيات ئىشلىرى ئۈچۈن خىزمەت قىلايلى*

(1992-يىل 11-ئاينىڭ 25-كۈنى)

مەملىكەت بويىچە يۇقىرىدىن تۆۋەنگىچە ھەممەيلەن پارتىيە 14-قۇرۇلتىيىنىڭ روھىنى قىزغىنلىق بىلەن ئىزچىللاشتۇرۇۋاتقان چاغدا، مەملىكەتلىك مىللەت نەزەرىيىسى مۇھاكىمە يىغىنى بۈگۈن بۇ يەردە ئېچىلدى. ئالدى بىلەن، مەن دۆلەت مىللىي ئىشلار كومىتېتىغا ۋەكالىتەن پۈتۈن مەملىكىتىمىزنىڭ مىللەت نەزەرىيىسى خىزمىتى سېپىدىن كەلگەن مۇتەخەسسىسلەرنى، ئالىملارنى ۋە مىللىي تەتقىقات خادىملىرىنى قىزغىن قارشى ئالىمەن ۋە سىلەرگە ئالىي ئېھتىرام بىلدۈرىمەن!

بۇ قېتىمقى يىغىندا، 14-قۇرۇلتاي روھىنى ئەستايىدىل ئۆگىنىپ ۋە ئىزچىللاشتۇرۇپ، يولداش دېڭ شياۋپىڭنىڭ جۇڭ-

---

* بۇ— يولداش ئىسمايىل ئەھمەدنىڭ مەملىكەتلىك مىللەت نەزەرىيىسى مۇھاكىمە يىغىنىدا سۆزلىگەن سۆزى بولۇپ، «ئىزدىنىش» ژۇرنىلىنىڭ 1993-يىللىق 13-سانىدا قىسقارتىپ ئېلان قىلىنغان.

گوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش نەزەرىيىسىنىڭ يېتەكچىلىكىدە، مىللەت نەزەرىيىسى تەتقىقاتىنى كۈچەيتىپ ۋە ئىلگىرى سۈرۈپ، ئۇنى ئەمەلىيەتكە تېخىمۇ ئوبدان يېتەكچىلىك قىلىش، مىللىي خىزمەتنى تېخىمۇ ئوبدان ئىلگىرى سۈرۈش، سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىغا ۋە مىللەتلەرنىڭ ئىتتىپاقلىق-تەرەققىيات ئىشلىرىغا تېخىمۇ ئوبدان خىزمەت قىلىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىش ئۈچۈن، مەركىزىي كومىتېت مىللىي خىزمەت يىغىنىدا ئوتتۇرىغا قويۇلغان ۋەزىپىلەرنى قانداق قىلىپ تېخىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا ئەمەلىيلەشتۈرۈش مەسىلىسى مۇھاكىمە قىلىنىدۇ.

يىغىنىنىڭ مۇھاكىمىسى ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىدا ئىسلاھات ئېلىپ بېرىش، ئىشىكنى ئېچىۋېتىش، سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى تۈزۈلمىسىنى بەرپا قىلىش، ئىقتىسادىي تەرەققىيات ۋە ئىجتىمائىي يۈكسىلىش، سوتسىيالىستىك مىللىي مۇناسىۋەتنى مۇستەھكەملەش ۋە راۋاجلاندۇرۇش، جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش داۋامىدىكى مىللىي مەسىلىنىڭ ئالاھىدىلىكى دېگەنگە ئوخشاش مەزمۇنلارنى ئاساس قىلىپ ئېلىپ بېرىلىدۇ. بىز كۆپچىلىكنىڭ ئۇچۇق كۆڭۈللۈك بىلەن ئېچىلىپ-يېيىلىپ سۆزلەپ، ياخشى پىكىر، ياخشى نەزەرىيىلەرنى كۆپرەك ئوتتۇرىغا قويۇپ، يىغىننى ئوبدان ئېچىشنى، مىللەت نەزەرىيىسى تەتقىقاتىنى زور دەرىجىدە ئالغا سۈرۈشنى ئۈمىد قىلىمىز.

تۆۋەندە، يولداشلارنىڭ پايدىلىنىشى ئۈچۈن مىللەت نەزەرىيىسى ۋە مىللەت نەزەرىيىسى تەتقىقاتى ئۈستىدە بىر ئاز پىكىر

بايان قىلماقچىمەن.

### 1. جۇڭگو كومپارتىيىسى ماركسىزم-لېنىنىزمنىڭ ئاساسىي قا- ئىدىلىرىنى جۇڭگونىڭ ئەمەلىيىتى بىلەن بىرلەشتۈرۈپ، جۇڭگوچە مىللەت نەزەرىيىسى سىستېمىسىنى بەرپا قىلدى

جۇڭگو كومپارتىيىسى ماركسىزم-لېنىنىزمنىڭ ئاساسىي قائىدىلىرىنى جۇڭگو جەمئىيىتىنىڭ، جۇڭگو مىللەتلىرىنىڭ ئەمەلىيىتى بىلەن بىرلەشتۈرۈپ، جۇڭگونىڭ دۆلەت ئەھۋالىغا باب كېلىدىغان مىللەت نەزەرىيىسى سىستېمىسىنى ئىجادىي يو- سۇندا بەرپا قىلىپ، جۇڭگودا مىللىي مەسىلىنى ھەل قىلىش ئەمەلىيىتىگە يېتەكچىلىك قىلىش داۋامىدا توغرا يولنى ۋۇجۇدقا كەلتۈردى. پارتىيە 11-نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتىنىڭ 3-ئومۇمىي يىغىنىدىن بۇيان، يولداش دېڭ شياۋپىڭنىڭ جۇڭ- گوچە سوتسىيالىزم قۇرۇشتىن ئىبارەت پارلاق نەزەرىيىسىنىڭ يېتەكچىلىكىدە، پارتىيىمىز ئەسلىدىكى مىللەت نەزەرىيىسىگە ۋارىسلىق قىلىش ئاساسىدا، مىللەت نەزەرىيىسىنى تېخىمۇ بې- يىتىپ ۋە راۋاجلاندۇرۇپ، جۇڭگوچە مىللەت نەزەرىيىسى سىس- تېمىسىنى تۇرغۇزۇپ، ئۇنىڭ بىلەن جۇڭگودا مىللىي مەسىلە- نى ھەل قىلىش ئەمەلىيىتىنىڭ داۋاملىق توغرا يولنى بويلاپ ئىلگىرىلىشىگە يېتەكچىلىك قىلدى. يولداش جياڭ زېمىن مەر- كىزىي كومىتېت مىللىي خىزمەت يىغىنىدا پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىغا، گوۋۇيۈەنگە ۋەكالىتەن قىلغان مۇھىم سۆزىدە، پارتىيىمىزنىڭ نەچچە ئون يىلدىن بۇيان مىللىي مەسىلىنى ماركسىزم-لېنىنىزم ۋە ماۋ زېدۇڭ ئىدىيىسىنى تەتبىقلاپ كۆ- زىتىش ۋە ھەل قىلىش ئەمەلىيىتىدە ۋۇجۇدقا كەلتۈرگەن بىر-

قاتار تۈپ نۇقتىئىنەزەرلىرىنى سىستېمىلىق شەرھلەپ بەردى. بۇ تۈپ نۇقتىئىنەزەرلەر پارتىيىمىزنىڭ مىللىي مەسىلىنى ھەل قىلىشقا دائىر نەزەرىيىسى ۋە ئەمەلىيىتىنىڭ ئىلمىي يەكۈنى ۋە يىغىنچاقلىنىشى دېمەكتۇر.

مىللىي باراۋەرلىكنى يولغا قويۇش— مىللىي مەسىلىنى ھەل قىلىشىمىزدىكى ئەڭ مۇھىم ئاساسىي پرىنسىپ ۋە ئاساسىي نۇقتىئىنەزەر. مىللەتلەر ئاھالىسىنىڭ ئاز-كۆپ بولۇشى، تارىخىنىڭ ئۇزۇن-قىسقا بولۇشى، تەرەققىيات دەرىجىسىنىڭ يۇقىرى-تۆۋەن بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، ھەممىسى ۋەتىنىمىزنىڭ مەدەنىيىتىگە تۆھپە قوشقان، ھەممىسى باپباراۋەر بولۇشقا، سىياسىي، ئىقتىسادىي ساھە ۋە مەدەنىيەت ساھەسىدە باراۋەرلىك ھوقۇقىدىن بەھرىمەن بولۇشقا تېگىشلىك؛ ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ مەدەنىيەت ئەنئەنىسىگە، تىل-يېزىقىغا، ئۆرپ-ئادىتىگە ۋە دىنىي ئېتىقادىغا ھۆرمەت قىلىش كېرەك؛ مىللەتلەرنىڭ سىياسىي جەھەتتىكى ۋە قانۇن جەھەتتىكى باراۋەرلىك ھوقۇقىنى ئىجتىمائىي ھاياتنىڭ ھەممە تەرەپ ۋە ھەممە ساھەلىرىدە تولۇق گەۋدىلەندۈرۈشكە تىرىشىش كېرەك. مىللىي باراۋەرلىك پارتىيىمىزنىڭ مىللىي مەسىلىدە ئىگىز كۆتۈرۈپ كېلىۋاتقان بايرىقىدۇر.

مىللەتلەرنى ئەتراپلىق تەرەققىي قىلدۇرۇش ۋە ئورتاق گۈللەندۈرۈش— پارتىيىمىزنىڭ مىللىي مەسىلىدە تۇتقان تۈپ مەيدانى، پارتىيىمىز بۇ مەسىلىنى نەزەرىيە جەھەتتە ئىنتايىن مۇھىم مەسىلە سۈپىتىدە كەڭ ۋە چوڭقۇر تەتقىق قىلدى. پارتىيىمىز ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ئىقتىساد، مەدەنىيەت ئىشلىرى-

ـنى راۋاجلاندۇرۇشقا سەمىمىي ياردەم بېرىش كېرەك دەپ بۇ-
رۇنلا ئوتتۇرىغا قويغانىدى. ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش داۋامىدا،
پارتىيىمىز بۇ مەسىلىگە تېخىمۇ بەك ئەھمىيەت بەردى ۋە
مۇنۇلارنى كۆرسەتتى: ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىنىڭ تەرەق-
قىياتىنى تېزلىتىپ، پۈتۈن مەملىكەتنىڭ تەرەققىياتىغا ماسلاش-
تۇرۇش لازىم؛ ئاز سانلىق مىللەتلەر ۋە ئاز سانلىق مىللەت
رايونلىرى ئۆز تەرەققىياتىنى تېزلىتىش ئۈچۈن، ئۆز كۈچىگە
تايىنىپ ئىش كۆرۈش ئاساسىدا، دۆلەتنىڭ ۋە خەنزۇ رايونلىرى-
نىڭ ياردىمىگە ئېرىشىشى كېرەك؛ مەملىكىتىمىزدە ھازىرقى
باسقۇچتىكى مىللىي مەسىلە ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ۋە ئاز
سانلىق مىللەت رايونلىرىنىڭ ئىقتىساد، مەدەنىيەت تەرەققىياتى-
نى تېزلىتىشنى جىددىي تەلەپ قىلىش مەسىلىسىدە بىرقەدەر
مەركەزلىك ئىپادىلىنىۋاتىدۇ؛ ئىسلاھات ۋە ئىشىكنى ئېچىۋې-
تىش ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ۋە ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرى-
نىڭ سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش نىشانىغا يېتىشتە بې-
سىپ ئۆتىدىغان مۇقەررەر يولدۇر؛ ئىجتىمائىي ئىشلەپچىقى-
رىش كۈچلىرىنى راۋاجلاندۇرۇش يېڭى دەۋردىكى مىللىي خىز-
مەتنىڭ تۈپ ۋەزىپىسىدۇر. مانا بۇ نەزەرىيىلەر ئاز سانلىق
مىللەت رايونلىرىنىڭ ئىسلاھات ۋە ئىشىكنى ئېچىۋېتىش ئىشلى-
رىدا ۋە زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىدا مۇھىم يېتەكچىلىك ۋە
تۈرتكىلىك رول ئوينىدى.

كۆپ مىللەتلىك دۆلەتتە مىللەتلەر مۇناسىۋىتىنىڭ ئىناق
بولۇشى، مىللەتلەرنىڭ سەمىمىي ئىتتىپاقلىشىشى، ئۆزئارا يار-
دەملىشىشى ۋە ھەمكارلىشىشى— جەمئىيەتنىڭ مۇقىم بولۇشى،

دۆلەتنىڭ گۈللەپ ياشنىشى ۋە مىللەتلەرنىڭ گۈللىنىشىدىكى زۆرۈر شەرت. پارتىيىمىز ئەمەلىيەتنى يەكۈنلەش ئاساسىدا، جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ قۇدرەتلىك ئۇيۇشۇش كۈچىنىڭ تارىخىي سەۋەبلىرىنى ۋە مەدەنىيەت جەھەتتىكى سەۋەبلىرىنى ئېنىق كۆرسىتىپ بەردى؛ ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىدا سوتسىيالىستىك ئۆزگەرتىش تاماملانغاندىن كېيىن، مەملىكىتىمىزدە سوتسىيالىستىك مىللىي مۇناسىۋەت ۋۇجۇدقا كەلگەنلىكىنى، ھەرقايسى مىللەتلەر ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتنىڭ ئاساسىي جەھەتتىن ئەمگەكچى خەلق ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەت ئىكەنلىكىنى مۇئەييەنلەشتۈردى؛ مىللىي مەسىلىدە كۆرۈلگەن خاتا نەزەرىيىلەرنى ئىنكار قىلدى؛ چوڭ مىللەتچىلىككە، ئاساسلىقى چوڭ خەنزۇچىلىققا قارشى تۇرۇش، يەرلىك مىللەتچىلىككە قارشى تۇرۇش كېرەكلىكىنى ئوتتۇرىغا قويدى. بۇ نەزەرىيىلەر مۇھىم ئەمەلىي ئەھمىيەتكە ئىگە.

مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە مەملىكىتىمىزدە مىللىي مەسىلىنى ھەل قىلىشتىكى ئاساسىي تۈزۈم، جۇڭگو كوممۇنىستلىرىنىڭ ماركسىزملىق مىللەت نەزەرىيىسىگە قوشقان زور تۆھپىسى. نەزەرىيە جەھەتتە، پارتىيىمىز مۇنۇلارنى ئېنىق كۆرسىتىپ بەردى: مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە مىللەت ئامىلى بىلەن رايون ئامىلى، سىياسىي ئامىل بىلەن ئىقتىسادىي ئامىل بىرلەشتۈرۈلگەن، جۇڭگونىڭ ئەھۋالىغا باب كېلىدىغان تۈزۈم؛ مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيىنىڭ مۇھىم مەقسىتى مەركەزنىڭ بىر تۇتاش رەھبەرلىكىدە، ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ باراۋەرلىك ھوقۇقىنى ۋە ئۆز ئىشىغا ئۆزى خوجا

بولۇش، ئۆز مىللىتىنىڭ ئىچكى ئىشلىرىنى باشقۇرۇش ھوقۇ-
قىنى كاپالەتكە ئىگە قىلىشتىن ئىبارەت، شۇڭا بۇ دۆلەتنىڭ
بىرلىكىگە ۋە مىللەتلەرنىڭ باراۋەر بولۇشى، راۋاج تېپىشى ۋە
تەرەققىي قىلىشىغا پايدىلىق تۈزۈم؛ ئاپتونومىيە ئورگانلىرىنىڭ
ئاپتونومىيە ھوقۇقىنى قانۇن بويىچە كاپالەتكە ئىگە قىلىش كې-
رەك؛ مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيىگە دائىر قانۇنچىلىق
قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىش كېرەك؛ مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپ-
تونومىيە تۈزۈمىنى سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش يولىدى-
كى قۇرۇلۇش ئىشلىرى داۋامىدا ئۈزلۈكسىز مۇستەھكەملەش
ۋە مۇكەممەللەشتۈرۈش كېرەك.

مىللىي باراۋەرلىكنى، مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومى-
يىنى يولغا قويۇش ۋە مىللەتلەرنىڭ ئورتاق گۈللىنىشىنى ئىل-
گىرى سۈرۈش ئىشلىرى ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرىدىن
ئايرىلمايدۇ. پارتىيىمىز مۇنۇلارنى ئوتتۇرىغا قويدى: ھەم ئەخ-
لاقلىق، ھەم قابىلىيەتلىك ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرى زور
قوشۇننى تىرىشىپ يېتىشتۈرۈش مىللىي خىزمەتنى ئوبدان
ئىشلەشنىڭ ۋە مىللىي مەسىلىنى ھەل قىلىشنىڭ ئاچقۇچى؛ ئاز
سانلىق مىللەت كادىرلىرىنى يېتىشتۈرۈشتە، ئۇلارنى سان جە-
ھەتتىن پىلانلىق كۆپەيتىش، بولۇپمۇ ئۇلارنىڭ سۈپىتىنى ئۆس-
تۈرۈش، قۇرۇلمىسىنى ياخشىلاش جەھەتتە كۈچ سەرپ قى-
لىش، ئوتتۇرا ۋە يۇقىرى دەرىجىلىك كادىرلارنى، ھەر خىل
پەن-تېخنىكا خادىملىرىنى ۋە باشقۇرۇش خادىملىرىنى يېتىشتۈ-
رۈشكە ئەھمىيەت بېرىش كېرەك؛ ئاز سانلىق مىللەت كادىرلى-
رىنى يېتىشتۈرۈش بىلەن بىرۋاقتتا، ئاز سانلىق مىللەت سانا-

ئەت ئىشچىلىرى قوشۇنىنى زورايتىش كېرەك.

ئەمەلىيەتنىڭ تەرەققىي قىلىشىغا ئەگىشىپ، مىللىي مەسىلىنىڭ ئۆزىگە بولغان تونۇشىمۇ ئۈزلۈكسىز چوڭقۇرلىشىپ باردى. پارتىيىمىز شۇنداق دەپ ھېسابلايدۇ، مىللىي مەسىلە — ئىجتىمائىي ئومۇمىي مەسىلىنىڭ بىر قىسمى، بۇ مەسىلىنى پۈتكۈل ئىجتىمائىي مەسىلىنى ھەل قىلىش داۋامىدىلا پەيدىنپەي ھەل قىلغىلى بولىدۇ؛ مىللىي پەرق مەۋجۇت بولۇپ تۇرغاچقا، مىللىي مەسىلە سوتسىيالىزم دەۋرىدە ئۇزاققىچە مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدۇ، مەملىكىتىمىزدىكى مىللىي مەسىلە جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇشتىن ئىبارەت ئۇلۇغۋار ئىش داۋامىدىلا پەيدىنپەي ھەل قىلىنىدۇ؛ مىللىي مەسىلە ھەم مىللەتلەرنىڭ ئۆزلىرىنىڭ تەرەققىي قىلىشىنى، ھەم مىللەتلەر بىلەن مىللەتلەر ئوتتۇرىسىدىكى، مىللەتلەر بىلەن سىنىپ ۋە دۆلەت ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتنى ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش مۇناسىۋەتلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ؛ ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى قوغداش، مىللىي باراۋەرلىكنى ۋە مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى كۈچەيتىش، مىللەتلەرنىڭ ئورتاق گۈللىنىشىنى ئىلگىرى سۈرۈش — ۋەتەننىڭ تەقدىرىگە مۇناسىۋەتلىك مەسىلە. مانا بۇ نەزەرىيىلەر بىزنىڭ مىللىي مەسىلىنىڭ ئۇزاق مۇددەتلىكلىكىنى، مۇھىملىقىنى ۋە مۇرەككەپلىكىنى تېخىمۇ ئوبدان تونۇۋېلىشىمىزغا يېتەكچىلىك قىلماقتا.

ئەمەلىيەت داۋامىدا، پارتىيىمىز ئەمەلىيەتنى ئاساس قىلغان بىرقاتار ئىدىيە ۋە نەزەرىيىلەرنى ئوتتۇرىغا قويدى. 50 ـ يىللاردا، پارتىيىمىز جۇڭگونىڭ ئەھۋالىغا باب كېلىدىغان

نەزەرىيە، سىياسەت ۋە ئۇسۇللار بىلەن ئىجتىمائىي ئىسلاھات ئېلىپ بېرىشتا چىڭ تۇرۇپ، مىللىي زۇلۇم ۋە مىللىي ئېكس- پىلاتاتسىيىنى تۈگەتتى. ھەرقايسى ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ كاپىتالىزمدىن بۇرۇنقى ئىجتىمائىي تەرەققىيات باسقۇچىدىن سوتسىيالىستىك جەمئىيەتكە ئۆتۈشىنى ئوڭۇشلۇق ئەمەلگە ئا- شۇردى. 80-يىللاردىكى ئىسلاھات داۋامىدا، پارتىيىمىز ۋە دۆ- لىتىمىز ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىدا ئىسلاھات ئېلىپ بې- رىشقا، ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىنىڭ ئەمەلىيىتىنى ئاساس قىلىش، ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىغا باب كېلىدىغان ئالاھىدە سىياسەت، تەدبىرلەرنى ۋە ئەمەلىي قەدەم-باسقۇچلارنى قوللىنىش لازىملىقىنى تەكىتلىدى. ئەمەلى- يەتنىڭ سىنىقى ئارقىلىق، بۇ نەزەرىيىلەرنىڭ تامامەن توغرا ئىكەنلىكى ئىسپاتلاندى.

يۇقىرىدا ئىزھار قىلىنغان ئاساسىي ئىدىيە ۋە ئاساسىي نەزەرىيىلەر جۇڭگونىڭ مىللەت نەزەرىيىسى سىستېمىسىنىڭ ئا- ساسىي قۇرۇلمىسىنى ۋە ئاساسىي مەزمۇنىنى تەشكىل قىلىپ، باشقا مىللەت نەزەرىيىلىرى بىلەن بىرلىكتە جۇڭگونىڭ مىللەت نەزەرىيىسى سىستېمىسىنى ۋۇجۇدقا كەلتۈردى. بۇ سىستېما ئۆزئارا زىچ باغلىنىشقا ئىگە بولغان ۋە بىر-بىرىگە تەسىر كۆر- سىتىدىغان ئىلمىي، تەپسىلىي ۋە جانلىق بىر پۈتۈن سىستېما، شۇنىڭ بىلەن بىللە، جانلىق ئەمەلىيەتكە يارىشا، ئۆزلۈكسىز بېيىپ ۋە راۋاجلىنىپ بارىدىغان ئوچۇق سىستېما. بۇ نەزەرىيە سىستېمىسى جۇڭگوچە سوتسىيالىزم نەزەرىيىسىنىڭ تەركىبىي قىسمىغا مەنسۇپ. ئۇنى پۈتۈنلۈك جەھەتتىن ئەتراپلىق ئىگە-

لەش، ئەمەلىيەت داۋامىدا ئاكتىپ تەتبىق قىلىش كېرەك.

پارتىيە 13-نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتىنىڭ 7-ئومۇمىي يىغىنى ۋە پارتىيىنىڭ 14-قۇرۇلتىيىنىڭ دوكلاتىدا مىللىي مەسىلە مەخسۇس بايان قىلىندى. يىغىنچاقلىغاندا، ئۇ، ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى ۋە مىللەتلەرنىڭ بۈيۈك ئىتتىپاقلىقىنى قوغداش، مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە تۈزۈمىدە چىڭ تۇرۇش ۋە ئۇنى مۇكەممەللەشتۈرۈش، باراۋەرلىك، ھەمدەملىك، ئىتتىپاقلىق ۋە ھەمكارلىقتا چىڭ تۇرۇپ، مىللەتلەرنىڭ ئورتاق گۈللىنىشىنى ئىلگىرى سۈرۈش، مىللىي كەمسىتىشكە، مىللىي زۇلۇم ۋە مىللىي بۆلگۈنچىلىككە قارشى تۇرۇش دېگەن مەزمۇنلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. بۇ مەزمۇنلاردا جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش نەزەرىيىسىنىڭ تەركىبىدىكى مىللەت نەزەرىيىسىنىڭ مەزمۇنى يۇقىرى دەرىجىدە يىغىنچاقلانغان.

دۆلىتىمىزنىڭ مىللەت نەزەرىيىسى جۇڭخۇا ئېلى زېمىنىدا يىلتىز تارتىش بىلەن بىللە خەلقئارا تەجرىبىلەرنىمۇ قوبۇل قىلغان، ئۇ روشەن جۇڭگوچە ئالاھىدىلىككە ئىگە؛ دۆلىتىمىزنىڭ مىللەت نەزەرىيىسى ئەمەلىيەتكە زىچ باغلانغان ھەمدە دەۋرنىڭ تەرەققىياتىغا ئەگىشىپ ئۈزلۈكسىز تەرەققىي قىلىپ بارىدىغان، ھاياتىي كۈچكە تولۇپ تاشقان نەزەرىيە؛ دۆلىتىمىزنىڭ مىللەت نەزەرىيىسى ئەمەلىيەتكە زىچ بىرلەشتۈرۈلگەن ھەمدە دەۋرنىڭ تەرەققىياتىغا ئەگىشىپ ئۈزلۈكسىز تەرەققىي قىلىپ بارىدىغان، ھاياتىي كۈچكە تولۇپ تاشقان نەزەرىيە؛ دۆلىتىمىزنىڭ مىللەت نەزەرىيىسى مىللىي خىزمەتتە بىرقاتار سىياسەت--تەدبىرلەرنىڭ تۈزۈلۈشىگە يېتەكچىلىك قىلغان، كۈچلۈك ئەمە-

لىيەتچىلىققا ئىگە نەزەرىيە. بۇ نەزەرىيە ماركسىزم-لېنىنىزم ۋە ماۋ زېدۇڭ ئىدىيىسىگە خاس مىللەت نەزەرىيىسى خەزىنىسى-نى بېيىتىپ ۋە راۋاجلاندۇرۇپ، بىزنىڭ جۇڭگودىكى مىللىي مەسىلىنى توغرا ھەل قىلىش يولىنى بويلاپ ئىلگىرىلىشىمىزگە يېتەكچىلىك قىلىپ كەلدى.

**2. سوتسىيالىزم دەۋرىدە مىللىي مەسىلىنى ھەل قىلىشنىڭ تۈپ يولى ئىجتىمائىي ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنى زور كۈچ بىلەن را-ۋاجلاندۇرۇپ، مىللەتلەرنىڭ ئورتاق گۈللىنىشىنى پەيدىنپەي ئىشقا ئاشۇرۇشتىن ئىبارەت**

مىللەتلەرنى ئورتاق تەرەققىي قىلدۇرۇش، ئورتاق گۈللەن-دۈرۈش ئىشىنى سوتسىيالىستىك تۈزۈمنىڭ ماھىيىتى بەلگىلى-گەن، بۇ پارتىيە ۋە دۆلەتنىڭ مىللىي سىياسەتتە تۇتقان تۈپ مەيدانى. ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىنىڭ تەرەققىياتىنى تېزلى-تىش ئىقتىسادىي مەسىلە بولۇپلا قالماي، بەلكى سىياسىي مەسى-لىدۇر. يولداش دېڭ شياۋپىڭ: «سوتسىيالىزمنىڭ مەقسىتى ئىككى قۇتۇپقا بۆلۈنۈشنى پەيدا قىلىش ئەمەس، بەلكى پۈتۈن مەملىكەت خەلقىنى ئورتاق بېيىتىش» دەپ كۆرسەتكەنىدى. بۇ بىزگە نىشاننى ئېنىق كۆرسىتىپ بەردى. يولداش جياڭ زېمىن مەركىزىي كومىتېتنىڭ مىللىي خىزمەت يىغىنىدا پارتىيە مەر-كىزىي كومىتېتى بىلەن گوۋۇيۈەنگە ۋەكالىتەن قىلغان مۇھىم سۆزىدە: «ھازىرقى باسقۇچتا، دۆلىتىمىزدىكى مىللىي مەسىلە ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ۋە ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىنىڭ ئىقتىساد ۋە مەدەنىيەت تەرەققىياتىنى تېزلىتىشنى جىددىي تەلەپ قىلىۋاتقانلىقىدا بىرقەدەر مەركەزلىك ئىپادىلەنمەكتە»، «ئىج-

تىمائىي ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنى زور كۈچ بىلەن راۋاجلاندۇرۇش— سوتسىيالىزم دەۋرىدىكى مىللىي خىزمەتنىڭ تۈپ ۋەزىپىسى، مىللەتلەر ئۆز ئارا ياردەملىشىپ، ئورتاق تەرەققىي قىلىشى ۋە ئورتاق گۈللىنىشى لازىم.» دەپ تېخىمۇ ئېنىق شەرھلىدى. بۇ بىزگە شۇنى ئېنىق ئۇقتۇردىكى، سوتسىيالىزم دەۋرىدە، بىزنىڭ مىللىي مەسىلىنى ھەل قىلىشتىكى تۈپ يولىمىز ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنى تېز راۋاجلاندۇرۇپ، مىللەتلەرنى ئورتاق گۈللەندۈرۈش يولىدا تىرىشىشتىن ئىبارەت. بۇ شۇنداقلا پارتىيىمىزنىڭ ئاساسىي لۇشيەنىنى مىللىي مەسىلىدە ئىزچىللاشتۇرۇشنىڭ تەلىپى.

ھەرخىل تارىخىي، تەبىئىي ۋە ئىجتىمائىي سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن، دۆلىتىمىزدىكى ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ئىجتىمائىي تەرەققىيات سەۋىيىسى خەنزۇلارنىڭكىدىن كۆپ ئارقىدا، ئۇنىڭ ئۈستىگە ھەرقايسى رايونلارنىڭ تەرەققىياتى تولىمۇ تەكشىسىز. مىللەتلەرنىڭ ئورتاق گۈللىنىشىنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن بىرقەدەر ئۇزاق ۋاقىتقىچە تىرىشىشقا توغرا كېلىدۇ. بىز پاسسىپ ھالدا كۈتۈپ تۇرماي، ئالدىراڭغۇلۇقمۇ قىلماي، ئورتاق گۈللىنىش نىشانىغا قاراپ ئېغىشماستىن ئالغا چامدىشىمىز لازىم.

ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ۋە ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىنىڭ ئىقتىساد ۋە مەدەنىيەت ئىشلىرىنى تېز راۋاجلاندۇرۇش ئۈچۈن، ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشنى مەركەز قىلىش شەرت. ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشنى ئوبدان ئېلىپ بېرىش ئۈچۈن، كۈچنى توپلاپ ئىجتىمائىي ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنى راۋاجلاندۇرۇش

شەرت. پارتىيە 14-قۇرۇلتىيىنىڭ دوكلاتىدا مۇنداق دەپ تە-
كىتلەپ كۆرسىتىلدى، هازىرقى باسقۇچتا دۆلىتىمىزدىكى ئاسا-
سىي ئىجتىمائىي زىددىيەت خەلقنىڭ كۈندىن-كۈنگە ئېشىپ بې-
رىۋاتقان ماددىي ۋە مەدەنىيەت ئېھتىياجى بىلەن قالاق ئىجتىما-
ئىي ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرى ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەتتىن ئى-
بارەت، ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنى راۋاجلاندۇرۇشنى ئالدىنقى
ئورۇنغا قويۇپ، جەمئىيەتنىڭ ئەتراپلىق تەرەققىياتىنى ئىلگىرى
سۈرۈش ھەمدە ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ تەرەققىي قىلى-
غان-قىلمىغانلىقىنى خىزمىتىمىزدىكى ھەق بىلەن ناھەق ۋە
ئۇتۇق بىلەن سەۋەنلىككە باھا بېرىشنىڭ ئۆلچىمى قىلىش لازىم.
بىزنىڭ ئىنقىلاب، قۇرۇلۇش ۋە سوتسىيالىزم بىلەن شۇغۇللى-
نىشىمىزدىكى مەقسەت ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنى ئازاد قىلىپ
ۋە راۋاجلاندۇرۇپ، ھەر مىللەت خەلقىنى ئوبدان كۈن كەچۈ-
رۈش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىشتىن ئىبارەت. ئەمەلىيەت شۇنى
قايتا-قايتا ئىسپاتلىدىكى، ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرى تۆۋەن ھا-
لەتتە تۇرغان ھەرقانداق مىللەت زامانىۋى مىللەت بولالمايدۇ.
يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن بۇيان، ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرى-
نىڭ ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرى زور تەرەققىياتلارغا ئېرىشتى،
لېكىن يەنە پەيتنى پەملەپ، ۋەزىيەتنى كۆزىتىپ، پۇرسەتنى
ئىگىلەپ، تېز ئىلگىرىلەش، پۈتۈن كۈچنى سەرپ قىلىپ، ئاز
سانلىق مىللەت رايونلىرىنىڭ ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنى زور
دەرىجىدە راۋاجلاندۇرۇشىمىز لازىم.

ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنى راۋاجلاندۇرۇش ئۈچۈن،
ئىسلاھات ئېلىپ بېرىش، ئىشىكنى ئېچىۋېتىش شەرت. يولداش

دېڭ شياۋپىڭنىڭ جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش نەزەرىيىسى ئىسلاھاتنىڭمۇ ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنى ئازاد قىلىدىغانلىقىنى، ئىسلاھاتنىڭمۇ ئىنقىلاب ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىپ بەردى. بۇ مۇھىم نەزەرىيە بىزنىڭ ئىدىيىمىزنى تېخىمۇ ئازاد قىلدى، ئىسلاھاتنىڭ زور ئەھمىيەتكە بولغان تونۇشىمىزنى چوڭقۇرلاشتۇردى. جەمئىيەتنىڭ ئالغا قاراپ راۋاجلىنىشى ئۈچۈن، ئىشلەپچىقىرىش مۇناسىۋەتلىرى ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىگە جەزمەن ئۇيغۇن كېلىشى لازىم. دۆلىتىمىزنىڭ ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىدا پۈتۈن مەملىكەتتىكىگە ئوخشاش، ئىلگىرى پىلانلىق ئىگىلىك تۈزۈلمىسى يولغا قويۇلغانىدى، ئىشلەپچىقىرىش مۇناسىۋەتلىرىنىڭ ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىگە ئۇيغۇن كېلىدىغان تەرىپىمۇ، ئۇيغۇن كەلمەيدىغان تەرىپىمۇ بار ئىدى، ۋەزىيەتنىڭ ئۆزگىرىشىگە ۋە تەرەققىي قىلىشىغا ئەگىشىپ بۇنداق ئۇيغۇن كەلمەيدىغان تەرىپى بارغانسېرى گەۋدىلىنىپ قالغانىدى. ئىسلاھات دەل توسالغۇلارنى تۈگىتىپ، ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنى يەنىمۇ ئىلگىرىلەپ ئازاد قىلىشنى ۋە راۋاجلاندۇرۇشنى مەقسەت قىلىدۇ. ئىسلاھات ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرى ئۈچۈن ئېيتقاندا، مىللەتلەرنى راۋاجلاندۇرۇش ۋە ئالغا باستۇرۇشتا بېسىپ ئۆتىدىغان مۇقەررەر يول. پارتىيىنىڭ 14 - قۇرۇلتىيىدا، دۆلىتىمىزنىڭ ئىقتىسادىي تۈزۈلمە ئىسلاھاتىنىڭ نىشانى سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى تۈزۈلمىسىنى بەرپا قىلىشتىن ئىبارەت، دەپ كۆرسىتىلدى. شۈبھىسىزكى، ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىمۇ باتۇرلۇق بىلەن مۇشۇ نىشانغا قاراپ مېڭىشى شەرت. بۇ ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىنىڭ

ئىقتىسادىي ۋە ئىجتىمائىي تەرەققىيات تارىخىدا يەنە بىر ئۇلۇغ
ئۆزگىرىش بولغۇسى. ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىدا تاۋار
ئىگىلىكى تەرەققىي قىلمىغان، بازارنىڭ يېتىلىش دەرىجىسى
تۆۋەن، قانداق قىلغاندا بازار ئىگىلىكى تەرەپكە ئوڭۇشلۇق بۇ-
رۇلۇش ياساشقا بولىدىغانلىقى مۇھىم نەزەرىيىۋى مەسىلە ۋە
ئەمەلىي مەسىلە، بۇنىڭدا جاپالىق ئىزدىنىشكە ۋە ئۇزاق ۋاقىت
تىرىشچانلىق كۆرسىتىشكە توغرا كېلىدۇ. بۇ تۈرلۈك بازارلارنى
بەرپا قىلىش، راۋاجلاندۇرۇش ۋە ئۇلارنى ئىچكى بازار ھەم
خەلقئارا بازارلارغا تۇتاشتۇرۇش، بازار مېخانىزمىدىن پايدىلى-
نىش ۋە دۆلەتنىڭ ئومۇمىي جەھەتتىن تەڭشەش-تىزگىنلەش
رولىنى جارى قىلدۇرۇش، ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىنىڭ
بازار مېخانىزمى ئاستىدىكى تەرەققىيات ستراتېگىيىسى، تەرەق-
قىيات نىشانى دېگەنگە ئوخشاش مەسىلىلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالى-
دۇ، بۇلار ئەستايىدىللىق بىلەن ئوبدان ھەل قىلىشقا تېگىشلىك
مەسىلىلەردۇر. بۇنىڭدىن كېيىن، ئاز سانلىق مىللەت رايونلى-
رىنىڭ ئىسلاھاتى ئاساسەن سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى
تۈزۈلمىسىنى بەرپا قىلىش نىشانىنى كۆزلەپ ئېلىپ بېرىلىدۇ.
شۇنىڭغا ئىشىنىشكە بولىدۇكى، سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلى-
كى تۈزۈلمىسى پۈتكۈل دۆلىتىمىزنىڭ ئىقتىسادىغا زور ھاياتىي
كۈچ بېغىشلايدۇ، شۇنىڭدەك ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرى
ئىقتىسادىنىڭ تېز راۋاجلىنىشىغىمۇ تۈرتكە بولىدۇ.

ئىشكىنى سىرتقا ئېچىۋېتىشمۇ ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ
ۋە ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىنىڭ راۋاج تېپىش ۋە گۈللىنىش-
تە بېسىپ ئۆتىدىغان مۇقەررەر يولى. ئىشكىنى سىرتقا ئېچىۋې-

تىش ھەم دۆلەت سىرتىغا، ھەم دۆلەت ئىچىگە ئەتراپلىق ئېچىـ
ۋېتىش دېمەكتۇر. ئىشىكى ئوچۇق مىللەتلا دۇنيادىكى باشقا
مىللەتلەرنىڭ، باشقا رايونلارنىڭ ئىلغار مەدەنىيىتىنى ئۈزلۈكـ
سىز قوبۇل قىلىپ، ئۆزىنى تېز ئالغا باستۇرالايدۇ، باشقا
مىللەت ۋە باشقا رايونلار بىلەن ئۆزئارا بىر-بىرىنىڭ ئارتۇقچىـ
لىقىنى ئۆگىنىپ، يېتەرسىزلىكىنى تولۇقلاپ ئۆز تەرەققىياتىـ
نى تېزلىتەلەيدۇ. تارىخىي ئەمەلىيەت شۇنى ئىسپاتلىدىكى،
ئىشىكنى قانچىكى چوڭ ئېچىۋەتكەن مىللەت شۇنچە تېز تەرەققىي
قىلىدۇ ۋە ئالغا باسىدۇ؛ ئىشىكنى قانچىكى چىڭ ئېتىۋالغان
مىللەت دەۋرنىڭ شۇنچە كۆپ ئارقىسىدا قالىدۇ. دۆلىتىمىزنىڭ
ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرى ئالاھىدە جۇغراپىيە، مەدەنىيەت
ۋە بايلىق ئارتۇقچىلىقىغا ئىگە، لېكىن بۇ خىل ئارتۇقچىلىق
ئۇزاق ۋاقىتتىن بۇيان تولۇق جارى قىلدۇرۇلماي كەلدى، بۇ-
نىڭغا تەبىئىي جۇغراپىيىلىك شارائىت چەكلىمىسىدىن باشقا،
مۇھىمى كونا تۈزۈلمىنىڭ ئاسارىتى ۋە ئىدىيىدىكى قاتماللىق
سەۋەب بولدى. يولداش دېڭ شياۋپىڭنىڭ جەنۇبنى كۆزدىن كە-
چۈرگەندە قىلغان مۇھىم سۆزى بىزنى كۈچلۈك ئىدىيىۋى قورال-
غا ئىگە قىلدى، بىزنىڭ بېكىنمىچىلىك ئىدىيىسىگە داۋاملىق
خاتىمە بېرىپ، سىرتقا ئىشىكنى ئېچىۋېتىش ئىشىنى تېزلىتىـ
شىمىزگە ئىلھام بەردى. مەركىزىي كومىتېت مىللىي خىزمەت
يىغىنىدا چېگرىغا جايلاشقان ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىنىڭ
ئىشىكنى ئېچىۋېتىش ھەققىدە: «قۇرۇقلۇقتىكى چېگرا ئىشىـ
كىنى سىرتقا ئېچىش كەڭ ئېچىۋېتىشنى پۈتكۈل ئىشىكنى
سىرتقا ئېچىۋېتىش ئىشىمىزنىڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمى قىلىـ

شىمىز لازىم» ، «بىز چېگرا بويلىرىنىڭ تەرەققىياتىغا خۇددى دېڭىز بويلىرىنىڭ تەرەققىياتىغا ئەھمىيەت بەرگەندەك ئەھمىيەت بېرىشىمىز لازىم» دېگەن مۇھىم پىلاننى ئوتتۇرىغا قويدى. بۇ ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىنىڭ ئىشىكنى سىرتقا ئېچىۋېتىش ئىشىنى تېخىمۇ ياخشى ئېلىپ بېرىشى ئۈچۈن قۇدرەتلىك ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچ بېغىشلىدى. بىز خىزمەتنى پۇختا ئىشلەش ئارقىلىق، ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىنىڭ ئىشىكنى سىرتقا ئېچىۋېتىش ئىشىنىڭ قەدىمىنى تېزلىتىپ، بۇ ئىشنى پات ئارىدا زور تەرەققىياتقا ئېرىشتۈرۈشكە تىرىشىشىمىز لازىم.

ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىنىڭ تەرەققىياتىنى تېزلىتىشتە، ئۆز كۈچىگە تايىنىپ ئىش كۆرۈش، دۆلەتنىڭ يۆلىشى ۋە تەرەققىي قىلغان رايونلارنىڭ ياردەم بېرىشىدىن ئىبارەت ئۈچ تەرەپنىڭ مۇناسىۋىتىنى ئوبدان بىر تەرەپ قىلىش كېرەك. شۈبھىسىزكى، ھەرقانداق مىللەتنىڭ، ھەرقانداق رايوننىڭ تەرەققىياتىدا ئالدى بىلەن ئۆزىنىڭ ئىچكى كۈچىنى جارى قىلدۇرۇش ھەل قىلغۇچ رول ئوينايدۇ. ھەر مىللەت خەلقى ئۆز كۈچىگە تايىنىپ ئىش كۆرىدىغان، جاپا-مۇشەققەتكە چىداپ كۈرەش قىلىدىغان ئېسىل ئەنئەنىنى جارى قىلدۇرۇپ، مېڭىسىنى ئىشقا سېلىپ، ئىدىيىسىنى ئازاد قىلىپ، ئەستايىدىل، باش چۆكۈرۈپ ئىشلەش يولى بىلەن ئىقتىسادنى راۋاجلاندۇرۇش ۋە جەمئىيەتنى يۈكسەلدۈرۈش مەقسىتىگە ئېرىششى، جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش ئۇلۇغ ئىشىدا يېڭى مۇۋەپپەقىيەت قازىنىشى لازىم. شۇنىڭ بىلەن بىرۋاقىتتا، دۆلەتمۇ تېگىشلىك ياردەم بېرىشى، ئومۇمىي جەھەتتىن تەڭشەش-تىزگىنلەش ئېلىپ بار-

غاندا، ئالاقىدار سىياسەتلەرنى تۈزگەندە ۋە يولغا قويغاندا، ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىغا ئۇيغۇن كېلىدىغان تەدبىرلەرنى قوللىنىپ، ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىنىڭ ئارتۇقچىلىقىنى تېخىمۇ ياخشى جارى قىلدۇرۇشى ۋە ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىنىڭ ئىقتىسادىي جەھەتتىكى ھاياتىي كۈچىنى جانلاندۇرۇشى لازىم. تەرەققىي قىلغان رايونلار جانلىق، خىلمۇخىل شەكىللەر ۋە ئۆزئارا مەنپەئەت يەتكۈزۈش يولى ئارقىلىق، ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ۋە ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىنىڭ تېخىمۇ ئوبدان تەرەققىي قىلىشىغا ياردەم بېرىپ، ھەر قايسى رايونلارنىڭ ئورتاق تەرەققىياتىنى، تەڭكەش تەرەققىياتىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشى، مىللەتلەرنىڭ ئورتاق بېيىشى ۋە ئورتاق گۈللىنىشىنى ئىلگىرى سۈرۈشى لازىم.

ئىقتىسادنى تەرەققىي قىلدۇرۇش بىلەن بىرۋاقىتتا، ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىنىڭ ئىجتىمائىي ئىشلىرىنىڭ تەرەققىياتىنى مۇناسىپ دەرىجىدە تېزلىتىش كېرەك. ئىقتىساد بىلەن جەمئىيەتنىڭ تەڭكەش تەرەققىياتى بىر-بىرىنى شەرت قىلىدۇ، بىر-بىرىنى تولۇقلايدۇ. ئىقتىسادىي تەرەققىيات جەمئىيەت تەرەققىياتىنىڭ ئىچكى ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچىدۇر، جەمئىيەت تەرەققىياتى ئىقتىسادىي تەرەققىياتىنىڭ زۆرۈر شەرتىدۇر. ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ تۈنجىسى بولغان پەن-تېخنىكا تەرەققىياتىغا ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىپ، پەننىي تەتقىقاتنى، پەن-تېخنىكىنى ئومۇملاشتۇرۇش ۋە تەتبىق قىلىشنى كۈچەيتىپ، پەن-تېخنىكىنى ئەمەلىي ئىشلەپچىقىرىش كۈچىگە ئايلاندۇرۇش لازىم؛ مىللىي مائارىپ ئىشىنىڭ تەرەققىياتىغا ئەھمىيەت بې-

رىپ، ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىنىڭ مائارىپىنى تىرىشىپ پۈتۈن دۆلەت مائارىپى بىلەن تەڭكەش راۋاجلاندۇرۇپ، ئاز سان- لىق مىللەت رايونلىرىنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتىنى تېخىمۇ كۆپ لاياقەتلىك خادىملارغا ۋە كۈچلۈك ئەقلىي مەدەتكە ئىگە قىلىش لازىم. زامانىۋىلاشتۇرۇش جەريانىدا، ئاز سانلىق مىل- لەت رايونلىرىنى ئۈزلۈكسىز ئىقتىسادىي تەرەققىياتقا ۋە ئىجتى- مائىي تەرەققىياتقا ئىگە قىلىش بىلەن بىرۋاقىتتا، مىللەتلەرنىڭ ساپاسىنىمۇ ئۈزلۈكسىز ئۆستۈرۈپ، ئۇلارنى ئىلغار مىللەتلەر قاتارىدىن ئورۇن ئالدۇرۇش كېرەك.

**3. سوتسىيالىستىك مىللىي مۇناسىۋەتنى مۇستەھكەملەپ ۋە راۋاجلاندۇرۇپ، مىللەتلەرنىڭ بۈيۈك ئىتتىپاقلىقىنى ئۈزلۈكسىز كۈ- چەيتىش**

مىللەتنىڭ پەيدا بولۇشى، راۋاجلىنىشى ۋە يوقىلىشى ئۆزى- گە خاس قانۇنىيەتكە ئىگە. سىنىپىي جەمئىيەتتە، مىللىي مە- سىلە ئاساسەن ئېزىلگۈچى مىللەتلەرنىڭ ھۆكۈمران سىنىپنىڭ سىنىپىي زۇلمىغا ۋە مىللىي زۇلمىغا قارشىلىق كۆرسىتىشىدە ئىپادىلىنەتتى. سوتسىيالىزم دەۋرىدە، سىنىپىي زۇلۇم ۋە مىل- لىي زۇلۇم تۈگىتىلىپ، مىللىي مەسىلىنىڭ مەزمۇنى، مىللىي زىددىيەتنىڭ خاراكتېرى ئۆزگەردى. خۇددى يولداش لى پېڭ مەركەز مىللىي خىزمەت يىغىنىدا قىلغان مۇھىم سۆزىدە كۆر- سەتكەندەك: «مىللەتلەر ئوتتۇرىسىدىكى ۋە مىللەتلەرنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى زىددىيەت ئاساسەن خەلق ئىچىدىكى زىددىيەتكە ياتى- دۇ». ھازىرقى باسقۇچتىكى مىللەتلەر ئارا زىددىيەتنىڭ خۇسۇ- سىيىتىنى ئىگىلەش بىزنىڭ نەزەرىيىمىز ۋە ئەمەلىيىتىمىز ئۈ-

چۇن مۇھىم يېتەكچى ئەھمىيەتكە ئىگە.

نەچچە مىڭ يىللىق تارىخىي ئەنئەنە ۋە مەدەنىيەت ئەنئەنىسى، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ رەھبەرلىكىدە ئېلىپ بېرىلغان ئىنقىلاب ۋە قۇرۇلۇشنىڭ ئۇلۇغ ئەمەلىيىتى ھەر مىللەت خەلقىنى بىر-بىرىگە قان بىلەن گۆشتەك يېقىنلاشتۇرۇپ، بىرنىيەت-بىر مەقسەتكە ئىگە قىلدى. بۈگۈنكى كۈندە، مەملىكىتىمىزدىكى مىللەتلەرنىڭ مۇناسىۋىتى ئىنتايىن ئىناق بولماقتا. مىللەتلەرنىڭ قېرىنداشلارچە ئىتتىپاقلىقى كۈندىن-كۈنگە مۇستەھكەملەنمەكتە، سوتسىيالىستىك مىللىي مۇناسىۋەت ئۈزلۈكسىز راۋاجلانماقتا، بۇ ئاساسىي تەرەپ. يەنە بىر تەرەپتىن، مىللەتلەر ئوتتۇرىسىدا يەنىلا زىددىيەت مەۋجۇت بولۇپ تۇرماقتا ھەمدە مۇئەييەن شارائىتتا ھەرخىل شەكىللەر بىلەن بىۋاستە ۋە ۋاستىلىك ھالدا ئىپادىلەنمەكتە. يولداش جياڭ زېمىن مەركەز مىللىي خىزمەت يىغىنىدا قىلغان سۆزىدە، بۇنىڭ بىر-بىرىدىن پەرقلىنىدىغان ئىككى خىل خاراكتېردىكى، بىر-بىرىگە ئوخشاشمايدىغان ئالتە جەھەتتىكى ئىپادىسىنى مۇپەسسەل تەھلىل قىلدى. ئوخشاش بولمىغان زىددىيەتلەرنى ئوخشاش بولمىغان ئۇسۇل بىلەن ھەل قىلىش لازىم. ئىقتىسادىي ساھەدە، مىللەتلەرنىڭ تەرەققىيات سەۋىيىسى ئوخشاش بولمىغاچقا، پەرق مەۋجۇت، بۇنىڭدىن تۇغۇلغان زىددىيەت ھازىرقى باسقۇچتىكى مىللىي زىددىيەتتە گەۋدىلىك ئورۇن تۇتماقتا، بۇ زىددىيەتنى ئاساسەن ئىقتىسادىي تەرەققىياتنى تېزلىتىش يولى بىلەن ھەل قىلىش كېرەك. باشقا بەزى ساھەلەردە، مەسىلەن، مىللەتلەرنىڭ بىر-بىرىدىن پەرقلىنىدىغان تىل-يېزىقى،

ئۆرپ-ئادىتى ۋە دىنىي ئېتىقادىغا ھۆرمەت قىلىنمىغانلىقى ئۇ-
چۇن تۇغۇلغان ماجىرا ۋە زىددىيەتلەرنى پارتىيىنىڭ خەلق ئىچى-
دىكى زىددىيەتنى توغرا بىرتەرەپ قىلىش فاڭجېنى ۋە ئۇسۇلى
بويىچە يەنى يېتەكلەش، پەسەيتىش، ئاخىرى زىددىيەتنى تۈگى-
تىش، ئىتتىپاقلىق— تەنقىد ۋە ئۆز-ئۆزىنى تەنقىد —
ئىتتىپاقلىق ئۇسۇلى بويىچە ھەل قىلىش كېرەك. قانۇنغا خىلاپ-
لىق قىلغانلارنى قانۇن بويىچە بىرتەرەپ قىلىش لازىم. ئىچ-
كى-تاشقى دۈشمەن كۈچلەرنىڭ مىللىي مەسىلىدىن پايدىلىنىپ
مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىغا بۇزغۇنچىلىق قىلىش، ۋەتەننىڭ بىر-
لىكىنى پارچىلاش يولىدىكى ھەرىكەتلەرگە قارشى ھەر مىللەت
خەلقىگە مەھكەم تايىنىپ، مۇرەسسەسىز كۈرەش قىلىش ۋە
قانۇن بويىچە قەتئىي زەربە بېرىش كېرەك.

چوڭ مىللەتچىلىك بىلەن يەرلىك مىللەتچىلىكنى توغرا
تونۇش ۋە ئۇلارغا توغرا مۇئامىلە قىلىش لازىم، چوڭ مىللەتچى-
لىكمۇ، يەرلىك مىللەتچىلىكمۇ ماركسىزمغا خىلاپ، ھەر ئىك-
كىسى سوتسىيالىزم پرىنسىپىغا زىت كېلىدۇ، ھەر ئىككىسى-
دىن ساقلىنىش ۋە ئۇلارغا قارشى تۇرۇش كېرەك. لېكىن
ئىككى خىل مىللەتچىلىك ئومۇمەن ئېيتقاندا خەلق ئىچىدىكى
زىددىيەتكە ياتىدۇ، ئەمەلىي خىزمەتتە ئېھتىياتچان ۋە ئەمەلىيەت-
كە ئۇيغۇن پوزىتسىيە تۇتۇشقا دىققەت قىلىپ، مەسىلىنىڭ ئۆزى
نېمە بولسا، شۇ بويىچە ھەل قىلىش كېرەككى، يېنىكلىك بىلەن
«مىللەتچى» دېگەن قالپاقنى كىيدۈرمەسلىك لازىم. مۇشۇنداق
قىلىش زىددىيەتنى ھەل قىلىپ، ئىدىيىنى بىرلىككە كەلتۈ-
رۈپ، ئىتتىپاقلىقنى كۈچەيتىشكە پايدىلىق.

مىللەتلەرنىڭ ئىتتىپاقلىقى سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇش ئىشلىرىمىزنى ئېلىپ بېرىش، خەلق دېموكراتىيىسى دىكتاتۇرىلىقىدىكى دۆلەت ھاكىمىيىتىنى مۇستەھكەملەش، مىللەتلەرنىڭ ئۆزىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش ئۈچۈن ئىنتايىن مۇھىم. پارتىيىنىڭ 14-قۇرۇلتىيىدا، سوتسىيالىزم قۇرۇشتا «ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئىتتىپاقلىقىغا تايىنىش شەرت» دەپ كۆرسىتىلدى. شۇڭا مىللەتلەر مۇناسىۋىتىنى ئەستايىدىللىق بىلەن ئوبدان ماسلاشتۇرۇپ، جەمئىيەتنىڭ مۇقىملىقىنى ساقلاپ، مىللەتلەرنىڭ ئوبدان مۇھىتتا ئۈزلۈكسىز تەرەققىي قىلىشىغا، ئۈزلۈكسىز ئالغا بېسىشىغا كاپالەتلىك قىلىش لازىم. مىللەتلەرنىڭ تەرەققىي قىلىشى ۋە ئالغا بېسىشى دۆلەتنىڭ ئىتتىپاقلىقى ۋە مۇقىملىقى بىلەن ناھايىتى يېقىن مۇناسىۋەتلىك. ئىتتىپاقلىق، مۇقىملىق ئالغا بېسىش ۋە تەرەققىي قىلىشنىڭ ئالدىنقى شەرتى، ئۇ ئالغا بېسىش ۋە تەرەققىي قىلىش ئۈچۈن زۆرۈر شەرت-شارائىت يارىتىپ بېرىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىرۋاقىتتا، مىللەتلەر ئالغا باسقان ۋە تەرەققىي قىلغاندىلا ئاندىن ئىتتىپاقلىق ۋە مۇقىملىق ئاساسىنى چىڭىتىپ، ئۇزاققىچە خاتىرجەملىك ئورناتقىلى بولىدۇ.

جەمئىيەتنى مۇقىملاشتۇرۇش ۋە مىللەتلەرنى ئىتتىپاقلاشتۇرۇش ئۈچۈن، پۈتۈن مەملىكىتىمىزدىكى ھەر مىللەت خەلقىگە ماركسىزملىق مىللەت قارىشى ھەققىدىكى تەشۋىق-تەربىيىنى كەڭ كۆلەمدە ۋە ئۇزاققىچە ئېلىپ بېرىپ، پۈتۈن مەملىكىتىمىزدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ۋەتەننى قىزغىن سۆيىدىغان ئۇيۇشقاقلىق كۈچىنى ئىدىيە جەھەتتە ۋە ھەرىكەت جەھەتتە تېخى-

مۇ كۆچەيتىش لازىم. مىللەتلەرنىڭ بىر-بىرىگە باراۋەرلىك بىلەن مۇئامىلە قىلىشىنى، ئۆزئارا ھەمكارلىشىشىنى، بىر-بى-رىنى ھۆرمەت قىلىشىنى، ئۆزئارا ئۆگىنىشىنى تەشەببۇس قى-لىپ ۋە ئۇنى ئىلگىرى سۈرۈپ، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى ئوبدان ئىجتىمائىي كەيپىياتقا ئايلاندۇرۇش، ھەر مىللەت پۇقرا-لىرىنى ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى ۋە مىللەتلەرنىڭ ئىتتىپاقلىقىنى قوغداشتىن ئىبارەت قانۇنىي مەجبۇرىيىتىنى ۋە ئەخلاقىي مەس-ئۇلىيىتىنى ئاڭلىق ئادا قىلىدىغان سەۋىيىگە ئىگە قىلىش لازىم. ياش-ئۆسمۈرلەر كەلگۈسىدىكى مىللىي مۇناسىۋەتنىڭ ئاساسى كۆچى، ياش-ئۆسمۈرلەرگە قارىتىلغان تەربىيىنى كۆچەي-تىش جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ بۈيۈك ئىتتىپاقلىقىنى قوغداشنىڭ ئۇزاق مۇددەتلىك كاتتا تەدبىرىدۇر. بىزنىڭچە، ھەر دەرىجىلىك ھەر خىل مەكتەپلەر كونكرېت ئەھۋالغا قاراپ ۋەتەنپەرۋەرلىك ۋە مىللىي ئىتتىپاقلىق ھەققىدىكى تەربىيىنى تۈزۈمگە ئايلاندۇ-رۇپ ۋە قېلىپلاشتۇرۇپ، ھەر مىللەت خەلقىنى كىچىكىدىن تارتىپلا ۋەتەنپەرۋەرلىك ۋە مىللىي ئىتتىپاقلىق ئىدىيىسىنى تۇرغۇزۇش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىشى لازىم. نۆۋەتتە، ھەر دەرىجىلىك رەھبىرىي كادىرلار ئارىسىدا، زىيالىيلار ۋە ياش-ئۆسمۈرلەر ئارىسىدا ماركسىزملىق مىللەت قارىشى ھەققىدىكى تەشۋىق-تەربىيىنى نۇقتىلىق ئېلىپ بېرىش لازىم.

**4. مىللەت نەزەرىيىسى تەتقىقاتىنى ۋە تەتقىقات قوشۇنىنىڭ قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىپ، جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش ئۈچۈن تېخىمۇ زور تۆھپە قوشۇش لازىم**

كىشىلەر ئەمەلىي تەجرىبىلەرنى يەكۈنلەپ، نەزەرىيىنى

ئوتتۇرىغا قويدۇ ھەم نەزەرىيىنى ئۆز نۆۋىتىدە ئەمەلىيەتكە يېتەكچى قىلىدۇ. توغرا نەزەرىيە ئەمەلىيەت ئۈچۈن ئىنتايىن مۇھىم رول ئوينايدۇ. ماركسىزملىق مىللەت نەزەرىيىسى— دىئالېكتىك ماتېرىيالىزم بىلەن تارىخىي ماتېرىيالىزمنى يېتەكچى قىلىپ، مىللىي مەسىلىنى ئىلمىي ئاساستا تونۇيدىغان ۋە ھەل قىلىدىغان نەزەرىيە. جۇڭگو كومپارتىيىسى ماركسىزمنىڭ ئومۇمىي ھەقىقىتىنى جۇڭگونىڭ ئەمەلىيىتى بىلەن بىرلەشتۈرۈپ، توغرا مىللەت نەزەرىيىسىنى بەرپا قىلدى، توغرا مىللىي سىياسەتلەرنى تۈزۈپ چىقتى، ھەر مىللەت خەلقىنى ئىتتىپاقلاشتۇرۇپ، سوتسىيالىزم ئىشلىرىدا ۋە مىللىي خىزمەتتە شانلىق مۇۋەپپەقىيەتلەرنى قولغا كەلتۈردى، ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ۋە ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىنىڭ سىياسىي، ئىقتىسادىي ئىشلىرى ۋە مەدەنىيەت ئىشلىرى ئەتراپلىق راۋاجلىنىپ، تارىخىي خاراكتېرلىك يۈكسىلىشكە ئېرىشتى. خەلقنىڭ ماددىي ۋە مەدەنىي تۇرمۇشى كۆرۈنەرلىك ياخشىلاندى ۋە يۇقىرى كۆتۈرۈلدى. ئەمەلىيەت جۇڭگونىڭ مىللەت نەزەرىيىسىنىڭ توغرا ئېكەنلىكىنى ئىسپاتلىدى، جۇڭگونىڭ مىللىي مەسىلىنى ھەل قىلىشتا قولغا كەلتۈرگەن ئۇلۇغ مۇۋەپپەقىيەتلىرى پۈتۈن مەملىكىتىمىزدىكى 56 مىللەتتىن تەركىب تاپقان كەڭ خەلق ئاممىسىنى زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىغا تولۇپ تاشقان ئىشەنچ بىلەن ئاتلىنىشقا رىغبەتلەندۈرۈپلا قالماي، بەلكى چەت ئەللەردىكى نۇرغۇنلىغان جامائەت ئەربابلىرىنىڭ، سىياسىي ئەربابلارنىڭ، مىللەتشۇناسلىق تەتقىقاتى مۇتەخەسسىسلىرىنىڭ ۋە ئالىملىرىنىڭ ماختىشىغا سازاۋەر بولدى، سوتسىيالىستىك جۇڭگو-

نىڭ مىللىي مەسلىنى ھەل قىلىش جەھەتتىكى ئەۋزەللىكىنى نامايان قىلدى.

پارتىيىنىڭ توغرا مىللەت نەزەرىيىسىنىڭ يېتەكچىلىكىدە، پۈتۈن مەملىكىتىمىزنىڭ مىللەت نەزەرىيىسى سېپىدىكى مۇتە- خەسسىسلەر، ئالىملار، تەتقىقات خادىملىرى ۋە مىللىي خىزمەت خادىملىرى ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ۋە ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىنىڭ ئوخشاش بولمىغان ئالاھىدىلىكىگە ۋە ئەھۋالىغا بىرلەشتۈرۈپ، مىللەت نەزەرىيىسى گۈلزارىدا جاپالىق ئەجىر سىڭدۈرۈش ئارقىلىق مول نەتىجە يارىتىپ، ئاز سانلىق مىللەت- لەرنىڭ ۋە ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىنىڭ قۇرۇلۇش ئىشلى- رى ئۈچۈن زور تۆھپە قوشتى. 40 نەچچە يىللىق تىرىشىش ئارقىسىدا، مەملىكەت بويىچە مىللەتلەر تەتقىقاتى ئورنىدىن 20 نەچچىسى قۇرۇلۇپ، مىللەت نەزەرىيىسى تەتقىقاتى قوشۇنى دەسلەپكى قەددەمدە ۋۇجۇدقا كەلدى، تولۇقسىز مەلۇماتقا قارىغان- دا، مەملىكەت بويىچە مىللەت نەزەرىيىسى تەتقىقاتىنى ئاساس قىلغان كەسپىي خادىملار ئالاھازەل 500 گە يېتىدىكەن، بۇنىڭغا مىللەت نەزەرىيىسى تەتقىقاتى بىلەن قوشۇمچە شۇغۇللىنىدىغان خادىملارنى قوشقاندا، مەلۇم سانغا ۋە مەلۇم تەتقىقات ئىقتىدارىغا ئىگە قوشۇن شەكىللەنگەن بولىدۇ. بۇلارنىڭ ئىچىدىكى نۇرغۇن يولداشلار تەتقىقات خىزمىتىنى مۇھىت جاپالىق، شارائىت ناچار ئەھۋال ئاستىدا ئىشلەپ كەلدى، ئۇلارنىڭ روھى كىشىنى قايىل قىلدۇرىدۇ!

مىللەت نەزەرىيىسى خىزمىتىدە زور مۇۋەپپەقىيەتلەرنى قولغا كەلتۈرگەن بولساقمۇ، لېكىن دەۋرنىڭ ئۆچقاندەك ئىلگە-

-رىلەۋاتقان قەدەمگە سېلىشتۇرغاندا، دۆلىتىمىزنىڭ سوتسىيا-لىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنىڭ بىزگە قويغان تەلەپىدىن قارىغاندا، مىللەت نەزەرىيىسى خىزمىتىدە يەنىلا چوڭ پەرق ساقلانماقتا. مىللەت نەزەرىيىسى تەتقىقاتىدا كېيىن قېلىش ئەھۋالى مەۋجۇت، بەزىدە يېڭى شەيئىلەرنى سەزگۈرلۈك بىلەن بايقاش يېتەرلىك ئەمەس؛ ئىدىيىدە ئازاد بولۇش، يېڭىلىق يارىتىش يېتەرسىز، بەزى چوڭ-چوڭ رېئال مەسىلىلەرنى تەتقىق قىلىش يېتەرلىك ئەمەس؛ مىللەت نەزەرىيىسى تەتقىقاتى قوشۇنىنىڭ سانى ئازلىق قىلىۋاتىدۇ، بۇ قوشۇننىڭ ساپاسىنىمۇ ئۆستۈرۈشكە توغرا كېلىدۇ. بىز تەجرىبىلەرنى يەكۈنلەپ، روھىمىزنى ئۇرغۇتۇپ، خىزمەتنى تىرىشىپ تېخىمۇ ياخشى ئىشلەشىمىز كېرەك.

يولداش جياڭ زېمىن 14-قۇرۇلتاي دوكلاتىدا، يولداش دېڭ شياۋپىڭنىڭ جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش نەزەرىيىسى هازىرقى زامان جۇڭگوسىنىڭ ماركسىزمى، بىزنى يېڭى تارىخىي ۋەزىپىلەرنى ئورۇنداشقا يېتەكلەيدىغان كۈچلۈك ئىدىيىۋى قورال، دەپ ئوتتۇرىغا قويدى. بىز جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش نەزەرىيىسىنى ئەستايىدىل ئۆگىنىپ، بۇ نەزەرىيىنىڭ يېتەكچىلىكىدە مىللەت نەزەرىيىسى تەتقىقاتىنى تېخىمۇ كۈچەيتىشىمىز لازىم. تەتقىقاتتا نەزەرىيىنى ئەمەلىيەتكە بىرلەشتۈرۈش، ئەمەلىي تەتقىقاتقا ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىش لازىم. ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ۋە ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىنىڭ سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىدىكى چوڭ-چوڭ نەزەرىيىۋى مەسىلىلەرنى ۋە مىللەتلەرنىڭ ئىتتىپاقلىقىغا، تەرەق-

قىياتىغا زىچ مۇناسىۋەتلىك چوڭ-چوڭ رېئال مەسىلىلەرنى تەت-
قىقاتنىڭ ئاساسىي تېمىسى قىلىش كېرەك. ئىسلاھات ئېلىپ
بېرىش، ئىشىكنى ئېچىۋېتىش، سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلى-
كىنى بەرپا قىلىش، ئىجتىمائىي تەرەققىياتنى ئىلگىرى سۈ-
رۈش، مىللەتلەرنىڭ باراۋەرلىكى ۋە ئىتتىپاقلىقىدا چىڭ تۇ-
رۇش، مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە تۈزۈمىنى مۇكەم-
مەللەشتۈرۈش قاتارلىق ئومۇمىي خاراكتېر ئالغان مەسىلىلەرنى
چىڭ ئىگىلەش كېرەك. تەتقىقات ئارقىلىق، ئاز سانلىق مىللەت
رايونلىرىنىڭ ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرى تەرەققىياتىنى ئىلگىرى
سۈرۈش، جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ ئۇيۇشۇش كۈچىنى ئاشۇرۇش
لازىم. شۇنىڭ بىلەن بىللە، ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ۋە ئاز
سانلىق مىللەت رايونلىرىنىڭ ئالاھىدىلىكىگە ياتىدىغان مەسىلى-
لەرنىمۇ ئوبدان ئىگىلەش كېرەك. نۆۋەتتە ۋە بۇنىڭدىن كېيىن-
كى بىر مەزگىل ئىچىدە، بىزنىڭ نۇقتىلىق تەتقىقاتىمىز جۇڭ-
گوچە سوتسىيالىستىك مىللەت نەزەرىيىسى، ئاز سانلىق مىللەت
رايونلىرىنىڭ بازار ئىگىلىكى تۈزۈلمىسىنى بەرپا قىلىش، ئاز
سانلىق مىللەت رايونلىرىنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتىنى دۆلەت-
نىڭ رايون سىياستى بىلەن ماسلاشتۇرۇش، مىللىي تېررىتو-
رىيىلىك ئاپتونومىيە تۈزۈمىنى مۇكەممەللەشتۈرۈش ۋە راۋاج-
لاندۇرۇش، مىللەتلەر مۇناسىۋىتىنىڭ ئالاھىدىلىكى ۋە تەرەققى-
يات يۈزلىنىشى ۋە ئۇنىڭغا قارىتىلغان تەدبىرلەر دېگەنگە ئوخ-
شاش مۇھىم تېمىلارنى ئاساس قىلىپ ئېلىپ بېرىلىدۇ. تەتقى-
قاتنىڭ مۇھىم نۇقتىسىنى ئەمەلىي تەتقىقاتقا قويۇش، شۇنىڭ
بىلەن بىللە ئاساسىي نەزەرىيە تەتقىقاتىنى داۋاملىق ياخشى ئې-

لىپ بېرىش كېرەك.

تەتقىقات جەريانىدا، «ھەممە ئېقىملار بەس-بەستە سايراش» فاڭجېنىنى ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئىلمىي دېموكراتىيىسىدە چىڭ تۇرۇش لازىم. تۆت ئاساسىي پرىنسىپتا چىڭ تۇرۇش شەرتى ئاستىدا، ئوخشاش بولمىغان نۇقتىئىنەزەر ئۈستىدە پىكىر ئال- ماشتۇرۇشقا ۋە بەس-مۇنازىرە ئېلىپ بېرىشقا يول قويۇپ، تەتقىقات خىزمىتىنى خىلمۇخىل شەكىلدە تېخىمۇ جانلىق قانات يايدۇرۇش كېرەك. مىللەت نەزەرىيىسى تەتقىقاتى قوشۇنىنىڭ قۇرۇلۇشىنى يەنىمۇ كۈچەيتىش لازىم، مىللەتلەر ئىنستىتۇتلە- رى ۋە مىللەتلەر تەتقىقات ئورۇنلىرى مىللەت نەزەرىيىسى تەتقى- قاتى خادىملىرىنى، بولۇپمۇ زاپاس خادىملارنى يېتىشتۈرۈش ئىشىنى كۈچەيتىشى كېرەك. مىللەت نەزەرىيىسى ئىلمى بىلەن باشقا ئالاقىدار ئىلىم-پەنلەرنىڭ ھەمكارلىقىنى ۋە ئالماشتۇ- رۇش، بىر-بىرىنى تولۇقلاش ھەم قولللاش ئالاقىسىنى كۈچەي- تىپ، مىللەت نەزەرىيىسى تەتقىقاتىنىڭ ئۇنىۋېرساللىق ۋە ئىل- مىيلىك ئارتۇقچىلىقىنى تېخىمۇ ئوبدان جارى قىلدۇرۇپ، ئۇنى ئەمەلىيەت ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرۇش كېرەك.

14-قۇرۇلتاينىڭ روھىغا ۋە مىللىي خىزمەت جەھەتتىكى ۋەزىپىلەرگە ئاساسەن، دۆلەت مىللىي ئىشلار كومىتېتى جۇڭگو ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسى ۋە مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇل- تىيى مىللەتلەر كومىتېتى بىلەن بىرلىكتە بۇنىڭدىن كېيىنكى بەش يىل ئىچىدە مىللىي مەسىلە ئۈستىدە بىر نۆۋەت بىرقەدەر سىستېمىلىق تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىشنى ئوتتۇرىغا قويدى، يەنى مىللەتلەرنىڭ «ھازىرقى ئەھۋالى ۋە تەرەققىياتى» نى ئاسا-

سى تېما قىلىپ، 55 ئاز سانلىق مىللەت ئۈستىدە بىر قېتىم بىرقەدەر ئەتراپلىق، سىستېمىلىق تەكشۈرۈش ۋە تەتقىقات ئېلىپ بارماقچى. تەكشۈرۈش ئارقىلىق، مىللىي خىزمەت ھەققىدە تەدبىر كۆرۈش، ئالاقىدار فاڭجېن-سىياسەتلەرنى تۈزۈش ئۈچۈن ئىلمىي نەزەرىيىۋى ئاساس ھازىرلاپ، ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ۋە ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىنىڭ تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرمەكچى. پۈتۈن مەملىكىتىمىزدىكى مىللىي خىزمەت ۋە نەزەرىيە تەتقىقات خىزمىتى بىلەن شۇغۇللىنىۋاتقان يولداشلارنىڭ بۇ خىزمەتكە ئاكتىپ قاتنىشىشىنى ئۈمىد قىلىمەن.

دۆلەت مىللىي ئىشلار كومىتېتىنىڭ مىللىي مەسىلە تەتقىقات مەركىزى بۈگۈندىن كېيىن پۈتۈن مەملىكىتىمىزدىكى مىللىي مەسىلە تەتقىقاتى بىلەن شۇغۇللانغۇچى تەتقىقات ئاپپاراتلىرى، ئىلمىي جەمئىيەتلىرى ۋە ئالاقىدار ئىلىم-پەن ساھەسى ھەمدە مۇتەخەسسىس، ئالىملار بىلەن بولغان ئالاقە ۋە ھەمكارلىقنى كۈچەيتىپ، مىللىي مەسىلە ئۈستىدىكى تەتقىقاتنى ئورتاق ئىلگىرى سۈرۈشى لازىم.

يولداشلار، مىللەت نەزەرىيىسى تەتقىقاتى ئىنتايىن مۇھىم ھەم كەڭ بىر ساھەدە، بۇ ساھەدە بىز مۇھاكىمە قىلىشقا تېگىشلىك بىرمۇنچە مۇھىم مەسىلىلەر بار، بىز ئورۇنداشقا تېگىشلىك بىرمۇنچە مۇھىم ۋەزىپىلەرمۇ بار. بۇ ساھەدە ئىمكانىيەت شۇ قەدەر كەڭكى، نى-نى ئىشلارنى قىلىشقا بولىدۇ. مەن مەملىكەت بويىچە مىللىي خىزمەت سېپىدىكى ۋە باشقا سەپلەردىكى ئالاقىدار يولداشلاردىن پارتىيە 14-قۇرۇلتىيى روھىنىڭ

يېتەكچىلىكىدە كۆپچىلىكنىڭ ئەقىل-پاراسىتى ۋە كۈچ-قۇۋۋە-
تىنى جارى قىلدۇرۇپ، داۋاملىق كۈرەش قىلىپ، مىللەت
نەزەرىيىسى تەتقىقات خىزمىتىنى تېخىمۇ ياخشى ئىشلەپ، تېخى-
مۇ كۆپ تەتقىقات نەتىجىلىرىنى قولغا كەلتۈرۈپ، جۇڭگوچە
سوتسىيالىزم قۇرۇشتىن ئىبارەت ئۇلۇغ ئىش ئۈچۈن، مىللەت-
لەرنىڭ ئىتتىپاقلىقى ۋە تەرەققىياتى ئۈچۈن تېخىمۇ زور تۆھپە
قوشۇشىنى ئۈمىد قىلىمەن!

# 14-قۇرۇلتاي روھىنى ئەستايىدىل ئىزچىللاشتۇرۇپ، مىللىي خىزمەتنى ئۈزلۈكسىز ئالغا سۈرەيلى*

(1992-يىل 12-ئاي)

پۈتۈن دۇنيانىڭ دىققىتىنى تارتقان جۇڭگو كومپارتىيىسىنىڭ مەملىكەتلىك 14-قۇرۇلتىيى غەلىبىلىك يېپىلدى. بۇ قۇرۇلتايدا ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش ۋە زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىدىن ئىبارەت 14 يىللىق ئۇلۇغ ئەمەلىيەت ئەستايىدىل يەكۈنلەندى. جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش نەزەرىيىسى سىستېمىلىق شەرھلەندى. 90-يىللاردىكى مۇھىم ۋەزىپىلەر ئورۇنلاشتۇرۇلدى، شۇنىڭ بىلەن بىللە، پارتىيىنىڭ ئاساسىي لۇشيەنىدە 100 يىلغىچە تەۋرەنمەي چىڭ تۇرۇش، سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى تۈزۈلمىسىنى بەرپا قىلىش، پۈتۈن پارتىيىنى جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش نەزەرىيىسى بىلەن قوراللاندۇرۇش ئېنىق بەلگىلەندى.

14-قۇرۇلتاي دوكلاتىنىڭ كۆپ يېرىدە مىللىي خىزمەت

* بۇ ماقالە «مىللىي خىزمەتكە دائىر خەۋەرلەر» نىڭ 1992-يىل 12-سانىغا بېسىلغان.

ۋە مىللىي مەسىلە تىلغا ئېلىنىدى، يىغىنچاقلىغاندا ئۇنىڭ مەز-
مۇنى تۆۋەندىكى مۇھىم نۇقتىلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ:

(1) پارتىيىنىڭ مىللىي سىياسىتىنى تولۇق ئىزچىللاش-
تۇرۇش. مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە تۈزۈمىدە چىڭ
تۇرۇش ۋە ئۇنى مۇكەممەللەشتۈرۈش. دۆلىتىمىز—كۆپ مىل-
لەتلىك بىر پۈتۈن دۆلەت، مىللەتلەرنىڭ بۈيۈك ئىتتىپاقلىقى
ۋەتىنىمىزنىڭ بىرلىكىنى قوغداش، سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇ-
رۇشنى ئىشقا ئاشۇرۇشنىڭ مۇھىم كاپالىتى. مىللەتلەرنىڭ
باراۋەرلىكى، ئۆزئارا ياردىمى، ئىتتىپاقلىقى ۋە ھەمكارلىقىنى
قەتئىي داۋاملاشتۇرۇپ، ئورتاق گۈللىنىشنى ئىلگىرى سۈرۈش
كېرەك.

(2) ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىنىڭ ئىقتىسادىي تەرەق-
قىياتىنى تېزلىتىش مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى كۈچەيتىپ،
چېگرا مۇداپىئەسىنى مۇستەھكەملەپ، پۈتۈن مەملىكەتنىڭ ئىق-
تىسادىي تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈشتە ئىنتايىن مۇھىم
ئەھمىيەتكە ئىگە. نامرات رايونلارنى نامراتلىقتىن تېز قۇتۇلدۇ-
رۇپ بېيىتىش ئىككىنچى قەدەملىك ستراتېگىيىلىك نىشاننى
ئىشقا ئاشۇرۇشنىڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمى. دۆلەت ئاز سان-
لىق مىللەت رايونلىرىنى ئۈنۈملۈك سىياسەتلەر بىلەن يۆلىشى،
ئىقتىسادى بىرقەدەر تەرەققىي قىلغان رايونلار ئاز سانلىق مىل-
لەت رايونلىرىنىڭ ئۆز تەرەققىياتىنى تېزلىتىشىگە تۈرلۈك شە-
كىللەر بىلەن ياردەم بېرىشى كېرەك.

يېزا-بازار كارخانىلىرىنى داۋاملىق زور كۈچ بىلەن راۋاج-
لاندۇرۇش، بولۇپمۇ ئوتتۇرا، غەربىي رايونلاردىكى ۋە ئاز سان-

لىق مىللەت رايونلىرىدىكى يېزا-بازار كارخانىلىرىنىڭ تەرەققىياتىنى يۆلەش ۋە تېزلىتىش كېرەك.

(3) چېگرا بويىدىكى رايونلاردا ئىشىكنى تېخىمۇ كەڭ ئېچىۋېتىش، ئاپتونوم رايونلارنىڭ ئىشىكنى سىرتقا ئېچىۋېتىش قەدىمىنى تېزلىتىش كېرەك.

(4) ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرىنى تەربىيىلەشكە ئەھمىيەت بېرىش.

بۇلار بىزنىڭ مىللىي خىزمەتنى يەنىمۇ ئوبدان ئىشلەپ، مىللەتلەرنىڭ ئىتتىپاقلىقى ۋە تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈشىمىز ئۈچۈن مۇھىم يېتەكچى ئەھمىيەتكە ئىگە.

پارتىيىنىڭ 14-قۇرۇلتىيى مىللىي خىزمەتنى كۈچلۈك تۈرتكىگە ئىگە قىلدى، شۇنداقلا مىللىي خىزمەتكە يېڭى تەلەپلەرنى قويدى. مىللىي خىزمەت دۆلىتىمىزنىڭ زامانىۋىلاشتۇرۇش ئىشلىرىنىڭ ئۈزلۈكسىز ئىلگىرىلىشىگە ئەگىشىپ، شەرەپلىك ھەم مۈشكۈل ۋەزىپىلەرگە دۇچ كەلمەكتە. نۆۋەتتىكى مۇھىم ۋەزىپە: پارتىيە 14-قۇرۇلتىيىنىڭ روھىنى ئەستايىدىل ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، پارتىيىنىڭ ئاساسىي لۇشيەنىنى مىللىي خىزمەت ئەمەلىيىتىدە ئىزچىللاشتۇرۇش، پارتىيىنىڭ مىللىي سىياسىتىنى ئەتراپلىق ئىجرا قىلىش، مەركەزدە ئېچىلغان مىللىي خىزمەت يىغىنىدا ئوتتۇرىغا قويۇلغان ۋەزىپىلەرنى داۋاملىق ئەمەلىيلەشتۈرۈش، مىللىي خىزمەتنى ئومۇمىيۈزلۈك كۈچەيتىش، مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە تۈزۈمىدە چىڭ تۇرۇش ۋە ئۇنى مۇكەممەللەشتۈرۈش، ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشنى ئېغىشماي مەركەز قىلىپ، ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىنىڭ

ئىقتىسادىي ۋە ئىجتىمائىي تەرەققىياتىنى تېزلىتىش، ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش ۋە زامانىۋىلاشتۇرۇش ئىشلىرى داۋامىدا، مىللەتلەرنىڭ باراۋەرلىكى، ئىتتىپاقلىقى، ئۆزئارا ياردىمى، ھەمكارلىقى ۋە ئورتاق گۈللىنىشىنى داۋاملىق ئىلگىرى سۈرۈشتىن ئىبارەت. ھازىر چوڭ فاڭجېن بەلگىلەندى. گەپ ھەقىقىي چىڭ تۇتۇپ، ئەمەلىي ئىش قىلىپ، يىغىننىڭ روھىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈشتە قالدى. 14-قۇرۇلتاي روھىنى ئىزچىللاشتۇرۇش ئۈچۈن، نۆۋەتتە مۇنۇ بىرنەچچە جەھەتتىكى خىزمەتنى ئوبدان تۇتۇش كېرەك.

**1. 14-قۇرۇلتاي ھۆججەتلىرىنى ئەستايىدىل ئۆگىنىپ ۋە چوڭقۇر ئۆزلەشتۈرۈپ، 14-قۇرۇلتاي روھىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈشىمىز، 14-قۇرۇلتاي روھى بىلەن مېڭىمىزنى قوراللاندۇرۇپ، تونۇشىمىزنى ئۆستۈرۈشىمىز، قۇرۇلتاي روھىنى ھەرىكىتىمىزگە يېتەكچى قىلىشىمىز كېرەك.** ھەرقايسى ئورۇنلار ئۆگىنىشنى كونكرېت ئورۇنلاشتۇرۇپ، ئۆگىنىشكە بەلگىلىك ۋاقىت ئاجرىتىشقا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىپ، ئۆگىنىشنى مەلۇم دەرىجىدە چوڭقۇرلاشتۇرۇشى زۆرۈر. تەشۋىقات ۋە نەزەرىيە تەتقىقاتى ئېلىپ بېرىشى كېرەك. پارتگۇرۇپپا ئەزالىرى ۋە ھەر دەرىجىلىك رەھبىرىي كادىرلار 14-قۇرۇلتاي ھۆججەتلىرىنى باشلامچىلىق بىلەن ئوبدان ئۆگىنىشى كېرەك. 14-قۇرۇلتاي ھۆججەتلىرىنى ئۆگىنىشنى يولداش دېڭ شياۋپىڭنىڭ ئەسەرلىرىنى ئۆگىنىش بىلەن بىرلەشتۈرۈش لازىم. نەزەرىيىنى ئەمەلىيەتكە بىرلەشتۈرۈپ، ئەمەلىي ئۈنۈمگە ئەھمىيەت بېرىش لازىم. ئۆگىنىش ئارقىلىق، جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش نەزەرىيىسىنى تېخىمۇ ئوبدان

چۈشىنىش، پارتىيىنىڭ ئاساسىي لۇشيەنىگە تېخىمۇ ئاڭلىق ئەمەل قىلىش كېرەك. 14-قۇرۇلتاي لۇشيەنىنىڭ يېتەكچىلىكىدە، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ رەھبەرلىكىدە، جۇڭگوچە سوتسىيالىزم يولىنى بويلاپ غەلىبىسېرى تېخىمۇ قەتئىيلىك بىلەن ئالغا چامداش كېرەك.

**2. ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش ئىشى يولغا قويۇلغاندىن بۇيانقى مىللىي خىزمەتنى ئەستايىدىل خۇلاسىلىشىمىز كېرەك.** 14 يىلدىن بۇيان مىللىي خىزمەتتە غايەت زور نەتىجىلەر قولغا كەلدى، قىممەتلىك تەجرىبىلەرمۇ ھاسىل بولدى. مەسىلەن، ئىدىيە-نەزەرىيە جەھەتتە قالايمىقانچىلىق ئوڭشالدى، خىزمەتنىڭ مۇھىم نۇقتىسى يۆتكەلدى، مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە تۈزۈمى مۇكەممەللەشتۈرۈلدى، سوتسىيالىستىك مىللىي مۇناسىۋەت راۋاجلاندۇرۇلدى، ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش داۋامىدا مىللەتلەرنىڭ ئىتتىپاقلىقى ۋە تەرەققىياتى ئىلگىرى سۈرۈلدى. مانا بۇلار قىممەتلىك مەنىۋى بايلىقتۇر، بۇلارنى 14-قۇرۇلتاينىڭ روھىغا ئاساسەن، ئەستايىدىل خۇلاسىلىشىمىز، بۇنىڭدىن كېيىنكى مىللىي خىزمەتنى ئوبدان ئورۇنلاشتۇرۇشىمىز لازىم. كومىتېتىمىز بۇ يىلنىڭ ئاخىرى مەملىكەتلىك مىللىي خىزمەت تەجرىبىلىرىنى ئالماشتۇرۇش يىغىنى ۋە مىللىي نەزەرىيە مۇھاكىمە يىغىنى چاقىرماقچى، بۇ يىغىنلارنىڭ تەييارلىق ئىشلىرىنى 14-قۇرۇلتاينىڭ روھىغا ئاساسەن ئوبدان ئىشلەپ، بۇ يىغىنلار ئارقىلىق ئىلگىرىكى خىزمەتلەرنى تېخىمۇ ئوبدان خۇلاسىلىشىمىز، ھازىرقى ئەھۋاللارنى تەتقىق قىلىپ، كەلگۈسىنى پەملەپ، يېڭى ۋەزىيەت يارىتىشىمىز لازىم.

**3. ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشنى باشتىن-ئاخىر ئېغىشماي مەركەز قىلىپ، ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىنىڭ ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش ئىشلىرىنى تېخىمۇ ئىلگىرى سۈرۈشىمىز لازىم.** پارتىيىنىڭ باشقا خىزمەتلىرىدىكىدەك، مىللىي خىزمەتتىمۇ ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشنى باشتىن-ئاخىر ئېغىشماي مەركەز قىلىپ، ئۇستىمىزگە ئالغان تۈرلۈك خىزمەتلەرنى ئوبدان ئىشلەش ئارقىلىق ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىنىڭ زامانىۋىلىشىش ئىشلىرىنى ئىلگىرى سۈرۈشىمىز، مىللەتلەرنىڭ تەرەققىياتى ۋە ئالغا بېسىشىغا تۈرتكە بولۇشىمىز كېرەك. بۇ مەسىلە ھەققىدە روشەن تونۇشقا ئىگە بولۇپ قىلچە ئىككىلەنمەسلىكىمىز لازىم. ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ۋە ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىنىڭ ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشنى كۈچلۈك ئالغا سۈرۈش-سۈرەلمەسلىك خىزمىتىمىزنىڭ قانداق ئىشلەنگەنلىكىنى ئۆلچەيدىغان ئەڭ ئاساسىي ئۆلچەم. ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىنىڭ ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش ئىشلىرىنى داۋاملىق تۈردە پائال ئىلگىرى سۈرۈشىمىز لازىم. ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىنىڭ ئىسلاھات-ئېچىۋېتىش ئىشلىرىدا زور نەتىجىلەر قولغا كەلدى، ۋەزىيەت ناھايىتى ياخشى، ئەمما، ئومۇمەن ئېيتقاندا، ئىشىكنى ئېچىۋېتىشنىڭ قاتلىمى، چوڭ-قۇرلۇقى ۋە كەڭلىكى بىرقەدەر تەرەققىي قىلغان رايونلارنىڭكىگە يەتمەيدۇ، يەنە ئىشلەشكە تېگىشلىك بىرمۇنچە خىزمەتلەر تۇرۇپتۇ. 14-قۇرۇلتاي ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىنىڭ ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش ئىشلىرىنى يېڭى، قۇدرەتلىك ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچكە ئىگە قىلدى، 14-قۇرۇلتاينىڭ روھىغا ئاساسەن، ئىدىيىنى تېخىمۇ ئازاد قىلىپ، تېخىمۇ روھلىنىپ، ئاز سانلىق

مىللەت رايونلىرىنىڭ بايلىق ئۈستۈنلۈكىنى ۋە يەر ئۈستۈنلۈكى-
نى جارى قىلدۇرۇپ، مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە قا-
نۇنىنى ۋە دۆلەتنىڭ ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىغا قاراتقان
تۈرلۈك سىياسەتلىرىنى ئوبدان تەتبىقلاپ، بارلىق ئىجابىي ۋە
ئۈنۈملۈك تەدبىرلەرنى قوللىنىپ، پايدىلىنىشقا بولىدىغان بار-
لىق يوللارنى ئېچىپ، ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش ئىشلىرىنى تېخى-
مۇ داغدۇغىلىق، تېخىمۇ ئۈنۈملۈك، تېخىمۇ پۇختا ئېلىپ بې-
رىشىمىز كېرەك. بۇ جەھەتتە، تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش،
ئەمەلىي ئەھۋاللارنى ئىگىلەش ئاساسىدا، خىزمەتنى تېخىمۇ
كونكرېت، پۇختا ئىشلىشىمىز لازىم.

**4. ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتىنى سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى تۈزۈلمىسى ئاستىدا تېزلىتىش مەسە-لىسىنى تەتقىق قىلىشىمىز كېرەك.** 14-قۇرۇلتايدا سوتسىيالىس-
تىك بازار ئىگىلىكى نەزەرىيىسى ئېنىق ئوتتۇرىغا قويۇلدى.
بۇ— دۆلىتىمىز ئۈچۈن تېخىمۇ مۇھىم ئەمەلىيەت مەسىلىسى
بولۇپ، ئېلىمىزنىڭ ئىقتىسادىي ھاياتىغا چوڭقۇر تەسىر كۆر-
سىتىدۇ. ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىنىڭ تاۋار ئىگىلىكى
نىسپىي ئارقىدا قالغان، بۇ رايونلاردا بازارنىڭ يېتىلىشى ئەزەل-
دىن يېتەرسىز، بىر ئىلاج قىلىپ ئاز سانلىق مىللەت رايونلى-
رىنىڭ ئىگىلىكىنى يېڭى ئەھۋالغا يارىشا سوتسىيالىستىك بازار
ئىگىلىكى تەرەپكە بىرقەدەر ئوڭۇشلۇق بۇراش، شۈبھىسىزكى،
ئىنتايىن مۇھىم بىر مەسىلە، شۇنداقلا تولىمۇ جىددىي مەسىلە.
بۇ مەسىلە ئەستايىدىل تەتقىق قىلىشقا ئەرزىيدۇ. ئاز سانلىق
مىللەت رايونلىرىنى پۇرسەتنى چىڭ تۇتۇپ، ئىقىمغا ماسلى-

شىپ، ئۆز رايونىنىڭ ئەھۋالىغا باب كېلىدىغان بىرقەدەر ياخشى تەرەققىيات يولىنى تېز تېپىپ چىقىپ، ھاياتىي كۈچكە تولغان ئىقتىسادىي ھەرىكەت مېخانىزمىنى بەرپا قىلىپ، سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى داۋامىدا ئۆزىنىڭ تېگىشلىك رولىنى جارى قىلدۇرۇش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىش ئۈچۈن تىرىشىشىمىز لازىم.

**5. سىياسىي تۈزۈلمە ئىسلاھاتى داۋامىدا مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە تۈزۈمىنى تېخىمۇ مۇكەممەللەشتۈرۈشىمىز ۋە مىللەتلەرنىڭ بۈيۈك ئىتتىپاقلىقىنى ئىلگىرى سۈرۈشىمىز كېرەك.** ئىقتىسادىي تۈزۈلمە ئىسلاھاتىنىڭ ئۈزلۈكسىز چوڭقۇرلىشىشىغا ئەگىشىپ، سىياسىي تۈزۈلمە ئىسلاھاتىمۇ ئالغا ئىلگىرىلىمەكتە. 14-قۇرۇلتاينىڭ تەلىپىگە ئاساسەن، ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىنىڭ سىياسىي تۈزۈلمە ئىسلاھاتىنى ياخشى ئېلىپ بېرىپ، دېموكراتىيە ۋە قانۇنچىلىق قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىشىمىز، ئىجتىمائىي مۇقىملىقنى قوغدىشىمىز كېرەك. ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرى ئۈچۈن ئېيتقاندا، سىياسىي تۈزۈلمە ئىسلاھاتىنىڭ مۇھىم بىر تەرىپى مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە تۈزۈمىنى تېخىمۇ مۇكەممەللەشتۈرۈپ، تېخىمۇ تولۇق ھاياتىي كۈچكە ئىگە قىلىپ، جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش داۋامىدا ئۆزىنىڭ ئەۋزەللىكىنى نامايان قىلالايدىغان دەرىجىگە يەتكۈزۈشتىن ئىبارەت. بىز مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە تۈزۈمىنى ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش ۋە زامانىۋىلاشتۇرۇش ئىشلىرىنى ئىلگىرى سۈرۈش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىشىمىز، شۇنىڭ بىلەن بىللە، ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش ۋە زامانىۋىلاشتۇ-

رۇش ئىشلىرى داۋامىدا مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە تۈزۈمىنى مۇستەھكەملىشىمىز ۋە مۇكەممەللەشتۈرۈشىمىز لازىم. دۆلەتنىڭ بىرلىكىنى قەتئىي قوغداپ، مىللەتلەرنىڭ باراۋەرلىكى، ئۆزئارا ياردىمى، ئىتتىپاقلىقى ۋە ھەمكارلىقىنى قەتئىي داۋاملاشتۇرۇپ، سوتسىيالىستىك مىللىي مۇناسىۋەتنى راۋاجلاندۇرۇپ، زامانىۋىلاشتۇرۇش ئىشلىرى ئۈچۈن ئوبدان ئىجتىمائىي شارائىت يارىتىشىمىز لازىم.

**6. ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرىنى ۋە ھەر خىل ئىختىساس ئىگىلىرىنى يېتىشتۈرۈش خىزمىتىنى تىرىشىپ ئوبدان ئىشلىشىمىز كېرەك.** ئىقتىسادىي قۇرۇلۇش، ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش، تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە ئىشلىرىنىڭ ھەممىسى ئىختىساس ئىگىلىرىدىن ئايرىلالمايدۇ، 14-قۇرۇلتاي دوكلاتىدا ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرىنى يېتىشتۈرۈشكە ئەھمىيەت بېرىش كېرەكلىكى ئوچۇق ئوتتۇرىغا قويۇلدى. بۇنىڭدىن كېيىن مىللىي خىزمەت داۋامىدا بۇ خىزمەتنى تىرىشىپ ئوبدان ئىشلىشىمىز لازىم. بۇنىڭ ئۈچۈن، تونۇشنى ئۆستۈرۈش، پىلان تۈزۈش، تەدبىرلەرنى ئەمەلىيلەشتۈرۈش، ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرىنىڭ سانىنى كۆپەيتىش، سۈپىتىنى يۇقىرى كۆتۈرۈش، قۇرۇلمىسىنى ياخشىلاش لازىم. مەركىزىي كومىتېت تەشكىلات بۆلۈمى بىلەن بىرلىشىپ ئاز سانلىق مىللەت كادىرلار خىزمىتى سۆھبەت يىغىنى چاقىرماقچىمىز، تەييارلىق خىزمەتلىرىنى ئاكتىپ ئىشلەپ، يىغىننى تېزرەك ئېچىشقا تىرىشىشىمىز لازىم.

**7. پارتىيە قۇرۇلۇشىنى تېخىمۇ كۈچەيتىشىمىز لازىم.**

14-قۇرۇلتايدا ئوتتۇرىغا قويۇلغان تۈرلۈك ۋەزىپىلەرنى ئورۇنداش ئۈچۈن، پارتىيە قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىپ، پارتىيىنىڭ رەھبەرلىكىنى ياخشىلاش كېرەك. ھەر دەرىجىلىك بەنزىلەر 14-قۇرۇلتاي دوكلاتىدىكى ۋە پارتىيە نىزامنامىسىدىكى تەلەپلەرگە ئاساسەن، ئىدىيىۋى قۇرۇلۇشنى، تەشكىلىي قۇرۇلۇشنى ۋە ئىستىلىي قۇرۇلۇشنى ئەستايىدىل ئوبدان ئېلىپ بېرىشى لازىم. پارتىيە تەشكىلاتلىرىمىزنى تېخىمۇ ئىتتىپاق، تېخىمۇ مۇستەھكەم، تېخىمۇ جەڭگىۋار تەشكىلات قىلىپ قۇرۇپ چىقىشىمىز كېرەك. كادىرلارنى «تۆت ئۆلچەمگە لايىقلاشتۇرۇش» فاڭجېنىغا شۇنىڭدەك ھەم ئەخلاقلىق، ھەم قابىلىيەتلىك بولۇش پرىنسىپىغا ئاساسەن، ھەر دەرىجىلىك بەنزىلەرنى ياخشى سەپلەپ، يېڭى كىشىلەرنى يېتىشتۈرۈشىمىز لازىم. ياش كادىرلارنى زور كۈچ بىلەن تەربىيىلىشىمىز كېرەك، ئالاھىدە ياخشىلىرىنى دەرىجە ئاتلىتىپ ئۆستۈرسەك بولىدۇ. دېموكراتىيە-مەركەزلەشتۈرۈش تۈزۈمىدە چىڭ تۇرۇپ، تىرىشىپ ھەر دەرىجىلىك بەنزىلەرنى ماركسىزمغا سادىق، جۇڭگوچە سوتسىيالىزم يولىدا تەۋرەنمەي ماڭىدىغان قۇدرەتلىك رەھبەرلىك كوللېكتىپى قىلىپ قۇرۇپ چىقىشىمىز لازىم. ھەربىر پارتىيە ئەزاسى جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش نەزەرىيىسىنى باشلامچىلىق بىلەن ئۆگىنىپ، پارتىيىنىڭ ئاساسىي لۇشيەنىنى ئىجرا قىلىش ئاڭلىقلىقىنى ۋە قەتئىيلىكىنى كۈچەيتىشى، تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىشنى كۈچەيتىپ، ئىدىيە-ئىستىل جەھەتتە بۇرۇلۇش ھاسىل قىلىشى، پارتىيىنىڭ قائىدە-نىزاملىرىغا ئەمەل قىلىشى، ئامما بىلەن زىچ ئالاقە باغلىشى، پاك-تىرىشچان بولۇشى، تىرى-

شىپ ئىشلىشى كېرەك.

ئىتتىپاقلىقنى تېخىمۇ كۈچەيتىش ئىشلىرىمىزدا غەلىبە قىلىشنىڭ مۇھىم كاپالىتى. بۇ قېتىمقى يىغىنمۇ ئىتتىپاقلىق يىغىنى بولدى. پارتىيىنىڭ ئىتتىپاقلىقىنى ۋە بىرلىكىنى قوغداش— ھەربىر پارتىيە ئەزاسى ئادا قىلىشقا تېگىشلىك مەجبۇرىيەت. ھەربىر پارتىيە ئەزاسى، بولۇپمۇ ھەر دەرىجىلىك پارتىيىلىك رەھبىرىي كادىرلار پرىنسىپتا چىڭ تۇرۇپ، ئومۇمىيلىقنى نەزەردە تۇتۇپ، ئىتتىپاقلىقنى باشلامچىلىق بىلەن ياخشىلىشى كېرەك. ھەر دەرىجىلىك بەنزىلەر ئىتتىپاق بولۇشى، يۇقىرىدىكىلەر بىلەن تۆۋەندىكىلەر ئىتتىپاق ئۆتۈشى لازىم. ھەممەيلەن بىر نىيەت-بىر مەقسەتتە ئورتاق كۈچ چىقىرىپ، 14-قۇرۇلتايدا ئوتتۇرىغا قويۇلغان ۋەزىپىلەرنى تولۇق ئورۇنداش ئۈچۈن، مىللەتلەرنىڭ ئىتتىپاقلىقى ۋە تەرەققىياتى ئۈچۈن تىرىشىپ كۈرەش قىلايلى!

يېڭى سەپەرگە يول ئېچىلدى، يېڭى ۋەزىپىلەر بەلگىلەندى. يولدا جياڭ زېمىن يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ رەھبەرلىكىدە، روھىمىزنى ئۇرغۇتۇپ، يول ئېچىپ ئىلگىرىلەپ، مىللىي خىزمەتنى داۋاملىق ئالغا سۈرۈپ، جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىشلىرىدا ئۈزلۈكسىز تېخىمۇ زور غەلىبىلەرنى قولغا كەلتۈرەيلى!

# 14-قۇرۇلتاي روھنى ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش ۋە زامانىۋىلاشتۇرۇش يولىدىكى قۇرۇلۇش ئىشلىرى داۋامىدا مىللىي خىزمەتنى ئۈزلۈكسىز ئىلگىرى سۈرەيلى*

(1992-يىل 12-ئاينىڭ 18-كۈنى)

پارتىيە 11-نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتىنىڭ 3-ئومۇمىي يىغىنىدىن بۇيان، يولداش دېڭ شياۋپىڭنىڭ جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش نەزەرىيىسىنىڭ يېتەكچىلىكىدە، ھەر مىللەت خەلقى بىر نىيەت-بىر مەقسەتتە يول ئېچىپ ئىلگىرىلەپ، ئېلىمىزنىڭ ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش ۋە زامانىۋىلاشتۇرۇش يولىدىكى قۇرۇلۇش ئىشلىرىدا پۈتۈن دۇنيانىڭ دىققىتىنى تارتقۇدەك غايەت زور مۇۋەپپەقىيەتلەرنى قولغا كەلتۈردى، زامانىۋىلاشتۇرۇش يولىدىكى قۇرۇلۇش ئىشلىرىمىزنىڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمى بولغان مىللىي خىزمەتتىمۇ ئالەمشۇمۇل مۇۋەپپەقىيەتلەر قولغا كەلدى ھەمدە مول تەجرىبىلەر ھاسىل قىلىندى. بۇ

* بۇ— يولداش ئىسمايىل ئەھمەدنىڭ مەملىكەتلىك مىللىي خىزمەت تەجرىبىلىرىنى ئالماشتۇرۇش يىغىنىدا سۆزلىگەن سۆزى.

تەجرىبىلەر قەدىرلەشكە ئەرزىيدىغان قىممەتلىك بايلىق، ئۇ ئەستايىدىل يەكۈنلەشكە، تەتبىقلاشقا ئەرزىيدۇ. پارتىيە 14-قۇرۇلتىيىنىڭ غەلىبىلىك چاقىرىلىشى، ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش ۋە قۇرۇلۇش ئىشلىرىنىڭ قاينام-تاشقىنلىق بىلەن ئېلىپ بېرىلىشى ئۆتكەنكى ئىشلارنى خۇلاسىلەپ، كېلەچەككە يول ئېچىشىمىز ئۈچۈن توغرا يۆنىلىش كۆرسىتىپ بەردى ۋە قۇدرەتلىك ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچ بېغىشلىدى. بۈگۈن بىز دەل مۇشۇنداق مىسلى كۆرۈلمىگەن ياخشى ۋەزىيەتتە، گۇاڭشى جۇاڭزۇ ئاپتونوم رايونىنىڭ مەركىزي— نەننىڭدە مەملىكەتلىك مىللىي خىزمەت تەجرىبىلىرىنى ئالماشتۇرۇش يىغىنىنى ئۆتكۈزمەكتىمىز.

بۇ قېتىمقى يىغىننىڭ ئاساسىي ۋەزىپىسى: 14-قۇرۇلتاي روھىنى ئۆگىنىپ ۋە ئىزچىللاشتۇرۇپ، پارتىيە 11-نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتىنىڭ 3-ئومۇمىي يىغىنىدىن بۇيانقى، ئاساسلىقى يېقىنقى بىرنەچچە يىلدىن بۇيانقى مىللىي خىزمەتنى ئەستايىدىل يەكۈنلەش ۋە تەجرىبە ئالماشتۇرۇش، مەركەز مىللىي خىزمەت يىغىنىدا ئوتتۇرىغا قويۇلغان ۋەزىپىلەرنى يەنىمۇ ئوبدان ئەمەلىيلەشتۈرۈش، بۇنىڭدىن كېيىنكى، ئاساسلىقى كېلەر يىلدىكى مىللىي خىزمەتنى مۇھاكىمە قىلىش ۋە ئورۇنلاشتۇرۇشتىن ئىبارەت. يىغىن ئارقىلىق ئىدىيىنى تېخىمۇ ئازاد قىلىپ، تېخىمۇ روھلىنىپ، بىر نىيەت-بىر مەقسەتتە تەڭ كۈچ چىقىرىپ، ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش ۋە زامانىۋىلاشتۇرۇش يولىدىكى قۇرۇلۇش ئىشلىرى داۋامىدا مىللىي خىزمەتنى تېخىمۇ ئوبدان ئىشلەپ، جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش ۋە مىللەتلەر-

نىڭ ئىتتىپاقلىقىنى، تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈش ئۈچۈن تىگىشلىك تۆھپە قوشۇشىمىز كېرەك.

## 1

پارتىيە 11-نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتىنىڭ 3-ئومۇمىي يىغىنىدىن بۇيانقى 14 يىل پارتىيىمىز ۋە دۆلىتىمىزنىڭ تەرەق-قىيات تارىخىدا پەۋقۇلئاددە 14 يىل بولدى. خۇددى باش شۇجى جياڭ زېمىن 14-قۇرۇلتاي دوكلاتىدا كۆرسىتىپ ئۆتكەندەك: «پۈتكۈل دۆلەتتە ھاياتىي كۈچ جۇش ئۇرۇپ، جۇڭخۇا ئېلىنىڭ كەڭ زېمىنىدا تارىخىي خاراكتېرلىك ئۇلۇغ ئۆزگىرىش يۈز بەردى.» دۆلىتىمىزنىڭ مىللىي خىزمىتىمۇ پەۋقۇلئاددە مۇسا-پىنى بېسىپ ئۆتتى. ئۆتمۈشنى تېخىمۇ ئوبدان چۈشىنىش ئۈ-چۈن مىللىي خىزمەتتە شۇ ئون نەچچە يىل داۋامىدا بولۇپ ئۆتكەن بەزى مۇھىم ئىشلارنى قىسقىچە ئەسلەپ باقساق بولىدۇ: 1979-يىل 4-ئايدا، مەملىكەتلىك چېگرا مۇداپىئە خىزمەت يى-غىنى چاقىرىلدى، ج ك پ مەركىزىي كومىتېتى يولداش ۋۇ لەنفۇنىڭ شۇ يىغىندا بەرگەن دوكلاتىنى تەستىقلاپ تارقاتتى؛ 1979-يىل 10-ئايدا، ج ك پ مەركىزىي كومىتېتى، گوۋۇيۈەن دۆلەت مىللىي ئىشلار كومىتېتى پارتگورۇپپىسىنىڭ «ئارىلى-شىپ ئولتۇراقلاشقان ۋە تارقاق ئولتۇراقلاشقان ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ خىزمىتىنى ئوبدان ئىشلەش توغرىسىدىكى دوكلا-تى»نى تەستىقلاپ تارقاتتى؛ 1980-يىل 4-ئايدىن 1981-يىل 7-ئايغىچە، مەركىزىي كومىتېت ئىلگىرى-كېيىن بولۇپ،

شىزاڭ، شىنجاڭ، ئىچكى موڭغۇلنىڭ خىزمىتىنى ۋە يۈننەن
قاتارلىق ئۆلكە، ئاپتونوم رايونلارنىڭ مىللىي خىزمىتىنى مۇزا-
كىرە قىلدى ھەمدە ھەممە مۇھاكىمە يىغىنلىرىنىڭ مۇھىم خاتى-
رىسىنى تارقاتتى؛ 1983-يىل 12-ئايدا، مەملىكەتلىك ئاز سان-
لىق مىللەتلەرنىڭ ئىشلەپچىقىرىش-تۇرمۇش يىغىنى چاقىرىل-
دى؛ 1984-يىل 5-ئايدا، «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ
مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە قانۇنى» ئېلان قىلىندى؛
1987-يىل 4-ئايدا، ج ك پ مەركىزىي كومىتېتى ۋە گوۋۇيۈەن
مەركىزىي كومىتېت بىرلىك سەپ بۆلۈمى بىلەن دۆلەت مىللىي
ئىشلار كومىتېتىنىڭ «مىللىي خىزمەتكە دائىر بىرنەچچە مۇھىم
مەسىلە توغرىسىدىكى دوكلاتى»نى تەستىقلاپ تارقاتتى، مەركى-
زىي كومىتېتنىڭ [1987] 13-نومۇرلۇق ھۆججىتى ئەنە شۇ؛
1987-يىل 6-ئايدا، مەملىكەتلىك چارۋىچىلىق رايونلىرى خىز-
مەت يىغىنى چاقىرىلدى؛ 1988-يىل 4-ئايدا، مەملىكەتلىك
مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى-تەرەققىياتى بويىچە تەقدىرلەش يىغىنى
چاقىرىلدى؛ 1989-يىل 9-ئايدا، ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرى-
نىڭ نامراتلارنى يۆلەش خىزمەت يىغىنى چاقىرىلدى؛
1990-يىل 3-ئايدا، مەركىزىي كومىتېت سىياسىي بيۇروسى
يولداش جياڭ زېمىننىڭ رىياسەتچىلىكىدە چېگرا رايونلارنىڭ
مۇقىملىقىنى ساقلاش مەسىلىسى بويىچە سۆھبەت يىغىنى
چاقىردى؛ 1991-يىل 6-ئايدا، گوۋۇيۈەن دۆلەت مىللىي ئىش-
لار كومىتېتىنىڭ «ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ تىل-يېزىق خىز-
مىتىنى تېخىمۇ ئوبدان ئىشلەش توغرىسىدىكى دوكلاتى»نى تەس-
تىقلاپ تارقاتتى؛ 1991-يىل 12-ئايدا، گوۋۇيۈەن «‹مىللىي

تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە قانۇنى، نى تېخىمۇ ئىلگىرىلەپ ئىزچىللاشتۇرۇش ۋە ئەمەلىيلەشتۈرۈشكە دائىر بەزى مەسىلىلەر توغرىسىدىكى ئۇقتۇرۇش» نى يەنى گوۋۇيۈەننىڭ [1991] 70-نومۇرلۇق ھۆججىتىنى تارقاتتى؛ 1992-يىل 1-ئايدا، مەركەزدە مىللىي خىزمەت يىغىنى چاقىرىلدى؛ 1992-يىل 3-ئايدا، 4-قېتىملىق مەملىكەتلىك مىللىي مائارىپ خىزمەت يىغىنى چاقىرىلدى. ئاشۇ ھەربىر ھۆججەت، ھەربىر يىغىن ۋە ھەربىر تەدبىرنى مىللىي خىزمەتنىڭ ئۇلۇغ مۇساپىسىدە چاقناپ تۇرغان يول بەلگىسى دېيىشكە بولىدۇ.

مىللىي خىزمەت ئاپپاراتلىرىمىزنىڭ تولىسى 11-نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېت 3-ئومۇمىي يىغىنىنىڭ ئالدى-كەينىدە ئەسلىگە كەلتۈرۈلدى ياكى قۇرۇلدى، بۇ دەل دۆلىتىمىزدە سوتسىيالىزم ئىشلىرى مۇھىم بۇرۇلۇش ھاسىل قىلغان دەۋر ئىدى. ھەر دەرىجىلىك مىللىي خىزمەت تارماقلىرى پارتىيىنىڭ رەھبەرلىكىدە، رېئاللىققا يۈزلىنىپ، ئېقىمغا ماسلىشىپ، يېڭى دەۋردىكى مىللىي خىزمەتنىڭ ئېغىر ۋەزىپىسىنى ئۈستىگە ئېلىپ، پۈتكۈل دۆلىتىمىزنىڭ زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنىڭ پۈختا قەدەم تاشلاپ يۈكسىلىشىگە يېقىن ئەگىشىپ، تەۋرەنمەي ئالغا چامدىدى. بىز مىللىي خىزمەتتىكى قالايمىقانچىلىقنى ئوڭشاپ، زور بىر تۈركۈم ناھەق، يالغان ۋە خاتا ئەنزىلەرنى ئاقلىدۇق، مىللىي مەسىلىدە «سول» چىل يېتەكچى ئىدىيىنىڭ تەسىرىدە شەكىللەنگەن خاتا نەزەرىيىلەرنى چۆرۈپ تاشلىدۇق. مىللىي خىزمەت قايتا ئىزىغا چۈشتى، سوتسىيالىستىك مىللىي مۇناسىۋەت ئەسلىگە كەلدى، شۇنىڭ بىلەن يېڭى دەۋردىكى مىل-

لىي خىزمەتنىڭ تەرەققىياتىغا كاشىلا بولىدىغان توسالغۇلار سۈ-
پۈرۈپ تاشلىنىپ، يول ئېچىلدى.

بىز مىللىي خىزمەتنىڭ مۇھىم نۇقتىسىنى كەسكىنلىك
بىلەن يۆتكەپ، ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشنى مەركەز قىلىشتا، ئىس-
لاھات، ئېچىۋېتىشتە، تۆت ئاساسىي پرىنسىپتا چىڭ تۇردۇق،
تۈرلۈك خىزمەتلەردە ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشنى مەركەز قىلىشتىن
ئىبارەت يېتەكچى ئىدىيىنى تىرىشىپ ئىزچىللاشتۇرۇپ، مىل-
لىي خىزمەتنى ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىنىڭ ۋە پۈتكۈل
دۆلەتنىڭ زامانىۋىلاشتۇرۇش يولىدىكى قۇرۇلۇش ئىشلىرىغا
بويسۇندۇرۇپ ۋە خىزمەت قىلدۇرۇپ، مىللەتلەرنىڭ تەرەققىيا-
تى، ئالغا بېسىشى ۋە ئورتاق گۈللىنىشىنى كۈچلۈك ئىلگىرى
سۈردۇق. مىللىي خىزمەتتە ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشنى مەركەز
قىلىش يالغۇز پۈتكۈل دۆلەت تەرەققىياتىنىڭ تارىخىي يۈزلىنى-
شى بولۇپلا قالماستىن، بەلكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭمۇ ئورتاق
ئارزۇسى، ئۇ بىزنى مىللىي خىزمەتنىڭ تارىخىي، رېئال ئەھۋا-
لى، نەزەرىيىسى ۋە ئەمەلىيىتى، ئىجابىي ۋە سەلبىي جەھەتتىكى
تەجرىبىلىرى ئىگە قىلغان ئىلمىي يەكۈن. ئىشلەپچىقىرىش
كۈچلىرىنىڭ تەرەققىياتى ھەرقانداق جەمئىيەتتە ۋە ھەرقانداق
دەۋردە ھامان بىر مىللەتنىڭ ئۆز تەرەققىياتىدىكى ئىچكى ھەرى-
كەتلەندۈرگۈچ كۈچتۇر. مىللەتنىڭ ئىقتىسادىي ئورنى ئۇنىڭ
ئىجتىمائىي ئورنى بىلەن زىچ باغلىنىشلىق بولىدۇ. كۆپ مىل-
لەتلىك دۆلەتتە، مىللەتلەرنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىيات سەۋىيە-
سى، ئىقتىسادىي ئورنى ئۇلارنىڭ مۇناسىۋىتى ئۇچۇن شەرت
بولىدۇ. مىللىي زۇلۇم، مىللىي ئېكسپىلاتاتسىيە يوقىتىلغان

سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇش دەۋرىدە مىللىي خىزمەتتە ئىقتىسا-
دىي قۇرۇلۇشنى مەركەز قىلىش كىشىلەرنىڭ كۆڭلىگە تېخىمۇ
ياقىدۇ، ئەمەلىي ئەھۋالغا تېخىمۇ ئۇيغۇن كېلىدۇ. مىللىي
خىزمەت تارماقلىرى ئۈچۈن ئېيتقاندا، ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشنى
مەركەز قىلىشتا چىڭ تۇرۇپ، مىللەتلەرنىڭ تەرەققىياتى ۋە
ئالغا بېسىشى ئۈچۈن تىرىشچانلىق كۆرسەتكەندىلا، خىزمەتتە
ئاندىن توغرا يۆنىلىشنى ئىگىلىيەلەيدۇ، تەشەببۇسكارلىقنى قو-
لىغا ئالالايدۇ. مىللىي خىزمەت تارماقلىرى ئۈچۈن بۇنىڭدىن
باشقا يول يوق. مىللىي خىزمەتنىڭ ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشنى
مەركەز قىلىش يولىغا سېلىنىشى دۆلىتىمىزنىڭ مىللىي خىز-
مىتىدىكى تارىخىي ئەھمىيەتلىك بۇرۇلۇش، بۇ بۇرۇلۇش نەتى-
جىسىدە مىللىي خىزمەت يېڭى بىر دەۋرگە قەدەم قويىدى. ئەمە-
لىيەت بۇ بۇرۇلۇشنىڭ مۇھىملىقىنى ۋە توغرىلىقىنى مۇنازىرە
تەلەپ قىلمايدىغان هالدا ئىسپاتلىدى.

ئىسلاھات ئېلىپ بېرىش، ئىشىكنى ئېچىۋېتىش سوتسىيا-
لىستىك قۇرۇلۇشىمىزنىڭ يېڭى دەۋردىكى ئەڭ روشەن ئالاھى-
دىلىكىدۇر. خۇددى شۇنىڭدەك ئىسلاھات ئېلىپ بېرىش، ئى-
شىكنى ئېچىۋېتىش يېڭى دەۋردىكى مىللىي خىزمەتنىڭمۇ ئەڭ
روشەن ئالاھىدىلىكىدۇر. بۇ ئالاھىدىلىك مۇنداق ئىككى مەز-
مۇننى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ: بىرى، مىللىي خىزمەت ئاز سانلىق
مىللەت رايونلىرىنىڭ ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش ئىشلىرى ئۈچۈن
سەمىمىي خىزمەت قىلىدۇرۇلۇپ، ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرى-
نىڭ ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش ئىشلىرىنىڭ تارىخىي تەرەققىياتىغا
ئىجابىي پوزىتسىيە ۋە ئۆزگىچە خاس ئىقتىدار بىلەن قاتناشتۇرۇ-

لىدۇ. يەنە بىرى، مىللىي خىزمەتنىڭ ئۆزىمۇ ئىسلاھ قىلىنماق-
تا ۋە تەرەققىي قىلدۇرۇلماقتا. ئىدىيىنىڭ ئازاد قىلىنىشىغا
ۋە خىزمەتنىڭ مۇھىم نۇقتىسىنىڭ يۆتكىلىشىگە ئەگىشىپ،
مىللىي خىزمەت تارماقلىرىنىڭ خىزمەت ھەققىدىكى تەسەۋۋۇر
دائىرىسى، خىزمەت يوللىرى ئۈزلۈكسىز كېڭىيىپ باردى،
خىزمەت مەزمۇنى بېيىدى، بىلىشتىن ئەمەلىيەتكىچە چوڭ بىر
سەكرەش ئەمەلگە ئاشۇرۇلدى. سەللا ئەسلەيدىغان بولساق شۇنى
ھېس قىلالايمىزكى، ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ۋە ئاز سانلىق
مىللەت رايونلىرىنىڭ ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش ئىشلىرىغا چېتىد-
لىدىغان ھەربىر تەرەققىيات باسقۇچىدا، ھەربىر چوڭ قەدەمدە
مىللىي خىزمەت تارماقلىرى ئىمكانىيەتنىڭ بارىچە ئۆز بۇرچىنى
ئادا قىلىپ، ھەرىكەت قوللاندى. ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرى-
نىڭ پىلان ۋە مالىيە تۈزۈلمىسىنى ئىسلاھ قىلىش، چوڭ-ئوت-
تۇرا تىپتىكى كارخانىلارنى جانلاندۇرۇش، ئاساسىي مۇئەسسەسە
قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىش، ئىقتىسادىي ۋە ئىجتىمائىي تەرەققى-
يات پىلانىنى تۈزۈش، ھەر خىل ئوچۇق رايونلارنى ۋە سىناق
رايونلىرىنى تەسىس قىلىش، چېگرا سودىسىنى راۋاجلاندۇ-
رۇش، ئىچكى ئۆلكىلەردىكى تەرەققىي تاپقان رايونلار بىلەن ئاز
سانلىق مىللەت رايونلىرىنىڭ ئۆز سىستېمىسى بويىچە بىر-بى-
رىگە ياردىمىنى يولغا قويۇش، چارۋىچىلىق رايونلىرىدا ئىسلا-
ھات ۋە قۇرۇلۇش ئېلىپ بېرىش قاتارلىق نۇرغۇن جەھەتلەردە
مىللىي خىزمەت تارماقلىرى بىر بولسا تەكلىپلەرنى ئوتتۇرىغا
قويدى، بولمىسا مەخسۇس يىغىنلارنى چاقىردى، ياكى سىياسەت-
لەرنى تۈزۈش ۋە يولغا قويۇش ئىشلىرىغا قاتناشتى. بۇنىڭدىن

باشقا بىز يەنە ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ئىشلەپچىقىرىش-تۇرمۇش ئىشلىرى، ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىنىڭ نامراتلارنى يۆلەش خىزمىتى، ئاز سانلىق مىللەتلەرگە ئالاھىدە ئېھتىياجلىق بۇيۇملارنى ئىشلەپچىقىرىش، مىللىي سودىنى راۋاجلاندۇرۇش قاتارلىق جەھەتلەردە مۇناسىپ خىزمەتلەرنى ئىشلىدۇق. ئون نەچچە يىلدىن بۇيان، ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىنىڭ ئىقتىسادىي چوڭقۇر بىر پەللىگە كۆتۈرۈلدى. 1978- يىلدىكىگە سېلىشتۇرغاندا، 1991-يىلى مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلارنىڭ سانائەت، يېزا ئىگىلىك ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى 185.1% ئاشتى. بۇنىڭ ئىچىدە سانائەتنىڭ ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى 261.5% كۆپەيدى؛ دېھقان-چارۋىچىلارنىڭ كىشى بېشىغا توغرا كېلىدىغان دارامىتى 70 نەچچە يۈەندىن كۆپىيىپ 500 نەچچە يۈەنگە يەتتى، ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىدا نەچچە ئون مىليون ئاھالە نامراتلىقتىن قۇتۇلدى. بۇ مول نەتىجىلەر مىللىي خىزمەت تارماقلىرىنىڭ ۋە كەڭ مىللىي خىزمەت خادىملىرىنىڭ جاپالىق ئەمگىكىدىن ئايرىلمايدۇ.

سوتسىيالىزم شارائىتىدا، ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ۋە ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىنىڭ ئىقتىسادىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش بىلەنلا قالماي، بەلكى ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ مائارىپ، پەن-تېخنىكا، مەدەنىيەت، تەنتەربىيە، ساقلىقنى ساقلاش ئىشلىرىنىمۇ تەرەققىي قىلدۇرۇپ، مىللەتلەرنىڭ ئەتراپلىق يۈكسىلىشىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش كېرەك. بۇ — پارتىيىنىڭ مىللىي سىياسىتىنىڭ ئۆز تەبىئىتىگە خاس تەلىپى، ئاز سانلىق مىللەت خەلقىنىڭ ئۇزۇن زامانلاردىن بۇيان ئىنتىزار بولۇپ كەلگەن

ئارزۇسى، شۇنداقلا ئىقتىسادىي تەرەققىياتنىڭ مۇھىم شەرتى. ئىقتىسادىي تەرەققىيات بىلەن ئىجتىمائىي تەرەققىيات بىر-بىرىگە زىچ باغلىنىپ تۇرىدۇ ۋە بىر-بىرىگە تەسىر كۆرسىتىدۇ. ئىجتىمائىي تەرەققىيات ئىقتىسادىي تەرەققىياتقا باغلىق؛ ئىقتىسادىي تەرەققىيات ئىجتىمائىي تەرەققىياتتىن ئايرىلالمايدۇ. ئىسلاھات ۋە ئىشىكنى ئېچىۋېتىش ئاز سانلىق مىللەتلەر ئىقتىسادىنىڭ ئۇچقاندەك يۈكسىلىشى ئۈچۈن قانات بېغىشلىدى، شۇنداقلا ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ئىجتىمائىي ئىشلىرىنىڭ تەرەققىياتىنى ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچكە ئىگە قىلدى. بىز پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ ئىككى مەدەنىيەتنى تەڭ تۇتۇش تەلىپىگە ئاساسەن، ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ئىجتىمائىي ئىشلىرى تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈشنى مىللىي خىزمەتنىڭ مۇھىم مەزمۇنى قىلدۇق. مىللىي مائارىپنى راۋاجلاندۇرۇش ۋە ئىسلاھ قىلىش، ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىدىكى تۈرلۈك ئىنستىتۇتلارنى مىللەتلەر ئىنستىتۇتلىرىدىن ياخشى باشقۇرۇش جەھەتتە، ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىدا پەن تەتقىقاتى ۋە پەن-تېخنىكا مۇۋەپپەقىيەتلىرىنى ئومۇملاشتۇرۇش ۋە تەتبىق قىلىش جەھەتتە، ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ مەدەنىيىتىگە ۋارىسلىق قىلىش ۋە ئۇنى راۋاجلاندۇرۇش، مەملىكەت ئىچى ۋە سىرتىدا ئالماشتۇرۇش جەھەتتە، ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ تىل-يېزىقىنى قوللىنىش ۋە راۋاجلاندۇرۇش جەھەتتە، ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ تەنتەربىيە ئىشلىرىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش ۋە ئەنئەنىۋى تەنتەربىيىنى قېزىش ھەم رەتلەش جەھەتتە، ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ داۋالاش ئىشلىرىنى راۋاجلاندۇرۇش ۋە پىلانلىق تۇغۇت سىياسى-

تىنى يولغا قويۇش جەھەتتە نۇرغۇن خىزمەتلەرنى ئىشلەپ، تېگىشلىك نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈردۇق. بۇ 14 يىل ئاز سانـ-لىق مىللەتلەرنىڭ ئىجتىمائىي ئىشلىرى جۇش ئۇرۇپ راۋاجلىـ-نىپ، روشەن نەتىجىلەرگە ئېرىشكەن مەزگىل بولدى. 1978 -يىلدىكىگە سېلىشتۇرغاندا، 1991-يىلى ئاز سانلىق مىلـ-لەتلەرنىڭ مەكتەپتىكى ئوقۇغۇچى سانى 30.6% كۆپەيدى، بۇ-نىڭ ئىچىدە ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرى 293.9% كۆپەيدى، ھەممە ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ھەممىسىنىڭ ئۆزىدىن ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرى يېتىشىپ چىقتى، بىرمۇنچە مىللەتلەر-نىڭ ئۆزىدىن ماگىستىر ۋە دوكتور يېتىشىپ چىقتى؛ ئاز سانـ-لىق مىللەتلەر يېزىقىدا نەشر قىلىنغان گېزىت 69.4% كۆپەيدى، مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلارنىڭ دوختۇرخانىلىرىدا كېسەل كارۋاتلىرى 46.7% كۆپەيدى. ھەر مىللەت خەلقى يېڭىچە روھىي قىياپەتكە ئىگە بولۇپ، سوتسىيالىزمنىڭ داغدام يولىدا يۈكسەك جاسارەت بىلەن ئالغا چامدىماقتا.

تارىخ ۋە رېئاللىق بىزگە شۇنى ئۇقتۇردىكى، داۋالغۇپ تۇرۇۋاتقان خەلقئارا شارائىتتا، كۆپ مىللەتلىك دۆلەتتە ئىسلا-ھات، ئېچىۋېتىش ئىشلىرىنى ۋە زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشـ-نى ئوڭۇشلۇق ئېلىپ بېرىش ئۈچۈن، سوتسىيالىستىك مىللىي مۇناسىۋەتنى مۇستەھكەملەپ ۋە راۋاجلاندۇرۇپ، مىللەتلەرنىڭ باراۋەرلىكى، ئىتتىپاقلىقى، ئۆزئارا ياردىمى ۋە ھەمكارلىقىنى ئېغىشماي داۋاملاشتۇرۇش ۋە ئۈزلۈكسىز ئىلگىرى سۈرۈش كېرەك. شۇنداق قىلغاندىلا، ئاندىن كۈچنى مەركەزلەشتۈرۈپ، بىر نىيەت-بىر مەقسەتتە قۇرۇلۇش ئېلىپ بارغىلى، ھەر مىلـ-

لەت خەلقىنىڭ ئەقىل-پاراسىتىنى ئەڭ زور دەرىجىدە جارى قىلدۇرغىلى بولىدۇ. ئەگەر مىللىي خىزمەتتە ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشنى ئېغىشماي مەركەز قىلىشتا كۆزدە تۇتۇلغىنى مىللەتلەرنىڭ تەرەققىياتى دېيىلسە، ئۇنداقتا سوتسىيالىستىك مىللىي مۇناسىۋەتنى مۇستەھكەملەش ۋە راۋاجلاندۇرۇشتىكى مەركىزىي مەسىلە مىللەتلەرنىڭ سەمىمىي ئىتتىپاقلىقىدۇر. مىللىي خىزمەتتە، ئىتتىپاقلىق بىلەن تەرەققىيات خۇددى قوشلارنىڭ ئىككى قانىتىدەك بىر-بىرىدىن ئايرىۋېتىشكە بولمايدىغان ئىش، ئۇنىڭ ھېچقايسىسى كەم بولسا بولمايدۇ. ئىتتىپاقلىق تەرەققىياتنىڭ ئالدىنقى شەرتى، ئىتتىپاقلاشقاندىلا، ئاندىن بىر نىشان ئاستىدا تەڭ كۈچ چىقىرىپ، پۈتۈن دىققەتنى يىغىپ ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش ئىشلىرىنى ئېلىپ بارغىلى، ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشنى يولغا قويغىلى، مىللەتلەرنىڭ تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرگىلى بولىدۇ؛ تەرەققىيات— ئىتتىپاقلىقنىڭ ئاساسى، مىللەتلەرنىڭ ئىقتىساد ۋە مەدەنىيىتى راۋاج تاپسا، ئۆزى تەرەققىياتقا ئېرىشسە، ئىتتىپاقلىق ئاندىن ئىشەنچلىك ماددىي ئاساسقا ئىگە بولالايدۇ-دە، كىشىلەر تىنچ-ئىتتىپاقلىق ئاساسىدىكى ۋەزىيەتنى تېخىمۇ قەدىرلەيدىغان ۋە تىرىشىپ قوغدايدىغان بولىدۇ. ئىتتىپاقلىق ۋە تەرەققىيات مىللىي خىزمەت تارماقلىرىمىز مەڭگۈ كۆتۈرىدىغان بايراق بولۇپ قالغۇسى.

11-نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتنىڭ 3-ئومۇمىي يىغىنىدىن بۇيانقى مەزگىل ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ئىقتىساد ۋە مەدەنىيىتى تەرەققىي قىلغان مۇھىم مەزگىل بولدى، شۇنداقلا سوتسىيالىستىك مىللىي مۇناسىۋەت تەرەققىي قىلغان مۇھىم

مەزگىل بولدى. پارتىيىمىز «دۆلىتىمىز قۇرۇلغاندىن بۇيانقى
پارتىيىنىڭ تارىخىغا دائىر بەزى مەسىلىلەر توغرىسىدىكى قارار»
غا: مەملىكىتىمىزدىكى هازىرقى مىللىي مۇناسىۋەت ئاساسىي
جەھەتتىن ھەر مىللەت ئەمگەكچى خەلقى ئوتتۇرىسىدىكى مۇنا-
سىۋەت دەپ ئوچۇق يازدى. بۇ توغرا يەكۈن مۇھىم ئەھمىيەتكە
ئىگە. ئۇ يېڭى دەۋردىكى مىللىي مۇناسىۋەتنىڭ تەرەققىياتى
ئۈچۈن نەزەرىيىۋى ئاساس سېلىپ بەردى ۋە يۆنىلىش كۆرسە-
تىپ بەردى. شۇ 14 يىل مابەينىدە، مىللەتلەرنىڭ باراۋەرلىكى
ۋە ئىتتىپاقلىقىنى قوغداش، مىللەتلەرنىڭ ئۆزئارا ياردىمى ۋە
ھەمكارلىقىنى ئىلگىرى سۈرۈش مىللىي خىزمەتنىڭ تۈپ ۋەزى-
پىسى، شۇنداقلا سوتسىيالىستىك مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇ-
شىنىڭ مۇھىم مەزمۇنى بولۇپ قالدى. پۈتۈن مەملىكەتنىڭ
ھەرقايسى جايلىرىدا مىللىي ئىتتىپاقلىق ۋە تەرەققىيات بويىچە
ئىلغار تىپلارنى بەرپا قىلىش ۋە تەقدىرلەش پائالىيىتى ئومۇم-
يۈزلۈك قانات يايدۇرۇلدى؛ نۇرغۇن جايلار ئۆز يېرىنىڭ شارا-
ئىتىغا قاراپ «ئىتتىپاقلىق نەمۇنىچىلىرى ئېيى»، ئارمىيە بە-
لەن خەلقنىڭ ئىتتىپاقلىقىنى كۈچەيتىش دېگەنگە ئوخشاش تو-
لىمۇ ئەھمىيەتلىك پائالىيەتلەرنى قانات يايدۇردى؛ مەملىكەت
بويىچە مىللىي سىياسەت ھەققىدە قايتا تەربىيە ئېلىپ بېرىلدى
ۋە مىللىي سىياسەتنىڭ ئىجراسى ئۈستىدە تەكشۈرۈش ئېلىپ
بېرىلدى؛ «ئىككى خىل مىللەتچىلىك» كە مۇئامىلە قىلىش مە-
سىلىسىدە، نەزەرىيە ۋە ئەمەلىيەت جەھەتتە ھەقىقەتنى ئەمەل-
يەتتىن ئىزدەش پوزىتسىيىسى قوللىنىلدى؛ ئەستايىدىل، ئىن-
چىكە خىزمەت ئىشلەش ئارقىلىق، مىللەتلەر ئارىسىدا يۈز بەر-

گەن خەلق ئىچىدىكى نۇرغۇن زىددىيەت مۇۋاپىق ھەل قىلىندى. بىز يەنە خەلقئارادىكى دۈشمەن كۈچلەرنىڭ سىڭىپ كىرىش، بۇزغۇنچىلىق قىلىش ھەرىكەتلىرىگە ۋە ئىچكى-تاشقى بۆلگۈنچى كۈچلەرنىڭ بۆلگۈنچىلىك، ئاغدۇرمىچىلىق ھەرىكەتلىرىگە قارشى قەتئىي، كۈچلۈك كۈرەش ئېلىپ باردۇق، خەلقئارا كىشىلىك ھوقۇقى ساھەسىدىكى كۈرەشكە ۋە خەلقئارا جامائەتچىلىكنىڭ ئىرقىي كەمسىتىشكە، ئىرقىي ئايرىمىچىلىققا قارشى تۇرۇش يولىدا ئېلىپ بارغان كۈرەشلىرىگە قاتناشتۇق. يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، خەلقئارا ۋەزىيەت ئۆزگىرىپ تۇرۇۋاتقان، خەلقئارادىكى دۈشمەن كۈچلەر بۇزغۇنچىلىق ھەرىكەتلىرىنى ئېلىپ بېرىپ، بېسىم ئىشلىتىۋاتقان، ئەتراپىمىزدىكى بەزى دۆلەتلەردە كەسكىن مىللىي توقۇنۇش، ئىجتىمائىي داۋالغۇش يۈز بېرىۋاتقان، بەزى ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىدا پاراكەندىچىلىك ھەتتا ئەكسىلئىنقىلابىي توپىلاڭ يۈز بەرگەن بولسىمۇ، لېكىن ھېچقانداق كۈچ ھەر مىللەت خەلقىنىڭ قان بىلەن گۆشتەك يېقىن مۇناسىۋىتىنى ئۈزۈۋېتەلمىدى، ھېچقانداق كۈچ ھەر مىللەت خەلقىنىڭ مۇرىنى مۇرىگە تېرەپ ئالغا بېسىش قەدىمىنى توسۇۋالالمىدى، دۆلىتىمىزدىكى مىللىي مۇناسىۋەت تۇرلۇك قاتتىق سىناقلارغا بەرداشلىق بەردى، مىللەتلەرنىڭ بۈيۈك ئىتتىپاقلىقى ئۈزۈل تاشتەك مۇستەھكەملەندى.

مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە دۆلىتىمىزنىڭ مىللىي مەسىلىنى ھەل قىلىشتىكى ئاساسىي سىياسىتى، شۇنداقلا دۆلىتىمىزنىڭ مۇھىم سىياسىي تۈزۈمىدۇر. شەك-شۈبھىسىزكى، مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە سىياسىتىنى ۋە قا-

نۇن-نىزاملىرىنى ئوبدان ئىجرا قىلىپ، مىللىي تېررىتورىيە-
لىك ئاپتونومىيە تۈزۈمىنى مۇستەھكەملەش ۋە مۇكەممەللەشتۈ-
رۈش مىللىي خىزمەت تارماقلىرىنىڭ ئىنتايىن مۇھىم خىزمە-
تىدۇر. سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇش ئېلىپ بېرىلىۋاتقان يېڭى
دەۋردە، مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە تۈزۈمىنى مۇكەم-
مەللەشتۈرۈش ۋە راۋاجلاندۇرۇش سوتسىيالىستىك سىياسىي
دېموكراتىيە بىلەن، ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ باراۋەرلىك ھوقۇ-
قى بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولۇپلا قالماي، سوتسىيالىستىك زاما-
نىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشى ۋە مىللەتلەرنىڭ تەرەققىياتى بىلەنمۇ
مۇناسىۋەتلىك. ھەرقانداق سىياسىي تۈزۈم مۇئەييەن ئىقتىسادىي
بازىس ئۈستىگە ئورنىتىلىدۇ ھەمدە ئىقتىسادىي بازىس ئۈچۈن
خىزمەت قىلدۇرۇلىدۇ، ئۇنىڭ ھاياتىي كۈچى بىۋاسىتە ئىقتى-
سادنىڭ ھاياتىي كۈچىدىن كېلىدۇ؛ ئۇنىڭ ئالغا بېسىشى، چې-
كىنىشى ئىقتىسادىي بازىسنىڭ چەكلىمىسىگە ئۇچرايدۇ؛ ئۇنىڭ
ياخشى-يامان بولۇشى ئىقتىسادىي بازىسنىڭ ئەكسى تەسىرىگە
باغلىق بولىدۇ. مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە تۈزۈمى
ھەم دۆلەتنىڭ بىرلىكىگە، ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ئۆز ئىشىغا
ئۆزى خوجا بولۇشىغا پايدىلىق، ھەم مىللىي ئاپتونومىيىلىك
جايلارنىڭ ئىقتىسادىي-ئىجتىمائىي تەرەققىياتىغا، ئاز سانلىق
مىللەتلەرنىڭ ئۆز تەرەققىياتىغا پايدىلىق تۈزۈم. سوتسىيالىس-
تىك قۇرۇلۇش ئېلىپ بېرىلىۋاتقان يېڭى دەۋردە، مىللىي تېر-
رىتورىيىلىك ئاپتونومىيە تۈزۈمىنى مۇكەممەللەشتۈرۈش ئۈ-
چۈن، ئەڭ مۇھىمى مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە تۈزۈ-
مىنىڭ ئەۋزەللىكىنى كۆرسىتىپ، بۇ تۈزۈمنىڭ ئاز سانلىق

مىللەتلەرنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈش رولىنى ئەڭ زور دەرىجىدە جارى قىلدۇرۇش كېرەك. بۇنىڭ كونكرېت يوللىرى مۇنداق: بىر تەرەپتىن، ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىنىڭ ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشىنى سىياسىي كاپالەتكە ئىگە قىلىش، يەنە بىر تەرەپتىن، ئاپتونومىيە ئورگانلىرى ئارقىلىق ئاپتونومىيە هوقۇقىنى قانۇن بويىچە يۈرگۈزۈپ، ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشنى بىۋاسىتە، كۈچلۈك ئىلگىرى سۈرۈش. بىز بېسىپ ئۆتكەن 14 يىللىق مۇساپە بۇنى تولۇق ئىسپاتلىدى. «جۇڭخۇا خەلق جۇمهۇرىيىتىنىڭ مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە قانۇنى»دا ئىقتىساد ۋە مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىغا ئائىت ماددىلار خېلى زور سالماقنى ئىگىلەيدۇ. گوۋۇيۈەن تارقاتقان «‹مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە قانۇنى›نى يەنە بىر قەدەم ئىلگىرىلەپ ئەمەلىيلەشتۈرۈشكە دائىر بەزى مەسىلىلەر توغرىسىدىكى ئۇقتۇرۇش»تا مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلارنىڭ ئىسلاھات ۋە قۇرۇلۇش ئىشلىرىدىكى بەزى ئەمەلىي مەسىلىلەرنى هەل قىلىش ئاساسىي مەقسەت قىلىنغان. ئالاقىدار رايونلار ۋە تارماقلار مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە تۈزۈمىنى مۇستەهكەملەش ۋە راۋاجلاندۇرۇش جەهەتتە نۇرغۇن خىزمەت ئىشلىدى، بۇ جايلار ۋە تارماقلار بويىچە قانۇن تۈزۈمىنى كۈچەيتىش ۋە مەمۇرىي تەدبىرلەرنى تۈزۈشنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. مەملىكەت بويىچە 25 ئاپتونوم ئوبلاست، 88 ئاپتونوم ناهىيە ئاپتونومىيە نىزامىنى تۈزۈپ چىقتى، مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلار يەنە نۇرغۇن ئايرىم نىزاملارنى تۈزۈپ چىقتى، دېمەك مەملىكىتىمىزنىڭ مىللىي قانۇن-نىزاملىرى دەسلەپكى قەدەمدە سىستېما بولۇپ

شەكىللەندى. 1978-يىلىدىن بۇيان، دۆلىتىمىزدە 63 مىللىي ئاپتونومىيىلىك جاي يېڭىدىن تەسىس قىلىندى. ھازىر مەملى-كەت بويىچە مىللىي ئاپتونومىيىلىك جاي جەمئىي 156غا يەتتى، 55 ئاز سانلىق مىللەتنىڭ 44ى، 91 مىليون 200 مىڭدىن ئارتۇق ئاز سانلىق مىللەت ئاھالىسىنىڭ 77 پىرسەنتى ئاپتونومىيە ھو-قۇقىنى يۈرگۈزۈۋاتىدۇ.

بۇنىڭدىن باشقا، ئارىلىشىپ ئولتۇراقلاشقان ۋە تارقاق ئول-تۇراقلاشقان ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ باراۋەرلىك ھوقۇقىغا كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن، مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومى-يە تۈزۈمىنىڭ قوشۇمچىسى سۈپىتىدە، مەملىكەت بويىچە 1700 دىن ئارتۇق مىللىي يېزا ئەسلىگە كەلتۈرۈلدى ۋە قۇرۇل-دى، مىللىي يېزا قۇرغان ئاز سانلىق مىللەت 53 كە يەتتى.

ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش، ئىقتىسادىي قۇرۇلۇش، ئىتتى-پاقلىق، مۇقىملىق، تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە ئىشلىرى ھەمدە مىللىي مەسىلىنىڭ ئاخىرقى ھېسابتا ھەل قىلىنىشى ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرىدىن ئايرىلالمايدۇ. سۈپەتى بىرقەدەر يۇقىرى ھەر مىللەت كادىرلىرى قوشۇنىنىڭ بولۇشى بىرەر رايوندا ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش ئىشلىرىنى ۋە ئىقتىسادىي قۇرۇ-لۇشنى ئوبدان ئېلىپ بېرىشنىڭ ھەل قىلغۇچ ئامىلىدۇر. يې-قىنقى يىللاردىن بۇيان، بىز ھەر خىل يوللار بىلەن مىللىي كادىرلارنىڭ سانىنى كۆپەيتىش، تەلىم-تەربىيىنى كۈچەيتىپ مىللىي كادىرلارنىڭ سۈپىتىنى ئۆستۈرۈش، تەدبىر قوللىنىپ مىللىي كادىرلارنىڭ قۇرۇلمىسىنى ياخشىلاش ۋە كادىرلار تۈزۈ-مى ئىسلاھاتىدا ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرىنى تاللاپ ئىشقا

قويۇشقا ۋە يېتىشتۇرۇشكە ئەھمىيەت بېرىش جەھەتلەردە قول-
مىزدىن كېلىدىغان ئىشلارنى قىلدۇق. ھازىر مەملىكەت بويىچە
ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرى 2 مىليون 190 مىڭغا يېتىپ،
1978-يىلدىن 1.6 ھەسسە كۆپەيدى. بۇنىڭ ئىچىدە ھەر خىل
كەسپىي تېخنىكا خادىملىرى % 60 تىن كۆپرەكنى تەشكىل قى-
لىدۇ. ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرىنىڭ ئومۇمىي سانىنىڭ
مەملىكەت بويىچە ئومۇمىي كادىرلار سانىدا ئىگىلىگەن نىسبىتى
1978-يىلدىكى %4.8 تىن كۆپىيىپ 1990-يىلى %6.2 كە
يەتتى. ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرى پارتىيىمىزنىڭ قىممەت-
لىك بايلىقى، ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭمۇ قىممەتلىك بايلىقى. بۇ
مىللىي كادىرلار قوشۇنى مىللىي خىزمىتىمىزدە ئېرىشكەن غا-
يەت زور نەتىجىلەرنىڭ مۇھىم بەلگىسى، شۇنداقلا مىللىي خىز-
مىتىمىزدە غايەت زور نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈرگەنلىكىمىزنىڭ
مۇھىم سەۋەبى.

بېسىپ ئۆتكەن يوللارنى ئەسلىسەك شۇنداق دېيىشكە تاما-
مەن ھەقلىقمىزكى، بۇ 14 يىل مىللىي خىزمەت جۇڭگوچە
سوتسىيالىزم قۇرۇشتىن ئىبارەت ئۇلۇغ ئىش داۋامىدا يول
ئېچىپ ئىلگىرىلىگەن، ئىدىيە، نەزەرىيە، سىياسەت، ئەمەلى-
يەت قاتارلىق ساھەلەردە ئەتراپلىق راۋاجلانغان، شۇنداقلا تارى-
خىي خاراكتېرلىك مۇۋەپپەقىيەتلەرگە ئېرىشكەن مەزگىل بول-
دى.

دەرۋەقە، خىزمىتىمىزدە تازا كۆڭۈلدىكىدەك بولمىغان
جايلارمۇ بار، ئىدىيىنى ئازاد قىلىشىمىز، بەزى خىزمەتلەردە
ئىجادكارلىقىمىز يېتەرلىك بولمىدى، بەزى سىياسەت ۋە تەدبىر-

لەرنى ئەمەلىيلەشتۇرۇشىمىز كۆچلۈك ئەمەس؛ خىزمىتىمىزدە يەنە بىرمۇنچە قىيىنچىلىق ۋە مەسىلىلەر تۇرۇۋاتىدۇ. بۇ مەسى-لىلەر بۇنىڭدىن كېيىن تەجرىبىلەرنى يەكۈنلەپ، غەيرەت ئۇس-تىگە غەيرەت قوشۇپ، تۈرلۈك خىزمەتلەرنى تىرىشىپ تېخىمۇ ئوبدان ئىشلىشىمىزنى تەلەپ قىلىدۇ.

## 2

بۇ 14 يىللىق ئۇلۇغ مۇساپە جەريانىدا، مىللىي خىزمىتى-مىزدە يېڭىدىن يېڭى نەتىجىلەر قولغا كەلتۈرۈلدى، تەجرىبە-لەرمۇ ئۈزلۈكسىز توپلاندى، راۋاجلاندى ۋە يۈكسەلدى. بۇ يىل 1-ئايدا مەركەزدە چاقىرىلغان مىللىي خىزمەت يىغىنىدا باش شۇجى جياڭ زېمىن مىللىي خىزمەتنىڭ دۆلىتىمىز قۇرۇلغاندىن بۇيانقى ئۇلۇغ مۇۋەپپەقىيەتلىرىنى ۋە ئاساسىي تەجرىبىلىرىنى سىستېمىلىق خۇلاسىلىدى. بىز مەركەزدە ئېچىلغان مىللىي خىزمەت يىغىنىنىڭ روھىغا ئاساسەن، ھەر قايسى رايونلار ۋە تارماقلار بويىچە ئەستايىدىل چىقىرىلغان خۇلاسە ئاساسىدا، مىل-لىي خىزمەت تارماقلىرى ۋە ئالاقىدار قېرىنداش تارماقلار يې-قىنقى يىللاردىن بېرى ياراتقان ئاساسىي تەجرىبىلەرنى تۆۋەندى-كى بىرنەچچە جەھەتكە يىغىنچاقلىدۇق:

**(1) خىزمەتنىڭ يېتەكچى ئىدىيىسى جەھەتتە، پارتىيىنىڭ ئا-ساسىي لۇشيەنىدە باشتىن-ئاخىر تەۋرەنمەي چىڭ تۇرۇش.** پارتى-يىنىڭ ئاساسىي لۇشيەنى ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش ۋە زامانىۋى-لاشتۇرۇش يولىدىكى قۇرۇلۇش ئەمەلىيىتىنىڭ ئىلمىي يەكۈ-

نى، بۇ لۇشيەن دۆلىتىمىز قۇرۇلغاندىن بۇيانقى ھەتتا پارتىيە-
مىز قۇرۇلغاندىن بۇيانقى ئەمەلىيەت تەجرىبىلىرىنى ئۆز ئىچىگە
ئالغان، دۆلىتىمىزنىڭ ئەھۋالىغا ئۇيغۇن كېلىدىغان، كىشى-
لەرنىڭ كۆڭلىگە ياقىدىغان ماركسىزملىق لۇشيەن بولۇپ، ھەر
مىللەت خەلقىنىڭ تۈپ مەنپەئىتىنى ۋە ئورتاق ئىرادىسىنى
ئەكس ئەتتۇردى، ئۇ دۆلىتىمىزنىڭ سوتسىيالىستىك زامانىۋى-
لاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنىڭ ھەممە ساھەلىرىدە جۇملىدىن مىللىي
خىزمەتتە ئومۇمىيۈزلۈك يېتەكچى ئەھمىيەتكە ئىگە. پارتىيىنىڭ
ئاساسىي لۇشيەنىدە چىڭ تۇرغاندىلا، مىللىي خىزمەت توغرا
يۆنىلىشكە ئىگە بولالايدۇ، پارتىيىنىڭ ئاساسىي لۇشيەنىدە چىڭ
تۇرغاندىلا، مىللىي خىزمەت ھەرىكەتلەندۇرگۈچ كۈچكە ئۈزلۈك-
سىز ئىگە بولالايدۇ.

مىللىي خىزمەتتە پارتىيىنىڭ ئاساسىي لۇشيەنىدە چىڭ
تۇرۇش شۇنى تەلەپ قىلىدۇكى، ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرى-
نىڭ ۋە ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ئەمەلىيىتىگە زىچ بىرلەشتۇ-
رۇپ، خىزمەتنىڭ ھەممە تەرەپلىرىدە ۋە ھەممە ھالقىلىرىدا بىر
مەركەز، ئىككى ئاساسىي نۇقتىنى قەتئىي ئىزچىللاشتۇرۇش
كېرەك. ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىنىڭ ئىشلەپچىقىرىش
كۈچلىرىنى راۋاجلاندۇرۇشنى ۋە مىللەتلەرنىڭ تەرەققىياتىنى
ئىلگىرى سۈرۈشنى مىللىي خىزمەتتە يادرولۇق ئورۇنغا قويۇش
لازىم؛ ئىدىيىنى ئازاد قىلىپ، ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىز-
دەپ، ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىنىڭ ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش
ئىشلىرىنى پائال ئىلگىرى سۈرۈش كېرەك؛ پارتىيىنىڭ مىللىي
خىزمەتكە بولغان مۇتلەق رەھبەرلىكىدە چىڭ تۇرۇپ، پارتىيە-

مىزنىڭ مىللىي خىزمەتكە دائىر چوڭ فاڭجېنلىرىنى كەم-كۈتىسىز ئىزچىللاشتۇرۇپ، مىللىي مەسىلىنى سوتسىيالىستىك پرىنسىپ بويىچە ھەل قىلىش كېرەك؛ دۆلەتنىڭ بىرلىكىنى ۋە مۇقىملىقىنى قوغداش، خەلق دېموكراتىيىسى دىكتاتۇرىلىقىدىكى دۆلەت ھاكىمىيىتىنى مۇستەھكەملەش، ماركسىزملىق مىللەت قارىشىنى جۇڭگونىڭ ئەمەلىيىتىگە بىرلەشتۈرۈشتە چىڭ تۇرۇپ، ئۇنى جۇڭگودىكى مىللىي مەسىلىنى كۆزىتىش ۋە ھەل قىلىشتىكى نەزەرىيىۋى ئاساس قىلىش كېرەك. ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشنى مەركەز قىلىشتا چىڭ تۇرۇش، تۆت ئاساسىي پرىنسىپتا چىڭ تۇرۇش، ئىسلاھات ئېلىپ بېرىش، ئىشىكنى ئېچىۋېتىشتە چىڭ تۇرۇش پارتىيىنىڭ ئاساسىي لۇشيەنىنىڭ ئاساسىي مەزمۇنى، شۇنداقلا بۇ جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇشتىكى ئەڭ ئاساسلىق ئۈچ مەسىلە. بۇ ئۈچ تەرەپ بىر-بىرىنى تەقەززا قىلىدۇ، ئۇنىڭ ھېچقايسىسى كەم بولسا بولمايدۇ. مىللىي خىزمەتتە بۇنى توغرا چۈشىنىش، تولۇق ئىزچىللاشتۇرۇش لازىم.

**(2) خىزمەتنىڭ مەزمۇنى جەھەتتە، پارتىيىنىڭ مىللىي سىياسىتىنى تولۇق ئىجرا قىلىش ھەمدە كۆپرەك ئەمەلىي ئىش قىلىشنى نەزەردە تۇتۇش.** ئۇزاق مۇددەتلىك ئەمەلىيەت داۋامىدا، دۆلىتىمىزدە بىر يۈرۈش مۇكەممەل مىللىي سىياسەت شەكىللەندى. ئۇ بولسىمۇ: ھەممە مىللەت باپباراۋەر بولۇش سىياسىتى، ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ئىقتىساد، سىياسەت، مائارىپ، تېخنىكا، مەدەنىيەت، ساقلىقنى ساقلاش قاتارلىق ئىشلارنى راۋاجلاندۇرۇشىغا ياردەم بېرىپ، ئورتاق گۈللىنىشنى ئىشقا ئاشۇرۇش سىيا-

ستى، ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى ۋە مىللەتلەرنىڭ بۈيۈك ئىتتىپاق-
لىقىنى قوغداش، مىللەتلەرنىڭ ئۆزئارا ياردىمى ۋە ھەمكارلىقى-
نى ئىلگىرى سۈرۈش سىياسىتى، مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپ-
تونومىيە تۈزۈمىنى مۇستەھكەملەش ۋە مۇكەممەللەشتۈرۈش
سىياسىتى، ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرىنى زور كۆچ بىلەن
يېتىشتۈرۈش ۋە پائال ئىشقا قويۇش سىياسىتى، ئاز سانلىق
مىللەتلەرنىڭ ئۆز مىللىتىنىڭ تىل-يېزىقىنى قوللىنىشى ۋە
راۋاجلاندۇرۇشىنى كاپالەتكە ئىگە قىلىش سىياسىتى، ئاز سان-
لىق مىللەتلەرنىڭ ئۆز ئۆرپ-ئادەتلىرىنى ساقلاپ قېلىش ياكى
ئىسلاھ قىلىش ھوقۇقىغا ھۆرمەت قىلىش سىياسىتى ۋە باشقى-
لار. بۇ سىياسەتلەرنىڭ كونكرېت مەزمۇنى ئەمەلىيەتنىڭ تەرەق-
قىياتىغا ئەگىشىپ ئۈزلۈكسىز بېيىپ ۋە راۋاجلىنىپ بارىدۇ.
مىللىي سىياسەتنى ئوبدان ئىجرا قىلىش مىللىي خىزمەتنىڭ
ئاساسىي مەزمۇنى، شۇنداقلا مىللىي خىزمەت تارماقلىرىنىڭ
ئاساسىي ۋەزىپىسى. مىللىي سىياسەتنى ئىجرا قىلىشتا نۇرغۇن-
لىغان كونكرېت خىزمەتلەرنى ئىشلەشكە، جۈملىدىن ئالاقىدار
خىزمەتلەر داۋامىدا، مىللىي سىياسەتنىڭ ئالاقىدار مەزمۇنلىرى-
نى ھەقىقىي گەۋدىلەندۈرۈشكە، مىللىي سىياسەتنى كەڭ دائى-
رىدە تەشۋىق قىلىشقا، مىللىي سىياسەتنىڭ ئىجراسىنى نازارەت
قىلىش ۋە تەكشۈرۈشكە، مىللىي سىياسەتكە خىلاپ ئىشلارنى
ئۆز ۋاقتىدا تۈزىتىشكە توغرا كېلىدۇ. شۇنىڭدەك يەنە مىللىي
سىياسەت پرىنسىپلىرىنىڭ روھىغا ئاساسەن، ھەربىر جاي ۋە
ھەربىر تارماقنىڭ ئۆز ئەھۋالىغا بىرلەشتۈرۈپ، قوشۇمچە بەل-
گىلىمىلەرنى ياكى كونكرېت يولغا قويۇش چارىلىرىنى تۈزۈپ

چىقىشقا توغرا كېلىدۇ. دۆلىتىمىزنىڭ مىللىي سىياسىتى بىر پۈتۈن گەۋدە، ئۇنىڭ ھەربىرىنى ئەستايىدىل ئىزچىللاشتۇرۇش لازىم. دەرۋەقە، كونكرېت ئەھۋالغا قاراپ، ئوخشاش بولمىغان رايونلاردا، ئوخشاش بولمىغان مەزگىلدە مەلۇم بىرىنى بەكرەك گەۋدىلەندۈرۈشكە بولىدۇ.

مىللىي سىياسەتنى ئىجرا قىلىشتا، كۆپرەك ئەمەلىي ئىش قىلىشنى نەزەردە تۇتۇش كېرەك. ئەمەلىي ئىش قىلىش دېگىنىدىمىز مىللىي سىياسەتتە تەلەپ قىلىنغان ۋە رۇخسەت قىلىنغان ئىشلارنى، ئاز سانلىق مىللەت خەلقى تەلەپ قىلىۋاتقان ئىشلارنى، ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ھوقۇق-مەنپەئەتىگە زىچ مۇناسىۋەتلىك ئىشلارنى، شۇنىڭدەك مىللەتلەرنىڭ ئىتتىپاقلىقى ۋە تەرەققىياتىغا پايدىلىق ئىشلارنى قىلىش دېگەنلىكتۇر. ئاز سانلىق مىللەتلەر ئۈچۈن قانچىلىك ئەمەلىي ئىش قىلىپ بېرىش مىللىي خىزمەت تارماقلىرىنىڭ سىياسەت سەۋىيىسىنىڭ يۇقىرى-تۆۋەنلىكىنى ۋە مىللىي سىياسەتنى ئىجرا قىلىش ئەھۋالىنى ئۆلچەيدىغان ئاساسىي ئۆلچەم.

**(3) خىزمەت فاڭجېنى جەھەتتە، ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدەشتە چىڭ تۇرۇپ، ھەممىدە ئەمەلىيەتنى ئاساس قىلىش.** كونكرېت ئەھۋالنى كونكرېت تەھلىل قىلىش— ماركسىزمنىڭ جېنى. جۇڭگودا 56 مىللەت بار، ئۇلارنىڭ ئىقتىساد، مەدەنىيىتى ۋە ئۆرپ-ئادىتى ئوخشاشمايدۇ، مەملىكىتىمىزنىڭ مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلىرىنىڭ كۆلىمى 6 مىليون 100 مىڭ كۋادرات كىلومېتىردىن ئاشىدۇ، بۇ جايلارنىڭ تەبىئىي شارائىتى ۋە ئىجتىمائىي شارائىتى بىر-بىرىدىن تولىمۇ پەرقلىنىدۇ، مىللىي

خىزمەتنىڭ مەزمۇنى ئىنتايىن مول، يەنە كېلىپ ئۇ ئىجتىمائىي
ھاياتنىڭ ھەممە ساھەلىرىگە چېتىلىدۇ. خەنزۇلار رايونلىرىغا
ماس كېلىدىغان نەرسىلەرنىڭ ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىغا
تامامەن ماس كېلىشى ناتايىن، مىللەتلەر توپلىشىپ ئولتۇراقلا-
شقان رايونلارغا ماس كېلىدىغان نەرسىلەرنىڭ تارقاق ئولتۇراق-
لاشقان رايونلارغا ماس كېلىشى ناتايىن، ماۋۇ مىللىي ئاپتونو-
مىيىلىك جايغا ماس كېلىدىغان نەرسىلەرنىڭ ئاۋۇ مىللىي ئاپتو-
نومىيىلىك جايغا ماس كېلىشى ناتايىن. بۇ ھال خىزمەت داۋامى-
دا ماتېرىيالىستىك دىئالېكتىكىغا ئەمەل قىلىپ، ئورتاقلىق
بىلەن خاسلىقنىڭ مۇناسىۋىتىنى ئاكتىپ ئىگىلىشىمىز، مىللەت-
لەرنىڭ ۋە رايونلارنىڭ ئالاھىدىلىكىنى تولۇق تونۇپ ۋە ئىگە-
لەپ، ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدەپ، تۈرلەرگە بۆلۈپ يې-
تەكچىلىك قىلىشىمىز لازىملىقىنى تەلەپ قىلىدۇ. خىزمەتتە
ناھايىتى ئېنىق نىشان بولۇشى، سىياسەت جەھەتتە مەلۇم جاي-
لىقلىق بولۇشى كېرەككى، مېتافىزىكىلىقتا بېرىلىپ ھەممىنى
بىر تاياقتا ھەيدەيدىغان خاھىشتىن ساقلىنىش، ئەمەلىي ئەھمى-
يىتى بىلەن ھېسابلاشماي، يۈزەكى ئىش كۆرىدىغان ئەھۋالدىن
ھەزەر ئەيلەش لازىم.
ھەممىدە ئېغىشماي ئەمەلىيەتنى ئاساس قىلىش ئۈچۈن،
ئىدىيىنى دادىل ئازاد قىلالايدىغان، ھەقىقەتتە قورقماي چىڭ
تۇرالايدىغان پەزىلەتكە ئىگە بولۇپ، ئىلگىرىكى خىزمەتلەردە
ھاسىل قىلىنغان ياخشى ئۇسۇللارنى داۋاملاشتۇرۇش، شۇنىڭ
بىلەن بىللە، ۋەزىيەتنىڭ ئېھتىياجىغا مۇۋاپىق كەلمەيدىغان،
مىللەتلەرنىڭ تەرەققىياتىغا پايدىسىز بولغان رامكىلارنى باتۇر-

لۇق بىلەن چۆرۈپ تاشلاش، «سول» چىل ياكى ئوڭچىل ئىدىيە-نىڭ كاشىلىسىنى توسۇش لازىم. ھەممىدە ئەمەلىيەتنى ئاساس قىلىش ئۇچۇن، ۋەزىيەتكە قاراپ جانلىق ئىش كۆرۈش، ۋەزىيەت تەرەققىي قىلغاندا، ئەھۋالدا ئۆزگىرىش بولغاندا، سەپتىن چۇشۇپ قالماي ۋە پاسسىپ ئەھۋالغا چۇشۇپ قالماي، ئىدىيە ۋە خىزمەت جەھەتتە ۋەزىيەتنىڭ تەرەققىياتىغا ماسلىشىش كېرەك.

**(4) خىزمەت ئوبيېكتى جەھەتتە، ئاساسەن ئاز سانلىق مىللەتلەرگە، شۇنىڭ بىلەن بىرگە، پۈتكۈل جۇڭخۇا مىللەتلىرىگە يۈزلىنىش، كونكرېت خىزمەت مەزمۇنى جەھەتتە ئوخشاش بولمىغان ئوبيېكتلارنى ئىلمىي ئاساستا تۈرگە ئايرىش لازىم.** ئاز سانلىق مىللەتلەر—مىللىي خىزمەتنىڭ ئاساسىي ئوبيېكتى، ئەمما بىردىنبىر ئوبيېكتى ئەمەس. جۇڭخۇا مىللەتلىرى 56 مىللەتنى ئۆز ئىچىگە ئالغان چوڭ ئائىلە، 56 مىللەت بېلىق بىلەن سۇدەك ۋە گۆش بىلەن قاندەك يېقىن مۇناسىۋەت ئورناتقان، ئۇلارنىڭ ھېچقايسىسى بىر-بىرىدىن ئايرىلالمايدۇ، بۇ ھال مىللىي خىزمەتنىڭ بىرمۇنچە مەزمۇنلىرى جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ ھەربىر ئەزاسىغا چېتىلىدىغانلىقىنى بەلگىلىگەن، مەسىلەن، سوتسىيالىستىك مىللىي مۇناسىۋەتنى مۇستەھكەملەش ۋە راۋاجلاندۇرۇش، ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ئىقتىساد، مەدەنىيەت ئىشلىرىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشىغا ياردەم بېرىش، ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ تىل-يېزىق ۋە ئۆرپ-ئادەتلىرىگە ھۆرمەت قىلىش دېگەنگە ئوخشاش مەزمۇنلار ھەممە مىللەتكە، ھەممە رايونغا، ھەتتا جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ ھەممە پۇقراسىغا

چىتىلىدۇ. شۇڭا مىللىي خىزمەتكە كەڭ نەزەر بىلەن قارىشى-مىز، مىللىي خىزمەت ئوبيېكتىنىڭ كەڭلىكىنى ۋە بىر-بىرىگە باغلىنىشلىق ئىكەنلىكىنى كۆرۈۋېلىشىمىز لازىم. دەرۋەقە، بۇ دې-گەنلىك مىللىي خىزمەتتە ھەممە مىللەتكە، ھەممە رايونغا ئوخ-شاش بىر قېلىپتا قاراش كېرەك دېگەنلىك ئەمەس. ئاز سانلىق مىللەتلەرنى باشتىن-ئاخىر ئاساسىي خىزمەت ئوبيېكتى قى-لىش، خىزمەت مەزمۇنى ۋە خىزمەت ئۇسۇلى جەھەتتە ئوخشاش بولمىغان ئوبيېكتلارغا پەرقلىق مۇئامىلە قىلىش لازىم.

ئاز سانلىق مىللەتلەر ئوبيېكت قىلىنغان خىزمەتلەردىمۇ ئىلمىي ئاساستا تۈرگە ئايرىش لازىم، ھازىر ئومۇمەن مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلارنىڭ مىللىي خىزمىتى ۋە ئارىلىشىپ ئول-تۇراقلاشقان، تارقاق ئولتۇراقلاشقان رايونلارنىڭ مىللىي خىز-مىتى يەنە مىللىي يېزىلار خىزمىتى، شەھەرلەرنىڭ مىللىي خىزمىتى، چوڭ، ئوتتۇرا كارخانىلارنىڭ مىللىي خىزمىتى، مەكتەپلەرنىڭ مىللىي خىزمىتى، تارقاق ئولتۇراقلاشقان باشقا ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ خىزمىتى دېگەنلەرگە ئايرىلدى. خىز-مەتنىڭ تۈرى جەھەتتە ئۆزگىچە ئالاھىدىلىككە ئىگە بولۇش بىلەن بىللە بىر-بىرىگە باغلانغان بىرنەچچە كاتېگورىيە شەكىللەندى، مەسىلەن، مىللىي ئىقتىسادىي خىزمەت، مىللىي قانۇنچىلىق خىزمىتى، مىللىي مائارىپ خىزمىتى، مىللىي مەدەنىيەت خىز-مىتى، مىللىي كادىرلار خىزمىتى، مىللىي تىل-يېزىق خىزمى-تى ۋە باشقىلار. مىللىي خىزمەتنىڭ ئەمەلىيىتىدىن تۇغۇلغان بۇ ئايرىما ئۆز نۆۋىتىدە مىللىي خىزمەتنىڭ ئەمەلىيىتىدە ناھايى-تى زور يېتەكچى رول ئوينايدۇ.

**(5) خىزمەت ۋاستىسى جەھەتتە، مىللىي قانۇنچىلىق قۇرۇلۇ-
شىغا يۈكسەك دەرىجىدە ئەھمىيەت بېرىش، شۇنىڭ بىلەن بىللە،
باشقا ۋاستىلەردىنمۇ ئىمكانىيەتنىڭ بارىچە پايدىلىنىش.** مىللىي
مەسىلىنىڭ ئاساسىي مەزمۇنلىرىدىن بىرى مىللىي مۇناسىۋەت
مەسىلىسىدۇر، مەلۇم مەنىدىن ئېيتقاندا، مىللىي خىزمەت مىل-
لىي مۇناسىۋەتنى ماسلاشتۇرۇش خىزمىتى دېمەكتۇر. مىللىي
مۇناسىۋەت مىللەتلەرنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى سىياسىي مۇناسىۋەت،
ئىقتىسادىي مۇناسىۋەت، مەدەنىيەت مۇناسىۋىتى ۋە ئىدىيىۋى
مۇناسىۋەت قاتارلىق كەڭ مەزمۇندىكى ئىجتىمائىي مۇناسىۋەت-
لەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. بۇ مۇناسىۋەتلەرنى قانۇن ۋاستىسى
ئارقىلىق تەڭشەشكە بولىدۇ ۋە شۇنداق قىلىش كېرەك. مىللىي
خىزمەتنى قانۇنچىلىق يولىغا سېلىش— زامانىۋى جەمئىيەت
تەرەققىياتىدىكى مۇقەررەر يۈزلىنىش، مىللىي خىزمەتنىڭ ئۆ-
زىدە بولىدىغان تەرەققىياتنىڭ مۇقەررەر نەتىجىسى، شۇنداقلا
پۈتكۈل دۆلەتنىڭ سوتسىيالىستىك قانۇنچىلىق قۇرۇلۇشىنىڭ
مۇقەررەر تەلىپى. «دۆلىتىمىز قۇرۇلغاندىن بۇيانقى پارتىيە
تارىخىغا دائىر بەزى مەسىلىلەر توغرىسىدىكى قارار» دا «مىللىي
تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيىگە دائىر قانۇنچىلىق قۇرۇلۇشىنى
كۈچەيتىش كېرەك،» دەپ ئېنىق ئوتتۇرىغا قويۇلدى، بۇ يېڭى
دەۋردىكى مىللىي قانۇنچىلىق قۇرۇلۇشىدا مۇھىم تۈرتكىلىك
رول ئوينىدى. ھەرقايسى ساھەلەرنىڭ ئورتاق تىرىشىشى ئارقى-
سىدا، مىللىي قانۇنچىلىق مەملىكىتىمىزنىڭ پۈتكۈل سوتسىيا-
لىستىك قانۇنچىلىق قۇرۇلۇشىنىڭ روشەن ئالاھىدىلىككە ئىگە
تەركىبىي قىسمى، شۇنداقلا مىللىي خىزمەتنىڭ مۇھىم ۋاستى-

سى بولۇپ قالدى. مىللىي قانۇنچىلىق قۇرۇلۇشىنى كۈچەي-
تىپ، مىللىي خىزمەتنى ئىلگىرى سۈرۈش مۇنۇ مەزمۇنلارنى
ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ: مىللىي خىزمەتنىڭ ھەرقايسى مەزمۇنلىرى
بويىچە مىللىي قانۇن چىقىرىشقا ئەھمىيەت بېرىپ، مىللىي
مۇناسىۋەتنىڭ ھەممە تەرەپلىرىدە ئەمەل قىلىشقا بولىدىغان ئې-
نىق قائىدىلەرنى تۇرغۇزۇش؛ قانۇن بويىچە ئىش قىلىشنى
تەكىتلەپ، مىللىي قانۇن-نىزاملارنى ھەقىقىي ئەمەل قىلىنىدى-
غان نوپۇزغا ئىگە قىلىش، قانۇن بىلىملىرىنى ئومۇملاشتۇ-
رۇپ، كىشىلەرنىڭ مىللىي قانۇنچىلىق ئېڭىنى ئۆستۈرۈش،
قانۇن ئالدىدا ھەممە ئادەم باراۋەر دەيدىغان كۆز قاراشنى كۈچەي-
تىش، ئورگانلار، ئىجتىمائىي تەشكىلاتلار ۋە ھەر مىللەت پۇق-
رالىرىنى قانۇندىن خەۋەردار بولۇپ قانۇنغا رىئايە قىلىدىغان،
شۇنىڭ بىلەن بىرگە، ئۆزلىرىنىڭ ھەققانىي ھوقۇق-مەنپەئى-
تىنى قانۇن بىلەن قوغدايدىغان دەرىجىگە يەتكۈزۈشكە تىرى-
شىش؛ مىللىي قانۇنلارغا دائىر نازارەتچىلىك مېخانىزمىنى مۇ-
كەممەللەشتۈرۈپ، قانۇنغا خىلاپ ئەھۋاللارنى ۋاقتىدا تۈزى-
تىش.

قانۇنچىلىق ۋاسىتىسىگە ئەھمىيەت بېرىش بىلەن بىرگە،
باشقا ۋاسىتىلەردىنمۇ ئىمكانىيەتنىڭ بارىچە پايدىلىنىش لازىم.
بەزى مىللىي خىزمەت تارماقلىرى مىللىي خىزمەتنىڭ ماددىي
ۋاسىتىسىنى كۈچەيتىش ئۈچۈن بىر تۈركۈم ئىقتىسادىي گەۋدى-
لەرنى قۇردى، بەزى جايلار زامانىۋى پەن-تېخنىكىنىڭ ياردىمى-
گە تايىنىپ، ئۇچۇر ۋاسىتىسىدىن ئاكتىپ پايدىلاندى ۋە باشقى-
لار، بۇلار مىللىي خىزمەتكە يېڭىچە جۇشقۇن ھاياتىي كۈچ

بەخش ئەتتى.

**(6) خىزمەت ئۇستىلى جەھەتتە، ئەمەلىيەتكە چوڭقۇر چۆ-كۈپ، تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىشنى كۈچەيتىش.** مىللىي خىزمەتنىڭ مەزمۇنى مۇرەككەپ، ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىنىڭ يېرى كەڭ، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئوبيېكتىپ شەيئىلەر مەڭگۈ ھەرىكەت قىلىپ ئۆزگىرىپ تۇرىدۇ، كۆز ئالدىمىزدىكى يېڭى ئەھۋال، يېڭى مەسىلىلەر ئۈزلۈكسىز پەيدا بولۇپ تۇرىدۇ. كۈندە دېگۈ-دەك يېڭىلىق يۈز بېرىپ تۇرىدىغان ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش داۋامىدا ئەھۋال تېخىمۇ شۇنداق بولىدۇ. مىللىي خىزمەتتە تەشەببۇسكارلىقنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن، ئەھۋالنى توغرا پەملەپ، تەپسىلىي ماتېرىيالغا ئىگە بولۇش لازىم. مىللىي خىز-مەت بىرمۇنچە ۋاقىتلاردا ئەھۋاللارنى ئىنكاس قىلىش، تەكلىپ-لەرنى ئوتتۇرىغا قويۇش، باشقا تارماقلار بىلەن ماسلىشىپ ئىش ئېلىپ بېرىشتا ئىپادە تاپىدۇ. خىزمەتتە پىكىر بايان قىلىش ھوقۇقىغا ئىگە بولۇش ئۈچۈنمۇ ھەقىقىي ئەھۋالنى بىلىپ كۆ-ڭۈلگە ئېنىق پۈكۈپ قويۇش كېرەك. مىللىي خىزمەتنىڭ ئوب-يېكتى ئاساسەن ئاز سانلىق مىللەتلەردۇر، ئاز سانلىق مىللەت-لەرگە جان-دىل بىلەن خىزمەت قىلىش ئۈچۈن، ئۇلارنىڭ ئارى-سىغا بېرىپ، ساداسىغا قۇلاق سېلىش، دەردىنى چۈشىنىش، ئۇلار ياراتقان تەجرىبىلەرنى يەكۈنلەش كېرەك. دېمەك، مىللىي خىزمەت تارماقلىرى ئۈچۈن ئېيتقاندا، تەكشۈرۈپ تەتقىق قى-لىش خىزمەت ئۇسۇلى مەسىلىسى بولۇپلا قالماي، خىزمەت پوزىتسىيىسى مەسىلىسى، كۈندىلىك خىزمەتنىڭ كەم بولسا بولماس بىر قىسمى دېمەكتۇر.

تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىشنىڭ ئۆزى بىر ئىلىم. تەكشۈرۈش مەزمۇنى جەھەتتە، مۇھىم ۋە قىممىتى بار ئىشلارنى تەكشۈرۈشنى ئاساس قىلىش؛ ۋاقىت جەھەتتە دەل ۋاقتىدا ۋە پەيتى كېلىشتىن بۇرۇن تەكشۈرۈپ شەيئىلەرنىڭ يۈزلىنىشىنى سەزگۈرلۈك بىلەن بايقاش؛ تەكشۈرۈش ئۇسۇلى جەھەتتە، كۆپ خىل شەكىلنى قوللىنىش، ئەتراپلىق مەزمۇندا تەكشۈرۈش، مەخسۇس تېمىدا تەكشۈرۈش، نۇقتىلىق تەكشۈرۈش، بىرلەشىپ تەكشۈرۈش دېگەنگە ئوخشاش شەكىللەردىن جانلىق پايدىلىنىش؛ تەكشۈرۈش ۋاسىتىسى جەھەتتە، ئىلغار ۋاسىتىلەرنى قوللىنىش، ئىمكانىيەتنىڭ بارىچە زامانىۋى پەن-تېخنىكا ۋاسىتىلىرىدىن پايدىلىنىش ۋە باشقا پەن ھەم باشقا تارماقلارنىڭ تەكشۈرۈش ئۇسۇلىنى ئەينەك قىلىش. تەكشۈرۈش بىلەن تەتقىقاتنى بىرلەشتۈرۈپ، شۇ ئارقىلىق نەتىجە، نەزەرىيە ۋە سىياسەت ھاسىل قىلىپ، مىللىي خىزمەت ئۈچۈن بىۋاسىتە ياكى ۋاسىتىلىك ھالدا خىزمەت قىلىش. يېقىنقى يىللار مابەينىدە، مىللىي مەسىلە ۋە مىللىي خىزمەتتە بىر قىسىم مۇھىم نەزەرىيىۋى نۇقتىئىنەزەرلەر ۋۇجۇدقا كەلدى ۋە بىرمۇنچە سىياسەت-تەدبىرلەر تۈزۈپ چىقىلدى، بۇلار كەڭ كۆلەمدە تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىپ، قايتا-قايتا تەتقىق قىلىپ، سىڭدۈرگەن جاپالىق ئەمگەكنىڭ نەتىجىسىدۇر.

**(7) خىزمەت ئۇسۇلى جەھەتتە، ئالاقىدار تارماقلار بىلەن ئاكتىپ ماسلىشىپ، مىللىي خىزمەتنى ئورتاق ئىلگىرى سۈرۈش.**
مىللىي خىزمەتنىڭ مۇھىملىقى ۋە مەزمۇنىنىڭ كەڭلىكى بۇ خىزمەتنى يالغۇز مىللىي خىزمەت تارماقلىرىغا تايىنىپ ئىشلەش-

كە ۋە ئوبدان ئىشلەشكە بولمايدىغانلىقىنى بەلگىلىگەن. شۇڭا ئەتراپلىق پىكىر يۈرگۈزۈپ، كەڭ يول ئېچىپ، پايدىلىنىشقا بولىدىغان بارلىق كۈچلەردىن پايدىلىنىشىمىز، بارلىق ئىجابىي ئامىللارنى ئىشقا سېلىپ، جەمئىيەتنىڭ ھەممە ساھەلىرىنى مىللىي خىزمەتكە قىزغىن كۆڭۈل بۆلىدىغان، ئاكتىپ قاتنىشىدىغان قىلىشىمىز، بولۇپمۇ مىللىي خىزمەتكە زىچ ئالاقىدار تارماقلارنىڭ رولىنى جارى قىلدۇرۇشقا ئەھمىيەت بېرىشىمىز كېرەك. ئەمەلىيەت ئىسپاتلىدىكى، ھەرقايسى تارماقلار مىللىي خىزمەتنى ئىشلەشنى، مىللەتلەرنىڭ ئىتتىپاقلىقى ۋە تەرەققىياتى ئۈچۈن خىزمەت قىلىشنى تازا خالايدۇ. يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، جۈملىدىن مەركەزدە ئېچىلغان مىللىي خىزمەت يىغىنىدىن كېيىن، ھەرقايسى ئالاقىدار تارماقلار ۋە رايونلار ئۆزلىرىنىڭ رولىغا ئاساسەن، مىللىي خىزمەت جەھەتتە نۇرغۇن ئۈنۈملۈك خىزمەتلەرنى ئىشلىدى، بولۇپمۇ ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ئىقتىسادىي، پەن-تېخنىكا، مائارىپ، مەدەنىيەت، ساقلىقنى ساقلاش ئىشلىرىنى راۋاجلاندۇرۇش، ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىنىڭ ئاساسىي مۇئەسسەسە قۇرۇلۇشىنى ياخشىلاش، ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىنىڭ ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش ئىشلىرىنى ئىلگىرى سۈرۈش، مىللىي سودىنى راۋاجلاندۇرۇش، نامراتلارنى يۆلەش، مىللىي كادىرلارنى تەربىيىلەش قاتارلىق جەھەتلەردە نۇرغۇن كۈچلۈك تەدبىرلەرنى قوللىنىپ، نۇرغۇن ئەمەلىي ئىشلارنى قىلدى. شۇنداق دېيىشكە بولىدۇكى، مىللىي خىزمەتنىڭ 11-نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتنىڭ 3-ئومۇمىي يىغىنىدىن بۇيانقى تۈرلۈك ۋەزىپىلىرى ھەرقايسى ئالاقىدار تار-

ماقلار ۋە رايونلارنىڭ ئىتتىپاقلىشىپ ۋە ھەمكارلىشىپ، ئورتاق كۆرەش قىلىشى نەتىجىسىدە ئورۇنزالدى، مىللىي خىزمەتنىڭ ھەربىر مۇۋەپپەقىيىتىگە ئالاقىدار تارماقلارنىڭ ۋە كۆپلىگەن يولداشلارنىڭ يۈرەك قېنى ۋە ئەجرى سىڭگەن. بۇنى ھەر مىل-لەت خەلقى ئۇنتۇپ قالمايدۇ.

ھەرقايسى تارماقلار بىلەن ھەمكارلىشىپ ئىشلەش داۋامى-دا، مىللىي خىزمەت تارماقلىرى ئۇچۇن ئېيتقاندا، ماسلاشتۇ-رۇش ئىقتىدارىغا ئىگە بولۇپ، ئالاقىدار خىزمەتلەردە، ئەقىلغە مۇۋاپىق يول كۆرسىتىش، قىممىتى بار تەكلىپلەرنى ئوتتۇرىغا قويۇش، ئەمەلدە ئۇنۇم بېرىدىغان لايىھەلەرنى ئېلىپ چىقىش مۇھىم ئورۇندا تۇرىدۇ. بىرمۇنچە جايلار مىللىي خىزمەت تار-مىقىدىكىلەرنىڭ پۇتى چاققان، تىلى ئۆتكۈر، مېڭىسى ساز بولۇ-شى كېرەك دېگەن تەجرىبىنى يەكۈنلىگەن. بۇنىڭدا مۇھىمى ئېھتىياجلىق جايلارغا بېرىش، مۇھىم پەيتلەردە سۆز قىلىش، مېڭە ئىشلىتىپ ئوبدان ئەقىل كۆرسىتىش كۆزدە تۇتۇلغان.

**(8) خىزمەتكە رەھبەرلىك قىلىش جەھەتتە، پارتىيە ۋە ھۆ-كۈمەتكە يېقىندىن تايىنىش شۇنىڭ بىلەن بىرگە، مىللىي خىزمەت تارماقلىرى لاياقەتلىك مەسلىھەتچى ۋە قول-قانات بولۇشى لازىم.** باشقا ھەرقانداق خىزمەتكە ئوخشاش، مىللىي خىزمەتنى ئوبدان ئىشلەش ئۇچۇنمۇ پارتىيە ۋە ھۆكۈمەتنىڭ كۈچلۈك رەھبەرلىكى بولۇشى كېرەك. پارتىيە 11-نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتىنىڭ 3-ئومۇمىي يىغىنىدىن كېيىن، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى ۋە گوۋۇيۈەن مىللىي خىزمەت توغرىسىدا بىر قاتار چوڭ-چوڭ سىياسەتلەرنى بەلگىلەپ، بىر قاتار مۇھىم تەدبىرلەرنى قوللان-

دى، مەركەزدىكى رەھبىرىي يولداشلار يەنە مىللىي خىزمەت توغرىسىدا كۆپ قېتىم دوكلات ئالدى، مىللىي رايونلارغا بېرىپ تەكشۈرۈش ۋە تەتقىقات ئېلىپ باردى. ھەر دەرىجىلىك يەرلىك پارتكوملار ۋە ھۆكۈمەتلەر مىللىي خىزمەتكە يۈكسەك دەرىجىدە ئەھمىيەت بېرىپ، ئەمەلىيەتكە ئۇيغۇن كېلىدىغان بىرمۇنچە ئۈنۈملۈك تەدبىرلەرنى قوللاندى. مانا بۇلار مىللىي خىزمەتنى داۋاملىق راۋاجلاندۇرۇپ، ئۇدا يېڭى ئۇتۇقلارغا ئېرىشتۇرۇشتە مۇھىم كاپالەت بولدى. مىللىي خىزمەت تارماقلىرى پارتىيىنىڭ مىللىي خىزمەتكە بولغان رەھبەرلىكىگە قىلچە ئىككىلەنمەي ئەمەل قىلىشى، پارتىيە ۋە ھۆكۈمەتنىڭ مىللىي خىزمەتكە دائىر چوڭ فاڭجېن، سىياسەت ۋە تەدبىرلىرىنى قىلچە بىپەرۋالىق قىلماي ئىجرا قىلىشى لازىم. دەرۋەقە، مىللىي خىزمەت تارماقلىرى بۇ جەھەتتە پۈتۈنلەي پاسسىپلىق بىلەن ماسلىششىنىلا كۆزلەپ، يۇقىرى دەرىجىلىك رەھبىرىي ئورۇنلارنىڭ يولىيورۇق كۆرسىتىشى ۋە قارار چىقىرىشىنى كۈتۈپ تۇرسىلا بولمايدۇ، ياكى يۇقىرى دەرىجىلىك پارتىيە، ھۆكۈمەت تارماقلىرىنىڭ سىياسەت ۋە تەدبىرلىرىنى مىللىي خىزمەت ئەمەلىيىتىگە ئۆلۈك تەتبىقلىسىمۇ بولمايدۇ. مىللىي خىزمەت تارماقلىرى ئۆزىنىڭ سۇبيېكتىپ پائالىيەتچانلىقىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇپ، پارتىيە، ھۆكۈمەت تارماقلىرىنىڭ ئېتىبارىنى ۋە قوللىشىنى ئاكتىپ پوزىتسىيە ۋە كۈچلۈك خىزمىتى بىلەن قولغا كەلتۈرۈشى، رەھبەرلىكنى ھەقىقىي ئەھۋالدىن خەۋەر تېپىپ، مىللىي خىزمەتنىڭ ئومۇمىي ۋەزىيىتىنى ئىگىلەش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىش ئۈچۈن، ئەھۋالنى ۋاقتى-ۋاقتىدا

يەتكۈزۈپ تۇرۇشى، رەھبەرىي تارماقلارنىڭ تەدبىر كۆرۈشىگە قولايلىق تۇغدۇرۇش ئۈچۈن، كونكرېت پىكىر ۋە تەكلىپ بې- رىپ تۇرۇشى لازىم. بولۇپمۇ چوڭ-چوڭ مەسىلىلەر ئۈستىدە، ھالقىلىق پەيتلەردە مىللىي خىزمەت تارماقلىرى تېخىمۇ چوڭقۇر پىكىر يۈرگۈزۈپ، دادىللىق بىلەن مەسئۇلىيەتنى ئۈستىگە ئې- لىپ، مەسلىھەتچىلىك ۋە قول-قاناتلىق رولىنى ئوبدان جارى قىلدۇرۇشى كېرەك. بۇنىڭ ئۈچۈن، مىللىي خىزمەت تارماقلى- رىنىڭ ئىدىيىۋى، تەشكىلىي ۋە ئىستىلىي قۇرۇلۇشىنى كۈچەي- تىپ، ئۆزىنىڭ ساپاسىنى ئۆستۈرۈشكە، خىزمەت ئۈنۈمىنى ۋە خىزمەت سۈپىتىنى يۇقىرى كۆتۈرۈشكە توغرا كېلىدۇ.

ئۆتكەنكى تەجرىبىلەرنى يەكۈنلەپ مۇنداق بىر نۇقتىغا، يەنى مىللىي خىزمەتنىڭ ئەمەلىيىتىگە ئاساسەن، پارتىيىنىڭ ئاساسىي لۇشيەنىنى قەتئىي ئىزچىللاشتۇرۇپ، مىللەتلەرنىڭ باراۋەرلىكى، ئىتتىپاقلىقى، ئۆزئارا ياردىمى، ھەمكارلىقى ۋە ئورتاق گۈللىنىشى ئۈچۈن تىرىشچانلىق كۆرسىتىش لازىم دې- گەن نۇقتىغا يىغىنچاقلاشقا بولىدۇ.

ئۆتكەنكى تەجرىبىلەر جانلىق ئەمەلىيەت داۋامىدا يارىتىلدى ۋە يەكۈنلەندى. بۇ تەجرىبىلەر ئەمەلىيەتنىڭ تەرەققىياتىغا ئەگە- شىپ، ئۈزلۈكسىز بېيىپ ۋە راۋاجلىنىپ بارىدۇ.

## 3

دۆلىتىمىزدىكى ھەر مىللەت خەلقى جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ رەھبەرلىكىدە، ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش ئىشلىرى-

نىڭ ۋە زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنىڭ قەدىمىنى تېزلىتىپ،
جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىشلىرىنىڭ تېخىمۇ زور غەلىبىسىنى
قولغا كەلتۈرۈش يولىدا تىرىشىپ كۈرەش قىلماقتا. يېڭى ۋەزىـ
يەت، يېڭى پۇرسەت بىزنى نۇرغۇن يېڭى مەسىلىلەرگە دۇچ
كەلتۈرىدۇ، بولۇپمۇ سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى تۈزۈلمىـ
سىنىڭ بەرپا قىلىنىشى ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىنىڭ ئىقتىـ
سادىي قۇرۇلۇشىغا ۋە بىزنىڭ مىللىي خىزمىتىمىزگە زور تەـ
سىر كۆرسىتىدۇ. مىللىي خىزمەتنىڭ ۋەزىپىسى تېخىمۇ ئېـ
غىرلىشىدۇ، زىممىمىزدىكى ۋەزىپە تېخىمۇ ئېغىرلىشىدۇ. ھەر
دەرىجىلىك مىللىي خىزمەت تارماقلىرى ئىدىيىدە يەنىمۇ ئازاد
بولۇپ، غەيرەتكە كېلىپ، جاسارەت بىلەن ئىشلەپ، مىللىي
خىزمەتنى تېخىمۇ ئوبدان ئېلىپ بېرىشى كېرەك. نۆۋەتتە ھەمـ
مىدىن مۇھىمى 14-قۇرۇلتاينىڭ روھىنى ياخشى ئۆگىنىش،
ياخشى ئىزچىللاشتۇرۇش لازىم. بولۇپمۇ ئىسلاھات ئېلىپ بېرىـ
لىپ، ئىشىك ئېچىۋېتىلگەندىن بۇيانقى 14 يىلدا قولغا كەلتۈـ
رۈلگەن تارىخىي مۇۋەپپەقىيەتلەرنى ۋە بۇ مۇۋەپپەقىيەتلەرنىڭ
قولغا كېلىشىدىكى سەۋەبلەرنى نەزەرىيە بىلەن ئەمەلىيەتنى بىرـ
لەشتۈرۈش ئاساسىدا خۇلاسىلەپ، جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇـ
رۇش نەزەرىيىسىنى ئوبدان ئۆزلەشتۈرۈش، پارتىيىنىڭ ئاساـ
سىي لۇشيەنىنى تېخىمۇ چوڭقۇر چۈشىنىش ۋە ئۇنىڭغا تېخىمۇ
ئاڭلىق ئەمەل قىلىش، 90-يىللاردىكى ۋەزىپىلەرنى ئايدىڭلاشـ
تۇرۇۋېلىش، ئىدىيىنى بىرلىككە كەلتۈرۈپ، تونۇشنى ئۆستۈـ
رۈپ، ئىشەنچنى چىڭىتىش، يول ئېچىپ ئىلگىرىلەش لازىم.

14-قۇرۇلتاي دوكلاتىدا ۋە تۈزىتىش كىرگۈزۈلگەندىن كېـ

يىنكى پارتىيە نىزامنامىسىدە مىللىي مەسىلە، مىللىي خىزمەت
ۋە ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىنىڭ تەرەققىياتى توغرىسىدىكى
مەزمۇنلار كۆپ قېتىم ئىزھار قىلىنغان، بۇ مەزمۇنلارنى ئاسا-
سەن تۆۋەندىكىچە يىغىنچاقلاشقا بولىدۇ: (1) پارتىيىنىڭ مىل-
لىي سىياسىتىنى ئەتراپلىق ئىزچىللاشتۇرۇش لازىم. دۆلىتى-
مىز— كۆپ مىللەتلىك بىر پۈتۈن دۆلەت، مىللەتلەرنىڭ بۈيۈك
ئىتتىپاقلىقى ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى قوغداپ، سوتسىيالىستىك
زامانىۋىلاشتۇرۇشنى ئىشقا ئاشۇرۇشنىڭ مۇھىم كاپالىتى. مىل-
لەتلەرنىڭ ئورتاق گۈللىنىشىنى ئىلگىرى سۈرۈش ئۈچۈن،
مىللەتلەرنىڭ باراۋەرلىكى، ئۆزئارا ياردىمى، ئىتتىپاقلىقى ۋە
ھەمكارلىقىنى قەتئىي داۋاملاشتۇرۇش كېرەك. (2) ئاز سان-
لىق مىللەت رايونلىرىنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتىنى تېزلىتىش
مىللىي ئىتتىپاقلىقنى كۈچەيتىپ، چېگرا مۇداپىئەسىنى مۇس-
تەھكەملەپ، پۈتۈن مەملىكەتنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتىنى
ئىلگىرى سۈرۈشتە ئىنتايىن مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە. نامرات
رايونلارنى نامراتلىقتىن تېز قۇتۇلدۇرۇپ بېيىتىش ئىككىنچى
قەدەملىك ستراتېگىيىلىك نىشانغا يېتىشنىڭ مۇھىم تەركىبىي
قىسمى. دۆلەت ئۈنۈملۈك تەدبىر قوللىنىپ، ئاز سانلىق مىل-
لەت رايونلىرىنى يۆلىشى، ئىقتىسادىي بىرقەدەر تەرەققىي قىل-
غان رايونلار ھەر خىل شەكىللەرنى قوللىنىپ، ئاز سانلىق
مىللەت رايونلىرىنىڭ تەرەققىياتىنى تېزلىتىشىگە ياردەم بېرىشى
لازىم. يېزا-بازار كارخانىلىرىنى زور كۈچ بىلەن داۋاملىق
راۋاجلاندۇرۇش، بولۇپمۇ ئوتتۇرا، غەربىي رايونلاردىكى ۋە ئاز
سانلىق مىللەت رايونلىرىدىكى يېزا-بازار كارخانىلىرىنىڭ تە-

رەققىياتىغا ياردەم بېرىش ۋە ئۇنى تېزلىتىش كېرەك. (3) ئوتتۇرا ۋە غەربىي رايونلارنىڭ بايلىقى مول، چېگرا بويىدىكى رايونلار ئىشكىنى سىرتقا ئېچىۋېتىشتە جۇغراپىيىلىك ئەۋزەللىككە ئىگە، ئۇلارنىڭ تەرەققىيات جەھەتتىكى يوشۇرۇن ئىمكانىيىتى ئىنتايىن زور، دۆلەت ئۇلارنى بىر تۇتاش پىلان ئاستىدا قوللىشى كېرەك. بۇ جايلار بازار ئىگىلىكىنىڭ تەلىپىگە ئاساسەن، ئىشكىنى ئىچىگە ۋە سىرتىغا ئېچىۋېتىش قەدىمىنى تېزلىتىشى، ئاساسىي مۇئەسسەسە قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىشى، بايلىقنى ئېچىش ۋە ئۇنىڭدىن پايدىلىنىش ئىشىنى ئىلگىرى سۈرۈشى، ئەۋزەل كەسىپلەرنى ۋە مەھسۇلاتلارنى تىرىشىپ راۋاجلاندۇرۇشى، شارائىتى يار بېرىدىغان رايونلار سىرتقا يۈزلەنگەن ئىگىلىكنى راۋاجلاندۇرۇپ، پۈتكۈل ئىقتىسادىي تەرەققىياتنى ئالغا سىلجىتىشى كېرەك. (4) چېگرا بويىدىكى رايونلارنىڭ ئىشكىنى كەڭ دائىرىدە ئېچىۋېتىپ، ئاپتونوم رايونلارنىڭ ئىشكىنى سىرتقا ئېچىۋېتىش قەدىمىنى تېزلىتىش لازىم. (5) مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە تۈزۈمىدە چىڭ تۇرۇش ۋە ئۇنى مۇكەممەللەشتۈرۈش كېرەك. (6) ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرىنى يېتىشتۈرۈشكە ئەھمىيەت بېرىش لازىم. بۇ مەزمۇنلارنى 14-قۇرۇلتاي روھىنىڭ ئاجرالماس بىر قىسمى سۈپىتىدە ئۆگىنىش، چۈشىنىش، ئومۇمىي جەھەتتىن ۋە مىللىي خىزمەت بىلەن جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇشنىڭ ئىچكى باغلىنىشى جەھەتتىن ئۆزلەشتۈرۈش كېرەك. مۇشۇنداق قىلغاندىلا، ئاندىن بۇ مەزمۇنلارنى تېخىمۇ توغرا، تېخىمۇ چوڭقۇر چۈشەنگىلى بولىدۇ.

14-قۇرۇلتاينىڭ روھىغا ۋە نوۋەتتىكى ئەمەلىيەتكە ئاسا-
سەن، مىللىي خىزمەت تارماقلىرىنىڭ بۇنىڭدىن كېيىنكى بىر
مەزگىللىك ئاساسىي ۋەزىپىسى: پارتىيە 14-قۇرۇلتىيىنىڭ رو-
ھىنى ئەستايىدىل ئىزچىللاشتۇرۇپ ۋە ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، مەر-
كەز چاقىرغان مىللىي خىزمەت يىغىنىدا بەلگىلىگەن ۋەزىپىلەر-
نى داۋاملىق ئورۇنداش، پارتىيىنىڭ مىللىي سىياسىتىنى ئەت-
راپلىق ئىجرا قىلىش. پارتىيىنىڭ ئاساسىي لۇشيەنىنى مىللىي
خىزمەتتە كونكرېتلاشتۇرۇشقا تىرىشىش، ئىقتىسادىي قۇرۇ-
لۇشنى ئىبارەت مەركەزنى چىڭ ئىگىلەپ، سوتسىيالىستىك
بازار ئىگىلىكى تۈزۈلمىسىگە يۈزلىنىش جەريانىدا، ئاز سانلىق
مىللەت رايونلىرىنىڭ ئىقتىسادىي مېخانىزمىنى يەڭگۈشلەش مە-
سىلىسى ئۈستىدە ئىزدىنىش، ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش ۋە زامان-
ۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشى داۋامىدا ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ۋە
ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىنىڭ ئىقتىسادىي-ئىجتىمائىي ئىش-
لىرىنىڭ تەرەققىياتىنى تېزلىتىپ، مىللەتلەرنىڭ ئورتاق گۈل-
لىنىشىنى ئىلگىرى سۈرۈش. مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونو-
مىيە تۈزۈمىدە چىڭ تۇرۇش ھەمدە بۇ تۈزۈمنى ئىقتىسادىي ۋە
سىياسىي تۈزۈلمە ئىسلاھاتىنىڭ تەرەققىياتىغا ئەگىشىپ داۋام-
لىق مۇستەھكەملەش ۋە مۇكەممەللەشتۈرۈش. ئاز سانلىق مىل-
لەت كادىرلىرىنى زور كۈچ بىلەن يېتىشتۈرۈش ۋە پائال ئىشقا
قويۇش. مىللەتلەرنىڭ باراۋەرلىكى ۋە ئىتتىپاقلىقىدا چىڭ تۇ-
رۇپ، مىللەتلەرنىڭ ئۆزئارا ياردىمى ۋە ھەمكارلىقىنى ئىلگىرى
سۈرۈپ، سوتسىيالىستىك مىللىي مۇناسىۋەتنى مۇستەھكەملەش
ۋە راۋاجلاندۇرۇش.

تۇرلۇك كونكرېت خىزمەتلەردە، مەركەز چاقىرغان مىللىي خىزمەت يىغىنىدا بەلگىلەنگەن ۋەزىپىلەرنى ئەمەلىيلەشتۇرۇشكە ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىش كېرەك. كېلەر يىللىق خىزمەتلەر توغرىسىدا دەسلەپكى ئوي-پىكرىمىز مۇنداق:

(1) سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى تۈزۈلمىسىنى بەرپا قىلىش جەريانىدا ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ئىقتىسادىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش مەسىلىسىنى تەتقىق قىلىشقا تۇتۇش قىلىش كېرەك. سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكىنىڭ بەرپا قىلىنىشى دۆلىتىمىزنىڭ ئىقتىسادىي ھاياتىغا زور تەسىر كۆرسىتىدۇ، ئىگىدارلىق ھوقۇقى تۈزۈمىدىن تارتىپ تەقسىمات تۈزۈمىگىچە، كارخانىلارنىڭ تەدبىر كۆرۈشىدىن تارتىپ ئىگىلىك باشقۇرۇشىغىچە، كادىرلار تۈزۈمىدىن تارتىپ باھا سىستېمىسىغىچە، مەمۇرىيەت بىلەن كارخانىنىڭ مۇناسىۋىتىدىن تارتىپ كارخانىلار ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتكىچە بىر قاتار ئۆزگىرىش يۈز بېرىدۇ. ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىدا تاۋار ئىگىلىكىنىڭ تەرەققىياتى نىسبەتەن ئارقىدا قالغان، بازارنىڭ يېتىلىشى ئەزەلدىن يېتەرسىز، بىر ئىلاج قىلىپ ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىنى يېڭى ئۆزگىرىشكە ماسلاشتۇرۇش، بازار ئىگىلىكى يولىغا ئوڭۇشلۇق راۋاج باشلاش ئىنتايىن مۇھىم مەسىلە، شۇنداقلا بىزنىڭ ئالدىمىزدىكى باش تارتىپ بولمايدىغان ۋەزىپە. بىز بۇ ھەقتە تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش ۋە دەلىللەشنى كۈچەيتىش ئاساسىدا، ئالاقىدار تارماقلارغا بەزى تېگىشلىك پىكىر ۋە تەكلىپلەرنى بەرمەكچى.

ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىنىڭ ئىقتىسادىي پىلانىنى تۈ-

زۈش ئىشىغا ئاكتىپ قاتنىشىپ، دۆلەتنىڭ ئومۇمىي جەھەتتىن تىزگىنلىشى، رايونلار ئىقتىسادىي تەرەققىياتى قاتارلىق جەھەت-لەردە ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ئىقتىسادىي-ئىجتىمائىي تەرەق-قىياتى ئۈچۈن كۈچىمىزنىڭ يېتىشىچە خىزمەت قىلىشىمىز كېرەك.

(2) چېگرىغا جايلاشقان ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىنىڭ ئىشىكىنى سىرتقا ئېچىۋېتىش ئىشىنى تېزلىتىش مەسىلىسى جە-ھەتتە بەزى كونكرېت خىزمەتلەرنى ئىشلەش لازىم. بۇ يىلنىڭ بېشىدا يولداش دېڭ شياۋپىڭنىڭ جەنۇبنى كۆزدىن كەچۈرگەندە قىلغان مۇھىم سۆزى ئېلان قىلىنغاندىن كېيىن، دۆلىتىمىز-نىڭ ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش ئىشلىرى يېڭى باسقۇچقا قەدەم قويدى، بۇنىڭ مۇھىم بىر تەرىپى شۇكى، ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىنى ئاساس قىلغان چېگرا بويلىرىنى ئېچىۋېتىش سالمى-قى ئاشۇرۇلدى. چېگرا بويىدىكى بەزى شەھەرلەر ۋە ئاپتونوم رايونلارنىڭ مەركىزى ئارقا-ئارقىدىن سىرتقا ئېچىۋېتىلدى، مەركەز بۇ شەھەرلەرگە قارىتا نۇرغۇن جەھەتلەردە ئېتىبار بې-رىش سىياسىتىنى يۈرگۈزدى. 14-قۇرۇلتايدا يەنە چېگرا بويى-دىكى ئوچۇق رايونلارنى كۆپەيتىپ، ئاپتونوم رايونلارنىڭ ئى-شىكىنى سىرتقا ئېچىۋېتىش قەدىمىنى تېزلىتىش كېرەكلىكى ئوچۇق ئوتتۇرىغا قويۇلدى. بۇ چېگرا بويىدىكى ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرى ئۈچۈن ئىنتايىن ياخشى پۇرسەت. شۇڭا، بىز خىزمەتلەرنى پۇختا ئىشلەپ، چېگرا بويىدىكى رايونلارنى ئېچى-ۋېتىش ئىشىنى تېخىمۇ داغدۇغىلىق، تېخىمۇ ئۈنۈملۈك ئېلىپ بېرىشىمىز كېرەك.

(3) سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى تەرەپكە بۇرالغاندىن
كېيىن، ئاپتونومىيە قانۇننى قانداق ئىزچىللاشتۇرۇش مەسى-
لىسىنى تەتقىق قىلىش كېرەك. مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتو-
نومىيە قانۇنى 1984-يىلى ئېلان قىلىندى. ئۇنىڭدا ئىقتىسادىي
جەھەتكە دائىر ماددىلار «پىلانلىق تاۋار ئىگىلىكى» نەزەرىيىسى
ۋە ئەمەلىيىتىنىڭ يېتەكچىلىكىدە يېزىلغان، شۇ سەۋەبتىن،
مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلاردىكى ئاپتونومىيە ئورگانلىرىنىڭ
ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشقا دائىر ئاپتونومىيە هوقۇقى توغرىسىدىكى
ماددىلارنىڭ تولىسىدا «دۆلەت پىلانىنىڭ يېتەكچىلىكىدە» دېگەن
مەزمۇن ئالدىنقى شەرت قىلىنغان. ئۇنىڭ بۈگۈنكى ۋەزىيەتكە
ماس كەلمەيدىغانلىقى ئېنىق، بۇ مەسىلە ئۈستىدە تېزرەك باش
قاتۇرۇپ، ئەستايىدىل تەتقىقات ئېلىپ بېرىپ، تەدبىر قوللى-
نىپ، دۆلەتنىڭ نېگىزلىك قانۇنلىرىنىڭ بىرى بولغان مىللىي
تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە قانۇننى سوتسىيالىستىك بازار ئى-
گىلىكى شارائىتىدىكى ئىجتىمائىي مۇھىتقا ئۇيغۇنلىشىش بىلەن-
لا قالماي، بەلكى ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىدا بازار ئىگىلى-
كىنىڭ بەرپا قىلىنىشىغا ۋە راۋاجلىنىشىغا ياردەم بېرەلەيدىغان
قىلىشىمىز كېرەك.

(4) سوتسىيالىستىك مىللىي مۇناسىۋەتنى راۋاجلاندۇ-
رۇش جەھەتتە بەزى ئەمەلىي ئىشلارنى ئىشلەش كېرەك. مىللىي
ئىتتىپاقلىق-تەرەققىيات بويىچە تەقدىرلەش پائالىيىتىنى داۋام-
لىق ئېلىپ بېرىش لازىم. بۇنىڭدىن كېيىنكى بۇ پائالىيەتنى
تارماقلار ۋە سىستېمىلار بويىچە ئېلىپ بېرىشنى ئويلىشىشقا
بولىدۇ. دۆلەت مىللىي ئىشلار كومىتېتى ياشلار ئىتتىپاقى

مەركىزىي كومىتېتى بىلەن بىرلىكتە ھەر دەرىجىلىك ئىتتىپاق تەشكىلاتلىرى، كەڭ ئىتتىپاق ئەزالىرى ۋە ياشلار ئىچىدىكى مىللىي ئىتتىپاقلىق-تەرەققىيات بويىچە ئىلغار تىپلارنى تەقدىرلىمەكچى.

ھەر مىللەت ياش-ئۆسمۈرلىرىگە ماركسىزملىق مىللەت قارىشى ۋە مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى توغرىسىدىكى تەربىيىنى كۈچەيتىش كېرەك، دۆلەت مىللىي ئىشلار كومىتېتى ئالاقىدار تارماقلار ۋە رايونلار بىلەن مەسلىھەتلەشكەندىن كېيىن، ئوتتۇرا، باشلانغۇچ مەكتەپلەرنىڭ قوشۇمچە دەرسلىكى سۈپىتىدە، نۇقتىئىنەزەرلىرى ئېنىق، كىشىنى قايىل قىلارلىق، مەزمۇنى جانلىق كىتابچىنى بىرلىكتە تۈزۈپ چىقماقچى.

ئىجتىمائىي مۇقىملىقنى تېخىمۇ ياخشى قوغداش ئۈچۈن، مىللەتلەر تارقاق ۋە ئارىلىشىپ ئولتۇراقلاشقان رايونلاردا مىللىي ئىتتىپاقلىقنى يەنىمۇ كۈچەيتىش، بولۇپمۇ مىللىي مۇناسىۋەت جەھەتتە يوشۇرۇن خەۋپ ساقلىنىۋاتقان رايونلاردا خىزمەتنى قانداق قىلىپ كۈچەيتىش تەدبىرلىرى ئۈستىدە تەتقىقات ئېلىپ بېرىش لازىم.

(5) مىللىي كادىرلارنى يېتىشتۈرۈش خىزمىتىنى ئىلگىرى سۈرۈش كېرەك. دۆلەت مىللىي ئىشلار كومىتېتى كېلەر يىلى بىرىنچى پەسىلدە مەركىزىي كومىتېت تەشكىلات بۆلۈمى ۋە بىرلىك سەپ بۆلۈمى بىلەن بىرلىكتە مىللىي كادىرلار خىزمىتى سۆھبەت يىغىنى چاقىرماقچى. بۇ يىغىننى ئاچىمىز دەۋاتقىلى بىرنەچچە يىل بولدى، بەزى تەييارلىق خىزمەتلىرىمۇ ئىشلەندى، يىغىندا 14-قۇرۇلتاينىڭ روھىغا ئاساسەن، ئاز سان-

لىق مىللەت كادىرلىرىنى تاللاپ ئۆستۈرۈش، يېتىشتۈرۈش ۋە ئىشقا قويۇش مەسىلىسى ئۈستىدە تونۇشنى يەنىمۇ ئۆستۈرۈش ئاساسىدا، ئەمەلدە ئاقىدىغان بەزى تەدبىرلەرنى ئىشلەپ چىقماقچى. جۈملىدىن ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرىنى يېتىشتۈرۈش خىزمىتىنىڭ سەككىز يىللىق پىلانى تۈزۈپ چىقىلماقچى، بەزى ئېنىق، كونكرېت بەلگىلىمىلەر چىقىرىلماقچى.

(6) دۆلەت مىللىي ئىشلار كومىتېتى چېگرا رايونلارنىڭ مىللىي خىزمىتى ئۈستىدە ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسى قاتارلىق ئورۇنلار بىلەن بىرلىكتە تەكشۈرۈش ئېلىپ بارماقچى. بۇ تەكشۈرۈش ئارقىلىق ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ ئىقتىسادىي ۋە ئىجتىمائىي تەرەققىياتىنىڭ رېئال ئەھۋالىنى بىرقەدەر سىستېمىلىق ئىگىلەپ ۋە رەتلەپ، يېڭى ۋەزىيەتتىكى مىللىي خىزمەتتە تەدبىر كۆرۈش ئۈچۈن ئاساس سالماقچىمىز، شۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ، مىللىي نەزەرىيە خادىملىرى قوشۇنىنى چېنىقتۇرماقچى ۋە يېتىشتۈرمەكچىمىز.

(7) سىياسىي تۈزۈلمە ئىسلاھاتى ۋە مەمۇرىي باشقۇرۇش تۈزۈلمىسى ئىسلاھاتىنىڭ تەلىپىگە ئاساسەن، مىللىي خىزمەت تارماقلىرى ئۆز قۇرۇلۇشىنى ئەستايىدىل ئوبدان ئېلىپ بېرىشى، فۇنكسىيىسىنى يەنىمۇ ئوبدان يەڭگۈشلەپ، ئىلمىي باشقۇرۇش مېخانىزمىنى ۋە رىغبەتلەندۈرۈش مېخانىزمىنى بەرپا قىلىشى، ئىدىيىۋى، تەشكىلىي ۋە ئىستىلىي قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىپ، خادىملارنىڭ ساپاسىنى، خىزمەت ئۈنۈمىنى ۋە خىزمەت سۈپىتىنى ئۆستۈرۈشى، ئامما بىلەن زىچ ئالاقە باغلاپ، ھەر مىللەت خەلقى ئۈچۈن تېخىمۇ ئوبدان خىزمەت قىلىشى كېرەك.

بۇنىڭدىن باشقا يەنە ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ئىقتىساد،
نامراتلارنى يۆلەش، مائارىپ، پەن-تېخنىكا، مەدەنىيەت، ساق-
لىقنى ساقلاش، تەنتەربىيە، تاشقى ئىشلار ۋە باشقا جەھەتلەردى-
كى خىزمىتىنى داۋاملىق ئوبدان ئىشلەش، پارتىيە قۇرۇلۇشىنى
كۈچەيتىش. ھەرقايسى تەرەپلەرنىڭ تىرىشىشى ئارقىلىق، مىل-
لىي خىزمەتنى ئەتراپلىق ئىلگىرى سۈرۈش كېرەك.

بۇ خىزمەتلەرنىڭ بىرمۇنچىسىنى جايلار ۋە تارماقلار بىلەن
بىرلىكتە ئىشلەشكە توغرا كېلىدۇ، جايلار ئۆزلىرىنىڭ ئەمەلى-
يىتىنى ئاساس قىلىپ، كونكرېت خىزمەت پىلانىنى تۈزۈپ
چىقسا بولىدۇ. كۆپچىلىكنىڭ ئىلگىرىكىگە ئوخشاش سەمىمىي
ھەمكارلىشىپ، بىرلىكتە يېڭى نەتىجە يارىتىشىنى ئۈمىد
قىلىمەن.

يولداشلار، 14-قۇرۇلتاينىڭ چاقىرىلىشى بىلەن، مىللىي
خىزمىتىمىز پۈتكۈل دۆلىتىمىزنىڭ زامانىۋىلىشىش ئىشلىرىغا
ئەگىشىپ يېڭى بىر مەنزىلگە قەدەم قويىدى. يېڭى يول ئېچىل-
دى، يېڭى نىشان بەلگىلەندى. يولداش جياڭ زېمىن يادرولۇقى-
دىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ رەھبەرلىكىدە، ئىدىيىدە
تېخىمۇ ئازاد بولۇپ، قەدەمنى تېخىمۇ پۇختا بېسىپ، ئىسلا-
ھات، ئېچىۋېتىش ئىشلىرى ۋە زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشى
داۋامىدا مىللىي خىزمەتنى تېخىمۇ ئالغا سۈرۈپ، جۇڭگوچە
سوتسىيالىزم قۇرۇش ۋە مىللەتلەرنى گۈللەندۈرۈش ئۈچۈن بو-
شاشماي كۈرەش قىلايلى!

# دەۋرىمىزنىڭ ئېغىر ۋەزىپىسى ئىختىساسلىق ئەزىمەتلەرنىڭ زىممىسىگە چۈشىدۇ*

—زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشى داۋامىدا ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرىنى پائال يېتىشتۈرۈش ۋە ئىشقا قويۇش كېرەك

(1993-يىل 1-ئاي)

مىللىي كادىرلارنى زور كۈچ بىلەن يېتىشتۈرۈش ۋە ئىشقا قويۇش— پارتىيىمىزنىڭ ئىزچىل سىياسىتى، شۇنداقلا مىللىي خىزمەتنى ئوبدان ئىشلەش، مىللىي مەسىلىنى ئوبدان ھەل قىلىش، مىللەتلەرنىڭ ئىتتىپاقلىق-تەرەققىيات ئىشلىرىنى ئىلگىرى سۈرۈشنىڭ زۆرۈر شەرتلىرىدىن بىرى. بۇنى ئەمەلىيەت تولۇق ئىسپاتلىدى. 14-قۇرۇلتاي دوكلاتىدا ۋە پارتىيە نىزامنامىسىدە مىللىي كادىرلارنى يېتىشتۈرۈش پارتىيىمىزنىڭ جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش ئىشلىرىدىكى مۇھىم بىر ۋەزىپىسى دەپ ھېسابلاندى.

ھازىرقى باسقۇچتا، دۆلىتىمىزدىكى مىللىي مەسىلە كۆپ-

---

* بۇ ماقالە «مىللەتلەر ئىتتىپاقى» ژۇرنىلىنىڭ 1993-يىلدىكى 1-سانىدا ئېلان قىلىنغان.

رەك ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ۋە ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىدى-
نىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتىنى ۋە مەدەنىيەت تەرەققىياتىنى تېز-
لىتىشنى جىددىي تەلەپ قىلىۋاتقانلىقىدا ئىپادىلىنىدۇ. باشقىچە
قىلىپ ئېيتقاندا، ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ئىقتىساد-مەدەنىيەت
ئىشلىرىنى زور كۈچ بىلەن راۋاجلاندۇرۇش— دۆلىتىمىزدىكى
مىللىي مەسىلىنى ھەل قىلىشتا نۇۋەتتىكى مەركىزىي ۋەزىپە.
بۇ ۋەزىپىنى ئادا قىلىش ئۈچۈن، ئەڭ ئاساسلىقى، پارتىيىنىڭ
«بىر مەركەز، ئىككى ئاساسىي نۇقتا» دىن ئىبارەت ئاساسىي
لۇشيەنىدە چىڭ تۇرۇش ھەمـدە ئۇنى مىلـلىي خىزمەتتە كونك-
رېتلاشتۇرۇش كېرەك. پارتىيىمىزنىڭ سىياسەت-فاڭجېن-
لىرىنى ئىزچىللاشتۇرۇش ۋە يولغا قويۇش ئالدى بىلەن ھەر
دەرىجىلىك كادىرلارنىڭ كونكرېت خىزمىتىگە باغلىق. ئاز سان-
لىق مىللەت رايونلىرىدا پارتىيىنىڭ ئاساسىي لۇشيەنىنى ۋە
تۈرلۈك فاڭجېن-سىياسەتلىرىنى ئىزچىل ئىجرا قىلىش ئاز
سانلىق مىللەت كادىرلىرىغا باغلىق. پاكىتلار شۇنى تولۇق ئىس-
پاتلىدىكى، قايسى ئاز سانلىق مىللەت رايونىدا ئاز سانلىق
مىللەت كادىرلىرى قوشۇنى ئوبدان بولسا، شۇ رايوندا پارتىيە-
نىڭ سىياسەت-فاڭجېنلىرى ئوبدان ئىجرا قىلىنىدۇ ھەم شۇ
رايوننىڭ زامـانىۋىلاشـتۇرۇش ئىشلىرى جـۇش ئـۇرۇپ را-
ۋاجلىنىدۇ.

ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرى بىلەن باشقا رايونلار ئوتتۇ-
رىسىدا تارىختىـن قېپقالغان پەرق مەۋجۇت بولغاچقا، ئاز سانلىق
مىللەت رايونلىرىنىڭ تەرەققىياتىنى تېزلىتىش ئۈچۈن دۆلەت
يار-يۆلەك بولۇشى ۋە تەرەققىي تاپقان رايونلار ياردەم بېرىشى

لازىم. لېكىن ئۇنىڭدىنمۇ مۇھىمى، شۇ جايدىكى خەلق ئۆز
كۈچىگە تايىنىپ ئىش كۆرۈشى، جاپاغا چىداپ كۈرەش قىلىشى
كېرەك. بۇ ئىش بولۇپمۇ ئىدىيىسى ئازاد، يول ئېچىپ ئىلگى-
رىلەشكە جۈرئەتلىك كىشىلەرگە، ئىگىلىكنى يۈرۈشتۈرۈشنى
بىلىدىغان، باشقۇرۇشقا ماھىر كىشىلەرگە، ئىززەت-ئابرويى
بار، ئاممىنى يېتەكلەپ چىن ۋە ئەمەلىي ئىش قىلىدىغان كىشى-
لەرگە، قىسقىسى، سانى خېلى كۆپ، سۈپىتى خېلى يۇقىرى
مىللىي كادىرلار قوشۇنىغا مۇھتاج. بۇنىڭدا سەل قاراشقا بول-
مايدىغان يەنە بىر مەسىلە شۇكى، ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرى-
دا ئىختىساسلىق خادىملار كەمچىل، يەنە كېلىپ بۇ رايونلارنىڭ
كۆپىنچىسى چەت-ياقىغا جايلاشقان، شارائىتى بىرقەدەر جاپا-
لىق. بىرمۇنچە كىشىلەر ئۇلۇغۋار ئىرادە بىلەن چېگرا رايونلار-
غا بېرىپ ئىگىلىك يارىتىۋاتقان ھەمدە ئاز سانلىق مىللەت رايون-
لىرىدا يىلتىز تارتىپ، بۇ رايونلارنىڭ تۈرلۈك قۇرۇلۇش ئىش-
لىرى ئۈچۈن قىممەتلىك تۆھپە قوشۇۋاتقان، ئاز سانلىق مىللەت
رايونلىرىمۇ باشقا رايونلاردىكى ئىختىساس ئىگىلىرىنىڭ كېلىپ
خىزمەت كۆرسىتىشىنى قارشى ئېلىۋاتقان ھەمدە نۇرغۇن ئېتى-
بار بېرىش سىياسەتلىرىنى تۈزگەن بولسىمۇ، لېكىن ئاز سان-
لىق مىللەت رايونلىرىغا ئىختىساسلىق خادىملارنى يۆتكەپ كەل-
مەكمۇ، ئۇلارنى ئەپقالماقمۇ تەس بولۇۋاتقان ئەھۋال يەنىلا خېلى
ئومۇمىي تۈردە مەۋجۇت. بۇ ھال ھەرقايسى جايلاردىكى ئىختى-
ساسلىق خادىملارنى ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىغا بېرىپ خىز-
مەت قىلىشنى قارشى ئېلىش بىلەن بىرۋاقىتتا، يەرلىك ھەر
مىللەت كادىرلىرىنى ۋە تۈرلۈك قۇرۇلۇش خادىملىرىنى ئالاھىدە

ئېتىبار بىلەن يېتىشتۈرۈشنىڭ ناھايىتىمۇ مۇھىملىقىنى بىر تەرەپتىن چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ. سوتسىيالىزم دەۋرى — مىللەتلەر ئورتاق گۈللىنىدىغان دەۋر. سوتسىيالىزم مىللەتلەر-نىڭ ئىقتىساد ۋە مەدەنىيىتىنى گۈللەندۈرۈپلا قالماستىن، مىل-لەتلەرنىڭ ئۆزىنىمۇ تەرەققىياتقا ئىگە قىلىدۇ. ھالبۇكى، مىل-لەتلەرنىڭ ئۆزىنىڭ تەرەققىياتىغا ئىگە بولۇشى زامانىۋىلاشتۇ-رۇش ئىشلىرىنى ئىلگىرى سۈرۈشتە ئىنتايىن زور ئەھمىيەتكە ئىگە. كادىرلار قوشۇنى بىر مىللەتنىڭ تەرەققىياتىدا مۇھىم رول ئوينايدۇ. كادىرلار قوشۇنىنىڭ بارلىققا كېلىشىنىڭ ئۆزى بىر مىللەتنىڭ تەرەققىيات ئەھۋالىنىڭ مۇھىم بەلگىسى دېمەك-تۇر. ئومۇمەن ئېيتقاندا، كادىرلار مىللەتنىڭ مۇنەۋۋەر كىشى-لىرىدۇر، ئۇلار ئۆز مىللىتىنى تەرەققىياتقا ئىگە قىلىشنىڭ مۇھىملىقىنى تارىخىي تەرەققىيات يۈزلىنىشىگە ۋە دەۋر ئېقىمىغا قاراپ چۈشىنىدۇ، ئۆز مىللىتىنى تەرەققىياتقا ئىگە قىلىش يولىنى دۆلەتنىڭ گۈللىنىش ۋە جەمئىيەتنىڭ تەرەققىي قىلىش قانۇنىيىتىگە قاراپ بىلىدۇ ھەمدە ئۆز مىللىتىنىڭ چوڭ قەدەم تاشلاپ ئالغا چامدىشىغا ئەمەلىي ھەرىكىتى بىلەن باشلامچى بولى-دۇ. ئىجتىمائىي ئىسلاھات ۋە ئۆرپ-ئادەت قاتارلىق جەھەتلەردە ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ئارزۇسىغا ھۆرمەت قىلىش — پارتىيىمىزنىڭ ۋە دۆلىتىمىزنىڭ مۇھىم سىياسىتى ۋە پرىنسى-پى. مۇشۇ جەھەتتە ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ تەرەققىياتىغا پايدا يەتكۈزىدىغان ھەمدە ئۇلار چۈشىنىپ قوبۇل قىلىدىغان سىيا-سەت-تەدبىرلەرنى قانداق بەلگىلەش ۋە يولغا قويۇشتا ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرىنىڭ ئوينايدىغان رولى ئىنتايىن چوڭ. دۆلە-

تىمىزنىڭ 50-يىللاردا ئەمەلىي ئەھۋالنى ۋە ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ئارزۇسىنى ئاساس قىلىپ ئىجتىمائىي ئىسلاھاتنى مۇۋەپپەقىيەتلىك ئېلىپ بېرىشىدا، مەملىكىتىمىزدىكى مىللەتلەرنىڭ ئوبدان ئۆرپ-ئادەتلىرىنى ساقلاپ قېلىپ، ناچارلىرىنى شاللاپ چىقىرىشىدا ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرىنىڭ يېتەكچىلىك رولى ۋە نەمۇنىلىك رولى ئىنتايىن مۇھىم ئورۇندا تۇرىدۇ.

ئېلىمىزنىڭ زامانىۋىلاشتۇرۇش ئىشلىرى داۋالغۇپ تۇرۇۋاتقان خەلقئارا مۇھىتتا ئېلىپ بېرىلماقتا، ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشنى ئوڭۇشلۇق ئېلىپ بېرىش ئۈچۈن، ئوبدان ئىجتىمائىي مۇھىت بولۇشى كېرەك، بۇ مىللەتلەرنىڭ بۈيۈك ئىتتىپاقلىقىنى ۋە چېگرىغا جايلاشقان ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىنىڭ مۇقىملىقىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرى ۋەتەننىڭ ۋە مىللەتنىڭ تارىخىنى بىرقەدەر چوڭقۇر چۈشەنگەنلىكى، پارتىيىنىڭ ئىشلىرىغا قەتئىي ئىشەنچ باغلىغانلىقى، شۇنداقلا ئۇلارنىڭ ئۆز مىللىتى بىلەن تەبىئىي باغلىنىشى بولغانلىقى ئۈچۈن، ئۇلارنىڭ سۆز-ھەرىكىتى ئۆز مىللىتىنىڭ ئاممىسىنى ناھايىتى زوقلاندۇرۇش ۋە تەسىرلەندۈرۈش كۈچىگە ئىگە، شۇنىڭ ئۈچۈن، دۆلەتنىڭ بىرلىكىنى ۋە مىللەتلەرنىڭ ئىتتىپاقلىقىنى قوغداش، سوتسىيالىستىك مىللىي مۇناسىۋەتنى راۋاجلاندۇرۇش جەھەتتە ئۆز مىللىتىنىڭ كادىرلىرى باشقا مىللەت كادىرلىرى ئوينىيالمايدىغان رولنى ئوينايدۇ.

بىرقانچە ئەۋلاد كىشىلەرنىڭ تىرىشچانلىق كۆرسىتىشى نەتىجىسىدە، ئېلىمىزدىكى مىللىي خىزمەتنىڭ مۇھىم مەزمۇنى

بولغان ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرىنى يېتىشتۈرۈش ئۇلۇغ مۇۋەپپەقىيەتلەر قولغا كەلتۈرۈلدى، شۇنداقلا قىممەتلىك تەجرىبىلەر ھاسىل قىلىندى. بىز ئىلگىرىكى تەجرىبىلەرنى يەكۈنلەپ ۋە تەتبىق قىلىپ ھەمدە ھازىرقى ئەمەلىيەتنى ئاساس قىلىپ، ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرىنى يېتىشتۈرۈش خىزمىتىنى تېخىمۇ پۇختا، تېخىمۇ ئۈنۈملۈك ئىشلىشىمىز لازىم. ئاز سانلىق مىللەت كادىرلار خىزمىتىنىڭ ھازىرقى ئاساسىي ۋەزىپىسى پارتىيە 14-قۇرۇلتىيىنىڭ روھىنى ئىزچىللاشتۇرۇپ، پارتىيىنىڭ كادىرلار سىياسىتى ۋە مىللىي سىياسىتىنى ئەستايىدىل ئىجرا قىلىپ، ئىدىيىدە ئازاد بولۇپ، نەزەر دائىرىسىنى كېڭەيتىپ، ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرىنىڭ سانىنى كۆپەيتىش، سۈپىتىنى ئۆستۈرۈش، قۇرۇلمىسىنى ياخشىلاش بىلەن ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىنىڭ ۋە پۈتكۈل دۆلەتنىڭ زامانىۋىلاشتۇرۇش ئىشلىرى ئۈچۈن تېخىمۇ كۆپ يارامىلىق خادىملارنى تەييارلاپ بېرىشتىن ئىبارەت. كونكرېت خىزمەتتە مۇنۇ بىر قانچە جەھەتتىكى خىزمەتكە ئەھمىيەت بېرىش كېرەك:

**1. ئىدىيىدە ئازاد بولۇپ، پىلان تۈزۈش.** مىللىي كادىرلارنى يېتىشتۈرۈشنىڭ مۇھىملىقى ۋە زۆرۈرلۈكىنى جۇڭگودىكى مىللىي مەسىلىنى ئوبدان ھەل قىلىپ، مىللەتلەرنىڭ ئىتتىپاقلىق-تەرەققىيات ئىشلىرىنى ئىلگىرى سۈرۈش، جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇشتىن ئىبارەت ستراتېگىيىلىك يۇقىرى پەللىگە كۆتۈرۈپ تونۇش ھەمدە بۇ تونۇشنى ۋەزىيەتتىكى تەرەققىيات ۋە ئۆزگىرىشكە يارىشا ئۈزلۈكسىز چوڭقۇرلاشتۇرۇپ بېرىش كېرەك. ئاز سانلىق مىللەت كادىرلار خىزمىتىدىمۇ ئىدىيىنى

دادىل ئازاد قىلىپ، ئىلگىرىكى مۇۋەپپەقىيەتلىك سىياسەتلەرنى قەتئىي داۋاملاشتۇرۇش، شۇنىڭ بىلەن بىرۋاقىتتا، ئەمەلىيەتكە يۈزلىنىپ، ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرىنى تاللاپ ئۆستۈرۈشكە ۋە ئۇلارنىڭ ئۆسۈپ يېتىلىشىگە پايدىسىز بولغان رامكىلارنى بۇزۇپ تاشلاپ، ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرىنى تاللاش، يېتىشتۈرۈش ۋە ئىشقا قويۇش خىزمىتىنى كادىرلار خىزمىتى تارماقلىرىنىڭ ۋە مىللىي خىزمەت تارماقلىرىنىڭ ئىنتايىن مۇھىم ھەم مەخسۇس خىزمىتى سۈپىتىدە ئىشلەش كېرەك. ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرىنى يېتىشتۈرۈشنىڭ كونكرېت پىلانىنى تۈزۈپ، بۇ خىزمەتنى قانۇن-تۈزۈم قىلىپ بېكىتىپ ۋە قېلىپلاشتۇرۇش، ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرىنىڭ سانىنى كۆپەيتىشنى ۋە ھەرخىل تۈردىكى كادىرلارنىڭ نىسبىتىنى پىلانلاشتۇرۇش ۋە ئىلمىيلىككە ئىگە قىلىش كېرەك. بولۇپمۇ، ھەر دەرىجىلىك رەھبەرلىك بەنزىلىرىنىڭ نۆۋىتىنى ئالماشتۇرۇشتا، ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرىنى تاللاش-سەپلەشكە ئوبدان ئەھمىيەت بېرىش، ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرىنىڭ نىسبىتىنى شۇ مىللەت نوپۇسىنىڭ نىسبىتى بىلەن ئاساسەن تەڭ قىلىشنى تەدرىجىي ئىشقا ئاشۇرۇش كېرەك. شۇنىڭ بىلەن بىرۋاقىتتا، يېڭى ئەھۋاللارنى ئۈزلۈكسىز تەتقىق قىلىش، يېڭى مەسىلىلەرنى ھەل قىلىش كېرەك. سىياسىي تۈزۈلمە ئىسلاھاتىنىڭ ئىلگىرىلىشىگە ئەگىشىپ، كادىرلار تۈزۈمىنىڭ ئىسلاھاتى ئۈزلۈكسىز كېڭىيىپ ۋە چوڭقۇرلىشىپ بارماقتا، دۆلەت خىزمەتچىلىرى تۈزۈمىنىڭ يولغا قويۇلۇشى، كادىرلارنى ۋەزىپىگە تەكلىپ قىلىش تۈزۈمى، توختام تۈزۈمى شۇنىڭدەك ئارتۇق نامزات

كۆرسىتىپ سايلاش تۈزۈمىنىڭ يولغا قويۇلۇشى، دۆلىتىمىزدە ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرىنى يېتىشتۈرۈش ۋە ئىشقا قويۇشقا تەسىر كۆرسەتتى. بىر ئىلاج قىلىپ خىزمەتنى كۈچەيتىش ئارقىلىق كادىرلار تۈزۈمى ئىسلاھاتى بىلەن ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرىنىڭ ئۆسۈپ يېتىلىشىنى ئۆزئارا ئۈنۈملۈك ماسلاشتۇرۇش ئىنتايىن مۇھىم تېما بولۇپ قالدى.

**2. يولنى كەڭ ئېچىپ، قابىلىيەتلىكلەرنى تاللاپ ئىشقا قويۇش.** ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرىنى كۆپ خىل يول ۋە كۆپ خىل ئۇسۇللار بىلەن يېتىشتۈرۈش كېرەك. ھازىرقى ئەھۋالدىن قارىغاندا، كادىرلارنى ئاساسەن مەكتەپلەر تەربىيىلەۋاتىدۇ، بۇ ئاساسىي يول. مىللىي مائارىپنى زور كۈچ بىلەن راۋاجلاندۇرۇش كېرەك، ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىدىكى ئالىي مەكتەپلەر ۋە مىللەتلەر ئىنستىتۇتلىرى ئاز سانلىق مىللەتلەرنى قوبۇل قىلىشنى ئاساس قىلىشى لازىم، باشقا بەزى ئالىي مەكتەپلەر، ئوتتۇرا تېخنىكوملار ئاز سانلىق مىللەت ئوقۇغۇچىلىرىنى مۇۋاپىق ساندا قوبۇل قىلىشى كېرەك. شۇنىڭ بىلەن بىرۋاقتتا، كەڭ يول ئېچىپ، ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ مۇنەۋۋەر ئىختىساس ئىگىلىرىنىڭ ئۆسۈپ يېتىلىشى ئۈچۈن ئوبدان شارائىت يارىتىش كېرەك. پارتىيە ۋە دۆلەت ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىدا ئىقتىساد ۋە مەدەنىيەت ئىشلىرىنىڭ تەرەققىيات سۈرئىتى نىسپىي ھالدا ئاستا بولۇۋاتقان، ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرىنىڭ سانى نىسپىي ھالدا يېتىشمەيۋاتقان كونكرېت ئەھۋاللارنى نەزەردە تۇتۇپ، ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرىنى زور كۈچ بىلەن يېتىشتۈرۈش جەھەتتە نۇرغۇن مەخسۇس بەلگىلىمىلەرنى

چىقاردى. بۇ بەلگىلىمىلەر ئەستايىدىل ئىجرا قىلىنىشى كې-
رەك. شۇنىڭ بىلەن بىرۋاقىتتا، مىللىي ئاپتونومىيىلىك جاي-
لارنىڭ كادىرلارنى يېتىشتۈرۈش جەھەتتىكى ئۆز ئالدىغا ئىش
كۆرۈش ھوقۇقىغا ھۆرمەت قىلىپ، مىللىي ئاپتونومىيىلىك
جايلارنىڭ كادىرلارنى ئىشقا قويۇش، يۆتكەش-سەپلەش، يېتىش-
تۈرۈش قاتارلىق جەھەتلەردە شۇ جاينىڭ ئەھۋالىغا قاراپ تېخى-
مۇ ئوبدان ئىشلىشىگە ئىمكانىيەت تۇغدۇرۇش كېرەك.

**3. سۈپىتىنى ئۆستۈرۈش، قۇرۇلمىسىنى ياخشىلاش.** ئاز سان-
لىق مىللەت كادىرلىرىنىڭ سانىنى كۆپەيتىش مۇھىم، سۈپىتى-
نى ئۆستۈرۈش ئۇنىڭدىنمۇ مۇھىم. سۈپىتىنى ئۆستۈرۈش ئۈ-
چۈن، كادىرلارنى تاللاشتا ئەستايىدىل تەكشۈرۈش، ئەستايىدىل
سىناش، ئاممىنىڭ پىكرىگە ئوبدان قۇلاق سېلىش، پارتىيىنىڭ
كادىرلارنى تاللاپ ۋەزىپىگە قويۇش ئۆلچىمىنى ئوبدان ئىجرا
قىلىش لازىم. ئۆلچەمنى تۆۋەنلىتىدىغان تەلەپنى قويماسلىق
كېرەك، ئەمما ئوقۇش تارىخى، يېشى قاتارلىق جەھەتلەردە ھەم-
مىنى بىر تاياقتا ھەيدىمەسلىكمۇ لازىم. كادىرلارنىڭ سۈپىتىنى
ئۆستۈرۈش دائىملىق تەربىيىنى كۈچەيتىپ، ئۇلارنىڭ ئىدىيە-
ئەخلاق سۈپىتى ۋە پەن-مەدەنىيەت سۈپىتىنى ئۈزلۈكسىز ئۆس-
تۈرۈشكە باغلىق. بولۇپمۇ ھەر مىللەت كادىرلىرىنى جۇڭگوچە
سوتسىيالىزم قۇرۇش نەزەرىيىسى بىلەن قوراللاندۇرۇشقا ئەھ-
مىيەت بېرىش كېرەك.

ھازىر كادىرلارنى زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنىڭ ئۇلۇغ
ئەمەلىيىتىدە چېنىقتۇرۇشقا ۋە ئىختىساسلىق خادىملارنى شۇ
ئەمەلىيەت داۋامىدا يېتىشتۈرۈشكە ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىش

كېرەك. كادىرلارنىڭ قابىلىيىتىنى ئۆستۈرۈش ئۈچۈن ئۇلارنى ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشنىڭ چوڭ سەھنىسىگە، ئىسلاھات-ئېچىۋې-تىشنىڭ چوڭ دولقۇنىغا ئاتلاندۇرۇش كېرەك.

يەككىلەرنىڭ سۈپىتىدىن باشقا، يەنە پۈتۈنلۈكنىڭ سۈپەت مەسىلىسىمۇ بار. پۈتۈنلۈك سۈپىتىنىڭ ئۆستۈرۈلۈشى يەككە-لەر سۈپىتىنىڭ ئۆستۈرۈلۈشىگە، شۇنداقلا ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرى قوشۇنى قۇرۇلمىسىنىڭ ياخشىلىنىشىغا باغلىق. تا-رىخىي سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن، ئىلگىرى كۆپىنچە پارتىيە-ھۆكۈ-مەت كادىرلىرى يېتىشتۈرۈلگەچكە، ئىگىلىك باشقۇرۇش ۋە پەن-تېخنىكا ساھەسىدىكى ئىختىساسلىق خادىملار كەمچىل بو-لۇپ كەلدى، بۇ ھال جۇش ئۇرۇپ راۋاجلىنىۋاتقان زامانىۋىلاش-تۇرۇش ئىشلىرىغا زادى ئۇيغۇن كەلمەيدۇ. شۇڭلاشقا ھازىر ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرىنى يېتىشتۈرۈشتىكى جىددىي بىر ۋە-زىپە— كۆز قاراشنى ئۆزگەرتىپ، مېخانىزمنى يەڭگۈشلەپ، ئەمەلىيەتكە يۈزلىنىپ، ئىقتىسادىي قۇرۇلۇش ئۈچۈن جىددىي ئېھتىياجلىق بولغان تۈرلۈك ئىختىساس ئىگىلىرىنى يېتىشتۈ-رۈشتىن ئىبارەت.

**4. تولۇق ئىشىنىش، دادىل ئىشقا قويۇش.** يېتىشتۈرۈشتىن مەقسەت—ئىشقا قويۇش، ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرىنىڭ قىممىتىنى زامانىۋىلاشتۇرۇش ئىشلىرىدا تولۇق گەۋدىلەندۈرۈش ئۈچۈن، تىرىشىپ شارائىت يارىتىش، ئاز سانلىق مىللەت كا-دىرلىرىغا تولۇق ئىشىنىش كېرەك. ئاز سانلىق مىللەت كادىر-لىرى پارتىيىنىڭ قىممەتلىك بايلىقى ھەم تامامەن ئىشەنچلىك ئىكەنلىكىنى پاكىتلار ئاللىقاچان ئىسپاتلىدى. ئۇلارغا ئىشە-

ـنىش دىگەنلىك ئۇلارنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىغا ۋە خىزمەت ئېھتىيا-
جىغا ئاساسەن، ئۇلارنى مۇۋاپىق ئورۇنغا قويۇپ، ئىغىر ۋەزىپە
يۈكلەپ، رولىنى جارى قىلدۇرۇش، ئەقىل-پاراسىتىنى ئەڭ
زور دەرىجىدە ئىشقا سېلىش دىگەنلىكتۇر. ئۇلاردا ئۇنداق، يا
بۇنداق يېتەرسىزلىكلەر كۆرۈلگەن تەقدىردىمۇ، ئۇلارغا سەمىمـ-
ـمىيلىك بىلەن كۆيۈنۈش، سەۋرچانلىق بىلەن ياردەم بېرىش
ھەمدە خىزمەت ئۇسۇلىغا دىققەت قىلىپ سەۋرچانلىق بىلەن
ئىنچىكە خىزمەت ئىشلەش كېرەك. دەرۋەقە، ئاز سانلىق مىلـ-
ـلەت كادىرلىرىنىڭ ساغلام ئۆسۈپ يېتىلىشى ئۈچۈن ئۇلارغا
قاتتىق تەلەپ قويۇش كېرەككى، ئۇلارنىڭ يېتەرسىزلىكلىرىگە
يان باسىدىغان، يول قويۇپ بېرىدىغان ئىشنى قىلماسلىق لازىم.
ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرىنى يېتىشتۈرۈش ۋە تاللاشتا،
دۆلەتنىڭ توغرا سىياسىتىدىن باشقا، يەنە بىر مۇھىم شەرت بار،
ئۇ بولسىمۇ ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرىنىڭ ئۆزى تىرىشچانـ-
ـلىق كۆرسىتىشى كېرەك. ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرىنىڭ
ھەممىسى ئۆزىگە قاتتىق تەلەپ قويۇپ، ئۆزىنى چېنىقتۇرۇپ،
ئۆزىنىڭ سەۋىيىسىنى ئۆستۈرۈپ، دۆلەتنى قۇدرەت تاپقۇزۇش،
جەمئىيەتنى يۈكسەلدۈرۈش ۋە مىللەتنى گۈللەندۈرۈش ئۈچۈن
ئاڭلىق ھالدا تىرىشىپ كۈرەش قىلىشى كېرەك.
ھەر مىللەت كادىرلىرى ھەممە ئىشتا، ھەممە جايدا پارتىـ-
ـيىنىڭ ئاساسىي لۇشيەنىدە ئاڭلىق ۋە قەتئىي چىڭ تۇرۇشى
ھەمدە بۇ لۇشيەننى ئۆز رايونىنىڭ، ئۆز مىللىتىنىڭ ئەمەلىيىد-
ـتىگە ئاساسەن، تۈرلۈك خىزمەتلەردە ئەستايىدىل ئىجرا قىلىشى
كېرەك. ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرى چەت-ياقىلارغا جايلاش-

قان، ئۇلارنىڭ ئىقتىساد، مەدەنىيەت تەرەققىياتى نىسپىي ھالدا
ئارقىدا قالغان، تەبىئىي ۋە ئىجتىمائىي شارائىت جەھەتتىكى
بېكىنمىلىك كىشىلەردە ئىدىيە ۋە كۆز قاراش جەھەتتىمۇ نىس-
پىي ھالدا بېكىنمە ھالەتنى پەيدا قىلغان، شۇڭا ئاز سانلىق
مىللەت رايونلىرى باشقا رايونلارغا قارىغاندا، يول ئېچىپ ئىلگى-
رىلەشكە جۈرئەت قىلىدىغان، ئۆزلۈكسىز ئالغا ئىنتىلىپ تۇرى-
دىغان كادىرلارغا تېخىمۇ مۇھتاج. ئاز سانلىق مىللەت كادىرلى-
رىنىڭ ئۆزى مۇشۇ نىشاننى كۆزلەپ تېخىمۇ ئاڭلىق ھالدا
تىرىشچانلىق كۆرسىتىشى، بولۇپمۇ 14-قۇرۇلتاينىڭ روھىنى
ۋە يولداش دېڭ شياۋپىڭنىڭ جەنۇبنى كۆزدىن كەچۈرگەن چاغدى-
كى مۇھىم سۆزلىرىنىڭ روھىنى ئەستايىدىل ئۆگىنىپ ۋە ئىز-
چىللاشتۇرۇپ، ئىدىيىدە يەنىمۇ ئازاد بولۇپ، كۆز قارىشىنى
يېڭىلاپ، ئىسلاھات ۋە ئېچىۋېتىش دولقۇنىدىكى ئاۋانگارتلاردىن
بولۇشى، سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى داۋامىدا ماھارەت
كۆرسىتىشى، مىللەتلەرنىڭ تەرەققىياتى ۋە يۈكسىلىشى ئۈچۈن
ئۆزىنىڭ ئەقىل-پاراسىتىنى تەقدىم قىلىشى كېرەك.

پارتىيە ۋە دۆلەتنىڭ مەنپەئىتى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ
مەنپەئىتى دېمەكتۇر، پارتىيە ۋە دۆلەت— ھەر مىللەت خەلقى-
نىڭ مەنپەئىتىنى ئەڭ يۈكسەك دەرىجىدە ئىپادىلىگۈچى ۋە قوغ-
دىغۇچى. قايسى مىللەتنىڭ كادىرى بولسۇن، ئۇ ئۆز مىللىتىگە
مەنسۇپ، لېكىن ئۇنىڭدىنمۇ مۇھىمى ئۇ ھەممىدىن ئاۋۋال دۆ-
لەتكە مەنسۇپ. ھەر مىللەت كادىرلىرى ھەرقانداق ئەھۋال ئاس-
تىدا پارتىيە ۋە دۆلەتنىڭ مەنپەئىتىنى بىرىنچى ئورۇنغا قويۇ-
شى، پارتىيىنىڭ پرىنسىپى ۋە پارتىيىنىڭ مەنپەئىتىگە شەرتسىز

بويسۇنۇشى كېرەك.

زامانىۋىلاشتۇرۇش ئىشلىرى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئۆز ئاكتىپلىقىنى ۋە ئىجادچانلىقىنى جارى قىلدۇرۇشىغا مۇھتاج. بۇ ھال ھەر مىللەت كادىرلىرىدىن ئامما بىلەن زىچ ئالاقە باغلاپ، پارتىيىنىڭ ئاز سانلىق مىللەتلەر بىلەن ئالاقە باغلايدىغان كۆۋرۈكى، مىللەتلەرنىڭ باشلامچىسى ۋە جارچىسى بولۇشىنى تەلەپ قىلىدۇ. ھەر مىللەت كادىرلىرى يەنە ئۆزىنىڭ تەسىر كۈچى ئارقىلىق، پارتىيە ۋە دۆلەتنىڭ سىياسەت-فاڭجېنلىرىنى تەشۋىق قىلىپ، خەلق ئاممىسىنى يېتەكلەپ، ئىسلاھات ئېلىپ بېرىش، ئىشىكنى ئېچىۋېتىش ۋە زامانىۋىلاشتۇرۇش ئىشلىرىغا پائال ئاتلاندۇرۇشى كېرەك.

ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى ۋە مىللەتلەرنىڭ ئىتتىپاقلىقىنى قوغداش ھەربىر پۇقرانىڭ ئادا قىلىشقا تېگىشلىك مەجبۇرىيىتى، بۇ ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرى ئۈچۈن ئېيتقاندا تېخىمۇ باش تارتىپ بولمايدىغان مەسئۇلىيەت. بىز دۇچ كېلىۋاتقان رېئاللىق شۇنداقكى، مەملىكىتىمىزنىڭ ئىچى ۋە سىرتىدا مىللىي بۆلگۈنچىلىك قىلىشقا ئۇرۇنۇۋاتقان ئىنتايىن ئاز ساندىكى ئۇنسۇرلار بار. خەلقئارادىكى دۈشمەن كۈچلەرمۇ مىللىي مەسىلىدىن پايدىلىنىپ، بىزگە قىيىنچىلىق تۇغدۇرماقتا. شۇنىڭ ئۈچۈن، مىللىي بۆلگۈنچىلىككە قارشى تۇرۇش، مىللەتلەرنىڭ ئىتتىپاقلىقىنى ۋە ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى قوغداش— ئۇزاق مۇددەتلىك ۋەزىپە. ھەر مىللەت كادىرلىرى مۇشۇنداق چوڭ ھەق-چوڭ ناھەق مەسىلىسىدە چوقۇم ئېنىق پوزىتسىيە تۇتۇپ، مەيداننى مۇستەھكەملەپ، ئىتتىپاقلىق-بىرلىك بايرىقىنى مەڭگۈ ئېگىز

كۆتۈرۈشى، ئۆزىنىڭ نەمۇنىلىك ھەرىكىتى ئارقىلىق ۋە ھەر مىللەت خەلقى بىلەن بىرلىكتە، بارلىق بۆلگۈنچىلىك، بۇزغۇن-چىلىق ھەرىكەتلىرىگە قارشى مۇرەسسەسىز كۈرەش قىلىپ، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنىڭ قورغىنىنى كۈندىن-كۈنگە مۇستەھ-كەملىشى كېرەك.

زامانىۋىلاشتۇرۇش ئىشلىرى دۆلىتىمىزنىڭ قىياپىتىنى ئۈزلۈكسىز يېڭىلاپ بارىدۇ، شۇنداقلا ھەر مىللەت كادىرلىرى ئۈچۈن ئۆز ماھارىتىنى كۆرسىتىدىغان سەھنە ھازىرلاپ بېرى-دۇ. دەۋرىمىزنىڭ ئېغىر ۋەزىپىسى ئىختىساسلىق ئەزىمەتلەر-نىڭ زىممىسىگە چۈشىدۇ، ھەر مىللەت كادىرلىرى ساغلام ئۆ-سۈپ يېتىلىدۇ.

# ئاساسىي قانۇن ھەققىدىكى چۈشەنچىمىزنى ئۆستۈرۈپ، مىللىي قانۇنچىلىق قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتەيلى*

(1993-يىل 1-ئاينىڭ 29-كۈنى)

ھازىرقى ئاساسىي قانۇن ئېلان قىلىنغاندىن بۇيانقى ئون يىل خەلق جۇمھۇرىيىتىمىز تارىخىدىكى ئىنتايىن مۇھىم ئون يىل بولدى. ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش ئىشلىرى ۋە زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشى داۋامىدا، ئېلىمىزنىڭ سىياسىي، ئىقتىسادىي ۋە مەدەنىيەت ساھەلىرىدە ئىنتايىن چوڭقۇر ئۆزگىرىش يۈز بەردى، كەڭ ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىدىمۇ ئىنتايىن چوڭقۇر ئۆزگىرىش بولدى. بۇ غايەت زور تارىخىي ئۆزگىرىشلەر داۋامىدا، ئاساسىي قانۇن مۇھىم رول ئوينىدى. ئاساسىي قانۇننىڭ رولى كۆپ تەرەپلىمىك، بۇ يەردە ئاساسىي قانۇن بىلەن ئېلىمىزنىڭ مىللىي قانۇنچىلىق قۇرۇلۇشىنىڭ مۇناسىۋىتى ئۈستىدىلا ئاز-تولا مۇلاھىزە يۈرگۈزمەكچىمەن.

---

* بۇ—يولداش ئىسمايىل ئەھمەدنىڭ ھازىرقى ئاساسىي قانۇن ئېلان قىلىنغانلىقىنىڭ ئون يىللىقىنى خاتىرىلەش سۆھبەت يىغىنىدا سۆزلىگەن سۆزى.

## 1

ئېلىمىزنىڭ زېمىنى كەڭ، مىللەتلىرى كۆپ، ئاز سانلىق
مىللەتلەرنىڭ سىياسەت، ئىقتىساد، مەدەنىيەت، مائارىپ،
تىل-يېزىق، ئۆرپ-ئادەت ۋە دىنىي ئېتىقاد جەھەتلەردە ھوقۇقتا
باراۋەرلىكىنى مەملىكەت خاراكتېرلىك قانۇننى ئېلان قىلىش
يولى بىلەن كاپالەتلەندۈرۈش، ئېلىمىزدىكى مىللىي مۇناسىۋەت-
نى قانۇن ۋاستىسى بىلەن تەڭشەش، سوتسىيالىستىك مىللىي
سىياسەتنى كونكرېتلاشتۇرۇش ۋە قېلىپلاشتۇرۇش —
دۆلىتىمىزنىڭ مىللىي مەسىلىنى ھەل قىلىش جەھەتتىكى زور
ۋەزىپىسى ۋە ئاساسىي ۋاستىسى.

قانۇنچىلىقنىڭ بىر تارمىقى بولغان مىللىي قانۇنچىلىق
مۇنۇ ئىككى تەرەپنىڭ چەكلىمىسىدە بولىدۇ، بىرى، ئوبيېكتىپ
ئەمەلىيەتنىڭ چەكلىمىسى، يەنە بىرى، ئاساسىي قانۇن پرىن-
سىپلىرىنىڭ چەكلىمىسى. 1949-يىلى تۈزۈلگەن، ۋاقىتلىق
ئاساسىي قانۇن رولىنى ئوينىغان «جۇڭگو خەلق سىياسىي مەس-
لىھەت كېڭىشىنىڭ ئومۇمىي پروگراممىسى» دا مىللىي مەسىلە
ھەققىدە ئەمەلىيەتكە ئۇيغۇن كېلىدىغان بىرمۇنچە بەلگىلىمىلەر
ئوتتۇرىغا قويۇلغان، بۇ بەلگىلىمىلەر: ئاز سانلىق مىللەتلەر
توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان رايونلاردا مىللىي تېررىتورىيىلىك
ئاپتونومىيە يولغا قويۇلىدۇ، مىللەتلەرنىڭ باراۋەرلىكى، ئىتتى-
پاقلىقى ئەمەلگە ئاشۇرۇلىدۇ، ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ئىقتى-
ساد، مەدەنىيەت ئىشلىرىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشىغا ياردەم بې-
رىلىدۇ، دېگەن مەزمۇنلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. دېمەك مۇشۇ-

داق بەلگىلەش ئارقىلىق مىللىي قانۇنلارنىڭ تۈزۈلۈشى ئۈچۈن
توغرا پرىنسىپ تۇرغۇزۇپ بېرىلگەن. بۇ ئەمەلىيەتتە يېڭى
جۇڭگونىڭ مىللىي قانۇنلارنى چىقىرىش ئىشىنىڭ ئۇلۇغ باشلى-
نىشى ئىدى. 1952-يىلى مەركىزىي خەلق ھۆكۈمىتى بىلەن
مەمۇرىي ئىشلار كېڭىشى «ئومۇمىي پروگرامما»غا ئاساسەن،
«مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيىنى يولغا قويۇش پروگ-
راممىسى» بىلەن «تارقاق ئولتۇراقلاشقان بارلىق ئاز سانلىق
مىللەتلەرنىڭ مىللىي باراۋەرلىك ھوقۇقىدىن بەھرىمەن بولۇشى-
نى كاپالەتلەندۈرۈش توغرىسىدا قارار»نى ئايرىم-ئايرىم تۈزۈپ
چىقتى. 1954-يىلى، «ئومۇمىي پروگرامما» ئاساسىدا، مىل-
لىي مەسىلىنى بىر تەرەپ قىلىشتا جۇڭگونىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىغا
ئۇيغۇن كېلىدىغانلىقى ئەمەلىيەتتە ئىسپاتلانغان پرىنسىپلار ئا-
ساسىي قانۇننىڭ ئالاقىدار ماددىلىرىغا كىرگۈزۈلدى. ئېلىمىز-
نىڭ سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇشىنىڭ يېڭى دەۋرىدە ئېلان قىلىن-
غان 1982-يىلدىكى ئاساسىي قانۇندا 1954-يىلدىكى ئاساسىي
قانۇننىڭ مىللىي مەسىلىگە دائىر تۈپ پرىنسىپلىرى داۋاملاشتۇ-
رۇلدى ۋە راۋاجلاندۇرۇلدى. جۇمھۇرىيىتىمىز قۇرۇلغاندىن بۇ-
يان مىللىي مەسىلىنى بىر تەرەپ قىلىش جەھەتتىكى تەجرىبە-
ساۋاقلارنى يەكۈنلەش ئاساسىدا، ماركسىزم-لېنىنىزمنىڭ مىل-
لىي مەسىلىنى ھەل قىلىشتىكى تۈپ پرىنسىپلىرى دۆلىتىمىز-
نىڭ كونكرېت ئەھۋالى بىلەن بىرلەشتۈرۈلۈپ، پارتىيىنىڭ
مىللىي سىياسىتى ئاساسىي قانۇندا يۈكسەك دەرىجىدە يىغىنچاق-
لاندى، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى قوغداش، مىللەتلەرنىڭ بارا-
ۋەرلىك ھوقۇقىنى، مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلارنىڭ ئاپتونو-

مىيە ھوقۇقىنى كاپالەتلەندۈرۈش ۋە مىللەتلەرنىڭ تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈش جەھەتلەردە ئېنىق بەلگىلىمىلەر ئوتتۇرىغا قويۇلدى. بولۇپمۇ دۆلەت باراۋەرلىك، ئىتتىپاقلىق ۋە ھەمكارلىق ئاساسىدىكى مىللىي مۇناسىۋەتنى قوغدايدۇ ۋە راۋاجلاندۇرىدۇ؛ دۆلەت بارلىق تىرىشچانلىقلارنى كۆرسىتىپ مىللەتلەرنىڭ ئورتاق گۈللىنىشىنى ئىلگىرى سۈرىدۇ، دېگەن مەزمۇنلار تۈنجى قېتىم ئاساسىي قانۇن شەكلى بىلەن بەلگىلەندى. بۇ بەلگىلىمىلەر يېڭى دەۋردىكى مىللىي مۇناسىۋەتنىڭ روشەن ئالاھىدىلىكىنى، ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئورتاق ئارزۇسىنى ئەكس ئەتتۈردى، ئۇ دۆلىتىمىزنىڭ مىللىي مەسىلىنى بىر تەرەپ قىلىشتىكى قانۇنچىلىق پرىنسىپىنىڭ زور تەرەققىياتى بولۇپ، ئالاھىدە ئەھمىيەتكە ئىگە. ئاساسىي قانۇننىڭ مىللىي مەسىلە توغرىسىدىكى بەلگىلىمىلىرى جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇشنىڭ ئاساسىي پرىنسىپلىرىنىڭ بىرى بولۇپ قالدى. بۇ بەلگىلىمىلەر مىللىي قانۇن تۈزۈش ئىشىغا قانۇن جەھەتتە تولۇق ئاساس سېلىپ، ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ۋە ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىنىڭ ئىجتىمائىي، سىياسىي، ئىقتىسادىي ئىشلىرىنىڭ تەرەققىياتىنى، ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ باراۋەرلىك ھوقۇقىنىڭ ۋە ئاپتونومىيە ھوقۇقىنىڭ ئەمەلگە ئېشىشىنى تۈپ نېگىزدىن قانۇنىي كاپالەتكە ئىگە قىلدى.

جۇمھۇرىيىتىمىز قۇرۇلغاندىن بۇيان، بولۇپمۇ 1982- يىلدىكى «ئاساسىي قانۇن» ئېلان قىلىنغاندىن بۇيان، سوتسىيالىستىك دېموكراتىيە ۋە قانۇنچىلىق قۇرۇلۇشىنىڭ تەرەققىياتىغا ئەگىشىپ، ئېلىمىزنىڭ مىللىي قانۇنچىلىق قۇرۇلۇشىمۇ يېڭى

تەرەققىيات باسقۇچىغا قەدەم قويۇش بىلەن ئىنتايىن خۇشاللىنار-لىق نەتىجىلەرگە ئېرىشتى.

1. جۇڭگوچە ئالاھىدىلىككە ئىگە سوتسىيالىستىك مىللىي قانۇن سىستېمىسى دەسلەپكى قەدەمدە شەكىللەندى. 1984-يىلى مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى ئاساسىي قانۇننىڭ پرىنسىپلىرى-غا ئاساسەن تۈزگەن ۋە يولغا قويۇش ئۈچۈن ئېلان قىلىنغان «مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە قانۇنى» دا مىللىي تېررى-تورىيىلىك ئاپتونومىيىنى تۈنجى قېتىم بىرقەدەر مۇكەممەل قىلىپ تۈپ قانۇن شەكلى بىلەن مۇئەييەنلەشتۇردى، بۇ ئېلى-مىزنىڭ مىللىي قانۇنچىلىق قۇرۇلۇشىنىڭ يېڭى تەرەققىيات باسقۇچىغا قەدەم قويغانلىقىدىن دېرەك بەردى. 1979-يىلدىن 1992 -يىلغىچە، مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى ۋە مەملىكەت-لىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى 113 قانۇننى ماقۇللى-دى، بۇ قانۇنلار ئىچىدە ئاساسىي قانۇن ۋە مىللىي تېررىتورىيە-لىك ئاپتونومىيە قانۇنىنى ھېسابقا ئالمىغاندا، مىللىي مەسىلىگە دائىر بەلگىلىمىلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالغان قانۇندىن 31ى بار. مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلار ئاپتونومىيە نىزامى ۋە ئايرىم نىزاملارنى تۈزۈش خىزمىتىنى كۈچەيتتى. 1992- يىلىنىڭ ئا-خىرىغىچە، مەملىكەت بويىچە 159 مىللىي ئاپتونومىيىلىك جاي-دىن 25 ئاپتونوم ئوبلاست، 88 ئاپتونوم ناھىيە ئاپتونومىيە نىزامىنى تۈزدى، مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلار تۈزگەن ئايرىم نىزاملار 71 گە يەتتى. بۇنىڭدىن باشقا يەنە تەۋەسىدە مىللىي ئاپتونومىيىلىك جاي بار توققۇز ئۆلكە مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە قانۇنىنى ئىزچىللاشتۇرۇشنىڭ يەرلىك قانۇن-نى-

نىزاملىرىنى تۈزۈپ چىقتى. 1991-يىلى، گوۋۇيۈەن «‹جۇڭخۇا
خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە
قانۇنى›نى يەنىمۇ ئىلگىرىلەپ ئىزچىللاشتۇرۇشقا دائىر
بەزى مەسىلىلەر توغرىسىدىكى ئۇقتۇرۇش» (يەنى گوۋۇيۈەننىڭ
[1991] 70-نومۇرلۇق ھۆججىتى) نى تارقاتتى، گوۋۇيۈەننىڭ
بىرمۇنچە تارماقلىرىمۇ مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە قا-
نۇنىنى ئىزچىللاشتۇرۇشقا دائىر قائىدە-نىزاملارنى ئېلان قىل-
دى.

دېمەك، ئېلىمىزدە «ئاساسىي قانۇن» نى ئاساس قىلغان،
«مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە قانۇنى» نى غول قىلغان،
دۆلىتىمىزدىكى مىللەتلەر مۇناسىۋىتىنى تەڭشىگۈچى تۈرلۈك
قانۇن، قائىدە-نىزاملارنى، يەرلىك قائىدە-نىزام، ئاپتونومىيە
نىزامى ۋە ئايرىم نىزاملارنى، قوشۇمچە ھۆكۈمەتنىڭ قائىدە-نى-
زاملىرىنى ۋە مىللەتلەرگە دائىر ئۆلچەملىك ھۆججەتلىرىنى ئۆز
ئىچىگە ئالغان جۇڭگوچە سوتسىيالىستىك مىللىي قانۇن سىستې-
مىسى دەسلەپكى قەدەمدە ۋۇجۇدقا كەلدى. قانۇنلار ئاز سانلىق
مىللەتلەرنىڭ ۋە ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىنىڭ سىياسىي،
ئىقتىسادىي، مەدەنىيەت ئىشلىرىنىڭ تەرەققىياتىنى ئىلگىرى
سۈرۈشتە، ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىنىڭ ئىسلاھاتىنى يەنىمۇ
چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، ئىشىكنى يەنىمۇ كەڭ ئېچىۋېتىشتە، ئاز
سانلىق مىللەتلەرنىڭ قانۇنغا ئۇيغۇن ھوقۇق-مەنپەئىتىنى قوغ-
داشتا، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى كۈچەيتىپ، ۋەتەننىڭ بىرلى-
كىنى قوغداشتا، مىللەتلەرنىڭ ئورتاق گۈللىنىشىنى ئىشقا ئا-
شۇرۇشتا، پۈتكۈل دۆلەتنىڭ سوتسىيالىستىك قانۇنچىلىق قۇ-

رولۇشىنى ئىلگىرى سۈرۈشتە ئىجابىي رول ئوينىدى.

2. مىللىي قانۇننى ئىجرا قىلىش سىستېمىسى دەسلەپكى قەدەمدە شەكىللەندى. قانۇننى ئومۇملاشتۇرۇش، «ئاساسىي قانۇن» ۋە «مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە قانۇنى» نى تەشۋىق قىلىش، بۇ قانۇنلارغا دائىر ساۋاتنى ئومۇملاشتۇرۇش، پارتىيىنىڭ مىللىي سىياسىتى ۋە مىللىي نەزەرىيىسى ھەققىدە تەشۋىق-تەربىيە ئېلىپ بېرىش ئارقىسىدا، دۆلەتنىڭ ئەڭ نېگىزلىك قانۇنى بولغان «ئاساسىي قانۇن» ئەڭ يۇقىرى قانۇنىي كۈچكە ۋە نوپۇزغا ئىگە دەيدىغان قاراش، دۆلەتنىڭ تۈپ قانۇنى بولغان «مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە قانۇنى» ئومۇمىي چەكلەش كۈچىگە ئىگە دەيدىغان قاراش كەڭ كادىرلار ۋە ئاممىنىڭ بولۇپمۇ ھەر دەرىجىلىك رەھبىرىي كادىرلارنىڭ قەلبىدىن چوڭقۇر ئورۇن ئېلىپ، دۆلەتنىڭ مەمۇرىي ئورگانلىرى، سوت ئورگانلىرى، تەپتىش ئورگانلىرى ۋە پۇقرالارنىڭ «مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە قانۇنى» نى ۋە باشقا مىللىي قانۇن-نىزاملارنى ئەستايىدىل ئىجرا قىلىشىغا كۈچلۈك تۈرتكە بولدى.

مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلاردىكى مەمۇرىي ئورگانلار مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە قانۇنىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈشكە ئىنتايىن ئەھمىيەت بەردى. كۆپ مىللەتلىك بەزى ئۆلكىلەر ئۇنۇملۇك تەدبىرلەرنى قوللىنىپ، مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە قانۇنىنى ۋە مىللەتلەرگە دائىر باشقا قانۇن، قائىدە-نىزاملارنى ھەقىقىي تۈردە ئەمەلىيلەشتۈرۈشكە تىرىشتى. جايلار يەنە ھەر خىل شەكىللەر بىلەن مىللىي قانۇنچىلىقنى

تەشۋىق قىلىپ، دۆلەت ئورگانلىرى خادىملىرىنىڭ ۋە پۇقرالارنىڭ مىللىي قانۇنچىلىق ئېڭىنى كۈچەيتتى. مىللىي قانۇن-نىزاملارنى ئاڭلىق ئىجرا قىلىدىغان ياخشى ئىجتىمائىي كەيپىيات شەكىللەنمەكتە.

3. مىللىي قانۇنلارنىڭ ئىجراسىنى نازارەت قىلىش، تەكشۈرۈش ئىشىمۇ پەيدىنپەي شەكىللەنمەكتە. مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى مىللىي ئىشلار كومىتېتىنىڭ تەشكىللىتچىلىكى ۋە تۈرتكىسى ئارقىسىدا، مىللىي قانۇنچىلىقنىڭ ئىجراسىنى نازارەت قىلىش، تەكشۈرۈش ۋە كۆزدىن كەچۈرۈش مەزمۇنىدىكى مەملىكەت خاراكتېرلىك ۋە يەرلىك پائالىيەتلەر كۆپ قېتىم قانات يايدۇرۇلۇپ، مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە قانۇنى ۋە باشقا مىللىي قانۇن-نىزاملارنىڭ ئىجراسى ئۈستىدىكى نازارەتچىلىك ۋە تەكشۈرۈش ئىشلىرى خېلى ئەتراپلىق ئېلىپ بېرىلدى. نازارەت قىلىش، تەكشۈرۈش داۋامىدا، ساقلانغان مەسىلىلەرنى ھەل قىلىش چارىسى ۋە پىكرى ۋاقتىدا ئوتتۇرىغا قويۇلدى. ھەر دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتايلىرىنىڭ ۋەكىللىرى ۋە سىياسىي كېڭەش ئەزالىرى مىللىي قانۇن-نىزاملارنى ئىجرا قىلىش توغرىسىدا نۇرغۇن ياخشى تەكلىپ ۋە پىكىرلەرنى بەردى. مانا بۇلار ھەر دەرىجىلىك دۆلەت ھاكىمىيەت ئورگانلىرى ۋە مەمۇرىي ئورگانلارنىڭ ئاساسىي قانۇندا ۋە مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە قانۇنىدا بېرىلگەن خىزمەت ھوقۇقىنى ئەستايىدىل يۈرگۈزۈپ، مىللىي قانۇن-نىزاملارنىڭ ئىجراسى ئۈستىدە نازارەتچىلىك ۋە تەكشۈرۈش ئىشلىرىنى ئەستايىدىل ئېلىپ بېرىشىغا تۈرتكە بولدى.

4. مىللىي قانۇنشۇناسلىق ھەققىدىكى نەزەرىيە تەتقىقاتىدا
كۆپ تەرەپلىك مۇۋەپپەقىيەتلەر قولغا كەلدى. ئېلىمىزنىڭ مىل-
لىي قانۇنچىلىق قۇرۇلۇشى جۇمھۇرىيىتىمىز قۇرۇلغان دەسلەپ-
كى مەزگىللەردە باشلانغان، لېكىن ئېلىمىزنىڭ مىللىي قانۇن-
شۇناسلىق ھەققىدىكى نەزەرىيە تەتقىقاتىنىڭ قەدىمى كۆپ ئارقى-
دا قالغانىدى. چىن مەنىدىكى مىللىي قانۇنشۇناسلىق تەتقىقاتى
پارتىيە 11-نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتىنىڭ 3-ئومۇمىي يى-
غىنىدىن كېيىن باشلاندى، نەزەرىيە خادىملىرى ۋە ئەمەلىي
خىزمەت ئىشلىگۈچىلەر مىللىي قانۇنشۇناسلىق تەتقىقاتىنىڭ مۇ-
ھىملىقىنى ۋە تەخىرسىزلىكىنى چوڭقۇر ھېس قىلغانلىقى، شۇ-
نىڭدەك مىللىي قانۇنشۇناسلىق تەتقىقاتى ساھەسىدە قىلىشقا تې-
گىشلىك نۇرغۇن ئىشلار بارلىقىنى سەزگۈرلۈك بىلەن بايقىغان-
لىقى ئۈچۈن، نۇرغۇن كىشىلەر تەتقىقات خىزمىتىگە پۈتۈن
كۈچى بىلەن كىرىشىپ كەتتى. مىللىي قانۇنچىلىق نەزەرىيىسى
ئۈستىدىكى تەتقىقاتنى ئېخىمۇ كۈچەيتىش ئۈچۈن، مەملىكەتلىك
خەلق قۇرۇلتىيى مىللىي ئىشلار كومىتېتى، دۆلەت مىللىي
ئىشلار كومىتېتى، ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسى مىللەتلەر
تەتقىقات يۇرتى قاتارلىق ئورۇنلارنىڭ تەشەببۇسى بىلەن، جۇڭگو
قانۇنشۇناسلىق جەمئىيىتىنىڭ مىللىي قانۇنشۇناسلىق تەتقىقات
جەمئىيىتى 1991-يىل 5-ئايدا بېيجىڭدا قۇرۇلدى. بۇ جەمئى-
يەت ئەتراپىغا مىللىي خىزمەت تارماقلىرىدا، قانۇنچىلىق خىز-
مىتى تارماقلىرىدا، مىللەتلەرگە دائىر پەننىي تەتقىقات ۋە ئوقۇ-
تۇش ئورۇنلىرىدا مىللىي قانۇنشۇناسلىق تەتقىقاتى بىلەن شۇغۇل-
لىنىدىغان زور بىر تۈركۈم يولداشلار ئۇيۇشۇپ، مىللىي قانۇن-

شۇناسلىق تەتقىقاتىدا يول ئېچىش خىزمىتىنى ئىشلىدى، شۇ-
نىڭ بىلەن، مىللىي قانۇنشۇناسلىق تەتقىقاتى يېڭى بىر مەنزىلگە
قەدەم قويۇپ، خۇشاللىنارلىق نەتىجىلەرگە ئېرىشتى. جۇڭگو
قانۇنشۇناسلىق جەمئىيىتىنىڭ مىللىي قانۇنشۇناسلىق تەتقىقات
جەمئىيىتى قۇرۇلۇپ بىر يىلدىن كۆپرەك ۋاقىتتىن بۇيان،
مىللىي قانۇنشۇناسلىق تەتقىقاتى پائالىيىتىنى كەڭ قانات يايدۇر-
دى، بۇ جەمئىيەتنىڭ تەتقىقات دائىرىسى: مىللىي قانۇنشۇناس-
لىقنىڭ ئاساسىي نەزەرىيىسى، مىللىي قانۇنچىلىق قۇرۇلۇشى-
نىڭ ھازىرقى ھالىتى ۋە قوللىنىدىغان تەدبىرلىرى، مىللىي
قانۇنچىلىقنى ساغلاملاشتۇرۇش ۋە مۇكەممەللەشتۇرۇش، مىل-
لىي قانۇنچىلىق ۋە ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىنىڭ ئىسلاھات،
ئېچىۋېتىش ئىشلىرى، ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ كىشىلىك ھو-
قۇقىنىڭ قانۇنىي كاپالىتى، مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومى-
يىگە دائىر نەزەرىيە ۋە ئەمەلىيەت دېگەنلەرنى ئۆز ئىچىگە ئال-
دۇ. دېمەك بۇ مەزمۇنلار ئېلىمىزنىڭ مىللىي قانۇنچىلىق قۇ-
رۇلۇشىنىڭ ھەممە تەرەپلىرىنى ئاساسىي جەھەتتىن ئۆز ئىچىگە
ئالىدۇ. شۇنىڭدەك ھازىر مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلار ئو-
مۇمىيۈزلۈك كۆڭۈل بۆلۈۋاتقان مەسىلىلەرگىمۇ چېتىلىدۇ، بۇ
مەزمۇنلار بىرقەدەر كۈچلۈك نەزەرىيىۋى ۋە ئەمەلىي خۇسۇسى-
يەتكە ئىگە.

ئېلىمىزنىڭ مىللىي قانۇنچىلىق قۇرۇلۇشى زور نەتىجى-
لەرگە ئېرىشتى، لېكىن شۇنىمۇ كۆرۈشىمىز كېرەككى، ئېلى-
مىزنىڭ مىللىي قانۇن سىستېمىسى ھېلىھەم تولىمۇ كەمتۈك،
مەزمۇن، قۇرۇلما ۋە سان جەھەتتە مىللىي خىزمىتىمىزنىڭ

ئەمەلىي ئېھتىياجىنى قاندۇرۇشتىن تېخى ناھايىتى يىراق. مىل-
لىي مۇناسىۋەتلەرنى قانۇن ۋاستىسى بىلەن تەڭشەپ، ئاز سان-
لىق مىللەتلەرنىڭ ۋە ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىنىڭ ئىقتىسا-
دىي، ئىجتىمائىي تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈش، «ئاساسلى-
نىدىغان قانۇننى بارلىققا كەلتۈرۈش، بارلىققا كەلگەن قانۇنغا
جەزمەن رىئايە قىلىش، قانۇننى ئىجرا قىلىشتا قەتئىي بولۇش،
قانۇنغا خىلاپلىق قىلغۇچىلارنى جەزمەن سۈرۈشتۈرۈش» تەلىپى-
نى ھەقىقىي ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن، ئىشلەشكە تېگىشلىك يەنە
نۇرغۇن خىزمەتلەر تۇرۇپتۇ. مىللىي قانۇنچىلىق قۇرۇلۇشى
زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنىڭ تەلىپىگە ئۇيغۇنلىشالماي-
ۋاتىدۇ. بۇنىڭ ئاساسىي ئىپادىلىرى مۇنۇلار: مەزمۇن جەھەت-
تىن قارىغاندا، ھازىرقى مىللىي قانۇنلار ۋە قائىدە-نىزاملارنىڭ
تولىسى سەل پرىنسىپال، ئابستراكت تۈزۈلگەچكە، بېجىرىشكە
تازا ئەپلىك ئەمەس، ئۇلاردا يېتەكچىلىك ۋە ئۆرنەكلىك خاراك-
تېرىنى ئالغان ئۆلچەملەر كۆپ، چەكلەش، جازالاش خاراكتېرى-
دىكى مەزمۇنلار ئاجىز. تەڭشەش ئوبيېكتىدىن قارىغاندا، ھا-
زىرقى قانۇن، قائىدە-نىزاملارنىڭ مەزمۇنى چېتىلىدىغان تەڭ-
شەش ئوبيېكتى ۋە دائىرىسى يەنىلا بىرقەدەر تار، مىللىي ئىقتى-
ساد، مائارىپ، مەدەنىيەت، پەن-تېخنىكا ساھەلىرىگە چېتىلى-
دىغان ماھىيەتلىك ئۆلچەملەر بىرقەدەر ئاز. شۇڭا، «قانۇنغا
خىلاپلىق قىلغۇچىلارنى جەزمەن سۈرۈشتۈرۈش، قانۇننى ئىجرا
قىلىشتا قەتئىي بولۇش» دېگەن تەلەپنى ئىشقا ئاشۇرۇش، ئەمە-
لىي ئىجرا قىلىشتا قانۇن ۋە قائىدە-نىزاملاردا كۆزلەنگەن ئۈ-
نۈمگە ئېرىشىش تەس بولۇۋاتىدۇ.

## 2

1992-يىلى مەركەزدە چاقىرىلغان مىللىي خىزمەت يىغىنىدا، باش شۇجى جياڭ زېمىن مۇشۇ ئەسىرنىڭ ئاخىرىغىچە بىر قەدەر مۇكەممەل سوتسىيالىستىك مىللىي قانۇنچىلىق سىستېمىسىنى ۋە نازارەتچىلىك مېخانىزمىنى ۋۇجۇدقا كەلتۈرۈش كېرەك دەپ ئوتتۇرىغا قويدى. بۇ ئېلىمىزنىڭ 90-يىللاردىكى مىللىي قانۇنچىلىق قۇرۇلۇشىدا كۆزلىگەن كۆرەش نىشانى، شۇنداقلا ئاساسىي قانۇننىڭ ئېلىمىزدىكى مىللىي مەسىلىگە دائىر ئاساسىي بەلگىلىمىلىرىنى ۋە پرىنسىپلىرىنى ئىجرا قىلىشنىڭ مۇقەررەر تەلىپى. ئاساسىي قانۇننىڭ نوپۇزىنى جارى قىلدۇرۇپ، 90-يىللاردىكى مىللىي قانۇنچىلىق قۇرۇلۇشىنىڭ كۆرەش نىشانىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئېلىمىزنىڭ سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش ئىشلىرىنى ئېلىپ بېرىشتا، مىللەتلەرنى ئورتاق گۈللەندۈرۈشتە زور رېئال ئەھمىيەتكە ۋە چوڭقۇر تارىخىي ئەھمىيەتكە ئىگە.

ئۇنداقتا، بىرقەدەر مۇكەممەل سوتسىيالىستىك مىللىي قانۇن سىستېمىسى ۋە نازارەتچىلىك مېخانىزمى دېگەن نېمە؟ مېنىڭچە بۇنى ئومۇمەن مۇنداق يىغىنچاقلاشقا بولىدۇ: بىر قەدەر مۇكەممەل مىللىي قانۇن سىستېمىسى، يىغىپ ئېيتقاندا، «ئاساسىي قانۇن» دىن ئىبارەت ئەڭ نېگىزلىك چوڭ قانۇننى ئاساس قىلغان، «مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە قانۇنى» بىلەن «تارقاق ئولتۇراقلاشقان ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ باراۋەرلىك

هوقۇقىنى كاپالەتلەندۈرۈش قانۇنى»دىن ئىبارەت ئىككى تۈپ قانۇننى غول قىلغان، سىياسەت، ئىقتىساد، مائارىپ، مەدەنىيەت، تىل-يېزىق، ئۆرپ-ئادەت قاتارلىق جەھەتلەردىكى مىللىي مۇناسىۋەتنى بىۋاسىتە تەڭشىگۈچى بىرنەچچە ئايرىم قانۇن-نىزاملارنى تارماق قىلغان قانۇن-نىزام سىستېمىسىنى بىلدۈرىدۇ. مىللىي قانۇنغا دائىر نازارەتچىلىك مېخانىزمى دېگىنىمىز مىللىي قانۇن، نىزاملارنى تۈزۈش ۋە ئىجرا قىلىش داۋامىدىكى ياخشى ئايلىنىشقا كاپالەتلىك قىلىش مېخانىزمىنى بىلدۈرىدۇ. ئۇ قانۇن چىقىرىشقا نازارەتچىلىك قىلىش مېخانىزمى بىلەن قانۇننىڭ ئىجراسىغا نازارەتچىلىك قىلىش مېخانىزمىنى، مەخسۇس ئورگانلارنىڭ نازارەتچىلىكىنى، شۇنداقلا كەڭ خەلق ئاممىسىنىڭ نازارەتچىلىكىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

بىرقەدەر مۇكەممەل بولغان مىللىي قانۇن سىستېمىسى ۋە نازارەتچىلىك مېخانىزمىنىڭ بەلگىسى شۇنىڭدىن ئىبارەتكى، مىللىي قانۇن چىقىرىش جەھەتتە، مىللىي مۇناسىۋەتنى تەڭشەيدىغان، ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ۋە ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىنىڭ سىياسىي، ئىقتىسادىي، مەدەنىيەت تەرەققىياتىغا ۋە ئىجتىمائىي تۇرمۇش تەلىپىگە ئۇيغۇن كېلىدىغان قانۇن، قائىدە-نىزاملار تۈزۈلۈپ، ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ۋە ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىنىڭ سىياسىي، ئىقتىسادىي ۋە مەدەنىيەت پائالىيەتلىرىنىڭ ئېلىپ بېرىلىشى قانۇنچىلىق ئىزىغا چۈشۈرۈلدى، مىللەتلەر ئىشلىرى تۈزۈم قېلىپىغا، قانۇن قېلىپىغا سېلىنىپ، «ئاساسلىنىدىغان قانۇننى بارلىققا كەلتۈرۈش» تەلىپى ئىشقا ئاشۇرۇلدى، قانۇننى ئىجرا قىلىش ۋە قانۇننىڭ ئىجراسىغا

نازارەتچىلىك قىلىش جەھەتتە، دۆلەتنىڭ ھەر دەرىجىلىك مەمۇرىي ئورگانلىرى، ئەدلىيە ئورگانلىرى، ئىجتىمائىي تەشكىلاتلار ۋە شەخسلەر مىللىي قانۇنلارنى ۋە قائىدە-نىزاملارنى قەتئىي ئىجرا قىلىپ، قانۇن بويىچە ئىش قىلدى ھەمدە نازارەتچىلىك ۋە تەكشۈرۈشكە ھەممىگە ئايان مەخسۇس ئورگان مەسئۇل بولۇپ، مىللىي قانۇن-نىزاملارغا خىلاپ ھەرىكەتلەرگە ئۈنۈملۈك چارە كۆرۈش بىلەن «بارلىققا كەلگەن قانۇنغا جەزمەن رىئايە قىلىش، قانۇنغا خىلاپلىق قىلغۇچىلارنى جەزمەن سۈرۈشتۈرۈش» تەلىپىنى ئەمەلگە ئاشۇردى.

بىرقەدەر مۇكەممەل سوتسىيالىستىك مىللىي قانۇن سىستېمىسىنى ۋە نازارەتچىلىك مېخانىزمىنى بەرپا قىلىش ۋە مۇكەممەللەشتۈرۈش زور سىستېما قۇرۇلۇشى دېمەكتۇر، ئۇ قانۇن چىقىرىش، قانۇننى ئىجرا قىلىش، ئەدلىيە ۋە قانۇن نازارەتچىلىكى قاتارلىق ھالقىلارغا چېتىلىدۇ، ھەرقايسى ساھە ۋە ھەر قايسى تارماقلارنىڭ ئورتاق تىرىشچانلىق كۆرسىتىشىنى، بىر-بىرىنى قوللاپ، ھەمكارلىشىپ ۋە ئۆزئارا ماسلىشىپ ئىشلىشىنى تەلەپ قىلىدۇ. نۆۋەتتە مۇنداق بىرنەچچە جەھەتتىكى خىزمەتكە ئەھمىيەت بېرىش ۋە ئۇ خىزمەتلەرنى ھەقىقىي تۇردە ئوبدان ئىشلەش لازىم:

(1) مىللىي قانۇن چىقىرىشنىڭ يېتەكچى ئىدىيىسى ۋە پرىنسىپلىرىنى ئايدىڭلاشتۇرۇش، قانۇن چىقىرىش پىلانىنى تۈزۈپ چىقىش كېرەك.

ئېلىمىزنىڭ ئىقتىسادىي ۋە سىياسىي تۈزۈلمە ئىسلاھاتىنىڭ نىشانىغا ئاساسەن، پۈتكۈل دۆلىتىمىزنىڭ، ئاز سانلىق

مىللەتلەرنىڭ ۋە ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىنىڭ ئەمەلىيىتىگە بىرلەشتۈرۈپ، مىللىي قانۇنچىلىق خىزمىتىنىڭ بۇرۇنقى تەجرىبىلىرىنى يەكۈنلەش ۋە قوبۇل قىلىش ئاساسىدا، مىللىي قانۇن چىقىرىش خىزمىتىنىڭ يېتەكچى ئىدىيىسى ۋە پرىنسىپىنى مۇئەييەنلەشتۈرۈش، مىللىي قانۇن چىقىرىش پىلانىنى تۈزۈش، مىللىي قانۇن چىقىرىش ئىشىنىڭ قەدىمىنى تېزلىتىش كېرەك.

مىللىي قانۇن چىقىرىش خىزمىتىنىڭ يېتەكچى ئىدىيىسى ۋە پرىنسىپى مۇنداق: پارتىيىنىڭ «بىر مەركەز، ئىككى ئاساسىي نۇقتا» دىن ئىبارەت ئاساسىي لۇشيەنىدە چىڭ تۇرۇپ، ئاساسىي قانۇننىڭ مىللىي مەسىلە توغرىسىدىكى تۈپ پرىنسىپلىرى ۋە روھىغا ئاساسەن، مىللىي قانۇن چىقىرىش خىزمىتىنى ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ۋە ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىنىڭ ئىقتىسادىي قۇرۇلۇش، ئىسلاھات ۋە ئىشىكنى ئېچىۋېتىش ئىشلىرىنىڭ قەدىمىنى تېزلىتىش ئۈچۈن، مىللەتلەرنىڭ ئورتاق گۈللىنىشىنى ئىلگىرى سۈرۈش ئۈچۈن، مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە تۈزۈمىنى تېخىمۇ مۇكەممەللەشتۈرۈش، «مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە قانۇنى» نى تولۇق ئىزچىللاشتۇرۇش ئۈچۈن، سوتسىيالىستىك مىللىي مۇناسىۋەتنى تېخىمۇ مۇستەھكەملەش، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى ئىلگىرى سۈرۈش، ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى قوغداش ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرۇش.

ئەمەلىي خىزمەت داۋامىدا، 90-يىللارنىڭ مىللىي قانۇن چىقىرىش پىلانىنى ئىلمىي يول بىلەن تۈزۈپ چىقىش ئاساسىدا،

مىللىي قانۇن چىقىرىش خىزمىتىنى كۆپ قاتلام بويىچە ئېلىپ بېرىش كېرەك. ئومۇمىي ۋەزىيەتنى كۆزدە تۇتۇپ، دۆلىتىمىز-دىكى مىللىي مۇناسىۋەتنى تەڭشەيدىغان بىرنەچچە تۈپ قانۇننى تۈزۈپ چىقىش كېرەك. لېكىن، كۆپ مىللەتلىك دۆلەتتە، مىللىي مۇناسىۋەتنى ئوبدان تەڭشەپ، مىللەتلەرنىڭ ئىتتىپاقلى-قى ۋە تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈش ئۈچۈن، بىرنەچچە تۈپ قانۇننىڭ بولۇشىلا كۇپايە قىلمايدۇ، گوۋۇيۈەن ۋە ئالاقىدار تارماقلارمۇ ئۆز فۇنكسىيىسىگە ئاساسەن، مۇناسىپ مەمۇرىي قانۇن ۋە قائىدە-نىزاملارنى تۈزۈپ چىقىشى، ئۆلكە، ئاپتونوم رايون ۋە بىۋاسىتە قاراشلىق شەھەرلەرمۇ ئۆز جايىنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىغا ئاساسەن يەرلىك مىللىي قائىدە-نىزاملارنى تۈزۈپ چىقىشى، شۇنىڭ بىلەن مىللىي قانۇنلار پەيدىنپەي مۇكەممەل سىستېما بولۇپ شەكىللىنىشى لازىم.

ئىسلاھات-ئېچىۋېتىش ئىشلىرى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئورتاق ئارزۇسىنى ئەكس ئەتتۈردى، ئۇ مىللەتلەرنىڭ ئورتاق گۈللىنىشىدىكى مۇقەررەر يول. نۆۋەتتە، ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىنىڭ ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش ئىشلىرىغا ئالاقىدار قانۇن-لارنى تۈزۈپ چىقىش خىزمىتىنىڭ سالمىقىنى ئاشۇرۇش جىد-دىي زۆرۈر بولۇۋاتىدۇ. ئەمەلىيەت بىزگە شۇنى ئۇقتۇردىكى، ئىسلاھات ئېلىپ بېرىش ۋە ئىشىكنى ئېچىۋېتىشتە قانۇنچىلىق قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىش كېرەك. ئاز سانلىق مىللەت رايونلى-رىنىڭ ئىقتىسادىي ئاساسى ۋە پەن-تېخنىكىسى نىسپىي ھالدا ئاجىز، قانۇنچىلىق قۇرۇلۇشىمۇ ئاجىز. جۇشقۇن ئىجتىمائىي ھايات، ئۆزلۈكسىز راۋاجلىنىپ ۋە ئۆزگىرىپ بېرىۋاتقان ئىقتى-

سادي مۇناسىۋەتلەر ئۇنۇملۇك خىزمەتلەر ئارقىلىق، ئىسلا-
هات، ئېچىۋېتىش ئىشلىرىنى ۋە ئىقتىسادي قۇرۇلۇشنى كۈچ-
لۈك قانۇن كاپالىتىگە ئىگە قىلىشنى، ئىسلاھات-ئېچىۋېتىش
ئىشلىرى ئۈچۈن جىددي زۆرۈر بولۇۋاتقان بىر تۈركۈم قانۇن--
نىزاملارنى تېزدىن تۈزۈپ چىقىشنى تەلەپ قىلماقتا. مەركەز
بىلەن ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىنىڭ قانۇن چىقىرىش جەھەت-
تىكى هوقۇق دائىرىسىنى ئايرىشتا، ئاساسي قانۇندا ۋە مىللىي
تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە قانۇنىدا ئاپتونومىيىلىك جايلارغا
قانۇن چىقىرىش جەھەتتە بېرىلگەن ئاپتونومىيە هوقۇقىنى تولۇق
ئەمەلىيلەشتۈرۈش كېرەك. مىللىي مەمۇريي قانۇن چىقىرىش
خىزمىتىنى كۈچەيتىش، مەمۇريي قانۇن چىقىرىش خىزمىتىنىڭ
قاراتمىلىقى كۈچلۈك، تەرتىپى ئاددي، قانۇن چىقىرىش مۇددى-
تى قىسقا ئالاھىدىلىكىدىن پايدىلىنىپ، ئۇنى ئاز سانلىق مىل-
لەت رايونلىرىنىڭ ئىسلاھات-ئېچىۋېتىش ئىشلىرى ئۈچۈن
خىزمەت قىلدۇرۇش كېرەك. مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلار
يەرلىك قانۇن-نىزاملارنى ۋە هۆكۈمەتنىڭ مەمۇريي قائىدە-نى-
زاملىرىنى تۈزۈش ۋاقتىدا، شۇ جاينىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىنى
تولۇق نەزەردە تۇتۇپ، قانۇن بەخش ئەتكەن جانلىق ئىجرا قى-
لىش هوقۇقىنى ھەقىقىي تۈردە ئوبدان ئىشلىتىش كېرەك.
مەملىكىتىمىز سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى تۈزۈلمىسىگە
قاراپ بۇرۇلۇش ياساۋاتقان چوڭ دولقۇن ئىچىدە، مەملىكىتى-
مىزنىڭ ئىسلاھات-ئېچىۋېتىش ئىشلىرىنى ئۈزلۈكسىز راۋاج-
لاندۇرۇش جەريانىدا، مىللىي قانۇنچىلىق قۇرۇلۇشىنى كۈچەي-
تىپ، مىللىي قانۇنچىلىقنىڭ رولىنى تولۇق جاري قىلدۇرۇش

لازىم.

مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە قانۇنىنى ئوبدان ئىجرا قىلىش—مىللىي قانۇنچىلىق قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىشنىڭ مۇھىم تەرىپى. ئاپتونومىيە قانۇنىنى ئىزچىللاشتۇرۇش جەھەتتە، ئالاقىدار ساھەلەر نۇرغۇن خىزمەتلەرنى ئىشلىدى. ئۇلارنىڭ قولغا كەلتۈرگەن ئەمەلىي نەتىجىسىنى مۇئەييەنلەشتۈرۈش كېرەك. شۇنداقتىمۇ ئىشلەشكە تېگىشلىك، يەنە كېلىپ جەزمەن ياخشى ئىشلەشكە تېگىشلىك نۇرغۇن خىزمەتلەر بار. نۆۋەتتە، بىرىنچىدىن، دۆلەتنىڭ مەمۇرىي باشقۇرۇش خىزمەتلىرىدىن ئاساسىي قانۇننىڭ، مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە قانۇنىنىڭ ئالاقىدار روھىنى ۋە پرىنسىپلىرىنى تېخىمۇ ئوبدان گەۋدىلەندۈرۈش لازىم، بولۇپمۇ مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە قانۇنىنى قانداق ئەمەلىيلەشتۈرۈش توغرىسىدا گوۋۇيۈەنگە قاراشلىق تارماقلار كونكرېت ۋە ئېنىق بەزى بەلگىلىمىلەرنى تۈزۈپ چىقىپ ۋە تولۇقلاپ، ئاپتونومىيە قانۇنىنى تېخىمۇ ئوبدان ئەمەلىيلەشتۈرۈشكە ئىمكانىيەت يارىتىشى لازىم. ئىككىنچىدىن، سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكىنىڭ تەلىپىگە ئاساسەن، ئاپتونومىيە قانۇنىغا تۈزىتىش كىرگۈزۈشكە كىرىشىش كېرەك. ئاپتونومىيە قانۇنى 1984-يىلى ئېلان قىلىنغان، ئۇ پىلانلىق تاۋار ئىگىلىكى نەزەرىيىسى ۋە ئەمەلىيىتىنىڭ مەھسۇلى، ئۇنىڭدىكى نۇرغۇن بەلگىلىمىلەر بولۇپمۇ ئىقتىسادىي قۇرۇلۇش توغرىسىدىكى بەلگىلىمىلەر بۈگۈنكى ئەھۋالغا ماس كەلمەيدىغان بولۇپ قالدى، شۇڭا ئۇنى ئۆزگەرتىش كېرەك.

ئاپتونومىيە قانۇنىنى ئىزچىللاشتۇرۇشتىكى مۇھىم بىر

ئىش بەش ئاپتونوم رايوننىڭ ئاپتونومىيە نىزامىنى تۈزۈش قەدەمىنى تېزلىتىشتىن ئىبارەت. ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ئاپتونومىيىلىك جايلىرىنىڭ ئاپتونومىيە نىزامىنى تۈزۈش ئىشىدا ئىجابىي يۈكسىلىش بولدى، لېكىن بەش ئاپتونوم رايوننىڭ بىرەرسىمۇ ئاپتونومىيە نىزامىنى ئوتتۇرىغا چىقارغىنى يوق، بۇ خىزمەتنى كۈچەيتىش، كۈچلۈك تەدبىر قوللىنىپ، بەش ئاپتونوم رايوننىڭ ئاپتونومىيە نىزامىنى بالدۇرراق تۈزۈپ چىقىشقا ھەيدەكچىلىك قىلىش كېرەك.

(2) قانۇننى ئومۇملاشتۇرۇش خىزمىتىنى ئوبدان ئىشلەپ، مىللىي قانۇنلارنىڭ ئىجراسى ۋە مىللىي قانۇنچىلىق ئۈستىدىكى نازارەتچىلىك ۋە تەكشۈرۈش خىزمىتىنى كۈچەيتىش كېرەك.

مىللىي قانۇنلارنى تەشۋىق قىلىش، ئومۇملاشتۇرۇش خىزمىتىنى يەنىمۇ ئىلگىرىلەپ قانات يايدۇرۇپ، پۇقرالارنىڭ مىللىي قانۇنچىلىق ئېڭىنى كۈچەيتىش كېرەك. ئىككىنچى بەش يىللىق قانۇننى ئومۇملاشتۇرۇش مەزگىلىدە، مىللىي قانۇنلار توغرىسىدىكى تەشۋىق-تەربىيىنى پىلانلىق ۋە قەدەممۇقەدەم ئېلىپ بېرىپ، مىللىي قانۇنلارغا دائىر بىلىملەرنى ئومۇملاشتۇرۇش لازىم. مىللىي قانۇننىڭ تەڭشەش ئوبيېكتى كەڭ دائىرىلىك بولغانلىقى، بۇ قانۇن دۆلەت قانۇنى دېگەن نوپۇزغا ئىگە بولغانلىقى ئۈچۈن، مىللىي قانۇننى تەشۋىق قىلىش، ئومۇملاشتۇرۇش خىزمىتىنى ئاز سانلىق مىللەتلەر ئارىسىدا ۋە ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىدا ئېلىپ بېرىش بىلەنلا چەكلىنىپ قالماي، بەلكى پۈتۈن مەملىكەتنىڭ ھەممە جايلىرىدا، پۈتۈن

مەملىكەتتىكى ھەر مىللەت خەلقى ئارىسىدا جۇملىدىن پارتىيە، ھۆكۈمەت، ئەدلىيە ئورگانلىرىدا، مەمۇرىي ئورگانلاردا ۋە شۇ ئورگانلاردىكى خىزمەتچىلەر ئارىسىدا كەڭ كۆلەمدە قانات يايدۇ-رۇشقا ئەھمىيەت بېرىپ، كىشىلەرنىڭ مىللىي قانۇنچىلىق ئې-ڭىنى ئۆستۇرۇش، مىللىي قانۇننىڭ ئىجرا قىلىنىشى ئۈچۈن ئوبدان شارائىت يارىتىش كېرەك.

قانۇننى ئىجرا قىلىش— قانۇنچىلىق قۇرۇلۇشىنىڭ مۇھىم بىر ھالقىسى، مىللىي قانۇننى ئىجرا قىلىش خىزمىتىنى ھەقىـ-قىي تۇردە كۈچەيتىپ، مىللىي قانۇننى ئىجرا قىلىش سىستېمى-سىنى بەرپا قىلىش ۋە ساغلاملاشتۇرۇش كېرەك. ئاساسىي قانۇن پرىنسىپلىرىنىڭ روھىغا ئاساسەن، بارلىق ئورگانلار، تەشكىلاتلار، كارخانا ئورۇنلىرى، كەسپىي ئورۇنلار ۋە پۇقرالار قانۇن ۋە قائىدە-نىزاملارنى ئەستايىدىل ئىجرا قىلىش كېرەك. مىللىي قانۇنلارنى ئىجرا قىلىش جەھەتتە، دۆلەتنىڭ ھاكىمىيەت ئورگانلىرى، مەمۇرىي ئورگانلىرى، سوت ئورگانلىرى ۋە تەپ-تىش ئورگانلىرى ھەل قىلغۇچ ئورۇندا تۇرىدۇ ۋە ھەل قىلغۇچ رول ئوينايدۇ، شۇڭا قانۇننى ئىجرا قىلىش مېخانىزمىنى بەرپا قىلىپ ۋە مۇكەممەللەشتۇرۇپ، مىللىي قانۇننىڭ ئىجرا قىلىنىـ-شىنى ھەقىقىي كاپالەتكە ئىگە قىلىش، قانۇنغا خىلاپ ھادىسىـ-لەرنى ئۆز ۋاقتىدا تۈزىتىش كېرەك.

ئۆلكىلىك، شەھەرلىك، ئاپتونوم رايونلۇق ھۆكۈمەتلەر مىللىي قانۇننى ئىجرا قىلىش جەھەتتە ئىنتايىن مۇھىم ئورۇندا تۇرىدۇ. بۇ ئورۇنلار ئاساسىي قانۇندا بەلگىلەنگەن ھوقۇق دائىـ-رىسى ئىچىدە، ئۆز جايىنىڭ ئەمەلىيىتىگە بىرلەشتۇرۇپ، دۆ-

لەتنىڭ ئاز سانلىق مىللەتلەرگە دائىر قانۇن ۋە قائىدە-نىزاملى-
رىنى ئەستايىدىل ئىجرا قىلىش كېرەك. بولۇپمۇ ھەرقايسى
ئاپتونوم رايونلاردىكى ۋە كۆپ مىللەتلىك ئۆلكىلەردىكى ھۆكۇ-
مەتلەر مىللىي قانۇن ۋە قائىدە-نىزاملارنى ئىزچىللاشتۇرۇش
ئىشىنى چوڭ ئىش قاتارىدا تۇتۇپ، مۇھىم ئىشلار كۈنتەرتىپىگە
چىندىن كىرگۈزۈپ، ھۆكۈمەت ئىشلىرىنى قانۇن بويىچە يۈر-
گۈزۈش تەلىپىنى ئىشقا ئاشۇرۇش كېرەك. ئۇنىڭدىن باشقا ھەر
دەرىجىلىك ھۆكۈمەتلەر ۋە ئۇلارغا قاراشلىق تارماقلار، ھەممە
دۆلەت ئورگانلىرى ئۆزلىرىنىڭ ھوقۇق دائىرىسىگە ئاساسەن،
مىللىي قانۇننى ئىجرا قىلىش خىزمىتىنى ئەستايىدىل ئوبدان
ئىشلەپ، مىللىي قانۇننى ئىجرا قىلىشنىڭ مۇكەممەل تۈزۈمىنى
شەكىللەندۈرۈپ، دۆلەتنىڭ مىللىي قانۇنى ۋە قائىدە-نىزاملى-
رىنىڭ ھەممە تارماق، ھەممە ئورۇن ۋە ھەممە رايوندا ھەقىقىي
ئىجرا قىلىنىشىغا ئىمكانىيەت تۇغدۇرۇش كېرەك.

مىللىي قانۇننىڭ ئىجراسى ئۈستىدە نازارەتچىلىك قىلىش
خىزمىتىنى كۈچەيتىش ۋە مىللىي قانۇن چىقىرىش خىزمىتى
ئۈستىدە نازارەتچىلىكنى يولغا قويۇش بىلەن بىللە، پارتكوملار-
نىڭ، مەمۇرىي ئورۇنلارنىڭ، قانۇن چىقىرىش ئورگانلىرىنىڭ،
ئەدلىيە ئورگانلىرىنىڭ ۋە ئاخبارات-جامائەت پىكرى ئورگانلى-
رىنىڭ نازارەتچىلىك رولىنى جارى قىلدۇرۇش، ھەرقايسى نازا-
رەتچى ئاپپاراتلارنىڭ مىللىي قانۇنغا دائىر نازارەتچىلىك ۋە تەك-
شۈرۈش جەھەتتىكى مەسئۇلىيىتىنى ۋە ھوقۇق دائىرىسىنى ئاي-
دىڭلاشتۇرۇش كېرەك. بۇنىڭدىن باشقا يەنە مەمۇرىي ئورگانلار-
نىڭ يۇقىرىدىن تۆۋەنگە قاراپ ئېلىپ بارىدىغان مەمۇرىي نازارەت-

چىلىك ئىقتىدارىنى، سوت ئورگانلىرى بىلەن تەپتىش ئورگان-لىرىنىڭ ئەدلىيە نازارەتچىلىك ئىقتىدارىنى ۋە ئاممىۋى تەشكى-لاتلارنىڭ، ئاخبارات-جامائەت پىكرى ئورۇنلىرىنىڭ كۆچىنى ئاشۇرۇپ، پۈتكۈل جەمئىيەتتە مىللىي قانۇن ۋە قائىدە-نىزام-لارنى ئاڭلىق ئىجرا قىلىدىغان ياخشى كەيپىياتنى ھاسىل قى-لىش كېرەك.

(3) مىللىي قانۇنچىلىق قۇرۇلۇشى جەھەتتىكى نەزەرىيە تەتقىقاتىنى كۈچەيتىپ، مىللىي قانۇنشۇناسلىقنى گۈللەندۇرۇش كېرەك.

نەزەرىيە جەھەتتە يېڭىلىق ھاسىل قىلماي تۇرۇپ، ئەمەلى-يەت جەھەتتە سەكرەش ھاسىل قىلىش ناھايىتى تەس. ئاساسىي قانۇننىڭ نوپۇزىنى جارى قىلدۇرۇش، مىللىي قانۇنچىلىق قۇ-رۇلۇشىنى كۈچەيتىش، مىللەتلەرنىڭ ئورتاق گۈللىنىشىنى ئە-مەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن، ئىدىيىنى تېخىمۇ ئازاد قىلىپ، ئېلى-مىزنىڭ مىللىي قانۇنچىلىق قۇرۇلۇشىنىڭ نەزەرىيىسى ۋە ئەمە-لىيىتىگە دائىر مەسىلىلەر ئۈستىدە كۈچلۈك ئەمەلىيەتچىل روھ ۋە نەزەرىيىۋى جاسارەت بىلەن تەتقىقات ئېلىپ بېرىپ، مىللىي قانۇنچىلىق قۇرۇلۇشىنىڭ ئەمەلىيىتىنى كۈچلۈك يېتەكچى نە-زەرىيە بىلەن تەمىن ئېتىشكە توغرا كېلىدۇ. ئاساسىي نەزەرىيە تەتقىقاتىنى ئېلىپ بېرىش بىلەن بىللە، ئەمەلىي تەتقىقاتقا ئالا-ھىدە ئەھمىيەت بېرىش، جانلىق ئەمەلىيەتكە يۈزلىنىپ، مەسى-لىلەرنى ئوتتۇرىغا قويۇش ۋە ئۇنىڭغا ئىلمىي جاۋاب بېرىش كېرەك.

ئېلىمىزنىڭ مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيىنى يولغا

قويۇش ئەمەلىيىتىگە ئاساسەن، مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتو-
نومىيە قانۇنى ئۈستىدىكى تەتقىقاتنى تېخىمۇ كۈچەيتىش كې-
رەك. مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە تۈزۈمى يولغا قو-
يۇلغاندىن بۇيانقى 40 نەچچە يىل مابەينىدە، ئېلىمىزنىڭ ئاز
سانلىق مىللەت رايونلىرىدا غايەت زور ئۆزگىرىش يۈز بەردى،
مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە قانۇنچىلىق ئىزىغا چۈ-
شۈپ، مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە قانۇنىنىڭ سىستې-
مىسى ئاساسىي جەھەتتىن شەكىللەندى. شۇنداقتىمۇ، ئېلىمىز-
نىڭ مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيىنى يولغا قويۇش ئەمە-
لىيىتىدە جىددىي تەتقىق قىلىپ ھەل قىلىشقا تېگىشلىك نۇرغۇن
مەسىلىلەر ساقلانماقتا. ئەستايىدىل تەتقىقات ئېلىپ بېرىپ، بۇ
مەسىلىلەرنى ھەل قىلىشنىڭ چارىسىنى نەزەرىيە جەھەتتىن تې-
پىپ، ئۇنى مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە ئەمەلىيىتىنى
مۇكەممەللەشتۈرۈش ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرۇشىمىز كېرەك.

ئىسلاھات-ئېچىۋېتىش داۋامىدا ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ
ۋە ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىنىڭ قانۇنچىلىق قۇرۇلۇشى دۇچ
كەلگەن يېڭى ئەھۋال، يېڭى مەسىلىلەر ئۈستىدىكى تەتقىقاتنى
ئەستايىدىل ئېلىپ بېرىش كېرەك. ئىسلاھات-ئېچىۋېتىش ئىش-
لىرى ئاز سانلىق مىللەتلەرگە ۋە ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىغا
ھاياتىي كۈچ بېغىشلىدى، لېكىن بىزنىڭ ئالدىمىزغا نۇرغۇنلى-
غان يېڭى ئەھۋال ۋە يېڭى مەسىلىلەرنىمۇ قويدى. مەسىلەن،
چېگرا بويىدىكى مىللىي رايونلاردا چېگرا سودىسىنىڭ تېز را-
ۋاجلىنىشى بىر قاتار يېڭى مەسىلىلەرگە چېتىلىدۇ، بۇ مەسىلە-
لەرنى نەزەرىيە جەھەتتىن تەتقىق قىلىش ئاساسىدا، قانۇن جە-

ھەتتىن قېلىپلاشتۇرۇشقا توغرا كېلىدۇ. سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى تۈزۈلمىسىگە بۇرۇلۇش داۋامىدا، ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىنىڭ ئويلىمىغان يەردىن يا ئۇنداق، يا بۇنداق مەسىلەلەرنى ۋاقتىدا تەتبىقلاپ ھەل قىلىشى كېرەك.

مىللىي قانۇن چىقىرىش تۈزۈلمىسى ئۈستىدىكى تەتقىقاتنى كۈچەيتىش لازىم. ئېلىمىزنىڭ مىللىي قانۇنچىلىق قۇرۇلۇشىنىڭ روشەن بىر ئالاھىدىلىكى شۇكى، مەركەزدىن چىقىرىلغان قانۇنلار ئومۇمەن بىرقەدەر پرىنسىپال قىلىپ تۈزۈلىدۇ، سانىمۇ ئاز بولىدۇ، قانۇن چىقىرىش خىزمىتىنىڭ زور سالمىقى جايلاردا بولىدۇ، مەركەزدىن چىقىرىلغان مىللىي قانۇنلارنىڭ مۇكەممەل بولۇشى جايلاردا چىقىرىلغان مىللىي قانۇنلارنىڭ مۇكەممەل بولۇشىنى ئاساس قىلىدۇ. يېقىنقى بىرنەچچە يىلدىكى مىللىي قانۇن چىقىرىش ئەمەلىيىتى ئىسپاتلىدىكى، جايلارنىڭ مىللىي مەمۇرىي قانۇن چىقىرىش ئىشىنى ئالدىنئالا ئېلىپ بېرىش رولىنى جارى قىلدۇرۇش مىللىي قانۇنچىلىق قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىشنىڭ ئۈنۈملۈك يولى ۋە تەدبىرى. شۇڭا مەركەز بىلەن جايلارنىڭ قانۇن چىقىرىش ھوقۇق دائىرىسىنى توغرا ئايرىپ، ئىككى تەرەپنىڭ ئاكتىپلىقىنى تېخىمۇ ياخشى جارى قىلدۇرۇپ، قانۇن چىقىرىش تۈزۈلمىسىنى مۇكەممەللەشتۈرۈش ئۈستىدە تەتقىقات ئېلىپ بېرىش كېرەك.

مىللىي قانۇنشۇناسلىق ئاساسىي نەزەرىيىسى ئۈستىدىكى تەتقىقاتنى كۈچەيتىشكە ئەھمىيەت بېرىش كېرەك. نۆۋەتتە، ئېلىمىزنىڭ مىللىي قانۇنشۇناسلىق ئاساسىي نەزەرىيىسى ئۈستىدىكى تەتقىقات مىللىي قانۇنچىلىق قۇرۇلۇشىغا دائىر ئەمەلىي

خىزمەتنىڭ تەلىپىگە جاۋاب بېرىشتىن تولىمۇ يىراقتا تۇرماقتا. مىللىي قانۇنشۇناسلىققا دائىر نېگىزلىك نەزەرىيىۋى مەسىلىلەرنىڭ بەزىلىرى ئۈستىدە ئىلىم ساھەسىدىكىلەردە تالاش-تارتىش بار، بەزىلىرى «چەكلەنگەن رايون»، يەنە بەزىلىرى بوشلۇق ھالىتىدە تۇرۇۋاتىدۇ. «چەكلەنگەن رايون»نى بۇزۇشقا جۈرئەت قىلىپ، بوشلۇقنى تولدۇرۇشقا ماھىر بولۇپ، مىللىي قانۇنشۇناسلىققا دائىر ئاساسىي نەزەرىيە تەتقىقاتىنى ئۈزلۈكسىز چوڭقۇرلاشتۇرۇش ھەمدە جۇڭگوچە سوتسىيالىستىك مىللىي قانۇنشۇناسلىق نەزەرىيە سىستېمىسىنى پەيدىنپەي بەرپا قىلىش كېرەك.

نەزەرىيە تەتقىقاتى خىزمىتىنى ئىلگىرى سۈرۈش ئۈچۈن، مىللىي قانۇنشۇناسلىق تەتقىقاتى ئاپپاراتلىرىنىڭ قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىش، تەتقىقات قوشۇنىنى زورايتىش، مىللىي قانۇنشۇناسلىق ساھەسىدىكى ئىختىساس ئىگىلىرىنى يېتىشتۈرۈش لازىم، مىللىي قانۇنلارنى چىقىرىش ۋە ئۇنى ئىجرا قىلىش، مىللىي قانۇنلارنىڭ ئىجراسىنى نازارەت قىلىش، تەكشۈرۈش، مىللىي قانۇنچىلىق قۇرۇلۇشىنىڭ تەرەققىيات تارىخى، ھازىرقى ھالىتى ۋە كېلەچىكى قاتارلىق بىر قاتار چوڭ-چوڭ مەسىلىلەر ئۈستىدە سىستېمىلىق تەتقىقات ئېلىپ بېرىش كېرەك.

ئاساسىي قانۇننىڭ ئومۇمىي پرىنسىپى ۋە روھىنىڭ يېتەكچىلىكىدە، سوتسىيالىستىك مىللىي قانۇنچىلىق قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىپ، مىللىي قانۇنچىلىق قۇرۇلۇشىنىڭ 90-يىللاردىكى كۆرەش نىشانىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش شەرەپلىك ھەم مۈشكۈل تارىخىي ۋەزىپە. پارتىيە ۋە دۆلەتنىڭ يۈكسەك دەرىجىدە ئەھمى-

يەت بېرىشى ئارقىسىدا، جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش نەزەرىيىسىنىڭ يېتەكچىلىكىدە، پۈتۈن مەملىكەتتىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ بوشاشماي تىرىشچانلىق كۆرسىتىشى نەتىجىسىدە، ئېلىمىزنىڭ مىللىي قانۇنشۇناسلىق قۇرۇلۇشى يېڭى بىر باسقۇچقا قەدەم قويۇپ، سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇش ئىشلىرىمىزنى ئىلگىرى سۈرۈش، مىللەتلەرنىڭ ئورتاق گۈللىنىشىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن ئىجابىي تۆھپە قوشقۇسى.

# زور بىر تۇركۇم مۇنەۋۋەر ئاز سانلىق مىللەت كارخانىچىلىرىنى يېتىشتۈرۈشكە تىرىشايلى*

(1993-يىل 9-ئاينىڭ 29-كۈنى)

يېڭى تارىخىي دەۋردە، جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش يولىدىكى ئۇلۇغۋار مۇساپە داۋامىدا، دەۋر بىزنىڭ ئالدىمىزغا: زور بىر تۇركۇم ئاز سانلىق مىللەت كارخانىچىلىرىنى تەربىيىلەش ۋە يېتىشتۈرۈش كېرەك، دېگەن تەنتەنىلىك ھەم جىددىي تەلەپنى قويدى.

زور بىر تۇركۇم ئاز سانلىق مىللەت كارخانىچىلىرىنى تەربىيىلەپ يېتىشتۈرۈش— ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىنىڭ ئىسلاھات-ئېچىۋېتىش ئىشلىرىنىڭ تەلىپى. ئىسلاھات-ئېچىۋېتىش ئىشلىرى ھەر جەھەتتىكى شارائىتنىڭ ئەپلىشىپ بېرىشىگە، قىممەتلىك تارىخىي پۇرسەتكە، ئوبدان ئىجتىمائىي مۇھىتقا مۇھتاج، شۇنىڭ بىلەن بىللە يەنە كەم بولماس بىر شەرتكە، يەنى ئىختىساسلىق خادىمغا مۇھتاج، بۇنىڭدا ئادەم ئامىلى كۆزدە

* بۇ—يولداش ئىسمايىل ئەھمەدنىڭ مەملىكەت بويىچە مۇنەۋۋەر ئاز سانلىق مىللەت زاۋۇت باشلىقلىرى (جىڭلىلىرى) نى مۇكاپاتلاش يىغىنىدا قىلغان سۆزى.

تۈتۈلغان. چوڭ ۋە ئوتتۇرا كارخانىلارنى جانلاندۇرۇش، ئىقتىسادنى تەرەققىي قىلدۇرۇش، تۈرلۈك ئىسلاھاتلارنى ئىلگىرى سۈرۈش ئۈچۈن، قابىلىيەتلىك ئادەملەر، ئىقتىسادنى، باشقۇرۇشنى بىلىدىغان قابىل ئادەملەر بولۇشى كېرەك، يەنى سۈپىتى بىرقەدەر يۇقىرى زور بىر تۈركۈم زاۋۇت باشلىقلىرى، جىڭلىلىرى بولۇشى كېرەك. ئەمەلىيەت شۇنى تولۇق ئىسپاتلىدىكى، مۇنەۋۋەر ئاز سانلىق مىللەت كارخانىچىلىرى قوشۇنىنىڭ بارلىققا كېلىشى ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىدىكى ئىسلاھات-ئېچىۋېتىش ئىشلىرىنى مۇۋەپپەقىيەتكە ئېرىشتۈرۈشنىڭ ۋە ئىقتىسادنى تەرەققىي قىلدۇرۇشنىڭ مۇھىم شەرتى.

زور بىر تۈركۈم ئاز سانلىق مىللەت كارخانىچىلىرىنى تەربىيىلەپ يېتىشتۈرۈش ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ تەرەققىي تېپىشى ۋە ئالغا بېسىشىنىڭ تەلىپى. بىر مىللەتنىڭ تەرەققىي تېپىشى ۋە ئالغا بېسىشى، تېگى-تەكتىدىن ئېيتقاندا، شۇ مىللەتنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىيات سەۋىيىسىگە ۋە تەرەققىيات سۈپىتىگە باغلىق. ئىقتىسادنى تەرەققىي قىلدۇرۇش ئۈچۈن، نۇرغۇنلىغان ئىختىساس ئىگىلىرى بولۇشى كېرەك. ئىقتىسادىي پائالىيەت تېگىنى ئالغاندا ئادەمنىڭ پائالىيىتى، ئىقتىسادىي رىقابەت ئاخىرقى ھېسابتا ئىختىساس ئىگىلىرى رىقابىتى دېمەكتۇر. يول باشلاپ مېڭىشتا باشلامچى كېرەك دېگەن گەپ بار، زاۋۇت باشلىقى ۋە جىڭلىلىرى ئىقتىسادىي تەرەققىيات داۋامىدا باشلامچىلىق رول ئوينىغۇچىلاردۇر. ئىقتىسادىي تەرەققىيات ۋە زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشى داۋامىدا زور بىر تۈركۈم باشلامچىلارنى يېتىشتۈرۈپ چىقىشىمىز لازىم. ھازىرقى دەۋردە، بە-

-رەر مىللەت پەيتنى چىڭ تۇتۇپ تەرەققىياتنى تېزلەتمەيدىغان
بولسا، ئۇ كەسكىن رىقابەت داۋامىدا سەپتىن چۈشۈپ قېلىشى
مۇمكىن. مىللەتلەرنىڭ تەرەققىي تېپىشى ۋە ئالغا بېسىشى ئۈ-
چۈن، زور بىر تۈركۈم زاۋۇت باشلىقلىرى ۋە جىڭلىلىرى،
ئىقتىساد باشقۇرغۇچى خادىملار ۋە مۇنەۋۋەر كارخانىچىلار بولۇ-
شى كېرەك.

زور بىر تۈركۈم ئاز سانلىق مىللەت كارخانىچىلىرىنى
تەربىيىلەپ يېتىشتۈرۈش پارتىيىنىڭ مىللىي سىياستىنى بو-
لۇپمۇ پارتىيىنىڭ ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرىنى زور كۈچ
بىلەن يېتىشتۈرۈش سىياستىنى ئىزچىللاشتۇرۇشنىڭ تەلىپى.
بىزگە مەلۇمكى، ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرىنى زور كۈچ
بىلەن يېتىشتۈرۈش پارتىيىمىزنىڭ جۇڭگوچە ئالاھىدىلىككە ئى-
گە بولغان، جۇڭگونىڭ ئەھۋالىغا باب كېلىدىغان مىللىي سىيا-
ستىنىڭ مۇھىم بىر تەرىپى. جۇمھۇرىيىتىمىز قۇرۇلغاندىن
بۇيان بىز بۇ جەھەتتە نۇرغۇن خىزمەتلەرنى ئىشلەپ، 2 مىليون
200 نەچچە مىڭ كىشىلىك ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرى قوشۇ-
نىنى بارلىققا كەلتۈردۇق. ئۇلار دۆلەتنىڭ قىممەتلىك بايلىقى،
ئۇلار پارتىيىنىڭ ئىشلىرى ۋە مىللەتلەرنىڭ ئىتتىپاقلىقى، تە-
رەققىياتى ئۈچۈن مۇھىم تۆھپىلەرنى قوشتى. لېكىن، شۇنىمۇ
كۆرمەي بولمايدۇكى، بۇ ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرى قوشۇ-
نىنىڭ قۇرۇلمىسى دېگەندەك ئەقىلغە مۇۋاپىق ئەمەس، زاۋۇت
باشلىقى، جىڭلى دېگەنگە ئوخشاش ئىقتىساد باشقۇرغۇچى خادىم-
لار ۋە ئىختىساس ئىگىلىرى بىرقەدەر ئاز. شۇڭا ئاز سانلىق
مىللەت كادىرلىرىنى كۆپلەپ تەربىيىلەش سىياستى داۋاملىق

ئىزچىللاشتۇرۇلۇۋاتقان بۈگۈنكى كۈندە، يېڭى ئەھۋالغا ماسلى-
شىپ، ئىقتىسادىي تەرەققىياتنىڭ ئوبيېكتىپ تەلىپىنى كۆزدە
تۇتۇپ، ئاز سانلىق مىللەت كارخانىچىلىرىنى ۋە ئىقتىساد باش-
قۇرغۇچى ھەر خىل خادىملارنى كۆپلەپ تەربىيىلەش ۋە يېتىشتۈ-
رۈشكە ئەھمىيەت بېرىش كېرەك.

ئاز سانلىق مىللەت كارخانىچىلىرىنى تەربىيىلەپ يېتىشتۈ-
رۈش يېڭى ۋەزىيەتتە مىللىي خىزمەتنى ياخشى ئىشلەشنىڭمۇ
تەلىپى. نۆۋەتتە، مىللىي خىزمەتنىڭ ھەممىدىن مۇھىم ۋەزىپى-
سى پارتىيىنىڭ ئاساسىي لۇشيەنىنىڭ تەلىپى بويىچە، يولداش
دېڭ شياۋپىڭنىڭ جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش نەزەرىيىسىنى
يېتەكچى قىلىپ، پارتىيىنىڭ مىللىي سىياسىتىنى تولۇق ئىز-
چىللاشتۇرۇش، ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشنى مەركەز قىلىشتا چىڭ
تۇرۇپ، ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىنىڭ ئىسلاھات-ئېچىۋې-
تىش ئىشلىرىنى پائال ئالغا سۈرۈش، مىللەتلەرنىڭ ئىتتىپاق-
لىقى، ھەمكارلىقى ۋە تەرەققىياتىنى زور كۈچ بىلەن ئىلگىرى
سۈرۈشتىن ئىبارەت. بۇ نىشانغا يېتىش ئۈچۈن، مىللىي خىز-
مەت تارماقلىرى، كۆپ تەرەپتىن نۇرغۇن خىزمەت ئىشلىشى،
جۈملىدىن تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش ئىشىنى چوڭقۇر ئېلىپ
بېرىپ، پىكىر ۋە تەكلىپلەرنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، پارتىيە ۋە
ھۆكۈمەتنىڭ ئوبدان مەسلىھەتچىسى بولۇشى، ئالاقىدار سىيا-
سەت ۋە پىلانلارنى تۈزۈشكە قاتنىشىشى لازىم ۋە باشقىلار. يەنە
بىر مۇھىم تەرەپ شۇكى، ئالاقىدار ساھەلەرنىڭ ئورتاق تىرىشى-
شى ئارقىلىق، ھەر خىل يوللاردىن پايدىلىنىپ، نۇرغۇنلىغان
ئاز سانلىق مىللەت كارخانىچىلىرىنى يېتىشتۈرۈش ھەمدە كار-

خانچىلارنىڭ تىرىشىپ ئىشلىشى، ئەقىل-پاراسىتىنى جارى قىلدۇرۇشى ئارقىلىق ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىنىڭ ئىقتىسادىي-ئىجتىمائىي تەرەققىياتىنى كۈچلۈك ئىلگىرى سۈرۈش، مىللىي خىزمەتنى تېخىمۇ ئوبدان قانات يايدۇرۇپ، يېڭى دەۋردىكى مىللىي خىزمەت ۋەزىپىلىرىنى تېخىمۇ ئوبدان ئورۇنداش لازىم.

زور بىر تۈركۈم ئاز سانلىق مىللەت كارخانىچىلىرىنى تەربىيىلەپ يېتىشتۈرۈش ئىنتايىن زۆرۈر بولۇپلا قالماي، بەلكى بۇ ئىش نۇرغۇن پايدىلىق شارائىتقىمۇ ئىگە.

بىرىنچى، ئېلىمىزنىڭ ئىسلاھات-ئېچىۋېتىش ئەمەلىيىتى ئاز سانلىق مىللەت كارخانىچىلىرىنىڭ مەيدانغا كېلىشى ئۈچۈن ياخشى ئىجتىمائىي شارائىت يارىتىپ بەردى، ئۇلارنىڭ ئۆز قابىلىيىتىنى تولۇق ئىشقا سېلىشى ئۈچۈن كەڭ زېمىن ھازىرلاپ بەردى. شۇنى كۆرۈپ تۇرۇپتىمىزكى، ئىسلاھات ئېلىپ بېرىش، ئىشىكنى ئېچىۋېتىش نەتىجىسىدە، ماددىي جەھەتتە غايەت زور ئۆزگىرىش بارلىققا كەلدى، ئىقتىساد، مەدەنىيەت ئۈچقاندەك تەرەققىي قىلدى، نۇرغۇن يېڭى شەيئىلەر مەيدانغا كەلدى، مەسىلەن، دۆلەت كارخانىلىرى مېخانىزمىنى ئۆزگەرتىپ، بازارغا يۈزلەندى، يېزا-بازار كارخانىلىرى تېز راۋاجلاندى، يەككە كارخانىلار، شېرىكلەشكەن كارخانىلار ھەممىلا جايدا قۇرۇلدى، نۇرغۇن كارخانىلار چەتكە يۈزلەندى ۋەھاكازا، مانا بۇلارنىڭ ھەممىسى ئاز سانلىق مىللەت زاۋۇت باشلىقلىرى ۋە جىڭلىلىرىنى يېتىشتۈرۈش ئۈچۈن ياخشى شارائىت يارىتىپ بەردى. ئىسلاھات ئېلىپ بېرىش، ئىشىكنى ئېچىۋېتىش نەتىجە-

سىدە ئادەملەردىمۇ ئۆزگىرىش پەيدا بولدى، كىشىلەرنىڭ رو-
ھىي قىياپىتى پۈتۈنلەي يېڭىلاندى، ئىلگىرى كىشىلەرنىڭ ئىدە-
يىسىنى بوغۇپ كەلگەن كونا قاراشلار قاتتىق پەشۋا يېدى،
كىشىلەر ئوقەت قىلىشنى نومۇس بىلىدىغان قاراشنى تاشلاپ،
تىجارەت دېڭىزىدا دولقۇن يېرىپ ئۈزۈشكە جۈرئەت قىلىدىغان
بولدى، نەتىجىدە نۇرغۇن ئىختىساس ئىگىلىرى مەيدانغا كەلدى.
نۇرغۇن كارخانىچىلار جۈملىدىن مۇشۇ يەردە ئولتۇرغان مۇنەۋ-
ۋەر زاۋۇت باشلىقلىرى ۋە جىڭلىلار دەل ئىسلاھات ئېلىپ
بېرىش، ئىشىكنى ئېچىۋېتىش داۋامىدا ئۆسۈپ يېتىلدى. ئىسلا-
ھات-ئېچىۋېتىش ئىشلىرىنىڭ ئۈزلۈكسىز چوڭقۇرلىشىشىغا ئە-
گىشىپ، ئاز سانلىق مىللەتلەردىن تېخىمۇ كۆپ مۇنەۋۋەر كار-
خانىچىلار ئۈزلۈكسىز مەيدانغا كەلگۈسى.

ئىككىنچى، جۇمھۇرىيىتىمىز قۇرۇلغاندىن بۇيانقى 40 نەچچە يىللىق تىرىشىش نەتىجىسىدە، ئېلىمىزنىڭ مىللىي مائا-
رىپ ئىشلىرى غايەت زور تەرەققىياتقا ئېرىشتى، ئاز سانلىق
مىللەتلەرنىڭ ساپاسى زور دەرىجىدە ئۆستى، ئاز سانلىق مىللەت
كادىرلىرى ساغلام ئۆسۈپ يېتىلمەكتە. ھەرقايسى سەپلەردە،
جۈملىدىن ئىقتىسادىي خىزمەت سېپىدە ئاز سانلىق مىللەتلەردىن
خېلى نۇرغۇن ئىقتىساد باشقۇرغۇچى خادىملار بارلىققا كەلدى،
بۇلارنىڭ بىرمۇنچىسى كارخانىچىلارغا خاس يوشۇرۇن ئىقتىدار-
غا ئىگە، بۇنىڭ ئۆزى ئاز سانلىق مىللەت كارخانىچىلىرىنىڭ
كۆپلەپ مەيدانغا كېلىشىگە پۇختا ئاساس سېلىپ بەردى. ھەرقاي-
سى ساھەلەر ئورتاق تىرىشچانلىق كۆرسىتىدىغان، مۇۋاپىق پۇر-
سەت پىشىپ يېتىلىدىغان بولسىلا، ئاز سانلىق مىللەتنىڭ مۇ-

نەۋۋەر كارخانچىلىرى سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى سەھنى-
سىدىن ئورۇن ئالىدۇ-دە، كارخانچىلار قوشۇنى بارغانسېرى
زورىيىدۇ.

ئۈچىنچى، پارتىيىنىڭ مىللىي سىياستى ۋە ھەر دەرىجى-
لىك پارتىيە، ھۆكۈمەت تارماقلىرىنىڭ ئەھمىيەت بېرىشى ئەڭ
مۇھىم بىر شەرت. پارتىيىمىز ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرىنى
ۋە ھەر خىل ئىختىساس ئىگىلىرىنى يېتىشتۈرۈشكە ئەزەلدىن
ئەھمىيەت بېرىپ كەلمەكتە. نۇرغۇن پارتىيە-ھۆكۈمەت تارماق-
لىرى مىللىي مەسىلىنى ئاخىرقى ھېسابتا ھەل قىلىش ئۈچۈن،
ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرىنى كۆپلەپ يېتىشتۈرۈش لازىملى-
قى، ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىنىڭ ئىسلاھات-ئېچىۋېتىش
ئىشلىرىنى ۋە زامانىۋىلاشتۇرۇش يولىدىكى قۇرۇلۇش ئىشلىرى-
نى تېخىمۇ ئوبدان ئىلگىرى سۈرۈش ئۈچۈن، زور بىر تۈركۈم
ئاز سانلىق مىللەت كارخانچىلىرىنى يېتىشتۈرۈش لازىملىقىنى
بارغانسېرى ئېنىق تونۇپ يەتمەكتە. شۇڭا ھەر دەرىجىلىك پارتى-
يە-ھۆكۈمەت تارماقلىرى ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ئىقتىسادىي
ۋە مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىغا ئەھمىيەت بېرىش بىلەن بىللە، ئاز
سانلىق مىللەت كارخانچىلىرىنى تەربىيىلەش ۋە يېتىشتۈرۈش-
كىمۇ ئىنتايىن ئەھمىيەت بەرمەكتە ھەمدە ئاز سانلىق مىللەتلەر-
نىڭ ھەر خىل باشقۇرۇش خادىملىرىنىڭ ئۆسۈپ يېتىلىشىنى
ئىلگىرى سۈرۈش ئۈچۈن، كۆپ تەرەپتىن تەدبىر قوللانماقتا.
بۇ ھال ئاز سانلىق مىللەت كارخانچىلىرى قوشۇنىنىڭ ۋۇجۇدقا
كېلىشى ۋە ئۈزلۈكسىز زورىيىشىنى مۇھىم سىياسىي كاپالەتكە
ئىگە قىلدى.

ئاز سانلىق مىللەت كارخانىچىلىرىنى يېتىشتۈرۈشتە، زۆرۈرىيەت ۋە ئىمكانىيەتنىڭ بولۇشىلا كۇپايە قىلمايدۇ، ئەلۋەتتە. ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ئىقتىساد، مەدەنىيەت ئىشلىرى تەرەققىياتىنىڭ نىسپىي ھالدا ئارقىدا قېلىشى ئاز سانلىق مىللەت كارخانىچىلىرىنىڭ سان جەھەتتىن نىسپىي ھالدا يېتىشمەسلىكىگە سەۋەب بولماقتا. زور بىر تۈركۈم ئاز سانلىق مىللەت كارخانىچىلىرىنى تەربىيىلەش ۋە يېتىشتۈرۈش ئۈچۈن يەنە نۇرغۇن يوللارنى بېسىپ ئۆتۈشكە، نۇرغۇن خىزمەتلەرنى ئىشلەشكە توغرا كېلىدۇ.

ئاز سانلىق مىللەت كارخانىچىلىرى قوشۇنىنى ۋۇجۇدقا كەلتۈرۈش ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ئۆزىنىڭ بوشاشماي تىرىشچانلىق كۆرسىتىشىنى تەلەپ قىلىدۇ. ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرى، بولۇپمۇ كارخانا، زاۋۇت ۋە باشقا ئىقتىسادىي تارماقلاردا ئىشلەيدىغان ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرى كۈچلۈك ئالغا ئىنتىلىش روھىغا ۋە يېڭىلىق يارىتىش ئېڭىغا ئىگە بولۇپ، ئىقتىسادىي تەرەققىياتقا ۋە مىللەتنىڭ ئالغا بېسىشىغا توسالغۇ بولىدىغان ئەنئەنىۋى كۆز قاراشلاردىن ئادا-جۇدا بولۇشى، مۇنەۋۋەر كارخانىچى بولىدىغان ئۇلۇغۋار ئىرادىنى تىكلەپ، ئىدىيىدە ئازاد بولۇپ، باتۇرلۇق بىلەن يول ئېچىپ، ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشتا ۋە ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش ئىشلىرى داۋامىدا تۆھپە يارىتىشى، زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشى يولىدىكى ئۇلۇغ ئەمەلىيەت داۋامىدا ئۆزىنى يېتىلدۈرۈپ، مۇنەۋۋەر كارخانىچىلار سېپىگە قوشۇلۇشى لازىم.

ئاز سانلىق مىللەت كارخانىچىلىرى قوشۇنىنى ۋۇجۇدقا

كەلتۈرۈش جەمئىيەتتىكى ھەرقايسى ساھەلەرنىڭ كۆڭۈل بۆلۈشى ۋە مەدەت بېرىشىنى تەلەپ قىلىدۇ. بولۇپمۇ ھەر دەرىجىلىك پارتىيە، ھۆكۈمەت ئورگانلىرى ۋە ئالاقىدار تارماقلار ئاز سانلىق مىللەتنىڭ مۇنەۋۋەر كارخانىچىلىرىنى تەربىيىلەش ۋە يېتىشتۈرۈش داۋامىدا تېخىمۇ كۆپ خىزمەتلەرنى ئىشلىشى، قىزغىن يار-يۆلەك بولۇشى، پائال يېتەكلىشى، ھەر خىل كۈچلۈك تەدبىرلەرنى قوللىنىپ، ئۇلارنىڭ قىيىنچىلىقىنى ھەل قىلىپ بېرىشى، ئۇلار ئۈچۈن قىزغىن خىزمەت قىلىشى، ئۇلارنىڭ ئۆسۈپ يېتىلىشىگە كۆڭۈل بۆلۈشى، ئۇلارغا تولۇق ئىشىنىشى، ئۇلارنىڭ ئۆز قابىلىيىتىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇشى ئۈچۈن تېخىمۇ كۆپ، تېخىمۇ ياخشى شارائىت يارىتىپ بېرىشى لازىم.

ئاز سانلىق مىللەت كارخانىچىلىرى قوشۇنىنى ۋۇجۇدقا كەلتۈرۈش ھەر دەرىجىلىك مىللىي خىزمەت تارماقلىرىنىڭ نۇرغۇن ۋە ئىنچىكە خىزمەتلەرنى ئىشلىشىنى تەلەپ قىلىدۇ. ھەر دەرىجىلىك مىللىي خىزمەت تارماقلىرى ئاز سانلىق مىللەت كارخانىچىلىرىنى بايقاش، تەربىيىلەش ۋە ئۆستۈرۈش ئىشىنى ئۆزلىرىنىڭ شەرەپلىك ۋەزىپىسى قىلىشى كېرەك. بۇ تارماقلار كۆپرەك ئەمەلىي ئىش قىلىپ، كارخانىچىلار ئۈچۈن سەمىمىي خىزمەت قىلىشى، ئاز سانلىق مىللەت كارخانىچىلىرىنىڭ ئۆسۈپ يېتىلىشى ئۈچۈن يول ئېچىپ بېرىشى لازىم. شۇنىڭ بىلەن بىللە، ئۇلارنىڭ رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇپ، ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ۋە ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىنىڭ ئىقتىسادىي ۋە ئىجتىمائىي تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈشى كېرەك.

دۆلىتىمىز مۇھىم تەرەققىيات مەزگىلىدە تۇرماقتا. بىزنىڭ مىللىي خىزمىتىمىز ئۈچۈن ئىنتايىن ياخشى تەرەققىيات پۇرسىتى تۇغۇلماقتا، ھەممىمىزنىڭ زىممىسىگە پارتىيە بىلەن خەلقنىڭ مۇھىم تاپشۇرۇقى يۈكلەنگەن. مەن مۇشۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ، ئاز سانلىق مىللەت كارخانىچىلىرىدىن شۇنى ئۈمىد قىلىمەنكى، ئۆزۈڭلەرنىڭ شەرەپلىك بۇرچىنى ئېسىڭلەردە مەھكەم تۇتۇپ، زامانىۋىلاشتۇرۇش ئىشلىرى داۋامىدا باتۇرلارچە ئالغا بېسىپ، ئىسلاھات ئېلىپ بېرىش، ئىشىكنى ئېچىۋېتىش نەمۇنىچىلىرى، ئىقتىسادنى تەرەققىي قىلدۇرۇش نەمۇنىچىلىرى بولۇڭلار. قانۇن-ئىنتىزامغا رىئايە قىلىپ، ئۆزۈڭلەرنى پاك تۇتۇپ، ئۆزۈڭلەر باشقۇرۇۋاتقان كارخانىلارنى كەسكىن رىقابەت داۋامىدا ساقلاپ قېلىشقا، راۋاجلاندۇرۇشقا ۋە گۈللەندۇرۇشكە تىرىشىڭلار. شۇنىڭ بىلەن بىللە، يەنە شۇنى تەكىتلەپ ئۆتمەكچىمەنكى، ئاز سانلىق مىللەت كارخانىچىلىرى مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنىڭ نەمۇنىچىلىرىدىن بولۇشى كېرەك. بىز — جۇڭخۇا ئوغۇل-قىزلىرى، پەقەت پارتىيە رەھبەرلىكىدىلا، ۋەتىنىمىزنىڭ چوڭ ئائىلىسىدىلا مىللەتلەر تەرەققىياتقا ئېرىشىپ ئالغا باسالايدۇ، ھەر مىللەت كارخانىچىلىرىمۇ تېخىمۇ ياخشى نەتىجە قازىنالايدۇ. شۇڭا كارخانىنى ئوبدان باشقۇرۇپ، ئىقتىسادنى راۋاجلاندۇرۇش بىلەن بىللە، ۋەتەنىنىڭ بىرلىكىنى قوغداش، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى ئىلگىرى سۈرۈش ئۈچۈن كۆپرەك تۆھپە قوشۇشقا تىرىشىشىڭلار كېرەك. بىرەر كارخانا ئۈچۈن ئېيتقاندىمۇ، ئىتتىپاقلىقنى ياخشىلاپ، ھەممەيلەن بىر نىيەتتە كۈچ چىقارغاندىلا، كارخانا ئاندىن راۋاج تاپالايدۇ. كارخانىنىڭ

سوتسيالىستىك مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىغا ئەھمىيەت بې-
رىپ، ئۆزىمىز باشقۇرىۋاتقان كارخانىنى ئىقتىسادىي ئۇنۇم جە-
ھەتتىمۇ، مىللىي ئىتتىپاقلىق جەھەتتىمۇ ئالدىدا ماڭدۇرۇشى-
مىز كېرەك. ھەممە ئاز سانلىق مىللەت كارخانىچىلىرى ئۆزى
زاۋۇتتا تۇرۇپ، ئومۇمىيلىقنى كۆڭلىگە پۈكۈشى، ئاز سانلىق
مىللەتلەرنىڭ ۋە ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىنىڭ ئىقتىسادىي
تەرەققىياتى، جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ ئۇلۇغ گۈللىنىشى ئۈچۈن
جان كۆيدۈرۈپ ئىشلەپ، جاسارەت بىلەن تىرىشىپ، ئۈزلۈك-
سىز تۈردە يېڭى، تېخىمۇ زور تۆھپىلەرنى يارىتىشى كېرەك.

# يۈكسەك مەجبۇرىيەت تۇيغۇسى ۋە مەسئۇلىيەت تۇيغۇسى بىلەن مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى ۋە تەرەققىياتى ئۈچۈن تېخىمۇ كۆپ، تېخىمۇ ياخشى ئەسەرلەرنى تەقدىم قىلايلى*

(1993-يىل 10-ئاينىڭ 5-كۈنى)

ئۇلۇغ ۋەتىنىمىز جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ قۇرۇلغىنىغا 44 يىل بولغان پەيتتە، «خانتەڭرى ئەدەبىيات مۇكاپاتى» بېرىش بىلەن يېڭى دەۋر ئۇيغۇر ئەدەبىياتى ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنىنىڭ پايتەختىمىز بېيجىڭدا ئۆتكۈزۈلۈشى تولىمۇ ئەھمىيەتلىك ئىش بولدى. مەن 5-نۆۋەتلىك «خانتەڭرى ئەدەبىيات مۇكاپاتى»غا ئېرىشكەن يازغۇچىلارنى ۋە بۇ قېتىمقى يىغىننىڭ چاقىرىلغانلىقىنى قىزغىن تەبرىكلەيمەن!

پارتىيە 11-نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتىنىڭ 3-ئومۇمىي يىغىنىدىن بۇيان، جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش يولىدىكى ئۇلۇغ ئىش داۋامىدا، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىدىكى ھەر

---

* بۇ — يولداش ئىسمايىل ئەھمەدنىڭ «خانتەڭرى ئەدەبىيات مۇكاپاتى» بېرىش بىلەن تۇنجى نۆۋەتلىك يېڭى دەۋر ئۇيغۇر ئەدەبىياتى ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنىدا سۆزلىگەن سۆزى.

مىللەت خەلقى سوتسىيالىستىك ۋەتىنىمىزنىڭ چوڭ ئائىلىسىدە چوڭ قەدەم بىلەن ئالغا ئىلگىرىلىدى. ئىسلاھات ۋە ئىشىكنى ئېچىۋېتىش ئىشلىرى چوڭقۇر راۋاجلاندى، ئىقتىسادىي قۇرۇ-لۇش قايىنام-تاشقىنلىق بىلەن ئېلىپ بېرىلدى، مىللەتلەر ئىت-تىپاقلىقى ئۈزلۈكسىز كۈچەيدى، ھەر مىللەت خەلقى خاتىرجەم ياشاپ كەلدى، سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشى كۆپ جەھەتتە غايەت زور مۇۋەپپەقىيەتكە ئېرىشتى. سوتسىيا-لىستىك مەدەنىيەت ئىشلىرىمۇ كىشىنىڭ دىققىتىنى تارتىدىغان نەتىجىلەرگە ئېرىشتى، شىنجاڭ ئەدەبىيات-سەنئەت ئىشلىرىنىڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمى بولغان ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدا گۈللەپ ياشناش مەنزىرىسى بارلىققا كەلدى: تېمىسى كەڭ، مەزمۇنى مول، ئۇسلۇبى ھەر خىل ئەدەبىي ئەسەرلەر ئارقا-ئارقىدىن كۆپلەپ بارلىققا كەلدى؛ نۇرغۇن ئەدەبىي ژۇرناللار مەدەنىيەت گۈلزارىدىن ئورۇن ئېلىپ ھەمدە ئۆزىگە خاس بەدىئىي ئۇسلۇبى-نى پەيدىنپەي شەكىللەندۈرۈپ، كۆپلىگەن كىتابخانلارنى جەلپ قىلماقتا؛ يېڭى ئەدىبلەر كۆپلەپ مەيدانغا كەلدى، يېڭى يازغۇ-چىلار بىلەن كونا يازغۇچىلار سان جەھەتتە خېلى زور سالماقنى تەشكىل قىلىدىغان ئەدەبىي ئىجادىيەتچىلەر قوشۇنىنى ۋە ئەدەبىي ئوبزورچىلار قوشۇنىنى شەكىللەندۈردى. بۇ قېتىمقى يىغىن يېڭى دەۋردىكى ئۇيغۇر ئەدەبىياتى ئىشلىرىنىڭ گۈللىنىش مەن-زىرىسىنى نامايان قىلدى، بۇ يىغىن ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ تە-رەققىيات نەتىجىلىرىنى كۆزدىن كەچۈرۈش يىغىنى، شۇنداقلا ئۇيغۇر ئەدەبىي ئىجادىيەت قوشۇنىنى كۆزدىن كەچۈرۈش يىغىنى بولدى. بۇنىڭدىن چوڭقۇر ئەنئەنىگە ۋە قويۇق مىللىي پۇراققا

ئىگە ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ يېڭى تارىخىي دەۋردە يېڭى، جۇشقۇن ھاياتىي كۈچكە ئىگە بولغانلىقىنى كۆردۇق. ئۇيغۇر ئەدەبىياتى سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنىڭ ئالغا قاراپ مەزمۇت قەدەم تاشلىشىغا ئەگىشىپ جەزمەن ئۈزلۈكسىز گۈللىنىپ بارغۇسى.

بۇ قېتىمقى مۇھاكىمە يىغىنىدا، يولداشلار يېڭى دەۋردىكى ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ تەرەققىيات مەسىلىسى ئۈستىدە تۈرلۈك تەرەپتىن ۋە تۈرلۈك نۇقتىدىن، ئەستايىدىللىق بىلەن كەڭ ۋە چوڭقۇر مۇھاكىمە ئېلىپ باردى. بۇ مۇھاكىمە ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ تەرەققىياتىغا جەزمەن يېڭى تۈرتكە بولىدۇ. بەزى مەسىلىلەر ئۈستىدە بۇنىڭدىن كېيىنمۇ ھەر خىل شەكىللەر ئارقىلىق داۋاملىق چوڭقۇر مۇھاكىمە ئېلىپ بېرىشقا بولىدۇ. بۈگۈن بۇ يەردە ئولتۇرغان ھەممىڭلار يازغۇچى، ئوبزورچىلار، مەن ئۇيغۇر ئەدەبىياتى توغرىسىدا كۆپ سۆزلىمەكچى ئەمەسمەن، بۈگۈن ئاساسلىقى يازغۇچىلارنىڭ مەجبۇرىيەت تۈيغۇسى ۋە مەسئۇلىيەت تۈيغۇسى ھەققىدە بەزى پىكىرلىرىمنى بايان قىلماقچىمەن.

مىللەتلەر قاتارىدىن ئورۇن ئېلىشنى، راۋاج تېپىشنى ۋە ئالغا بېسىشنى كۆزلىگەن مىللەتتە ئۆزىنى بوشاشماي كۈچلەندۈرىدىغان، جاسارەت بىلەن كۈرەش قىلىدىغان روھ بولۇشى كېرەك. خۇددى شۇنىڭدەك، يازغۇچىلار قوشۇنىدا تېگىشلىك ئورۇنغا ئىگە بولۇپ، نادىر ئەسەرلەرنى يارىتىشنى كۆزلىگەن يازغۇچىدىمۇ شۇنداق روھ بولۇشى، يۇكسەك مەجبۇرىيەت تۈيغۇسى ۋە ئىجتىمائىي مەسئۇلىيەت تۈيغۇسى بولۇشى كېرەك. بۇ-

نىڭ مەنىسى ۋەتەننىڭ ۋە مىللەتنىڭ تەقدىرىگە كۆڭۈل بۆلۈش،
دەۋر بىلەن ھەمنەپەس، خەلق بىلەن قەلبداش بولۇش دېمەك-
تۇر. يازغۇچىنىڭ ئۆزى سۆيىدىغان ئەدەبىيات ئىشىغا ئۆزىنى
بېغىشلىشى ئىنسانلارنىڭ تەرەققىيات ئىشلىرىغا، بىزنىڭ مۇشۇ
دەۋرىمىزگە، ئېلىمىزدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئورتاق ئىش-
لىرىغا ئۆزىنى بېغىشلىشى دېمەكتۇر. يازغۇچىلار مۇشۇ يۈك-
سەك نىشاننى كۆزلەپ، بوشاشماستىن ئىرىشىپ، ئىجادىيەتنى
ئىجتىھات بىلەن داۋاملاشتۇرۇشى، بۈگۈنكى كۈندە، ئەدەبى-
يات-سەنئەتنى سوتسىيالىزم ئۈچۈن، خەلق ئاممىسى ئۈچۈن
خىزمەت قىلدۇرۇش يۆنىلىشىدە ئاڭلىق ھالدا چىڭ تۇرۇشى،
ئۆزىنىڭ ئەسىرى بىلەن خەلقنى جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش
ئۈچۈن تېخىمۇ ئىرىشىپ كۈرەش قىلىشقا ئىلھاملاندۇرۇش-
ى كېرەك.

يازغۇچىلارنىڭ مەجبۇرىيەت تۇيغۇسى ۋە مەسئۇلىيەت تۇي-
غۇسى جەھەتتە، مېنىڭچە مۇنداق بىرنەچچە تەرەپتىكى مەسىلە
ناھايىتى مۇھىم.

**1. يازغۇچىلار ئۆزىنىڭ ئىجادىيەت ئەمەلىيىتىدە پارتىيىنىڭ ئاساسىي لۇشيەنىدە باشتىن-ئاخىر چىڭ تۇرۇشى كېرەك.**

پارتىيىنىڭ ئاساسىي لۇشيەنى پۈتۈن مەملىكەتتىكى ھەر
مىللەت خەلقىنىڭ ئورتاق تەلىپىنى ئەكس ئەتتۈرىدۇ، ئېلىمىز-
نىڭ ئىسلاھات ۋە ئىشىكنى ئېچىۋېتىش ئىشلىرىنىڭ ۋە سوتسى-
يالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش يولىدىكى قۇرۇلۇش ئىشلىرىنىڭ
ئوبيېكتىپ قانۇنىيىتىنى ئەكس ئەتتۈرىدۇ، ھەممە ساھە ۋە
ھەممە كەسىپلەر بۇنىڭغا ئەستايىدىل رىئايە قىلىشى شەرت،

مەدەنىيەت سېپىدىكىلەرمۇ بۇنىڭ سىرتىدا ئەمەس. ئەدەبىي ئىجادىيەتتە پارتىيىنىڭ ئاساسىي لۇشيەنىدە چىڭ تۇرۇش ئۈچۈن، «بىر مەركەز، ئىككى ئاساسىي نۇقتا» نى ئىجادىيەتنىڭ يېتەكچى ئىدىيىسى قىلىش، بولۇپمۇ ئىسلاھات ۋە ئىشىكنى ئېچىۋېتىشتىن ئىبارەت يالقۇنلۇق ئەمەلىيەتكە يۈزلىنىپ، ئىسلاھات ۋە ئىشىكنى ئېچىۋېتىش داۋامىدا مەيدانغا كەلگەن يېڭى شەيئى، يېڭى شەخسلەرنى ۋە يېڭى يۈزلىنىشنى تىرىشىپ مەدھىيىلىشى، ئىسلاھات ۋە ئىشىكنى ئېچىۋېتىش داۋامىدا خىزمەت كۆرسەتكەن قەھرىمان شەخسلەرنىڭ ئوبرازىنى يارىتىشى لازىم. ئىسلاھات ۋە ئىشىكنى ئېچىۋېتىش دەۋرى قەھرىمان شەخسلەر كۆپلەپ مەيدانغا كېلىدىغان دەۋر.

بىز ئىسلاھات ۋە ئىشىكنى ئېچىۋېتىش سەھنىسىدىكى يېڭى كىشىلەرنىڭ ئوبرازىنى زوق-شوقىمىز بىلەن سۈرەتلەپ بېرىشىمىز، ئۇلارنىڭ ئالىي غايىسىنى، ئىلمىي پوزىتسىيىسىنى، كەڭ قەلب دۇنياسىنى، ئىجادچانلىق روھىنى ۋە شانلىق ئىش--ئىزلىرىنى تەسۋىرلىشىمىز، شۇ ئارقىلىق ھەر مىللەت خەلقىنى جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش يولىدىكى ئۇلۇغ ئىشلارغا تېخىمۇ ياخشى ئاتلىنىپ، ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش ئىشلىرىنى ۋە ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشنى ئىلگىرى سۈرۈشكە رىغبەتلەندۈرۈشىمىز كېرەك. بۇ— ھەربىر يازغۇچىنىڭ يۈكسەك مەجبۇرىيىتى. يازغۇچىلار بۇ رېئال تۇرمۇشتىن چەتلەپ، باشقا نەرسىگە ئىنتىلىدىغان بولسا، بۈگۈنكى كۈندە ئەدەبىيات ئۆز زىممىسىگە ئالغان يۈكسەك تارىخىي مەجبۇرىيەتنى ئادا قىلغىلى بولمايدۇ.

دەرۋەقە، ئىسلاھات ۋە ئىشىكنى ئېچىۋېتىش ئۇلۇغ ئەمەل-

يىتىنى ئەكس ئەتتۈرۈش تېمىنىڭ كۆپ خىل بولۇشىغا دەخلى يەتكۈزمەيدۇ، يازغۇچىلار ئۆزلىرىگە تونۇشلۇق تېمىنى ئەركىن تاللاپ، ئۆزى توپلىغان ماتېرىيالدىن پايدىلىنىپ، ئۆزىگە تونۇشلۇق تۇرمۇشنى تەسۋىرلىسە بولۇۋېرىدۇ، ئەمما ئىجادىيەت داۋامىدا پارتىيىنىڭ ئاساسىي لۇشيەنىدە چىڭ تۇرۇشى كېرەك ھەم چىڭ تۇرالايدۇ.

**2. يازغۇچىلار ئىجاد قىلغان ئەدەبىي ئەسەر ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى ۋە مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى قوغداشقا ھەم ئىلگىرى سۈرۈشكە پايدىلىق بولۇشى كېرەك.**

دۆلىتىمىز كۆپ مىللەتلىك بىر پۈتۈن دۆلەت، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى كۆپ مىللەتلىك ئاپتونوم رايون. ھەر قايسى مىللەتلەر ئۇزاق تارىخىي جەرياندا بىر-بىرىدىن ئۆگىنىپ، بىر- بىرىگە تۇرتكە بولۇپ، بىرلىكتە بۈگۈنكى كۈنگە يېتىپ كەلدى، ئۇلار جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش ئىشلىرى داۋامىدىمۇ بىرلىكتە ئەتىگە قەدەم تاشلايدۇ. بىزنىڭ مۇشۇ كۆپ مىللەتلىك دۆلىتىمىزدە، مىللەتلەرنىڭ راۋاج تېپىشى، دۆلەتنىڭ گۈللىنىشى، خەلقنىڭ بەختلىك بولۇشى ئۈچۈن، دۆلەتنىڭ بىرلىكى، جەمئىيەتنىڭ مۇقىملىقى، مىللەتلەرنىڭ ئىتتىپاقلىقى ئاساسىي شەرتتۇر. بۇ ئىنتايىن رېئال مەسىلە، تۇرمۇشنى مەنبە قىلغۇچى ئەدەبىيات بۇ مەسىلىدىن ئۆزىنى قاچۇرسا بولمايدۇ، بۇ مەسىلىنى ساختا ئەكس ئەتتۈرسە ياكى بۇرمىلاپ ئەكس ئەتتۈرسە تېخىمۇ بولمايدۇ.

بىزنى خۇشال قىلىدىغانىنى شۇكى، سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشى يولىدىكى ئۇلۇغۋار ئىش داۋامىدا

ھەممە مىللەت ئىتتىپاقلىشىپ ۋە ھەمكارلىشىپ، ئورتاق غايە ئۈچۈن تىرىشىپ كۈرەش قىلماقتا، بۇ جەرياندا، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى قوغدايدىغان تەسىرلىك ئىشلار ۋە ئىلغار شەخس-لەر ھەر كۈنى دېگۈدەك مەيدانغا كەلمەكتە، مۇشۇلارنىڭ ئۆزى ئەدەبىي ئىجادىيەت ئۈچۈن ياخشى تېما، بۇلار ئوتتۇرىغا چىقىرى-شىمىزغا، ئىپادىلىشىمىزگە ئەرزىيدۇ. ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى ۋە مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى قوغداشقا پايدىلىق بولۇش ئەدەبىي ئىجادىيىتىمىزدە گەۋدىلەندۈرۈشكە تېگىشلىك مۇھىم بىر پرىن-سىپ بولۇشى كېرەك. بىز ياراتقان قەھرىمانلىق ئوبرازلىرى ئىچىدە شۇنداق يارقىن چاقناپ تۇرىدىغان ئوبرازلار بارلىققا كەلسۇنكى، ئۇلار ئۇلۇغ ۋەتىنىمىز بىرلىكىنىڭ قەيسەر پاسى-ۋانلىرى، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنىڭ باتۇر قوغدىغۇچىلىرى بولسۇن. مۇشۇ تېپلار ئارقىلىق كىشىلەرنىڭ ۋەتەنپەرۋەرلىك قىزغىنلىقىنى تېخىمۇ ياخشى قوزغىشىمىز، سوتسىيالىستىك مىللىي مۇناسىۋەتنىڭ مۇستەھكەملىكى ۋە تەرەققىياتىنى تېخىمۇ ئوبدان ئىلگىرى سۈرۈشىمىز كېرەك.

ئەدەبىيات رېئاللىقتىن مەڭگۈ ئايرىلالمايدۇ، ئەدەبىياتنىڭ مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى ۋە ۋەتەننىڭ بىرلىكى بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى مەسىلىسىنى تېخىمۇ ئوبدان مۇھاكىمە قىلىش ئۈ-چۈن، شىنجاڭنىڭ رېئال ئەھۋالىغا نەزەر سېلىپ بېقىشىمىز زۆرۈر. ئالدى بىلەن، شۇنى تولۇق مۇئەييەنلەشتۈرۈش كېرەك-كى، ئىسلاھات ئېلىپ بېرىش، ئىشىكنى ئېچىۋېتىش داۋامىدا مىللەتلەرنىڭ ئالاقىسى ۋە ھەمكارلىقى ھەرقانداق چاغدىكىدىن كۆپ كۈچەيدى، ئىسلاھات ۋە ئىشىكنى ئېچىۋېتىشنىڭ ئۇتۇقلى-

ـرى مـىللـەتلـەر ئـىتتـىپاقلـىقـىغا پۇختا ماددىي ئاساس سالدى، بۇ
ھەممىگە ئايان رېئاللىق. ئەمما شۇنى ئىنكار قىلىشقا بولمايدۇ-
كى، ئىجتىمائىي مۇقىملىق ۋە مىللىي مۇناسىۋەت مەسىلىسىدە
شىنجاڭدا بەزى يوشۇرۇن ئاپەتمۇ مەۋجۇت، كىشىنى ئەندىشىگە
سالىدىغان بەزى ئەھۋاللارمۇ بار. ئىنتايىن ئاز ساندىكى بۆلگۈن-
چىلەر مىللىي بۆلگۈنچىلىك پەيدا قىلىش ۋە دۆلەتنى پارچىلاش
مەقسىتىدە سۇيىقەستلىك ھەرىكەتلەرنى ئېلىپ بارماقتا، بۇنىڭ-
دىن باشقا ئىلگىرى بىزنىڭ يازغۇچىلار قوشۇنىمىزدا بولغان
بىرنەچچەيلەن چەت ئەلگە چىقىپ كەتكەندىن كېيىن باشقىلارغا
بېقىنىپ، ئاغزىغا كەلگەننى ۋالاقلاپ، تارىخنى بۇرمىلاپ، پا-
كىت ئويدۇرۇپ، شىنجاڭنىڭ قۇرۇلۇش مۇۋەپپەقىيەتلىرىنى
پۈتۈنلەي ئىنكار قىلىپ، مىللىي مۇناسىۋەتكە بۆلگۈنچىلىك سې-
لىپ، شىنجاڭ بىلەن ۋەتەننىڭ مۇناسىۋىتى جەھەتتە قالايمىقان-
چىلىق پەيدا قىلماقتا. بىز شۇنداق دەپ سوراشقا ھەقلىقمىز-
كى، ئۆزىنى بېقىپ ئۆستۈرگەن يۇرتىغا، ئۆزىنى تەربىيىلىگەن
ۋەتەنگە، ئۆزىنى تەربىيىلەپ ئۆستۈرگەن مىللەتكە ئاسىيلىق
قىلىپ، ۋەتەن خائىنىغا ۋە مىللىي مۇناپىققا ئايلىنىپ قالغان
بۇ نېمىلەرنىڭ ۋەتىنىمىز ۋە مىللىتىمىز توغرىسىدا ئاق-كۆك
دېيىشكە نېمە ھەققى بار ئىكەن؟ يولداشلارنىڭ بۇ ئىشلاردىن
خەۋىرى بارلىقىغا ئىشىنىمەن. بۇ بۆلگۈنچىلىك ھەرىكەتلىرى
شىنجاڭنىڭ ئىسلاھات ۋە ئىشىكنى ئېچىۋېتىش ئىشلىرىغا، ئىق-
تىسادىي قۇرۇلۇشىغا دەخلى قىلماقتا، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىغا
زىيان يەتكۈزمەكتە، شۇڭا شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ
ئۇلارغا قەتئىي قارشى تۇرۇشى ئەلۋەتتە ھەقلىق.

مەن بۇ يەردە شۇنى جىددىي كۆرسىتىپ ئۆتۈشنى لازىم تاپتىمكى، سوتسىيالىستىك ئەدەبىيات ئىشلىرىنىڭ ئەمەلىيەت-چىسى، شىنجاڭنىڭ ئەدەبىيات ئىشلىرى تەرەققىياتىنىڭ بىۋا-سىتە قاتناشقۇچىسى بولغان كەڭ ئەدەبىيات خادىملىرىمىز دۆلەت-نىڭ بىرلىكى ۋە مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىغا تاقىلىدىغان بۇنداق چوڭ ھەق، چوڭ ناھەق مەسىلىسىدە قىلچە مۇجمەل تونۇشتا بولماي، ئىككىلەنمەي يۇرمەي ۋە تۇتۇق پوزىتسىيىدە بولماي، كاللىسىنى سەگەك تۇتۇشى، مەيدانى مۇستەھكەم بولۇشى كې-رەك. دۆلەتنىڭ بىرلىكى، جەمئىيەتنىڭ تىنچلىقى ۋە مىللەت-لەرنىڭ ئىتتىپاقلىقى بولمىغان بولسا، شىنجاڭنىڭ تۈرلۈك ئىشلىرى ئوڭۇشلۇق راۋاجلانمىغان، شىنجاڭ جەمئىيىتى ئالغا باسمىغان بولاتتى، خۇددى شۇنىڭدەك، شىنجاڭنىڭ ئەدەبىيات ئىشلىرىمۇ تەرەققىي قىلمىغان، ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدا گۈللىنىش بارلىققا كەلمىگەن بولاتتى. تارىخقا نەزەر سالىدىغان بولساق شۇنى ئوچۇق كۆرىمىزكى، ئەدەبىياتنىڭ تەقدىرى مىللەتنىڭ، دۆلەتنىڭ، دەۋرنىڭ تەقدىرى بىلەن چەمبەرچاس باغلانغان. دۆ-لەت گۈللەنسە، مىللەتلەر ئىتتىپاق بولسا، مەدەنىيەت تەرەققى-ياتىغا تۈرتكە بولىدۇ. پارتىيە 11-نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتې-تىنىڭ 3-ئومۇمىي يىغىنىدىن كېيىنكى رېئاللىق بۇ نۇقتىنى تولۇق ئىسپاتلىدى. بۇنىڭ ئەكسىچە بولىدىكەن، ئەدەبىيات ئىشلىرى نابۇت بولىدۇ، خارابلىشىدۇ. شۇڭا ۋەتەنىنىڭ بىرلى-كىنى ۋە مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى قەتئىي قوغداش ئەدەبىيات ئىشلىرىمىزغا دەۋر ئاتا قىلغان شەرەپلىك مەجبۇرىيەت ۋە باش تارتىپ بولمايدىغان مەسئۇلىيەت. بىزنىڭ ئەسەرلىرىمىز مىل-

[لەتلەر] ئىتتىپاقلىقى تېمىسىدىن ئايرىلسا بولمايدۇ، بىزنىڭ يازغۇچىلىرىمىز مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى قوغدايدىغان زور مەسئۇلىيەتتىن باش تارتسا بولمايدۇ. ۋەتەننىڭ بىرلىكى ۋە مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى دېگەن بۇ تارىخىي ئومۇمىي يۈزلىنىشنى ۋەتەنپەرۋەرلىك ھېسسىياتىمىز ۋە ئىجادىيەت ئىلھامىمىز بىلەن چوڭقۇر، ئوبرازلىق ئەكس ئەتتۈرۈپ، مىللەتلەرنىڭ ئىتتىپاقلىقى، ۋەتەننىڭ بىرلىكى ئۈچۈن باتۇرلارچە كۈرەش قىلىۋاتقان تىپىك شەخسلەرنىڭ ئوبرازىنى يارىتىشىمىز كېرەك، ئىنتايىن ئاز ساندىكى كىشىلەر بۆلگۈنچىلىك قىلغىنى بىلەن، نۇرغۇن-نۇرغۇنلىغان كىشىلەر ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى ھىمايە قىلىدۇ، بۇلارنىڭ ئىش-ئىزلىرى ئالاھىدە داستان قىلىپ يېزىشقا ئەرزىيدۇ. مىللىي مۇناپىقلارنى ۋە مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىغا زىيان يەتكۈزۈپ، ۋەتەننىڭ بىرلىكىگە بۇزغۇنچىلىق قىلىپ، تارىخ ئالدىدا جىنايەت ئۆتكۈزگەنلەرنى روشەن مۇھەببەت-نەپرىتىمىز بىلەن قاتتىق قامچىلىشىمىز كېرەك. ئەدەبىيات گۈلزارىمىزدا ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى ۋە مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى قوغدايدىغان گۈللەرلا ئېچىلىشى كېرەككى، ۋەتەننىڭ بىرلىكىگە ۋە مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىغا زىيان يەتكۈزىدىغان زەھەرلىك ئوتلارنىڭ ئۆسۈشىگە قەتئىي يول قويۇلماسلىقى كېرەك. بۇ جەھەتتە كەڭ يازغۇچىلار ۋە تەھرىرلەر مەسئۇلىيەتنى ئورتاق ئۈستىگە ئېلىشى كېرەك.

جەمئىيەت تەرەققىي قىلىۋاتىدۇ، تارىخ ئىلگىرىلەۋاتىدۇ، بىر ئۈچۈم بۆلگۈنچىلەرنىڭ تارىخنىڭ تەرەققىيات قەدىمىنى توسۇۋالماقچى بولۇشى پۈتۈنلەي ئۆزىنى چاغلىمىغانلىق. ئەمما،

ھەرگىز ئۇلارنىڭ كۈچىنى بوش چاغلاشقا بولمايدۇ. ئۇلارغا قارشى قەتئىي، مۇرەسسەسىز كۆرەش قىلىش كېرەك. بىزنىڭ بۆلگۈنچىلەر بىلەن بولغان كۆرىشىمىز مىللىي مەسىلە ئەمەس، دىنىي مەسىلىمۇ ئەمەس، بەلكى دۆلەتنىڭ بىرلىكى، مىللەتلەر-نىڭ ئىتتىپاقلىقى كېرەكمۇ-يوق؟ جۇڭگو كومپارتىيىسى خەلق-نىڭ دېموكراتىك ھاكىمىيىتىگە رەھبەرلىك قىلىشى كېرەك-مۇ-يوق دېگەندىن ئىبارەت زور مەسىلە. بۇ مەسىلىلەردە مۇ-رەسسە قىلىشقا ھېچقانداق ئورۇن يوق. بۆلگۈنچىلىك قىلىش كەڭ خەلق ئاممىسىنىڭ ئىرادىسىگە، خەلق ئاممىسىنىڭ ئەڭ تۈپ مەنپەئىتىگە، تارىخنىڭ يۈزلىنىشىگە خىلاپ. ئەڭ كەڭ خەلق ئاممىسىغا تامامەن ئىشىنىشكە بولىدۇ، خەلق ئاممىسى تارىخنى ياراتقۇچى، ئۇلۇغ ۋەتىنىمىزنى بەرپا قىلغۇچى، گۈل-لەندۈرگۈچى، شۇنداقلا ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى قەيسەر قوغدىغۇ-چىدۇر. ئەمەلىيەت شۇنى كۆرسەتتىكى، ئۇيغۇر خەلقىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ھەر مىللەت خەلقى بۆلگۈنچىلىك ھەرىكەتلىرىدىن قاتتىق نەپرەتلىنىدۇ. خەلق ئاممىسى بىزنىڭ ۋەتەننىڭ بىرلى-كىدە چىڭ تۇرۇپ، بۆلگۈنچىلىككە قارشى تۇرۇشىمىزنىڭ كۈچ مەنبەسى. بىزنىڭ يازغۇچىلىرىمىز ئامما بىلەن تەقدىرداش بو-لۇپ، قەتئىي ئېغىشماي ئامما تەرەپتە تۇرۇشى، تارىخ ئېقىمىغا قارشى يول تۇتۇپ خەلققە قارشى تۇرغان دۈشمەنلەرگە ئۆز قەلى-مى ۋە ۋۇجۇدى بىلەن ئورتاق قارشى تۇرۇشى، خەلقىمىز ۋە دەۋرىمىزگە لايىق ئېسىل، يېڭى ئەسەرلەرنى ئۈزلۈكسىز يار-تىپ تۇرۇشى كېرەك.

### 3. دادىل يېڭىلىق يارىتىپ، ماھىرلىق بىلەن ئۈلگە ئېلىپ،

**يۈرەكلىك تەجرىبە قىلىپ، ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنى ئۈزلۈكسىز يېڭى**
**سەۋىيىگە كۆتۈرۈش كېرەك.**

مەدەنىيەت ھادىسىسى بولغان ئەدەبىيات بىر مىللەتنىڭ رو-
ھىي قىياپىتىنى ۋە ئىنتىلىشىنى جانلىق ھەم ئوبرازلىق ئەكس
ئەتتۈرىدۇ. تەرەققىي تاپقان ئەدەبىيات ئىشى بىر مىللەتنىڭ
تەرەققىي تاپقان ۋە ئالغا باسقانلىقىنىڭ مۇھىم بەلگىسى ۋە ئىچ-
كى قۇدرىتى دېمەكتۇر. بۈگۈنكى كۈندە، ئۆزىنى تەرەققىي
تاپقۇزىمەن دېگەن مىللەت ئىسلاھات ئېلىپ بېرىپ، ئىشىكنى
ئېچىۋېتىپ، ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنى راۋاجلاندۇرغاندىن
تاشقىرى، مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىغا ۋە ئومۇمىي مەدەنى-
يەت قۇرۇلۇشىغا ئەھمىيەت بېرىشى شەرت. رەئىس ماۋ زېدۇڭ
ئۆز ۋاقتىدا: مەدەنىيەتسىز ئارمىيە— نادان ئارمىيە، نادان
ئارمىيە دۈشمەننى يېڭەلمەيدۇ، دېگەنىدى. بىز بۇ يەردە: مەدە-
نىيەتسىز مىللەت— رىقابەت كۈچى يوق مىللەت، بۇنداق مىللەت-
نىڭ تەرەققىياتى ئاستا بولىدۇ، خالاس، دېسەك بولامدۇ-يوق؟
دېمەك، مىللەتنى تېز راۋاج تاپقۇزۇش ئۈچۈن، ئىقتىسادىي
قۇرۇلۇشقا ئەھمىيەت بېرىش بىلەن بىللە، مەدەنىيەت قۇرۇلۇ-
شىغىمۇ ئەھمىيەت بېرىش كېرەك.

ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدا زور نەتىجىلەر قولغا كەلدى، ئوبدان
ۋەزىيەتمۇ شەكىللەندى. لېكىن، كۈنسايىن يېڭىلىنىپ بېرىۋات-
قان رېئال تۇرمۇشقا ۋە خەلق ئاممىسىنىڭ تەلىپىگە سېلىشتۇر-
غاندا يەنىلا خېلى پەرق بار، بۇ ھال يازغۇچىلارنىڭ جاپالىق
ئەمگەك سىڭدۈرۈپ، تىرىشىپ ئەسەر يارىتىشىنى تەلەپ قىلى-
دۇ. ئۇيغۇر ئەدەبىياتى ئىشلىرىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشتا، ئۇي-

غۇر ئەدەبىياتىنىڭ شەرەپلىك ئەنئەنىسىگە ئوبدان ۋارىسلىق قىلىپ، ئۇنىڭ ئارتۇقچىلىقىنى جارى قىلدۇرۇشىمىز، ئۇنىڭ مىللىي تۇسىنى ۋە يەرلىك تۇسىنى تولۇق نامايان قىلىشىمىز كېرەك. لېكىن، كونا ئەندىزىلەر بىلەن چەكلىنىپ، ئۆتمۇشتىكى ئەنئەنىلەرگە يېپىشىۋالساقمۇ بولمايدۇ، چوقۇم يېڭىلىق يارىتىپ، ئۇنى راۋاجلاندۇرۇپ، بۈگۈنكى تۇرمۇشقا، بۈگۈنكى كىتابخانلارنىڭ تەلىپىگە لايىقلاشتۇرۇشىمىز كېرەك. باشقا مىللەتلەرنىڭ جۈملىدىن دۇنيادىكى بارلىق مىللەتلەرنىڭ ئېسىل مەدەنىيەت مۇۋەپپەقىيەتلىرىنى باتۇرلۇق بىلەن ئەينەك قىلىپ ۋە قوبۇل قىلىپ، ئۇنى ئۆزىمىز ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرۇشىمىز، ئۇنىڭ بىلەن ئۆزىمىزنىڭكىنى بېيىتىشىمىز ۋە راۋاجلاندۇرۇشىمىز لازىم. ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشتا بېكىنمىچىلىك قىلىشقا بولمايدۇ، خۇددى شۇنىڭدەك مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىدىمۇ بېكىنمىچىلىك قىلىشقا بولمايدۇ. مەدەنىيەتنىڭ هاياتىي كۈچى ئۇرغۇپ تۇرغان ئىجادىي كۈچتىن هاسىل بولىدۇ، شۇڭا ئەنئەنىۋى نەرسىلەرنى ئۇزلۇكسىز ئۆزگەرتىشكە ۋە راۋاجلاندۇرۇشقا، باشقا ئەدەبىيات شەكىللىرىنى ۋە باشقا مىللەتنىڭ ئەدەبىيات-سەنئىتىنى دادىل ئەينەك قىلىشقا ۋە قوبۇل قىلىشقا توغرا كېلىدۇ. بىز ئۇلۇغۋار ئىرادە تىكلەپ، يۇقىرى سەۋىيىلىك يازغۇچى ۋە ئەسەرلەرنى پۈتۈن مەملىكەتنىڭ هەتتا دۇنيانىڭ مەدەنىيەت-سەنئەت سارايلىرىغا ئۇزلۇكسىز قەدەم قويدۇرۇشىمىز كېرەك، بۇ بىر شەرەپلىك ۋەزىپە، يولداشلارنىڭ بۇ ۋەزىپىنى ئورۇنداش يولىدا هەسسىلەپ تىرىشچانلىق كۆرسىتىشىنى ئۈمىد قىلىمەن.

**4. يېڭى ئەدىبلەرنى تىرىشىپ تەربىيىلەش ۋە يېتىشتۈرۈش كېرەك، يېڭى يازغۇچىلار بىلەن پىشقەدەم يازغۇچىلار ئىتتىپاقلىشىپ ۋە ھەمكارلىشىپ، ئورتاق كۈرەش قىلىشى لازىم.**

ئەدەبىيات ئادەم توغرىسىدىكى ئىلىم دېمەكتۇر، ئۇنىڭ يازىدىغىنى ئادەم، ئۇنى يازىدىغىنىمۇ ئادەم. يۇقىرى سۈپەتلىك ئەسەرلەرنى يېزىپ چىقىش ئۈچۈن، يۇقىرى سۈپەتلىك يازغۇچىلار بولۇشى كېرەك. ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنى ئەۋلادمۇئەۋلاد داۋاملاشتۇرۇپ، ئۈزلۈكسىز تەرەققىي قىلدۇرۇش ئۈچۈن، بىر-بىرىنىڭ ئىزىنى باسىدىغان يازغۇچىلار بولۇشى لازىم. شۇنى خۇشاللىق بىلەن كۆرمەكتىمىزكى، ئۇيغۇر ئەدەبىياتى ئىشلىرىنىڭ تەرەققىياتىغا ئەگىشىپ، يېقىنقى يىللاردىن بېرى زور بىر تۈركۈم يازغۇچى ساغلام ئۆسۈپ يېتىلدى. يازغۇچىلار قوشۇنىدا، 30-، 40-يىللاردىن ئىجادىيەتكە كىرىشكەن پىشقەدەم يازغۇچىلارمۇ، يېڭى جۇڭگودا يېتىشىپ چىققان يېڭى يازغۇچىلارمۇ بار، ئىسلاھات ۋە ئىشىكنى ئېچىۋېتىش داۋامىدا كۆزگە كۆرۈنۈشكە باشلىغان يېڭى كىشىلەرمۇ بار. ئۇلار ئۇيغۇر ئەدەبىياتى ئىشلىرىنىڭ تايانچ كۈچلىرى بولۇپ، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ ئەدەبىيات ئىشلىرىغا مۇھىم تۆھپە قوشتى. لېكىن، ئەدەبىيات ئىشلىرىمىزنى داۋاملىق تەرەققىي قىلدۇرۇشقا، قوشۇنىمىزنى داۋاملىق زورايتىشقا، قوشۇنىمىزنىڭ سۈپىتىنى داۋاملىق ئۆستۈرۈشكە توغرا كېلىدۇ. بىز يېڭى ئەدىبلەرنى تەربىيىلەش ۋە يېتىشتۈرۈشكە، ساپاسى بىرقەدەر ياخشى بىر تۈركۈم زاپاس كۈچلەرنى جۇملىدىن يازغۇچىلار، ئوبزورچىلار ۋە تەھرىرلەرنى يېتىشتۈرۈشكە ئىنتايىن ئەھمىيەت بېرىشىمىز كې-

ـرەك. ھەر دەرىجىلىك پارتىيە، ھۆكۈمەت تارماقلىرى ۋە مەدە-
نىيەت تارماقلىرى يېڭى كىشىلەرنىڭ ئۆسۈپ يېتىلىشى ئۈچۈن
ئىمكانىيەتنىڭ بارىچە ئوبدان شارائىت يارىتىپ بېرىشى كېرەك.
پېشقەدەم يازغۇچىلار يېڭى يازغۇچىلارنى ئىلھاملاندۇرۇشى ۋە
يېتەكلەپ مېڭىشى، ئۇلارغا كەڭ قورساقلىق بىلەن ياردەم بېرى-
شى كېرەك. يېڭى يازغۇچىلار پېشقەدەم يازغۇچىلارنىڭ ئېسىل
ئەنئەنىسىگە ۋارىسلىق قىلىپ، تىرمىشقا چوڭقۇر چۆكۈپ، يې-
ڭىلىقچىلىق سەۋىيىسىنى داۋاملىق ئۆستۈرۈشى لازىم.
ئەدەبىيات-سەنئەت يازغۇچىلىرى قوشۇنىنىڭ يېتىلىشى،
ئۇنىڭ رولىنىڭ جارى قىلدۇرۇلۇشى شۇنىڭدەك ياخشى ئەسە-
لەرنىڭ مەيدانغا چىقىشى ئۈچۈن نۇرغۇن جەھەتلەردىن شەرت-
شارائىت ھازىرلانغان بولۇشى كېرەك. بۇنىڭ ئىچىدىكى مۇھىم
بىر شەرت شۇكى، بىزنىڭ بۇ قوشۇنىمىزدا مەيلى پېشقەدەم
يازغۇچىلار بولسۇن ۋە مەيلى ياش يازغۇچىلار بولسۇن، مەيلى
ئىجادىيەتچىلەر بولسۇن ۋە مەيلى ئوبزورچى، تەھرىرلەر بول-
سۇن، چوقۇم ئىتتىپاقلىشىشى كېرەك، ئىتتىپاقلىق كۈچ دې-
مەكتۇر. ئىتتىپاقلىقتىن ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرى ھاسىل
بولىدۇ، دېگەن گەپ بار. بۇ سۆزنى ئەدەبىي ئىجادىيەتكە تەتبىق-
لىساق، ئىتتىپاقلىقتىن ياخشى ئەسەر چىقىدۇ، دېگەن بولىدۇ.
بىزنىڭ تۈپ مەنپەئىتىمىز، ئالغا ئىلگىرىلەش نىشانىمىز بىر،
بۇ — بىزنىڭ ئىتتىپاقلىشىشىمىز ۋە ھەمكارلىشىشىمىزنىڭ ئا-
ساسى. خىزمەتتە، ئىجادىيەتتە ھەممەيلەن بىر-بىرىمىزگە سە-
مىمىي مۇئامىلە قىلىپ، ئىتتىپاقلىشىشىمىز ۋە ھەمكارلىشى-
شىمىز كېرەك. مەسىلە بولسا، باشقىچە پىكىرلەر بولسا، ئې-

غىر-بېسقلىق بىلەن مۇھاكىمە ئېلىپ بارساق، نورمال ئەدەبىي تەنقىدنى قانات يايدۇرساق بولىدۇ. بىر-بىرىگە ئۇرا كولاپ، كۆچنى بىھۇدە زايە قىلىشتىن قەتئىي ساقلىنىشىمىز كېرەك.

يولداشلار، دۆلىتىمىز مۇھىم تارىخىي تەرەققىيات باسقۇچىدا تۇرۇۋاتىدۇ، ئېلىمىزدىكى مىللەتلەرگە ئىنتايىن ياخشى تەرەققىيات پۇرسىتى تۇغۇلدى. ئەدەبىيات ئىشلىرىمىزمۇ ياخشى تەرەققىيات شارائىتىغا ئېرىشتى. بۇ تېپىلغۇسىز پۇرسەتنى قولدىن بەرمەي، بىر نىيەت-بىر مەقسەتتە بولۇپ، ئۆزىمىزنىڭ يۈكسەك بۇرچى ۋە مەسئۇلىيىتىنى ئېسىمىزدە مەھكەم ساقلاپ، ئۇيغۇر ئەدەبىياتى ئىشلىرىنىڭ تەرەققىياتى، شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئىتتىپاقلىقى ۋە يۈكسىلىشى ئۈچۈن داۋاملىق تېخىمۇ كۆپ، تېخىمۇ ياخشى ئەسەرلەرنى يارىتايلى.